غ. ئو. زۇلپىقار

# گۇگۇم

(رومان)

كىتاپ تەمىنلەش ئادرېسى:
www.eynek.biz/Torbaziri

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى
2011-يىلى ئىستانبۇل

بۇ ئەسەرنى تارىخىمىز بويىچە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن مىللىتىمىزنىڭ سەرخىل ئوغۇل-قىزلىرىغا بېغىشلايمەن.

# قارا بېسىشقا ئوخشايدىغان تارىخ

ــــ مۇھەررىردىن

دۇنيادا تىل ۋە يېزىق ئارقىلىق تەسۋىرلەش ئەڭ قىيىن بولغان ھالەت قارا بېسىشتۇر. گەرچە ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمىدە ئادەمنىڭ چۈشى قالايمىقان ۋە لوگىكىسىزدەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئىپتىدائى ھاياجانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرتىپلەر ۋە ئىككى لوگىكىغا ئىگە بولىدۇ دەپ قارالسىمۇ، لېكىن چۈشنى، بولۇپمۇ قارا بېسىشنى تەسۋىرلەش تا ھازىرغىچە يېزىقچىلىقتىكى ئىنتايىن قىيىن نۇقتا بولۇپ كەلمەكتە، چۈنكى قارا باسقاندا كۆرگەن چۈشنى ئويغانغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى بويىچە ئەسلەپ چىقىش ئىنتايىن قىيىن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ئادەم چۈش ئىچىدىكى غەيرى لوگىكىلىق بىر ھالەتتىن ئويغاق ھالەتتىكى ئەقلىي ۋە لوگىكىلىق ھالەتكە كىرگەندە، ناھايىتى ئېنىقكى، چۈشىدىكىنى ئەقىل ۋە لوگىكا بويىچە قايتا تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىدۇ، ياكى ئويغاق ھالەتتىكى ئەقلىنىڭ سۈزگۈچىدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قايتا ـ قايتا ئەسلەش جەريانىدا چۈشنىڭ مەزمۇنى تېنىمسىز ئۆزگۈرۈپ ماڭىدۇ. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا تارىخى خۇددى قارا بېسىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى تەسۋىرلەشمۇ ئىنتايىن قىيىن. چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان ۋە كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆز ئالدىدىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ۋەقەلەر كىشىلەرنى كوللېكتىپ ئەقلىنى يوقۇتۇشقا گىرىپتار قىلىپ، تارىخىي ۋەقەلەر ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق باغلىنىشلارنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. كېيىن بۇ ۋەقەلەرنى بىر يىپقا تىزىپ چىقىپ ئۇنى رەتلىك ۋە قايىل قىلارلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ چىقماقچى بولغان كىشىلەر ئاشۇ لوگىكىلىق باغلىنىش بولمىغان ۋەقەلەرنى بىر بىرىگە چېتىش ئۈچۈن ئاشۇ جايدىكى باغلىنىش بولمىغان ياكى ئەقىل قوبۇل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن بوشلۇق بولۇپ قالغان جايلارغا مەلۇم بىر نەرسىلەرنى توقۇپ چىقىرىپ ئاشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ئۇلارنى باغلىنىشقا ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا بېسىپ ئويغۇنۇپ كەتكەن ئادەم چۈشىنى ھەر قېتىم ئەسلىسە بىر ئۆزگۈرۈپ ماڭغاندەك تارىخ ھەركىمنىڭ بايانىدا بىر قېتىم ئۆزگۈرۈپ ماڭىدۇ.

باش ئاخىرى يوق بىر قارا بېسىشقا ئوخشايدىغان ئۇيغۇر تارىخىنى نۇرغۇنلىغان تارىخچىلىرىمىز ئەسلى ھالىتى بويىچە تەسۋىرلەشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى، لېكىن داۋاملىق مەغلۇپ بولدى. چۈنكى سىز قەلەمنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئولتۇرغىنىڭىزدا راست گەپنىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىنىڭ يالغان گەپكە قارىغاندا نەقەدەر تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايسىز. راست سۆزلىگۈچى ئەمەلىيەتنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز گېپىنى ئۆزى ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتە بەك كۆپ ئىش قوشۇپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ راستنى بىلىش ھوقۇقىغا بولغان تەبىئىي ئېھتىياجىغا ئادەتتىن تاشقىرى ئىشىنىپ كېتىشتىن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئادەملەر ئىشنىڭ راستىنى ئىزدىگىنى بىلەن داۋاملىق ئۇنى ئەقلىنىڭ تاسقىشىدىن ئۆتكۈزىدۇ، شۇڭا رېئاللىقتىكى چىن ھادىسىلەرمۇ قارا بېسىشقا ئوخشاش ئەقىلگە سىغمايدىغان ھالەتتە بولسا، بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئەقلىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيدۇ؛ ئۇنىڭغا قارىغاندا، يالغان گەپنى توقۇغۇچى ئۇزاق ۋاقىت باش قاتۇرۇش ئارقىلىق ھەر بىر دېتالنى ئىنتايىن ئىنچىكە لوگىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېيتىۋاتقىنىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. راست گەپ بولسا داۋاملىق سانسىزلىغان «نېمە ئۈچۈنلەر»نىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. دەسلەپ بۇ «نېمە ئۈچۈنلەر»نى سىز ئۆزىڭىزدىن سورايسىز ۋە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە جاۋاب بېرەلمەيسىز، بەلكىم بۇلار مەڭگۈ جاۋابسىز قالىدىغان سوئاللار بولۇشى مۇمكىن. لېكىن سىز ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىسىڭىز ئۆزىڭىزنى كەچۈرۈۋېتەلمەيسىز. شۇنىڭ بىلەن تارىخ بىر ـ بىرلەپ بۇرمىلىنىشقا باشلايدۇ ھەمدە كۈلكىلىك ۋە بىمەنە خۇلاسىلار سىزنىڭ مەڭگۈ مەغلۇب ئىكەنلىكىڭىزنى جاكالايدۇ.

نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلىرىمىز ئۇيغۇر تارىخىنى بەدىئىي يول بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشىۋاتىدۇ. مېنىڭچە باشقا جايدا ئوخشىشى بولمىغان بىر مىللەتنىڭ قارا باسقاندەك قالايمىقان ۋە لوگىكىسىز تارىخىنى بەدىئىي يول بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى ئەلۋەتتە تارىخ تەتقىقاتى ھەققىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەر ياكى ئەسلىمىلەردىن كۆپرەك. چۈنكى، ئىلمىي ئەسەرلەردە لوگىكا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەسلىدىلا لوگىكىسىز بولغان تارىخنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بىلەن ھامان بىر ئارىلىقنى ساقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئەدەبىي ئەسەردە بولسا بەدىئىي ۋاستىلار ئارقىلىق قارا باسقاندەك كەيپىيات پەيدا قىلىپ ھېچ بولمىغاندا تارىخنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن بىشارەت بەرگىلى بولىدۇ. دېمەك بەدىئىي سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، قۇپ ـ قۇرۇق ۋەقە بايانلىرى بىلەن تولغان، يا تارىخقا ياكى ئەدەبىياتقا تەۋە بولمىغان ئەسەرلەر، يا ئىلمىي قىممەت يارىتالمايدۇ؛ يا رېئاللىقنىڭ ئەسلى ھالىتىگە يېقىنلىشالمايدۇ. بىزنىڭ تارىخىي رومان يازغان يازغۇچىلىرىمىزدا بۇ كېسەللىك ئىنتايىن ئېغىر.

يازغۇچى زۇلپىقار ئەپەندى «گۇگۇم» رومانىدا تارىخنىڭ ئەسلى ھالىتىنى سادىقلىق بىلەن يورۇتۇشتا بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى چوڭقۇر ئىزدىنىشلىرىدىن پايدىلانغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن يۇقۇرى بەددىي ۋاستىلەر ئارقىلىق تارىخنىڭ قارا بېسىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ھالىتىدىن بىشارەت بېرىپ، كىتابخانلاردا ئۇنى بىۋاستە ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىنى پەيدا قىلغان. يازغۇچىنىڭ تارىخنىڭ لوگىكىسىزلىقىنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۇرۇنۇشلىرى ئىنتايىن ئۈنۈملۈك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

ۋەتەندىكى بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ باشقا تىللاردا نەشىر قىلىنغاندا ئېرىشكەن باھالارنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىز. پەقەت ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە چەتئەلدە ئېلان قىلىنىپ قالغان بىر كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدىكى، ئۇنى ئەدەبىي ئەسەرگە قويۇلۇدىغان ئەڭ ئادەتتىكى تەلەپلەرگىمۇ يەتمىگەن ھالدا سۈپەتلەش ئىچىمىزنى ئاچچىق قىلغاندا بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ، ۋەتەندە سۆزلەش ئەركىنلىكى بولمىغاچقا ياخشى ئەسەر چىقمايدۇ دەپ ئاغرىنىشلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز. سۆزلەش ئەركىنلىكى بولمىغاچقا ياخشى ئەسەر يازالمىدۇق دەپ ئاغرىنىپ يۈرگەنلەرنىڭ سۆزلەش ئەركىنلىكى بار غەرپ دۇنياسىغا چىققاندىن كېيىن يازغانلىرىنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىز. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى سۆزلەش ئەركىنلىكىگە تايىنىپ تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇراي دېمەستىن ئەكسىچە، تېخىمۇ كەينىگە چېكىندۈرگەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇزاق يىل كوممۇنىستلارنىڭ مېڭە يۇيۇشىدىن ئۆتكەن تەپەككۇر ئەندىزىسى يەنىلا سىنىپىي كۆرەش تەپەككۇر ئەندىزىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان ھالدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ سىنىپىي كۆرەش ئەندىزىسىدىن ھالقىپ مەسىلىلەرنى كۆزەتكىنىنى ياكى ھەرىكەت ئېلىپ بارغىنىنى كۆرمىدۇق. تارىختىكى ۋە ھازىرقى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ قەلىمىدە دائىم ماركسىزمنىڭ قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئىقتىسادىي ھەقسىزلىق ۋە ئىقتىسادىي ئادالەت تەلەپ قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەنىۋي جەھەتتىكى تەلەپلەر زادىلا تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەت ئۇزاق يىللىق كەڭ كۆلەملىك مېڭە يۇيۇشقا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەنىۋي ئېھتىياجىنى ماددىي ئېھتىياجىدىن يۇقۇرى ئورۇنغا قويۇدىغان ئەنئەنىسىنى تاشلىۋەتكىنى يوق. مەسىلەن، ئۇيغۇر رايونىدا خىتايلار خەلقنىڭ نارازىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن داۋاملىق نامراتلارنى يۆلەش دېگەن ناملار بىلەن كىشىلەرنى سېتىۋېلىشقا تىرىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنى مەسخىرە قىلغاندەك، قارشىلىق ھەرىكەتلىرى داۋاملىق ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارلارغا قارىغاندا ئۇنچە ناچار ئەمەسلەردە كۆپىراق كۆرۈلىدۇ. خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش

سەۋيىسى يۇقۇرى كۆتۈرۈلسە ھۆكۈمەتكە نارازى بولمايتى دەپ ئويلايدۇ - يۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بايلارنى تاپقان پۇلنى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئىشلىتىپ سالارمۇ دەپ دائىم قورقۇپ ئۇلارنى پايلاپلا تۇرىدۇ ھەمدە قارا پۇل ئاقلاشقا[1] قارشى تۇرۇش دىگەندەك ناملاردا باستۇرىدۇ. ھازىر يولغا قويۇۋاتقان نامراتلارغا ئاز - تولا پۇل بېرىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ قوش تىل ۋە دىنسىزلاشتۇرۇشنى قوبۇل قىلىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇشى ئىنتايىن ئاخمىقانىلىقتۇر. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ھەرقانداق نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىققا چىدىسا چىدايدۇكى، مەنىۋي جەھەتتىكى نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىققا چىدىمايدۇ. تارىختىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق نارازىلىق ھەرىكەتلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەقسىزلىق سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى روھىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇش ياكى مەنىۋي جەھەتتە ھايۋانلاشتۇرۇش سەۋەبىدىن بولغاندى.

«گۇگۇم» رومانىنىڭ باشقا تارىخىي رومانلار بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا مىللىتىمىزنىڭ روھىي تەلەپلەرنى جىسمانىي تەلەپلەردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇدۇغان خاراكتېرى ئىنتايىن ياخشى ئىپادىلەنگەن. بىز رومانىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن تەپەككۇر ئۇسۇلىدا بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، سابىتنىڭ يۇرتىنى ۋە بالىسىنى تاشلاپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىشى ۋە ئۇرۇش جەريانىدا نام نىشانسىز شېھىت بولۇپ كېتىشنى ئىستىشى، پەقەتلا شەخسىنىڭ ساپ مەنىۋي ئېھتىياجىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ شەخسىنىڭ مەنىۋي دۇنياسى تېشىدا ھېچنەرسە بىلەن مۇناسىۋتى يوق.

«گۇگۇم» روماندىكى باش قەھرىمان سابىت چوڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇلغان بولۇپ، بىر قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. لېكىن بۇ قەھرىمان يۇقۇرى خاسلىققا ئىگە. مۇستەقىل ئىددىيىگە ئىگە كىشلەر داۋاملىق ھەرقانداق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باستۇرۇلۇدۇ. چۈنكى شەرقنىڭ ئەنئەنىسىدە ھەرقانداق ھۆكۈمەت كوللېكتىپ ياكى ئومۇملاشقان ئىددىيىگە ئىگە كىشىلەر توپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەسەردىكى سابىتنىڭ ئىددىيىسى ئەمەلىيەتتە گومىنداڭچىلار، كوممۇنىستلار ۋە مىللەتچىلەرنىڭ ئومۇملاشقان ئىددىيىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرى ئومۇملاشقان يەنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئومۇملاشقان ئىددىيىدۇر، لېكىن ئىددىيىۋي مۇستەبىتلىكنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان قىممەتلەرنى داۋاملىق ئاز سانلىقنىڭ غەيرى تىپتىكى نەرسىلىرى قىلىپ كۆرسۈتۈشكە ئامراق ھۆكۈمەتلەردە يەنىلا شەخسكە خاس مۇستەقىل ئىددىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

---

[1] قارا پۇل ئاقلاش — قانۇنسىز يوللاردىن تاپقان پۇلغا قانۇنىي تىجارەتلەرنى پەردە قىلىپ، پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسىگە يوللۇق ئادرېس كۆرسۈتۈش قىلمىشى، — م.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ تۈردىكى قەھرىمانلارنى يارىتىش داۋاملىق يازغۇچىلاردىن مۇنداق خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ:

بىرىنچى، ئىنساننى ئەمەس ئىدىيىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش.

«گۇگۇم» رومانىدا سانسىزلىغان كىشىلەر دۇچ كەلگەن سانسىزلىغان غەيرى ئەقلىي قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك ئىدىئولوگىيە سەۋەبىدىن بولۇۋاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بىز بۇ پاجىئەلەرنى ئىدراك قىلغاندىن كېيىن ئىدىئولوگىيىنىڭ ئىنسانلارنى خۇددى بىر ئىبلىستەك چاڭگىلىغا ئېلىپ، ھەممە ئادەمنى ئەقىلنى يوقۇتۇشقا قىستاۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنى ۋەھشىيلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى، يېقىن قېرىنداشلارنىمۇ ئۆز سېھرى بىلەن بىھۇش قىلىپ، ئۆز ئارا ئىختىلاپ ھەتتا جىدەلگە سېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئىچىمىز ئىنتايىن ئاچچىق بولۇدۇ. ئەلۋەتتە ئەسەردىكى سابىتمۇ مەلۇم ئىدىئولوگىيىگە تەۋە ئادەم، لېكىن ئۇ تەۋە بولغان ئىدىئولوگىيە ئەسەردىكى ئۇيغۇر ئادىل ۋە خەمىد تۇردىلار تەۋە بولغان ئىدىئولوگىيىدەك ئىجتىمائىيلىقنى ئاساس قىلغان ئىدىئولوگىيىگە ئوخشىمايدۇ. سابىت تەۋە بولغان ئىدىئولوگىيە ئىنساننى ئاساس قىلغان ئىدىئولوگىيىدۇر. ئۇ مەلۇم بىر شەخسنىڭ ياكى بىر توپنىڭ خام خىيالى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدىئولوگىيە ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىنساننى خەلىپە قىلىپ يارىتىش ئىرادىسىدىن كەلگەن، ئىنساننىڭ ئەڭ ئەزىز مەخلۇق بولۇشىدەك ئاساستىن كەلگەن. شۇڭا ئۇ بىرەر شەخس ياكى بىرەر توپ ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننى ئاساس قىلغان بۇ ئىدىئولوگىيە باشقىلار تەرىپىدىن تېڭىلغان ئىدىئولوگىيە ئەمەس، بەلكى ھەر بىر ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولۇدىغان تەبىئىي روھىي ئېھتىياجىنىڭ مەھسۇلىدۇر. خەمىت تۇردى ۋە ئۇيغۇر ئادىل قاتارلىقلار تەۋە بولغان ئىدىئولوگىيە داۋاملىق بىر توپ ئادەمنىڭ، ئاخىرىدا بىر شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ئىدىئولوگىيەدۇر. مەسىلەن، خەمىت تۇردى ئىشەنگەن ماركسىزىم دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئىشەنگەن ئىدىيە بولسىمۇ لېكىن ھامان ماركستىن ئىبارەت بىرلا ئادەمنىڭ نەزىرىيىسى، لېكىن ماركس دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنى ھەل قىلالايدىغان خۇدا ئەمەس. شۇڭا مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ئاخىرقى ھەقىقەت دەپ قاراش ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ياشاش پىرىنسىپى قىلىشقا ئۇرۇنۇش داۋاملىق ئىنتايىن ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىرلا ئادەمنىڭ نەزىرىيىسىنى ھەممە جايدا ئومۇملاشتۇرۇش داۋاملىق شۈبھە ۋە سوئاللارغا دۇچ كېلىدۇ. ئاشۇ نەزىرىيىگە مەپتۇن بولۇپ ئەقلىنى يوقاتقانلار ئۈچۈن بۇ خىل شۈبھىگە دۇچ كېلىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ناھايىتى ئېنىقكى، باشقىلارنىمۇ ئەقىلدىن مەھرۇم قىلىش. يەنى، كىشىلەر قانچە دۆت بولسا شۇنچە ئەگىشىدۇ، قانچە ئەخمەق بولسا شۇنچە تەلۋىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل

جەمئىيەتتە ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق بىر «ئومۇمىي خور» باشلىنىپ كېتىدۇ. دىنىي مۇراسىم تۈسىنى ئالغان بۇ «ئومۇمىي خور»دا ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاجىز بولغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقىمۇ قۇدرىتى يەتمىگەن بىر ئىنسان ئاللىقاچان كىشىلەر تەرىپىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەسىلىرىنى ھەل قىلىدىغان مەبۇدقا ئايلاندۇرۇلۇپ بولۇنغان. ئۇيغۇر ئادىلمۇ سۈن ياتسىن قاتارلىق بىر توپ ئادەمنىڭ مۇكەممەل بولمىغان ھەم مىللەتچىلىك بىلەن تولغان ئىدئولوگىيىسىنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يات بىر مىللەت ۋە يات بىر مەدەنىيەت تەرىپىدىن تېڭىلغان ئىدئولوگىيىنىڭ قۇلىغا ئايلانغان. سابىت ئۆز ئەتراپىدا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئىددىيىنى دەپ ئىنسانىيلىقتىن ۋاز كەچكىنىدىن ئازابلىنىدۇ. لېكىن سابىتنىڭ تراگىدىيىسى شۇ يەردىكى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى روھىي كىرسىزلار پارتلاپ چىققان دەۋرلەردە رادىكال ئىددىيىلەرنىڭ سېھرىي كۈچى ئىنتايىن زور بولىدۇ، سابىتتەك ئىنسانىي ئادەملەر داۋاملىق چەتكە قېقىلىدۇ.

ئىككىنچى، ھەرقانداق قەھرىمانىنىڭ قەھرىمانلىقى داۋاملىق سىياسى ئارقىلىق كۆتۈرۈپ چىقىلىدۇ.

ناھايى ئېنىقكى سىياسىنىڭ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ توغرا خاتالىقىدا ئەمەس بەلكى «ئومۇمىي خور» تۈسى ئالغانلىقىدىدۇر.

سىياسى ماھىيەت جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكى پەقەتلا بىر ۋاستە، ھەرگىزمۇ ئاخىرقى مەقسەت ئەمەس. لېكىن مەقسەت بىلەن ۋاستىنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويۇش تارىختا كۆپ ئۇچراپ تۇرۇدۇ. مەسىلەن، كوممۇنىستلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش، لېكىن ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىپ زوراۋانلىق مەۋجۇت بولمىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋال زورلۇق ۋاستىسى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش كېرەك دەپ قارايدۇ، لېكىن كوممۇنىستلار ئاخىردا، «ئازاد قىلىش»تىن ئىبارەت گۈزەل غايىنى «ئۇنتۇپ» ئەسلىدە ۋاستە قىلماقچى بولغان زورلۇقنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. خۇددى ئارگىنتىنا يازغۇچىسى بورخېسنىڭ «كۆزىنى مىت قىلىپ قويماي ئادەم ئۆلتۈرىدىغان بىل» ناملىق ھېكايىسىدە نېگىرلارنى سېتىپ پۇل تېپىپ، شۇ پۇلغا سېتىۋالغان قورال بىلەن بارلىق نېگىرلارنى ئازاد قىلماقچى بولغان باش پېرسوناژ ئاخىردا نېگىر قۇللارنى سېتىشنى ۋاستە قىلىشتىن بىردىن-بىر نىشان قىلىشقا ئۆزگۈرۈپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالغاندەك، مەقسەت بىلەن ۋاستىنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويۇش ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىز نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولۇپمۇ شېئىرلاردا ئىستېتىك ۋاستىلارنىڭ بىر خىل ۋاستە بولماستىن شېئىرنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى داۋاملىق ھېس قىلىپ تۇرىمىز. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ شېئىرلىرى بىرلا ئوخشۇتۇشتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا بىرلا

ئوخشۇتۇشتىن باشقا نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئەسەرلەردە مەلۇم بىر ئىنساننىڭ قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق سىياسىنى ۋاستە قىلىش كۆپ ئۇچرايدۇ، لېكىن بىزنىڭ دەۋرىمىزدە بولۇپمۇ سىياسىي قىزغىنلىقى زىيادە ئېشىپ كەتكەن ئۇيغۇر يازغۇچىلاردا، قەھرىماننى يارىتىش ئۈچۈن ۋاستە قىلغان سىياسىي كاللا قىزىپ كېتىش نەتىجىسىدە بارا - بارا ئاساسىي مەقسەتكە ئايلىنىپ قېلىپ، ئەسلىدىكى مەقسەت بولغان قەھرىمان ئاستا - ئاستا سىياسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ياكى مەلۇم سىياسىي ئىدىيىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاستىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

«گۇگۇم»دىكى سابىتنىڭ بىزنى تەسىرلەندۈرىدىغان يېرى ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنىڭ سىياسىنى مەقسەت قىلىپ ئەمەس بەلكى سىياسىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ يارىتىلغانلىقىدۇر. چۈنكى ھەقسىزلىق ئىچىدە تۇرغان ۋە چىقىش يولىنى تاپالمايۋاتقان بىر مىللەت ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان سىياسىي پەيدا قىلغان زىلزىلە چوقۇم ھەممە نەرسىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى سىياسىنىڭ سان - ساناقسىز قايناملىرىدا ئېقىپ يۈرگەن سابىتنىڭ ھېچقانداق ئىدىيولوگىيىنى ئاخىرقى ھەقىقەت دەپ قارىماسلىقى، شۇنداقلا ئۆز ئىدىيىسىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقىتى دەپ قارايدىغانلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلىنىشىدۇر. سابىتتەك بۇنداق ئادەمنى يوقىتىشتا بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ - قارشى بولغان كۈچلەرمۇ بىرلا ئادەمدەك بىرلىشەلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى ئىگە بولغان ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقەتنى چۈۋۈپ تاشلىغۇچىنىڭ سابىت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورتاق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ. بارلىق ئىدىيولوگىيىنىڭ دۈشمىنى بولغان سابىت بىزگە دۇنيا تارىخىدىكى گىگانت شەخسلەردىن سولژېنىتسىن ۋە برودسكىيلارنى ئەسلىتىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئادەم تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىدىيە ۋە بۇ ئىدىيىنى ئاساس قىلغان ھەرقانداق تۈزۈمگە گۇمان بىلەن قارايدىغان سولژېنىتسىن ماددىي دۇنيادىن ۋە شەخسلەردىن مۇستەسنا بولغان ساماۋىي ئىدىيولوگىيىنى تاللىغان. زۇلپىقار ئەپەندىنىڭ «گۇگۇم» رومانىدىكى سابىتنىڭ ئوبرازى سولژېنىتسىن بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن ئىسلامغا بولغان غەيرى ئەقلىي ۋە لوگىكىسىز قاراشلار تۈپەيلىدىن باشقا قەۋمگە تەۋە كىشىلەر «گۇگۇم» رومانىدىكى سابىتنىڭ دىنىي مۇھاكىمىلىرىنى ۋە باشقىلار بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىلىرىنى ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان روھىي پاكلىق ۋە تەبىئىي ئىنستىنكت نۇقتىسىدىن چۈشەنمەستىن غەلىتە بىر خىل تەرىزدە چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خۇددى قارا بېسىشتىن ئويغانغان ئادەم قارا باسقاندا چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى قايتا قۇراشتۇرۇش جەريانىدا تېنىمسىز ئۆزگىرىپ ماڭغاندەك، كەلگۈسىدە غەرپ دۇنياسى مۇسۇلمانلار ھەققىدىكى بۇ قاراشلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە باشلايدۇ.

ئۈچىنچى، قەھرىماننىڭ ئىشەنچلىكلىكى شۈبھىگە دۇچ كېلىدۇ.

«گۇگۇم»دا يارىتىلغان پېرسوناژ سابىت پەقەت بۇ ئەسەردە ۋە بىزنىڭ قەلبىمىزدە بىر قەھرىمان، لېكىن رېئاللىقتا ئۇ ئىنتايىن ئاددىي بىر ئادەم. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر گېنېرال مۇنداق دېگەن: «سەن بىر ياكى بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرسەڭ بىر نەپرەتلىك قاتىلسەن؛ نەچچە يۈزلەپ ۋە مىڭلاپ ئادەم ئۆلتۈرسەڭ تىللاردا داستان بولۇدىغان بىر باتۇر ئەزىمەتسەن؛ مىليونلاپ ئادەم ئۆلتۈرسەڭ ئۇلۇغ داھىسەن » (بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى دۇنيا تارىخى ئىسپاتلىمىدىمۇ؟). سابىت ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ھاياتلىقنى بەكراق سۆيىدىغان كىشى. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئادەم ئۆلتۈرگۈسى يوق. ئۇنىڭ بىر توپ دوستلىرى تۇيۇقسىز غايىپ بولۇپ كەتكەندە ئۆزى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولالمىغانلىقىدىن نومۇس قىلىپ شېھىت بولۇش يولىنى تاللاپ ئۇرۇش سېپىگە قوشۇلۇشى ۋە ئۇرۇشتا ھېچقانداق نام ـ نىشان قالدۇرماي ئۆلۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىشى بىر خىل ساپ ئېتىقادلىق قەلبىنىڭ تاللىشىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ پەقەتلا كوچىدا بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە ئوخشاشلا بىر ئادەم. ئۇ مەدھىيىگە لايىق بىر داھى ئەمەس، تىل ھاقارەتكە مۇناسىپ بىر قاتىلمۇ ئەمەس. بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئۇنى قەھرىمان قىلىپ تىكلىگىنى ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە ئېچىنىشى، مەيلى ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلسۇن مەيلى ئۆزى بىلەن دوستلاشسۇن ياكى مۇئامىلىسى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرسۇن، ئۇلارنى يامان كۆرمەسلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاجسىزلىقىغا ھېسداشلىق قىلىشى. سابىتنىڭ نەزىرىدە بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان ئوخشىمىغان قاراشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىمەنە ئىدىيىلەرگە قۇل بولغان بىچارىلەردۇر. خىلمۇ ـ خىل ئىدىيىلەر ئۇلارنى ئىنسانىيلىقتىن مەھرۇم قىلغان. سابىتنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئەسكى ئادەملەر ئەمەس، ئەكسىچە ئىنسانىيەتتىكى ئىنسانىيلىقنى يوقۇتۇش تراگېدىيىسىنىڭ قۇربانلىرى، شۇڭا ئۇ ئۇلارغا ئەمەس بەلكى كىشىلەرنى ئالۋاستىدەك يوشۇرۇن ئويۇنغا سېلىۋاتقان ئىدىيىلەرگە نەپرەتلىنىدۇ.

«گۇگۇم»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى باشقا سىياسىي رومانلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە چەكسىز ئىزتىراپىنى ئاساس قىلغانلىقىدۇر. سىياسىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئادەم بولغىنىدا سىياسى ئىنتايىن گۈزەل نەرسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن، خۇددى شېئىردەك ياكى مۇزىكىدەك. سىياسىي ئادەملەرنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە ئايلىنىپ، ئادەم سىياسىنىڭ قۇلىغا ئايلانغاندا بولسا، ئۇ ئىنتايىن مەينەت بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتى ۋە ھوقۇقى ھەققىدىكى تىرىشچانلىقى تەنھا ھەرىكەتتىن بىرلەشمە ھەرىكەتكە ئۆتكەندە كىمدۇر بىراۋلار چىقىپ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ مەلۇم چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بۇ چارىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىن ـ بىر ئۇسۇلى ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش. ئومۇملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇ

«ئومۇمىي خور»غا ئايلىنىدۇ. «ئومۇمىي خور» بولسا داۋاملىق كوللېكتىپ مېڭىسى قىزىپ كېتىش ۋە ئەقلىنى يوقۇتۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىياسىي ئەسەبىيلىك پەيدا بولىدۇ. سىياسىنىڭ ئەسلى مەخسىتى ئىنسان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي داۋاملىق بىر توپ ئابستراكىت نەزىرىيىلەر ياكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ سۆز ئويۇنى مەيدانىغا ئايلانغاندا، ناھايىتى ئېنىقكى ئىنسان سىياسىنىڭ مەقسىتى ئەمەس بەلكى قورالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. سۆز ئۈچۈن سۆز، بارا ـ بارا ئىدىيە ئۈچۈن ئىدىيىگە، ئاخىرىدا سىياسىي ئۈچۈن سىياسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئىنساننىڭ سىياسىدىكى ئەسلى ئورنى ناھايىتى تېزلىكتە تۆۋەنلەپ، ئاخىرىدا غايىپ بولىدۇ ياكى سىز ئىنسان دېگەننىڭ ئەمەلىيەتتە قان ۋە گۆشكە ئىگە ئادەم ئەمەس بەلكى بىر ئۇقۇمدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. قەيەردە سىياسىي پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە دېتاللىرىغىچە ئارىلىشىپ كىرگەن بولسا بىز ئاشۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز، ئۇنداق جايدا ھەممە ئادەم «سىياسىئون» بولۇپ كەتكەن. قايسى جايدا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۇس بولسا، شۇ جايدىكى كىشىلەرنى نىسبەتەن مەئىشەتلىك تۇرمۇشتا دەپ پەرەز قىلساق بولۇۋېرىدۇ. بۇنداق جايدىكى كىشىلەرنىڭ سىياسىدىن ئانچە خەۋىرى يوق، ئۇلار سىياسىنى چۈشەنمەيلا قالماستىن ھەتتا مېڭىسىدە سىياسىدىن باشقا ھېچنەرسە بولمىغان ئادەملەرنىمۇ چۈشەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە دېتاللىرىغىچە سىياسىنىڭ ئارىلىشىپ كىرگەنلىكى ئۇلارنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەر ئۇلارغا خۇددى ئاجايىپ غارايىپ نەرسىلەر تەسۋىرلەنگەن خىيالىي ئەسەرلەردەكلا قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ.

ئۇيغۇر رېئاللىقى سىياسىي سۇسلىغان بىر رېئاللىق بولسا ئىدى، بىزنىڭ بۇ ۋەتىنىمىز بىر گۈزەل ھەرەمباغقا ئايلانغان بولۇر ئىدى. لېكىن سان ـ ساناقسىز قەتلىئاملار، سەۋەبسىز ئادەم ئۆلتۈرۈشلەر بىلەن تولغان بۇ ۋەتەندە سىياسىدىن باشقا نەرسە يوق. خۇددى گارسىيا ماركۇز: «لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ رېئاللىقىنى غەرپنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ئادەتتىن تاشقىرى يازغۇچىلىرىمۇ توقۇپ چىقىرالمايدۇ» دەپ ئېيتقاندەك، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئىشلارنى باشقىلار توقۇپ چىقىرىش ئەمەس، ئېيتىپ بەرسىڭىز ئىشىنىشىمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ. قايسىدۇر بىر كىنودا مۇنداق بىر دىئالوگنى ئۇچراتقانىدىم: «ۋەھشىيلىكنى كىشىلەر ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە قىل، شۇندىلا كىشىلەرگە خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلالايسەن، سېنىڭ زىيانكەشلىكىڭگە ئۇچرىغان كىشىنىڭ دەرت ئېيتىشىغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ». دېمەك بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز بىزگە داۋاملىق ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دۈشمەنلىكلەرنى قىلىدۇ، شۇڭا بۇ ئىشلارنى تەسۋىرلىسەك داۋاملىق كىشىلەرگە توقۇلما بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئۆز رېئاللىقىمىزنى ئىنتايىن ئۆلۈك ھالدا ھېچقانداق بەدىئىي

توقۇلما ۋە ۋاستىلەرسىز خاتىرىلەپلا قويساق ئىشىنىمەنكى، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەرقانداق توقۇلمىلاردىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ ئىنچىكە دېتاللارغىچە سىياسىي ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سىياسىدىن مۇستەسنا ئەسەر يېزىش كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ساختا رېئاللىقنى توقۇپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ۋەتىنىمىزدە ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىزچىل مەغلۇبىيەت شۇكى، يازغۇچىلارنىڭ ئوبرازى ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. بىر بولسا سىياسىدىن تامامەن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، بىر بولسا سىياسىغا دۆم چۈشۈپ ئەسەرنى قۇرۇق سىياسىي شوئار ياكى مەدھىيىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، سىياسىدىن مۇستەسنا ئەسەر يېزىش خىيالىدىكىلەرمۇ ھەم سىياسىغا دۆم چۈشكەنلەرمۇ ئوخشاشلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولمىغان بىر مۇھىتنى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولمىغان ئادەملەرنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ. بۇ يەردە «ساختا بولمايدۇ» دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى فرانز كافكا ياكى بورخېسنىڭ ئەسەرلىرىدەك خىيالىي دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كوللېكتىپ ئىدىيىۋىي زوراۋانلىق ۋە سىياسىي ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كىشىلەرگە ھەقىقىي رېئاللىق دەپ ھېس قىلدۇرۇلۇپ، ئەكسىچە ھەقىقىي رېئاللىقتىن بىرەر جۈملە ياكى ئابزاستا ئاز - تولا بىشارەت بېرىپ تاشلىغانلىرى بولسا دەرھال ئاساسىي ئېقىم تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلىدۇ. بەزىلىرى ھەقىقىي ئىشنى ساپ كۆڭلى بىلەن يېزىش ئىستىكىدە بولسىمۇ، بۇنداقلار ئىنتايىن ئاز، لېكىن داۋاملىق ئۇنى ساختا تۈسكە كىرگۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. مەسىلەن، بەدىئىي ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن دائىم تەكرارلىنىدىغان ئوخشۇتۇش ۋە ئىستېتىك ۋاستىلارنى ئىشلىتىدۇ. مەلۇم بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتماقچى بولسا ئۇنى قېلىپقا چۈشۈرۈپ ئەسلىدىكى پېرسوناژدا ئىپادىلىمەكچى بولغان خاراكتېردىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. بىر گۈزەل ئايالنى تەسۋىرلىگەندە، «ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ ئاسماندىكى ئايمۇ خىجىل بولۇپ بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتەتتى» دەپ تەسۋىرلىسە ناھايىتى روشەنكى، بۇ ساختا، چۈنكى بىز ئۇنى ھەرقانداق ئىستېتىك پرىنسىپ بىلەن مۇبالىغا ياكى بىر خىل مېتافور دەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشساقمۇ، لېكىن بىر ئايالنى كۆرۈپ ئاسماندىكى ئاينىڭ خىجىل بولۇشى ۋە بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نۇرغۇن ئەسىرلەپ تەكرارلانغان بۇ تەسۋىرنى ئەگەر قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلسە ئۇنىڭ تۇنجى ئىجادچىسىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى ۋە بەدىئىي دىتىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن كېيىنكىلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، بۇ خىل تەسۋىرلەش كونا ھەم باشقىلارنىڭ، ئىككىنچىدىن، ئەسلىدىكى ئوبرازدىن يىراقلىشىپ كەتكەن، ئۈچىنچىدىن، ھە دېسىلا ئاينىڭ، يۇلتۇزنىڭ،

گۈلنىڭ، بۇلبۇلنىڭ گېپىنى قىلىش كىشىدە سۆزلىگۈچىنى چىرايلىق سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر ھىلىگەر ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ئامال بار يېقىنلىشاي دىگۈچىلەرمۇ مەغلۇب بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. «گۇگۇم» رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، يازغۇچىنىڭ سەممىيلىكى. يەنى بىز بۇ ئەسەردىن ئاپتورنىڭ سەنئەتكە بولغان سەممىيلىكى بىلەن ئىنسانىي مېھرى مۇھەببەت ۋە ھەتتا سىياسىغا بولغان سەممىيلىكىنى باشتىن ئاخىر كۆرۈپ تۇرۇمىز. رومانىدا ئۇيغۇر بوۋاي قاتارلىق رېئاللىقتىن ھالقىغان پېرسوناژ (ئەمەلىيەتتە باش پېرسوناژ سابىتنىڭ ئۆزىمۇ رېئاللىقتىن ھالقىغان پېرسوناژ. مەسىلەن، سابىت غايىپ بولۇپ كەتكەندە ئۇيغۇر بوۋاي، «ئۇ ئۆلمىدى» دەيدۇ) تەسۋىرلەنسىمۇ لېكىن كىشىگە ئىنتايىن چىن تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى قانچىلىك رىۋايەت تۈسىگە ئىگە بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى دائىم ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن تاپالايمىز. ئۇيغۇر بوۋاينى بىز ھېلىلا كوچىدا ئۇچراتقان ياكى مەلۇم بىر يېزا يولىدا كۆرگەندەك ھېس قىلساق، سابىتنىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىمىزدىكى كىشىلەر توپى ئارىسىدا كېتىۋاتقاندەكلا تۇيغۇدا بولۇمىز. چۈنكى يازغۇچى ئۇلارنى باشتىن ئاخىر ئىنتايىن چىن تەپسىلاتلار ۋە بەدىئىيلىكتىكى سەممىيلىك بىلەن ئۇنى چىن تۇيغۇغا ئىگە قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتوردىكى سەممىيلىك بىلەن سابىتتىكى سەممىيلىك بىرلىشىپ كەتكەن. «گۇگۇم» رومانى بىزنى ئويلاندۇرىدۇ، چۈنكى بىز ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەسەردىكى مۇھىت بىلەنمۇ ئىنتايىن تونۇشلۇق. تۇڭگان يېغىلىقى، مىللەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تارىخىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ۋاقت جەھەتتە بىز بىلەن يىراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ئاتمۇسفىرا ھېلىمۇ مەۋجۇت. مىللىتىمىزنى تۈگىمەس بالايى ـ ئاپەتلەرگە دۇچار قىلغان ئىدىئولوگىيە كۆرەشلىرى، پىتنە پاساتچىلىق، قورقۇنۇچلۇق مىڭە يۇيۇشلارنى ھېلىمۇ باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز.

رېئاللىقتىن ھالقىغان ئىككى پېرسوناژنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۇيغۇر روھىنىڭ سىمۋوللىرى دېيىشكە بولىدۇ. بىرى ئۇزۇن زاماندىن كېلىۋاتقان كونا ئۇيغۇر روھى، ئۇ ياشاش شەرتلىرىدىن كۆنسېرى مەھرۇم بولۇۋاتقان، زەئىپلىشىپ تۈگەشكە يۈز تۇتقان؛ كېيىنكىسى ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئۇيغۇر روھى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەنىۋىي ئاتموسفىراسى ۋە سىياسىي ئاتموسفىراسى ئىچىدە كېڭىيىشكە، كۆكلەشكە، باغجانلاشقا مۇيەسسەر بولالماي غايىپ بولۇشقا يۈز تۇتىدۇ. بۇمۇ مىللىي تەقدىرىمىزدىكى يەنە بىر ئەمەلىي پاكىت. يەنە بىر ئېچىنىشلىق قىسمەت. ئەمما بىزگە ئۈمىت بېرىدىغان بىر يىپ ئۇچى شۇكى، يېڭى ئۇيغۇر روھىنىڭ

سىمۋولى بولغان سابىتنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئۆلگەنلىكى ھەققىدە جەسەتتىن ئىبارەت قىلىپ بولمايدىغان پاكىت بېرىلمەسلىك بىلەن، ئۇنىڭ تېخى يوشۇرۇن ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدىكى بىشارەتتۇر!

سابىت ئەپەندىنى بىرىنچى قېتىم مەھەللىمىزدىكى ناۋايخانا ئالدىدا كۆرگەن ئىدىم.

ئۇ چاغدا بۇ بەستىلىك، قوپال ئۇستىخان، بەقۇۋۋەت ئادەمنىڭ ئاشۇ سابىت ئەپەندى ئىكەنلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. ھەۋەسكارلار، زىيالىلار ئىچىدە دايىم زىكرى كېچىدىغان، زامانىمىزدىكى پىشقەدەم زىيالىلار ئىچىدە ھەممە بىردەك قول قويۇدۇغان ئاشۇ مەشھۇر سابىت ئەپەندىنىڭ ناۋايخانىدا، كوچىدىكى بارلىق ئاددىي كىشىلەرگە ئوخشاشلا نىمكار ئىشلەپ يۈرىشىنى كىمنىڭمۇ ئەقلىگە كەلسۇن دەيسىز؟

مېنىڭ چۈشەنچەم بويىچە بولغاندا (باشقىلارمۇ شۇنداق ئويلىسا كېرەك)، ئۇلارنىڭ غېمى، ئويلايدىغىنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىغان، قانداقتۇر باشقا تۈرلۈك بولۇشى كېرەك ئىدى. يەنى، ھاياتنىڭ ئەقەللىي شەرتلىرى بولغان كۈندۈلۈك كونكرېت نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بەلكى ئالدىمىزدىكى رېئاللىقتىن تامامەن ھالقىغان بىر خىل غەم، ئوي-خىياللار بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ئادەملەر، مانا مۇشۇنداق، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىغان قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىشى، بىر بولسا سىرلىق ۋە قورقۇنۇچلۇق تۈرمىدە، بىر بولسا قارىساق كۆزىمىز، ئۇزاتساق قولىمىز يەتمەيدىغان يوقۇرى مەرتىۋىدە، باي، باياشات تۇرمۇشتا بولۇشى كېرەك ئىدى. تارىختىن بېرى، ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا پەقەتلا ئىككى خىل تەقدىر، يەنى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش ياكى باشقىلارنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈشتىن باشقىسى بولمىغان. ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەڭ چېكىدىن ئاشقان تاللاشلارغا دۇچ كەلمىگەنلەر ياكى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكى سابىت ئەپەندىدەك ئۇنىڭدىن سەل تۆۋەنراق بولغانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغىنى بولسا، خاتالاشقان چاغلىرىدا تۈرمىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان قاراڭغۇ بولۇڭىدا يېتىش؛ ئاقلىنىپ، ياكى ۋاقتىنى پۈتتۈرۈپ تۈرمىدىن چىقسىلا كىشىنىڭ كىرىشىنى خىيال قىلىشتىنمۇ تېنى ئەيمەنگۈدەك ھەشەمەتلىك قورونىڭ خۇپىيانە بۆلۈملىرىدە يەنىلا يوقۇرى بىر ئەمەلدە، ئويلاپ يېتىش قىيىن بولغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل

بولۇش ئىدى.

مەن يېڭــى ئــۆيگە كۆچــۈپ جايلىشــىۋېلىپلا «ئــۆي چېيــى» دېگەنــدەك رەسمىيەتلەرنى قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئايالىمنى يۇرتقا يولغا سالدىم. چۈنكى بىز ھەر يىلى يېڭى ئۆيلەردىن تېگىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئېمىزگىلەرگە گول بولۇپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، ئۈچ يىلچە يۇرتقا بارالمىغان ئىدۇق. ھەر قېتىمدىلا جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان ئەپچىلەملەر بىزدىن چاققان چىقىپ، بىزگە ئۆي تەگمەيتى. ئاخىرى يېڭى بىنادىن ئۆي تېگىپ، مۇرادىمىز ھاسىل بولدى. ئەسلىدە ھەممىمىزلا يۇرتقا بېرىشقا تېگىشلىك بولساقمۇ، يېڭى ئۆيىمىزنى جابدۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بىرئاز چىقىمدار بولغىنىمىز ئۈچۈن سەل ئېغىر كەلدى. يۇرتقا بارغاندىكىن قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدىغۇ. شۇڭا ئايالىمنى باللار بىلەن ئەۋەتىۋەتتىم، ئۆزۈم يالغۇز قالدىم.

مېڭىش ھارپىسىدا ئايالىم خۇددى كىچىك بالىنى مەكتەپكە يولغا سېلىۋاتقان ئانىدەك ماڭا تاپشۇرۇقلارنى تاپىلاپلا كەتكەن ئىدى.

— پايپاقلىرىڭىزنى ھەركۈنى ئاخشىمى يۇيۇپ قويىسىڭىز، ئەتىگەندە پاكىز كېيىسىز، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. بىرەرسى مېھمانغا چاقىرىپ قالسا، پۇتىڭىز يۇراپ قالسا سەت...

— سىرتقا چىققاندا ئوچاقنى ئۆچۈرگەن- ئۆچۈرمىگەنلىكىڭىزنى بىر قېتىم تەكشۈرۈۋېتىڭ...

— مەھەللىمىزنىڭ ناۋايخانىسى ھەممىدىن ياخشى جۇمۇ، ناشتىڭىزغا ناننى شۇ يەردىن ئېلىڭ، تەلىيىمىزگە ئەڭ داڭلىق ناۋايغا قوشنا بولۇپتۇق. ئەتىگەندە چىقىپلا بىر نان ئەكىرىڭ، ھەرگىز كۆپ ئېلىۋالماڭ، قاتۇرۇپ قويىسىڭىز كېيىن يېگىۈڭىز كەلمەي، بۇزۇلۇدۇ. ئىسسىق - ئىسسىق ئەكىرىپ يەڭ. يېقىن بولغاندىكىن، دىككىدا،...

ئايالىم ئىشلارنى تاپىلىسا ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەتلىرىدەك قۇرۇق، نەسىھەتچى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى شۇئار تۇۋلاشلاردەك مەۋھۇم تاپىلىمايتى. چوقۇم ھەر بىر ئىشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرماي قالمايتى. تاپىلاشلارنىڭ ئىچىدە ناشتام ئۈچۈن قايسى ناۋايدىن نان ئەكىرىشىممۇ ئېنىق بەلگۈلەنگەن ئىدى. راست دېگەندەك ناۋايدا تەلىيىمىز كەلگەندەك قىلاتتى؛ گەرچە بۇ ناۋايخانا بەك قاۋاق ئارقا

كوچىلاردا بولسىمۇ.

ناۋايخانىغا كېلىش ئۈچۈن ئاشۇ مەن ۋە مەندەكلەر ئىشلەيدىغان زامانىۋى بىنالاردىن ۋە بۇ بىنالار توشۇپ كەتكەن كوچىلاردىن چىقىپ ئارقا كوچىغا ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، ئاشۇ ھەشەمەتلەردىن كېيىن بىردىنلا كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولۇدىغان بۇ كۆرۈنۈشلەر — ئۇ يەر-بۇيەرلەردە يامغۇر سۈلىرى يىغىلىپ كۆلچەك ھاسىل قىلىدىغان، سۇ جىمىپ كەلگەندە بولسا ئورنىدا مىلىچلاپ تۇرۇدىغان پاتقاقلىقلار ھاسىل بولۇدىغان، بىر-بىرىگە رەپ كەلمەيدىغان ھەرخىل ماتېرىيالدىن قوپۇرۇلغان، ھەر خىل ئىگىزلىك ۋە ھەر خىل سۈپەتتىكى تاملاردىن، ئۆيلەردىن مۇتەشەككىل كۆرۈنۈشلەر، كىشىنى زامانىۋى ئىلمىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان ياكى كىنولاردا تەسۋىرلىنىدىغان «ۋاقىت تونىلى»غا كىرىپ قالغاندەك، دەۋر ھالقىپ، ئۆتكەن ئەسىرگە بېرىپ قالىدىغان ئىشلار ئەمەلىيەتتە ئايلانغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قوياتتى. بىزنىڭ يېڭى ئۆيىمىز جايلاشقان ئاشۇ «زامانىۋىلىقنىڭ نۇرلىرىغا چۈمۈلگەن» كوچىلار بىلەن بۇ جاي بىر- بىرىگە شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى، خۇددى قەدىمىي قىياتاش رەسىملىرىدىكى بۇقىنىڭ رەسىمى بىلەن زامانىۋى ئاپتوموبىللارنىڭ رەسىمىنى بىر رەسىملىك ژۇرنال بېتىدە يېقىن چاپلاپ بەرگەندەك تەسىرات بېرەتتى ياكى ئالدى يۈزىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ، ۋاراقنى ئۆرۈسىڭىزلا مەينەت بىر كوچىدا پىت بېقىپ ئولتۇرغان دىۋانىنىڭ رەسىمى چىققاندەك تېز ۋە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش تۇيغۇسى بېرەتتى. دېمىسىمۇ بۇ كوچىلارنىڭ يەتمىش يىلنىڭ ئالدىدا بۈگۈنكىدىنمۇ ئەسكىراق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭنىڭ ئورنى يوقىدى.

جەنۇپ تەرەپلەردە مىۋە-چىۋىلەر تۆكمە بولۇدىغان يېقىملىق كۈز پەسلى بولسىمۇ، ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتى. تۇرۇپلا تومۇزدەك قىزىپ، ئاسپالتلاردىن تونۇر تەپتى كېلىشىمۇ مۇمكىن، تۇرۇپلا قار يېغىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەنە شۇنداق ئىشەنچسىز ھاۋارايىدا ئەتىگىنى ئىزغىرىن سوغۇق شامال يۈزلەرنى نەشتەردەك چاقسا، چۈشكە يېقىن ياز بولۇپ قالاتتى. ئۈچىنچى كۈنى نانغا چىققىنىمدىمۇ، ياكى تۆرتىنچى كۈنىدىمىدۇر، ئىشقىلىپ سوغۇق بىر ئەتىگىنى مەن ئوچىقىمغا چاي قويۇۋېتىپلا «دىككىدا» نان ئەكىرەي دەپ چىققىنىمدا ئاشۇ بەستلىك، پەۋقۇلئاددە ئىگىز بويى ئادەم ناۋايخانا بېقىنىدىكى

ئوتۇنخانىنىڭ ئالدىدا ئوتۇن يېرىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ قانچىلىق زەبەردەست، بەقۇۋۋەت ئىكەنلىكى زەرب بىلەن پالتا ئۇرۇشلىرىدىن بىلىنىپلا تۇراتتى. مەن دەل نانغا پۇل تەگلەۋاتقان ئارىدا ئۇتتۇرلۇق پىشقان نانلارنى قومۇرۇپ، قىزىق - قىزىق نانلارنى خېرىدارغا سۇنۇۋاتقان شاپ بۇرۇتلۇق، ئەللىك-ئاتمىش ياشلاردىكى ناۋاي:

— سابىت ئەپەندى، سابىت ئەپەندى! — دەپ توۋلىدى. سابىت ئەپەندى ئوتۇن يېرىۋاتقاچقا ئىككىنچى قېتىمدا ئاندىن ئاڭلاپ، جاۋاپ بېرىۋىدى، ناۋاي، — دۇتنى كىچىككىنە ئېچىپ قويسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى.

مەن ھاۋانىڭ سوغىدا قولۇمغا خويمۇ خۇشياققان ئىسسىق ناننى ئېلىپلا ئۆيگە يۈگرۈدۈم. ئوچاقتا چاي قويۇپ قويغۇنۇم ھەرقاچان ئەقلىمدە بار-دە. مانا شۇنداق ئەھۋالدا مەن ئاشۇ نىمكارنى زامانىمىزدىكى مەشھۇر شەخس — سابىت ئەپەندى دەپ ئويلۇشۇم مۇمكىنمۇ؟ ئەكسىچە مەن تېخى ناۋاي ئۇستامنى ئەيپلەپتىكەنمەن: «مۇشۇ ئاشپەز-ناۋاي دېگەنلەرمۇ شۇ، خوجايىنلىقنى بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ-دە، نىمكارلارنى ئېرىغ ئېتىنى ئاتاشقا گەجگىسى قويمامدىكىن، دايىملا بولمىغۇر لەقەملەرنى قويۇپ چاقىرىدىكەن. قارىماسىلەر، بۇنىسىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ دىمەتلىك، بەلكى ئۆزىدىن چوڭ ئادەمنى مەسخىرە قىلىپ، ‹ئەپەندى› دېۋاپتۇ.»

ئەنە شۇنداق بولغان ئىدى. مەن ئەتتىگەنلىرى ھېلىقىدەك بەك ئالدىراشلا چىقىدىغان بولغاچقا، ناۋايخانا ئالدىدا ئارتۇق ھايال بولۇپ تۇرالمايتىم. ئەمما ھورۇنلۇقۇمنىڭ خاسىيىتىدە تاماق ئېتىشكىمۇ ئانچە خۇشياقمىغاچقا، كۆپ چاغلاردا كەچلىرىمۇ ئىسسىق نان بىلەن بىرەر تەخسە قورۇمىنى قورۇپلا ئۆزەمنى گوللايدىغان بولۇۋالدىم. شۇڭا كۆپ چاغلاردا ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ناۋايخانىغا چىقىدىغان بولدۇم. ئەسلىدە مانا بۇ ماڭا بايىقى تەلەيىنى بەخش ئەتتى.

بەزى ئاخشاملىرى ھاۋا ياخشى بولۇپ قالسا يېقىن ئەتراپتىكى بىكارچىلاردىن بەزىلىرى ناۋايخانا ئالدىغا كېلىپ، ئوتۇنخانا ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇشۇپ پاراڭ سېلىشاتتى. بۇ پاراڭلىرىغا سابىتنىمۇ قېتىۋېلىشقا تىرىشاتتى. سابىت پەقەت ئۆزىگە قارىتىلغان سوئاللارغىلا قىسقا جاۋاپ بېرىپ، بولمىسا سۆھبەتكە مۇناسىۋەتسىزدەك بىرچەتتە ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ ئولتۇراتتى ياكى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرەتتى. بۇ ئادەمنىڭ زەبەردەست بوي-بەستىگە قارىماي، ئۇنىڭ چىرايىغا يىللار بەخش ئەتكەن بەختسىزلىكلەر، ئاچچىق كەچمىشلەر ئۇنىڭ

كىملىكىدىن خەۋىرى بولغانلار تەرىپىدىن ھېس قىلىناتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ يوغان بەستىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پۇتلىرى بىسىپ ئۆتكەن مۇساپىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ھېساپلاشنىڭ ئىمكانى يوق، ئۇنىڭ دىراماتىك توقۇنۇشلارغا تولغان ھايات ھېكايىسىنىڭ پايانى يوق بولسىمۇ، ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىدىن، دەرەخ قوۋزاقلىرىغا ئوخشاپ قالغان يۈزلىرىدىكى «يىل ھالقىسى»دەك سىزىقلاردىن باشقا پىسخىك ئىپادىلەرنى ئوقۇغىلى بولمايتتى. مەن نان ئېلىپ، پۇلنى تۆلىگىچە ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن بەزىلىرى قۇلىقىمغا كىرىپمۇ قالاتتى.

بىركۈنى ناۋايخانا ئالدىدا ئۇزۇن كۆتەكتە ئولتۇرۇشقان بىرتوپ كىشى سابىت ئەپەندىنى گەپكە تۇتۇۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ قولىدا ئاق پىلاستىكمۇ، سۆڭەكمۇ، ئىشقىلىپ ئاق بىرنېمىدىن ياسالغان چىرايلىق بىر مۇشتەك تۇراتتى. ئۇ مۇشتەكنى قولىدا ئويناپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. توپتىكىلەردىن بىرى چاخچاق ياكى مەسخىرىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ئاھاڭدا:

— ئەپەندىم، مۇشتىكىڭىزگە بىر سەپ بېرەيمۇ، چېكىۋالامسىز؟ — دېگەن ئىدى، سابىت ئەپەندى ناھايىتى تەبىئىي ئاھاڭدا، ساددا دىللىق بىلەن رەخمەت ئېيتىپ رەت قىلدى.

يەنە بىرى ئۇنىڭدىن تاماكا چېكىدىغان-چەكمەيدىغانلىقىنى سورىغان ئىدى، ئۇ چەكمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرەيلەن قىزىقىپ:

— ئەمما ھەمىشە قولىڭىزدا مۇشۇ مۇشتەكنى كۆرۈمەن، چەكمىسىڭىز بۇنى نېمە قىلىسىز؟ ياكى بۇرۇن چەككەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇ مۇشتەكنى 1934- يىلى قەشقەر دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىدىن تېپىۋالغان، شۇ زامانلاردا بىر قېتىملا ئىككى تارتىپ باققان ئىدىم.

مۇشتەكنىڭ تۇربىسى سۇنۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، كېيىن ئۇنى ئەپلەپكىنە ھىملەپ، يارابانتى[1] بىلەن چاپلىۋالغاندەك قىلاتتى. ئەسلىدە ئاپپاق بولغان يارابانتى دايىملا مىجىقلىنىۋېرىش نەتىجىسىدە كىرلىشىپ، ئەسلى رەڭگىنى تامامەن يوقاتقان ئىدى.

كەچتە ئانچە ئالدىرىمايدىغان بولغۇنۇم ئۈچۈن، بۇ يەردە بولۇۋاتقان سۆھبەتكە

---

[1] يارا بانت ـ پىلاستىر . بۇ سۆز مەملىكەتتە ختايچە (胶布جىياۋبۇ ـ شىلىملىق رەخت) شەكلىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئۇنى ئىشلەتكىم كەلمىدى، — ئا.

ئاشۇنچىلىك قۇلاق مېھمىنى بولغانىدىم. بۇ چاغدىمۇ بۇ ئادەم ھەققىدە ھېچقانداق ئالاھىدە ئىنكاستا بولمىدىم.

ئەمما بىر كۈنى ئىشتىن بالدۇر قايتىپ كەلگەن ئىدىم. ئەسلىدە بىرئاز ساقسىز بولۇپ، دوختۇرغا كۆرۈنمەكچىدىم. دوختۇردىن چىقىپ، تەكرار ئىشخانىغا بارغۇم كەلمەي يېنىپ كەلدىم. بۇنچىلىك باھانە بىلەن ئىشتىن چىققان ئادەملەرنىڭ بالدۇر بىكار بولسا ئىشخانىغا قايتىدىغانلىرى يوق ئىدى. مەن نېمىشكە قايتىدىكەنمەن، ئۆيگىلا كېتەي، دەپ ئويلاپ قايتىپ كېتىۋېتىپ، كېيىن يەنە چىقىپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن تايىنلىق نان ئالغاچلا كىرىپ كېتەي دېگەن نىيەتتە ناۋايخانا تەرەپ بىلەن مېڭىۋىدىم، ئۇ يەردە بەك ئېسىل بىر پىكاپنى كۆرۈپ قالدىم. ھازىر بۇنداق ئىمپورت پىكاپلارنى پەقەت رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىلا مىنەتتى. شۇڭا تەبىئىيلا قىزىقىپ قالغانىدىم. ئەجەبا بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ناۋيىي داڭلىق بولغاچقا ئەمدىزە رەئىسلەرمۇ مۇشۇ ناندىن ئەكەلدۈرىدىغان بولدىمۇ-قانداق؟

ئۇ ياقتا — ئوتۇنخانىنىڭ بېرىسىدىرەكتە شەھەر باشلىقىنىڭ كاتىپى سابىت ئەپەندى بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان ئىكەن. بۇ مېنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنى ھەتتا نېمىلەر ھەققىدە گەپلىشىشى مۇمكىنلىكىمۇ قىزىق بىر تېما ئىدى. ئەگەر بىرەر سۆز ئاڭلاپ قالالىغان بولسام، سۆز تېمىسىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. ئەپسۇسكى، مەن يېقىن بارغىچە كاتىپ ھېلىقى ئېسىل ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

بۇ ھەقتىكى قىزىقىشىمنى باسالماي ناۋايدىن سوراي دېدىمۇ، يەنىلا بۇنى بىر تاسادىپىيلىق ياكى بەلكىم بۇ ئادەم بىلەن كاتىپنىڭ تۇققاندارچىلىقى بولسا.... دېگەندەك تەپسىرلەر بىلەن چۈشۈنۈشكە تىرىشىپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئەگەر يەنە بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادىمىيىسىنىڭ رەئىسى غاپپار يولۋاسنى بۇ يەردە كۆرۈپ قالمىغان بولسام، سابىت ئەپەندىنىڭ كىملىكى ھەققىدە پەقەت بىر نىمكار، ئىشلەمچى دەپلا ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتىم. ئەمما ئەمدى بۇ ئىشقا قارىتا قىزىقىشىم پەلەككە يەتتى ۋە بۇنى ئېنىقلىۋالمىسام ئىچىمنى بىرنېمە تاتىلاپ ئارام بەرمىشى ئېنىق.

كىچىك رۇجەك ئالدىغا كېلىپ، تونۇر بېشىغا يېپىشۋېتىلگەن ئىسسىق ناندىن

بىرنى ئېلىپ، قەستەن پۇتۇن پۇل تەڭلىدىم. شاپ بۇرۇت ناۋاي غەللە ساندۇقنى تىتكىلاپ، ماڭا قايتۇرۇدۇغانغا پارچە پۇللارنى ئىزدەۋاتقان پۇرسەتتە ئۇنىڭدىن سورۇدۇم:

— رەئىسلەرمۇ ناۋايخانىڭىزغا كۆنۈپتۇمۇ نېمە؟

— ساراڭمۇ سىز، نانغا كېلەمدۇ ئۇلار، ئاۋۇ سابىت ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلمەمدۇ، — دېدى ناۋاي ئېرەڭسىزلىك بىلەن خۇددى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىر ئىش توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقاندەك. ئۇنىڭ قېرىلىقىغا باقماي نەگىدۇر تېيىپ تۇرۇدۇغان كۆز نۇرلىرى ئۇنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، تازىمۇ ساياق ياشىغان كەچمىشنى پاش قىلىشقا پۇرسەت ماراپ تۇرۇۋاتقاندەكلا ئىدى.

— ھە.... بۇ... بۇ سابىت ئەپەندى دېگەن...؟ سىزگە ئىشلەۋاتقان ئادەمنى دەۋاتامسىز، يا...؟ — دېدىم تېخىمۇ ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن.

— ھە، شۇ. سىز «سابىت ئەپەندى» دەپ ئاڭلاپ باقمىغانما؟

— ئاڭلىغان، توۋا، نېمە دەيدىغانسىز!؟ بۇ ئاشۇ... — دېدىم ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي، ئەمدى بولسا ناۋاينىڭ كۆزلىرى بىرنەرسىگە تاقىلىپ توختىغاندەك، بى تىنىم غىلدىرلاشتىن قېتىپلا توختىغان بولۇپ، گويا «نېمانداق دۆت نېمەسەنۇي؟» دەۋاتقاندەك ماڭا كۆرەڭلەرچە ۋە بەلكى زورامبازلارچە تىكىلگەن ئىدى. شۇ تىكىلىشى بىلەن:

— ھە، شۇ. ئاشۇ شۇ، سەيپىددىن ئەپەندىنىڭ ساۋاقدىشى، بۇرۇنلاردا كاتتا ئورۇنلاردا ئىشلىگەن ئادەمكەنمىش... — دېدى-دە، بىردىنلا مەن تەرەپتىن كۆزىنى ئېلىپ كەتتى.

ئەمدى ھېچ گۇمان قالمىغان ئىدى. بىراق بۇ قانداق بولغىنى؟ ئاشۇ سابىت ئەپەندىنىڭ ناۋايخانىدا ئىشلەپ يۈرگىنى نېمىسى؟ شەھەر باشلىقىنىڭ كاتىبى نېمىشكە كەلگەن بولغىيدى؟ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەئىسىچۇ؟ بەلكىم ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرى كېتىۋاتسا كېرەك. چۈنكى ھازىر «پارلاق 3-ئومۇمىي يىغىن» ئېچىلىپ، تارىختىكى بارلىق خاتا ۋە يالغان دېلولارغا قارىلىۋاتاتتى. بۇنى ناۋايدىن ئېنىقلىۋالغۇم كېلىپ ئۆزەمنى تۇتالمىدىم. قايتۇرۇلغان پۇللارنى يانچۇقۇمغا سالغاچ:

— ھە، دېمەك، بۇ ئادەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈدىغاننى دېيىشىۋاتقان گەپكەن-

دە؟ نېمىشكە ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ياكى بىرەر مېھمانخانىغا ئاپىرىپ سۆزلەشمىگەندۇ؟

— سابىت ئەپەندىنى بىلمەيدىكەنسىز-دە؟ ئۇنى ئاشۇنداق ئىشخانىغا چاقىرغانغا بارىدىغان ئادەم دەمسىز؟ — ناۋاي ئەمدى دىققىتى ئۆز ئىشىغا قاراتتى، قولى ئۆز ئىشىدا بولغاچ، ماڭا قوشۇمچە سۈپىتىدە جاۋاپ بېرەتتى.

ئەمدى ھەممىسى ئېنىق بولدى. ئۇنىڭ جاھىل مىجەزى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ راستىكەن-دە! ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالماقچى بولدۇم. ئۇ ئوتتۇنخانا ئالدىدىكى ئاشۇ قىيماياما بولۇپ كەتكەن كۆتەكتە ئولتۇراتتى. قولىدا ھېلىقى مۇشتەكنى تۇتۇۋالغان، توختىماي سىلاپ ياكى ئۇياق بۇياققا ئايلاندۇرۇپ تۇراتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنچىلىك كۆزۈمگە ئىلىنمىگەن بۇ نىمكار بوۋاي ئەمدى بىردىنلا سۈرلۈك بىر نوپۇز ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول تەڭلەشكە، ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي قالدىم. چۈنكى بۇ ھەممىشە زىيالىلار ئارىسىدا ئىسمى زىكرى قىلىنىپ تۇرۇدۇغان، خەلق ئارىسىغا نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلىرى، غەلىتىلىكلىرى، نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاپ كېتىدىغان گەپ-سۆز، قىلمىشلىرى، ھەتتا قەھرىمانلىق قىسسىلىرى تارقىلىپ يۈرگەن مەشھۇر شەخس شۇ ئىدى. ئېقىپ يۈرگەن گەپلەرنىڭ زامان ئېتىۋارى نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ يېشى ھەققىدىمۇ روشەن قىياسىمىز بار ئىدى. ئەمما بۇ ئادەمنىڭ ياش يىگىتلەردەك ئوتتۇن يېرىشلىرىدىن ئۆزىنىڭ يېشىغا كۆرە كۆپ قۇۋۋەتلىك ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

نېمىنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ئەمما جۈرئەتسىزلىكىمنى توختىماي ئەيىپلەيتتىم. ئەتە قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بىر پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم تونۇشۇۋالمىسام بولمايدۇ، دەپ ئۆز ئۆزەمگە ۋەدە قىلدىم. ئەمما بىر نەرسە يۈرىكىمنى تىلىپ، ئازاپلايتى. كىمنىدۇر تىللىغۇم، ئەيىپلىگۈم، لەنەتلىگۈم كېلەتتى. چۈنكى ئۇ، بۇ مىللەتنىڭ بارماق بىلەن سانايدىغان بىرنەچچە مەشھۇر ئادىمىنىڭ بىرى، بەلكى ئەڭ تەسىرى چوڭ بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر يەردە ئىشلەپ يۈرۈشى كىمنىڭ گۇناھى؟

بەلكىم بۇ تەقدىرنىڭ ماڭا ئاتا قىلىۋاتقان بىر پۇرستى بولسا كېرەك. چۈنكى ئەگەر ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ بىر ئورۇندا بولغاندا ئىدى، ماڭا ئوخشاشلارنىڭ ئۇنى

كۆرەلىشــىمۇ مــۇمكىن ئەمەســقۇ؟ ئەگەر مۇشــۇنداق پۇرســەتتىمۇ ئۇنىــڭ بىــلەن تونۇشۇۋالالمىسام مېنى ئەر كىشى دېگىلىمۇ بولمايدۇغۇ!

ۋەدەم قەتئىي ئىدى، شۇڭا ئەتىسى ئىرادەمنىڭ بوشۇشۇپ، يەنە جۈرئەتسىزلىك ئىپادە قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆز ئۆزەمگە مەدەت بەرگەن ھالدا ناۋايخانا ئالدىغا كەلدىم. ئاۋال ئۇنىڭ ھەققىدە بىرئاز ئۇچۇر ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ناۋاينى سۆھبەتكە تارتتىم.

—— سابىت ئەپەندى قەيەردە ئولتۇرۇدۇ؟

—— ئاشۇ ئوتتۇنخانىنىڭ يېنىدىكى ئىشكنى كۆرۈۋاتامسىز؟ ئاشۇ ئەپەندىمنىڭ ئۆيى.

قارىدىم. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يەر ئەسلىدە ئوتتۇنخانا بىلەن ئۆيىاقتىكى كونا بىنانىڭ ئارىسىدا شەكىللەنگەن تارچۇقنىڭ ئالدىغا بىر ئىشك بېكىتىپلا، ئۈستىنى يېپىشتىن شەكىللەنگەن «ئۆي» ئىدى. بۇ ئارىلىق 120 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى قانچىلىك ئىكەنلىنى بىلگىلى بولمايتى.

رەڭگىمنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكىنىگە قاراپ، ناۋاي قوشۇپ قويدى:

—— تېشىدىن شۇنداق كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىچى گۈلدەك بىر ئۆي. شۇغىنىسى بەك تار، بىر كارۋات كەڭلىكىدىن بىرئازلا ئېشىپ قالىدۇ. ئەمما ئۇزۇنلىقى ئالتە مېتىردەك كېلىدۇ. سابىت ئەپەندى بۇ بىكار تارچۇقنى شۇنداق جۆندىدىكى، ھەيران قالىسىز.

—— بۇ ئادەمنىڭ باشقا تۇرغىدەك يېرى، ئۆيى يوقمىدۇ؟ خىزمىتى ھەل بولمايۋاتامدۇ-يا؟

—— باشقا ئۆيى يوق. خىزمىتى ئەسلىگە كېلىشىغۇ كېلەتتى بەلكىم، ئەمما بۇ كاج ئادەم رەت قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھېلىقى كېلىپ - كېتىپ تۇرۇۋاتقان چوڭلار شۇ ئىش بىلەن كېلىۋاتسا كېرەك.

—— ئەمما ئۇ قېرىغان ئادەم بولغاندىكىن، ھە دەپ قويۇپ، پېنسىيىگە چىقىۋالسا، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئاش-نېنىدىن غەم يېمەي ئۆتكۈزمەسمىدى.

—— ئاللاھ بىلىدۇ، ئۇ ئادەمگە كىم سالا قىلالايدۇ؟ ئۆزىنىڭ بىر بىلگىنى بار-دە.

بۇ ئۇچۇرلاردىن كۆڭلۈمدە شۇ قارار تاپتى. ئەمدى ئۇنى ئاشۇ «ئۆي»دىكە ئىزدەپ كەلسەممۇ بولىدۇ. ئەتراپتىن ئادەم ئۈزۈلگەن چاغدا —— سەل كەچراقتا كەلسەم بولۇۋېرىدىكەن، دېگەنلەرنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئەمما تونۇشۇشتىن بۇرۇن

كەچتە ئايرىم كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقسام، بۇ قاقۋاش قېرى گۇمانىسىراپ قېلىشى چوقۇم. ئېقىپ يۈرگەن ھېكايىلاردىن پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە، پالاكەتكە، بەختسىزلىككە تولغان كەچمىشى ئۇنى گۇمانخور قىلىپ قويغان بولۇشىدا گەپ يوق.

مەن ناۋاينىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم. سابىت ئەپەندى قولىدا پالتا بىلەن بىر كۆتەكنى يېرىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغانىدى.

— تونۇشۇپ قالايلى، مېنىڭ ئىسمىم ئىلياس، نەشرىياتتا ئىشلەيمەن،... — شۇنداق دەپلا قولۇمنى تەڭلىدىم. ھودۇقۇشۇمنى يوشۇرالماي قالدىم. كېيىنچە شۇنىڭغا ئەپسۇسلاندىمكى، ئىشىنىڭ بىسمىللاسىدا ئۇنىڭغا ئانچە ياقمايدىغان ئۇسۇل بىلەن گەپ باشلاپتىكەنمەن. چۈنكى ئۇ بەك تەقۋادار ئادەم بولغاچقا، مېنىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ قول تەڭلىمىگەنلىكىمنى بەك ياقتۇرۇپ كەتمىگەن ئىكەن. بۇنىسىنى كېيىن بىلدىم.

— ھە،... مەن سابىت، — دېدى ئۇ ئاددىيلا، قېتىپ كەتكەن يوغان قولىنى ماڭا ئۇزۇتۇپ، خۇددى ئادەتتىكى ئادەملەردەك، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدىغاندەك بىر خىل تەبىئىي تۇرۇلۇك بىلەن. ئۇنىڭ قاتتىق قولىنى سىقىۋاتقان ئارىلىقتا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى يوق — چولاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ كەتتى.

— بىلىمەن، بىلىمەن، — دېدىم تېخىچە ئۆزەمنى باسالماي، — سىزنى كىم بىلمەيدۇ، كىچىك چاغلىرىمدىلا ھەققىڭىزدە ئاڭلايتتىم،.... مانا ئەمدى كۆرۈشۈشكە نېسىپ بوپتۇ.

ئۇ بىر خىل مەيۈس كۈلۈمسىرەش بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئادەملەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىمايدىغانلىقىنى، تارتىنچاق بالىدەك بىر خىل ئىپادىلىرىنى تۇنجى قېتىم بايقىدىم.

— مەن مۇشۇ يېقىنىدىلا ئۇلتۇرۇمەن، يېقىندا كۆچۈپ كەلدىم. ئەگەر زېرىكسىڭىز ھەرزامان خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز شەرەپ ھېس قىلىمىز،... — بۇ گەپلىرىم بەكلا رەسمىيەتچىلىك بولۇپ كەتتىمۇ قانداق دەپ، ئىككىلىنىپ قالدىم. يېزىلاردىكى دەرتمەن دېھقانلار ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا ھال ئېيتىپ كەلگەندە خوشامەت قىلىپ دېيىلىدىغاندەك گەپلەرنى قىپ

كەتكەنلىكىمدىن خىجالەت بولۇپ كەتتىم، — بىردەم- يېرىم دەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇمىز.

— رەخمەت، رەخمەت،...

مەن ئۇ چاغلاردىمۇ تېخى ئۇنىڭ بىرىنىڭكىگە شۇنداقلا پاراڭلاشقىلى بارىدىغانلاردىن ئەمەسلىكىنى مۆلچەرلىيەلمىگەن ئىدىم. ئەمما ئۇنىڭ تارتىنچاق بالىدەك ئۆزىنى تۇتۇشلىرىدىن بۇ نۇقتىنى بىرئاز پەملىمىدىممۇ ئەمەس، شۇڭا قوشۇپ قويدۇم، — ياكى بولمىسا مەن كەلسەممۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ، مېنىڭ سىز بىلەن بەكمۇ پاراڭلاشقۇم كېلىدۇ...

— ئاللاھ نېسىپ قىلسا،... — دېدى ئۇ ئاددىيلا.

ئۇنىڭ بۇ قەدەر كەمسۆزلۈكى مېنى بىر ئاز ئۇمىتسىزلەندۈرۈشكە باشلىدى. قانداق قىلسام ئۇنىڭغا يېقىپ قالارمەنكىن، هازىرنىڭ ئۆزىدىلا بەك تولا سۆزلەپ، ئۇنى زېرىكتۈردۇمغۇ دەيمەن. بۇگۈنچە شۇ يېتەر. ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىپ ئۆيۈمگە قايتتىم.

ئەمدى ياخشى بولدى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالدىم. ئەمما بۇ ئادەم ئۇ قەدەر كەم سۆز تۇرسا، بۇ تونۇشلۇق قانداقمۇ تەرەققىي قىلار؟ قانداق قىلسام ئۇنىڭ پىسەنتىگە ئېرىشەرمەن؟ بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىغىنىمدا غەش بولاتتىم. ئەمدى ئۇنىڭ هەققىدە كۆپرەك ئۇچۇر ئىگىلەپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ يوللىرىنى تاپمىسام بولمايدۇ.

بىردىنلا ئۇنىڭ بىر بوغۇمى كېسىك چىمچىلاق بارمىقى يادىمغا كەلدى ۋە ۋۇجۇدۇم نېمىنىڭدۇر تەپتىدىن ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. «دېمەك راست ئىكەن-دە؟!» دەپ ئويلىدۇم ئىختىيارسىز هالدا.

ئۇنىڭ ئۇچىدىكى بىر بوغۇمى كېسىۋېتىلگەن چىمچىلىقى هەققىدە ئېقىپ يۈرگەن بىر هىكايە بارىدى. ئېيتىشلىرىچە بۇ ئادەم هېچقانداق سورۇن ياكى ئەهۋال ئاستىدا ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتقان بولسىلا «خەنزۇ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكىلى ئۇنىمايدىكەن، ئەكسىچە «خىتاي» دەيدىكەن. ئۇنىڭ بۇ هەقتىكى ئىزاهى ئەقلىگە بەك ئۇيغۇن، ئەمما يەنىلا... ئۇنىڭ دېيىشىچە «خەنزۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچىسى «خىتاي» ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇرچە سۆزلىگەندە «خىتاي» دەپلا ئىشلىتىدىكەن، خىتايچە سۆزلىگەندە «خەنزۇ» دەيدىكەن. ئۇنىڭ رىجىسى شۇ

ئىدى: «رۇسلار ‹كىتاي› دەيدۇ، ئىنگلىزلار ‹جاينېز› دەيدۇ، تۈركلەر ‹چىن› دەيدۇ، ئۇيغۇرلار ‹خىتاي› دەيدۇ. بۇ ناھايىتى نورمال ئەھۋال، ھېچبىر رۇسنى، ئىنگلىزنى ياكى تۈركنى ‹خەنزۇ› دەيسەن دېيەلەمسىلەر؟ نېمىشكە بىز تىلىمىزدىكى تارىختىن بېرى قوللۇنۇلۇپ كېلىۋاتقان سۆزنى ئالماشتۇرۇشۇمىز شەرت بولۇپ قالدى؟»

ئۇ ھەتتا سوراق ئۈستىدىمۇ «خىتاي» دەپ سۆزلەپتىكەنمىش. ھاي دېسە ئۇنىماپتۇ، ئۇلارغا بۇ ئىشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇۋاپتۇ. «ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئاتىغىنى بويىچە ئاتىشىمىز كېرەك بولسا، ئۇلارمۇ بىزنى ئۆز ئاتىشىمىز بويىچە ئاتىسۇن، ‹ۋېيۇۋئېر› دېمىسۇن، دۇنيادا ‹ۋېيۇۋئېر› دەيدىغان مىللەت يوق! ۋېيزۇ دېسە تېخىمۇ بولمايدۇ. ‹ۋېي› دەيدىغان مىللەت تېخىمۇ يوق. ئۇلار ئۆز ئادىتى بويىچە ئاتىسا خاتا بولمايدىكەنۇ، بىز ئۆز ئادىتىمىز بويىچە ئاتىساق خاتا بولامدىكەن؟» شۇنىڭ بىلەن ئاكتىپ غالچىدىن بىرى سىم كېسىدىغان ئامبۇر بىلەن ئۇنىڭ چىمچىلىقىنىڭ بىر بوغۇمىنى قىسىپ تۇرۇپ: «خەنزۇ دەپ تۈزۈتەمسەن يوقمۇ؟» دەپتىكەن، سابىت ئەپەندى، «مەن ئەمەس، سەن تۈزۈتۈشۈڭ كېرەك. مەن توغرىسىنى دەۋاتسام قانداق تۈزۈتۈمەن؟» دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئامبۇر جاننى قاخشاتقۇدەك قىسىلىپتۇ، يەنە سوراپتۇ: «تۈزۈتەمسەن يوقمۇ». «خاتا تۈزۈتۈلۈدۇ، توغرىنى تۈزەتسە خاتا بولۇدۇ» دەۋېرىپتۇ.... مانا شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئاكتىپ ئۇنىڭ بارمىقىنى ئۈزۈۋەتكەن ئىكەنمىش. جەريانى ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولغانمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش تەس، ئەمما شۇنىسى پاكىت ئىدى: ئۇنىڭ بىر بارمىقىنىڭ ئۇچى ھەقىقەتەنمۇ كېسىك ئىكەن.

ئەمما بۇ ماڭا بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى. بۇ قەدەرمۇ جاھىللىق بولامدۇ؟ بىر ئېغىز گەپنى راست قىلىمەن دەپ بارمىقىدىن ئايرىلىش تازىمۇ كىرا كۆتۈرمەيدىغان قەھرىمانلىقمۇ قانداق؟ بەلكىم باشقا بىر جەريانى بولسا كېرەك.

ئەتىسى مەن ناۋايخانىغا نانغا بارغىنىمدا سابىت ئەپەندىنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق دەپ ئاغزىمنى تاتلىق ئېتىپ يۈرگۈنۈم بىلەن، ئۇ ماڭا تونۇشۇم دەپ قارامدۇ- يوقمۇ؟ مەسىلە شۇنىڭدا. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ماڭا دىققەت قىلىدىغان تۈرى يوق كۆرۈنەتتى. «ئاللا، ئاللا، ما ئادەمنى! تازا ئۇنۇتقاقمۇ ياكى مەن چوڭ دېگىنىمدۇ؟... » بەلكىم قېرىلىقتۇر،...

— ياخشىمۇ سىز؟ سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ بۈگۈن ھاۋا يەنىلا ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس، قار ياغامدۇ، نېمە بەلا؟... — دېدىم مەن بىرئاز ئۆزەمگە خوشامەتگۈيلۇقتەك تۇيۇلۇپ كەتكەن ئاھاڭدا.

— ئاللاھقا شۈكرى، — دېدى ئۇ يەنىلا شۇنداق قىسقا، ئاددىي قىلىپ. مەن شۇندىلا بۇ ئادەمنىڭ قويۇق دىندارلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇسۇلماننىڭ پۇشتىدەك سالاملاشماستىن «زامانىۋىلىشىپ» كەتكىنىمنى، خىتايچىدىن تەرجىمە قىلىنغان سالام سۆزىنى دېگىنىمنىڭ توغرا بولمىغىنىنى بايقىدىم. بىراق، نېمە ئامال، بىز ئاتېزىم كېلىماتىدا چوڭ بولغاچقا تىلىمىز شۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن-دە. شۇنداق بولسىمۇ تىرىشىپ بۇ ئادەمگە ماسلىشىشنى قارار قىلدىم. ئەمما مۇشۇنداق بىر زىيالىينىڭ، ھەتتا پەننىي ئالىم دېيىشكە بولىدىغان ئادەمنىڭ قانداقسىگە بۇ قەدەر دىندار بولۇشىنى چۈشىنەلمىدىم. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئېڭىمدا دىن — بارلىق خۇراپىي قىلمىشلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدەك بىر خىل چۈشەنچە بولغاچقا، ئىلىم - پەن ساھەسىدە يېتىشكەن بىر زىيالىينىڭ بۇنداق بىمەنىلىكلەرگە ئىشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەتتىگەنلىك سالام - سائىتىمىز ئاشۇنچىلىكلا بولىدى. كۆڭلۈم قانائەت تاپمىدىيۇ، نېمە ئامال، ئۆزەممۇ ئالدىراپ تۇرۇۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەم ئاشۇنداق كەم سۆز تۇرسا.

ئاخشامدا ئەسلىدە نان ئېلىشقا چىقمايتتىم، ئەمما سابىت ئەپەندى بىلەن بولغان تونۇشلۇقۇمىزنى يېڭىلاپ تۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ناۋايغا كەلدىم. بىردەم ناۋاي بىلەن ئەھۋاللىشىپ، سابىت ئەپەندى بىلەن ھال - ئەھۋاللىشىشنىڭ ئوبدانراق پۇرسىتىنى كۈتتۈم. كېيىن ئاستىلا ئوتۇنخانا ئالدىغا بېرىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سابىتكا، — دېدىم، ئۆزەممۇ سەزمىگەن ھالدا بىر خىل يېقىنلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ.

سابىت ئەپەندى بىر دەقىقە تەئەججۇپ بىلەن كۆزۈمگە قارىدى، بۇ ۋاقىت شۇنچىلىك قىسقا بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ تەئەججۈپىنىڭ، مېنىڭ سالاملىشىش ئۇسۇلۇمدىكى ئۆزگۈرۈشكە قارىتىلغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيدى. شۇئان ئۇنىڭ نەقەدەر زېرەك ئادەملىكىنى، كۆرۈنۈشىدىكى قوپاللىقىغا قارىماي، دىلىنىڭ نەقەدەر تۇيغۇن ۋە نازۇك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. نورمالدىكى دۆتلۈكۈمگە قالسا، مەن ئۇنداق

ئىنچىكە تەرەپلەرنى ھېس قىلىپ يەتكۈدەك تۇيغۇن ئەمەس ئىدىم. ئەمما بىلمەيمەن، بۇگۈن تۇساتتىنلا ئەنە شۇنداق زىللىشىپ قالغىنىمنى غۇۋا ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەرەھمۇتۇللاھى ۋە بەركاتاھۇ! — ئۇنىڭ قىزغىنلىقى بىلىنىپلا قالدى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز، ئاكا؟ — ئەمىنىمەنكى، بۇ سۆزۈمدە قىلچىمۇ خۇشامەت، ياسالمىلىق يوقىدى. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە قانداق ئايان بولغان بولسا، سابىت ئەپەندىمۇ بۇنى شۇنداق ھالەتتە چۈشەنگەنلىكىنى كۆڭلۈم (ئالتىنچى سەزگۈم دېسەممۇ بولۇدۇ) تۇيۇپ تۇراتتى.

— ئاللاھقا شۈكرى، تېنىم تازا، — دېدى ئۇ.

ئەمدى يەنە نېمىلەرنى دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ھەرقاچان بىرەر سۆھبەت ئارىمىزدا روي بېرىدۇ دېيىلسە بۇ چوقۇم مېنىڭ تەشەببۇسكارلىقىم بىلەنلا بولۇدۇغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى سابىت ئەپەندىنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن ئالغاندا، ئۇ پەقەت سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشقىلا بەك يارايتى. ھېچقاچان گەپ كوچىلىمايتى؛ ھېچكىمنىڭ سىرلىرىغا، ئائىلە ئىشىغا، خىزمىتىگە قىزىقمايتى ياكى شۇنداق پوزىتسىيەدە بولاتتى. بەلكىم قىزىقسىمۇ، ئۇنىڭ كەمسۆزلىكى ئۇنى-بۇنى سوراپ يۈرۈشكە ئۇيغۇن كەلمىسە كېرەك.

— كۈندۈلۈك ئىشلىرىڭىز بەك كۆپمۇ؟ — دەپ سورىدىم ۋە بۇ سوئالىمنىڭ بىرئاز غەلىتىلىكىنى سېزىپ دەرھال ئۇنى ياپسالاشقا تىرىشتىم، — يەنى، يېشىڭىزغا كۆرە ئېغىرچىلىق تارتىپ قالغۇدەكمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ باشقا ئىشلىرىڭىزنى قىلغۇدەك ئارىلىقلار بارمۇ؟... دېمەكچىدىم.

— ھە، ياقەي، مانا، كۆپ چاغلاردا بىكار دېسەممۇ بولۇدۇ. ئۆزەممۇ ئانچە ئىش ئېغىر كىلىپ كېتىدىغان نازۇكلاردىن ئەمەسمەن، كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك،...

— ئۇغۇ شۇ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، كۆز تەگمىسۇن،... يەنى، مەن دېمەكچىدىمكى،... سىز بىلەن مۇڭداشقۇم بارىدى،... شۇنىڭغا ۋاقىت چىقىرالارمۇ دەپ كۆڭۈل بۆلگۈنۈم، — بۇ سۆزۈممۇ بەك غەلىتە ئىدى، ئالدىراپ تولۇقلۇدۇم، — سىز بىلەن مۇڭدۇشۇشنى كىم خالىمىسۇن، «ھەربىر خالىغۇچى بىلەن مۇڭداشقىلى تۇرسام، ...» دېسىڭىزمۇ ھەقلىقسىز، بىراق،....

ئۇ مېنىڭ نېمىشقا مەڭدەپ كېتىۋاتقىنىمنى ئۆزىگە خاس چېچەنلىكى بىلەن سېزىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ پسىخولوگلارغا خاس كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئوقۇيالايدىغانلىقى ھەققىدىمۇ جىق گەپ - سۆزلەر ئېقىپ يۈرەتتى.

— بەك كۆپ ئىلاۋە ئىزاھاتلارغا كېرەك يوق، ئىنىم، مەن سىزنى چۈشەندىم؛ سىز شۇ مېنىڭ بولمىغۇر داڭقىمدىن قورقۇپ كېتىۋاتىسىز، ئۇنچىۋالا ئەمەس، نېمە دېگۈڭىز بولسا دەۋېرىڭ. دېگەن بىلەن بىز تونۇشۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ تونۇشلۇقىمىزغا ھەققەتەنمۇ جىددىي قارايدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەي قالدىم. ئەمما ئۇ ساختىپەزلىك قىلمايتى. چۈنكى بۇنداق قىلىپ ئېرىشىلىدىغان ھېچقانداق مەنپەئەتمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئادەم ئاڭلىغان ھېكايىلىرىمىزدا بەكمۇ تۈز، تاغلىقلارغا خاس تومتاقراق، تەكەللۇپلارنى بىلمەيدىغان ياكى خالاپ كەتمەيدىغان، قۇۋلۇق - شۇملۇق دېگەننى ئەسلا بىلمەيدىغان ياكى قىلمايدىغان، سەمىمىي بىر شەخس ئىدى.

— دەيمەنكى،... «ئۆيشان دېگەن تىلىمغا ئات باغلاڭ» دېگەندەك بەك تېز بولۇپ كەتسە نېمە ئويلاپ قالار دەپ،....

— ھە، بىلدىم، دېگىنىمدەك، مېنىڭ شۇ شورلۇق ئېتىم،... — دېدى ئۇ ئۆزىگە خاس بىر خىل مەيىن كۈلكە بىلەن، — بولمىسا بىر ئاز ۋاقىت كېرەكتەك ھېس قىلىسىڭىز، ئۇنىڭغىمۇ قاراپ باقارسىز.

— ياق، ئۇنچىۋالامۇ جىددىيگە ئالغۇدەك ئىشىمۇ يوق، بىلىسىز، سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا مەنلا ئەمەس ھەممە ئادەم قىزىقىدۇ، ئەمەسمۇ؟ بۇنداق بىر ئامەتكە شۇنچە خەق ئارىسىدىن مەن نائىل بولۇشۇم مۇمكىنمىدۇر دەپ ئۆزەمگىمۇ ئىشىنەلمەيلا قالىمەن....

— چۈشۈنۈمەن،... يازغۇچى دېگەن شۇ.

— ھەۋەسكار، دەڭا، مەن تېخى ئەمدىلا مۇشۇ سەپكە قەدەم قويغان بىر ھەۋەسكار،... شۇڭا، نى - نى پىشقەدەم يازغۇچىلار چوقۇم سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا قىزىقسا كېرەك، شۇلاردىن ئېشىپ، ماڭا...

— قىزىققۇدەك نېمە بولسۇن؟ مېنىڭ ھاياتىم ئادەتتىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى، ئالاھىدە بىر پەرقى بار دەپ ئويلىمايمەن. ھە، يەنە بىرى، سىز دېگەن پىشقەدەملەر ماڭا سىزنىڭكىدەك بىر قىزىقىش ئېپادىلەپ باقمىدى. بولمىسا

بەزىلىرى بىلەن بىللىمۇ بولدۇق...

— تۇرمىلەردە، ئەمگەك لاگېرلىرىدا، شۇنداقمۇ؟

— ھە، توغرا، ئۇنداقمۇ بولدۇق.

بۇگۈنچە بولار، دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن كەچۈردۈم. بۇمۇ مېنىڭ ئويلۇغۇنۇمدىن كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتكەن بىر يېقىنلىشىش ئىدى. شۇڭا ئۆزەم ھەققىدە «تازىمۇ كانىدەك بىر نېمىكەن، چاپلىشىپلاۋالسا قۇتۇلماق تەس... » دېگەندەك بىر تەسىرات تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، خوشلاشماقچى بولدۇم.

— ئىشىڭىزدىن قويماي، مېنىڭمۇ كەچتە ئازراق ئىشىم بارىدى، بىر كۈنى مەن سىزنى ئاۋارە قىلىمەن، بەلكىم ئەتە،... بىلمەيمەن، سىز... — دېدىم.

— ئاللاھ خالىسا.

مانا شۇنداق بولدى. بۇ ياقىغا ئۆتۈپلا خوشلۇقۇمدىن دىرىگلاپ كەتتىم. كۈزنىڭ بۇ كەچقۇرۇنى ماڭا خېلى ئىللىق تۇيۇلدى. ئۇرۇمچى ئاسمىنىدا دائىمىي لەيلەپ يۈرۈدىغان كىرلىشىپ كەتكەن بۇلۇتلار ھېلىمۇ لەيلەپ يۈرسىمۇ، بۇلۇت ئارىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆك ئاسمان تېخىمۇ مۇھتەرەم ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى. بەلكىم بۇ مېنىڭ كەيپىمگە مۇناسىۋەتلىك سېزىمىمۇ؟

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۆزەمنى قويۇدىغان يەر تاپالماي قالدىم. سابىت ئەپەندى ھەققىدە تارقالغان ھېكايىلارغا كۆرە، بۇ ئادەم بىزدەك ياشلارنىڭ كۆزىدە بىر مەبۇتقا ئوخشاش ئىدى (بۇ سۆزۈمنىڭ نەقەدەر خاتا ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدىم — سابىت ئەپەندىنىڭ ئۆگۈتۈشلىرىدىن كېيىن). بۇ مەندەكلەرنىڭ قولى يېتىدىغان يەردىكى بىرسى ئەمەس ئىدى. ئەمدىلىكتە مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىغان بولسام، كارامەت ئىش بولاتتى-دە! ئەگەر ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە بىرەر كىتاپ يېزىۋالالىسام، بۇ ھۇدۇدى يوق بىر شەرەپ ئەمەسمۇ!

ئۇنىڭ ھەققىدە تونۇشۇش، يېقىنلىشىش، مۇڭداش بولۇش دېگەنلەرنىڭ بەكمۇ تەس ياكى پەقەتلا مۇمكىنسىزلىكى سۆزلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەن تونۇشقۇنۇمغا ياكى بۇ تونۇشلۇقنىڭ مۇڭداش بولۇشقا يەتكۈدەك سەۋىيەدە ئىكەنلىكىگە تېخىچە ئىشىنەلمەيتىم. بۇ ئۆزەمدىنمۇ قىزغانغۇدەك بىر قىممەتلىك نەرسەمدەك، ھەر ئويلىسام كۆڭلۈمنى ئاۋۇنداۋراتتى.

ئەمدى مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنىڭ تەرتىبىنى ئويدانراق

ئويلۇنۇۋالمىسام بولمايتى. بۇنداق بىر ئىش ئاساندەك تۇرغان بىلەن، سۆھبەتداش سابىت ئەپەندى بولغاچقا بەكمۇ تەس بولاتتى. ئەگەر ئۇ بەڭگى بولسىدى، بىردەم چېكىشىپ ئولتۇرۇپ، چاندۇرمايلا سۆھبەتنى ئىزغا سالساڭ؛ ھاراق ئىچىدىغان بولسىدى، ئىككى رۇمكا قېقىشىۋېلىپ، بىر ئاز كوچىلاپ قويسىلا قىزىپ كېتىدىغان، بۇ ئادەم بىلەن تەبىئىي يوسۇندا، ئىختىيارسىزدەك بىر شەكىلدە، چاندۇرماستىن سۆھبەتكە شۇڭغۇشنىڭ يولى يوقتەكلا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قالدىكى، پەقەت: «سىز بىلەن سۆھبەتلەشمەكچىدىم، گەپلىشىشكە ئۇنامسىز يوق؟» بۇ تازىمۇ تەس گەپ بولدى-دە! باشلىۋالساقلا داۋامى ئاسان بولاتتى!

ھەرقانچە ئويلۇغۇنۇم بىلەنمۇ بىرەر قوللۇنۇشقا بولۇدۇغان سۆھبەت باشلاش يولى — ئۇسۇلى تېپىپ چىقالمىدىم. ئەمما شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى، ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىم، مېنىڭ پۇتكۇل ئىستىقبالىمنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىمنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيتتى، شۇڭا، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزمىسام بولمايتى.

ئۇنىڭ بىلەن يا چېكىشىپ، يا ئىچىشىپ ئولتۇرغىلى بولمىغاچقا، مۇزىكىدىكى داپ ئۇندەك، ئارىدىكى سۇكۇتلەرنى تولدۇرۇشقا بىر ئاز ئاپتەپپەرەس، بىر ئاز بادام، پۇرچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ، ئەتىسى ئاخشامدا ئۇنىڭ «ئۆيى»گە ئۇسۇپلا كىردىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سابىتكا، — دېدىم يەنە، بۇ سۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا ياققانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ قالغان ئىدىم، — ۋاقتىڭىز بارمۇ-يوق سوراپمۇ قويماي، ئۇسۇپلا كىردىم، ئەيىپكە بۇيرىمايسىز. مەنمۇ ئۆيدە يالغۇز دەڭا، شۇڭا ئاخشاملىرى زېرىكىپ، بىردەم يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇدۇغان ئۇلپەت ئىزدەپ چىقىپ، سىز تەرەپنى كۆڭلۈم تارتىپ قالدى... — بۇ باشلىنىش ئۆزۈمگە خېلى ياراپ قالدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ، كېلىڭ، بەك تۇزۇت قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولۇدۇ، — دېدى ئۇ. ئەمما بەك خوش بولۇپ قىزغىنلىق كۆرسەتتى دېيەلمەيمەن، ئەمما ياقتۇرمىغاندەك سوغۇق پوزىتسىيە دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. نىملا دېگەن بىلەن 50%نىڭ ئۇستىدە دەپ باھالاشقا بولاتتى. سابىت ئەپەندىدەك بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇنى ھەتتا بەكلا چوڭ ئىلتىپاتلىق كۇتۇۋېلىش دېمەيمۇ بولمايتى.

— مالال قىلىپ قويارمەنمۇ، دەپ ئىككىلەنمىدىممۇ ئەمەس، ئەمما يەنىلا...

— دېدىم ئۇنىڭ تار ئەمما ئۇزۇن ئۆيىنىڭ قارشى تېمىغا تاقالغان شىرە ئۈستىدىكى ئۈستەل چىرىغىنىڭ يېنىغلىق تۇرغىنى، شىرە ئۈستىدە نېمىدۇر بىر ماتېرىيالنىڭ ئوچۇق سەھىپىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ بىر ئىش ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولاتتى. بۇ سەۋەپتىن مېنىڭ خىجالەتچىلىكىم كۈچەيگەن ئىدى.

— يازغۇچى دېگەنمۇ زېرىكىپ قالامدۇ؟ ئوقۇيدۇ، يازىدۇ... دېگەندەك، ئاخشاملىرى قىلىدىغانغا نۇرغۇن ئىشى بولۇدۇ دەپ ئويلايمەن مەن.

— ئۇمۇغۇ راست، ئەمما بەزىدە ئادەمنىڭ قولى ئىشقا بارماي، ئادەم خۇمارداپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇدۇ ئەمەسمۇ؟ باللا ئۆيدە يوق بولغاچقا،...

— بىرە-ئىككى رۇمكىدىن قېقىشىۋالىدىغان دوستلارنى كۆڭلىڭىز تارتماي قاپتىكەنمۇ بۈگۈن؟

ئۇنىڭ «بىرە-ئىككى رۇمكا قېقىشىش» دېگەن سۆزى بۇ قىلىقنى قىلىدىغانلارنىڭ ئاغزىدىن چىققاندەك تەبىئىي ئەمەس، خۇددى ئارىيەدەك، ئۇنىڭ ئاغزىغا ماس كەلمەيلا چىققاچقا، مېنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىر تەرەپتىن خۇددى ئۇستا ئارتىسنىڭ سەھنىدە هاراقكەشنىڭ تىلىدىن سۆزلەۋاتقىنىدەك قىزىق تۇيۇلدى. شۇڭا ۋۇجۇدۇم «ۋىژ»ژىدە قىزىپ لاپ ئېتىپ ئۇنىڭغا قارىۋىدىم، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى شۇنچىلىك ساددا، شۇنچىلىك ئاقكۆڭۈللۈكنى نامايان قىلغۇچى هالەتتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاز ئۆزۈمگە كېلىپ، يېنىككىنە تىن ئالدىم.

ئۇ مېنى كارۋاتقا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كارۋات كونا بىر ياغاچ كارۋاتنىڭ قايتا رېمونت قىلىشتىن ۋۇجۇتقا كەلگەن يېڭى شەكلى ئىدى. ئۆي سىرتتىن كۆرگىنىمدەك ۋە پەرەز قىلغىنىمدەك ئاشۇ 120 سانتىمېتىرلىق تارچۇقنىلا ئۈستىنى يېپىپ، بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ئىكەن. شۇڭا بىر كىشىلىك كارۋات كەڭلىكتىن يانچە ئاران ماڭغىدەك بىر تار ئارىلىق قالدۇرۇپ، هەممىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. بۇ تارچۇقتىن يانچە بولۇپ، تېخىمۇ ئىچكىرىگە ئۆتكەندە ئۇياقتا تامنىڭ توختىغان يېرىدە يېزىق شىرەسىدەك بىر نېمە بار ئىدى. بۇ «يېزىق شىرەسى»مۇ ئۆينى ياسىۋالغاندەكلا ئەپچىللىك بىلەن ياسىۋېلىنغانلىقى مانا مەن دەپ تۇراتتى، ئەسلىدە شىرەنىڭ يۈزلۈك تاختىيىلا بولۇپ، پۇتى ئورنىغا، ئىككى تەرەپ تامغا

چىشلىتىلگەن ئىدى. ئۇستەل ئۈستىدە بىرمۇنچە قەغەز، بىر رادىئو قوبۇللىغۇچ، بىرنەچچە كىتاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بىر ئۇستەل چىرىغىنىڭ يېقىغلىق تۇرغىنىدىن قارىغاندا، ئۇ ماڭا ئىشىك ئېچىشتىن بۇرۇن شىرە ئالدىدا بىر ئىش قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بىر ئىش قىلىۋاتقان بولسىڭىز، كەيپىڭىزنى بۇزۇپ قويمىغاندىمەن؟ — دەپ سورۇدۇم سەممىيلىك بىلەن. راستىنلا بۇ سۆزۈمدە ھېچ رەسمىيەتچىلىك يوق ئىدى.

— ئىش دەپ كەتكۈدەك بىر ئىشىم بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم، ئەمما ئىش دېگۈدەك ئەمەس، زېرىككىشتىن بىر ئىشلار...

ئۆينىڭ ئۈستىنىمۇ كۆزدىن كەچۈردۈم. تومراق ئوتۇنلار بىلەنلا يېپىۋالغان ئىدى. ئەمما شۇنچىلىك سەرەمجان، شۇنچىلىك پاكىز ئىدىكى، بۇنى كۆرگەندىن كېيىن مەن ئۆزەمنىڭ ھېلىقى تەستە ئېرىشكەن، باللىرىم كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېغىلغا ئوخشاپ قالغان ئۆيۈمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئىختىيارسىز يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى.

خۇداغا شۈكرى، كىردىم، جايلىشىۋالدىم. دەسلەپكى گەپلەرنىمۇ خېلى قاملاشتۇرۇپ، ئۆزەمگە خېلى جان كىرىپ قالغانىدى، ئەمما تۇرۇپلا يەنە گاڭگىراپ قالدىم. ئەمدى نېمە دېسەم بولۇدۇكىن؟ قانداق قىلسام سۆھبەتكە كىرىشىۋالغىلى بولار؟

ئۆيگە كىرگەن مېھمانغا گەپ قىلمىسا قوغلىغانلىق بولۇپ قېلىشىنى ئوبدان بىلىدىكەن، شۇڭا تالادىكى جىمخورلۇققا قارىماي، گەپنى ئۆزى باشلىدى:

— نەشرىياتتا نېمە ئىش قىلىسىز؟

— ئىجادىيەت بۆلۈمىدە تەھرىرلىك قىلىمەن.

— ئۇندىن باشقا قىلىۋاتقان بىر ئىشلىرىڭىز باردۇ؟ يەنى ئىجادىيەتلىرىڭىز دېمەكچىمەن.

— بار دېسەم تىلغا ئالغۇدەكقۇ بىر نەرسەممۇ يوق؛ يوقمۇ ئەمەس، ئۇششاق - چۈششەك شۇ... تاتىلاشتۇرۇپ تۇرۇمەن، ئىشقىلىپ...

— ھە...

— سىز تاماكا چەكمەيسىز-ھە؟ — دەپ سورۇدۇم كۆڭلۈمدە سۆھبەتكە

ئىچكىرىلەشنىڭ بوسۇش ئىغىزىنى تاپقاندەك قىلاتتىم.

— ياق، چەكمەيمەن، — دېدى ئۇ، ئەمما قولى بىكار بولسىلا قىلىدىغان بىردىن بىر مەشغۇلاتى بولغان مۈشتەكنى سىقىمداش، ئورۇپ - چورۇش، سىلاش - سىپاشنى يەنە باشلىغان ئىدى. شۇڭا مېنىڭ شۇنى ئىما قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ،

— قولۇمدىكى مۈشتەككە قاراپ ھەممە ئادەم شۇنداق سوراپ تۇرۇدۇ.

— شۇنى دەيمەن، چەكمەيدىغان ئادەمنىڭ دائىملا بىر مۈشتەكنى قولىدىن چۈشۈرمەسلىكى ئاڭلىشىلماس بىر ئەھۋالدەك،...

— راست دەيسىز، ئەمما مەن بۇنىڭغا ئىلىشىپ تۇرغان بىر ئەستىلىك تۇيەيلى، ھازىرغىچە كۆتۈرۈپ يۈرۈمەن، — دېدى ئۇ.

— قانائىتىمچە بۇ بەك ئۇزاق يىل بولغان بىر ئەستىلىك بولسا كېرەك؟ شۇنداقلا ناھايىتى موھىم.

— ھەئە، شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەن بۇنى 1934 - يىلى بىر قېتىم قەشقەرگە ئوتتۇن ساتقىلى بارغاندا، ئوتتۇنۇمنى سېتىپ بولۇپ، شە چۆگۈلەپ يۈرگىنىمدە دوتەي يامۇلنىڭ ئالدىدىن تېپىۋالغان ئىدىم.

— شۇ چاغدا ئىككى تارتىپ باققانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان ئىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ بالىلارچە قىزغىنلىق بىلەن، — خۇددى شۇنداق بولغان، مەن ئۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندى ئۇڭۇرۇقتا[1] ئاچقان دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇيتتۇم، مۇھەممەتقارى مەشرەپ دېگەن شوخ، سازەندە بۇرادىرىمىز بارىدى، «كېلە بىر چېكىم سېپ بېرەي چېكىپ باق» دېدى. يەنە بىرى تۇتاشتۇرۇپ بەردى، بىر تارتىپلا قاقلىپ يۆتىلۈپ كەتتىم، «يەنە بىر قېتىمدا كۆنۈپ كېتىسەن» دەپ چېقىشتى بالىلار، يەنە بىر تارتتىم، تېخىمۇ بەك يۆتىلىپ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندى كېلىپ قېلىۋىدى، مەڭدەپ كەتتىم. ئەپەندى، شۇنداق چىرايلىق گەپلەر بىلەن سەممىي ئەيىپلىدىكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرۈكۈمگە نەقش بولۇپ ئويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىزا تارتقىنىمدىن مۈشتەكنى تاشلىۋەتتىم. ئەمما ئۇستازىم مۈشتەكنى قولىغا ئېلىپ، بۇنداق تاشلىۋېتىشلا تاشلىۋەتكەنلىك بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى، ھەم بۇ مۈشۇ نەسىھەتنىڭ بىر

[1] ئوڭۇرۇق – ئاتۇشتىكى بىر يېزا، مەمتىلى ئەپەندى ئاچقان تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن شۇ يەردە ئىدى، – ئا.

ئەستىلىكى بولۇپ قالسۇن، دەپ قولۇمغا بەرگەن ئىدى. شۇندىن كېيىن ھېچ چەكمىدىم، ئەمما نۇرغۇن نەرسەمنى يوقاتتىم، بۇنى يوقاتمىدىم. چۈنكى بۇ مۇشتەك بولغاچقا، خەقنىڭ بۇنى ئېلىۋالغۇسى كەلمىسە كېرەك. مەسىلەن تۇتقۇنلۇق ھاياتىمدا، پەقەت ئاخىرقى قېتىمدا بىرى قولۇمدىن تارتىپ ئېلىپ ئۈشتۈۋەتكەننى ھېساپقا ئالمىغاندا...

— مەنمۇ خۇددى شۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم،...

— ئەمما تەكرار سورۇدۇڭۇز؟

— چۈنكى ئاشۇ كەچمىش ھاياتىڭىز ھەققىدە گەپ تېشىش ئۈچۈن مۇشۇنىڭدىن باشقا چارەم بولمىدى. خۇددى نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ «غەلۋىرنى بەرمەسلىككە ‹سۇ ئېلىپ قويغان›» دېگەندىن باشقا باھانىسى بولمىغاندەك،...

— ھە، بىلدىم... — دېدى ئۇ مېنىڭ يۇمۇرلۇق گەپ قىلىشقا تىرىشىپ ئاۋارە بولغۇنۇمغا يارىشا، ئەدەپ يۈزىسىدىن مېيىغىدا كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، دائىملىق غەمكىنلىكىگە قايتىپ.

— سەيپىددىن ئەپەندىم بىلەن ئاشۇ دارىلمۇئەللىمىندە ساۋاقداش بولغانمۇ؟ ياكى باشقا مەكتەپلەردىمۇ بىللە ئوقۇغانمىدىڭلار؟

— ساۋاقداشلىقىمىز شۇ يەردىلا بولغان، ئەمما تونۇشلۇقىمىز ئەسلىدىنلا باردى؛ يەنى، ئاتۇشتىكى بىرنەچچە ئۇقۇمۇشلۇق ياش ئارىلىشىپ تۇراتتۇق. بەزەن مۇشائىرە قىلاتتۇق.

— شۇ چاغدىكى ساۋاقداشلىرىڭىز ئىچىدە ئاجايىپ سەرخىل يىگىتلەر بولغانلىقىنى ئۇياقتىن - بۇياقتىن ئاڭلاپمۇ قالدۇق، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرى نېمە بولدى كېيىن؟ ھازىر ھېچبىرى يوقمۇ؟

— بىر قىسمى شۇ چاغدىلا — 1936- يىلى سوۋېتكە ئوقۇشقا چىقىرىلغان، سەيپىددىن شۇلارنىڭ بىرى، يەنە بىزنىڭ شورۇقتىن[1] مۇھەممەدقارى دېگەن بىرى باردى، ئۇ ھازىر قارامايدا، ئاڭلىسام كۆزى ئاجىز بولۇپ قاپتۇ. قالغانلىرى، مەمتىلى ئەپەندى شېھىت قىلىنغان يىلىلا تۇپى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، زىنداندا تاشلانغان، شۇ يىلى كۈزدە ھەممىسى شېھىت قىلىندى، بىرىمۇ تىرىك چىقمىدى.

---

[1] شورۇق ـ ئاتۇش شەھەر ئەتراپىدىكى بىر يېزا، ـ ئا.

مېنىڭ كۆتكەن يېرىمگە يېقىنلىشىۋاتقان بۇ سۆھبەت تېمىسىنى قاچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن تىرەجىدىم:

— تولۇق بىلەن؟ بۇ قانداق بولدى؟ يەنى مېنىڭ ھەيران بولۇۋاتقىنىم، نېمىشقا سىز بۇ توپتا يوق بولۇپ قالغان؟

راستىنى دېسەم بىزنىڭ ھەقىقىي سۆھبىتىمىزنىڭ تۇغىنى مۇشۇ سوئالىم بىلەنلا ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى.

سابىت ئەپەندى ھېكايىسىنى رەسمىي باشلايدىغاندەك قىلاتتى.

**نېمىشقا** بۇ توپتا مېنىڭ يوق بولغۇنۇمنى سىزمۇ سوراۋاتىسىز، ئەنە، — دېدى ئۇ گەپ باشلاپ، — مەن بۇ سوئالنى ھاياتىم بويىچە ئۆز-ئۆزەمدىن سوراپ كېلىۋاتىمەن. نېمىشكە ئاشۇ توپتا مەن يوق؟ نېمىشكە مەنمۇ شۇ چاغدا دوستلۇرۇم بىلەن بىرگە شېھىت بولمۇدۇم؟ مانا بۇ سوئالنى بۈگۈنمۇ ئۆزەمدىن سوراۋاتىمەن. ئاشۇلار بىلەن بىللە شېھىت بولۇشنى قانچىلىك خالايدىغانلىقىمنى دېسەم ئىشىنەمسىز؟ ئەمما بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمچە ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولۇدۇغان ئىشكەن. بۇ خۇددى مەشھۇر ساھابىلەردىن، ئىسلام سەركەردىسى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قىسمىتىگە ئوخشاش؛ ئۇمۇ ھاياتى بويى جەڭ قىلغان، مەڭگۈ غالىپ قوماندان ئاتالغان. شۇنچە جەڭلەردىن ساق چىقىپ، كېسەل ۋە قېرىلىقتىن ئۆلۈۋاتقاندا: «كاشكى ئاشۇ جەڭلەردە شېھىت بولسامچۇ!» دەپ ھەسرەت چەككەن ئىكەن. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق كىتابىدا، قىش كۈنلىرى سوغۇق سۇدا تاھارەت ئالغاندىن كېيىن سۇلار مۇنچاق - مۇنچاق بولۇپ ساقاللىرىغا ئۇيۇپ قېلىپ، ئاق ئالتۇندەك جۇلالىنىپ، ئاجايىپ زىننەت بەخش ئەتكەن بىر بوۋاينىڭ موللا مۇساغا: «ئۆز ئەجىلىم بىلەن ئۆلۈپ كېتىشتىن نومۇس قىلىۋاتىمەن» دەپ يۇم- يۇم يىغلاپ، ئەھۋال ئېيتىپ بەرگەنلىكى يېزىلغان. ئۇ ئادەم ئاپپاق ساقىلىدىكى سۇ تامچىلىرىدىن پەيدا بولغان

خروستاللارنىڭ بىر كۈنى ئۆز قېنى بىلەن بويۇلۇپ، قىزىل ياقۇتتەك يېلىنجاپ، ئەتىر گۈلدەك جۇلالىشىنى، قان بىلەن زىننەتلەنگەن هالدا ئۆلۈپ كېتىشىنى دائىم ئارزۇ قىپتىكەن. ئاخىرى شېھىت قىلىنغاندا، خوشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ، كېسىلگەن كالىلىسىمۇ كۈلگىنىچە يەرگە چۈشكەن ئىكەن. مېنىڭمۇ خۇددى مەنسۇر ھەللاج، «ئاللاھنىڭ ئالدىغا سارغايغان چىرايىم بىلەن كۆرۈمسىز هالەتتە قانداق بارىمەن» دەپ بەدەنلىرى پارچىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندە ئۆز قېنى بىلەن ئىككى مەڭزىنى بويىۋالغىنىغا ئوخشاش، تېنىمنى ۋە روھىمنى ئۆز قېنىم بىلەن زىننەتلەپ، ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغۇم بار ئىدى. لېكىن شاهادەت شەربىتى ئىچىش ھەممە كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدىكەن. كىمنىڭمۇ ئۆزى توپىلىرىدا ئۆمۈلەپ چوڭ بولغان، تېنى— تېنى بىلەن، روھى — روھى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن زېمىنغا يات ئاياقلارنىڭ بېسىپ دەپسەندە قىلىشىنى؛ توپىغا ئايلىنىپ سىڭىپ كەتكەن ئەجداتلار تېنىنىڭ ياتلارنىڭ ئىپلاس تېنىدىن چىققان نىجاسەتلەر بىلەن بۇلغىنىپ، ئارىلىشىپ كېتىشىنى كۆرگەن هالدا ياشاشقا رايى بارىدۇ؟ بەلكىم ياشىغىنىڭ ساراڭلىقلىرىدا ئاللاھ ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناهلىرىم باردۇر، شۇڭا ئاللاھ بۇ شان-شەرەپنى ماڭا مۇناسىپ كۆرمىگەندۇر.

مانا شۇنداق. ئاشۇ 5-ئاينىڭ ئاخىرىدىكى دەھشەتلىك پاجىئە[1]دىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېقىن شاگىرتلىرى چۆگۈلۈتۈپ قويۇپ بىرىلگەندەكلا بولۇپ قالدۇق. دۇنيا يەنىلا شۇ دۇنيا، ئىنسانلارنى ئاسمان ۋە چەكسىزلىك ھەققىدىكى خىياللارغا گىرىپتار قىلغان قۇشلار يەنىلا ئاسماندا ئۇچۇشۇپ يۈرسىمۇ، زېمىنىنىڭ كۆپۈيۈش كۈچى ھەققىدىكى ئىشەنچلىرىمىزنى ئىسپاتلاپ، قۇرۇت قوغۇزلار ئۆمۈلۈشۈپ، ئوت-چۆپلەر يالتىرىشىپ تۇرسىمۇ، ياۋايىلارنىڭ بېسىپ كېلىشلىرى ۋە قىرغىنلىرى بىزگە ھېچقاچان يېڭى ۋە

[1] بۇ 1937-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى كېچىسى يۈز بەرگەن قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈش ۋاقەسى بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندى، يۈسۈپ زىيا قاتارلىق 300دىن ئارتۇق مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئاشۇ دەھشەتلىك ۋاقەدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. بۇ ۋە بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋاقەلەر ئۈچۈن تارىخىي رومان «باياۋاندىكى گۈلخان»غا قارالسۇن. ــ ئا.

ھەيران قالارلىق بىلىنمىسىمۇ، لېكىن ئاپرىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا بۇ دۇنيا غەلىتە، سىرلىق ۋە ناتونۇش قىياپەتكە كىرىپ قالغاندەك، بىز ئېزىپ كويىقاپقا كىرىپ قالغاندەك خۇدىمىز يوق ھالەتتىلا قالغاندۇق. ئۇيۇشمىغا توپلىناتتۇق، نىزامىددىن[1] ۋە لىۋاھىددىننىڭ[2] باشچىلىقىدا مۇزاكىرە، مۇتائىلەلىرىمىز تۈگۈمەيتى. نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەيتۇق.

ئۆيگە كەلسەم ۋىجىككىنە ئايالىم گۈلزادىنىڭ كۆز ياشلىرى ئۇنى تېخىمۇ ۋىجىكلەشتۈرۈۋېتىپ بارغاندەك، بويى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك، ئۆزىمۇ كىچىك بالىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، يۈرۈكۈمنى زەرداپ قىلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ يىغا بىلەن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇشقا تېخى يۈرۈكۈم چىدىمايتى، ئۇنىڭ ئازاپلىق ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرۇشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ تالاغا چىقىپ كېتەي دېسەم، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا تېخىمۇ چىدىمايتىم. چۈنكى مېنىڭ بىر ئەجەللىك ئاجىزلىقىم: ئاياللارنىڭ كۆز يېشىغا تاقىتىم يوقىدى. بىلەمسىز ئايالىم ۋىجىككىنە بىر يېتىم قىز ئىدى، نېمىشكىدۇر مەن ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. بەلكىم مەندىكى ئاياللىق گۈزەللىكىگە بولغان تەلەپ ئاياللارنىڭ نازۇكلۇقى ۋە ئاجىزلىقىغا بەكرەك قارىتىلغان بولسا كېرەك. بۇ مېنىڭ كىلاسسىك شېئىرلارنى كۆپ ئوقۇپ، يادلىغانلىقىم، بۇ شېئىرلاردا بولسا گۈزەللەر ھامان مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم ۋە يىڭنىچكە، گۈلدەك نازۇك ۋە يېقىملىق بولۇشىدىن بولغاندۇر. ئۇنى خۇددى داللاردىكى ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان كىچىك ۋە ئالاھىدە ياۋايى گۈللەرنى سۆيگەندەك سۆيگەن ئىدىم. ئۆزى ۋىجىك كەلگەن قىزلار نۇرغۇن بالىلىق بولۇپ كەتسىمۇ، ئوتتۇرا ياشلارغا كىرىپ قالغاندىمۇ دائىم ئۆسمۈر قىزلاردەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداقلارغا ئادەمنىڭ مېھرى سۇسلىمايدۇ. بەلكىم ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈمدىكى يەنە بىر سەۋەپ، ئۇ ئاجىز بولغاچقا بارلىقى بىلەن ماڭا تايىنىدۇ، بۇ خىل تايىنىش بولسا مېنىڭ ئەرلىك تەبىئىتىمنى يۈكسەلتىپ، ئەرلىك مەغرۇرلۇقۇمنى قانائەت تاپتۇرۇپ، مېنى ئۇنىڭ ئۈچۈن جان

[1] نىزامىددىن ــ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى، ــ ئا.
[2] لىۋاھىددىن ــ سەيپىددىن ئەزىزىنىڭ ئىنىسى، ــ ئا.

پەيدا قىلىدىغان قىلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلىغانلىقىمدىندۇر. بەلكىم مەن يەنە بۇ چاغدا قىزنىڭ گۈزەللىكى ئۆمۈر بويى چىرايىدىن كەتمەيدۇ دەپ ئويلىغاندىمەن. ئىشقىلىپ مەن ئۇنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرەتتىمكى، بۇ ياخشى كۆرۈشنى بىرەر سەۋەپ بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى مەن پەقەت ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىلدىم. ھەممە ئادەم بويى ئېگىز، پۇتلىرى ئۇزۇن، بەدەنلىرى تولغان، ساغلام ئاياللارنى تاللايدىغان بولسا، مەن ئەنە شۇنداق بىر قىزنى تاللىغان ئىدىم.

مەن كېيىنكى ھاياتىمنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتىدىغان ھالەتتىلا تەسەۋۋۇر قىلىشقا كۆنۈپ قالغان ئىدىم. كەلگۈسى ھەققىدىكى ھەرقانداق تەسەۋۋۇرۇم ئۇنىڭسىز بولمايتى. كەلگۈسىدە چەتئەللەرگە ھىجرەت قىلىش، ياۋايىلارنى يۇرتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن بولۇدۇغان ئۇرۇشلار... ئىشقىلىپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئېتىزلىقتا يېڭى ئۆي سېلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇردىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلارغىچە، يۈز بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان چوڭ- چوڭ سىياسىي ۋەقەلەردىن تارتىپ، مەھەللە كويىدىكى كىچىك ئۆزگۈرۈشلەرگىچە ھەرقانداق خىياللىرىمنىڭ ئىچىدە ئۇ بولماي قالمايتى. بۇ تەسەۋۋۇرلاردا ئۇ ئۆزەمنىڭ گەۋدەم بىلەن ئوخشاشلا ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يوقلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مانا شۇنداق رومانتىك ھىسلارغا چۆمۈلۈپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، ئۇنى ئۆگەي ئانىسى دادىسى بىلەن قۇرداش قېرى تۇلغا بېرىۋەتكىلى تاس-تاماس قالغان، توغرىسى «دۇئا قىلدۇرۇۋەتمەكچى» بولغانلىقى ھەققىدە قار- يامغۇردەك كۆز يېشى ئارىلاش ماڭا ئىچىنى تۆككەنىدى. شۇنىڭ بىلەن كەلگۈسى ھەققىدىكى دائىم تەسەۋۋۇر قىلىپ، خىيالىي قۇرۇپ چىققان مەنزىرىلىرىم بىردىنلا تۇزۇپ كېتىدىغاندەك، ھەممە نەرسە غايىپ بولغان بوشلۇقنىڭ چىدىغۇسىز چۈشكۈنلۈكى مېنى بەرباد قىلىۋەتكىلى تاس قالدى. مېنىڭ قولۇمدىن بۇ پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانداقمۇ كەلسۇن؟ بۇ ئىشقا كىملەر ئارىلىشىپ، بۇ كىچىككىنە جانۋارنى بۇ پاجىئەدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىسۇن؟ ئەنە شۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى بۇ پاجىئەدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ، بىز بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ باشلىرىمىزنى قېتىپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ

ئايالىم گۈلزادە مەمتىلى ئەپەندىنى دادىسىنىڭ ئورنىدا كۆرەتتى. ھەركۈنى مەندىن مەمتىلى ئەپەندىنى سوراپ تۇراتتى. مانا ئەمدى ئاشۇ بۈيۈك شەخس ئارىمىزدىن كەتكەندە، ئايالىم شەپقەتچىسى ئۈچۈن كۆز ياشلىرىنى تۆكەلماسلىقى تەبىئىي ھال ئەمەسمۇ.

29 ـ ماي پاجىئەسى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندە مەمتىلى ئەپەندىگە ئىخلاس قىلغان مىڭلىغان شاگىرتىلا ئەمەس، يېزا-كەنتلەردىكى مىڭلىغان دېھقانلارمۇ تۈرمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە قاراپ ئاققان ئىدى. ئۇلار تۈرمىگە بېرىپ زادى نىمىنى كۆرمەكچى؟ بەلكىم بۇ ھېچكىمگىمۇ ئايان ئەمەس. كىشىلەر بىر خىل كوللېكتىپ ھالدا خۇدىنى يوقۇتۇپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاڭسىز ھەرىكىتىگە يوشۇرۇنغان ئىچكىي خاھىش بەلكىم مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدەك رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشنى خالىماسلىقتىن بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇلار ئاشۇ مۇدھىش تۈرمىگە بېرىپ، بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان بىرەر ئالامەتنى تاپماقچى بولۇشقاندۇ، ياكى ھېچ بولمىغاندا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆلمىگەنلىكى بەلكى مەخپىي ھالدا بىرەر جايغا يوشۇرۇپ قويۇلغانلىقى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە بۇ خام خىياللاردىن پەيدا بولغان رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن رېئاللىقتىن قاچقۇدەك كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر يوچۇقنىڭ تېپىلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ. بۇ خىل قەھرىماندىن ئايرىلىش ئېلىپ كەلگەن خام خىيال ئەسەبىيلىكى مىللىتىمىزنىڭ تارىخىدا ئاز يۈز بەرمىگەن. ھەممە ئادەم جەسىدىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ يەنە مىللەتنى قۇتقۇزۇشىنى كۈتۈش، خۇددى دادىسىنى ئۆز قولى بىلەن تۇپراققا قويۇپ يەنە ئۇزاق يىللارغىچە دادىسى ھېلىلا ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇدىن قۇتۇلالمىغاندەك، مۇتلەق ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلغان خىيالىي تۇيغۇ بىلەن ئۆزىنى بەزلەش بۇ يەردە بۇ قېتىممۇ يەنە قايتىلىنىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خەلقتە ئۆلۈشتىن قورققان بىلەن، ئۆلگەنلەرنى، ئۆلتۈرۈۋاتقانلارنى، قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈش ھەۋىسىمۇ ئۇدۇم ئىدى. خۇددى بۈگۈنمۇ بىرەرسى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنسا يۈزلىگەن ئادەم ئېتىش مەيدانىغا يۈگرۈشۈپ بېرىپ، بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلغاندەك.

شۇ چاغدا گۈلزادە مەن بىلەن بىللە بېرىشقا شۇنچىلىك ئىنتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاپ قالغاچقا ئۇنى ئاپارماي، قوشنىمىزنىڭ ئوغلى — ئەپەندىنىڭ ئاتاق ئوغلى ئابلەق بىلەن كەتكەن ئىدىم. راستىنى ئېيتسام بۇ چاغدا خۇددى ئۆلۈم بىزنىڭ ئۆيدە بولغاندەك ھازا ئېچىلغان، قوشنا - قۇلۇملارمۇ گويا ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئۆينىڭ بىر ئەزاسى تۈگەپ كەتكەندەك، ھويلىمىزغا كىرىپ ھازىغا قېتىلىشقان، پاتىھە ئوقۇشقان ئىدى.

مەن قەشقەردىن قايتىپ كېلىپلا يۇرتىمىزنىڭ ئۇزاق شەرقىدىكى جاڭگاللىقنى ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان ئۇيغۇر بوۋاينىڭ يېنىغا بارغۇم كەلدى. بۇ دۇنياغا خۇددى ئاشۇ ساقاللىرى بىلەنلا كەلگەندەك ئۇ بوۋاي، بۇ يەردىكى كىچىك بالىلاردىن تارتىپ ياشىنىپ قالغان قېرىلارغىچە پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئەڭ يىراق قىرغاقلىرىدىمۇ ئاپپاق ۋە قويۇق ساقاللىق بوۋاي ئىدى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭ باشقىچە ھالىتىنى يادىغا ئالالمايتتى ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئوبرازى ئەنە شۇ ھالەتتە مەڭگۈلۈك بولۇپ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا قېتىپ قالغانىدى.

«ئۇيغۇر بوۋاي» مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭغا قويۇپ قويغان ئات ئىدى. ئەسلى ئىسمىنىڭ نېمىلىكىمۇ زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېسىمىزدىن چىقىپتۇ. بوۋاي ئۆزىمۇ مۇشۇ ئىسىمغا كۆنۈپ قالغان ئىدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە، ئۇ قويۇپ قويغان ئىسىمنى ئاتىشىمىزدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. مانا شۇ بوۋاي تەرەپنى كۆڭلۈم تارتىپ قالغانىدى. بەلكىم مەن بەكمۇ تەسەللىيگە مۇھتاجلىق ھىس قىلىپ تۇرغۇنۇم ئۈچۈن شۇ يەرنى كۆڭلۈم تارتتىمىكىن ياكى ئۇستازىمغا بولغان سېغىنىچ تۈپەيلىدىنمىدۇر ياكى ئاشۇ قومۇشزارلىق، قاغا جىگدىلىك ۋە قېلىن توغراقلىق ئارىسىدا يەككە يېگانە بىر ياشايدىغان بۇ سىرلىق بوۋاينى ئىلگىرى ئۇستازىم بىلەن بىللە زىيارەت قىلغىنىم ئۈچۈن، بۈگۈن ئۇنىڭغا تالىق ئەسلىمىلەرنى چوقچۇلۇغۇم كەلدىمىكىن؛ بەلكىم، ئۇنىڭ مەسلىھەتلىرى، بىشارەتلىرىگە ئېھتىياجىم بولغانمىكىن، ئەيتاۋۇر قەشقەردىن كېلىپلا جاڭگالغا ئاتلاندىم.

گۈلزادىنىڭ يېنىدا ئۇ ئېغىرلىشىپ قالغاندىن بېرى ھاممىسى ھاۋاخان ھامما تۇرۇۋاتاتتى. ئەسلىدە ئاتۇشتا كېلىنلەر ئاي - كۈنى يېقىنلاشقاندا دەبدەبە -

ئەسئەسە بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يۆتكۆلۈپ، ئانىسىنىڭكىدە تۇغۇشى قائىدە ئىدى. ئاندىن ئۇ يەردە قىرىقىنى چىقىرىپ، بۆشۈك تويىنى قىلىپ، يەنە شۇنداق دەبدەبە بىلەن ئەرنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىنەتتى. ئەمما گۈلزادە ئۆيىگە بېرىشقا ئۇنىمىدى. ئۆگەي ئانا ئۇنى خالاپمۇ كەتمەيتى. رەسىم ـ يوسۇنلارغا كۆرە ئۇمۇ ئېغىز يومىزىغان بولسىمۇ، يەنىلا گۈلزادىنىڭ بارغىسى كەلمىدى.

ــــ يېنىمدا بولۇڭ، سىزدىن باشقىسىنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى خالىمايمەن، ــــ دەپ تۇرۇۋالدى ئۇ. ئەمما مەن بىر كالامپاي ئادەم تۇرسام، ئەركىشى قانداقمۇ تۇغۇت ئانىسى بولۇدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئىنسانىنىڭ دۇنياغا كېلىشى مېنىڭ ئۈچۈن كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. ۋاقتى كەلگەندە نىمە قىلىشنى بىلەلمەي چاتاق چىقىرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، تۇغۇتنىڭ گېپى بولسىلا نىمىدۇر بىر نەرسىنى تۇيغاندەك ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر جايلىرىدا ۋەھىمە پەيدا بولاتتى. تۇغقانلىرىم ۋە دوستلۇرۇم مېنى «ئايالىڭ يانچۇقۇڭغا سىيلىۋالغۇدەك» دەپ ئامراقلىقىمىزغا مەسىلىكى كېلىپ تىلغا ئالىدىغان گۈلزادىنىڭ تۇغۇتتا مېنىڭ كالامپايلىقىم ۋە كېرەككە كەلمەسلىكىم سەۋەبىدىن قىينىلىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. ئاخىرى گۈلزادىگە تولا گەپ قىلىپ، قاخشاپ يۈرۈپ، ماقۇلغا كەلتۈرۈپ، ئاي ـ كۈنى يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ سىڭلىسىغا ــــ هاۋاخان هامىمغا ــــ ئەھۋال ئېيتقان ئىدىم، ئۇ مېھرىبان مەزلۇم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇرۇپ، تاكى قىرىقى چىققۇچە گۈلزادىنى بېقىشقا ماقۇل بولغان ئىدى. شۇڭا ماڭا بىر ئاز ئازاتلىق بولۇپ، تالا ـ تۈزگە چىقىش ئىمكانىم بولۇۋاتاتتى.

جاڭگالغا قاراپ ئاتلاندىم. بېشىم گاراڭ ئىدى. بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەگە ئىشەنگۈم كەلمەيتى. مەمتىلى ئەپەندىدەك زات قانداقمۇ تۇپراق ئاستىدا ياتسۇن؟ قاچانكى بۇ پاجىئەگە ئىشەنسەم ئاشۇ مىنۇتلار ئەڭ بەختسىز دەملىرىم بولاتتى. ئىچىمنى ئاچچىق ئەلەم تاتلايتى. مانا شۇنداق، گاھ خىيالىمنىڭ گۈزەل جاڭگاللىرىدىن غايىۋانە تەسەللىي تېپىپ شاتلىنىپ، گاھ شۇ پاجىئەنىڭ راستلىقى ھەققىدىكى ئەسلىمىنى قايتىلىغىنىمدا يۈرىكىم پۇچۇلۇنۇپ شورۇقنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى ئاياغ مەھەللىگە كېلىپ قاپتىمەن. شۇندا قايسىدۇر بىر ھويلىدىن چاقچى خوتۇنلارنىڭ توپلۇشۇپ ئولتۇرۇپ يىپ ئىگىرگەچ ئوقۇيدىغان ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالدى:

چەكمىنىمنىڭ يېڭىنى
شاتاۋادا ئۈچلىغان.
ئەرگە تەگمەيمەن دېسەم
ئانام بېشىمغا مۈشلىغان.

ناخشا شاتلىقنىڭ ھېكايىسى ئەمەس، بىر پاجىئەنىڭ بايانىغا ئوخشايتى. شۇڭا ماڭا مومايلارنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك بىلىنىدى. بۇ ھېكايە مومايلارنىڭ ئۆزاقتا قالغان ياشلىق دەۋرىگە ئائىت ئىدى. ئۇنىڭدا يوشۇرۇنغان ھەسرەت، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگە ئەمەس، يات بىرسىگە زورلانغانلىقنى ئېيتىپ بەرمەكتىدى. توۋا، ئەگەر مەمتىلى ئەپەندى بىر پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، گۈلزادە ئىككىمىزنى قوشۇپ قويمىغان بولسا، گۈلزادىمۇ بۇ ناخشىنى ئوقۇپ، ئۆمۈرلۈك ھەسرىتىدىن داتلارمىدى؟ شۇلارنى ئويلىغۇنۇمدا ئىچىمنى گۈلزادەمگە بولغان تەخىرسىز بىر سېغىنچ ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى كۆيدۈرۈپلاۋەتتى!
يۈرتىنىڭ ئاخىرقى ئۆيلىرى يېقىنلىشىش بىلەن، كەڭ كەتكەن ئېتىزلاردىكى چۈرۈچ بولغان بۇغدايىنىڭ ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ئارقىدىن ئېتىزلىقتا يۈرگەن دېھقانىنىڭ:

ئويناپ كەلدىم مەلەڭگە، بالا،
خاناچاڭ قوپسۇن لەغمەنگە.
....

دەپ ئوقۇغان شوخ ناخشىسى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلاپ دۇنيانىڭ ئىككىنچى بىر يۈزىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەجەپ ئىش، بىرلىرى ھەسرەت تۆكسە، بىرلىرى شوخ كۈي كۈيلەپ يۈرىدىغان ئىشكەن-ھە! ئارقا تەرىپىمدە قېلىۋاتقان ھويلىدىن مومايلارنىڭ باشقا بىر ناخشىسى باشلانغان ئىدى:

چاقىم تاناپ تاشلايدۇ،
بىر بالانى باشلايدۇ.
....

ئىختىيارسىز هالدا دۇنيانىڭ (هاياتنىڭ دېسەممۇ بولۇدۇ)، بىر قانۇنىيىتىنى تاپقاندەك بولدۇم. بىر قارىسىڭىز دۇنيا شۇنچىلىك بىمەنە، تارتىشقۇچىلىكى يوق، كۆڭۈلسىز بولۇپ چىقىدىكەن؛ بىر قارىسىڭىز شۇنچىلىك لىۋەن، كۆڭۈللۈك، تاتلىق ئىكەن! بىرلا ۋاقىتتىتا ھەممە قايغۇغا پاتىدىغان ياكى تەڭ شاتلىنىدىغان ئىش يوقكەن! قاراڭلار، موماي‌لار ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز كەچمىشىدىن ھەسرەتلىنىپ، ئۇرچۇقلىرىنى غىچىرلاتقاچ غەمكىن ناخشىسىنى جۆر قىلغان بولسا، ئېتىزلىقتا يۇرگەن ياش دېھقان غېمىدە يوق ياشلىقنىڭ بەخۋاش تۇيغۇلىرى قۇچىقىدا ئەللەيلەنمەكتە. ئەسلىدە ھاياتقا مەنا بېرىدىغانمۇ، مەنىسىز قىلىۋېتىدىغانمۇ ئۆزىمىز ئىكەنمىز. شۇنى بىلگىنىمدىن باشلاپ، ھاياتقا مەنا بېرىشنى ئۆگەندىم. بەلكىم ئەنە شۇ ئادىتى ھىس ياكى بايقاش مېنى بۇگۈنگە ئېلىپ كەلگەندۇر. چۈنكى مەن تۇرمىلەردىمۇ ئاشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن ھاياتقا مەنا بېرىشكە، ئۆمۈرنى قەدىرلەشكە تىرىشتىم.

ئىلگىرى، قېرى توغراقنىڭ ئۆينىڭ ئىشىكى تەرەپكە تۆز سوزۇلغان بىر تال شېخىدا بوۋايغا كۆنۈپ كەتكەچكە ئەركىن قويىۋېتىلگەن شاتۇتى بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى خەۋەر قىلىپ، بوۋاي ئۆيىدىن يۆگرەپ چىققان ئىدى. بوۋاي خېلى خوپ تىمەن ئىدى. تېخىچىلا ئەمگەكلەردىن قالمىغان، مۇشۇ كۆز يەتكۈسىز ئورمانلارغا ئۆزى قارايتى. بەزى چاغلاردا بىرەر چەۋرىسىنىڭ ئائىلىسى بولاتتى؛ ياكى ئەۋرىسىنىڭ ئائىلىسى كېلىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇلار زېرىكسە يۇرتقا كۆچۈپ كېتىشەتتى. بىرەر پېشكەلگە ئۇچراپ، ياشاش ئېغىر كەلسىلا يەنە بوۋىسىنىڭ يەر-مۈلكىگە قايتىپ كېلەتتى. بوۋاي كەتكەنلەرنى توسىيالمايتى، دىلى سۇنغان، كۆڭلى يېرىم ھالدا ئۇزۇتۇپ قوياتتى؛ قايتىپ كەلگەنلەرگە تاپا-تەنە قىلىپ، كەتكەن چېغىنى يۈزىگە سالمايتى.

كەپىنىڭ دوقمۇشىدىن ئەگىشىمگىلا:

— سابىت كەلدى! سابىت كەلدى! — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم. قېرى

توغراقنىڭ بوۋاينىڭ ئىشىكى تەرەپكە تۈز سوزۇلغان شىخىدا ئولتۇرغان شاتۇتى ئادەت بويىچە ئەڭ ئەۋۋەل مېھمانلارنى سالاملايتى. بۇنى ئاڭلاپلا، بوۋاي ئۆيدىن چىقاتتى ياكى ئورمان ئىچىدە بولسا دەرھال قايتىپ چىقىپ مېھماننى كۈتۈۋالاتتى.

بوۋاي يېقىنلا يەردە — ئورمانلىقى ئىچىدە ئالىلىنىملەر قىلىۋاتقان ئىكەن، شاتۇتىنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەنلا قايتىپ چىقتى. مىڭ يىللىق قېرى توغراق تۈۋىدە بوۋاي بىلەن كۆرۈشتۇم.

— ھېلى تېخى بىر توپ بەڭۋاش كېلىپ مېنى مەلەڭ[1] قىلىپ، بىللە ئوينايمىز دەپ،... — دېدى بوۋاي كۈلۈپ، — شۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىردەم بىللە ئويناپ، ئاندىن ئۇلارغا قۇرۇق مېۋىلەردىن بىرەر ئوچۇمدىن بېرىپ، يولغا سېلىپ، ئورماننى ئايلىنىپ كېلەي دەپ مېڭىشىم ئىدى، — دېگەندەك، ئۇ ئەنە شۇنداق، باللار بىلەنمۇ بىللە ئوينايتى. ئۇنىڭ ئاپپاق ساقىلى مۇستەسنا قىلىنسا ياكى قېرىلىقنى ئەسلىتىدىغان جىسمانىي بەلگىلىرى مۇستەسنا قىلىنسا، بەزى قىلىقلىرى تېخىچىلا كىچىك باللىدەك ئىدى.

بىز قېرى توغراق تۈۋىدىكى چاپىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ روي بېرىش جەريانى ۋە ھالىتىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ماڭا ئۇزاق قارىدى. مېنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك، ئېسىگە ئالالمايۋاتقاندەك بىر ھالى باردى.

— ھە، شۇنىڭ ئۈچۈنكەندە! — دېدى ئۇ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك.

— نېمە بولدى؟ ئائىلىڭىزدە بىر ئىش بولغانمىدى ـ يا؟

— بىلەمسىز، ئاشۇ كۈنى بۇ يەردە قاتتىق يامغۇر ياغدى، — دېدى بوۋاي.

— شۇنداق، مەمتىلى ئەپەندى تۈتقۇن قىلىنغان كۈنى سىم ـ سىم يامغۇر يېغىپ، خۇددى مۇسىبەت يېشىدەك كۆڭۈلسىز بىر ھاۋا بولغانىدى. ئەمما ئۇ شەنبە كېچىسى...

— ئاشۇ يامغۇر ئالدىدا شۇنچىلىك ۋەھىملىك ھاۋا گۈلدۈرلىدىكى، قورقۇپ

---

[1] مەلەڭ قىلماق — ئاتۇش شىۋىسىدە «ئاۋارە قىلماق، گەپكە تۇتماق، ۋاقتىنى ئالماق، مىلىكە قىلماق» مەنىلىرىدە. — ئا.

كېتىسىز. ئاندىن ئورمىنىمدا كۆزگە كۆرۈنگەن، ئۆيگە يارىغۇدەك تۈز ئۆسكەن، كۆزگە قاراپ يۈرگەن ئەتىۋار دەرىخىمدىن بىرنەچچىسىلا بارىدى — بۇنداقلىرى يۈز يىلدا بىرەسى يېتىشىدىغان تىپتىن — مانا شۇنداق بىر تۈپ دەرىخمگە چاقماق چۈشۈپ، كۆيدۈرۈپلاۋەتتى! ئىچىم سىيرىلىپلا كەتكەن ئىدى، — دېدى بوۋاي كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ. ئۇنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە ئېچىنىۋاتقىنى ياكى دەرىخكە ئېچىنىۋاتقىنىنى ئايرىغىلى بولمايتى، — تېخى ئالدىنقى كۈنى چوڭ ئەۋرەم بالاۋاقىسىنى جابدۇپ، بۇ يەردىن كېتىشكە قارار قىلىپ قوپۇپتىكەن، شۇنچە يالۋۇرساممۇ ئۇنىماي كېتىپ قالغان ئىدى. مانا شۇنداق قىلىپ، كېتىشىۋاتىدۇ، چوڭ ئائىلە ئىدۇق، بارغانسېرى ئازىيىۋاتىمىز، تاشلاپ كېتىشىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ بالىلىرى ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگەپ، ئۇ نەۋرىلىرىمۇ قالمىغان، ئەۋرىلىرى ۋە چەۋرىلىرى بىلەن ياشاۋاتاتتى. ئىلگىرىمۇ بەزى نەۋرىلىرى جاڭگالدىن زېرىكىپ، ئۇنى تاشلاپ كەتكەن ئىكەن. بىز ئىلگىرى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن كەلگەنىدۇق، ئۇنى يۇرتىنىڭ چوڭى، كۆپنى كۆرگەن دەپ، ئۇنىڭغا سالامغا بېرىشنى قەرزىمىز دەپ بىلگەنلىكتىنلا كەلگەنىدۇق. شۇ چاغدا بوۋاي يۇرتتا ئۆتكەن هاياتى، بالىلىق، يىگىتلىك دەۋرىدىكى شوخلۇقلىرى هەققىدە سۆزلەپ بېرىپ بىزنى راسا كۈلدۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ زامانلاردا ئاتۇشتا بەكلا ئاز ئادەم بار ئىكەنمىش. ئادەملەرنىڭ هەممىسى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇققان ئىكەن، ئىناق ياشايدىكەن. كېيىن ئادەملەر كۆپىيىپتۇ، تۇققانلار بىر - بىرىگە ياتلىشىپتۇ. هەتتا جىدەل - ماجرا قىلىپ بىر - بىرلىرىنى ئۆلتۈرۈدىغانمۇ بولۇشۇپتۇ. ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە بوۋاي جاڭگالنى ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇ يەردە ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆم ياشاشقا، مىڭلاپ ئەۋلات بولغاندىمۇ بىر ئائىلە هالىتىدە قېلىشقا نىيەت قىلىپ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى، قىز - كېلىن، ئوغۇل، كيوغۇللىرى بولۇپ 100دىن ئېشىپ‌كەتكەنمىش. شۇندىن باشلاپ ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ تۇرۇپتۇ؛ تۇغۇلۇش بەرىبىر ئۆلۈمدىن كۆپ بولغاچقا تېخىمۇ ئاۋۇشى كېرەك بولسىمۇ، بالىلار، نەۋرىلەر ئىچىدە جاڭگالدىن كېتىش، ئەنئەنىدىن چەتنەش هادىسىلىرى چىققىلى تۇرۇپتۇ. بىر زامانلارغا كېلىپ، خوجا دەرۋىشلەر بۇ يەرنى بېسىپ، خوجا

- ئىشان مازارلىرى، خانىقالىرى ئۇچۇن ۋەخپە يېرى بۆلۈپ بېرىشكە زورلاپ، تەييار بولغان تېرىلغۇ يېرىدىن بىرمۇنچىنى ئىگىلىۋاپتۇ. تېرىپ تەييار قىلىپ بەرسە هوسۇلىنى ئۇلار ئېلىپ كېتىدىكەن! ئەسلى قاباهەت ئۆزىنىڭ بالىلىرىدا ئىكەن، بالىلىرى، بەزى نەۋرىلىرى خوجىلارغا مۇرىت بولىۋېلىپ، ئاتا مىراس يەرلىرىنى ئەنە شۇنداق ئاسانلام ئاشۇ خوجىلارنىڭ نەپسى ئۈچۈن تەقدىم قىلىپ، «دۇئا»ئالغان ئىكەنمىش. ھەتتا بالىلارمۇ ئىككى سۇلۇككە بۆلۈنۈپ، بىر - بىرىنى چانايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپتىكەنمىش. ئۇندىن كېيىن يۇرت كاتتىلىرى دېيىلگەن بىرمۇنچىسى خىتاي چېرىكلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىرمۇنچە جەبىر يۈكلەپتۇ. ئالۋان - سېلىق، لەڭ تاپشۇرۇش ۋەزىپىلىرى. شۇنداقلا بىر قىسىم تەييار ئۆزلەشتۈرۈلگەن يېرىگە ئىگە بولۇۋاپتۇ.

— دۇنيادىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر جان بىر تەن. بىزنىڭ ھاياتىمىز سولۇشۇپ ياكى قۇرۇپ تۈگەشكە يۈزلەنگەندە، بۇ يەردىكى باشقا جانلىقلارمۇ قۇرۇپ تۈگەشكە باشلايدۇ. زېمىن جانسىز ئەمەس، ئۇنىڭدىمۇ بىزگە ئوخشاشلا ھېس تۇيغۇ بار. پەقەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بەك چوڭ، بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز بەك كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىز ئۇنى سېزىپ يېتەلمەيمىز. بۇ زېمىن بىزنىڭ ئانىمىز. ئۇ بىزنى ئۆزى بەرگەن نازۇ نېمەتلەر بىلەن بېقىپ ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بىز بىلەن ئانا بالىغا ئوخشاش يېقىن تۇيغۇدا بولغانلىقى ئۈچۈن. ئۇنىڭ تېنى ئانىدەكلا ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس، ھەم ئانىدەكلا نازۇك. بۇ يەرگە ھەر قېتىم ئىپلاس ئاياقلار تېگىشى بىلەنلا خاراپلىشىدۇ. بۇلاقلاردىكى سۇلار ئازىيىدۇ، ئەركىن كېيىك - بۇغىلار تىزىپ كېتىدۇ، تۇپراق چاك چاك يېرىلىپ، ئوت چۆپ ۋە قومۇشلارمۇ قۇرۇپ يوقايدۇ. خۇددى يارىلانغان تەننى جاراھەت باسقانغا ئوخشاش ھەممە جايىنى شور باسىدۇ. ئەمدى يەنە ھاياتىمىزمۇ سۇغا چىلاشقىلى تۇردى، — دېگەن ئىدى ئۇ.

سانسىز قېتىملىق چەھەتنەش[1]، خارابىلىششلاردىن كېيىن ئادەملىرىمىز بۇ يەرنى قايتا ياشارتتى. كېيىن شۇ چاغلاردا يۇرتتا ئىسلاھ بولۇنغان يېڭى

---

[1] چەھەتنەش — چەتنەشتىن پەرقلىق، مىستىك ئۇقۇمدىكى سۆز بولۇپ، مەلۇم ئىش-ھەركەتنىڭ سىرلىق ھالدا ئىزدىن چىقىشىغا قارىتىلىدۇ، — ئا.

تەرتىپكە كۆرە، ۋەخىپە يەرلەرنىڭ ھوسۇلى مەكتەپلەرگە بېرىلىدىغان بولغاچقا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بوۋاي ھەققىدىكى مەلۇماتىغا كۆرە، ئۇنىڭ بارلىق يەرلىرى ئۆزىگە قايتۇرۇلۇپ، پەقەت ئىلگىرىكى ۋەخىپە ئۈچۈن بېرىلگەن يەرلىرىنىڭ ھوسۇلىغا تەڭ مىقداردا مەكتەپلەرگە ئىئانە بېرىشى بەلگىلەنگەچكە، ئۇ بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ سابىتتىن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، بېشىغا كېلىدىغان پالاكەتلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتاتتى.

— ھەر قېتىم بىرەر ياخشى ئىش بولغاندەك قىلىدۇ، ئارقىدىن كېلىدىغان بالا-قازا ئىلگىرىكىسىدىنمۇ ئېغىر بولۇدۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋسەنكى، ئوغلۇم، ئەمدى يەنە مېنى نەس باسىدۇ، قايتۇرۇپ بېرىلگەن يەرلىرىمدىنمۇ جىقراق يېرىمنى قولۇمدىن ئېلىشىدۇ؛ تېخىمۇ كۆپ ئالۋان سالىدۇ!

بۇ قەدەر ياشقا كىرگەن بوۋاينىڭ پانىينىڭ زۇلمىنى يەنە قانچىلىك تارتىشى بەلگىسىز ئىدى. ئۇنىڭ ھەسرىتى مېنى ئېزىپلاۋەتتى. مۈكچىيىپلا قالغىنىمنى كۆرگەن بوۋاي، دەرھال ئۆزىنى تېتىكلەشتۇرۇپ، ماڭا تەسەللىي ئېيتقىلى تۇردى.

— سەن تونۇشلا كۆرۈنۈسەن...؟

— ئىلگىرى مەن مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىر قېتىم كەلگەنتىم.

— ھە، شۇ، شۇ، — دېدى ئۇ ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ، — ئەمما چىرايىڭ تونۇش بولغىنى بىلەن ئاۋازىڭ ئېسىمدە قالماپتىكەن، شۇڭا سەل تونۇيالماي قاپتىمەن.

— توغرا دەيسىز، ئۇ چاغدا ئۇستازىمىز بىللە بولغاچقا، شاگىرتلار بەك سۆزلەپ يۈرمىگەندىمىز. ياكى مەن...

— ھە، توغرا، سەن شۇ، ئاشۇ ھېچ ئېغىز مىدىرلاتمىغىنى سەن، سەن كىمنىڭ ئەۋلادىسەن؟ داداڭنى يا تونۇيمەن، يا يوق، چوڭ داداڭ كىم؟

— مەن بىجان «جاللات»نىڭ نەۋرىسى بولۇمەن.

بوۋاي پەۋقۇلئاددە بىر ئىش بولغاندەك دىڭڭىدا چۆچۈپ تۇرۇپ ماڭا قارىدى. تازا سەپ سېلىپ قاراپ:

— رەسمىي قېرىپتۇمەنمۇ نېمە؟ سېنىڭ تەققى - تۇرقۇڭدىن بىجاننىڭ

ئۇسىقىنى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرسىمۇ بىلمىگىنىمنى قارىمامدىغان. بىجانىنىڭ سەندەك بىر نەۋرىسى بارلىقىنى بىلمەيتتىكەنمەن. كۆڭلۈم لىپپىدا تولغاندەك بولدا... ئەمما سېنىڭ كەم سۆز، يۇۋاشلىقىڭ بىجاننى تارتمىغاندەكقۇ؟ سېنىڭ جەمەتىڭدىن كىم شۇنداق ياۋاش بولغىيدى؟

— بەلكىم دادامدۇ... — دېدىم بوش ئاۋازدا پېتىنمىغاندەك قىلىپ، — دادام تۇغۇلغان چاغلاردا چوڭدادام تاغدا قېچىپ يۈرگەن، چوڭنام بولسا چوڭدامنىڭ دەردىدە ئېلىشىپ قالايلا دەپ قالغان ئىكەن، شۇڭا دادامغا قارىيالماپتىكەن. دادامنى تاغىلىرى بېقىپ چوڭ قىپتىكەن.

— ھە...؟..... — دېدى ئۇ بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك سوزۇپقىنا، — شۇنداقراق ئىشلار بولغان، ئايپەرىزات خېنىم بىجاندىن كېيىنلا جان بەرگەن ئىدى.... — ئۇ غەمكىن ھالدا شۈكلەپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن، — چوڭداڭنى ئايۋانتاغدىن كىم ئېلىپ چۈشكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— ياق، بىلمەيمەن، يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بېرىپتۇكەنمىش.

— ھەي، قىززىق خەقتە بۇ! ئۇ ھايات چاغدا قورقۇپ ياردەم بېرىشكە پېتىنغان بىر ئەركەك چىقمىغانتى، ئۇنىڭ ئايۋاتاغدا ئېتىلغانلىقىنى ئۇققان ھامان پۈتۈن يۇرتنىڭ ئەركىكى قالماي ھۆمۈرۈلەپ بېرىشتى. تاغ تىك، مېيىتنى زەمبىلدە ياكى شۇنىڭدەك بىرنەرسىدە كۆتۈرۈپ چۈشكىلى بولمايتى. شۇڭا مەن ئۆزۈملا ئىككى بىلىكىم ئۈستىگە ئېلىپ، كۆتۈرۈپ چۈشكەنتىم. ئاندىن سايغا چۈشكەندىن كېيىن ھارۋىغا سالدۇق...

بۇ پۈرسەتتە بوۋامنىڭ پۈتۈن كەچمىش ھېكايىسىنى كوچىلاپ، ئۇنىڭغا سۆزلەتتىم. بۇ مېنى قىزىقتۇرۇۋاتقان، ئەمما ھېچكىم تولۇقراق بىلمەيدىغان ماۋزۇ ئىدى.

كېيىن ئۇنىڭ بوۋامدەك بىر ئادەمنى تاغدىن ئۆزىلا كۆتۈرۈپ چۈشەلىگەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى ئۆز كەچمىشىنىمۇ سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم.

— مېنى قېرى دەپ ئەسكەرلىككە ئالمىغانتى. بولمىسا بىجان بىلەن بىللە بولاتتىمكىن. ئەمما ئەسكەرگە ئالمىغانغىلا جىھاتتىن قېپ قالاتتۇقمۇ؟ ئۇ چاغلاردا جىھات دېسە ئەركەك مەن دېگەنلەر ئۈچاتتى. ئەمما بەگلەرنىڭ ئۆزىدىن

ئۆتتى، تەرەپ بولۇشۇپ كەتتى.

— ئەسكەرگە ئالمىغان بولسا، قانداق قىلىپ جىھاتقا قېتىلدىڭىز؟

— ۋاي بەغەرەز، قىلىدىغان ئىش ئازمىدى؟ كۇندۇزى مۇشۇ چاپىدا تەسۋىي سىرىپ مۇكچۇيۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ، كېچىلىرى ئۇچۇپ چىكىتەتتىم...

ئەمما ھەرقانچە قىلسامۇ ئۇ ئۆز ھېكايىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. پەقەت سىرلىق قىلىپ:

— مېنىڭ تېنىم زېمىندىن كەلگەن. ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان شۇڭا تۇغۇلغاندىن كېيىن يەنە ھەممە نەرسىنى زېمىندىن ئېلىپ چوڭىيىدۇ. شۇڭا زېمىن بىلەن داۋاملىق باغلىنىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ روھىم ئالالاھتىن كەلگەن. يەنى، ئالالاھنىڭ ئۆز روھىدىن پۈۋلىشى بىلەن ھاياتلىقى ھاسىل بولغان ئادەمنىڭ پۈشتىمەن. شۇڭا روھىم ئالالاھ بىلەن داۋاملىق باغلىنىپ تۇرىدۇ. تېنىم زېمىندىن ئايرىلسا ئۆزۈمنى شېخىدىن ئايرىلغان گۈلدەك ھېس قىلىمەن. نىشانسىز، قارارسىز، ۋۇجۇدۇم ئىزتىراپ ئىچىدە قالىدۇ؛ روھىم ئالالاھتىن ئايرىلسا پايانسىز كائىناتتا تېگى يوق ھاڭغا شۇڭغۇغاندەك قايتىش يولىنى ئۇنتۇپ قالغان ئۆسمۈردەك قورقۇنۇچ ۋە ئېسەنكىرەش ئىچىدە ھاڭنىڭ ئۆزەمگە نامەلۇم بولغان تېگىنى كۈتىمەن، — دېدى ئۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كەچمىشى ھەققىدىكى بايانىمىدى؟

تەپسىلات سۆزلىمەستىن بەلكىم ئۇ توغرا قىلىۋاتقاندۇر. ئۇمىدىمنى ئۈزۈپ، ئەمدى كېلىشىمدىكى مۇددىئام بولغان ئۇنىڭ نەسىھەت، مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاشقا ئۆتتۇم.

— ئەمدى مېنىڭ ھالىم نىم بولا، چوڭ دادا؟ — دەپ سورۇدۇم ھەسرەت بىلەن.

ئۇ مېنىڭ ئىككى قولۇمنى ئىككى ئالقىنىدا سىقىمدىۋېلىپ تۇرۇپ:

— سېنىڭ پېشانەڭدىن مەندىنمۇ بەك جاپاكەشلىكىڭ ئوقۇلۇۋاتىدۇ؛ سېنىڭ كۆرۈدىغىنىڭ بار، كۆرۈدىغىنىڭ بار،... ھەي، بىجان «جاللات»نىڭ ئەۋلادى! — دېدى.

بۇ سۆزنى «ھازىر تېخى ئۆلۈپ كەتمەيسەن، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈسەن» دەپ چۈشەنسەمۇ بولاتتى؛ ئەمما يەنە «ئادەم بالىسى كۆرۈشى ئېھتىمال بولغان جىمى

جەبرۇ-جاپانى تارتىسەن» دېگەن مەنىدە چۈشۈنۈشكىمۇ بولاتتى. ئاندىن بىر ئاز غەلىتىرەك روھلۇنۇپ، ھەم ھەيرانلىق ئالامىتى بىلەن قوشۇپ قويدى، — بىجاننىڭ سەندەك بىر ئەۋلادى بولغىنى ئاجايىپ بەلەن گەپ-تە! مانا ئەمدى مەن ئون ژىل ئۇزاق ياشايدىغان بولدۇم...

بۇ يەردە بوۋام ھەققىدىكى ئۇزۇن ھىكايىدىن باشقا كەيپىياتنى كۆتۈرگۈدەك گېپىمىز بولمىدى. تېخىمۇ كۆڭلۈم غەش بولغاندەك بولۇپ، كېتىش ئۈچۈن قوزغالدىم. بوۋاي بىلەن خوشلۇشۇۋېتىپ:

— ئەگەر ئۆلمىسەم يەنە كېلىمەن، يوقلاپ تۇرۇمەن، — دېدىم.

— ئاللاھ خالىسا يەنە كېلىسەن، تېخى كۆپ كېلىسەن. ئەمما يېقىن ئارىدا كېلەلمەسسەنمىكىن. ئاللاھقا ئامانەت بول، ئۆمرۈڭگە دۇئا قىلىمەن، سەنمۇ مېنىڭ ئۆلۈمۈمگە دۇئا قىل! — دېدى ئۇزۇتۇۋېتىپ.

كىشىلەر ئۇنىڭ ھەممە سۆزىگە سىرلىق دەپ قارايدىغان بولغاچقا مەنمۇ كەلگىچە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، تەبىر بەرگەچ ماڭدىم. ئۇزاق-ئۇزاق زامان ئارا ئۇنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگىلى كېلىدىكەنمەن، دېمەك، ئۇزاق ياشايدىغانلىقىمنىڭ بىشارىتى بۇ؛ ئەمما نېمىشقا ئۇزاق-ئۇزاق ئارىلىقتا يوقلايمەن؟ ئاتۇشتا بولسامىلا ھەرقاچان كېلەلەيمەنغۇ؟ شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇزاقلارغا كېتەمدىغاندىمەن؟ يەنە بىر ئىش، كىشىلەر ئۇنى 120 ياشقا كىرىپتۇمىش دېيىشەتتى. بىزمۇ شۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرەتتۇق. بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ يېشى ھەققىدىكى بۇ ئېنىق سان تورۇپلا كەتتى. ئۇ زورۇڭتاڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ياقۇپبەگ قوشۇنىغا ئەسكەر بولۇپ كىرمەكچى بولۇپتۇ، ئەمما ئۇنى قېرى دەپ ئالماپتۇ! بوۋامنىڭ ياش چاغلىرىدىمۇ ئۇ بىر بوۋاي بولسا، بۇ زادى قانچە ياشلىق ئادەمكىنا؟ ئۇ ئەمدى تېخىمۇ سىرلىقلىشىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ كۈنلەردە قوزغىۇلاڭچى قوشۇنلاردىن بىر بۆلۈكى بولغان كىچىكئاخۇن تەنجاڭ باچاڭغا[1] چۈشكۈن قىلىپ، ئاتۇشتىكى ئۈيۈشمىغا بىر ئالاقچى

[1] باچاڭ — ئاتۇشنىڭ شەرقىگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يېزا، كوممۇنىست ئىستىلاسىدىن

ئەۋەتىپتۇ. لىۋاھىددىن بارلىق مۇئەللىملەر ۋە ئىزچىلارغا كىچىكئاخۇننىڭ مەكتۇبىنى ئوقۇپ بەردى. مەكتۇپتا بىزنى ئۆز قوشۇنى بىلەن شىمالغا يۈرۈشكە قاتنىششقا چاقىرغان ئىدى. كىچىكئاخۇن تەنجاڭ گەرچە قوزغۇلاڭچى بولسىمۇ، ئابدۇنىيازغا بەك ئىتائەت قىلغۇسى كەلمەي، ئۆز قوشۇنىنى زورايتىش كويىدا يۈرگەندەك قىلاتتى. مەن ئۇنى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىللە ناھىيىلەرنى ئارىلاپ يېڭى مائارىپ تەشۋىقاتى قىلغان سەپىرىمىزدە يېڭىساردا كۆرگەن ئىدىم. ئۇ پاكار، دىقماق ۋە بىر ئاز ئاقسايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ تاپانچا ئاسقاندىن باشقا دايىم قول پىلىيومۇتنى تۇتۇدۇغان، جەڭگە چىۋەر ھەم باتۇر، ئەمما بىر ئاز قارا نىيەت، ئەمەلگە خۇشتار ئادەملىكىنى پەم ئەتكەن ئىدىم. ئۇنىڭ چوڭ-چوڭ مەنسەپلەردىن تامايى بار ئىدى. ئۇ چاغدا بىز يېڭىساردا ئەمەلىي ئوق ئېتىش بەختىگە تۇنجى قېتىم مۇشەررەپ بولغان ئىدۇق. گەرچە ھەممىمىز قورال تۇتۇشنى، ھەر خىل قوراللارنى ئىشلىتىشنى، چۇۋۇپ تازىلاش، قوراشتۇرۇشنى ئۆگەنگەن بولساقمۇ، ئاتۇشتا مەكتەپتە بۇنداق ئەمەلىي ئېتىش مەشقى قىلىنمىغان ئىدى. يېڭىساردا كىچىكئاخۇننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن رەسمىي ئوق ئېتىپ، بەكمۇ ھاياجانلانغان، ئەمدىلا ھەقىقىي جەڭچى بولۇپ قالغاندەك، ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەن ئىدۇق. بۇ سەۋەپتىنمىكىن، كىچىكئاخۇن كۆزىمىزگە خېلى ئىللىق كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى[1].

كىچىكئاخۇننىڭ مەكتۇبى ئىجابىي جاۋاپلار بىلەن قارشىلاندى. شۇنداق بولسىمۇ بىركۈنى ئەپەندىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىز باسارى بولۇپ قالغان چوڭلار — مېنىڭ دىمەتلىكلىرىم: ئابدۇراخمان شائىر، ئەمەت مەخسۇم، ئابدىغوپۇر قۇناجىم، لىۋاھىددىن قاتارلىقلار — بىر يەرگە ئايرىم توپلۇنۇپ، بۇنىڭغا رەسمىي جاۋاپ يازىدىغان ھەمدە بۇ ئىرادەنامىمىزغا ھەممەيلەن ئىمزا قويۇپ، كىچىكئاخۇنغا يوللايدىغان بولۇشتۇق.

بەختكە قارشى دەل ئاشۇ موھىم يىغىلىش كۈنىدە گۈلزادىنىڭ تولغىقى تۇتتى. ئۇ مېنى كەتكىلى قويمىدى. بىلەمسىز، دەپ ئۆتكۈنۈمدەك، مېنىڭ بىر

---

كېيىن «قىزىلبايراق» دىھقانچىلىق مەيدانىغا قارايدىغان بولغان، — ئا.

[1] بۇ تەپسىلاتلار ھەققىدىمۇ تارىخىي رومان «باياۋاندىكى گۈلخان»غا قارالسۇن، — ئا.

ئاجىزلىقىم بار، ئايال كىشىنىڭ كۆز يېشىغا چىداپ تۇرالمايمەن، ھەتتا ئۇ ساختا كۆز يېشى بولغان تەقدىردىمۇ. ئۇ بولسا جېنى كىچىك، ئاۋاق بىر خوتۇن، تولغاقتا چىدالارمۇ؟ مەنچە ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلى قاتتىق ئازاپلىنىش بىلەن بىر ئاز بالدۇر تۇغۇپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مانا شۇ ئىغىر مەنىۋى زەربە تېنىنىمۇ ئاجىزلىتىۋەتكەچكە رەڭگى رويى سارغىيىپ، قارىغان ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك تۇسكە كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ ھەر تامچە كۆز يېشى خۇددى ئىرىتىلگەن ياغ بولۇپ يۈرىكىمگە تامىماقتا ئىدى. ھاۋاخان ھامما ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بىرنېمىلەر قىلىپ يۈرەتتى.

دەسلەپ مەن گۈلزادىنىڭ كۆڭلىنى دەپلا بۇ يەردە قالغىنىم بىلەن كۆڭلۈم سەبداشلىرىمنىڭ يىغىلىشىدا بولدى. ئەمما بارا-بارا گۈلزادىنىڭ نالىسى مېنى تولۇق ئىسكەنجىگە ئېلىپ، يىغىن ھەققىدە ئويلىغۇدەكمۇ ھەپسىلەم بولمىدى. ھامىمىز ماڭا يېقىن كېلىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— تۇغۇتى تەس كېلىدىغاندەك قىلىدۇ، ئاللانىڭ ئۆزىگە ئامانەت، ئىچىڭىزدە ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ، دېگەن-ئېيتقىنىڭىز بولسا ئاللاھ ياردەم قىلار...

بۇنىمۇ ئانچە چۈشۈنۈپ كەتمەپتىمەن. ئەسلىدە قىيىن تۇغۇت ئانىلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئىكەن. دېمىسىمۇ مەن ئىچىمدە توختىماي سۈرىلەرنى ئوقۇۋاتاتتىم. چۈنكى مەن گۈلزادىدىن ئايرىلغان بىر ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتىم. بالا كېلىدىغانغا ئاز قالسا كېرەك، ھامىمىسى ئۇنىڭ ئاياقلىرىنى كېرىپ، ئېتىكىنى كۆتۈرۈشكە تۇتۇنغانىدى، گۈلزادە ۋارقىراپ كەتتى:

— ياق، سابىت چىقىپ تۇرسۇن!

— ۋاي ئانام، ما بالىنى! مۇشۇ ھالىدىمۇ ئىرىدىن ئىزا تارتىپ يۈرگىنىنى! بولاپتۇ، بالام دالانغا چىقىپ تۇرۇڭە، — دېدى ھامىمىسى.

مەن دالانغا چىقىپ كەتتىم. ئەمما نالە-زار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بېشىم گاراڭ بولۇپ، ھېچنىمە ئويلىيالمايتتىم، مېڭەم بۇ دەرىجىدە قۇپ قۇرۇق ۋە ھېچ پائالىيەتسىز بولۇپ باقمىغانىدى. لېكىن بۇ خىل قۇپ قۇرۇقلۇق ئېلىپ كېلىۋاتقان بىشارەت ھەرقاندق تەسەۋۋۇرلاردىنمۇ كۈچلۈكرەك ئىدى... بىر كەمدە

ھاۋاخان ھامما قىيا ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:
— بۇيان چىرىڭە، سىزنى ئىستەۋاتىدۇ، تولغاق يەنە قېچىپ كەتتى، — دېدى.
مۇشۇنداق قىلىپ مەن بەش قېتىم چىقىرىلىپ، بەش قېتىم چاقىرىلدىم. ھەر قېتىم كىرگىنىمدە پەگاغا يېيىلغان قانغا قارايتىم، قاننىڭ يېيىلىش كۆلىمىگە قاراپ، ئاۋالقىدىن كۆپ ئۆزگىرىش يوقتەك دەپ ئۆز - ئۆزەمنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتىم. ئاخىرى بىچارە گۈلزادە ھالىدىن كېتىپ، ئىزا تارتىش تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتىن قالدى. ھاممىمىزنىڭ تەلپىي بىلەن ئۈنىڭغا ياردەملىشىپ، بالىنى تارتىپ دېگۈدەك ئالدۇق. بالىنىڭ چىرقىرىشى بىلەن ھۇشىغا كەلگەن گۈلزادە شۇنچە ئاغرىق ئازابى ئىچىدە «نېمىكەن؟» دەپ سورىدى.
— ئوغۇلكەن، جېنىڭغا تۈرەلگەن ئوغۇل! — دېدى ھاممىسى يىغلاپ تۇرۇپ. گۈلزادىنىڭ لەۋلىرىدە مەيىن بىر كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالغان ئىدى. قان بەك كۆپ كەتكەچكە ئۇ جان ئۈزگەن ئىدى.
مەن ئاشۇ چاغدا ھەممە نەرسە قېتىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ھەممە نەرسە قېتىپ قالغان. ۋاقىت قېتىپ قالغان، ئادەملەر قېتىپ قالغان، ئادەملەرنىڭ سايىلىرىمۇ قېتىپ قالغان. ھېچنەرسە قىمىر قىلمايدۇ. ھەتتا كىشىلەرنىڭ تىنىقىمۇ توختاپ قالغاندەك، ۋاقىت ئېقىشقا باشلىسا، قېتىپ قالغان كائىنات ھەرىكەتكە كەلسە، قېتىپ قالغان ئادەملەر قىمىرلاشقا باشلىسا، ئادەملەرنىڭ قېتىپ قالغان سايىلىرى قايتىدىن چوڭىدىن كىچىكلەپ ۋە كىچىكتىن چوڭىيىپ تۇرسا، ئاخىرى ماڭا كىرەكلىك بىر تىنىقنى ئېلىۋالسام ھەممىدىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئەمەلىيەتتە ھەممە نەرسە ھەرىكەتلىنىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ ھەرىكەتلەر ماڭا زادىلا ھەرىكەتتەك تۇيۇلمايدۇ، مەن تىنىۋاتىمەن، ھەتتا تىنغان ئاۋازىم ئۆزۈمگە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۆزەمنى يەنىلا تىنالمايۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن...
ياخشى كۆرۈدىغان ئايالىم مېنى تاشلاپ كەتتى. مەن ئەزەلدىن تەنھا ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ ھاڭىيادەك ئۆيۈمدە تەكرار تەنھا قالغاندىم. ئانام ئۆلۈپ، دادام بىلەن ئىككىمىز ئۇزاق تەنھا ياشىغان ئىدۇق؛ كېيىن دادام ئۆلۈپ، تېخىمۇ تەنھا قالدىم. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يول مېڭىشى، تىرىشچانلىقى خاسىيىتىدە،

يىرتقۇچنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكىلى تاس قالغان بۇ ئاجىز چۈجەم بىلەن باش قوشۇپ، ئۆيۈم بىر يىلدىن ئارتۇقراق ئاۋات بولغان ئىدى. مانا ئەمدى چەكسىز بىر چۆلدە يالغۇز يولۇچىدەك تەنها قالدىم. ئەمدىلا تۇغۇلغان بۇ بالىنى قانداقمۇ قىلارمەنكىن!

مانا شۇ ۋەجدىن ھېلىقى موھىم يىغىندىن مەھرۇم قالغان ئىدىم. «ھەر يامانلىق بىلەن بىر ياخشىلىق باردۇر» دېگەن ئايەتتىكىدەك ۋە «سىلەر بىر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر» دېگەن ئايەتتىكىدەك بولدى.

گۈلزادىنى يەرلىكىگە قويۇپ بولۇپ، ئۆزەمنىڭ تەنھالىقىمنى، تەسەللىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ، مېنىڭ خىيالىمنى بۇ قورقۇنۇچلۇق تەقدىردىن باشقا ياققا بۇرايدىغان دوستلۇرۇمنىڭ پاراڭلىرىنى تەلەپ قىلىپ ئەتراپىمغا قارىغىنىمدا، بىردىنلا ئەتراپىمدا ئۇلارنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. مەن ھېچ بولمىغاندا ئۆزۈم قاتنىشالماي قالغان ھېلىقى موھىم يىغىنىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۇلار يەتكۈزىدۇ دەپ ساقلىماقتا ئىدىم. لېكىن دوستلۇرۇم ئۆلۈم مەرىكىسىگە كەلمىدى. ھەتتا نەزىرىگىمۇ كەلمىدى. ئوتتۇردا بولۇنۇۋاتقان مىش-مىشلار قۇلۇقۇمغا كىرىپ قالدى: ئۇلار سىرلىق ھالدا غايىپ بولۇپ كەتكەنمىش! خۇددى چۆچەكلەردىكىدەكلا! قاباھەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئادەمگە شۇنداق تۇيغۇ بېرىدۇ، ئەقىل ئۇنى قوبۇل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداقمۇ ياكى قاباھەتنىڭ ئۆزىلا ئۆلۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق سىرلىقمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئاشۇ كۈنلەردە تۇيۇقسىز غايىپ بولۇپ كېتىش، يېرىم كېچىدە ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئۇسۇپ كىرىپ ئۆينى ئاختۇرۇشى دېگەندەك ئىشلار دائىملىق ئىشلارغا ئايلىنىپ كەتكەچكە، كىشىلەرنىڭ دىققىتىغىمۇ ئىلىنمىگەندەك قىلاتتى. بىر يۇرتتا بىر توپ ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى خۇددى دائىم يا ئېلىپ كېتىدىغان يەرنى يار ئېلىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرچىلىكمۇ كىشىلەرنى جىددىيلەشتۈرمەيتى. كىشىلەر ئۈچۈن نىمىلا بولمىسۇن يوقاپ كېتىش تىرىك كۆمۈش ۋە كوللېكتىپ كۆيدۈرۈۋېتىشلەردىن ئارتۇق قاباھەتلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى يوقاپ كەتكەن كىشىلەرنى ئۇزاق يىللار ساقلىغىلى بولاتتى. ئۇلارنى

كېلىپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆزىنى بەزلىگىلى بولاتتى. ئۇلارنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى يۈرەكلىرى تامامەن سېزىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن جەسەتتىن ئىبارەت ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت بارلىق خىياللارنى ئۈزۈپ تاشلىمىغۇچە ئۇلارنىڭ قەيەرلەردە، نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى ۋە قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقا كەڭ ئىمكانلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىللار ئۇزارغانسېرى بۇ خىل ئىمكانىيەتلەر چەكسىزلىشىپ باراتتى.

ھوشۇرمۇ كەلمىدى. ھوشۇر ھېدى بۇرۇندىن شۆتاڭدا[1] ئوقۇيدىغان قوشنىمىز ئىدى. ئۇ زامانلاردا خىتايلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا تەرجىمانلىققا ئىشلىتىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەر يۇرتقا بىرەردىن ئوقۇغۇچى ئالۋڭى چۈشۈرەتتى. نورمالدا بۇ ئالۋاڭ يۇرت چوڭلىرىغا كېلىدىغان بولسىمۇ، ئۇ زامانلاردا خىتايچە ئوقۇشقا بالا بېرىشنى ھېچكىم خالىمايتى. «خىتاي بولۇپ كېتىدۇ، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ» دېيىشەتتى. بۇ ئىنسانلاردىكى ئۆز ھاياتىنى ئەۋلادلىرىنىڭ ۋۇجۇدى ئارقىلىق ھىس قىلىش بەختىيارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىر بالىنىڭ تۇيۇقسىز يات بىر تىلدا سۆزلەپ يۈرىشى، ئۇنى ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن دېگەن ئىشەنچكە ۋە بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى كۆرۈش تۇغدۇرۇدىغان بەختىيارلىق، مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرۇشتەك يوشۇرۇن تۇيغۇلىرىغا خىرىس ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ خىل پىسخىك تېندىنسىيە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا «خىتاي بولۇپ كېتىدۇ، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى بىكىنمىچىلىك ۋە رادىكاللىقىدىن ئەمەس، بەلكى تۆۋەن دەرىجىدىكى ياۋايى مەدەنىيەتنىڭ ئىرقىي يۇتۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندىكى ئىنكاسى ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە خىتايلار ياۋايىلىق، دۆتلۈك، نامەرتلىك ۋە يالغانچىلىق قاتارلىق دۇنيادىكى بارلىق ناچار سۈپەتلەرگە ۋەكىللىق قىلاتتى. كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاكىملەرنىڭ بالىسىنى شۆتاڭدا ئوقۇتۇپ كېيىن كۆلىغا ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئۇيغۇرنىڭ گۆشىنى تاتلىق بولىدىكەن دەپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ

[1] شۆتاڭ — (خىتايچە) 学堂 — ئا.

گۆشىنى شىلىپ يېيىشكەنلىكى ھەققىدىكى گەپلەر پات ـ پات كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇگۇنكى دەۋر ئىنسانلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، قەدىمكى دەۋردىكى ياۋايىلارنىڭ ياكى جىنكەشلەرنىڭ جىنلىرى كۆرسىتىپ بەرگەن بەلگىلىرىگە ئوخشايدىغان يېزىقلىرى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان بىر نەرسىلەر بولۇپ تۇيۇلاتتى. شۇڭا، كىشىلەر ئۆز بالىلىرىنى بۇ غەلىتە ئالۋاڭدىن قاچۇرۇپ، ئىگە ـ چاقىسىز، يېتىم ـ يېتىمەكلەردىن بىرەرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ ئورنىغا بۇ ئالۋاڭغا ئەۋەتەتتى. تېخى بۇنى شۇنچىلىك دەبدەبىلىك بىر مۇراسىم بىلەن قىلىشاتتى: يۇرتقا كاتتا چاي بېرىپ، ئۇ بالىنى بېقىۋالغانلىقىنى جاكارلاپ، ئاندىن ئۆز بالىسى سۈپىتىدە يولغا سالاتتى. شۇندىمۇ گويا ئۇنى بارسا ـ كەلمەس يولغا ئۇزۇتۇۋاتقان، ھەتتا توغرىدىن ـ توغرا دىۋىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بېرىۋاتقاندەك، قىيماسلىق بىلەن كۆز يېشى ئىچىدە ئۇزۇتاتتى. ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئەۋەتىدىغان يۇرت چوڭلىرىمۇ يوق ئەمەسكەن، باشقا يەرلەردە كۆردۈم؛ ئەمما، پەقەت كەنجى قازاخۇنۇملا[1] ئۆز ئەۋلادىدىن بىرنى شۇتاڭغا بەرگەننى مۇستەسنا قىلغاندا ئاتۇشتا ئۇنداقلار يوقىدى. كەنجى قازاخۇنۇم بولسا، بۇنى خىتايلارغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىلغانىدى.

ھوشۇرمۇ يېتىم بولغاچقا بايلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنىغا سەپلەنگەن ئىكەن. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى قەشقەردە ئوقۇيتتى. گەرچە ئۇنى خىتايچە ئوقۇيدۇ، ياۋايىلارنىڭ ئىنسان چۈشەنمەيدىغان تاۋۇشلىرىنى قانداق ئاغزىدىن چىقىرىدىغاندۇ دەپ ھەيران قالساقمۇ، ئۇنىڭ غەلىتە ئاۋازلاردا بىر نەرسىلەرنى دېيىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدا ئۇ خۇددى بىزگە نورمال ئادەم ئەمەس قانداقتۇر غەلىتە مەخلۇقتەك بىلىنىپ، بۇ تەسەۋۋۇرىمىز بىلەن مەھەللىمىزدە بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئاددى سادىدا ھوشۇرنى بىر گەۋدىگە ئىگە قىلالماي قىينالساقمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا كىچىك ۋاقتىمىزدا بىللە ئوينىغان ھوشۇر ئىدى. تۇيىمىزدا ئۇنى ئانچە ياراتمايدىغان بولسىمۇ، مەن قوشنىدارچىلىق يۈزىسىدىن ئارىلىشىپ تۇراتتىم.

---

[1] كەنجى قازاخۇنۇم ـــ شۇ چاغلاردا ئاتۇشتىكى تۆرت قازىنىڭ بىرى، شورۇقنىڭ بوستاندىكى جۈمە مەسجىدىنىڭ ئىمامى ئىدى، ـــ ئا.

شىرەم تۇققانچىلىقىمىزمۇ باردى. بۇ قېتىم قوزغۇلاڭنىڭ ئالدىدىن تارتىپلا ئۇنى شورۇقتا كۆرمىدۇم، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ قەشقەردىن كەلمەيلا قويدى. دېيىشلىرىچە ئۇ تۇڭگان قوشۇنىدا ئىشلەۋاتقانمىش. بەلكىم بۇ گەپ راست بولسا كېرەك، قوزغىلاڭچىلار غەلىبە قىلىپ، قەشقەر ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ چىقمىدى.

مەھەللىدە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تۇنجى دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان ئۈچ دوستىنى مۇھەممەت قارى سوۋېتكە ئوقۇشقا كەتكەن، ئابلىمىت قارىمۇ ئاشۇ يىغىلىشقا قاتناشقانلار قاتارىدا غايىپ بولغان ئىدى. ئۆلۈم مەرىكىسىگە يېقىنلىرىمدىن بىرلا ناسىراخۇن كەلدى. ئۇ بازارلىق بىر لۈكچەك ئىدى. كېيىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەربىيىسىدە ئادەم بولۇپ، يېنىك ئاتلىتىكىدا خېلى نەتىجە يارىتىپ، ئىزچىلار ئىچىدە قارامىلىقى، قورقۇمسىزلىقى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ، مەمتىلى ئەپەندىگە ياراپ قالغان ئىدى. بىزلەر مۇئەللىم بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇ تېخى ئوقۇيتتى، بەلكىم مەكتەپكە كەچرەك يېزىلغان بولسا كېرەك؛ يا بولمىسا بىرەر ياش كىچىكمىدىكىن. مەمتىلى ئەپەندى ئىككىمىزنى دوست قىلىپ قويغان. «بىر ئېغىر مىجەز، كەمسۆز بىلەن، بىر چاچراپ تۇرىدىغان تەنتەك مىجەزلىكنىڭ دوست بولسا قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرەيلى» دەپ چېقىشقان ئىدى. مىجەزىمىز ئاسمان - زېمىن پەرقلىق بولۇشىغا قارىماي ئىككىمىز ياخشى چىقىشىپ قالغان ئىدۇق. ئۇ تىنىم تاپماي ھەرىكەت قىلىپ تۇراتتى، گەپ كوچىلايتى، ئارتۇقچە ئىشلارغا چېپىلىپ تۇراتتى، ھەركىمگە، ھەر سۆھبەتكە ئارىلىشىۋالاتتى. ئەمما مەن بىلەن بولغاندا بەكمۇ رايىش بولۇپ كېتەتتى. مېنى مەمتىلى ئەپەندىدىن قالسىلا ھەممىدىنمۇ بەك ھۆرمەت قىلاتتى. مانا شۇ ناسىراخۇندىن قۇرداشلىرىمنى سورۇدۇم. ئۇمۇ ئارتۇق بىرنېمە دەپ بېرەلمىدى. «ئۇن - تىنىسىز غايىپ بولۇپ كەتتى»، دېدى.

— سەن توپلانتىغا[1] قاتناشمىغانمۇ؟ — دەپ سورۇدۇم. ئەسلىدە ئۇ توپلانتىغا چاقىرىلغانلار توپىدا بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ مىجەزىگە كۆرە ئۇ چوقۇم قېتىلىۋالماي قالمايتى.

[1] توپلانتى ـ Toplantı (تۈركچە)دىن كەلگەن بولۇپ، شۇ زاماندا يىغىن شۇنداق ئاتىلاتتى. ـ ئا.

— بارتىم،...
— ماڭا قارا، ناسىر، سەن ھەممىسىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئوبدانراق سوراشتۇرۇپ باق، مەن ما ئىش بىلەن يەنە خېلى ۋاقىتچە تالا-تۈزگە چىقالمايمەن. بىر ئۈچۈر ئاڭلىساڭ دەرھال كېلىپ ماڭا ئاڭلات.
گۈلزادىنىڭ يەتتە نەزرىسى تۈگىگەندىن كېيىن ھامىمىز بالىنى ئېلىپ ئۆيىگە كېتىدىغان بولدى.
— مەن ئەمدى ئۆيۈمگە كېتەي، بالام، — دېدى ھاۋاخان ھامما داۋاملىق مۈڭلۈك ۋە ئۈمىدسىز بولغان يوغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ. بۇ تىكىلىشتە گويا «سېنى يالغۇز قويغۇم يوق، بالام، ئەمما ماڭا نە چارە؟» دېگەن بىر ئىلتىجالىق بىلىنىپ تۇراتتى، — ھېلىمۇ ئۈزاق تاشلىۋەتتىم، بالىلىرىمنى قولۇمغا ئالاي، ئابىتنى ئېلىپ كېتىمەن، سىزگە تاشلاپ قويسام بولارمۇ باقالمايسىز، سىز دېگەن ئەركىشى بولۇپمۇ تازا قولاشمىغانلىرىدىن تۇرسىڭىز، ئەمچەكتىكى بالىنى سىزگە تاشلاپ قويغىنى بولامدۇ.
شورۇقتا دادىنىڭ ئىسمىغا باشقاپپيە ياكى قاپپيە كەلتۈرۈپ ئىسىم قويۇش ئادىتى خېلى ئومۇمىي. شۇڭا ئوغلۇمغا ئۇرۇق-تۇققانلار ئولاش-چولاش مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، مېنىڭ ئىسمىمغا كەلتۈرۈپ، «ئابىت» دەپ ئىسىم قويۇشقان ئىدى. ئەسلىدە بۇ «ئابىددىن» دېگەن ئىسىم بولسىمۇ، شورۇقتا ئىسىملار دەرھاللا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى-يېڭى ئىسىملار مەيدانغا كېلىدىغان بولغاچقا، بالىنىڭ ئىسمى «ئابىت» دېيىلدى. مەسىلەن، بىزدە «ھېبىبۇللاھ» دېگەن ئىسىم «ھېبىك»، «زەبىبۇللاھ» دېگەن ئىسىملار «زىبىك»كە ئايلىنىپ كېتىدۇ.
ھامىمىز ماڭا كۆپ تەسەللىي ئېيتتى، بالىدىن غەم قىلماسلىقىمنى تاپىلىدى، ئۆمرى بولسا ئۆرۈلۈپ-سوقۇلۇپ چوڭ بولىدۇ، ئەجىلى توشسا نەدە بولسىمۇ جان ئاللاھنىڭ ئامانىتى بولغاندىكىن، بەندىنىڭ قولىدىن تۇسۇۋېلىش كەلمەيدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى.
مەنمۇ ئابىتنىڭ ئەي بولۇشىدىن ئۈمىتۋار ئەمەس ئىدىم. قىزغۇچ قارامتۇل تېرىسى خۇددى ئەتلەنگۈش قۇشقاچتەك، قىرقىراپ يىغلىسا كۆكىرۈپ كېتىشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا بۇ بالىنىڭ ھايات قېلىشىنى تەسەۋۋۇر

قىلالمايتتىم. ئۇ بالىنى ئېلىپ كېتىشى بىلەنلا ئۆي ئىچى چۆلدەرەپلا كەتتى. تۆرت تام گويا مېنى تىرىك يۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ، باغدا، ئارقىدىكى ئېتىزلىقلاردا يۈرەتتىم.

ھاۋاخان ھامما ئابتىنى ئېلىپ كېتىپ، ئەتىسىلا بازارغا ماڭدىم، ناسىراخۇن ئۇچۇر ئېلىپ كەلمىگەن ئىدى. ئۆزەم بېرىپ سۈرۈشتۈرمىسەم ئارام تاپالايدىغاندەك قىلمايتتىم. بۇ چۆچەكلەردىكىدەك غايىپ بولۇپ كېتىشنىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ ئەقىلگە ياتىدىغان بىر يىپ ئۇچى بولۇشى كېرەك ئىدى.

ناسىراخۇن ھەممەيلەننىڭ ئۆيىگە بارالماپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ تېجەن، سۇنتاغ تەرەپلەرگە بېرىپ بىرقانچەيلەننىڭ ئۆيىگە يولۇقۇپتۇ. ئۇلار ئوخشاش بىر كېچىدە نامەلۇم ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ كېتىلگەن ئىكەن. بۇنى ئاڭلىغان ناسىراخۇن ئارتۇقچە سىتىقىنى ئېلىشتىن قورقۇپ قاپتۇ.

بۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئۇچۇرلارمۇ خېلى كۆپىيىپ قالغانىدى. ئېيتىشلىرىچە ياشلارنىڭ ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈپ يازغان نامىسىنى ئالغان ئالاقىچى باچاڭغا قاراپ ماڭغاندا بۇ ئارىدا قاتناپ تۇرغان بەزى ئادەملەرگە ئۇچراپتىكەن. باچاڭ بىلەن ئاتۇش ئارىلىقىدا قاتناپ تۇرۇدۇغانلار ئۇزۇلمەيتى. ئەمما ئۇچراتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاراقلىما[1]نىڭ بېرىسىدە ئۇچراتقانلىقى ئېنىقلاندى. ھېچكىم ئۇنى باچاڭ تەرەپتە ئۇچراتماپتۇ. خىلمۇ- خىل پەرەزلەر ئىچىمنى غاجىلىماقتا ئىدى. ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلىشنى خالىمايدىغان خىياللار مېڭەمنى ئىگىلەپ، يۈرىكىم تۇرۇپ-تۇرۇپلا پەسكە ساقىغاندەك بولاتتى. مەلۇم بولدىكى، كىچىكئاخۇننىڭ بۇ ئالاقىچىسىنى تاراقلىما ئەتراپىدىكى بىر يار ئىچىدە كىملەردۇر كۈتۈپ تۇرغان. ئۇنى شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىكەن، يېنىدىكى مەكتۇپنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ مەكتۇپقا ئىمزا قويغانلار ئەتىسى كېچىدە بىر- بىرلەپ تۇتۇلغان! بۇ پەرىزىم ئەقىلگە ئەڭ ئۇيغۇن كېلەتتى. ئانچە ئۆتمەيلا تۇزچىلار تاراقلىمىدىكى يارنىڭ بىر ئەگىمىسىدىن چالا كۆمۈلگەن، كېيىن يىرتقۇچ قۇشلار تاتىلاپ ئېچىۋەتكەن بىر جەسەتنى ئۇچراتقانلىقى ھەققىدە گەپ

---

[1] تاراقلىما ــ باچاڭ بىلەن شورۇق ئارىلىقىدىكى ئۆزۈكتە بىر يەرئىسمى بولۇپ، ئوتتۇرا مۇساپىگە توغرا كېلىدۇ، ــ ئا.

تارقىلىپ، شورۇقتىن بىر قانچە ئەركىشى ساۋاپلىق ئۈچۈن بۇ شېھىتنى كۆمۈپ قويغىلى كېتىشكەن ئىدى.

ناسىراخۇن يىغىندا مەنمۇ بار ئىدىم دەۋاتاتتى، نېمىشكە ئۇ ساق قالغاندۇ؟ دېگەن بىر سوئال تۇغۇلۇپ، ئىچىم شۇررىدە بولۇپ كەتتى.

— ناسىر، سەن قول قويمىغانمۇ؟ — دەپ سورۇدۇم مەن ئۇنىڭدىن گەرچە گۇمانلانمىسامىمۇ، تۇتقۇنلارنىڭ ئاشۇ مەكتۇپ تۈپەيلى قولغا ئېلىنغانلىقى ياكى باشقا ۋەجى بارلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىش ئۈچۈن.

— ياق، مەن قول قويمىغان، — دېدى ئۇ مېنى ھەيران قالدۇرۇپ.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ ھەممىگە چېپىلىپ تۇرۇدۇغان ئادەم، ئەجەپ بۇ ئىشقا كەلگەندە ئۆزەڭنى قاچۇرۇپسەن؟ جان تاتلىق كەلدىمۇ ـ يا؟

— ياقاۋۇ، مەن شۇندا ئادەمما، قول قويۇدۇغان چاغدا مەن يوق بولۇپ قاپتىمەن، بىر ئىش بىلەن چىكەتكەنتىم، كېيىن چىسەم خەتنى پېچەتلەپ بولۇپتىكەن.

بۇ گەپ مېنى قانائەتلەندۇردى. ئەمما ناسىراخۇن نېمىشكىدۇر تېپىرلاپ قالدى. ياراشمىغان خوشامەت گەپلەرنى قىلىپ يۈردى. خۇددى ئىشتىنىغا سىيىپ قويغان ئادەمدەك، بىئارام بىر چىراي ئىپادىسى باردى. مەن بۇنى مېنىڭ گېپىمدىن تە بولۇپ كەتسە كېرەك، دەپ چۈشەندىم.

بىلەمسىز، ئۇ چاغلاردا ئاتۇش ناھىيىمۇ ئەمەس، پەيزىۋاتقا قاراشلىق كىچىككىنە بىر بەگلىك ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىمۇ بولمايتى، بىر بەگ، بىر باجگىر، بىر ساقچى بولاتتى. قەشقەردە بىرەر ئۆزگىرىش بولغان ھامانلا، ئاتۇشتىكى ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق ئەرباپلار ئاللىقاياققا غايىپ بولاتتى، جاھان جىمىغاندا يەنە پەيدا بولۇپ قالاتتى. شۇڭا قوزغىلاڭچىلارمۇ ئاتۇشنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە قوشۇن ئەۋەتىپ يۈرمىگەن ئىدى. كىچىكئاخۇنمۇ ئاققاش تەرەپتىنلا باچاڭغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قەشقەردىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلاردىن بىر بۆلۈك ئاتۇشقا چىقىپ، ياشلارنى ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلدى. مەن ئۆزەمنى مەلۇم قىلىپ، ئەسكەرلىككە بارىدىغان بولدۇم. مېنى دورىدىمۇ ياكى ئىختىيار قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر ناسىراخۇنمۇ تىزىملاتتى. يەنە باشقا يىگىرمە ئوتتۇز ياش بىز بىلەن بىللە

ئىدى. ئەتىسى ئۇرۇق ـ تۇققانلار بىلەن خوشلۇشۇپ قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتۇق. مەن دوستلۇرۇمدىن تەنھا ھالدا ئايرىلىپ ساق يۈرۈشتىن نومۇس قىلغاندەك بىر روھى ھالەت ئىسكەنجىسىدە ئۆز ـ ئۆزەمنى ئازاپلاپ، دايىملا ئىچىمگە تىنىپ يۈرۈدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئەمدى قوزغۇلاڭچى قوشۇنغا قېتىلىپ، شىمالغا يۈرۈشتە شېھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلماقتا ئىدىم. بۇنداق بىر روھى ھالەتنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلمىگەن ئادەملەرنىڭ بۇنى چۈشۈنەلەيدىغان ـ چۈشۈنەلمەيدىغانلىقىغا جەزم قىلالمايمەن. ئەمما يېقىن دوستلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقاندا بۇ ھايات گويا ھاقارەتلىك بىر مۇكاپاتتەك تۇيۇلۇدۇكەن؛ خۇددى نومۇسنى پىدا قىلىپ قازىنىلغان نەرسىدەكلا. شۇڭا مەن بۇنداق جاننى قىيىنغۇچى تۇيغۇلاردىن پەقەت شېھىت بولۇش ئارقىلىقلا قۇتۇلغىلى بولۇدۇ، دەپ ئىشىنەتتىم.

كېتىش ئالدىدا ھاۋاخان ھاممىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كېتىۋاتقانلىقىمنى ئېيتىپ قويمىسام بولمايتى. ئەمما بۇ خوشلۇشۇشنىڭ قانچىلىك روھى ئېغىرچىلىق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. ئوغلۇمغا قاراشقا جۈرئىتىممۇ بولمىدى. ئۇنىڭ يىرىگىدەك ۋۇجۇدى، زەئىپلىكىدىن، يىغلىسا ئاۋازىمۇ چىقماي كۆكۈرۈپ كېتىشلىرى، كۆزلىرىنى ھەمىشە چاپاق بېسىپ تۇرۇشى،... ئاخىرىنى ئويلاشقىمۇ مادارىم يەتمەيدىغان قورقۇنۇچلۇق تۇيۇلاتتى. بۇنى دەپ ئولتۇرۇپ يۈرىكىڭىزنى مۇجۇغۇم كەلمەيدۇ.

نېمىلا بولمىسۇن بولۇپ ئۆتكەن پاجىئەلەردىن كېيىن شورۇقتا دېھقانچىلىقىمنى قىلىپ ئولتۇرالىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن خۇددى ناسىراخۇننى «نېمىشكە بۇ تىرىك قالدى؟» دەپ كۆزۈمنىڭ قىرىدا كۈزۈتۈپ قارىغىنىمدەك، بەلكىم ئاتۇشتىكى نۇرغۇن كىشىلەر، مېنىڭ مەتىللى ئەپەندىنىڭ ئەڭ يېقىن شاگىرتلىرىنىڭ تۇپىدا بارلىقىمنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىشىۋاتقاندۇ. «بۇ نېمىشكە ھايات قالغاندۇ؟» دېيىشىۋاتقاندۇ. ئاشۇ كۆزلەر ئالدىغا تىرىك قايتىپ كېلىش تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر ئىش ئىدى. شۇڭا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مۇشۇ قېتىملىق ئىنقىلاپتا ئاللاھنىڭ رىزاسىنى قازىنىپ، شېھىت بولۇشنىلا ئويلايتىم.

قەشقەردە يۇمۇلاقشە[1]گە چۈشتۇق. بىرقانچە كۈن تەلىم تەربىيە ئېلىپ باردى. قورال ئېتىشنى ئۆگەتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەسلىدىمۇ ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرگەن ئىدۇق، ئەمما سەھرالاردىن يىغىپ كېلىنگەن ساددا دېھقان باللىرى كۆپ ئىدى. ھە دېگەندىلا مېنى ئون بېشى قىلىپ قويۇشتى. ناسىراخۇن بىلەن ئىككىمىزنى ئايرىم يۈزلۈكلەرگە ئايرىۋەتتى. ئەمما ئىككىلىمىز كامال تەنجاڭنىڭ پولكىدا ئىدۇق. كامال تەنجاڭ بۇرۇن يېڭىساردا تۇرغان 3-پولكنىڭ پودپولكوۋنىكى ئىسمائىلاخۇننىڭ قول ئاستىدا يۈز بېشى ئىدى. كېيىن ئابدۇنىياز كاچۇڭدا دىۋىزىيە قوماندانى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن ئۇنى پولكوۋنىك قىلىپ ئۆستۈرگەن.

ناسىراخۇن بىكار بولسىلا قورغان ئىچىدە پىرقىراپ يۈرەتتى. ھەممە نەرسىنىڭ سىرتىقىنى ئېلىپ، تاپقان گەپلىرىنى ماڭا ئەكىلەتتى. بىر كۈنى ئۇ بۇرۇن بىزنىڭ ئىلمىي سۆھبەتلىرىمىزدە بولۇپ يۈرگەن، ئۆز ۋاقتىدا تۇڭگانلار قوشۇنىدىن قاچقان چاغدا مەمتىلى ئەپەندى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئاراللىق رېھىم دېگەن يىگىتنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇمۇ خېلىدىن بېرى مۇشۇ يەردە ئىكەن. ناسىراخۇن بۇ نەچچە مىڭ ئەسكەرنىڭ ئىچىدىن ئۇنى تېپىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن قىسقىلا كۆرۈشتۇق. ئۇمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قېتىلغان ئىكەن. ئۇ قوزغىلاڭچىلار يېڭىساردىن ئۆتۈپ ئارال يېزىسىغا كىرگەندىلا ئەسكەر بولغان بولغاچقا بىزگە قارىغاندا كونا ئەسكەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ يېڭى ئەسكەرلەرگە ئوبېشى ئىكەن. بىرلىكلىرىمىز باشقا-باشقا بولغاچقا ئۇ كۆپ ئۇزاق تۇرالماستىن كەتتى. بۇ يەردە يەنە بىز بىلەن دائىم دوستلۇق مۇسابىقىسى، ئىلمىي سۆھبەت، دالا سەپەرلىرىدە سەبداش بولۇپ تۇرۇدۇغان يۈسۈپ زىيا[2]نىڭ قەشقەر ئىزچىلىرىدىنمۇ بىر مۇنچە تونۇش

[1] يۇمۇلاقشە — بۇرۇن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ 6-دىۋىزىيىسى تۇرغان جاي، كوممۇنىست ئىستىلاسىدىن كېيىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولدى، «گۈلباغ» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

[2] يۈسۈپ زىيا — قەشقەر ئىزچىلىرىنىڭ تەربىيىچىسى، نوۋېشى مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېقىن دوستى. ئۇمۇ ياۋاغ تۈرمىسىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، تەپسىلاتلار ئۈچۈن تارىخىي رومان «باياۋاندىكى گۈلخان»غا قارالسۇن، — ئا.

چىرايلارنى ئۇچراتتىم. ئۇلار ماڭا بىرىيەردە كۆرگەندەك قاراپ قويدى، مەن بولسام مىجەزىمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىرىگە يېقىنلىشىدىغان ئالاھىدىلىك بولمىغاچقا پارقىراپلا قاراپ قويدۇم. يەنە بىر جەھەتتىن بۇنداق مالىمان يىللاردا تېگى- تەكتىنى ئېنىق بىلمەيدىغان تونۇشلارنىڭ كۆپىيىشى كېتىشىنىڭ پايدىسى بولۇشىمۇ ناتايىن ئىدى. مېنىڭ شۇنچە خەتەرلىك ئوتلارنىڭ ئىچىدىن ساق چىقىشىمدىكى سىرمۇ مۇشۇ مىجەزىمنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك.

ئىككى ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاۋال رېھىملارنىڭ بىرلىكلىرى، كەينىدىن بىز شەرقىي شىمالغا قاراپ يۈرۈشكە ئاتلاندۇق. مارالۋېشىنى ئالدىن ماڭغان بىرلىكلەر تەسەررۇپىغا ئېلىپ بولغاچقا بىز مارالۋېشىغا كىرمەستىنلا يانداپ ئۆتۈپ ئاقسۇغا قاراپ ئاتلاندۇق. كەلپىنگە ئانچە كۆپ بولمىغان بىر گورۇپپا ئەسكەر ئەۋەتىلدى. قالغانلىرىمىز ئاقسۇ شەھرىنى ئېلىش ئۈچۈن يولنى داۋام قىلدۇق.

ۋاقىت بىر يەرگە بارغان ئىدى. مەن سابىت ئەپەندىنى چارچىتىپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ، ئورنۇمدىن تۇرۇدۇغاندەك قىملىدىم.

— مىدىرلاپ قالدىڭىز، زېرىكتىڭىزمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— يىللار بويىچىمۇ زېرىكمەيمەن، ئەمما ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپتۇ، ئەتە يەنە ئىشلەيدىغان گەپ، سىزگە ھاردۇق يېتىپ قالمىسۇن، مەن قايتاي.

ئۇ بۇنداق چاغلاردا دېيىلىدىغان تەكەللۇپ سۆزلەرنىمۇ بىلمەيتتى. ھاياتى ئەنە شۇنداق ياسالمىلىقتىن خالىي، تۈز، كىچىك بالىدەك ئۆتكەنلىكى بىلىنەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ خىجالەتمەن كۈلۈمسىرەپ، قولىدا مۇشۇنداق چاغلاردا خىجالەتچىلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سىقىمدىۋالىدىغان ھېلىقى پىلچىشى مۇشتەك، مەيۈس كۈلۈمسىرىدى.

— ئەمما ھىكايىڭىزنىڭ داۋامىنى ئاخىرغىچە ئاڭلىماي قويمايدىغانلىقىم ئېسىڭىزدە بولسۇن. مەن چوقۇم يەنە كېلىمەن، — دېدىم.

— ئىنشائاللاھ، ئىنشائاللاھ، — دېدى ئۇ سەمىمىي كۈلۈپ.

ئۆيگە كېلىپلا سۆھبەتتە بولۇنغان بارلىق تەپسىلاتلارنى قويماي يېزىۋېلىشقا تىرىشتىم. ئەتىگە قالسا ئەڭ ئاز 30 پىرسەنت تەپسىلات ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. بۇنداق قىلىشىم، كۆپ ئادەملەردە مۇخپىر ياكى يازغۇچى قەغەز قەلىمىنى قولىدا تۇتۇپ گەپ سورىسىلا گېپى قېچىپ، نېمە دەرىنى بىلمەي قالىدىغان ئىش بار؛ يەنە بەزىلەر بىرىنىڭ بۇنداق خاتىرە يېزىشىدىن ھەرخىل سەۋەپلەر بىلەن بىئارام بولۇدۇغان بولغاچقا، سۆزلەۋاتقان گېپىنى يۇتۇۋالىدىغان ئىشمۇ بار. شۇڭا مەن سابىت ئەپەندىگە گويا ئاڭلاپلا قويۇۋاتقان، ھېچ خاتىرە يازمايدىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ، ئۇنى خاتىرجەم سۆزلەشكە رىغبەتلەندۇرمەكچى ئىدىم. بۇنىدىن كېيىنمۇ مانا شۇنداق داۋام قىلىش نىيىتىم باردى.

تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ جەمەتى ھەققىدە تىلغا ئېلىنغان «بىجان جاللاتنىڭ ئەۋلادى» دېگەن سۆز يادىمغا كەچتى. بايا ھىكايىنى بۆلمەسلىك ئۇچۇن، ئۇنىڭ بۇ قىزىقارلىق لەقەم قويۇلغان بوۋىسى ھەققىدە سوراش ئەپسىز بولغان ئىدى. لېكىن قاچان بولمىسۇن ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئاز- تولا يىپ ئۇچى ئىگىلىمىسەم بولمايتى. بوۋىسى ھەققىدە كېيىنكى قېتىمدا سوراشنى كۆڭلۇمگە پۈكتۇم، ئەگەر ئۇنتۇپ قالمىسام.

ئۇدا بىرنەچچە كۈن پەقەت ئەتىگەندە نانغا چىققىنىمدا قىسقا سالاملاشقاندىن باشقا، كەچقۇرۇنلىرى ئۇياققا ئۆتۈپ سابىت ئەپەندى بىلەن سۆھبەتتە بولۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. نىمىلا دېگەن بىلەن سۆھبىتىمىز باشلىنىپ ئىزىغا چۈشىۋالغان ئىكەن، ئەمدى ھەرقاچان ۋاقىت چىقارساملا داۋام قىلدۇرالايدىغانلىقىمدىن خوشال ئىدىم.

كۆپ ئۆتمەيلا سۆھبەتنىڭ داۋامى ئۇچۇن پۇرسىتىم بولدى. يەنە سابىت ئەپەندىنىڭ ھېلىقى تارچۇق ئۆيىدە كۆرۈشتۇق. مەن ئەمدى رەسمىيەت سۆزلىرى، سالام - سائەتلەرنى ئاتلاپلا، سابىت ئەپەندىنىڭ ئۆز ھىكايىسىگە داۋام قىلىمەن:

✍ ✍ ✍

بىز ئاقسۇنىڭ بوسۇغىسىدا خىتايلارنىڭ جىددىي قارشىلىقىغا دۇچ كەلدۇق. خىتايلار ئاقسۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا مۇداپىئە

ئىستىھكامى قۇرغان ئىدى. تەبىئىي توسالغۇ بولغان دەريا ئىشىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. بىرقانچە قېتىم قارامىلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولساقمۇ، ھەر قېتىمدىلا نەچچە ئون جەڭچىنىڭ جېنىنى سەپ بېرىپ، غەربىي قىرغاقتا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. شېھىتلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئەزىم ئاقسۇ دەرياسى ئۇزاقلارغا ئېلىپ كەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىتتىپاقچى قوشۇن بولغان تۇڭگانلار قارىسىنى كۆرسەتمەيتى. ئەگەر ئەقىل بىلەن ئىش قىلماي، مۇشۇنداقلا ۋاقىت ئۆتۈدىغان بولسا، ئەسلىدىلا مۇنتىزىم ئەسكەرلىك تەربىيىسى ئالمىغان دېھقان باللىرى جېنىدىن تويۇپ، زېرىكىش تۈپەيلى سەپنى تاشلاپ تارقاپ كېتەتتى.

يوقۇرىدىن قوماندانلار كامال پولكىغا، پولكوۋنىك بولسا بىزنىڭ يۈز بېشىغا ئەتە سەھەرگىچە قارشى قىرغاقتا ئۆتۈش بۇيرۇقى چۈشۈردى. بىزنىڭ يۈزلۈك تۇرشاۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئالغاندىن كېيىن، يۈز بېشى نېمە قىلىشىنى بىلمەيتى. ئۇ گەرچە مەندىن كۆپرەك جەڭ كۆرگەن بولسىمۇ، ئوقۇمىغان دېھقان بولغاچقا بېشى قېتىپ، مېنىڭ ئوقۇمۇشلۇقلاردەك تۇرقۇمدىن بىر نەرسە تاما قىلغاندەك يېنىمغا كەلدى.

— نېمە قىلساق بولا ئۇكام؟ بۇيرۇقنى چۈشۈرۈشقۇ ئاسان، ئەمما ـ زە،... — دېدى ئۇ مەسئۇلىيىتىدىن قورقۇۋاتقاندەك.

كۆڭلۈمگە بىرنەرسە كەلدى. شۇنى ئۇنىڭ بىلەن كېڭىشىشكە قارار قىلدىم:

— ئەقلىمگە شۇ كېلىۋاتىدۇ، دۈشمەنگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇرۇۋېلىپ، بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، بىز دۈشمەنگە سەزدۇرگەن ھالدا دەريانىڭ يوقۇرىسى ۋە تۆۋىنىگە بۆلۈنۈپ، كىچىك ئىزدەۋاتقاندەك قىلىپ، بۇ يەردىن كېتەيلى. ئاندىن يېرىم كېچىدە بىزنىڭ يۈزلۈك يەر بېغىرلاپ، ئۆمۈلەپ قايتىپ كېلەيلى. مەن يەنە ئۆزى ئىختىيار قىلغان بىرنەچچە پىدائىي بىلەن دەريانى كېچىپ ئۆتۈپ تەلەي سىناپ باقساقمىكىن؟....

— بولۇدۇغاندەك قىلىدۇ. باشقا تەلەپلىرى بارمۇ ئۇكام؟

— بارلىق قوشۇنلارمۇ بۇ يەردىن غايىپ بولۇشى كېرەك. ئاندىن بىزنىڭ باشقا كېچىك ئىزدەپ كەتكەنلىكىمىز ئىشىنەرلىك بولۇدۇ. ئاندىن بىزنىڭ يۈزلۈكنىڭ ئارقىسىدىنلا دەريادىن ئۆتۈشكە ئاتلىقلار تەق بولۇپ تۇرۇشى كېرەك،

بولمىسا ئاز ساندىكى ئادەم بىلەن ئۇياقتا ئۇزاق بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ، — دېدىم.

— بولىدۇ، مەن تەنجاڭغا[1] يەتكۈزەي، — دېدى ئۇ، يېنىمدىن ئايرىلىۋېتىپ، خالىغان ئادەملىرىنى تالليۋالسىلا، — دەپ قوشۇپ قويدى.

بىز مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن دەريادىن ئۆتتۇق. دەريا قىرغىقىدا دۈشمەننىڭ كىچىك بىر گورۇپپىسىلا مۇداپىئەدە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى. ئاساسلىق دۈشمەن چوقۇم شەھەر ئىچىدە، سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقىۋېلىپ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتاتتى.

✍✍✍

— سابىتكا، مېنىڭ ئەڭ ئاڭلىغۇم كېلىۋاتقان يېرىنى ئاتلاپلا ئۆتۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ بىرلا ئېغىز گەپ بىلەن تۈگەتمەي، شۇ ئاخشىمى قانداق بولغانلىقىنى، سىزنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىڭىزنىڭ كارغا كەلگەن، كەلمىگىنىنى دەپ بەرمەمسىز؟— دېدىم نارازى بولۇپ.

— بۇ يەرلىرى بىرئاز رىياكارلىق گۇناھىغا يېقىن بولغاچقا دېمىسەم ياخشىدى. چۈنكى مەن جەڭگە نام - شۆھرەت، ئەمەل - مەنسەپ ئۈچۈن قاتناشمىغان؛ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاللاھنىڭ رىزاسىنى قازانسام، شېھىت بولسام دېگەندىن باشقا خىيال يوقىدى. چۈنكى، ئۇرۇلكېسىل خالىس نىيەتتە جەڭ قىلغاندىلا ئاللاھنى رازى قىلغىلى بولىدۇ. بىرئاز قەھرىمانلىق ئاتىقى قازىنىش نىيىتى ئارىلىشىپ قالسىمۇ ئەجىر تۈگەيدۇ. شۇڭا،... — دېدى ئۇ ئۆزى قىلغان قەھرىمانلىقتىن سۆز ئاچقۇسى كەلمەي.

— ئۇ چاغدا نىيىتىڭىز ساپ بولغاندىكىن، ئەجرىڭىز كېمەيمەس، بىزنىڭمۇ ئاڭلىغانلىرىمىز بار، شۇ قېتىم سىز بىرنەچچە دۈشمەننىڭ بوينىنى ئۇزۇۋەتكەن ئىكەنسىز، شۇ قانداق روي بەرگەن، دەپ بېرىڭا.

— ئاڭلىغانلىرىڭىز بىرئاز كۆپتۈرمە بولۇپ كېتىپتۇ، قارىغاندا بۇنى

[1] ئۇ چاغلاردا مىڭبېشىنى تەنجاڭ(团长) دەپ ئىشلىتەتتۇق، بۇ تازىمۇ غەلىتىلىك ئىدى.

توغرۇلۇمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى ئۇ رازىلىق بىلدۈرۈپ.

يۈز بېشى قايتىپ كەلگىچە مەن ئادەم تاللىيالمىدىم. چۈنكى بىلىسىز، بۇ پىدائىيلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىش. جان كېتىشى مۇمكىن. جان دېگەن شەخسىنىڭ. خەقنىڭ جېنىغا مەن قانداق قارار بېرىمەن. يۈز بېشى قايتىپ كېلىپ سورىدى:

— هە، قانداق بولدى؟ تەييارلىق پۈتتۈۋاتامدۇ؟

— ياق تېخى، مەن بىلەن بارىدىغان ئادەم تاللانمىدى، يەنى مەن كىمنى تاللىشىمنى بىلەلمىدىم. يەنى، سەن بار، دېيەلمىدىم.

— ۋاي ئۇكامەي، بۇ نېمە قىلغانلىرى، شۇنى قىلالمىغان يەردە... بوپتۇ مەن دەي، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — قايسىڭلار پىدايى بولۇپ بارىسىلەر؟ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، ئۆلسەڭلار شېهىت، قالساڭلار غازى، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئەجرىڭلار چوڭ بولۇدۇ.

ئاۋال ئىككىسى قىزغىن، ئاندىن ئۈچى سەل بوشراق، ئارقىدىن بىرى ئەگىشىپ، ئالتە ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. مەن ئۇلارغا مىلتىقنى قويۇپ قول بومبىسى ئېلىۋېلىشنى، پىچاق ئېلىۋېلىشنى تاپىلىدىم. يېرىم كېچىدە يۈزلۈكۈمىز دەريا بويىغا شەپىسىز يېقىنلاشتى. ئارقىمىزدا پولكىمىزنىڭ ئاتلىقلىرى ئاتلىرىنى ئاستا يېتىلەپ كېلەتتى.

بىز يەتتەيلەن هەمرالىرىمىزدىن ئايرىلىپ ئاستا ـ ئاستا دەريانىڭ لېۋىگە كەلدۇق. كۈندۈزى مەن دۈشمەن ئوت كۈچىنىڭ دەل ئورنىنى كۆڭلۈمگە خاتىرىلىۋالغان ئىدىم. ئاندىن دۈشمەننىڭ ئاساسلىق ئوت كۈچىنى دەريانىڭ بىر قەدەر يېيىق يەرلىرىگە مەركەزلەشتۈرگەنلىكىمۇ كۆزۈمدىن قاچمىغان ئىدى. مانا شۇنىڭغا ئاساسەن، مەن بىر ئاز سۈيى چوڭقۇر يەرلەردىن چىقىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم. ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولغان توشقان دەرياسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىگىز چوققىلىرىدىكى قارلارنىڭ ئېرىشىدىن تارامىلار هاسىل قىلىپ، بىر ئېقىنغا توپلۇنۇپ كەلگەچكە ئاجايىپ سوغۇق ئىدى. گەرچە تومۇز

بولسىمۇ، كېچىلىك تېمپېراتۇرا پەرقى بەك چوڭ بولغاچقا، مۇزدەك تاغ سۈيىگە چۈشكىنىمىزدە سوغۇق سۆڭەكلىرىمىزدىن ئۆتۈپ مېڭىمىزگە چىكەتتى. بىز چوڭقۇرراق ئايلانمىلارنى دالدا قىلىپ ماڭغاچقا بەزى يەرلەر بوينىمىزغا ئالسا، بەزى يەرلەر چۆكۈرەتتى. غەرپ تەرەپ ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارنىڭ شەرقىي بېقىنى بىرئاز ئاقۇش كۆرۈنەتتى. بۇنىڭدىن بىر ئازدىن كېيىن ئاي چىقىشى مۇمكىنلىكى، ھازىر شەرق تەرەپ ئۈپۈقىدا ئاينىڭ ئۈپۈق نۇرلىرى جىلۋىلىنىشكە باشلىغىنىنى مۆلچەرلەشكە بولاتتى. بۇ بىزگە ياخشى بىشارەت ھېساپلانمايتى. گەرچە ئاي تېخى تولۇن بولمىسىمۇ، ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا دۈشمەن قاراۋۇللىرىنىڭ كۆرۈشىگە كۆپ ياردىمى بولاتتى. شۇڭا ئالدىراش كېرەك ئىدى.

— ئاي چىقىشقا ئازلا قالدى، ئالدىرىمىساق بولمايدۇ. دۈشمەننىڭ مۇداپىئە توسۇقى ئالدىغىچە ئۆمىلەپ بېرىپ، ئاۋال قول بومبىسى ئاتىمىز، ھەممىمىز تەڭلا. ئاندىن سەكرەپلا توساقتىن ئارتىلىپ ئۈياققا چۈشىمىز. يېقىندىكىسىگە پىچاق، نېرىدىكىسىگە بومبا ئىشلىتىمىز. پىلىمۇتقا دىققەت قىلىڭلار. پىلىمۇتنى ئىگىلىۋالساقلا ئىشىمىز ئوڭ، — دېدىم قارشى قىرغاققا يېتىپ بېرىپ.

ئاندىن قىرغاقتىن يەر بېغىرلاپ چىقىپ، تاش - كېسەك، ھەرنەرسىدىن ھاپىلا-شاپىلا ياسالغان بۇ ئىستىھكامنىڭ ئالدىدا توختىدۇق. ئىشارە بىلەن ھەمراھلىرىمنى تۆرت قەدەمدىن ئارىلىقتا تارقاتتىم. ئاندىن ھەممەيلەن بىردىن قول بومبىسىنىڭ پىلىكىنى تەڭلا تارتتۇق. بىرنەچچە سېكونت ساقلىغاندىن كېيىن تەڭلا ئىچى تەرەپكە تاشلىدۇق. پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزگىمۇ تاش - شېغىل، تۇپا-تۇمان ياغدى. شۇئان «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېيىشىم بىلەن ئالتە جەڭچى توسۇقتىن ئاتلاپ ئىچىگە چۈشتى.

مۆلچەرلىگەن ئاساسلىق ئوت كۈچى ئورنى ئاساسەن توغرا چىقتى. پىلىمۇت مەن چۈشكەن يەردىن ئىككى قەدەم نېرىدىلا ئىكەن! پىلىمۇتچى ئۆلگەن ئىدى. مەن يەنە بىر قول بومبىسىنى بىزگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر توپ دۈشمەنگە ئاتتىم - دە، پىلىمۇتقا قاراپ ئېتىلدىم. ئويلىمىغان يەردىن پىلىمۇت يېقىنلىرىدا ياتقان ئىككى دۈشمەن ماڭا قاراپ ئېتىلدى. ئۇلار تىرىك ئىكەن. مانا شۇ چاغدا

سىز خاتا ئاڭلىغان ھېلىقى ئىش يۈز بەردى. مەن ئۇلارنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋېتەلمىدىم. ھەتتا قولۇمدىكى پىچاقنى تىقىشقىمۇ جۈرئىتىم بولمىدى. يېقىندىكى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسكەن. مەن بىرىنى تەپتىم، ئۇ چاقىقچە يەنە بىرىنىڭ كەمىرى بىلەن گەجگىسىدىن تۇتۇپ، توسۇقتىن ئارتىلدۇرۇپ، دەرياغا تاشلىۋەتتىم؛ ئارقىدىن يەنە بىرىنىمۇ خۇددى شۇنداق قىلدىم. ئۇلارنى قىيما - چىيما قىلىۋەتكۈم بار ئىدى، ئەمما ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەن بەك سۈرى بار ئىش ئىكەن. يىراقتىن ئاتقان باشقا، يېقىندىكىنى پىچاقلاش تامامەن باشقا گەپكەن. پىلىمۇتنى ئىگىلىۋالدىم.

دەسلەپكى پارتلاش ئاۋازى بىلەنلا ئۆزلىرىنى دەرياغا ئاتقان يۈزلىگىمىز، ئارقىدىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ قىيا - چىيا ئاۋازلىرى كېچە جىملىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. دەريانى كېچىۋاتقان ئات ۋە ئادەملەرنىڭ شاۋقۇنى پارتلاش ئاۋازلىرى ئوق ئاۋازلىرى بىربىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

پەرەز قىلغىنىمىزدەك، بۇ يەردە قوشۇمچە مۇداپىئەدە تۇرغان ئىككى يۈزچە دۈشمەن بار ئىدى. ئۇرۇش دېگەندە بىر سېكونت ۋاقىت قازىنىۋالسىڭىز تەقدىرىڭىز تامامەن باشقا تۈرلۈك بولۇدۇغان گەپ. بىر دوستىڭىز سىز ئۈچۈن دۈشمەننى يېرىم مىنۇت مىلىكە قىلىپ تۇرالىسا، سىز ئەللىك قەدەم ئۇزاققا قېچىپ بېرىۋالالايسىز دېگەن گەپ. ۋاقىتنىڭ ئەڭ قىممىتىنى بىلگىلى بولۇدۇغان مەيدان جەڭدۇر.

مانا شۇنداق قىلىپ، ئاقسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈۋالدۇق. ئاقسۇ شەھرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئەسكەرلەرگە دەم بېرىلدى.

دەم ئېلىۋاتقان ئارىلىقتا مىڭبېشى يۈزلۈكۈمىزگە كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنى بىر ئەسكەر باشلاپ كەلگەن ئىكەن.

— ئاللاھ سىزدىن رازى بولسۇن، قالتىس ئىش قىلدىڭىز، — دېدى ئۇ، — سىز ئىلگىرى ئەسكەر بولۇپ باققانمۇ؟

— ياق، بولمىغان، ئەمما بىز مەكتەپتە مۇئەللىملەر ۋە ئىزچىلار ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئالغانمىز، — دېدىم.

— ھە، سىز مۇئەللىممۇ؟ مۇئەللىملىكىڭىزنى قىلىۋەرمەي، نېمىشقا جېنىڭىزغا تەۋەككۈل قىلغانسىز؟ ئاتۇشتىنمۇ سىز؟

— ھەئە، ئاتۇشتىن.
— مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولماڭ؟
— دەل شۇنداق.
— ئەكىلىڭ قولىڭىزنى، يەنە بىر كۆرۈشۈۋېتەيلى، — دېدى مىاڭ بېشى قولىنى تەڭلەپ، ياشىنىپ قالغان شاپ بۇرۇتلۇق بۇ ئادەمگە ھەربىيلىك تازىمۇ ياراشقاندەك قىلاتتى، — دەريادىن ئۆتكىچە كاماندىرىڭىز شېھىت بولۇپ كەتتى. ئەمدى سىز يۈز بېشى بولۇسىز، ئەسلىدىغۇ سىزگە مىاڭ بېشىلىقمۇ چوڭ كەلمەيدۇ، ھازىرچە سىلەرنىڭكىلەر باشسىز قالمىسۇن، — دېدى. ئاندىن بىزنىڭ يۈزلۈكتىكى ئەسكەرلەرگە بۇرۇلۇپ، — ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ يېڭى باشلىقىڭلار بۇ ئەزىمەت بولۇدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

دەريادىن ئۆتۈشتە ماڭا ئەگەشكەن ئالتە پىدائىي ھەممىسى ھايات ئىدى. ئۇلار ماڭا ئەگىشىپ، شەرەپ قازانغىنى ئۈچۈن مەندىن بەكمۇ مەمنۇندەك قىلاتتى. ئۇلار ئەڭ ئەۋەل كېلىپ ماڭا قول ئۇزاتتى. شېھىت بولغان ئونبېشىلارنىڭ ئورنىغا ئۇلاردىن ئونبېشى تەيىنلىدىم.

ئاقسۇ مۇھاسىرىسى خېلى كۈن داۋام قىلدى. بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇنۇش كارغا كەلمىدى. ئۇزۇن ياغاچلاردىن ياسىغان كېلەڭسىز شوتىلىرىمىز، ئۇستىگە قايناق سۇ تۆكۈلگەن نۇرغۇن جەڭچىمىزنىڭ جەسەتلىرى سېپىل تۈۋىدە قالدى. دەرۋازىنى پارتلىتىش ئۇرۇنۇشلىرىمىزمۇ نۇرغۇن تالاپەت بىلەن نەتىجىلەندى.

كامال مىڭبېشى مېنى چاقىرتتى.

— سىزنىڭ بىرەر پەنتىڭىز بولسا دەپ باقامسىز؟ ھەرگىز تارتىنماڭ. نېمىشقا دېسىڭىز، كەلگەن يېرىمىز بۇ بولدى، بىزدە بىر چارە بولسا نىۋاق سىناپ باقاتتۇق، قىلىدىغىنىمىزنى قىلىپ بولدۇق، ئەمدى سىزدىن ئاڭلايلى.

شېھىت بولۇپ كەتكەن يۈزلىگەن بەرنا يىگىتلەرگە ئىچىم سېرىلىپ، ئۆزەمنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇرغۇنۇم ئۈچۈن، تارتىنىشىمۇ خىيالىمغا كەلمەپتۇ. ئەسلىدە مەن بىرىنچى جەڭدىلا شېھىت بولۇشقا ئۆزەمنى ئاتىغان بولسامۇ يەنە ئېشىپ قېلىپ، نۇرغۇن ئەزىمەتلەرنىڭ شېھىت بولغىنىغا شاھىت بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. بۇ ھالدا مەندە بەس كەلگۈسىز بىر خىل تەۋەككۈلچىلىكمۇ يوق

ئەمەس ئىدى.

— دۈشمەن بىزنىڭ ئاساسىي قوشۇنىمىزنىڭ قايسى دەرۋازىغا يۈزلىنىپ تۈرغانلىقىنى بىلىپ بولدى. ئەمدى بۇ ھالدا بۇنداق بىر ھۇجۇمدىن نەتىجە چىقمىشى ھەقىقەت. ئاساسلىق كۈچنى ھازىرغىچە تېگىش قىلىنمىغان بىر نۇقتىغا يۆتكەش كېرەك، بۇ بىرىنچىسى؛ ئىككىنچىسى، كېلەڭسىز شوتىلارنى كۆتۈرۈپ سېپىلغا تىكلەشنى ھەرگىزمۇ شەپىسىز قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنداقكەن، بىزنىڭ سېپىلغا چىقىشىمىز تولىمۇ تەس ياكى مۇمكىن ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ئەمدى شوتا ئىشلەتمەيلى.

— شوتىسىز، سېپىلغا نېمە بىلەن چىقىمىز؟

— سىز مەمتىلى ئەپەندىنى تونۇيدىكەنسىزغۇ؟ ئىزچىلارنىڭ ماھارەتلىرىنى كۆرمەپسىدىغىز؟ 11 قاتلىق پەخشى تاملارغا شوتىسىز چىققانلىرىنى؟

— ۋاي ئېسىت ئەقلىم! ھە، گەپ قىلىڭە، ئىزچىغا نەگە بارىمىز؟

— مەن قەشقەردىن قوزغۇلۇشتىن ئاۋال گۈلۋاغ ھويلىسىدا قەشقەر ئىزچىلىرىدىن بىرمۇنچىنى كۆرگەنىدىم، بىلمەيمەن ھازىر ئۇلار قايسى مىڭبېشىنىڭ قولىدا. ئاتۇشتىنمۇ بار، بىرنەچچىسى. بەلكىم باشقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەر ئىچىدىمۇ باردۇر. ئىزچىلارنىڭ ھەممىسىنى توپلىساق، بىرەر يۈز ئادەم بولارمىكىن دەيمەن. بىرەر يۈز ئادەم سېپىلغا چىقىشقا ئۇرۇنىمىز، شۇنىڭ بىرىمى بولسىمۇ ئىچىگە چۈشۈپلاۋالسا، دەرۋازىنى ئاچالماسمۇ؟

— مەن بۇنى مىڭبېشىلار بىلەن دېيىشىپ، ھەممىسىنىڭ قولىدىكى ئىزچىلارنى توپلايلى، بەك ئاز چىقىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

— ئاللاھ يولىدا ئۆزىنى بېغىشلاشقا رازى پىدائىيلار چىقسا بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ھويلىسىدا ئۆگۈتۈمىز.

— بولىدۇ، مەن كەتتىم.

مەن شۇ ئاردا ناسىراخۇننىمۇ بۇ پىدائىي ھەركەتكە قاتناش، سەنمۇ ئىزچى بولغاندىكىن، دەپ تەكلىپ قىلغاندىم، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئۇنىمىدى. بۇنى ھېچ كۈتمىگىنىم ئۈچۈن ھەيران قالدىم. بۇ ناسىراخۇن ئىلگىرى مەن بىلگەن شوخ بالا شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەپ قېلىۋاتقاندەك، ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىغان ھالدا

ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم. ئۇنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن پوزىتسىيىسىدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئەگەر باشقا ئىزچىلارغىمۇ ئەنە شۇنداق جان تاتلىق كېلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلمىسا قانداقمۇ قىلارمىزكىن؟ رېھىم قانداق قىلار؟ كېلەرمۇ؟ ياكى قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، ئۆزىنى بىلىندۈرمەي تۇرۇۋالارمۇ؟

شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئەقلىم سەل-پەل ئىشلەپ قالدى. شەھەرگە بېسىپ كىردۇق.

✍✍✍

— بۇ بولمىدى، سابىتكا، ئۇنداق قىلماڭ، ھېكايىنىڭ قىزىق يېرىگە كەلگەندىلا پىخسىقلىق قىلىپ تۇرۇۋالدىكەنسىز، پۈتىڭىزغا قەيەردە ئوق تەككەن؟ پىچاق بىلەنلا يېرىپ، ئوقنى ئۆزىڭىز چىقىرىۋالغان ئىكەنسىزغۇ؟ بۇ مۇشۇ ئاقسۇنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا بولغان ئىشمۇ ياكى باشقا چاغدا بولغانمۇ؟

— ئۇ ھادىسە مۇشۇ ئۇرۇشتا بولغان. ئەمما رىياكارلىق بولمىسۇن، دەپ دېگۈم كەلمەيدۇ، شۇ.

— بەربىر بۇ ھېكايىلار ئوتتۇرىدا بار، ئەمما ئاۋۇ دەرىيادىن ئۆتۈشتە بولغىنىدەك، بىرئاز ناتوغرا يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. يەنە تېخى ئوخشىمىغان بىر نەچچە خىل ۋارىيانتىمۇ بار، بۇلارنىڭ قايسىسى توغرا، ئايرىۋالساق تېخىمۇ ياخشىغۇ؟ خاتا ھېكايىلارنىڭ تارقىلىپ يۈرگىنى تېخىمۇ يامانغۇ؟! توغرىسىنى دەپ بەرگىنىڭىز ياخشىراق ئەمەسمۇ؟!

— بوپتۇ ئەمىسە، باشلاپ قويۇپ بالاغا قالغاندىكىن، ... ئاللاھ كەرىم،...

✍✍✍

**مىڭبېشى** ئىزچىلارنى توپلاپ كەپتۇ. يۈز يىگىرمىدەك يىگىت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رېھىممۇ بارىكەن. بۇنىسى مېنى بەغايەت خوشال قىلىۋەتتى. ئاشۇنداق بىر يېتەكچىگە ئېھتىياجىمىز بولۇشى چوقۇم.

ھەممە پولكىنىڭ مىگىبېشىلىرى بىللە كېلىشىپتۇ. ئۇلار ئىگىز پەخشى تام بىلەن قورشالغان بىر ھويلىدا بىزنى ماھارەت كۆرسىتىپ بېقىشقا بۇيرىدى. ئەمىن بولالمىغىنىمىدۇر ياكى قىزىقىشتىنمىدۇر، بىلەلمىدىم. بىز ئۇ يەردە ئۈچىمىز تامغا ئارقىمىزنى قىلىپ قاتار تۇردۇق، گىرەلەشتۇرۇلگەن قوللىرىمىزنى پەللەمپەي قىلىپ، ئىككى يىگىت مۈرىمىزگە چىقتى؛ ئۇلارنىڭ گىرەلەشتۇرۇلگەن قوللىرىنى بىر پەللەمپەي قىلىپ بىر يىگىت ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە چىقىپلا ئۇ يەردىن ياماشقىنىچە تام ئۈستىگە چىقىۋالدى. بۇ ئىشنى ئۇلار شۇنچىلىك تېز قىلدىكى، تەپسىلىي قەدەم باسقۇچلىرىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمىگەن مىگىبېشىلار يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىشلار، دەپ تەلەپ قىلدى.

ئەمدى ئۇلار ئىگىزلىكنى ھېساپلاشقا باشلىدى. بىرىنچى ئۈچ ئادەمنىڭ بويى(مۈرىسىگىچە) 160 بولغاندا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىككى ئادەممۇ 160 بولسا، بۇلار ئۈچ مېتىر بىر ئىلىك ئىگىزلىك بولاتتى. تامغا چىقىدىغان ئۈچۈنچىسىنىڭ بويى يەنە شۇنچىلىك دېگەندە تۆرت يېرىم مېتىرغا باراتتى. قولىنى ئۈستىگە سوزسا،...

ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى مەن يوقاتتىم:

— بىز مۇشۇ تامنىڭ ئىگىزلىكىگە كۆرە ئۈچ قەۋەت بولدۇق؛ سېپىل ئۈچۈن تۆرت قەۋەت بولساقلا بولىدۇ.

— ھە، ئۇنداق قىلىشقا بولىدۇغان ئىشمىدى؟ ئەمىسە بولىدىكەن. ئەمىسە ئادەملىرىڭىزگە ئىش تەقسىم قىلىپ، تەييارلىقىڭلارنى پۇختىلاڭلار، بىز قوشۇنلارنى باشقا دەرۋازا تەرەپكە يۆتكەيلى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرگە نۇرغۇن قورۇق چېدىرلارنى قالدۇرۇپ، ئازغىنە ئەسكەرنى مۇداپىئەگە قويۇپ، نەچچە ۋاقتىن بېرى دۈشمەن ئۈچۈن ئەڭ تېنچ بىلىنگەن نۇقتىغا يۆتكەلدۇق. بىز سېپىلغا يامىشىدىغان ۋاقىتتا يەنە بۇرۇنقى ئورنۇمىزدىكىلەر دەرۋازىغا قارىتىپ مىناميوت ئېتىپ، بۇ يەردىن ھۇجۇم بولىدىغاندەك ۋەزىيەت يارىتىدىغان بولدى.

ھەربىر ئادەمنى سېپىلغا ئۇلاشتۇرىدىغان «ئىھرام» ئۈچۈن قانچە ئادەم كېرەك بولسا، بىزمۇ شۇنچە گورۇپپا بولدۇق. ئاستىدا تۇرىدىغانلار، ئىككىنچى قات، ئۈچۈنچى قات ۋە سېپىل ئۈستىگە چىقىدىغانلار ئېنىق بەلگىلەندى. يەنە

ئىككى ئاساسىي گورۇپپا باردى، بىرىگە رىھىمنى مەسئۇل قىلدىم. سىپىلغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ گورۇپپىسى قوغداشقا مەسئۇل بولاتتى، مېنىڭ گورۇپپام دەرۋازىنى ئېچىشقا مەسئۇل بولاتتى. بىزگە شوتا بولۇپ بەرگەن، ئەمما ئۆزلىرى سىپىلغا چىقالماي پەستە قالغانلارغىمۇ بىرىنى مەسئۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ دەرھال دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇشىنى، ئىچىدىكى تاقاق كۆتۈرۈلگەن ھامان، سىرتىدىن ئىتتىرىپ دەرۋازىنى ئېچىشىنى تاپىلىدىم. مەنمۇ سىپىلغا چىقاتتىم. ئەسلىدە مېنىڭ بوي-تۇرقۇم ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىمدىن ئېيتقاندا ئەڭ ئاستىدا تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى، ئەمما ئۈستىدىكى ئىشلارغا مەن بولمىسام نە مەن، نە مىڭبېشىلار خاتىرجەم بولالمايتى. سېپىل ئۈستىدىكىلەر ھەر كېچىسى مەشئەل يېقىپ، بىزنىڭ قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ، سېپىل تۈۋىگە كېلىۋېلىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. بىز تەرەپنىڭ مەرگەنلىرى كېچە جىملىقىنى بۇزۇپ، دۈشمەننى تېرىكتۈرۈش ئۈچۈن مەشئەلنىڭ سېپىغا ئېتىپ، پات-پات مەشئەلنى يوقۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇۋاتقان مۇھاسىرە جەريانىدا كۈندۈلۈك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىشلار ئىدى.

ئايقاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، بىز يەر بېغىرلاپ سېپىلغا يېقىنلاشتۇق. ھەممەيلەن سالامەت كېلىپ بولۇپ، ئۈستىدىكى تىۋىشلارنى بىر ھازا كۈزەتكەندىن كېيىن، بىرلا ۋاقىتتا ھەرگورۇپپا ئۆز ئىشىنى باشلىدى.بىر مىنۇت ئىچىدە ئەڭ ئۈستىگە چىققۇچىلاردىن يىگىرمىدەك ئادەم سېپىل ئۈستىگە چىقتى. مۆكەپ ياتقان دۈشمەندىن بىرنەچچىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈردۇق. مەن يەنە پىچاق تىقىشتىن تېنىم شۈركۈنۈپ، چۆجىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ئېلىپ سېپىلنىڭ سىرتىغا ئېتىۋەتتىم. ئىككى تەرەپكە قول بومبىسى ئاتقان پۇرسەتتە، ئوتتۇرىدىكى بىرنەچچەيلەن، پەستىكى يىگىتلەردىن بىرقانچىنى تارتىۋالدى. باشقىلىرى سېپىلنىڭ ئىچى تەرەپكە يۈزلەندى. ئىچى تەرەپتە دەرۋازىنىڭ ئىككى بېقىنىدا، دەرۋازىنىڭ ئۈدۈلىدا قۇمخالتىلىرىدىن ياسالغان ئۈچ ئىستىھكام باردى. يوقۇرىدا بولۇشتەك ئەۋزەللىكىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئىستىھكامنى ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە قول بومبىسى تاشلىدۇق. بۇ ئارىدا مەن پەللەمپەيدىن ئۇچقاندەك يۈگرەپ چۈشۈپ، دەرۋازا ئۈدۈلىغا توغرىلانغان پىلىمۇتنى ئىگىلىۋېلىشقا ئالدىرىدىم. سېپىل ئۈستىدىن ئىككىلا تەرەپتىن

دۈشمەنلەر بۇ تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىشىۋاتاتتى؛ سېپىل ئىچىدىمۇ دۈشمەن دەرھاللا ھۇجۇم نىشانىمىزنى مۆلچەرلەپ، دەرۋازا تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى.

قۇم خالتىلىرى ئارقىسىدا ماراپ ياتقان خىتايلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەنىدى. ئەمما سېپىلنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلىرىدىكى ھەممە دۈشمەن مۇشۇ ياققىلا كېلىۋاتقاچقا پىلىمۇتنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى توسۇپ تۇرمىسام، يىگىتلەر دەرۋازىنى ئاچالمايتتى. مانا شۇ چاغدا يوتامغا ئوق تېگىپتۇ. ئەمما سۆڭەك زەخىملەنمىگەچكە، قىزىپ كەتكەن چاغدا بۇنى تۇيمىغان ئىكەنمەن. قۇم خالتىلىرىنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ يېتىۋالدىم. يەنى قۇم خالتىلىرى بىلەن دەرۋازا ئارىلىقىدا ئىدىم. پىلىمۇت ئۇياق تەرەپتە، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنمۇ شۇ ياقتا ئىدى. قول بومبىلىرىمۇ تۈگىگەن ئىكەن. تەلىيىمگە بىر دۈشمەن خالتىلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغانچە ئۆلۈپ قالغان ئىكەن، ئۇنى شىلىلىسىدىن تارتىپ، ئۆزەم تەرەپكە چۈشۈردۈم. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى قول بومبىسى بارىكەن. ئىككىسىنىڭلا پىلىكىنى تارتىپ، ئۇياققا ئاتتىم. ئۇنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىدىن پايدىلىنىپ، قۇمخالتىلىرى ئۈستىدىن يېرىم بەدىنىمنى ئۇ تەرەپكە ساڭگىلىتىپ، پىلىمۇتنى بۇ تەرەپكە ئالدىم. ئەمدى مەن بىر - ئىككى مىنۇت قازىنىپ بېرەلىسەملا يىگىتلەر دەرۋازىنى ئاچالايتى.

— تېز! دەرۋازا...! — دەپ ۋارقىرىدىم، بېشىم قايغاندەك بولۇۋاتاتتى، ھەممە خۇددى چۈش بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك، مەن بولسام دايىم روي بېرىدىغان چۈشۈمدىكى قىيىن ۋەزىيەت ئىچىدە تىت - تىلىق ئىچىدە ئالدىراپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. بىر تەرەپتىن دەرۋازىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە ئوق ياغدۇرغاچ. ئارقامدا دەرۋازىنىڭ غاراس - غۇرۇس قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم، دۈشمەنلەرمۇ ئالدىراپلا سىزىلغان تېز سىزما ياكى ياغاچ ئويما رەسىمدەك بىر - بىرلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن غەلىتە بىر گەۋدە ئىدى. پىلىمۇتنىڭ دىسكىسىدا ئوقمۇ تۈگىگەن ئىدى، مەنمۇ شۇندىن كېيىن ھېچنېمىنى بىلمەپتىمەن. يوتامدىن قان كۆپ ئېقىپ كەتكەچكە ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

مەن كۆزۈمنى ئېچىپ، ئۆزەمنى ئىلگىرى ئۆيلىرى كەڭرى ۋە ئېگىز قىلىپ

سىلىنغان بىر ئۆيدە ياتقان ھالەتتە كۆردۈم. دەسلەپ كۆزۈمنى ئاچالماي بىر ئاز قىينالدىم. كىمدۇر بىر كىملەرنىڭ ئاۋازى قۇلاقىغا كىرىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ نىملەر ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. گاھىدا ئىنتايىن يىراق بىر يەرلەردىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلسا، گاھىدا قۇلاق تۈۋۈمدە ئاڭلىناتتى. بەلكىم تېنىمدىكى تۇيغۇلارنىڭ گاھ روشەنلىشىپ گاھ غۇۋالىشىپ ئەسلىگە كېلىۋاتقىنىدىن بولسا كېرەك. ئاخىرى تولۇق ھۇشۇمغا كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئەمدى گاھ يىراقلاپ گاھ يېقىنلىمايدىغان بولدى، ھەتتا مەن ئاۋازلارنىڭ يۆنىلىشىنىمۇ پەرق ئەتكەندەك بولدۇم. ھۇشۇمغا تولۇق كەلگەندىن كېيىن بىلسەم، ئەسلىدە ئوڭ تەرىپىمدىكى ئاۋازنى سول تەرەپتە، سول تەرەپتىكى ئاۋازنى ئوڭ تەرەپتىكىدەك ئاڭلىغان ئىكەنمەن. لېكىن ئاۋاز قۇلىقىمغا كىرگەندىن باشلاپلا، نىمە دېيىشىۋاتقىنىنى بىلمىسەممۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزۈمنىڭ دۈشمەننىڭ قولىدا ئەمەس قېرىنداشلىرىمنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلغانىدىم.

مەن بۇرۇنقى بىر مەكتەپنىڭ سىنىپىدا ياتقان ھالەتتە ھوشۇمغا كەلدىم. ئەسلىدە بۇ مەكتەپنى خىتايلار ئېلىۋېلىپ گازارما قىلىۋالغان ئىكەن. سەبداشلىرىم مېنى تاكى جەڭ تۆگەپ، قولى بىكار بولغاندا ئاندىن ئەسلىرىگە ئاپتۇ ۋە ئاشۇ قۇم خالتىلىرىدىن ئېتىلگەن مۇداپىئە تېمىنىڭ ئارقىسىدىن تېپىپتۇ. ئەگەر توپىمىزدا رېھىم بولمىغان بولسا ئۇنتۇپمۇ كېتەرمىدىكىن، دەيمەن. يوتامنى چىڭ باغلاپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا تىببىي ياردەمدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتى. بۇ تومۇز ئايلىرى بولغاچقا يارام تېزلا يۇقۇملۇنۇپ كېتىشى، ئاندىن مەن ئاستا-ئاستا كېلىدىغان ئۆلۈمنى كۈتۈپ، بىرنەچچە ئاي ئازاپ ئىچىدە يېتىشىم مۇمكىن ئىدى.

تىببىي ياردەم بولمىغان ئىكەن، ئۆز غېمىمنى ئۆزەم قىلاي دەپ، جەڭچىلەردىن بىرىگە يارامنى يېشىپ، ئوقنى ئېلىۋېتىشنى ئېيتتىم. ئۇ تېڭىقنى يەشتى، ئەمما ئارقا تەرەپتىن كىرىپ، ئالدى تەرەپ تېرىگە يېقىن تۇرۇپ قالغان ئوقنى، ئاشۇ ساق يەرنى يېرىپ ئېلىشقا قولى بارماي، بۇ ئىشنى قىلىشتىن قەتئىي باش تارتتى. بۇ جەرياندا لاتا سويۇۋېلىنغان يارىنىڭ قانچىلىك ئاغرىۋاتقانلىقىنى دېمىسەممۇ مەلۇملۇق. ئوقنى كىرگەن ئاغزىدىن

ئېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن قىسقۇچلار كېرەك بولاتتى. چۈنكى بەك چوڭقۇر ئىدى. ئۇندىن كۆرە ئوق تېشىپ چىققىلى ئاز قالغان تەرەپنى يېرىپلا ئالسا بولاتتى. مىڭىبېشى يوقلاپ كەلدى، ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىۋىدىم، ئۇمۇ تېنى شۈركەنگەن ھالدا:

— قولۇم بارمايدۇ، ئۇكام، — دېدى.

رېھىمدىن ئۆتۈندۇم. ئۇمۇ ئاستىلا بېشىنى چايقىدى.

ناسىراخۇن خېلى ماجراچى نېمىدى، بىرەرسىگە پىچاق تىقىشتىكە ئارانلا تۇرۇدۇغان، شۇ قىلالارمىكىن دەپ، مىڭىبېشى ئارقىلىق ئۇنى تاپتۇرۇپ كەلدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭدا بۇنچىلىك جاسارەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلدىم. بۇنداق يېتىۋەرسەم ئۆلۈشتىن باشقا يولۇم يوق ئىدى. چۈنكى نۇرغۇن يارىدارلارنىڭ ئانچىكى يارا سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپلا تۇراتتۇق.

مىڭبېشىدىن قاتتىق ئوتۇندا گۈلخان يېقىپ، چوغ چۈشۈرۈپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. مېنى مەكتەپنىڭ ھويلىسىغا ئاچىقىشتى. گۈلخاننىڭ ئوتى راسا چوغ بولغان ئىكەن. ئاۋال پىچىقىمنى داغلاپ، مىكروپسىزلىدىم، ئاندىن تېرەمنى ياردىم. پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن ئوقنى چىقىرىۋالدىم. ئاندىن ھەمراھلىرىمدىن يارا ئېغىزىنى چوغ بىلەن داغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدىم. بۇنىڭغىمۇ ھېچكىم يارىمىدى. بۇ ئىشنىمۇ ئۆزەم قىلدىم. چوغنى باسقاندا ياغلىرىم ئېرىپ، تۆتۈن ئارىلاش ھور پۇرقۇراپ، ئەتراپ كاۋاپ پۇراپ كەتتى. قارىسام ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىنى ئېتىۋالغان ئىكەن.

پۈتۈن بەدىنىمدىن تەر پۇرقۇراپ، ھالىمدىن كېتىپ، يىقىلدىم. ئىككى كۈن يېرىم ھۇشسىز يېتىپتىمەن. ناسىراخۇن ئاغزىمنى سۇغا تۆگۈرۈلگەن پاختا بىلەن نەمدەپ بېشىمدا ئولتۇرۇپتۇ. كۆز ئاچقانلىقىمنى ئاڭلاپ، رېھىم بىلەن مىڭبېشى قېشىمغا كەلدى.

— قول قويدۇم! قول قويدۇم! جېنىڭىز تۈمۈركەن، — دېدى ئۇ رەڭگى روھى تۇرگۈن، قارىسام كۆزىدىن ياش ئەگىۋاتقاندەك قىلدى، — قانداق يېگىتسىز؟ جاننى كوچىدىن تېپىۋالغانما؟

— ئىنشائاللاھ ئەمدى ھايات قالالايمەن، قورقماڭ. بۇنى قىلمىغان بولسام ئۆلۈپ كېتەتتىم، — دېدىم زەئىپ ئاۋازدا.

— بىز بۇ يەردە ئىككى ھەپتىچە تۇرۇپ قالىمىز، يېڭى ئەسكەرلەرنى ئۆگۈتۈمىز، ياربدارلارنىڭ ئىشى، ئاندىن ئورۇق ـ تۆلۈكلىرىمىزنى غەملىمىسەك بولمايدۇ. ئەمما سىزنىڭ ئىشىڭىز ئىككى ھەپتىدە تەس گەپ، — ئۇ بېشىنى چايقىدى، — سىزگە قاراشقا ئادەم قويۇمەن. خالىسىڭىز دوستىڭىز قالىدۇ.

— ئەمما مەن ئىككى ھەپتىگە قالماي ئورنۇمدىن تۇرۇمەن دەپ ئۈمىت قىلىۋاتىمەن، — دېدىم قەتئىي ھالدا. ئاغرىقىم قويسىلا يارامدا ئەمدى باشقا ئۆزگۈرۈش بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— شۇنداق بولسىغۇ ئىلاھىم،... مىڭبېشى قوللۇرۇمنى چىڭ سىقىپ قويۇپ، كۆزلىرىدە ئەگىۋاتقان ياشلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى.

✍ ✍ ✍

مەن يەنە سابىت ئەپەندىنى ئاياپ، بۈگۈنچە مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن دەپ، خوشلاشتىم. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىغا بىرنەچچە كۈنلا قالغان ئىدى. ئايالىم كەلسە ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلسام، بىرنەچچە ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرامىز دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم.

ئۆيگە كېلىپلا يېزىق شىرەمنىڭ ئالدىغا جايلاشتىم. شۇندىلا سابىت ئەپەندىنىڭ بوۋىسى ھەققىدە سورىمىغىنىمنى يادىمغا ئالدىم. «ئەتتەڭەي، بۇ دومۇ ئۇنتۇپتىمەن، چۈنكى بوۋىسى ھەققىدە گەپ چىقمىغاچقا شۇنداق بولدىمىكىن». بۈگۈنكى ئاڭلىغانلىرىمنى ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە ئەسلەشكە تىرىشىپ، يېزىشقا كىرىشتىم. بۈگۈنكى سۆھبەتتە دىققىتىمنى تارتقان بىر نۇقتا، ئىنسانىي دۇنيانىڭ ھېچقانداق مەقسەت-مۇددىئالىرى ئارىلاشمىغان، ساپ ھالدىكى «ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن جەڭ قىلىش» دېگەن ئۇقۇم ئىدى. بۇ مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

روھىي دۇنياسىمنى قورشاپ تۇرغان توساقلار بىردىنلا ئېلىنىپ تاشلانغاندەك، ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىكى چەكسىزلىكنە كۆرگەندەك بولدۇم. روھىي دۇنياسىم شۇنچىلىك كەڭ ۋە پايانسىزدەك بىلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرى داۋاملىق ئۇنىڭ ئەڭ چەت ياقىلىرىنىڭ مۇشۇ ماددىي دۇنيادىكى ماددىغا مۇناسىۋەتلىك

تۇيغۇلار بىلەن قورشۇلۇپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ كائىناتنىڭ باش ئاخىرى ماددا، يەنە ماددا، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە ماددا ئىدى. ماددا ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ چېكى بار دە. مەن مۇشۇ چەكتىن ھالقىش ئۈچۈن يۈلقۇناتتىم. چۈنكى، بۇ ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئاشۇ سوغاق، ئىنسان بىلەن روھىي مۇناسىۋەت قۇرالمايدىغان، ئېرىشىش بىلەنلا تەڭ ئەھمىيىتىنى يوقۇتۇدۇغان ماددىي نەرسىلەر بىلەن بارلىققا كەلتۈرگىلى بولمايتى. ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى چەكسىز تەلەپلەرنى چەكلىك ماددىلار قاندۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىنى دائىم ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ماددىي نەرسىلەر بىلەن روھىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش بىر دەملىك، لېكىن قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىنكى روھىي ئېچىرقاش تېخىمۇ دەھشەتلىك. روھىي دۇنيانىڭ چەكسىز بولغان ئېھتىياجىنى زادى نىمە بىلەن قاندۇرۇپ، بۇ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئېچىرقاپ تۇرغان ئەجدەرھانىڭ دەم تارتىشىغا بەۋا كەلگىلى بولۇدۇغاندۇ؟

دۇنيادىكى بارلىق ئازابنىڭ مەنبەسى تۈگىمەس ئېرىشىش ھەۋىسى. شۇڭا ئىنسانلار داۋاملىق ئېرىشىش ۋەسۋەسىسىدە پۇچۇلۇنۇدۇ، ئېرىشىسىلا، ئېرىشكىنى دەرھال مەناسىنى يوقۇتۇدۇ - دە ئۇ يەنە باشقا نەرسىگە ئېرىشىش ئىستىكى بىلەن قەلبىنى تولدۇرۇدۇ. بۇ ئېرىشىش ئىستىكى ئۇنى قۇترۇتۇپ تۇرۇدۇ. ئېرىشەلمىگەنسېرى بۇ نىشان مۇقەددەسلىك قازىنىدۇ؛ ئېرىشكەن ھامانلا قىزىقى تۈگەيدۇ... چۈنكى ئۇ ئېرىشەلمىگەن نەرسە ھەققىدە خىيال قىلغانسېرى ئۇنىڭغا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئۆزىدە كەم بولغان نەرسىلەرنى يۈكلەپ ئۇنى چەكسىزلەشتۈرىدۇ ۋە مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ. لېكىن ئېرىشىپ بولغان ھامانلا بۇ نەرسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇم تۇراقلىشىدۇ دە، چەكسىزلىكى يوقىلىدۇ. ھەممە مۇقەددەسلىك چەكسىز ھېس قىلىشتىن بولغاچقا، چەكسىزلىك يوقالغان ھامان مۇقەددەسلىكىمۇ يوقىلىدۇ- دە، ئۇ ئاددى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەم ئۈچۈن ئۆزى مۇقەددەس بىلگەن نەرسىنىڭ ئادەتتىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتىن ئارتۇقراق چۈشكەنلەشتۈرىدىغان ۋە ھاياتتىن بەزدۈرىدىغان ئازاب بولمىسا كېرەك. بۇ خىل ئازاب قۇپ قۇرۇق ۋە بىھۇدە بولۇپ، بارلىق ئۈمىدسىزلىك ۋە كېسەل روھىي ھالەتنىڭ مەنبەئىدۇر. ئېچىرقاپ، ھۆۋۈلداپ تۇرغان روھىي دۇنيانىڭ چەكسىزلىككە بولغان ئېھتىياجىنى قانداق قامداش كېرەك؟

مەن بۇ نۇقتىنى بەكمۇ كۆپ ئويلىناتتىم. بۇ ھەقتە داۋاملىق باش ئاخىرى يوق خىياللارغا پاتاتتىم. روھىي دۇنياسىمنىڭ ئەڭ يىراق قىرغاقلىرىنى ئوراپ تۇرغان توساقلاردىن چىقىپ كېتىش ئۇچۇن يۇلقۇناتتىم. بۈگۈن سابىت ئەپەندىنىڭ سۆھبىتىدىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئىچىمدىكى بىر خىل نۇرلۇنۇشنى سەزمەكتىدىم. روھىي دۇنياسىمنى قورشاپ تۇرغان، بۇ دۇنياغا تەۋە بولغان توساقلار غايىپ بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇلارنى ئويلاپ بىر خىل مىسلىسىز ھاياجاندا يۈرىكىم تېپىچەكلەيتتى.

«قىلچىلىك شەخسىي پايدا-مەنپەئەت، نام-ئاتاق قوغلاشماستىن پەقەتلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قازىنىش نىيىتى بىلەن جەڭ قىلغاندىلا شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئۇلۇشۇش، تىرىك قالسا غازى بولۇش» ئۇقۇمىدىكى مىسلىسىز قوزغۇتۇش كۈچى قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. مەن ئاشۇ زاماندىكى ئاڭسىز خەلقنىڭ، ئوقۇمىغان يىگىتلەرنىڭ يە ۋەتەن-مىللەت ئۇقۇمىنى، يە تارىخلاردا قەھرىمان سۈپىتىدە يادلىنىش دېگەنلەرنى ئۇقماي تۇرۇپ، پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقىدىكى سىرنى بىلگەندەك بولدۇم!

ئاتا-بوۋام ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن، ئەمما بىزگە كەلگەندە ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتىنى ماددا ۋە قوساق ئېھتىياجى بىلەن ئۆلچەيدىغان، روھىي دۇنياسىدا ماددىي مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە مەۋجۇت بولمىغان، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قارشى ياۋايى ۋە قارا قوساق كوممۇنىستلارنىڭ ئاتېزىم تەربىيىسى بىلەن خۇنۇكلاشتۇرۇلغان دىنىمىزغا قارىتا روھىمدىكى خۇددى قاندىكى ئىرسىيەتتەك يوشۇرۇن، لېكىن ئۇزاق مەزگىل ئۇخلاپ بىردىنلا قوساق ئاچلىقىدا ئويغانغان شىردەك كۈچلۈك بىر قىزىقىشنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

ئاشۇ كۈنى مەن كېچىچە ئۇيقۇم كەلمەي ئويلۇنۇپ چىقتىم. يىراقتىن بىر نۇر ۋىلىلداپ يېقىنلىشىۋاتاتتى. بۇ نۇر مېنىڭ ئىنسانىيەتسىز تەربىيىلەردە بۇلغانغان روھىمنى پاكلايدىغان، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى يارىتىلىشىمدىن ئىلگىرىلا — فىترىتىمدە — مەۋجۇت بولغان يوشۇرۇن بىر نۇرنى پارلىتىپ، ئۇنى ئاشكارە ئېڭىمغا ئېلىپ چىقىدىغان ۋە ئۆزى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئىچىمنى چەكسىز يورۇقلۇققا پۈركەيدىغان بىر نۇر ئىدى. مەن ئۇچۇن سىرلىق بولغان بۇ تىلسىمنىڭ ئىچىدە يەنە قانداق ئېسىل نەرسىلەر باردۇ؟ كېيىنكى سۆھبەتتە ھېكايىنىڭ

باشلىنىشىدىن بۇرۇن بۇلار ھەققىدە سوراپ تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

كېيىنكى قېتىمدا ئۇ ھېكايىسىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بۇ تەلىپىمنى قويدۇم. ئۇ شۇنداق چۈشەندۈردى:

— ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئۆلۈش — ئەمەلىيەتتە بىز دەۋاتقان «شېھىت» شۇ. شېھىت بولۇشنىڭ ئەڭ موھىم ھۇل شەرتى ئىمان. كاپىرلارنىڭ ھەرقانداق بۈيۈك غايە ئۈچۈن ئۆلگەنلىرىنىمۇ شېھىت دېيىشكە بولمايدۇ. شېھىت — ئەرەپچىدىكى شەھىد بولۇپ، شاھىد، شاھادەت دېگەن سۆزلەر ئوخشاش يىلتىزدىن تۈرلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى (ئەمەلىيەتتە بىر سۈپىتى) شەھىد. شەھىد — گۇۋاھلىققا ئېرىشكۈچى، گۇۋاھلىق ياكى گۇۋاھنامە ئالغۇچى دېگەن بولىدۇ. بۇ تىلىمىزدا دايىم ئىشلىتىلىۋاتقان «شاھادەتنامە»، «گۇۋاھنامە» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش. مەسىلەن: سىز «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دا ياخشى بولسىڭىز، سىزگە ختايلار بىر شاھادەتنامە ياكى گۇۋاھنامە بېرىدىغۇ؟ بۇ گۇۋاھنامە سىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقىدا نەمۇنىچى ئىكەنلىكىڭىزگە گۇۋاھ بولىدۇ. سىز بۇ «نەمۇنىچى»لىكىڭىز ھەققىدە گۇۋاھلىققا ئېرىشكەن بولىسىز. خۇددى شۇنداق، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قۇربان بولغان شېھىت — ئۆزىنىڭ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن تىرىشقانلىقىغا جېنىنى گۇۋاھ قىلغۇچى، ھاياتىنى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھقا بولغان ساداقىتىنى ئىسپات قىلغۇچى دېگەنلىكتۇر. ئەمما ئاللاھنىڭ رىزاسىنى قازىنىش ئۈزۈلكېسىل خالىسلىقنى شەرت قىلىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى ئىنقىلاپ سېپىگە قوشۇلۇشتا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بايلىققا ئېرىشىشنى، ئەمەلگە ئېرىشىشنى ياكى شەرەپلىك نامغا ئېرىشىشنى كۆزلىگەن بولسا، بۇ ئۇنىڭ خالىس بولغانلىقى ئەمەس؛ بۇ ھالدا ئۇ ئاللاھنى رازى قىلالمايدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادا ھېچ تاماسىز ھالدا، خاس ئاللاھ تاپشۇرغان بىر پەرزنى ئادا قىلىشىم شەرت دېگەن ئاڭ بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك. شۇ ھالدىلا، ئاللاھ رازى بولىدۇ. بىر قوشۇندا توپلانغان كىشىلەردە ئەمەل-مەنسەپ، پايدا مەنپەئەت تاماسى ئالدىنقى ئورۇندا بولسا، ئۇلاردا ئۆزىنى قۇربان بېرىش روھى بولامدۇ؟ بولمايدۇ! چۈنكى ئېرىشمەكچى بولغان ئەمەل، بايلىق،... ئۇنىڭ ھايات قېلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ھايات قالغاندىلا، ئاندىن ئۇ بۇ ئارزۇسىنىڭ قەنتىنى چاقالايدۇ، ھوزۇرىنى سۈرەلەيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇ ھالدا، بۇنداق بىر قوشۇننىڭ

جەڭگىۋارلىقى بولامدۇ؟ بۇ تويپتىكىلەر پىداكار بولالامدۇ؟ ھېچ! ئىنقىلاپتا ئىنقىلاپ ئاداققى غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا بىر بۆلۈك ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا جەڭ قىلىدىغان پىداكارلارغا، قۇربان بېرىش روھى ئۇرغۇپ تۇرۇدۇغان خالىس مۇجاھىدلارغا ئېھتىياج بولۇدۇ. مانا بۇنداق بىر روھنى ئۇرغۇتۇش، مۇشۇنداق بىر روھى قاتلام ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، دىن — تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە. بۇنى كوممۇنىستلار دايىم تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇدۇغان «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش»، «خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش»، «مەڭگۈ نامسىز قەھرىمان بولۇش» دېگەندەك تەشەببۇسلىرىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ چاقىرىقلىرى باشلىنىشىدا مەلۇم جەلپكارلىققا ئىگىدەك قىلىسمۇ، كوممۇنىستلارنىڭ ماھىيىتىدە ياتقان يالغانچىلىق ۋە خەلق دۈشمەنلىكى تۈپەيلى، چاقىرقلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ھەمىشە توقۇنۇش كېلىشى، يالغانلىرىنىڭ كۆتى ئېچىلىپ تۇرۇشى تۈپەيلى، ئۇنىڭ ئىشەندۈرۈش كۈچى، قوزغۇتۇش كۈچى، سەپەرۋەرلىك كۈچى بولمايدۇ. ئەمما دىن — مەڭگۈ خورىمايدىغان مەنەۋىي غەزىنە بولۇش سۈپىتىدە ئىنسان قەلبىگە ئۆز نوپۇزى بىلەن بېسىم قىلىش كۈچىگە ئىگە.

خوش، «ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن» دېگەن بۇ سۆزنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ياتقان گۇمانلىق بەزى سوئاللارغا ئېنىقلىما بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. بۇ سۆزدىن قارىسا گويا ئاللاھنىڭ ئاشۇنداق پىداكارلىقلارغا ئېھتىياجى باردەك گۇمانغا ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. پۈتۈن ئىنسانىيەت كاپىر بولغان ۋە ھەتتا دىنغا قارشى تۇرغان تەقدىردىمۇ ئاللاھقا قىلچە زىيىنى كەلمەيدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسان مۆمىن مۇسۇلمان بولۇپ، سەجدىدىن بېشىنى ئالماي ياتسىمۇ ئاللاھقا بىر پايدىسى يوق. شۇنداق ئىكەن، نېمىشكە ئاللاھ بۇنداق بىر تەلەپتە بولۇدۇ ۋە بۇ تەلەپ ئورۇندالسا ئۇنىڭدىن خوش بولۇدۇ؟ بۇنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن مال بوغۇزلاپ، قۇربانلىق قىلىشنىڭ تەرىپى ئارقىلىق چۈشۈنۈشكە بولۇدۇ. ئاللاھ قۇربانلىق ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ (قۇربانلىقنىڭ) قانلىرى ۋە گۆشلىرى ماڭا يېتىپ كەلمەيدۇ، ماڭا يېتىپ كېلىدىغىنى سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر». دېمەك ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىمىز. (ئاللاھ بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بۇيرۇقنى ئورۇندىساق، ئاللاھ بىزدىن رازى بولۇدۇ. ئەمما بۇنىڭدىمۇ خالىسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت: «بايىكەن، سېخىيكەن،...

» دېسۇن دەپ قوي سويغان بولساق، رىياكارلىق ئارىلىشىپ قالسا، بۇنىڭمۇ ساۋابى تۈگەيدۇ) ئاللاھ قۇربانلىقىمىزدىن رازى بولۇدۇ (يەنى، بەندەم مەن دېگەننى قىلدى، دەپ خوش بولۇدۇ)، ئەمما ئۇنىڭ گۆشىنى ئۆزىمىز يەيمىز. بۇ دۇنيادىكى ماددى پايدىسى ئۆزىمىزگە بولۇدۇ (ئۇ دۇنيادا جەننەت قازىنىشىمىزغا ۋەسىلە بولۇدۇغانلىقى يەنە باشقا گەپ). خۇددى شۇنداق، ئاللاھ بىزگە جىھادنى پەرز قىلدىمۇ؟ ئۇنى خاس ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلساق، ئاللاھ رىزاسىنى قازىنىپ، ئۇ دۇنيادا جەننەتكە شاھادەت ئالىمىز، بۇ دۇنيادىكى ماددى پايدىسى — مۇستەقىللىق، ئازاتلىق — يەنە ئۆزىمىزگە بولۇدۇ. بىزنىڭ تەقۋا بولۇشىمىز ياكى پاسىق بولۇشىمىزنىڭ ئاللاھقا ھېچقانداق پايدا - زىيىنى يوقكەن، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ بۇنداق تەلەپتە بولۇدۇ؟ ئاللاھ بىزنى بۇ دۇنيادا ئىمتاھان قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. نورمالدا بۇ دۇنيانى «ئىمتاھان دۇنياسى» دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ. بۇ ئىمتاھان دۇنياسى بولغىنى ئۈچۈن، ئاللاھ بىزنى مۇشكۈل «ئىمتاھان سوئاللىرى» ئارقىلىق سىنايدۇ. تەبىئىيكى، ئاللاھ رەھمانىررەھىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ دوزاققا كىرىشىمىزنى خالىمىغاچقا، ئىمتاھاندىن ئۆتۈپ، جەننەتنى قازىنىشىمىزنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىغان چېغىمىزدا ئاللاھ بىزدىن رازى بولۇدۇ.

— ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى شەھىد، دېيىلدى، يوقارقى مەزمۇنلار بويىچە شەھىد — «گۇۋاھلىق ئالغۇچى، گۇۋاھلىققا ئېرىشكۈچى» بولغاندا، ئاللاھقا بۇ سۈپەت قانداق توغرا كېلىدۇ؟

— ئاللاھ كائىناتنى ئۆرنەكسىز ياراتتى، شۇنداقمۇ؟ ياز ئاخشاملىرى ئاسمانغا قاراپ خامانلىقتا ياتقانمىدىڭىز؟ ئۆگزىدە يېتىپ باققانمۇ؟ مانا شۇ چاغدا چەكسىز ئاسمانغا قاراپ نېمىلەرنى خىيال قىلاتتىڭىز؟ ئاشۇ پىلىللىداپ ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ يەر شارىدەك نەچچە ھەسسە كېلىدىغان چوڭلۇقتىكى جىسىم ئىكەنلىكىنى، بۇنداق يۇلتۇزلاردىن چىتىرلىيونلارچىسى بولۇشىنى، ھەر بىرىنىڭ ئارىلىقلىرىنى ئۆلچەش ئۈچۈن بىزنىڭ ئەڭ يوغۇن ئۇزۇنلۇق بىرلىكىمىز بولغان كىلومېتىر بەكمۇ يېتىشسىز قېلىپ، يورۇقلۇق يىلى دەيدىغان بىر ئۆلچەمنى تاپقانلىقىنى، مۇشۇ ئۆلچەم بويىچىمۇ، يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلىقىنى ھىساپلاپ يازسا ئوقۇغۇسىز چوڭ سان چىقىشى، ھەتتا بۇ چەكسىزلىكنى ئىنسان ئەقلىنىڭ تەسەۋۋۇر

قىلىشىمۇ ئىمكانسىزلىقى،... قاتارلىق مۇشۇ دەھشەتلىك چوڭلۇقتا ئۆزىمىزنى سىلىشتۇرۇش ئەمەس، بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنى سىلىشتۇرساقمۇ، يەر شارىنىڭ خۇددى بىر چاڭ زەررىچىسىدىنمۇ كىچىك قالىدىغانلىقى،... قاتارلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلغانمىدىڭىز؟ مانا شۇ ئالەم، مانا شۇ چەكسىز كائىناتنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە، بۈيۈكلىكىگە، ئۇلۇغلۇقىغا گۇۋاھ قىلىۋاتامدۇ؟ ئاشۇ ياراتقان ئەسىرى ئارقىلىق گۇۋاھلىقىقا ئېرىشىۋاتامدۇ؟

كۆڭلۈمدىكى تۇمانلار تارقاپ كەتكەندەك بولدى. رازىمەنلىك بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ئائىلەمدىكىلەر يۈرتتىن قايتىپ كەلدى. بىرنەچچە كۈن مۇشۇ ھەلەكچىلىكتە يۈردۈم. ئايالىم بۆلەكچىلا ئالدىراش ئىدى. ھېچ چۈشەنمەيمەن، شەھەرلەردە، بىنادىكى ئۆيدە قانچىلىك ئىش بولاتتىكىن؟ يا سۈپۈرۈدىغان ھويلا - قورو بولمىسا، يا قوتان قۇرۇقداش بولمىسا،... ئۆزلىرىنى جاپاكەش كۆرسىتىۋش ھەۋىسىمدۇر دېگىممۇ كېلىدۇ، بۇ ئارقىلىق سۆيۈملۈك ئايال، كۆيۈملۈك ئانا ئۇنۋانى قازانماقچىمىدۇر، ئەيتاۋۇر قاتىلاڭلا بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭ بۇ شاپاشلاشلىرى مېنى شەكىلسىز بىر ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن پاي-پېتەك بولۇپ يۈرۈشكە توغرا كەلدى. قولۇم باشقا ئىشقا بارمايلا قالدى. باللارنىڭ تەتىلى تۈگەپ مەكتىپى باشلىناتتى، كىچىكلىرىنى يېڭىدىن مەكتەپكە تىزىملىتىش كېرەك ئىدى. بۇ ئىشلار بىلەن يۈگرەپ يۈردۈم. ئايال خوجايىن كېلىشى بىلەنلا بارلىق ئائىلە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ قۇتۇلغۇنۇم ئۈچۈن نان ئەكىرىشكىمۇ چىقمايتىم. ئۆينى ئېغىلغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكىمنى تىلغا ئالغاندىم. ھە، بۇنىڭ تاپا - تەنىلىرى ھەققىدە دەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆزۈم نان ئەكىرىپ بېرەي دەپ قوپتۇم. ئايالىم ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كەتتى:

— ۋۇي، كۈن قاياقتىن چىقتىكىنە بۈگۈن؟ نىمانداق ياخشى ئەر، بەلەن دادا بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ كۈلدى ئۇ.

— ئاشۇ يەردە بىرسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدىم، ئۇزۇن بولۇپ كەتتى، كۆرۈشەلمىدىم، مېنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، نان ئەكىرگەچ كۆرۈشۈپ كىرەي دەيمەن،

— دېدىم.

ئايالىمنىڭ چىرايىدىكى يېقىملىق كۈلكىسى ئورنىنى بىر سېكونت ئىچىدە ئۆرۈمچى كەچكۈزىنىڭ كەچقۇرۇنىدەك گۈگۈم ئىشغال قىلدى.

— ئەنسىرەپ كەتمەڭلا، ئانىسى، ئۇ بىر بوۋاي، داڭلىق بىر شەخس، كېيىن ھەممىنى دەپ بېرىمەن، بۇ قېتىم بۇ ئىشتا ئاجايىپ تەلىيىم كەلدى دېسەممۇ بولىدۇ.

ئايالىم يەنىلا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويىدى. ئۇ تېخى گۇمانى بىلەن چۈشەندۈرۈشۈم ئارىسىدىكى تاللاشتا بىر قارارغا كېلەلمىگەندەك قىلاتتى.

چىقىپ كەتتىم. سابىت ئەپەندى دايىمقىدەك يەنە شۇ ئوتتۇنخانا ئالدىدىكى ئوتۇن ئۆششاقلاشتا ئاستىغا قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەچكە قىيما-ياما بولۇپ كەتكەن كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇراتتى. يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە قولاشتۇرۇۋالغان قوللىرىنىڭ يېڭى ئىچىدە مىدىراۋاتقىنى بىلىنەتتى. چوقۇمكى ئۇ ھېلىقى مۆشتەكنى ئويناۋاتاتتى.

سالامىمىز خېلى قىزغىن بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل سېغىنچنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ ھال مەن ئۈچۈن بەكمۇ قىممەتلىك ئىدى. مەن بۇ كىشىنى ئىنتايىن كەمسۆز دەپ بىلەتتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كەمسۆزلىكى ئىچىدىكى ھېسسىياتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، ئۇزاق بولدى، نان ئالغىلى كەلمىدىڭىز، نەگە يوقاپ كەتتىڭىز، دېگەن سوئال چىقىپ تۇراتتى.

— بالا - چاقىلىرىم يۇرتتىن قايتىپ كەلدى، باللارنى مەكتەپكە جايلاپ، دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئاش - تاماق ئىشلىرىنى ئايالارنىڭ خىزمەت دائىرىسى دەپ بېكىتىۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، خانىم قايتىپ كېلىشىگىلا بۇ ئىشلارنى ئۆزىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالدىم. بۈگۈن مەنمۇ سىزنى سېغىنىپ، ياردىمىم بىلەن خانىمنىمۇ خوش قىلغاچ، سىز بىلەن كۆرۈشۈپ كىرەي دەپ چىقتىم، — مەن بىر نەپەستىلا ئاساسىي ئىزاھاتنى بېرىپ تۈگەتتىم.

— ياخشى بوپتۇ، ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئۇ بالدۇرقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل چىراي ئىپادىسى بىلەن. كۆزلىرىدىمۇ بىر خىل يېقىنلىق ئۇچقۇنداپ تۇراتتى.

— بۈگۈن ئاخشام ۋاقتىڭىز بولسا يېنىڭىزدا بولۇمەن، خۇدا بۇيرىسا، — دېدىم ئۇنىڭغا ماسلىشىۋاتقاندەك قىلىپ.

— ئىنشائاللاھ، ئىنشائاللاھ، — دېدى ئۇمۇ سۆھبىتىمىزنى سېغىنىپ

قالغاندەك.

ئاخشىمى ئىشتىن كېلىپ، تاماقچە ئايالىمغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. تەبىئىيكى، ئۇمۇ خېلى ئۇقۇغان خوتۇن بولغاچقا سابىت ئەپەندى دېگەننىڭ كىملىكىنى بىلمەي قالمايتى. ئۇ ھەيران بولغاندەك قېلىپ:

ـــ سابىت ئەپەندىنىڭ غەلىتە مىجەزى ھەققىدە كۆپ ئاڭلاپ كەتكەنتۇق، ئىككىڭلارنىڭ مىجەزىڭلار ئوخشاشلا تەتۈر بولغاندىكىن تازا تېپىشىپسىلەر ـ دە!

ـــ دېدى ئۇ چىشىمغا تېگىش ئۈچۈن.

ـــ سابىت ئەپەندىنىڭ مىجەزى قالتىس بەلەن ئادەمكەن دەيمەن، كوچىدىكى گەپلەرنى قويۇڭلار،

ـــ «خىتاي» دېگەن بىر گەپنى تالىشىپ، بارمىقىدىن ئايرىلغان سابىت ئەپەندى شۇدۇ؟

ـــ دەل شۇ.

ـــ سىزنىڭ غەلىتىلىكىڭىزمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغۇ. ئىدارىڭىزدىكى خىتايلار بىلەن ئۇرۇمچى ۋاقتىنى تالىشىپ ئۇرۇشقان سىزغۇ، «ھە بوپتۇ» دەپ قويسىلا تۈگەيدىغان ئىشقا...

ـــ ھەممە نەرسىگە بوپتۇ دەپ قويۇۋېرىپ، بولغان يېرىمىز مۇشۇغۇ. ئۇلار ئاشۇنداق كىچىك ئىشلاردا بويسۇندۇرۇش بىلەن كۆندۈرۈدۇ. كىچىك ئىشقۇ دەپ بىر بىرلەپ بوپتۇ دەۋېرىمىز. شۇنىڭ بىلەن كىچىك ئىشلار دۆۋىلىشىپ ئىنتايىن زور بىر كۆلەم بولۇپ شەكىللىنىدۇ. گېپىنوزلۇق ھۇنىرىگە ئوخشاش. گېپىنوزلۇق قىلغۇچى باشقىلارنىڭ ئېڭىنى قانداق كونترول قىلىدۇ، بىلەمسەن. باشتا ئاڭلىغۇچى ياق دېمەيدىغان ئىنتايىن ئۇششاق ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. مەسىلەن: ئالقىنىڭىزنى چىقىرىڭ. ئىككى قولىڭىزنى بىر بىرىگە پاراللېل تۇتۇڭ، ئاستا ئاستا يېقىنلاشتۇرۇڭ، قولىڭىزنى بىر بىرىگە تەككۈزۈڭ، ئاندىن ئىككى ئالقىنىڭىزنى بىر بىردىن يىراقلاشتۇرۇڭ مانا مۇشۇنداق ئۇششاق ھەرىكەتلەرگە بۇيرۇيدۇ. گېپنوز ئوبيېكتى ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن ئاسان ئىشلار، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ بۇيرۇقلارغا بويسۇنۇش ھېچنىمىگە ھېساب ئەمەس. لېكىن ئەمەلىيەتتە گېپنوزلۇق قىلغۇچى ئاشۇنداق نۇرغۇن تەلەپلەرنى ئورۇنلۇتۇپ ئوبيېكتنى ھەممە نەرسىگە ماقۇل دەيدىغان قىلىپ كۆندۈرۈدۇ. گېپنوزلۇق قىلىنغۇچى بولسا ئاشۇنداق ئۇششاق

بۇيرۇقلارغا بوي سۇنۇپ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئاق تەرەپتىن بىر بىرلەپ كونترول قىلىنىۋاتقىنىنى تۇيماي قالدۇ.

— ۋىيەي، سۆزلىرىڭىزمۇ باشقىچە، سابىت ئەپەندى سىزنى سېھىرلىۋالمىغاندۇ-ھە؟ سابىت ئەپەندى ھەققىدە سۆھبەتداشلىرىنى سېھىرلەپ، ئۆزىگە باغلىۋالارمىش دەيدىغان گەپلەر باردى، شۇڭا دەيمىنا. قارىسام بۇرۇنقىدىنمۇ مەمەدانلىشىپ قاپسىز، ئەسلىدىمۇ گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايتى، ئەمدى چېپىپمۇ يېتىشكىلى بولماس بولۇپ قالغاندەك قىلىسىز، — دېدى ئۇ يان بېرىپ.

ئۇنىڭ كۆڭلىنى يورۇق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، تاماقتىن كېيىنلا سابىت ئەپەندىنىڭ يېنىغا ئالدىرىدىم.

**ئىككى** ھەپتىدىن كېيىن قوشۇنىمىز يۈرۈشنى داۋام قىلىدىغان بولدى. مىڭبېشى يېنىمغا يوقلاپ كەلدى.

— قانداقراق تۇرىسىز؟ قالامسىز، ماڭامسىز؟

— ماڭىمەن! — دېدىم قەتئىي ھالدا. چۈنكى قېلىش تېخىمۇ ئازاپلىق ئىدى. گەرچە يارام ھازىرمۇ سىم-سىم ئېچىشىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمدى يۇقۇملانمايتى. ماڭغاندا بىر ئاز ئاقساپ ماڭاتتىم.

— بولمىسا مەن بىر ئات تېپىپ بېرەي، — دېدى ئۇ ماڭا چىدىماي.

بۇ كۈنلەردە مەن بىرئاز بىرئازدىن مېڭىپ يۈرەتتىم. قىيىن ئىدى، ئەمما نېمىلا دېگەن بىلەن ھايات قالغىنىم ئېنىق بولدى. شۇڭا بەك خوش ئىدىم دېسەممۇ بولىدۇ، ئەمما بىر تەرەپتىن كۆڭلۈمنىڭ يېرىملىقىنىمۇ يوشۇرمايمەن. بۇ ھايانىغا قالغان جاننى ئەمدى ئاياپ ئولتۇرمىسامىمۇ بولاتتى.

ئاساسىي قوشۇن توقسۇ، كۇچار يۆنىلىشىگە، بىر بۆلۈك بايغا قاراپ يول ئالدى. بايغا ئەۋەتىلگەنلەر باينى ئىشغال قىلىپ بولۇپ، قىزىلدىن كۇچارغا چۈشۈشى كېرەك ئىدى. تۇرشاۋۇل قىسىملىرىمىز بىر كۈن ئاۋال يۈرۈپ كەتكەن ئىدى. كىچىك ناھىيە، بازارلارنى تۇرشاۋۇل قىسىملار بىز بارغىچىلا تەسەررۇپىغا ئېلىپ بولاتتى. توقسۇدا كۆپ قارشىلىق بولمىغاچقا تۇرشاۋۇل قىسىم ئۇ يەرنى ئىشغال

قىلىپ، يەرلىك خەلقتىن مەسئۇللارنى بەلگىلەپ، ئۆزلىرى كۆچارغا كىتىشىپتۇ. كۆچادا بىرئاز قارشىلىققا دۇچ كەلدۇق. كۆچار مۇداپىئەسىنى سەل چاغلاش خاتالىقىنىڭ بەدىلى بەك ئېغىر بولدى.

مەن تېخى راۋرۇس يۈرەلمەيدىغان بولغاچقا ھۇجۇمچىلارنىڭ سېپىدە بولالمايۋاتاتتىم. كۆپىنچە ياردارلارغا قولۇمدىن كەلگەن تىبىبىي ياردەملەرنى قىلىپ يۈرەتتىم. بىركۈنى ياردارلارلارغا ئىلھام بېرىش مەخسىدىدە ئابدۇنىياز مەكتەپ ھويلىسىغا كەلدى. ئابدۇنىياز 30 ـ يىللاردىكى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغۇلاڭنىڭ باش قوماندانى بولۇشقا قارىماي، مەندىن بەش ـ ئالتە ياشلا چوڭ، بوي تۇرىقىمۇ ئادەتتىكىچە، چىرايى ساددا چىراي ياش يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا دادىسى دىمەتلىك مىڭ بېشىلار، يۈز بېشىلار باردى. ئۇنىڭ شۇنچە ياش تۇرۇپ، شۇنچە نۇرغۇن پىشقەدەملەرنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرۇپ، بۇنداق زور قوشۇننى بىرلىككە كەلتۈرەلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا، ئابدۇنىيازنىڭ تارىخىمىزدىكى ئورنىنى بېكىتىشتە ئەينەك بولالايدۇ دەپ ئىشىنىمەن. ئۇ جەسۇرلۇقى، ئەقىل ـ پاراستى بىلەن ئۆزىدىن چوڭلارنى قايىل قىلالىغانلىقى ئۇچۇنلا، تېخى ئۇ يۈز بېشى تۇرۇپلا ئېتىراپ قىلىنغان ۋە بۇ قوشۇنغا باش قىلىپ سايلانغان ئىدى. مۆتىۋەر ئاقساقاللاردىلا بولۇدۇغان سالاپەت ئۇنى بىزگە چوڭ بىر ئادەم قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئوبرازىغا بىز ئۆزىمىز كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۇ ھەقتىكى ھېكايىلەر ئاساسىدا يۈكلىگەن سۈپەتلەر قوشۇلۇپ ئۇنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تىنىمسىز تۈردە يۈكسەلتىپ باراتتى. ئۇ كەسكىن ئىدى، لېكىن قىزىق قان ئەمەس ئىدى. ئېغىر بېسىق ئىدى لېكىن كىشىلەرگە يەنىلا ئىنتايىن قىزغىن تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ ھېيىقىپ، ئالدىدا تەمتىرەپ تۇرغان كىشىمۇ بىردەمدىلا ئۇنىڭ تەمكىنلىكى كەينىگە يوشۇرۇنغان ئىللىقلىقنى بىۋاستە ھېس قىلىپ بىردىنلا ۋۇجۇدى ئېرىپ كەتكەندەك بولاتتى. ئابدۇنىيازنىڭ چاقىرىق كۈچى دەل مۇشۇ يەردە ئىدى.

ئۇ تۇيۇقسىزلا مېنى كۆرۈپ قالدى. مەن ئۇنى تونۇماسمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن، ئەمما ئۇ چوڭ ـ چوڭ چامداپ ئالدىمغا كەلدى ۋە بىر ئاز نارازى ئاھاڭدا:

—— سىز نېمە قىلىۋاتىسىز بۇ يەرلەردە؟ —— دەپ سورىدى.

— يارىدارلارغا قاراۋاتىمەن.
— ئوھ، يارىلانغان ئوخشىمامسىز؟ ئاقساۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ چىرايى ئازاپلىق تۈس ئېلىپ.
— ھەئە.
— قاچاندىن بېرى بىز بىلەن بىللە سىز؟
— قەشقەر ئېلىنغاندىن كېيىن قېتىلغانتىم.
ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن پولك كوماندىرلىرى ئۇياقتا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ مېنى قولۇمدىن قويۇۋەتمەيلا يېتىلىگەنچە مىڭبېشىلارنىڭ يېنىغا ئەكەلدى.
— بۇ يىگىت قايسىڭلارنىڭ قولىدا؟
— مېنىڭ، — دېدى كامال. ئاندىن ئالدىراپ ئىزاھات بەردى، — مەن سىزگە گېپىنى قىلغان مۇئەللىم شۇ. ئاقسۇنىڭ سېپىلىگە چىققانلار توغرىسىدا دېگەنتىمغۇ؟....
— ھە..... مۇنداق دەڭ! — ئابدۇنىياز قولۇمنى قوشقوللاپ تۇرۇپ سىقتى، — ئاڭلىغانتىم، ئالدىراشچىلىقتا كۆرۈشۈشنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. ئەمما سىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئەسلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. قانداقلارچە مەكتەپنى تاشلاپ، ئەسكەرلىككە قېتىلىپ قالدىڭىز؟
— ئۇستازىمىزنىڭ قىسمىتىدىن خەۋىرىڭىز بولدى، ھەرقاچان؟ بۇنىڭغا بىز چىدىيالمىدۇق. بارلىق شاگىرتلىرى قەسەمىيات قىلىشتۇق. ئىنقىلاپقا قېتىلىشقا، ئۇستازىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى، بىر كېچىدىلا بىرلىرى تۇتقۇن قىلىپ، ھەممىسىنى قاياققىدۇر ئېلىپ كېتىپتۇ..... ماڭا تېخىمۇ ئەلەم بولدى... ئەمدى بۇ جانىنىڭ نېمە كېرىكى، شۇنچە ئېسىل ئادەملەر ئارىمىزدىن كەتتى، مەن قانچىلىك دەپ ئويلاپ.... — مەن ئائىلە پاجىئەم ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدىم.
— سىزگە ئېھتىياجىم بار، مەن بىلەن كېلىڭ، — دېدى ئۇ. ئاندىن مىڭبېشىمغا قاراپ، — بۇ يىگىت ماڭا كېرەك، بۇ يەرلەردە زايا كېتىدۇ، ئۇنى مەن ئېلىپ كېتىمەن، يېنىمدا بولۇشى كېرەك، — دېدى.
مەن يەنە ناسىراخۇنغا تارتىشتىم. ئۇغۇ ھالقىلىق پەيتتە ئۇساللىق قىلىپ

كېرەككە كەلمىدى، شۇنداق بولسىمۇ دوستۇم ئەمەسمۇ، ئۇنى بىللە ئېلىۋېلىشنى سورۇدۇم. ئابدۇنىياز بىردەم ئارىسالدى بولۇپ:

— دوستىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

—ھەئە، دوستۇم. ئىزچىلاردىن.

— ئۇنداق بولسا بولۇدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئەمدى ئابدۇنىيازنىڭ شىتاپ ئوفىتسېرى بولۇپ قالدىم. ناسىراخۇنمۇ يۇگۇر-يىتىم، ئالاقىچىلىك ئىشلىرىنى قىلدى. بىزدە خەرىتە بىلىدىغانلار يوق ھىساپتا ئىدى. ئىتتىپاقچىلىرىمىز بولغان تۇڭگانلار ئۆزلىرى ئىشلىتىۋاتقان خەرىتىسىدىن بىزگىمۇ بىرەر نۇسقا بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنى چۈشىنىدىغانلار يوق بولغاچقا، بىزنىڭكىلەر ھەممە ئىشنى ئاغزاكى ئورۇنلاشتۇراتتى. شۇڭا ئابدۇنىياز ماڭا ھە دېگەندىلا خەرىتىنى بېرىپ:

— ماۋۇ نەرسىنى چۈشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدى. بىزگە مەمتىلى ئەپەندى «يۇرت بەلگىسى» دېگەن دەرستە خەرىتە ئۆگەتكەن ھەتتا تەتىل تاپشۇرۇقى ھىسابىدا ئۆز كەنتىمىزنىڭ جايلىشىش خەرىتىسىنى سىزدۇرغان ئىدى. شۇڭا خەرىتىنى چۈشىنەتتىم. ئەپسۇسكى، تۇڭگانلار بەرگەن خەرىتە خىتايچە يېزىقتا بولغاچقا بۇنىسى بىر ئاز بېشىمنى قاتۇردى. «خىتايچە بىلىدىغانلارنى تاپقىلى بولارمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدىم، باشلىقلار دەرھاللا تېپىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن كۆڭلۈمدە باشلىقلار بۇ گەپنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپ يۈرگەندە تۇيۇقسىز ئىشخانىغا بىرسىنى باشلاپ كىرىشتى.

— مانا، تۇڭچى[1] تېپىپ كەلدىم، تۇڭگانلاردىن سورۇۋالدىم، — دېدى شىتاپ باشلىقىمىز، ماڭا تىلماچنى تونۇشتۇرۇشقا يېنىمغا ئەكىلىپ.

ئۇ كىمكەن دېمەمسىز، بىزنىڭ ھوشۇر ئىكەن!

— ھوي، سەن بۇ يەرلەردە نېمە قىلىۋاتىسەن! — دېدى ھوشۇر ھەيران بولۇپ. مانا مۇشۇنداق چاغدا ئۆزەڭ بىلىدىغان بىر كونا تونۇشۇڭنى ئۇچرىتىپ قېلىش نەقەدەر ھاياجانلىق بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بىر يۇرتلۇق بولۇشى تېخىمۇ يېقىملىق تەسىرات بېرىدۇ-دە! بىز تېخى ھوشۇر بىلەن شىرەم

[1] تۇڭچى ــ تەرجىمان، ــ ئا.

تۇققانمۇ كېلەتتۇق. شۇڭا ئۇ مېنىڭ بىر ئاز ئاقساۋاتقىنىمنى سېزىپ، چىرايى بۇزۇلۇپلا كەتتى، — يارىلاندىڭمۇ؟ ھازىر قايداراق؟

ئىككىمىز بىرلىكتە خەرىتىدىكى شەھەر بازارلار، دەريا كۆللەر،... ئۈستىدىكى ئىسىملارنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ يېزىپ، بىز ئىشلەتكۈدەك قىلدۇق.

شۇغۇنىسى، ئۇ شۇ كۈنى ئىش تۈگىگەندىلا ئۆزىنىڭ قىسمىغا قايتتى. مەن خۇددى ئىچىمدىن نېمىنىدۇر سۇغۇرۇۋالغاندەك يىتىمسىراپلا قالدىم. كۆرمىسەممۇ بوپتىكەن، كۆرگەندىن كېيىن بىر كۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلەپ، خۇددى ئۆز ئۆيۈمدە، ئۆز يېقىنلىرىم ئارىسىدا تۇرغاندەك بولۇپ قاپتىكەنمەن، ئەمدى شۇنچىلىك يىغا تۇتتىكى، ئەمدىلا ھەقىقىي يىتىم قالغاندەك بولدۇم.

دىۋىزىيە كورلىغا كېلىپ جايلاشقاندا بىزنىڭ ئاساسىي بىرلىكلىرىمىز قاراشەھەردە، تۇرشاۋۇل قىسىملار ئارغىبۇلاق تاغلىرىغا بېرىپ يەتكەن ئىدى. ئۇرۇمچى ئالدىمىزدىلا ئىدى. چەكسىز ئۇمىدۋارلىق ئىچىدە ھېرىش - چارچاشنى بىلمەي ئىشلەيتۇق. ئاخشاملىرى بەك كەچ ياتاتتۇق، بەزى كېچىلىرى ھېچ ياتماستىن تاڭغا ئۇلايتۇق. كۈز ئايلىرى كىرىۋاتاتتى. ئۇرۇشنى پاتراق تۈگەتمىسەك ئەسكەرلەر ئۈچۈن قىشلىق لازىمەتلىكلەرنى ھەل قىلىش ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان باش ئاغرىقى بولاتتى. ئاخشاملىرى ناسىراخۇن ئۆز مىجەزىگە كۆرە شىتاپتا بولغان بارلىق پىلان، مەسلىھەتلەرنى، ئابدۇنىيازنىڭ دېگەن - ئېيتقانلىرى،... ھەممىنى سوراپ، سىرتىقىنى ئېلىپ تۇراتتى. مەن بۇ تۈگىمەس قىزىقىش سوئاللىرىغا بىرەر جۈملىدىنلا، تومتاق جاۋاپ بېرىپ تۈگىتەتتىم. ناسىراخۇن بۇ جاۋاپلاردىن قانائەتلەنمەيتى - يۇ، مەندىن بىرئاز تەپتارتىدىغان بولغاچقا يەنىمۇ كوچىلاپ سوراشقا پېتىنمايتى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق سوراشلىرىنى بەلكىم ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىگە بەكلا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ياكى بولمىسا كاللىسىغا بۇ ھەقتە غەم كىرىۋالغانلىقىدىن دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا بەزىدە ئۇنىڭغا بەزى ئىشلارنى ئىنچىكە چۈشەندۈرگۈم كېلەتتى - يۇ، لېكىن يالتىيىپ قالاتتىم. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە ناسىراخۇندەك بىر ئادەمنىڭ بۇنى بىلىش بىلمەسلىكى بەرىبىر ئىدى.

شىتاپ قاراشەھەرگە يۆتكەلگەندە ئالدىنقى سەپتىن بەكمۇ كۆڭۈلسىز

خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى: خىتايلار ئورۇس ئەسكەرلەر بىلەن ھوجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. ئورۇس ئەسكەرلەر تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ئېبلىسقا ئوخشاشلا كۆرگىلى، بىلگىلى بولمايدىغان، شەكلىنى تېنىمىسىز ئۆزگەرتىپ تۇرۇدىغان، خىلمۇ خىل قىياپەتلەرگە كىرىپ تۇرۇدىغان سىرلىق مەخلۇقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇدىغانلىقىنى ۋە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلىپ بولالمايتتى. ئۇلاردا ئايروپىلان بولغاچقا گاھ كۆكتە گاھ يەردە خالىغان جايدا پەيدا بولاتتى. ئۇلار پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۇلار ھەققىدە بىر بىرى بىلەن زادىلا ئوخشىمايدىغان خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر تارقىلاتتى. گاھىدا ئۇ بىر قۇتقازغۇچى شەكلىدە ئۇنسە، گاھىدا قان ئىچكۈچى بولۇپ گەۋدىلىنەتتى. لېكىن بىر نەرسە باشتىن ئاخىر روشەنكى، ئۇلارنىڭ پەيدا بولىشى بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئۇلار تارىخىمىزنىڭ مۇشۇ مەزگىللىرىدە بىرلا ۋاقىتتا بىر بىرىگە پۈتۈنلەي قارمۇ قارشى روللارنى ئوينىغان ئىدى. بىر مەھەل چارپادىشانىڭ قاچاق ئەسكەرلىرى دەپ پەدەزلەنگەن بۇ ئەسكەرلەر، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ كۈندىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئىدى. ئەمما ئۇلار خەلقارا مۇناسىۋەتلەر، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ «ئېزىلگۈچىلەرنىڭ دوستى» دېگەن چىرايلىق نىقابىنى ئاياپ، خىتاي ئەسكىرى فورمىسىنى كېيىپ، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى دېگەن ئاتاقتا ياردەمگە كېلىشكەن ئىدى. زىرىھلىق قوراللار ۋە ئايروپىلانلار ھىمايىسىدە قىلىنغان بۇ ئومۇمىي ھۇجۇم، ئورۇش ۋەزىيىتىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى. بىزلەر ھۇجۇم ھالىتىدىن مۇداپىئەگە، ھەتتا چېكىنىشكە ئۆتتۇق.

بەزىلەرنىڭ پىچىر - پىچىرلىرىدىن ئىتتىپاقچىمىز بولغان تۇڭگان قوشۇنلىرى بىزنىڭكىلەر بىلەن مەسلىھەتمۇ قىلماي، ئۆز ئالدىغا ئورۇش سېپىنى تاشلاپ جەنۇپقا قاراپ قېچىشقا باشلاپتۇمىش. ھازىر بىزنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىمىز پۈتۈنلەي يوقۇلۇش ۋەزىيىتىدە ئىمىش. ئەمما مەن بۇ گەپلەر بىلەن كارىم بولماي، ئۆزەمنىڭ ۋەزىپەمنى بەجانىدىل ئورۇنداشنىڭ كويىدىلا ئىدىم. كىم بىلىدۇ بۇ گەپلەر دۈشمەننىڭ ۋەسۋەسە سېلىش ئۈچۈن تاپقان گېپىدۇر.

ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا بىزنىڭ باش ئۈستىمىزدىمۇ ئايروپىلانلار ئەگىشكە باشلىدى. ئەمدى ھەقىقىي ۋەسۋەسە باشلاندى. يېقىن ئەتراپتىكى يۇرتلاردىن سېپىمىزگە قېتىلغانلار قوشۇن چېكىنسە يەنە ئۇزاقلارغا بىرگە كېتىشتىن

ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شۇ يەردىلا سەپتىن ئايرىلىپ غايىپ بولۇشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئابدۇنىياز مەن بىلەن ئايرىم گەپلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ يېنىغا چاقىرتتى.

ــــ تۇڭگانلار ۋاپاسىزلىق قىلىپ، سەپنى بىزگىلا تاشلاپ قېچىشتى. ئۇلار ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىدا. بىزمۇ ھازىرلىقسىز بولساق، كېيىنكە بىر پىلان تۈزۈپ قويمىساق بولماس. سىزنىڭ ئەمدى بۇ يەردە يەنە ھايال بولۇپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ ئورنى قالمىدى. سىز كېتىڭ. يېقىنلىرىڭىزنى تېپىڭ، ياشلارنى تويلاڭ، تەربىيىلەڭ. يەنە بىر پۇرسەتتە كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىمىز ئۈچۈن تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلغاچ تۇرۇڭ. بىزمۇ كۆپ ئۆتمەي ئارقىڭىزدىن بارىدىغاندەك تۇرىمىز. بىركۈنمۇ ھايال بولماڭ، ئەتە سەھەر يولغا چىقىڭ. ھە، راست، دوستىڭىزمۇ بىللە كەتسۇن، ئىشلىرىڭىزغا ياردىمى بولۇپ قالار.

بېشىمدىن بىر قاپاق مۇزدەك سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇقمىشلىرىمىز راست بولۇپ چىقىۋاتاتتى. بەرگەن قۇربانلارنىڭ بىھۇدە بولۇشى نەقەدەر يۈرەكنى يەيدۇ-ھە! كۆز ئالدىمىزدا ئۆلگەن بەرنا يىگىتلەر كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋېلىپ، يىغلىۋېتەيلا دېدىم. پەقەت ئاشۇ ئاقسۇنى ئىشغال قىلىشتا مېنىڭ كوماندامغا بېرىلگەن بۇرۇنقى مۇئەللىم ۋە ئىزچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى! قانداق ياراملىق ئىنسانلار ئىدى! بىرمىللەتتە بۇنداق سەرخىل كىشىلەر كۆپ بولمايدۇ. ئەگەر زامان ـ زامان ئۆلۈم شۇلارنىڭلا بېشىغا كېلىۋېرىدىغان بولسا، بۇ مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشى كەينىگە كېتىۋېرىدۇ. ھازىرقى دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولماقتا. ھازىرقى بىر كۈندە قولدىن كەتكۈزگەنلىرىمىزنى يەنە بىر قەرنەدىن كېيىن ئون يىلدىمۇ تولۇقلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، يەنە بىر ئەسىردىن كېيىن بەش يۈز يىلدىمۇ تولۇقلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتۇق. ئۈستىمىزدە غارقىراپ ئۇچۇپ بىزگە ئوت پۈركۈۋاتقان ئايروپىلانلار بۇنى بىزگە ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى. دۇنيادىكى ئەڭ قالاق بۇ ياۋايىلار كەلگۈسىدە ئورۇسلاردىن بۇ نەرسىلەرگە ئىگە بولماي قالمايدۇ. ھازىر بىز جىسمانىي كۈچىمىز بىلەن ئۇلاردىن ئۈستۈن كېلەلىگەن بىلەن كەلگۈسىدە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. مەن مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا داۋاملىق ئويلاۋېرىشكە جۈرئەت قىلالماي توختاپ قالاتتىم.

قايتىدىن ئاسارەتكە چۈشۈشنى ئويلىغاندىمۇ شىپھەت بولغانلارنى بەختلىك دېيىشكە بولاتتى. بۇ خۇسۇستىن، ئۆلۈمدىن ئېشىپ يەنە قانداق مەغلۇبىيەت، قۇربانلارغا شاھىت بولۇشۇمنى ئويلاپ، ئاللاھتىن ماڭا شاھادەت شەربىتى ئىچىشنى نېسىپ قىلىسكەن دەپ تىلىدىم.

ئابدۇنىياز بىلەن خوشلۇشۇپ چىقىپ، ناسىراخۇنغا ئەتە كېتىدىغانلىقىمىزنى، تەييار بولۇشنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ توڭگۇمەس «نېمە ئۈچۈن»لىرىگە جاۋاپ بېرىشكە ھەپسىلەم بولمىغاچقا:

— ئىش ئاخىرلاشتى، ئەمدى جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار، دەپ رۇخسەت بەردى، — دەپلا قويدۇم.

ناسىراخۇن مېنىڭ كەيپىمنىڭ بەكمۇ ناچارلىقىغا قاراپ، قايتا سوئال سورىمىدى. ئۇ مېنىڭ بۇ جاۋابىمغا قايىل بولۇدۇغانلاردىن ئەمەسلىكىنى، كەيپىياتىم ئىزىغا چۈشكەن پۇرسەتنى تېپىپ سەۋەپنى قايتا سورايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى بىز ماڭ كىلومېتىرلىق بىر سەپەرنى بىللە باساتتۇق. بۇ ئۇزۇن، جاپالىق ۋە زېرىكىشلىك سەپەردە ئۇنىڭغا بۇ سەۋەپنى بىلىۋېلىشقا كۆپ پۇرسەت بولۇدۇغانلىقىنى بىلگەچكىلا، ئۇ ن - تىنسىز نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

بىر ھىساپتا شۇ ناسىراخۇنى يېنىمغا ئېلىۋالغىنىممۇ ياخشى بوپتىكەن. ئالدىمىزدا بىرئايغا يېقىن بىر سەپەر تۇراتتى. قېچىۋاتقان تۈڭگان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنغان يۇرتلاردىن ئۆتكىچە ئۇ ئادەملەرنىڭ ۋەيرانە ھالى، يېقىنلىرىدىن ئايرىلغانلارنىڭ قار - يامغۇر يىغىسىنى كۆرگۈنۈمدە، ئۆلاردىن قانداقمۇ نان سورالايتىمكىن؟ چۈنكى بىزنىڭ يېنىمىزدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوقىدى؛ نېنىمىزمۇ يوقىدى. بۇ ھالدا ھەر يۇرتتىن ئۆتكىچە شۇ يەردە قورسىقىمىزنى بىر توقلاپ، ئاندىن بىر ئىككى زاپاس نان ھەل قىلىۋالساقلا يولنى داۋام قىلالاتتۇق. بۇ ھالدا ناسىراخۇن بولمىسا، مەندەك غەلىتە مىجەزلىك بىر ئادەمنىڭ ئاچ قېلىشى ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. بىلمەيمەن بېشىمغا كەلسە ئېھتىياجىمنى سورىيالامتىمكىن ياكى سوراشتىن كۆرە ئوغۇرلۇق قىلالارمىكىن؟ مانا ھازىر ئۇزۇقلۇق ئىشىنى بىزنىڭ ناسىراخۇن ئۈستىگە ئالدى. دېمىسىمۇ ئۇ ماڭا قاراپ تۇرالمايتى؛ مېنىڭ جېنىم پىششىق بولغاچقا،

ياماننغا كەلسە ئۇنىڭدىن بىر كۈن ئارتۇق ئاچ قېلىشقا چىدايتتىم. ئۇ بولسا ھېچ چىدالمايتتى. شۇڭا بىرەر يۇرتنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ بولغىچىلا ئېغىزلىرىنى تامشىپ كېتەتتى. ئۇ ھەتتا قانداقراق كۆرۈنۈشتىكى ئۆيدىن نان سورۇسا قولغا بىرنېمە چىقىشنىمۇ بىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا «ناسىر، تەجرىبىلىك بولۇپ كەتتىڭ» دەپ چېقىشىپ قوياتتىم.

ھەممە يەردە كۆمۈلمەي قالغان جەسەتلەر ئۇچراپلا تۇرۇدۇغان بولغاچقا، ھاۋا سېسىغان گۆش پۇرىقى بىلەن كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ تۇراتتى. سېسىغان جەسەتلەر ئۈستىدە بولسا ياماپاشلىرى زەڭگەررەڭ پارقىراپ تۇرۇدۇغان سېمىز رو چىۋىنلەر گىژىلداپ يۈرەتتى. تۇڭگانلار چېكىنىش سەپىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەمدى تامامەن تۈگەشكەنلىكىنى پەرەز قىلغاچقا، ھەركىم ئۆز كەلگۈسىنىڭ غېمىدە بولۇپ، بىرەر قىممەتباھا نەرسە ئولجا ئېلىش كويىدا بەكمۇ رەھىمسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. روھى چۈشكەن كوماندىرلارمۇ قوشۇننى مەيلىگە قويۇۋېتىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى، مۇشۇ ئارقىلىقلا قوشۇننى تۇتۇپ تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۈستىمىزدە بىر قاپاق سۇيىمىزدىن باشقا تۈزۈكرەك يۈكۈمىزمۇ يوق بولغاچقا بىز ھەرھالدا تېز ماڭغان بولساق كېرەك، ئالدىمىزدا كەتكەن تۇڭگان قوشۇنلىرىغا توقسۇدا يېتىشىۋالدۇق. ئابدۇنىياز قوشۇنلىرى بىلەن تۇڭگانلار ئىتتىپاقداش بولغاندىكىن، ئۇلارنى ئۆز چاغلاپ، يوشۇرۇنۇپمۇ يۈرمەيلا ئۇدۇل ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان ئىدۇق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالدى. بىزدەك ياشلار بۇ ۋەزىيەتتە ئۇلارغا تازا كېرەك ئىدى. ياردارلارنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرگۈزۈشكە نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى ھامماللىققا تۇتۇۋېلىشقان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن قىسمىتىمدە پۈتۈنلەي باشقا يۆنگە قاراپ ئۆزگۈرۈش بولدى. زىممەمدىكى ۋەزىپەممۇ سۇغا چىلاشتى!

ئويلىغىنىمدەك، ناسىرخۇن ئابدۇنىيازنىڭ بىزنى نېمە دەپ كەتكۈزۈۋەتكەنلىكىنىڭ سىرتىقىنى ئېلىشنى ئۇنتۇمىغان ئىدى. بۇ ئۇزاق زېرىكىشلىك سەپەردە دېيىشمىگەن گەپ قالاتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىڭ سەپدىشىم، دوستۇم تۇرسا يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى نېمە دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا پارتىزانلىق ھەركىتى تەشكىللەش ۋەزىپەم ھەققىدە ئېيتىپ بەردىم.

ئاۋالقى كۈنلىرى تالانغان، خاراپ قىلىنغان يۇرتلار، ۋەيرانچىلىق ئىچىدە قان - ياش تۆكۈۋاتقان ئاھالىلەرنى ئىش ئۆتۈپ كەتكەندە كۆرگەن بولساق، مانا ئەمدى تۇڭگانلار بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بۇنداق ۋەھشىيلىكلەرنى قىلىدىغان بولدى. مەن دەسلەپتە تۇڭگانلارنىڭ چىرايى بىلەن تىلىنىلا خىتايلارغا ئوخشىسا كېرەك دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بۇ قېتىم ۋەھشىيلىكى، ياۋايىلىقى ۋە غەيرى ئەقلىي ئىكەنلىكىنىڭمۇ خىتاي بىلەن ئوپ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى سەزمەكتە ئىدىم. ئۇلارنىڭ بىز بىلەن زادى نىمە ئورتاقلىقى بار؟ بىز ئۇلار بىلەن زادى نىمە سەۋەبتىن بىرلەشتۇق؟ بۇلار زادى ئەقلىمدىن ئۆتمەيتى. كەچلىرى ئۇلارنىڭ گۈلخان ئەتراپىدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوقۇۋاتقان سۈرىلىرى شۇقەدەر بورمىلانغانكى، «ئەلھەمدۇ»نى «ئەيلىخانمىدۇ» دەپ ئوقۇسا ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالاتتىم. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، قىلىۋاتقان ۋەھشىيلىكى ئىدى. ئۇلار ئىبادەت بىلەن قىلمىش ئارىسىدا بىر ئورتاقلىقنىڭ بولۇشىنى ۋە بۇنداق ماسلىشىشنىڭ شەرتلىكىنى ئويلاپ باقمىسا كېرەك. (خۇددى بۈگۈنكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش: بەش ۋاخ نامازنى قازاسىز ئوقۇغاچ خىتايغا ئىشلىگەندەك.) ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ۋەھشىيلىك قەھرىمانلىق ئىدى. تامامەن ئەل بولغان، مەھكۇملۇقتا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان، پەقەت ھايات قېلىشتىن باشقا نىيىتى بولمىغان يۇۋاش دېھقانلار ھېچقانداق قارشىلىق قىلمىسىمۇ ئىچى پۇشۇپ قالسىمۇ ئۆلتۈرەتتى. مۇشۇنداق ۋەھشىيلىكلەرنى كۆرگۈنۈمدە، تېخى يېقىندىلا قوشۇنىمىزدا بولغان كىچىككىنە بىر ۋەقە كۆز ئالدىمدا جانلىناتتى:

نېمىلەرنىدۇر كالدىرلاپ تىزلىنىپ ئولتۇرغان بىر خىتاينى ئېتىش ئۈچۈن قورال بەتلەپ تۇرغان بىر ئۇيغۇر ئەسكەرنى كۆرۈپ قالغان ئابدۇنىياز، ئەسكەرنىڭ تەستىكىگە سېلىپ قورالىنى تارتىۋالغان ئىدى.

— ھاي گۇيتۇزا، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ بىز خىتايلارنىڭ ياۋايىلىقى ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن تۇرۇپ، ئاشۇلارغا ئوخشاش قىلساق قانداق بولىدۇ؟ ئوغۇل بالا بولساڭ قارشىلىق كۆرسۈتۈش ئىقتىدارىدىن قالغانلارغا ئەمەس، سەن بىلەن تەڭ ئېلىشالايدىغانلارغا باتۇرلۇقۇڭنى كۆرسەت. ئۇ ئاشۇنداق يېلىنىپ، بۇرنىدىن ماڭقا ئېقىتىپ تۇرسا قانداقمۇ ئۆلتۈرگۈڭ كەلدى؟ — دەپ

تىللىغاندى ئابدۇنىياز.

بىز تۇتقۇن ئىدۇق، ئۇلارنى توسۇپ قېلىش قولىمىزدىن كەلمەيتى. ھەممە ۋەھشىيلىكلەرگە قاراپ تۇرۇش يۈرەكلىرىمىزنى لەختە ـ لەختە قىلىۋېتەتتى. ئەگەر توسۇمىز دېسەك بىرىنچى ھەملىدىلا ئۆلۈشكىلا توغرا كېلەتتى. بۇنىسى ھەممىگە ئايان.

تۇڭگانلار ئاز بىر بۆلۈك ئادەمنى ئاتۇشقا ئەۋەتىپ، باشقىلىرى باچاڭدىنلا بەشكېرەمنىڭ يولىغا چۈشتى. شۇڭا مەن ئاتۇشنىڭ بوسۇغىسىدىن ئائىلەمنى كۆرمەي بىرىنچى قېتىم ئۆتۈپ كەتتىم. ئەگەر «ئائىلەم» دېيىشكە بولسا! ئەمەلىيەتتە شورۇقتا مېنىڭ بىردىن بىر ھايات كۆچىتىم بولغان ئوغلۇم بار دېسەممۇ بولاتتى. ئەمما ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چېغىمدىكى تۇرقىنى ئېسىمگە ئالسام، تۇغۇلۇپلا ئانا سۈتىدىن مەھرۇم بولغان بۇ بىچارە بالىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىم كەلمەيتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاتۇشقا كىرمەستىن قەشقەرگە ئۆتۈپ كېتىشىمىز ماڭا بىرخىل تەسەللىي بولدى. مەسئۇلىيىتىمدىن قېچىشتا بىر خىل باھانە دېيىشكىمۇ بولاتتى. باچاڭدىن چىقىپ، بەشكېرەم يولىغا چۈشكىنىمىزدە ئۇزاقتىن ئوڭ تەرەپتە شورۇقنىڭ، سول تەرەپتە كېچىڭىز[1] نىڭ دەل ـ دەرەخلىرى قارىيىپ كۆرۈنۈۋىدى، يۈرىكىمنى قىرىق بىر چوغ كۆيدۈرگەنچە پەسكە ساقىپ كەتكەندەك بولدى. بۇ دەرەخلەر كەچكى گۇگۇمدا بارغانسېرى قويۇقلۇشۇپ كۆزدىن يۈتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزدىن يۈتۈشى گويا جىمىكى ئېزگۈلۈكنىڭ، ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ، سۆيگەن، سۆيۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي زاۋالىدەك ۋەھىمىلىك، قورقۇنۇچلۇق بىر ھىس بەخش ئېتىپ، يۈرۈكۈمنى شۇنچىلىك مۇجۇدىكى، ھەتتا مەن «ئۆزەم»دىن ئاجراپ كەتكەندەك، كېتىۋاتقىنى تونۇش ئەمما، «ئۆز» بولمىغان بىر گەۋدىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئاشۇ گەۋدىدىن «ئاجراپ»كەتكەن «مەن» ئىگىز ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ، كۆك قەرىدە تۇرۇپ، مەستىلەردەك، ئەقلىنىڭ بۇيرۇقىسىز دەسسەپ كېتىۋاتقان «يات» گەۋدىنى كۈزۈتۈۋاتقاندەك بولدى.

ئابدۇنىياز قىسىملىرىمۇ ئارقىمىزدىنلا يولغا چىققان ئىكەن. ئاتالمىش ئاق

---

[1] كېچىڭىز ــ ئاتۇشتىكى بىر يېزا، ئاتۇشنىڭ ئەڭ شەرقىدە (قىسمەن جەنۇپ تەرىپىدە)، ــ ئا.

ئورۇس ئەسكەرلىرى تاكى مارالۋېشى تۇمشۇقىچە قوغلاپ كەلگەنلىكىنى، مېنىڭ مىگىبېشىم كامال تۇمشۇقتا ئاق ئورۇسلارغا ئەسىر چۈشۈپ قېلىپ، شۇ يەردە ئۆلار تەرىپىدىن چېپىپ تاشلانغانلىقىنى كېيىن قەشقەردە ئۇقتۇق.

مەن دائىم كامالنى كۆرسەم خۇددى ئاللاھ بۇ دۇنياغا ئورۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتكەندەك، شاپ بۇرۇتلىرى ئۆزىگە ئاجايىپ ياراشقان كامالنىڭ ئاشۇ بۇرۇتلىرى باشقا بىرەر يۈزدە بولسا قانداق بولاتتى دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئەتراپىمدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ چىرايىغا كۆچۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتىم. لېكىن ئۇنىڭ شاھادەت شەربىتىنى ئىچكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا قانداق جان ئۈزگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇم كەلمىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شېھىتلىككە يەتكەن روھىنى ماددىي دۇنياغا تەۋە بولغان بەدىنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشنى خالىمىغانلىقىمدىن ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ قازا قىلغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دائىملا كۆز ئالدىمدا تۇرىدىغان ئوبرازى مەۋھۇملۇشۇپ بىردىنلا چەكسىزلىككە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بىر كۆرۈنۈشتە ئۇنى ھەرقانداق تەسەۋۋۇر قىلسام بولىدۇغاندەك، يەنە بىر كۆرۈنۈشتە ئۇنى ھەرقانداق ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوقتەك تۇيۇلاتتى.

يەنە مۆيدىن تەنجاڭ (ئابدىنىياز ئۇنى مۇئاۋىن سىجاڭ قىلىۋالغان ئىدى) ئاشۇ چاغدا كەلىپىن ئەتراپىدا ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن سوۋېت ئايروپلانىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ئۇچقۇچىلارنى مەخپىي قويۇپ بېرىۋەتكىنى يەتمەي، يەنە ئۆزىنىڭ شىڭ ھۆكۈمىتىگە ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ مەكتۇپ يوللىغان ئىكەن، مەكتۇپ ئابدۇنيازنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۆيدىننى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن تۇڭگانلار شۇ تەرتىپسىزلىكىدە قالدى. تۇڭگانلارمۇ، بىزنىڭ چوڭلارمۇ سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشى ياكى قىلماسلىقى ھەققىدە بىر پەرەزگە كېلەلمىگەچكە قەشقەردە ئىدارى ئىشلارنى رەتكە سېلىشقا رەغدى بولماي، ۋەزىيەت كۈتۈپ ئولتۇردى. شۇڭا، ھۆكۈمەتسىزلىك ھەريەردە ئۆز ئىزنالىرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ سۈركۈلۈشلەر بولۇپلا تۇراتتى. قەشقەردىن چىقىۋاتقاندا

ئابدۇنىياز قىسىملىرى سان جەھەتتىن كۆپ ئىدى؛ شۇڭا تۇڭگانلار يول قويۇش مەيدانىدا تۇراتتى. شىمالغا يۈرۈش جەڭلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭكىلەر ئالدىدا، تۇڭگانلار ئارقىدا بولۇپ، كۆپرەك تالاپەت كۆرگۈنىمىز يەتمەي، جەنۇپقا قاراپ چېكىنىش باشلانغان ھامان، ئورۇسلارنىڭ تانكا، ئايروپلانلىرىدىن قورقۇپ كەتكەن ئەسكەرلەر، ھەممىدىن ئۈمىت ئۈزۈپ جاننى ئېلىپ قېچىشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا، ھەر يۇرتتىن قېتىلغانلار شۇ يۇرت تەۋەسىگىچە بىللە كېلىپ، غىمىسسىدە يوقۇلۇپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپلا تۇرغان ئىدى. ئەمما تۇڭگانلار ۋە خىتايلارنىڭ يۇرتى بۇ يەرلەردە بولمىغاچقا، ئۇلار ئۈچۈن قوشۇندىن ئايرىلىش تېخىمۇ خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاساسىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىغلىق ئىدى.

بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىشكىمۇ ئۇرۇندۇق. ئەمما تۇڭگانلار، خىتايلار ئەركىن بولغىنى بىلەن، تۇڭگان قوشۇنى ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەر، ھامماللار ئەركىن ئەمەس ئىدى. مەن ھوشۇرنى ئۇچرۇشۇپ قالسىكەن دەپ شۇنچىلىك تاما قىلدىمكى، بىلمەيمەن ئۇنىڭ مېنى قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچى يېتەمتىكىن. مافۇيۇەن بىر بۆلۈك تۇڭگان - خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئاقسۇدىنلا تەكلىماكاننى كېسىپ خوتەنگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. كىم بىلىدۇ، ھوشۇر بەلكىم شۇ بۆلۈكتە بولسا خوتەنگە بېرىپ بولدىمىكىن؟ رېھىمنى كۆرسەممۇ مەيلىتى، ئۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ باشلىقلىرىغا ئەھۋالىمنى يەتكۈزسەم بەلكىم مېنى ئېلىپ كېتەرمىدىكىن. بۇ ئارىدا بىزنىڭ بازارغا چىقىشىمىزغا رۇخسەت قىلسا پەقەت يا ناسىراخۇنغا يا ماڭا رۇخسەت قىلاتتى. «قايتىپ كەلمىسەڭ دوستۇڭ ئۆلىدۇ»، دەيتى. مەن بازارغا بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ قولۇمدا بىر تىيىن بولمىسا؟ پەقەت بىرەر تونۇش بىلىش ئۇچراپ قالارمىكىن دېگەن تاما بىلەن، ئىككى قېتىم رۇخسەت سوراپ چىقتىم. ناسىراخۇننىڭ قورقۇپ رەڭگى ئۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇردۇم.

— قورقما، مەن ئۇنداق ۋاپاسىزلاردىن ئەمەس، ئۆلسەم ئۆلەيكى، سېنى بالاغا قويۇدىغان ئىشنى قىلمايمەن، — دېدىم ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ.

ئۇ سىرتقا چىقىدىغان بولسىمۇ، مەن قەستەن چېقىشىپ قوياتتىم:

— ناسىر، مېنىڭ جېنىم سېنىڭ قولۇڭدا جۇمۇ، كەلمەي قالما.

— مەن شۇندا ئادەمماۋا، — دەيتى ئۇ تە بولغاندەك قىلىپ.

مەن سىرتقا چىقىپ كەلسەم، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەن ھالدا، قۇرۇق قول قايتىپ كېلەتتىم. ئەمما ناسىراخۇن چىقسا ھەر قېتىملا يەيدىغان بىرنەرسىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى. ئۇنىڭ مەندىن يوشۇرۇۋاتقان پۇلى بارلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالماسلىقىم ئۈچۈنمىكىن، ئىزاھات بەگەندەك قىلىپ:

— بىر تونۇشۇم ئۇچراپ قالدى، (ياكى: بىر تۇققۇنۇم ئۇچراپ قالدى) — دەيتى. ئادىتىمگە كۆرە كىم ئىكەنلىكىنى ھېچ سورىمايتىم.

بىر قېتىمدا مەنمۇ ئۇنى دوراپ:

— رېھىم ئۇچراپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭمۇ پۇلى يوقكەن، قۇرۇق گەپ قىلىشقاندىن باشقا ھېچ ئىش بولمىدى، — دەپ قويدۇم.

— ئابدۇنىياز تاپشۇرغان ئىشنىڭ توغرۇلۇق ئۇنىڭغا دېمىگەنسەن؟ — دەپ سورىدى ناسىر نېمىشكىدۇر چۈشۈنۈكسىز ۋە مۇناسىۋەتسىز كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن.

— نېمىگە بۇنى سوراپ قالدىڭ؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ ۋە بىردىنلا كۆڭلۈمگە بىر ئىش كېلىپ، — ئۇنىڭغا دېدىم، — دەپ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆزەتتىم. شۇندا ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن خاتىرجەملىك مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 4 - دېۋىزىيىسىگە تەۋە ئىككى پولك ئەسكەرنىڭ تۆگۈرمىتى① تەرەپتىن 20 تانكىنىڭ ھىمايىسىدە كىرگەنلىكى، قوماندانى ئىسھاقبەگ ئىكەنلىكى ھەققىدە مىش - مىشلار تارقالدى. بىرلىرىنىڭ دېيىشىچە ھازىر ئۇلار ئاتۇشقا كېلىپ بوپتۇمىش. بۇ گەپلەرنىڭ توغرىلىقى ناھايىتى تېزلا مەلۇم بولدى. مەن ئىككىنچى قېتىم رۇخسەت سوراپ چىققىنىمدا قوشنام قۇناخۇننى كۆرۈپ قالدىم. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ ماڭا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى دەپ بېرىشىنى تاما قىلىپ، ئۇنى زورلاپ توختۇتۇۋالغان ئىدىم. بولمىسا ئۇ كۆزلىرى ئالىچەكمەن، قورقۇپلا تۇراتتى، كېتىشكە ئالدىراۋاتقان ئىكەن. ئەمما قېرىشقاندەك ئۇ ماڭا ئوغلۇم ئابىت ھەققىدە ھېچنېمە

① تۆگۈرمىتى ـ ئاتۇشنىڭ شىمالىدا تاغ ئارىسىدىكى قىرغىز يېزىسى، ـئا.

دېمىدى. «چۈنكى بالا هاۋاخان هامامنىڭ ئۆيىدە ــ ياقىۋاغىدا بولغاچقا كۆرمىگەندۇر» دەپ ئۆزەمگە تەسەللىي ئېيتتىم. توغرىدىن ـ توغرا سوراپ دېدىمۇ، تىلىم بارمىدى. يامان خەۋەر بولسا بەلكىم مېنى پاراكەندە بولمىسۇن دەۋاتامدىكىن دەپ گۇمان قىلدىم. شۇنچە غەيرەت قىلىپمۇ ئاخىرىدا گېلىمغا بىرنەرسە تۇرۇپلاۋالغاندەك، ھېچ ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. ئۇ پەقەت ئاتۇشتا تۆرتىنچىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى دەلىللىدى. شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىككى ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

بىرى، قىرغىز ئەسكەرلەر ئىچىدە نەزەر ئىسىملىك بىرسى، شورۇقتىكى خەكبايلارنىڭ قىرغىزىستاندا تىجارىي مۇئامىلە قىلىدىغان بىر ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەن. نەزەر كوچىدا خەكبايىنى تونۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سوقۇشتا ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ تۇرغان بۇ بالا خەكبايىنى پانا تارتىپ قېچىشنى ئويلىغان ئوخشايدۇ. ئەسكەرلەر كەتكىچە بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش، ئاندىن خەكبايىنى تېپىش نىيىتى بولسا كېرەك، بىر كېچىسى قېچىپ، قەدەمجايدىكى① بىر قاپاق تېرەكنىڭ پورىغا مۆكۈۋاپتۇ. قېرىشقاندەك بىچارىنى شۇ كېچىسىلا تېپىۋېلىپ، بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ. ئەتىسىگەندە قەدەمجايدىكىلەر قارىسا تېرەكنىڭ يېنىدىكى بىر چوڭ ئېتىز قوش ھەيدىگەندەك بولۇپ كەتكەنمىش، ئەسلىدە بۇ نەزەر چالا بوغۇزلاپ تاشلانغان بولغاچقا، جان چىقماقنىڭ تەسلىكىدىن كېچە بويى ئېتىزدا يۇمۇلاپ، تىرەجەپ، پۇت تېپىپ، ئاخىرى سەھەرگە يېقىن ئۆلۈپ قاپتىكەن. خەكبايلار يەرلىكىدە قويۇپتۇ.

يەنە بىرى، بىر بۆلۈك ئەسكەر مولىلاقادىر بايىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتىكەن، ئۆلارنىڭ ھويلىسىدا كۈزلۈك كېسىپ تىزىۋەتكەن بىرە مىڭ قوغۇن بارىكەن، بۇ ئەسكەرلەر ئادەمدەك بىردىن پىچىپ يىمەي، ھەربىرسى ئۆتتۆر كەلگەننى قىلىچ بىلەن چېپىپ، تېتىپ بېقىپ، يارىمىسا باشقىسىنى چېپىپ، ئىككى كۈندىلا رەسۋاسىنى چىقىرىپ، ھېچنېمىسىنى قويماپتۇ. بىر قىرغىز ئەسكەر نىساخان

---

① قەدەمجاي ــ شورۇقتىكى بىر مەھەللە بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقى پەننىي مەكتەپ مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇ يەردە يەنە شورۇقنىڭ قەۋرىستانلىقى، بىر چوڭ مەسچىتمۇ بارىدى. ھازىرقى باشلانغۇچ مەكتەپمۇ مۇشۇ يەردە، ــ ئا.

ئاچىنىڭ چوڭ ساندۇقنى قومۇرۇپ ئېچىپ، قىزنى ياتلىق قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغان بارلىق ماللىرىنى ئېلىۋالغان ئىكەن. ئەسلىدە بۇ قىزىل ئەسكەرلەر بايلارغا ئۆچ، بىرنىمە دېسىلا بايلارنى ئۆلتۈرۈدۇ، دەپ ئاڭلاپ، شۇنچە ۋەيرانچىلىققا سۈكۈت قىلىشقان ئىكەن. ھەتتا ئاتلىرىنى بىدىلىككە قويۇپ بېرىپ، قوناقلارنى چەيلەپ رەسۋا قىلىسىمۇ گەپ قىلالمىغان ئىكەن. ئەمما بىر ساندۇق لاتا - پېتىگە كەلگەندە خوتۇن كىشىلىكىنى قىلىپ، ھىچ چىداپ تۇرالماي باشلىقىغا دەپتۇمىش. باشلىقى ئۆزبېك ئىكەن. ئۆزبېكلەرنىڭمۇ بەزى توي ئادەتلىرى بىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، بۇ كوماندىر ئانىنىڭ كۆڭلىنى چۈشۈنۈپ، ئەسكەرلەرنى قاتار قىلىپ، تاسمىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، «رەختلەرنى ئېلىۋالغىنىڭ دەرھال بەرمىسەڭ جازالايمەن»، دەپ قورقۇتۇپ، ھەممە رەختىنى ئېلىپ بېرىپتۇ[1].

تۆرتىنچىلەر ئاتۇشتا بىرقانچە كۈن سەپەر ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن قەشقەرگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئەسلىدە قەشقەردە چەتئەل كونسۇلخانىلىرى، چەتئەل مىسسىئونېرلىرى، چەتئەللىك سودىگەرلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆرتىنچىلەر قەشقەرگە توغرىدىن - توغرا ھۇجۇم قىلالماي، نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى. بەلكىم بۇ ئارىدا بىر سۈلھى - كېڭەش بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، سوۋېت ئەسكەرلىرى بىزلەرنى قەشقەر شەھەر ئىچىدىن چىقارغاندىن كېيىن ئاندىن ئوبدان ساۋىيالايدىغان بولغاچقا، بىرەر يالغان ۋەدە بىلەن، مەسىلەن: قەشقەرنى بىرىپ، جەنۇپقا كېتىشىڭلارغا ئىجازەت دېگەندەك ھۆل خىش قويدىمىكىن، بۇنىسى بىزگە قاراڭغۇ، ئىشقىلىپ تۆرتىنچىلەرنىڭ قەشقەرگە قاراپ ئاتلانغانلىق خەۋىرى كەلگەندە ئابدىنىيازلار ئاللىقاچان قەشقەردىن چىقىپ، ئوپال تەرەپ بىلەن، تۇڭگانلار يېڭىشەھەر تەرەپ بىلەن يېڭىسارغا كېلىپ چۈشكەن ئىدۇق.

ئايروپىلانلارنىڭ شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشىدىن كېيىن ئاتلىق ئەسكەرلەر قوغلاپ ئارام بەرمەيتى. ئىشقىلىپ، بىز تېرە - پىرەن بولۇپ، ھەركىم ئۆز

---

[1] بۇ ۋەقەنى 70 -يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېخى ھايات بولغان نىساخان ئانا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. — ئا.

ھەلەكچىلىكىدە قالىدىغان بىر ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالدۇق.

يىڭىسارنىڭ سىتلە تەرەپتىن يىڭىسار بازىرىغا كىرىۋاتقاندا قاتتىق شىددەتلىك ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئىدۇق. ھۇجۇمدا ناسىراخۇن يۈتۈپ كەتتى. ماڭا مەسئۇل ئۇنبېشى خىتاي ئۇنى مەندىن سورىدى. مەن ئۇنىڭدىن سورۇدۇم. ئەمما ئۇ ماڭا ئىشەنمەي، ئۇنى سەن قاچۇرۇۋەتتىڭ دەپ مېنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن راسا ئۇرغۇزدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپى خىتاي ئىدى. بۇلار ماخۇسەن قوشۇنلىرى ئىچىدىكى بىرىگادىر بەي زىلىغا تەۋە ئىدى. بەي زىلىمۇ خىتاي ئىدى. مەن ناسىراخۇننىڭ ھەقىقەتەنمۇ قېچىپ كەتكەنلىكى ياكى ھاۋا ھۇجۇمىدا ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيتىم. شۇڭا ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىك ئېھتىماللىقىنى ئويلىساملا خۇش بولاتتىم؛ ئۇنىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىكىدىن تەسىرلىنەتتىم. ئەمما ئۇنىڭ ئۆلگەن بولۇشىنى ئويلىساملا كۆڭلۈم بۇزۇلاتتى.

ماخۇسەن قىسىملىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم خىتاي بىرلىكلەر يېڭىشەردە قېلىش ئۇرۇنۇشىدا بولۇشقانىدى. ئۇلار شىڭ شىسەيگە مايىل ئىدى. سەرگەردان بولۇپ داۋاملىق قېچىپ يۈرۈشتىن زېرىككەنمۇ ياكى خىتاي بولغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، يېڭىشەر بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى يېزىلاردا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ماخۇسەندىن ئايرىلىپ قېلىشىپتۇ. ئەمما شىددەتلىك ھاۋا ھۇجۇمى تۈپەيلى يەنىلا جەنۇپقا سۈرۈلۈپ، پىتىراپ كەتكەن بىر قىسمى يېڭىسار قورغىنىغا سىغىنىدى. بەزىلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، سوۋېت قوشۇنلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شىڭ شىسەيگە ساداقەت ئىپادىلەپتۇمىش.

بىزلەر بولساق يېڭىسار بازىرىدا سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، تۆرتىنچىلەر بىلەن ئىككى - ئۈچ كۈن تۇتۇشتۇق. پەيلى تۇتقان رۇسلار ئۈچىنچى كۈنى ئايروپىلان ئەۋەتىپ، يېڭىسار بازىرىنى بومبىلاشقا باشلىدى. تۇڭگانلارنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى شەھەر ئەتراپىدىكى دەڭلەردە، قەۋرىستانلىقلاردا مۇداپىئەلىنىپ تۇرغانىدى. بۇلار تانكا ۋە بىرۇنىۋىك (زىرىھلىق)لارنىڭ ئوق يامغۇرى ئاستىدا قالدى. نۇرغۇن ۋەيرانچىلىق بولدى. شۇ كېچىسى يېڭىسارنى تاشلاپ يەكەنگە قاراپ قاچتۇق. تۇڭگان قوشۇنلىرىدىكى بىر بۆلۈك خىتاينىڭ ئىتائەتتىن چىقىپ، ئايرىلىپ قېلىشى بىر بۆسۈلۈش ئېغىزى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن

ئىتائەتسىزلىكلەر، بۇيرۇققا بويسۇنماستىن ئۆز بىرلىكىگە ئۆزى ئىگە بولۇش خاھىشلىرى كۈنسېرى ئېغىرلاشتى. ماخۇسەن ئۆزىنىڭ خاس قورۇقچى قىسىملىرى بىلەن ئاللىقاچان كۆكراۋاتقا بېرىپ بولغان ئىكەن، كېيىندىكىلەر كېچىچە يول يۈرۈپ، ئەتىسى كۆكراۋاتقا يېتىپ كەلدۇق. ئاڭلاشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ماخۇسەن ئاز بىر بۆلۈك ئادەملىرى بىلەن كۆزدىن يۈتۈپتۇمىش.

تۆرتىنچىلەرنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە پولكى بىلەن ئارىمىزدا قىسقا - قىسقا مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىمۇ بولاتتى. بۇمۇ پەقەت ئاساسىي قوشۇنىنىڭ چېكىنىشى ئۈچۈن ئون - ئونبەش مىنۇت ۋاقىت قازىنىش ئۈچۈنلا بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى توختۇتۇۋېلىش ياكى چېكىندۈرۈش ھېچ ئۈمىد قىلىنمايتتى.

ئومۇمەن ھاۋا ھۇجۇمى نۇرغۇن يەرلىك ئاھالىنى زىيانغا ئۇچراتتى. ئۇلار ئۆيلىرىدىن قېچىپ چىقىپ، ئوچۇقچىلىققا يۈگرەيتتى. يوشۇرۇنۇشنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئەسكەرلەرگە قارىغاندا پۇخرالارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولدى. ئەمدى ھېچ ئادەمدە بۇ ئۇرۇشتىن ئۈمىت قالمىغان ئىدى. تۆرتىنچىلەر قوزغىلاڭچىلارنى تامامەن توزۇتۇۋەتمەي بولدى قىلىدىغاندەك قىلمايتتى. بۇ نۇقتا ھەر كۆڭۈلگە ئايان بولغانلىقتىن تۇڭگانلارنىڭ نىيىتى شۇ دەرىجىدە بۇزۇلدىكى، ئالدىغا ئۇچرىغان پۇخرانى ئاتقۇرۇپ، يېنىدا پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە بولسىلا بۇلايدىغان، قارشىلىق قىلسا ياكى قېچىپ كەتسە ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئېتىۋېتىدىغان بولدى. ئۇلار ئاساسلىقى ئالتۇن - كۈمۈش دېگەندەك نەرسىلەردىن ئىشلەنگەن زىننەت بويۇملىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكەن ئىدى. يەيدىغان نەرسىنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلمىسا، ئۇپچى ھەربىي تەمىنات يوق ئىدى.

مېنىڭ ئونبېشىم بەكمۇ ۋەھشىي ئىدى. ئۇچرىغان ئاياللارنىڭ قۇلاقلىرىنى بىلەك، بارماقلىرىنى تولۇق تەكشۈرەتتى. ئۈزۈك، بىلەيزۈك، نىمەرسىكى بولسا ئېلىۋالاتتى. قارشىلىقسىز تۇرغانلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىپلا قويۇۋېتەتتى. قېچىپ كەتكەنلەرنى بىردەم قوغلايتتى، يېتەلمىسە ئاتاتتى. ھەتتا بىر قېتىم بىر ئايالنىڭ قولىدا خېلى سالمىقى بار بىر ئالتۇن ئۈزۈك كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئېسىلغان ئىدى، ئۈزۈك چىقمىدى. بۇنداق ئەھۋاللار دائىملا كۆرۈلۈدۇغۇ، سېلىشتا ئاسان سېلىنىدۇ، چىقارماقچى بولساڭ

بارماقىنىڭ تېرىسى تۈرۈلۈۋېلىپ، چىقمايدۇ. ياكى بەزىدە ئۇزاق زامان ئىلگىرىدىن تاقاپ كېلىۋاتقان ئۈزۈكلەرمۇ ئاشۇنداق چىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مانا شۇنداق بولدى. خىتاي ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭ بارمىقىنى كېسىۋەتتى!

تېخىمۇ دەھشەت بىر ۋاقەگە شاھىت بولدۇم. يەكەندە توختىغان چېغىمىزدا ئونبېشى 12 ياشلاردىكى بىر قىزنىڭ بىلىكىدە بىلەيزۈك كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى «بۇ ياققا كەل!» دەپ چاقىردى. قىز دەرھال يىراقلاشتى. خىتاي توختا دېگەنسېرى، قىز تېززاق قېچىشقا باشلىدى. خىتاي دەرھال تاپانچىسىنى چىقىرىپ، قىزغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. چىداپ تۇرالماي مەنمۇ يۈگۈردۈم. خىتايغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى سەن شۇك تۇر، مەن ساڭا ئىستىگەن نەرسەڭنى ئەكىلىپ بېرەي، دەپ ئېيىسلىغان ئىدىم، خىتاي مېنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى تەتۈرلىكى تۇتتىمۇ، مېنى ئىتتىرىۋەتتى. ماڭا بۇنداق كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە پىشانەمگە تاپانچىسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ، ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى چاقىردى. ئەسكەرگە بىرنېمىلەرنى دەپ كاكىرىغاندىن كېيىن، ئۆزى قىزنى قوغلاپ كەتتى. خىتاي ئەسكەر مېنى تېپىپ، بەزىدە مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇرۇپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى.

ئېچىنىشلىق بولغىنى كىچىك قىز ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قاچقان ئىدى. بۇ خېلى قول ئىلكىدە بار بىرسىنىڭ ئۆيىدەك قىلاتتى. تاملىرى ئېگىز، ئۆينىڭ يەنە چىرايلىق پىشايۋىنى باردى. قىز دەرۋازىنى تاقىۋاپتۇ. خىتايلار دەرۋازىنىڭ ئىلىنچىكىگە قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئاتقان ئىدى، دەرۋازا ئېچىلدى. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىۋىدى، ئۆلارنىمۇ ئۇرۇپ ياتقۇزىۋەتتى. قىز بەكمۇ شوخ، قورقۇمسىز ئىكەن. ئۇ دەرھال تامغا تىرەلگەن شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىۋالدى. بۇ ئىشنىڭ ياخشىلىق بىلەن تۈگىمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. شۇڭا، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا «قىزغا دەڭلا، بىلەيزۈكنى تاشلاپ بەرسۇن» دېدىم. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شۇنچە ۋارقىرىسىمۇ، قىز پىشايۋاننىڭ گىرۋىكىدە قاراپ تۇراتتى. خىتاي ئاتماقچى بولۇپ قورال تەڭلىسىلا ئۆگزىنىڭ نېرىسىغا قاچاتتى. بىر دەمدىن كېيىن يەنە ماراپ كېلەتتى. قىز خىتايلارنىڭ مەخسىدىنى باشقىچە چۈشەنگەن بولسا كېرەك. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىلەيزۈكۈڭنى تاشلا دېگىنىمۇ ئۇنىڭغا چۈشۈنۈكسىز تۇيۇلدىمۇ

ياكى بالىلىق ئەقلى بىلەن خىتايلار ئەمدى زېرىكىپ كېتىپ قالدۇ، دەپ ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ، بالا بىلەيزۈكنى تاشلىمىدى. ئۇنىڭشى خىتاي بىر ئەسكەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ، ئۆگزىگە چىقارغان ئىدى. مەن قورقۇپ كەتتىم. بىراق قىز ئۇزۇن بىر بادىرىنى ئېلىۋېلىپ، بادىرىنىڭ يىڭنىچىكە ئۇچى تەرىپىنى پەسكە قارىتىپ، شوتىدىكى خىتايغا سانچىيدىغاندەك ھەملە قىلىۋىدى، تۇيۇقسىز تۇرغان خىتاي شوتىدىن ئۇچۇپ چۈشتى.

مانا ئەمدى ئىشنىڭ چوڭچۇيۇپ كېتىشى مۇقەررەرلەشتى. مەن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىزغا نەسىھەت قىلىشنى، چاقىرىشنى توختىماي دەپ تۇردۇم.

قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى توختىماي ۋارقىرايتى:

ــ مەرىقىز! مەرىقىز!

خىتايلار مېنى ئۇلارغا ئەقىل ئۆگىتىۋاتىدۇ دەپ قالدىمۇ، تۇيۇقسىزلا پايىنەك بىلەن ئاغزىمغا ئۇرۇۋەتتى. ئەمما ئاغرىقىمغا قارىماي، يەنىلا بۇ تەنتەك قىزدىن ئەنسىرەيتتىم. ئەنسىرىگەن ئىشىم ئاخىرى يۈز بەردى: خىتاي بىر قول بومبىسىنىڭ پىلىكىنى تارتتى! مەن جېنىمنىڭ بارىچە ئۆگزىگە قاراپ ۋارقىرىدىم:

ــ نېرى قېچىڭ! يېتىۋېلىڭ!

ئەمما قىز بۇنىڭ نېمە ئۇچۇنلىكىنى بىلمىگەچكە، پىشايۋان ئۆگزىسىنىڭ لىۋىدە چەكچىيىپ تۇراتتى. قول بومبىسى ئۆگزىگە تاشلاندى! «گۇم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پىشايۋان گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. ۋاسا ـ بورا، ياغاچ ـ تاش ئارىسىدا بەدىنى تىتىلىپ كەتكەن قىزنىڭ كىچىككىنە تېنىمۇ باردى! ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىيا ـ چىيا قىلىپ قىزغا ئۆزىنى ئېتىشىغا ئۇلارنى نېرىغا ئۇلاقتۇرۇپ تاشلاپ، خىتايلار قىزنىڭ جەسىدىنى تارتقۇشلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەيزۈك سېلىنغان قولىنى چىقىرىۋېلىپ، بىلەيزۈكنى تارتىپ ئېلىۋېلىپ، «تامادى![1]» دەپ جەسەتنى نەپرەت بىلەن بىرنى تېپىپ قويۇپ قايتىشتى. يول بويى ھەربىرى مېنى نۆۋەت بىلەن تېپىپ، ئاغزى بېسىقماي تىللاپلا كېلىشتى. بۇ تېپىكلەر، تىللاشلارغا ھېچقانداق ئىنكاسىم يوق ئىدى. مېڭەمنى

[1] تامادى ــ ئاناڭنى! (خىتايچە)

ئېگىلىۋالغىنى ئاشۇ بى تىنىم كىچىك قىزنىڭ شوخ تۇرقى، چۇۋۇلۇپ كەتكەن پېشايۋاننىڭ خارابىسى ئىچىدە ياتقان كىچىككىنە جەسەت، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قار ـ يامغۇر يېغا زارىسى كۆز ئالدىمدا جانلىناتتى. مۇشۇ دەھشەتلىك سەھنىگە شاھىت بولغۇنۇمنى ھەر ئويلىساملا نېمىشكە شۇ كۈنگىچە ياشاپ قالغىنىمغا ئۆكۈنەتتىم. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مېنىڭ ھەققىمدە نېمە ئويلىدىكىنە؟ دەپ يۈزلىرىم قىزىراتتى. گويا مەن خىتايلارغا يول باشلاپ ئەكەلگەندەك، بۇ پاجىئەگە مەن سەۋەبچىدەك بىر تۇيغۇدىن ئېلىشىپ قالايلا دەيتتىم. پۈتۈن مۇشۇ بولۇپ ئۆتكەنلەردىن كېيىن يەنە ھاياتقا قىيماسلىق، جان تاتلىق بولۇش تۇيغۇلىرىنىڭ مەندە بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ مەن ئۆلەي دەپمۇ ئۆلەمەيۋاتاتتىم. بىزنىڭ يۇرتتا «ئۆلۈم ياراتمىغان» دېگەن بىر چاخچاق بارغۇ، خۇددى شۇنداق، گويا ئۆلۈم مېنى ياراتمايۋاتاتتى. ئاشۇ كىچىككىنە نارىسىدە گۈل غۇنچىسىنىڭ ئورنىغا مىڭ قېتىم ئۆلۈشنى قانداق خالايتىم ـ ھە!

ئەمدى مەن بۇ خىتاينى ئۆلتۈرۈۋەتمەستىن زادىلا قاچمايمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزەمگە ۋەدە قىلدىم. شۇندىن تارتىپ، پۈتۈن ئېسى ـ يادىم خىتاينى ئۆلتۈرۈشنىڭ پۇرسىتىنى پايلاشتىلا بولدى. ئۇنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خۇددى يېرىمى تېرە ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قوي پېتىگىلا ئوخشايدىغان يوغان مېڭى بار قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، تۆشۈكلىرى ئاسمانغا قارايدىغان بۇرۇنلىرىنى كانايدەك تېنىمسىز كېرىپ ھېلىقى قىزغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە ئۇنىڭ جەسىدىنى تەپكەن ھالىتىنى كۆز ئالدىمدىن نېرى قىلالماي قىينىلاتتىم. جاھىل ئىدىم، دېگىنىمنى دېگەن قىلالىسام ھەتتا بۇ خىتاي بىلەن ئۇنىڭ يۇرتىغا كېتىشكىمۇ نىيەتلىنىپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى بولۇپ بولسىمۇ پۇرسەت كەلگىچە سەبىر قىلىشقا سۆز بەردىم!

مەنغۇ بۇ خىتاينى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم قايتمايمەن دېدىم، چوقۇمكى، قېچىشنى ھېچ ئويلىمايتىم، ئەمما شۇ قېتىمقى ئىشتىن كېيىن خىتايمۇ مېنىڭ يۈرۈكۈمدىكى ئۆچمەنلىكنى سەزگەندەك، ماڭا بەكمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىدى. كېچىلىرى ئىككى خىتاينىڭ ئارىسىدا يېتىشىم كېرەك ئىدى. ئەتتىگەندە بىر قېتىم يانچۇقلىرۇم ئاقتۇرۇلۇپ، ئوق، تىغ دېگەندەك بىر نەرسىلەرنىڭ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن دىققەت قىلىدىغان بولۇشتى.

ئاخشىمى يېتىشتىن بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلىشاتتى.

✍✍✍

سابىت ئەپەندى سۆزدىن توختىشىغىلا بىلىندۈرمەي سائەتكە قارىۋالدىم. ئاپلا، بۈگۈن ھەر قېتىمقىدىن توپ توغرا ئىككى سائەت ئارتۇق ئولتۇرۇپتىمىز! ھاپىلا-شاپىلا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— كەچۈرۈڭ، ئەپەندىم، بۈگۈن تازىمۇ ئۇزاق ئولتۇرۇپتىمىز.

— ئەمما سۆزلىگەن سىز ئەمەس، مەن. شۇڭا سىز مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى سابىت خىجالەتلىك كۈلۈمسىرىشى بىلەن.

يەنە قاچان كېلىشىم ھەققىدە بىرنېمە دېيەلمەيتىم، شۇنداق بولسىمۇ شارائىتىم يار بەرسىلا يەنە كېلىمەن، داۋام قىلىمىز دەپلا ئۆيگە قايتتىم.

✍✍✍

بىر يەكەندىكى چاغدا تۇڭگانلارنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالغان بىرىگادا ھىمىتنىڭ سېپىدا قوراللىرىنى بىر يەرگە توپلاپ قويۇپ، ئاتلىرىنىمۇ بىر يەرگە باغلاپ قويۇپ، ئۇرۇشمايدىغانلىقىنى، تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان ئىكەن، سوۋېت قوشۇنلىرى ئۇلارنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا سوۋېتتە تۇرۇۋاتقان ماجوڭيىڭنىڭ يولىيورۇقى بار ئىكەن، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، كۆكراۋاتتا ماخۇسەن تاشلاپ كەتكەن ئەسكەرلەرنىمۇ تەسلىمگە كۆندۈرۈپتۇ. يەكەندىكىلەرگىمۇ ماجوڭيىڭنىڭ خېتىنى كۆرسىتىپ، قارشىلىق قىلماسلىققا كۆندۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن سوۋېت ئوفىتسېرلىرىنىڭ قايتىدىن رەتلەپ تەشكىللىشى بىلەن خوتەنگە ئەۋەتىلىدۇق. خوتەن شەھىرىدە مافۇيۈەن قىسىملىرى بار ئىدى. مافۇيۈەن 9-ئايدىلا ئاقسۇدىن خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئۇدۇل تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ، بۇ يەرگە كېلىپ جايلىشىۋالغان ئىدى. مافۇيۈەن بەي زىلىغا ئىتائەت قىلىش سۆزى بېرىپ، ۋاقىتلىق سوۋېت

قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنى ساقلاپ پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى. بەي زىلى لوپتا قارار تېپىپ، كۆرۈنۈشتە يەكەندىكى سوۋېت قوماندانلىرىغا بويسۇنۇدىغان كۆرۈنۈش ئىپادىلەپ، ئەمەلىيەتتە يۇرتىغا قېچىش كويىغا چۈشكەن ئىدى. مافۇيۈەنىڭمۇ غەرىزى شۇنداق ئىدى. ئەمما ئۇلار ھازىر بىر - بىرىگە ئىشەنمەيتى.

بىر قىسىم بىرىگادا كوماندىرلىرىنى كېڭەش باھانىسىدا ئۇرۇمچىگە يوللاپ، ئاجىزلاشقان تۇڭگان قوشۇنلىرى، ئۆز باشلىقلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كۆڭلىدە ساداقەت قالماي، قانداق قىلىپ قېچىپ كېتىش كويىدىلا بولۇپ قېلىشقان ئىدى. بەي زىلى ئەسكەرلىرى يەرلىك خەلقنى بۇلاپ تالاپ قاڭغىر قاخشىتىپ، يەرلىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتەك خەۋپمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەركۈنى سوۋېت ئايروپلانلىرى رازۋېد قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ بويۇنتاۋلۇق قىلغانلاردىن بەزىلىرىنى ئېتىپ، بەزىلىرىنىڭ كېتىشىگە ئىجازەت بېرىپ، قوشۇننى غىمىسىدە تارقاقلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ چىڭخەينى كۆزلەپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا شىڭشىسەينىڭ سوۋېت تەرىپىدىن قورالاندۇرۇلغان زامانىۋى قىسىملىرى ماشىنىلار بىلەن جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ناھىيە بازارلىرىدا تەرتىپ ئورنۇتۇش، ئۆتكەنكى ھىساپ-كىتاپلارنى سوراقلاشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا مافۇيۈەنمۇ بەي زىلىنىڭ ئارقىسىدىن قېچىش سەپىرىگە ئاتلاندى. ئەنە شۇ چاغدا خوتەن خەلقى يەنە بىر قېتىم خانۇ-ۋەيرانچىلىققا، قىرغىن، بۇلاڭ -تالاڭغا ئۇچراپ، نۇرغۇن ۋەھشىيانە قىلمىشلار روي بەرگەن ئىدى. بۇ ۋەھشىيلىكلەرنى ئاڭلىسا ئادەمنىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك دەرىجىدە بولۇپ، خوتەن خەلقى ئارىسىدا ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ بۇ گۈزەل زېمىنىمىزغا ھەرقانداق بىر ئىپلاس ئاياق قەدەم باسسا بۇلاڭ تالاڭ ۋە قىرغىن بىلەن قەدەم باساتتى، بۇ يەردىن كەتسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىرغىن ۋە بۇلاڭ تالاڭ بىلەن قايتاتتى. بىز بۇنىڭغا قاراپ شۇنداق ھېس قىلاتتۇقكى، بىز ئىنسانغا ئوخشاش ياشاشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پاسكىنا ئاياقلارنىڭ كېلىشىنى توسۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇلارنى ئۆزىمىز قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئالتۇن تاغ بويلاپ چېگىشكەن كونا يىپەك يولى بويلىرىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ خەلقى بۇ دەھشەتلىك ئاپەتتىن قورقۇپ، ئۆي ـ ماكان، مال مۈلكىنى تاشلاپ تاغلار ئارىسىغا قېچىپ كېتىشكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قاچالماي قالغان ئاھالىلار تۇڭگان ـ خىتايلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى ۋە ھېچكەپتىن ھېچكەپ يوقلا قىرغىن قىلىشىغا ئۇچرايتى. بۇ قوشۇندا ئەمدى ئىنسانلار ئارىسىدا بولۇدىغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەرقانداق پىرىنسىپى ۋە قائىدىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلاردا ھەتتا بۇلاڭچىلىق قائىدىسىمۇ يوق ئىدى. بۇلاپ ـ بۇلاپ يەرلىكلەردە ھېچنىمە قالمىغانسېرى ئۇچرىغان نەرسىنى بىر ـ بىرىدىن تالىشىدىغان، بارا ـ بارا بىر بىرى بىلەن جېدەللىشىدىغان بولدى. بۇلاڭچىلىق ئەمدى يەرلىكلەردىن ئۆتۈپ، ئۆز ئارا ئۆلتۈرۈشكە ئايلاندى. ئەسكەرلەر بىرىنىڭ يېنىدا پۇلغا يارايدىغان بىرنەرسە بارلىقىنى بىلىپلا قالسا، كېچىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، يېنىنى قۇرۇقدايتى.

ئەسكەرلەر ئىتائەتتىن چىققان بىر توپ قاراقچىغا ئايلانغانىدى. ئەمەلىيەتتە قاراقچىلارمۇ ئۆز توپىغا سادىق بولۇدۇ، شۇڭا بۇلارنى قاراقچى دېگىلىمۇ بولمايتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەتتىكى بىرنەچچىسى بىر بولۇپ، يالغۇز ياكى بوزەكلەرنى قاڭغىر قاخشىتاتتى. يەۋاتقان نېنىنىمۇ تارتىۋالاتتى. تېخى تونۇگۇنلا بىرلىكتە يالغۇزلارنى بوزەك ئەتكەن ئاغىنىلەرمۇ بۈگۈن بىرى بىرىنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى.

نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر يولغا چىقىدىغان چاغدىلا قېچىپ كېتىپ، شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولغانىدى. چۈنكى تۇڭگانلار بىلەن چېگىشكە كېتىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خۇددى بارسا كەلمەس يول ئىدى. بەي زىلى خىتاي، تۇڭگان، موڭغۇل ۋە قاچالماي قالغان پالاكەت ئۇيغۇرلاردىن ناھايىتى ئاز بولۇپ جەمئىي 500 چە ئەسكىرى بىلەن لوپتىن چىقىپ، بىر كېچىدىلا كېرىيەنىڭ ئويتاغراققا يېتىپ باردى. مەن تېخىچە ھېلىقى خىتاينىڭ يېنىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كېتىۋاتاتتىم. ئۇ خىتاي مېنىڭ ساداقىتىمدىن ھەيران قالغان ھالدا ماڭا دائىم ئۆزۈنچاق ۋە ئەگمەك كەلگەن كۆزلىرىنىڭ قىرىدا كۆزۈتۈپ قاراپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىمۇ تىلىغا ئوخشاشلا بىرگە ناتونۇش بولغاچقا دەسلەپتە ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قانداق بىر خىل روھىي ھالەتتە ئىكەنلىكى بىلەلمەيتتىم.

پەقەت ئاۋازنىڭ يۇقۇرى تـۆۋەنلىكىگە قـاراپ ئۇلارنـىڭ خاپا ئىكەنلىكىنـى يـاكى ئادەتتىكىچە ھېسياتتا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايتىم. ئۇلارنىڭ چىرايى ئىپادىسىز ۋە بۇرۇختۇم بولۇپ، كىشىگە ئۆلۈكنىڭ قېتىپ قالغان چىرايىنىلا ئەسلىتەتتى. لېكىن مەن كېيىنچە ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەرنى ئاز تولا سېزىۋالالايدىغان بولدۇم. بولۇپمۇ ئاشۇ خىتايىنى داۋاملىق پايلاپ كېلىۋاتقاچقا ئۇنىڭ چىراي ئىپادىلىرى ماڭا خۇددى يات تىلدىن ئۆگەنگەن بىر نەچچە خام سۆزدەكلا يادا بولۇشقا باشلىغانىدى. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ھەر مىنۇت ھەر سېكۇنت ئويلايتىم. لېكىن بۇنىڭغا زادىلا پۇرسەت بولمايتى.

بىز كېرىيە ئويتوغراقتىن ئۆتكەندە ئاسماندا ئۈچ دانە سوۋېت ئايروپلانى پەيدا بولۇپ، بىرى سەپنىڭ ئالدى تەرىپىدىن پەس ئۇچۇپ كېلىپ ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى، باشقىلىرى ئۈستىدىن بومبىلاپ، سەپلىرىمىزنى تېرە - پىرەن قىلىۋەتتى. تەرەپ - تەرەپكە پېتىراپ ھەر دالىدىغا ئۆزىمىزنى ئۇرۇپ، جان ھەلەكچىلىدە قالدۇق. بۇ ئەتراپلار قۇملۇق ياكى قۇمساڭغۇ قاغجىراق تۇپراق بولغاچقا، شۇنچىلىك توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدىكى، ھاۋا ھۇجۇمىدىن كېيىن سائەتلەرچە ئۆتكەندىمۇ تېخىچە بوغۇناق چاڭ دەستىدىن نەپەس ئالغۇسىز بولۇپلا قالماي، ئەتراپنى كۆرگىلى بولمايتى.

مانا شۇندىن كېيىن بىز پات - پاتلا ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇردۇق. بۇ ئەتراپلارنىڭ قۇرغاق ۋە قۇملۇق بولۇشى تۈپەيلى ھەر قېتىملىق ھۇجۇمدىلا ئوخشاش بولاتتى. يوشۇرۇنۇدىغان يەرنىڭ تايىنى يوق ئوچۇقچۇلۇقتا بولساقمۇ، دەرھاللا كۆتۈرۈلگەن ئاسمان - پەلەك چاڭ - توزان بىزگە دالدا بولۇپ، ئۇچقۇچىلار ھېچنېمىنـى كـۆرەلمىگەچكە تەخمىـنەن ئوققا تۇتـۇپ، قايتىـپ كېتەتتـى. باشلىنىشىدا ئامان قالالىغانلار كېيىن ئۆزلىرىنى چاڭ - توزان ئىچىگە يوشۇرۇپ ئامان قالاتتى. ھاۋا ھۇجۇمى توختىغان ھامان ئاتلىق ئوفىتسېرلار چېپىپ يۈرۈپ پېتىراپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى توپلاشقا باشلايتى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچىدىغانلار چىقىپ تۇراتتى. ئەمما سەل كەچ قالغانلىرى ئاتلىقلار تەرىپىدىن باياۋان بويلاپ سۈرۈپ يۈرۈپ توپلىۋېلىناتتى ياكى يىراقلاپ كەتكەنلىرى ئارقىسىدىن ئېتىپ تاشلىناتتى. پارتلاش ئاۋازلىرىدىن ھۈركۈپ كەتكەن ئات ئۇلاقلار بېشى قايغان تەرەپكە پېتىراپ چېپىپ كېتەتتى. چاڭ توزان بېسىققاندا

نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلىشەتتى.

قايتا توپلىنىپ سەپلىرىمىز ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، بىزدەك مەجبۇرى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلار ئۆز ئونبېشىلىرى تەرىپىدىن ئاقتۇرۇلاتتى. يەنى، توپۇلاڭدىن پايدىلىنىپ يېنىغا قورال ياكى ئوق، پىچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى يوشۇرۇۋالدىمىكىن دېگەن گۇمان بىلەن ئاقتۇرۇراتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ يانلىرى ئاقتۇرۇلۇپ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەر، يەيدىغان نەرسىلەر، قورال ۋە ئوقلىرى توپلۇناتتى. بۇ مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، بىرەرسىنىڭ يېنىدا پۇلغا يارايدىغان نەرسە بارلىقىنى بىلىپ قالغانلارمۇ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بۇلاپ-تالاپ توپلىغان نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش كويىدا بولاتتى. بۇ ئىش بۇرۇندىن پات-پات كۆرۈلۈۋاتقان ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ، ئەمدى جان ھەلەكچىلىكىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەس ھالغا كەلدى. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئۇچۇسىدىكى كىيىم -كېچەكلىرىمۇ سالدۇرۇلاتتى. ئاندىن تەكرار يولغا چۈشەتتۇق. ھازىر ئۇن بىرىنچى ئاي كىرىپ قالغاچقا، ھاۋا سوغۇق، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يازدىكى كىيىملىرى بىلەنلا ئىدى. مەنمۇ ھېچكىم ياراتمىغان كىيىملەردىن سالدۇرۇپ كېيىۋالدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئەتىگەن كەچلىرى چىشلىرىم كاسىلداپ كېتەتتى. يەنە داۋاملىق كىيىمنىڭ پېيىدە بولمىسام كېيىنكى كۈنلۈرۈمنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتى.

بۇ چاغدا رەڭگى روھىمىزنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولمىسا كېرەك. ئاشۇ دەھشەتلىك توپا - چاڭ دەستىدىن بەدەنلىرىمىزدە بىرنەچچە مىللىمېتىر توپا قاتلىمى ھاسىل بولغاچقا، كىرلىشىش شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئىككى كۈن داسقا چىلاپ قويۇپ يۇغۇدەك ھالغا كەلگەندۇق. كىيىم - كېچەكلىرىمىزمۇ بىر - بىرىدىن پەرقسىز ھالغا كەلگەن، كۆزۈمىز ۋە ئاغزىمىزلا ئايرىمچە بىلىنىپ تۇراتتى. مەن بولسام تاكى قاراشەھەردىكى چېغىمىزدا دەريادا يۇيۇنغاندىن بېرى بەدىنىمگە سۇ تېگىپ باقمىغان ئىدى. چۈنكى كېيىن تەبىئەتتىكى سۇلارغا چۈشۈشكە پۇرسىتىمىز بولمىدى، ئاندىن كۈز كەلدى، ئىمكان بولسىمۇ سۇ سوغۇق ئىدى؛ مۇنچا ياكى خالىي بىر يۇيۇنغىدەك يەرگە توغرا كەلمىگەچكە مانا شۇنداق يۈرۈۋاتاتتىم. ساقال - بۇرۇتلۇرۇم بەك ئۆسۈپ كەتكەچكە، ئارىسىدا پىتلار بىمالال كېزەتتى ۋە قولۇم

بىكار بولسىلا ئىگەك ۋە گاللىرىمنى تاتىلاپ تۇراتتىم. خىتايلارمۇ ئەڭ ئاز ئىككى ئايدىن بېرى يۇيۇنمىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

مەن ئون ئەسكەرگە تەۋە يۈك - تاقلارنى ئارتقان ئۇلاغلارغا مەسئۇل ئىدىم. بىزدە تۆرت ئات، بىر ئېشەك بار ئىدى، ئېشەككە يۈك ئارتقان ئىدۇق، ئاتقا تۆرت خىتاي مىنەتتى. ھەم باشقا خىتايلارنىڭ يۈكلىرىنى ئارقىسىغا غانجۇغىلاپ ئارتىۋالاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئېتى يوقلار بىلەن ئېتى بارلار «جاھاننى تەڭشەپ تۇتقان ھىساپ بولاتتى». بۇ ئۇلاغلارنى خىتايلار يەرلىكلەردىن بۇلىۋالغان ئىدى. سەپىرىمىز ئەنە شۇنداق قىيىن ۋە ھالاكەتلىك بولغاچقا يولۇمىز ئاۋۇمايتى. دائىملا ھۇجۇمغا ئۇچراپ، قېچىپ، توپلىنىپ يۈرۈپ ھالىمىزدىن كەتتۇق. نىيىگە يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدىكى بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا بىزنىڭ ئونلۇقۇمىزدىن ئىككى خىتاي ئۆلدى، بۇنىڭغىمۇ ھېچكىم خاپا بولۇپمۇ كەتمەيتى، ئەمما يامان بولغىنى تۆرت ئاتتىن ئۈچى قېچىپ كەتكەن ئىكەن. ئۈستىدە كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ئېغىر كەلگەن يۈكلەرمۇ باردى. ھەتتا بەزىدە خىتايلار مىلتىقلىرىنىمۇ ئاتقا ئارتىپ قوياتتى.

ئونبېشى نېمىنى ئويلىدى بىلمەيمەن، ماڭا كۆيۈنگىسى كېلىپ، ھېلىقى ئىككى ئەسكەرنىڭ ئۇچىسىدىن نېمىنى خالىسام شۇنى سالدۇرۇپ كىيىۋېلىشقا بۇيرۇپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ كۈتكىنىم ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇپ كىيىۋالدىم. ئۈستىدىكى چاپانلىرى ماڭا پاتمايتى، چۈنكى بۇ خىتايلارنىڭ ھەممىسىلا بەك ۋىجىك ئىدى. ئەمما بىرىنىڭ سوغۇق بولۇپ كەتسە ئورۇنۇۋالىدىغان، كېچىلىرى يېپىنىدىغان قولدا توقۇلغان يۇڭ ئەديالى باردى. شۇنى ئېلىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ مىلتىقىنى قاچقان ئاتلار ئۈستىدە مىلتىقى كەتكەنلەر ئالدى. باشلىق بۇندىن كېيىن مىلتىقنى ئۇلاغقا ئارتماسلىققا بۇيرۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مىلتىقلار ماڭا يۈك بولدى. غايەت تەبىئىيكى، ئوقلىرىنى ئېلىۋېلىپ ئاندىن ماڭا كۆتۈرگۈزەتتى.

بىز نىيىگە كىرىش ئالدىدا بولغان ھاۋا ھۇجۇمىدىن ئالدىنراق كېلىۋاتقان بالا - قازانى تۇيغان نىيە خەلقى ئۆي ماكانلىرىنى تاشلاپ، نىيىنىڭ شىمالىدىكى توغراقلىققا كىرىۋالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن نىيىدىكى ئىگىسىز

ئۆيلەر بۇ جاللات قوشۇننىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى ئۈچۈن تازىمۇ ئوڭ كەلگەن ئىدى. كېرىيەدىن نىيىگىچە بولغان ئۇزۇن چۆلدە ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئات - ئۇلاغلىرىدىن، توپلىغان بايلىقلىرىدىن ئايرىلغان بۇ ۋەھشىيلەر، نىيە خەلقىنىڭ ئۆيلىرىنى تالاپ، ئەنە شۇ يوقاتقان بايلىقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا تىرىشتى. مېنىڭ ئۇنبېشىمۇ ئەسكەرلىرىگە نىيىدىن ئات، ھېچ بولمىغاندا يېتەرلىك ئېشەك تېپىشقا بۇيرۇق بەرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كىچىككىنە بازاردا بۇلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈدەك ئۇلاغ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ يەردە ئۆيمۇ - ئۆي ئاقتۇرۇپ، قولىغا چىققان نەرسىنى بوش قويمىدى. كېچىنى بۇلاڭچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن خىتايلارنىڭ بېشىغا ئەتتىگىنى يەنە ئەجەل ئوقلىرى يېغىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بومباردىماندا نۇرغۇن يەرلىك خەلقنىڭ ئۆي ماكانلىرىمۇ ۋەيران بولدى. ئەمدى خىتاي ۋە تۇڭگان قوشۇنلىرى يول بىلەن مېڭىشتىن ۋاز كېچىپ، قاراڭغۇتاققا يۈزلەنگەن ئىدى. تاغ ئارىسىدا ھۇجۇمدىن ساقلىنىش ھەرھالدا ئاسانراق بولسا كېرەك. ئەمما بۇ ۋەھشىيلەر نىيەنىڭ ئالتۇنلۇق دېگەن كىچىككىنە مەھەللىسىدە كىشىلەرنىڭ ھەرقاندىقىنى ئالتۇن تاپشۇرۇشقا قىستاپ، ھەتتا قاسساپنىڭ كانارىسىغا ئېسىپ، قىيناپ، خەلقنى يالىڭاچلاپ كېتىشكەن ئىدى.

نىيىدىلا قوشۇندىن ئايرىلىپ كېتىشكە نىيەت قىلغان بىزنىڭ ئۇنبېشى ئەتتىگىنى ماڭا تېخىمۇ كۆرۈلمىگەن بىر خىل يېقىنچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ قالدى. مەن بىرنەچچە ئايدىن بېرى بۇلار بىلەن بىللە يۈرۈش جەريانىدا خىتايچىنى ئەپلەپ چۈشىنىدىغان، ئۆزەمنىڭ ئاددىي ھاجەتلىرىمنى ئۇقتۇرالايدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. شۇڭا خىتاينىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى چۈشەندىم:

— ئەسكەرچىلىكتە ساڭا بەزىدە يامان مۇئامىلە قىلغان بولساق كۆڭلۈڭگە ئالما، مەن ئەمدى سېنى چۈشەندىم، سەن ياخشى ئادەمكەنسەن، ئوبدان خىزمەت قىلىدىكەنسەن، سەندىن ھازىرغىچە بىر يامانلىق كۆرمىدىم. يەنە بىر ئاز سەبىر قىلساڭ، چىڭخەي تەۋەسىگە ئۆتىۋالساقلا، ئارقىمىزدىن قوغلايدىغانلاردىن خاتىرجەم بولىمىز. ئۇ چاغدا سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا ساڭا

يول خىراجىتىڭنى بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇمەن.

«ۋاي خىتاي ھەي، ئۇ چاغدا مېنىڭ ياردىمىم كېرەك بولمىغاچقا ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ بولۇۋېرىدىغانلىقىنى مەن بىلمەسمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدۇم ئىچىمدە. ئەمما تېشىمدا قىسقىلا «رەخمەت» دەپ قويدۇم. ئاندىن بۇ خىتاي مەندىن: «يەرلىكلەردىن تېخىمۇ بىخەتەر بىرەر يول بار ـ يوقلۇقىنى سوراشتۇرۇپ باقساڭ، بىز كېچىسى قوشۇندىن ئايرىلىپ كەتسەك، قوشۇن بىللە بولساق، ئارقىمىزدىن قوغلاپ زەربە بېرىشتىن قۇتۇلالمايدىكەنمىز» دېدى. ئۇنىڭ ماڭا يېقىنچىلىقىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى بۇ بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى ئۇ ئەمدى ئىككى ئادىمىدىن ئايرىلغاچقا ئۆزىنى ئاجىزلاشقاندەك ھىس قىلىپمۇ قالسا كېرەك. چۈنكى مېنىڭ بوي ـ بەستىمگە سېلىشتۇرغاندا بۇ خىتايلارنىڭ ھەممىسى ۋىجىك، بىر تېپىككە يارىمايدىغاندەكلا ئىدى. قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغاندەك قىلسىمۇ، دايىملا ھوشيار تۇرالىشىغا ئىشەنچ قىلالمايتى. ھامان بىر بىخۇدلۇقىدىن پايدىلىنىپ، زەربە بېرىشىمدىن ئەنسىرىمەي قالمايتى. شۇڭا، زورلۇق كۈچ بىلەنلا قالماي، بىر ئاز كۆڭۈل مايىللىقىمنىمۇ قازىنىشنى خىيال قىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىۋاتقان خىتايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرلىك ئىكەن. شۇنداقلا ئۇلارغىمۇ نۇرغۇن قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپ، يۇرتقا بارغاندا ئوبدان رازى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۈمىت بەخش ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

خىتاينىڭ مەندىن سورىغان نەرسىسى دەل مېنىڭ كۈتكىنىم ئىدى. ئەمدى خىتايلارنى ئۆزەم خالىغان يۆنىلىشكە ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن پۇرسەت كەلگەن ئىدى. بۇ خىتاي توپلىغان بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى كېچىلىرى ئەسكەرلەر بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يېنىدىكى نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ ئۈچۈرىنى باشقا توپتىكىلەر بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى ئالىلىقاچان ئۆلتۈرۈپ بولغان بولاتتى. ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرى بولسا ھازىرچە تېخى نىيىتىنى بۇزمىدى. مۇشۇنداق بىر پىشكەلنى بولمايدۇ دەپ كىم كېپىللىك بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر ئۆز ئارا قاراساناشنىڭ قۇربانى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان سوۋېت قوشۇنلىرى

ۋە شاڭ شىسەيىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئۆلسىمۇ بۇ بايلىقلارنىڭ ھوزۇرىنى سۈرەلمەي ئارماندا كەتمەمدۇ؟

خىتاينىڭ تاشقىي خەۋپ ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى تامامەن رىياللىق دېيىشكە بولاتتى. ئەمما ئۇ مەندىن بۇنداق بىر گۇماندا بولمىغان ياكى كەسكىن دەرىجىدە گۇمانلانمىغان دېيىشكە بولاتتى. بەلكىم «ئىگىز ئادەم لەقۋا بولىدۇ» دېگەن تەمسىلنى بىلىدىغان بولسا، مېنى بىر لەقۋا دەپلا ئويلىغاندۇر. نېمىلىكى بولمىسۇن، مېنىڭ پىلانىم ئۈچۈن بەكمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يولغا ئۆز رازىلىقى بىلەن قەدەم باسماقچى بولۇۋاتاتتى. بەلكىم بۇ ئاللاھنىڭ ماڭا ياردىمىدۇر؛ مەزلۇملار بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا ھىجاب ـــ پەردە يوق ئەمەسمۇ، بەلكىم مەزلۇملارنىڭ ئاھى ئاللاھقا يەتكەن، مېنىڭ بۇنچىلىك سەبىر بىلەن كۈتۈشۈممۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىگە خوپ چۈشكەندۇر، ئىشقىلىپ، خىتاي مەندىن سورىغان يول ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم يولى بولۇپ قالغۇسى، ئىنشائاللاھ!

خىتاي ئەسكەرلىرى بىر يەرلىك ئادەمنى قەيەردىن تۇتۇپ كەلدىكىن، يول سوراشقا ھەيدەپ كەپتۇ. بىز بۇ چاغدا يېيىق دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنى ئىچىدىكى پاخماق يۇلغۇن، توغراق ۋە شۇنىڭدەك قۇرغاق چاتقاللىرى ئارىسىدا پاناھلىنىپ ياتاتتۇق. خىتايلارنىڭ ھەممىسى يېنىمدا ئىدى. بۇ يەرلىك كىشى تۇڭگان ـ خىتاي ئەسكەرلىرى سالغان شۇنچىۋالا زۇلۇملارغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «يالاقچىدەك» خىزمەت قىلىپ يۈرگەن ماڭا نەپرەتلىك قارىمىدى. مەن ئۇنىڭ نەپرەت بىلەن قارىشىنى خالايتىم. ئەمما ئۇ ساددىلىق بىلەن ھەتتا بىر ئاز خۇشامەتكارانە خۇلق بىلەن سالامىمنى ئىلىك ئېلىپ، خۇددى «نېمە بۇيرۇقلىرى بار، دارىن، ھەممىسىگە پەرمانبەردارمەن» دەۋاتقاندەك پوزىتسىيىدە ئىدى. بۇنىسى شۇنچىلىك روھىمنى قامچىلىدىكى، «ھەي ساددا خەلقەي، نەقەدەر ئايلامباشىمىز!» دېدىم ئىچىمدە. ئاندىن ئۇنىڭدىن يول سورىماقچى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتىم.

ئونبېشى خىتايدا تىتىلىپ كەتكەن بىرپارچە خەرىتە بارىدى. بۇنى بىرەر ئۆلگەن كوماندىرنىڭ يېنىدىن ئېلىۋالغانمۇ، بىلمەيمەن، ھەرھالدا ئۇنىڭغا ئانچە ـ مۇنچە قاراپمۇ قويىاتتى. مانا ھازىر ئۇ شۇ خەرىتىسىنى يېيىۋېلىپ، مەن سورىغان يول بىلەن خەرىتىدىكى بەلگىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە جىپىس كېلىش

كەلمەسلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، مېنىڭ راست ـ يالغىنىمنى بىلىۋالدىغاندەك سۇر كۆرسىتىۋاتاتتى.

ــ بۇ يەردىن كۆنگەي تەرەپكە (جەنۇپقا) ماڭساڭلار، ــ دېدى دېھقان، ــ مۇشۇ بازاردىن چىققاندىلاكىم دۆۋەئېغىز[1] ئاندىن خېلى ماڭغاندىن كېيىن چىقانلەنگەر[2]لەردىن ئۆتسەڭلەر يېيىق[3]قا بارىسلەر، ئەمما ئوڭ تەرەپكە كېتىپ قالساڭلار كۆن پېتىش تەرىپىڭلاردا ئايتاغ[4]، كۆنچىقىش تەرىپىڭلاردا بوزيەر[5] بار، ئۇياقلارغا بارماي ئۇتتۇر يېيىققا بېرىڭلار، ئاندىن تاغ باغرىنى ياقىلاپ، ئۈزۈنيار[6]، سېسىق[7]، كىچىكساي[8]، يىڭىچكە[9] دېگەنلاردىن ئۆتكەندە قۇلمۇلاققا[10] بارىسلەر. ئۇياقتا تۇرانخوجا[11] دەرياسى بار. بۇ بىر قۇرۇق ئېقىن، بەزىدە سۇ بار، بەزىدە يوق. شۇ يەردە بىر مەھەللە بار. قالغان يولۇڭلارنى شۇلاردىن سورىساڭلار، ئۇياقنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئەمما مېنىڭ خىتايلارنى تاغ ئارىسىغا باشلاپ كىرىپ، شۇ قاقاس تاغلار ئارىسىدا ئېزىقتۇرۇۋەتكۈم بارىدى. خىتاي خۇددى لاچىندىن قورقۇپ تۇرغان قۇچقاچتەك ھۇشيار قىياپەتتە سۆزلىرىمىزگە دىققەت قىلىپ، يەر ئىسىملىرىنى خەرىتىدىكى بەلگىلەر ۋە ئىسىملارغا سېلىشتۇرۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ خەرىتىسىدىكى قۇلمۇلاقنىڭ جەنۇبىدا ــ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ـ ئىككى خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. دېھقاندىن شۇنى سورىدۇم:

ــ تاغنىڭ كۆنگەي تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتسەك، ئۇ ياقتىن ماڭىدىغان يول يوقمۇ؟

ــ تاغنىڭ ئۇياغىدا يول بولمىغان بىلەن ماڭساڭلار بولىدۇ، پادىچىلارنىڭ چىغىر يوللىرى بار. ئەمما ـ زە، ئۇ يەردە ئۆي ـ مەھەللە يوق، بەزى ئۆزۈن ئارىلىقلاردا سۇ تاپقىلى بولمايدۇ. تاغنىڭ ئۇ ياقىغا ئۆتسەڭلار كۆيەك دېگەن يەر بار. ئالتۇنبۇلاق دېگەن يەر بار....

مەن خىتايغا قۇلمۇلاقتىن تاغنى ئاتىلىپ ئۆتسەك، كۆيەك دېگەن بىر مەھەللە بارىكەن، دەپلا ئاتتىم. ئويلىمىغان يەردىن خىتاي ۋارقىراپ كەتتى:

ــ دەل شۇنداق! مانا مېنىڭ خەرىتەمدىمۇ شۇنداق دەپتۇ، قاراڭلار مانا!

---

[1] ــ [11] نىيە ناھىيىسىدىكى يەر ئىسىملىرى، ــ ئا.

ئەسلىدە سوراپ يۈرمەيلا خەرىتىگە قاراپ مېڭىۋەرسەكمۇ بولاتتى، مۇنداقلا سوراپ قويدۇق شۇ، ــــ دېدى ماختىنىپ. مانا ئەمدى مېنىڭ ئىشىم ئوڭغا تارتىدىغان بولدى، ــــ بۆگۈن كېچە ھەممىسى ئۇخلاۋاتقاندا، ئاستىلا ئورنۇمىزدىن تۇرۇپ، بۇ يولغا چۈشۈپ كېتەيلى، قىسىمدىن ئايرىلىپ كەتسەكلا، بىزنى ھېچكىم قوغلىمايدۇ، ــــ دېدى ئۇ.

ئۇ ھازىر يەرلىكلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ئەسكەرلىرىگە تەنبىھ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى سانىنىڭ ئازلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىكلەرنىڭ تاغ ئارىلىرىدا يوشۇرۇن زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

بىز بۇ كېچە قوشۇندىن ئايرىلىپ، يېيىق دەرياسىنىڭ قىنىدا، يار بويلىرىدا ئۆسكەن چاتقاللار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقاچقا، ئاساسىي قوشۇن يىراقلاپ كېتىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئەمدى خاتىرجەم ھالدا يېيىقنىڭ يولىغا چۈشۈۋالدۇق. تاكى دۆۋە ئېغىزدىن ئۆتكىچە بىرەرسىنىڭ قوغلاپ كېلىپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئۈن ـ تىنسىز ماڭدۇق. ئاندىن ئۇھ دېدۇق. بىز ئېھتىيات يۈزىسىدىن يول بىلەن ماڭماي يېيىق دەرياسىنىڭ ئىچى بىلەن ماڭدۇق. بۇ ئەمەلىيەتتە قۇرۇق ئېقىن ئىدى. ئەتىياز ـ كۈز كۈنلىرىدە ئانچە ـ مۇنچە يامغۇر سۇلىرىدىن ئېقىن ھاسىل بولۇپ قالغاندىن باشقا، بۇ يەردە دەريا دەپ كەتكۈدەك سۇ يوق ئىدى. بىز بوزيەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. بىرسى قوغلاۋاتقاندەك دەم ئالماستىن ھولۇقۇپ مېڭىپ، تازىمۇ ئۇزاق يۈرگەن ئىدۇق. كۈن رەسمىي كۆتۈرۈلگەندە بىز يېيىققا كىرىپ كەلدۇق. يېزىدا نامراتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئالدىمىزدا كەتكەنلەر بۇ يېزىنىمۇ بۇلاپ ـ تالاپ قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويغانلىقى ھەر يەردە كۆزگە چېلىقاتتى. ئوت قويۇۋېتىلگەن ئېغىللار، ئۆيلەر، ئۆرۈلگەن ئۆيلەر، ھەر ئەسكى تاملار ئارىسىدىكى ۋەيرانە ئۆيلەردىن چىقىۋاتقان يىغا ـ زارە ئاۋازلىرى يۈرەكنى تىلاتتى. مەن خىتايلارنىڭ يەنە بۇلاڭ تالاڭ قىلىشىدىن يۈرىكىم سۇ بولۇپ تۇراتتىم، بىردىنلا ئۇ ماڭا بىر تال كۆمۈش تەڭگە بېرىپ، يەيدىغان بىرنەرسە تېپىپ كېلىشىمنى بۇيرۇدى. مەن بىلەن بىر ئەسكەرنى بىللە يوللىدى. مەن بۇ بۇلاڭچىلارنىڭ بۇ تۇتۇمىدىن ھەيران قالماي تۇرالمايتىم. ئەمما يەنە بىر تەرىپىنى ئويلىغاندا بۇ بىر خىل

ھارامزادىلىك ئىدى. چۈنكى بىز ھازىر قوشۇندىن ئايرىلىپ قالغان ئىدۇق. سانىمىز ئاز بولغاچقا، ئەگەر ئاھالە غەزەپكە كەلسە بۇلارنى تاغ ئارىلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ يوقۇتۇۋېتەلەيتى. بىز يەيدىغىنىمىزنى تۇنجى قېتىم پۇلغا ئېلىۋاتاتتۇق. بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە بازار بولاتتىمىكىن بىلمىدىم، بەلكىم ھەپتىنىڭ مەلۇم كۈنلىرى بازار بولۇدۇغاندۇر. ئەمما شۇئاندا بىز بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سورىمىساق باشقا چارە يوقىدى. بىر تال كۈمۈش تەڭگە ھەرھالدا خېلى جىق پۇل ھېساپلىناتتى. بەلكىم بۇ پايناپ يەردىكى خەلقنىڭ كۆرگەنلا بىرى بۇ پۇلنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغاندۇر. شۇلارنى ئويلاپ بىرەر بايراق ئائىلىگە كىرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. بۇ يەرمۇ ئالدىمىزدا كەتكەن خىتاي ـ تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ بۇلاپ ـ تالىشى، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشى تۈپەيلى خارابىلىكتەك تەسىر بېرەتتى. بىرەرسىنىڭ ئۆيىدىن پۇلىمىزغا لايىق نان تاپالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيتى.

ئەمما ئەل دېگەن قۇرۇماس بۇلاق ئەمەسمۇ، مەن بۇ پۇلغا يېرىم تونۇر كەلگۈدەك زاغرا نان سېتىۋالدىم. ئاندىن يەنە بىر ئاز كۈزلۈك ئامۇت، ئالما دېگەندەكلەرمۇ باردى. باشلىقىمىز بۇنىڭدىن نارازى بولامدۇ، خۇش بولامدۇ تېخى كىم بىلسۇن. ئۇزاقتىن بېرى مەن پۇلغا بىر نەرسە ئېلىپ باقمىغاچقا بۇ كۈنلەردىكى نەرق ـ ناۋانى بىلمەيتىم. خىتايلارمۇ بۇلاپلا ئېلىپ كۆنگەچكە پۇل بېرىشكە پىخسىقلىق قىلىشى چوقۇم ئىدى. ئەمما ئونبېشى مەمنۇن بولدى.

— ياخشى ئىش قىپسەن، يەنە تېخى مېۋىمۇ باركەن، — دېدى ئۇ.

يېيىقتا دەم ئالغاچ قوساقلىرىمىزنى تويغۇزۇۋېلىپ، قاپاق ۋە سۇدانلىرىمىزغا سۇ تولدۇرۇۋېلىپ، ئۇ يەردە يەنە بىر قېتىم يولنى سورىۋېلىپ، تاغ ئېتىكىدە تاققا پاراللېل ھالدا شەرققە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئوڭ تەرىپىمىزدە قاقاس تاغ، تاغ ئېتىكى ئاستا ـ ئاستا تۈزلۈشۈپ، لاتقا تۈزلەڭلىكىگە ئايلىنىپ، تارىم ئويمانلىقىغا ئۇلۇشۇپ كېتەتتى. شۇڭا ھەممە ياق قاغجىرىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچ كۈز بولغاچقا ئاھالىلەر جايلاشقان كىچىك مەھەللىلەرنىڭ يېقىنلىرىدىكى ئېتىزلارمۇ بوشاپ قالغاچقا يېتىملىك ھېسسى بەخش ئېتىپ جىم ـ جىت ياتاتتى. بۇ ياق تەسكەي تەرەپ بولغاچقا سوغۇق، ئىزغىرىن تاغ شامىلى ھەر زامان يۈزلىرىمىزگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ھەر ھالدا مېنىڭ سەپىرىم ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويۇۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم سېزىپ تۇرغىنى ئۈچۈن

ئىچىمدە بىر خىل ھاياجان باردى. بۇنى قورقۇنۇچ دېسىمۇ بولاتتى.

مەن خىتايىنى ئۆلتۈرۈش پىلانىمنى ئويلىغاچ ماڭدىم. قانداق ئۆلتۈرەرمەن؟ ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىدى. نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان بولساممۇ، بىرەر دۈشمەننى كۆزۈم كۆرۈپ تۇرغان ھالدا ئۆلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىم. سېپىلدىن تاشلىنىۋەتكەنلىرىمنىڭمۇ ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكىنى جەزم قىلغىلى بولمايتتى. ئۇزاقتىكىلەرگە بومبا ياكى قورال ئاتقان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ قانداق ۋەزىيەتتە ئۆلۈۋاتقىنىنى، ئاخىرقى نەپەسلىرىدىكى ئازاپ ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە يېنىمدا نەپەسلىرى ماڭا ئاڭلىنىپ تۇرغان بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتاتتىم. دۈشمەن دېمەكلىك بىلەن يەنىلا ئادەم ئىدى، ئېرقى يات، چىرايى بىزگە ئوخشىمىسىمۇ، غەلىتە مەخلۇق، ياۋايى خۇيلۇق بولسىمۇ، نەپرىتىمنى قوزغۇتۇپ تۇرسىمۇ. يەنىلا ئادەم ئىدى. قانداق قول سېلىشىم كېرەك؟ كېچىسى مېنى ئىككى خىتاينىڭ ئارىسىغا ياتقۇزاتتى؛ ئونبېشى يېنىمدا ياتمايتتى. ئون بېشى قويىنىدا يوشۇرۇدۇغان بوپىسىنى بىرى ئېلىۋالماسلىقى ئۈچۈن دايىملا دۈم ياتاتتى؛ بىر قولى ھەر زامان تاپانچىسىدا بولاتتى. باشقىلار بىلەن بىرگە يېقىن يېتىشتىنىمۇ قورققاچقا خېلى ئارىلىق قالدۇرۇپ ياتاتتى. بۇ ھالدا مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى خىتاينىڭ ئارىسىدىن تۇيدۇرماي قوپۇپ، ئۇنىڭ يېنىغىمۇ شەپىسىز بېرىشىم كېرەك ئىدى. ئەگەر بىرەرى تۇيۇپلا قالسا مېنى ئېتىپ تاشلايتتى. ئەگەر شەپىسىز ھالدا ئون بېشىنىڭ يېنىغا باردىم دېگەن تەقدىردىمۇ، قولىنى ماۋزېرىنىڭ تەپكىسىدىن ئايرىماي ياتىدىغان بۇ خىتاي دەرھال تەپكىنى بېسىۋەتسە، ئۇنى ئۆلتۈرگەن بىلەنمۇ، باشقا خىتايلار باسماداپ تۇتۇۋېلىشى چوقۇم. ئۆلتۈرەلىسەملا مەيلىدىغۇ، مەخسىدىمگە يەتسەم ئاندىن مېنى نەگە ئېلىپ بارسىمۇ كېتىۋېرەتتىم.

ئۇنداق ئويلاپمۇ، بۇنداق ئويلاپمۇ بىرەر پىلاننى پۇشۇرالمىدىم. بىز، ئۇزۇنيار، سېپىق دېگەندەك يەرلەردىن ئۆتۈپ، كېچىكسايدا دەم ئالدۇق. بۇ تاغدىن ئۆتمەكچى بولغان يېرىمىزنىڭ يېرىم يولى ئىدى. كەچكىچە قۇلمۇلاقتا يېتىۋالساق، ئۇ يەردىن تاغ ئارقىسىغا ئۆتەتتۇق. ئونبېشى خىتاي يەنە ھېلىقى ئەسكى خەرىتىسىنى يېيىۋېلىپ، سىنچىلىدى. خەرىتىدە يەر ئىسمى

يېزىلغىنىنى بىلەن، بۇ يەرلەر مەھەللە ئەمەس ئىدى. شۇڭا خىتاي شۇبھىلىنىپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەگەر مۇشۇنداقلا ئادەمسىز بىر قاقاس تاغلىققا باشلاپ قويۇلسا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قېلىش ھىچگەپ ئەمەس ئىدى. ئۇ مەندىن يەنە يول كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ بۇ يوللار ھەققىدە نېمىلەر دېگەنلىكىنى سوراشتۇردى. مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن تىرىشتىم:

— بۇ يەردە چوڭ ـ چوڭ مەھەللە بار دېمىگەنتى، ئەسلىدىمۇ، تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئاۋال بىر كىچىك مەھەللە (بىرنەچچە ئائىلىلىك)، ئاندىن تاغنىڭ جەنۇب ئېتىكىنى بويلاپ بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن چوڭ مەھەللىگە كېلىسىلەر دېگەنتى.

قۇرۇق زاغرىنى سوغۇق سۇ بىلەن يەپ، بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن يولغا چىقتۇق. يېيىقتا يۈز ـ كۆزىمىزنى ئوبدان يۇيۇۋالغان بولساقمۇ، بەدەنلىرىمىزدە نەچچە يىللىق كىر قاتلام ھاسىل قىلغان ھالدا ئىدى. گەرچە بىرنەچچە ئاي بولدى دېگىنىمىز بىلەن، مۇشۇ قۇملۇقلاردا توپا ـ چاڭلاردا قېلىشىمىز تۈپەيلى ئاشۇنداق دېيىشكە بولاتتى. پىتلارمۇ قورقۇنۇچلۇق دەرىجىدە يوغۇنۇغان ۋە كۆپەيگەن بولۇپ، قىچىشقان يەرگە قولنى سوزساقلا پىت تۇتۇۋالغىلى بولاتتى.

مەن يەنە ھېلىقى پىلانىمنى ئويلاشنى داۋام قىلدىم. راستىنى دېسەم بۇنداق يېقىن ئارىلىقتا قولۇم بىلەن بوغۇپ بىرىنى ئۆلتۈرەلىشىمگە بارغانسېرى ئىشەنچىم قالمايۋاتاتتى. كاشكى بىر تاپانچام بولغان بولسا، ھىچ بولمىغاندا بەش قەدەم ئۇزاقتا تۇرۇپ، ئېتىپلا قاچسام،... قانداق قىلسام بولار؟ مۇشۇ بەستىم بىلەن ۋىجىك خىتايلاردىن قورقۇۋاتقىنىمغا ئۆز ـ ئۆزەمگە لەنەت قىلدىم. «بىجان جاللاتنىڭ پۇشتى بولغۇنۇمغا ۋاي!» دېدىم ئۆز ـ ئۆزەمنى مەسخىرە قىلىپ. ئەمما نېمە چارە؟ ئەھۋالىم شۇ. مەن بۇنداق بىر ۋەھشىي قىلمىشقا قولى بارىدىغان جاللاتمىدىم. بەلكىم سىز دەيسىز، شۇنچە جەڭلەرنى كۆرگەن تۇرۇپ، دۈشمەنگە بولغان نەپرىتىڭىز شۇنچىلىك مۇرەسسەسىز تۇرۇپ، بۇ نېمە جاسارەتسىزلىك ئەمدى؟ ئۆلۈشكە ھۈنەر كەتمەيدۇ، ئوقنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالسىڭىز ئۆلۈۋېرىسىز؛ قورقسىڭىزمۇ، قورقمىسىڭىزمۇ پەرقى يوق. قورقۇپ ئۆلدۈڭۈزمۇ، قورقماي ئۆلدۈڭۈزمۇ، قەھرىمانلىقىڭىزغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئەمما ئۆزىڭىز ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يۈرەك كېرەك، ئادەتلىنىش كېرەك، پىشىش

كېرەك. بۇ تامامەن باشقا تېپتىكى بىر ئىش.

كېچىسى گەپ ـ سۆزسىز قېچىپلا كەتسەم قانداق بولۇدۇ؟ ئەمدى قېچىپ كەتسەم خىتايلار مېنى ئىزدەپ يۈرمەيتى. بۇنىڭغا كەسكىن كۆزۈم يېتەتتى. ئەمما، بۇ سەپەر جەريانىدا كۆز ئالدىمدا يۈز بەرگەن ۋەھشىيلىكلەر ــــ مىللىي پاجىئەمىز، بولۇپمۇ مۇشۇ ئومۇمىي مىللىي پاجىئە ئىچىدە تېخىمۇ كونكرېت كارتىنىسى قەلبىمگە مۆھۈردەك ئۆچمەس بولۇپ بېسىلىپ كەتكەن ئاشۇ يەكەندە بولغان ئىشنى ئويلىساملا مېنى بىر قەرزدارلىق ھېسسى قىيناشقا باشلايتى. كىيىكتەك دىرىلداپ تۇرىدىغان ئاشۇ شوخ قىزچاقنىڭ بىردىنلا خارابىلىق ئارىسىدا تېنى تىتىلغان جەسەتكە ئايلىنىپ ياتقىنىنى ئويلىساملا چىشلىرىم غۇچۇرلاپ، بۇ خىتاينى ئۆلتۈرەلمىسەم خوتۇن كىشىنىڭ كۆينىكىنى كىيىپ يۈرەمىنا! دەپ ئويلايتىم.

مېنىڭ خىيالىمدا پۈشۈرماقچى بولغان پىلانلىرىمنىڭ تىكىشى توختىمايلا قۇلمۇلاقتا يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا كەچكۈزنىڭ ئاجىز قوياشى غەرپ تەرەپتە قىزغۇچ بۇلۇتلار ئارىسىدا قان رەڭگى ھاسىل قىلغان، بۇ «قان» غەرپ ئۇپۇقىدا تار ئەمما ئۇزۇن قىزىل داغ بولۇپ يېيىلىپ تۇراتتى. باشلىق مېنى يەنە يەيدىغان نەرسە تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى بولدى. بىرەر كۈن يەتكۈدەك نېنىمىز بار بولسىمۇ، ئۇ تاغ ئارىسىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئوزۇقلۇقنى تولۇقلىۋېلىشنى ئويلاپ توغرا قىلىۋاتاتتى. ئەمما مەن بۇ چوچقىلارنى تاغ ئارىسىدا ئاچلىقتىن ئۆلسۇن دېگەن نىيەتتە، تەتۈرىسىچە مەسلىھەت بەردىم:

ــــ ھازىرچە يەتكۈدەك نېنىمىز بار، پەقەت سۇ ئېلىۋالساق، تاغقا يامىشىدىغان گەپ، يۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇپ نېمە قىلىمىز؟ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چوڭ مەھەللىگە يېتىۋالساق، شۇ يەردىن ئالساقمۇ بولۇدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردە ئادەممۇ ئاز بىر يۇرت ئىكەن، بەلكىم بىزگە بەرگۈدەك ئۇنداق جىق نانمۇ تېپىلماسمىكىن؟

بۇ گېپىمنى باشلىق توغرا تاپتى. دېمىسىمۇ تاغقا يامىشىش ئالدىدا يۈكنى ئاۋۇتۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ باشقىلارغا دەم ئېلىشنى بۇيرۇپ، مېنى بىر ئەسكەر بىلەن، تاغنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈدىغان يولنى سوراپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

مەن بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىشەشسىزلىك بىلەن چېكىپ، ئىشىك ئاچقان بوۋايدىن يولنى سورۇدۇم:

— بىز كۆيەككە ئۆتمەكچىدۇق، يولنى كۆرسىتىپ قويسىڭىزكەن.

بوۋاي بارلىق ئۇيغۇر دېھقىنىغا ئوخشاش ساددا دىللىق بىلەن، قارشىسىدىكى خىتاي چېرىكىنى ۋە مېنى دۈشمەن دەپ بىلمەستىن، رازىلىق بىلەن باشلاپ بېرىپ، تاغ ئارىسىغا ئاپىرىدىغان يولنىڭ باشلىنىشىنى كۆرسىتىپ قويدى.

— مۇشۇ يولدىن چىقماي ماڭساڭلار يول ئۆزى ئاپىرىدۇ، — دېدى ئۇ. ئەمما يەنە شۇ ئارتۇق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇدىغان ئادىتى بويىچە قىزىقىپ سورىدى، — تاغنىڭ ئۇ يېقىدا ھازىر ھېچكىم يوق، ئۇ يەر چارۋىچىلارنىڭ قىشلىقى، بۇ كۈنلەردە قىشلاقتا ھېچكىمنى تاپالمايسىلەر، ئۇ يەردە نېمە ئىشىڭلار باردى؟

— بىز ئاشۇ ياقتا ئادەم ئىزدەيمىز.

— ھە،... ئەتتىگەندە ماڭساڭلار، ئاخشامغىچە يېتەلەيسىلەر.

— ئەمما بىز ھازىر ماڭمىساق بولمايدۇ، — دېدىم ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن.

— ھازىر ئايقاراڭغۇسى بولىدىغان چاغلار، قاراڭغۇدا چىغىرنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، ئېزىپ قالساڭلار جاپا تارتىپ قالارسىلەرمىكىن دەيمىنا.

— ھېچقىسى يوق، بىز ئازمايمىز، رەخمەت سىزگە، — دېدىم ۋە قايتىپ كەلدىم.

— تاپتىڭلارمۇ؟ — سورىدى ئونبېشى. بىر ماڭا، بىر خىتاي ئەسكىرىگە شۈبھىلىك قاراپ.

— تاپتۇق، — دېدىم. قىسقىلا. ئەمما مەن بىلەن بارغان خىتاي مېنىڭ دېھقان بوۋاي بىلەن كۆپ سۆزلىشىپ كەتكەنلىكىمنى گۇمان بىلەن ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئونبېشى مەندىن سىنچىلىق بىلەن سورىدى:

— ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدى؟

— ئۇ پۈل بەرسەڭلار يول باشلاپ، كۆيەككىچە ئاپىرىپ قوياتتىم دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئاندىن ئەتە كۈندۈزى ماڭساڭلار، كۆيەككە كېچىدە بېرىپ قالىسىلەر، كېچىسى چارۋىچىلار ئىشىك ئاچمايدۇ، ئۇلاردىمۇ مىلتىق بار، سىلەرنى تونۇمىغاندىكىن چاتاق چىقىپ قالمىسۇن. كەچتە ماڭساڭلار، سەھەردە

يېتىپ بارسىلەر، ئۆزەڭلارغا ياخشى، — دەيدۇ، — دېدىم. بۇ ھېكايىنى ھېچ تەييارلىقسىز تۇرۇپ بۇنداق ئوخشاتقىنىمغا ھەيرانمەن. بەلكىم بۇمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن بولسا كېرەك. بۇمۇ بىر ياخشى بىشارەت بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلۇدۇم. ئەمما خىتايچە بىلىدىغىنىمنىڭ ئازلىقى تۈپەيلى بۇنى چۈشەندۈرۈپ بولغىچە تەرلەپ كەتتىم.

— ئۇ توغرا دەپتۇ، — دېدى ئونبېشى ئويلىمىغان يەردىن، — ئوۋچىلاردا مىلتىق بار، كېچىسى بارساق گۇمانلىنىدۇ، بىز ھېچ بولمىغاندا يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ، ئاندىن دەم ئالساق، ئەتىسى كۈندۈزگە توغرۇلاپ بارالايمىز.

ئۇنىڭ بۇ گېپى مەندىن باشقا ھېچكىمگە خۇشياقمايتى. شۇنداق بولسىمۇ يولغا چىقتۇق. بىلىنەر - بىلىنمەس چىغىرنى تېپىپ مېڭىش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىدى. خىتايلارنىڭ كۆزلىرى ياخشى كۆرمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدى تەرەپتە بىرەر بۆكتۈرمە بولسا تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرنى ئەسكەر خىتايدىن بىرىگە تۇتقۇزۇپ، ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىشىمنى بۇيرۇدى. بۇمۇ بىر پايدىلىق ئەھۋال ئىدى. مەن خىتايلارنى مۇمكىن بولغىنىچە يولدىن چەتنىتىپ، تاغ ئارىسىدا يول تاپالماي بىرنەچچە كۈن چۆگىلەپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلماقچى ئىدىم. ئاشۇنچىلىكلا ھايال بولسا، يەيدىغان - ئىچىدىغىنى تۈگەيتى.

بىز ئاللىقاچان يولدىن چىقىپ كەتكەن ئىدۇق. ئەمدى بىر ئاز غەرىپكە يۆلۈنۈپراق كېتىۋاتاتتۇق. سەزگۈلۈرۈمنىڭ بىشارىتىگە ئاساسلانسام بىز بارىدىغان كۆيەك شەرق تەرىپىمىزگە قىيپاش قارشىدا ئىدى. خىتاي مەندىن پات - پات يولنى كۆرۈۋاتامسەن؟ توغرا كېتىۋاتامدۇق؟ دەپ سوراپ قوياتتى. مۇشۇنداق نىشانسىز ۋە خاتا مېڭىشلار نەتىجىسىدە تولا چۆگىلەپ، يېرىم كېچىلەردە تاغ ئۈستىگە چىقتۇق. خىتاي تاغنىڭ جەنۇپ تەرەپ ئېتىكىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ھەممە خىتاي ئۈمىتلەنگەن ھالدا قارايتى. ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەن خىتايلار يەنە مەندىن سورىدى:

— بىرنەرسە كۆرۈۋاتامسەن؟ توغرا كەلگەندەك تۇرامدۇق؟ مەھەللە كۆرۈنەمدۇ؟

— ھە،... ئۇياقتا بىرنەرسىلەر تۇرغاندەك قىلىدۇ... — مانا شۇ چاغدا ئۇزاق

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىرنەرسە چاقنىغاندەك بولدى. بۇ بەلكىم چارۋىچىلارنىڭ گۈلخانىدۇر ياكى تاماكا تۇتاشتۇرغان ئوتى بولۇشىمۇ مۇمكىن، — ئەنە بىر يورۇقلۇق كۆردۈم!

— مەنمۇ كۆردۈم!

ئەمما مەن خىتايلارنى ئازدۇرىمەن دەپ دەل مەھەللە ئۈستىگە باشلاپ كەلدىممۇ نېمە؟ دەپ ئەندىشىگە چۈشتۈم. ئۇ كىچىككىنە ئۇچقۇن ئالدىمىزدا كەتكەن بۇلاڭچى خىتايلارنىڭ گۈلخانى بولۇشىمۇ مۇمكىن. مانا ئەمدى ئۇ ئۇچقۇن ئۆچتى. ھەممە يەر خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلۇق قوينىدا ھوھۇلدايتى. ئالدىمىزدا تەگسىز بىر ھاڭ تۇرغاندەك ئۈچ - چېكى يوق قاراڭغۇلۇق ئىدى. پەقەت سىنچىلاپ قاراۋەرگەندە تاغ يوتىلىرى، تاغ جىرالىرى بىر ئاز رەڭ پەرقى بىلەن بىر - بىرىدىن ئايرىلغاندەك قىلاتتى. يۇ، يەنە قاراۋەرسە كۆز تولاشقاندەك بولۇپ، ھەممە نەرسە بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، ئاشۇ مۇدھىش قارا رەڭ ھۆكۈمران بولاتتى. بۇ ئۈچ - چېكى يوق قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە — نەلەردىدۇر ئادەملەر بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك تەس تۇيۇلاتتى؛ بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ مۇكەممەللىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، بۇنىڭ ئورنىغا يورۇقلۇقنىڭ ھاكىم بولۇشىمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك، بۇ قاراڭغۇ زۇلمەت مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيەتتەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى.

بىز ھېرىپ شۈنچىلىك مادارىمىزدىن كەتكەنمىزكى، يەنە بىر ئاز مېڭىشنى ئويلاشمۇ دەھشەت ئىدى. دېمىسىمۇ خىتاي ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى تاشلاپ سوزۇلغان يېرىدە ئۇيقۇ سەھراسىغا كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئەسلىدە ئونبېشىنىڭ پىلانى بويىچە بىز پەسكە چۈشۈپ، ئاندىن دەم ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى، ئەمما ئەسكەرلەرنىڭ شۇ ئانكى تۇرقىدىن ئۇلارنى ئاتمەن دېسىمۇ مىدىرلىتالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، دەم ئېلىشقا قوشۇلدى.

— بولىدۇ، دەم ئالساق ئالايلى، ئەمما بۇنداق تۇرغان يەردىلا ئۇخلىساق بولماس. تۇرۇڭلار، ئەتراپقا قاراپ، مۇۋاپىقراق بىر يەرگە چۈشەيلى، — دېدى ئۇ.

بەزى خىتايلار ئالدىقاچان ئۇخلاپمۇ كەتكەن ئىكەن، ئۇلارنى ئىتتىك تەپكەندەك تېپىپ يۇرۇپ تۇرغۇزۇشتى. ئاندىن ئۆزىمىزچە دالدا دەپ بىلگەن بىر يەرنى تېپىپ، ئۇلاغدىن يۈكلەرنى يېشىپ چۈشۈرۈپ، كۆندىكى تەرتىپ بويىچە

ياتتۇق: ماڭا مەسئۇل قىلىنغان ئىككى خىتاي ئىككى تەرىپىمدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنبېشى ئۇياقتا بىر ئەگمىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياتتى. ئۇ بۇ يەردە شېغىلىنى شاراقلىتىپ، بىرسى يېقىنلاپ كەلگىچە تۇيۇپ قالىمەن دەپ ئىشىنەتتى.

ئەگەر بۈگۈن بۇ ئىشنى پۈتتۈرەلمىسەم مەڭگۈ ئاۋارە بولمىساممۇ بولاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەنمۇ ھېرىپ ماجالىمدىن كەتكەنىدىم. ئەگەر كۆڭلۈمدە بۇ ۋەسۋەسە بولمىسىدى، ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن بولاتتىم. يېنىمدىكى خىتايلار ئۇيۇپلا كەتتى. مەن بېلىمگە تاش پېتىپ ياتالمايۋاتقاندەك مىدىرلاپ، ئۇ ياققا، بۇ ياققا ئۆرۈلەتتىم. ئەمما خىتايلار بۇرۇنلاردىكىدەك، دەرھال ھۇشيارلىشىپ، قۇلاقلىرىنى شىڭتايتماستىن ئۆلۈكتەكلا ئۇخلاۋاتتى. بۇ ھال ماڭا ئىلھام بولدى. «ھە، دېمەك، مەن بۇ خىتايلارنىڭ يېنىدىن بۇنداقلا تۇرۇپ كەتكەندىن كۆرە، بۇ ئىككىسىنى ئاۋال جايلىۋېتىشىم كېرەك، بىرى بولسىمۇ ئازايسۇن» دېگەنلەرنى ئويلىدۇم. ئەمما يەنىلا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتىم. ھەر پىلانىم ئۆزەمگە يارىمايتى. بىرى ۋارقىراپلا تاشلىسا، ئىش تۈگەيتى. ئويلا-ئويلا ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تاڭ ئېتىپلا كەتسە يەنە بۇنداق ياخشى پۇرسەت كەلمەيتى. كىم بىلىدۇ بەلكىم ئەتىدىن باشلاپلا مېنىڭ بۇلارغا كېرىكىم بولماس، شۇنىڭ بىلەن بىر پاي ئوق بىلەنلا مەندىن خوشلۇشۇپ كېتەمدۇ؟

يەنە غەزەپلىرىمنى بىلەشكە، نەپرىتىمنى كۆرۈكلەشكە ئېھتىياجىم باردى. يول بويى بۇ يىرتقۇچلارنىڭ قىلغان ئەتكەن ۋەھشىيلىكلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. يەنە ئاشۇ شوخ كىيىكتەك دىرىڭلاپ چېپىپ يۈرگەن قىزچاق — مەرىقىز كۆڭۈل ئىكرانىمدا زاھىر بولدى. بۇ تىنىمسىز شوخ جانۋار بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تىتىلىپ كەتكەن ھالدا خارابىلەر ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالدى. چىشلىرىم ئىختىيارسىز كىرىشتى. كۆزۈمگە غەزەپ يېشى تىقىلدى. يېنىمدا ئۇڭدا ياتقان خىتاينىڭ بوينى ئاستىدىن قولۇمنى ئۆتكۈزدۈم، بىر پۇتۇمنى ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئۇستىگە ئارتتىم، ئوڭ قولىنى بېغىشىدىن مەھكەم تۇتتۇم-دە، بىرلا ھەملىدە ئۇنى دۈم قىلىپ ئۆرۈش بىلەن بوينىدىن ئۆتكۈزۈلگەن قولۇمدا بوغدىيىكىنى قاتتىق بېسىۋالدىم! ئۇنىڭ سول قولى ئۆزىنىڭ ئاستىدا قالغاچقا تارتالمايتى؛ پۇتىنى مەن پۇتلىرىم ئارىسىدا قىسىۋالغاچقا پۇتلىرىنىمۇ

تىپچەكلىيەلمەيتى؛ يەنە بىر قولى مېنىڭ پەنجەمدە سىقىمداقلىق ئىدى. ئۇ پەقەت قاتتىق باغلاق ئاستىدىكى بىرىنىڭ مىدىرلىشىدەك ئانچە بەك شەپە چىقارماستىن مىدىرلايتى. بۇ خۇددى بوغۇزلۇنۇپ، ئاندىن يۇلۇنداپ بولۇپ پۇتلىرى يېشۋېتىلگەن قوينىڭ مىدىرلىشىغا ئوخشايتى. تىنىقىمنى ساناشقا باشلىدىم: بىر، ئىككى،...

ئادەم قانچە تىنىقتىن قالسا جېنى چىقىدىكىن؟ ھەرھالدا بالىلىق ۋاقتلىرىمدا ئۆستەڭنىڭ شاقىراتمىلىرىدا ھاسىل بولغان چوڭقۇرلارغا سۇغا چۆمۈلگەندە بالىلار بىلەن سۇ ئاستىدا قانچىلىك ئۇزاق تۇرۇش بويىچە بەسلەشكەنلىرىم خاتىرەمگە كەچتى. بۇ ئىشلار كۆپۈنچە شورۇقنىڭ قەدەم جايغا يېقىنراق يېرىدىكى چېقىر دېگەن يەردە بولۇدۇغان. ئۇ يەردە سۇ بۆلگۈچ چۇشۇرگىلەر كۆپ ئىدى. چۇشۇرگىلەردىن شاقىراپ چۈشكەن سۇنىڭ ئويۇشىدىن ھاسىل بولغان چوڭقۇرلۇقلار بىزنىڭ سۇغا چۆمۈلىدىغان كۆلىمىز بولۇپ رول ئوينايتى. ئەنە شۇ چاغدىكى مۇسابىقىلىرىمىزدا، قىرغاقتا بىرىمىز سانايتۇق. شۇ چاغدا سۇ ئاستىدا ئەڭ كۆپ تۇرغانلار قانچىنى سانىغىچە تۇرالايتىكىن، ئېسىمدە يوق، ھەر ھالدا بىر مىنۇتتىن ئارتۇق تۇرسا كېرەك. ئۇ ھالدا ئۆلۈش ئۈچۈن ئىككى مىنۇت يېتەرلىكمىدۇر؟ مەيلى مەن ئۈچ مىنۇت تۇتاي. بىر چاغدا ئۇنىڭ يۇلقۇنۇشقا تىرىشىپ، قولۇمغا ۋە پۇتۇمغا كۈچ كەلتۈرۈپ تۇرغان بەدىنى لەسسىدە بوشىغاندەك بولدى. ئەمما مەن «بۇ ھارۋىدا توشقان ئالىدىغان» خەق، مېنى بىخۇدلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولمىسۇن يەنە؟ دەپ ئويلاپ، يەنە بىر ھازا ئۇنىڭ گېلىنى سىقىپ تۇرۇشتىن قولۇمنى تارتمىدىم.

ئۇنى دۈم پېتىچە قالدۇرۇپ، گېلى ئاستىدىكى قولۇمنى ئاستىلا سۇغۇرۇۋالدىم. ئۇ خۇددى دۈم يېتىپ ئۇخلاۋاتقاندەك جىم ئىدى. ئەمما مەن يېنىمدىلا بىر ئۆلۈكنىڭ ياتقىنىنى بىلەتتىم. شۇڭا چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، جىلغا ئىچىدە يۈگرىگەنچە قېچىشتىن ئۆزەمنى ئاران تۇتتۇم. كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى. بېشىم قاپاقتەكلا ئىدى. قىلغان ئىشىمنىڭ مەزمۇنى ياكى مەنىسى ھەققىدە ئويلىغىدەك ھالدا ئەمەس ئىدىم. بۇندىن كېيىن نېمە قىلىدىغانلىقىم ھەققىدىمۇ كاللام قۇرۇقلا ئىدى. مۇشۇ يوسۇندا يېتىۋېرىدىغان بولسام ھېلىلا تاڭ ئاتاتتى. مېنىڭ تېخى يەنە بىرمۇنچە ئىشىم بار. ئاساسلىق

نىشانەمنى ئىشقا ئاشۇرغۇنۇم يوق. ئالاھىزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۆزەمگە كەلدىم. ئويلىيالايدىغان بولدۇم. ئەمما جاسارىتىم توزۇپ تۈگىگەندەك قىلاتتى. ئويلىيالايدىغان بولغان شۇ مىنۇتتا بىرىنچى ئويلىغىنىم ئۆزەمنىڭ قاتىل بولغۇنۇم ئىدى! گەرچە نۇرغۇن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ بىر ئەسكىرى بولسىمۇ، بۇ جەڭ ئەمەس ئىدى. كېچىسى ئۇ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا ئۆلتۈرگەن ئىدىم. بەلكىم ئۇنىڭمۇ ھاياتتىن نۇرغۇن ئۈمىتلىرى بولغىيدى؛ بەلكىم ئۇنى ئۆيدە ئاتا ـ ئانىسى كۈتۈۋاتقان بولغىيدى؟ بەلكىم ئۇنىڭ خوتۇنى ياكى سۆيگىنى بولغىيدى؟ بۇ ۋىجدان ئازاۋىمىدى؟ ئىنسانلىق تۇيغۇلىرىدىن بىر خىلىمىدى؟ بىلمەيمەن. ئەمما مانا شۇنداق نۇرغۇن مۇرەككەپ ئوي ـ خىياللار ئەسىرلىكىدە قالغانىدىم. ئارقىدىن يەنە ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدىم. يەنە مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئۆزەمگە كۈچ توپلۇدۇم.

«ئى ئاللاھ، نىيەت قىلغان ئىشىم خەيرلىك بولغان بولسا ئاسانلىق ئاتا قىلغايسەن، خاتا بولسا، بىرەر سەۋەپ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرمىغايسەن!»

ئەمدى ئۇ تەرىپىمگە ئۆرۈلدۈم. خىتاي خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە خېلى ـ خېلى ئاۋازلاردىنمۇ ئويغۇنۇدۇغاندەك قىلمايتى. بۇنىڭمۇ بوينى ئاستىدىن قولۇمنى ئۆتكۈزدۈم، خۇددى ئۇنى گىرەلەپ قۇچاقلايدىغاندەك تەقلىتتە. ئاندىن مەن تەرەپتىكى قولىنى بېغىشىدىن تۇتتۇم؛ پۇتۇمنى پۇتلىرى ئۈستىگە ئارتتىم ـ دە، تېزلا ئۆرۈپ، پۇتلىرىنى چاتىرىقىمدا قىسىۋېلىپ، بىر قولىنى مەھكەم قاماللىۋالغان ھالدا، بوينىدىكى قولۇم بىلەن بۇغدىيىكىدىن سىقتىم. ئەمما بىرئاز ھولۇقۇپ قالغىنىم ئۈچۈن، ئۇ پۇتلىرىنىڭ ئۈچىنى بىر ـ ئىككى قېتىم كۆتۈرۈپ شىبىغلىغا چۈشۈرگەن ئىدى، شىبىغىل شاراقلاپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا خېلى خوپ ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇ تەرەپتە ياتقان خىتايلاردىن بىرى بىرنېمە دەپ غۇدىرىغاندەك قىلدى. مەن ئاستىمدىكىنى چىڭ بېسىپ تۇرغىنىمچە يالغان خورەك تارتتىم.

ئارقىدىن يەنە دائىمىي جىم ـ جىتلىق ئەتراپقا ھاكىم بولدى. بىر ھازا ئەتراپنى تىڭشاپ ياتتىم. خىتايلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازلاردىكى خورىكى، پۇشۇلداشلىرىدىن باشقا، ئاتنىڭ ئارا ـ سىرا پۇشقۇرۇشى ئاڭلىناتتى. ئېشەكمۇ

خۇددى ئۆلۈپ قالغاندەك ياتاتتى. ئەمدى مەن ئەسلى مەقسەتكە قەدەم قويۇشۇم كېرەك ئىدى. ئونبېشى خىتاي ئەگىمىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قانداق ھالەتتە؟ بەلكىم ئۇ تاپانچىسىنى بەتلەپ كۈتۈپلا ياتقاندۇر؟ ئۇنىڭ يېنىغا بارغىچە شېغىلنىڭ شاراقلىماسلىقىغا كېپىللىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئاستىلا خىتايلارنىڭ جەسىدى ئۈستىدىن ئارتىلىپ، خۇددى يىلاندەك سويلاپ، ئۇياققا ئۆتتۈم. ئەمما ئۇندىن كېيىن شېغىللىق ئۈستىدىن سويلىشىم كېرەك بولغاچقا شاراقلىغان ئاۋازدىن ساقلىنالمايدىغانلىقىم بىلىندى. شۇندىلا ئونبېشىنىڭ نەقەدەر قۇۋ خىتايلىقى مەلۇم بولدى. شۇنداقتىمۇ بارمىسام بولمايتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمدى خۇددى كۆتەك دومىلاتقان شەكىلدە دومىلىدۇم! بۇ بىر ئاز ياخشىدەك قىلاتتى. شۇندىمۇ ھەر بىر قېتىم دومىلاشتىن كېيىن، ئەتراپنى تىڭشاپ بىر ئاز تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى كۆزەتمىسەم بولمايتى. قىسقىسى، دومىلاپ ئەگىمىنىڭ يېنىغا باردىم. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇ قەدەر ئۇزاق يەرمۇ ئەمەس ئىدى؛ ئەڭ چەتتىكى خىتايدىن ھېسابلىغاندا ئون مېتىرچە ئۇزاق ئىدى.

مەن ئەگىمىنىڭ بۇ تەرىپىدە؛ مەن ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقان قۇۋ خىتاي ئۇ تەرەپتە. قۇلۇقۇمنى يەرگە يېقىپ تىڭشىدىم. ئۇياقتىن يىنىك خورەك ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئەمما بۇ خىتاي ئاتلىق يۈرگەچكە باشقا خىتايلاردەك ئۇنچە ھارغىن بولماسلىقى مۇمكىن؛ يەنە تېخىمۇ موھىمى ئۇنىڭ قوينىدا بىرمۇنچە دەپىي-دۇنياسى بولغاچقا، شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ دايىم سەگەك ئۇخلاشقا كۆنگەن ئىدى. مەن ئەگىمدىن ئاستا ھەركەتلەر بىلەن ئۇياققا بىر ئاز بېشىمنى چىقىرىپ قاردىم. خىتاينىڭ پۇتى تەرىپىدىن چىقىپتىمەن. بۇنىسى ماڭا تېخىمۇ پايدىسىز ئىدى. خىتاي دايىمقىدەك دۈم يېتىۋالغان، بىر يۈزىنى ئاتنىڭ توقۇمىغا قويۇپ، بىر تەرەپكە قاراپ ياتاتتى. بىر قولى بېشى تەرەپتىكى توقۇم ئۈستىدە، يەنە بىر قولى — ئوڭ قولى بېقىنىدا بەدىنىگە يېپىشقان ھالدا سوزۇلغان ئىدى. قولىدا تاپانچىسىنى تۇتۇۋالمىغانلىقى ئاللاھنىڭ يەنە بىر ئىنايىتى دېيىشكە بولاتتى.

ھەركەتنى قەيەردىن ۋە قانداق باشلىسام ئۇنى ئاۋازىنى چىقارغۇزماستىن باسمادىۋالالايمەن دەپ ئويلۇنۇشقا باشلىدىم. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى

چاتىرىقىمدا قالدۇرۇپ، خۇددى ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان مۈشۈكتەك زوڭ ئولتۇرىۋالسام، ئاندىن ئۈستىگىلا ئۆزەمنى ئاتسام،... ئوڭ قولىنى دەرھال قاماللىۋېلىشىم كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا،گېلىنى سىقالمىغاندىمۇ ئاغزىنى ئېتىۋالمىسام چاتاق. ئاستا سۈرۈلدۈم،... يەنە بىرئاز سۈرۈلدۈم،... ئاندىن ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ، زوڭزايدىم. زوڭزايغىنىمچە پىتتەك مېڭىپ، پۇتىنىڭ ئۈستىگىچە كەلدىم. ئەمدى پۇتلىرىنى چاتىرىقىمدا قىسىۋالالايتتىم. ئوڭ قولىنىمۇ كونترول قىلالىشىمدا گەپ يوق. پەقەت گېلىغا قانداق قول سالسام بولار؟....

«يا تەۋەككۇلاللاھ!» ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم! دەل ئويلىغىنىمدەكلا بولدى. پۇتى مېنىڭ قامالىم ئاستىدا، ئوڭ قولىمۇ پەنجەمدە ئەسىر ئىدى. ئاۋاللا بېشىمنىڭ قاتتىقلىقىدەك، قولۇمنى گېلى ئاستىغا ئۆتكۈزگىچە ئۇ بىر ۋارقىرىدى! «ياستۇق»ى ئۈستىگە ئېلىۋالغان سول قولىمۇ ماڭا ئاۋارىچىلىق تېرىدى. شۇنداق بولسىمۇ گېلىنى چىڭ بوغۇپ، بېشىم بىلەنمۇ ئۈستىدىن بېسىپ، خۇددى شۇ يوسۇن ئۇخلاپ قالغاندەك ياتتىم. سول قولى ئۇ ياق، بۇ ياققا ئۇرۇتۇلۇپ، بىر نەرسە تۇتۇشقا تىرىشاتتى. مەن ھېلىقى باشتىكى ئاۋازدا ئويغىنىپ كەتكەن بىرەرسى ئۈستۈمگە مىلتىق بەتلەپ كېلىشىنى كۈتۈپ، جىم ـ جىت بىرنەچچە سىكونت ياتقاندىن كېيىن ئوڭ پەنجەمدىكى قولىنى تارتىپ ئەكىلىپ، بۇ قولىنى بوينى ئاستىغا باستۇرۇشقا، ئاندىن بىر قولۇمنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ توختىماي ھەركەت قىلىۋاتقان سول قولىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندۇم ئەمما، بۇ ھالدا ئوڭ قولى قولۇمدىن چىقىپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلۇدۇغاندەك قىلدى. شۇڭا، بولغىنىڭ بول دەپ جىملا ياتتىم. ئۇ ئاستىمدا يارىلانغان شىردەك ئېغىر ـ ئېغىر، ئەمما خېلى قۇۋۋەتلىك مىدىرلاپ كېيىن جىمىپ كەتتى. ئۇ جىمىغاندىن كېيىنمۇ يەنە شۇ يوسۇندا يېتىشنى داۋام قىلدىم. باشقىلارنىڭ ئۈن ـ تىنىشىنى كۈزەتتىم. ئاندىن ئاستا ھەركەتلەر بىلەن بۇ خىتاينى ئوڭدىسىغا ئۆرۈپ، ئۇنىڭ كېيىمىنىڭ ئىچىنى ئاقتۇردۇم. ئىچ كېيىمى ئۈستىدىن بېلىنى باغلاپ، ئاندىن قوينىغا سېلىۋالغان دەپى ـ دۇنياسى قولۇمغا ئۇرۇلدى. خالتىنى چىقاردىم. سىرتىدىن تۇتۇپ باقتىم. ئۈزۈك، زىرە، بىلەيزۈك، ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەڭگىلەر قولۇمغا ئۇرۇندى. يۇمۇلاق

شەكىللەردىكىسى تىللا ياكى كۈمۈش تەڭگىلەر ئىدى. خالتىنى ئېچىپ كۆرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. قوينۇمغا سالدىم. ھەر ئېھتىمالغا قارشى باشقا يوشۇرغان نەرسىلىرى بولۇپ قالسا دەپ، يەنە بىر قېتىم ئاقتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھېلىقى رەزگى خەرىتىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئەمىن بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تاپانچىسىنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ھەققىدە بىرنەچچە سېكۇنت ئارىسالدى بولدۇم.

تاسادىپىي ئاۋۇ خىتايلار ئويغۇنۇپ قالسا قاچالماي قالماي، دەپ، ئۇلاردىن قۇتۇلغىچە بولسىمۇ كېرەك بولار دېگەن ئوي بىلەن تاپانچىنى ئالدىم. ئاندىن ئاستا يىراقلاشتىم. خىتايلار ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ تاپانچىنى بەتلەپ، خېلى ئۇزاققىچە ئارقامچە مېڭىپ، ئاخشامقى يولۇمدىن قايتتىم.

راستىنى دېسەم مەن ئۆزەمگە ياتلىشىپ قالغاندەك قىلاتتىم. گويا مەن ئەمەس، ناتونۇش بىرى كېتىۋاتاتتى. ۋەسۋەسە، قورقۇنۇچتىن ئاياقلىرىمغا ئىگە بولالمىغان، ئۆزەمنىڭ كىملىكىنىمۇ ئاڭقىرالماي قالغاندەك گاراڭ روھى ھالەتتە پەقەت شاپاشلاپ كېتىۋاتاتتىم. بىرلا بۇيرۇق كاللامدا قۇيۇندەك پىرقىرايتتى: تېز قېچىش كېرەك! بۇ قورقۇنۇچتىن ئىدى. قورققان يامانمۇ؟ ھۈرككەنمۇ؟ دېگەندەك، مېنى ھۈركۈپ كەتكەن دېسىمۇ بولاتتى. كاللام ھېچنەرسىگە ئىشلىمەيتتى. پەقەت تېز قېچىشلا كېرەكلىكىنى بىلەتتىم.

قانچىلىك مۇساپە باسقىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئۆپكەم ئېچىپ، نەپەس ئالغۇدەك ھالىم قالمىغانىدى. شۇنچىلىك ھارغانىدىمكى، ئەمدى بىرى ئاتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسەممۇ، ئاتساڭ ئات، دەپ جايىمدىن قىمىرلىمايدىغاندەك قىلاتتىم. بەدەنلىرىمدىن تەر چىقىپ، چىلىق ـ چىلىق سۇ ئىچىدە قالغان ئىدىم. بۇنىسى ئەڭ يامان. ھاۋا سوغۇق ئىدى، تەرلىگەن بەدەنگە سوغۇق ئاسان ئۆتەتتى؛ شامالداپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ گېلىم ئېچىشىپ تۇراتتى. ھۆمۈدەپ تىنىشلىرىم قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە پەسكارىغا چۈشتىكىن بىلمەيمەن، جاقىلداپ تىترەشكە باشلىدىم. ئەنە تىترەشتە سوغۇق ئاساسىي ئامىلمىدى؟ ياكى يېڭىلا ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىمدىنمىدى؟ بۇنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن. ئەمما ئىچىمدىن بىر قۇرۇق قەي تۇرۇلۇپ كېلىپ، گويا ھاراقكەشلەرنىڭ قۇسۇشلىرىدەك چىڭقىلاتتىم. ئارقامدىن خىتايلار قوغلاپ

كېلىدۇ، دېگەن ئوي ئەسلا تەسىر قىلالماس بولۇپ قالدىم. ئەقىل بىلەن ئويلىغاندا، خىتايلارنىڭ ئەمدىكى ھالىتىدە كەينىگە يېنىپ قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ چاغدا مېنىڭ ھەركىتىم ۋە ئوي خىياللىرىمغا ئەقلىم ھاكىم بولالماي قالغان ۋەزىيەتتە ئىدىم.

بېلىمگە قىستۇرۇۋالغان ماۋزېر شۇنچىلىك نەپرەتلىك تۇيۇلدىكى، بۇ يىركىنىشلىك نەرسىنى قايتا كۆرۈشكە رەغبىتىم بولماي، ئېلىپلا ئۇ ياققا ئېتىۋەتتىم. قوللۇرۇمنىڭ پاكلىقىغىمۇ ئىشەنچىم يوق، قارىسام ھۆ بولاتتىم. مېنىڭ بۇ قوللۇرۇمدىن ھېلىقى ئۇچەيلەننىڭ بۇغدىيىكىدىكى ھارارەت تېخى كەتمىگەندى. بۇ مەينەت بىر خىل ھارارەت ئىدى. مۇشۇ قولۇمدا يەنە بىر نەرسە تۇتۇپ يېپىلەمدىم؟ بۇنىڭغىمۇ كۆزۈم يەتمەيتى. بىر دەريا بويى بولغان بولسا، شۇ قوللۇرۇمنى يۇسام، يۇسام،... ئاشۇنداق بىر ئىستەكلا باردى. قوللۇرۇمغا قارىغۇم كەلمەيتى. مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغۇممۇ يوق ئىدى. ئەمما قېرىشقاندەك، قوللار مېنىڭ يېنىمدىلا، ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق! نەپەسلىرىم نورماللاشتى. ئەسلىدە بىر كېچە-كۈندۈز ئۇخلۇسامىمۇ ھاردۇقۇم چىقمىغۇدەك ھارغىن بولسامىمۇ، نېرۋىلىرىمنىڭ سەزگۈرلىكى ئېشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇيقۇم قاچقان، يەنە تېخى قانچە كۈنلەرگىچىمۇ ئۇيقۇمنى تاپالماي ئازاپلىنىدىغاندەك قىلاتتىم. بامدات ۋاقتى يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئەگەر بۇ يەردە قالسام تەيەممۇم قىلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. ئەمما مەن تەيەممۇم بىلەن پاكلىنىمەنمۇ؟ بۇنىڭغا ئۆزەممۇ ئىشەنمەيتىم. شۇڭا تېزراق قۇلمۇلاققا يېتىۋېلىشنى، ئۇ يەردە سۇ تېپىپ، ئۇزاق-ئۇزاق قولۇمنى يۇيۇشنى ئويلۇدۇم.

سابىت ئەپەندى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە مەن ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەنلىكىنى پەم ئەتتىم. بەكلا كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. يەنە باشقا بىر كۈنى داۋام قىلىشقا سۆز ئېلىپ، خوشلاشتىم.

...

كېيىنكى سۆھبىتىمىزدە سابىت ئەپەندى كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك، مېنىڭ كاللامغا كەلگەن سوئاللار بىلەنلا گەپ باشلىدى.

دېسەم - دېمىسەم كۆڭلىڭىزدە بىر مۇنچە «ھەي نېمىشكە ئۇنداق قىلماي...» دېگەندەك سوئاللار تۇغۇلىدى. يەنى مېنىڭ ئاشۇ قىلمىش-ئەتمىشلىرىمنىڭ بۇنداق سوئاللارنى تۇغدۇرۇشقا مايىللىقىنى ئۆزەممۇ بىلىمەن. مەسىلەن: قولۇڭدا تاپانچا بارىكەن، نېمىشقا باشقا خىتايلارنىمۇ ئېتىۋېتىپ، خاتىرجەم ھالدا ئاتنى مىنىپ، ئېشەكنى ھەيدەپ كەتمىدىڭ؟ ياكى ھېچ بولمىغاندا ئاتنى ھەيدىۋېتىپ، ئېشەكنىمۇ ھەيدىۋېتىپ كەتسەڭ، خىتايلار ئۇلاق ئۈستىدىكى لازىمەتلىكلىرىدىن ئايرىلىپ، تېخىمۇ قىينالماسمىدى؟

نۇرغۇن ئادەملەر بۇگۇن ئاشۇ تارىخي ۋاقەلەرنى ئاڭلىغانلىرىدا دايىم: «خوجانىياز ھاجى مۇنداق قىلغان بولسىچۇ، ماھمۇت مۇھىتى نېمىشقا ئۇنداق قىلغان بولغىيتى؟ ئابدۇنىياز نېمىشكە... » دېگەندەكلەرنى بەك نورماللا تىلغا ئالۇدۇ. ئەمما بۇگۇن بۇنداق ئاقىللىق قىلىش شۇنداق ئاسان بولغىنى بىلەن، شۇ ۋاقە ئۈستىدە مۇشۇنداق ئەقىللىق خۇلاسىگە كېلىش، دانا قارار چىقىرىش ئاسانمىدى؟

مېنى دېسىڭىز، بۇ مېنىڭ تىنىقىنى تىنىقىمدا سېزىپ تۇرغان ھالدا بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈشۈم تۇنجى قېتىم تۇرسا، ھېلىمۇ تېخى بىرىنچىسىدىلا ساي بويلاپ بېشىم قايغان تەرەپكە يۈگرەپ كەتمىگىنىم! ئۇ چاغدا مېنىڭ ھەددى - ھەرىكەتلىرىم ئەقىلنىڭ قوماندانلىقىدامىدى؟ ياق! مەن نېمە قىلىۋاتقىنىمنىمۇ ئېنىق بىلمەيلا قالغان ئىدىم. ئاشۇ نەپرەتنىڭ كۈچىدىن ئەقلىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورناپ كەتكەن قىساسلا مېنى باشقۇراتتى. سىز ئۆيلىغاننى مەن ئۆيلىمەپتىمەنمۇ؟ مەنمۇ تاغدىن چۈشۈپ، ھاياجىنىم، قورقۇنۇچلۇرۇم بېسىققاندا خۇددى سىزدەك ئۆيلىغان، پۇشايماندىن ئۆرتۈنۈپ كەتكەن ئىدىم. «ھەي، قولۇمدا تاپانچا بولغاندىكىن، بەتلەپ تۇرۇپ، ئاۋال

خىتايلارنىڭ مىلتىقلىرىنى يىغىپ، بىر يەرگە توپلىۋالسام، ئاندىن بىر-بىرلەپ ئۆلتۈرسەم بولۇۋېرەتتى ئەمەسمۇ؟ ھېچ بولمىسا ئېشەكنى بولسىمۇ ئېلىۋالسام ئۆزەمگە ئەسقاتمايتىمۇ؟ مانا ئەمدى نە نېنىم، نە سۇ ئالىدىغان قاپىقىممۇ شۇ يەردە قېپ قاپتۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ مانا شۇنداق ئويلۇدۇم. ئەمما پۇشايماننىڭ نېمىگە پايدىسى؟ ھازىر خىتايلار ئۇيقۇسىدىن تۇرۇپ بولدى. ھەممە ئىشنى بىلدى. بەلكىم بىردەم گاڭگىراشتىن كېيىن ئارىسىدا مۇشتۇمى يوغانراق بىرى ئۆزىلا باشلىق بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى باشلاپ يولنى داۋام قىلىپ كەتتى. بىلەمسىز، مەن ھەتتا ھېلىقى ئۆلگەن خىتايدىن مىراس تەككەن يۇڭ ئەديالنىمۇ ئاشۇ ئىككى خىتاينىڭ ئارىسىدىكى ياتقان يېرىمدە قويۇپ بەدەر قېچىپتىمەن! مانا ئەمدى 11- ئاي، تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدە كېچىنىڭ سوغۇقى جېنىمدىن ئۆتكەن ھالدا دۈگدىيىپ قۇلمۇلاققا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتىم. ھە، راست، يولغا داۋام قىلىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرغان ئاخىرقى دەملەردە، كۆپ ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن تاپانچىنى تەكرار ئېلىۋالدىم.

شۇئاندا يېنىمدا مېنى ئۆلۈمگە يوللاشقا سەۋەپ بولۇدۇغان ئىككى قورقۇنۇچلۇق نەرسە باردى. بىرى ھېلىقى خالتا؛ يەنە بىرى تاپانچا. بۇ ھالدا شىڭشىسەي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنسام نېمە بولۇشى كۆڭۈلگە تايىنلا ئىش. تاشلىۋېتەيمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ خەلقتىن بۇلۇۋېلىنغان بايلىقنى بىكاردىن تاشلىۋېتىمەنمۇ؟ ھېلىقى شوخ قىزنىڭ بىلەيزۈكى مۇشۇلارنىڭ ئارىسىدا. ئۇنى ئاپىرىپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمىسەم كۆڭلۈم تەسكىن تاپمايتى. تاپانچىنى تاشلىۋېتىش قارارىغا كەلدىم. ئەمما يەنىلا بۇ قارارىمنى ئىجرا قىلماستىن يولۇمنى داۋام قىلىۋاتاتتىم. ئالدى بىلەن سۇ ئۈچۈن بىر قاپاقا ئېھتىياجىم بار ئىدى. ئاندىن سوغۇققا دال بولغۇدەك بىر نەرسە ۋە ئازراق يېمەكلىك تېپىپ يولنى داۋام قىلىشىم كېرەك ئىدى.

قۇلمۇلاق تەرەپتىن خورازنىڭ چىلىلىغىنى ئاڭلانغاندەك بولدى. بەلكىم مېنىڭ خاتا تۇيغۇمدۇر. چۈنكى ۋەھشىي خىتاي-تۇڭگان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ-تالانغان بۇ خەلقنىڭ توخۇسىمۇ قالمىدىمىكىن دەيمەن. نېمىلىكى بولمىسۇن سەزگۈم سەھەر بولۇۋاتقىنىدىن بىشارەت بەردى. تاغنىڭ تەسكەي

تەرىپىدە بولغىنىم ئۈچۈن يەنىلا قاراڭغۇدەك بىلىنگىنى بىلەن، بەلكىم جەنۇپ تەرەپلەر سۈزۈلگەن بولسا كېرەك. بامداتنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي دەپ، قۇلمۇلاقلا بارغىچە سەبىر قىلماستىن، تەيەممۇم قىلىپ بامدات ئوقۇۋالدىم. ئەمما كۆڭلۈم غەش ئىدى. بۇ تەيەممۇم قىلىپ ئالغان تاھارىتىم دۇرۇس بولغانمىدۇر؟ ئادەم ئۆلتۈرگەن قوللۇرۇم پاكلانغانمىدۇر؟ دېگەندەك ۋەسۋەسە ئۇزاقلىقچە، ھەتتا نەچچە كۈنگىچىمۇ ماڭا ھەمرا بولغانىدى. ھەتتا مەن بۇ نامىزىمنى مەقبۇل بولماي قالسا دېگەن شۈبھە بىلەن، كېيىن سۇ بار ئېقىنلاردىن ئۆتكەندە قولۇمنى ئۇزاق يۇيۇپ، قايتا تاھارەت ئېلىپ، ئاشۇ بامدات نامىزىنى نىيەت قىلىپ، قايتا ئوقۇغانمۇ بولدۇم. مەن بىرەر ئادەم بار يەرگە ـــ قۇلمۇلاقلا بارغىچە يورۇقمۇ چۈشۈپ قالاتتى.

مەن قۇلمۇلاقتا بىرەرسىدىن ئەھۋاللارنى تىڭتىڭلىغاچ، ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئىزدىدىم. بىر ۋەيرانە كەپىنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم. ئادەملەر بۇ تاڭ سەھەردە ـــ «ئىت پوق يىمەستە» ئىشىك قاققان دەرۋىش سۈپەت ئادەمنى نېمە دەپ ئويلاپ قالاركىن؟ دەرۋىش؟ بۇ بەك ياخشى تەسەۋۋۇر، ئەمما ئۇلار جىن دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتمىسىلا! چۈنكى شۇئاندا ئۈستىۋېشىم جۇلدۇر كېپەن، چاچ ـ ساقاللىرىم ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن، مەينەتلىكلىمدىن قىغ پۇراپ تۇرغان ھالەتتە ئىدىم.

ئەمما ۋەيرانە كەپىدىن چىققان ئادەم ماڭا بىرھازا جىممىدە قاراپ تۇردى، جىن دەپمۇ ئويلىمىدى، ئوغرى دەپمۇ ئويلىمىغان بولسا كېرەك. بىر ئاز ئارىسالدىلىقتىن كېيىن سالىمىمنى بوشىلا ئىلىك ئېلىپ، كەپىسىگە تەكلىپ قىلدى.

ـــ تۇڭگانلاردىن قاچتىم، قەشقەرگە كېتىشىم كېرەك، ئەمما تۇرقۇم مانا بۇ. بىر قاپاقلا بەك ئېھتىياجىم بار، بۇ يەرلەر بەك جەزىرە بولغاچقا سۇ ئېلىۋالمىسام ھەر يەردە سۇ تېپىلمايدىكەن، ئاندىن بىرەر ئەسكى پاختىلىق چاپانمۇ، جۇۋۇمۇ، بىرنەرسە بولسا... ئەسكى كېگىز بولسىمۇ بولۇدۇ... ـــ دېدىم ئىشەشسىزلىك بىلەن.

ـــ كەلسىلە، ئاۋال بىسمىللا دەپ بىر ئوتلام قىزىق ئىچىلى، ـــ دېدى ئۇ تېپىك ئۇيغۇر ئاقكۆڭۈللۈكى بىلەن، ـــ ئاندىن باشقىسىنى قاراپ باقىمىز.

ئەمما ئۆزەم بەك خىجالەت ئىدىم. ئۆينىڭ ئەھۋالى بۇ تۇرسا، يەنە ئۇنىڭدىن بىرنەرسە سورۇغۇنۇم بەكمۇ رەھىمسىزلىكمۇ قانداق؟ ساھىپخان بالا ـ چاقىسىز، ئايالى بىلەنلا ياشايدىغاندەك قىلاتتى. كەپىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئۇلارنىڭ رەڭگى-روھىنىمۇ كۆرەلمىدىم. ئۇلارنىڭ بالا-چاقىسى يوقمىدىكىن؟ ياكى خىتايلار، تۇڭگانلارنىڭ دەستىدىن ئۆلۈپ ياكى دىرەكسىز يوقۇلۇپ كېتىپمىدىكىن؟ خاراكتېرىمنىڭ ناچارلىقىدىن پاراڭچى، مۇڭداشقاق ئەمەس ئىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ كېتەلمىدىم. ئائىلە ئەھۋالىنى سوراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. خۇددى ئۇنىڭ جىمى بەختسىزلىكىگە مەن ئەيىپلىكتەك. تېخىمۇ يامان ئەھۋاللارنى ئاڭلىغۇم يوقىدى. كۆرۈپ تۇرغۇنۇمنىڭ ئۆزىلا ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى.

نېمىلا بولمىسۇن ئۇزۇن بىر قەرنەدىن كېيىن مۇشۇ ساددا قېرىندىشىمنىڭ كەپىسىدە قىزىق ئوتلاشقا مۇيەسسەر بولۇپ ئولتۇراتتىم. نېنىمۇ بارىكەن. زاغرىنى چىلاپ، تالقان قىلىپ ئىچىۋالدىم. ئاندىن نان سېلىپ كەلگەن ياغاچتاۋاقتا چاندۇرمايلا كۈمۈش تەڭگىدىن ئىككىنى قويۇپ قويدۇم. شۇئاندا بۇنى كۆرمىدى ۋە كۆرمەيتى. ئەمما ئەتراپ بىرئاز يورۇغاندا بۇنى كۆرەتتى. ئۇ چاغدا نېمە ئويلاپ قالاركىن؟ بەلكىم مېنى ئەۋلىياكەن دەرمىكىن؟ چۈنكى خەلقىمىز بۇنداق تەسەۋۋۇرلارغا بەك بايغۇ؟ خىزىر، ئەۋلىيا دەپ تەرىپلىنىدىغان جۇلدۇر ـ كېپەن سىياقتىكى ئادەملەرنىڭ ھېكايىلىرى بەك تېزلا تارقايدۇ.

ساھىپخان قاراڭغۇ بۇلۇڭدا بىرھازا بىرنەرسە ئاقتۇرۇپ يۇرۇپ ئاخىرى يېنىمغا كەلدى:

— بىر قاپاق باردى، شۇنى ئىزدىدىم، ئەمما بۇ ساقمۇ ئەمەسكەن، بېغى بار يېرى يۇچۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمما ئەپلەپ بىرەر ئىككى تاۋاق سۇ تۇرغىدەك. شۇغۇنىسى قوللىرىدا تۇتۇپ ماڭىدىغان بوللا ـ دە.

— مەيلى، مەيلى، — دېدىم ھولۇقۇپ. مۇشۇنداق بىر ئائىلىدىن بىرنەرسە سوراپ ئولتۇرغان مەن ئىنساپسىزغا شۇ بولسىمۇ بولاتتى، — رەھمەت، ئاللاھ سىلىدىن رازى بولسۇن.

— ئۇستىلىرىنى ئىسسۇنقۇدەك بىرنېمە يوق، خاپا بولمىسىلا، ئېشەككە ئۇچۇلۇق تىكەرمەن دەپ ئاتىغان بىر پارچە ئەسكى كېگىز باردى، شۇنى بېرەي،

بىرگە خۇدايىم بېرە.

ئېچىمنى بىر چوغ كۆيدۈرۈپ چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ يەنە ئېشىكتىن چىقىۋاتقىچە بىر زاغرىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

— بولدى، بولدى، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟... — دەپ ۋارقىراپلا كەتتىم ئۇلارنىڭ هالىغا ئىچىم سېرىلىپ تۇرغاچقا.

— بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ماكانى بوغاندىكىن بىر گەپ بولا، سىلى دېگەن مۇساپىر، ئېلىۋالسىلا. «يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق» دەپتىكەن.

ئەنە شۇنداق خوشلاشتۇق. تېزراق ماڭسام چۈشتىن كېيىنلەدىن يېيىققا بارالايتتىم. يېيىق هەرهالدا بىرئاز چوڭراق يەر بولغاندىكىن كۆڭۈلدىكىدەك قاچا ۋە قېلىنراق چاپانغا ئېرىشەلەمدىمكىن بىلمەيمەن. كېتىۋېتىپ بىر توغراق دالدىسىدا ئولتۇرۇپ، قويىنۇمدىكى خالتىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى دەپى-دۇنياسىمنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ، يولدا خىراجەت قىلىدىغىنىمنى يېقىنراققا، ساقلايدىغىنىمنى نېرىراققا جايلاشتۇرماقچى بولدۇم. تاپانچا تېخىچە يېنىمدا ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى بىخەتەر ئىدى. ئۇنى ئاشۇ يۇلغۇن تۈۋىدىكى چىرىمدانىنى ئېچىپ تۇرۇپ كۆمۈۋەتتىم. ئۇۋھ دەپ يېنىكلىگەندىن كېيىن، قويىنۇمدىكى خالتىنى چىقاردىم.

بۇلارنىڭ هەممىسى ئاياللارنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن زىننەت بويۇملىرى ۋە يەنە نىكولاينىڭ تىللاسىمۇ باردى. ماڭا خۇددى ئالائىددىننىڭ غارىدا دۇنيا ـدەفىنە ئۇچراپ قالغاندەكلا بىر ئىش بولدى. ئەمدى بۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمەن؟ ئالدى بىلەن يەكەندىكى هېلىقى قىزچاقنىڭ بىلەيزۈكىنى ئايرىپ، ئۇنى ئەسكى كەشمىنىڭ قونچۇغا — پايتىمام ئارىسىغا تىقتىم. قالغان نەرسىلەردىن ئالتۇنلارنى ئايرىپ ئوڭ تەرەپ قويىنۇمغا، كۈمۈشلەرنى سول قويىنۇمغا تىقتىم. بىر ئاز كۈمۈش تەڭگىنى دەرهال ئالغۇدەك يانچۇقۇمغا سالدىم. ئەمدى ئۆزەمگە قانداق بىر سالاهىيەت پىچىش مەسىلىسى ناهايىتى موهىم ئىدى. ئەگەر مەن ئارتىسلىكنى قاملاشتۇرالايدىغان بولسام ئىدىم، ئۆزەمنى خوجىلاردىن — دەرۋىش قىلىپ تونۇشتۇرسام پەقەتلا چانمايتى. دېسەمكى: «مازايى بۇزرۇكۋار، چىلتەنلىرىم، هەپتە مۇهەممەدلەرنى زىيارەت قىلىش بىلەن جاهان كېزىپ، ئاللاهنىڭ ئىشقى بىلەن يېنىپ تۇتۇشۇپ،... » ئەمما بۇنداق

بىر ئۆيدۈرمىنى قاملاشتۇرۇپ دىيەلەيدىغان تىپتىن ئەمەس ئىدىم. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى سالاھىيىتىم ھەققىدە ئۆز ئاغزىم بىلەن بىر نەرسە دېمەسلىكنى، كىشىلەر ماڭا قانداق بىر تۈرلۈك تون پىچسا ئۆز ئىشى بولسۇن دېگەن قارارغا كەلدىم. چوقۇمكى بۇ ھالدا كىشىلەرنىڭ ماڭا «خىزىر» ياكى «ئەۋلىيا»تونى پىچىشى بايامقىلا گەپ ئىدى. نىيىتىمدە مەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە بىرەر تاۋاق سۇ ئىچسەم ياكى تاماق يىسەم، ئۇلارنىڭ ھىسابىغا يېنىمدىكى قىممەتباھا نەرسىلەردىن بىرەر ـ ئىككى تالىنى چاندۇرماي قويۇپ كېتىۋەرسەم، بۇنى كېيىن تېپىۋالسا چوقۇم بىر ئەۋلىيا ھەققىدە ھىكايە تارقىماي قالمايتى. مانا شۇ ئۇسۇل بىلەن قەشقەرگە بارغىچە بۇ نەرسىلەرنى نامراتلارغا تارقىتىپ تۈگۈتەي، دېگەن يەرگە كەلدىم. (نامراتلارغا؟! بۇ تازىمۇ بىمەنە گەپ بولغانلىقىنى بىلىمەن؛ ئاشۇ يىللاردا، ئاشۇ ۋەھشىي خىتاي ـ تۇڭگان بۇلاڭچىلىرىدىن ئېشىپ ساق قالغان خەلقنىڭ يەنە باي ـ نامرىتى بولاتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا نامراتلىقتىن ئۆتۈپ دىۋانىلەرگە ئايلانغان ئىدى!) تەسەۋۋۇر قىلىنغان بۇ يوشۇرۇن سالاھىيەتنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تاشقىي قىياپىتىم بەكمۇ ماس كېلەتتى. شۇڭا تاكى ئۆيگە بارغىچە چاچ ـ ساقاللىرىمنى ئالماسلىقىم كېرەك ئىدى.

ئەمدى رۇس ياكى شىڭ ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىپ، بۇنىڭغا تەييارلىقتا بولۇشنى زۆرۈر تاپتىم. مەن مۇشۇ ئەتراپتا بىر دەرۋىش سالاھىيىتى بىلەن جاھان كېزىپ يۈرسەم بەك ئىشەنچلىك بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ يەرلەردە تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇرۇش ـ يېغىلىق بولغان تۇرسا، بىردىنلا يېغىلىق ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن «دەرۋىش» دىققەت قوزغىشى ئېھتىمال ئىدى. شۇڭا خوتەنگىچە ئەسكەرلەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، خوتەندىن باشلاپ ئاندىن ئاشكارە ماڭسام دىققەت قوزغالمايتى. ئەمما بۇ يوسۇن ئاتۇشقا ئاشكارە كىرگىلى بولمايتى، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ يەردىكىلەر سالاھىيىتىمنى بىلىدۇ ـ دە. شۇڭا ئاتۇشقا كېچىسى كىرىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇشۇش، ئەتىسى جامائەتكە كۆرۈنۈشتىن بۇرۇن، ئۈستىۋېشىم، ئىسكەتىمنى تۈزۈشۈم كېرەككىدى. بۇ ئويلىغانلىرىم ھەرھالدا ئۆزەمگە ماقۇل چۈشتى.

توغراق ۋە يۇلغۇنلارنىڭ دالدىسىدىن چىقىپ، يېيىقنىڭ يولىغا چۈشتۇم. ئاغزىم «ئاللاھۇممە ئىننە نەسئالۇكە فىي سەفەرىنا... »[①]نى پىچىرلايتى. يېيىق تەخمىنەن 30 كىلومېتىر يول ئىدى. مەن سائىتىگە 5 كىلومېتىردىن ماڭالايتىم. بۇ دېمەك چۈش بىلەن يېيىققا يېتەلەيتىم.

ھېسابىمدىكىدەك، چۈش بىلەن يېيىققا كەلدىم. تونۇگۈن نان ئالغان يېرىم يادىمدا بارىدى. ئاشۇ ئۆينى پاناھ تارتىپ باردىم. ئۆي ئىگىسى مېنى دەرھاللا تونۇدى.

— خىتايلارنىڭ تۇتقۇنلۇقىدىن قېچىپ كەلدىم، — دېدىم ئۇنىڭ تەئەججۈپلۈك قارىشىغا ئىزاھ بېرىپ، — مەن ئەمدى خوتەن تەرەپكە كېتىۋاتىمەن، سىز ماڭا بىرئاز نان - پان، ئۇستۇمگە كەيگۈدەك قىلىنىراق بىرنېمە تېپىپ بېرەلىسىڭىز پۇلىنى تۆلەيمەن. ئۆزلىرىدە بولمىسا قوشنىلاردا بولسىمۇ، — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

— ئۆيگە كىيسىلە، — دېدى ئۇ بىر تۇرلۇك مەستخۇشلۇق بىلەن.

ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بۇ يەرگە ئورۇس ئەسكەرلەرنىڭ كەلگەن - كەلمىگىنىنى سورۇدۇم. ئۇنىڭ ئاڭلىشىچە ئورۇسلار ئاندىن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى (شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى) نىيەگە كەپتۇمىش. بۇ ئۈچۈرنى ئۇقۇۋالغىنىم ياخشى بولدى. ئەمدى نىيىگە بارماستىن، چوڭ يولغا چىقماستىن يۇرت ئارىلاپ كەتسەم، كىچىك يېزا - مەھەللىلەر ھەرھالدا تېنچراق بولۇشى مۇمكىن. سوۋىت ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇملىرى بۇ يەردىن ئۇزاقلاردا داۋام قىلىۋاتسا كېرەك، ئايروپىلانلار ئۈچۈپ شەرق تەرەپكە كېتىپ، ئۇزاق ئۆتكەندە قايتىپ كېلەتتى.

— مۇشۇ پۇلۇمغا لايىق بىرنېمە تېپىپ بەرسىلە، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، — دېدىم بىر كۈمۈش تەڭگە بېرىپ. بۇ كۈنلەردە قەغەز پۇللارغا ھېچكىم ئىشەنچ قىلالمايتى. ئالتۇن - كۈمۈش دېگەنلەر ھەر زامان كارغا كېلەتتى. ئۇنىڭ دېھقانچىسىغا كۆزلىرى پىلدىرلاپلا كەتتى.

— بۇ - زە... بىزدە بىرنەرسىمۇ يوق، مەن قوشنىلارغا چىقاي، ئولتۇرۇپ

---

① بۇ سەپەر دۇئاسى (سەھىي مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان)، — ئا.

تۇرسىلا... — شۇنداق دەپ دەرھال سىرتقا ماڭدى. مەن ئۇنىڭ بىر ئاز نورمالسىز قاراشلىرىدىن چۆچۈپ قالدىم. ئۇ بەلكىم مەندە ئالتۇن - كۈمۈش جىق دەپ ئويلاپ قالغان بولسا ئادەم باشلاپ كېلىپ بۇلىمدىغاندۇ؟ دەپمۇ قورقتۇم. تاپانچىنى بىمەزگىل تاشلىۋەتمىسەم بوپتىكەن...، — 16 ياشلاردىكى ئوغلىغا قاراپ، — مىھمانغا قارا بالام، مىۋىلەردىن ئاچىقىپ قوي، — دەپ تاپىلىدى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇ بىر دېھقان بىلەن بىللە كىردى. ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ بىزنىڭ قوشنا، بۇ ياقنىڭ بىر جۇۋىسى باركەن، ئەمما بىر تەڭگە سوراۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ. ئاندىن مېنى قوشنىسىغا كۆرسىتىپ، — بۇ كىشى چېرىكلەر بىلەن كەپتىكەن، تونۇگۈن، مەن نان بىرنېمىلەرنى بەگەنتىم، كۈزلۈك مىۋىلەدىنمۇ ئازراق بېيىۋىدىم، — دېدى.

بىردەم ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇردۇق. بۇ پۇرسەتتە ئۇلار مەندىن خىتايلاردىن قانداق قۇتۇلغانلىقىمنى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قاچقانلىقىم ياكى كېچىسى ئۆزەمنىڭ جېنىمنى ئېلىپلا قاچقانلىقىمنى ئاسماقچىلاپ سوراشتى. ئۇلار ئويلايتىكى، ئەگەر مەن خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ قاچقان بولسام، جەزمەنكى، مەندە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئېلىۋالغان نۇرغۇن دەپى - دۇنيا بارىدى. بۇنى پەملەپ، جېنىمنى ئېلىپ ئاران قاچتىم. دەپلا قۇتۇلدۇم. ئاندىن قوشنىغا قاراپ:

— ھېلى چىقىپ جۇۋىڭىزنى كۆرۈپ باقايلى، بىر تەڭگە بولماي ئازراقىمۇ بولۇپ قالار، — دېدىم يالغاندىن باھا تالىشىپ.

بۇ ئۆيدە چۈشلۈك قوساق تويغۇزۇپ، ئۇنىڭ خالتىغا سېلىپ بەرگەن نان ۋە مىۋىلىرىنى ئېلىپ، جۇۋىنى كۆرۈپ بېقىشقا چىقتۇق. چاي ئىچىۋاتقان ۋاقتىمدا ئۆزۈم ئولتۇرغان پالازنىڭ ئاستىغا بىر تال ئۈزۈك قويۇپ قويغان ئىدىم. ئۆي ئىگىسىمۇ، ئوغلىمۇ سەزگەندەك قىلمىدى.

جۇۋا دېگىنى ئۈزۈندىن بېرى بىرسى كىيىپ باقمىغان، توغرىسى كەيگۈدەكمۇ ئەمەس، شۇ سەۋەپتىن تونۇربېشىغا سېلىپ يۈرگەن بىرنېمە ئىكەن. بىرمۇنچە يىرتىقلىرىدىن ئىچىنىڭ يۇڭى چىقىپ قالغان ئىدى. بۇ مېنىڭ سالاھىيىتىمگا ماس كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر ئاز تالاشتىم.

— بوپتۇ، مەندە بىر ئاق تۇماق با، ئۈستىدىن شۇنى قوشۇپ بېرەي، —

دېدى ئۇ. راستىنى دېگەندە بۇنىسى تېخىمۇ ئوبدان بولدى. ئالدىمدا بىر ئايلىقتىنمۇ ئۇزاق بىر سەپەر تۇراتتى. بۇ ئۇزاق يولدا قانداق كۈنلەرگە قالىمەن تېخى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈمۈش تەڭگىگە ئاشۇ تاشلانمىغان ئەسكى جۇۋا بىلەن ئاق تۇماقنى ئېلىپ كىيىۋالدىم. ئوزۇق سېلىنغان خالتامنى ھۆشنەمگە ئارتىپ، يېيىقتىن ئايتاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

ئايتاغدا بىرەر كىشىگە يولۇقۇشۇمغا ئېھتىياجىم يوقىدى، نان - پېنىم تولۇق، پەقەت شۇ سۇ ئالغان قاپاقنىڭ بوينى تەرەپ سۇنۇق بولغاچقا، ئۇنى قورسۇقۇم ئۇستىدە تۇتۇپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئېھتىياجىم بولمىسىلا ئاھالىلەرگە يولۇقماي مېڭىشنى پىرىنسىپ قىلغىنىم ئۈچۈن، مەھەللىنىڭ چېتى بىلەن ئۆتۈپ كەتتىم. تۈنجى مەنزىلىم تالقانلىق ئىدى. يېيىقتىن ھىساپلىغاندا بۇ ئارىلىق ھېلىقى رەزگى خەرىتىگە قارىسام تەخمىنەن 40 چاقىرىم كېلەتتى. بۇ تۆرت سائەتلىك مۇساپە ئىدى. شام بىلەن تالقانلىققا يېتىپ باردىم. بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ، ئەتىسى مېڭىشنى خىيال قىلدىم - يۇ، يەنە يالتايدىم. نېنىم تېخى بارىدى. قاپاقتا سۇ لىقلىۋېلىپلا ھېچكىمگە يولۇقماستىن ئۆتۈپ كەتتىم. مەھەللىدىن چىقىپ خېلىدىن كېيىن بىر قۇرۇق ئېقىندا يىگىلەپ قالغان پاخماق توغراقنىڭ دالدىسىدا ياتتىم.

ئەتىسى بەكمۇ يامان كەيپىياتتا تۇردۇم. سوغۇقنىڭ خېلى جېنى بار ئىدى. كېچىچە يېرتىق جۇۋامنىڭ بىر يېرىنى باسۇرسام بىر يېرى ئېچىلىپ، كاسىلداپ تىترەپ بەكمۇ قىينالغان ئىدىم. پۇت - قوللۇرۇم ئۇيۇشۇپلا قاپتۇ. بىر ھازا گىمناستىكا قىلىپ، پەيلىرىمنى يۇمشاتتىم. ئاندىن ئىشتاھاسىزغىنا بىربۇردا زاغرىنى چاينىغاچ يولغا چۈشتۈم. ئالدىمدا، ئوڭ - سولۇمدا خۇمدانىنىڭ توپىسىدەك كۆيۈك، قاغجىراق تۈپراقلىق تۈزلەڭلىك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئاندا ساندا چوققىسىدا يۇلغۇن ئۈنگەن قۇم دۆۋىلىرى ئۇزاقلارنى كۆرۈشكە ھالاقىت بېرەتتى. ئويمانراق يەرلەردە قاچاندۇر بىر زامانلاردا ياغقان يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغانلىقىنى بىلىندۈرۈپ، يامغۇر سۈيىنىڭ لاتقىسى مىڭ يېرىدىن يېرىلىپ، بىر ئۇچلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قاغجىراشتىن يېرىلىپ كەتكەن بۇ سېغىز لايغا قارىسا بۇ يەرلەرگە مىڭ يىللاردىن بېرى يامغۇر ياغمىغاندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى.

بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتكۈنۈمدە ئالدىمدا بىر ئېشەك پەيدا بولدى. مەن ئۇنى ياۋايى ئېشەكمىكىنە دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇلۇق، ھەتتا خۇرجۇن، غانجۇغىسىغا باغلانغان بىر قاپاقمۇ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ھۈركۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاۋايلاپ بېسىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. كۆردۈمكى، ئەسلىدە ئۇنىڭ سۆرۈلۈپ تۇرغان چۇلۋۇرى بىر تۈپ يەر بېغىرلاپ ئۆسكەن يۇلغۇننىڭ ئاچىمىقىغا قىسىلىپ قالغان ئىكەن. ئاللاھ ئىشىمنى ئوڭ قىلدى، دەپ ئويلىدۇم ئەڭ دەسلەپ. كېيىن ئۇنىڭ ئىگىسى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. بۇ جەزىرىدە بۇ ئېشەك نەدىن پەيدا بولدى؟ مەن ئىگىزرەك بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدىم. ھېچيەردە ئادەم قارىسى كۆرۈنمىدى. ئېشەكنىڭ تېپىلغان ئورنىدىن قارىغاندا قۇۋۇرغا تەرەپكە يېقىن ئىدى. بۇ ھال بۇ ئېشەكنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا ئىمكان بېرەتتى.

قۇۋۇرغىدىن بۇنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ قايتۇرۇپ بېرەرمەن دەپ ئۇنى مىنىپ ماڭدىم. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئەتراپقا قارىدىم. شۇ چاغدا ئوڭ تەرىپىمدە — ئۇزاق بىر يەردە قاغىلارنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكى دىققىتىمنى تارتتى. بۇنداق قۇشلار ئەگىگەن يەرلەردە سۇ بارلىقى پەرەز قىلىناتتى. بۇ چۆلدە يۈرگەن ئادەم بىلىشكە تېگىش بىر ساۋات. مەن شۇ يەردە ئېشەكنى سۇغۇرۇۋالاي دەپ، ئېشەكنى شۇ تەرەپكە بۇرۇدۇم. ئېشەكمۇ بىر نەرسىنى سەزگەندەك خېلى ئىتتىكلەپ قالدى. ئاندىن ئۇششاق ۋە پاخماق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسكەن بىر سىزىقچە كۆزۈمگە چېلىقتى. ئەسلىدە بۇ يەر قۇۋۇرغا يېنىدىن ئۆتۈدىغان بىر پەسىللىك ئېقىن ئىكەن. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدا ئازراق سۇ بولاتتى. قۇشلار ئەگىگەن يەرنى تاپقىنىمدا ۋۇجۇدۇم دىرىلدەپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ يەردە بىر جەسەت ياتتى! ئۇنىڭ دۈمبىسىنىڭ تىتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ھاۋا ھۇجۇمىدا ئۆلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. دېمەك ئېشەك ھۈركۈپ ئۇزاقلارغا كېتىپ قالغان، كېيىن جاھان جىمىققاندا ئاندىن ئۆي تەرەپكە قايتىپ كېلىۋاتقان بولسا كېرەك. مەن جەسەتنى ھېچنېمە قىلالمايتىم. شۇڭا يۇرتقا خەۋەر بەرمىسەم بولمايتى. ئېشەك تازا ئۇسسىغان ئىكەن. ئېشەك سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئېشەككە مىنىپ ئۇنى مەيلىگە قويدۇم. جانۋارنىڭ ئۆيىنى

تاپالايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمدى بۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسىنى تاپمىسام بولمايتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆيى مەنزىلىمنىڭ تەتۈر تەرىپىدە بولغان تەقدىردىمۇ، ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشۇم، يۇرتداشلىنىڭ جەسەتنى ئەكىلىپ، يۇيۇپ تاراپ دەپىن قىلىشى ئۈچۈن خەۋەر بېرىشىم باش تارتىپ بولمايدىغان بىر مەسئۇلىيىتىم ئىدى.

تەلىيىمگە ئېشەك قوۋۇرغا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قوۋۇغىغا كەچتە ئاران كەلدىم. كەچكۇزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇ سوغۇق ۋە كۆڭۈلسىز ھاۋا، قاقاس مۇھىت ئىچىدە خۇددى مۇسىبەت سۈكۈناتىدەك قايغۇلۇق گۇگۇمغا پۈتىۋاتقان يۇرتقا كىرىپ كەلگىنىمدە شامدىن سەل ئۆتكەن ئىدى. ئەسلىدە مەن ئۆي ئىگىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپلا ئاندىن شۇ يەردە تاھارەت ئېلىپ شامنى ئوقارمەن دەپ ئويلاپ، يولدا توختاپ يۈرمىدىم. ئېشەك بىر ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان دەرۋازىنى قاقتىم. بىر ئوتتۇرا ياش ئايال دەرۋازىنى ئاچتى ۋە سالامىمغا مەڭدىگەن ھالدا باش لىڭشىتىپ، تەئەججۈپ بىلەن ماڭا بىر قاراپ، دەرھال ئېشەكنى تونۇدى. مەن ئەركىشى بولمىسا كىرسەم قانداق بولار دەپ ئىككىلىنىپ تۇراتتىم، سەراسىمىگە چۈشكەن ئايال ئۆي تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— مەتقاسىم! ھاي، مەتقاسىم!

ئۆي تەرەپتىن ئون ئالتە، ئون يەتتە ياشلاردا كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئونبەش ياشلاردىن ئاشمىغان بىر ئوغۇل چىقىپ كەلدى. شۇندىلا «ئۇھ» دېدىم.

— بۇ ئېشەك سىلىنىڭمۇ؟

— ھەئە، — ئىككىسى تەڭلا جاۋاپ بەردى. ئايالنىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك، ئاۋازى تىترەپ چىقتى. شۇڭا ئۇ ئۆمچەرەپ تۇرۇپ، — دادىسى،... ئۇ...؟ دېدى دۇدۇقلۇنۇپ، — بۇ ئېشەك...؟ سىلى...؟

— ئېشەكنى ئاياغدىن كېلىۋېتىپ يولدىن تېپىۋالدىم، چۆلىۋۈرى يۇلغۇن شېخىغا قىسىلىپ قاپتىكەن. كېيىن ئىگىسى نەدىدۇر دەپ ئىزدەپ يۈرۈپ، ... تاپتىم، ئۇ... ھېلىقى....

تازىمۇ تەس ئىشكەن بۇ! شۇم خەۋەرنى دېمەك قانداق تەس! ئۇلار مېنى ئۆيگە

تەكلىپ قىلىشىنىمۇ ئۈنۈتقان، تۇرغان يېرىمىزدە تۇرغىنىمىزچە قىيىن بىر ۋەزىيەتتە قىسىلىپ قالغاندەك قىلاتتۇق. نىھايەت بالىنىڭ ئېسىگە كېلىپ:
ـــ باشتا بىسمىللا دەپ ئۆيگە كىيىلى، ئاندىن گەپ بوسا دېيىشىمەمدۇق، ـــ دېدى.
ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغۇنۇمىدىن كېيىن كۆردۈمكى، ئۆيدە يەنە چۆچۈرىدەك بىرمۇنچە كىچىك باللار باركەن. ئۆي ئىچى بەك قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇلارنىڭ رەڭگى روھىنى كۆرەلمىدىم.
ـــ ئەمدى دېسىلە، ئاكا، دادامغا بىنېمە بوپتۇما؟ ـــ دەپ سورىدى يىگىت بىر خىل قىستىغاندەك تەلەپپۇزدا.
تىل چايناشقا ئىمكان يوق ئىدى، كۆزگەنلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم. شۇئان بىرنەرسىنى كۆڭلى تۇيۇپ، ئارانلا تۇرغان ئايال پارتلاپلا كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىنىلا كۇتۇپ تۇرغاندەك، ئاشۇ مەن كۆرەلمىگەن، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى يۈرەكنى تىلغايدىغان بىر خىل ئېچىنىشلىق ئاۋازدا يىغلىشىپ كەتتى. نېمە قىلارىمنى بىلمەيتىم. ئەمدى ئىشىم تۈگىدى، كەتسەممۇ بولاتتىمىكىن؟ ئەمما مەندە بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسى باردى. خۇددى بۇ ئىشلارغا مەن سەۋەپچىدەك، ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسە دەپ، ماڭا رۇخسەت بېرىشىنى كۇتۇش كېرەكتەك تۇيغۇ باردى.
يىگىتمۇ ئېسەدەيتى، ئەمما يەنىلا ئۇ يىگىتلىكىگە ئېلىپ، بالدۇرراق ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە:
ـــ مەن قوشنىلاغا چىقاي، تۇققانلاغا خەۋە قىلاي، سىلى خاپا بومماي تۇپ تۇسىلا... ـــ دېدى-دە، چىقىپ كەتتى.
بىردەمدىلا بۇ كىچىككىنە مەھەللىنىڭ جىمى ئادىمى ھويلىغا توشتى. يىغا -زارىلەر ئارىسىدىن مەھەللىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى كۆپچۈلۈكنى تېنچلىنىشقا ئۈندىدى:
ـــ بىي دەم شۇك تۇرىلى، ئاۋال مىيىتنى ئەكىلىلى، ئاندىن ھازا ئاچمايتمىزما؟ ـــ دېدى. ئۇ بىرنەچچە قاۋۇل ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىپ، مىيىت ئەكىلىشكە تەيىن قىلدى. ـــ سىلى بىللە بارامتىلا يا؟ ـــ دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.

مەندەك بىر يولۇچى ئۈچۈن بۇ ئارتۇقچە ئىش بولسىمۇ ياق دېيەلمىدىم. ئەمدىلا ئۈزاق سەپەردىن كەلگىنىم ئۈچۈن ھېرىپ ماجالىمدىن كەتكەن ھالدا ئىدىم. قورسۇقۇممۇ تازا ئاچقان ئىدى. ئەمما ئاللاھ بەرگەن جىسمانىي قۇۋۋىتىم يەنە بۇلارنى ھاردۇرغىدەك ئىدى. تەيىن بولغان ئەركەكلەر يارىيار ھارۋا تەييارلىدى، ھارۋىكەشتىن باشقىلىرىمىز ئېشەكلەرگە مىنىپ، يولغا چىقتۇق.

ئۆلۈكنى ھارۋىغا ئېلىشمۇ ئاسان بولمىدى. چۈنكى كەلگەن ئەركەكلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈكتىن قورقاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ تىتىلىپ كەتكەن، قانلار ئۇيۇشۇپ قالغان بەدىنىدىن يىركەنگەندەك ئۆزىنى تارتىپ، كەينىگە داجىپ تۇرۇشى غۇژژىدە پەيلىمنى تۇتقۇزدى - دە، كېلىپ جەسەتنى بېلىدىن قۇچاغلاپ كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىۋىدىم، رەھمەتلىكنىڭ ئوغلى كېلىپ دادىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇشۇپ بەردى. شۇندىلا باشقىلارمۇ ئۇلاشتى. خۇددى بىللە كۆتۈرۈۋاتقاندەك قىلىشتى. باردى -كەلدى ئارىلىقمۇ ئەللىك چاقىرىمدىن كەم چىقمايتى. ھارۋىنىڭ بۇ قۇملۇق دالىدا مېڭىشىمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھە دېگەندە ھارۋا پېتىپ، ئارقىدىن ھەممەيلەن ئىتتىرىپ يۈرۈپ، بامداتقا ئاران ئۆيگە كەلدۇق. ئادەت بويىچە مېيىتنىڭ نامىزى بامداتتا چۈشۈرۈلەتتى. ئەمما ئۇنى يۇيۇپ، كېپەنلەش قاتارلىق بىرمۇنچە ئىش بولغاچقا، كۈن چىقىپ كەتتى. شۇڭا، ئەتىسى بامداتتا يەرلىككە قويۇدۇغان بولۇشتى.

مەن بىر كۈندۈز، بىر كېچە ئۇخلىماي يول يۈرگىنىم ئۈچۈن ئولتۇرغان يېرىمدە ساقىپ كېتىۋاتاتتىم. بۇنى تۇيغان چوڭلاردىن بىرى، مېنى ئۆز ئۆيىگە ئارام ئېلىش ئۈچۈن باشلىدى. ئۇلار مەندىن تاغدىن - باغدىن گەپ سوراپ، تېگى-تەكتىمنى ئېنىقلاشقا تىرىشتى. بۇنىسى غايەت نورمال ئەھۋال ئىدى. مەن ئۇلارغا خىتاي - تۇڭگانلارنىڭ ۋەھشىي قوشۇنىدىن قاچقانلىقىمنىلا ئېيتتىم. بىرى گەپ سورىمۇغۇچە گەپ قىلىدىغان ئادىتىم بولمىغاچقا پۈتۈن ئاخشام ۋە كېچە بويى كۆپ پاراڭمۇ بولمىدى. مەن پەقەت شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىغا ئۇچرۇشۇپ قالسام ئۇلار مېنى تەكرار ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالمىسۇن دەپلا قورقاتتىم.

بۇ يەردىن مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولمىغۇچە كەتسەم ئۇلار باشقىچە ئويلاپ قالىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ بىلەن تۇرۇپ كەتتىم. مېيىت قويۇلۇپ،

قەۋرىستانلىقتىن قايتىپ، رەھمەتلىكنىڭ ئۆيىگە پاتىھە ئوقۇشقا كىلىشتۇق. پاتىھەدىن قوشنىلار تارقاپ، ئۆيدە هازىدارلار بىلەن قالدۇق. شۇ چاغدا مەن مەتقاسىمغا ئىچ ئاغرىتىش ھىسسى بىلەن ئۇزاق قاراپ قالدىم. بۇ بالا يېشى كىچىك بولسىمۇ چوڭ ئادەملەردەك ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئىدى. باشلىرىغا كەلگەن بۇ پاجىئەدىن كېيىن، ئۆينىڭ ئەركىشىسى بولۇپ قالغانلىقىنى، مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھىس قىلغاندەك قىلاتتى. چىرايىدىن قەيسەرلىك، ئەركەكلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ هالى ھەۋىسىمنى كەلتۈردى، شۇنداقلا كۆڭلۈمگىمۇ تەسەللى بولدى. شۇندىلا مەن كېتىش ئۈچۈن مىدىرلىدىم. بۇ ئارىدا مەتقاسىمنىڭ قولىغا بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك تۇتقۇزدۇم ۋە قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:

— بىرئاز ئېھتىياجىڭلارغا ياراپ قالار، بۇنى مېنىڭ بەرگەنلىكىمنى باشقىلارغا دەپ يۈرمىسەڭمۇ بولۇدۇ ياكى مەن كەتكەندىن كېيىن دېسەڭ مەيلى، — ئاندىن باشقىلارمۇ ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا، — سەن ئەمدى ئۆينىڭ چوڭى بولۇپ قالدىڭ، ئاناڭغا ياخشى قارا، ئۇكىلىرىڭنى ئوبدان چوڭ قىل، بەردەم بول، جاپاغا بوي ئەگمە. ئەمدى مەن يولۇمغا ماڭاي، — دېدىم ۋە ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ نەرسە كېرەكلىرىمنى ئىزدەپ، — قېنى مېنىڭ خالتام، قاپىقىم نەدە قالدى؟

مەتقاسىم خالتامنى تېپىپ كەلدى. ئەمما قاپىقىمنىڭ بەربات ھالىتىنى كۆرۈپ، بىردەم ئىككىلەندى - دە، ئاپىسىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— بۇ قاپاقلىرى بەك يامانكەن، يول ماڭىدىغان ئادەم بۇنى قانداق كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ - يا؟ بۇ قالسۇن، دادامنىڭكىنى ئېلىۋالسىلا، سىلىگە يادىكار بولسۇن، — دېدى.

بۇ ياخشى بولدى. ئەمما بۇ دادىسىز قالغان ئائىلە ئۈچۈن زىيان قىلىپ بېرىۋاتامدىمكىن دېگەندەك، بىر كۆڭلۈمدە قىيالمايمۇ قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا رەخمەت ئېيتىپ قوبۇل قىلدىم.

ئەمدى مەن ئاچچاننى كۆزلەپ يولغا چىقتىم. كېتىۋاتقىنىمنى بىلگەن يېزىلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماڭا ئاقيول تىلەپ، خوشلاشتى. ئاچچانغا بارغىچە ئوتتۇردا قارابۇلاق دېگەن بىر يەر باردى. بۇ كىچىك تارقاق مەھەللىلەر ئارىلىقىدا بىرخىلدا سوزۇلۇپ ياتقان زىرىكىشلىك قۇملۇق، ئاندا - ساندا

كىچىك دۆۋىلەر ئۈستىدە بىرەر تۈپ يۇلغۇن پاخپىيىپ تۇرغان ئادەمسىز باياۋان ئىدى. قارابۇلاققا بارغىچە يەنە بىر كىچىك ئېقىندىن ئۆتتۈم. قارابۇلاققا يولۇقمايلا يولۇمنى داۋام قىلدىم. ئەلىيانقۇدا ئاچچانغا كەلدىم. ئاچچان خېلى چوڭ يېزا ئىكەن. بۇ يەردە مەسچىتتە خۇپتەننى ئوقۇپ، بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە قوناق بولايمۇ، جاڭگالغا چىقىپ كېتەيمۇ؟ دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم. ئاخىرى بۇ يەرلەردە مېنى تونۇيدىغان ئادەم بولمىسا نېمىدىن قورقۇمەن، بىرەرىنىڭ ئۆيىدە ياتاي، كېچىسى پۈت ـ قولۇم ئۈيۈشۈپ بىرنېمە بولۇپ قالماي، دېگەنلەرنى ئويلاپ، مەسچىتنىڭ يېنىدىكىلا ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتىم. ئالدىمدا يەنە ئايلىق سەپەر باردى. بۇ ئۇزۇن سەپەرنى پىيادىلا مېڭىپ تۈگۈتۈش بوي ـ بەستىمگە بەك ئېغىر كەلمەيتى ـ يۇ، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا بىر ئۇلاغ بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئاچچاندا مېنى قوندۇرغان دېھقاندىن بىر ئېشەككە ئېھتىياجىم بارلىقىنى ئېيتىپ، ياردەم سورۇدۇم. ئېشەك ساتىدىغانلار بولسا سېتىۋالسام دېدىم. بۇنچە پېتىنالماستىن دېيىشىمنىڭ سەۋەبى، بۇ يۇرتلارنىڭ ئەھۋالى ماڭا مەلۇملۇق ئىدى. ئاشۇ ۋەھشىي خىتاي ۋە تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىدىن كېيىن بۇ يۇرتلاردا ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجى ئۈچۈن لازىملىق ئۇلاغمۇ قالمىغاندەكلا ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئېشەكنى سېتىپ باشقا ئېھتىياجىنى قامداشقا مەجبۇر بولغان ئادەم تېپىلدى. ئېشەكنى ئالدىم. ئۇنىڭغا باھادىن تاشقىرى پۇل بەردىم. ئەمدى سەپىرىم بىر ئاز ئاسانراق بولۇدۇغان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇزۇن ئادىمىزاتسىز باياۋانلاردا كېتىۋاتقاندا نەسرىددىن ئەپەندىمدەك، ئېشىكىم بىلەن سۆزلىشىپ ماڭساممۇ بولاتتى.

كېرىيە دەرياسى بويىغا جايلاشقان لايقاغا كېلىپ، دەريانى بويلاپ شىمالغا بۇرۇلدۇم. توغراقتىن ئۆتۈپ لەنگەرگە كەلگەندە يەنە غەرپكە بۇرۇلدۇم. كېرىيە بازىرىغا كىرىشتىن يەنە ئۆزەمنى تارتتىم. لەنگەردىن توشقاندۆك، ئۇ يەردىن ئاۋاپلەنگەرگە ئۆتۈپ كەتتىم. ئاۋاپلەنگەردىن ئۇدۇل غەرپكە قاراپ مېڭىۋىدىم چوڭ يولغا چىقىپ قالدىم. ئۇ چاغلاردا بۇ بېقىمسىز قالغان بىر ھارۋا يولى بولسىمۇ، شۇ زامانغا كۆرە يەنىلا چوڭ يول ئىدى. چېرىيەنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمدىن ئەمىن ئىدىم. چوڭ يول ئاستا ـ ئاستا شىمالغا ئەگىگەن

هامان مەن يەنە شۇ ئۇدۇل يۆنۈلۈشۈمنى داۋام قىلىپ يولىدىن چىقىپ كەتتىم. ئاندىن بىر كىچىك ئېقىن بويىدىكى ئاتلىققا چىقىپتىمەن. ئاتلىق لوپقا تەۋە بىر كىچىك كەنت ئىدى. ئۇ يەردىن قارايانتاققا، ئاندىن خوتەن شەھرىگە كىرمەستىن تۇشالا، بۇزاق، لايقا، ئاندىن گۇمىنىڭ قاراياغىچە چوڭ يولدىن قېچىپ ماڭدىم.

بۇ ئارىلىقلاردا بېسىپ ئۆتكەن يېزا ـ كەنتلەرنى قانداق تەسۋىرلىشىمنى بىلمەيمەن! ھەر ۋەيرانە كەپىدە ماتەم، ھەر كوچىدا مەجرۇھ ئىنسانلار، بالىلار، ھەر يەرلەردە جەسەتلەر ئۇچرايتى.

بۇ جەرياندا ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا رۇس قوشۇنلىرى ۋە شاڭ شىسەي قوشۇنلىرى بارغانلا يېرىدە ھاكىمىيەتنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىلگىرى قوزغۇلاڭغا قاتناشقانلارنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىشقا، تۇتقانلارغا ھەمدەمدە بولغانلارنى ئاقتۇرۇشقا باشلاپتۇمىش. بۇ ئومۇمىي ھساپ ـ كىتاپ تۈپەيلى يەنە يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك خەلقنىڭ پەرزەنتلىرى زىندانغا تاشلانماقتا ئىكەن. بۇ ئۇزاق سەپىرىمدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك گەپلەرنى قويۇپ، يەكەنگە كەلگەن يېرىمگىلا ئاتلاي.

يەكەن دەرياسىنىڭ كىچىككىدە قېيىقچىنىڭ يولغا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بىر توپ يولۇچىنىڭ توپىغا قوشۇلدۇم. قېيىقچى كۆپرەك ئادەم بولۇشىنى، كۆپرەك كىرا يىغىۋېلىشنى تاما قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىكەن. مەن توپقا كېلىشىم بىلەنلا ئالدىراۋاتقان يولۇچىلار قېيىقچىنى سۈيلىدى:

ــ مانا، سىلىگە! تەلەيلىرى بارىكەن، بىر دەرۋىش كەلدى، ئەمدىغۇ ماڭارمىز؟ ــ يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلاغلىق، بەزىلىرى پىيادە ئىدى.

ئەمما قېيىق تېخى توشمايتى. قېيىقچى «يەنە بىرئاز ساقلايلى» دەپ غېمىدە يوق تاماكا چېكىپ تۇرۇۋەردى. كەچ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. يەنە كۈتكەننىڭ پايدىسى يوقتەك ھىس قىلغان قېيىقچى مېڭىشقا قارار بەردى ۋە ئادەملەرنىڭ كىرالىرىنى يىغىپ، بىرباشتىن قېيىققا چىقارغىلى تۇردى. نۆۋەت ماڭا كەلدى. نېمە قىلارىمنى بىلمەيتىم. بىرەر تال ئۇزۇك ياكى ئالتۇن زىرە چىقىرىپ بېرەلمەيتىم. ئۇ مېنىڭ ئەپتىمگە قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ غوجام، ئۆزلىرى چىلتەنلىرىمگە تاۋاپقا مېڭىپلا ـ دە؟ چىقسىلا بولىدى،

خۇدايىم بىرە، — دېدى.

دەل شۇ چاغدا قىرغاقتا ئىككى يولۇچى يۈگرەپ كەلدى:

— توختاپ تۇرسىلا! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇلار.

— مانا! دەرۋىش غوجامنى ساۋاپقا ئېلىۋېتىۋىق، خۇدايىم يەنە ئىككى يولۇچىنى بەدى، — دېدى قېيىقچى كۈلۈپ.

بۇ كۈنلەردە ياكى ھەرقانداق مۇشۇنىڭدەك دەۋرلەردە قەغەز پۇللار ئاقماي قالاتتى. بازارلاردا ئايرىۋاشلاش ۋاستىسى مالغا ـ مال بولۇپ قالاتتى. قېيىقچىمۇ قەغەز پۇل ئالمىدى. قەغەز پۇل بىرنېمىگە يارىمايتى. ئىنسانلار ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىگە ئىشىنەلمەيۋاتقاندا قەغەز ئۇستىدىكى رەقەملەرگە قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟ بەزىلەر بىرنەچچە نان، بەزىلەر بىر قوش چاڭگال بۇغداي، قوناق،... دېگەندەك، نېمە تاپسا شۇنى كىراغا بېرىشتى.

دەريادىن ئۆتتۇۋالدىم. يولۇچىلار قىرغاقتا چىقىپلا ھەركىم ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى. مەنمۇ يەكەن شەھرىگە ئاشۇ ئۇزاقتىن نىيەت قىلىپ كەلگەن ئۆينى نىشان قىلىپ ماڭدىم. كوچىدىن پىڭىلدىغانچە ئەگىپ ـ ئەگىپ يۈگرەپ كېتىۋاتقان شوخ قىزچاقنىڭ تۇرقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. يەكەن شەھرى دەريا بويىدىن ئۇنبەش كىلومېتىرچە ئۇزاق ئىدى. بۇ ئارىلىقنى مەندەك قەدىمى يوغان ئادەممۇ ئۈچ سائەتتە بېسىپ بولاتتى.

ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە قىزچاقنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدىم. ئۆرۈلگەن پېشايۋان كوچىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يېغىلىقلاردىن قورقۇپ يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىلەر كېچە قاراڭغۇسىدا ئىشىك قاققان يولۇچىغا قانداقراق مۇئامىلىدە بولاركىن؟ يۈرىكىم دەككە ـ دۈككە بولغان ھالدا دەرۋازىنى قاقتىم. نېمىشكىدۇر بۇلار مېنىڭ تۇققانلىرىمدەك بىر تۇيغۇ قەلبىمگە ھۆكۈمران ئىدى. بەلكىم دايىم ئويلاۋېرىپ شۇنداقمىكىن؛ ئۇلارمۇ گويا مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمنى كۈتۈپلا تۇرغاندەك، دەرۋازىنى ئېچىپ مېنى كۆرگەن ھامانلا «ئاھ قېرىندىشىم!» دەپلا ماڭا تاشلىنىدىغاندەك بىر تۇيغۇ باردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇتتۇرا ياشلاردىكى ئاشۇ دادا ئىشىكنى ئېچىپ، سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇرۇپ، «كىمنى ئىزدەيلا؟» دەپ سورىغاندا ماڭا بىر ئاز ئېغىر كەلگەندەك بولدى.

— سىلىنى ئىزدەيمەن، — بۇ گېپىم بىر ئاز غەلىتە تۇيۇلۇشى ئېنىق

ئىدى.

— مەن سىلىنى تونۇمايمەن....؟

— ئەمما مەن سىلىنى تونۇيمەن، — دېدىم مەن تېخىچىلا ئۇ ماڭا ئۆيگە كىرىشكە ئىجازەت بەرمەي بوسۇغىنىڭ ئىچىدە، مەن تېشىدا تۇرۇشاتتۇق، — ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا، 10- ئايلاردا خىتايلار سىلىنىڭ بىر قىزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەمەسمۇ؟

— ھە، راس....؟

— مەن شۇ توغرۇلۇق كەلدىم، سىلىگە بېرىدىغان بىر ئامانەت بار...

ئۇ مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ، تازا خاتىرجەم بولالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا قىزىقىشى قورقۇشتىن ئۈستۈن كېلىپ، يانغا ئۆتۈپ ماڭا يول بەردى. ئارقامدىن دەرۋازىنىڭ ئېغىر قاناتلىرى يېپىلغاندىن كېيىن:

— شۇ ئېشىكىم سىلىگە ئامانەت... — دەپ چۈلۈۋۈرنى قولىغا بېرىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇ ئېشەكنىڭ ئۈچۈلۈقۈنى ئېلىۋېتىپ، ئاختىخانىغا سولىدى، ئاندىن بىر قۇچاق قۇرۇق ئوتنى سېلىپ بېرىپ، يېنىمغا كەلدى.

— جۇسلە.

ئۆيگە كىردۇق. باللار ئۇخلاپ كەتكەن ئىدى. ئايال ساھىپخانىمۇ ئۇخلىغاندەك قىلاتتى، ئەمما دەرۋازا قېقىلغاندا ئۇمۇ ئويغۇنۇپ، ئېرىنىڭ خەۋەر ئېلىپ كىرىشىنى كۈتۈپ ئورنىدا ئولتۇرغان بولۇشى كېرەك. قىش بولغاچقا ھەممە جان مۇشۇ بىر ئېغىز ئۆيگە تىقىلىپ يېتىشقان ئىدى، ھېلىمۇ ھەممە يۇرتلىرىمىزدا شۇنداق قىلىشىدىغۇ.

— چىراغنى يېقىڭلا، ئانىسى، مېھمان، — دېدى ئۇ ئانچە خالىمىغاندەك ئاھاڭدا قاراڭغۇلۇقتا قاراپ. مەن ئۆي ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بىرنەچچە پۇشۇلداشقا قاراپلا ئۆيدىكى ئادەملەرنى پەرەز قىلغىنىم بولمىسا، ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، ساھىپىنىڭ ئارقىسىدىلا تۇراتتىم.

ئايال خوجايىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىراقنى ياقتى. شۇندىمۇ بىردىنلا ھەممە نەرسە ئېنىق بولۇپ كەتمىدى. سەلدىن كېيىن ئۆياقتا يوتقان سېلىنغان سۇپىنى، ئۇخلاۋاتقان ئىككى بالىنىڭ باشلىرىنى پەرق ئەتتىم. ئاندىن

ساھىپخانىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سۈپىنىڭ لىۋىگە كېلىپ ئولتۇردۇم.

— خوش؟ سىلى بايا...؟ — دېدى ئۇ گەپنى قەيەردىن باشلىشىنى بىلمىگەندەك.

مەن ئىزچىل ھالدا پايتىمام ئارىسىدا قونچۇمغا يوشۇرۇپ كەلگەن ئالتۇن بىلەيزۈكنى چىقاردىم ۋە ئۇنىڭغا سۇندۇم:

— بۇنى كۆرۈپ باقسىلا.

ئۇ بىلەيزۈكنى قولىغا ئېلىپ، تەئەججۇپتىن شىڭتىيىپ، بىر ماھال، بىر خوتۇنىغا قاراپ، ئاندىن خوتۇنىغا سۇنۇپ بېرىپ بولۇپ ماھال:

— سىلى...؟ — دەپ يەنە توختاپ قالدى. ئۇ بىلەيزۈكنى تونۇغاندەك قىلدى-يۇ، ئەمما ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. بۇ ھادىسە بىلەن مېنىڭ دەرۋىشلىك تۇرۇقۇم ئارىسىدا بىر باغلىنىش قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتتى.

— ئاشۇ شۇ، قىزلىرىنىڭ بىلەيزۈكى — مەرىقىزنىڭ، —دېدىم ئۇنى تەستىقلاپ.

ئايال دەرھال مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەرمۇ ئۈمچەيگەن ھالدا يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكەندى. بېشى گويا مۇرىسىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئاپىسىنىڭ ئۆكسۈشلىرىدىن ئويغۇنۇپ كەتكەن باللارمۇ ئورۇنلىرىدا ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ، نېمە بولدى دېمەيلا ئانىسىغا جۆر بولۇپ يىغلىغىلى تۇردى. باللار بىر ھازادىن كېيىنلا مېنىڭ مەۋجۇدىيىتىمنى ھېس قىلىشتى. ئۇلارنىڭ يىغىسىغا ھالاقىت بەرمەي جىم تۇرۇپ كۈتتۈم. باشقا نېمىمۇ قىلالايتىم. تەسەللىي ئېيتىشلارنىمۇ بەك قاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيمەن ئەمەسمۇ.

ئىككى ئاش پىشىم ئۆتكەندە ئاندىن ئەر قەددىنى رۇسلاپ:

— سىلىنى قەيەردىن سورايمىز؟ — دېدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «ئەۋلىيا غوجام» دەۋەتكىلى تاس قالغاندەك قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ بۇ سوئالنى سوراشتىن مەخسىدى مېنىڭ كىملىكىمنى ئېنىقلاش ئەمەس، ئادەم ياكى ئەۋلىيا ئىكەنلىكىمنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىمۇ سېزىلەتتى.

— مەن ئاشۇ كۈنى خىتايلارنى توسۇمەن دەپ توسالمىغان ئاشۇ ئادەمغۇ، تونۇماي قاللىمۇ؟ ئىسمىڭلارنىمۇ سوراشقا نېسىپ بولماپتىكەن.

— ھە، راس، ئېغىزلىرىغا يامان ئۇرۇۋەتكەنتى كاپىرلار، — دېدى ئۇ يادىغا

ئېلىپ. ئۇ ئەمدى مېنىڭ رىيال ئادەم ئىكەنلىكىمگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك قىلدى. ئەمما يەنە بىر تۇرۇپ، ئۆكۈنگەندەكمۇ قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئاشۇنداق «ئەۋلىيا» ياكى «خىزىر» ئۇچراشقان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولۇدۇغاندەك تۇيۇلغان بولۇشى كېرەك، — ئانىسى، بولدى قىلىڭلار، ئەمدى، مېھماننىڭ قوسىقى ئاچتۇ، ھېرىپ كەلگەندۇ، ئازراق بىر نېمە بېرىڭلا. ئاندىن يېتىپ ئارام ئېلىۋالسۇن، — دېدى خوتۇنىغا.

داستىخان ئۈستىدە ئاندىن ئىسىملىرىمىزنى ئېيتىشىپ، رەسمىي تونۇشتۇق. ئەرنىڭ ئىسمى تۇرداخۇن، ئايالى گۈلسۈمخان ئىدى.

بۇ يەردە بولغان ھەممە ئۇششاق ـ چۈششەك تەپسىلاتلارنى دەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار، پەقەت بۇلار بىلەن تۇققاندەك يېقىنلىقمىز ھاسىل بولغانلىقىدىن ئۆزەمنى بىر ئاز ئازادە تۇتالىدىم ۋە ئەڭ بۈيۈك ئېھتىياجىمنى مۇشۇ يەردە ھەل قىلىۋالدىم: ماڭا بىرنەچچە چېلەك سۇ ئىسسىتىپ بېرىپ، ھەممىسى چىقىپ تۇردى. ماڭا يەنە بىر تاش سوپۇنمۇ بەردى. شۇنداق راھەت يۇيۇنۇۋالدىمكى، ئۇلارغا قانچە رەخمەت دېسەممۇ ئازلىق قىلاتتى. كېچىسى ئايال خوجايىن — گۈلسۈم ئاچا يۇيۇپ، ئوچاققا قاقلاپ قۇرۇتۇپ بەرگەن ئىچ كىيىملىرىمنى كىيىپ، ئۈستىگە يەنە بايىقىدەك جەندىلىرىمنى كىيىپ، يېڭىۋاشتىن دەرۋىش ئىسكەتىمگە كەلدىم، ئەمما پاكىز دەرۋىش ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كىچىك قىزى ئۈچۈن بىر ئالتۇن ئۈزۈك سوغا قىلىپ، يولغا چىقتىم. ئۇلار مېنى يامان ئەمەس بىر خۇرجۇن بىلەن جابدۇدى. قاپاقتىكى سۈيۈمنىڭ مۇزلاپ، قاپاقنى يېرىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سىرتىغا پاختىلىق خالتا كەيدۈرۈپ شۇنچىلىك ياخشى جۆندەپ بەردى. مەن ئەمدى ھاياتىم بويى جاھان كېزىپ يۈرسەممۇ سەپەرگە يارامىلىق ھازىرلىقىم تەل ئىدى.

ئۇلار بىلەن خۇددى بىر تۇققاندەك چىداشماي خوشلاشتۇق. گۈلسۈم ئاچا بەكلا كۆپ ياش تۆكتى:

— كاشكى تۇداخۇنكىلىرىغا ئىنى بولۇپ تۇرۇپ قالسىلىمۇ بولغان، ھېچ بولمىسا جاھان تىنچىغىچە،....

— راست دەيدۇ، تۇرۇپ قالسىلىرى بولىتى،... مېنىڭ قول ئىلكىم ئانچە قىسقىمۇ ئەمەستى، شۇ يېغىلىق بىلەن پېچكە زىيان تاتتۇق، ئامما قىسقا

زاماندا ئۆزىمىزنى ئوڭلىۋالىتتۇق،...

ئۇلارنىڭ سەممىيلىكىگە ئىشىنەتتىم. ئەمما كېتىشىم كېرەك ئىدى. بۇ يەردىن چىقىپ، چىلتەنلىرىمنى ئارىلاپ ئۆتتۇم. سەۋەبى، بىرەرسى مېنى بۇ يەردە كۆرسە، كېيىن باشقا بىر يەرلەردە سالاھىيىتىم ئۈچۈن گۇۋاھ بولۇپ قالىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ بولدى. ئەكسىنى دېگەندە مەن بۇنداق مازارلاردا سۆرۈلۈپ يۈرۈشلەرگە بەكمۇ ئۆچ. ئاندىن قەشقەرگە قاراپ ئاتلاندىم.

ھېكايىمىز شۇ يەردە توختىغاندا مەن سابىت ئەپەندىدىن ئەجەبلىنىپ سورۇدۇم:

— سابىتكا، بايا سىز مازارلاردا سۆرۈلۈپ يۈرگەننى يامان كۆرۈمەن دېگەندەك قىلدىڭىز، سىز بىر تەقۋادار ئادەم تۇرسىڭىز، يەنە بۇنداق ئىشلارنى يامان كۆرۈشىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

— بۇنىڭ تەقۋادارلىققا نېمە ئالاقىسىكەن؟! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن. مەن ئۇنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلغىنىنى ھېچ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — سىلەر — زىيالىيلار دىننى بىلمەيسىلەر، ئاز - تولا ئۆگىنىپ بېقىشقىمۇ رەغبىتىڭلار يوق. ئاتىئىستلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىدا تونۇشتۇرۇلغاننى دىن دېگەن مۇشۇ دەپ چۈشىنىسىلەر، ھېچ ئويلاپ باقمايسىلەركى، دىن دۈشمەنلىرى دىننى توغرا چۈشەندۈرەمدۇ؟ شۇڭا بايىقىدەك جىمىكى غەلىتە - غەشىت، بولمىغۇر قىلىقلارنى، بىدئەتلەرنى، خۇراپاتلارنى، قىسقىسى ئەقلىگە ياتمايدىغان غەلىتىلىكلەرنى «دىن» دەپ تونۇيسىلەر. سوپى-ئىشانلارنىڭ، خوجىلارنىڭ مازارلاردا سۆرۈلۈپ يۈرۈشلىرى دىن ئەمەس، دىن ئەڭ ئەشەددىي چەكلەيدىغان بىدئەتلەردۇر. مۇشرىكلىقتۇر!

مەن ئۇساللىق بىلەن مۇرەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. بۇ ھالىتىمنى كۆرگەن سابىت ئىنتايىن يۇمشاق تەلەپپۇزدا:

— كەچۈرۈڭ، ئاۋازىم بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاچچىقىم سىزگىلا قارىتىلغان ئەمەس، ئۆزى مۇسۇلمان بىر خەلقنىڭ ئەۋلادى تۇرۇپ، ئەجداتلىرى ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان دىننى بىرىنچى قولدىن چۈشىنىپ باقاي دېمىگىنى ئاچچىقىمنى

كەلتۈرۈدۇ.

— ياق، ياق، مەن ھەرگىز كۆڭلۈمگە ئالمىدىم، مەن ھەقىقەتەنمۇ ئوساللىق ھېس قىلدىم، دېمىسىمۇ دېگەنلىرىڭىز راست، — بۇ سۆزۈم ھەرگىزمۇ رەسمىيەتچىلىك ئەمەس، چىن سۆزۈم ئىدى.

— دۈشمەن تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلغان ئاشۇ «دىن — مەنىۋى ئەپيۇن» دېگەننى مېڭىسىگە قۇيۇۋالغان! دارۋىنىزىمغا ئاساسلانغان يالغانلار! ئاساس قىلغىنى يالغان بولغىنى ئۈچۈن باشقىلىرى يالغان بولماي باشقا يولى بارمۇ؟ — ئاندىن ماڭا قاراپ، — سىز دارۋىنىزىمغا ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مەن بەكمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالدىم. ئەسلىدە دارۋىنىزىمغا ئىشىنەتتىم. ئەمما ئۇ ئىشەنمەيدىكەن، شۇنى بىلگىنىم ھالدا ئىشىنىمەن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، بۇ جۈرئەت قىلالماسلىق يەنە بىر تەرەپتىن پەقەت سابىت ئەپەندىنى ھۆرمەت قىلغانلىقىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئىختىلابى كۆرۈلۈپ، كۆڭۈلسىزلىك تېرىۋېلىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئەمەستەك قىلاتتى. مەن يەنىلا ۋۇجۇدۇمدىكى بىر خىل سىرلىق تۇيغۇنى ئىنكار قىلالمايتتىم. دارۋىنىزىمغا ئەقلەن ئىشىنەتتىمىۇ لېكىن مەندىكى بىر خىل تەبىئىي تۇيغۇ داۋاملىق مېنىڭ بۇ خىل ئېتىقادىم بىلەن قارشىلىشاتتى. بەزىدە بۇنى پىسخولوگىيە ئالىمى كارل گۇستاف ياڭنىڭ[1] نەزىرىيىسى بويىچە، ئەجدادلىرىم ئۇزاق مەزگىل ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ماڭا ئېرسىيەت بولۇپ قالغان كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمدىكى تەسىرىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. مىڭ يىللاپ ئەجدادلىرىمنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى كونترول قىلىپ كەلگەن ئېتىقادنىڭ مەن ئىشلىتىۋاتقان تىل ۋە مەن تەۋە بولغان كىشىلەر توپىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋۇجۇدۇمدا يەنىلا ساقلىنىپ كەلگىنىنى، شۇڭا بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ مەن قوبۇل قىلغان تەربىيە بىلەن يوشۇرۇن ھالدا قارشىلىشىشى ھامان مەۋجۇت دەپ ئىشىنىپ كەلگەنىدىم.

— ھازىرلا تۈزۈتۈۋېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئەسلىدىن قانداق بولسا شۇنى

---

[1] كارل گۇستاف ياڭ — (Karl Gustaf Young) شىۋىتسىيىلىك پىسخولوگ، سىگموند فرېئۇدنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئۇنىڭ بەزى قاراشلىرى (چۈش تەبىرى قاتارلىقلار) ئۇستازىنىڭكى بىلەن قارىمۇ-قارشى ئىدى. ئۇ كوللىكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، — ئا.

دەپ بېقىڭ، — دېدى سابىت ئەپەندى ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن سەمىمىي ئاھاڭدا. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆز پىكرىنى باشقىلارغا تاڭىدىغان زورۋانلاردىن ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىپ، سەل غەيرەتلەندىم، شۇندىمۇ بوشراق ئاۋازدا:

— راست، ھازىرغىچە ئىشىنىپ كەلدىم، — دېدىم.

— مايمۇندىن تەرەققىي قىلغىنىڭىزغا؟ — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن جىددى تۈستە سورىدى، — خوش، ئۇنداق بولسا ئىرسىيەت ئىلمىغا ئىشىنەمسىز؟

— ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن - دە.

— بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە زىت كېلەمدۇ - قانداق؟ ئويلاپ كۆردۈڭىزمۇ؟ بىرى ئىنسانلارنى تۈرلەرنىڭ ئۆزگۈرۈشىدىن بارلىققا كەلگەن دەيدۇ؛ بىرى، تۈرلەرنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، قىزىلگۈل ئۇرۇقىدىن مەڭگۈ قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىقىدىغانلىقىنى، چاشقاندىن چاشقان تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئىسپات قىلىدۇ. قايسىسى راست؟

مانا ئەمدى ھالىم مەلۇم بولدى. دەسمىيىم غالتەككە چىقتى! ئەمما ئۇ مېنى بەكمۇ ئوسال قىلىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزى ئىزاھلىدى:

— بەلكىم ئىككى تۈرلۈك ھايۋاندىن كېلىپ چىقىدىغان ئۈچىنچى تۈر، مەسىلەن: خېچىرغا ئوخشاش؛ ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنى بىر - بىرىگە ئۇلاشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئۈچىنچى تۈر مۇشۇنداق بىمەنە نەزىرىيە ئۈچۈن بىر ئەمەلىي ئۆرنەك بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتسا كېرەك. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغىزمىكىن، ئۈچىنچى تۈر ھەرگىزمۇ ھەممىدىن سەر خىل تۈر بولۇپ بارلىققا كەلمەيدۇ! مەسىلەن: ئات بىلەن ئېشەكتىن بارلىققا كېلىدىغان خېچىر ئېشەكتىن يوغان، ئەمما ئاتتىن كىچىك بولىدۇ. ھەر زامان ئوتتۇرىدا بولىدۇ. ھەرگىزمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈستۈنراق تۈردىنمۇ ئۈستۈن بىر تۈر ئەمەس. ئۇ ھالدا ئادەمنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ئادەمدىنمۇ ئالىي بىر تۈر شەرت بولامدۇ - يوق؟ ئۇ ھالدا، بۇ تۈر ھازىر نەدە؟ مانا شۇنداق.

راستىنى دېسەم بىزلەر ئۆزىمىزنى زىيالىي (نۇرلۇق، كۆزى ئوچۇق، دىلى يورۇق) دەپ تونۇپ، نادان ئادەملەردىنمۇ ئۆتەراق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى ھىسمۇ قىلماپتۇق. نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزمىدۇق - تە، كوممۇنىستلارنىڭ

دېگەنلىرىگە ئىشەندۇق؟ نېمىشكە ئۆزىمىز ئەسلى مەنبەدىن ئۆگۈنۈپ باقمىدۇق؟ سابىت مېنىڭ دىلىمدا قانات يېيىۋاتقان ئۆز - ئۆزەمنى ئەيىپلەش دولقۇنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك شۇنداق دېدى:

— ئۆيىڭىزدە تېلېۋىزور بارغۇ؟ ھە، «ھايۋاناتلار دۇنياسى» پروگراممىسىنى كۆرگەن چېغىڭىزدا نېمە ئويلايسىز؟

راستىنى دېسەم ھېچنەرسە ئويلىمايتىم. پەقەت قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ كۆرەتتىم خالاس.

— قۇندۇزنىڭ ياغاچ كېسىپ توغان ياسىشىدا ئىچىگە ئىگىلگەن ياي شەكلىگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ئىچىگە ئىگىلگەن يايىنىڭ بېسىمغا قارشىلىق كۈچى ئىنتايىن زور. بۇنى زامانىمىزنىڭ ئىنسانلىرى چوڭ توغانلاردا — سۇ ئېلېكتېر ئىستانسىيىسى ئۈچۈن قىلىنغان توسمىلاردا قوللىنىۋاتىدۇغۇ؟ ئىنسانلارغۇ ئەقىللىق جانۋار بولغاچقا مەكتەپلەردە ئۆگەنگەن، ئۆگۈتۈلگەن. ئەمما قۇندۇزغا بۇنى كىم ئۆگەتكەندۇ؟ تەجرىبىدىنمۇ؟ ئالدىنقىلار كېيىنكىلەرگە ئۆگەتكەندىمۇ؟ بۇ شۇ يەردە قالسۇن، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن تۇخۇملاردىن چىققان تاشپاقا باللىرى قۇم ئاستىدىن تېپىرلاپ چىقىپ، ھېچ ئازغىشىپ كەتمەستىن دېڭىز تەرەپكە يول ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭىزمۇ؟ ئۇ قايسى تەجرىبىدىن كەلگەن؟ ئۇلارنىڭ DNA لىرىگە بۇنى كىم پروگراممىلىغاندۇ؟ ھەرىلەرنىڭ كۆنەك ياسىشىدىكى ئالتە بۇرجەك بولۇشنىڭ قانۇنىيىتى نېمىدە؟ بۇنى ئۇلار نەدىن ئۆگەنگەندۇ؟ چاشقاننىڭ يەر تەۋرەشنى ئالدىن بىلىشچۇ؟ بۇلارمۇ تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ (ئۆگۈنۈشنىڭ) نەتىجىسىمىدۇ؟ — سابىت ئەپەندى مېنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىمدىن ئەمىن بولۇش ئۈچۈن قاراۋاتقاندەك، ماڭا بىرنەچچە سېكونت قاراپ تۇردى. بارماقلىرى ئارىسىدا پىل چىشى مۇشتەك سىلىنىپ تۇراتتى:

— دارۋىنىزىمنى ھاكىمىيەت كۈچىگە تايىنىپ، مەجبۇرىي مائارىپ — دەرسلىكلەر ئارقىلىق كۈن تەرتىپتە تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دۆلەت ھالقىغان كۈچلەر خىيال قىلىۋاتقان 5% تاللانغانلار (جەۋھەر سىنىپ)نىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇل قىلىش غايىسىدە بىرىنچى ۋە ئەڭ كۈچلۈك توسالغۇ — دىن. بۇ توسالغۇنى يوق قىلىشنىڭ نەزەرىيىۋىي ئاساسى دارۋىنىزم بولغاچقىلا، ئۇنى مەجبۇرىي كۈنتەرتىپتە تۇتۇش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. ئەمما دارۋىن ئۆزىمۇ ئۆز

نەزىرىيىسىگە ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. خۇددى شۇنداق، باشقا دارۋىنچىلارمۇ دارۋىنىزمدىن گۇمانلانغان بايانلاردا بولۇشقان. دىن — ئۇلارغا بىر توسالغۇ دېدۇق، بۇنىڭغا بىر ئاز ئېنىقلىما بېرىۋېتەي: شۇنى كۆرۈۋاتىمىزكى، باشقا دىنلارغا «تۇزۇتۇش» كىرگۈزۈپ، ئۇنى تەسىرسىز، ئىلاھىيلىقى گۇمانلىق، كۈلكىلىك نەرسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، خىرىستىيانلىقتا «ئىنجىل» ئەسلىدىلا تۈرت. تېخى بۇ تاللاپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ھالەت. ئەسلىدە مىڭلارچە تۈرى بولغان. شۇڭا ئۇنىڭغا بوگۇنگىچىمۇ «تۇزۇتۇش» كىرگۈزۈش داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. يېقىندىن بېرى غەرپ دۇنياسىدا «كىشىلىك ھوقۇق» داۋرىڭى بىلەن بىللە، ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ مۇھەببەتلىشىش مەسىلىسىدىكى «كىشىلىك ھوقۇق» ئۇقۇمى تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقى»غا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ چىركاۋدا توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىش مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كېلىۋاتىدۇ. تۈنجى قېتىم ئاۋستىرالىيىدە 1961-يىلى بۇ مەزمۇندىكى نامايىش بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى رادىئودىن ئاڭلىدىم. بۇنداق بىر غەلىتە ئىش دىنىنىڭ نوپۇزىنى كۆزگە ئىلمىگەندەك ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئىكەن، بىر كۈنلىرى قوبۇل قىلىدۇرۇلىدۇ، دېگەن گەپ. بۇ يەنە شۇنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ: بۇ يەردە كۆزگە ئىلگۈدەك «دىنىنىڭ نوپۇزى» يوق. مانا بۇنداق قىلىقلارنى ئىسلام دىنىدا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دارۋىنىزمنىڭ ئاساسىي ياكى بىردىن-بىر دۈشمىنى ئىسلام دىنى.

مانا ئەمدى گەپنىڭ قىزىقى چىققان ئىدى. مەن بۇ «گۇمانلىنىش»نىڭ قانداق دەلىللىرى بارلىقىنى ئاڭلاشقا ھەقىقەتەنمۇ تەشنا ئىدىم. سابىت بۇنى ئۆز گېپىنى راست قىلىش ئۈچۈن يوتىغا ئۇرۇپلا دېمەيۋاتقان بولسىلا. ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىكى شۈبھە ئالامەتلىرىنى دەرھال بايقىماي قالمىدى، چۈنكى ئۇ سابىت ئەپەندى-دە! شۇنىسى ياخشى بولدىكى، ئادەمنى تەڭقىسلىقتا قويۇدۇغان سوئاللارنى سوراشقا توغرا كەلمەيلا، كۆڭلۈمدە تۇغۇلغان سوئاللارنى سېزىپ، جاۋابىنى بېرەتتى.

— دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابىنى كۆرمىگەنسىز، تايىنلىق. ئۇيغۇرچىدا يوق، ھەر ھالدا. مەن رۇسچىسىنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭ 6- بابى

«نەزەرىيەنىڭ قىيىنچىلىقلىرى[1]»دا دارۋىن ئۆز نەزەرىيىسىنى يالغانغا چىقىرىۋېتىدىغان نۇرغۇن بايقاشلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ توك چىقىرىدىغان بېلىقلار ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «بېلىقلارنىڭ ئېلېكتېر ئورگانلىرى نەزەرىيەم ئۈچۈن يەنە بىر قىيىنچىلىقنى مەخسۇس پەيدا قىلماقتا. بۇ ئاجايىپ ئورگانلارنىڭ قايسى خىل باسقۇچلاردىن شەكىللەنگەنلىكىنى تەخمىن قىلىش ئىمكانسىز... ئېلېكتېر ئورگانلار يەنە كېلىپ باشقا بىر قىيىنچىلىقنىمۇ پەيدا قىلماقتا: بۇنداق ئورگانلار بىر-بىرىدىن ئىنتايىن پەرقلىق بولغان تەخمىنەن 12 خىل بېلىق تۈرىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت». بىچارە دارۋىن ھەتتا شۇنداق دېگەن: «توزنىڭ پەيلىرىنى كۆرۈش مېنى بىئارام قىلىدۇ». ئۇ يەنە شۇنداق ئېتىراپىتىمۇ بولغان: «ئەگەر ئارقا-ئارقىدىن يۈزبەرگەن كۆپ ساندىكى تېپىك ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق مۇرەككەپ بىر ئورگاننىڭ شەكىللىنىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئىسپاتلانسا، نەزەرىيەم قەتئىي ھالدا يېمىرىلگەن بولىدۇ... پايدىلىق بولغان ئۆزگىرىشلەر ھاسىل بولمايدىغان بولسا، تەبىئىي تاللاش ھېچنېمىگە يارىمايدۇ.» خالىسىڭىز بۇ ھەقتە باشقا دارۋىنچىلارنىڭ ئېتىراپلىرىدىنمۇ بىرمۇنچە نەقىل قىلالايمەن. شۇنداقلا دارۋىنچى ئەمەسلەرنىڭمۇ بۇ نەزەرىيىنى رەت قىلىدىغان بايقاشلىرىنى دەپ بېرەلەيمەن، — سابىت بىر ھازا جىملىقتىن كېيىن تۇيۇقسىزلا مەندىن سورىدى، — روھ (ياكى جان) ماددا ئەمەس، بىز ئۇنى كۆرەلمەيمىز. مېتافىزىك ئۇقۇم. دارۋىنىزم (ياكى ماتېرىيالىستلار) مېتافىزىكا بىلەن پەقەتلا چىقىشالمايدىغان تۇرسا، ئۇ ھالدا ماددا بولمىغان بىر شەيئىنى قانداق چۈشەندۈرەلەيدۇ؟ بىر ئادەم ئۆلسە، (ماددىي جەھەتتىن) ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ مەلۇم بىر يېرى كەملەپ قالمايدۇ، ئەمما كېرەكسىز، قىممەتسىز، ھەتتا دەرھال كۆزدىن يوقاتمىسا (كۆمۈۋەتمىسە) بولمايدىغان يىرگىنىشلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەسلىدە ئۇنى قەدىرلىك قىلىپ تۇرغان، ئۇنى ئەزىز قىلغان، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن شۇ نەرسە زادى نېمە؟ ئۇيلاپ كۆردۈڭۈزمۇ؟

مەن بۇنى ئويلاپ كۆرمىگەن، ئويلىغۇدەكمۇ بولمىغان، بىلمىمەمۇ بۇنىڭغا يەتكۇدەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا خىجالەتكە تولغان كۆز نۇرۇمنى ئۇنىڭدىن ئۇزمەي

---

[1] Chapter VI: Difficulties of theory

پاقىراپلا تۇردۇم. بىر ھازا جاننى قىيىنغۇچى سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك، گويا ئۆز - ئۆزىگە دەۋاتقاندەك:

— بۇ روھ، جان دېگىنىمىز شۇ. ئاللاھ بىزنى تۇپراقتىن ياسىغاندىن كېيىن، «مەن ئۇنىڭغا ئۆز روھىمدىن پۈۋلەيمەن» دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئىنساننى ئەزىز قىلىپ تۇرغان جاننىڭ ئەزىزلىقى مانا شۇنىڭدىن مەنبەلەنگەن دېسەكمۇ بولۇدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتلەر داۋامىدا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا تەبىئىي بار بولغان، لېكىن ئۆزۈم دەسلەپتە باسۇرۇپ كەلگەن، كېيىن مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغان بىر خىل تەبىئىي سىرلىق تۇيغۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. دەسلەپكى چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئۆزۈم ئۈچۈن ھەقىقەت بولۇپ تۇيۇلغان دارۋىنىزىم بىلەن قارشىلىشىغا يول قويماي كەلگەن بولسام كېرەك. ئەمدى بولسا ئۇ كۈچىيىپ، مېڭەمنى سان ساناقسىز سوئاللار بىلەن كۆمۈپ، مەن ھەقىقەت دەپ ئىشەنگەن بىلىملەرنى قىيناققا ئالماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇ تېمىدا يۈزلەرچە سوئال سوراشنى ۋە جاۋاپقا ئېرىشىشنى ئەلۋەتتە خالايتىم. ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ۋە قاراشلىرىغا ئاساس بولغان غەرپ ئالىملىرىنىڭ يېڭى كەشپىياتلىرىنى ئاڭلاشنى نېمىشكىمۇ خالىماي؟ مانا شۇندىن كېيىن كۆڭلۈمگە بىرەر دىنى مەسىلىلەرگە ئائىت سوئال كەلسىلا سابىت ئەپەندىدىن سورايدىغان بولدۇم. دىن ھەققىدىكى بۇنداق ئىزدىنىشىم سابىتقا بەك يېقىپ قالدى. شۇڭا ئۇ بەكمۇ ئەتراپلىق، چۈشىنىشلىك سۆزلەپ بېرەتتى. دارۋىنىزىم ھەققىدىكى گەپلىرىمۇ خۇددى تىپ - تېنچ سۇ يۈزىگە بىردىنلا بىر تاش چۈشكەندەك، كۆڭلۈمدە مۇقۇملىشىپ قالغان بىر چۈشەنچىنى تۈنجى قېتىم تەۋرىتىپ قويغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەنلا تېخى قايىل بولۇپ كەتمىگەن بولساممۇ، كېيىنچە پۇرسەت بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن بۇ تېمىدا مۇنازىرىلىشىپ بېقىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

كېيىنكى سۆھبەتلىرىمىزدە مەن پۇرسەت تېپىپ، تەدرىجىي تەرەققىيات ھەققىدىكى تۈگۈنلەرنى بىر يولى يېشىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى كوچىلاپ، يەنە بىرمۇنچە دارۋىنچىلارنىڭ ئېتىراپلىرىنى ئاڭلىدىم. ئەنگلىيىلىك دېرىك ئەيجىر شۇنداق دېگەن ئىدى: «قىيىنچىلىقىمىز شۇ: تاشقا ئايلانغان جانلىق قالدۇقلىرىنى ئىلمىي تەتقىق قىلغىنىمىزدا، تۈرلەر ياكى سىنىپلار سەۋىيىسىدە بولسۇن داۋاملىق ئوخشاش رىياللىق بىلەن ئۇچرىشىمىز: باسقۇچمۇ - باسقۇچ تەدرىجىي تەرەققىيات

بىلەن ئەمەس، بىردىنلا يەر يۈزىدە شەكىللەنگەن تۈرلەرنى كۆرۈمىز». بۇ يەردە ھەممىنى دەپ ئولتۇرۇشۇمغا كېرەك يوقكى، مېنى دارۋىنىزىمنىڭ يالغانلىرىدىن ھۆ قىلدۇرۇۋەتكۈدەك كۆپ دەلىللەرنى ئالدىمغا تاشلىدى.

سۆھبىتىمىز ئىزچىل بولمىسىمۇ ۋاقىت تاپالىساقلا داۋام قىلاتتى. بەزىدە ئايلارچە پۇرسەت تاپالمايمۇ قالاتتۇق. شۇنىڭغا ھەيران ئىدىمكى، بۇ ئادەم سۆھبەتنىڭ قەيەرگە كېلىپ توختىغانلىقىنى ھېچ خاتاسىز ئېسىدە تۇتاتتى. بۇ ھەقتىمۇ قۇلىقىمىزغا كىرگەن رىۋايەتلەر راست ئوخشايدۇ. مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىللارنى باشلاپ قەشقەر ئەتراپىدىكى ناھىيە ۋە يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ مائارىپ تەشۋىقاتى قىلغاندا مۇئەللىملەردىن پەقەتلا سابىت ئەپەندىنى ئېلىۋاپتىكەن. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى «مۇدھىش بىر خاتىرىسى بار» دەپ تەرىپلەيدىكەنمىش. بەلكىم ئاشۇ سەپەرگە سابىتنى ئېلىۋېلىشىدا ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا بولغان بىر خىل ئۈمىت بىلەن، ئاشۇ سەپەر ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئېسىدە تۇتۇۋالسۇن دەپمىدىكىن؟ ماڭا سۆزلەپ بېرىۋاتقان ھايات ھېكايىسى جەريانىدىمۇ سانسىز مىساللارنى ئۇچراتتىم. ئۇ ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى خاتاسىز دەپ بېرەلەيتى.

كېيىنكى سۆھبەت ئۈچۈن ئۇنىڭ ھېلىقى سوزۇنچاق ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىمدە، ئۇ «يېزىق شىرەسى» ئالدىدا كىتاپ ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى مۇنداقلا سوراپ قويدۇم. ئۇ:

— «قۇرئانى كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇۋاتىمەن، — دېدى ئېپتىخارلانغاندەك ئاھاڭدا. بۇ چاغدا «قۇرئانى كەرىم» يېڭىلا نەشىردىن چىققان ئىدى. راستىنى دېسەم مەن تېخى ئوقۇمىغان ھەتتا سېتىۋالمىغان ئىدىم.

ئۇ ھېكايىسىنى باشلاشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئۆزەمنى ئويلاندۇرۇپ تۇرغان بىر سوئالنى سورىۇۋالغۇم كەلدى:

— سابىتكا، سىزنىڭ ھەققىڭىزدە تارىلىپ يۈرگەن تەرىپىڭىزگە قارىسا، سىز بىلەن يېقىنلىششىش، مۇڭداش بولۇش مۇمكىن ئەمەستەكلا بىر ئىش ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەن مۇشۇ كۈنلەردە سىز بىلەن بىرگە ئولتۇرغان چاغلىرىمدا بۇنىڭ

رىياللىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەيمۇ قالىمەن. چۈنكى سىز داڭلىق ئەدىپلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىسىز، بەزىلىرى بىلەن تۇرمىلەردە بىللە ياتتىڭىز، ... شۇلاردىن راستىنلا ماڭا ئېيتىپ، ھايات ھېكايىڭىزنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغىنىمغا ھەقىقەتەنمۇ ئىشىنەلمەي قالىمەن.

— سىزنى يارىتىپ، ئىچ سىر تۆكۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى ياش بولغانلىقىڭىز، روھىڭىزنىڭ كۆپ بۇلغىنىشقا دۇچ كەلمىگەن پۇرسىتىدە قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئۈمىد باغلىغانلىقىمدىن. پىشقەدەم ئەدىپلىرىمىزنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ خىتايلار بەرگەن شەرەپ تاجلىرىغا مەست بولۇشۇپ يېزىپ يۈرگەن مەدھىيەلىرىنى؟ ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك شەرمەندە دەرىجىلەرگە يەتكەن! سىز ئۇنداق نەرسىلەرنى ھەرگىز يېزىپ قالماڭ. ھېچكىم بېشىڭىزدا قىلىچ تەڭلەپ تۇرمىغاندىكىن، ئۇنداق مۇناپىقانە نەرسىلەرنى يېزىپ ئۆزىڭىزنى رەسۋا قىلماڭ. تارىخ ھامان كېيىنكىلەر تەرىپىدىن يېزىلىدۇ؛ شەخسلەرگىمۇ كېيىنكىلەر قايتا باھا بېرىدۇ. بەزىلەر ھاياتلىقىدا ئۆزى ئۈچۈن خاتىرە مۇنارىسى تىكلەش كويىدا، بۇ خۇددى ئاپاق خوجىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن گۈمبەز ياساتقىنىغا ئوخشايدۇ. گۈمبەزلا بولسا تاۋاپ قىلغۇچىلار ھامان تېپىلىپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما كۆرۈۋاتىسىزكى، ئاپاق خوجا ھەققىدىمۇ يېڭى تونۇشلار كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ؛ ئۇنى مۇناپىق دەپ تونۇيدىغانلارنىڭ سانى بىر كۈنسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاندا، بۇ گۈمبەز لەنەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، زامانىمىزنىڭ ئاپاق خوجىلىرى ھەققىدىمۇ شۇنداق قىياستا بولۇش خاتا ئەمەس. بۈگۈنكى ياشلارنى كۆرۈۋاتىسىز، 50- يىللاردىن قالغان داشقال ئەدىپلەردەك پەسكەش خوشامەت، مىللەتكە توقى لەنەت بولۇپ قالىدىغان شەرمەندە نەرسىلەرنى ئۇنچە يازمايۋاتىدۇ، ئەكسىچە مىللىي روھ ئۇرغۇپ تۇرغان ئەسەرلەر ئاساسىي ئورۇندا. ئاشۇ زامان ئاپاق خوجىلىرىنى مۇشۇ ياشلار باھالايدۇ. ئۇ چاغدا نېمە بولىدۇ؟ شۇڭا، شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىش كېرەككى، بۈگۈنكىلەرنىڭ كۆزىنى پاقىرىتىپ تۇرۇپ قىلغان خۇشامەت باھالىرى ھېساپ بولمايدۇ. مانا شۇ چاغدا ئاشۇ رەسۋا نەرسىلىرىڭىز سىزگە باھا بېرىشتە خام ماتېرىيال — پاكىت بولۇپ قالىدۇ. قارشى مەزمۇندا يازالمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، بۇنىڭغا ئىمكان يوق، بۇنى كېيىنكىلەرمۇ چۈشىنەلەيدۇ، ئەمما مۇناپىقلىقىقا دەلىل بولۇپ قالىدىغان

نەرسىلەرنىمۇ يازماڭ.

سوئالىمغا جاۋاپ بېرىپ بولۇپلا ھايات ھېكايىسىنى كەلگەن يەردىن باشلىدى:

مەن قەشقەر ئەتراپىغا يېقىنلاشقاندا ۋەزىيەتنىڭ دىققەت قىلمىسام بولمايدىغان دەرىجىدە ئېگەنلىكىنى تۇيدۇم. دەھشەتلىك ئاق تېرورلۇق ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاز ئۇچۇرغا ئېھتىياجىم باردى. شۇڭا بىر ئاخشىمىغا تۇغرۇلاپ، قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قىزىلدۆۋە مەھەللىسىگە كەلدىم. بۇ يەردە توختاجىنىڭ مەكتىپى دېگەن مەكتەپ باردى. بۇ مەكتەپ ۋە بۇ يۇرتنىڭ سېخى خەلقى نۇرغۇن قېتىم بىزگە ساھىپخان بولغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىز ھەر قېتىملىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسى پائالىيىتى ئۈچۈن قەشقەرگە كەلسەك، 700 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى كېلەتتۇق. بۇنچە كۆپ ئادەمنى بىر يەرگە سىغدۇرۇش ئاسانمۇ؟ ئاشۇ ساخاۋەتلىك باي توختاجى — مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېقىن دوستى بىزگە ئىللىق قۇچىقىنى ئاچاتتى. مانا ئەمدى ئۇ يوق. ئۇ ئاپرىلدا مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىللە چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن، مەكتەپمۇ چۆلدەرەپ قالغانلىقى شۇ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدە كەلگىنىمىزدىلا بىلىنگەن ئىدى.

ئۇزاقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇغان قېرى قارىياغاچ خۇددى قىزىل دۆۋىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان، بۇ يۇرتنىڭ نۇرغۇن بەختىيار كەچمىشلىرىگە ۋە پاجىئەلىرىگە، يېغىلىقلارغا ۋە ھاياجانلىق مۇراسىملارغا گۇۋاھ بولۇپ ئەڭ ئاز بەشيۈزيىلدىن بېرى قەد كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ھەر قېتىم قىزىلدۆۋىگە كەلسەك، مەيلى قايسى تەرەپتىن كېلەيلى ھەرزامان ئۇزاقتىن كۆرۈنۈپ، بۇ يۇرتقا ۋاكالىتەن ئەڭ ئەۋەل سالاملايتى. شۇ بوگۇن كەچكى گۇگۇمدا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، قارىيىپ كېتىۋاتقان دەل ـ دەرەخلەر، ئېگىز ـ ئېگىز پەخشى تاملارنىڭ ئۈستىدىن ئۇنى ئىزدەشتۇردۇم. بۇ نېمە غەلىتىلىك؟ ئۇنىڭ باراخسان شاخلىرى ھەممە كۆرۈنۈۋاتقانلارنىڭ ئۈستىدە — ئاسمان سەتھىدە كۆرۈنۈشى كېرەك بولسىمۇ، ئۇنى تاپالماي ھەيران بولدۇم. شۇنچە تېزلا بۇ دەرەخنى كىممۇ

كېسۋېتەر؟ كىممۇ قومۇرۇۋېتەر؟ مۇمكىنمۇ؟ ياكى ئېزىپ باشقا يۇرتقا كېلىپ قالمىغاندىمەن؟ ئەمما بۇ مەن كۆپ كەلگەن يەر ئىدى. ئېزىپ كەتمەيتىم، قېرىقاراياغاچ بولمىسىمۇ يولۇمنى تاپالايتىم. شۇنداق بولسىمۇ ھەيرانلىقىم خۇددى ئىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا مەن ئالدى بىلەن قارىياغاچنىڭ ئورنىنى تېپىپ، ئۇنىڭ قىسمىتىدىن خەۋەر ئېلىشىم زۆرۈردەك، ئاياقلىرىم ئۇياققا تارتتى. ئاندىن ئۇ يەردىن نەگە بېرىشىمنى، كىمنى ئىزدىشىمنى بەلگىلىسەممۇ بولاتتى.

قېرى قارىياغاچ بولۇشى كېرەك بولغان مەھەللە دوقمۇشىغا كەلدىم. بۇرۇنلاردا بۇ تۆرت كوچا ئاغزىدا مەھەللە كىشىلىرى ئاخشام سۆھبەتلىرىگە توپلىنىپ، يېرىم كېچىگىچە ئادەم ئۈزۈلمەيتى. قاراياغاچ خۇددى بۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى ئىدى. ھەممە پائالىيەتلەر، سوقى - سۆھبەتلەر، ئۇچرىشىشلار، بالىلارنىڭ ئويۇنلىرى، ياشلارنىڭ بىكار ۋاقىتلىرىدىكى چېلىشىش، مۇشتلىشىش،... ھەممە ئىش قاينايدىغان دوقمۇشتا قەد كۆتۈرۈپ، يازنىڭ قاغجىراق ئىسسىقلىرىدا يۇرت ئەھلىگە سالقىن، راھەتبەخش ھاۋا، سايە بېرەتتى. شۇ بۈگۈن كېلىپ كۆردۈمكى، قاراياغاچ ئورنىدا قورقۇنۇچلۇق بىر بەھەيۋەت چۈچۈلە كۆتەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ شاخلىرىلا دىردىيىپ، خۇددى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىۋاتقان ئاچلارنىڭ پەنجىسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇندىن باشقا بارلىق شاخ يوپۇرماقلىرى كۆيۈپ كەتكەن ئىدى. تۇۋا! بۇنىڭغا نېمە بالا تەككەندۇ؟ چاقماق چۈشۈپ كەتكەنمىدۇر؟ شۇنداق بىر ئىش بولمىسا پۈتۈن يۇرت ياخشى كۆرۈدىغان بۇ دەرەخنى كىممۇ كۆيدۈرۈۋېتەر؟ مەنمۇ خۇددى بۇ يۇرت خەلقىگە ئوخشاش بۇ قارىياغاچنىڭ بۇرۇنقى سۈرلۈك ھەيۋىتىگە، بىرەر مو يەرگىچە يېيىلىپ، سايە تاشلاپ تۇرىدىغان سەلتەنەتلىك ھالىتىگە كۆنۈپ قالغانمىدىمكىن، شۇئان خۇددى يېقىن بىر كىشىمدىن جۇدا بولۇشنىڭ ئاچچىق ئەلىمى يۈرىكىمنى تىلىۋەتتى!

بىلمەيمەن، ئەمدى كىمنى ئىزدىسەم بولۇدىكىن؟ مۇئەللىملەردىن كىملەر

بارىكىن؟ يادىمغا مۇھەممەت ئوسمان[1] كەلدى. بۇ يىگىت ئاتۇشقا چىقىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە ئاي تۇرغان ۋە بىز كېيىنمۇ دايىم قىزىلدۆۋىگە كەلسەكلا كۆرۈشۈپ تۇرۇدۇغان بولغاچقا، شۇنىڭ بىلەن بولغان تونۇشلۇقۇم ھەرھالدا يېقىن ھېساپلىناتتى. ھازىرقى دەۋر شۇنداق ئىدىكى، جان ھەلەكچىلىكىدە تۇققانلىرىڭىزمۇ تۇققانلىقتىن تېنىشقا مەجبۇر بولاتتى. قەشقەردە تەرەپدارلىرىمىزغۇ كۆپ، ئەمما شەھەرگە كىرىشتىن بۇرۇن بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشسەمەن دېسەم، قىزىلدۆۋىدىن باشقا قەيەر بار؟ قىزىلدۆۋىدە مۇھەممەد ئوسماندىنمۇ كونىراق تونۇشتىن كىم بار؟ گەرچە جاھاننىڭ تارلىقى، قاتتىقلىقىدىن مۇھەممەد ئوسماننىڭ مېنى قانداق قارشى ئالىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلالمىساممۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئىشىكىنى چېكىشىم، ھېچ بولمىغاندا بوسۇغىدا تۇرۇپ، سورايدىغانلىرىمنى سورۇۋېلىشىم زۆرۈر ئىدى. بەلكىم قارىياغاچنىڭ قىسمىتى ھەققىدىمۇ ئۇ ماڭا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەلەر.

ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنى چەكتىم. ئىشىكنى ئۇ ئۆزى ئاچتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىن ئېگىزرەك بويى ۋە قاۋۇل بەستى ئالدىمدا زاھىر بولغىنىدا مەن ئۇنىڭ تېپىك ئۇيغۇر ئەركەكلىرىگە خاس كۆزلىرىگە تىكىلدىم. ئۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا جۈدىگەن، بويىنى ئۇزۇرۇپ كەتكەندەك تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇستىخانلىرىنىڭ مەزمۇتلىقى، ئۇنىڭ ئومۇمىي سۆلىتىنى بەك ئۆزگەرتەلمىگەن ئىدى. ئۇمۇ مېنى كۈزۈتۈۋاتقاندەك تىكىلدى. مېنى كۆرۈپ دەسلەپ بىر تىلەمچى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى ھەر ھالدا، ئۆيدىكىلەرگە بىرەر پارچە نان ئاچىقىپ بېرىشنى دەي دەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بولۇپ، تەكرار ماڭا قارىدى. بۇ چاغدا شەرق تەرەپ ئاسمىنىغا كۆكۈم پەردىسى يېيىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، غەرپ تەرەپتە ئۇپۇق نۇرلىرى يەنىلا قىزىرىپ تۇراتتى.

— ۋوي! — دېدى ئۇ ۋە دەرھال ئاغزىنى تۇتۇپ، ئاۋازىنى ئۆچۈردى-دە، قولۇمدىن تۇتقانچە دەرۋازا ئىچىگە تارتىپلا ئەكىردى، ئاندىن يەنە شۇنداق

---

[1] مۇھەممەت ئوسمان ــ قىزىلدۆۋىدىكى توختاجىنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. (تەپسىلاتلار ئۆچۈن تارىخىي رومان «باياۋاندىكى گۈلخان»غا قارالسۇن.) كېيىن قەشقەر كۆتۈپخانىدا ئىشلەپ، شۇ يەردىن پېنسىيىگە چىققان، ــ ئا.

تىۋىشسىز ھەركەت بىلەن قولۇمدىن ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئېشەكنى ھويلىغا سولىدى ـ دە، دەرۋازىنى تاقىدى. ئاندىن گەپمۇ قىلماي، قولۇمنى شۇ پېتىچە تۇتۇپ ئۆيگە ئەكىردى.

مەن بوسۇغىدىن ئاتلاپلا جايىمدا تۇردۇم. چۈنكى ئۆي قاپ ـ قاراڭغۇ ئىدى. مىدىرلىساملا بىرنەرسىلەرگە پۇتلىشىپ، ئۆرۈۋېتىدىغاندەك ئېھتىيات تۇيغۇسى بىلەن، مۇھەممەدە ئوسماننىڭ سۆزىنى كۈتۈپ تۇراتتىم. مۇھەممەد ئوسمان قاراڭغۇدا بىرنېمىلەر قىلىپ يۈرۈپ، ئارقىدىن سەرەڭگە ياقتى ۋە تاۋۇرۇكنىڭ ئۆز بويىغا تەڭ كېلىدىغان يېرىدىكى چىراقپايدا تۇرغان جىن چىراقنىڭ پىلىكىگە تۇتاشتۇردى.

— ئەيىپكە بۇيرۇمۇسۇلا، ئەپەندىم، پەقەتلا تونۇماپتىمەن. كەلسىلە، ئولتۇرسىلا. گەپكە ئۆلگۈرۈمىز، ئاۋال كىچىككىنە ئۇھ دەۋالسىلا، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئاۋال ھېلىقى ئاجايىپ جۇۋامنى ئۇستۇمدىن چىقارتىپ، بىر يەرگە قويدى. ئاندىن بۇ ئۆيدىكى تىۋىشلەرگە قىزىقىپ كىرىپ كەلگەن بىر يىگىتكە (ئىنىسى بولسا كېرەك) پىچىرلاپ، ئېشەكنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، سۇ ئەكىلىشنى بۇيرىدى. ئىنىسى ھايال ئۆتمەيلا سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئۆزى قولۇمغا سۇ بەردى.

ئۇ ئاۋالقى مېھماندوستلۇقى بىلەن بار ـ يوقىنى داستىخانغا تىزىپ، مېنى داستىخانغا دەۋەت قىلىپ، ئاندىن رەسمىي گەپكە تۇتۇندى:

— ئۆزلىرى نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىدىلا، ئەپەندىم؟ نېمە بۇ تۇرۇق؟ زىنداندىن قاچىمىغانلا؟ ئاۋۇلارنىڭ قاتارىدا سىلى بارمىتىلە؟ ياق، ياق، يوق دەپ ئاڭلىغانتۇق. نەلەردە بولدىلا؟ گەپ قىلسىلا.

ئۇ خۇددى ھەممە ئۇچۇرنى بىر يولىلا سۈغۇرۇپ ئېلىۋالغۇسى كېلىۋاتقاندەك ئالدىرايتى. مەن ئادىتىم بويىچە قىسقىلا بايان قىلدىم:

— ئابدۇنىيازلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدىم، قاراشەھەردىن ياندۇق. كېيىن تۇڭگانلارنىڭ ئەسىرلىكىگە چۈشۈپ قېلىپ، خوتەننىڭ نىيەگىچە باردىم. ئاندىن شۇ يەردە بىر پۇرسەت نېسىپ بولۇپ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ كېلىۋاتىمەن.

— شۇما؟ شۇلىما؟!

— ھە، شۇ. مەن بۇ يەرلەردە ئەھۋاللار قانداق، ئوقۇشۇڭلار يولۇمنى داۋام قىلاي دەپ، بىر ئاز ئۆچۈر ئېھتىياجى بىلەن سىلىنى ئىزدىدىم.

— ئەقىللىق ئادەم - دە، سىلى. بۇنى ئاجايىپ ياخشى قىپلا. ئاللاھ دىللىرىغا سالغان گەپ. بۇ يەردە نېمە گەپ بولىتى، ئاشۇ سىلىنىڭ بارلىق ئۆلپەتلەر بارغۇ؟ لىۋاھىددىن، ئابدىغوپۇر، ئەمەت مەخسۇم، ئابدۇراھمان شائىر.. بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىغان يۈزلىگەن يىگىت ئوخشاش ۋاقىتتا تۇتۇلۇپ كەتكەن. ئۇ چاغدىغۇ، شەۋقى ھەزرەت توققۇزاقتا چىقىۋېلىپ ئامان قاپتىكەن، ئەمما - زە ما قېتىم تۆرتىنچىلەر ئۇنى بوش قويمىدى. ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىمۇ ئالدى. ھەممىسىنى قەتلە قىلىۋەتتى! ما بىزنىڭ ئابدۇكېرىماخۇن باغۇ؟ ماۋۇ توختاجىمنىڭ ئىنىسى ئابدۇكېرىماخۇنچا، ھە شۇ يىتىمنى قارايىغاچقا باغلاپ تىرىكلا كۆيدۈرۈۋەتتى![1] باغرى قاتتىق كاپىرلار... سىلى يۇرتقا كىرىۋاتقىچە قارىياغاچقا دىققەت قىلماي قالمىغان بولسىلا كېرەك؟ ھە، دېمىدىممۇ، سىلى دېگەن بىزنىڭ سابىت ئەپەندىمىز ئەمەسمۇ؟ قارىياغاچنىڭ ھېكايىسى ئەنە شۇ. ئابدۇكېرىماخۇن بىلەن بىللە كۆيۈپ كەتتى.

بۇ دەھشەتتىن يۈرىكىم قارتىلا قىلدى. بېشىمغا تاغ كېلىپ چۈشتى. ئەمدى بۇ ئۆيدە ئارتۇق تۇرالمايتتىم. ئۇلارغا پېشكەل يەتكۈزۈشۈمگە بولمايتى. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي جىملا ئولتۇرۇپ كەتتىم.

— ھە، گەپ قىلسىلا، نېمە قىلاي دەيلا، ئەپەندىم؟ بىر مەزگىل دالدىلىنىپ تۇرغىدەك يەرلىرى بارمۇ؟ مەسىلەن: تاغدا قىرغىز تونۇش - بىلىشلەر يوقمۇ؟ — مۆھەممەت ئوسمان سۆزلەپلا تۇراتتى.

— ئەتە بامداتتا سىلى بىلەن خوشلۇشۇمەن، بالاسىم تەگمىسۇن. ئاندىن...

— مەن سىلىنى قوغلاۋاتمايمەن، بارىدىغان بىر يەرنىڭ قارايى بولمىسا، قېلىۋەرسىلە. تالا - تۈزدە كۆرۈنمەيراق تۇرسىلا بولار، قالغىنى ئاللاھقا تەۋەككۈل. ئەمما ماندا چىقىپ، بارىدىغان يە بومىسا....

---

[1] 1985-يىلى يۇرت كېزىپ تارىخي ئىزلارنى ئىزدەپ يۈرگىنىمدە، بۇ ۋەقەنى قىزىل دۆۋىدىكى توختاجىنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇغان سابىق ئوقۇغۇچى، شۇ كۈنلەردە بولسا قېرىپ قالغان بىر بوۋاي سۆزلەپ بەرگەنىدى، — ئا.

بىردىنلا «ئۇيغۇر بوۋاي» خىيالىمغا كەچتى ۋە كۆڭلۈم پاللىدە يورۇدى. ئاشۇ چەكسىز جاڭگالدا پاناھلانسام ئاللاھ ئۆزى ساقلار، دېگەنلەرنى ئويلۇدۇم.

— بىر يەر بار، — دېدىم ئىشەنچ بىلەن، — شۇ يەرگە بارىمەن.

— ئەمىسە، ئوبدانراق ئارام ئېلىۋېلىپ، ئەتە ئاخشامدا ماڭسىلا، كېچىدە ماڭسىلا ئوبدانراق بولار،... ھەي، ياق،... — دېدى ئۇ ئىشەشسىزلىك بىلەن.

— كېچىدە بەلكىم تېخىمۇ گۇمان تۇغدۇرۇدۇغان ئىش بولارمىكىن، تۇرقۇمغا ماس كەلمەي،... — دېدىم ئۇنىڭ دەرگۇمان بولۇشىنىڭ تېگىنى پەرەز قىلىپ.

— بولۇدۇ ئەمىسە، بالدۇرراق ئارام ئالسىلا. ھە، راس، سىلى سەپەردە يۈرۈپ بويلىرىنى سۇغا سالمىغانغىمۇ ئايلار بولغاندۇ، سۇ ئىسسىتىپ بەرسۇن، بىر غۇسلى قىلىۋالسىلا، بۇ يەردىن چىقسىلا بۇنداق بىر تەلەپتە بولۇشقا يارىغۇدەك بىر ماكاننى تاپالامىلا يوق، ئاللاھ بىلىدۇ.

بۇ گەپمۇ ماڭا تازا خوشياقتى، شۇغۇنىسى تارتىنىشتىن بەدەنلىرىم جىمىرلاپ تۇراتتى.

ئەتىسى مۇھەممەد ئوسماننىڭ مەسلىھىتى بىلەن شەھەرگە يولۇقماستىن، ئەسكىسار، دۆلەتۋاغ تەرەپلەر بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ھەزرەت يولىغا چىقىۋالدىم. ئاندىن يەنە دەرۋىشلىكىمنى راست قىلىش ئۈچۈن ئىچىمدە مىڭ لەنەت دەپ تۇرۇپ، ئاپاق خوجا مازىرىغا تاۋاپ قىلىدىغان قىياپەت ئىپادىلەپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. مازارنى بىر ئايلىنىپلا قايتىپ، يېنىدىكى جامىدا قازا نامازلىرىم بىللە پېشىمنى ئوقۇدۇم. ئاندىن يەنە بىر ھازا زىكرى ئېيتىپ ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئېلىۋالغاندىن كېيىن تەكرار يولغا چىقتىم.

بەشكېرەمگە كەلگەندە ئۇتتۇرلا جاڭگالغا مېڭىش ياكى يۇرتقا يولۇقۇپ ئاندىن مېڭىش ھەققىدە ئۇزاق ئىككىلىنىپ قالدىم. ئۇتتۇر جاڭگالغا مېڭىش بولسا قۇمالتاغنىڭ شەرقىي ئۇچىدىن ئۆتەتتىم؛ ئۆيگە يولۇقۇپ ماڭىدىغان بولسام «ئىت يولى[1]» بىلەن مېڭىشىم كېرەك ئىدى. ئاخىرى ئۇيغۇرچۇلۇقۇم

[1] «ئىت يولى» ـ بەشكېرەم بىلەن ئاتۇش ئارىسىدىكى قۇمالتاغنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۆتۈدىغان تار جىلغا، ـ ئا.

غالىپ كەلدى. يەنىلا خەۋپنى سەل چاغلاش، ئېھتىياتسىزلىق خاراكتېرىمىز، كىچىككىنە بىردەملىك تۇيغۇلارغا بېرىلىشىمىز بىسەپ چۇشۇشى بىلەن، ئۆيگە يولۇقۇپ مېڭىش، بالام تېخىچە ھايات بولسا ئۇنى كۆرۈپ كېتىش سېغىنچى ھەممىنى يەڭدى. شۇنىڭ بىلەن «ئىت يولى» تەرەپكە يول ئالدىم.

«ئىت يولى» ئېغىزىدىن ئاتۇش تەرەپكە چىققىنىمدا تېخى بالدۇر ئىدى. كۈپ ـ كۈندۈزدە ئاتۇشقا كىرىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە شۇ يەردە كۈتۈشكە قارار قىلدىم. بۇ قىش پەسلىنىڭ بېشى بولغاچقا كۈزدىكىدەك دائىملا ئۆتۈپ تۇرۇدۇغان بازارچىلارمۇ بولمايتى. بەشكېرەمدىن چىقىپ شۇ يەرگە كەلگىنىمچە نە ئارقامدىن، نە ئالدىمدىن بىرەر يولۇچى ئۇچرىمىغان ئىدى. بۇ ھال ماڭا خاتىرجەملىك بېغىشلاپ، ئېغىزدىلا ئولتۇردۇم. توڭۇپ تۇراتتىم. جۇۋامنىڭ بىرنېمىگە دال بولمايدىغانلىقى ئېنىق. ئەتىگەن جىددىيلىشىشتىنمۇ، ئىشتاھاسىزلا بىر پىيالە چاي ئىچكەن ئىدىم. مانا ئەمدى قورسۇم ئېچىشقا باشلىدى. ئەمما ئۆي يېقىن دەپ نانمۇ ئېلىۋالماپتىمەن. ئېشەكقۇ ئەتراپتىن قۇرۇپ قالغان چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنى تېپىپ يەپ تۇراتتى، ئەمما مەن ئاچ قورساق بولغاچقا سوغۇق تېخىمۇ ئۆبدان ئۆتۈۋاتاتتى. بۇ يەردە تېخى خېلى ئۇزاق كۈتەتتىم.

ئالدىمدا ئاتۇش ۋادىسى قىشنىڭ چۆلدەرىگەن مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ غېرىۋانە بىر تۇستە ياتاتتى. قارشى تەرەپتىكى بوزتاغ ئېتىكىدە كۆرۈنۈۋاتقان مېنىڭ يۇرتۇم ــ سۆيۈملۈك شورۇقۇم! ئۇ يەردە مېنىڭ غېرىپسىنىپ قالغان قاراقسىز ئۆيۈم بار، تۇققانلىرىم، مەن سۆيگەن، مېنى سۆيگەن كىشىلىرىم بار. بولۇپمۇ گۈلزادەمنىڭ بىردىن ـ بىر تەۋەررۇكى ــ ھايات كۆچىتىم ئوغلۇم ئابىت بار. شۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئوغلۇمنى تۇنجى قۇچىقىمغا ئالغان كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا جانلاندى: يوغان قوپال قوللىرۇم بۇ كىچىككىنە، خۇددى ئەتلەنگۈش قۇچقاچتەك قىزغۇچ تېرىلىك كىچىك جاننى تۇتۇشقىمۇ قولاشمايتى. مەن خۇددى بىر چاڭگال تۇخۇم تۇتقۇزۇپ قويۇلغاندەك، ئۇنى چىقىپ قويۇش، قولۇمدىن چۈشۈرۈۋېتىشتىن قورققاندەك ، تاتىرىپ كەتكەن ئىدىم. بالا بولسا يالاڭاچ پۇتلىرىنى خۇددى سۇدا پىلتىڭلاپ ئۈزۈۋاتقاندەك توختىماستىن ھاۋادا تىپچەكلەيتى؛ قوللىرىمۇ شۇك تۇرمايتى. بۇ ھال ماڭا ھەم قىزىق تۇيۇلاتتى، ھەم

يۈرۈكۈمنى مۇجۇيتى. قۇلاقلىرىمنى پاك قىلغۇدەك ئاۋازدا قىقىراپ يىغلاۋاتقان بالىدىن تېزراق قۇتۇلۇشنىلا ئويلىغان ئىدىم. بۇ ھالىمنى كۆرگەن گۈلزادىنىڭ ھامىمىسى — ھاۋاخان ھامما بالىنى قولۇمدىن ئېلىۋېتىپ: «نېمانچىلا قورقۇسىز؟ نەرىگىز بىجان ‹جالىلات› نىڭ ئەۋلادى سىزنىڭ!؟ خۇددى چېقىلىپ كېتىدىغان بىر نېمىنى تۇتقاندەك، قولىلىرىگىزنىڭ قولاشمىغىنىنى، ۋاي خۇدايىمەي، سىزگە بالىنىڭ نېمە گۇناھى، ئەكىلىڭە. ...» دېگەن ئىدى.

ئۇ يەردە مېنىڭ جۇشقۇن بالىلىق يىللىرىم ئۆتكەن، قاغا جىگدىلىك جاڭگاللاردا ياشلىقىمنىڭ رومانتىك ھىسقا چۆمگەن قىزغىن دەملىرى ئۆتكەن ئىدى. ئاشۇ ھاياجان، روھىمغا ئىلىلىقلىق بەخش ئەتكەن كىچىككىنە جان — ۋىجىككىنە قىز شۇئاندا قەدەمجايىدا[1] چىرىپ ياتاتتى. ئۇ يەردە يەنە كىمىم بار؟ ئەگەر ھايات بولسا ئاشۇ سۆيۈملۈك قىزچاقتىن تەۋەرۈك بولۇپ قالغان ئورۇق، مىجىمەرۇق بىر بالام بار. ئەگەر ئۇ ئەي بولمىغان بولسا ھىچنېمەم يوق دېسەمۇ بولۇدۇ. ئەمما يەنىلا يۇرت ئەمەسمۇ؟ ئۇ يەردە دوستلۇرۇم بار، تۇققانلىرىم بار؛ ئانام كۆرگەن، دادام كۆرگەن يۇرتداشلىرىم بار. بۇ غېرىۋانە تۇپراق يەنىلا بىر بېرىپ سۆيۈپ ئۆتۈشۈمگە ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر بوۋاينى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئۇنى ھەممە ئادەم «چوڭ دادا» دەپ ئاتىشاتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇنى «چوڭ دادا» دەپ ئاتىشى زادى راستىنلا ئۇز بوۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىم بولىشىدىن قەتئىنەزەر ئۆزىدىن چوڭنى ئاكا، دادىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەرنى تاغا، قېرىلارنى بوۋا دەپ ئاتايدىغان ئادىتى سەۋەبىدىنمۇ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى بۇ كىچىككىنە يۇرتتىكى كىشىلەرنى بىر نەچچە ئەۋلاد سۈرۈشتۈرسىلا بىر - بىرى بىلەن تۇغقان چىقىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ پەرزەندلىرى، پۈتكۈل تۈركلەرنىڭ بوۋىسى بىر، يەنى تۈركلەرنىڭ بوۋىسى — نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ چوڭ ئوغلى بولمىش تۈركنىڭ ئەۋلادى ئىدى. دېمەك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەر بىر قەۋمنىڭ ئۆزىگە

[1] قەدەمجاي ـ شورۇقنىڭ قەۋرىستانلىقى جايلاشقان مەھەللە، ـ ئا.

خاس بىر تۈپ يىلتىزى بار ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بوۋىسى ھېسابىدا «ئۇيغۇر بوۋاي» دەپ ئات قويغانىدى.

مەن بىر تەرەپتىن ئوغلۇمنىڭ ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈپ باقمىغان چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلسام يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر بوۋاينى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. خىيالغا چوڭقۇر پاتقانسېرى ئۇلارنىڭ چىرايى كۆز ئالدىمدا روشەنلىشىپ بارماقتىدى. خۇددى تۇغۇلۇشىدىنلا ئاشۇ ئاپپاق ساقىلى بىلەن تۇغۇلغاندەك، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەتتا بۇ يۇرتتىكى يۈز ياشتىن ئاشقان قېرىلارنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئەڭ يىراقلىرىدىمۇ ئۇ ئەنە ئاشۇ ھالەتتە ئېدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى خۇددى بىر سەبى بالىغا ئوخشايتتى. بەزىدە كىچىك باللار بىلەن تام تۈۋىدىكى ئاپتاپتا ياكى تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇۋېلىپ مۇڭداشسا، بەزىدە ئۇلار بىلەن ئويۇن ئوينايتتى. ئۇ باللارغا قوشاقلارنى ئۆگىتىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ ئاۋازدا ۋارقىراپ قوشاق ئوقۇيتتى. بىز ئىلگىرى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بارغاندىمۇ دەل ئۇنىڭ باللار بىلەن ئويناۋاتقان چېغىدا بېرىپتىكەنمىز. ئۇ بىر بالىنى مۈرىسىگە ئېلىۋېلىپ، قالغان باللارنى كەينىگە قاتار تىزىپ:

قاتار قاتار تۆگىلەر،
نەگە بارغان تۆگىلەر؟

دەپ سورايتتى. باللار تەڭلا چۇقۇرۇشۇپ جاۋاب بېرەتتى:

تۈزغا بارغان تۆگىلەر.

بوۋاي يەنە سورايتتى:

تۈزۈڭ قېنى تۆگىلەر؟

باللار چوقانلىرى بىلەن:

يولدا قالدى تۆگىلەر.

......

ئۇ چاغدا بىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىشارىسى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئويۇننى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئاۋاز چىقارماستىن تامنىڭ ئارقىسىدا كۈتۈپ تۇرغان ئىدۇق. تاكى بالىلارنى يولغا سېلىۋەتكىچە كۈتۈپ، ئاندىن دالدىدىن چىقىپ، ئۆينىڭ ئالدىغا ئۆتكەن ئىدۇق. ئەنە شۇنداق، يۇرتنىڭ بالىلىرى كەچكۈزدىن كېيىنكى بىكارچىلىقلاردا بوۋاينىڭ يېنىغا چېپىشاتتى. بوۋاي ئۇلارغا قۇرۇتۇلغان مېۋىلەردىن بېرەتتى. بىرھازا بىللە ئوينايتى. ئاندىن ئاتا ـ ئانىلار ئىزدەپ قالۇدۇ، ئەمدى كېتىڭلار دەپ يولغا سېلىپ قوياتتى.

كىشىلەر ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ئاڭلىغىنى بويىچە چۈشەنمەستىن ئۇنىڭ كەينىدە سىرلىق مەنالار يوشۇرۇنغان دەپ بىلەتتى. جاڭگالدىن ئۇلاغلىرىغا تاغار تاغار ۋە سىۋەت سېۋەتلەردە ئوت ئېلىپ ياندان كىشىلەر بىر كۈنى ئۇنىڭ زەيكەشنىڭ قىرىدا يېتىۋېلىپ، ئاسمانغا قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ سوراشتى:

ــــ چوڭ دادا، نىمىگە قاراۋاتىسىز؟

ــــ ئاسماندىكى بۇلۇتلارغا، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابى بىر ئاڭلىنىشتا كىشىگە ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى ھەرخىل شەكىللەردە تەسەۋۋۇر قىلىپ ھوزۇرلىنىۋاتقان كىچىك بالىلارنى ئەسلىتەتتى.

ــــ بۇلۇتلاغا بىرنېمە بولاپتىما؟

ــــ ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ.

بىر نەچچە يىل بۇ يۇرتنىڭ سۈيى خېلى ئەلۋەك بولۇپ بەرگەنىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى يامغۇر ياغمايدىغان قۇرغاقچىلىق بولىدۇ دەۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىشىپ ئالدىراپ سوراشتى.

ــــ بۇلۇتلار دايىمقىدەك تۇرۇدۇغۇ؟ ئاللاھى تائاللاھ ھۆل يېغىننى خېلى ئايىماي بېرىۋاتىدۇ. سىز بۇلۇتلاردىن نېمىنى كۆردىڭىز؟

ــــ ئەمدى ئۇنىڭدىن ياغىدىغىنى يامغۇر ئەمەس، قان. قان ياغىدۇ قان...

ھەقىقەتەن بوۋاي دېگەندەك، ئاسمان كۈندىن كۈنگە قىزىرىشقا باشلىدى. قاندەك ئەمەس بەلكى زەرداپتەك ساغۇك ۋە سۇس قىزىل رەڭگە كىرىپ، يۇرتتا

كەڭ كۆلەملىك قان تۆكۈلۈش يۈز بەردى. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان، كۆزلىرى كىچىك، بۇرنى پاناق، چىرايى خۇنسىز، پاچىقىنى لاتا تاسما بىلەن چىرمىۋالغان، نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان سانسىزلىغان كىشىلەر يېغىپ كەتتى. ھەممە يەردە قان ئېقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ياۋايىلىقى ئىنساندا بولۇدۇغان بارلىق تەبىئەتنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەندى. ھەقىقەتەنمۇ ئاسماندىن يامغۇر ئەمەس قان ياغدى. جېنىنى ئېلىپ يۇرتتىن قېچىپ كېتىۋاتقان سانسىزلىغان قېرى ياش، ئەر ئايال ۋە باللارنى ئۇلار بىر سايلىقتا قورشىۋېلىپ، بىرنىمۇ قويماي قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. كىشىلەر خېلى يىللارغىچە ئاشۇ سايلىقتىن ئۆتۈشكە پېتىنالماي يۈردى. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ بالدۇرراق قېچىپ كەتكەن ۋە ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاشۇ سايلىققا يېقىن جايدا ئۆيى بارلىرى ئۇزۇن يىللارغىچە كېچىلىرى ئاشۇ سايلىقتىن ئاياللار ۋە باللارنىڭ ئېچىنىشلىق پەرياتلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولۇشاتتى. بۇ ئاۋازلار بەلكىم بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ قۇلىقىدىن مەڭگۈ كەتمەسلىكى مۇمكىن.

...

ئاياق تىۋىشلىرى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. جىلغا ئىچىدىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلاندى. قارىۋىدىم بازارچىلاردىن بىرى ئېشەكلىك كېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشتۇق. ئۇ نېمىشكە تۇرۇپ قالغانلىقىمنى سورىدى. مەن بىردەم ھاردۇق ئېلىۋاتىمەن دېدىم. ھەممە ئىش بەكمۇ نورمال ئىدى. بىلىسىز بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ساددىلىقىمۇ بەزىدە دۈشمەنلىكتىن يامان. بۇ ئادەم ئاتۇشنىڭ تۇنجى مەھەللىلىرىگە قەدەم باسقاندىن تارتىپلا:

— زىنداندىن قاچقان بىر گۇناھكارنى كۆردۈم، — دەپ داۋراڭ سېلىپ ماڭغان ئوخشايدۇ (بۇنى كېيىن ناسىراخۇندىن ئاڭلىدىم). بۇ گالۋاڭلارچە قىلىنغان خالىس مەلۇمات مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە يېتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئاتۇشتىكى ئامانلىق خادىمى توختى زۇنۇن، ئاتلىق ئىككى ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن.

مەن، قاراڭغۇ چۈشتى، ئەمدى ماڭاي، دەپ قوزغۇلۇشۇمغىلا، ئالدىمدىن ئىككى ئاتلىق چىقىپ قالدى. مەڭدەپ كەتتىم، ئەمما يەنە دەرھال ئۆزەمگە كېلىپ، بەلكىم نورمال يولۇچىلاردۇر دەپ تەسەللىي ئېيتىپ، مېڭىۋەردىم. ئەمما ئاتلىقلارنىڭ مىلتىقلىق ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىنىمدە يەنە ئەندىكىپ كەتتىم. قىلغۇدەك بىر ئىش يوقىدى. قېچىشىمنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشكەندە بۆلارنىڭ مېنى تۇتقىلى كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئەلھەكمۇلىللاھ دېمەكتىن باشقا چارەم بولمىدى.

— زىنداندىن قاچقان گۇناكار سەنما؟ — دېدى ئۇلار يېقىنداپ كېلىپ.

— ياق، مەن زىنداندىن قاچمىدىم.

— نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

— تۇڭگانلاردىن قېچىپ كېلىۋاتىمەن.

— ماڭە، قەشقەرگە بارغاندا راست دەۋاتقانلىقىڭ ئېنىقلانسا شۇ يەردىن قايتىپ كېلەسەن.

— سىلە ماڭا ئىشەنمەتامسىلە؟ ئاتۇشقا ئاپىرىپ ھەركىمدىن سورىساڭلا بولۇدۇغۇ؟ — دېدىم، يۇرتۇمنىڭ بوسۇغۇسىغا كەلگەندە بېشىمغا كېلىۋاتقان بۇ پېشكەلگە ئىچىم ئېچىشىپ. ئۇلار مېنى تونۇمايۋاتاتتى. تونۇغان تەقدىردىمۇ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق ئىدى. چۈنكى مېنىڭ سەبداشلىرىمنىڭ ھەممىسى شېھىت قىلىنغان تۇرسا. ياخشىكى يانچۇقۇمدىكى دەپىي - دۇنيالىرىمدىن ھېچنېمە قالمىغان، پاكىز قۇتۇلغان ئىدىم. بولمىسا ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان بولسا تېخىمۇ بالاغا قالاتتىم. بىر بولسا ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا يېنىمدىكى ئېرىغ ماللارنى بۆلۈشەتتى، ئاندىن قارشىلىق قىلىپ ئۆلدى دەپ مەلۇم قىلىپلا قۇتۇلاتتى ياكى مېنى بۇ دەپىي - دۇنيادىن پايدىلىنىپ قورال سېتىۋالماقچى دەپلا ھۆكۈم قىلاتتى.

ئۇلار قولۇمنى باغلاپلا، دەرھال يېنىمنى ئاختۇرۇپ چىقتى. كۆپىنچە كىشىلەر مۈشۈنداق ئاختۇرۇشلاردىن قورقۇپ ئىچ ئىشتىنىنىڭ ئاستىغا ئوغرى يانچۇق قىلىپ، نەرسىلەرنى چاتىرىقىغا تىقىۋالسا كېرەك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى پۇشۇلداشلىرىنى باسالماستىن ئۆزىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىپ تۇرۇپ چاتىراقلىرىمغىچە ئاختۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ پۇشۇلداشلىرى مەندە جىق بىر

دۇنيانى ئۆچۈرۈتۈمەن دەپ جىددىيلىشىشتىنمۇ ياكى مېنى بىرەر كۈتمىگەن ھەرىكەتنى قىلىپ قالىدۇ دەپ ۋەھىمىدىنمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار يېنىمدىن ھېچنەرسە چىقمىغاندىن كېيىن، باغلانغان قوللىرىمنى ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا چېگىپ، ئىككىسى ئىككى تەرىپىمدىن يالاپ ئېلىپ ماڭدى. ئېشىكىم شۇ يەردە قالدى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تۇنجى تۇتقۇنلۇق ھاياتىم باشلانغان ئىدى.

قەشقەردە تۇنجى سوراقتىلا مېنىڭ ئابدۇنىياز تەرىپىدىن قانداق ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكىم تىلغا ئېلىندى. مەن نورمال قاچاقلار، يۇرتقا قايتىۋاتقانلار قاتاردا قايتىپ كەلگەنلىكىمنى، يولدا تۇڭگانلارغا تۇتۇلغۇنۇمنى ئېيتتىم. بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ خۇددى ئويلاپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەرگەندەك سوراقچىنىڭ گىلىرەڭ يۈزلىرى لىپىلداپ كەتتى. مەن بۇنداق يەرلەردە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلارنى پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا ئىش قىلىۋاتقاندەك قىلىپلا جېنىنى باقىدۇ، دەپ ئويلايتىم، شۇڭا يەنىلا ئۇلارنى كەچۈرۈۋۈشكە بولىدۇ دەپ قارايتىم. لېكىن بۇ سوراقچى ئىچ ـ ئىچىدىن غەزەپلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ گويا ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك، ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆيۈپ پىشىۋاتقاندەك قىلىپ كەتكىنىگە قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. توۋا! ئۇ كىم ئۈچۈن شۇنچە كۆيۈپ پىشىدىغاندۇ؟

سوراقتا بەزىدە مەنتىقىلىق گۇمانلارنى خۇددى بىلىدىغان بىر جىنايەتنى دەۋاتقاندەك سوراپ باقىدىغان ئادەت بار. بۇنداق چاغدا گېپىڭىزدە چىڭ تۇرۇپ، باشتا نېمە دېگەن بولسىڭىز ئاخىرغىچە ئوخشاش جاۋابنى تەكرارلىسىڭىز قۇتۇلۇپ كېتەلەيسىز. باشتا دېگىنىڭىز بىلەن كېيىنكىلىرى سەللا ئوخشىماي قالسا بالاغا قالغىنىڭىز شۇ. مەن بۇنى ئوبدان بىلگەچكە، كۆڭلۈمدە تەييارلىقىممۇ باردى. ئەمما بۇلار مېنىڭ پارتىزانلىق ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەنلىكىمنى كەسكىن تەلەپپۇزدا تەكرارلىغاندىلا، ئاندىن بۇ گەپنى ناسىراخۇندىن باشقا ھېچكىمگە دېمىگەنلىكىم ئەقلىمگە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن زېرىكىشلىك كامېردا ياتقان ۋاقىتلاردا ناسىراخۇننىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدىم. شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ ئىشنى شۇ دېمىسە باشقا يول يوق ئىدى. ئەمدى

قالدىكى، ناسىراخۇن تۇتۇلغان بولسا قىيىن - قىستاقلارغا چىدىماي دەپ سالغانمىدۇ؟ بۇنداق ئېهتىماللىق يوق ئىدى. چۈنكى ئىككىمىزدىن باشقا هېچكىم بىلمەيدىغان بۇ ئىشنى هېچكىم قىستاپ سوراپ يۈرمەيتى. مەن ئارىدا رېهىمنى كۆردۈم دەپ ئۇنىڭغا چاخچاق قىلغان ئىدىم. ئۇ شۇ چاغدا بۇ سىرنى رېهىمغا دېگەن، دېمىگەنلىكىمنى بۆلەكچە كۆڭۈل بۆلۈپ سوراپ كەتكەن ۋە مەن دېدىم دېگىنىمدە يېنىكلىگەندەك چىراي ئىپادىسى كۆرسەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ سورىشى بىلەن، يېنىكلىگەندەك پەسكارىغا چۈشۈشى ئوتتۇرىسىدىكى غەلىتىلىكنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىدىم. ئەمدى مەلۇم بولدىكى، ئەگەر مەن هېچكىمگە دېمىگەن بولسام، ئۇ بۇ سىرنى ئۆزىدىن باشقا هېچكىم بىلمىگەن ئەهۋالدا ساقچىغا دېيەلمەيتى، چۈنكى ئۆزى بىلىنىپ قالاتتى؛ ساقچىلارمۇ بۇنى دەلىل سۈپىتىدە ئاشكارە تىلغا ئېلىپ، خەۋەرچىسىنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا ئىمكانسىز ئىدى. شۇڭا ناسىر بۇنى رېهىمنىڭمۇ بىلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن يېنىك تىن ئېلىپ، ئەمدى بۇنى بىمالال دەۋرىسىمۇ، مېنىڭ بۇنى رېهىمدىن كۆرۈدۇغانلىقىمنى پەرەز قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن خاتىرجەم بولغان ۋە بۇ مەلۇماتنى تېگىشلىك ئادەملىرىگە يەتكۈزگەن. ئاندىن ئۇنىڭ قەشقەردە تۇرغان بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سىترقا چىقىپ كەلسىلا خېلى يامان ئەمەس نەرسىلەر تېپىپ كېلەلىشىنىمۇ يادىمغا ئالدىم. ئۇنىڭدىمۇ پۇل يوقىدى، بولمىسا. ئۇ شۇچاغدا كىملەرگە ئۇچراشقان بولغىيدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدىلا كېتىپ قالمىدىكىنە؟ بۇ سىرلىق بىر ئىش ئىدى. يەنە ئاشۇ ئەڭ سەرخىل يىگىتلەرنىڭ — مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يارامىلىق ئىزباسارلىرى ۋە مېنىڭ يېقىن سەبداشلىرىمنىڭ ئىشىدىمۇ مۇشۇ ناسىرنىڭ قولى بارلىقى ئېنىق بولۇۋاتاتتى! دەل شۇ! شۇنىڭ ئۈچۈنلا سوۋېت ئاگېنتلىرى تاراقلىمىدىكى يار ئىچىدە خەت ئېلىپ ماڭغان ئالاقچىنى پايلاپ تۇرغان! بۇ ئىشنىڭ شۇنچىلىك ئەپچىل، هېچ قۇسۇرسىز بىجىرىلىشى ئۈچۈن بىر ئىچكىي ماسلاشقۇچى بولمىسا بۇ دەرىجىدە دەل بولاتتىمۇ؟ ۋاي، گۆرۈڭدىن توڭگۇز قوپقۇر!

ماڭا چۈشۈنۈكسىز بولۇۋاتقىنى، بۇ خەلقنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان چىدىغۇسىز پاجىئەلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە قانداقمۇ دۈشمەنگە ياردەم قىلغۇسى

كېلىۋاتقىنى، ئاشۇ قان ـ ياشلىرىنى دەريادەك ئېقىتىۋاتقان مەزلۇم خەلقنى ئۇرۇش ـ يىغىلىقلاردا ئۆز ـ كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن بولسىمۇ، خەلقنى يىغلىتىۋاتقان دۈشمەنگە ياردەملىشىشتىن ئۆزىنى تارتمىغىنى ئىدى. قانداق تەبىئەتتۇر بۇ؟

ئۆتمۈشنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلىدىم. ئاشۇ ئالتىنچى دىۋىزىيە بىلەن ئىزچىلار قوشۇنىنىڭ بىرلەشمە قوزغىلىڭى ھەققىدىكى پىلاننىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىمۇ مۇشۇ ناسىراخۇننىڭ قولى بارمۇ ـ نېمە؟! شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى، ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ ئويلۇدۇم. ئاخىرىدا شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ قوزغىلاڭ پىلانىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىنىمۇ مۇشۇ ناسىراخۇندىن كۆردۈم! ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، بۇ ناسىراخۇن قەشقەردىكى چېغىمىزدا رۇخسەت سوراپ كوچىغا چىققاندا قېچىپ كەتكەن بولسا، مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولاتتى.

سوراقلاردىن بىرىدە ئوبۇلقاسىمنىمۇ ماڭا روبىرو قىلىشتى. بۇ ھېلىقى سانايى ـ نەپىسەگە مۇدىر، كېيىن مىللەت باغچىسىغا مۇدىر بولغان ئوبۇلقاسىم شۇ ئىدى. كېيىن بىردىنلا ئۇ ساقچى فورمىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەمتىلى ئەپەندىنى تۇتقۇن قىلىشقا ئاتۇشقا بارغان ئىككى تىللىق، لەنجۇ ياقۇۋاجىم دېگەننىڭ ئوغلى ئىدى[1]. ئۇ مېنى تونۇيدىغانلىقىنى، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سۆھبەتلىرىدە، ئەپەندىلەرنىڭ سۆھبەتلىرىدە كۆرگەنلىكىنى كۆز ئالدىمدا دېدى. ئىنقىلابچىلار شەھەرنى ئىشغال قىلغاندا بۇ چايان قايسى تاشنىڭ ئاستىلىقلىرىدا ياشاپتىكىن؟ ئەمدى ئۇچەكتىن چىقىپ، يەنە ئادەم چېقىشنى باشلاپتۇ.

مەن بۇ يەردە بىر مۇئەمما بولۇپ قالغان بولسام كېرەك؛ بىر قارىسا ئادەتتىكى بىر ئىسىيانچىدەك، بىر قارىسا ناھايىتى مۇھىم ئەرباپتەك. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردىكىلەر مېنىڭ دىلويىمغا بەك جىددىي مۇئامىلە قىلدى. مۇھىم ئادەملەرنىڭ كۆپۈنچىسى ئۈرۈمچىگە توپلىناتتى. مېنىڭمۇ ئەگەر مۇھىم ئادەم بولۇپ چىقسىپ، كېيىن چوڭ ئىشقا تەسىر يەتكۈزۈشتىن، يوقۇرىدىن تەنقىت ئاڭلاشتىن قورققان قەشقەردىكى دائىرىلەر مېنى ئۈرۈمچىگە يوللاشقا قارار

---

[1] تەپسىلاتلار ئۇچۇن تارىخىي رومان «باياۋاندىكى گۈلخان» غا قارالسۇن. ـ ئا.

قىلغاندەك قىلاتتى. شۇڭا كېيىنكى ئايلاردا مېنى ئۈنتۈپ قالغاندەكلا تاشلىۋېتىشتى.

ئۈچىنچى ئاينىڭ كىرىشى بىلەن مېنى كۆشۈك هارۋىغا خۇددى قەپەزگە قۇش سولىغاندەك سولاپ، ئالتە ئاتلىق ئەسكەرنىڭ هىمايىسىدە ئۈرۈمچىگە يوللىدى. ئەسكەرلەرنىڭ بىرى مۇشۇ سەپەرگە مەسئۇل خىتاي ئونبېشى، قالغانلىرى ئىلگىرىكى قوزغىلاڭچىلاردىن تەرتىپكە سېلىپ تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن ئىدى. ئالدىمىزدا خىتاي غۇدۇيۇپ ماڭاتتى. ئىككى تەرىپىمدە ئىككى ئەسكەر، ئارقامدا ئىككىسى كېلەتتى. مەن قەپىزىمنىڭ ئاراچىلىرىدىن يول بويى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ، ئۆزەمنىڭ تۈگىمەس خىياللىرىمغا چۆمگەن هالدا كېلەتتىم. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سابىت دامولللىنىمۇ مانا شۇ يوللاردىن ئېلىپ مېڭىشقان ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئەسكەرلەر يالاپ ماڭغان بولسا كېرەك. چۈنكى خوجانىيازنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغاچقا، خوجانىيازنىڭ بۇيرۇقى بويىچە غوپۇر پولكوۋنىك تۇتقۇن قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇ كۆشۈك هارۋىدا ئەمەس، ئاقسۇغىچە پىيادە ئېلىپ مېڭىلغان ئىكەن.

تۈگىمەس شورلۇقلار، ئاندىن كۈنلەرچە ماڭسىمۇ ئاخىرى كۆرۈنمەيدىغان توقايلىقلار، تاشلىق سايلار، ئېقىنلار، تاغ ـ داۋانلار ئاستا ـ ئاستا ئارقىمىزدا قالاتتى. دەم ئېلىشقا توختىغاندا، ئۆتەڭلەردە هاجەتكە بېرىشقا توغرا كەلسە چۆلۈۋۈرۈمنىڭ بىر ئۇچىنى ئىككى ئۇيغۇر ئەسكەر تۇتۇپ ئاپىراتتى. مەن ئۇلار بىلەن يالغۇز قالغاندا بىرەر ئېغىز گەپ سورىسام ئۇلار تاتىرىپ كېتەتتى:

— گەپ قىلماڭ، ئەپەندىم، بىزگە گەپ قىلىش ياساق[1]، — دەيتى ئۇلار ئالدى ـ ئارقىسىغا هولۇقۇپ قاراپ.

ئەگەر خىتاي ئۇقۇپلا قالسا ئەسكەرلەرگە قەهرى بىلەن ۋارقىرايتى. دېمەك ئۇلارغا بېرىلگەن بۇيرۇقتا مەن بىلەن هەرقانداق شەكىلدە گەپلىشىش چەكلەنگەن ئىدى. مېنى بەكمۇ خەتەرلىك ئۇنسۇر دەپ تاپىلىغان بولسا كېرەك، شۇنچىلىك دىققەت قىلىشاتتىكى، ئالتىسى تۇرۇپمۇ مېنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن

[1] ياساق ـ چاغاتاي تىلىدىن (ئەسلىسى موڭغۇلچىدىن) ـ چەكلەنگەن، مەنىسىدە.

قورقۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. خىتاي بولسا ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە ئىشەنمىگەچكە تېخىمۇ يۈرىكى سۇ بولۇپ كېتىۋاتسا كېرەك. بۇ مۇئامىلىدىنمۇ ناسىراخۇننىڭ خىزمىتىنى كۆرگىلى بولاتتى: ئۇ مېنىڭ جەڭلەردىكى تەدبىرلىرىمنى، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلىقىمنى، چەبدەس، چەۋەندازلىقىمنى، ئىزچىللارغا ئۆگۈتۈلگەن ماھارەتلەرگە بەكمۇ پىششىق ئىكەنلىكىمنى، شۇڭا ئادەتتىكى بىرنەچچە ئادەمگە تاقابىل كېلىش مەن ئۈچۈن ئاسان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى،... قىسقىسى مېنىڭ جىمىكى ئۆزگۈچۈلۈكلىرىمنى قويماي مەلۇم قىلغاندەك قىلاتتى.

ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىنى بۇنداق تەپسىلىي ساياھەت قىلىش پۇرسىتىنى نېسىپ قىلغان ئاللاھقا شۈكرى دەيتتىم بەزىدە. كەچمىش دەپتىرىمنى ۋاراقلاپ، بېشىمغا كەلگەنلەرنى بىر باشتىن تەكرار تەكشۈرۈپ چىقاتتىم. نېمىلەرنى خاتا قىلغانلىقىمنى، نېمىلەرنى چالا قىلغانلىقىمنى، نېمىلەرنى قولدىن بەرگىنىمنى،... بەلكىم مېنى كۈتۈپ تۇرغىنى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولسا كېرەك. ئەمما مەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىدە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىت بولۇشقا ھەققىم يوق ئىدى. مەن چوقۇم «بىر يامانلىقنىڭ ئارقىسىدىن بىر ياخشىلىق باردۇر»① دېگەنگە قەتئىي ئىشىنىپ، ئۆزەمگە ئۈمىتۋار بولۇشقا مەدەت بېرەتتىم. كۆشۈك ھارۋا مەندەك بويى بار ئادەملەر ئۈچۈن تار بولۇپلا قالماي، ئادەتتىكى ئادەم ئۈچۈنمۇ ئۇزۇلۇپ ياتقىدەك ئەمەس ئىدى. مېنى ھەممىدىنمۇ شۇنىسى قىينايتتى. بۇ تۆگۈمەس سەپەردە يول بويى يىغىلىپ ئولتۇرۇشتىن بەدىنىم ئۇيۇشۇپ، پەيلىرىم تارتىشىپ كېتەتتى. دەم ئېلىشقا توختىغاندا، بىرەر سۇ بويىدا بولغاندا مەن پۇرسەت تېپىپ تاھارەت ئېلىۋالاتتىم. باشقا چاغلاردا تاھارەت ئېلىۋېلىشىمغا پۇرسەت بېرىشمەيتى. پەقەت تەيەممۇم قىلاتتىم. ئاندىن ھارۋىدا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان ھالدا توختىماي ناماز ئوقۇيتتۇم. تەسبىھ ئېيتاتتىم،... خىيال سۈرەتتىم. تاشقىرىدىكى مەنزىرىلەر شۇنچىلىك زېرىكىشلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ھوزۇرلىنىپ تاماشا قىلىۋاتقاندەك قارايتتىم. كېچىسى ئارقا شادىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلايتتىم. ئۇيقۇلۇقتا بەزەن

① «ئىنشىراھ» سۈرىسىدە تەكرار ئىككى ئايەت. ـ ئا.

بىلمەستىن شەلۋەرەپ تۇرغان يارام بار يەرلىرىمنى قەپەزنىڭ شادىسىغا ئۇرۇۋالسام، ئاغرىق مېڭەمگە چىقىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈيقۇم قېچىپ، بىر ئۆزۈمچە تەكرار ئۇيقۇمنى تاپالماي، قىينىلاتتىم. بۇنداق ئاغرىق ئازابى تۇتقاندا ئۆرۈمچىگە تىرىك بارالىشىمغا ئىشىنەلمەيمۇ قالاتتىم. بىز خۇددى دۇنيانىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك بۇ يول تۈگىمەيتى. يەنە شۇ يۇلغۇنلۇقلار، شورلۇقلار، تاشلىق سايلار، سازلىقلار، توقايلىقلار،....

ئۈرۈمچىنىڭ ئەمدىلا ئىللىشقا باشلىغان كۈنلىرى — تۆرتىنچى ئاينىڭ بېشىدا مەنزىلىمىزگە يېتىپ كەلدۇق. ئۈرۈمچىدە بۇ ئايلاردا بەزەن ئەتىياز ھاۋاسى ئېسىپ، ئەمدى جاھان ئىسسىپ كېتىدىغاندەك ئۈمىد بېغىشلىسىمۇ، تۇرۇپلا مۇدھىش قىش ھاۋاسى كېلىپ باساتتى.

ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات لېكىن لاي - لاتقا بىلەن تولغان كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا خىش - كېسەكلەردىن ياكى تاختايدىن ياسالغان سانسىزلىغان ئېگىز - پەس بودكىلارنى ۋە سايىۋەنلەر ئاستىدىكى دۇكانلارنى كۆرۈپ ماڭدىم. ھالسىزلىقىمدىن كۆزۈمنى ئاچقۇدەكمۇ مادارىم يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۈچۈن يوچۇن بولغان، ئاللىنىمىسى بىلەن قىزىقتۇرۇپ تۇرغان چوڭ شەھەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنىم ئۈچۈن، مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتىكى قاپاقلىرىمنى كۈچەپ ئېچىپ، ئەتراپقا قارايتتىم. كوچىلاردا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئۇيغۇرلار مېنىڭ قانداق بىر يامان گۇناھ قىلغان گۇناھكارلىقىم ھەققىدە بىلگىسى كەلگەندەك گۇمان ۋە قىزىقىش بىلەن قارىشاتتى.

بىردەمدىن كېيىن بىز يۈرتىمىزدا كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە ئۇسلۇپتىكى دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، چوڭ بىر كوچىغا بۇرۇلدۇق. بۇ يەردە بىر قەدەر رەتلىك بىنالارنى ۋە مىغىلدىغان خىتايلارنى كۆردۈم. ئاۋات لېكىن تارراق بىر كوچىغا بۇرۇلغىنىمىزدا يول بويىدىكى خىتايلارنىڭ بىزنى كۆرۈپ ۋارقىراپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشكىنىنى ئاڭلىدىم. چىراي ئىپادىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇلارنىڭ يامان گەپلەرنى قىلىپ تىللاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. ئويلۇغۇنۇمدەك، ئارقىدىنلا ئۇلار قوللىرىغا چىققان نەرسىلەرنى مەن تەرەپكە ئاتقىلى تۇردى. ئۇلار ئاتقان تاش چالمىلارنىڭ بەزىلىرى قەپەزنىڭ شادىلىرىغا تېگىپ قاڭقىپ كېتەتتى، بەزىلىرى ئارىلىقتا ئۇدۇل كېلىپ قالسا ماڭا

تېگەتتى. بەدىنىمدىكى تۈيغۇلار غۇۋالىشىپ، ئۆزەمدىن كېتەي دەپ قالغىنىم ئۈچۈن، ئېتىلغان نەرسىلەردىن ئۆزەمنى قاچۇرۇشىمۇ خىيالىمغا كەلمەيتى. بەزىلىرى يالاپ ماڭغان ئەسكەرلەرگىمۇ تېگەتتى. ئۇلارمۇ ھېرىپ ماجالىدىن كەتكەچكە ئىنكاس قايتۇرغۇدەك ھالدا ئەمەس ئىدى.

بۇ ئۇزۇن ھەم مۈشكۈل سەپەردە ئەگەر مەندەك بىر جىسمانىي قۇۋۋىتى ئاللاھىدە بولغان بىرسى بولمىغىنىدا جەزمەن يولدا ئۆلەتتى. مەنمۇ پەقەت ئۆلۈك- تىرىكلىكنىڭ ئارىسىدا بىر ۋەزىيەتتە ئارانلا كەلدىم. چۈنكى بەدىنىمدە بىرمۇنچە يارىلىرىم باردى. سوغۇق جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە قىزىتمام ئۆرلەپ كەتكەن ئىدى. مەندەك بىر مەھبۇسنى داۋالاپمۇ كەتمەيتى. بۇ ھالدا ئۆلۈدۈغانلىقىم كەسكىن ئىدى. ئويلۇغۇنۇمدەك مېنى تۈرمىنىڭ قىستاڭ كامېرىغا ئەكىلىپ تاشلىغاندا يېرىم بىھوش ھالدا ئىدىم. كېيىن تامامەن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

بۇ ھالدا نەچچە كۈن ياتتىمكىن، بىر چاغدا ئىنتايىن زەئىپ ھالدا ھوشۇمغا كەلدىم. كامېرىمىز ئاللاھىدە جىنايەتچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس كامېر ئىكەن. ئۆزى كىچىك، ئەسلىدە موھىم سىياسىي مەھبۇسلارنى يالغۇز قاماشقا پىلانلانغان بولسىمۇ، ھازىر تۈرمىلەر توشۇپ، سولايدىغان يەر قالمايۋاتقاچقا، بۇ يالغۇز كىشىلىك كامېردىمۇ مەندىن باشقا ئۈچەيلەن باردى. ئۇ زامانلاردا خۇددى بۈگۈنكىدەك، تۈرمىگە كىرىدىغانلارنىڭ كۆپچۈلۈكى ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. شۇڭا بۇ ئۈچەيلەندىنىمۇ ئىككىسى ئۇيغۇر، بىرى موڭغۇل ئىكەن.

ئاستا - ئاستا ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇزاقتا سوزۇلغان جىم - جىت كۈنلەر ۋە تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىرەر ئەمەككە ئېھتىياجىمىز باردى. ئۇنىڭسىز مەنىسىز خىياللارنى تولا قىلىپ ئېلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇراتتى. مەن سەللىمازا ساقايغىچە مېنى سوراققا ئاچىقمىدى. بۇ پۇرسەتتە كامېرداشلىرىمنى كۈزەتتىم. ئۇلار بىر نەرسىگە قىزىقىدىغاندەك قىلمايتى. ئۇلار جاھاندىنمۇ، جاندىنمۇ بەزگەندەكلا ئىدى. ئۇخلايتى ياكى ئويغاق بولسىمۇ پۇشۇلداپ يېتىشاتتى. بەزىدە ئۆز ئارا بىمەنە تېمىلاردا سۆزلەشسىمۇ، بۇ پاراڭلارنىڭ چويلىدا توختايدىغان يېرى بولمىغاچقا، بىر يىپ بويلاپ ھەركۈنى داۋاملىشىدىغان تىپتىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا بەزەن ئەرزىمىگەن بىر نەرسىنى

تالىشىپ ئۇرۇشۇپ، ئەپسانە تىل - ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇشاتتى.

بۇ يەردە مەن تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر بولدۇم. تاھارەت ئېلىش ھېچ ئىمكانسىز ئىدى. مېنىڭ قازاسىز ناماز ئوقۇشۇم ئاخىرى ھەمراھلىرىمدا قىزىقىش پەيدا قىلدى. ئۇلارمۇ ئەسلىدە ناماز ئوقۇيدىكەن، ئەمما ئاللاھقا قېيداپ تاشلىۋەتكەندەك تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مېنىڭ زېرىكمەستىن ناماز ئوقۇشۇمغا قاراپ، بىر ئاز يۈزى قىزاردىمۇ قانداق، مەن بىلەن، دىن، ئاللاھ، ئېتىقاد مەسىلىلىرى ھەققىدە گەپلىشىپ قالدى. بۇ گەپلىشىش دەسلەپ مەسخىرىلىك ھەمدە پەقەت زېرىكىشنى بېسىش ئۈچۈن سۆھبەت ئېھتىياجىدىن بولغان بولسا، بارا - بارا قىزىقىشقا ئايلىنىپ كەتتى. موڭغۇلمۇ ئۇيغۇرچە بىلەتتى. ئەسلىدە چالا بىلىدىغان بولسىمۇ، تۈرمىدە ئۇيغۇرلارغا ھەمرا بولۇپ يېتىش جەريانىدا ئۇيغۇرچىنى ئانا تىلىدەك سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۈمۇ ئىچ پۇشقى ھېسابىدا سۆھبىتىمىزگە قۇلاق سېلىپ بىر چەتتە ئولتۇراتتى. بەزىدە سوئالمۇ سوراپ قوياتتى.

بۇ يەردە مەن مەسئۇلىيىتىمنى دەرھال تونۇدۇم. بۇ ئادەملەرنى پايدىلىق ئىشقا يېتەكلىشىم كېرەكتى. ئۇلارنىڭ مەنىسىز پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى بىچارىلىك ۋە قۇپ - قۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بوشلۇقنى، سىداملىقنى، مەنىسىزلىكنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئەگەر ھاياتقا مەسئۇلىيەتچان بولسىڭىز مانا شۇنداق، ھەريەردە سىزنىڭ بىر ۋەزىپىڭىز تېپىلىپ تۇرىدۇ.

**— توختاڭ، سابىتكا، يادىمنىڭ بېرىدا بىر سوئال سورىۋالاي، — دېدىم سۆھبەتنى بۆلۈپ، — ھەريەردە بىر مەسئۇلىيەت تېپىلىپ تۇرۇشى مېنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. بۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەربىيىسىدىن بولغانلىقىنى بىلىمەن، ئەمما قىزىقىمەن، بۇ يېڭى تۈركىيە مائارىپىنىڭ تەسىرىدىن مەنبەلەنگەنمۇ - قانداق؟**

**— ياق، — دېدى سابىت ئەپەندى كەسكىن رەت قىلىپ، — بۇ تەربىيە دىنىنى مەنبە قىلغان. پەيغەمبەر ئەخلاقى. ھەربىر مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبەر ئەخلاقى بىلەن**

ئەخلاقلىنىشى ئومۇمىي تەلەپ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئاخىرقى ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد (سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم) ئىنسانلارنىڭ رەھبىرى، ئۇستازى ۋە ئۈلگىسى. ئۇنىڭ قىلغىنىدەك قىلىش، ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىش سۈننەت بويىچە ئىش قىلغانلىق بولىدۇ.

بۇ جاۋاب بىرئاز مېنىڭ كۈتمىگەن يېرىمدىن چىقىپ، مېنى ھەيران قالدۇردى. دىنىدا ھەقىقەتەن ئۆگىنىشكە تېگىش نۇرغۇن نەرسە باردى. دىنىنىڭ بۈگۈنگىچە بىزنىڭ چۈشەنگىنىمىزدەك ئەمەسلىكى ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. سابىت ھېكايىسىنى كەلگەن يېرىدىن داۋام قىلدى:

**موڭغۇلدىن** ئىسمىنى سورۇدۇم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ:

— يەسۇگەي، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ۋاھ، ئىسمىڭىز قالتىسكەن، چىڭگىزخاننىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى قويغىنىدىن قارىغاندا، چىڭگىزخان بىلەن بىر قەبىلىدىنمۇ - يا؟

— سىز قانداق بىلىسىز؟ — ھەيران بولدى ئۇ. ئاۋۇ ئىككى ئۇيغۇرمۇ ھەيران بولۇشۇپ:

— بۇ خەقنىڭ ئۆتمۈشلىرىنىمۇ بىلەمسىز؟— دېيىشتى.

قىسقىسى مانا شۇنىڭ بىلەن موڭغۇلدا ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغۇنۇپ، ماڭا قۇلاق سالىدىغان بولدى. مېنىڭ بۇ يەردىكى مەسئۇلىيىتىم دېگىنىم، بىرى، ئۇنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىش مەجبۇرىيىتىم، يەنە بىرى، مۇسۇلمان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، كېيىن نامازنى تاشلىۋەتكەن ئاۋۇ ئىككەيلەننى قايتىدىن توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىش ئىدى. ئۇلار «دىنىڭ نېمە؟» دېسە، «ئىسلام» دەيدىغان بولسىمۇ، بۇ پەقەت مۇسۇلمان ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈنلا دېيىلىۋاتقان گەپ، ئەمما مۇسۇلمانلىق مىراسخورلۇق شەكلىدىكى ماددىي مۈلۈك ئەمەس؛ ئۆزى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىشى ۋە دىلى بىلەن تەستىق قىلىش شەرت بولغان ئىدىئولوگىيىلىك ئۇقۇم. مەسىلەن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئاشۇ كۈنلەرگىچە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەنلەردە شۋېت مىسسىئونېرلىرى خىرىستيان

دىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىتى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، ئېتىراپ قىلدۇرۇش بولماستىن، كەمبىغەل، مۇھتاج يېتىملەرنى پۇل بىلەن ئالداش شەكلىدە بولغاچقا ئۈنۈمسىز بولۇپ كەلدى. بۇ ھەركەت دىن تارقىتىش دېگەندىن كۆرە، كۇلتۇر تۇپى ئۈچۈن تەرەپدار كۆپەيتىش ئۇرۇنۇشىدۇر. شۇڭا ئۇلارغا كىشىلەرنىڭ خرىستىيانلىقتا ھەقىقەتەن قايىل بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ پەرقى يوق، پەقەت «مەن خرىستىيان بولدۇم» دېيىشىلا كۇپايە.

ئەمما ئىسلام ئۇنداق ئەمەس. ئىسلامدا ئۇنداق ئاغزىدا دەپلا قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. چىن دىلىدىن قايىل بولۇش لازىم. شۇڭلاشقا زورلاش، ئالداش ۋاستىلىرى قوللۇنۇلمايدۇ. قۇرئاندا ئېنىق قىلىپ: «دىندا ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوق» دېيىلگەن. بىزنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردىكى ئەجداتلىرىمىز ئۇچرىغان بەختسىزلىكلەرنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ مانا شۇنداق «مىراسخورلۇق تىپىدىكى مۇسۇلمان»غا ئايلىنىپ قالغانلىقى؛ دىنىنىڭ ماھىيىتىدە ياتقان ھەقىقەتنى تونۇمىغانلىقى، ئىچىدىن تەستىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بولدى. ئۇنداق بولمىسا ئىدى، سۇلۇكلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى راست قىلىش ئۈچۈن كاپىرلارنى ۋەتەن تۇپرىقىغا باشلاپ كېلىپ، ئۆزىگە ئوخشاش مۆمىن خەلقنى قىرغىن قىلدۇرمايتى؛ زورۇڭتاڭ قوشۇنلىرىنى چاچاڭ قۇرۇپ كۇتۇۋالمايتى. چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسىگە كۆرە «كاپىرلار مۇسۇلمان تۇپراقلىرىغا بىر قەدەم باسقان مىنۇتتىن باشلاپ، ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارغا جىھات پەرز بولۇدۇ». ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شۇنداق پەرزكى، بالا ئاتىسىدىن، خىزمەتكار خوجايىنىدىن، ئايال ئېرىدىن سوراپ ئولتۇرماي جەڭگە ئاتلىنىشى كېرەك. ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ تۇپرىقى ھېچقاچان مۇنقەرز بولمايدۇ! چۈنكى ئېتىقادىمىزنىڭ ئەڭ تۈپكى پىرىنسىپلىرىدىن بىرى ئاللاھقا شېرىك قوشماسلىق. ئەگەر بىز بىر ئىنسانغا قۇللۇق قىلساق، ئۇنى خۇدا قىلىۋالغان، ئاللاھقا شېرىك قوشقان بولۇپ قالىمىز. بۇ دېگەنلىك، بەندە پەقەت ئاللاھنىڭلا قۇلى، بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇللۇقنى تەن ئېلىش ــ مۇشرىكلىك بولۇدۇ!

راستىنى دېسەم مېنىڭ روھى دۇنياسىم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى سوئاللىرىمنى ۋاقتىدا سورۇۋالمىسام بارغانسېرى سورايدىغانلىرىم كۆپىيىپ كەتسە، باشتىكىلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بۆلۈشكە مەجبۇر بولدۇم:

— كەچۈرۈڭ، سابىتكا، سۆزۈڭىزنى بۆلدۇم. بۇگۈنگىچە مېنىڭ، مېنىڭلا ئەمەس، بارلىق زىيالىيلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە، بىزنىڭ بارلىق بەختسىزلىكىمىزنىڭ سەۋەپچىسى دىندەك، دىن بىزگە ھەممىگە سەۋر قىلىش، ھەممىگە چىداشنى تەلقىن قىلىش بىلەن، زۇلۇملارغا چىداشقا ئۆگەتكەندەك بىر تەسىرات بارىدى؛ ئەمما شۇئاندا سىز تامامەن باشقا تۇرلۇك بىر ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مېنى بەكمۇ ھەيران قىلدىڭىز. بۇ دەۋاتقىنىڭىز ھەقىقەتەن راستمۇ؟ بىزنىڭ ئىلگىرىكى چۈشەنگەنلىرىمىزنىڭ راستى بىلەن يالغىنى قەيەردە؟

— بۇ دىننى قانداق چۈشەندۇرۇش، قانداق چۈشۈنۈش جەھەتتىكى چاتاق. ھەرگىزمۇ دىننىڭ گۇناھى ئەمەس. مەسىلەن، سىز دەۋاتقان ھەممە ئازاپ - ئوقۇبەتلەرگە، زۇلۇمغا سەبر قىلىش مەسىلىسى تامامەن خاتا چۈشەندۇرۇلگەن. ئەمەلىيەتتە سەبر، «سابات» بىلەن بىر يىلتىزدىن چىققان سۆز بولۇپ، چىدام، غەيرەت، مەزمۇت تۇرۇش، تىرەجەش مەنىلىرىدە. بۇ زالىمنىڭ زۇلمىغا چىداش مەنىسىدە ئەمەس، ئۆز غايىسىگە يېتىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارغا چىداش، تىرەجەش ۋە قىلچىمۇ سىلجىماستىن مەقسەتكە يەتمىگۈچە بوشاشماسلىق دېگەن مەنىدە. يەنە، زىيالىيلاردا شۈكۈر قىلىشقا قارىتامۇ ئاشۇنداق سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش مۇئامىلىسى بار. شۈكۈرمۇ شۇنداق تەتۈر چۈشۈنۈلگەن ۋە چۈشەندۇرۇلگەن. شۈكۈر — ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە رەخمەت ئېيتىش مەنىسىدە. ھەرگىزمۇ زالىم ئۇرسىمۇ شۈكۈر، زەھەر - زوقۇم يىگۈزسىمۇ شۈكۈر قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. ھۆكۈمرانلار دىننى سۇئىستىمال شەكلىدە پايدىلىنىدۇ. بۇ تارىختىن بولۇپ كېلىۋاتقان بىر ئۇقۇم. لېنىن شۇنداق دېگەن ئەمەسمۇ: «جىمىكى ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ھەرقاندىقى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىككى ئىجتىمائىي فونكسىيىگە مۇھتاج بولۇدۇ: بۇنىڭ بىرى، جاللات فونكسىيىسى؛ يەنە بىرى، پوپلۇق فونكسىيىسى. جاللات — ئېزىلگۈچىلەرنىڭ قارشىلىقىنى ۋە

قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرىدۇ، پوپ ئېزىلگۈچىلەرگە تەسەللى بېرىدۇ. ئۇلارغا سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، ئازاپ ـ ئوقۇبەت ۋە قۇربانلىقنى ئازايتىشنىڭ كەلگۈسىدىكى مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ... شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مۇنداق ھۆكۈمرانلىققا چىداشقا دەۋەت قىلىدۇ.» سىزنىڭ ئاڭلىغىنىڭىز ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ «پوپ»لىرى تەرىپىدىن، خەلقنى ھۆكۈمرانلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان تەلقىندىن ئىبارەت. بۇنى دىن دەپ چۈشەنگىنىڭىزنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكىمىز.

— خۇددى ئاشۇ ھۆكۈمران سىنىپلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن دىندىن سۇئىستىمال شەكلىدە پايدىلانغاندەك، ئاشۇ سىياسىي كېڭەشنىڭ «پوپ»لىرى دىننى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەندەك، سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىڭىزغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرمەيۋاتقانسىز؟ يەنى ئاشۇ سەبىرنىڭ زۇلۇمغا چىداش ئەمەسلىكى تېمىسىدا؟

— سىز قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ئۇچراتمىدىڭىزمۇ؟ بەلكىم دىققەت قىلماي ئۆتۈپ كەتكەنسىز، شۇنداق بىر ئايەتنى سەبىر ھەققىدىكى شەرھىمگە دەلىل قىلالايمەن: «ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھوزۇرۇدىكى ساۋاپ تېخىمۇ كاتتا، تېخىمۇ باقىي».

ئۇ مېنىڭ قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇشقا باشلىغىنىمنى قانداق بىلدىكىنە؟ دەپ بەكمۇ ھەيران قالدىم. ئاۋۇ كۈنى ئۇنىڭ بۇ مەۋزۇدا دېگەنلىرىدىن يۈزۈم قىزىرىپ، دەرھال كىتاپخانىغا بېرىپ، تەرجىمىنى سېتىۋېلىپ، ئوقۇشقا باشلىغان ئىدىم. ئەمما بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغان تۇرسام، ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ ئورانىدىكى دىنىي تېرمىنلارنى ئىشلىتىشىمدە كۆرۈلگەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۆزگىرىشكە قاراپلا بۇنى بىلىۋالغانمىدۇ؟ نەقەدەر زىل ئادەم بۇ؟!

— ئىسلامدىكى «جىھاد» ئۇقۇمىنى قانداق چۈشەندۈرۈسىز؟ ئۇنى «ئۇرۇشخۇمارلىق» نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەنلەرنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز، «جىھاد»نىڭ پەرزلىكىدىكى تەخىرسىزلىك بۇ شەرھىلەشنى تەستىقلامدۇ، نېمە؟

— ياق، كەسكىن تۇردە ياق! ئىسلام — تېنچلىق دىنى. ئىسلام تەشەببۇس قىلىۋاتقان «جىھاد» — «ھۇجۇم»نى ئەمەس، «مۇداپىئە»نى ئاساس قىلىدۇ. دىققەت قىلمىدىڭىزمۇ، ھەدىستە «جىھاد»نىڭ تەخىرسىز پەرزلىكى

تەكتىلەنگەندە بىر شەرت قوشۇلغان: «كاپىرلار مۇسۇلمان تۇپرىقىغا بىر قەدەم ئېلىشى بىلەن»! بۇ دېمەك، ئۇ تاجاۋۇز قىلمىسا، سەن تاجاۋۇز قىلمايسەن. قۇرئاندا يەنە «تاجاۋۇزچىلىق قاتىللىقتىنمۇ يامان» دېگەن ئايەتلەرنى كۆرۈسىز. يەنە ئۇرۇش توختىتىشنى، سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان كاپىرلارغا تەكرار ھۇجۇم قىلىش، زۇلۇم سېلىشنىڭ گۇناھلىقى ھەققىدىمۇ ئايەتلەر بار. ئىسلام ھەققىمىزنى قوغداشقا تۈيغۇن، سەزگۈر بولۇشۇمىزنى، ئىنسانلىق، خەلپىلىك رولىمىز، سۈپىتىمىزنى ساقلاشقا سەزگۈر بولۇشۇمىزنى، قۇللۇققا ھەرگىزمۇ تەن بەرمەسلىكىمىزنى تەلقىن قىلىدۇ.

— كۆپىنچە كىتاپلاردا دىنىنىڭ رولى ھەققىدە كىشىلەرنى روھىي جەھەتتە قۇل قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇز قارنىنى تويغۇزۇش دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

— بۇ تېخىمۇ بىمەنە، كوممۇنىستلارنىڭ دىنىنى يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن توقۇغان تۆھمەتلىرىدىن بىرى. ئاللاھ قۇرئاندا «ھەقنى يەتكۈزگىنى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلارغا ئەگىشىڭلار» دېگەن تۇرسا.

— بولدى، ھېكايىڭىزنى داۋام قىلىڭ، بۇ ھەقتە كۆپ سوئاللىرىم بولۇشى مۇمكىن، كېيىن يەنە سورايمەن، — دېدىم رازىمەنلىك بىلەن.

ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى.

✍ ✍ ✍

**ھەمرالىرىم** بىلەن يېقىنلىقىمىز ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئۇلاردىن تۈرمىگە تاشلىنىش سەۋەبلىرىنى سورىدۇم. ئۇ چاغلاردا تۈرمىگە كىرىش ھېچقانداق قانۇنىي تەرتىپلەر بويىچە بولمايتى. بىرەر ئەمەلدارمۇ كۆزىگە سەت كۆرۈنگەن ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ، قاماققا ئالالايتى. بىرەر يالغان مەلۇماتنى يېزىپلا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆمرىنى زىنداندا تۈگىتىۋېتەلەيتى. (ھازىرمىغۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ جەھەتتە بەك ئۆزگىرىش بولدى دەپ قارىمايمەن.) يېنىمدىكى بىچارە تۇتقۇنلارنىڭ ھالىمۇ بۇنىڭدىن باشقىچە ئەمەس ئىكەن. گەپنى ئاۋۇتماي، موڭغۇلنىڭ كەچمىشىنىلا مىسال بەرسەم يېتەر: خىتايلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئات سېلىقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يايلاققا چىققان

بىر خىتاي ئۇفىتسېر يەسۇگەي بىلەن ئات چېپىشتا بەسلىشىپ باقماقچى بولۇپتۇ. ئوتتۇرىدا خېلى چوڭ گەپلەر، لاپلار بولۇپ ئۆتكەندەك قىلىدۇ. لېكىن خىتاي يەسۇگەيدىن يېڭىلىپ، بەكمۇ ئوسال بوپتۇ. بۇنىڭ ئاچچىقىغا چىدىمىغان خىتاي، ئۇنى شۇ يەردىلا تۇتۇپ، ھەيدەپ ئەكىتىپتۇ. ئاپىرىپ، خوتۇنسۇمبۇلدىكى ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. گۇناھى ھەققىدە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان، شايكا توپلىغان دېگەندەك، ئاغزىغا كەلگەنلا گەپنى قىلىپ قويۇپتۇ. ساقچىدىكىلەر بۇ مەزمۇننى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ، جانلىق شەكىلدە بىر ماتېرىيال تەييار قىلىپ، يوقۇرىغا سۇنغان ئىكەن، ئۇنى بەك مۇھىم سىياسىي مەھبۇس ھىساپلاپ، ئۈرۈمچىگە يوللاپ بېرىش تەلەپ قىلىنىپتۇ. مانا شۇنداق، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ جېنى ئويۇنچۇق دېگەن گەپ.

كۈنلەر ۋە تۈنلەر بويى ئىشىكى قۇلۇپلانغان كىچىككىنە بىر بوشلۇقتا ھاياتنىڭ يىللىرىنى كەچۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققانمىدىڭىز؟ بۇنداق سولۇنۇپ ئولتۇرۇشنىڭ نەقەدەر زېرىكىشلىك، نەقەدەر جاننى قىينىغۇچى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنەلىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. يىللار بويى ئەنە شۇ كىچىككىنە بوشلۇقتا، ئوخشاش مەشغۇلات، ئوخشاش ئادەم، ئوخشاش ھەركەت، سېسىق ھاۋا، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان يېرىم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئولتۇرۇپ كۈنلەرنى كەچ قىلماق، تۈنلەرنى تاڭ ئاتقۇزماق ھەركۈنى بىر قېتىم تاياق يەپ تالادا ياشىغاندىنمۇ يامانراق. بۇنداق بۇرۇختۇم مۇھىت نورغۇن ئادەملەرنى ساراڭ قىلىپ قويسا، نورغۇن ئادەمنى سالامەتلىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. روھى جەھەتتىن مەھكەم بولالمىسىڭىز تۆگىشىپلا كېتىسىز. بىر ماشىنىنىڭ ھەركەتلىرىگە ئوخشاش تەكرارلىنىش ئىچىڭىزنى پۇشۇرۇدۇ. چىداش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇنداق ئەھۋالدا ھاياتىڭىزغا يېڭى ـ يېڭى مەنا بېرىشنى بىلمىسىڭىز، ئاھ ـ ۋاھلاپ تەقدىرىڭىزدىن ئاغرىنىپ ۋە قېيداپ ياتىدىغان بولسىڭىز، تىرىك تۇرۇپلا مۇردىغا ئايلىنىپ قالىسىز.

ھەر ئەتىگىنى مەن بامدات نامىزىدىن كېيىن گىمناستىكا ئوينايتىم. تۈرمەداشلىرىم باشتا خۇددى مەن ئۇلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىۋاتقاندەك مېيىغىدا كۈلۈپ، تاماشا قىلدى.

— ئەپەندىم، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ئۇسۇلمىكىن دېسە تېخى...

— بۇ گىمناستىكا. تەن ھەركىتى.

— گىمناستىق دېگەن نېمە ئەمدى؟

— بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن قىلىدىغان ھەركەت.

— نەدىن تاپىسىز بۇنداق يوچۇن قىلىقلارنى؟ قىزىق ئادەمكەنسىز.

— ئۇستازىم مەمتىلى ئەپەندى ئۆگەتكەن.

— مەمتىلى ئەپەندى دېگەن كىمۇ؟

مەنە شۇنداق قىلىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتى ھەققىدە تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ئادەم بىزدەكلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان دېدىم.

— ئاجايىپ ئىش ـ تە، بۇ! بىر ئادەم بىزنى دەپ ئۆلسە، ئەمما بىز ئۇنى بىلمىسەك... تېخى ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ راستىنلا بىز ئۈچۈن بولغىنىنىمۇ چۈشەنمىسەك،... بىزمۇ ئادەم بولۇپتىمىز ـ دە!...

كېيىن مېنىڭ دەرس جەريانىدا ھەركەتسىز يېتىشىنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلۈرۈم تەسىرىدە مەن بىلەن بىللە ئۆلارمۇ مېنى دوراپ، قانداق قىلسام شۇنداق قىلىدىغان بولۇشتى.

مانا شۇنداق قىلىپ، ئىككى قېرىندىشىمغا دىنىي ئەقىدە دەرسى باشلىدىم. ئەسلىدە مۇئەللىم بولغۇنۇم ئۈچۈنمىكىن، دەرس ئۆتۈشكە باشلىساملا مەمەدانلىشىپ كېتىمەن، سۆزمەن بولۇپ قالىمەن. موڭغۇل دوستىمىز باشقا ئىش بولمىغاندىكىن، يېنىمىزدا گېپىمىزگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، بەزىدە قىزىقىپ قالسا سوئال سوراپ قوياتتى. مەن ئۇنى دەۋەت قىلىش ۋەزىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقىنىنى نەزىرىمدىن قاچۇرمۇدۇم.

بىلەمسىز، كاپىرلار سوئال ـ سوراقسىز دوزاققا تاشلىنىدۇ. ئۇلار بىرەر باھانە تاپسىلا دوزاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىسىلىپ باقىدۇ. شۇنداق گەپ بار: كاپىر ئەنە شۇنداق چاغدا «مەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىدىم، ئەمما ھېچكىم مېنى دەۋەت قىلمىدى، ھېچكىم ماڭا ھەقنى تونۇشتۇرمىدى، ئۇنداقكەن مېنىڭ نېمە گۇناھىم؟» دەپ تۇرۇۋالاركەن. مانا شۇ ئەھۋالدا بىزدەك ئۇنىڭغا يېقىن ياشىغانلار مەسئۇلىيەتتىن قاچالمايمىز. بۇنىڭ سورىقى بولىدۇ. بولا ئەمەس، ئاۋۇ ئىككەيلەن ئۈچۈنمۇ بىز سوراققا تارتىلىمىز. نېمىشكە؟ دىنىمىزدا

بىلگەنلەرنىڭ بىلمىگەنلەرگە ئۆگۈتۈش مەجبۇرىيىتى بار.

ئەمدى بىز ئۈچىمىز جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدۇق. بۇ ھال موڭغۇلغا ھەركۈن باشقىچە بىر پىخولوگىيىلىك قىستاش، ئىسكەنجىگە ئېلىش رولى ئوينىدى. كۈنسېرى ئۇنىڭ سوئاللىرى كۆپەيدى. سوئاللارنىڭ مەزمۇنىدىكى چوڭقۇرلىششقا قاراپلا ئۇنىڭدا ئىسلامغا مايىللىقنىڭ ئارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. مەن ئۇ چاغلاردا ئەرەبچىنى ئۇ قەدەر بىلمەيتتىم. شۇنداق بولسىمۇ چامامنىڭ يېتىشىچە چۈشەندۈردۈم. بىرىنچى روزىمىزدىن باشلاپ، ئۈچىمىز تاراۋى ئوقۇيدىغان، مەن قۇرئاننى باشتىن خەتمە قىلىدىغان بولدۇم. مەھەللىمىزدىكى تاھىر خەلپەتتە ئوقۇپ، قۇرئاننى تۆگەتكىنىمدىن بېرى بۇنى مەن ھەر يىلى قىلاتتىم. بۇ ئارقىلىق قۇرئاننى بىر قېتىم يادا ئۆتكۈزۈۋالسام، ئۇنتۇلماسلىقتا پايدىلىق ئىدى.

«راھمان» سۈرىسىنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ھەر قېتىم «فابىئەيىي ئەلائى رەببىكۇما تۇكەززىبان①» دېگەن تەكرار ئايەتنى يىغلامسىرىماي تەلەپپۇز قىلالمايتتىم. ئارقامدىكى ئىككەيلەنمۇ ئېسەدەشكە باشلىدى. گەرچە ئۇلار مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ، قۇرئاننىڭ ئاھاڭىدىكى مۇڭدىن، كەچمىش خاتىرىلىرى، بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكلەر، ئاندىن ئاللاھنىڭ كالامىدىن قەلبىگە پەۋەس تولۇۋاتقان تەسەللىي ۋە ئۈمىت ئۇلارنى يىغىغا قىستىغانلىقىنى سەزدىم. بىر چاغدا موڭغۇلنىڭمۇ ئۆكسۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

نامازدىن كېيىن ئۇنىڭدىن نېمىشكە يىغلىغانلىقىنى سورۇدۇم.

— سىلەر نېمە دېگەن بەختلىك، — دېدى ئۇ، — بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە سېغىنىدىغان بەبۇدۇڭلار بار، ئېسىلىدىغان، ياردەم سورايدىغان، ھېچ بولمىغاندىمۇ دەردىڭلارنى تۆكۈدىغان ئىگەڭلار بار،...

— ئاللاھ بىزنىڭلا ئىگىمىز ئەمەس، ئۇ پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئىگىسى، — دېدىم مەن، — سېنىڭمۇ ئىگەڭ. پەقەت سەن ئۇنى تونۇساڭلا ئۇ سېنى تونۇيدۇ.

— سىز مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلامسىز؟

— ئاللاھمۇ ئارزۇ قىلىدۇ.

① تەرجىمىسى: سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

— بۇ قانداق گەپ؟ نېمىشكە ئاللاھ ئارزۇ قىلىدۇ؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا مېنى مۇسۇلمان ياراتمىدى؟

— ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان يارىتىلىدۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئېتىقادىي يولىنى بەلگىلەپ قويغاچقا ھەر خىل ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئىنسانىنىڭ فىترىتىدە ئىسلامنىڭ ھۆلى بار، ئىمانىنىڭ ھۆلى بار. ئاللاھ نېمىشكە ئارزۇ قىلىدۇ؟ دەپ سورايسەن، شۇنداقمۇ؟ ئاللاھ جىمى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، پەقەت ئىنسانلا ئاللاھنىڭ ئەڭ ئېتىخارلىنىدىغان ئەسىرى. ئەڭ مۇكەممەل ئەسىرى. چۈنكى ئاللاھ ئۆز روھىنى پۈۋلەپ، ئىنسانغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان. شۇڭا ئادەم بالىلىرىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىنسانىنىڭ دوزاققا كىرىشىنى ئاللاھ خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىمنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئاللاھ ئارزۇ قىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئىنسانىنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا نېمىشكە ئۆزىلا جەننەتكە يوللىۋەتمەيدۇ؟

— چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ ھەق دېگەن ئىسمىغا مۇخالىپ كېلىدۇ. ياخشى ـ يامانىنى پەرقلەندۈرمەستىن جەننەتكە كىرگۈزۈش ئاللاھنىڭ زاتى ـ سۈپەتلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ بۇنىڭغا شەرت قوشۇپ قويغان. چۈنكى ئاللاھ پەرىشتىلەرگىمۇ بەرمىگەن ئەقلىنى، ئىدراكىنى، ئىرادىنى ۋە ئەقىل پاراسەتنى ئىشلىتىپ تاللاش ھوقۇقىنى بىزگە بەرگەن. بىز ئاللاھ بەرگەن نېسىپى ئىرادىمىز، ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، توغرا ـ خاتانى ئايرىشىمىز كۆتۈلۈدۇ. توغرىنى تاللىشىمىز كۆتۈلۈدۇ. بىزگە تاللاش ھوقۇقى بېرىلمىگەن بولسا، جەننەت ـ دوزاق دەپ ئايرىلغان ئاخىرقى مەنزىلمۇ بولمايتى. ئاشۇ دەسلەپتە بىزنى جەننەتكە ياراتقان پېتى ياشايتۇق. ئەمما ئاللاھ ئىنسانلارنى سىناشنى، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى جارى قىلىشنى خالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پانىيدىن ئىبارەت سىناق دۇنياسىنى ياراتتى. دۇنيادىكى ھەر نەرسىنى ئىنسانىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى. ئىبرەت ئېلىشىمىز، تەپەككۇر قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن ئالامەتلەر بار. بۇنى قۇرئاندا بىزگە قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ: «تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار» دەيدۇ....

— سىز مۇسۇلمان بولۇشۇمنى خالاپ تۇرۇپ، بىر قېتىممۇ مەندىن سوراپ باقمىدىڭىز.

— سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭنىڭ ئۆزەڭدىن باشقا ھېچكىمگە پايدىسى يوق، زىيىنىمۇ يوق. ماڭىمۇ شۇ، ئاللاھقىمۇ شۇ. بۇ يەردە دىنىي تەرغىبات بولۇۋاتىدۇ. ئاڭلاۋاتىسەن. ئاللاھ بەرگەن ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ، تاللاش ھوقۇقى ئۆزەڭدە. مېنىڭ سېنى قىستىشىمغا بولمايدۇ. ئىسلام — چىن قەلب بىلەن تونۇش ۋە ئېتىراپ قىلىشتۇر.

مانا شۇنداق قىلىپ، كۆڭلىرىمىزگە ئاللاھ مەنا ئاتا قىلدى. زىنداندا بولساقمۇ خېلى كۆڭۈللۈك ياشىدۇق.

مېنىڭ جىنايىتىم توغرىسىدا، سوئال - سوراقلار ھەققىدە زېرىكىشلىك خاتىرىلەر بىلەن سىزنى بىئارام قىلىشنى خالىمايمەن. بىلىسىز، تۇرمە دېگەننى، ئازاپلاشلار بولۇدۇغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە خىتاي دېگەننى تېخىمۇ بىلىسىز. پەقەت شۇنى قىسقىچە ئىزاھلايمەن، جىنايىتىم ھەققىدە ناسىراخۇنىڭ چېقىمىدىن باشقا ھېچقانداق دەلىل بولمىغاچقا تامامەن تانىدىم ۋە بۇنى خۇسۇسىي ئۆچمەنلىكتىن قىلىنغان بۆھتان دەپ بىرلا گەپتە چىڭ تۇردۇم.

سوئال - سوراقلار ھەققىدە، سوراقلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە كامېرداشلىرىمغىمۇ دائىم گەپ ئۆگۈتۈپ تۇراتتىم.

ئىككىنچى رامىزاندا، ھارپا ئاخشىمى بىرىنچى تەرەۋىگە جابدۇنۇۋاتقىنىمىزدا يەسۇگەي:

— بۇ يىل تەرەۋىنى تۆرت بولۇپ ئوقۇساق قانداق؟ — دېدى.

بۇنى ئاللىقاچانلا كۈتۈۋاتقىنىمىز ئۈچۈن ھەيران بولمىدۇق. ئەكسىچە مەن ئۇنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن بىر ئاز سۆزلۈشۈشنى توغرا تاپتىم:

— يەسۇگەي، دىن دېگەن كىيىم يەڭگۈشلىگەندەكلا يەڭگۈشلەيدىغان نەرسە ئەمەس، ئىسلامغا كىرىشىڭنى قارشى ئالىمىز، ئەمما تونۇشۇڭ ئايدىڭلاشمىغان بولسا يەنە ئۆگەن، ئەمما، كىرىپ بولۇپ يېنىۋالساڭ مۇرتەد بولۇسەن، بۇنىسى كىرمىگەندىنمۇ يامان.

— چۈشۈنۈمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنلا بىر يىل ئويلاندىم. يېنىكلىك قىلىدىغان بولسام بۆلتۈرلا قوشۇلسامۇ بولاتتى. بىر يىلدىن بېرى ئۆزەمنى

دەڭسىدىم، كۆڭلۈمدىكى چېگىشلىرىمنى سىزدىن سورۇدۇم. ئاخىرى قەتئىي قارارغا كەلدىم.

ئۇ ئاخىرى قارارىنى بەرگەن ئىدى. كامېر ئىچى تەنتەنىگە چۆمدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچىمىزنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن، ئۇنى كەلىمە شاھادەت ئېيتقۇزۇپ، سېپىمىزگە قاتتۇق. ئۇنىڭغا «ئابدۇللاھ» دەپ ئىسىم قويدۇق.

— ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويۇشىڭىزدا نېمە ھېكمەت بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— رەسۇلۇللاھ سەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھ دېگەن ئىسىمنى ئەڭ ياخشى ئىسىم دەپ تەرىپلىگەن. ساڭا مۇسۇلمانلاردا ئەڭ مۇھتەرەم بولغان ئىسىمنى قويدۇق، — دېدىم مەن.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ 1940 ـ يىلىغا يېقىنلىشىپ قالدى. شۇ كۈنلەرگە كەلگەندە ئىككى ئۇيغۇرنى ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنى باشقا كامېرغا يۆتكىدىمۇ؟ قويۇۋەتتىمۇ؟ ياكى ئۆلتۈرۈشتىمۇ؟ بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىدۇق. موڭغۇل بىلەن يالغۇز قېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، كامېرىمىزغا 70 ياشلاردىكى ۋىجىك يۈزلۈك تۇڭگان ساقال بىرىنى سولىدى. ئۇ چاغلاردا خىتايلارنىڭمۇ ئۇنىڭكىچىلىك ساقىلى بولۇدۇغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تۇڭگانلىقى ياكى خىتايلىقىنى بىلمىگەن ئىدۇق. ئەسلىدە ئۇ تۇڭگان بولۇپ، بۇ داموللا مەملىكىتىمىز تەۋەسىدىلا ئەمەس، خىتاينىڭ لەنجۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىمۇ خېلى داڭقىسى بار، «مالىياڭجۈن» دېگەن موللا ئىكەن.

مېنىڭ سابىت ئەپەندىدىن سورايدىغان سوئاللىرىم بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. ھېكايىنىڭ ئاساسىي ئېقىشىنى دەخلىگە ئۇچرىمىسۇن دېمىسەم ھەر سۆز ئارىلىقىدىلا سوئال سورىغۇم كېلىۋاتاتتى. ئەمما كېيىن بۇلارنى ئۇنتۇلۇپ، يېڭىلىرى تۇغۇلاتتى. شۇڭا سابىت ئەپەندىنىڭ رۇخستى بىلەن قولۇمغا بىر خاتىرە تۇتۇپ، سوئاللار تۇغۇلغاندىلا يېزىۋېلىشنى قارار قىلدىم. بۇنىڭ بىلەن ئەگەر بالدۇرراق سۆزدىن توختىغان كۈنلەردە بۇ سوئاللىرىمنى سورايتىم؛ بەك كەچ بولۇپ

كەتكەن بولسا، كېيىنكى قېتىمدا ھېكايىنى باشلاش ئالدىدا سورايتىم.

ياز ئايلىرى ئۈرۈمچىنىڭ ئاسمىنىدا بىرەر بۇلۇت كۆرۈلمىسۇ بىردىنلا يامغۇر يېغىپ كېتەتتى. ھاۋانىڭ بۇلغۇنۇشى ئېغىر بولغاچقا يامغۇر ئاتموسفېرادىكى ئىس - تۈتەكلەرنى ئېلىپ چۈشۈپ، ھەممە يەرنى رەسۋا قىلاتتى. يامغۇر ياغمىغان ئاخشاملىرى ھاۋا شۇنداق يېقىملىق بولاتتى. سابىتنىڭ ئۆيىدىن 11–12لەردە چىققىنىمدا بولسا تاغ سالقىنى ئېسىپ، يۈرەكلىرىم يايراپ كېتەتتى. بۇ خىل يايراشتا ھاۋا ئامىلىدىنمۇ بەك روھى ئامىلىنىڭ سالمىقى ئېغىرراق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە. چۈنكى مەن ھازىر سابىت ئەپەندىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى، سىرداشى بولۇپ قالغان ئىدىم. بۇنىڭ خاسىيىتىدە بىر يىرىك ئەسەر مەيدانغا كېلىشى كۈتۈلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن تېخىچە ئۇنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلالماي يۈرەتتىم. ئىشخانىدىكى ئىشداشلىرىمدىن بەزىلەر مېنىڭ سابىت ئەپەندى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىمدىن خەۋەردار بولۇشتى. بەزىلەر ھەۋەس، بەزىلەر ھەسەت قىلىشتى. نېمىلىكىم بولمىسۇن، مەندەك نامسىز بىر يازغۇچىنىڭ سابىت ئەپەندى بىلەن ئۇلپەت بولۇپ قېلىشى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەربىرىدە قىزىقىش ئويغاتماي قالمايتى.

**مالىياڭجۇن** ۋەتىنىمىز تەۋەسىگە 1913- يىلى كەپتىكەن. ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ، كېيىن غۇلجىدىكى تۇڭگانلارنىڭ چىڭ تۇرۇپ تەكلىپ قىلىشى بىلەن غۇلجىدا ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. 1938- يىلى شۇ چاغدىكى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ماشاۋۇۋ قاتارلىق تۇڭگان چوڭلىرىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن تەكرار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، دىنىي ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىكەن. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغان» دېگەن تۆھمەتنى ئارتىپ قولغا ئالغان.

مانا ئەمدى مېنىڭ كۈنلۈرۈم تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتۈشكە باشلىدى. مالىياڭجۇننىڭ تېخى كىملىكىنى بىلمىگەن چېغىمدا شام نامىزىغا تەكبىر ئېيتىپ، موڭغۇل بىلەن نامازغا تۇرۇۋۇدۇق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇمۇ كېلىپ

سېپىمىزگە قېتىلدى. يېڭى بىرىنىڭ نامازغا قېتىلىشىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزەم ئەڭ تەسىرلىك ئاھاڭدا ئوقۇيالايدىغان «ئەلا» سۈرىسى بىلەن، «زۇھا» سۈرىسىنى ئوقۇدۇم.

نامازدىن كېيىن يېڭى قىسمەتدىشىمىز:

— تەجۋىدتە خېلى بولۇدۇكەنسىز، تەھسىلىڭىز[1] نېمە؟ — دەپ سورىدى، چالىراق ئۇيغۇرچە بىلەن.

— مېنىڭ نېمە تەھسىلىم بولسۇن، مەھەللىمىزدە تاھىر خەلپەت دەيدىغان بىر بىلىملىك زات بارىدى، ئۆزى بۇخارا، ھىندىستانلاردا بولغان. شۇ ئادەمدە قارى بولدۇم، تەجۋىدنى شۇ كىشى ئۆگەتتى، ئاز ـ تولا. كېيىن يېڭى ئېچىلغان پەننىي مەكتەپكە يۆتكەلدىم، ئەپەندى بولدۇم، شۇ.

— ئەرەپچە بىلەمسىز؟

— بەك ئاز... تاھىر خەلپەتتە بىر ئاز قائىدە ئۆگەندىم، كېيىن پەننىي مەكتەپ ئۇستازىمدىن ئانچە ـ مۇنچە ئۆگەندىم. ئۇ چاغدا ئىشىمىز بەك كۆپ بولۇپ پۇرسەت بولمىدى.

— ئۆگىنىشنى خالايتىڭىزمۇ؟

— تازا.

مالىياگجون كۈلۈمسىرەپ قويدى. بىرنەچچە كۈن مەن ھەددىمنى بىلمەي ئىماملىقىمنى داۋام قىلىۋېرىپتىمەن. قارىسام ئۇ بىر ئەرەپچە كىتاپنى ئوقۇيدۇ، دىققەت قىلماپتىمەن. خىتايچە بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن. كېيىن قارىسام ھەدىستەك قىلدى.

— نېمە، سىز ھەدىس ئوقۇۋاتامسىز؟ — دەپ سورۇدۇم ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي.

— ھەئە، سىزمۇ ئوقۇمسىز؟

— تازا خالايتىم، شۇ... ئەمما چۈشەنمەيمەن ـ دە.

— بولۇدۇ، ئەمسە سىز ئەرەپچە ئۆگىنىڭ، — دېدى ئۇ، — ئەمما ئالدى

---

[1] ئۇيغۇرچىدا «ئىلىم تەھسىل قىلماق» شەكلىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆزدىكى تەھسىل بىلەن مەنىداش بولۇپ، بۇ «قانداق مەكتەپنى پۈتتۈرگەن؟» دېگەنگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دىنىدارلار ئىچىدە «تەھسىلىڭىز نېمە؟» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ، — ئا.

بىلەن خىتايچە ئۆگىنىشكىنىزگە توغرا كېلىدىكەن، قانداق قىلارمىز؟ چۈنكى مەن بەزى مۇرەككەپ ئىپادىلەرنى ئۇيغۇرچىدا چۈشەندۈرەلمەيمەن.

— بولىدۇ، خىتايچىنىمۇ بىر ئۆگىنىپ باققىم بارىدى، بەك ياخشى بولىدى، — دېدىم خۇشال بولۇپ. بۇ مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيۇم ئىدى. چۈنكى دىنغا قانداق بىدئەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بىز كۈندىلىك هاياتىمىزدا قانداق بىدئەتلەرنى «دىن» دەپ چۈشىنىۋالغىنىمىزنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن دىننى بىرىنچى قولدىن ئۆگىنىش، ئەسلى مەنبەسى بولغان «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»تىن ئۆگىنىش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبچىنى بىلىش زۆرۈر بولاتتى. ئابدۇقادىر داموللىدىن باشلانغان دىننى ئەسلى يىلتىزىدىن ئۆگىنىش، ئەسىرى سائادەت دەۋرىدىكى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەشەببۇسى ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدا ياتقان مۇددىئانى بىلىدىغان بولسامىمۇ، ھايات مۇساپەمدە ماڭا بۇنداق بىر ئۆگىنىش پۇرسىتى بولمىغان ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى گەرچە نۇرغۇن بىدئەتلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەخسۇس دىنىي تەربىيە ئالمىغانلىقى ئۈچۈن يەنىلا چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى. مانا ئەمدى قالتىس ئىش بولىدىغان بولدى!

— خالىسىڭىز سىزمۇ كېلىڭ، — دېدى موڭغۇلغا.

— مەن؟! — دېدى ئابدۇللاھ ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئاھاڭىدا.

مەن ئۇنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان ئىدىم، ما ئاقساقال شۇنچىلىك سۆيۈندىكى، ئابدۇللاھنى ئارقىمۇ ئارقا تەبرىكلەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆگىنىش گورۇپپىمىزغا جەزمەن قېتىل دەپ چىڭ تۇردى.

مانا شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ «ئۇنىۋېرسىتېت» ھاياتىم باشلاندى دېيىشكە بولاتتى. مالىياڭجۈن خېلى مەشھۇر شەخس بولغاچقا شۇ ئاندا ھاكىمىيەتتە ھەر خىل ۋەزىپىلەردىكى تۇڭگان چوڭلىرىدىن بىرمۇنچىسى بىلەن يېقىنلىقى باركەن. شۇڭا ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئۇ نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى تېپىپ ئەكېلىپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇ مەن ئۈچۈن بىر قىسىم خىتايچە كىتاپلار بۇيرۇتتى. ئەرەبچە ئۈچۈنمۇ بىرمۇنچە دەرسلىك بۇيرۇتۇپ ئەكەلدۈردى.

مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇغان كۈندىن باشلاپ، نامازدا ئىمام بولغىلى ئۇنىماي تىرەجىگەن بولسامۇ، ئۇ مېنىڭ تەجۋىد جەھەتتە ئۆزىدىن ياخشى

ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ، ھامان مېنىڭ ئىماملىقىمدا ناماز ئوقۇشنى داۋام قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ راست ئىدى. ئۇنىڭ تىلى ئەرەپچە بەزى تاۋۇشلارنى بەك كۈلكىلىك تەلەپپۇز قىلاتتى. ئەمما يەنىلا مەن كۆرگەن نۇرغۇن تۈركىستانلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا توغرا تەلەپپۇز قىلىدۇ دېيىشكە بولاتتى.

ما ھەزرەت كۆپرەك ئابدۇللاھقا ۋاقىت سەرپ قىلاتتى. چۈنكى ئابدۇللاھ ئوقۇمۇغان بولغاچقا ئۇنىڭغا بىر نەرسە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ كېتەتتى. ئىككىمىزنىڭ دەرسلىرىنى بېرىپ بولۇپ، ئۆزى «ئىسلام دىنى تارىخى»نىڭ تەرجىمىسى ئۈستىدە ئىشلەيتى. بەزىدە ئابدۇللاھنىڭ دەرسىنى مەنمۇ يارDEMلىشىپ ئۈستۈمگە ئالاتتىم. ئىككى يىلدىن بېرى ئۇيغۇرچە ئوقۇش — يېزىشنى ئۆگۈنۈپ بولغان ئىدى. بىز ئەمدى ئۇنىڭغا خىتايچە ئۆگۈتۈشكە تىرىشۋاتاتتۇق.

شۇنداق قىلىپ مەن بىر يىلدا خىتايچە كىتاپلاردىن پايدىلىنالايدىغان بولدۇم. دەسلەپ نېمە ئۈچۈنكىن، بۇ تىل ئىنسانلارنىڭ تىلى ئەمەس، ئىبلىسنىڭ تىلىدەك غەلىتە بىلىنەتتى. ئاشۇ تىل بىلەن ئىنساني تۇيغۇلارنى ئىپادىلىگىلى بولۇدۇغانلىقى مېنى ھەيران قالدۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ تىلىغا، مەدەنىيىتىگە ياكى ئادەتتىكى خەلقلىرىگە ئەمەس، زالىم ۋە غەيرى ئەخلاقىي، غەيرىي ئەقلىي ھۆكۈمىتىگە ئۆچ ئىدىم. لېكىن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى زالىم ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى بولغاچقا، زۇلۇمنىڭ ئىجراچىلىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەممىسى مەدەنىيەتسىز، ۋەھشىي ۋە زالىم ئىدى. ئىنساني ھىس- تۇيغۇغا ئىگە ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىش تەس ئىدى. بەلكىم مۇشۇ سەۋەپتىن خەلقىمىز (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بىر پۈتۈن خىتايىنى ئوخشاشتەك ھىس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۈلتۈرىدىكى ئىنسانىي ۋە ئىنسانىي ھوقۇقلارنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايدىغان تەرەپلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ھوشۇرنىڭ ئۇلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ھىكايىلىرىدىن بىلەتتىم. خىتايلارنىڭ زادى قانداق بىر مەخلۇقلار ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئۇچۇرلارغا بىز ئاشۇ ھوشۇر ھېيدى ئارقىلىق ئىگە بولغانىدۇق. بىز ئاز تولا ئوقۇغان ۋە ئاق قارىنى پەرق قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە لوگىكىلىق تەپەككۇرگە ئۆگەنگەنلەر خىتايلار ھەققىدىكى

كىشىنىڭ تېنىنى شۇركەندۈرىدىغان رىۋايەتلەرنى ئىشەنچىسىزدەك ھېس قىلىپ، دائىم ھوشۇرنى ئۇلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتۇق. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ پەقەت خىتايلارنى دوراپ سۆزلەپ بېقىپ بىزنى كۈلدۈرەتتى، چۈنكى شۇ‌تاڭغا يېڭىدىن بارغاندا ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى شۇنچىلىك ئىدى. كېيىنچە خىتايلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ھەققىدە بىلگىنىنى سۆزلەيتتى. كىشىلەر ئارىسىدا خىتايلارنىڭ ئادەم يەيدىغانلىقى، ھەتتا گەنسۇ دېگەن جايدىكى بىر يېزىنىڭ ئادەملىرىنى قويماي يېۋەتكەنلىكى،... ھەققىدىكى گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى. بىز بۇ خىل رىۋايەتلەرنى ئۇلارنى يات ھېس قىلىش ۋە دۈشمەنلىكتىن پەيدا بولغان دەپ ئويلاپ يۈرگەندۇق. كېيىن ھوشۇر ھېيىدىن ئۇلار ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ يەنىلا كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن زور دەرىجىدە ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرغا ھەرقانچە باي كاللىمىزنىڭمۇ بۇ قەدەر ۋەھشىيلىكنى تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندۇق.

دەسلەپ باشلىغان ئادەمگە ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان خىتاي خەتلىرى قىزىق تۇيۇلاتتى. نېمىلا بولمىسۇن مەلۇم بىر ئىنسانلار توپىنى چۈشۈنۈش جەريانى قىزىقارلىق بولۇش بىلەن كىشىگە شاتلىق بېغىشلايتى. بۇ ھەقتىكى تۇيغۇلۇرۇمنى ما ھەزرەتكە سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ كۈلۈپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ تىلىنىڭمۇ خىتايچە چىققانلىقىنى، لېكىن بۇ تىلنىڭ ئاللاھنى تونۇشقا ھىچقانداق پۇتلىكاشاڭ بولمىغانلىقىنى، مەسلىنىڭ تىلدا ئەمەس بەلكى تىلنى ئىشلەتكۈچىلەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. ئەمما بىزدىكى خىتايلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشنى توغرا چۈشۈنۈدۈغانلىقىنى، بۇ خىل بىر تەرەپلىمە قاراشنى زالىم ھۆكۈمەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى ئۆزگەرتىش مەسئۇلىيىتىنىڭ زۇلۇم تارتقانلاردا ئەمەس، بەلكى زۇلۇم قىلغان مىللەتتە ئىكەنلىكىنى سۆزلەيتى.

خىتاي تىلىنى كىتاپ ئوقۇپ چۈشەنگۈدەك ئۆگىنىپ بوولۇپ، ئاساسلىقى ئەرەپچە ئۆگىنىشىنى باشلىدىم. شۇندىمۇ يەنە خىتايچە بىلمىگەن نەرسىلەر ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ جەرياندا مەن ما ھەزرەتكە ئىلتىماس قىلىپ، تارىخ كىتاپلىرىنى، چەتئەل ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ ئوقۇدۇم. ئەدەبىي

كىتابلارنى ئوقۇشۇم، تىلىمنى سىلىقلاش، پىششىقلاشنى مەقسەت قىلاتتى؛ تارىخنى بىلىمىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇيتتۇم. ئەمما خىتايلارنىڭ كونا كىتابلىرى باگۇ ئۇسلۇبىدا بولغاچقا، نە تىنىش بەلگە، نە باشقا گىرامماتىكىلىق ۋاستىلەر بولمىغاچقا چۈشۈنۈش ئاجايىپلا تەس ئىدى. ئەمما تۈرمىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان جىم - جىتلىقى، ۋاقىتنىڭ يېتەرلىك بولۇشى ماڭا مۇشۇنداق ئالتۇندەك پۇرسەتنى بەرگەن ئىدى.

خىتاي تىلىنى تەسمۇ دېدۇق، ئەسلىدە ئۇنىڭ تەسلىكى گىرامماتىكىسىنىڭ بولماسلىقىدىن بولغان بولسا، ئەمدى ئەرەپ تىلىنىڭ تەسلىكىنى نېمە دېسەم بولۇدىكىن؟ بۇنداق مۇرەككەپ تىلنى بىلمىگەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەرەپ تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى باشقا بىر تىلدا ئىپادىلىنىش مۇمكىن بولمىغان بىر چەكتە ئىدى. پەقەت سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشىنىڭ ئۆزىنىلا دېسەم، تۈرلىنىشلەر بىر يۈز توقسان ئىككى خىلغا يېتىدىكەن! يەنى، بىر سۆزنىڭ پېئىل، ئىسىم، سۈپەت، سۈپەتداش، رەۋىشداش، ... شەكىللىرى مانا شۇنداق كۆپ خىل تۈرلىنىدىكەن. ئوخشاش بىر خىل شەيئىنىڭ ئوتتۇز - قىرىق تۈرلۈك ئىسمى بولۇدىكەن. روھىي ھالەتلەرنى تەسۋىرلەشتە ھەر بىر كىچىك پەرقلەر ئۈچۈن ئايرىم سۈپەت، ئايرىم پېئىل بولۇدۇكەن! ۋاي ئانام، ئىلگىرى خانلىق مەدرىستە 65 يېشىغىچە ئوقۇغانلار توغرۇلۇق ئاڭلايتۇق. بۇ ئۇلارنىڭ دۆتلۈكىدىنلا ئەمەستەك تۇرۇدۇ. بەلكىم ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى قاتماللىقتىن دېيىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئەمما ئەرەپ تىلىنىڭ قىيىنلىقىمۇ موھىم سەۋەپ بولسا كېرەك.

ما ھەزرەت ھەرساھە ئەرباپلارنىڭ كۆچىشى بىلەن 1943- يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە شۇنداق ئوبدان ئۆگۈنۈپ قاپتىكەنمىز، بوۋايمۇ ماڭا چىدىمايلا قالدى. ئۇ:

— مەن ھاياتىمدا مىڭلىغان شاگىرت تەربىيىلىدىم، سىزنىڭكىدەك خاتىرىسى كۈچلۈك ئادەم ئالدىمغا يولۇقماپتىكەن. زامانىنىڭ كاژلىقىدىن تالانتىڭىز زايا كېتىدىغان بولدى - دە! مەن نېمىلىكى بولمىسۇن سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، چىققاندىن كېيىن ماڭا يول ماڭغان چوڭلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، سىزنى قۇتۇلدۇرمىغۇچە بولدى قىلمايمەن، — دېدى. ئاندىن يەنە

قايتا قۇچاقلىشىپ، ــ سىزگە ئادەم ئەۋەتىپ تۇرۇمەن، لازىملىق كىتاپلارنى تىزىملاپ بەرسىڭىز كىرگۈزۈپ بېرىمەن، ــ دېدى، ــ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىڭىزنىمۇ تارتىنماي دەڭ، ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

مانا شۇنداق قىلىپ، ھاياتىمدىكى ئىككىنچى چوڭ ئۇستازىمدىن ئايرىلدىم. تىرىك كۆرۈشەلەمدىم يوق، ئاللاھ بىلىدۇ، ئۇ ئادەم 70تىن ئاشقان تۇرسا، مېنىڭ قاچان قۇتۇلۇشۇم نامەلۇم تۇرسا... كۆڭلۈم ھەقىقەتەنمۇ يېرىم بولدى. ئۇ ئابدۇللاھقىمۇ قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشەنسەممۇ، ئەمما خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇندىشى ئۈچۈن ئۇيغۇن كېلەمدۇ ـ يوق بەلگىسىز ئىدى. يەنى بەك ئىشىنىپ كېتەلمەيتتىم. شۇنداق بولسىمۇ، بىز خۇددى دەرياغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك بىر خىل ۋەزىيەتتە بولغاچقا، ھەر بىر لەيلەپ كەلگەن شال پاخىلىغىمۇ ئېسىلىپ باقىدىغا روھى ھالەتتە ئىدۇق. شۇڭا ئابدۇللاھ ئىككىمىز پات ـ پات:

ــ ما ئاقساقال بىزنى ئۇنۇتتۇمىدۇ ـ قانداق؟ ــ دېيىشىپ قوياتتۇق. ئۇ ۋەدىسىگە كۆرە ئايدا بىرەر قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئىچ كىيىم، ئاز ـ تولا قوشۇمچە يېمەكلىكلەر، كىتاپ كىرگۈزۈپ تۇراتتى. ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ بىزنى چىقىرىۋېلىشىنى تاما قىلىپ، ئاغزىمىزنى تامشىپ ئولتۇراتتۇق.

شۇنداق تامالار بىلەن بۇ يىلىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. 1944 ـ يىلىمۇ كىردى. بىز تېخىچە ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك ياتماقتا ئىدۇق. تاكى يىل ئاخىرلىرىغا بارغاندا ئاندىن مېنىڭ ئىشىمدا ئۆزگۈرۈش بولغىلى تۇردى. بۇنى ئۇزاقتىن بېرى سوراققىمۇ ئاچىقماي تاشلىۋەتكەن ئەھۋالدا بىردىنلا يەنە سوراققا ئاچىقىشى ۋە سوراقتا رەسمىيەتچىلىك شەكلىدە سورالغىنىغا قاراپ پەرەز قىلدىم. مېنى تېخىمۇ تەشنا قىلىۋاتقىنى بۇ چاغدا ئىلىدا بارلىققا كەلگەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابى توغرىسىدا چالا ـ پۇچۇق ئاڭلاپ قالغان ئۇچۇرلار ئىدى. تېزرەك چىقىپ، بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغۇم كېلەتتى.

دېگەندەك ئاخىرقى بىرنەچچە سوراقتىن كېيىن مېنىڭ دىلىۋىيىم خۇلاسىلەندى. مېنى قويۇپ بەردى. شۇندىلا بىر قورقۇنۇچ كۆڭلۈمنى كېلىپ باستى. بىر تىيىنسىز ئىدىم. ئۇرۇمچى دېگەن مېنىڭ يۇرتۇمدىن مىڭلارچە

كىلـومېتىر ئـۆزاقتىكى بىـر يەر تۇرسا، چىققانـدىن كېيـىن نەگە بـارىمەن؟ نەدە تـۇرىمەن؟ شـەھەرنى نـا تونـۇش، ھـېچ كـۆرۈپ باقمىغـان شـەھەر بولغاچقـا، بىـرەر تونۇشۇم بولغان تەقدىردىمۇ تاپالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيتى.

«ئاللاھ قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەنىدەك، مېنى تۇرمە ئالدىدا دايىم ماڭا نەرسە ـ كېرەك ئەكىلىدىغان بىر يىگىت كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن.

ــ ما ھەزرەت سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

مـا ھەزرەت بىـلەن كۆرۈشـتۇق. مېنـى ھەرسـاھە ئەرباپلارغـا قـالتىس تونۇشتۇرۇۋەتكەن ئىكەن. گويا بىر زىيالىي بىلەن كۈتۈۋېلىندىم دېسەممۇ بولىدۇ. بۇ چاغلار ۋۇ جوڭشىننىڭ يېڭىـدىن ھۆكـۈمەت تەشـكىللەۋاتقان ۋاقتـى ئىـكەن. بۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىـلەن، مېنـى دېھقـانچىلىق نازارىتىـدە بىـر باشـقارمىغا بېرىشـتى. مەن يەنە قوشـۇمچە گىمنازىيىـدە خىتـاي تىلـى مۇئەللىمى بولـدۇم. نازارەت تەرىپىدىن بېرىلگەن كىچىك بىر ئۆيگە جايلاشتىم. ئۈرۈمچى شـەھرىنى كەزدىم كۆردۈم. كوچىلار بىلەن تونۇشتۇم.

شـەرقىي تۈركىسـتان مىللىـي ئىنقىلابىنىـڭ يەرئاسـتى تەشـۋىقات گـورۇپپىلىرىنى تېپىشـقا ئۇرۇنـۇپ، ئاخشـاملىرى ھەر خىـل پائـالىيەتلەرگە، يىغىلىشـلارغا بېرىـپ يـۈرۈپ، ئـاخىرى ئـۇلارنى تـاپتىم. غۇلجـا تەرەپـتىن كەلگەنلەردىـن تەشـنالىق بىـلەن گەپ سـوراپ، ئىـنقىلاپ ھەققىـدە ئـاڭلاپ قانمايتىم. رەھبەرلەر ھەققىدە سورايتىم. شۇ ئاردا بىزنىڭ سەيپىددىن ئەزىزىنىڭ مائارىـپ ۋازىـرى ئىـكەنلىكىنـى ئـاڭلاپ قالـدىم. يەنە تېخـى مەھەللەمىـزدىن ساۋاقدىشىم ۋە دوستۇم مۇھەممەد قارىنىڭمۇ مىللىي ئارمىيە سېپىدە كومىسسار بولغـانلىقىنى، كېيـىن يارىـدار بولـۇپ، سـەپتىن ئايرىلغـانلىقىنى ئاڭلىـدىم. كېيىـن نـېمە بولغـانلىقى نـامەلۇم ئىـدى. ئۈرۈمچىـدە زىيـالىلاردىن ئابـدۇرېھىم تىـلەش[1]، ئىبـراھىم مـۇتىئى، ئابـدۇقادىر ھەسـەن، ئابدۇلھەمىـد مەقسـۇدى، ئەبەيدۇللاھ باسىتى قاتارلىق بىرمـۇنچەيلەن بىـلەن تونۇشـتۇم. يەنە گومىنـداڭ تەرەپتىكى ئۇقۇمۇشلۇقلار ئىچىدە ئابدۇرېھىم قىلىچ دېگەن بىرىمۇ باردى. يـاش

[1] ئابدۇرېھىم تىلەش ــ ئابدۇرېھىم تىلەشوپ ئۆتكۈر، ــ ئا.

- قورامى مەندىن بىرنەچچىلا ياش چوڭ بولسا كېرەك، ئەمما ئۆزى ھەركەتچان، ياش يىگىتتەك تەۋەككۇلچى، قورقۇمسىز ئادەم ئىدى.

مەندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەيلا ئابدۇللاھ ئازات بولدى. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا بىر قونۇپلا يۇرتىغا كەتتى. شۇ يىلى قىشتا ئىككى قوي سويۇپ، گۆشىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. بىرىنى ماڭا، بىرىنى ما ھەزرەتكە. مەن بويتاق بولغاندىكىن، بىر پۇتنى ئالسام يېتىدۇ، قالغىنىنى ما ھەزرەتكە بەر دېسەم زادىلا ئۇنىمىدى. مەن بىلەن تۆرت كۈنچە بىللە تۇردى. مەن ئىشقا كەتكەندە ئۇمۇ ئۆرۈمچىنى كېزىپ، تونۇش - بىلىشلىرىنى ئىزدىدى. دېيىشىچە ئۆرۈمچىدە بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتۇشنى كۆزلەپ، ئىش دىتلاپ بېقىپتىمىش. كېتىشىدە:

— بىر موڭغۇل تونۇشۇم تېپىلدى، مەن ئۆرۈمچىگە قوي ئەكىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قاسساپلارغا ساتىدىغان بولدۇق، — دېدى. بۇ ھەرھالدا ياخشى ئىش ئىدى. مەنمۇ خۇرسەن بولدۇم. شۇندىن كېيىن ئۇ ئۆرۈمچىگە قوي ئەكەلسىلا ماڭا يولۇقماستىن كەتمەيدىغان بولدى.

ئاخشاملىرى قەرەللىك ھالدا ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئاممىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەركىنلىك ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ كەتتىم. ئەمما ئۇلار بۇ پاكىز ئوقۇمىلارغا كوممۇنىزم تەلىۋىلىكىنى ئارىلاشتۇرۇۋالاتتى. گويا، خەلق ئازات بولۇمەنلا دەيدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا مۇراجەت قىلىدىغان يول يوقتەكلا گەپلەرنى قىلىشاتتى. دەسلەپ ماڭىمۇ كوممۇنىزم ئېڭىنى تېڭىش ئۇرۇنۇشلىرى بولغان بولسىمۇ، مەن پەقەت ۋەتەن، مىللەت، ئازاتلىق، مۇستەقىللىق مەۋزۇلىرىدىلا گەپ قىلىش يېتەرلىك دەپ چىڭ تۇرۇۋالدىم.

— مەن بىر مۇسۇلمان، كوممۇنىزم مەسىلىكى ئىسلام بىلەن ھېچ كېلىشەلمەيدۇ.

— دىن مەنەۋى ئەپيۇن، ئۇنىڭدىن كېچىپ، توغرا يولغا كىرىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز.

— دىن مىڭ يىللاردىن بېرى ياشاۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ بۇ «توغرا يول»ۇڭلار يۈز يىل كۈنتەرتىپتە تۇرالامدۇ - يوق، قاراپ باقارمىز. سىلەر دىنغا قارشى ئىكەنسىلەر، نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ئېلىخان تۆرىنىڭ

دىنىي ئۇتۇقلىرى بىلەن باشلىنىپ، شۇنىڭ بىلەن كۈچ تاپتى؟

— خەلق نادان، خەلقنىڭ ھالىغا كۆرە ئىش تۇتماي بولمايتى.

— دەۋاتقىنىڭلار شۇ قەدەر توغرا يول بولسا، نېمىشكە شۇ مەسىلەكنى ئاساس قىلىپ خەلقنى قوزغىمىدىڭلار؟ نېمىشكە ئۆزەڭلار ئەك چىقىشالمايدىغان دىنغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدۇڭلار؟ چۈنكى بۇ خەلقنىڭ روھىي قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان مەڭگۈلۈك قىممەتلەرنىڭ بىرى؛ ئۆتكۈنچى نەرسە ئەمەس. بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ دىن ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقاتمايدۇ؛ جەلپ قىلىش كۈچىنى، چاقىرىق كۈچىنى يوقاتمايدۇ. ئەگەر كىمىكى بۇ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلارنى مەلۇم مەنزىلگە يېتەكلەيمەن دەيدىكەن، دىنىنىڭ نوپۇزىغا چېقىلىشتىن ساقلىنىشى، ئەكسىچە دىنىنىڭ نوپۇزىنى ھەقىقىي تونۇشى شەرت.

تالاش - تارتىشلىرىمىزنىڭ ئاخىرى چىقمايتى. چۈنكى ئۇلار كىمنىڭ ھەق بولسا شۇنى ئاساس قىلىش، شۇنىڭغا بوي ئېگىش پوزىتسىيىسىدە بولماستىن، باشتىلا «قايىل بولماسلىق»نى مەقسەت قىلىۋېلىپ تالاش - تارتىش قىلسا ئاخىرى چىقامدۇ؟ ئالدى بىلەن تۇتۇم بەلگىلىۋېلىپ، كېيىن بەس - مۇنازىرە قىلىشتىن نېمە چىقاتتى؟ كېيىن دېدىمكى:

— سىياسىي مەسىلەكلىرىڭلاردىن قەتئىينەزەر، مەن ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىل، ئازات دۆلەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇڭا مەن مۇشۇ تېمىدا تەشۋىقات ئېلىپ باراي. دىنىي ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلىسامىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، سىز ئۈچۈن دىن كېرەك ئەمەس، مەن ئۈچۈن كوممۇنىزىم كېرەك ئەمەس؛ ئەمما ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن ئازات ۋەتەن كېرەك. مۇشۇ ئورتاقلىقنى ئالدىغا قويايلى. پۈتۈشەلمەيدىغان ئىشنى تالىشىپ دۈشمەنلەشمەيلى، — دېدىم.

شۇندىن كېيىن مەنمۇ بىر تەشۋىقاتچى بولدۇم، ئەمما ئۆز ئۇسۇلۇم بويىچە.

1945 - يىلىنىڭ بېشىدا بىر خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. كۆزۈمگە ئىشەنمەيتىم. ماڭا كىممۇ خەت يازار؟ تۇققانلار؟ ئۇلار خەتنى قەشقەرگە ئاپىرىپ پوچتىغا سالامدۇ؟ ياق. ئۇلار مېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى، نەدىلىكىمنى قانداق بىلىدۇ؟ كونۋېرت ئۈستىدە خىتايچە ئېنىق قىلىپ مېنىڭ ئىسمىم يېزىلغان بولغاچقا، ماڭا خەت يېزىش ئېھتىمالى بولغان ئادەم يوق، دېيەلمىدىم. خەت خېلى قېلىن ئىدى. ئەۋەتكۈچى ئۇيغۇر ئادىل دېگەن بىرى

ئىكەن. خەتنى خاتا كەلگەن بولسا دەپ، ئېچىشقا ئالدىرىماي، ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئۇزاق تەكشۈردۈم. تامغىدا چوڭچىلاڭ دېگەن خەتنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئاشتى. خىتايدىن ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئەمما خىتايدا مېنىڭ تونۇشۇم بارمىدى؟ ئويلا - ئويلا ھېچ ئەقلىمگە بىرىنى كەلتۈرەلمىدىم. «ئۇيغۇر ئادىل دېگەن كىمدۇر؟ مېنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟» بەلكىم، مەن ئارقىلىق مەن بىلىدىغان يەنە بىرىگە ھاۋالە قىلغان خەت بولسا؟ بۇ پەرىزىم خېلى ئەقىلگە ئۇيغۇندەك قىلاتتى. شۇڭا ئەمدى تېپىشماقنى يېشىش ئۈچۈن خەتنى ئېچىشقا قارار قىلدىم.

خېلى كۆپ ۋاراقلىق بۇ خەتنىڭ بېشى شۇنداق باشلىنىپتۇ: « قەدىرلىك سابىت، ياخشىمۇ سەن؟...» ئۇيغۇرچە يېزىلغان بۇ خەت ماڭا خىتاپ قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ باشقا بىرىگە ھاۋالىسى بولسا، شۇ چاغدا كۆرەرمەن قېنى دەپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«بەلكىم سەن ‹بۇ ئۇيغۇر ئادىل دېگەن كىم بولدى ئەمدى؟› دەپ ھەيران بولۇۋاتقانسەن؟ مەن ھوشۇر. ئاشۇ سەن بىلەن بىر مەھەللىلىك، ساڭا شىرەم تۇققان كېلىدىغان ھوشۇر ھېدى!»

ئوھهو، ما ئىشنى كۆرسىلە. بۇ ھوشۇر ھېدى، قانداقسىگە ئۇيغۇر ئادىل بولۇپ قالدى؟ قانداقسىگە خىتايغا — چوڭچىڭغا بېرىپ قالدى؟ مەندە ئويغانغان بۇ قىزىقىشلارغا بۇ خەت جاۋاپ بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا ئاشۇ قىزىقىشىمنى باسالمىغان ھالدا داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«ئاشۇ قاراشەھەردە سەن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بېشىمغا كەلگەنلەرنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي. جەنۇپقا چېكىنىش باشلانغاندىن كېيىن مەن شۇ تۇڭگانلارنىڭ توپىدىن چىقالماي بىللە يۈردۈم. ئاقسۇ ئەتراپىدا ئابدۇنىيازنىڭ پىتراپ كەتكەن ئەسكەرلىرىدىن بىرقىسمىنى تۇڭگانلار يىغىۋالدى. مانا شۇلارنىڭ ئىچىدە رېھىممۇ باركەن. ھەرھالدا چۈشكۈن قىلغان يەرلەردە بىر - بىرىمىزنى كۆرۈپ، بىر - ئىككى ئېغىز ئەھۋاللىشىپ تۇردۇق. بۇمۇ چوڭ تەسەللىي ئىكەن.

بىزنى ھەممىدىنمۇ بەك ئازاپلىغىنى تۇڭگانلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭلىرى ئىدى. كۆز ئالدىمىزدىلا بىزنىڭ خەلقىمىزنى ئازاپلىسا، ھەتتا ئۆلتۈرسە، بىزنىڭ

قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەستىن كۆزۈمىزنى پاقىرىتىپ قاراپ تۇرۇش نەقەدەر دەھشەت! رىھىم ئىككىمىز قېچىشنى ئويلاشمىدۇق ئەمەس، ئويلىدۇق. ئەمما قېچىپ نەگە بارىمىز؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ تاپالمىدۇق. ئويلىمامسەن، ھەر ئىككىمىز يېتىمچىكەنمىز، بارار يېرىمىزنىڭ تايىنى يوقكەن. يۇرت بار ئەمەسمۇ، دېسەكمۇ، ئەمما شۇ ئورۇسلارنىڭ ھېساپ ئېلىشىدىن قۇتۇلغىلى بولۇشىغا كۆزۈمىز يەتمەيتى. شۇنىڭ بىلەن مەن دېدىمكى:

— رىھىم، ئاداش، تۇڭگانلار بىلەن خىتايغا بارايلى، شۇ يەردە يا بىر ئوقۇشقا يول بولۇپ قالار، يا، بۇلاردىن قېچىپ، دۆلەت ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ كەتسەك، ئوبدانراق ئىشلىسەك مەرتىبىمىز ئۆسۈپ قالسا، كېيىنچە ئىلتىماس قىلىپ، يۇرتقا قايتىپ كەلسەكمۇ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك بولارمىز.

رىھىمنىڭ ھېچقانداق بىر پىكرى يوقىدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە ئىچكىرى خۇددى جەھەننەمنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ يەردە بىزلەرنىڭ ياشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما مەن ئون يېشىمدىن باشلاپ خىتايلار بىلەن بىللە بولغاچقا، ئىچكىرى ھەققىدە بىرئاز كۆزۈم ئايدىڭ ئىدى. ئۇ يەردىكى ئوقۇش پۇرسەتلىرى ھەققىدىمۇ كۆپ ئاڭلايتىم. مېنىڭ تازا چوڭ ئوقۇشتا ئوقۇغۇم باردى. بۇ قېتىم بىر تەلەي سىناپ بېقىشقا بەل باغلىدىم. ئەمما قاچان، قانداق يەردە قېچىشىمىز ھەققىدە بىرەر ئېنىق ئۇقۇمۇمىز يوقىدى.

شۇنداق قىلىپ، تۇڭگان قوشۇنىدا كەتتۇق. مافۇيۈەن قوشۇنىدا ئىدۇق. ئەسلىدە مافۇيۈەن خوتەن دەرياسى بويلاپ، ئاقسۇدىنلا تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە كېلىپ جايلىشىپتىكەن. كېيىن بارلىق چېچىلىپ كەتكەن تۇڭگان قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرلەشتى. بىز ئەسلىدە ماخۇسەننىڭ ئالدىن يۈرگەن قىسىملىرى بىلەن ئىدۇق. ماخۇسەن كۆكراۋاتتا بىزنى تاشلاپ غايىپ بولۇپ كەتكەچكە، تۇڭگانلار ئىككىگە بۆلۈندى. بەزىلەر داۋاملىق يۈرۈش قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، شۇ يەردە ئارقىدىن كېلىۋاتقان بەي زىلى بىرىگادىسىنى ساقلىماقچى، بەزىلەر يەنە بۇرۇنقى سەلتەنەت سۈرگەن يېرى خوتەنگە بېرىپ، مافۇيۈەن ئەتراپىدا بىرلىشىپ، خوتەننى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇپ باقماقچى بولۇشتى. بىز خوتەنگە ئاتلانغان قىسىم بىلەن كەتتۇق. خوتەندە مافۇيۈەنگە قېتىلدۇق. ئەمما قارشىلىق قىلىش ھەققىدە سۆز بولمىدى. ماجوڭيىڭنىڭ

سوۋېتتىن ئەۋەتكەن خېتىگە كۆرە قارشىلىقنى توختۇتۇشقا ماقۇل بولغان، يەكەندىكى سوۋېت قوشۇنلىرىغا ساداقەت سۆزى بەرگەن بولۇشتى.

يەكەندىكى تەرتىپكە سېلىشتا بەي زىلى بارلىق قوشۇنلارغا باش قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، مافۇيۈەن بەي زىلىغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك ئىدى. بەي زىلىنىڭ قېچىشى بىلەنلا، مافۇيۈەنمۇ ئارقىدىن قېچىشقا يۈزلەندى.

لوپتىن چىقىپ ئۇزۇن ماڭمايلا رۇسلارنىڭ ئايروپىلانلىرى ئۈستۈمىزدە پەيدا بولدى. قانداق دەھشەت! بۇ قاغجىرىغان تۇپراق بومبىنىڭ پارتلاشلىرى ۋە پىلىمۇتتىن ئېتىلغان ئوقلاردىن شۇنداق توزان كۆتۈرۈلدىكى، قىيامەتنىڭ ئۆزى! ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتى. شالاڭ توغراقلار ئارىسىغا، قۇرۇق ئېقىنلارنىڭ قىرغاقلىرى تۈۋىگە ئۆزىمىزنى ئاتاتتۇق. ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى تىنچىپ، سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، تېخى ئاشۇ قاراڭغۇچىلىق بېسىلمايتى. مانا شۇنداق قىلىپ، ئايروپىلانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلماسلا بولدۇق. نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ، ئات - ئۇلاغلار ھۈركۈپ قېچىپ، ھەددى - ھېسابسىز قورال، ئوق باياۋانلاردا قالدى. ئەمما ھۇجۇم تىنچىپ، سېپىمىز ئەسلىگە كەلگەن ھامان، بىزلەردىن يېنىمىزغا قورال يوشۇرغان - يوشۇرمىغانلىقىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشاتتى. ئاندىن بۇ قالايمىقانچىلىقتا ئۆزئارا سۈيىقەستلەرمۇ راسا چەككە يەتتى. ئەسلىدىمۇ بىرەر سەبدىشىنى بىرەر تال تەڭگە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشىۋاتقانلار، ئەمدى بۇ پۇرسەتتە ئەدەپ كەتتى.

نىيەدىن باشلاپ بىز تاغ تەرەپكە قاچتۇق. تۇپ - تۇز جاڭگالدا بەك ئوچۇقچۇلۇقتا قالغىنىمىز ئۈچۈن، مۇداپىئەگە تازىمۇ بىئەپ ئىدى. تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتسەك ھەرھالدا يوشۇرۇنغىدەك دالدا تېپىلىدۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشلىرى كېرەك. تاغ ئارىسىدىمۇ تۇڭگانلار يەرلىكلەرنى سويغان پىيازدەك قۇرۇقداپ مېڭىشنى بولدى قىلىشمىدى. بۇ ۋەھشىيلىكلەرنى تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدۇ. ھاۋا ھۇجۇمى يەنىلا بولۇپ تۇردى. سوغۇق چۈشكەن ئىدى. ئۈستىمىز يېلىڭ ئىدى. بەزى كېچىلىرى بەزى ئەسكەرلەر سوغۇقتىن ئۆلۈپ قالىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرۇدۇغان بولدى. تاغ ئارىلىرىدا ياۋايى تۆگىلەر، پىتراپ كەتكەن ماللار كۆپ ئىدى.

چىمەنتاغدا مەن بىر كېچىسى ئۆزىمىزنىڭ تۆگىسىنىڭ قارنىدا بىر

تەرپىمگە چومنى دالدا قىلىپ ئۇخلۇدۇم. بىلەمسەن، شۇ كېچىسى قاتتىق
سوغۇق چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. شۇڭا سېپىمىزدىن
ئۇنبەشچە ئادەم مۇزلاپ قاپتۇ! ئۇلارنىڭ يۈز- كۆزلىرى كۆكۈرۈپ كەتكەن هالدا
خۇددى تاش هەيكەللەردەك تۇرغان هالىتى ئۆلگىچىمۇ ئېسىمدىن چىقمىسا
كېرەك. مېنىڭ هاياتىمنى ساقلاپ قالغان تۆگىنىڭ تېنىدىن تېنىمغا ئۆتكەن
هارارەت نېمىشقىدۇر هايۋانلارنى ئادەملەردىن كۆپ مېهرىبان هېس قىلدۇرۇدۇغان
بولۇپ قالدى. يەيدىغان رىزقىم باركەن ئۆلمەي ساق - سالامەت چىڭخەيگە
ئۆتۈۋالدىم. جۇۋىلىرىنىڭ بىر يېڭىنى ساپماي يانغا تاشلاپ قويۇپ كېيىدىغان
تىبەتلەرنىڭ يۇرتلىرىدىن ئۆتتۇق. ئاندىن ئارقىمىزدىن قىستاپ كېلىۋاتقان
زەربىلەردىن بىر يولى قۇتۇلدۇق. تۇڭگانلارنىڭ گازارمىسىغا چۈشتۇق. گازارما
ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان ئىدى. سېپىلنىڭ تۆرت بۇلۇڭىدا پوست
باردى. بىزمۇ بىرنەچچە كۈن ئارامدىن كېيىن پوست نۆۋىتىگە چىقىدىغان
بولدۇق. رېهىم بىلەن بىر ياتاقتا ياتاتتىم. ئەمما پوست نۆۋىتىمىز بىرگە ئەمەس
ئىدى.

بىز ئەمدى قېچىش ۋاقتى كەلدى دېيىشتۇق. ئەمما بۇ سېپىلدىن
قاچماقمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. كۆز يىتىم يەردىن سېزىلىپ قالساق
ئېتىۋېتەتتى. شۇڭا ئۇزاق ئويلىدۇق. بۇنداقلا كېتىۋەرسەك مۇشۇ يەردە ئۆمرۈمىز
ئۆتۈپ كېتەتتى. ئىككىنچى يىلىنىڭ باهار ئايلىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. پوستتا
تۇرغان چاغلىرىمدا سېپىل ئۈستىدە ئۇ ياق، بۇياققا مېڭىپ يۈرگەچ خىيال
سۈرەتتىم. ئۇزاقلارغا تىكىلەتتىم. ئۇزاق غەرپ تەرەپلەرگە! ئۇ يەردە غەرپ ئۇپۇقىدا
بىزنىڭ يۇرتىمىز — سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز بار، بىز ۋەتەندىن شۇنچىلىك
ئۇزاقلاردا خۇددى ئازغان قوزىلاردەك، يات بىر توپ ئىچىدە، خۇددى ئۆچكە پادىسى
ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ئىدۇق. ئەتراپىتىكى زىرائەتلەر كۆكۈرۈپ، بۇ
يېشىللىقنىڭ ئىلهامى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئېتىزلىقلىرى كۆز ئالدىمغا
كەلسىلا يىغا تۇتۇپ كېتەتتى. هەتتا ئادەم كۆرمەيدىغان پۇرسەت بولسىلا ئىچىم
بوشىغىچە يىغلىۋالىدىغان چاغلىرىممۇ بولدى.

بىر كۈنى مەن پوست نۆۋىتىمدە سېپىلنىڭ ئارقىسىنى كۈزەتتىم.
سېپىلدىن سەكرەشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى مۆلچەرلىدىم. سېپىل بەك ئېگىز

ئىدى. سەكرەش خەتەرلىك، پۈت سۇنماي قالمايتى. دەرۋازىدىن قول سېلىپ چىقىپ كېتەلمەيتۇق. سېپىلدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ خىيال سۈرۈپ يۈرۈپ، بىردىنلا ئىچى تەرەپتىكى ئاشخانا يېنىدىن سېپىلغا چىقىدىغان پەللەمپەينىڭ ئۇدۇلىدا ــــ ئارقا تەرەپتە ئېگىزلەپ سېپىلگە يېتەيلا دەپ قالغان كۆل دۆۋىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ۋاي، ئىسىت! نەچچە ۋاقىتىن بېرى نېمىشكە بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدىمكىنە! ئۇ كۈنى پوستتىن چۈشۈپ رېھىمغا بۇنى دېدىم. جىددىي تەييارلىق قىلىپ، بىر كېچىسى قايسىمىزغا پوست نۆۋەتتى كەلسە، يەنە بىرىمىزنى ئويغۇتۇپ، سېپىلدىن ئاشۇ كۆل دۆۋىسىگە سەكرەيدىغان بولدۇق.

تەييارلىقىمىز نېمە بولسۇن، بارلىق كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى يۇيۇپ بىر بوغچىما قىلىپ هازىرلاش؛ ئاندىن يەيدىغان نەرسىلەردىن بىر ئاز ئېشىنىپ، يىغىپ تەييارلاش ئىدى. ئاشخانىدىكىلەرگە قاخشاپ يۈرۈپ بەزىدە ئارتۇقراق موما ئېلىۋالاتتۇق. شۇنداق قىلىپ، پوست نۆۋىتىمىز كېچىگە ئالماشتى. بۇ رېھىمنىڭ نۆۋىتى ئىدى. رېھىم مېنى تۈرتۈپ ئويغۇتۇپ قويۇپ، پوستقا چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن مەن ئىككىمىزنىڭ بوغچىسىنى قولتۇقلاپ، بىر ئازدىن كېيىن سېپىلغا چىقتىم. ئاۋال قاراۋۇلخانىدا بىردەم ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇردۇق. ئاندىن بىرىمىز، ئارقىدىن يەنە بىرىمىز كۆل دۆۋىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سەكرىدۇق.

بۇ ئاسەسەن ئوتۇن كۆلى ئىكەن، شۇڭا شۇنچىلىك يۇمشاق ئىدىكى، كۆلنىڭ ئىچىگە چۆكۈپلا كېتىپتىمىز. قۇرۇتلاردەك تېپىرلاپ كۆل ئاستىدىن چىققىنىمىزدا ھەممە يېرىمىز چىدىغۇسىز كۆل پۇرايتى. بويۇن ۋە پۇشقاقلىرىمىزدىن كىرىپ، ئىچىمىزگە كۆل توشۇپلا كەتكەن ئىدى. ئەمما بۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرماي، ئىككىنچى پوست نۆۋەتىگىچە بۇ يەردىن ئۇزاپ كەتمىسەك تۇتۇلۇپ قالاتتۇق. شۇڭا ھاپىلا - شاپىلا خەندەكتىن يامىشىپ چىقىپ، ھەر دايىم ئۇزاقتا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قوناقلىققا قاراپ چاپتۇق. قوناقلىق تېخى ئەمدىلا پاقلان بولغاچقا، يېتىۋالمىساق ئادەم يوشۇرغىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇزاقتىن بىزگە شۇنداق قويۇق ۋە باراقسان كۆرۈنۈپ كېتىپتىكەن. ئەمدى قارىدۇقكى، بۇ يەرگە ئېشەنچ قىلىپ، يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇشقا بولمايتى.

بىردەم ئىسىمىزنى ئېلىۋېلىپ، دەرھال يولغا چۈشتۇق. ھەر دايىم سېپىل

ئۈستىدە تۇرۇپ ئاشۇ ياققا قاچساق بولىدۇ، دەپ پەم قىلغان تەرەپكە قاراپ قېچىشنى داۋام قىلدۇق. تاكى تۇڭگانلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايوندىن چىقىپ كەتمىگۈچە ئاراملىق يوقىدى. بىر تۆپىلىكتىن ئۆتكەندە ئالدىمىزدا كىچىك بىر دەريا كۆرۈندى. ئاللاھقا شۈكرى، بۇ يەردە يۇيۇنۇپ، كۆلدىن تازىلىنىپ، كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇۋالدۇق. ئەمما كېچە بولغاچقا شۇنچىلىك توڭدۇقكى، چىشلىرىمىزنىڭ توختىماي كاسىلدىشىدىن يىڭاقلىرىمىز تېلىپ كەتتى.

تاڭ ئاتقاندا بىر مەھەللە كۆرۈندى. بۇ يەردە بىزنى قوغلاپ كەلگەنلەر ساقلاپ تۇرغان بولسا ئۈستىدىنلا چۈشمەيلى، دەپ، ئېتىزلىقلارنىڭ قىرلىرى بىلەن مېڭىپ، مەھەللىنى چەتنەپ ئۆتۈۋاتاتتۇق. ئېتىزلىقتا بىر خىتاي بوۋاي ئۇچرىدى. بىز ئۇنىڭدىن لەنجۇنىڭ يولىنى سورىدۇق. ئەمما بۇ سەھرالىق قېرى، كەنتتىن نېرى چىقىپ باقمىغاچقا بەك ئېنىق بىلمەيدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئاڭلىغانلىرى بويىچە ئېيتىپ بەردى. بىزنىڭ تۇرغان يېرىمىزمۇ ئەسلىدە گەنسۇ بىلەن چىڭخەينىڭ چېگرىسىغا يېقىن يەردە بولغاچقا، ئىككى كۈن كۈندۈزى بىرەر دالدىنى تېپىپ ئۇخلاپ، كېچىسى يول مېڭىپ يۈرۈپ، گەنسۇ تەۋەسىگە يېتىپ كەپتۇق. شۇندىن كېيىن قورقماستىن يەيدىغان نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەنتلەرگە، بازارلارغا كىرىدىغان بولدۇق. لەنجۇ شەھرىدە ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ بولۇدىغانلىقى توغرىسىدا دائىم ئاڭلاپ تۇراتتۇق. قەشقەردىكى چېغىمىزدا ھەتتا لەنجۇدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بارلىقىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدۇق. شۇڭا كۆڭلىمىز شۇ ياقنى تارتقان ئىدى.

تىلدىن قىينالمىغاچقا يول جاپاسىنى ھىساپقا ئالمىغاندا ئېزىپ - تېزىپ قالمىدۇق. جاپا - مۇشەققەت تارتقان بولساقمۇ ئاخىرى لەنجۇغا يېتىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپتۇق. دېگەندەك بۇ يەردە كېلىپ كېتىپ تۇرۇدىغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر توختاپ ئۆتۈدىكەن. ئۇيۇشما بىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى. تىجارەتچى بايلارغا مۇراجەت قىلىپ، بىزگە بىر - ئىككى قۇردىن يېڭى ئۈستىباش قىلدۇرۇپ بەردى. قولۇمىزمۇ ئاز تولا پۇل كۆردى. خۇددى ئۆز ئۆيىمىزگە كېلىپ قالغاندەك ئارامخۇدا بولۇپ قالدۇق. بىزنى شۇ يەردە قېلىشقا دەۋەت قىلىشتى. مۇئەللىم بولىدىكەنمىز. سودىگەرلەرگە، سودىگەرلەرنىڭ

خىتايدىن ئالغان خوتۇنلىرىغا مۇئەللىم بولۇدۇكەنمىز. بۇ يەردە ئاشۇ بىزنىڭ ئىسا ئەپەندىمنىڭ ئاكىسى ئابدۇللاھ[1] بەگمۇ باركەن. ئۇنىڭمۇ بىر خىتاي خوتۇنى باركەن.

ئەمما بىزنىڭ چوڭراق ئوقۇشلارغا كىرىش ئارزۇيىمىز بولغاچقا، تەكلىپلەرنى رەت قىلىپ، بىزنى بىرەر چوڭ مەكتەپكە تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدۇق. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا كوممۇنىست ئىدىيىسىدىكى ئادەملەركەن. سودىگەرلەر بۇ يەرنى پەقەت بىر ئۆتەڭ ھېسابىدىلا پايدىلىنىدىكەن. ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتچىلىرى سوۋېتتە ئوقۇغان ياكى سوۋېتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلاركەن. شۇڭا بىزنى يەنئەنگە بېرىڭلار، دەپ قىزىقتۇردى. بىز ئۇ چاغدا كوممۇنىستلار ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلمىگەچكە، ھە دەپ ئوقۇساقلا بولمىدىمۇ دېگەن ئوي بىلەن ماقۇل بولدۇق.

بىركۈنى يەنئەن تەرەپكە يېقىن باردىغان بىر ماشىنا تېپىلدى. بىزنى شۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ، ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن كەتتۇق. لەنجۇنىڭ چىڭياڭ دېگەن يېرىگە بارغاندا ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدى. ئۇنى ئوڭلايدىغان ئۇستا تاپقىلى بولماي، شوپۇرلاردىن بىرى شىئەنگە كەتتى. بىز ماشىنا يېنىدا ئۈچ كۈن ساقلىدۇق. كەتكەن ئادەمدىن خەۋەر يوق. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر شوپۇر:

— سىلەر شىئەنگە بولسىمۇ كېتىۋېرىڭلار، بۇ يەردىن يەنئەنگە ئۇدۇل قاتناش تاپماق تەس، بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىسىلەر. شىئەن دېگەن چوڭ شەھەر، شۇڭا ئۇ يەردىن قاتناش ھەل قىلماق ئاسانراق، — دېدى.

بىز كېتىشكە رازى بولدۇق. شۇ چاغدا شىئەنگە قەۋرە يۆتكەش مۇراسىمى بىلەن كېتىۋاتقان ئۈچ ماشىنا ئۇچراشتى. شوپۇر سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ سېلىپ قويدى.

— سىلەرنى ئوقۇش ئىزدەپ ماڭغانلار دەپ تونۇشتۇردۇم، شۇڭا كىرا ئالمايدىغان بولدى. يەنە تېخى شىئەنگە بارغاندا سىلەرگە ماشىنا تېپىپ يولغا سېلىپ قويىدىغان بولدى، — دېدى شوپۇر.

مەھەللىلەردىن ياۋايى يىرتقۇچلارنىڭ چىرقىراشلىرىغا ئوخشاپ

[1] شائىر، پروفېسسور بۇغدا ئابدۇللاھنىڭ دادىسى، — ئا.

كېتىۋاتقان ئاتلار ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ساقچىلار ئاستا بىرىش پەيتىگە يېتىپ كەلگەندە، ئارقا تەرەپتىن بىرىنچى بولۇپ ماڭغان ئۇلاغ چېكىلىپ بارغاندىن كېيىن ئەتراپقا ئالدىراشلىق يامراپ كەتكەن.

كېتىۋاتقان يېقىمسىز ناخشىلار ئاڭلىنىپمۇ قالاتتى. كېتىۋاتقان يېرىمىز سېرىق توپۇلۇق ئىگىزلىك دەپ ئاتىلىدىكەن. ئىگىزلىكلەرگە سۇ چىقىرىش مۇمكىن بولمىغاچقا ئەپكەشتە سۇ توشۇپ تېرىقچىلىق قىلىشىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ شىئەنگە كەلدۇق. شىئەندە بىزگە ئىگە بولۇپ شوپۇرىمىزغا ۋەدە بەرگەن خىتاي بىردىنلا يەنئەنگە ماشىنا تېپىپ بېرىشتىن يالتىيىپ، كوممۇنىستلارنى يامانلاشقا باشلىدى. بىزنىڭ تازىمۇ بېشىمىزنى قاتۇردى. بىزمۇ خاپا بولۇپ:

— نېمىشكە بالدۇرراق دېمەيسىز؟ ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندە بىز نەگە بارىمىز! — دەپ ۋارقىراشتۇق.

ئاخىرى ئۇ بىزدىن ئاسان قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ:

— سىلەر ئوقۇيمىز دەيسىلەرغۇ؟ ئوقۇيدىغان ئادەمگە يەنئەندە نېمە بار؟ ئۇندىن كۆرە شاڭخەيگە بېرىڭلار، مەن سىلەرگە بىر ئادرېس بېرىمەن، شاڭخەيگە بارىدىغان پويىزغا سېلىپ قويىمەن، — دېدى.

شاڭخەي دېگەننى ئاڭلاپلا چىرايىمىز ئېچىلدى. شاڭخەي دېگەننى كۆپ ئاڭلايتتۇق، ئەمدى ئۆز كۆزۈمىز بىلەن كۆرۈدىغان بوپتۇق، دەپ خۇشال بولۇپ، دەرھال ماقۇل بولدۇق. شۇنداق قىلىپ شاڭخەيگە كەلدۇق. بىزنى مائارىپ تارماقلىرىغا يوللىغان ئىكەن. ئۇ يەردىكىلەر دەرھال بىزگە ئىگە بولۇشقا ئۇنۇماي، نەنجىڭدا سىلەرنىڭ ۋەكىلىڭلار بار، شۇلار بىلەن ئالاقىلىشىڭلار، دېدى. ئەمما بىز نەنجىڭدىكى ئادەمنى قانداق تاپىمىز؟ سىلەر ئۆزۈڭلار ياردەم قىلىڭلار دەپ تۇرۇۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن نەنجىڭغا تېلېفون قىلىپ، بىزنى ئىسا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈردى.

ئەھۋالىمىزنى ئىسا ئەپەندىگە ئېيتتۇق. ئىسا ئەپەندى بىزگە ئۇيغۇر سودىگەرلەر تۇرۇدىغان بىر يەرنىڭ ئادرېسىنى بەردى ۋە:

— ھازىر سىلەر شۇ يەرگە بېرىپ جايلىشىڭلار، مەن ئەتىگىچە ئوقۇش ئىشىڭلار توغرىسىدا جاۋاپ بېرىمەن، — دېدى.

ئەمما بىرنەچچە كۈن بىز سودىگەرلەر بىلەن بىللە تۇردۇق. ئىسا ئەپەندىدىن خەۋەر يوق. كېيىن ئۇ بىزنى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا تونۇشتۇرغانلىقىنى، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىلا ئارزۇ

قىلىنغان چوڭ ئوقۇشتا ئوقۇغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بىز دەرھال بىرىپ مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇردۇق. (بىلەمسەن، مانا شۇ چاغدا ئويلاپ باقسام بۇ خىتاي دىڭىزىدا بىر تال چاۋاردەك لەيلەپ يۈرۈپتىمەن، ئۇيغۇرلۇقۇم ئۇنتۇلۇپ، خىتاي دىڭىزىدا غەرق بولۇپ كەتمەي دىدىم ـ دە، ئۇيغۇر ئادىل دىگەن ئىسمىنى قوللۇنۇشنى باشلىدىم. مەكتەپكە شۇنداق تىزىملاتتىم. يىڭى ئىسمىم مانا شۇنداق بارلىققا كەلدى.) ئاندىن ئوقۇش باشلانغىچە سودىگەرلەرگە مال ئېلىشىپ، تەرجىمانلىق قىلىشىپ، ياردەملىشىپ جان باقتۇق. بىرنەچچە كۈن ۋاقىت چىقىرىپ نەنجىڭغا بېرىپ ئىسا يۈسۈپ، مۇھەممەت ئېمىن، مەسئۇد سەبىرى ئەپەندىلەرنى كۆرۈپ كەلدۇق. ئۇلار بىزنى ياخشى ئوقۇڭلار، كېيىن ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىشىڭلارغا ياردەم قىلىمىز دىدى. شۇ يىلى كۈزدە ئوقۇشقا باشلىۋەتتۇق.

شاڭخەيگە ياپونلار باستۇرۇپ كىرىش ئالدىدا قاچ ـ قاچ بولۇپ كەتتى. بەئەينى يۇرتىمىزدا بولغان «تۇڭگان قاچ ـ قاچ»ى غا ئوخشاش، ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىكراق. قىسقىسى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى يۆتكىگەن چېغىمىزدا مەكتەپ مۇدىرى «ھازىر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى، بىزنىڭ ئىلىملىك ھەربىيلەرگە ئېھتىياجىمىز بار، سىلەرنى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن» دەپ بەك تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى، تەسىرلىنىپ كېتىپ، ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇشقا رازىلىق بەردۇق. كېيىن بۇ خىيالىمىزنى ئۈچ ئەپەندىگىمۇ بىلدۈرگەن ئىدۇق، خۇسۇسەن ئىسا ئەپەندى «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە مۇشۇنداق قارار ئالغىنىڭلار بەك ياخشى بوپتۇ» دەپ بىزنى ماختىدى. مۇھەممەد ئېمىن ئەپەندى بولسا: «مىللىتىمىزنىڭ ئىلىملىك ھەربىيلەرگە، ھەربىي قوماندانلارغا تېخىمۇ ئېھتىياجى بار، بوپتۇ، ئوقۇڭلار، بىر كۈنلىرى مىللىتىڭلارغا ئەسقېتىپ قالارسىلەر» دىدى.

شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا ھاياتىم مەكتەپتە ئۆتتى. خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى دىگەننى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟ سۇنياتسىن ئەپەندى ئۆز قولى بىلەن قۇرغان، قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپلا جاڭ ۋېيىۋەنجاڭ جاناپلىرى ئۆزى مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ كېلىۋاتقان ئالى بىلىم يۇرتى. مەن مانا

شۇ كاتتا مەكتەپنىڭ موتۇرلاشقان قىسىم پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغان ئىدىم. ئۇرۇشنىڭ كاساپىتىدىن پاكۇلتېتلار تارقالاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىكەن. بىزنىڭ پاكۇلتېت يۈننەننىڭ بىر يېزىسىدا قارار تاپقان ئىدى. يۈننەن دېسەم ئەقلىڭگە نېمە كېلىدىكىن بىلمەيمەن، يۈننەن دېگەننىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن سەن بولساڭ ئىدىڭ، بەلكىم ئاجايىپ شېئىرلارنى يېزىۋەتەرمىدىڭكىن، ئەمما مەن سەندەك شائىر بولمىغاچقا بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. بۇ يەردىكى ياپ ـ يېشىل ۋە نەيزىدەك تىك تاغلارنى بۇلار 石林(تاش ئورمان) دەپ ئاتايدۇ. سۇ ئىچىدىن خۇددى دەرەخكە ئوخشاش تىك ئۆسۈپ چىققان قىيا تاشلارنى كۆرسەڭ ئەقلىڭ ھەيران قالىدۇ. مەن بەربىر سېنىڭ كۆز ئالدىڭغا ئەينى بويىچە كەلتۈرگىدەك تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. بۇ تاش ئورماننىڭ ئارىسىدا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارچۇ؟ بەزىدە بۇلۇتلار تاش ئورماننىڭ ئاستى تەرەپنى «كۆمۈۋېتىدۇ»، ياپ ـ يېشىل ئۇچلار ئاپپاق بۇلۇتلاردىن ئۆنۈپ چىققاندەك كۆرۈنىدۇ. ئىھ، سەنمۇ بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ!

ئەسلىدە ئۇرۇش ئاخىرلاشمىغان بولسا بىزلەر كاپىتان ياكى لېيتىنانت ئۇنۋانى بىلەن ئالدىنقى سەپكە باراتتۇق، تەلىيىمىزگە ئۇرۇش تۈگىگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىمىزغا جاڭ ۋېييۈەنجاڭ ئۆزى كەلدى. چۈنكى ئۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغاچقا ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا كەلمەي قالمايتتى. بىزنىڭ پاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئايروپىلان بىلەن بېرمىنىڭ دېڭىز بويىغا ئېلىپ باردى. بۇ يەردىكى پورتتا ئامېرىكىنىڭ خىتايغا بەرگەن يادەم بويۇملىرى بىزنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دادۇجى (چوڭ كوزۇپلۇق ماشىنا)، شاۋدۇجى ماشىنىلار باركەن، بىز بۇ ماشىنىلارنى يۈننەن بېرما تاشيولى ئاقىلىق ھەيدەپ كەلدۇق. يۈننەن ـــ بېرما تاشيولى دېسەم كۆز ئالدىڭغا قانداق بىر يول كېلىۋاتىدىكىن؟ بىزنىڭ قەشقەر ـــ ئۈرۈمچى تاشيولىمۇ؟ ياق دوستۇم، بۇ ئاشۇ يۈننەندىكى سۇ، ئورماننىڭ داۋامى، كۆك ۋە يېشىل رەڭنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن دۇنياسى! بۇ يەردىكى ئورمانلاردا ئادەم ئۆزىنى يۈتتۈرۈپ قويمىسا غەلەت. ھەرياقتا قارىساڭ يېشىللىق! يېشىللىق!

يېڭى ئىش تەقسىماتىنى كۈتۈپ، چوڭچىڭدا (نەنجىڭ قولدىن كەتكەندىن

كېيىن پايتەخت چوڭچىڭغا كۆچكەن ئىدى) يۇرگەن كۈنلەر ئىدى. يۇرتنى سېغىنىشتىنمۇ ئەيتاۋۇر يۇرتىمىزغا ئالاقىدار خەۋەرلەرگە ھېرىس بولۇپلا يۈرەتتۇق. گېزىتلەردە يۇرتىمىزغا ئالاقىدار خەۋەر كۆرۈپ قالساق قانماي ئوقۇيتتۇق. شۇغۇنىسى بەك قىسقا بولاتتى. بۇ مەزگىللەردە ۋۇجوڭشىن يېڭىدىن تەشكىللىگەن ھۆكۈمەت تەركىۋى تىزىملىكى ئېلان قىلىنغان بىر گېزىتنى كۆرۈپ قالدىم. قارىسام يېزا ئىگىلىك نازارىتى قارمىقىدا سېنىڭ ئىسمىڭنى كۆرۈپ، كۆزلۈرۈمگە ئىشىنەلمەيلا قالدىم. «ۋاي، بۇ شۇ بىزنىڭ سابىتمىدۇر؟ قانداقلارچە ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالار؟ ئىسمى ئوخشايدىغان باشقا بىرىمىدۇر؟» قارىسام داداڭنىڭ ئىسمىمۇ شۇ. يا تەۋەككۈل دەپ بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. ئەگەر بۇ سەن بولۇپ، جاۋاپ يېزىپ قالساڭ، كېيىنكى خېتىمدە قالغان گەپلەرنى يازارمەن. خېتىمنىڭ ئاخىرىغا ئادرېسىمنى يوغان قىلىپ خىتايچە يېزىپ قويدۇم، ئەگەر جاۋاپ خەت ئەۋەتىدىغان بولساڭ، شۇنى ئوخشۇتۇپ كۆچۈرسەڭمۇ بولىدۇ (ئېپىڭ بار، ئوخشۇتالايسەن) ياكى شۇنىڭ ئۆزىنى كېسىپ ئېلىپ، كونۋېرتقا چاپلىساڭمۇ بولىدۇ.»[1]

ھوشۇر مېنىڭ خىتايچىنى ئۆگىنىۋالغىنىمنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتى. مەن ئۇنىڭغا قىسقىلا بىر خەت يازدىم. كونۋېرت تېشىغا ئۆز پۇچۇركام بىلەن ھېلىقى ئادرېسنى يازدىم. بەلكىم مېنىڭ بۇ قولىيازمام ھوشۇرنىڭكىدىنمۇ بەك خىتاي ئۆلچىمىدە چىرايلىق ھىساپلىناتتىمىكىن دەيمەن. خەتنى سېلىۋەتتىم.

ئەمما ئۇنىڭ يەنە بىر خېتى كەلدىمۇ ـ يوق، بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ئىككىنچى خېتىنى تاپشۇرۇۋالغۇچە مەن كاژ تەلەيگە يەنە پالاكەت كەلدى: بىزنىڭ تەشۋىقات گورۇپپىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىمىز دەل يىغىن ئۈستىدىلا قولغا ئېلىندۇق.

ئىككىنچى قېتىملىق تۈرمە ھاياتىمنى باشلىدىم. ئالدىنقى قېتىمغۇ بەك مەنىلىك ئۆتكۈزگەنتىم، گويا بىر ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن ئىدىم دېسەممۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمەن. بىلمەيمەن، بۇ قېتىم نېمە بولۇدىكىن؟

مېنىڭ سالاھىيىتىم يەنە بىر ئاز مۇجىمەل قالدى. مەندىن باشقىلار يا ئىلى

---

[1] ئۇيغۇر ئادىلىنىڭ خېتى سوۋېتىدىكى بايانلار 1987-يىلى كۈزدە ئۇيغۇر ئەپەندى (50 يىل ئۆتۈپ) يۇرتقا كەلگەندە مۇئەللىپىنىڭ ئۆيىدە ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەنلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلدى، ــ ئا.

تەرەپتىن كەلگەن، يا سوۋېتتە ئوقۇغان ياشلار ئىدى. مەن نە سوۋېتتە ئوقۇغان سوۋېتپەرەستلەر تىپىغا ئايرىلمايتىم، نە توپىلاڭچى دېيىشكە ئاساس يوقىدى. بۇنى تۇتقا قىلىپ، قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈمىدىدە جىم بولۇۋالدىم.

ھە توغرا، مەن بىللە ياتىدىغانلارنىڭ ئىچىدە سوۋېتتە ئوقۇغان بىرى بارىدى. سوۋېتتە ئۇزاق تۇرۇپ چىرايى تارتىپ كەتتىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ مەستانىلىقىدىن رۇسلارنى دورايدىغان ئادىتى بارمىدى، ئىشقىلىپ، قويۇۋالغان بۇرۇتىلا ئەمەس چىرايىنىڭ سىرىقلىقىمۇ رۇسلارغا ئوخشاپ كتەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى خەمىت تۇردىبايېۋ ئىدى. ئەمما مېنىڭ ئاخىرىدىكى قوشۇمچىنى دېگۈم كەلمەي، ھامان خەمىت تۇردى دەيتىم. باشتا ئۇ تۈزۈتۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، كېيىن مېنىڭ كاژلىقىمغا كۆندى. ئۇ بۇ رۇس قوشۇمچىسىنى خۇددى بىر ئىلمىي ئۇنۋاندەك قەدىرلەيتى. دەل شۇنىسى مېنىڭ چىشىمغا تېگەتتى. خەمىت تۇردى ئاسان قېيدايدىغان، تەۋنازۇك يىگىت ئىدى. ھەممىدىنلا ئاغرىنىپ تۇراتتى. تۈرمىداشلىرىمىزدىن بىزدىن باشقا ئادەتتىكى ئوقۇمۇغان ئۇيغۇردىن ئۈچى بارىدى. ئۇلارنى ھېچ ياراتمايتى. گەپلەشكىسىمۇ كەلمەيتى. گەپ قىلسىمۇ بىر خىل ئۈستۈنلۈك روھى بىلەن خۇددى مالايغا گەپ قىلغاندەك گەپ قىلاتتى. بۇ ھال ئاۋۇلارغىمۇ ياقمىغاچقا، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا خەمىت تۇردىنى ياقتۇرمايتى. خەمىت تۇردىنىڭ ئۈستۈنلۈك تاماسىنىڭ زىتىغا ئۇنى كۆزلىرىگە ئىلمىگەندەك مۇئامىلە قىلاتتى. خەمىت بولسا دايىملا باشقىلارغا ئەقىل ئۆگۈتۈش كويىدا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەممىنى بىلىدىغان، كۆپنى كۆرگەن ھېسابلىسا كېرەك.

بىزنىڭ يەنە سىياسىي مەسىلەك، ئېتىقاد ماۋزۇلىرىدىكى تالىشىمىز باشلاندى. خەمىت تۇردىنىڭ يوغۇنلۇق تاماسى بولۇشتەك خۇسۇسىيىتىدىن توغرا پايدىلىنىشنىڭ يولى كۆڭلۈمگە كېچىپ قالدى. ئۇنىڭ رۇسچە بىلىمىنى سۇغۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن بۇ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىشقا بولاتتى. شۇڭا مەن بۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان تالاشلارنى قىلىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلغۇم كەلمەي، بىر كۈنى شۇنداق تەكلىپ بەردىم:

— خەمىت تۇردى، قۇرۇق گەپنى قىلىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلغۇچە بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلساق نېمە دەيسىز؟ — دەپ سورۇدۇم.

— قانداق ئىش ئۇ؟

— سىز ئوقۇتقۇچى بولۇپ، قىزىققانلارغا رۇسچە ئۆگىتىپ، — دېدىم.

مەن ئىنسان بالىسىنىڭ روھىيىتىدە ياتقان ئۇستىلىق ھېرىسمەنلىكىدىن پايدىلىنىشنى قارار قىلغان ئىدىم. ئۇ بىزگە ئۇستاز بولسا غورۇرى قانائەت تېپىپ، بىزنى ياخشى كۆرۈشكە باشلايتى. ئويلىغىنىمدەك بولدى:

— راستما؟ — دېدى ئۇ مەمنۇنىيىتىنى يوشۇرالماي.

— ئەلۋەتتە، راست. ئەگەر بىزدە سىزگە يارىغان بىرنەرسە بولسا قولىمىز كۆكسىمىزدە، خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا تەييار - دە، ئەمما، مەندىكى مولىلىچىلىقنى ئۆگىنىشنى خالىمايسىز ھەقچان؟

— قېنى قاراپ باقارمىز، — دېدى ئۇ. بىز دەرسنى باشلىۋەتتۇق. بۇ بالا بەكراق مەمەدان بولغاچقا كېرەكسىز گەپلەرنى تولا قىلىپ، دەرسنى ياخشى ئۆتەلمەيتى. مۇئەللىم بولۇپ باقمىغاچقا دەرس ئۆتۈش تەجرىبىسى يوقىدى. شۇڭا مەندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى چاپسانلا زېرىكىپ، رۇسچە ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىشتى.

رۇسچىدىن ۋاز كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن بىز، دىن دەرسى قىلاتتۇق. ئەمما ئۇلار بۇنىڭدىن زېرىكمەيتى. بۇ ھال خەمىتنىڭ غورۇرىغا تېگىپ، ماڭا دەردىنى تۆكەتتى.

— ئەسكى پايتىمىغا يىرتىق چورۇق، دېگەن شۇ - دە، تومپايلار،...

— خەمىت تۇردى، دىن دېگەن سىز چۈشەنگەندەك نەرسە ئەمەس، سىزگە قالتىس بىلىنگەن ئۇ مەسىلىكىڭىز بەلكىم دەۋرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتمەي، بىركۈنلىرى تاشلىنىپ كېتەر، ئەمما دىن مىڭ يىللاردىن بېرى ئوخشاشلا جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتمىدى. بۇلارنى سالماقراق ئويلاپ كۆرەرسىز، — دەيتىم مەن، — بىلىمەن، سىز بۇ ئادەملەر نېمىشكە مېنىڭكىگە قىزىقماي، بۇ كونىلىققا قىزىقىدۇ، دەپ ئىچىڭىز پۇشۇۋاتىدۇ. سىز دەڭ، سىزگە ئەڭ يامان تەسىر قىلغىنى نېمە؟ ئەڭ خاپا قىلغىنى نېمە؟ ئۆزىڭىز دىن ھەققىدە قانچىلىك بىلىسىز؟ پەقەت كوممۇنىستلارنىڭ تەسۋىرلىگىنى بويىچە بىلىسىز. ئۇنىڭ توغرۇلۇقى ياكى بۇرمىلاش ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟

بۇنىڭ ئۈچۈن دىنىنى ئەسلى مەنبەدىن ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. ئەسلى مەنبە دېگىنىمىز قۇرئان ۋە ھەدىس. باشقا كىتابلارمۇ پەقەتلا پايدىلىنىش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ، دىنىنى ئۇنداق كىتابلاردىن ئۆگىنىشمۇ خاتاغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

مەن خەمىتتىن رۇسچە ئۆگىنىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ پىقىنى قاتۇرۇپ قويماي دەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇنچىلىكلا دېيىشىپ قويدۇم. ئەمما «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» شەكلىدە مۇنازىرىلەردە ئۇنىڭ تەرىپىدىن سورۇلۇش ئېھتىمالى بولغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە دىن دەرسىمدە تەپسىلىي جاۋاپ بېرىشكە تىرىشتىم. بىزنىڭ دىن دەرسىمىزگە ئۇ نەپرەتلىنىۋاتقان قىياپەتتە يۈزىنى ئۆرۈپ تەتۈر قاراپ يېتىۋالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قۇلاق سېلىپ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.

— دىنىمىز ھەققىدە ئۇنى قالاقلىقنىڭ مەنبىئى، ئىلىمگە قارشى دېگۈچىلەر بار، بۇنداق گەپلەرگە دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا ھەرگىز مەڭدەپ كەتمەڭلار، — دەيتتىم مەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا، — دىنىمىز ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئەقىل ئىشلىتىشكە شۇنچىلىك تەشەببۇسكاركى، بۇنىڭ شۇنداق دەلىللىرى بار: قۇرئانى كەرىم «ئوقۇ!» دېگەن خىتاب بىلەن باشلانغان. يەنە رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىسلىرىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەر - ئايال مۆمىنلەرگە ئىلىم تەلەپ قىلماغلىق پەرز»، «بىلىم — مۆمىنىنىڭ يوقۇتۇپ قويغان مۈلكىدۇر، ئۇنى نەدە ئۇچراتسا ئېلىشقا ھوقۇقلۇق». ئەسىرى سائادەت دەۋرىدە ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەنلەر جىزىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىلەتتى. بىلىملىك كاپىرلاردىن جىزىيە ئورنىغا ئون مۇسۇلماننى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلىش، بىلىم بېرىش تەلەپ قىلىناتتى. مانا بۇلار ئىسلامنىڭ ئىلىم - پەننىڭ تەشەببۇسچىسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. يەنە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قوياي، ئىسلامدا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى، پىكىر يۈرگۈزۈشى، ئەقلىنى ئىشلىتىشى يۈكسەك دەرىجىدە تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتى (يارىتىلغۇچى — پۈتۈن كائىنات) ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ، ئىجتىھاتىنى بايان قىلسا بۇنىڭ ساۋابى كاتتا بولىدۇ. ئىجتىھادى خاتا بولغان بولسا، بىر ساۋاپ، توغرا بولغان بولسا ئىككى ساۋاپ بېرىلىدۇ. بۇ نېمە

دېگەنلىك؟ بۇ پىكىر قىلىشقا قارىتا بىر رىغبەتتۇر. يەنى خاتا قىلىپ سېلىشتىن قورقماي دادىل تەپەككۇر قىل، ئاللاھ نىيىتىڭگە كۆرە ساۋاپ بېرىۋېرىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

خەمىت قىزىق يىگىت ئىدى، پىكىرلىرىنى چۈشۈنۈشلۈك شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويالمايتى، ئەمما ئۆزى چۈشەندۇرەلمىگەن تۇرۇغلۇق، تېزلا خاپا بولۇپ، ۋارقىراپ كېتەتتى. تەتۈرلىكى تۇتۇپ قالاتتى. ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ تۇرۇۋالاتتى-يۇ، ئەمما توغرۇلۇقىنى ئىسپات قىلىپ ئادەمنى قايىل قىلالمايتى.

ئۇنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدىكى يەنە بىر تەتۈر قارىشى ئىسلام دىنىنىڭ خۇراپاتلىقى ھەققىدە ئىدى. بۇ قاراشمۇ ئىسلامغا زورلاپ تېڭىلغان بىدئەتلەر، قەدىمدىن قالغان ئۆرپ - ئادەتلەرگە تەئەللۇق بولۇپ ئىسلامغا ئالاقىسى يوق نەرسىلەر ئىدى. بىر كۈنى بۇ ھەقتىمۇ توختالدىم:

— ئىسلام دىنىدا ئەڭ تۇپ پرىنسىپ شۇكى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۇرمەسلىك، ئاللاھنى تەنھا ياراتقۇچى ۋە جىمى كائىناتنىڭ ئىگىسى دەپ تونۇش كېرەك. بۇنى چۈشەنمىگەنلەر جەمىيەتتە يامراپ يۈرگەن نۇرغۇن بولار - بولماس خۇراپىي ئادەتلەرنى، ئەقىل قوبۇل قىلغۇسىز غەلىتىلىكلەرنى دىنىنىڭ جۈملىسىدىن دەپ خاتا چۈشىنىۋېلىپ، ھەممىگە دىننى گۇناھكار قىلىدۇ. ھەدىس قۇددۇسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: «بەندەم كائىناتنى تولدۇرغۇدەك گۇناھ بىلەن ئالدىمغا كەلسىمۇ، پەقەت ماڭا شېرىك كەلتۈرمىگەنلا بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كائىناتنى تولدۇرغۇدەك مۇكاپات بىلەن چىقىمەن». مانا بۇنىڭدىن شېرىك مەسىلىسىنىڭ قانچىلىك جىددىيلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئەمدى تۇرمۇشىمىزغا قارىساق، مازارلاردىن، يالغۇز دەرەخلەردىن، پىر - ئەۋلىيا ئاتالغان ئالدامچى شەخسلەردىن مەدەت تىلەش، شۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش، شۇلاردىن ياخشىلىق ياكى (دۈشمىنىگە قارشى) يامانلىق تىلەشلەرنى كۆرۈمىز. مانا بۇلارنىڭ ئىسلامغا نەقەدەر قارشى، يامان قىلمىشلار ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. داخانلىق، پىرىخۇنلۇق، جىنكەشلىك، پالچىلىق، باخشىلىق دېگەندەك تېپتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندىكى ئوچۇق ئايەتلەر بىلەن ھارامدۇر. كۆزمۇنچاق ۋە تۇمارنى يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئالۇدۇ دەپ ئىشىنىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

خەمىت ئاخىرى چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ بارا ـ بارا سوئال قىستۇرۇدۇغان، ئارقىدىن يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بەس ـ مۇنازىرە قىلىدىغان، ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن كۆڭلىدە شەكلىنەنگەن سوئاللارنى سورايدىغان بولدى. ئەمما بىلىۋالاي دېگەن نىيەتتە سورۇماي، مەسخىرە، چېقىۋېلىش، كەمسۇندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان سوئاللارنى سورايتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن تېرىكىپ كەتمەي، ئۇنىڭ دىن ھەققىدىكى جىمى خاتا چۈشەنچە ۋە تۆھمەت خاراكتېرلىق ئۇقمىشلىرىغا تەپسىلىي جاۋاپ بېرەتتىم. ئۇ تېخىچە ماركىزىمنى ئىلىم دەپ بىلىدىغان بولغاچقا مەندىن شۇنداق سورىدى:

— دىن ئىلىمگە قارشى بولمىسا، سىز نېمىشكە ماركسىزىمنى ئۆگىنىشنى خالىمايسىز؟

— كىم خالىمايمەن دېدى؟ ئالدى بىلەن شۇنى دەپ ئۆتۈپ كېتەي، ماركسىزم ئىلىممۇ ياكى ساختىلىق ۋە ياكى خۇراپاتمۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئەمما مەن ئۇنى ئۆگىنىشكە قارشى ئىكەنلىكىمنى دېدىممۇ؟ سىزدە كىتاپ بولسا بېرىڭ، مەن ئۇنىمۇ ئوقۇپ كۆرەي، بەلكىم قايىل بولۇپ قالارمەن، — دېدىم.

— راست ئوقۇمسىز؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— ھىچ چاخچاق ئەمەس. كىتاپ بولسا بېرىڭ، بۈگۈنلا باشلاي. كىتاپ ئوقۇش مېنىڭ ئەڭ خوش بولۇدۇغان مەشغۇلاتىم.

— ئەپسۇسكى يوق. ھەم ئۇيغۇرچە بەك كۆپ تېپىلمايدۇ شۇ، رۇسچە قانچە دېسىڭىز تاپقىلى بولۇدۇ. تۈرمىگە ئەكىرىشكە مۇمكىن بولمىسا كېرەك.

— ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رۇسچە ئۆگىنىۋاتىمەنغۇ، تېزراق ئۆگىنىۋلۈڭ، تۈرمىدىن چىقىپ قالساق، سىزنى ئىزدەيمەن، كىتاپلارنى تېپىپ بېرىسىز. خىتايچىسى بولسىمۇ بولۇدۇ.

— ھە؟ سىز خىتايچە بىلەمسىز؟

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى بارمۇ؟

— سىز بىر موللا تۇرسىڭىز؟...

— مانا سىزنىڭ تونۇشۇڭىز! — دېدىم ئۇنىڭغا تەگدۇرۇپ تۇرۇپ، —سىزچە ھەرقانداق ئىلىم، پېشىنى سۆرەپ يۈرگەن دىندارلارغا ياراشمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

دىندىن باشقا ھەرقانداق ئىلىم گويا كوستيۇم كىيگەن، گالىستۇك تاقىغانلارغا خاس، شۇنداقمۇ؟ سىز مۇسا ئەلخارەزمىنى ئاڭلىغانمۇ؟

— كىمۇ؟

— ئالگېبرانى كىم كەشپ قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟

خەمىت ئىنجىقلاپ قالدى.

— ئاشۇ مۇسا ئەلخارەزمى. يەنى خارەزىملىك مۇسا. ئۇنىڭ كىتابى «ئەلجەبىر» ئىنگلىزچىدا «ئالجىبرا» دېيىلگەن. ئىنگلىزچە «ج»نى رۇسلار «گ» ئوقۇپ، «ئالگېبرا» دېگەن. ئاشۇ خارەزىملىك مۇسامۇ ماڭا ئوخشاش بىر موللىدى؛ بىرۇنى دېگەننى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ بۈگۈنكى دۇنيا ئىلىم ساھەسى ئۇنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىنى، تېئورمىلىرىنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىپ ئىلمىي كىتابلاردا پايدىلىنىۋاتىدۇ. بىرۇنى ئاتموسفىرا سىرتىدىكى ئالەم بوشلۇقىدا «ئەسىر[1]» دەيدىغان بىر جىسىمنىڭ بولۇدۇغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمما سىز چوڭ بىلىدىغان غەرپلىكلەر تاكى 20- ئەسىرگىچە يوقۇرى ئالەم بوشلۇقىنىڭ ۋاكۇۇم بىر بوشلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا نە ھاۋا، نە باشقا تۇرلۇك گاز جىسىم يوق «قۇرۇق» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكەن. كېيىن، مەيلى رادىئو دولقۇنى ياكى نۇر دولقۇنى بولسۇن ۋاكۇۇم بوشلۇقتىن ئۆتمەيدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئېلىكتىر دولقۇنى، ماگنىتلىق دولقۇن ئۈچۈن بىر ئۆتكۈزگۈچىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئاشۇ بوشلۇقتا «ئەسىر» بار دەيدىغان بولدى. ئەسىر دېگەننىڭ ئەرەپچىدىكى مەنىسى دەل «ئۆتكۈزگۈچ»! بىرۇنىمۇ كوستيۇم كىيگەنلەر سىنىپىدىن ئەمەس، مەدرىس ئەھلى ئىدى. ئىبنى سىنانى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز؟...

خەمىت قاتتىق - قاتتىق تۈپرۈگىنى يۇتۇپ قويدى.

— مىدىتسىنا دېگەن گەپنىڭ مەنبەسى ھەققىدە نېمە ئويلۇدۇڭۇز؟ بەلكىم ياۋروپا تىللىرىنىڭ بىرىدىن كەلگەن دەرسىز؟ ياق. ئەرەپچە ئاتالغۇ. ئىسلامنىڭ دەسلىپىدە نېمە ئۈچۈن ئىسلام مەدەنىيىتى شۇنچىلىك گۈللەنگەن؟ ياۋروپالىقلارنىڭ ھەممە ئىلىم ساھەسىدە ئەرەپلەرنى ئۇستاز سۈپىتىدە

[1] ئەسىر — ئىنگلىزچىدا Ether دەپ يېزىلىدۇ، — ئا.

پايدىلانغانلىقىنى بىلەمسىز؟ دەل ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىمگە تەشەببۇسىدىن ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم ـ پەن بىر سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەنزىرىسى ياراتقان ئىدى. بەلكىم سورارسىز، ئەمىسە نېمىشكە كېيىن شۇنچە قالاقلىشىپ كەتتى؟ بۇ ھەرگىزمۇ دىنىنىڭ قالاقلىقىدىن ئەمەس، دەل ئەكسىچە، دىنىنىڭ بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈلۈشى، بۇزغۇنچۇلۇققا ئۇچرۇشىدىن بولغان. مەسىلەن، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە مۇنقەرزلىك ھاياتىمىزنىڭ باشلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سوپى ـ ئىشانلىقا ئوخشاش. بىز دەل شۇ دەۋرنىڭ كاساپىتىدىن مىللىي روھىمىزنى بۇلغۇدۇق، قەھرىمانلىق روھىمىز زەئىپلەشتى، ئېتىقادىمىز ئەخلەت ـ چاۋارغا تولدى، نېمە ھەق، نېمە بىدئەت ئىلغا قىلغۇسىز ئارىلىشىپ كەتتى. بۈگۈنكى جىمى بەختسىزلىكىمىز مانا شۇ بىدئەتچىلىكتىن مەنبەلەنگەن. خۇددى شۇنىڭدەك بۇنداق دىنغا بۇزغۇنچۇلۇق، دىنىي پىرىنسىپلارنى بۇزۇش، ئالماشتۇرۇش، خۇنۇكلاشتۇرۇش ھەركىتى ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىمۇ بولغان. يەنى، بىزدىكى ئاشۇ جاھالەتچىلىكنىڭ ئەسلى كېلىش مەنبەسىمۇ شۇ ياق.

سوپى ـ ئىشانلىق ھەققىدىكى گەپلىرىم خەمىتكە تامامەن باشقا تەسىر بەردى. ئۇنىڭ بىر ئاز كۆزى يورۇغاندەك بولدى. ئەمما مېنىڭ دىنىي ئوقۇغۇچۇلۇرۇم پۈتۈنلەي تەتۈر ئىنكاسقا كەلدى. چۈنكى ئاپپاق خوجا ھەققىدىكى خۇراپىي قاراشنىڭ يىلتىزى بەك چوڭقۇر بولغاچقا ئۇلار دەماللىققا بۇنى قوبۇل قىلالمايتى. بۇ مەۋزۇ شۇنچىلىك مۇرەككەپ ئىدىكى، بىزنىڭ خەلقىنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشقا ھەقىقەتەنمۇ سەۋىيەسى يەتمەيتى. روھى تەييارلىقى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇنى ئاستا ـ ئاستا ۋە ئاددىي سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈش ماڭا ئوخشاشلار ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئىدى.

بۇ ھەقتە ئوبدان پىلان ۋە چۈشەندۈرۈش تەرتىپى تۈزۈپ چىقىشىم كېرەك ئىدى. گەپ بەك يوغان ياكى نامۇناسىپ نۇقتىدىن باشلانسا چۈشەندۈرگىلى بولمايلا قالماي، مەسىلىنى چىگىشلەشتۈرۈۋېتىشكە يارايتى. ئەمما بۇنى خەمىتكە چۈشەندۈرۈش ئاسانراق بولاتتى، ئەگەر ئۇ چۈشىنىشنى خالىسىلا.

بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن خەمىت بۇ تېمىنى ئۆزى ئېچىپ قالدى. ئۇ رۇسچە ئوقۇغان بىلەن ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدىمۇ ئەقەللىي ساۋادى

يوقكەن. ئۇ ئاپپاق خوجا ھەققىدە پەقەت «بىر پادىشا» دەپ ئويلايدىكەن، ھېچنەرسە بىلمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ بۇ تېمىغا دىنىي نۇقتىدىن قىزىقمىغاندەك قىلىپ، تارىخىي نۇقتىدىن قىزىققان قىياپەت ئىپادىلەپ گەپ تەشتى. بۇ ماڭا ياخشى پۇرسەت بولدى. ئاپاق خوجىنىڭ ئەجداتلىرى چەتئەلدىن كەلگەن بولغاچقا مۇقەررەر يوسۇندا ئىسمائىلىيلەرگە (باتىنىيلەرگە)، كارامىتلەر ياكى فاتىمىيلەرگە چېتىلاتتى.

مەن ئالدى بىلەن مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە پەيدا بولۇشىدىن باشلاپ، ئاپاق خوجا دەۋرىدىكى ئاقتاغلىق (ئىشقىيە) ۋە قارا تاغلىق (ئىسھاقىيە) سۇلۇكلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىرنەۋرە قېرىنداشلار ئارىسىدىكى سىياسىي ئۈستۈنلۈك تالىشىش غەۋغاسى ئىكەنلىكى؛ ئۇلار تەشەببۇس قىلغان ئاللاھنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتى ئۈچۈن پانىينىڭ ۋاقىتلىق مەئىشەتلىرىدىن ۋاز كېچىش تەشەببۇسىنىڭ ئالدامچىلىقلىرى؛ ئاخىرىدا بىر - بىرىگە بولغان دۈشمەنلىكنى تاشقى دۈشمەنگە بولغان دۈشمەنلىكتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە ئوخشاش قېرىنداش خەلقنى باستۇرۇش ئۈچۈن موڭغۇللارنى يۇرتقا باشلاپ كېلىشتەك شەرمەندە قىلمىشلىرىنى؛ ئۇلارنىڭ رەزىللىكتە بىر - بىرىدىن ھېچ قېلىشمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن، بۇلارنىڭ ئەسلى يىلتىزى چەتئەللەردە قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئىزاھات بەردىم:

— ئەڭ ئەۋەل بۇ ماجرا خەلىپىلىك تالىشىشتىن كېلىپ چىققان ماجرا بولۇپ، ھەزرىتى ئەلى جەمەتىدىن كەلگەنلەر ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى شىئە بولۇپ شەكىللىنىپ، خەلىپىلىكنىڭ ئەلى جەمەتىدە بولۇشىنىڭ ھەقلىقى داۋاسىنى قىلىشتى. تاكى جافېرى سادىققا قەدەر شىئەلەر مۇشۇنداق قوبۇل قىلىشتى. ئىمامىيە فىرقىسى ئىمامىيەت نۆۋىتىنى جافىرى سادىقنىڭ كىچىك ئوغلى مۇسادىن باشلىدى. يەنە بىر فىرقە ئىسمائىلىيلەر جافېرى سادىقنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىلدىن باشلاشنىڭ توغرۇلۇقىنى داۋا قىلدى. ئىسمائىلنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى (ئۆلۈمىدىن كېيىن) «مەھدى شۇ» دېگەننى تەرغىپ قىلىشتى. شۇ چاغدا مەيدانغا كەلگەن سىرلىق بىر تەشكىلات بۇ مەھدى ھەركىتىنى كونترولى ئاستىغا ئېلىۋالدى. ئەسلىدە بىر مەزھەپ بۆلۈنۈشىدەك

باشلانغان بۇ ئىش، بۇ تەشكىلاتنىڭ قولىدا يالغۇز ئىسلامغىلا ئەمەس، پۈتكۈل دىنلارنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان بۇزغۇنچى تەشكىلات ھالىتىگە كەلدى.

ئەسلىدە بۇ پىرقىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان كىشى، بىلىملىك، ئەركىن پىكىر ئىگىسى بولغان جەنۇبىي ئىرانلىق بىر دوختۇرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى مەيمۇن ئىدى. ئۇ جۇپ تەڭرى ئېتىقادى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن ئىدى. مەۋجۇت دىنلار ھەققىدە كەڭ مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. خۇددى دادىسىغا ئوخشاش ماددىپەرەست (ماتېرىيالىست) ئىدى. بۇ شەخس ئۆزىنىڭ شىئە مەزھىبىدە ئىكەنلىكىنى، ئىسمائىلدىن مۇھەممەدكە، ئۇنىڭدىن ئوغلى ئابدۇللاھقا مىراس قالغان ئىلاھىي ئىلىملەرنىڭ ئىگىسى تېپىلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنى ئىسمائىلىلەرنىڭ ئىمامى ئورنىغا قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ئىدى. ئەسلى جۇپ تەڭرىچىلىك ئېتىقادىدىكى بۇ شەخس، ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى يېيىش، باشقا دىندىكىلەرنى ئېتىقادلىرىدىن چەتنىتىپ، ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن، باتىنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرغان ئىدى. تەشكىلات يەتتە دەرىجىلىك ئەزالىقنى يولغا قويغان بولۇپ، ئەسلى مەقسەتنىڭ نېمىلىكىنى پەقەت يەتتىنچى دەرىجىگە بارغانلارغىلا ئاشكارىلايتى. بۇ ئاتالمىش ئىلاھىي سىر — ئىلاھىي ئىلىم دېگىنى شۇ ئىدى. بۇ سىرغا يېتىشىش قىزغىنلىقىدىكى ئەزالارنى قەدەممۇ - قەدەم ئەسلىدىكى توغرا ئېتىقاتلىرىدىن چەتنىتىپ، ئاستا - ئاستا ئاشۇ ئازغۇن، شەقى چۈشەنچىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىمگە شۇنىڭ تىلىدا سۆزلەش بىر خىل مېتودى ئىدى. يەنى، مۇسۇلمانلارنى كۆرسە ئاللاھ ۋە قۇرئاندىن لاپ ئۇراتتى؛ يەھۇدىيلارنىڭ ئالدىغا كەلسە، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيتى. مانا شۇنداق قىلىپ، ئوخشىمىغان دىن، ئوخشىمىغان مەزھەپتىكى كىشىلەرنى دەرىجە تۈزۈمىدىكى ئەزالىق بىلەن ئايرىپ، بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماستىن ئالدايتى. بەزى سېپھىرگەرلىك، ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن كارامەت كۆرسۈتۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن، كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ كارامەتچى ئەۋلىيالىقىنى قوبۇل قىلدۇرغان ئىدى. ھەر دەرىجە ئەزالارنىڭ قوبۇل مۇراسىملىرىدا قاتتىق قەسەم تۈزۈمى، دەرىجىلەر ئارا ۋە تەشكىلات سىرتىدىكى

ئادەملەرگە قارىتا قاتتىق مەخپىيەتلىك پىرىنسىپلىرى بارىدى. قەسەم مەزمۇنلىرىدا ئەنە شۇ مەخپىيەتلىكلەرنى باشقا كىشىلەرگە دېمەسلىككە قەسەم قىلدۇرۇلاتتى. قەسىمىنى بۇزغانلارنىڭ دەھشەتلىك ئۆلۈم مىساللىرى ئارقىلىق ئىلاھىيلىق تۈسى كۆچەيتىلگەن بولغاچقا ھېچكىم بۇ سىرلارنى يېيىندىكىگە ئېيتىشقا پېتىنمايتى.

بىرىنچى دەرىجىگە بېرىلگەن مەپكۇرە، ئىككىنچى دەرىجىدە تامامەن ئىنكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ خاتالىقى، ئۇنىڭ پەقەت ئاشۇ باسقۇچنىڭ زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن دېيىلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى تامامەن ئۇنتۇپ، بۇنىسىنى قوبۇل قىلىشنى سۆزلەيتى. ھەمدە بۇ چۈشەنچىلەرگە قارىتا ساداقەت قەسىمى ۋە مەخپىيەتلىك قەسىمى قىلدۇرۇلاتتى. ھەر كېيىنكى دەرىجىدە ئالدىنقىسىنىڭ ۋاقىتلىق تاكتىكا ئىكەنلىكى سۆزلىنىپ، ئەسلى ھەقىقىي ئىلاھىي سىرنىڭ بۇنىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇلەتتى. ئەمەلىيەتتە تاكى يەتتىنچى دەرىجىگە كەلگەنلەرلا ئاندىن بۇ ئىلاھىي سىر (ئەمەلىيەتتە بارلىق بىر ئىلاھلىق دىنلارغا قارشى مۇددىئا)نى بىلىشەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئاللىقاچان يولدىن چىقىپ بولغان بولاتتى. چۈنكى، تەرىقەتتىكىلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سۈرۈشتە قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن نەزەرىيىلەر ئىچۈرۈلەتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلىيالىقلىرى ھەققىدە رەسۇلۇللاھنىڭمۇ بىشارەت بەرگەنلىكىنى سۆزلەش بىلەن، بۇنى «دەلىللەيدىغان» بىر ھەدىسمۇ توقۇيتى. ھەتتا شەھۋانىيلىقنىڭمۇ گۇناھ ئەمەسلىكى بارا ـ بارا قوبۇل قىلدۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە كۆرە، تەرىقەت ئەزاسى بولۇش ھەممىگە كەففارەت بولاتتى.

ئىراقتىكى كارامىتىلار، مىسىردىكى فاتىمىيلار مانا شۇ شەقى مەپكۇرىنىڭ يايغۇچىلىرى ئىدى. خاتىرىلىنىشىچە كارامىتىلار كۆنچىقىش مەملىكەتلىرىگە نۇرغۇن دائىلار[①]نى ئەۋەتكەن ئىكەن. ئاپاق خوجىنىڭ ئەجداتلىرى مانا شۇ ئازغۇنلارنىڭ تويىدىن كەلگەن بولۇشى شەكسىز. خۇددى كارامىتىلاردا بولغىنىدەك بىر نۇقتا بىزنىڭ خوجىلاردىمۇ بولغىنىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

[①] دائىي ــ تەبلىغچى، تەشۋىقاتچى، كارامىتىلار ئۆزلىرىنىڭ مەپكۇرىسىنى يايغۇچى تەشۋىقاتچىلىرىنى شۇنداق ئاتىغان، ــ ئا.

كارامىتلار مۇرىتلارنىڭ پۇل - مېلىنى ئامانەت تەرىقىسىدە ئۆزىگە بېرىشكە كۆندۈرگەن؛ باشتا ئاز مىقداردا ئېلىنغان بۇ پۇللارنىڭ مىقدارى بارا - بارا ئۆستۈرۈلدى ۋە ئاخىرىدا شەخسىي مۈلكنى تامامەن چەكلىدى. ئاندىن مۈلك ۋە ئايالىلارنى ئورتاق قوللۇنۇدۇغان بىر جەمىيەتنى ياراتتى. خۇددى شۇنداق، خوجا ئەۋلاتلىرىمۇ ئۆزلىرىنى «بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەئىشەتلىرى، ۋاپاسىز مال - دۇنياسىدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى ئاللاھقا بېغىشلىغان» دەپ سۈپەتلەيدىغان بۇ كاززاپلار ھېساپسىز مال دۇنيا توپلىغان ئىدى. ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان مۇنبەت يەرلەر ئۇلار ئۈچۈن ۋەخپە قىلىپ بېرىلەتتى. ئۇلارنىڭ يالغانلىرىغا ئىشىنىپ، خۇدىنى يوقۇتۇپ قويغان بايلار سېخىلىق بىلەن مال - دۇنياسىنى تەقدىم قىلاتتى؛ تۆۋەندىكىلەرگە مال - دۇنيانى دوست تۇتماسلىق، پانىي دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق خۇشاللىقىنى قوغلاشماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان بۇ خوجىلار، يوقۇرى دەرىجىدىكى ئەزالىرى — خەلىپىلىرى، چوڭ بايلار، پادىشالار، يۇرت چوڭلىرى بىلەن بىللە بولغان سورۇنلاردا شاراپ ئىچىشەتتى؛ چىلىم چېكىشەتتى؛ نادان مۇخلىسلار بىر قېتىم دۇئا قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن 12 — 13 ياشلىق قىزلار بىلەن زىنا قىلاتتى! بۇنداق قىزلىرىغا دۇئا قىلدۇرۇدۇغان ئىشلار كۈنۈمىزدىمۇ تېخى تۈگەپ كەتكىنى يوق. نادان ئادەملەر نىكاھ قىلىدۇ ئەمەسمۇ دەپ ئويلايدۇ، ئەمما ئىسلامدا ۋاقىتلىق نىكاھ، پايدىلىنىش مەقسىدىدىكى نىكاھ ھارام قىلىنغان. شۇڭا ئۇ يالغان نىكاھ خەلقنى ئالدىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا زىنا ھېساپلىنىدۇ.

يەنە يالغان كارامەت كۆرسۈتۈش جەھەتتىمۇ بۇلار ئوخشاشلىقتا ئىگە. كارامىتلار قولغا كەلتۈرۈش كېرەك دەپ قارىغان موھىم ئادەملەرنى تېزرەك ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىي ھالقىسىغا تارتىش ئۈچۈن (موھىم بولمىغانلار مەڭگۈ ئادەتتىكى مۇرت بولۇپ بىكارلىق كۈچ چىقىرىپ يۈرۈۋېرەتتى) ئۇلارغا خۇدىنى بىلەلمىگۈدەك چەكتۈرەتتى. كەيپىكتە ئۇنى يېتىلەپ، تەرىقەت پېشىۋاسىنىڭ بېغىنى ئايلاندۇراتتى. گۈللۈكلەر، فونتانلار، گۈزەل نازىنىن قىزلار، مېۋىلەر...نى سەيلى قىلدۇرۇپ ئەكىلىپ، سارايدا ئۇخلۇتۇپ قوياتتى. مەستلىكى يېشىلگەندە ئۇ كۆرگەنلىرىنى چۈشۈمىدۇر دەپ ئويلاپ قالاتتى. بۇ چاغدا پىر كارامىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرىنى «جەننەتتىن بىر ئۆرنەك» دەپ ئېيتىپ

بېرەتتى. ئۇنىڭ تەرىقەتكە كىرگەنلىكى سەۋەبىدىن جەننەتتىن خۇشبىشارەت بېرىلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى تەسىرلەندۈرەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ئادەمنى قازىنىپلا قالماي، يەنە مىليونلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇدۇغان ھېكايىلەرنىڭ ئەل ئىچىگە تارقىلىشىغىمۇ ئەمەلىي ئۆرنەك بەرگەن بولاتتى.

خۇددى شۇنداق يالغان كارامەتلەر بىزنىڭ خوجىلاردىمۇ بولغان ئىدى. مەسىلەن، ھىدايىتۇللاھ ئىشاننىڭ خەلىپىلىرى[1] بەلگىلەنگەن ھايۋانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، مەلۇم بىر خەلىپە قوي، يەنە بىرى توخۇ، يەنە بىرى ئۆچكە، كالا، تۆگە... دېگەندەك سىمۋوللۇق بەلگە رولىنى ئالغان ئىدى. خەلقتىن بىرى خوجىنىڭ دەرگاھىغا بىر قوي نەزىر بېغىشلاپ ئەكەلگەن بولسا، قوي ئېلىپ قېلىنغاندىن كېيىن، نەزىر ئەكەلگۈچىنى قويغا ۋەكىللىك قىلىدىغان خەلىپە ئىشاننىڭ يېنىغا باشلاپ كىرەتتى. قايسى خەلىپىنىڭ باشلاپ كىرگەنلىكىگە قاراپلا ئىشان قانداق نەزرە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلىدىغان بولغاچقا:

— نەزىرگە ئاتىغان قويىڭىز ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، ماڭا مۇشۇنداق بىشارەت بېرىلدى، — دەيتى. بۇنى ئاڭلىغان ئىخلاسمەننىڭ ۋۇجۇدى ئاللىقانداق سىرلىقلىق قارشىسىدا ئېرىپلا كېتەتتى. ھەم قورقۇش، ھەم ھۆرمەتتىن سۆر بېسىپ تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپلا قالاتتى. ئۇ ئىشاننىڭ ئېلىپ كېلىنگەن نەزرىنىڭ قويىمۇ، ئۆچكىمۇ كۆرمەستىن قانداق بىلەلىگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ كارامەت ئالدىدا تامامەن ئۆزىنى يوقۇتۇپ، تېخىمۇ بەك ئىخلاسى ئاشاتتى. بۇنداق «ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كارامەت»لەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر جەمىيەتكە تارقىلىپ، ساددا خەلقنى ئالداش بارغانسېرى ئاسانلىشاتتى.

ئەمما شۇ نۇقتا ئېنىق بولسۇنكى، ئىسلام دىنى دەل مۇشۇنداق ئاتالمىش «كارامەتچى»لىكلەرگە بەك قارشى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇئەلەيھىۋەسەللەممۇ «مەن غەيىپنى بىلمەيمەن، ئاللاھ بىلدۈرگەندىن باشقا ھېچنەرسىنى

[1] خەلىپە — سۇلۇك پېشىۋالىرىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى، سۇلۇكنىڭ ئىككىنچى دەرىجىدىكى كاتتىۋاشلىرى، — ئا.

بىلمەيمەن» دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن تۇرسا، بۇ شەقى تەرىقەت پىشىۋالىرى ئۆزلىرىنى پەيغەمبەردىنمۇ ئۈستۈن قويۇشقىچە بېرىپ يېتىپ، گۇناھى كەبىرگە پاتقان. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئەسلىدە دىندار ئەمەس، دىنغا قارشى مەلۇم سىياسىي غەرەز بىلەن تەرىقەت نامىدا تەرەپدار توپلاۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن.

بۇ يەردە سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالماي دەپ بىر ئاز تومتاقراق دەپ قويدۇم، ئۇ چاغدا خېلى تەپسىلىي سۆزلىگەن ئىدىم. بىلمەيمەن خەمىت قايىل بولغانمىدىكىن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىسىدە ھۆرمەت قىلىۋاتقان ياكى قىلمايۋاتقانلىقىغا بەكمۇ سەزگۈر ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىششكە بەكلا ھېرىسمەن بولغاچقا، بۇ جەھەتتە سەزگۈرلۈشۈپ كەتكەن، تاماگەر بولۇپ كەتكەن ئادەم ئىدى. ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمايتى. ئەمما باشقىلارنىڭ سۆزلىرى ئۆزىدە قانداق تەسىرات پەيدا قىلغانلىقىنى ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرۇپ، خۇددى رۇسلاردەك كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، سەبىي تۇستە ياكى مەۋزۇغا دىققەت قىلمايۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسۈتۈشكە، بۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ «موھىملىق» ئورنىنى پەسەيتىشكە ئالمىغاندەك ئىپادىدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ يوغانچىلىق ئىشتاھاسىنى قانائەت تاپتۇراتتى. مېنىڭ سۆزلۈرۈمنىڭ قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشىپ ئۇنىڭغا تىكىلگىنىمدە ئۇ خۇددى شۇ مېتودى بىلەن، گويا ئانچە ئېرەنشىمىگەن ئىپادىدە بولدى. كېيىن ئۇنىڭ بىرئاز يۇمشاپ قالغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ:

— سىزنىڭ چۈشەنچىڭىزدە دىنىنىڭ قاملاشمىغان تەرەپلىرى سۈپىتىدە مىساللار بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ. مەن ئۇنىڭغا ئېنىقلىما بېرىشكە تەييار. ئىشىنىمەنكى، دىنىمىزدا سىزگە ياقماي قالغۇدەك بىرنەرسە يوق. باردەك تۇيۇلغانلىرى ھېلىقىدەك، ھەر خىل بۇزغۇنچى كۈچلەرنىڭ، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ، نادانلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقى. سىز دىنىنى «مەنىۋىي ئەپيۇن» دەپ قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرگەن ئىدىڭىز، بۇ گەپ ئاڭلىشىمچە ماركسنىڭ سۆزى، شۇنداقمۇ؟ ماركس ئۆزى يەھۇدىي، ئېنگېلس ئالمان — خرىستىيان. ئۇلارنىڭ دىن دېگەندە كۆزدە تۇتقىنى يەھۇدىيلىك ۋە خرىستىيانلىق بولسا كېرەك. ئۇنى مەنىۋىي ئەپيۇن دېسە بولامدۇ - يوق،

بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئەمما بۇ ئىسلام دىنىغا دېيىلسە بىمەنە بولۇپلا قالماي، ئاساسسىز بۆھتان بولغان بولۇدۇ، — دېدىم.
— سورايمەن، چوقۇم سورايمەن، — دېدى خەمىت بىرئاز ناخۇش كەيپىياتتا، — كۆڭلۈمدە چېگىكلەر كۆپ ئىدى، ئەمما شۇئاندا يادىمغا كەلمەيۋاتىدۇ. يادىمغا كەلسىلا سورايمەن.

سابىت ئەپەندىنىڭ بىر ئادەمگە تەربىيە بېرىش ياكى مەلۇم ئىدىئالنى تەبلىغ قىلىش، ئاڭلىتىش، چۈشەندۈرۈش ئۇسلۇبىنى بايقىدىم. بۇ ئاشۇ خەمىت تۇردىغا ئاڭلاتماقچى بولغانلىرىنى دىن ئوقۇۋاتقان باشقىلارغا دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئاڭلاتقانغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. مەسىلەن، مەن ئۆزەمنى ئاشۇ ھېكايىدىكى خەمىتكە ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. ئۇ خەمىتكە ئەمەس، ماڭا سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ شۇئاندا مېنىڭ دىنىي ئېتىقادقا بولغان قىزىقىشىمنى قوزغاشقا تىرىشىۋاتاتتى؛ شۇنداقلا دىنغا ئالاقىدار مەندە تۇغۇلۇش ئېھتىماللىقى بولغان سوئاللارغا چاندۇرماستىن جاۋاپ بېرىۋاتاتتى. ھېكايىگە قىستۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان ئىدىيىسى ماڭا كۆزلەنگەن تەسىرىنى كۆرسەتمەيمۇ قالمىدى.
— قۇرئانى كەرىمنى ئوقۇپ بولغان بولسىڭىز تەكرار ئوقۇڭ، — دېدى ئۇ گويا مېنىڭ قۇرئاننى ئوقۇۋاتقانلىقىم مەۋزۇسىدا ئاللىقاچان ئورتاق پارىڭىمىز بولۇپ ئۆتكەندەك ئىشەنچ بىلەن. ئۇ ھەتتا مېنىڭ بىر قېتىم ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىمنىمۇ توغرا قىياس قىلىۋاتاتتى، — قۇرئان ئاللاھنىڭ كىتابى بولۇش ئالاھىدىلىكىگە كۆرە، ھەر قېتىم ئوقۇسىڭىز ئالدىنقى قېتىمدا بايقىمىغان يېڭى بىر نەرسىنى بايقايسىز؛ ھەتتا يىگىرمىنچى قېتىم ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدىمۇ يەنىلا بىر يېڭى مەنا تاپىسىز. بىر قېتىم بىلەنلا سوئال سوراشقا ئالدىرىماڭ. بەلكىم بۇ سوئاللىرىڭىزغا كېيىنكى قېتىمدا ئۆزىڭىزلا جاۋاپ تېپىشىڭىز مۇمكىن.
— بولىدۇ، مەن چوقۇم يەنە باشلايمەن، — دېدىم مەنمۇ. ئاندىن مېنى قىزىقتۇرغان خوجىلار تېمىسىدىكى بىر سوئالىمنى سورىغاندىن كېيىن، خوجىلارنىڭ ئادەم جەلپ قىلىشتىكى مېتودىغا ھەيرانلىقىمنى، ھەتتا بۇنىڭ بىر

ئەجەبىي تەرىپىي سۆپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى پايدىلىق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتىم.

— تەشكىلات قۇرۇلمىسىنىڭ چىڭلىقى، كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش مېتودى، قېتىلغانلارنىڭ ساداقىتى، ھەتتا جېنىنى ئايىمايدىغان پىداكار بولالىشى نۇقتىلىرىدىن ئالغاندا، بۈگۈنكى چۇۋالچاق، قورقۇنچاق ھالىتىمىزدە بۇ تەرىقەتنىڭ تەشكىلاتلىنىش فورمىسىدىن پايدىلىنىشقا بولۇدىغاندەكمۇ قىلىدۇ، — دېدى ئۇ ئويچان ھالدا. ئەمما بىردەمدىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — بىراق پىرلارنىڭ نىيىتىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن ئۆز سەلتەنىتىنى قۇرۇش كويىدىلا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ پاك ھېسسىياتىدىن ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پايدىلاندى. نىيەتلىرىنىڭ چاتاقلىقىنى ئۇلارنىڭ ساختا ھەدىس توقۇشقىچە بېرىپ يەتكەن قىلمىشىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

رامىزان كۆنلىرى ئىدى. مەن رامىزانغا باھانىداپ سابىتنى ئۆيۈمگە ئىپتارغا تەكلىپ قىلدىم.

— مېنى بۇ ساۋاپتىن مەھرۇم قىلماسسىز؟ — دېدىم مەن. بۇ چاغدا مېنىڭمۇ ئىسلام ھەققىدىكى چۈشەنچەم ئېشىپ بېرىۋاتقاچقا، ئىپتارغا چاقىرىشنىڭ ساۋابى ھەققىدە بىلگۈدەك بولۇپ قالغان ئىدىم. «چاقىرغان يەرگە بېرىش» دېگەن ھەدىسنى ئۇ چاغدا تېخى بىلمەيتتىم. ئەمما، سابىت بۇنى بىلگەچكە، ياق دېيەلمىدى.

— نېمىگە زوقىڭىز بار؟ كۆڭلىڭىز تارتقان تاماقنى دەڭ، شۇنى قىلىپ بېرەي، — دېدىم ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن.

— نېمىلا بولسا ئوخشاش، خانىمىڭىز نېمىگە ئەپ ئۇستا بولسا شۇنى ئەتسۇن، — دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمما مەنمۇ بوش كەلمەي قىستىدىم. ئاخىرىدا ئۇ ئويلىمىغان يەردىن، — لەغمەن قىلسۇن، ئەمىسە، — دېدى.

مەن بۇ قېرىغان ئادەمنىڭ ئاشقازىنى كۆتۈرەلمەيدىغاندۇ؟ بىزگە ئاسان بولسۇن دەپ دېگەنىدۇرمۇ؟ دېگەنلەرنى كۆپ ئويلاپ كەتتىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— سوزۇپ لەغمەنمۇ؟ ياكى بېسىپ...؟ — دەپ سورىغان ئىدىم ئۇ:

— لەغمەن دېگەننى سوزۇپ ئەتمىسە لەغمەن بولامدۇ، — دېدى، ئاجايىپلا

بىر خىل قارشىلىق بىلەن. شۇندىلا مەن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن لەغمەننى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى غۇۋا ھىس قىلدىم.

ئەتتىگەن بولغاچقا مەن ئىشقا ئالدىراپ خوشلاشتىم.

كەچتە داستىخان ئۈستىدە ئۇنىڭ لەغمەن ھەققىدىكى تاللىشى ئۈستىدە گەپ ئاچتىم.

— بىلەمسىز، لەغمەن مۇكەممەل بىر مىللىي تائاممىز. باشقا تاماقلىرىمىز: پولو، مانتۇ، سامسا، سۇيقاش،.... ھەممىسىنىڭ دەل ئۆزى بولمىسىمۇ، بىرەر ۋارىيانتى قوشنا مىللەت خەلقلىرىدە بار. ئەمما لەغمەننى ھېچبىرى ئوخشىتالمايدۇ، — دېدى. شۇندىلا مەن ئۇنىڭ لەغمەننى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى بىلدىم.

— سىزمۇ كۆردىڭىزمىكىن، يېقىندا بىر گېزىتتە چەتئەللىك ئالىملارنىڭ ئاچ قويۇپ داۋالاش ھەققىدىكى بىر ئىلمىي ساۋات بېسىلىپتۇ. بۇنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئالىم، ئىنسانلار يىلدا بىرەر قېتىم ئاچ قالسا، سالامەتلىك ئۈچۈن غايەت زور پايدىسى بولۇدۇغانلىقىنى، بەدەننىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇدۇغانلىقىنى، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشىنىڭ ئاجايىپ ئىلمىي ئاساسىي بار، دەپتۇ، — دېدىم بىر ئاز خۇشامەتكىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ئاھاڭدا گەپ كوچىلاپ. ئەمما بۇنداق بىر خەۋەرنى كۆرگۈنۈم راست ئىدى.

— ئەلۋەتتە، توغرا. ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، — دېدى ئۇ، — ئاچ قېلىش ئارقىلىق ئاچلارنىڭ دەردىنى چۈشىنىمىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز، مانا شۇنداق... — مېنىڭ گېپىمگە پاراللېل قىلىپ شۇنداق دېدى، — مەنمۇ يېقىندا كوسمولوگىيىگە ئائىت بىر ئىلمىي ساۋات ئوقۇدۇم، سىزگە بۇ ساۋاتنى قانداق دەپ بەرسەم بولۇدىكىن؟ ھە مۇنداق دەي، قۇرئاننى بۇ قېتىم ئوقۇسىڭىز شۇ ئايەتكە دىققەت قىلىڭ: «كاپىرلار بىلەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (ﷲ نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشىنەمدۇ؟[1]» بۇ ئايەتتىكى «رەتقەن» سۆزى ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە «بىر ـ بىرىگە

[1] «قۇرئانى كەرىم» ئەنبىيا سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

تۈتاش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ تەرجىمە تامامەن ناتوغرا بولمىسىمۇ، ئەمما بەك يېتەرسىز. «رەتقەن» — بىرمۇنچە نەرسىنىڭ گويا پىرىسلانغاندەك بىر شەكىلدە، يوقۇرى زىچلىقتا توپلاشتۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى پاختا تايلىغاندەك سىقىپ، بوخچۇلاشتۇر. بۇ «چېگىك» يېشىۋېتىلسىلا كېڭىيىپ كېتىدىغان شەكىلدىكى بىر خىل سىقىلىشنى ئىپادە قىلىدۇ. بۇ يەردە ئاسمان، زېمىن، كائىناتتىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەنە شۇنداق سىقىپ، پىرىسلاپ، بىر مونەك ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈشىگە قارىتىلغان. ئەنە شۇ «مونەك» كېيىن ئاللانىڭ «بول! » دېگەن بۇيرۇقى بىلەنلا چېچىلىپ، كائىنات ۋۇجۇتقا كەلگەن. مەن ئوقۇدۇم دېگەن ئىلمىي ساۋات مانا شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىكەن، بۈگۈنكى ئېلىم - پەندە كوسمولوگىيەنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسىتىۋاتىدۇكى، كائىنات ئەسلىدە كىچىك بىر نۇقتا (تۈگۈنەك) بولۇپ، 15 مىلىيارت يىل ئىلگىرى قاتتىق بىر پارتلاش[①] بىلەن چېچىلىپ، نۇر تېزلىكىدىن مىليون ھەسسە تېزلىك بىلەن كېڭىيىپ، كائىناتنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئاندىن پەسكارىغا چۈشكەن، ئەمما، بەلگىلىك سۈرئەت بىلەن كېڭىيىش داۋاملاشماقتا! بۇ «قۇرئان»دا دېيىلگەنلەر بىلەن تامامەن جىپسىلىشىدۇ. مۇشۇ يارتىلىشتىن ئاۋال ماددا، زامان، ئېنېرگىيە يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئان بىرلىكتە يارتىلغان. بۇلار ھەققىدە ستېفېن خاۋكىڭ[②] بەك ئىلگىرى كەتكەن، ھەتتا كائىناتنىڭ كېڭىيىپ - كېڭىيىپ، ئاخىرىدا ئەسلى ھالىتىگە كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشمەكتە! بۇ نۇقتىمۇ قۇرئاندىكى بىلەن جىپسىلىشىدۇ: ئاللاھ كائىناتنى پۈتۈكچىلەر قەغەز قاتلىغاندەك قاتلايمىز دېمىگەنمىدى؟ ھەممە نەرسىنى يارتىلىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتۇرىمىز دېمىگەنمىدى؟

مانا شۇنداق، ئۇنىڭ ئادەمنى تاڭ قالدۇرۇدۇغان سۆھبەتلىرى ئادەمنى شۇنچىلىك مەپتۇن قىلاتتىكى، ھەي، شۇ ۋاقىت دېگەننىڭ سورىقى بولمىسا ئورنۇمدىن قوپقۇم كەلمەيلا قالاتتى.

دوستلۇرۇممۇ مېنى ھەر يۆنىدىن رىغبەتلەندۇرۇپ تۇراتتى، خىزمەتداشلار،

---

[①] Big Bang — ئا.

[②] ستېفېن خاۋكىڭ — Stephen Hawking — ئەنگىلىيە كوسمولوگى ۋە ئاسترونومى، — ئا.

تونۇشلار، دوستلار... ھەممىسى مېنىڭ سابىت ئەپەندى بىلەن قانداقلارچە بۇنچىلىك يېقىن بولۇپ قالغىنىمغا ئەقلى يەتمەي، ھەم ھەسەت، ھەم ھەۋەس ئارىلاش گەپ كوچىلايتى. تەقدىرنىڭ بۇ بىر پۇرستى بىلەن مەن سابىت ئەپەندى باھانىسىدا خېلى ئىناۋەتلىك بولۇپ قالدىم، بۇلا ئەمەس، ئۆزەمدىن ياش ھەم نوپۇز، ئىلىم جەھەتلەردە يوقۇرى بولغانلارمۇ مېنى ئۆز توپلىرىغا — ئولتۇرۇش، سۆھبەتلىرىگە — چاقىرىپ تۇرۇدىغان بولۇپ قالدى. كىشلەر مەندىن سابىت ئەپەندىنىڭ نېمىلەر دېگەنلىكىنىلا ئەمەس، ھەتتا قانداق ئالاھىدە ئادەتلىرى بارلىقىغىچە قىزىقىپ سورايتى. مەن ئۇنى ئۆيۈمگە چاقىرىپ ئىپتار قىلدۇرغانلىقىم پۇر كېتىش بىلەن، ئۇنىڭ قانداق تاماق يەيدىغانلىقى، قايسى تاماقنى بەكرەك ياخشى كۆرۈدىغانلىقىغىچە كوچىلاشتى. (بۇنداق سوئاللارنى ئالدىن مۆلچەرلىگىنىم ئۈچۈن، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ تاماق يېيىش ئادەتلىرىگىچە دىققەت قىلدىم: ئۇ شەپە چىقارمايتى، ئاغزىنىڭ ئىچى كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشاتتى. چىش كولىماقچى بولسا يەنە بىر قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ تۇراتتى.) بۇنداق ئەدەپ قائىدىلىك ئادەمنى ھېچ كۆرمىگەن ئىدىم. يۇرتىمىزدا خېلى چوڭ - چوڭ دامولىلار بىلەنمۇ بىر داستىخان بولۇپ باققان، ئۇلارمۇ تائام كەلگەندە ئۆزىنى ئۇنتۇپ شاپىلداپلا كېتىدىغان. بۇ سابىت ئەپەندى نەقەدەر تەربىيىلىك ئادەم-ھە!

ھەركىم ئۆز - ئۆزىدىن ۋە دىندارلاردىن سوراپ تۇرۇدىغان بىر سوئالنى بۈگۈنكى كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ سورۇۋالغۇم كەلدى:

— قارىسام بۈگۈن جىمى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالى خاراپ ئىكەن، مەھكۇملۇقتا، قۇللۇقتا، مۇستەملىكىدە،... ئاللاھ نېمىشكە مۇسۇلمانلارغا ياردەم بەرمەيدۇ؟ دېگەن سوئال ھەر كۆڭۈلدىن كەچمەي قالمايدىكەن. بولۇپمۇ دىنغا گۇمانىي قارايدىغان زىيالىلار مانا شۇنى چوڭ بىر پاكىت قىلىپ دىندارلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇدۇكەن. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— سىزنىڭ تاماگەرلىك بىلەن تەلەپ قىلىۋاتقىنىڭىز خۇددى بۈگۈنكى خىتاي جەمىيىتىدە ئەۋج ئالغان تونۇشلۇق، يېقىنلىق مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىش ھەل قىلىش ئۆرنىكىدە پىكىر قىلغانلىق. بۇ فورما بويىچە ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ «تونۇشى» ياكى «يېقىنى»! سىز دېگەن بۇ سوئالنى سورۇغۇچىلارنىڭ قارىشىچە گويا ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭلا ياكى مۇسۇلمانلارغا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن مۇئامىلە

قىلىدىغان مۇناسىۋەتتە، شۇنداقمۇ؟ ئەمما ئاللاھ، مۇسۇلمانلارنىڭلا ئەمەس، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارى. ئۇ مۇسۇلمانلارغا يېقىندۇر، ئەمما بۇ يېقىنلىقنى سىزلەر ئويلىغان شەكىلدە، پانىيدىن ئىبارەت «ئىمتاھان دۇنياسى»دا قىلسا «ھەق» دېگەن سۈپىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. يېقىنلىقنى ئىمتاھاندىن ئۆتكەن ھەقىقىي مۇسۇلمانلارغا باقىي دۇنيادا قىلىپ، مەڭگۈلۈك جەننەت ئاتا قىلىدۇ. ئەمما بەزىلەر مۇسۇلمانلارغا ئاخىرەت ھاياتىنى، كاپىرلارغا دۇنيا ھاياتىنى بەرگەن دېگەندەك مۇدھىش خاتا گەپلەرنىمۇ تارقىتىپ يۈرۈشىدۇ. بۇ «ئۇنداق بولسا كاپىر بولغان ياخشىكەن، نېسىدىن نەققە ئىگە بولۇدۇغان ئىش ياخشىراق بولغاندىكىن» دېگەن خىيالنى تۇغدۇرۇپ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىماندىن ئاجرىشىغا سەۋەپ بولۇدۇغان زىيانلىق سۆز. بۇ دۇنيا ھەممىمىزگە ئوخشاش. ئاللاھ قۇرئاندا «بەندىنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارىشا نەسىۋە باردۇر» دېگەنغۇ. بۇنىڭدا مۇسۇلمان ياكى كاپىر دەپ ئايرىلمىغان. مەريەمدەك ئاياللارنىڭ ئۈلگىسى بولغان، ئىسادەك پەيغەمبەرنى تەۋەللۇد قىلغان ئايالغىمۇ ئاللاھ توغرىدىن توغرا ياردەم قىلمىغان. ئۇ ئىسانى تەۋەللۇد قىلىش ئۈچۈن خالىغا بېرىپ بىر خورما تۈۋىدە ئازاپ تارتىۋاتقاندا «خورمىنى ئۆزەڭ تەرەپكە ئىغاتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار چۈشىدۇ» دەپ بىشارەت بەرگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئاۋال ئۆزەڭگە چۈشلۇق ھەرىكەت قىل، ئاندىن مەن ياردەم قىلىمەن دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ بولمىسا تۇغۇتنىڭ ئاچچىق تولغىقى ئۈستىدىكى مەريەمنىڭ خورمىنى لىڭشىتالىشىمۇ ناتايىن ئىدى. بۇنداق بىر تەلەپنى قىلماستىنلا ئۇنىڭغا بۇ ياردەمنى قىلسىمۇ بولاتتىغۇ؟

ئۇ سۆزۈم مەۋزۇدىن چەتنەپ كەتتىمۇ - قانداق دېگەندەك ماڭا سىناش نەزىرىدە بىردەم قاراپ تۇرۇپ، سۆزىنى سوئالىمغا يېقىنلاشتۇرۇشقا باشلىدى:

— ئۆزىگە چۈشلۇق ئەجىر قىلىش ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەمدى، مۇسۇلمانلارغا نېمىشقا ياردەم قىلمايدۇ دەۋاتقانلارنىڭ «مۇسۇلمانلىق» سۈپەتلىرىنىمۇ ھېساپقا ئالماي بولمايدۇ. بۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ مۇشۇ دۇنياغا چۈشۈرگەن ئىلاھىي قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىدىغانلا بولساق ئۇنۇمىنى كۆرمەي قالمايمىز. ئاللاھنىڭ دۇنياغا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇنلىرى ئىككى تۈرلۈك: بىرى تەشرىئىي قانۇن بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەر ئارقىلىق بىزگە ئاشكارە

بىلدۈرۈلگەن. يەنە بىرى تەكۋىنىي قانۇن بولۇپ، بۇ ئىلىم ئەھلىلىرى ئادەتتە «تەبىئەت قانۇنى» دەپ ئاتىۋالغان قانۇندۇر. بۇ قانۇن يوشۇرۇن بولۇپ، ئىنسانلار ئۆز ئەقىللىرى بىلەن بۇ قانۇنلارنى بايقايدۇ، ئەقىل ئىشلىتىپ بىلىۋالىدۇ، تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىگىلەيدۇ ۋە كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ ئوتقا كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بەرگەن. بۇ قانۇنغا ئەمەل قىلماي ئوتقا قولىڭىزنى تىقسىڭىز كۆيىدۇ، زىيان تارتىسىز. رەسمىي ئىلمىي قانۇنلاردىن بىرنى مىسال بەرسەم تېخىمۇ ئېنىق بولار: ئارخىمېد قانۇنى: «سۇيۇقلۇققا پاتۇرۇلغان جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى، ئۆزى سىقىپ چىقارغان سۇيۇقلۇقنىڭ بېسىمىغا تەڭ» بۇ تەڭلىمىنى ئارخىمېد بېكىتكەنمۇ؟ ياق! ئاللاھ بېكىتكەن. ئارخىمېد تۇغۇلمىغان چاغدىمۇ ئاشۇ — ئاشۇنىڭغا تەڭ ئىدى. ئەمما بۇ تەبىئەت قوينىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ئىدى. بۇنى ئارخىمېد بايقىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، تەبىئەت قوينىدا سانسىز قانۇنلار بار. بەزىلىرى ئاللىقاچان بايقالغان، ئالدىنقىلاردىن ئۆگىنىشكە بولىدۇغان، بەزىلىرى تېخىچە يوشۇرۇن؛ بەزىلىرى دەرھال بايقىلىدىغان، ھەركىم بايقىۋالالايدىغان؛ بەزىلىرى بەكمۇ يوشۇرۇن بولغاچقا ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەملەر تېپىۋالىدىغان قانۇنلار. ئەمدى بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ تەشرىئىي قانۇنلىرىغا شەرتسىز ئەمەل قىلىش مەيدانى ئىپادىلىسەكمۇ، ئەمما تەكۋىنى قانۇنلارغا ئەمەل قىلىۋاتىمىزمۇ؟ بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىز، نەتىجىسىز ئىشلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، مەغلۇبىيەتلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئاللاھقا ئارتىپ قويىدىغان ئۇنداق كۇفرىغا كەتمەسلىكىمىز لازىم. بىر خىتايغا قارشى مۇجاھىت بار دەيلى، ئۇ ئاللاھنىڭ جىھاد پەرزىدىن ئىبارەت تەشرىئىي قانۇنىغا ئەمەل قىلىپ، خىتايغا قارشى ئاتلاندى، خىتاينىڭ يېقىلغۇ ئامبىرىنى پارتلاتماقچى بولدى؛ بۇنىڭ ئۆزىلا كىپايە قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەكۋىنى قانۇنلارنىمۇ بىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى شەرت. بولمىسا بومبىسى پارتلىماي قالىدۇ ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن پارتلاپ، ئۆزى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي بىللە پارتلاپ كېتىدۇ. مانا شۇنداق.

كۆڭلۈم يورۇغاندەك بولدى. ئەمما مەندىن ئاشۇ سوئاللار سورالسا، مەنمۇ شۇنداق جاۋاپ بېرەلەيمەنمۇ؟ ئىشەنچ قىلالمايتىم. چۈنكى بۇ خېلى چوڭقۇر بىلىم تەلەپ قىلاتتى.

شۇ كۈنلەردە تۈرمىدىكى نۇرغۇن ئوي ـ خىياللىرىم، كۈندىلىك كەچمىشلىرىم، سانسىزلىغان ياخشى ـ يامان چۈشلىرىم ئىچىدە ئالاھىدە ئېسىمدە قالغان بىر چۈشۈم ئۇيغۇر بوۋاي ھەققىدە ئىدى.

مەن ئايۋاناتاغدا خىتاي چېرىكلىرى تەرىپىدىن قورشۇلۇپ قاپتىمەن. ئەمما ئۇلار ۋە يۇرتداشلىرىم مېنى «بىجان جاللات» دەپ بىلەرمىش. خىتايلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، بىر ـ بىرىگە جەينەكلىرى تېگىپ تۇرۇدۇغان ئارىلىقتا ھالقا قىلىپ مېنى قورشىۋاپتۇ. ئايۋاناتاغنىڭ ئۈستى تۈز ئىمىش، بەكمۇ گۈزەل بوستانلىقمىش. ئۇ قەدەر كۆپ خىل گۈل گىيالار ئۆسەرمىشكى، خىتايلار ئاتسا ـ ئاتسۇنلا، مەن شۇ گۈللەر ئىچىگە يىقىلىمەن، گۈللەر ئىچىدە ياتىمەن، دەپ ئۆز ـ ئۆزەمگە تەسەللىي ئېيتىپتىمەن، ئەمما خىتايلارنىڭ ۋەھشىيانە چىرايلىرى، جىتاق كۆزلىرى كۆرۈنگەنسېرى مېنى ۋەھىمە بېسىۋاپتۇ. پەقەت ئۇچالىساملا قاچالايدىكەنمەن، باشقا تۈرلۈك قېچىش ئىمكانىم يوق ئەھۋالدا قاپتىمەن. ۋەھىمىدىن تەرلەپ، پۇتلۇرۇمنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىر توننا يۈك ئېسىپ قويغاندەك كۈچۈنۈپ، قېچىشقا ئۇرۇنۇپ تىپىرلاۋاتقىنىمدا ئۇيغۇر بوۋاي پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

— سەن بۇ يەردە ئۆلمەيسەن، ياشىشىڭ كېرەك، ياشىشىڭ كېرەك! — دەيتى ئۇ.

— ئەمما بۇ قەدەر خىتايدىن قانداق قۇتۇلۇمەن؟ يا ئۇچالمىسام؟

— ئاللاھ ياردەم قىلسا ھەممە ئىش ئاسان، — دەپ تەسەللىي ئېيتاتتى ئۇ، — قارا، سەن بىجان جاللاتنىڭ ئەۋلادى سەن، سەن بۇ يەردە ئۆلسەڭ بولمايدۇ، نۇرغۇن ئىشىڭ بار. ئاللاھقا ئىشەنسەڭ، ئىشىڭغا سادىق بولساڭ ئاللاھ ئىشىڭنى ئاسان قىلىدۇ، مانا قارا، خىتايلار سېنى تىرىك تۇتالمىشىنى بىلىدۇ، سېنى ئاتىدۇ، ئەمما سەن ئۆلمەيسەن...

خىتايلار ئوق ياغدۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىر يەرلىرىم چۈچۈمەل بىر سېزىم بىلەن ئاغرىغاندەك بولدى. مەن يىقىلدىم. ئۆلدۇم دەپ ئويلاۋاتىمەن، كۆزلۈرۈممۇ

يۇمۇلۇغلۇق. ئەمما ئەتراپتىكى ھەممە بولۇۋاتقانلارنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن. خىتايلا شىپپىدە غايىپ بولۇپ، بوۋاي بىلەن قالدىم. بوۋاي مېنى بىلىكىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، تاغدىن ئېلىپ چۈشۈش ئۈچۈن ماڭدى. بۇلارنىمۇ سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن. تاغدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا بەك يانتۇلۇق بولغاچ ئۇنىڭ قولىدىن سىرىلىپ چىقىپ كەتتىم!

تەگسىز بىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن. پۈتلۈرۈمدىمۇ چۈچۈمەل بىر سېزىم ھاسىل بولدى. پەستە نېمىلەر ئۈستىگە چۈشۈشۈمنى، قانداق قاتتىق چۈشۈشۈمنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا ئاشۇ چۈچۈمەل سېزىم شۇنچىلىك كۈچىيىپ كېتەتتىكى، پەيلىرىم سىقىرىغاندەك بولۇپ كېتەتتى. ساق چۈشۈمەنمۇ؟ پارە-پارە بولۇپ كېتىمەنمۇ؟ بىلگىلى بولمايتى. ئەمما بۇنىسى ھېلى مىغىلدىغان خىتايلارنىڭ قورشاۋىغا قارىغاندا ئانچە قورقۇنۇچلۇق بىلىنمىدى. چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن.... مەن چۈشىدىغان يەردە سۇ بارمىدۇ؟ سۇ بولسا ھەرھالدا ياخشى، پارە ـ پارە بولۇشتىن ساق قالىمەن؛ ئەمما بۇ سۇ لايقا، تىمساخلار مىغىلداپ تۇرغان سۇ بولسىچۇ؟ بەلكىم چوڭ ـ كىچىك تاشلار بىلەن تولغان بىر يەردۇر... ياكى يۇمشاق چىمەنلىكمىكىن؟ ئەمما ھەرقانچە يۇمشاق بولسىمۇ بۇنچە ئېگىزدىن چۈشكەن ئادەم ساق قالارمىكىنا؟ چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن...

ئويغۇنۇپ كەتتىم. چۈش تەبىرلىرى ھەققىدە بىلگەنلىرىمنى ئەسلەشكە تىرىشىپ، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىشكە ئۇرۇندۇم. خىتاينىڭ قورشاۋى تۈرمە شۇمىدۇر؟ ئۇ ھالدا ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىدەكمەن، ئەمما يەنە خەتەر بېشىمدا بار... دېگەندەك تەبىرلەرنى بەردىم.

1946- يىلى مايدىن باشلاپ بىر قىسىم سياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ۋۇجوڭشىنىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە مەغلۇپ بولدى دەپ ھېساپلىغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، ئۇرنىغا جاڭ جىجوڭنى ئەۋەتكەن، ئۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بىلەن 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىمزالاشقان ئىدى.

بۇ چاغدا جاڭ جىجوڭنىڭ تەلىپى بويىچە نەنجىڭدا ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە كەلگەن بولۇپ، جاڭ جىجوڭ تارىختا تۇنجى قېتىم يەرلىكلەرنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەن

ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىنكى قېتىم ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى بولغان ئىسا يۇسۇپنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى ئۇيغۇر ئادىل (ھوشۇر ھېدى) مېنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىمنى بىلگەن ئىكەن. ئۇ يېزائىگىلىك نازارىتىگە بېرىپ سۈرۈشتە قىپتۇ، مېنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىمنى شۇ يەردىن ئۇقۇپتۇ.

ھوشۇر (ئۇنىڭ يېڭى ئىسمىغا ئۇزاققىچە كۆنەلمىدىم) بەك تۆۋەن سىنىپقا مەنسۇپ بولغاچقا، ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىشنىڭ پۇرسىتىنى قاچۇرمايتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتتىكى ئەمەلدارلار بىلەن يېقىنلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى يوقلاپ تۈرمىگە كەلدى. ئۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ كېلىشىم مەزمۇنلىرىدىن خەۋىرى بولغاچقا، بالدۇر يا كېيىن نېمىلىكى بولمىسۇن تۈرمىدىن چىقىشىمنى بىلگەچكە، بۇنداق مۇقەررەر بىر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزىگە ئائىت قىلىش ئۈچۈن بىر مۇقەددىمە بېرىۋېتىشنى كۆزلىگەندەكمۇ قىلاتتى:

— ئۈچ ئەپەندى بىلەن بىزلە بىللە ئولتۇرۇپ، بىللە قوپۇمىز، شۇڭا سېنى تۈرمىدىن چىقىرىشقا ئىشەنچىم كامىل، — دېدى ئۇ.

مەن بۇنداق بىر ئىشنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقى شارائىتى ئاستىدا شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پۈتمەيدىغانلىقىنى بىلسەممۇ (بولۇپمۇ سىياسىي چېتىشلىقى بولغاندا) بۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكىمنى ئىپادىلەپ، ھوشۇرنى خۇرسەن قىلدىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سىياسىي مەھبۇسلار ھەققىدە بىر ئومۇمىي كەچۈرۈمنىڭ بوسۇغىغا كېلىپ قالغانلىقىنى قىياس قىلغان ئىدىم. مېنى خۇرسەن قىلغىنى ئۇنىڭ بۇنداق بىر يوغان پورىغا ئىشىنىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە چىققانلىقى، بىر يېقىنىم بولسىمۇ كۆپەيگەنلىكى، بىر- بىرىمىزگە ھەمرا بولۇدۇغانلىقىمىزنىڭ سۆيۈنچى ئىدى. ئەگەر چىقىش كۈنلىرىم كەينىگە كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەمدى يېقىنىمدا بىر دوستۇم بار، تۇققۇنۇم، يۇرتلۇقۇم بار دېگەن تەسەللىي ماڭا خېلى مەدەت بولاتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ مېنى يوقلاپ تۇراتتى.

جاڭ جىجوڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭ بېسىمى بىلەن سىياسىي مەھبۇسلارنى بوشۇتۇشقا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، سىمۋوللۇق بوشۇتۇش ئارقىلىق كۆز بويۇماقچى بولۇپ، ۋاقىتنى سوزۇپ، تاكى ئىيۇلغا

كەلگەندە ئاندىن كەسكىن قارارغا كېلىپ، 19- ئەيۇلدا سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىش ھەققىدىكى پەرمانىنى ئېلان قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ مەن تۈرمىدىن چىقتىم.

بالدۇرقىدەك بېشىم قاتمايتى. ئۇيغۇر ئادىلنى پاناھ تارتىپ ئۇدۇللا ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ قوشۇمچە قىزلار گىمنازىيىسىدە ئۈچ مەسىلەكتىن دەرس ئۆتۈدىغانلىقىنى دېگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئاسانلا تاپتىم. مەن نان تېپىپ يەيدىغان بىر يولنى تاپقۇچە تۈرۈدۇغان يېرىم بولغىنىدىن كۆڭلۈم توق بولدى. ئۇ مېنىمۇ شۇ مەكتەپكە تونۇشتۇردى. بۇ مەزگىللەردە ئوقۇغان ئادەم ئاز بولغاچقا مۇئەللىمگە ئېھتىياج كۆپ ئىدى. شۇڭا دەرھال قوبۇل قىلىندىم.

مەكتەپكە خىزمەتكە جايلىشىۋالدىم، ئۆيۈممۇ بولدى. ئەسلىدە ئۇيغۇر بىلەن بىر ئۆيدە تۇرساقمۇ بولۇۋېرەتتى، ئەمما ماڭىمۇ ئايرىم بىر ياتاق بېرىۋاتقاندىكىن نېمىشكە بۇنىڭدىن پايدىلانمايلى دەپ ئويلىدۇم. تونۇش- بىلىشلەر يوقلاپ كەلسىمۇ بىر ئاز ئازادە بولسا كۆڭۈللۈكرەك بولامدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئايرىم تۇردۇم.

ئۇيغۇرنىڭ باشلىشىدا رېھىممۇ يوقلاپ كەلدى. ئۇنى تا ئاقسۇ قورشاۋى ۋاقتىدا كۆرگەنچە ئەمدى كۆرۈۋاتاتتىم. رېھىم ئىلگىرىكىدىن بىر ئاز ئۆزگىرىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ يىتىمچىلىكى ۋۇجۇدىدىن بىلىنىپلا تۇرۇدۇغان ۋىجىكرەك بالا ئىدى. مەرتىۋە يارىشىدىغان تىپى بارمىكىن، مانا ئەمدى بىر ئاز قوساق سېلىپ، بۇرۇنلاردا توپا ئۆرلەپ تۇرغاندەك تاتىراڭغۇ چىرايى خۇددى يېڭىلا پولو يەپ، قولىنى يۈزىگە سۈۋۈغان ئادەمدەك، ياغلىشاڭغۇ پاقىراپ، خۇددى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بىرسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كويىدا بولۇۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئەگەر ئاقسۇدىكى پىداكارلىقىنى دېمىگەندە سالام قىلغۇسىزلا تەكەببۇر بولۇپ قالغان ئىدى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇلار مېنى بىر پۈرسەتتە قۇربان قوداي دېگەن يىگىتكە تونۇشتۇردى. مېنى ئۇلارنىڭ «ئالتاي نەشرىياتى» ئۈچۈن ماقالە يېزىشقا ئۈندەشتى. بىز يەنە بۇرۇنقى تونۇشلۇرۇم ئىبراھىم مۇتىئى، ھاجى ياقۇپ، ئابدۇقادىر ھەسەن، ئابدۇلھەمىد مەقسۇدى، ئەبەيدۇللاھ باستىلار بىلەن تېپىشتۇق، يەنە «شىنجاڭ گېزىتى»دىكى پولات قادىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇقۇمۇشلۇقلار بىلەنمۇ تونۇشتۇق. كېيىن ھاجى ياقۇپ نەنجىڭغا كەتتى.

ھەتتا ئۇيغۇر مېنى يەنە بىر چوڭ يىغىلىشقا باشلاپ بېرىپ، بۇ يەردە ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن مەسئۇد، مۇھەممەد ئېمىن، ئىسا ئەپەندىلەر بىلەنمۇ ئۇچراشتۇردى. كۆڭلىرىم مانا شۇنداق، بەك كۆڭۈللۈك بولۇپ قالغان ئىدى. جاھان قىزىغان بىر دەۋر ئىدى. زىيالىيلار ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش بەك كۆپ ئىدى. مەتبۇئات جېڭى قىزىپ كەتكەن، ئادەملەرنى گاڭگىرىتىپ قويغۇدەك تالاش - تارتىشلار بولاتتى. گومىنداڭچىلار (ئۆزلىرىنى مىللەتچىلەر دەيتى) بىلەن ئىلى تەرەپنىڭ مەتبۇئاتلىرى مېنى ئۆزلىرىگە تارتىشقا كۈچەشكەن بولسىمۇ، مەن تەرەپ تۇتماسلىق قارىشىمدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي ساۋات خاراكتېرىدە ماقالىلار يېزىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەتبۇئاتىدا ئېلان قىلاتتىم. ئىلى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئاساسەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا توپلىناتتى. ئاخشاملاردا ھەر ئىككى تەرەپكە تەۋە ياشلارنىڭ يىغىنلىرى بولاتتى. نۇتۇقلار سۆزلىنەتتى. بۇنىڭدىمۇ بىر - بىرىنى چىدىغۇسىز ئەيىپلىشىپ سۆلەيتى.

نېمىلا دېگەن بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ تەشۋىقات مېتودى يامانراق بولغاچقا، ئىلى تەرەپنىڭ زەھەردەك گەپلىرىگە چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئىسا ئەپەندى ئابدۇرېھىم قىلىچ دېگەن گومىنداڭ ئىستىخباراتىدا ئىشلىگەن ئادەمنى ئىلى تەرەپنى قورقۇتۇپ قويۇشقا بۇيرۇپتىكەنمىش. ئۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا كېلىپ، قول بومبىسى ئېتىپتۇ، ئارقىدىن تاپانچىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشما بىناسىدىكى ئىلى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىرى ئىشك - دەرىزىلەردىن سەكرىشىپ چىقىپ جانلىرىنى ئېلىپ تىكىۋەتكەنمىش. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇرغا تەئەددى بىلەن بارىكاللا ئېيتتىم.

— شۇ قەھرىمانلىقنى بىرەر گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ ئىشخانىسىغا قارىتا قىلغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى، بۇ تەرىپىنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟

ئۇيغۇر قىزىرىپ كېتىپ:

— مەن پەقەت ئۇقۇلغان خەۋەرنىلا دەپ قويدۇم، — دەپ قۇتۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تېمىدا مەن بىلەن مۇنازىرە قىلسا تويغۇزۇپ قويۇشۇمنى ئوبدان بىلەتتى.

بۇ چاغلاردا ئۇيغۇر، مەكتەپتە چوڭ سىنىپلاردا ئوقۇيدىغان بىر ئۆزبەك قىز بىلەن مۇقۇلدۇشۇپلا يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەم جىددىي، ھەم چاخچاق ئارىلاش:

— ئۇيغۇر، سەن مۇئەللىم سەن، مۇئەللىملىك سۈپىتىڭنى ساقلا، شۇنداقلا مۇسۇلمان بالىسى بولغانىدىكىن، نامەھرەملەرگە كۆز سېلىپ، خالىدا مۇقۇلدۇشۇپ يۈرمە، — دېدىم

— قويغىنا، قۇرۇق گەپنى، قىرىپ كېتىۋاتىمىز، ئەمدى بولسىمۇ جاھان تۈتۈدۇغاننىڭ غېمىنى قىلمايلىما، — دېدى.

— جاھان تۈتۈش ئۈچۈن بولسا ئەلۋەتتە بولۇدۇ، ئەمما ئۇزاقتىچە ئۇنداق خالىدا كۆرۈشۈپ يۈرسەڭ گۇناھكار بولۇسەن، ئۇنداق قىلىپ يۈرمەي، تېزراق توي قىلىۋەت.

— ماڭا قالسىغۇ ئەتىلا، دېگىنە! — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن، — ئەمما قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئوقۇش پۈتتۈرسۇن دەپ تۇرۇدۇ.

ئاخشاملىرى رېھىم بىلەن ئۇيغۇر كېلىپ ماڭا ئۈچ مەسلەك تەشۋىقاتى قىلاتتى. بۇنداق ئاخشاملاردا ئۆز ئارا پاراڭلىرىمىزنى قىلىشىدىغانغىمۇ پۇرسىتىمىز بولاتتى. ئۇلار ماڭا ئۈچ مەسلەك تەرغىباتى قىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مېنىڭ خىتايچە بىلىدىغانلىقىمنى بىلمەيتى.

كېيىن خەمىت تۇردىمۇ كەلدى.

— ۋەدىمىز بويىچە مەن سىزگە ماركسىزىم كىتاپلىرىدىن ئەكەلدىم، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ قولىدا يوغان بىر بولاق باردى.

ئۇنىڭدا ئۇيغۇرچە «شەرق ھەقىقىتى» ۋە «يېڭى ھايات» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان بىر قىسىم ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىننىڭ كىتاپلىرى باردى. قالغانلىرى رۇسچە ئىدى. «شەرق ھەقىقىتى»دە بىرىنىڭ قۇربان قودايغا قارشى ماقالىلىرىنى كۆرگىنىم يادىمدا. ھەرھالدا بۇ بەس - مۇنازىرە خېلى ئۇزاق داۋاملاشقانىدى. بۇ بەس - مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنى: ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك ئىكەنلىكى ۋە تۈرك ئەمەسلىكى ھەققىدە باراتتى.

خەمىت مېنىڭ ئۆيدە نېمىلەرنى ئوقۇپ يۈرگەنلىكىمگە قىزىپ، كىتاپلىرىمنى ئۆرۈپ - چۆرۈشكە باشلىدى.

— ۋاھ سىز «ئۈچ مەسلەك»نىمۇ ئوقۇۋاتامسىز؟ ئۇ دىنغا ئۇيغۇن كېلەمدىكەن؟ — دەپ سورىدى چاچچاق ئارىلاش تەئەددى بىلەن. قولىدا ئۇيغۇر ۋە رېھىملار ئەكەلگەن كىتاپلاردىن بىرى تۇراتتى.

— ئوقۇپ باقاي، دەيمەن. نېمىلا بولمىسۇن بىۋاستە ئوقۇپ، بىلىپ باقسام ئۇنىڭ ئۇياقىقا، بۇنىڭ بۇياقىقا تارتىشىغا مۇستەقىل قارىشىم بىلەن جاۋاپ بېرەلەيمەن، ئەمەسمۇ، — دېدىم.

— بۇ خىتايچە كىتاپلار نېمىلەر؟ يەنە شۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزۇق مەپكۇرىسىگە ئائىتمۇ؟

— ھە، ئۇنداقلىرىمۇ بار، باشقا چەتئەل كىتاپلىرىمۇ بار. ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ،... — بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسا يۈسۈپ ئىلگىرى نەنجىڭدا، كېيىن چوڭچىڭدا چىقارغان «تىيانشان» دېگەن شاپىگراپ باسمىلىق ژۇرنالىنىڭ كونا سانلىرىمۇ باردى. كىتاپلارغا بەكمۇ ئاچ ئىدىم. ئەڭ سۆيگەن مۈلكۈممۇ كىتاپ ئىدى. چامام يەتسە دۇنيادىكى ھەممە كىتاپتىن بىرەر نۇسقا بولسا.

— قىزىقمايدىغىنىڭىز يوقكەن، ھە، راست، سەيپىددىن ئەزىزىنى بىلەمسىز؟

— قانداق دەيسىز؟

— تەڭتۇشتەك قىلىسىلەر، ھەم بىر يۇرتلۇق بولغاندىكىن بىلەمدىكىن دەيمەن.

— ھەئە، بىلىمەن. بىز ساۋاقداش.

— ھە!؟ نېمىشكە بۇنى تۇرمىدىكى چېغىمىزدا دېمىدىڭىز؟ —دېدى ئۇ بەكلا ھەيرانلىق ئىپادىلەپ، — توغرا بۇنداق بىر گەپكە توغرا كەلمىگەندى. مەن غۇلجىغا كېتىۋاتىمەن، گېپىڭىز بارمۇ؟ مەن يەنە كېلىشىم مۇمكىن.

— سالام دەپ قويۇڭ.

بۇ تازا قىزىق بولدى. ئەمدى سەيپىددىن بىلەنمۇ تېپىشىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭدىن بىر ئۈچۈر كەلسە مۇھەممەت قارىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقارمەن، دەپ ئويلۇدۇم.

كېيىنكى قېتىمدا ئۇيغۇر بىلەن رىھىم كېلىپ، خەمتىنىڭ ئەكەلگەن كىتاپلىرىنى كۆرۈپلا ئەرۋايى ئۇچتى.

— كوممۇنىستلارنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇۋاتامسەن؟

— ھەئە، ئوقۇۋاتىمەن، — دېدىم خاتىرجەملىك بىلەن.

— بۇ، بۇ... قانداق ئادەمسەن ھە، سابىت، — دېدى ئۇيغۇر. رىھىمنىڭ ھەتتا

گەپ قىلىشقىمۇ رەغدى يوقتەك تۇتۇلۇپ كەتكەن ئىدى.
— بەك يامان دېمەكچىغۇ، سەن؟
— يامان بولماي ياخشىمىدۇر سېنىڭچە؟
— ئوقۇپ باقتىڭلارمۇ؟
— ئوقۇپ نېمە قىلىمىز!؟ ئوقۇمىساقمۇ بەلگىلىكقۇ؟!
— ئەمما مەن سىلەردەك ئەۋلىيا بولمىغاندىكىن، ئوقۇماي تۇرۇپ ئۇنىڭ يامانلىقىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن، شۇڭا چوقۇم ئوقۇپ بېقىشىم كېرەك، — دېدىم خاتىرجەم ھالدا.
ئۇلار مېنىڭ جاھىللىقىمنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇ گەپنى شۇ يەردە قويۇپ، ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ ئوبدانلىقلىرىدىن گەپكە تۇتۇش قىلىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلارغا ئىككى تەرەپتىن تەڭ مىقداردا ئەمەلدار تەيىنلەش كېلىشىملىرىنى بۇنىڭغا كۆرە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپتىن باش، ئىلى تەرەپتىن مۇئاۋىن تەيىنلىنىدىغانلىقىنى، مېنىڭ بۇنى ئويلاپ بېقىشىمنى، ئەگەر خالىسام گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپتىن بىرەر ناھىيىگە ھاكىم بولۇدۇغانلىقىم توغرىسىدا خۇشخەۋەر بېرىشتى.
راستىنى دېسەم مېنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلغۇم يوقىدى. مۇئەللىملىك مېنىڭ ئەڭ سۆيگەن ئىشىم ئىدى. شۇڭا دەرمەھەل رەت قىلىپ، مەكتەپتە قالاي دېدىم.
— بۇنداق تېزلا گەپنى ئۈزۈۋەتمە، بىز يەنە كېلىمىز، ئويلۇشۇپ باق، — دېدى.
مەن تېخى ئۇنى ئويلىشىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئاسماندىن چۈشكەندەك مۇھەممەد قارى بوسۇغامدا پەيدا بولدى!
بىلىنىپ تۇرغىنىدەك، بۇنداق بىر ئۇچرۇشۇشنىڭ ھاياجىنى كۆڭۈللەردە مەۋج ئۇراتتى. كۆڭلى بوشراق ئادەملەر چوقۇم كۆز يېشى قىلماي قالمايتى. مۇھەممەد قارىمۇ كۆز يېشىنى تۇتۇۋالالمىدى. كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئون يىل بولۇپ قالغان ئىدى. مەن ھېچقاچان كۆرۈمىدىن ياش چىقىرالمايدىغان بولغاچقا، بىرىرىپلا تۇردۇم. ئەمما كۆرۈنۈشۈم ئۇنداق بولغان بىلەن يۈرۈكۈم يىغلاۋاتاتتى. ئۇزاق قۇچاقلىشىپ، مەن قەلبىمنىڭ جاراھىتى ئۈستىگە تېمىۋاتقان كۆز

يېشىمنى، مۇھەممەد قارى ئىگەكلىرىدىن ساقىۋاتقان كۆز يېشىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىمىزدىن ئاجرالدۇق. مۇھەممەد قارى ئادىتى بويىچە سۆزلەپ تۇرمىسا تۇرالمايتى. شۇڭا سوراپ ئولتۇرۇشۇمغا ھاجەت قالماستىن كەچمىشىنى بىر يولىلا سۆزلەپ بەردى:

ئۇ سوۋېتتىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ. شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىش تەشكىلاتىغا ئالمۇتىدىلا ئەزا بولغان ئىكەن، شۇڭا ئىنقىلاپنىڭ بېشىدىنلا پارتىزانلار قوشۇنىدا كىچىك گورۇپپىلارغا يېتەكچىلىك قىپتۇ. كېيىن مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن باتاليون كومىسسارى بولۇپتۇ. بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا ئېتى ئالدىغا چۈشكەن سىنارەد پارتىلىشىدا ئېتى پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. ئات قالقان رولىنى ئوينىغاچقا ئۇ ئۆزى ئۆلمەي ساق قاپتۇ. ئېغىر يارىلىنىپتۇ. ساقايغاندىن كېيىن قوماندانلىق شتاپ ئۇنى ئورۇمچىگە يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلەشكە ئەۋەتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ مەن بىرىنچى قېتىم نازارەتتە ۋەزىپە ئۆتەپ يۈرگەندە مېنى كۆرگەن ئىكەن، ئەمما ۋەزىپە ئېھتىياجى بىلەن ماڭا ئۇچراشماپتۇ. كېيىن قولغا ئېلىنىپتۇ. تۈرمىدە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ چوڭلىرى بىلەن بىللە ياتقانمىش. بۇ قېتىم ئومۇمىي كەچۈرۈمدە ئازاتلىققا چىقىپتۇ. مېنى تەكرار ئىزدەپ تېپىپتۇ.

— ھوشۇرنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورۇدۇم ئۇنىڭدىن.

— قايسى ھوشۇر؟ بىزنىڭ ھوشۇر ھېدىمۇ؟ ھە نېمە بوپتۇ ئۇ خىتايغا؟ — دېدى ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىتتىك مىجەزلىك بىلەن.

— ئۇ ھازىر ئۇيغۇر ئادىل بوپتۇ. قىزلار گىمنازىيىسىدە ئۇچ مەسلەكتىن دەرس ئۆتۈدۇ. مەن بىلەن بىر مەكتەپتە.

— ۋاي، ئەقلىگە پوق يېگەنەي! بۇرۇن خىتايچە ئوقۇدى، ئەمدى بولسا گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ پوقىنى يەپ، ئۇچ مەسلەكچى بوپتۇمۇ؟ نەلەردە يۈرۈپتۇ ئۇ دىۋانە؟

— خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇپتۇ.

— ۋاھ! ئەبگانى قاراڭلار!

— ئۇنداق دەپمۇ كەتمىگىن، بۇرۇنقى خىتايچە ئوقۇشى ئۆزىنىڭ تاللىشى ئەمەس، چارىسىزلىكتىن بولغان ئىش، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن، كېيىنكىسىمۇ

تەقدىرنىڭ غەلىتە بىر چاخچىقى بوپتۇ. ئەسلىدە ئۇ يەنئەننى نىشان قىلىپ مېڭىپتىكەن، قېرىشقاندەك نېسىپ بولماي، شاڭخەيگە بېرىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەقدىرى شۇنداق پىچىلىپتۇ.

— ۋاي ئېسىت! بەغەرەز نىمىشقا يەنئەنگە بېرىۋەرمىگەن بولغىيتى؟

— يەنئەنگە بارغان بولسا ياخشىراق بولارمىدى؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولماي ئەمسە! — دېدى مۇھەممەد قارى غەم تارتماي.

قاراڭلار، بىر يۇرتتا تۇغۇلغان بۇرادەرلەرنىڭ ئىمپورت قىلىنغان مەسىلەكلەرنى دەپ بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالغىنىنى! دەپ ئويلۇدۇم ئىچىمدە.

— خوش، سېنى نەدىن سورايمىز؟ تۈرمىدىن چىقىپ غۇلجىغا قايتمىدىڭمۇ؟ بۇ يەرلەردە نېمە تەمتىرەپ يۈرۈپسەن؟

— قايتىمەن، بىلەمسەن، مەن سوۋېتتە گىئولوگىيە ئوقۇدۇم، كان تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى قىلىمەن. ئىنقىلاپتىن بۇرۇن بىرنەچچە قېتىم مايتاغدا رۇس تېخنىكلىرى بىلەن تەكشۈرۈشلەردە بولغانىدىم. بۇ قېتىم ھۆكۈمىتىمىز مېنى مايتاغقا بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشقا بۇيرىدى. تەييارلىق قىلىپ، ماڭاي دەۋاتقان كۈنلەردە سەيپىدىن تېلېپۇنغا چاقىرتىپتۇ. ھە، دېسەم، سابىتنى ئىزدەپ تاپ، دېدى.

— نېمە قىلىدىكەن؟

— بىز تەرەپكە ۋاكالىتەن بىرەر يەردە ۋەزىپە ئېلىشىنى كېرەككەن. ھازىر گومىنداڭ بىلەن جاھاننى تەڭشەپ تۇتۇۋاتىمىز ئەمەسمۇ، شۇ گەپ.

— ئاھھا! ما كارامەتنى كۆرۈڭ! تېخى ئالدىنقى كۈنلەردە ئۇيغۇر (بىزنىڭ ھوشۇر) مۇشۇ ئىش بىلەن كەپتىكەن، مەن مەكتەپتە قالىمەن دەپ ئۇنۇمىغان ئىدىم.

— مۇشۇ ئىش بىلەن دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟ ۋەزىپە ئىشى بىلەنما؟ گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئادىمى بولۇپ ۋەزىپە ئالامدىكەنسەن؟! — مۇھەممەد قارى ۋارقىراپلا كەتتى.

— شۇنداق.

— ما ئىتنى قاراڭلار! بىر يۇرتلۇق بولۇپ قاپتۇق، بولمىسا بېرىپ يۈزلىرىگە

مىڭنى تۈكۈرۈۋەتسەم-دە!

— ئەگەر ئۇ يەنە ئەنگە بېرىپ، شۇ يەرلەردە ئوقۇپ كەلگەن بولسا ياخشى يولداش بولاتتى، شۇنداقمۇ، ئاتكەن[①]؟ — دەپ سورۇدۇم ئەقلىمگە بىر ئاز ئىلھام بولسا تەپەككۇر قىلىپ باقسۇن دەپ.

— ھە، ئەلۋەتتە. مىلىك ياخشى بولمامدۇ! — دېدى ئۇ غېمىدە يوق.

— ھەي ئاتكەن، ھەي ئاتكەن، ئۇ خىتاي نېمە-يۇ، بۇ خىتاي نېمە؟ ئەقلىڭنى جارى قىل دوستۇم! — دېدىم ئاچچىقىم كېلىپ، — مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دۆلەت، مۇستەقىللىق توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟ دۆلەت دېگەن مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قىممەت؛ سېنىڭ «...ئىزىم»لىرىڭ ۋاقىتلىق نەرسىلەر.

مەمتىلى ئەپەندى ھەرقانداق مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەندىمۇ ناھايىتى يېنىك، ھېچ كۈچىمەيلا بىر تەرەپ قىلالاتتى. بۇنىڭدا ئۇ ئاجايىپ-غارايىپ تېئورمىلارغا مۇراجەت قىلمايتى. ئاددىي ئۇسۇللىرى، مىزانلىرى بولاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ مېتودىنى قوللۇنۇپ ئۇيغۇر بىلەن مۇھەممەد قارىنىڭ تەشەببۇسلىرى، «ئىزم»لىرىنى ئۆلچىدىم: «نېمە ئۆزگەرمەس مۇقىم قىممەت؟» ئاۋۇ «ئىزىم»لارمۇ ياكى دۆلەتمۇ؟ ھەر ئىزىمدىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا دۆلەت كېرەك ئىدى: ئۇچ مەسىلەكچىلەرگىمۇ، سوۋېتپەرەستلەرگىمۇ، دىنچىلارغىمۇ، خىتايپەرەستلەرگىمۇ دۆلەت كېرەك ئىدى. ئەمما بىزنىڭكىلەر بۇ ئۆتكۈنچى ئىسلارغا دۆلەتنى قۇربان قىلاتتى! مېنىڭ مەمتىلى ئەپەندىنى ئەسلىتىشىم مۇھەممەد قارىغا ياقمىدى:

— ھە، ئۇ دېگەن بىر پان تۈركىست! پان ئىسلامىست! — دېدى ئۇ. ئەمما مېنىڭ ئۇنى ئۇرۇدۇغاندەك تاتىرىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ، بىر ئاز گېپىنى يۇمشۇتۇشقا ئۇرۇندى، — بىزنىڭغۇ ئۇستازىمىز، مۇشۇ كۈنلەرگە كېلىشىمىزدە ئۇنىڭ رولى بار، ئەمما شۇ... ئەمدى بىلدۇقكى، ئۇ ئادەمنىڭ بەزى قاراشلىرىنى توغرا دېگىلى بولمايدىكەن....

---

① ئاتكەن — مۇھەممەد قارىنىڭ مەمتىلى ئەپەندى تەرىپىدىن قويۇلغان لەقىمى بولۇپ، بىر سىنىپتا ئۈچ مۇھەممەد قارى بولغاچقا پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇچىگە لەقەم قويغان. ئاتكەن — ئۇنىڭ «ئەتكەن» دېگەن سۆزنى خاتا تەلەپپۇز قىلىش ئادىتىدىن كەلگەن لەقەم. تەپسىلاتلار ئۈچۈن «باياۋاندىكى گۈلخان»غا قارالسۇن، — ئا.

— ئەمدى ئەقىللىق بولۇپ كېتىپسەن-دە! تۇنجى قېتىم سېنىڭ ئادەملىكىڭنى ساڭا بىلدۈرگەن كىم ئىدى؟ ئەجەپ تېز ئۇنتۇپسەنا؟ ئۇ بىز خەقنى دەپ شېھىت بولمىدىمۇ!؟ يەنە كېلىپ ئاشۇ سېنىڭ «ئېزىلگۈچىلەرنىڭ دوستى» كوممۇنىستلىرىڭنىڭ قولىدا!

مۇھەممەدقارى يەنە تالىشىشتىن بىر ماجرا كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى پەملەپ، دەرھال ئادىتى بويىچە قاقاقلاپ، كۈلۈپ، ۋەزىيەتكە يامىاق سېلىشقا ئۇرۇندى.

— بولدى، بولدى، ئۇ گەپلەرنى تالاشمايلى، ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالارسەن. رەسمىي ئىشىمىزغا كېلەيلى، سېنى رەئىسكە ئاپىرىمەن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىملەر بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن. ئۇلارغا سەيپىددىن تونۇشتۇرغان ئىكەن، ئۇلارمۇ سېنىڭ ئىلى تەرەپنىڭ ئادىمى ھېسابىدا ۋەزىيە ئېلىشىڭنى ئۈمىت قىلىۋاتىدۇ.

— مېنى بىرئاز ئارامىمدا قوي، — دېدىم قوپاللا، بۇ مىللەتنىڭ كىملەر ئۈچۈن بۇ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكىنىنى ئويلاپ غەش بولۇپ كەتكەن ئىدىم. ئەمما پىرقە ئىچىدىكىلەر ئۆز مەسلىكى بىلەن ھاياجان ئىچىدە تۇرغاچقا بۇنى ھىس قىلىشمايتى. خۇددى قۇرئاندا دېيىلگەندەك: «پىرقە - پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنىدىن خۇشاللىنىدىغانلاردىن بولماڭلار». ھەر پىرقىگە ئۆزىنىڭلا ئەڭ توغرا ئىدى.

— بولۇدۇ، مەن يەنە كېلىمەن، سەندىن جاۋاپقا ئېرىشمىگىچە قويمايمەن، دېدىمغۇ، مەن مايتاغقا بېرىپ ئىشقا چۈشمىسەم بولمايدۇ، ساڭىلا قاراپ كېچىكىۋاتقىنىم يادىڭدا بولسۇن. مېنى كۆپ ھايال قىلما.

مۇھەممەد قارى كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ قويغىنىدىن ئۆكۈنۈپ، بۇنى رېمونت قىلىشنىڭ يولىنى تاپالماي، كىتاپلىرىمنى ئۆرۈپ - چۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ رۇسچە كىتاپلارنى كۆرۈپ قېلىپ، قىزىقىشىنى يوشۇرالمايلا قالدى:

— بۇنى كىم ئوقۇۋاتىدۇ؟

— مەن.

— توۋا دېگىنە. سەن نەدىن ئۆگەندىڭ؟

— تۈرمىدە، خەمىت تۇردى دېگەن يىگىتتىن.

— نېمە دەيسەنۇي، خەمىت تۇردىبايېۋنى دېمەكچىمۇ سەن؟

— ھە شۇ، خەمىت تۇردى.

— مېنى ئۇنىڭدىن سورىساڭچۇ؟ ئۇ مېنى بىلەتتى ئەمەسمۇ؟

— ئەمما بىلمىدى. مۇھەممەد قارى دېگەننى ئاڭلاپ باقمىدىم دېدى.

— ھە...؟! ھاھا.... مۇھەممەد قارى دېسەڭ ئەلـۋەتتە بىلمەيدۇ-دە. ئېلىيـوپ دېگەن بولساڭ بىلەتتى.

— سېنىڭ «ئىيوپ» بولغىنىڭ ياكى «سىيوپ» بولغىنىڭنى مەن نەدىـن بىلەتتىم! — دېدىم چىشىم قېرىشىپ.

— مۇشۇلارنى ئوقۇپ چۈشەنەلىگۈدەك ئۆگۈنۈپ كەتتىڭمۇي؟ كارامەت نـېمە جۇمۇ سەن. يەنە ھەممىمىزدىن ئالدىدا مەن دېگىنە!

— ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس.

— ئوھە نېمانچىۋالا خىتايچە كىتاپ بۇ؟ بۇلارنىغۇ سەن ئوقۇمايدىغانسەن؟

— ئۇلارمۇ مېنىڭ، بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرۇمەن، كۆرمىدۈڭمۇ؟

— نـېمە دەيسـەنۇي، خىتـايچىنى نەلەردە يـۈرۈپ ئۆگەنـدىڭ ئەمـدى؟ سـەنمۇ ھوشۇر بىلەن خىتايدا بىللەمىدىڭ -يا؟

— يەنە شۇ تۈرمىدە ئۆگەندىم.

— ھاھا... تازا گوركىينىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدەكلا[①] بولۇپتۇ بۇ. تـۈرمە سـاڭا ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپتۇ. گوركىيغا كوچا - كويلار، ئاشخانىلار، ... ئۇنىۋېرسىتېت بولغاندەك، تازىمۇ قىزىق ئىش بوپتـۇ. سـەن يەنە شـۇ سـابىت ئىكەنسـەن! قـول قويدۇم! مەيلى، بۇمۇ ياخشى بوپتۇ، ماركىسزمنى ئۆزەڭ ئوقۇپ باق، قايىل بولۇپ قالىسەن. ئوھ بۇ يەردە ئەرەپچىمۇ تۇرۇدۇ، بۇچۇ؟ بۇلار نېمىلەر؟

— ئاشـۇ ئۇنىۋېرسـىتېتىمدىكى يەنە بىـر دەرس تـۈرۈم شـۇ. سـەن قـارى بولغاندىكىن ئوقۇپ باقساڭ نېمىلىكىنى بىلەرسەن؟!

— قويغىنا، قارىلىقىڭنى! — دېدى ئۇ بىر خىل ئەيىبى ئېچىلىپ خىجىل بولۇپ كەتكەن ئادەمدەك ۋە بۇ خىجىللىقىنى ياپماقچى بولغان كەيپىياتتا دەرھال

---

① رۇس يازغۇچىسى، ئالېكسى ماكسىموۋىچ پېشكوۋ. ئەسلى ئۇ تۈزۈك مەكتەپتە ئوقۇمىغان، جەمئيەتتە ئۆرۈلـۈپ -سوقۇلۇپ يۈرگەن كەچمىشلىرىنى تەرجىمىھال تىرىلوگىيىسىنىڭ ئۈچىنچى كىتابى «مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىم» دا تەئەددىي ئۇسلۇپتا « ئۇنىۋېرسىتېت» دەپ تىلغا ئالغان، — ئا.

داۋام قىلىپ، ـــ سابىت، ھەي سابىت! كەل سېنى بىر قۇچاقلاي! ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرۈۋېتىسەن-دە، سەن جىمغۇر. سەن ئەزەلدىن «مۇ» دېمەي تۇرۇپ ھەممە ئىشنى پۈتتۈرىدىغان نېمىدىڭ. يەنە شۇ پېتىڭكەنسەن. بۇنى سەيپىددىنگە دېسەم نېمە دەپ كېتەر. ئەمدى بىز سېنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمىز. سەن ئۆز خەلقىڭنىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولامسەن، گومىنداڭغىمۇ، ئوبدان ئويلاش.

مۇھەممەد قارىنى ئىتتىكلا كەتكۈزۈۋەتكۈم كەلمىدى. ئايرىلىپ كەتسەك ئۇ يەنە قاچان كېلىدۇ؟ كېلەلەمدۇ - يوقمۇ؟ ئاللاھ بىلىدۇ. بىر مەھەللىلىك بىر دوست ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندە باشقا بىر يەردە ئۇچراشسا قانداق ئىللىق تۇيۇلىدۇ كىشىگە! قانداقمۇ ئايرىلغۇم كەلسۇن؟ قانداق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بۇ ئۇزۇن يىللارنى ئۆتكۈزدۈم مەن؟ شۇڭا مۇھەممەد قارىنى قەستەن سۆھبەتكە تۇتۇش ئۈچۈن:

ـــ ئۆز خەلقىمىزنىڭ ھۆكۈمىتىدىن لاپ ئېتىپ قالدىڭ، قايسى ھۆكۈمەت ئۇ، ئۆز خەلقىمىزنىڭ ھۆكۈمىتى؟ ـــ دەپ سورىدۇم.

ـــ ئىلى تەرەپچۇ؟ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى.

ـــ نېمە مۈجىمەللىك بۇ؟ ئىلى ھۆكۈمىتى دەيسەن، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى دەيسەن...

ـــ سابىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى، ھازىر بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى ئەمەسمۇ، ئەمدى ئۇنى دېمەيمىز، شۇڭا ساڭا ئىلى تەرەپنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى دېدىم.

مەنمۇ دەل شۇلارنى دېگۈزمەك ئۈچۈن گەپ تەشكەن ئىدىم.

ـــ ھەي ئاتكەن، شەرقىي تۈركىستان دەۋرسەڭ ئاغزىڭغا قوقاق چىقىپ قالارمىتى؟ نېمىسى خاتا بولاتتى بۇنىڭ؟

ـــ ئۆزئارا دېسەكقۇ بىرنېمە بولمايدۇ، ئەمما رەسمىي سورۇنلاردا بۇنى دېسەك بىتىمنىڭ روھىغا خىلاپ بولىدۇ شۇ.

بىردىنلا ئۇنىڭ بىلەن بۇ تېمىنى چوڭقۇرلاشتىن رايىم يېنىپ، كۆڭلۈم مۇزلاپلا كەتتى. ئالدىمدىكى بۇ يىگىت ئاشۇ شورۇقلۇق، مەن بىلەن بىر مەھەللىلىك مۇھەممەت قارى شۇمۇ، ئەمەسمۇ دېگەندەك ئىشەنچسىزلىك بىلەن

ئۇنىڭغا تىكىلدىم. مېنىڭ قاراشلىرىمدا يۈرىكىمنى قاماللىۋالغان ھەسرەتلىرىم، ئاچچىقىم، جىلىچىلىكىم، قارشىمدىكىنىڭ بەغەرەزلىكىگە يېرىلغۇدەك بولۇۋاتقان روھىي ھالىتىم مۇجەسسەم بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئالدىمدىكىسى ھەقىقەتەنمۇ ناتونۇش بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

— سەن بۇگۈنكى مۇشۇ سۆھبىتىمىزنى، دېگەنلىرىمنى ۋە دېگەنلىرىڭنى ئېسىڭدە تۇت. بىر كۈنلىرى بىز بۇ ھەقتە يەنە سۆزلىشىمىز، ئاللاھ نېسىپ قىلسا، — دېدىم سەزگۈسىز بىر ھالەتتە، گويا چۈشۈمدىكىدەك، ئۆز ئاۋازىمنى يىراقتىن ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىپ.

— مېنى بىلمەمسەن، سابىت؟ مېنىڭ گېپىمنى گەپ دەپ كەتمەيتىڭلارغۇ، بۇرۇندىن. مېنىڭ گېپىمگە قېيداپ يۈرگۈلۈكمۇ؟ قويغىنا شۇنچە ئۇزۇن يىلدا كۆرۈشۈپ ئۇرۇشۇپ ئايرىلىشمايلى!

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇستۇلۇق بىلەن ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىپ، ئاندىن قايتىپ كەتتى. مانا ئەمدى ئىككى ئارىلىقتا تالاشتا قالدىم. قايسىسىنى تاللاش مەسىلىسى ئانچە تەسمۇ ئەمەس، مەن ئۇنداق بىرەرىنىڭ كۆڭلىنى ئايايمەن دەپ، ئۆز خاھىشىمنى باسىدىغانلاردىن ئەمەس. ئەمما مەسىلە، ۋەزىپە ئالىمەنمۇ ياكى مۇئەللىملىكىمدە قالىمەنمۇ؟ بۇنى تاللىۋالسام بولاتتى.

مۇسابىقىلىشىۋاتقاندەك ئارقىدىنلا ئۇيغۇر ئۆزى كەلمەي رېھىمنى يېنىمغا ئەۋەتىپتۇ. قارارىمنى ئۇقۇشماقچىكەن.

— ئەگەر مەن مەمۇرىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولسام، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭ ئادىمى سۈپىتىدە ۋەزىپە ئالىمەن، — دېدىم رېھىمغا. ئۇ بىلىنەرلىك تاتىرىپ كەتتى:

— ساراڭمۇ سىلى؟! زادى بىزنىڭ ئىشىمىز ئوڭ كەلمەيلا قالدىغۇ، يەنە شۇ قىزىلپاچاقلارنىڭ تەرغىباتى بېسىپ كېتىپتۇ-دە!

— قىزىل پاچاق، ئاق پاچىقنىڭ ماڭا بىر مەنىسى يوق، مەن نېمىگە ئاساسەن تاللىدىم بىلەمسىز؟ ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى»! دەپ ھۆكۈمەت قۇرغانلار بولغاچ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان، ئۆز تىلىمىز بىلەن ئاتالغان ھۆكۈمەت! يەنە خىتايغا قارىتىپ ئوق ئاتقانلار بولغانلىقى ئۈچۈن!

— ئۇلار سوۋېتلەرنىڭ قولىدىكى قونچاق!
— سىلەر كىمنىڭ قولىدىكى قونچاق؟
— ... سىز سۆيۈنۈپ كەتكەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» قېنى ئەمدى؟ ئۇ بىر تارىخنىڭ جىلۋىسى بولۇپ، لىپپىدا ئۆتۈپ كەتتى. مانا ئەمدى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە رازى بولۇپ، قۇرغان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ سۆيۈملۈك ئىسمىدىن ۋاز كەچتى، ئۇنىڭ تارقالغانلىقىنى ئېلان قىلدى.
— تارىخنىڭ جىلۋىسى دەپ ياخشى دېدىڭىز. بۇ بىر تارىخ! بىر تارىخىي پاكىت! قەلبلەردىن ئۆچمەيدىغان بىر تامغا! ئەمما مېنىڭ چۈشەنمەيۋاتقىنىم، بۇنىڭ تارقىتىۋېتىلىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە رازى بولۇنغانلىقىغا سىزنىڭ شۇنچە سۆيۈنۈپ كېتىشىڭىز. بۇ ئەشۇ تەرەپدارلىقىنىمۇ؟ كىمگە تەرەپدار بولۇۋاتىسىز، ئەپەندىم؟ ۋەتىنىڭىزگىمۇ ياكى... ئاشۇ يىللاردا نېمە ئۈچۈن جېنىڭىزنى تىكىپ كۆرەش قىلغانلىرىڭىزنى ئۇنۇتتۇڭۇزمۇ؟ ياكى ئۇ چاغدا بىلمەسلىكتىن، ئېزىپ كېتىپ ئىنقىلاپقا قېتىلىپ قالغانمۇ؟ ياكى چىقىش يولى تاپالماسلىقتىنمىدى؟
— ئۇنىڭ ئارقىسىدا سوۋېت بولمىغان بولسا، ئۇ تەرەپ ئەڭ توغرا بولۇشىنى بىلگۈچىلىكىمىز بار، بىزنىڭمۇ! ئەمما شۇ كوممۇنىست دېگەن...
— ئۇنىڭ ئارقىسىدا سوۋېتنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، ئەمما سوۋېت ياردەم بەرگۈچى بىر دۆلەت سۈپىتىدە — باشقا بىر دۆلەت سۈپىتىدە، قوشنا دۆلەت سۈپىتىدە — مەۋجۇت؛ ئەمما سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىكىسچۇ؟ «مېنىڭ» دېگەن دەۋا بىلەن مەۋجۇت. بۇنىڭ ئارىسىدا ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدەك پەرق بار، بۇنى ھىس قىلدىڭىزمۇ؟
— كوممۇنىستلار فاشىستلاردىنمۇ ۋەھشىي،...
— ئەگەر ھېلىقى يولۇڭلاردا ماشىناڭلار بۇزۇلۇپ قالمىغان بولسا، يەنىئەنگە باراتتىڭلار، ئۇ چاغدا سىلەرگە بۇ كوممۇنىستلىق ھەقىقەتەنمۇ خەلقنىڭ ئەڭ ئارزۇلايدىغان مەسلىكى بولۇپ تۇيۇلامتى قانداق؟ بۇ ئارىدىكى پەرقنى ئەقلىڭىز بىلەن ئويلاپ كۆردۈڭۈزمۇ؟ — دېدىم سىلىققىنە، — ئويدانراق ئويلاپ كۆرۈڭە قېنى، پەقەت بىر قاتناش ۋاستىسى ئۇلارنىڭ كەلمەي قېلىشى بىلەنلا پىچىلىپ قالغان مەسىلەك!..

ئەمما بەكمۇ ھاكاۋۇرلۇشۇپ قالغان رېھىم ئاشۇ چوڭچۇلۇقىدىن چۈشمەي:

— كۆپ ئۆتمەيلا بۇ تاللاشلىرىدىن پۇشايمان قىلىپ قالىلا! — دېدى ۋە مېڭىشقا تەرەددۇت قىلدى. مەنمۇ ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا تىرىشماي بىللىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنى ئۇزۇتۇپ قويۇشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى يوشۇرماستىن:

— نېمە دېمەكچى بولغۇنۇڭۇزنى بىلىمەن، كۈچ بىزنىڭ قولۇمىزدا، ۋاقتى كېلىپ يەنە تۈرمىدە ياتىسەن دېمەكچىغۇ؟ مەنغۇ تېخى ۋەزىپە ئالىمەن دېمىدىم، ئەگەر ئالسام قايسىنى تاللايدىغانلىقىمنىلا دېدىم. ئۈچىنچى بىر تاللاش بولمىغاچقا ياخشىراقىنى تاللاۋاتىمەن، — دېدىم.

مۇشۇنىڭ بىلەنلا مۇناسىۋىتىمىز يىرىكلەشتى. ئۇلار ماڭا زىيارەتكە كەلمەس بولدى. ئۇيغۇر كۈندۈزلىرى مەكتەپتىمۇ ئىلاجى بار مېنى كۆرمەسكە سالدى.

مۇھەممەد قارىنىمۇ رەت قىلاتتىم، ئەمما مەكتەپتە ئۇيغۇر بىلەن ماي تارتىپ، ئۈسۈشۈپ يۈرۈشتىن جېنىم سىقىلىپ چىدىمايدىغاندەك قىلدىم. شۇڭا مۇشۇ يەردىن كېتەيلا، دەپ ئويلاپ، مۇھەممەد قارىغا بولۇشلۇق جاۋاپ بەردىم. ئەمما ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ غەلىبىسى، مېنى قايىل قىلالىغانلىقىدىن بولدى دەپ ئويلاپ بەكمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى.

— بۇ خەۋەرنى بىزنىڭكىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇپلا مايتاغقا قاراپ ئاتلىنىمەن. ئەمدى كەلمەيمەن. شۇڭا ھازىر سەن بىلەن خوشلۇشۇمەن، — دېدى مەمنۇنىيەت بىلەن، — ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بارغان يېرىڭدىن ئۇچۇر بېرىۋەت.

ھەپتە ئىچىدە ماڭا كۇچار ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىق ۋەزىپەنامەسى ئۇلاشتۇرۇلدى. مەن كۇچارغا مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە خوتۇنسۇمبۇلدىن ئابدۇللاھ كېلىپ قالدى. ئۇ ئەكەلگەن قويلىرىنى شېرىككە ئۆتكۈزۈۋېتىپلا، مېنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ. قولىدا يېرىم ياتا گۆش باردى.

— ۋاي ئۇكامەي، بۇنى ئەكەلمىسىڭىزچۇ، مەن شۇئان ئۈرۈمچىدىن كېتىۋاتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلاردەك قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ.

— نەگە كېتىۋاتىسىز؟ ياخشىلىقتىندۇر؟

— ھەئە، ئەنسىرىمەڭ، خاپىلىق يوق. كۇچارغا ئىشقا تەيىنلىنىپ كېتىۋاتىمەن.

— يامان چاغدا كېلىپ بىسەرەمجان قىلىپتىمەن-دە؟ كەچۈرۈڭ، — دېدى

ئابدۇللاھ ئۇنىڭ ئاھاڭىدا خاتا قىلغانلىق ئۆكۈنۈشىدىن تولا قىيماسلىق تۇيغۇسى يوشۇرۇنغان ئىدى.

— ھېچ ئۇنداق دېمەڭ، ئۇكام، ھېچ! بەك ياخشى بولدى. مەن بىلەن بىرگە بىرنەچچە كۈن تۇرۇسىز، كېيىن مېنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ ئاندىن كەتسىڭىز تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ كەلمىگەن بولسىڭىز، بىلمەي قالاتتىڭىز، ئاندىن مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولاتتىڭىز.

— ھە، راست، بۇمۇ ئاللاھنىڭ قىسمىتى. تەلىيىم باركەن. ئۇ يەردە قاچانغىچە ئىشلەرسىز؟ مەلۇممۇ؟

— يەنە تۆرمىگە يۆتكەلمەيلا قالسام ئۇزاق ئىشلەپ قالىمەن، — دېدىم ھەزىل ئارىلاش. ئەمما بۇنداق ئېھتىماللىق ھەرقاچان بار. بۇنى رېھىممۇ بىشارەت قىلىپ دېدى ئەمەسمۇ.

— توۋا دەڭا، ئاللاھ ساقلا، يەنىمۇ شۇ كۈنلەرگە قالماسسىز...

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللاھ بىلەن بىرگە بازار ئارىلاپ، سەپەر ئۈچۈن ھازىرلىقىمنى قىلدىم. كىتاپلىرىمنى قاچىلايدىغانغا چامادانلار ئالدىم. بىر نەچچە قۇر كىيىم ـ كېچەك،... شۇنداق قىلىپ ئىشىممۇ پۈتتى.

مېڭىش ھارپىسىدا خەمىت كەلدى. ئۇ غۇلجىدىن يېڭىلا كەپتۇ. بۇ يەردىكى يولداشلىرىنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن مېنىڭ مېڭىش ئالدىدا تۇرغۇنۇمنى بىلىپ، ئالدىراپ يېتىپ كەپتۇ.

— سابىتكا، — دېدى ئۇ تۇنجى قېتىم بەكلا يېقىنچىلىق ئىپادىلەپ، — سەيىپدىن ئەپەندىدىن ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلىدىم، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ داڭلىق ئوقۇغۇچىسى ئىكەنسىز. سىزنىڭ رۇسچە، خىتايچە تىللارنى تۆرمىدە ئۆگىنىۋالغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم، ئەپەندىم، «سابىت ئەپەندىدىن بۇنى كۈتۈشكە بولاتتى، ئۇنىڭ ‹مۇدھىش بىر خاتىرىسى بار› ئەمەسمۇ» دېدى. ئاڭلىسام بۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باھاسى ئىمىشقۇ؟ بەلكىم سىزنى بىرەر ۋىلايەتكە كۆرسۈتۈشلىرى مۇمكىن، ماۋۇسى ۋاقىتلىقتۇ دەيمەن.

— رەخمەت، ئالايتەن كەپسىز.

— ئەتە ماڭىدىغان بولسىڭىز مەن يەنە ئەتە كېلىپ، ئۇزۇتۇپ قويۇمەن، — دېدى ئۇ، — ئاندىن يېنىمدىكى ئابدۇللاھنى كۆرۈپ كىمدۇر بۇ دېگەندەك قاراپ

قالدى. شۇئان ئۇلارنى تونۇشتۇرمۇغۇنۇم ئېسىمگە كەلدى:

— كەچۈرۈڭ، تونۇشتۇرماپتىمەن. بۇ ئىنىم ئابدۇللاھ ئۆزى موڭغۇل، تۇرمىدىشىم. خوتۇنسۇمبۇلدا ياشايدۇ.

خەمىت تاتارغان هالدا قولىنى ئابدۇللاھقا ئۇزاتتى. ئۇنىڭ موڭغۇل تۇرۇپ ئىسمىنىڭ ئابدۇللاھ بولۇشى، مەن بىلەن تۇرمىدە بىللە ياتقانلىقى خەمىتكە ھەممىنى چۈشەندۇرگەن ئىدى. ئۇ ئابدۇللاھنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىغا شۇنچىلىك تاتىرقاتاتتى.

مېنىڭ توسقۇنۇمغا ئۇنۇماي، ئەتىسى ھەقىقەتەنمۇ ئۇزاتقىلى كەلدى.

— رەخمەت، ئۇزاتقىلى كېلىپ بەكمۇ خۇرسەن قىلدىڭىز، — دېدىم رەسمىيەتچىلىك بىلەن. چۈنكى ئابدۇللاھ بولغاچقا ئۇنىڭ كېلىشى ئوڭايسىزلىقتىن باشقا پايدا بەرمەيتى.

— مەن تېخىمۇ خوش دەڭا، نېمىلا دېگەن بىلەن سىز بىزنىڭ مەسلىكىمىزگە يېقىنلاشتىڭىز، بەلكىم ئاستا - ئاستا قوبۇل قىلىپمۇ قالارسىز.

مەن ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن گومىنداڭ تەرەپنىڭ تەكلىپىنى ئەمەس، ئۇلارنىڭكىنى قوبۇل قىلغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى خۇددى رېھىمغا دېگىنىمدەك شەكىلدە دەپ قويدۇم. بۇ هال ئۇنى بەكمۇ بىرىم قىلدى. بىر هازا جىمىپ كەتتى. ئاندىن يەنە ئۆز مەسلىكىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ:

— كوممۇنىزىم دۇشمەنلىكىڭىز نېمانچە چوڭقۇركىنتاڭ،... — دېدى ئەپسۇسلانغان هالدا.

— ئۇلارنىڭ سەممىيىتىگە قانداقمۇ ئىشىنەي، ئىنىم؟ مېنىڭ ئاشۇ ئېسىل خىسلەتلىك ئۇستازىمدەك 300 نەپەر ئوت يۈرەكنى ئاشۇ سىزنىڭ هامىيلىرىڭىز كۆيدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام؛ يەنە شۇ سىزنىڭ «ئېزىلگۈچىلەرنىڭ دوستى» دەپ سۈپەتلەنگەن ئاكىلىرىڭىز خەلقنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا شىڭ شىسەيگە ياردەم قىلىپ، ئەللىك مىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، مىليونلارنى خانۇ - ۋەيران قىلغانلىقىغا شاهىت بولغان تۇرسام؛ تېخى ئاشۇ قوغلاپ ئوققا تۇتۇلغانلارنىڭ بىرسى مەن ئۆزۈم تۇرسام قانداقمۇ ئىشىنەي؟ ئاشۇ قوشۇننىڭ بېشىدىكى قوماندان كىم ئىدى، بىلەمسىز؟ — ئۇ سوئال بېرىدىغاندەك قىلمايتى، شۇڭا ئۆزەم جاۋاپ

بەردىم، — ئاشۇ بۈگۈنكى باشقۇماندانىمىز ئىسھاقبەگ ئىدى!

ئۇنىڭ بۇرۇنلىرى تەرلەپ كەتتى. ئۇسال ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن:

— بەلكىم ھەر دەۋرنىڭ بىر ئالاھىدە ئەھۋالى باردۇر، ھەر ئالاھىدە ئەھۋالغا قارىتا بىر سىياسەت باردۇر، كىم بىلىدۇ.... — دېدى گودۇڭشۇپ.

— شۇنداق، شۇنداق، بۈگۈنكىسىمۇ شۇ: يەنە بىر تارىخىي دەۋردىكى ئالاھىدە سىياسەت خالاس. ۋەزىيەتنى ياخشى كۈزۈتۈڭ، «مۇستەقىللىق» شۇئارى بىلەن چىققان ئىدىڭلار، ئەمدى ئايىغى نەدىن چىقىۋاتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ ياخشى ئويلاپ كۆرۈڭ.

ئۇ ئۇزاتقىلى كەلگىنىگە تويدىمۇ قانداق، ئاللاھ بىلىدۇ. رەڭگى - روھى بەكلا تۇتۇلۇپ كەتتى. مەن يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا چىقىپ ئۇ ۋە ئابدۇللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى ساندۇق كىتاپلىرىمنى — ئەڭ ئاساسلىق مال-مۈلكۈمنى سۇنۇۋالدىم ئاندىن ئۇنىڭغا رەخمەت ئېيتىپ، قول پۇلاڭلاتتىم.

كۇچاغا بېرىپ ھۆكۈمەتكە ئۆزەمنى مەلۇم قىلدىم. ئىشدىشىم خىتاي ھاكىم كۈلسە كۆزلىرى تامامەن يۇمۇلۇپ كېتىدىغان، تازىمۇ تىپىك خىتاي ئىكەن. «ھارۋىدا توشقان ئالىدىغان»نىڭ دەل ئۆزىدەك قىلاتتى. ماڭا ئادەم قېتىپ، ياتىقىمنى كۆرسەتكىلى ئەۋەتتى.

— بۈگۈنچە جايلىشىۋېلىپ، ئەتە - ئۆگۈنگىچە دەم ئېلىپ، ئاندىن كەلسىڭىزمۇ بولۇدۇ، — دېدى ئۇ خىتايچىسىغا يالغان خۇشمۇئامىلە بىلەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كىرپىكسىز كۆزلىرى تامامەن يۇمۇلۇپلا كەتتى.

ياتىقىمغا جايلاشتىم. بۇ يەر ئىلگىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى ئەسكەرلەر تۇرغان بىر يېرىم ئېغىز ئۆيكەن. بىر يېرىم دېيىشىم، تاشقارقىسى بەكلا كىچىك ئىدى. بەلكىم بۇ يەردە پوست تۇرۇدۇغان، ئىچكىرىسى دەم ئالىدىغان يەر بولسا كېرەك. ماڭا قاتقان ئادەمنىڭ باشلىشى بىلەن بازارغا چىقتىم. ئۆيگە لازىملىق نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋالدۇق. يەيدىغان نەرسىدىن تا ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرگىچە. ئاندىن ئىككىمىز كۆتۈرۈشۈپ ئۆيگە ئەكەلدۇق. شۇندىلا بۇ خىزمەتكارغا رۇخسەت بەردىم. ئۇ

كەتكەندىن كېيىن يەنە ئۆيدە زېرىكىپ، كەچلىك تاماقنى كوچىدا يەپ كەلگەچ، بىردەم ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولدۇم. ئىلگىرى بۇ يەردىن مەھبۇس ھارۋىسىدا ئۆتكەنىدىم. ئۇ چاغدا ساقچىخانىغا چۈشكەن، ئاتلارنى شۇ يەردە بوشۇتۇپ، بىزمۇ شۇ يەردە دەم ئالغان ئىدۇق. «بىز» دېگىنىمدە ھېلىقى مېنى يالاپ ماڭغان ئالتە ئەسكەر بۇ يەردىكى ئەسكەرلەر ياتىقىدا، مەن بولسام گۇناھكارلارنىڭ كامېرىدا يېتىپ، ئەتىسى يولغا چىقىپ كەتكەن ئىدۇق.

مانا ئەمدى تەقدىرنىڭ شامىلى مېنى باشقا بىر تۈرلۈك سالاھىيەت بىلەن بۇ دىيارغا ئەكىلىپ تاشلىدى. كۈچار مېنىڭ ئۈچۈن تامامەن سىرلىق بىر شەھەر ئىدى. ئۇنى سىرلىق قىلغىنى ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇزاق تارىخى ۋە ئەتراپىقا داڭ كەتكەن سەنئىتى ئىدى. تارىخىمىزدا ئالاھىدە ئورنى بولغان بۇ شەھەرگە كېلىشكە نېسىپ قىلغان قىسمىتىم ئۈچۈن ئاللاھقا يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى ئېيتتىم.

بىكارچىلىق، ئاتالمىش دەم ئېلىش دېگەنلەردىن بەكمۇ بىزار ئىدىم. كونىلار «بىكار تۇرغىچە بىكارغا ئىشلە» دەپ بىكار ئېيتمىغان. بۇ گەپتە چوقۇم بىر ھېكمەت بار. مەن ئۆيدە دەم ئېلىپ ئولتۇرالايمەنمۇ؟ ئەتىسىلا ئىشقا باردىم. ھېلىقى باشلىقىم خىتايغا يولۇقتۇم. ئۇ مېنى ئاشۇ دائىمىي كۈلكە چىرايى بىلەن قارشى ئېلىپ:

— يۈرۈڭ، مەن ئەمدى ئۆزەم ئىشخانىڭىزنى كۆرسۈتەي، — دېدى ئۇزۇن كەنجازىسىنىڭ ئۇزۇن يەڭلىرىنى ھەدەپ بىلىكى تەرەپكە چۈشسۈن دېگەندەك قولىنى ئىگىزگە سىلكىتىپ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. ئىشخانىمىز قوشنا دېگۈدەك ئىدى. ئاۋال كىرگەن يېرىمىز ئىشخانامنىڭ تاشقىرى بۆلۈمى ئىكەن. ئۇن ئىككى كارە مېتېر ئەتراپىدا كېلىدىغان كىچىك خانىدا بىر شىرە ۋە شىرەنىڭ ئارقىسىدا بىر ئايال (قىز؟) ئولتۇراتتى، — بۇ خېنىم سىزنىڭ كاتىبىڭىز، — دەپ تونۇشتۇردى ھاكىم. ھېلىقى قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىككىنە باش لىڭشىتىپ قويدى. مەنمۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا ئىگىلىپ قويدۇم، ئەمما ئۇنىڭ يۈزىگە قارىماسلىققا تىرىشتىم. بۇنىسى ماڭا ئارتۇقچە تۇيۇلدى، چۈنكى ماڭا بىر كاتىپنىڭ زۆرۈر كېرەك بولۇشىمۇ ناتايىنىدەك ئىدى، — مانا بۇ سىزنىڭ ئىشخانىڭىز، — ھاكىم ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ مېنى كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزى كىردى، — قانداق

تەلەپلىرىڭىز بولسا كاتىپ خېنىمغا دېسىڭىز، ئۇ خىزمەتچىلەرنى تېپىپ قىلدۇرۇپ بېرىدۇ.

— رەخمەت، ھازىرچە بولۇۋېرىدۇ، لازىم بولسا كېيىن بىرنېمە دەرمىز، — دېدىم ھاكىمغا قارىمايلا، ئىشخانىنىڭ ئۇياق - بۇ يېقىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك قاراپ. ئەمەلىيەتتە ھەرقانچە قارىغاندەك قىلسامىمۇ، كۆڭۈل كۆزۈم ھېچنېمە كۆرمەيۋاتاتتى. نېمە كەم، نېمىلەرنىڭ جايلىرى نا مۇۋاپىق؟ ھېچ پىكرىم يوقىدى.

— قالغان ئىشلارنى كاتىپ سىزگە تونۇشتۇرۇدۇ، ئەمىسە مەن چىقاي، — دېدى ھاكىم يەنە ھېلىقىدەك مەمنۇنىيەتكە چۆمۈلۈپ كەتكەندەك كۈلكە چىراي بىلەن. جاۋابەن باش لىڭشىتىپ قويدۇم.

بېرىپ قۇپ - قۇرۇق شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. شىرەگە جەينەكلىۋېلىپ، ئىشىم ھەققىدە ئويلۇناي دېسەممۇ كاللامغا ھېچنېمە كەلمەيتى. ھېچ بىر يېڭىچە پىلان ياكى خىيال يوقىدى. مەن بۇ ئىشقا بەكلا ئەجنەبىي بولغاچقا، بىرمۇنچە ئاھالە ۋە كەڭ بىر تېرىتورىيىنىڭ باشلىقى بولۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە سۈرى بولۇدۇغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. شۇ تاپ ماڭا بىرەر ئىش تاپشۇرۇلسا ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلارمەنكىنتاڭ؟ خىتايلارنىڭ ئىنتايىن سىنچى، قىلتاقچى، ھىلىگەر، سۇئىقەستچى بولۇشىنى نەزەرىيە جەھەتتىن بىلىدىغاندەك قىلسامىمۇ، مانا ئەمدى تۇنجى قېتىم بىر خىتاي بىلەن ئوخشاش بىر ۋەزىپىنى بىرلىكتە قىلىش ئالدىدا تۇراتتىم. خىتايلارنىڭ ئەمەلپەرەستلىكىدىن ئېيتقاندا، ئۇ چوقۇم مېنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنىڭ كويىدا بولماي قالمايتى. مېنى ھەممىگە خوپلا دەيدىغان قونچاق قىلىپ قويۇپ، ئىلگىرىكىدەكلا ئۆزى بىلگەننى قىلىش خىيالى بولۇشى تەبىئىي. مەن بولسام شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭ ئادىمى، رەسمىي خەلق ۋەكىلى. شۇڭا بۇ رولۇمنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايتى.

ئىشىك چېكىلدى، رۇخسىتىم بىلەن كاتىپ كىرىپ كەلدى:

— ئىجازەت قىلسىڭىز كۆندۈلۈك ئىشلار ھەققىدە سىلىگە مەلۇمات بەرسەم...

ئاجايىپلا خىجالەت بولۇپ كەتتىم. ئىلگىرى باشقارمىدا ئىشلىگەن

چىغىمدا ئادەم باشقۇرمايتتىم، كۆپ ئادەم بىلەنمۇ مۇلاقات بولماستىن ئىشخانىدىكى قەغەز - قەلەم ئىشى بىلەن كۈنۈم ئۆتەتتى. مانا ئەمدى بىرى ئالدىمدا قول باغلاپ تۇرسا قانداقمۇ خىجىل بولماي. مەن پەقەت گېلىمنى قىرىپ، بېشىمنى ئېغاتتىم. ئەمما ھېچ ئۇ تەرەپكە قارىيالمىدىم. بۇ تازىمۇ تەس ئىش بولدى - دە، ھەركۈنى بۇ ئايال بىلەن ئىشلەشكە توغرا كەلسە....

ئايالنىڭ بوي - تۇرقىنى ھىس قىلدىم. كۆز قىرىمدا كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ بويى ئۆلچەملىك گۈزەللەر تىپىدا ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدىم. ئاۋازى شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدىكى، گېپىنىڭ ئۇزاقراق داۋام قىلىشىغا مۇشتاق بولۇپ قالغۇدەكلا ئىدى. گېپى تۈگىگەندىن كېيىن شۇنچىلىك تەۋەززۇ بىلەن:

— چىقسام بولامدۇ، ئەپەندىم؟ — دېدى ئۇ. مەن ئاشۇ تۇرقۇمنى بۇزماستىن قولۇمنى كۆتۈرۈپلا قويدۇم. ئەمما شۇنچىلىك كۆڭلۇم يېرىم بولدىكى، بەكمۇ پۇچۇلاندىم. «ئۇ مېنى چوقۇملا بەك ھاكاۋۇركەن دەپ قالغاندۇر، نېمىشكە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ جاۋاپ بەرمىگەندىمەن»، دەپ ئويلۇدۇم. يەنە ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئەدەپلىك، شۇنچىلىك تەربىيىلىك سۆز - ھەركەتلىرى زوقۇمنى تارتماقتا ئىدى. ئەجەبا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر، ھېچ بولمىغاندىمۇ كاتىپلار مۇشۇنداق تەربىيە كۆرگەن كىشىلەردىن بولامدىغاندۇ؟ بىلىشىمچە ئۇنچىۋالامۇ ئەمەستەك ئىدى. كىچىكىمىزدىن يامۇلدا ئىشى بولغانلارنىڭ قاخشاپ، قارغاپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مېنىڭ تازىمۇ تەلىيىم بارمۇ-يا؟ ئۇ چاغلاردا ئىدارىلاردا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ھېساپلىناتتى. كۇچاردەك بىر ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىلا ئەمەس، ئۈرۈمچىدىمۇ كۆپ چېلىقىدىغان ئەھۋال ئەمەس ئىدى.

بۇ بىر كۈننى ئاشۇنداق ئوي - خىياللار بىلەن بەكمۇ تەستە كەچ قىلدىم. ئەتىسىلا كاتىپ ئالدىمغا كىرىپ:

— قوشئاۋاتتا دېھقانلار بىر چاتاق چىقارغان ئوخشايدۇ، ھاكىم سىلىنى شۇ يەرگە بېرىپ، ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ كەلسىكەن، — دەيدۇ.

ئۇھ، دېدىم. سىرتلاردا يۈرگەن مىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ. ھاكىم ھەقىقەتەن مېنىڭ كەيپىياتىمنى بىلىپ، كۆڭلى ئېچىلىپ، كۆنۈشۈۋالسۇن دېدىمۇ-نېمە؟

دېگەنلەرنى ئويلاپ، خوش بولدۇم.

— بولۇدۇ، مەن باراي، — دېدىم يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك ئۇدۇل قارىماستىنلا.

— مەن چىقىپ خىزمەتچىلەرگە ئېيتاي، ئات تەييار قىلسۇن. تەييار بولغاندا سىلىگە خەۋەر قىلىمەن، — دېدى ئۇ يەنە شۇنداق يېقىملىق ئاۋازدا. بۇ ئاۋاز بەئەينى يېقىملىق كۈي ئىدى.

چىقىۋېتىپ، مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرغان كاتىبىمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش ئۈچۈن ئىختىيارسىز لاپ ئېتىپ بىر كۆز تاشلىدىم. ئىچىمنى بىر چوغ كۆيدۈرگەنچە تاپىنىمدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. مەن بۇ بىرنەچچە دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ سالغان ئىدىم. مەنمۇ شائىر مەن دەپ، خۇمار كۆزلەر، بۇلاق كۆزلەر، ئاھۇ كۆزلەر ھەققىدە بىرمۇنچە ئەپقاچتى شېئىرلارنى يېزىپ يۈرگەن بولسامMۇ، بۇ كۆزلەر ھەققىدە زۇۋانىم تۇتۇلۇپ، كالپۇكلۇرۇم چاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. بۇنداق كۆزلەر ئالدىدا ھەركىم لال بولماي قالمايتى. ئۇنى ئوخشاتقىلى بولۇدۇغان بىر نەرسە بولسىدى كاشكى! ئۇنى تەڭلەشتۈرگىلى بولۇدۇغان يەنە بىر نەرسە بولسا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە يىغىلىۋالماسمىدى، دەيمەن يەنە.

قوشئاۋات ناھىيە بازىرىدىن ئەڭ ئۇزاق بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇزۇن يولدا كېتىۋاتقىچە خىيالىم ئاشۇ كۆزلەر ھەققىدىلا بولدى. ئەمما بۇ كۆزلەر تەسەۋۋۇرۇمدا چاقناپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچقانداق تەسۋىر ئىپادىلەر ئۈچۈن سۆز تاپالمىدىم. ناۋايىنىڭ بارلىق سۆيگۈ لىرىكىلىرىنى يادىمغا ئېلىپ، كۆز تەسۋىرلىرىنى بىرمۇ - بىر سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. ئەمما ئۇ تەسۋىرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كۆزگە ماس كەلمەيتى. ماس كەلمەيتى دېگىنىم يېتەرسىز قالاتتى. تېزرەك بىر ئىش بىلەن مىلىكە بولمىسام بۇ كۆزلەرنىڭ سېھرى مېنى ئېلىشتۇرۇپ قويۇدۇغاندەك قىلاتتى.

قوشئاۋاتتا بەگ مېنى ئاجايىپ خۇلق، خۇشامەتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۆيىگە باشلىدى. كەچ بولۇپ قالغانىدى. ئىش ئەتىگە قالغان بولغاچقا ئارام ئالىدىغان بولدۇم. داستىخان ئۈستىدە بەگ ئالدىمغا بىر كۈمۈش، بىر ئالتۇن يامبۇ قويدى:

— قۇتلۇق قەدەملىرى تۇنجى قېتىم غېرىپخانىمىزغا يېتىپتۇ. رىسقلىرى كەم بولۇپ قالمىسۇن، «ئەتتىگەندە نېمە يېسەڭ كەچكىچە شۇ» دېگەن گەپ بار

ئەمەسمۇ، ئاز بولسىمۇ باشتىكى قەدەمدە ئاز - تولا رىزىق بىلەن باشلانسۇن دېدۇق، كۆڭلىمىز، — دېدى. بۇ روشەن پارا ئىدى. پارا بولغان ئىشتا بىر ناھەقچىلىك بولماي قالمايتى. شۇڭا سىلىققىنە رەت قىلدىم. ئۇنىڭ بىزەڭلىك بىلەن كۇچۇكلۇنۇپ يالۋۇرۇۋەرمەسلىكى ئۈچۈن، كېتىشتە ئالدىغاندەك شەپە بېرىپ قويدۇم:

— ئاۋال ئىش قىلىپ، ئاندىن ئەجرىنى ئالساق تېخىمۇ دۇرۇس بولار، بەگ خوجام. بۇنى سەپ قويۇپ تۇرسىلا.

بەگ بۇنى ئاز كۆرۈۋاتىدۇ، دېگەن گۇمان بىلەن، ماڭا ئېمىزگىلەر سېلىشقا، كەلگۈسىدە بولۇدۇغان نەپلەر ھەققىدە بېشارەتلەر بېرىشكىمۇ پۇرسەت تاپتى.

قوش-ئاۋاتتا دېھقانلار بىلەن بەگنىڭ ئارىسىدا چىققان بۇ جېدەلنى ھەر ئىككى تەرەپتىن ئايرىم - ئايرىم ئاڭلاپ باقتىم. قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى. ئاڭلىسام بۇ بەگ ھاكىمنىڭ بەك يېقىنىمىش. ئۇنىڭ ئۆز يۇرتداشلىرىغا راۋا كۆرگەن زۇلمىنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ نومۇس قىلىمەن. ئىشىمنىڭ بىسمىللاسىدىلا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئىشقا يولۇقۇشۇم تاسادىپىيلىكمىدۇ؟ ياكى خىتاي مېنىڭ يېڭىلىقىم، تەجرىبىسىزلىكىم، خىزمەتىنىڭ سىۇرىدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتقىنىم،... قاتارلىقلارنى مۆلچەرلەپ، مېنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ، ئاندىن يارامسىزلىقىمنىڭ بىر مىسالىنى ياراتماقچى، شۇنىڭ بىلەن بۇ پاكىت ئارقىلىق ھەرزامان مېنى تىزگىنلەپ تۇرماقچى بولۇپ، قەستەن بۇ ئىشقا مېنى بۇيرۇغان ئوخشىمامدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلۇدۇم. ھەتتا بۇ ئالاھىدە لاھىيىلەنگەن بىر ئويۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن: مەن پارا ئالسام، ئوخشاش بۇلغۇنۇپ، ئۇلار بىلەن «بىر جاڭگالنىڭ» بولۇدۇغان، ئالمىسام بۇ ئىشنى تۈزەلمەي تەڭقىسلىق ئىچىدە رەسۋا بولۇدۇغان... بۇ ئېھتىماللىق ئەڭ چوڭ، ئەقىلگە ئۇيغۇن، خىتاي ئەخلاقىغا دەل چۈشەتتى. شۇئاندا مەن ئادالەتنى ياقلايمەن دېسەم، ئىشنىڭ «بىسمىللا»سىدىلام ھاكىم بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالاتتىم. دېپلوماتىك يول بىلەن، لامىزەللە ماداراچىلىق يولىنى تۇتاي دېسەم خەلقنىڭ ئىشەنچى يەرگە ئۇرۇلۇش بىلەن بىرگە موھىمى شەرقىي تۈركىستان تەرەپنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە داغ چۈشۈرەتتىم.

مەن ئەمەلپەرەستلەردىن ئەمەسقۇ!؟ يامىنىغا كەلسە ھاكىملىقىمنى

ئېلىۋېتەر، قايتىپ كېتىپ مۇئەللىمچىلىكىمنى قىلمامدىمەن! دېگەن خىيال ماڭا جاسارەت بەردى. مېنى جازالاش ئىشىنى ھاكىم ئۆزىلا قىلالايدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ۋىلايەتكە يوللايتى، ۋىلايەتتە ئابلىز مەخسۇم ۋالىي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جامائەتنى تويلاپ، شۇلارنىڭ ئالدىدىلا بەگنى مەنسەپتىن قالدۇردۇم. ئاندىن جامائەتكە:

— ئۆزۈڭلار كىمنى ياخشى كۆرسەڭلار شۇنى سايلاڭلار، — دېگەنتىم، كىشىلەر ھاياتىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئاجايىپ ئىشتىن مەڭدەپ قالدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئازات رايون تەۋەسىدە مانا شۇنداق سايلام بولۇدۇغانلىقىنى، خەلق ھەممە ئەمەلدارنى ئۆزلىرى سايلايدىغانلىقىنى، مۇستەقىل بولۇپ ۋەتىنىمىز ئۆز قولىمىزدا بولسا، ھەممە ئىش مانا شۇنداق قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. بۇ ئارقىلىق كىشىلەردە خىتايدىن ئايرىلىپمۇ ياشىغىلى ھەتتا تېخىمۇ ياخشى ياشىغىلى بولۇدۇكەن دېگەن تۇيغۇنى، مۇستەقىللىققا قارىتا سۆيگۈ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە قارىتا سۆيگۈ ئويغاتماقچىدىم.

بىر ياقتا مەنسەپتىن چۈشكەن بەگ چالۋاقاپ سۆزلەپ، ماڭا پوپۇزا قىلاتتى. ئۇنىڭ تولۇق ئىشەنچىسى باردەكلا قىلاتتى. ھاكىم بۇ جىدەلنى سۈنئىي كەلتۈرۈپ چىقارغاندەكلا بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ دوق - پوپۇزىلىرىغا پىسەنت قىلمىغان بولۇۋالغان بولسامۇ، كۆڭلۈم تازىمۇ دەككە - دۈككە بولۇۋاتاتتى. ئەمما ھېچ پىسەنت قىلمىغان ئىپادە بىلەن، دېھقانلارنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرۈدۈغان، ئىشىنىدىغان بىرىنى سايلاشقا كۆندۈردۈم. سايلاشتى. بىرلىكتە تەنتەنە قىلىشتۇق. مەن ئۇلاردىنمۇ بەك خۇشالدەك ئىپادە كۆرسۈتۈۋاتساممۇ، ئەمدى ھاكىم بىلەن بولۇدۇغان غەۋغالار ھەققىدە ئويلاۋاتاتتىم.

مانا مۇشۇ بىرىنچى ئىشىم بىلەنلا كۇچار تەۋەسىدە «سابىت ئەپەندى، سابىت ئەپەندى» دەپ ئېغىزدىن چۈشمەيدىغان مەشھۇر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. ئەمما، ھاكىم بىلەن مۆلچەرلەنگەن غەۋغا ئەتىسى مەن ئىشقا بارغاندىلا باشلاندى. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا كاتىپ:

— ھاكىم سىلىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇدۇ، كەلسە دەرھال يېنىمغا كىرسۇن دېگەنىدى، — دېدى ئەسكەرلەردەك چەبدەسلىك بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ سېلىپ، گۇناھكار بولۇشتىن شۇنچە قاچساممۇ، بەربىر ئۇ تەرەپكە قارىغىنىمدا بىر ئاز تۆۋەنگە قارىۋالدىم دېسەم دەل ئاغزىغا قاراپ سالدىم. ئەمدى ئۇنىڭ ئاغزى توغرىسىدا نېمە دېسەم بولۇدۇكىن؟ ئەسلىدە بۇ مەندەك بىر تەقۋادار ئادەمگە يارىشىدىغان گەپلەر ئەمەس-تە، ئەمما سىز يازغۇچى بولغاندىكىن بۇنداق تەسۋىرلەشلەرنى توغرا چۈشۈنۈسىز دەپ دەۋاتىمەن:

ئۇنىڭ لەۋلىرى خۇددى بىزنىڭ ئاتۇشنىڭ «ئاتباغرى مۇنەقى» دەيدىغان ئۈزۈمى بارغۇ؟ ھە، مانا شۇ ئۈزۈمنىڭ بىر تەرەپلىرى، قىزىل، بىر ياقلىرى سۈزۈلۈپ ئاقىرىپ كەتكەندەك، ئەمما قىزىل تومۇرلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سۈزۈكلۈكىگە ئوخشايتى. ئۇنىڭ بىر ئاز ئىككى ياققا قايرىلىپ تۇرۇشى، خۇددى قىزىل چىقىدىغان كۆكچىلەردىن بىر پىچىم پىچىۋالغان يەردەك، ئۇنىڭ شىرىنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى! كالپۇكلىرىنىڭ ئاستىدا شەكىللەنگەن ئويمان بولسا مەخسۇس يىگىتلەرنىڭ جاسارىتىنى، غورۇرىنى، مەن - مەنلىكىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋالىدىغان كويىقاپتەك سېھرى كۈچكە ئىگىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە قارىغىنىمنى سەزگەن ئاشۇ سېكونتتا ئاشۇ ئاجايىپ لەۋلىرىنى بىر ئاز ئېچىپ، سالام، ھۆرمەت ھېسابىدىكى بىر كۈلۈمسىرەش ئىپادە قىلىۋىدى، شۇ قىسقا دەقىقىلەردە چىشلىرىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ چىشلار راستىنلا ئۆزىنىڭ چىشلىرىمىدۇ؟ ياكى ئاققاشتېشىدىن ياساپ، كېيىن تىزىلغانمىدۇ؟ ياكى قىممەتباھالىق پىل چىشىدىن ياساپ سېلىۋالغانمىدۇ؟ بۇ مېنىڭ ئانچىكى خىياللىرىمنى گۇللاش ئۈچۈن تاپقان رېتورىك سوئاللىرىم. ئەمەلىيەتتە بۇ چىشلار تەبىئىي ئۇنىڭ چىشلىرى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ھەممىنى تاشقىرىغا چىقىرىپ، راسا تازىلاپ، بەلكى ئۆز رېڭىدە ھەل بېرىپ، قۇياش نۇرىدا قۇرۇتقاندىن كېيىن قايتا تىزىپ چىققاندەكمۇ قىلاتتى. چىشلارنىڭ بۇنچە تەكشى بولۇشى، بۇنچە رەتلىك بولۇشى، بۇنچە ئاق بولۇشىنىڭ گۈزەللىك پىرسەنتى ئۈچۈن بۇنچىلىك پايدىسى بار دېسە ئىشەنمىگەن بولاتتىم. شۇئاندا كۆردۈمكى، بۇ چىشلاردىن چاقنىغان كۆرۈنمەس شولىلار، پۈتۈن ئىشخانىنى ئىستىلا قىلىپ، ئاشۇ گۈزەللىك ئىمپىرىيىسىگە قوشۇۋالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى!

ئەمما، بەختكە قارشى ھازىر بۇنداق گۈزەللىك ھەققىدىكى خىياللاردىن

ھوزۇرلۇنۇپ ئولتۇرۇدۇغان ۋاقتىم ئەمەس، مېنى شۇئاندا ھاكىم ئىشخانىسىدا قانداق ۋەھىمىلەر كۈتۈۋاتىدىكىن؟ ئەگەر باشقا چاغلار بولسىدى، مەن بۇ گۈزەللىك ھەققىدە كۆن بويى سۆزلىسەممۇ تەسۋىرلىرىم پۈتمەيتى. ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم.

— 坐下! — دېدى ئۇ تولۇق خىتاي ئەمەلدارلىق كىبرى بىلەن ماڭا ئۇ ياقتىكى ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلىپ.

گەپ - سۆزسىزلا ئولتۇردۇم. ئەمما ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايۋاتقانلىقىمنى بىلىندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئورۇندۇققا بىر ئاز يانتۇ يۆلىنىپ، بەھوزۇرلۇق كۆرۈنۈشى شەكىللەندۈرۈپ، خىتاي بىلەن باراۋەرلىكىمنى ئەسلەتمەكچى بولدۇم. خىتاي غاڭزا تۇتۇۋالغان قولىنى توختىماي شىلتىپ، ئالدىمدا گىدىيىپ تۇرۇپ سۆزلەپلا كەتتى. بىردەم ئۇ ياق - بۇياققا پىقىرىۋېتىپ، يەنە ئۇدۇلۇمدا توختاپ، مېنى قورقۇتماقچى بولغاندەك پوپۇزۇلارنى قىلاتتى. ئۇندىمەستىن تۇرۇۋەردىم. ئاخىرىدا ئۇ مېنى بۇ ئىشنى يەنە ئۆزەمنىڭ تۈزۈتۈشىنى، بەگدىن ئەپۇ سورۇشۇمنى ھاكىملىق تەلەپپۇزى بىلەن بۇيرۇدى.

— 就这么等了, 去吧![1] — دېدى ئۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن. گويا مەن بۇ گۇناھىمنى تونۇغان، بوينۇمغا ئالغان ئىش باردەكلا.

گەپ قىلمايلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇنىڭ گەپلىرىنى جاۋاپسىز قالدۇرۇش ئارقىلىق كۆزۈمگە ئىلمەيۋاتقىنىمنى بىلدۈرگۈم كەلگەن ئىدى، ئەمما ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا يالتايدىم ۋە ئارقامغا بۇرۇلۇپ:

— مەن ئىنتايىن توغرا قىلدىم، بۇنى يەنە ئۆزگەرتمەيمەن! ئۆزگەرتمىسەم بولمايدۇ، دېسەڭ، ئالدى بىلەن مېنى ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلا، ئاندىن ئۆزەڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈۋال. ئەگەر مەن بىر كۈن مۇشۇ ۋەزىپىدە بولسام بىر كۈن شۇ بويىچە قالىدۇ! — دېدىم - دە چىقىپ كەتتىم.

ئىشخانىغا كىرگۈم كەلمەي ئۇتتۇر ئۆيگە كەتتىم. كىتاپ ئوقۇپ باقاي دېسەم كەيپىم جايىدا بولمىغاچقا كاللامغا كىرمىدى. ئاچچىقىمدىن قوللۇرۇممۇ تىترەپ تۇراتتى. شۇڭا ئۆزەم ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان مەكتەپ بولغاچقا،

[1] ئەمىسە مۇشۇنداق بېكىتتۇق، بارغىن — ئا.

مەكتەپلەرنى ئارىلاپ، مۇئەللىملەر بىلەن تونۇشۇپ كېلەي دەپ چىقىپ كەتتىم. ئۈچ كۈن بويىچە ئىشقا بارمىدىم. بازار ئىچىدىكى ھەممە مەكتەپنى، مائارىپ ئۇيۇشمىسىنى ئارىلىدىم. بۇ يەر مېنىڭ ئەڭ سۆيگەن يېرىملا ئەمەس، ئەڭ ئەھلى بولغان ئىشىم ئىدى. مەكتەپكە كەلسەملا ئۇ يەردىكى ئالاھىدىلىكلەر، كەمچىلىكلەر دەرھال كۆزۈمگە تاشلىناتتى. نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە دەرھال پىلانلار شەكىللىنەتتى. يوشۇرۇن كۈچى، مەۋجۇت ئىمكانلىرىنى دەرھال سېزىۋالالايتىم. شۇڭا ئۈچ كۈنلۈك مەكتەپ زىيارىتىم جەريانىدا ياش مۇئەللىملەر ماگنىتتەك چاپلىشىپلا ئالدى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى، ئىشەنچىنى قازانغانلىقىمنى سەزگىنىمدە روھىم قانائەت تاپتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ روھى خۇش بولۇدۇغان بولدى دەپ ئويلۇدۇم. چۈنكى مەمتىلى ئەپەندى، مۇئەللىملەردىن دەل مانا شۇنى تەلەپ قىلاتتى. بىر مۇئەللىم بىرىنچى كۈنىلا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى قازىنالمىسا، بۇنى مۇۋەپپىقىيەتسىزلىكلا ئەمەس، قابىلىيەتسىزلىك ھىساپلايتى. تەكلىپ، تەۋسىيەلىرىمدىن سۆيۈنۈشتى. ھەتتا مېنى بەزى دەرسلەردە مۇئەللىم بولۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. بۇ ماڭا تازا ياقاتتى. ئەمما بىلمەيمەن بۇنداق ئىمكانىم بولامدۇ. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە مېنىڭ قوشئاۋاتتا قىلغان تەلۋىدەك قارام ھەركىتىم ھەققىدىكى ھىكايىلار پۈتۈن كۈچارغا پۇر كەتكەچكە، مۇئەللىملەر مەن بىلەن بىللە بولۇۋاتقىنىدىن ئىپتىخار ھىس قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

تۆرتىنچى كۈنى ئەتىگەندە يەنە شۇ كۆڭلۈم تارتقان تەرەپكە ماڭاي دەپ چىقىۋاتسام، مېنى مۇشۇ ئۆيگە جايلاشتۇرۇشتا ياردەملەشكەن خىزمەتكار بىلەن دوقۇرۇشتۇق.

— ھاكىم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ. ئەمما مەن خىتايغا «چام ئالدۇرماسلىق» ئۈچۈن:

— ئۇقتۇم، سىز كېتىۋېرىڭ، مېنىڭ بىر ئاز ئىشىم بار، سەلدىن كېيىن بارىمەن، — دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشەندىم. ئۇ مېنىڭ داڭقىمنى ئۇققان، ئەمدىلىكتە يەنە ھاكىمنى كۆزگە ئىلمەي، دەرھال شاپاشلىماستىن، كېيىن بارىمەن دەۋاتقان جاسارىتىمگە ئۈنسىز ئاپىرىن ئېيتىش ئىدى.

قەستەن كىچىكىپ، كېيىن بارغىنىمدا خىتاي، خىتايچە «تومۇچىلىق»ى ئاقمىغاندىن كېيىن دەرھال «ئاتتىن چۈشۈش» پوزىتسىيىسى بىلەن، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا ئالدىرىغاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا «ئۈزەڭگۈدىن چۈشمەي»، ماڭا قارىماي تۇرۇپ:

— ئويلاپ كۆرسەم بىر ئاز قوپال كېتىپتىمەن، سىزمۇ-زە، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. بوپتۇلا، كەتكەن ئىش كەتكەن بولسۇن، بىرىنچى قېتىم قىلغان ئىشىڭىزنى بىكار قىلىۋەتسەك ئىناۋىتىڭىزگە سەت تۇرۇدۇغان ئىش بولغىدەك. شۇنداق قالسۇن. خوش، مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغان ئىناۋىتىنى بىر ئاز بولسىمۇ قۇتقۇزۇشقا، ئۆزىنىڭ تېخىچە مېنىڭ باشلىقىم ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويغۇسى كەلگەندەك تەلەپپۇزدا.

— ياخشىكەن، ئەمما پۇل بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغۇدەككەن، — دېدىم قىلچىمۇ يول قويماسلىق تەلەپپۇزۇم بىلەن.

— سىز ئەسلىدىمۇ مۇئەللىم بولغاچقا، بۇنىڭ ئەھلى سىز، شۇڭا سىز بۇندىن كېيىن ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسىڭىز بولغۇدەك، — بۇ مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىلتىپاتتەكمۇ قىلاتتى. يەنە بىر ھېساپتا مېنى مائارىپقىلا قارىتىپ قويۇپ، قالغان ئىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇرماقچى بولغانلىقى ئىدى.

راست دېگەندەك، مەن مائارىپچى بولغاچقا مەكتەپلەرگە كۆڭۈل قويۇپ كېتىپ، ھەتتا ئىشخانىغىمۇ ئانچە بارماس بولۇپ كەتتىم. مۇئەللىملەرنىڭ بىلىم تولۇقلاشقا ئېھتىياجى باردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىش كېرەك بولسىمۇ، شارائىت يار بەرمەيتى. شۇڭا ئۇلار مېنىڭ دەرس ئۆتۈشۈمدە چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن ئۆزەممۇ سۆيگەن كەسپىمنىڭ گېپى چىقسا تۇرالمايدىغان بولغاچقا، ھەپتىدە ئەڭ ئاز ئىككى سائەتتىن مۇئەللىملەرگە دەرس ئۆتتۈم.

بۇ چاغلاردا سوۋېتتە ئوقۇغانلارنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشى تەسىرىدىنمۇ، بەلكى شىڭ شىسەي دەۋرىدە سوۋېت بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرىدىندۇر، ئەيتاۋۇر سوۋېتكە چوقۇنۇش

خاھىشى جەمئىيىتىمىزدە ئېغىر ئىدى. ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ۋ»، «سوۋ»لارنى قوشۇۋېلىش مودا ھەم بۇنداق قوشۇمچىسى بار ئىسىملارنىڭ ئىگىسى سوۋېتتە ئوقۇغان، بىلىملىك دەپ قارىلىپ، ئىنتىلىش كۈچلۈك ئىدى. كىنو ـ تىياتىرلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. قىزلار بۇرۇنقىدەك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆيدە ئولتۇرغىلى ئۇنىمايدىغان، كىنولارغا قاتنايدىغان ئىشلارمۇ كۆپەيگىلى تۇرغانىدى. شۇڭا مەن دەرسلىرىمدە كۆپرەك مىللىي روھ تەربىيىسىنى ئاساسىي كۈنتەرتىپتە تۇتتۇم. يەنە ئۆزەم ئىشەنچ قىلىپ، تاللىغان بەزى ياش مۇئەللىملەرنى ئۆيۈمگە بېرىشقا دەۋەت قىلىپ، كېيىن ـ كېيىن ئۆيدە ھەركۈنى ئاخشىمى مۇھاكىمە، مۇتائىلە قاناتيايدۇرۇدىغان بولدۇق.

ھاكىمنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ھالدا مەنمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن ئۆزەمنى تارتىۋالغان بولسامىمۇ، خەلق ئارىسىدا تارقالغان ھېكايىلەر تەسىرىدە ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان پۇخرالار مېنى ئىزدەپ كېلىپ، بەربىر بەزى ئىشلارغا قول تىقىشتىن خالى بولالمىدىم. خەلق ماڭا ئىشەنچ قىلىپ ئەھۋال ئېيتىپ كەلسە، ئۇلارنى قايتۇرۇشقا قانداق چىدايمەن؟ مۇشۇ يوسۇندا ھاكىم بىلەن، سوتچى، ساقچى باشلىقى قاتارلىق ئەمەلدارلار بىلەن ئارىمىزدا تېچلىق بولمايلا كەتتى. ئۇلار مېنى مال ـ دۇنياغا ئۆگۈتۈش، مۇشۇ ئۇسۇلدا چېرىتىش ئۈچۈن ھەر خىل يوللار بىلەن پارا بېرىپ باقتى. ھەتتا ئۇلار بەزى ئادەملەرنى ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان، گويا ئۇلارنى دۈشمەن سالاھىيەتتە مەيدانغا چىقىرىپ، ئاندىن ئۇنىڭ دەردىگە مەن يەتكەن، بۇ ياخشىلىقىم ئۈچۈن «كۆڭلىنى ئىپادىلەۋاتقان» شەكىلدە پارا تەڭلىگەن شۇملۇقلارنىمۇ قىلىشتى!

بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئىشلار. مەن ۋاقىت تەرتىپى بىلەن كەلسەم، ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن كاتىپىم ماڭا گېزىت كۆتۈرۈپ كىردى. تەبىئىيكى، ئاۋال ئەدەپ بىلەن ئىشك چېكىپ ئىجازەت بەرگىنىمدىن كېيىن. ئىلگىرى ئۇ گېزىتنى مەن كېلىشتىن بۇرۇن ئىشخانامغا قويۇپ قوياتتى. بۇنىسى تۇنجى قېتىم ئىدى. گېزىتلەرمۇ ھەركۈنىلا كېلىۋەرمەيتى. قاتناش قولايسىزلىقى تۈپەيلى بەزى خەۋەرلەر ئاغزاكى تارقىلىپ قىزىقى تۈگىگەندە، ئاندىن بۇ خەۋەرلەر بېسىلغان گېزىتلەر يېتىپ كېلەتتى.

ئۇ گېزىتنى تەڭلىگەن چاغدا ئۇنىڭ قوللىرىغا كۆزۈم چۈشتى. ئاشۇ

سۇزۇكلۇكتە ئۇزۇمگە ئوخشۇتۇلغان لەۋلەر بىلەن ئوخشاش تېرە ئىدى. بۇنداق سۇزۇكلۇك، نەپسلىكنى كۆرگەندە كىشى تۇتۇپ بېقىشتىن ئۆزىنى تۇتالماي قالسىمۇ ئەيىپلەپ كەتكۈلۈك ئەمەس، چۈنكى نەپسى شەيتان شۇنداق يامانكى، قۇرئاندا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، زىلەيخانىڭ ئازدۇرۇشلىرى قارشىسىدا بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تاس قېلىپ، ئاللاھتىن ياردەم سورىغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ قوللىرىغا تېگىپ كېتىشتىن قورققاندەك، گېزىتنىڭ ئۆزەم تەرىپىدىكى ئەڭ چېتىدىن، شۇنچە ئۇزاق بىر ئارىلىق قالدۇرغان هالدا تۇتۇپ، قوبۇل قىلىپ ئالدىم. ئەمما شۇئان، بۇگۈنگىچە بۇ قىز (ئايال؟) بىلەن بىرەر ئېغىز ئادەمىيانە سۆزلۇشۇپ قويمىغانلىقىم ئېسىمگە كەچتى. هەتتا تېخى ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتىم. بۇ راستىنلا بىر ئاز نورمالسىز قىلىق ئىدى. ئۇ هەققىمدە نېمىلەر ئويلاپ قېلىۋاتىدىكىن؟ شۇلارنى ئويلاپ ئۇيالغىنىمدىن قىزىرىپ تۇرۇپ:

— تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېگەن سۆز ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى. بۇنى دەۋاتقاندا هېچقانداق تەييارلىقىم بولمىغاچقا، ئۇ ئەمەس، ئۆزەم مەڭدەپ كەتتىم. ئەمدى ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش مەجبۇرىيىتى تۇغۇلغان ئىدى. شۇئاندا مەن بىر ئەركەكلىكە، بىر هاكىمغا ئوخشىماي قالغان ئىدىم. تىرناق تاتىلاپ تۇرغان تارتىنچاق ئوقۇغۇچىغىلا ئوخشايتىم.

— بىرەر تاپشۇرۇقلىرى بارمىدى؟ — دېدى ئۇ ئاشۇنداق لىۋەن ئاۋازى بىلەن.

— هە، ياق، تاپشۇرۇق ئەمەس، — دېدىم هاپىلا ـ شاپىلا، — دېمەكچىمەنكى، شۇبۇ كۈنگىچىمۇ ئىسمىڭىزنى سورۇماپتىمەن، تازىمۇ...

— ئىسمىم بۇخلىچ، — دېدى ئۇ ئۆزىگىلا خاس بولغان يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن. مەن ئۇنىڭغا قانداقلارچە تىكىلىپ قالغىنىمنى ئۆزەممۇ سەزمەپتىمەن. مەن خۇددى نەشە ياكى ئەپيۇن چېكىپ كاللىسى تۇمانلاشقان، چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايدىغان كەيىپ هالىتىدە قالغان ئادەمگە ئوخشايتىم. تىلىم ئۆز ۋەزىپىسىنى قاشاڭلىق بىلەن ئورۇنداۋاتقاندەك ئىدى، ئەمما ئەمىن ئەمەس ئىدىمكى، تىلىم كاللامنىڭ قوماندانلىقىدىمۇ ياكى...

— بۇخلىچ؟ «بۇۋى خەلىچە» ئىكەن ـ دە؟

— ئېغىزغا ئەپ كەلمەيدىغان ئۇزۇن شۇ، بۇخلىچ دېگەن ئاسانراق.

— بوپتۇ ئەمىسە، خەلچە بولسۇن، ھېچ بولمىسا. شۇ گۈزەل رۇخسارىڭىزغا يارىشا بولسۇن، ئۆز ئىسمىڭىزنى نېمىشكە ئۇ قەدەر بۇزىۋېتىسىز، خەلچە؟

— مەيلى، بولۇدۇ، ماڭىمۇ ياقتى شۇنداق دەيلى، — دېدى ئۇ سەبىيانە كۈلۈپ. كۈلگەندە قىزغۇچ ئاق مەڭزىدە شۇنداق گۈزەل زىناق پەيدا بولاتتىكى، پەقەت ئاشۇ زىناقلا بىر قىزنى گۈزەل دېيىشكە يەتكۈدەك ئىدى. يارىشىملىق ئېڭىكىدىن ئاستىغا يۆتكەلگەن نىگاھىم ئۇنىڭ كەھرىۋادەك بويۇنلىرىغا چۈشتى. ئىختىيارسىز ھالدا «سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنۈدىغان» دېگەن ئوخشۇتۇش يادىمغا كېلىپ، ئاشۇ مەست-ئەلەسلىك روھى ھالىتىمدە تىلىمغا ھاكىم بولالماي، «سۇ ئىچىپ باقسىڭىز بوپتىكەن» دەۋەتكىلى تاسلا قالدىم.

چۆچۈرۈدەك قۇلاقلىرىچۇ؟ ئۇنىڭدا توپلانغان بۇ گۈزەللىك، ئۇن قىزغا تارقىتىلسا ھەممىسىنى گۈزەل دېيىشىمىزگە سەۋەپ بولالايتى. گاڭسادەك تۇرۇشلۇرۇم ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتسە مەسخىرىگە قالماي دەپ، كالۋالاشقان تىللىرىمنى كالامپايلىق بىلەن ئىشلىتىپ:

— خەلچەم، ئائىلىڭىز كۇچاردىمۇ؟ — دەپ ئارانلا سورۇدۇم. ئەسلىدە مەن توي قىلغانمىدىڭىز دەپ سورۇماقچى ئىدىم.

—ئانام بار، بازاردا ئەمەس، ئۇزاقتا، مەن يالغۇز تۇرۇمەن
بۇ ماڭا ئېنىق بىشارەتتەكلا تۇيۇلدى!

ئىختىيارسىز يوسۇندا «ئۇھ» دەۋەتتىم. ئۇ خۇددى مېنىڭ پۈتۈن روھىمنى تۇرقۇمدىنلا ئوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مېنىڭ خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك ئۇھ دېيىشىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى.

— مەن بىر نىكاھلىق بولغان، ئاقسۇ تەرەپكە. بەختىم كەلمەي قالدى،...

— ئۇنىڭ مەيۈسلۈكىدىمۇ ھىساپسىز بىر گۈزەللىك يوشۇرۇنغان ئىدى. ئۇنىڭ بويلىرىنىڭ ئۆزىگە ياراشقىنى،... نېمە دېگەن بىلەنمۇ بۇنى ئىپادىلەپ بېرىشكە مەن ئاجىز ئىدىم.

— مەنمۇ شۇ، — دېدىم ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا بىشارەت بەرمەكچىدەك. ئەمما مەن بەختىم كەلمىدى دېيەلەمدىم؟ گۈلزادىگە ھاقارەتقۇ بۇ؟! خوتۇنۇمدىن تەلىيىمغۇ كەلگەن، ئەمما ئۇ مېنى تاشلاپ كەتتى ئەمەسمۇ، ئاخىرقى ھېساپتا يەنىلا بەختىم كەلمىگەن بولدى، — چىدىغۇدەك تاقىتىم قالمايۋاتاتتى. مەن

«يۇسۇپ» سۈرىسىدىن يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئوقۇپ، ئاللاھتىن شەيتانغا قارشى ياردەم تىلىدىم ۋە غەيرەت قىلىپ، — چىقىسىڭىز بولىدۇ، خەلىچەم، — دېدىم.

ئۆزەم ياش، بەقۇۋۋەت ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىمدىن ئايرىلغىنىمغا ئون يىل بولۇپ قالغان ئىدى؛ تېخىمۇ يامان يېرى بۇ بۇۋىخەلىچە ئاشۇنداق، خۇددى كەھرىۋادىن ئىشلەنگەندەك سۈزۈك ئىدىكى، نەپسىمنى تولىمۇ تەستە تۇتتۇم دېمىسەم ھەقىقەتەنمۇ پو ئاتقان بولۇپ قالىمەن.

ئەمدى مېنىڭ ئىچىمگە بۇ ئايالنىڭ جىنى كىرىپ لاۋۇلدى. قەيەرگە دەسسەۋاتقانلىقىمنىمۇ بەك بىلەلمەيۋاتقاندەك، چۆگۈلۈتۈپ قويۇپ بېرىلگەن ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ قالدىم؛ گويا ئۆزەمنى ئىزدەپ يۈرەتتىم. بۇ ھالىتىم بىلەن ئۇزاق يۈرسەم كۆلكىگە قالاتتىم شۇڭا بۇ ئىشنى ئەركەكچىسىگە پۈتتۈرۈش قارارىغا كەلدىم. ئۇنى نىكاھىمغا ئېلىشتىن باشقا يولۇم يوق. چۈنكى مەن ئاشنا ئويناپ يۈرەلمەيمەن، ئاللاھنىڭ ھىسابىغا ئىشەنگەن بىر مۇسۇلمانمەن.

خوش، ئەمما بۇنى ئۇنىڭغا قانداق دەيمەن؟ مۇئەللىم ئۈلپەتلەردىن بىرەرىگە دېسەم بىر ئەقىل كۆرسىتەرمۇ؟ ياق، مۇشۇ بويۇم، مۇشۇ سالاھىيىتىم بىلەن شۇنچىلىك ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي، خەقتىن ياردەم سوراپ يۈرەيمۇ؟ ئىش پۈتكەندە ئاندىن ئۇلارغا بىلدۈرۈشۇم كېرەك. مۇئەللىملەرغۇ نەۋاق، يالغۇزلۇق يامان، ئۆيلەپ قويايلى دېگىلى تۇرغىلى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆرسىتىۋاتقانلىرى باشقا، بۇۋى خەلىچەم ئەمەس-تە. كۆچارغۇ دېمىسىمۇ قىزۋاللانىڭ سەرخىللىرى توپلاشقان يەركەن. ۋاي قانداق قىلاي، بۇ ئىشنى!

ئاخىرى بىر پارچە خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم.

خەتنى يازدىم ئەمما نېمىلەرنى يازغانلىقىمنىڭ تەپسىلاتى سىرىم بولۇپ قالسۇن. بۈگۈن ئۇنى دەپ ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ئازاپلىق بىر ئىش. قىياس قىلالايسىزكى، بۇ خەت تىلىمىزدىكى بارلىق گۈزەللىكنى جارى قىلىپ، ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئىشقىنى ماختىغان، مەجنۇنلارچە نالە - زار قىلغانلىقىدا گەپ يوق. بۇلارنى شۇنچىلىكلا دەي. ئەمما خېتىمنىڭ ئاخىرىغا بىر شېئىرىمنى قىستۇرۇپ قويغان ئىدىم، شۇنى دەپ بېرەي:

سەن جىمى گۈزەللىك جەم بولغان غەزنە،
غەزنىسەن، تىلسىملار ئىچىدە پىنھان.
تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بۇنداق مۆجىزە،
تەرىپكە ئاجىزدۇر ئەلۋەتتە ئىنسان.

بىر گۈلسەن، ۋە لېكىن سېنىڭ جىسمىڭدا ــــ
جىمى گۈل ھۆسنى ھەم ھىدى مۇجەسسەم.
دەۋرىڭ تالڭ مەزگىلى، شەپەق نۇرلىرى ــــ
شەبنەملىك بەرگىڭدە چاقنىغان شۇ دەم.

بىر شاھسەن گۈزەللىك ئېلىگە تەنھا،
ھۆر ـ غىلمان بۇ ئەلدە ساڭدۇر پۇخرا.
تاھىرلار بىھېساپ ئىشقىڭدا بەلكى،
سەن ئەمما جاھاندا بىرگىنە زوھرا.

سېنى دەپ قانچە كۆز تۆككەندۇ ياشلار،
قانچە دىل ئۆرتۈنۈپ بولغاندۇ پارە.
سەن ئاپەت يىگىتلەر ئالىمى ئۈچۈن،
شۇ ۋەجى قاپلىغان ئەتراپىنى زارە.

سەن ئۈچۈن قانچە جان قۇربانغا تەييار،
مەجنۇنلار كۆپەيدى بەلكىم ھەسسىلەپ.
نېمىشكە تۆرەلدىڭ جاھانغا، ئېيتقىن،
ئوت يېقىپ دىللارغا، جانلارنى قەستلەپ؟

ۋەسلىڭنىڭ شەرتى گەر بولسا جان ــــ ھايات،
كىچىدۇ «مەن ــــ ئەر» دەپ يۈرگەنلەر جەزمەن.
كىچىدۇ دۆلەتتىن شاھلار بى ھايال،
لال بولار ئالدىڭدا ھەرقانچە سۆزمەن.

ئۆلۈكتە بىر دەقىق ئويغانسا سەزگۈ،
تىرىلەر،
گۆرىستان بولۇدۇ بازار.
قېرىلار ئۇنتۇيدۇ يېشىنى شۇئان،
رەشىقتىن ئايالىلار چېكەر ئاھۇ ـ زار.

سەن شۇنداق گۈزەلسەن، سەنلا بىر دۇنيا،
ھەيرانمەن، سېنىمۇ تۇغدىمۇ ئىنسان؟!
يەر قانداق كۆتۈردى بۇ گۈزەللىكنى،
سەن ـــ بارلىق!
كى سەنسىز ئالەم گۆرىستان!

يېزىشنىغۇ يازدىم، ئەمدى ئۇنى قانداق بېرەرمەن؟ بۇنىمۇ ساق ئىككى كۈن ئويلاندىم. نەتىجىدە ھىچقانداق ئەپلىك چارە تاپالمىدىم. ئەمما بۇگۈن چوقۇم بەرمىسەم ئوغۇلبالا دېگەن ئېتىمنى ئۆچۈرۈۋېتەرمىنا، دېگەن جاھىلانە قارارغا كەلدىم. ئۇنى ئىككى ۋاراق ھۆكۈمەت ھۆججىتىنىڭ ئارىسىغا قىستۇردۇم-دە ئېلىپ چىقىپ:

ـــ شۇنىڭغا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ باققان بولسىڭىز بوپتىكەن، خەلىچەم، خاتالىرى بارمىكىن، سىزچە بولامدىكىن، ـــ دېدىم بىرئاز ئىشارەتلىك ئىبارە قوشۇپ.

ئۇ بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن، ئوچۇق ـ يورۇق، خۇددى ئاپتاپ تولۇق چۈشۈدۈغان، چىرايلىق جابدۇپ قويۇلغان مېھمانخانىدەك كۆڭۈلگە يېقىن خۇلقى بىلەن:

ـــ ئەلۋەتتە بولۇدۇ، باش ئۈستىگە، ـــ دېدى. ھەم تېخى بىر ئاز چاخچاق قېتىپ قويغاندەكمۇ قىلدى. ئۇ ئالدىمدىلا ۋاراق ئۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزەمنى ئىشخانامغا ئاتتىم!

ئەمدى نەپەسىمۇ ئالماي تاشقىرىنى تىڭشاشقا باشلىدىم. چۈشلۈككىمۇ چىقمىدىم. ئىشتىن چۈشۈدىغان ۋاقىت بولدى. ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ

ھەممىسى كېتىشتى، ھەتتا بەزىلىرى بىزگە كېتىدىغان ۋاقىت بولدى دەپ ئەسلىتىپمۇ قويۇشتى. مەن خەلچەمنىڭ كېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ئەمما ئۇ كېتىدىغاندەك قىلمايتى. ئاخىرى تەرتىم قىستاپ چىداپ بولالماي، چىقىۋېرەي دەپ ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ قارىۋىدىم، ئۇ تېخىچە ئالدىدىكى قەغەزگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. يەنە بىردەم ئاشۇ يوچۇقتىن ماراپ تۇردۇم. توغرىسى ئۇنىڭ بىر ئاز ئېڭىشىپ ئولتۇرغان چاغدىكى گۈزەللىكىنى تاماشا قىلدىم. يەنە بولمىدى. ئىشكنى ئىشەنچلىك بىر تاشقى ئىپادە نامايان قىلىپ ئېچىپ، چىقتىم ۋە قاتتىق ياپتىم-دە، تاشقىرىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدىم. كېتىۋېتىپ، ئانچە ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە:

— تېخىچە كەتمەپسىزغۇ، خەلچەم؟ — دەپ قويدۇم. ئەمما ئۇنىڭ جاۋاپ بېرىشىنىمۇ ئىستىمىگەندەك ئىشىككە يۈزلەنگىنىمدە ئۇ سىرلىق ھالدا:

— سىلى ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ جاۋابىنى سوراپ قالسا دەپ كۈتۈپ ئولتۇرۇشۇم، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھاياجانمۇ، تەمتىرەشمۇ، ئاياللارچە راست ياكى سۈنئىي خىجىللىقمۇ يوقىدى. شۇنچىلىك تەبىئىي، خۇددى نورمال بىر ئىش توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقاندەكلا. بۇ ھال مېنى جىندەك غەش قىلدىيۇ، ئۆتۈپ كەتتى. غەشلىكىم ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئىشلاردىن ھاياجانلىنىپ كەتمەيدىغان، پىشىپ خوردا بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىمىكىن دېگەن گۇماندىن ئىدى.

— شۇنچە ئالدىراشمۇ؟ ئەتە بەرسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟ — دېدىم-دە يولۇمنى داۋام قىلىش ئۈچۈن ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا قول ئۇزاتتىم. ئەمما بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا ھېچ قارىيالمىغىنىم يوق.

— ھە، مەيلى ئەمىسە، جاۋاپقا بەك قىزىقمايدىغان بولسىڭىز، — ئۇنىڭ ئاھاڭىدا مەسخىرىدەك بىر نەرسە بار ئىدى. ئەمما بۇنى ئاياللارغا خاس ناز - كەرەشمە دېيىشىمۇ، تەئەددى دېيىشمۇ بولاتتى. شۇڭا بىر ئاز مەڭدەپ قېلىپ، ئاندىن:

— قىزىقماسلىق ئەمەس، ئالدىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېمەكچىدىم، — دەپلا ئۆزەمنى تالاغا ئاتتىم.

ئىشىك يېپىلا - يېپىلمايلا يۈگرىگىلى تاسلا قالدىم. خۇددى ئارقامدىن

قوغلاپ چىقىپ قالۇدۇغاندەكلا. شۇ غۇيۇلدىغىنىمچە ئۆيگە كېلىپ ئۆزەمنى تاشلىدىم. مادارىم تۈگىگەن ئىدى. ئۆزەمنى بەخىرامان تۇتۇمەن دەپ جىمى كۈچۈمنى سەرپ قىلىۋەتكەندەك ئىدىم.

ئەتىسى ئىشخانىغا بېرىش ماڭا قورقۇنۇچلۇق تۇيۇلدى. ئەمما قورقۇنۇچلۇق دېگەن سۆز تازا جايىدا ئىپادە قىلالمىسا كېرەك؟ بىر ئەيمىنىش تۇيغۇسى جۈرئىتىمنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئىدى. شۇڭا مائارىپ ئۇيۇشمىسىغا كەتتىم. بۇنداق قىلىشىمدا يەنە ئۆزەمچە ئۇنى پىسخىك ئىسكەنجىگە ئالماقچىدەك بىر ھەملە بارىدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن كۈن تەشنالىقىمنى بېسىپ، ئىشخانىغا بېرىشتىن ئۆزەمنى تۇتتۇم. ئۆگۈنى باردىم.

ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ئۇ ئادىتى بويىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى. مەنمۇ يەڭگىل باش لىڭشىتىپ قويۇپلا، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىرىپ كەتتىم. يەنە ئۇزاققا سوزۇلغان سۈكۈت — جاننى قىيىنغۇچى سۈكۈت باشلاندى. بەربىر قولۇم ئىشقا بارمايتى. جىمىكى ئۇرۇنۇشلۇرۇم بىكارلا ئىدى. ئۇنى جاۋاپنى بەرگىلى كىرەر دەپ ئۈمىد قىلغان ئىدىم، ئەمما ئۇنىڭ ئاياللىق مەغرۇرلۇقى تۇتقان ئوخشايدۇ. قېنى كىم يېڭىپ چىقىدۇ؟ دېگەندەك رامبۇت ئېلىشىپ قالدۇق ھەرھالدا.  بۇ ئېلان قىلىنمىغان مۇسابىقە جېنىمنى ياقتى. شۇنداق بولسىمۇ ئالدىراشتەك بولۇۋېلىپ، تاكى ئاخشامغىچە چىدىدىم. ئۇ ئىشتىن چۈشۈشكە جابدۇنۇپ تۇرۇۋاتقاندا ئىشكتىن چىقتىم.

— نېمە، سىز جاۋاپنى بەرمەيلا كەتمەكچىمىدىڭىز؟ — دېدىم ئۆزەمنى تەستە تۇتۇپ.

— قىزنىقسا ياكى موھىم بولسا ئۆزى سورايدىغۇ دەپ ئويلاپ، شۇ... — ئۇ ھەتتا قېيدىغاندەكمۇ قىلاتتى.

— كەچۈرۈڭ، بۈگۈن ئالدىراشچىلىقتا ئېسىمگىمۇ كەلمەپتۇ، پۈرسەتمۇ بولماپتۇ.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئېسىگە كەلمىگەن يەردە مېنىڭ ئېسىمگە كېلەمتى؟ — ئەمدى ئۇنىڭ ئاھاڭىدا مەشۇقلارچە ئەركىلىك پارلىدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، قېنى ئېيتىڭا، ھۆججەت بولۇدۇغاندەكمۇ؟

— ئۆزىڭىز بولۇدۇ دەپ قارىغان بولسىڭىزلا مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق، —

دېدى مېنىڭ ئۇسلۇبۇم بىلەن جاۋاپ بېرىپ.

— راستىما؟

— ئەلۋەتتە راست. قەسەم قىلدۇرمايدىغانسىز؟

— ياقەي، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ سورۇغۇم كېلىدۇ-دە. كېيىن خاتا بوپتۇ دېمەيسىز-ھە؟!

— جاۋاپنى يېتەرلىك ئوچۇق دېدىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئالدىدا مەن مەكتەپ بالىسىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتىم.

— بولىدۇ، ئەمىسە قايتايلى، قالغان گەپنى ئەتە دېيىشەرمىز، — شۇنداق دەپلا يەنە ئۆزەمنى تاشقىرىغا ئاتتىم.

مەن ئىچىمنى پەۋەس تولدۇرغان بۇ خۇشاللىقنى كىملەر بىلەندۇر ئورتاقلاشقۇم، ئوتلاقتا چىقىپ قىيغاتقۇم كېلەتتى. ئەمدى مېنىڭ شائىرلىقىم قايتا باش كۆتۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىچىمنى شېئىرىي تۇيغۇلار قاپلاپ تۇرغاندەك، شۇنچىلىك شېرىن، شۇنچىلىك لىۋەن بىر ھىس قۇچۇقۇدا ئەللەيلەنمەكتە ئىدىم. ئۆيدە شۇنداق يازدىم:

مەن بەختتىن مەست ئىرۇرمەن، بەختىيار قىلدىڭ مېنى،
شۇنچە گۈللەر سەرخىلىسەن، ئىختىيار قىلدىڭ مېنى.

بىر كۆرۈپ كۆڭلۈم تۆرىدىن جاي ئېلىپ، قىلدىڭ ئەسىر،
ئىككى كۆرمەككە ئەجەپمۇ ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى.

گۈلنى ئۈز دەيدۇ، لېكىن گۈلنىڭمۇ باردۇر نۇقسىنى،
گۈلدە يوق خىسلەت بىلەن تۈن بىدار قىلدىڭ مېنى.

كۈن دېگەي، شائىر، گۈزەلنى كۆرسە ياكى دەيدۇ ئاي،
تەڭدىشىڭ كۈن، ئاي ئەمەس، ۋەسلى خۇمار قىلدىڭ مېنى.

تەمشىلىپ تۇرغان كىيىك تاشتىن قىياغا، شوخلۇقۇڭ،

ھەممىدىن شۇ شوخلۇقۇڭلە بەقارار قىلدىڭ مېنى.

ئىشقى پەيكانىڭ مېنىڭ قەلبىمنى چاك ئەتسە ئەگەر،
داد ئېتەرمەن: ۋەسلىگە تەشنائى ـ زار قىلدىڭ مېنى.

دىلپىكار[1] يازماس شېئىر قەلبىدە بىر ئوت بولمىسا،
ئەقلى ـ ھوشۇم ئەپقېچىپ بى ئىختىيار قىلدىڭ مېنى.

بۇ شېئىرنى ئەتىسى ئۇنىڭ قولىغا بېرىۋاتقىچە قوللىرىنى تۇتۇۋالدىم. بۇ چۈشۈم ئەمەس ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇ مېنىڭ ئىدى.
— بۇ تۈنۈگۈن كەچتىكى تەسىراتىم، ئەمدى سىزنىڭكىنى كۆرەي، — دېدىم كۆز نۇرۇم بىلەن ئۇنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ.
— مەن شائىر بولمىسام يا...
— شائىردىن باشقىلار ئويلۇمامدىكەن؟
— ھە، ئويلاشنىغۇ كېچىچە ئويلاپ چىقتىم...
— ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، مەن ئويلاپ كەتكۈدەك چىرايلىق بولمىسام، قانداقمۇ ئىشىنەي؟
— ئەر كىشىگە چىرايلىق بولۇش شەرتمىدى؟ ئەر كىشىنىڭ گۈزەللىكى، ئۇنىڭ ئەركەكلىكى، جاسامىتى، مەرت ـ مەردانىلىكى.
— مەنچۇ؟
— سىزدە ھەممىسى بار، كۈچاردا سىز دېگەن ئاسماندىكى ئاينى ئالمەن دېسىڭىزمۇ ئالالايسىز، سىز دېگەن...
— بولدى، — دېدىم ئۇنىڭ ئاشۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان تىلسىملار ئىچىدىكىدەك تۈيۈلغان چىرايلىق لەۋلىرى ئۈستىگە ئالقىنىمنى بېسىپ، — يېتەرلىك، ئەمدى ئىشلەيلى. مەن كىمگە ئەلچى ئەۋەتىمەن؟ ئاتا ـ ئانىڭىزغا؟...

[1] دىلپىكار — دىلى يارا مەنىسىدە، — ئا.

— مەن ئۆزەمگە ئىگە، ھېچكىمىم يوق، ئانام يىراقتا. ئۆزىڭىز بىلىڭ.

مانا شۇنداق بولدى. مۇئەللىملەرگە ئېيتتىم. ئۇلار ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشتى. شۇندىمۇ تەبرىكلىدى. تېزلا تۇتۇش قىلىپ، ھازىرلاندۇق. ئۆيۈم ئولتۇرۇشقا يارىمايتى. بىر ئۆي تاپتۇق. ئىگىسى تاغ ئارقىسىغا كەتكەن، بوش ئۆي ئىكەن. تۇققىنى قاراپ تۇرۇدۇكەن. خوشاللىق بىلەن ئىجارىسىزلا بەردى. ئۆينى جابدۇدۇق. تەييارلىق پۈتتى. ئاددىيلا چاي بەردۇق. مۇئەللىملەر بىر ئاز ئۇسۇل تاماشا قىلىشتى. نىكاھىمىز ئوقۇلدى. پۈتتى.

✍✍✍

سابىت ئەپەندى ياشلىق تۇيغۇلىرىغا تالىق ئەسلىملىرى تەسىرىدىن شوخلۇشۇپ قالغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىق ھاسىل قىلىش ئۈمىدىدە:

— ئەڭ قىزىق يېرىگە كەلگەندە توختىۋالدىڭىزغۇ؟ داۋام قىلسىڭىزدى، — دېدىم.

ئەمما ئۇ دائىمىي جىددىيلىكىگە قايتقان ھالدا:

— ئەتە داۋام قىلارمىز، — دېدى.

ئەتىسى ئەمەس بىرنەچچە كۈندىن كېيىن داۋام قىلىشقا ئىمكانىمىز بولدى. بۇ چاغدا مەن يەنە ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىپ باقتىم:

— بۇۋىخەلچەمنى ئېلىۋالغىچە بۇلبۇلدەك سايراپتىكەنسىز، تويدىن كېيىن ئىلھامىڭىز كەلمەي قالمىغاندۇ؟

— بىلەمسىز، دەل شۇنداقراق سوئالنى خەلچەممۇ سورىغان ئىدى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە ھېكايىسىنى مانا شۇ يەردىن باشلىدى:

✍✍✍

**بىرسىنىڭ** تاغ ئارقىسىدىكى تۇققانلىرىغا تەۋە كەڭ - تاشا، ھويلا - ئارامىلىق قورو - جايىنى ئىجارىگە ئېلىپ، جابدۇغاندىن

كېيىن تويۇمىز بولدى. مەن بۇ تويدىن بەختلىك بولدۇممۇ؟ سىز بۇ ھەقتە قانداق قىياستا بولۇۋاتىسىز؟ سىزچە مەن بەختىيارلىقتا چۆمۈلگەندىمەنمۇ؟ ئەلۋەتتە مېنىڭ مەستانىلىكىم ھەققىدىكى بايانلىرىمدىن كېيىن، ۋىسالغا ئېرىشىپ نېمىشكە بەختلىك بولمايدىكەن، دەپ ئويلايسىز. بىلەمسىز، مېنى بەختنىڭ قۇچىقىدا ئەللەيلىنىۋاتىمەن دەپ ئويلايدىغان ئاشۇ مەزگىللىرىم ئىچىدە بىر جىنايى ھىس قىيناشقا باشلىدى. بۇ مېنىڭ بەختىمنىڭ مۇكەممەللىكىگە كۆرۈنەرلىك بىر دەز ھاسىل قىلغان غەلىتە تۇيغۇ ئىدى.

تويىمىز بولۇپ، خەلىچەمنى يېڭى تۇتقان ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتكەن بىرىنچى كۈنى، ۋىسال كەۋسىرى ئىچىپ، ئۇھ دەپ ئارامىمغا كەلگىنىمدىلا مانا شۇ تۇيغۇ ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. خەلىچەم بەخت قۇچىقىدا ئەللەيلەنگەندەك يىنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەندە مېنىڭ ئۇيقۇم قېچىپ، ئۆز - ئۆزەمنى سوراق قىلىشقا باشلىدىم. مېنىڭ سەبداشلىرىم ھەق يولىدا شېھىت بولغان ئىدى. يەنە مېنىڭ نۇرغۇن ئۇستازلىرىممۇ شېھىت بولدى. كېيىن جەڭلەردە بىللە بولغان ئاكوپداشلىرىم، قول ئاستىمدىكى نەۋقىران جەڭچىلەر دۇنيادا تېخى نېمە خوۋلۇق، نېمە بەخت دېگەنلەرنىمۇ تېتىشقا ئۈلگۈرمەي ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. كۆز ئالدىمدا، قان ئىچىدە جان تالىشىپ، ئازاپلىق ئىڭراپ - ئىڭراپ جېنى چىققان بىرمۇنچە ئادەمنى ئۆز قولۇم بىلەن كۆمگەن چاغلىرىم بولدى. ئەمما مەن ياشاۋاتاتتىم! تېخى مانا يېڭىدىن ئۆيلەندىم. خېلى - خېلى ئادەم قول سۇنسا قولى يەتمەيدىغان مەلىكىدىن بىرىنى ئالدىم. مەن سۆيگۈمنى تۆگەل ئاتىدىم دەپ ئويلايدىغان تۇنجى ئايالىم، ياشلىقىمدىكى تۇنجى سۆيگۈنۈممۇ شېھىت بولغان ئىدى. ئەمما مەن ياشاۋاتاتتىم! تەكرار ئۆيلىنىپ، جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە ھەپسىلەم بولغان، ئىمكان ۋە پۇرسىتىم بولغان ھالدا ياشاۋاتاتتىم! ئاشۇ شېھىتلەرنىڭ روھلىرى ئالدىدا مەن بىر گۇناھ ئىش قىلىپ قويغاندەك خىجالەت ئىلكىدە قېلىۋاتاتتىم. بۇ ئاچچىقنى يۇتۇش بىلەن ۋىسالنىڭ كەيپىنىمۇ ئۇچۇرغاندەك قىلدىم. ئەمما ھەرقاچان، خەلىچەمنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن بەھرلىنىپ، بەختىيارلىقنىڭ دېڭىزىدا ئۈزمەكچى بولغۇنۇمدىلا مانا شۇ ھىس ئارىلىشىپ كېلىپ، مېنى قىيناشنى توختاتمىدى. ئەمما مەن ھايات، ئۆلۈم... ھەققىدە ئويلىمىغان چاغلىرىمدىلا، قەلبىم

سۈزۈلگەندەك بولاتتى، روھىم يېنىكلەيتى، ۋىسالىنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيتىم.

كەچلىرى مۇئەللىملەرگە باشقا مەسلەكچىلەرنىڭ ئەكسىچە ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىق روھىمىزغا ئۇيغۇن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن مىساللار بېرىش يولى بىلەن ئازاتلىقنىڭ قانچىلىك موھىملىقىنى چۈشەندۈرەتتىم. ئەمدى ئۆيىمىز كەڭتاشا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆھبىتىمىز داۋامىدا خەلىچەم چاي دەملەپ سۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بىر چەتتە بىزلەرگە كۆرۈنمەيدىغانراق شەكىلدە ئولتۇرۇپ، دەرسىمىزگە ئىشتىراك قىلاتتى. مۇئەللىملەر تويدىن كېيىن بۇرۇنقىدەك ھەر ئاخشىمى كەلمەس بولۇۋالدى. سەۋەبىنى سورىغان ئىدىم، خىجىل بولىدۇكەنمىز، دېيىشتى. بەلكىم يېڭى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئاخشاملىرىنى ئىشغال قىلمايلى دېيىشسە كېرەك. ئەمما مەن كۆپ قېتىم قاتتىق خاپا بولۇپ يۈرۈپ، پەقەت ھەپتىدە تۆرت كۈن كېلىدىغان قىلالىدىم. جۈمەدىن باشلاپ، دۈشەنبە ئاخشىمىغىچە بىزگە ئاراملىق بېرىشنى شەرت قىلىشتى.

ئەنە شۇنداق جۈمە ياكى شەنبە ئاخشاملىرىنىڭ بىرىدە خەلىچەم ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرغاندا خەلىچەم:

— بۇلبۇل ۋىسالغا يەتكەندىن كېيىنلا سايرىماسمىش، بۇ راستمۇ؟ — دېدى ئۆزىگە خاس خۇيسەنلىك بىلەن كۈلۈپ.

— ئەمما ھەممىسى ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دېدىم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ. گۈزەللەر ئۆز گۈزەللىكى ھەققىدىكى مەدھىيىلەرنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن بولىدۇ. ھەتتا چىرايلىق بولمىغان بىر ئايالغىمۇ سىز بەك گۈزەلسىز دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدىغان بولسىڭىز، راست دەپ ئويلاپ خۇشال بولۇۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بۇنى ئاياللارنىڭ ئورتاقلىقى دېيىشمۇ بولىدۇ.

— ئەمما بىزنىڭ ئۆيدىكىسى جىمىپ كەتتى، — دېدى ئۇ يەنە شۇنداق يېقىملىق ئەمما رەت قىلىپ بولمايدىغان بېسىم بىلەن.

— شېئىر دېگەنغۇ بار، ئەمما سىزگە بەرگىدەك پۈرسەت بولمىدىغۇ، بىلىسىز، — دېدىم ۋە مانا ئۇقۇڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا مۇنۇ شېئىرنى سۇنۇپ:

بولۇپ ھەمرا سېنىڭ بىرلە سەير ئەتتىم خىيالىمدا،
چىمەندە قوغلىشۇپ ئويناپ، ساڭا يەتتىم، خىيالىمدا.

كۈلۈپ تاڭ سۈبھىسى، مەشرىق سۈزۈلگەن چاغ بولۇپ ئاخىر،
«خەير، سۆيگەن نىگارىم» دەپ، ئۇزاپ كەتتىم، خىيالىمدا.

لېكىن بۇ ئايرىلىش تىلدى يۈرەك ـ باغرىمنى چاك ئەتتى،
چىدالماي بۇ جۇدالىققا پىغان چەكتىم خىيالىمدا.

ئېشىپ تاغ ۋە داۋانلاردىن ئۇچۇپ كەلدىم بولۇپ سۇمرۇغ،
قىلاي دەپ ئوت يۈرەكىمنى ساڭا تەقدىم، خىيالىمدا.

تۇرار ئاھۇ كۆزۈڭ چاقناپ، چىرايىڭ خۇددى نۇر ئاپتاپ،
كۆرۈندى كۆز نۇرۇڭدىن دەل مېنىڭ بەختىم، خىيالىمدا.

تەپەككۇر كۆكىدە كەزسەم، سېنى يادىمغا كەلتۈرسەم،
شېرىن ئەسلەشتە چاغ ئۆتكەي مېنىڭ ۋەختىم، خىيالىمدا.

بەختىنىڭ تاجىسى سەن سەن، سېنىڭسىز مەنىسىز دۇنيا،
سېنىڭ ۋەسلىڭ شۇڭا يارىم، مېنىڭ تەختىم، خىيالىمدا.

ئەگەر گۈل بولمىسا بۇلبۇل پىغانلىق سايرىماس مۇنچە،
دېدىكى دىلپىكار: ۋەسلىڭ شۇئار ئەتتىم، خىيالىمدا.

ــ خۇمارىڭىز بېسىلدىمۇ، يەنىمۇ؟ ــ دېدىم ئۇنىڭ قاشتېشىدەك ئىڭىكىنى كۆتۈرۈپ.

ــ ئەتىگىچۇ؟ ئەتە يەنە توختامدۇ؟

ــ گۈل ئېچىلىپلا تۇرسا بۇلبۇل سايراشتىن توختىمايدۇ.

ئارىمىزدا بولۇدۇغان چاخچاق ۋە ئويۇنلىرىمىزنىمۇ تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىشىمنى سورۇمايدىغانسىز؟ بۇنىسى ئېشىپ كېتەر، ئەلۋەتتە. سىز دېگەن يازغۇچىغۇ، ئۇ يېقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. شۇنداق، ئاخشاملىرىمىز شۇنچىلىك

كۆڭۈللۈك ئۆتتىكى، بۈگۈنمۇ يادىمغا ئالسالا ئۆزەمنى ياش بولۇپ قالغاندەك، ۋۇجۇدۇمدا تۇگىمەس بىر ئوت، ئاشىقلارنىڭ ئېچىرقىشىنى ھىس قىلىمەن.

شۇغۇنىسى كۆڭۈللۈك ئاخشاملار مېنىڭ كىتاپلاردىن ئالىدىغان لەززىتىمنى سەل چەكلەپ قويدى. ۋاقتىمنى خېلى كۆپ ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنداق بولسىمۇ رازى ئىدىم. ھايات دېگەن شۇغۇ، بەزىدە ئۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار بولۇپلا تۇرۇدۇ. ئەسلىدە مەن ئاقسۇغا ئابلىز مەخسۇم بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگىلى باراي دەپ ئويلاۋاتقىلى نىكەم، ئەمما پەقەتلا چولام تەگمىدى.

شۇ يىلى كۈزدە قوشئاۋاتتىن بىر گورۇپپا ئادەم ماڭا مىھمانغا كەلدى.

بۇ بىر گورۇپپا ئەر ـ ئاياللار، ھەتتا ئارىلىرىدا كىچىك باللارمۇ باردى. يارىيار ھارۋىلاردا كەلگەن بۇ ئۆمەك، مېنىڭ توي قىلغانلىقىمنى ئاڭلاپ، يېزا خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ كەپتىكەن. ھارۋىلىرىدا قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە باشقا كۈزنىڭ مىۋە-چىۋىلىرى سۆۋەت ـ سۆۋەتتە تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى ھويلىغا باشلىدۇق. ئۇلارمۇ ھېچ تارتىنماستىن سەھرالىقلارچە تۇزلۇك بىلەن ھويلىنى ئۆز ۋاڭ ـ چۇڭلىرىغا تولدۇردى. مەن ئۇلارنى بازارغا كەلگەچ ماڭا يولۇقۇپ ئۆتكىلى كەپتۇ دەپ قاپتىمەن. قارىسام ھارۋىدىكى مىۋىلەرنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. دېمىسىمۇ ئەتىسى بازار ئىدى. بەلكىم ئەتىگىچە قويۇپ تۇرسا كېرەك، دەپ ئويلۇدۇم. كېيىن ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى دېدىكى:

— سابىت ھاكىمغا قوشئاۋاتلىقلارنىڭ ئازراق كۆڭلى، ئۆزىمىزنىڭ يېرىدىن چىققان ھوسۇلىمىز، پۇلغا ئالمىدۇق، ئاز ـ بولسىمۇ قوبۇل قىلسىلا، تويغىمۇ كېلەلمەپتۇق، ھەممىسىگە تاۋاپ قوبۇل قىلالا، — دېمەسمۇ.

— سىلەر ئاينىدىڭلارمۇ نېمە؟ بىز ئىككى جان تۇرساق، بۇلارنى قانداق يەپ بولالايمىز؟ بۇ بىزگە ئىككى يىل يەتكۈدەك نەرسىكەن، ئەمما ساقلىغىلى بولمايدۇ-دە. بۇنداق قىلايلى، — دېدىم، ئاۋال خەلىچەمگە بىر داسىمۇ، سۆۋەتمۇ بىر نەرسە ئاچىق دەپ بۇيرۇپ، — بىز ئۆزىمىزگە يەتكۈدەكىنىلا ئالايلى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى دانە قوغۇن ئايرىدىم. ئاندىن خەلىچەم ئېلىپ چىققان داسقا سۆۋەتلەردىكى مېۋىلەرنىڭ ھەر تۈرىدىن بىر قوشچاڭگال ئېلىپ، يەنە سۆۋەتلەرنىڭ ئاغزىنى ھىملەپ ئېتىپ، ئۇلار بىلەن تالاش ـ تارتىش ۋە تەكەللۇپلارنىڭ ئايىغى چىقمىشىغا كۆزۈم يەتكەچكە، بىر ئاز ھاكىملىق

تەلەپپۇزى بىلەن:

— ھە، مانا بولدى، بىزگە مۇشۇ يېتىدۇ. قالغانلىرىنى ئەتە بازاردا سېتىڭلار، — ئۇلار سېتىپ پۇلىنى ئەكىلىڭلار دەۋاتقاندەك مەنادا ئاڭلىغاندەكمۇ قىلاتتى. ئەمما ئاغزىنى ھاڭقىيا ئېچىشىپ قاراپ قېلىشتى، — شۇنداق بولسۇن، بۇنچە كۆپ مېۋىنى يەپ بولالماي سېسىتىپ قويساق ئىسراپ بولىدۇ، بىلىسىلەر، ئىسراپ ھارام. قېنى ئەمىسە، سۇپىغا ئۆتۈڭلار، ئۇسۇلۇق ئىچەيلى، — دەپ تەكلىپ قىلدىم.

ئۇلار مەڭدەپ كېتىپ، تىرەجەپلا تۇرۇۋالدى. دەڭگە كېتىمىز دېيىشتى. ئۇلار بىر ھاكىمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتى. ئەمما مەن ئۇلارنى يەنىلا ئېلىپ قالدىم. ھازىر ھاۋا شۇنداق ياخشى تۇرسا، ھويلىدا ياتسا بولىۋېرەتتى. پېشايۋاننىڭ سۇپىسىمۇ كەڭرى، قاتارلىشىپ ياتسا ئون ئادەم ياتالايتى. بۇ ۋەقەمۇ كۇچاردا بىر ھىكايىدىن ئۆتۈپ ئەپسانىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئەتىسى قالغان بارلىق مېۋىلەرنى ھارۋىغا مەجبۇرىي باسقۇزۇپ، ئەركەكلەرنى بازارغا يولغا سېلىۋەتتىم. بالىلار ۋە ئاياللارنى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسۇن دەپ ئېلىپ قالدىم. بازار قىلىپ قايتقاندىن كېيىن كېتىشكە تەرەددۇت قىلىشىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

— كۆڭلىمىزنى قايتۇردىلا، ئەمدى بىز يۇرتتىكىلەرگە نېمە دەرمىز؟ — دېدى.

— شۇنداق دېسىڭىز بولىدۇ، مېۋىلەرنى ئېلىپ، جاۋابەن بىزگىمۇ سوغات بەردى، دەپ بازاردىن ئالغان نەرسىلەرنى كۆرسەتسەڭلار بولىدۇ. كونىلاردىن كېلىۋاتقان ئادەت شۇغۇ: «بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم».

— ئۇنىمىغۇ شۇنداق دەرمىز، ئەمما سىلىنى قوشئاۋاتقا تەكلىپ قىلدىغان ۋەزىپىمىزمۇ باردى، شۇنىڭغا بىر جاۋاپ بېرىۋەتسىلە. بۇ كۈزنىڭ مېۋىلىرى تۆكمە بولغان مەمۇرچىلىق پەسىل، بىر ئويناپ كەلسىلە.

— بولىدۇ، بىر ھەپتىگىچە ۋاقىت چىقىراي، — دېدىم ئۇلارنىڭ قەتئىيلىكىگە قاراپ، رەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ.

شۇنداق قىلىپ، كېيىنكى پەيشەنبە ئىشتىن بالدۇرراق قايتىپ، كەچلەپ قوشئاۋاتقا كەتتۇق. دۈشەنبە كۈنىگىچە زىيارەتتە بولۇشنى نىيەت قىلغان ئىدۇق.

ئەسلىدە بويتاق بولسام مۇئەللىملەردىن بىر قانچىنى ئىبلىۋالسامغۇ بولاتتى، ئەمما خەلىچەم بولغاچقا ئەپسىز ئىدى. شۇڭا ئىككىمىزلا كەتتۇق. زىيارىتىمىزنى ئۈچ كۈندە تەس تىزگىنلىدۇق. قوشئاۋاتلىقلارغا قويۇپ بەرسەك بىر ئايدىمۇ قويۇپ بەرگۈدەك ئەمەس ئىدى.

مېنىڭ ئىلگىرىكى پىلانىمدا كۇچارنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدىكى مىڭئۆيلەرنى زىيارەت قىلىش موھىم بىر تۈر بولسىمۇ، پەقەت ۋاقىت چىقىرالمىدىم.

مانا شۇنداق كۆڭۈللۈك ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن بىر يىل تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭۈللۈك دېگىنىم، ئائىلە - مۇھەببەت ئىشلىرىم؛ مائارىپ ساھەسىدىكى خىزمەتلىرىم؛ كۇچار خەلقىنىڭ سۆيگۈسىنى قازانغىنىمنى دېيىشكە بولاتتى. كۆڭۈلسىزلىكلىرىم ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى خۇسۇمەت نىزاھلار، ھەممىگە رەقىب بولۇپ قالغىنىم ئىدى. بۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىمۇ ئۆزگىرىش بولغان ئىدى. جاڭ جىجوڭ ئىلى تەرەپنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماي، ئۆلكە رەئىسلىكىنى مەسئۇد سەبىرىگە تاپشۇرغان ئىدى. بۇ ئىش بۇ يىلى 28- ماي كۈنى بولدى. شۇندىن كېيىن ئىلى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئارىسىدا سۈركىلىشلەر، ئۆزئارا ئەيىبلەشلەر يوقۇرى ئۆرلەشكە باشلىغان ئىدى. بۇ بىزنىڭ ناھىيىمىزدىمۇ ئەكس ئەتتى. بۇ يەردىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بىشەملىشىپ قالدى.

كۈز يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەردە بىرىنىڭ تۈيدۇرمايلا ئۇلاشتۇرغان بىر باغاقچىسى قولۇمغا تەگدى. بۇنى كىمنىڭ ئەكەلگىنىنى بىلەلمىدىم. يانچۇقۇمدا پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. باغاقچىدا:

«دىققەت قىلىڭ، يەنە قىش يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ناھايىتى ئېھتىيات قىلىڭ!» دېيىلگەن ئىدى. بۇ تەھدىت ئەمەستەك قىلاتتى. دوستانە ئاگاھلاندۇرۇشمىدۇ؟ خەلىچەمگە كۆرسەتتىم. ئۇنىڭمۇ خەۋىرى يوقكەن. ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا (12-ئاۋغۇست) ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ غۇلجىغا قايتىپ كەتكەنلىكى ئۇقۇلدى. شۇندىلا باغاقچىنىڭ ياخشى ئادەملەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. دېمەك بۇ يەرلەردە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىخبارات خادىملىرى بار ئىكەن-دە!

بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ماڭا باشقا تۇرلۇك ئاگاھ بەردى: پۇرسەت غەنىمەت، كۆپرەك ئىش قىلىۋال! بۇ ئويۇمنى خەلىچەمگە ئېيتتىم:

— قارىغاندا بېشىمىزغا سالغان قۇشلار يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك، شۇڭا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تېزراق قىلىش، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مېنىڭ دىققىتىمنىڭ ئىشتا بولۇشى، ھەرگىزمۇ مۇھەببىتىمنىڭ سۇسلاپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەس، جۇمۇ؟

— بىلىمەن،... — خەلىچەم بىر تۇرلۇك كۆرۈلمىگەن مەيۇسلۇكى بىلەن جاۋاپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. ئۇنى ئۇزاق قۇچاغلىدىم، ئاشۇ سۆزۈك ئۇزۇمدەك لەۋلىرىگە ئاغزىمنى يېقىپ، ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۇچۇن:

— بۇ مېنىڭ يېقىندا يازغانلىرىم، يۇرۇگۇمنىڭ ئۇرۇشلىرى بۇنىڭدىن ئاڭلىشىلىپ تۇرۇدۇ، — دەپ شېئىر يېزىلغان ۋاراقنى قولىغا تۇتقۇزدۇم.

بىر گۈلىستاندا گويا سەرخىل ئېچىلغان غۇنچىسەن،
ياكى ئوكيان تەكتىدىن كۆككە سېچىلغان ئۇنچىسەن.

لەۋلىرىڭ يامغۇر سۈيى يۇغان قىزىلگۈل، بىغۇبار،
سەرۋى دەر شائىر بويۇڭنى، سەرۋى قامەت شۇنچىسەن.

تەلمۈرۈپ باقتىم ساڭا، قىلغاچ دىلىمنى مەھلىيا،
بىر قاراپ كۈلگىن يەنە، تۈرمە قاپاقنى مۇنچىسەن.

بىر گۈلىستان پەيزى بار ھۆسنۈڭدە ئەي قىز، ئەي پەرى،
باق ماڭا بىر، دېمىگىن: تۇرقۇڭ غەلەت، مەجنۇنچىسەن.

گەر مۇھەببەت پەيكىنى باغرىمنى چاك ـ چاك ئەتمىسە،
دىلپىكار ئېيتارمىدى: ئىشق ئەھلىگە گۈلگۈنچىسەن.

***

زىلۋا قەددىڭنى كۆرەرمەن كۆز يۇمۇپ قىلسام خىيال،
سەن بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ئىزدەپ جاۋاپ، سوراپ سوئال.

نىمە ئانچە ئۆز يارالغان سەرۋ قامەت پەرى سەن؟
گەر سېنى كۆرسە سۇلايمانمۇ يۈرەلمەس بىمالال.

ئاپىرىن، تەڭرىگە، بۇنداقمۇ كارامەت بار ئىكەن،
سېنى بىر كۆرسە كىشى بولماس نىچۈك ئاشۇفتەهال؟

تەڭرى ئەيلەپتۇ ئاتا ھۆسنۈڭگە لايىق ساچىنىمۇ،
ساچنى سەن سىرتماق قىلىپ قىلدىڭ كىشىگە كۆپ ئۇۋال.

كۆزلىرىڭدە مىڭ قوياش تەپتى، نۇرى بار، پارلىغان،
ئاشۇ ئوتتىن ئوت تۇتاشسا دىلغا گەر، بار نە ئامال؟

پۈتتىمۇ ياكى خۇدا جىسمىڭنى ئاتەشتىن سېنىڭ؟
بىر قاراپ ئوت ئىلكىدە چەكتىم پىراق، ساھىپجامال.

دىلپىكار تاشلاپ نىگاھ ئالدى چىرايىڭدىن ھوزۇر،
بۇنچە زوقنى سەيلىدىن ئالماق ئاسانمۇ، گەر مىسال؟

شېئىر ئوقۇۋاتقىچە خەلىچەمگە سەپ سېلىپ قاراپ تۇردۇم. ئۇ ھېچ زوقلانغاندەك قىلمايتى. ئۇ مېنىڭ بېشىمغا كېلىدىغانلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شۇنداق غەمكە پېتىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ بۇنداق غەمكىنلىكىمۇ يەنە بىر تۈرلۈك گۈزەللىك ھاسىل قىلاتتىكى، خۇددى چۆچۈمەل لەززەتتەك زوق بېرەتتى. ئەمما ھەر ئىككىمىزنىڭ بۇنداق ئويۇن ـ چاخچاقلارغا ھەپسىلىمىز قالمىغان، قانداقتۇر يېتىپ كەلگۈسى بىر ۋەھىمىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان

ئىدۇق.

مۇئەللىملەر بىلەن بولۇدۇغان ئىلمىي يىغىلىشىمىزنى ئوخشىمىغان ئۆيلەردە ئېلىپ بارىدىغان بولدۇق. شۇڭا ئەمدى ھەر كۈنى دېگۈدەك بولاتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى مەن ئىشكتىن چىقىۋاتقانىدا خەلىچەم كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىغان بىر ۋەزىيەتتە:

— بۈگۈن نەدە؟ — دەپ سوراپ قوياتتى. ئۇ مېنىڭ كىمنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇشنى خوتۇنلۇق مەسئۇلىيىتىم دەپ قارىغاچقا شۇنداق سوراۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا يىغىلىش يېرىمىزنى سەممىيلىك بىلەن پىچىرلايتىم. مەن كېچە قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ كەتكەندە ئۇ ئاشۇ ھاڭيىاردەك يوغان قورو - جايىمىزدا تەنھا قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يالغۇزلۇقنىڭ قانچىلىك قورقۇنۇچلۇق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا دەرھال كەينىمگە يېنىپ، يۈگرىگەنچە كېلىپ، ئۇنى باغرىمغا بېسىپ ئۇزاق پەپىلىگۈم، ئەركىلەتكۈم كېلەتتى. ھەتتا ئىككىلىنىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالغان، يانايمۇ-يانمايمۇ دەپ يېتىم قوزىلاردەك مۆلدۈرلەپ، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىغان چاغلىرىممۇ بولغان. ئەمما، كېيىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، مەقسەت تامان كەتكەنىدىم. ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمدىن ئۇنىڭ يالغۇزلۇقى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرۇمنى ئۇنىڭ تىلىدىن شۇنداق شېئىر توقۇغان ئىدىم:

شادلىق بىزگە قۇچاق ئېچىپ ئۇچراشساق،
ۋاقت ئۆتەر شۇنچە ئۇچقۇر، شۇنچە تېز.
مۇشۇ ۋىسال مىنۇتلىرى بوپ غايىپ،
قالار دىلدا غۇۋا چۈشتەك تۇتۇق ئىز.

شۇڭا دائىم بىللە بولسام سەن بىلەن
ئايرىلىشتىن بېشىم قاتار قەۋەتلا.
ۋىسال ئۈچۈن ئاياپ تەقدىر ئىنايەت،
ھىجران ئۈچۈن ئايانماسكەن پەقەتلا.

كەتكىنىڭدە خەيرلىشىپ قېشىمدىن
ھەردەم مېنى قىينار ئۆنسىز بىر يىغا.
بوغۇزۇمدا تۇرۇپ قالار ئاۋازىم،
ياشلىرىممۇ ئېقىپ چىقماس تېشىغا.

شۇ چاغ كېتەر گويا مېنىڭ قېشىمدىن
ئەتراپتىكى جىمى جانلىق، مەۋجۇدات.
كېتەر ھەتتا يۈرىكىمنىڭ تېڭىمۇ.
ھىجران ئىچرە چېكەر قەلبىم ئاھ ـ پەريات.

بۇ تەنھالىق شۇنچە يوچۇن، شۇنچە يات،
يوقتۇر بۇنداق يالغۇزلۇقنىڭ تەڭدىشى.
مەن ئۆزەمنى سېزىمەن كەڭ بىر چۆلدە،
بۇ چۆللۈكتە يوقتۇر ئۆزگە ھېچكىشى.

سايىداشقا يوقتۇر بىرەر گىيامۇ،
يا خارابە تاملار، ياكى تاغ ـ ئىدىر...
يا تامچە سۇ، ياكى يامغۇر، يا بۇلۇت،...
ھەريان باقسام ھېچنەرسە يوق بەربىر!

چۈشۈممۇ بۇ؟ دەيمەن بەزەن ئۆزۈمگە،
ئويغۇنۇشقا ئۆرۈنۈمەن تىپىرلاپ.
ئىھ، ئاشۇ چاغ كەلسەڭ ئىدىڭ قېشىمغا،
ۋە ئويغاتساڭ مېنى تاتلىق قىچىغلاپ.

ئۇ بۇ شېئىرىمنى ۋە قانداق ھىسسىياتتا بۇنى يازغانلىقىم ھەققىدىكى ئىزاھاتىمنى ئاڭلاپ، يېقىملىق ئەمما غەمكىن كۈلۈمسىرەپ:
— سىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزگە قايىلمەن، بۇ شېئىرنى راستىنلا مەن يازغاندەك، دەل مېنىڭ سىزنى ئۆزۈتۈۋېتىپ يالغۇز قالغاندىكى ھىسسىياتىمنىڭ

ئۆزى بوپتۇ، ـــ دېگەنىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۈتۈلگەن بەختسىزلىكمۇ كەلدى. بۇ كۈن بىز ئېھتىيات يۈزىسىدىن مۇئەللىملەرنىڭ ئۆيىدىمۇ ئەمەس، بىرىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تاغىسىنىڭ ئۆيىدە توپلانغان ئىدۇق. مەن بۇ ھەقتىمۇ خەلىچەمنى خەۋەردار قىلغىنىم ئېنىق. شۇ ئاخشىمى بىزنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شۇ ھويلىدا باستى. ئۇرۇپ ـ دەسسەپ، قارشىلىقلىرىمىزنى سۇندۇرغاندىن كېيىن سۆرەشتۈرۈپ تۈرمىگە ئېلىپ كەلدى.

باشقا مۇئەللىملەرنىڭ نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن، مېنى ئايرىم قامىدى. قامىدى، ئەمما بۇ جاسارىتىمنى سۇندۇرۇش، پۈخادىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن ئۆلگۈدەك دۇمبالاشلاردىن كېيىن بولدى. ئېيتىپ ئۆتكۈنۈمدەك، كۈچاردا خەلقىنىڭ سۆيگۈسىنى قازانغىنىم بىلەن، بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ نەپرىتىنى قازانغان، ئۆچمەنلىكىنى قازانغان ئىدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار شۇ ئاچچىقلىرىنى بىر يولى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتمەپتۇ. بەلكىم بۇ چاغدا مېنىڭ يىگەن تايىقىمغا ھېچكىم تىرىك قالماستى، ئەمما مەن تەتۈر ئۈستىخان، قاتتىق سۆڭەك بولۇپ قاپتىكەنمەن، شۇڭا بۇ تاياقنى كۆتۈرۈپ، يەنە ھايات قالسام كېرەك. تېخىمۇ توغرىسى ئەجىلىم توشمىغان بولسا كېرەك.

ئەمەلدارلار مېنىڭ تاياق ـ دۇمبا دەستىدىن تىتىلىپ كەتكەن ئۈستىۋېشىم بىلەن يىقىلايلا دەپ قالغان ھالىتىمدىن ھوزۇرلىنىپ، ئىلگىرىكى ئۆچلىرىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، ساقچىخانىغا كېلىپ ماڭا مۇلاقات بولۇشتى. تېخى تۈنۈگۈنلا خۇشامەتتىن يۇمۇلۇپ كەتكەن پىت كۆزلىرىدىن بۈگۈن زەھەر چاچاتتى. ئۇلارنىڭ مىللىي كۈلتۈرىدە، پىسخىكىسىدا ئەسلىدىن بار بولغان سادىستلىق[①] ئالاھىدىلىكى، پۈرسىتىنى تاپقاچقا ئاشكارە گەۋدىلەنمەكتە ئىدى.

ـــ ئۇر، راسا ئۇر، ئۆلتۈرۈۋەت! ـــ دەپ ۋارقىرىشاتتى، تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئەمەلدارلار.

بۇ يەردە سوراقمۇ بولمىدى. باشقىلارغىمۇ شۇنداقمۇ؟ ماڭىلام شۇنداقمۇ؟

---

[①] سادىست ـــ باشقىلارنىڭ ئازابىدىن خۇشاللىق تاپىدىغان، باشقىلارنىڭ ئازاپلىنىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىدىغانلار ـــ ئا.

بۇنىسىنى بىلمىدىم. چۈنكى مەن يالغۇز قامالغان ئىدىم. ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى. مېنىڭ ۋارقىراشلىرىمغا، ئايالىم بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىمگە پىسەنت قىلغۇچى بولمىدى. خەلىچەم بىلەن بىر كۆرۈشسەم، ئۇنىڭغا تاپىلايدىغانلىرىم باردى ئەمەسمۇ!

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مېنى ئۈرۈمچىگە يوللىدى. خەلىچەم بىلەن ئاخىرى كۆرۈشەلمىدىم!

ئۈرۈمچىدە بىرىنچى سوراقتىلا ھېلىقى ئاگاھلاندۇرۇش باغاقچىسى كۆرسۈتۈلدى. سوئاللارنىڭمۇ تولىسى ماڭا بەكمۇ ئازاپلىق كەلدى. مېنى تاياق ئەمەس، بىر روھى ئازاپ تۈگەشتۈرمەكتە ئىدى: بۇ مەلۇم بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەققىمىزدىكى مەلۇماتنىڭ خەلىچەم تەرىپىدىن تەمىنلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتاتتى. كامېردا ياتقان چاغلىرىمدا سوئال - سوراقلارنى، يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلەپ، ئاندىن بۆلەكلارنى بىرىيەرگە، بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ تەھلىل قىلدىم. باغاقچىنى خەلىچەمگە كۆرسەتكىنىم يادىمدا، ئەمما كېيىن ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىشنى ئۇنتۇپ باشقا ئىشقا كىرىشىپ كېتىپتىمەن؛ شۇ پېتى باغاقچە ئۇنىڭدا قاپتۇ! ئەسلىدە بۇنداق نەرسىلەر دەرھال كۆيدۈرۈلۈشى كېرەك بولسىمۇ، ئۇيغۇرچۇلۇق بولۇپتۇ. يىغىلىش يېرىمىزنىمۇ مەن ئۇنىڭغا دېگەن ئىدىم. بىلمەيمەن، باشقا يولداشلىرىم بىرەرسىگە دېگەنمۇ - يوق. سوئاللارنىڭ مەزمۇنىدىكى نۇقتىلار ۋە بىزنىڭ يىغىلىشلىرىمىزدا قىلىنىۋاتقان مۇھاكىمىلەر ۋە ئۆگۈنۈش تېمىلىرىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. بۇنى بىر ئېچكى ئىستىخباراتچى يېپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىمىسە، قىياس بىلەن بۇنچە دەل، بۇنچە تولۇق ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما خەلىچەمنىڭ ئاشۇ مەسۇم كېيىكنىڭ كۆزلىرىدەك چىرايلىق كۆزلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا، جىمى گۇمانلىرىمنىڭ بىلىنگە تېپەتتى.

ئۇنىڭ ماڭا كاتىپ بولۇشى،... مەن كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ھازىر ھالەتتە ساقلاپ تۇرغان بولۇشىمۇ نورمالمىدى؟ ئۇ زامانلاردا ئاياللارنىڭ ئىدارىلاردا ئىشلىشى بەكمۇ كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى. ئاندا - ساندا ئايال

ئوقۇتقۇچىلار باردى دېسەكمۇ، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدا بۇنداق ئەھۋال ئاساسەن يوق دېيىشكىلا بولاتتى. بۇ ھال بەلكىم ۋىلايەتلەردە، ئۈرۈمچىدە ئانچە - مۇنچە بولۇۋاتقاندەك بولسىمۇ، ناھىيىلەردە ھەقىقەتەنمۇ مۆجىزىدەكلا كەم ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى. دەسلەپ مەن بۇ كاتىپنى كۆرگىنىمدە كۆڭلۈمدە شۇنداقراق بىر گۇماننىڭ سايىسى لىپىلا قىلىپ ئۆتكەندەك بولغان، ئەمما تېپىكى قۇرۇلمىدىكى ساددىلىقىمىز تۈپەيلى، كېيىن بۇنى ئەتراپلىق ئويلاپ، تەھلىل قىلىپ باقمايلا ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەنمەن. نېمىشقا ئىشق مۇپتىلاسى بولۇپ، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدىكىنە؟ نېمىشقا ئاشۇ مۇئەللىملەردىن ئوبدانىراق سوراپ باقمىغان بولغىيدىم؟ توي قىلىدىغان قارارىمدىن كېيىنلا ئۇلارغا ئېلان قىپتىمەن، بۇ ھالدا كىم ئۇنىڭ ھەققىدە سەلبىي نەرسىلەرنى تىلغا ئېلىشقا پېتىنىدۇ؟ ئۇيغۇرچۇلۇقتا «كۆڭۈل ئاياپ بويىدا قېلىش» دېگەن بولۇپلا تۇرۇدۇغان ئىش تۇرسا!

ئاردىن بەش ئاي ئۆتكەندە — ئىككىنچى يىلىنىڭ باھارىدا ئۇيغۇر مېنىڭ تۇرمىدە ئىكەنلىكىمنى ئۇقۇپ يوقلاپ كەپتۇ. ئەسلىدە ئۇنى گومىنداڭچىلار ئۆزلىرى ئىزدەپ تاپقان، ئۇ ئارقىلىق ماڭا نەسىھەت قىلدۇرماقچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئىشلار خېلى ئومۇمىيغۇ. ئىككىمىز خېلى ئازادە كۆرۈشتۇق. نورمالدا بۇنداق كۆرۈشتۈرۈش بولمايتتى. شۇڭا مېنىڭ گۇمانسىراپ قالماسلىقىم ئۈچۈن ئۇ بۇنىڭغا ئىزاھات بەردى:

— مەسئۇد سەبرى رەئىس بولۇش بىلەنلا، ئىسامۇ ھۆكۈمەتكە باش كاتىپ بولدى. مەن ئىسانىڭ خۇسۇسىي كاتىبى بولدۇم. ھازىر مەن ھۆكۈمەت بىناسىدا ئىشخانا تۇتتۇم. ئەمما ۋاقىت چىقىرىپ گىمنازىيىدىمۇ دەرس ئۆتۈۋاتىمەن. شۇڭا قولۇمدىكى بەلگە ماڭا خېلى جىق ئىمكانلار بېرىدۇ، دېگىنە.

— مەرتىۋەڭ ئۆسۈپتۇ، تەبرىكلەيمەن، — دېدىم تۈزلا. ئۇ مېنى تەئەددى قىلىۋاتامدىكىن دەپ گۇمانسىراپ كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ، كۆزۈمدىن بۇنداق بىر ئالامەتنى تاپالمىغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ:

— ھېلىقى ئۆزبەك قىز بىلەن توي قىلدىم. ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن باجا بولدۇق. بۇرۇنقى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلەندى. ھە، راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۇنۇتقىلى تاس قاپتىمەن، بىلەمسەن، بىزنىڭ شورۇقتىن كىم

كەلدى؟ قوشنىمىز باقى ئۇستىنىڭ ئۆمەر كەلدى! — دېدى ھاياجان بىلەن، — ماڭا شىرەم، ساڭا مەندىن يېقىنراق تۇققانغۇ؟

— نېمە دەيسەنۇي، قەيەردە؟

— ئۇ لەڭ ئېلىپ كەپتىكەن.

— قانداق ئۇچرۇشۇپ قالدىڭلار؟ سېنىڭ نەدىلىكىڭنى بىلەمدىكەن-يا؟

— بىلمەيمەن، قانداق تاپقىنىنى. يامان تازغۇ ئۇ. ماڭغۇ تاسادىپى ئۇچرۇشۇپ قالغان بولۇۋالدى. مەن ئويلايمەن ئۇ ئىزدەپ سوراپ يۈرگەن بولسا كېرەك.

— قانداق بولدى كېيىن؟ — دېدىم يۇرتنىڭ خەۋەرلىرىنى كۆپرەك ئۇقۇشقا تىرىشىپ.

— دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا يۇرتقا بىر دەپ بارسۇن دەپ ئۇنى ئايلاندۇردۇم، دېگىنە. ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەت بىناسىغا — ئاشۇ شىڭ شىسەي ئولتۇرغان بىناغا — ئەكىردىم. «مانا مۇشۇ بىنادا ئىشلەيمەن» دەپ كۆرسەتتىم. ئۆمەرنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ كەتتى. «ۋاي بۇ يەر ئاينەككەنغۇ، تېيىلىپ كېتىۋاتىمەن» دەپ بىلىكىمنى تۇتۇۋاپتۇ. ھاھا...

— پونى قويۇپ دېگىنە، يۇرتنىڭ ئەھۋالى قانداقكەن؟ ئۆلۈم - يىتىم، ئاغرىق - سىلاق،... دېگەندەك. نېمە يېڭىلىقلارمىش؟

— كىمنى سوراپ كىمنى قويۇسەن، سورۇماپتىمەن، — دېدى ئۇ ئەزمىلىك بىلەن.

— ۋاي ئېسىت، تەپسىلىيراق سورۇساڭچۇ! مېنىڭ شۇ ئايالىمدىن تەۋەرۈك قالغان بىر تاللا بالام باردى ئەمەسمۇ، شۇ ھاياتمىدۇ؟ شۇنى بەكمۇ بىلگۈم كېلىدۇ،...

— بىر خەۋىرىمىز بولۇپ قالار، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. مەن نەدىن بىلەي سېنىڭ ئەھۋاللىرىڭنى؟ مەن شۇ 1936-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ يۇرتقىمۇ بېرىپ باقمىسام.

مەنمۇ ئۇنىڭ بۇنداق سەرىمەسلىكىگە بىرنېمە دېيىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتىم. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئەملى ئۆسۈپ، يانچۇقى پۇلغا توشۇۋاتقانلىقىنى سەزدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، خۇشامەتكارانە گەپلەرنى قىلغىلى

تۇردى:

— قانداق ئېھتىياجىڭ بولسا دەۋەرگىن، مەن ئەكىلىپ بېرەلەيمەن ياكى بىرىدىن ئەۋەتىمەن. كۆرۈشمەكچى بولساڭ، ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈمەن دەپ تەلەپ قىلساڭ، ماڭا يەتكۈزمەي قالمايدۇ. ھەرگىز تارتىنما، ئۆز بولغاندىكىن.

— بولىدۇ، تارتىنمىسام تارتىنماي، ئەمىسە. ماڭا شۇنداق بىر ئىشنى ئۇقۇشۇپ باقساڭ، بۇ ئىشقا ھۆكۈمەتنى ئارىلاشتۇرساڭ بۇزۇلىدۇ، شەخسىي مۇناسىۋىتىڭ بىلەن قىلىسەن، كۇچاردا ماڭا كاتىپ بولغان بىرسى بارىدى، مەن تۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقسەن، ئاندىن ئۇنىڭ دىرىكىنى ئالالىساڭ، ئۇنىڭدا مېنىڭ ئامانەتلىرىم بار، شۇلارنى دەپ بېرىمەن، سەن شۇلارنى ئېلىۋېلىپ، بەزىلىرىنى ماڭا ئەكىلىپ بېرىسەن. مەسىلەن: كىتاپلارنى.

— بولىدۇ، مەن سۈرۈشتۈرەي، بۇنى ھۆكۈمەتكە تاپىنىش كەتمەيلا قىلالايمەنغۇ، بۇنچىلىك ئىش دېگەننى، — دېدى ئۇ، — يەنە باشقا؟

— باشقا گەپ يوق.

— ھەي سابىت، ھەي سابىت، تولىمۇ بوينۇڭ قاتتىق ئادەم-دە، سەن، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — سەن تۈرمىدە ياتساڭ بىز بىئارام بولىدۇكەنمىز، دېگىنە.... گەپ ئاڭلىمىدىڭ ئەمەسمۇ ئۆز ۋاقتىدا...

— بىز دېگەندەك قىلغان بولساڭ، سېنىڭمۇ مەرتىۋەڭ ئۆسەتتى، ھازىر تۈرمىدە ئەمەس، ئەركىنلىكتە بولاتتىڭ، دېمەكچىمۇ؟ بۇ ماڭا يېڭىلىقمىدى؟ ئېسىڭدە بولسۇن، تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان بىر مەملىكەتتە بىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ يېرى ھەرقاچان تۈرمە. بىر مىللەتچىنىڭ جايىمۇ ھەرقاچان تۈرمە. بۇ ئاخىرقىسىمۇ ئەمەس، ئۇنىمۇ بىلىمەن. تۈرمىدە بولماسلىق ئۇچۇن يا سىڭگەن نانىنى يەيدىغان، ئادەتتىكى بىر جانلىق بولۇشۇڭ كېرەك، يا بولمىسا مۇناپىق بولۇشۇڭ كېرەك.

— ئەمما سېنى ۋەتەنپەرۋەرلىكىڭدىن تۇتتىمۇ، ئىلى تەرەپنىڭ ئادىمى دەپمۇ؟

— سەن ئۇ «تەرەپ»لىرىڭنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت، ھوشۇر، ئۇلارنىڭ

ھەممىسى ۋاقىتلىق، ھەرزامان يەڭگۈشلىنىپ تۇرۇدىغان نەرسىلەر. سىنىڭ تۇرمىدە بولماسلىقىڭ پەقەت زامان مەسىلىسى، ئەگەر مۇناپىق بولمىساڭلا.

— بۇ كوممۇنىستلار بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ، جۇما... ئاڭلىدىڭمۇ، مەسئۇد ئەپەندى رەئىس بولۇپتى، ئەخمەتجانلار چىچاڭلاپ تۇرالمايلا قالدى! ئەنە ئۇلارنىڭ مىللەت، مىللەت دېگىنى!

— ئەلۋەتتە، بۇ ئاجايىپ غەلىتە. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەيمەنغۇ، دۆلەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان قىممەت، سېنىڭ، ئۇنىڭ مەسىلەكلىرى ئۆتكۈنچى! مەسىلەن، ئەخمەتجان جاڭ جىجوڭ رەئىس بولغاندا مەيلى دېدى، قارا، نەقەدەر غەلىتە ئىش! ئەمما مەسئۇد رەئىس بولۇپتى، چىدىيالماي قالدى. خىتاي بولسا بولسۇنكى، قارشى پىكىردىكى ئۇيغۇر بولمىسۇن! بولمىسا جاڭ جىجوڭ كىم؟ ئۇمۇ ئوخشاشلا بىر گومىنداڭچى، ئوخشاشلا كوممۇنىست دۈشمىنى. ئۇ پەقەت دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن، مەسلەك دۈشمەنلىكىنى ئىككىنچى سىراغا چۈشۈرۈپ قويۇپ تۇرۇۋاتقانلا گەپ. ئەمما مەسئۇد ياكى ئەخمەدجان دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن مەسلەك خاپىلىقىنى ئىككىنچى سىراغا چۈشۈرۈپ قويۇپ تۇرۇشقا ئۇنىمايدۇ. قارا بۇ بىمەنىلىكلەرگە! خاتانىڭ قەيەردىلىكىگە ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ باق، ھوشۇر.

— سەن يەنىلا شۇ سابىت،... — دېدى ئۇ باش چايقاپ.

— سەنمۇ شۇ. شۇنچە كۆپ پاكىتلار ئالدىدا يەنە شۇ پېتىڭ.

— بوپتۇ، مەن يەنە كېلىمەن. ئاۋۇ ئىشلىرىڭدىن خەۋەر ئالالىسام كېلىمەن.

— ماڭا بىر ئاز كىتاپ ئەكىلىپ بەرگەن بولساڭ ياكى ئەۋەتسەڭمۇ بولىدۇ. بۈگۈن ئەتە ئىچىدە. ۋاقىت بوشقا ئۆتسە ئۆمۈرنىڭ سورىقى بار.

— بۇ قېتىم ئەمدى ساڭا ئېنگىلىسچە ئۆگۈتۈدىغان بىرەرسى يوقمىكەن؟

— ئەپسۇسكى يوقكەن، بۇ قېتىمقىسى تازىمۇ مەنىسىز بولۇۋاتىدۇ. تالادا نېمە يېڭىلىقلار؟

— ئۈچ ئەپەندى بىر سىياسىي پارتىيە قۇرۇشنى ئويلۇشۇپ، بۇنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈش، پروگراممىسىنى يېزىشنى مېنىڭ باجام ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ھاجى ياقۇپ، پولات قادىرىلارغا تاپشۇرغان ئىكەن، ئۇلار تۈركىيەنىڭ پارتىيىلىرىنىڭ پروگراممىلىرى ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى ئۆرنەك ئېلىپ، يېزىپ چىقىپتۇ. كېيىن بۇنى ئاپىرىپ ئىساغا كۆرسەتكەن

ئىدى، ئىسا ئەپەندى خاپا بولۇپ كەتتى.

— نېمىسى ياقماي قاپتۇ؟

— ئۇلار ئۇنى مۇستەقىل بىر دۆلەتنىڭ پارتىيىسىدەك، شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل دۆلەت ئورنىغا قويۇپ يېزىشىپتۇ. شۇنىڭغا خاپا بولدى. «ئوغلۇم، بىز مۇستەقىللىق تەلىپىدە ئەمەس، مۇختارىيەت تەلىپىدىمىز، شۇڭا بۇنى مۇشۇ مەزمۇندا يېزىشىڭ كېرەك[1]» دېدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ بىرئاز بۇنىڭغا گەپ قوشتى: «كىرىش سۆزى مۇستەقىللىق خاھىشىدا بولۇپتۇ، بۇنى تۈزۈتۈپ ئالىي مۇختارىيەتقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇڭ. بۇنىڭغا كۆرە خىتايلار دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيەگە مەسئۇل بولۇدۇغان بولسىمۇ، ئەگەر دىپلوماتىيە ئوبيېكتى بىرەر مۇسۇلمان دۆلەت بولغان ئەھۋالدا، باش ئەلچى خىتايدىن، مۇئاۋىنى ئۇيغۇردىن بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە بىر ماددا قوشۇش كېرەك» دېدى.

بۇ ئىشلارغا ھېچ ئىنكاس بىلدۈرمىدىم. پەقەت ئۆز گېپىمنى قىلدىم:

— كىتاپ ئەكەلسەڭ، سىلەرنىڭ ئۈچ مەسلىكىڭلارغا ئالاقىدارنى ئەكەلمە، كۇچاردا ئوقۇپ، چىقتىم ئۇنىڭدىن. كوممۇنىستلارنىڭكىنىمۇ ئەكەلمە ھەم ئەكەلمەيسەن. دىنىي كىتاپلار بولسا ئەكەل، تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر بولسىمۇ بولىدۇ. مەن بىلىدىغان تىللارنىڭ قايسىدا بولسا بولۇۋېرىدۇ.

— ماقۇل، — ئۇيغۇر ئادىل كۆڭۈلسىزغىنا ئايرىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىدىن غەش بولدى؟ بۇنىسىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى. مەندەك بىر يۇرتلۇقى، تۇققىنى تۈرمىدە بولۇپ قالغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولغانمىدۇ؟ بۇ ئېھتىمال ئىدى. ياكى نەسىھەتلىرىنىڭ ماڭا ئۆتمىگىنىگە، مېنى «ئادەم» قىلالمىغىنىغا كۆڭلى غەش بولغانمىدۇ؟ بۇمۇ ئېھتىمال ئىدى. ئەگەر ساقچى تەرەپ ئۇنى ماڭا نەسىھەت قىلدۇرۇشقا، مېنى بەزى نەرسىلەرگە ئىقرار قىلدۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسا، بۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلىقىنىڭ غەشلىكىمىدۇر يا؟ بۇمۇ ئېھتىمال ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىز بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، بىر قاندىن كەلگەن بولساقمۇ، بۈگۈن بىر - بىرىمىز بىلەن قارىمۇ - قارشى ئېقىمدا ئىدۇق. قىزىق يېرى ئوتتۇرىدا تالىشىدىغان مەنپەئەت يوق،

---

[1] ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن: «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» گە قارالسۇن، — ئا.

ئەكسىچە مەنپەئەت بىرلىكىمىز تۇرۇپ، قۇرۇق گەپ ئۇچۇن شۇنداق ئىدۇق. تەقدىرنىڭ غەلىتە چاخچىقى-دە بۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ماڭا بىر بولاق كىتاپ كەلدى. ئۇيغۇر گېپىدە تۇرۇپتۇ. كىتاپلارنىڭ ھەممىسى خىتايچە ئىكەن. بۇمۇ بىر خىل ئىپادە، مايىللىق ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئەمما تاپىلغىنىمدەك، ئۇنىڭ ئىچىدە گومىنداڭنىڭ بىر نېمىلىرى يوقكەن. بۇلار چەتئەل ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر بولۇپ، تەرجىمىسىنى ياخشى دېگىلى بولمايتى. ئۇ زامانلاردا خىتايلاردا تەرجىمە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، چەتئەل تىللىرى مۇرەككەپ گراماتىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە، خىتاي تىلى بولسا ناھايىتى ئىپتىدائىي فورمىدا توختاپ قالغان، پەقەت 4-ماي ھەركىتىدىن كېيىنلا گراماتىكا دېگەننى ئۇققاندىن كېيىن بەزى قائىدىلەر يېڭىدىن پەيدا بولغاچقا، تەرجىمىلەر كونا باگۇ ئۇسلۇبى بىلەن يېڭىلىقچىلارنىڭ ئۇسلۇبى ئارىسىدا جان تالاشقان ھالەت ئىپادىلەيتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئوقۇپ چۈشۈنۈش خېلى مۈشكۈل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قولايسىزلىقى تۈپەيلى شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەن كىتاپلارنىڭ ھەممىسى 15—20 يىل ئاۋۋال تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلىنغان كونا كىتاپلار ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ بىكار ياتقاندىن ياخشى ئىدى. خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە ئۇسلۇپتا يېزىلغان كىتاپلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنى چۈشۈنۈش ئاسانراق بولسىمۇ، شۇ خىتاي ھاياتى تەسۋىرلەنگەن قۇرلار ئادەمنىڭ جېنىنى سىقاتتى. خىتاي ئادەتلىرى، يالغان ئىپادىلەر، ... شۇنچىلىك بەدىنىمنى تىكەنلەشتۈرەتتىكى، ۋاي «ئىنسانلار!» دەۋېتەتتىم.

شۇ پېتى تۆرت ئاي كۆرۈنمىگەن ھوشۇر، بىر كۈنى پەيدا بولۇپ قالدى. ھەر ھالدا كەپتۇ. ماڭا ئىچ كىيىملەر، يەيدىغان نەرسىلەر، كىتاپلار ئېلىپ كەپتۇ. بۇ خېلى چوڭ ئىلتىپات ئىدى. ئەگەر ھوشۇر بولمىغان بولسا بۇ مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ئۈرۈمچى شەھرىدە مېنىڭ كىمىم بولاتتىكى مېنى يوقلاپ كەلگۈدەك.

— ھەي ئۇيغۇر ئادىل، ھەي ئۇيغۇر، خۇيما سېغىندۇردۇڭغۇ مېنى؟ بىرەر پىشكەل تارتىپ قالمىغانسەن؟ سەنغۇ ھازىر ئامىتىڭ كەلگەن بىر دەۋردەسەن،

ئەمما،...

— خىزمىتىم ئالدىراش بولۇپ، شۇ... — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ.

— يوقسۇ، يوقسۇ، كۆڭلۈڭگە ئالما، مۇنداقلا چېقىشىپ دەپ قويدۇم. كەلمىسەڭمۇ نېمە دېيەلەيتتىم؟ يا سەن ماڭا قەرزدار بولمىساڭ.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، بىز يات بولمىغاندىكىن، قەرزىممۇ يوق ئەمەس،...

— شۇنچىلىك ئويلىغان بولساڭ، ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن، خوش، گەپ قىلە.

— كۇچاردىكى كاتىبىڭ ئايالمىدى؟

— ھە، كۆپ گەپ سورۇماي، ئاڭلىغىنىڭنى بايان قىلىۋەر.

— شۇنداقمۇ-يا؟ ھە، بىر ئايالكەن، سەن نېمانداق پۇختا نېمە سەن ھە! غىلىڭ قىلىپ تىنىپمۇ قويماپسەن. سەن تۇتۇلغاندىن كېيىنلا ئۇ ئۇرۇمچىگە كەتكەن دېگەن ئۇچۇرنى ئالدىم. ئاندىن ئۇنى ئۇرۇمچىدىن تېپىش تەسكە توختىدى.

— نېمە دەيسەن؟ مەندىن كېيىنلا ئۇ ئۇرۇمچىگە كېتىپتۇ؟ ئۆزىمۇ؟ يا ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەلتۈرۈپتۇمۇ؟

— ئۆزى دېسەكمۇ بولىدۇ، يەنى،...

— نېمە دېگەن گەپ ئۇ، «دېسەكمۇ بولىدۇ»؟ دېمىسەكمۇ بولىدىغان تەرىپى قايسى بۇنىڭ؟ — مەن خەلىچەمنىڭ ئارقىدىنلا ئۇرۇمچىگە كەلگەن تۇرۇپ مۇشۇ چاغقىچە مېنى يوقلىمىغىنىغا بەكلا ئاچچىقىم، توغرىسى بىرئاز .... نېمە دېسەم بولىدىكىن...

— خىزمىتى مۇشۇ تەرەپكە يۆتكەلگەندەك، شۇنداق كەپتۇ.

— قەيەردە ئىشلەۋېتىپتۇ؟

— ساڭا بۇنى قانداق ئۇقتۇرۇشۇمنىمۇ بىلمەيمەن، — ھوشۇر كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولغان ھالدا ئۇياق - بۇياققا قارىۋېتىپ، — ئاغزىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن، ئۇ.. ئۇ جۈنتوڭنىڭ[1] ئادىمىدەك قىلىدۇ...

---

[1] جۈنتوڭ — خىتايچە 军统 ھەربىي سىستېما. گومىنداڭ جاسۇسلۇق ئورگىنىنىڭ ھەربىي سىستېمىدىكىسى، — ئا.

— نېمە؟!

— شۇنداق. سېنىڭ مانا مۇشۇنداق چەكچىيىپ ياقامغا ئېسىلىشىڭنى بىلگەچكە، راۋىرۇس ئىشەنچ قىلمىغۇچە كەلمەي دېدىم. ئۇنى دەرھال تاپقانتىم، ئەمما، مۇناسىۋەتلىرىنى كۈزەتتىم.

— ئۇنى تاپقاندىلا مېنىڭ ھاۋالەمنى دېمەستىن نېمىشقا كۈزىتىپ كەتتىڭ؟

— سەن بىلەن ئۇ قەدەر يېقىنلىقىمنى تېگى - تەكتىنى بىلمىگەن بىرسىگە دەيدىغان زامانمۇ بۇ؟ كۈزەتتىم. قارىسام ساپلا يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئارىلىشىدىغاندەك قىلىدۇ. ئاشكارە سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان بىر تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى بارىكەن،... كېيىن ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى سالاھىيىتىمنى ئىشلىتىپ بىرسىدىن سورۇدۇم، تەستىقلىدى. گۇمانىم توغرىكەن!

يۈرىكۈمنى بىر نەرسە قاتتىق قاماللىۋالغاندەك تۈگۈلۈپلا كەتتىم. ھوشۇرنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكى قۇلۇقۇمغا كىرمىدى. بىركەمدە ھوشۇر خوشلاشتى. نېمىلەر دېگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن. كامېرىغا قايتىپ كىرىپ، ئۆزەمنى ئورنۇمغا تاشلاپ يېتىپ، سوقۇرئۈچەي بولۇپ قالغاندەك تولغۇشاتتىم. ماشا ئەلەم قىلغىنى ئۇنىڭ ماشا بولغان سۆيگۈسىنىڭ ساختىلىقى ئىدى. ئەگەر ئۇ ۋەزىپە ئېھتىياجى بولمىسا ماشا تەگمەيدىكەن-دە! ئۇ ئەسلىدىلا ماشا تېگىش ئۈچۈن ھازىرلاپ قويۇلغان قاپقان ئىكەن، مەنمۇ دەل ئۇستىگىلا بېسىپتىمەن!

بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىش ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. شۇڭا ھوشۇر كېيىنكى قېتىم كەلگەندە يەنىلا بۇ ھەقتىكى تەلىپىمنى ئېيتتىم:

— نېمىلىكى بولمىسۇن، سەن ئۇنىڭ ماشا ساتقىنلىق قىلغانلىقى ياكى مېنى مەخسۇس كۈزۈتۈشكە بەلگىلەنگەن جاسۇس ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىن. ماشا دەيدىغان گېپى بولسا يەتكۈزۈپ قويۇدۇغانلىقىڭنى دە، ماشا بېرىدىغان ئامانەتلەر بولسا بېرىپ قويالايدىغانلىقىڭنى دە... — دەپ قىستىدىم.

— ئۇ خەق بەك گۇمانخور كېلىدۇ، ماشا چاتىقى يەتمىسۇن دەيمەن،... — دەپ تىل چاينىدى ھوشۇر.

بىراق مېنىڭ بەك چىڭ تۇرۇۋېلىشىم نەتىجىسىدە ماقۇل دېگەن بولسىمۇ، بۇنى راست قىلىشىغا ئىشەنچ قىلالمىدىم.

يەنە ئاشۇنداق ئۇزاق يوقاپ كېتىپ، يىل ئاخىرلىرىدا كەلدى.

— «دەيدىغان ھېچ گېپىم يوق، ئۇ بىر پەردە ئويۇن ئىدى، ئويۇن ئاخىرلاشتى»، دېدى، — ھوشۇرنىڭ ئېلىپ كەلگەن جاۋابى شۇنداق بولدى. بۇ راستىنلا خەلىچەمنىڭ جاۋابىمۇ؟ ياكى ئۇ ئۆزى كۆرۈشۈشكە خوشياقماي، يوتىغا ئۇرۇپلا تاپتىمۇ؟ بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

— ئامانەتلەر ھەققىدە نېمە دېدى؟ — چىداپ تۇرۇپ سوئالنى داۋام قىلدىم.

— ھە ئۇنىمۇ سورۇدۇم. ئۇ ھەقتە «ئامانەت دەپ كەتكۈدەك نېمىكەن ئۇ؟ بىر توپ ئەسكى - بۇسكى كىتاپلارمۇ؟ شۇ قالغان يېرىدە قالدى، مەن شۇلارنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەكمىشمەنمۇ؟!» دېدى.

ئەمدى مېنىڭ دەيدىغان سۆزۈم قالمىدى. پىرقىراۋاتقان بېشىمنى بىردەم تۇتۇپ، ئۆزەمنى تىزگىنلىدىم. بۇ ئازاپلىق ئىش مېنى خېلى كۈنلەر مەشغۇل قىلاتتى. شۇڭا ھازىر ھوشۇرنىڭ ئالدىدا بۇ ھەقتە تەكرار ئېغىز ئاچماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى باشقا ماۋزۇغا باشلىماقچى بولدۇم.

— ھە، بوپتۇ، بۇلاردىن ئۆتتۇق، قوي بۇنى. تالادا نېمە يېڭىلىقلار؟

— غۇلجا ۋە رۇسلارنىڭ بېسىمى ئالدىدا بىزنىڭكىلەر يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى پارتىيىمىزنىڭ ئىچكىرىدىكى ۋەزىيىتى بەك يامان؛ ئومۇميۈزلۈك مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈپ قاپتۇ. مۇشۇنداق ئومۇمىي پاسسىپ ۋەزىيەتتە ئىلى تەرەپنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەزى يول قويۇشلارغا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئوخشايمىز. مەسئۇد ئەپەندى رەئىسلىكتىن قالدىغان بولدى. بۇرھان شەھىدىنىڭ رەئىس بولۇشى ھەققىدە مىش - مىشلار بار. ئەمدى يەنە كوممۇنىستلارغا ياخشىچاق سىياسەت دەۋرى كېلىۋاتقاندەك، بەلكىم بۇ ھالدا سەن چىقىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

ئۇيغۇر ئادىل كەتكەندىن كېيىن بۇ سۆھبەتتىكى بولۇنغان گەپلەرنى ئويلاپ ياتتىم. ئۇيقۇم كەلمىگەنسېرى خىياللىرىمغا كەچمىگەن قالمايتى. خەلىچەمنىڭ ئىللىق تېنىدىكى ھارارەتنى ئەسلەشكە تىرىشتىم. لېكىن بۇ ھارارەت ئەسلىمەمدىن غايىپ بولۇشقا يۈزلەنگەندەكمۇ قىلاتتى. يەنە بىر

تەرەپتىن، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم بىلەن كېيىن بۇ ھەقتە ئۇققانلىرىمنى بىلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۇنى ئەسلەشتىن قەستەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇۋاتامدىمەن يا؟ دەپمۇ گۇمان قىلدىم. قەلبىم گاھ ئاچ بۆرىدەك ھۆكۈرەيتى. بۇ ھۆكۈرەش ئۇنى دەسلەپ كۆرگەن چېغىمدىكى قەلبىمنىڭ ساداسىغا ئوخشىمايتى. ئۇ چاغدىكىسى بىر خىل يېقىملىق، لەززەتلىك ئاچلىقتىن ئىدى؛ ھازىرقىسى بولسا ئاللىنېمىنى ئىچىمگە پاتۇرالماسلىقتىن بولۇۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىمدا يىنىك تىنىپ ياتقان چاغدىكى بەدىنىنىڭ ھاraرىتىنى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ قېرىپ كەتكەن چاغدىكى ھالىتىنى ئىنتايىن تېز سۈرەتتە قايتا - قايتا تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئۇنىڭ تەنلىرى سولاشقان، قوللىرىغا ۋە ئاشۇ كەھرىۋادەك سۈزۈك بويۇنلىرىغا قېرىلىق داغلىرى چۈ شىكەن، لەۋلىرىنىڭ ئۈستى قورۇلۇپ كەتكەن، پۇتلىرى ئىگىلىپ، قىسقىراپ كەتكەن... ئەڭ ئاخىرىدا ھەتتا ئۇنىڭ گۆردىكى ھالىتىنى، مەن تەلۋىلەرچە ئاشىق بولغان ئاشۇ بەدىنىدىن يىلانلارنىڭ سويلاپ ئۆتۈشلىرىنى، كۆزلىرىدە قۇرۇتلارنىڭ مىغىلداشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. دېمەك، يەنە نەچچە ئون يىلدىن كېيىن مېنىڭ كۆيگەن نەرسەم بىر چىرىپ كەتكەن جەسەت بولاتتى. پەقەت ۋاقىت پەرقىلا ئۇنى ماڭا گۈزەل كۆرسىتىپ تۇرغان، مەن بولسام ئوتتۇز يا قىرىق يىلدىن كېيىنكى چىرىگەن جەسەت ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىلىۋاتاتتىم.

يەنە شۇنىڭغىمۇ ئىقرارمەنكى، بۇ ئويلىغانلىرىم قاتتىق يېڭىلىشتىن كېيىنكى ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللىي ئۈچۈن ئىدى. بۇ قاتتىق يېڭىلىش ئېلىپ كەلگەن مەغلۇبىيەت ئازابى، ئۆتتۈرۈپ قويغۇچىنىڭ يۈرىكىنى قاماللىۋالغان ئىچ كۆيىكىگە ئوخشايتى. ئۇنىڭدا قىلمىشقا پۇشايماندىنمۇ كۆپرەك ئاخىرقى نەتىجىدىن كەلگەن ھەسرەت، نادامەت يوشۇرۇنغان ئىدى. بۇ ئويلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئېلىپ كەلگەن باشقا خەۋەرلەرنى قايتىدىن ۋاراقلاشقا تىرىشتىم.

ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن بىشارەتلىرىدىكى مېنىڭ ئەركىنلىككە چىققىشىمدىن باشقىسىنى بەكمۇ خۇشاللىنارلىق دەپ كەتكىلى بولمايتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭ گومىنداڭ تەرەپنى «پارتىيىمىز» دېيىشلىرى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەققىدە «مىز» دەپ سۆزلەشلىرى غىجىقىمنى كەلتۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنى گويا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىر پارچىسى ھېساپلايتى. نۇرغۇن يىللار

ئىلگىرى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئىنسانىيەتسىزلىكلەر، ياۋايىلىق ۋە باشقىلارنى ئازاپلاشتىن ھوزۇرلىنىشتەك كوللىكتىپ روھىي نورمالسىزلىقلارنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ھوشۇر ھېدى مۇشۇ ئىدى! ئۇ خىتايلارنىڭ كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان قۇللۇق قاراشلىرىنى، كوڭزىنىڭ غەيرىي ئىنسانىي تەلىماتلىرىنى بىزگە مەسخىرىلىك سۆزلەپ بېرىدىغان ھوشۇر مانا ئەمدى بىردىنلا ئاشۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۆپكى ئەخلاق مىزانلىرىنى نەچچە مىڭ يىللاپ كۆزگە ئىلمەي كەلگەن خەلقنىڭ مىللەتچى پارتىيىسىنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتاتتى. ۋاي ھوشۇر، سېنىڭ ئۇيغۇر بولغىنىڭ قېنى؟

ۋەزىيەتنىڭ تېز ئۆزگىرىۋاتقان زامانلىرى ئىدى. تۈرمىدىن چىقىشقا بولغان تەشنالىقىمدىن، ھوشۇرنى كۈتۈپ كۆزۈم تېشىلگىدەك بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۈمىت بەرگۈچى شەپىلەرنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىدىم. ھۆشۇر يېڭى يىلنىڭ بېشىدا كەلدى. سالام ـ سائەتلەردىن كېيىنلا، قۇرۇق تەكەللۇپ گەپلەرنى سوزۇپ ئولتۇرماي، شورۇقلۇقچە تومتاقلىقىم بىلەن دەرھال قىزىقىشلىرىمغا ئۆتتۈم:

ــ تالادا نېمە يېڭىلىقلار؟

ــ كۈتۈلگىنىدەك، بۇرھان رەئىس بولدى. ئىسانىڭ باش كاتىپلىقى تۈگىشى بىلەنلا، مېنىڭ كاتىپلىقىممۇ تۈگىدى. مۇئەللىملىكىمدە قالدىم.

ــ خوش، بىز بىلىدىغانلارنىڭ ئىشلىرىدا نېمە يېڭىلىقلار؟

ــ بۇرھان رەئىس بولۇپلا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن پولات قادىرنى «شىنجاڭ گېزىتى»دىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتتى؛ ئورنىغا ئاشۇر ئەلى دېگەن بىرىنى قويدى. مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا بولسا ئاشۇر ئەلىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، بۇرھان بىلەن قېرىشىپ قالدى. قۇربان قوداي چىقىرىۋاتقان «يالقۇن» گېزىتى تاقىۋېتىلدى. ئۇنى سوۋېت دۈشمەنلىكى تېرىيدۇ، دۆلەت مۇناسىۋىتىنى بۇزۇۋاتىدۇ دەپ جىنايەت ئارتتى. ھاجى ياقۇپ ئاقسۇغا كەتكەنتى، بۇرھان ئۇنى چاقىرتىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئۇنى قويماقچى بولۇپتۇ. ئەمما ئۇ رەت قىلغانمىش. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، ئەمما ھاجى ياقۇپنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىش تەس.

ــ ئۇمۇ سىلەردىن بىرىغۇ؟ نېمىشكە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيسەن؟ ــ دېدىم قەستەن. ئەمەلىيەتتە زىيالىلارنىڭ ھەممىسىلا ھاجى ياقۇپقا ئىشەنچ قىلمايتى.

بۇنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سەۋەبى، ئۇنى ئانىسى خىتاي دەپ بەدنىمىز تىكەنلىشەتتى.

— شۇنداقتەككۇ قىلىدۇ، ئەمما شۇ خىتاينىڭ بالىسى-دە.

ئۇيغۇر ئادىل دەپ كەلگەن بىشارەتلەر راست بولۇپ چىقتى. 1949-يىلىنىڭ بېشىدا  مەندەك سىياسىي جىنايەتچىلەر يەنە بىر قېتىم ئازاتلىققا چىقتى. بۇ ئىش ئۈرۈمچىدە شۇنداق بولدى. جايلاردىمۇ شۇنداق بولدىمۇ، بىرنېمە دېيىش تەس. چۈنكى ئۈرۈمچىدە رۇسلار، غۇلجا تەرەپنىڭ كۆزى بولغاچقا، بۇ يەردە كۆز بوياش خاراكتېرىدە سىمۋوللۇق قويۇپ بېرىشلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئىسانىڭ باش كاتىپلىقى تۈگەش بىلەنلا، ئۇيغۇرنىڭ ئىساغا خۇسۇسىي كاتىپلىق ئىشىمۇ تۈگىگەچكە، ئۇنىڭ ھالىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە گىمنازىيىدە بىللە ئىشلىدۇق. ماڭا يەنە ئىنىستىتۇتتىن تەكلىپ كەلدى. جاھان تازىمۇ قالايمىقان ئىدى. كوچا-كوتاڭدىكى گەپ چۆچەكلەر تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغانلىقى ھەققىدە گەپلەر خېلى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭلاشقا كوممۇنىست مەپكۇرىسىدىكىلەر خۇددى ئۆزلىرىگە تاڭ ئېتىۋاتقاندەك تېرىسىگە پاتماي قېلىشىۋاتاتتى. گومىنداڭچىلانىڭ بېشى چۈشۈپلا كەتكەنىدى. «يالقۇن» گېزىتى تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن ئالتاي نەشرىياتى «يۇرت» گېزىتىنى چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ گېزىت ئىلگىرى مەسئۇد ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان، شۇ چاغدا مەركەزنىڭ رۇخسىتى بىلەن چىققان ئىدى. مەسئۇد ئەپەندى گېزىتنىڭ رۇخسەتنامىسىنى ھېلىمۇ ساقلاپ يۈرگەچكە، بۇرھان ھۆكۈمىتى بۇ گېزىتنى تاقاشقا چارىسىز قالدى.

بۇ مەزگىلدىكى نەشرىياتلاردا ئۇيغۇرلار خۇددى ئىت تالىشىغا ئوخشاش ھالدا ئىدى. سوۋېتپەرەستلەر، كوممۇنىستپەرەستلەر، ئۈچ مەسىلەكچىلەر، يەرلىك دىنىي گورۇھلار، تەرەپسىز مۇستەقىللىق خاھىشىدىكىلەرنىڭ قەلەم كۈرىشى ئەۋجىگە چىققانىدى. سوۋېتپەرەست كوممۇنىستلار قارشى تەرەپنى جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىسى، غالچىلار دەپ تىللايتى؛ ئۈچ مەسىلەكچىلەر ئۇلارنى قىزىل پاچاقلار، رۇس مالايلىرى دەپ ھاقارەت قىلاتتى. مېنىڭ شۇئارىم بىر خىللا بولغاچقا مەن

ھېچ تەرەپكە ئائىت بولمىدۇم. شۇڭا ھەر خىل گېزىتلەردە ھەر خىل تەخەللۇس قوللىنىپ ماقالە ئېلان قىلاتتىم. ماقالىلىرىم تەرەپلەرنىڭ جىدىلىگە مۇناسىۋەتسىز ھالدا ۋەتەن، مىللەت تېمىلىرىدىكى ئۆزگەرمەس قىممەتلەر ھەققىدە بىلىم خاراكتېرىدە ئىدى. خۇددى بىرلەشمە ھۆكۈمەت دەۋرىدە ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى تەرەپكە تارتىشقا ئۇرۇنغاندەك شۇئاندىمۇ تەرەپلەر مېنى بوش قويۇشمايتى. ئۆز تەرىپىگە قوشۇلۇشقا، ئۆز مەپكۇرىلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا ھارماي ـ تالماي غەيرەت كۆرسىتىشتى. مەن ئوخشاشلا بىر گەپنى تەكرارلايتتىم.

مەتبۇئاتتا ئاشكارە كوممۇنىست مەپكۇرىسىدىكى نەرسىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇيغۇر بىلەن رېھىمىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئىسا ئەپەندى ئامېرىكا كونسۇلىغا بېرىپ، ياردەم تەلەپ قىپتۇمىش. ئامېرىكىلىقلار يالتادا ئېلىنغان قارارنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا نارازەت قىلىدىكەن. خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشقا ۋەدە قىلغان بولغاچقا، بۇنداق بىر ھەركەتكە ياردەم قىلالماسمىش. ئەمما ئىسا ئەپەندى گومىنداڭ ئىستىخباراتى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ئۇچۇرلارغا كۆرە مۇئاۋىن كونسۇل دوگلاس مەكىرنەننىڭ[1] ئوسمان ئىسلامنىڭ لاگېرىغا بارغانلىقى ۋە يېنىدا ئېلىپ بارغان ئالتۇن ۋە رادىئو ئىستانسىيىنى ئوسمانغا بېرىپ كەلگەنلىكىنى بىلىدىكەن، شۇڭا، ئامېرىكىلىقلار ئوسمانغا ياردەم بېرىۋاتقان تۇرۇقلۇق، بىزنىڭ تەلىپىمىزنى نېمىشكە رەت قىلىدۇ، دەپ خاپا بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەنە شۇنىڭدىنمۇ بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىشىڭ كېرەكتى، ئۇيغۇر، — دېدىم مەن، — ئامېرىكا ئوسماننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق روھىنى ياخشى كۆرۈپ ياردەم بېرىشنى لايىق دەپ قاراپتۇ؛ سېنىڭ رەئىسلىرىڭنىڭ تەسلىمچىلىك تۇتۇمى ئۇلارغا يارىمىسا كېرەك.

---

[1] دوگلاس سەيمور مەكىرنەن — (Douglas Seymour Mackirnan)— ئەسلى ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ جاسۇسى بولۇپ، مۇئاۋىن كونسۇل نامىدا ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلگەن. ئەسلى ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو پىلانى ھەققىدە ئاخبارات توپلاش ئىدى. ئۇ كونسۇل جون پاكستون 1949-يىلى نويابىردا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنى يىغىشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ قالغان. 1950 - يىلى ئاپرىلدا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغان. ئۇ ھىمالايا ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈشنى نىشان قىلغان ئىدى. ئەمما 29-ئاپرىلدا تىبەت چېگرا قاراۋۇللىرى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان، — ئا.

ئۇيغۇرنىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى.

كوممۇنىست خىتاي ئارمىيىسى شىنجاڭنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، (1949- يىلى، مايدا) گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىشلىرى ئوتتۇرا مەركىزىي ۋە ماخۇفاڭنى غەربىي-شىمالنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا مۇۋەققەت تەيىنلىدى. 7- ئايدا رەسمىي تەيىنلىدى. ئۇنىڭ جىيەنى ما چىڭشياڭ ئۇرۇمچىدە گېنېرال ئىدى.

بىر كۈنى رىھىم بىلەن ئۇيغۇر كېلىپ مېنىڭ يانىمدا ئولتۇرۇپ، ئاخشامقىچە ۋەزىيەت ھەققىدە پاراڭلىشىپ كەتتۇق.

— ئىسا ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، — دېدى ئۇيغۇر، — مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەگەر كوممۇنىستلاردىن يېڭىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن تەقدىردە، ۋەتىنىمىزنى كوممۇنىستلاردىن ئىبارەت بۇ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي دۈشمىنىگە قالدۇرغاندىن كۆرە، «مانا ساڭا!» دېگەن تەقلىتتە، مۇستەقىللىقىمىزنى بېرىۋېتىشى مۇمكىنكەن[①].

— يوقنى يەپسەن! ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن! — دېدىم ئۆزەمنى تۇتالماي. ئۇلارنىڭ بۇنچىۋالا ھاماقەتلىكىنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمايتىم، — ئۇلار دېگەن «ھارۋىدا توشقان ئالىدىغان خىتاي»! ئېسىڭلاردا بولسۇن! بىز «ئايلامباش ئۇيغۇرلار»دەك ھاماقەتمۇ خەق؟ مەيكۈرلەرنى دەپ، مىللىي مەنپەئەتنى قۇربان بېرەمدۇ؟ بۇنداق يوقنى بىز يەيمىز، بىز!

ئىككىسى جىم بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ قايىل بولغانلىقى ئەمەس ئىدى. بىز خەق ھامان شۇنداق، قارشى قويغۇدەك گېپىمىز قالمىسىمۇ قايىل بولۇشنى، ئېتىراپ قىلىشنى خالىماي، گەدەننىڭ قاتتىقلىقىنى قىلىپ، ھېچ ئاساسسىز ھالدا ئۆز خاتامىزدا تۇرۇۋېرىمىز.

يەنە شۇ ئۇيغۇرنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىگە قارىغاندا ئىسا ئەپەندى بىر ھەيئەت بىلەن لەنجۇغا بېرىپ، مابوفاڭنىڭ يېڭى مەنسىپىنى تەبرىكلەپ كېلىدىكەن. ئەسلى مەقسەت بولسا بۇ باھانە بىلەن بېرىپ، ئۇنىڭدىن

---

[①] بۇ مەزمۇن ئۇچۇن ئىسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» نامىلىق كىتابى 521 ـ بەتكە قارالسۇن، — ئا.

كوممۇنىست پەرەست تاۋسىيۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جىيەنى ماچىڭشاڭنى ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلەشنى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىكى قوراللارنىڭ يېرىمىنى يەرلىكلەرگە بېرىشنى، شۇنداق قىلىپ، كوممۇنىستلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشتىن توساشنى تەلەپ قىلماقچىكەن. ئەگەر گومىنداڭ تەيۋەنگە چېكىنگەن تەقدىردىمۇ، شەرقىي تۈركىستان كوممۇنىستلارغا ئەمەس، تەيۋەندىكى گومىنداڭغا قاراشلىق مۇختارىيات بولۇپ قالىدىكەن، دېگەن ئۈمىتلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورۇماقچىكەن.

مەن بۇ تەلەپلەرنىڭمۇ بىرەر ئىجابىي نەتىجە بېرىشىگە ئىشەنچ قىلمايتىم. «تىلى بىرنىڭ دىلى بىر» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان، تىل بىرلىكىدىن مۇقەررەر ھالدا بىر ھېسسىيات بىرلىكى، تەقدىرداشلىق تۇيغۇسى شەكىللىنىدىغان گەپ. دەل شۇنداق بولغاچقا، تۇڭگانلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى يىقىتىشتا خىزمەت كۆرسەتمىدىمۇ؟

ئىسا لەنجۇغا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا، ئالتاي نەشرىياتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ھاجى ياقۇپقا بېرىپ كەتمەكچى بولغانىدى، ئەمما ئىبراھىم مۇتىئى ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. چۈنكى ئۇ بۇرھان رەئىس بولغاندىن كېيىن ئىستىتۇتتا مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ تەيىنلەنگەن بولغاچقا، خىزمىتى بەك بېسىق بولۇپ، ئالتاي نەشرىياتىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشالماي قالماقتىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەكلىپ بىردەك قوبۇل قىلىنىپ، ھاجى ياقۇپ ئالتاي نەشرىياتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئەمما ھاجى ياقۇپ كېيىن بىزگە ئىبراھىم مۇتىئىنى داتلاپ:

— ئىبراھىم دېگەن ئاداش ئاجايىپ پۇختا جۇمۇ، دايىملا توپاننىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئالدىن بىلىۋالىدۇ، گاچچىدە ئۆزىنى قاشقا ئېلىپ، ئورنىغا باشقا بىرىنى تۇرغۇزۇپ قويالايدۇ، — دېدى.

— نېمىشكە مۇشۇ تەكلىپ ۋە مۇزاكىرىلەر بولۇۋاتقاندا بۇ گەپلەرنى قىلمىدىڭىز؟ قوبۇل قىلمىسىڭىز ئىدى؟

— چوڭ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا سەت تۇرمىسۇن دېدىم، قوبۇل قىلماسلىقىمۇ يۈزۈم چىدىمىدى، ۋەزىپىدىن قاچقاندەك بولۇپ قالماي، دەپ شۇ...

— ئۇنداق بولسا، يەنە شۇ چوڭلارنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى ھەر يەردە دەپ يۈرمەڭ.

بۇ مەزگىلدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرمۇ توپان ئۆتۈپ، جاھان سۈزۈلگىچە، «ئۆردىكى ئۆردەك، غېرى غاز» بولۇپ ئايرىلغىچە بىرەر خاتا سەپتە كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن قىزىق قازاننىڭ بېشىدىن كېتىپ تۇراي دېدىمۇ، ئۈچتۇرپانغا كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كېتىشى ھەققىدىمۇ يەنە ھاجى ياقۇپ ئۆز مۇلاھىزىسىنى شۇ تەقلىتتە بايان قىلدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاتۇشتىن قۇمۇلغا كۆچۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ، ئۈچتۇرپاندا يەر - زېمىن، ئۆي - جاي سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسىغا تەۋە مۈلۈكلىرى ھېلىمۇ باردى.

ئىسا لەنجۇدىن 3- سىنتەبىردە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرىنى ماڭا يەنە ئۇيغۇر ئېلىپ كەلدى.

— گومىنداڭ تۈگەشكەن ئوخشايدۇ، شۇنداق ئەھۋالدىمۇ، مابوفاڭ بىزگە ياردەم قىلىشقا ئىككىلىنىپتۇ. ھەتتا تەيۋەنگە قارايدىغان ئالى مۇختارىيات بولۇش ھەققىدىكى تەلەپنى مەركەزگە يوللىماستىن بىرنېمە دېيەلمەيمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ، مەركەزگە تېلېگرامما بىلەن بىلدۈرۈپتۇ. كەلگەن جاۋاپتا ئېنىق قىلىپ، ھەرقانداق تىپتىكى مۇختارىيات، ئاپتونومىيە دېگەنلەرگە يول قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ رەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسا ئەپەندى ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەپتۇ، — دېدى ئۇيغۇر.

مەن ئۇنىڭغا ئۆتكەنكى، گەپلىرى ئۈچۈن «ھە قانداقكەن؟» دېگەندەك تاپا-تەنىلەردە بولۇشنى لايىق كۆرمىدىم. پەقەت:

— ئەپەندىلەر بىرەر باشقا تەدبىر ئويلىشىۋاتامدۇ، ياكى تەقدىرنىڭ شامىلى قاياققا تاشلاركىن دەپ كۈتۈپ ياتتىمۇ؟

— ماچىڭشياڭ بىلەن كۆرۈشۈۋاتىدۇ، نېمە بولاركىن.

— ماچىڭشياڭ قاتارلىق ھۆكۈمەتكە سادىق گېنېراللار ئىسيان كۆتۈرۈشنى دېيىشىۋاتاتتى. ئۇلار تاۋسىيۇ، بۇرھان قاتارلىق 70 كىشىلىك بىر ئۆلۈم تىزىملىكى ھازىرلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىلانى بويىچە، دەرھال مۇستەقىللىق جاكارلاپ، مۇھەممەد ئېمىن ئەپەندىنى رەئىس قىلىش، ھەربىي ھوقۇقنى ماچىڭشياڭ تۇتۇش، دەرھال ئەسكەر توپلاش قاتارلىق ئىشلارنى

مۇزاكىرە قىلىشىپتۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن ئىسا ۋە مۇھەممەد ئىمىنلەرنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ، ھۆكۈمەتكە سادىق 150 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننىڭ ھازىر ئىكەنلىكىنى، يەنە يەرلىكلەردىن جىددىي ئەسكەر توپلاپ، قوراللاندۇرۇشنى ئېيتىپتۇ، — دەپ گەپ قاتتى رېھىم.

— يەنە قۇتۇبىدا بىر ھەربىي مەكتەپ قۇرۇپ، دەرھال بىرنەچچە يۈز ئوفىتسېر تەربىيىلەپ، ئاندىن يەرلىكلەردىن بىر دىۋىزىيە تەشكىل قىلىش نىيىتىمۇ باركەن، — دېدى ئۈيغۇر.

— ئاۋۇ مۇزاكىرىنىڭ ئاخىرى نېمە بوپتۇ؟ — دېدىم تۇڭگان گېنېرالنىڭ مەسلىھەتىگە قىزىقىپ.

— ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ چىقىپ، بارلىق كۈچنى توپلاپ، جەنۇبنى ساقلاپ قېلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاغى بۇلاق تاغلىرىنى مۇداپىئە لىنىيىسى قىلىش، باشەگمنى ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيىسى قىلىش. مانا بۇ يەردە كوممۇنىستلارنىڭ ئىستىلاچى ئارمىيىسىنى توسۇش قاتارلىق پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

— ئەپەندىلەر نېمە دەپتۇ؟

— ئەپەندىلەر «بىز ئۇرۇشقا قارشىمىز، كوممۇنىستلارنى توسۇۋالغان تەقدىردىمۇ، رۇسلار ئۇستىمىزگە غۇلجىدىكى مىللىي ئارمىيەنى ئەۋەتىدۇ، ئۈيغۇر قېنى تۆكۈلىدۇ. بىز بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمىز. نەتىجىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئۇرۇشقا قارشىمىز[①]» دەپتۇ. يەنە «گومىنداڭ 3 مىليون كىشىلىك ئارمىيىسى بىلەن توسىيالمىغان كوممۇنىست ئارمىيىسىنى 150 مىڭ ئەسكەر بىلەن توسقىلى بولامدۇ، ئەڭ ياخشى چارە يۇرتنى تەرك ئېتىش» دەپتۇ.

— ئېھ، قىممەتلىك ئۈيغۇر قېنى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم مەن.

— نېمە دېمەكچى سەن؟ — دېيىشتى ئۈيغۇر بىلەن رېھىم تەڭلا. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆز ئەپەندىلىرىنىڭ قارارى مۇتلەق توغرا، ھەرقاچان دانا ئىدى، شۇڭا مېنىڭ ھۇشقۇيتۇشۇمنى مەسخىرىمىكىن دەپ، سەزگۈرلۈك بىلەن تەڭلا تەرەپدارلىق بىلدۈرۈشكە تەق تۇرۇشۇۋاتاتتى.

---

① ئىسايۇسۇپ ئالپتېكىن: «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن»گە قارالسۇن، — ئا.

— ۋەتىنى ئۈچۈن تۆكۈلسە ئۇيغۇر قېنى بىكارمۇ كەتمەستى، ئاللاھنىڭ ئالدىدا دەرىجىسى يۈكسەك شېھىتلىككە نائىل بولاتتى، مەن ئەنسىرەيمەنكى، ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق قان ئۆز ئۆيىمىزدە، زىنداندا، ئىش يەرلىرىدە جازا لاگېرلىرىدا ئاقىدۇ، ھەم بۇنىسى تېخىمۇ بىھۇدە، تېخىمۇ پايدىسىز. ئاۋۇسىدا ھېچ بولمىسا بىر خىتاينى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈسەن؛ كېيىنكىسىدە خىتاينىڭ بۇرنىمۇ قانىمايدۇ، ئەمما بىزلەردىن لەكمىڭى چىۋىنچىلىكمۇ قەدرى بولماي ئىز - دېرەكسىز، نام - نىشانسىز تۈگەيدۇ، — دېدىم.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ — سورىدى ئۇيغۇر.

— سىلەر كوممۇنىستلارنى بەك يامان، بەك ئەسكى دېمەپمىدىڭلار؟ چۈشەنمەيلا دېگەنمىدىڭلار؟ كوممۇنىستلارنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇپ بېقىپراق دېگەن بولساڭلار بۇ گېپىمنى چۈشۈنەتتىڭلار. كوممۇنىست دېگەن فاشىستلاردىنمۇ ۋەھشىيراق. بۇنىڭغا خىتاي ۋەھشىيلىكى قوشۇلسا نېمە بولىدۇ؟ نەتىجە ئېنىق تۇرمامدۇ؟ شەرەپلىك ئۆلۈمنى رەت قىلساڭ، شەرمەندىلەرچە ئۆلۈشنى تاللىۋالغان بولىسەن شۇ.

ئۇلار جىمىپ كەتتى. ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، كوممۇنىستلارنىڭ ئىستىلاسى ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، باللا، — دېدىم مەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇيغۇر مەكتەپتە كۆرۈنمىدى، ئايالىدىن سورۇسام، قۇتۇبىغا كەتكەنمىش. بۇنىڭ ھېلىقى ھەربىي مەكتەپ بىلەن ئالاقىسى بولارمۇ؟ دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتىم، ئاخشامدا ئۇ ئۆزى كېلىپ قالدى.

— قۇتۇبىدا ئالدىراش بىر ھەربىي كۇرس ئېچىش مۇقىملاشتى. يەرلىكلەردىن تەشكىللىنىدىغان دىۋىزىيىگە ئوفىتسېر تەربىيىلەيدىكەنمىز. مەن شۇ يەرگە ئوقۇتقۇچىلۇققا تەيىنلەندىم. سەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم. شۇ پۇرسەتتە سەندىن كۇرسقا قاتنىشامسەن، دەپ سورىماقچىدىم.

— ۋاقتى كەلگەندە مەن ئوفىتسېر بولماي ئەسكەر بولساممۇ بولۇۋېرىدۇ، ئەمما مەن تۇڭگانلارنىڭ ۋاپا قىلىشىغا ئىشىنەلمەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر قۇتۇبىغا كۆچۈپ كەتتى. رېھىممۇ كېتىپتۇ. ئەمما ئۇن كۈنچە ئۆتۈپ قايتىپ كەلدى.

— خوش، نېمە بولدى؟

— ئىككى يۈزدەك ئوقۇغۇچى يىغىلىپتىكەن، ئەمدى ئوقۇش باشلىغانتۇق، بۇ ئىشنىڭمۇ ئاقمايدىغانلىقىنى ئويلۇشۇپتۇ. مىللىي دىۋىزىيەدىن ۋاز كېچىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۇرس تارقالدى، — دېدى ئۇ سولاشقان ھالدا، — تاۋسىيۇ «بۇ مەملىكەت ئايرىلىپ كەتمىسۇن، ئۇندىن كۆرە ئۆز مىللىتىمىزنىڭ قولىغا قالسۇن» دەپتۇمىش![1]

— ئەپەندىلەر ئەمدى قانداق قىلىدىغان بولۇۋاتىدۇ؟

— چەتئەلگە چىقىپ كېتىش تەييارلىقىدا. بىز ھەم شۇ. راستىنى دېسەم مەن بۇ ئىش بىلەن كەلدىم. سەنمۇ ئويلۇشۇپ باق. كېتىدىغان بولساڭ، سەنمۇ قېتىل.

كوممۇنىستلارغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى قېچىش تەييارلىقىغا چۈشتى. مەنمۇ بۇ گورۇپپىغا قېتىلدىم. گورۇپپىمىزدا مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا، ئىسا يۇسۇپ، ئۇيغۇر ئادىل، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر(ئۇچتۇرپاندا ئىدى، يولدىن ئېلىۋالىدىغان بولدۇق)، قۇربان قوداي، پولات قادىرى، چىڭگىزخان داموللا (ئۇمۇ بۈگۈرگە كەتكەن، ئۇنىمۇ يولدىن ئېلىۋالماقچى بولدۇق)، ھاجى ياقۇپ، رەۋۇيدۇللاھ ھەمدۇللاھ، ئېمىن ۋاھىدى، باي ئەزىزى، ئابدۇرېھىم قىلىچ، ساتتار بۇلبۇل، مۇخپۇل چوپان، خېۋىر تۆمۈر، ھەمدۇل قاۋان، مۇھەممەدىن توختى، نۇر مۇھەممەد (تۇڭگان) قاتارلىق 53 كىشى بولدى. سەپەر زاپخوزلۇقىغا رەۋۇيدۇللاھ ھەمدۇللاھ بەلگىلەندى. توپۇمۇزغا مەسئۇد سەبىرى قوشۇلمىدى. ئۇ قېچىش تەكلىپىگە: «يېشىم 70تە، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، بۇ يول ئاسان يول ئەمەس، سىلەرگە يۈك بولۇپ قالىمەن. مەن غۇربەتنى كۆرگەنمەن، ئۆلسەممۇ ۋەتىنىمدە ئۆلەي» دەپتۇمىش.

---

[1] ئىسا يۇسۇپ ئالپتېكىننىڭ «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» دېگەن كىتابىدا بۇ مەزمۇن شۇنداق شەكىلدە بېرىلگەن: «بۇ مەملىكەت رۇس ئىشغالىدا قالغاندىن كۆرە ئۆزىمىزنىڭ ئىرقداشلىرىغا قالسۇن» (534 ـ بەت)، كىتاپنىڭ ئاساسىي غايىسى خىتايلارنى ئەمەس، رۇسلارنى يامانلاش بولغاچقا شۇنداق دېيىلگەن بولۇشى كېرەك، چۈنكى تاۋسىيۇ رۇسلارنىڭ ئىشغال پىلانى يوقلۇقۇنى ئېنىق بىلەتتى. تارىخىي ئەمەلىيەتمۇ شۇندق. ئىسانىڭ «رۇسلار» دېمەكچى بولغىنىدا كۆزدە تۇتقىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپ ئىكەنلىكى ئېنىق، ئادەتتىمۇ ئۇلار ئىلى تەرەپنى رۇسلاردىن ئايرىپ تىلغا ئالغىلى ئۇنۇمايتى، ئىلى تەرەپ دېمەك رۇسلار دېمەك ئىدى، — ئا.

بۇ ئادەملەردىن ئىككىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتەي: ئابدۇرېھىم قىلىچ 40 ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، چوڭچىڭدا ئىستىخبارات مەكتىپىدە ئوقۇغان ئىدى. كېيىن ئۇنى ياپونىيىگە مەخپىي خىزمەت بىلەن ئەۋەتكەن. ياپونىيىدىن قايتىپ، مانجۇرىيىدە ياپونلار سىزىپ قېلىپ تۇتۇۋالغان. ئۇنى پويىز بىلەن باش شىتابقا ـــ چاڭچۈنگە ئەكىتىۋاتقاندا تېز پويىزنىڭ خالاسىنىڭ دەرىزىسىدىن سەكرەپ قېچىپ كەتكەن. ناھايىتى قارام، قورقۇمسىز كىشى ئىدى.

يەنە بىرى، تۇڭگان نۇر مۇھەممەد. سىبىرىيىدە رۇسلارنىڭ قولىدا ئەسىر ئىكەن، ئۈچ رۇس ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كەلگەن، ئۈرۈمچىدە پولات ـ تۆمۈر زاۋۇدىنىڭ مۇدىرى ئىدى.

سەپىرىمىز ئۈچۈن ماچىڭشىياڭ ئىككى يۈك ئاپتوموبىلى ھەل قىلىپ بەردى. يەنە يۈز تال مىلتىق، 10 مىڭ تال ئوق، ئىككى دانە پىلىمۇت، 500 تال قول بومبىسى بەرگەنىدى. بىز 1949ـ يىلى 20ـ سىنتەبىردە ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدۇق.

26ـ سىنتەبىردە بۇرھاننىڭ ماۋ زېدوڭغا تەسلىم تېلېگراممىسى يوللىغانلىقىنى، ۋەتەننى قارشىلىقسىز تاپشۇرۇدۇغانلىقىنى ئۇقتۇق.

يول ئۈستىدە بوگۇر ناھىيىسىدىن چىڭگىزخان دامولىلىنى ئېلىۋالدۇق. يەنە ئاقسۇغا كەلگەندە ئۈچتۇرپانغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچىنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيىتىدىن قېچىپ كەتكەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى چاقىرتتۇق. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى كۈتۈپ ئاقسۇدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بۇ جەرياندا قىزىق بىر ئىش يۈز بەردى. ئارقىمىزدىن كېلىۋاتقان يەنە بىر ماشىنىنىڭ ئاۋازىدىن ھۈركۈپ كەتكەن ھاجى ياقۇپ، يېنىدىكى تاپانچىنى ئالماقچى بولۇپ، تاسمىدا تۇرغۇزۇپلا تەپكىسىگە بارمىقىنى قويۇپ تارتقانمۇ، تاپانچا ئېتىلىپ كېتىپتۇ. ئوق ئاۋازىدىن ئۆرە تۆپە بولۇشۇپ سىرتقا چىقساق، ھاجى ياقۇپ:

ـــ بىرسى مېنى ئاتتى، ـــ دېدى.

ئۆيگە ئەكىردۇق، مۇھەررەم قارىنىڭ دوختۇر كۆيۇغلى تەكشۈرۈپ، ھېچنېمە بولماپتۇ، دېدى. كېيىن قارىساق ئېتىلغىنى ئۆزىنىڭ تاپانچىسى ئىكەن. بۇ قورال تۇتۇپ باقمىغان ئادەمنىڭ پالاكەتچىلىكىنى قارىمامدىغان! ئوق ئۇنىڭ

يانچۇقىدىكى كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ بىرنەچچىسىنى تېشىۋېتىپتۇ.

بىز تۈمشۇقتىن مارالۋېشى ئارقىلىق قەشقەرگە بارىدىغانغا توغرۇلانغىنىمىزدا مەن ئۇيغۇرغا قارىدىم. ئۇ غېمىدە يوق ئولتۇراتتى.

— ئۇيغۇر، يۇرتقا بىر باش تىقىپ، «خوش» دەپ مېڭىشقا تايىنىڭ قانداق؟

— دەپ سورۇدۇم ئۇنىڭ سەپەر هاردۇقىدىن ئېزىلىپ، ئۆمچەرەپ قالغان تۇرقىغا قاراپ، بىردىنلا ئىچىم ئاغرىپ.

— بىز هەجگە كېتىۋاتاتتۇقمۇ؟ يۇرتتىن قېچىۋاتىمىز، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، مەن ئۇنى يىغلىۋەتمىگىيدى دەپ ئەنسىرەپ كەتتىم. چۈنكى ماشىنا كوزۇپىدا قىستىلىشىپ ئولتۇرغان بۇرادەرلەرنىڭ هەممىسى ئاڭلاپ تۇراتتى، گەرچە ئۇلار ئۇخلاۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، — مۇشۇنداق چاغدا نېمە دەپ بارسەن؟ كىم بىلەن خوشلۇشۇسەن؟ ئانام بارمۇ؟ دادام بارمۇ؟ تۇققانلار؟ تۇققان دېگىنىڭمۇ شۇ سەندە بولسا يېقىن، بولمىسا سېغىنىپ كەتمەيدىغان بولۇدۇكەن...

ئۇنىڭ دېگەنلىرىغۇ راست. هەر ئىككىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز يوق. ئەمما مېنىڭ بىرلا نەرسەم ئارتۇق ئىدى: ئەگەر هايات بار بولسا بىر بالام بار ئىدى. كۆرمىگەنلىكىم، بىر مەزگىللىك ئورتاق كەچمىشىمىز بولمىغاچقىغۇ سېغىنىشىمۇ بولمايدىكەن، پەقەت قىزىقىشتىن بەزىدە بالام هايات بولسا قانداقراقكىنە، تۇرقى كىمگە ئوخشىدىكىن، ماڭىمۇ، ئانىسىغىمۇ؟ دەپ ئويلاپ قالاتتىم. شۇڭا هازىر ئەگەر ئۇيغۇر قىزغىنلىق بىلەن: «جۈرە كىرىپ ئۆتسەك ئۆتىلى، ئەتىسى قەشقەردە يەنە تېپىشىۋالارمىز» دېگەن بولسا مەن يولنى يۇرت تامان سالاتتىمىكىن. ئەمما ئەسلىدىلا غەش ۋە چېگىك كۆڭلۈمنىڭ ئاخىرقى هارارىتىنى سوۋۇتۇپ، كۆڭۈلسىز جاۋاپ بەرگەچكە، مېنىڭمۇ ئاتۇشقا كىرىپ ئۆتۈشۈمگە هېچبىر سەۋەپ يوقتەكلا بولۇپ چىقتى. شۇندىمۇ غەرپ تەرەپكە تەلپۈنۈپ قاراپ قويدۇم. يەنە يۈزلەرچە كىلومېتىر ئۇزاقتا بولسىمۇ، گويا ماڭا بىرەر تەسەللىي بولۇدۇغاندەك.

30ـ سىنتەبىردە قەشقەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا قەشقەردە «تېنچ هەقىقەتكە قايتىش» مۇراسىمى بولۇۋاتقانىدى. قەشقەرنىڭ ۋالىسى ئۆمەر داموللاھ يېڭى ۋالى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا ۋەزىپە ئۆتكۈزۈپ بەردى. قەشقەردە

ھىندىستان كونسۇلىدا مەلۇم ئاۋارىچىلىقلىرىمىز بولدى. پۇلى بار سەبداشلار بۇ يەردە پۇللىرىنى كەشمىردىكى ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسىگە ئامانەت قويۇشتى. ھىندىستانغا چىققاندا ئۇ يەردىن ئېلىۋالماقچى ئىدى. مېنىڭ بانكىغا قويغىدەك ئارتۇقچە پۇلۇممۇ يوق ئىدى. ئومۇمىي تەمىناتقا تاييىناتتىم.

ئاندىن يەنە يولۇمىزنى داۋام قىلدۇق. يولدا يەنە بىرگە ئۈرۈمچى ئەيىنەك زاۋۇتىنىڭ مۇدىرى سۇلتان ھاجى، ئۆزبەكلەردىن مۇنەۋۋەر ھاجى (بۇلارنى تۇتۇپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىش ھەققىدە بۇرھان تەرىپىدىن قەشقەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىلگەن ئىكەن)، ئابدۇرېھىم جۇشقۇن، ئەرتۇغرۇل (مەسئۇدنىڭ ئوغلى) قوشۇلدى.

يەكەندە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرقانچە چېدىر ئالدۇق. ئۇلار ما چېڭشياڭدىن بۇ ھەقتە تېلېگرامما ئالغىنى ئۈچۈن، ياردەم بېرىشكە ھازىر ئىدى. 2- ئۆكتەبىر سەھەردە يەكەندىن يولغا چىقىپ، 3- ئۆكتەبىردە (ھىجرى 1368- يىلى زۇلھەججىنىڭ 10- كۈنى) قاغىلىقتا قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇدۇق. مۇھەممەد رېھىمجان ئىسىملىك بىر ئاتچىدىن 100 ئات سېتىۋالدۇق. بۇ ئاتچى كارۋانبېشىمىز بولدى. چۈنكى بىز ئارتىلىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتقان قاراقۇرۇم تاغلىرى تولىمۇ خەتەرلىك بولغاچقا، بۇ تاغ يوللىرىنى بىلىدىغان بىر كارۋان بېشى بولمىسا بولمايتى. 13-ئۆكتەبىردە كۆكيارغا كەلدۇق. ۋە بۇ يەردە سېپىمىزنى تەرتىپكە سالغاچ ھاردۇق ئېلىپ تۇرۇپ قالغان ئىدۇق. 16- ئۆكتەبىردە يەكەننىڭ ساقچى ئەمەلدارى بۇرھاننىڭ يەكەنگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى ئېلىپ كەلدى. مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا ۋە ئىسا يۇسۇپلەرنىڭ موھىم بىر مەسلىھەت ئۈچۈن يەكەنگە كېلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ بىر تۇزاق ئىكەنلىكىنى ھەركىم پەرەز قىلالايتى.

تېلگراممىغا مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا جاۋاپ يېزىپ، قايتىشقا بەك كەچ بولغىنىنى، يەكەندىن بەكلا ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى، چېگراغا يېقىنلىشىپ قالغاچقا قايتالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن يول بويى قۇربان قوداي، چىڭگىزخان داموللا، ئابدۇرېھىم قىلىچلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا تىرىشتىم. مەخسىدىم ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى مەسلەك قارىشىنى دۆلەت قارىشىغا ئۆزگەرتىشنى سىناپ بېقىش ئىدى. قۇربان

قوداي بەك قىزغىن يىگىت ئىدى. ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا تۈركچىلىك مەپكۇرىسىدىكى ماقالىلىرى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ بەكلا چىشىغا تەككەن ئىدى. «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدا بىرسى ئۇنىڭغا قارشى ماقالە يازاتتى. ئىككىسىنىڭ يېزىشمىلىرى خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان ئىدى. بۇنداق بىر پائالىيەتچان يىگىت ئەگەر توغرا دۆلەتچىلىك ئېڭىغا كەلسە بەكمۇ پايدىلىق بولغان بولاتتى.

چىڭگىزخان داموللا بەك بىلىملىك يىگىت بولۇپ، يېشىغا باققاندا سالاپەتلىكراق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ ئىدى. ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىمغا قارشىلىقسىزلا قوشۇلدى. بۇ بەلكىم داموللىلارچە مادارا بولۇشىمۇ مۇمكىنلىكىنى كېيىنراق ئەقلىمگە كەلتۈردۈم. ئۇ ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن كۈچۈنۈپ ئۇرۇنمايتتى. دەرھاللا بىر ئورتاق نۇقتىنى تېپىپ، سىز بىلەن پىكىر بىرلىكى باردەك ئىپادىدە بولۇپ، ئادەمنى خۇش قىلىشنى بىلەتتى. بۇ ئۇزۇن ھەم مۇشكۈل سەپەردە كىملەر بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كېلىش، چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ھەر كىمگە دىققەت قىلدىم.

ئەسلىدە مەن بەك ئاز گەپ قىلغاچقا، باشقىلارغا سىرلىق تۇيغۇ بېرىدىكەنمەن. «‹ئۆلۈك نېمىشكە سۈرلۈك›؟ دېسە، ‹گەپ قىلمىغاچقا›» دېگەندەك. شۇڭا ئەمەلىيەتتە، ئۈرۈمچىدىكى چاغدا چوڭقۇرراق ئارىلىشىپ باقمىغانلار، كۆپرەك بىللە بولۇشقا پۇرسەت بولماسلىقتىن سىردىشالمىغانلار مانا بۇ ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئۆز ئارا چۈشىنىشكە پۇرسەت تاپقان بولغاچقا، ئىلگىرى مېنىڭ تەرەپ تۇتماسلىق قارىشىمغا قىزىققان ئەمما مۇنازىرە قىلىشىپ بېقىشقا پۇرسەت تاپالمىغانلار بۇ يولدا ماڭا ئۆزلىرى يېقىنلاشتى دېسەممۇ بولۇدۇ. ماقالىلىرىم قارىمۇ - قارشى مەسىلەكتىكى گېزىتلەردە ئېلان قىلىناتتى. چۈنكى مەن ھېچقايسىسىنىڭ مەسلىكىنى تەنقىت قىلىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىن، دىققىتىمنى دۆلەتچىلىك ئېڭى، مۇستەقىللىق ئېڭى ئويغۇتۇشقا قاراتقاچقا، بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە قاتتىق تەگمەيتتى؛ ئەكسىچە توغرا كېلەتتى. چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ نىشانىدا بىر دۆلەت قۇرۇش غايىسى باردى. ئەمما بىرى ئۇنداق يول بىلەن قۇرۇش كېرەك دېسە؛ بىرى، بۇنداق يول بىلەن

قۇرۇش كېرەك دەيتى.

مەن چىڭگىزخان داموللىغا مانا شۇ نۇقتىدا شۇنداق گەپ ئاچقىنىم ئېسىمدە:

— ئەگەر نىشانىمىز كۆكئارت داۋانغا بېرىش بولسا، سىز كۆكيار تەرەپتىن مەن شەيدىللا تەرەپتىن بارسام بۇنىڭ بىر خاتاسى بارمۇ؟ ئەگەر، «سېنىڭ ماڭغىنىڭ ئەگرى ـ توقاي، قىيىن يول، مېنىڭكىسى ئاسان ۋە داغدام» دېمەكچى بولساق، بۇ نەسىھەتنى ئاڭلىماي، قىيىن يولدا قىينالسا ئۆزى قىينالغاندىكىن، ئۇنىڭ قىينىلىشىنىڭ مەلۇم ھەسسىسىنى تەڭ تارتمىغاندىكىن مەيلى دېسەك بولمامدۇ؟ — دېگەن ئىدىم. داموللا:

— پۈتۈنلەي توغرا، مەن قارىشىڭىزغا قوشۇلۇمەن، — دېگەن ئىدى.

ئەمما قۇربان قوداي «بارابەر بىر يولدا بولساق تېخىمۇ ياخشى» دەپ تۇرۇۋېلىپ ئۇزاق تالاشتى. ئۇنىڭمۇ ئەينى زامان ئۈچۈن توغرۇلۇق تەرىپى باردى. ھېچ بولمىسا بۇ مەسىلەكتىكىلەرگە بۈنىسى يۈزدە-يۈز توغرا ئىدى.

ئابدۇربېھىم قىلىچ بولسا قاراشلار بىلەن بەك چوڭقۇر ھەپىلىشىپ كەتمەيدىغان ۋەزىپە ئادىمى ئىدى. ئۇ ئىستىخبارات كەسىپدە ئوقۇغىنى ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر كىشىلەرنى، ھادىسىلەرنى كۈزۈتۈشكە بەك قىزىقاتتى. ئۇچۇرلارنى تەھلىل قىلىشنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ھېچقاچان مەسىلەكلەر ھەققىدە تالىشىشلارغا قېتىلمايتى. ئۇ بۇنداق سىياسىي تېمىلارغا قىزىقىدىغاندەكمۇ قىلمايتى. ئۇنىڭغا بىرەر خەتەرلىك ۋەزىپە بېرىلسە، شۇنى پۈتتۈرۈشكىلا قىزىقاتتى. ئۇ پەقەت گومىنداڭ تەرەپنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈنلا ئۈچ مەسىلەك تەرەپدارلىرىنى ئۆزىگە يېقىن ھېساپلايتى. ئۇرۇمچىدىكى چېغىمىزدا، تەرەپلەرنىڭ قەلەم كۆرىشى تازا قىزىغان چاغدا كوممۇنىست پەرەستلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا چىداپ تۇرالمىغان ئىسا ئەپەندى ئىلى تەرەپدارلىرىنىڭ قورغىنىغا ئايلانغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئابدۇربېھىم قىلىچنى ۋەزىپىلەندۈرگەن ئىكەن[①]. ئابدۇربېھىم قىلىچ بىرلا بۇرادىرى بىلەن ئاخشام توپلانتىلىرى ۋاقتىدا بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئوققا تۇتقان.

[①] ئىسا يۈسۈپ: «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» 492-بەت، — ئا.

ئۇيۇشمىدىكىلەر تاماملاردىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتكەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە گەپلىشىپ باققىم باردى. لېكىن مۇناسىۋىتىمىز تالىشىپ قالساقمۇ خاپا بولۇشمۇغۇدەك دەرىجىدە بولمىغاچقا بىر پۇرسىتى كېلەر دەپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

سەپەرداشلارنىڭ نۇرغۇنلىرىدا جىددىي بىر سىياسىي قاراش، ئۆزىگە خاس تاللىۋالغان بىر يولمۇ يوق ئىدى. مەسىلەن: «ئالتاي نەشرىياتى»دا ئىشلىگەچكىلا نەشرىياتنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسىغا ئۇيغۇنلۇق ساقلىغان؛ گومىنداڭ تەرەپتىن مائاش ئالغاچقىلا ئۈچ مەسلەككە مايىللىق ئىپادىلىگەن،... دېگەندەك. بۇنىسى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ زىيالىلىرى بۇنداق «ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا» بولسا ئاۋام خەلق نېمە بولۇدۇ؟

كۆكيارنىڭ بېگى بىزنى شۇڭقار ئوۋىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇيغۇرلۇق قىزىققانلىقىمىز بىلەن ئويۇنغا قىزىقىپ كېتىپ، كېتىۋاتقان مۇشۇنداق بىر سەپەر ئۈستىدىمۇ بۇنداق بىر تاماشاغا مەيىل بىلدۈردۇق. بەگ شۇڭقارنى ئېلىپ، بىزنى ئەگەشتۈرۈپ بىر تۆپىلىككە باشلاپ چىقتى. ئالدىمىزدا — چوڭقۇرلۇقتا بىر كۆل باردى. بۇ تۆپىلىكلەردىن ئېقىپ چۈشىدىغان يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئويمانلىقتا يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەن كۆل بولۇپ، كۆلدە مىڭلارچە ياۋاغاز، ياۋا ئۆردەكلەر كۆل يۈزىنى بىر ئالغان ئىكەن. كۆلنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى سايازلاردا ئۆسكەن قومۇش ۋە يېكەنلەر بۇ مەزگىلدە يېتىپ كېلىۋاتقان قىشنىڭ ۋەھىمىسىدىن شۈمشەرگەندەك كۆرۈنەتتى. يېكەنلەرنىڭ توز - پوپۇكلىرى ھەريەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى. تەدرىجىي ئىگىزلەپ كەتكەن يانباغىردا بولسا قويۇق شىۋاقلار، لويلا ۋە شۇنىڭدەك جاڭگال ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسكەن؛ جاڭگال ئۆسۈملۈكلىرىدە يېشىللىق ئەمەس، قۇرۇپ قالغاندەك تopارەڭ ئومۇمىي بولغاچقا تېخى قۇرۇمىغان بولسىمۇ، ئۇزاقلاردىن قۇرغاق يەردەك كۆرۈنەتتى. مانا شۇ قۇرغاق ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدىن بەزىدە توشقانلار ھۈركۈپ قېچىپ، بېشىغىلا كېلىپ قالغان ئادەمنىمۇ قاتتىق چۆچۈتىۋېتەتتى. كىرپىلەر قېچىپ نېرىراقتىكى يەنە بىر تىكەنلىك ئۆسۈملۈكنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالاتتى.

بەگنىڭ بىرنەچچە ئادىمى دۇمباق چېلىشقا باشلىغانىدى، ئاۋازدىن

ھۆركىگەن غازلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ئەنە شۇ چاغدا شۇڭقار قويۇپ بېرىلدى. ئۇ قەتئىي شۇڭغىغان شۇڭقار غاز - ئۆدەكلەرنىڭ ئەتراپىدا دائىرە شەكلىدە ئايلىنىپ ئۇچقان ئىدى، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن غاز - ئۆدەكلەر قورقۇشتىن ئۇتتۇرىغا — بوشلۇقتا توپلۇنۇشقا باشلىدى. ئاندىن شۇڭقار جىددىي تەرزدە كۆككە ئۇخچۇپ، ئاندىن قۇش توپىغا ئۆزىنى ئۇردى. مانا شۇنداق قىلىپ، بوشلۇقتىن غاز - ئۆدەكلەرنى ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەنلەر يەردە پالاقلاپ، ھۇشىنى تېپىشقا ئۈلگۈرمەي، بەگنىڭ پىچاق تۇتۇپ تەييار تۇرغان ئادەملىرى ئۇلارنىڭ كاللىسىنى كېسىشكە باشلىدى.

يېتەرلىك بولدى دەپ قارالغاندىن كېيىن بەگ ئۇشقۇيتۇپ، شۇڭقارنى چاقىرىۋالدى. يۈز ئەللىكتىن ئارتۇق غاز - ئۆدەك ئۇۋلانغان ئىكەن. ئۇنى يوغان داش قازاندا سۇ قاينىتىپ، قايناق سۇغا بېسىپ، تۈشىما - تۈشتىن يۇڭلىرىنى يۇلۇپ، ئادالىدۇق. بۇلاردىن يۈزچىسىنى بىزگە يوللۇق تۇتتى. قالغانلىرىنى شۇ يەردە پۇشۇرۇپ يېدۇق[1].

كۆكيادىن يولغا چىقىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئاھالە ئولتۇراق نۇقتىسى — ھىندىستان چېگرىسىغا يېقىن ئەڭ ئاخىرقى يېزا پۇساغا كەلدۇق. گەرچە كەچ كۈز بولۇشىغا قارىماي، پۇسادىمۇ تالادا ياتقۇدەك ھاۋا بولدى. تەبىئەتمۇ تامامەن يالىڭاچلانمىغان، يېزىنىڭ يېشىللىقى تېخىچە تىرەجەپ، كېلىۋاتقان قىش بىلەن ئېلىشىپ، يەنىلا غالىپ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىدى.

پۇسادا ئارقىمىزدىن يولغا چىققانلار، يولدا ھەر خىل سەۋەپتىن ئارقىدا قالغانلار بولۇپ، 300چە ئادەم ئاتلىق، ئېشەكلىك، تۆگۈلۈك بولۇشۇپ يېتىپ كەلدى. بەزىلەر خوتۇن، بالا - چاقىلىق بولۇپ، تۆگە ئۈستىگە مەھمىلگە ئوخشىغان بىرنېمىلەرنى قىلىپ، خوتۇن - بالىلىرىنى ئولتۇرۇغۇزۇۋالغان ئىدى. بۇ قەدەر چۇۋالچاق بىر توپ بىلەن ئالدىمىزدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرىنى قانداق ئېشىش ھەقىقەتەنمۇ ئەقىل يەتمەس بىر ئىش ئىدى. يولىمىز تەدرىجىي ئېگىزلەپ تاغ چوققىسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئالدىمىزدا شۇنداق بىر تاغلىق

[1] شۇڭقار ئوۋى ھەققىدىكى بايانلار ھاجى ياقۇپنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن يېزىلدى، — ئا.

دۇنيا باردىكى، بۇلۇتلارغا تاقاشقان بۇ سان ـ ساناقسىز تاغلار دۇنياسىدىن قانداق ئۆتۈشۈمىزگە كۆز يەتمەيتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ چۆچەكلەردىكى تىلسىملارغا، دېۋىلەر ماكانى كويىقاپلارغا ئوخشاش سىرلىق ئىدى. مۇشۇ تاغلارنىڭ تۈگىشىنى، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنە ئىنسان ياشايدىغان ماكانلارنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش خۇددى بىر پانتازىيە ئىدى. كۆپ يەرلەردە يوللارنىڭ بىر تەرىپى كۆز يەتكۈسىز ھاڭ ئىدى. ئەگەر يۈرىكى ئاجىز كىشىلەر ئۇ ياققا قاراپلا قالسا بېشى قېيىپ، خۇددى شۇ ياقتىن بىر ئەجدەرھا دەم تارتقاندەك ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشى تەس گەپ ئەمەس ئىدى.

يول بارغانسېرى تىكلىشىپ كەتكەچكە ئۇلاغلار ماڭالماي قالدى. شۇڭا كىچىك باللاردىن باشقىلار ئۇلاغلاردىن چۈشۈپ، قاتارلىشىپ پىيادە مېڭىشتى. مانا شۇنداق قىلىپ مىڭ جاپالار بىلەن تاغ ئۈستىگە چىقتۇق. چىققىنىمىز تاغلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پەس، كىچىككىنە تاغ ئىكەنلىكى شۇندا مەلۇم بولدى. ئالدىمىزدا گۈگۈمغا پېتىۋاتقان چەكسىز جەنۇپ ئۇپۇقىدا ئۇچ ـ چېكى يوق تاغلار ئاسماننى تىرەپ تۇراتتى. مەن ئاشۇ ئۇزاق ئۇپۇقتا كۆرۈنگەن تاغلاردىنمۇ ئۆتەمدىغاندۇق، دەپ ئويلىدۇم، ئەمما ئۆزەم كۈلۈۋەتتىم. ئۆتەتتۇقلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پەيدا بولۇدىغان يەنە سانسىز ئېگىزلىكلەردىنمۇ ئۆتەتتۇق.

تاغقا چىقىپ باققانلار بىلىدۇ، تاغ دېگەنگە چىقىش ئاسانراق بولىدۇ، چۈشمەك بەكمۇ تەس ھەم خەتەرلىك. بۇ يەردىمۇ شۇنداق بولدى. تاغنىڭ چۈشۈش تەرىپىنىڭ تىكلىكى شۇنچىلىك قورقۇنۇچلۇق ئىدىكى، ئۇزاق يىللاردىن بېرى كىشىلەر بۇ يوللاردا قانداقمۇ ماڭغاندۇ؟ دېگەن سوئال ئىختىيارسىز كۆڭۈلگە كەلمەي قالمايتى. تاشلارنىڭ ئۈستىدە پۇت تېيىلىپ كېتىش ئادەتتىكى ئىش ئىدى، ئەمما بۇ ئادەتتىكى ئىش بولسا ئۆلۈمگە ئېلىپ باراتتى. ھەر تېيىلىشتا ئۆزىنى كونترول قىلىپ، تەڭپۇڭلۇق ساقلاپ، دەرھال مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇۋالمىسىلا كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ، كۆزدىن غايىپ بولۇپ كېتەتتى. بۇ يوللاردا ئۆلگەن ئات ـ ئۇلاغ، ئادەملەرنىڭ ھۆددى يوق دېيىشەتتى. ئاشۇنداق جاننى ئالقانغا ئالغان بىر تەۋەككۈلچىلىك بىلەن پەسكە چۈشتۇق. بۇ يەر ئاقمەسچىت دېيىلەتتى. بۇ يەر تاغلار ئارىسىدىكى نىسبەتەن

تەكشى تاغ ئارىسى تۈزلەڭلىكى بولۇپ، ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ئۆسمەيتى دېيىشكە بولاتتى. سىدام تاغ ۋە تاشلاردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. شۇئان قارلاردىن نېپىز يوپۇق ياپقان يەر يۈزىنىڭمۇ ئۆسۈملۈك ئۆسمەيدىغان تاشلىق ساي ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئاقمەسچىتتە يەردىكى قارلارنى ئادالاپ، چېدىرلىرىمىزنى تىكتۇق. پۈت-قوللار خۇددى بىزنىڭ ئەمەستەك ھالغا كەلگەن، ئېغىرلىقىدىن مىڭ جىڭ تاش ئېسىپ قويغاندەكلا ئىدى. ئەتىسى ئورنۇمىزدىن قانداق تۇرۇشۇمىز ئاللانىڭلا بىلگىسىگە ئائىت ئىش ئىدى.

22- ئۆكتەبىر ئەتتىگەندە ئاقمەسچىتتىن يولغا چىقتۇق. ئالدىمىزدا ئاقازداۋان. بۇ داۋان تېخىمۇ ھەيۋەت ئىكەن. بىز بىرىنچى كۈنىدە ھېچ داۋان كۆرمىگەندە بىرىنچىسى شۇنچە قورقۇنۇچلۇق تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىكەن، مانا ئەمدى كۆردۇقكى، ئۇنىسى تۈز يول دېسىمۇ بولىدۇغىنى ئىكەن. ئاقازداۋاندا تۆتەك بارىدى. ھەممەيلەن ئاغزىمىزغا قارائۆرۈك قېقى سېلىۋالدۇق. كارۋانبېشى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. يولدا ئارام ئالغاندا كۆز ئۇيقۇغا كەتسىلا بۇ ئۇيقۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا تۇتۇشۇپ كېتەتتى. ھەرقانچە چارچىسىڭىزمۇ تۆتەك بار داۋانلاردا ئۇخلاشقا بولمايتى. بىز بۇ داۋاندا تۇنجى قۇربانىمىزنى بەردۇق: ھەمسەپەرلىرىمىزدىن بىرىنىڭ ئايالى بۇ يەردە تۆتەك ئېلىشتىن قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئىككى كىچىك بالىسىنىڭ پەريادىغا تاش يېرىلاتتى. بۇ تۇنجى پاجىئە ھەممىمىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. كۆڭلى بۇزۇلمىغان قالمىدى. ھەر كىم بالىلارغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشسىمۇ، ئانىسىز قالغان بۇ بالىلار ھالىدىن كەتمىگۈچە يىغىدىن توختىمىدى.

مۇھەممەت ئېمىن بۇغرانىڭ ئىماملىقىدا جىنازا نامىزى قىلدۇق. ئاندىن جەسەتنى بېشىنى شىمالغا، يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ يەر يۈزىدە ياتقۇزۇپلا ئۈستىگە تاش تىزدۇق. چۈنكى ھەممە يەر قاتتىق توڭ بولغاچقا گۆر كولىغىلى بولمايتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سايمانلىرىمىزمۇ يوق ئىدى.

23- ئۆكتەبىردە خالاستان دەرياسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ دەريا يەكەن دەرياسىنىڭ بىر شاخچىسى بولۇپ، بۇ يەرلەر دەريانىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا يېقىن ئىدى. دەريا ئاسمان پەلەك ئېگىز تاغلار ئارىسىدىكى كەڭ يارنىڭ ئىچىدە

يىلانىدەك سىويلاپ، گاھ ئۇ قىرغاققا، گاھ بۇ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ ئاجايىپ شىددەتلىك ئاقاتتى. چۈنكى شەرقىي جەنۇپ تەرەپتىكى تاغ جىرالىرىدىن باشلانغان سۇ يۈكسەك يانتۇلۇقتىن ئېقىپ چۈشۈدىغان بولغاچقا ئاجايىپ تېز ئاقاتتى. ئېقىن ئىچىدە ئۆيدەك يوغۇنلۇقتا قىيا تاشلار بولۇپ، يول قىيالارنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆتەتتى. يول بىلەن دەريا خۇددى ئېشىلگەن ئىككى تال يىپقا ئوخشايتى. يول بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇياققا ئۆتەتتى. يوغان قىيا تاشلارنىڭ ئارىلىقى بەزىدە شۇنچە تارلىشىپ كېتەتتىكى، يۈكلۈك تۆگىلەر پاتماي قالاتتى. خالاستان دەرياسى قۇلۇن ئۆلدى دېگەن يەردىن باشلىناتتى ۋە بارغانسېرى تىكلەشكەن ئېقىن تاغ ئارىلىقىدىن نامەلۇم ئۇزاقلىققا كەتكەن ئىدى. بۇ قىياتاشنىڭ تار ئارىلىقلىرى بىلەن تولغان جايلار «قىسماق» دەپ ئاتىلاتتى.

خالاستان دەرياسىنى ئۆرلەپ ئون قېتىمدىن كۆپرەك كەچكەن چېغىمىزدا ئارقىمىزدىن يېڭىسارنىڭ ھاكىمى ھارۇنخان بەگ ئائىلىسى بىلەن كېلىپ قوشۇلدى. بۇ ئادەم ئىسا ئەپەندىنىڭ خانىمى فاتىمەگە يىراق تۇققان كېلەتتى. ئۇمۇ كوممۇنىستلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ قاچقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەرگە ۋالىي بولغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىلەن خۇسۇسىي زىددىيىتىمۇ باركەنمىش. ئۇنىڭ ئېتى بەك نوچى ئاتكەن، يەنە كېلىپ ئۇ بىزدەك يول - يولدا توختاپ، كۈن ئۆتكۈزمىگەچكە، بىزنىڭ ئون كۈندە يېتىپ كەلگەن مەنزىلىمىزگە ئۈچ - تۆرت كۈندىلا يېتىپ كەلگەن ئىدى.

ئۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرىنىڭ ئايروپىلان قازاسىغا ئۇچرىغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. سەپەرداشلار تۈشمۇ - تۈشتىن ئۇنى سوئال يامغۇرىغا كۆمۈۋەتتى. ئەمما ئۇمۇ كۆپ نەرسە بىلمەيتى. پەقەت ئۇلارنىڭ قۇرۇلتاي ئۈچۈن بېيجىڭغا ماڭغانلىقىنى، ئاندىن ئايروپىلاننىڭ تاغقا ئۇسۇۋالغىنىنى، ئۇچقۇچىدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ.

— يىگىتلەر، ئاتتىن چۈشۈپ تاھارەت ئېلىڭلار، — دېدى مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا.

ھەممەيلەن تاھارەت ئالدۇق. بۇغرا ئەپەندى ئايروپىلان قازاسىدا ئۆلگەنلەرگە غىيابى جىنازا نامىزى قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ئىسا ئەپەندى ۋە ئاياللار، باللاردىن باشقىلىرىمىز نامازغا تۇردۇق. ئاندىن بۇغرا ئەپەندى ئۇزاق دۇئا قىلدى.

ئىسا ئەپەندىنىڭ نامازغا نىمىشقا قېتىلمىغانلىقى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولسىمۇ ھېچكىم سەۋەبىنى سوراپ دېمىدى. چۈنكى كىچىكىدىنلا خىتايچە ئوقۇغان بۇ ئادەم ئادەتتىمۇ دىنىي پائالىيەتلەرگە بەك سالقىن بولغاچقا بۇنى بەك تەگەپ كەتكۈدەك ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. نامازدىن كېيىن ھەممە ئادەمنىڭ ئېسىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدىكى، كېيىنكى قىسقا دەم ئېلىش پەيتىدە ھەممە نەرسىگە چېپىلىپ تۇرۇدۇغان دوستىمىز ھاجى ياقۇپ، ئىسا ئەپەندىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ قالدى:

— بابا نامازغا تۇرمىدىڭىز، بۇنىڭ ئالاھىدە بىر سەۋەبى بارمۇ - يا؟

ئويلىمىغان يەردىن ئىسا ئەپەندى شۇنداق غەلىتە جاۋاپ بەردىكى، مانا شۇ سەۋەپتىنلا بۇ ئىش خاتىرەمدە قالغان بولسا كېرەك:

— ئەگەر ئەخمەتجان ئەھلى جەننەت بولۇدۇغان بولسا، مەن جەھەننەمگە كېتىمەن؛ ئەگەر ئۇ جەھەننەمگە كىرسە مەن جەننەتكە كىرىمەن!

— ئىسا ئەپەندىم! — دېدى بۇغرا ئەپەندى ئاچچىقىنى تەستە بېسىۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە، — كىم ۋە نېمىچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر مەزگىل بىللە ئىشلىدۇق، مۇخالىپمۇ بولدۇق، غايەداشمۇ بولدۇق، نېمىلا بولمىسۇن ئۇمۇ مۇشۇ ۋەتەننىڭ پەرزەنتى، ئۇمۇ مۇشۇ مىللەتنىڭ غېمىنى يېگەن بىر ئادەم. ھالا بۇ كۈندە ئۇ بىر قازادا قۇربان بولۇپتۇ. ئەمدى بىز بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىدە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدىغان ۋەزىپىمىز بارلىقىنى تونۇمىساق بولامدۇ؟

ئىسا ئەپەندى ئۈنچىقارمىدى. مەن ئويلۇدۇمكى، بۇ قەدەر ئۆچمەنلىك خەلقىنىڭ نەزىرىدىكى ئىككى خىل پەرقلىق قاراشتىن تېخىمۇ كۈچەيگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىسا ئەپەندىلەر ئۆزلىرىنى مىللەتچى دەپ ئاتىسىمۇ خەلق ئۇلارنى خىتايپەرەستلەر دەپ قارايتى. شۇڭلاشقا ئىلى تەرەپنىڭ لىدېرلىرى بىلەن ئىسا ئەپەندىلەر بىر يەرگە كەلسە خەلقنىڭ مۇئامىلىسى روشەن پەرقلىق بولاتتى[1]. بۇنىڭغا نورمالدا بىزنىڭ ئۇيغۇر ئادىلمۇ پۇچۇلۇنۇپ كېتەتتى ھەم بۇنى

---

[1] بۇ مەسىلىنى ئىسا ئەپەندى «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» ناملىق كىتابىنىڭ 453-بېتىدە ئوچۇق ئېتىراپ قىلىپ: خەلقنىڭ ئەخمەتجان قاتارلىق ئىلى ۋەكىللىرىنى بەك ئىززەت قىلىپ، ئىسالار بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى يازغان ئىدى، — ئا.

كوممۇنىستلارنىڭ ئېزىقتۇرۇش مېتودىنىڭ يامانلىقىدىن دەپ ئىزاھات بېرەتتى. ئەمما مېنىڭچە ئېلى تەرەپنىڭ خەلق كۆزىدە مۆتىۋەر بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيە بىلەن ئەمەلىي جەڭ قىلغانلىقى، ئۇلارنى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىن بولسىمۇ قوغلاپ چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىي پاكىت تورۇزىنى بېسىۋاتاتتى.

خالاستان دەرياسى 66 قېتىم كېچىلەتتى. 36- كېچىك «مايمۇن كېچىكى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ يامان يېرى ئىدى. بۇ كېچىكتە سۇنىڭ ھەممىسى كىچىككىنە تارچۇققا توپلىنىپ ئاققاچقا ئاتنى چۆكۈرگىلى ئاز قالاتتى. ئۈستىدىكى ئادەم ۋە يۈكلەر ھۆل بولۇپ كېتەتتى. ناۋادا مۇشۇ يەردە بىرەر ئۇلاغ يىقىلىپ كەتسە بۇ تارچۇققا قاپسىلىپ قېلىپ سۇنىمۇ، يولنىمۇ توسۇۋالاتتى- دە، تېخىمۇ چوڭ بالا- قازا شۇ چاغدا بولاتتى. بۇ يولنى كۆرگەن ھەر ئەقىل بۇ يېقىنى دەرھال ھىس قىلالايدىغان بولغاچقا، يۈرىكىمىز ئاغزىمىزغا قاپلاشقان ھالدا، زىيادە ئېھتىيات بىلەن بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەيتۇق. سۇنىڭ ھەممىسى توپلىنىپ ئاقىدىغان بۇ يەردە يىقىلغان ھامان سۇ ئۇنى بىر تال خەسنى كۆتۈرگەندەك ئېقىتىپ كېتەتتى. شۇڭا كېچىكنىڭ باشلىنىشىدىن 100 مېتىرچە ئاياققا ئىككى قىرغاق ئارىلىقىغا زەنجىر تارتىلىپ، ئۇچلىرى تاشلارغا باغلاپ قويۇلغان ئىدى. سۇ ئېقىتىپ كەتكەنلەر بۇ يەرگە كەلگىچە ئۆلمەي قالسا زەنجىرگە ئىلىنىپ توختاپ قالاتتى. «ئۆلمەي قالسا» دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى، خالاستان دەرياسىنىڭ سۇ ئاستى پۈتۈنلەي تاشلىق بولۇپ، بەزى خادا تاشلار سۇ يۈزىدە كۆرۈنمىگەن بىلەن سۇ ئاستىدا پىچاقتەك قىرلىرىنى بەللەپ، خۇددى پىستىرمىدىكى دۈشمەندەك ياتاتتى. بۇ يەردە ئېقىپ كەتكەن ئات - ئۇلاغ ياكى ئادەمنى ئەنە شۇ تاشلارغا ئۇرۇپ لەختە قىلىپ تاشلىشى ئانچىكى ئىش ئىدى.

«مايمۇن كېچىكى»دىن ئۆتكىچە ئاتتىن چۈشۈپ كەتكەنلەر خېلى كۆپ بولدى، ئەمما ئادەم كۆپ ۋە ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقاچقا، بىر پىشكەل بولمىدى. ھۆل بولمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. بۇ يەرلەردە ئوتۇن تاپماقمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. ئېقىننىڭ بويلىرىدىن ئاندا - ساندا يۇلغۇنلارنى ئۈچراتساق شۇلارنى قايرىپ، توپلاپ كېلىپ گۈلخان يېقىپ، ئۈستۈمىزنى

قۇرۇتتۇق. بىردىنلا زىمىستان پەسلىگە كىرىپ قالغان ئىدۇق. پۇسادا شۇنچە ئىللىق ھاۋا مەۋجۇت ئىكەن، تاغ ئارىسىغا قەدەم قويغىنىمىزدىن باشلاپ قار كېچىپ يۈرمەكتە ئىدۇق. بۇنداق سوغۇقتا كىيىم - كېچەكنى قۇرۇتماستىن يۈرسەك، دەرھال ئاغرىپ قالاتتۇق. بۇ يەرلەردە ئاغرىقنى داۋالاپ ساقايتقۇدەك شارائىت بولمىغاچقا، ئىلگىرىكى كارۋانلار كېسەللەرنى، يارىلانغانلارنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشاتتى. شارائىت شۇنداق ئىدىكى، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىمەن دېسەڭ ئۆزۈڭمۇ تۈگىشەتتىڭ. مانا شۇنداق رەھىمسىز بىر يول ئىدى. ئەمما بىزلەر ھەرھالدا تەقدىرداشلار بولغاچقا ھازىرغىچە تېخى ئۇ قەدەر باغرىتاشلىق قىلىشقا توغرا كەلمىدى.

25- ئۆكتەبىر مايمۇن كېچىكىدىن ئۆتۈپ دەم ئېلىپ كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى قۇرۇتۇۋالغاندىن كېيىن يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. كەچقۇرۇن «كۆرۈن جىلغا» دېگەن يەرگە كېلىپ، چېدىرلىرىمىزنى تىكىپ، قونۇپ قالدۇق. بۇ يوللارنىڭ ھەممە يېرى ئاساسەن دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن تۆۋەن چىقمايتتى. شۇڭا ھەممىلا يەردە تۈتەك باردى. پەقەت چوڭقۇر جىلغىلارغا چۈشكەندىلا ئۇخلاشقا بولاتتى.

ئالدىمىزدىكى ئېگىزلىكتە تۈتەك دەستىدىن قەدەملىرىمىز ئېغىرلىشىپ، كارنىيىمىز ئېچىشىپ، نەپەس يېتىشمەي ھاسىرايتۇق. ئاتلار ئاران - ئاران قەدەم ئالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاتلار تۈيۈقسىزلا يىقىلىپ، بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا نەپەستىن توختايدىغان ئەھۋاللار بولاتتى. بۇنى بىلىدىغان تەجرىبىلىك ئاتچىلار، ئاتتىن چۈشۈپ ئاتلارنىڭ بۇرنىغا جۇۋالدۇرۇز تىقىپ، قارا قانلىرىنى سىقىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئاتلار يەنە بىر ئاز يېنىكلىشىپ قالاتتى. مانا شۇنداق قىلىپ خالاستان دەرياسىنىڭ سۈيى باشلانغان ئېگىزلىككە كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاشتۇق. ئالدىمىزدا يەكەن دەرياسىنىڭ ئەڭ غول شاخچىسى — زەرەپشان تۇراتتى. زەرەپشان دەرياسى جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ ئاقاتتى. سۈيى خالاستان دەرياسىغا قارىغاندا ئىككى ئۈچ ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، ئۇ تاغ باغرىدا نىسبەتەن تەكشىلىكتە بولغاچقا شىددەتلىك ئەمەس، يېيىلىپ ئاقاتتى. دەريانىڭ ئاستىدىمۇ قورقۇنۇچلۇق تاشلار يوق، بەلكى يىرىك قۇم بار ئىدى.

دەريا بويىغا چېدىر قۇرۇشقا كىرىشتۇق. بەزىلەر ئوتۇن تېرىشكە، تېزەك

تېرىشكە، بەزىلەر ئەتراپىنى چارلاشقا بەلگىلەنگەنىدى. چارلاش ئىشىنى كۆپ ھاللاردا ئابدۇرېھىم قىلىچ ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. چۈنكى ئۇ كەسپىي رازۋېتچىك ئىدى. بەك سەزگۈر ئادەم ئىدى. ياشلار ئاياقلىرىنى سىلىۋېتىپ، دەريا يېيىقلىرىدا ئۆسكەن يۇلغۇنلارنى سۇندۇرۇپ، گۈلخان ئۈچۈن ئوتۇن تېرىشكە باشلىدى، چوڭلار، ئاياللار ۋە باللار قىرغاقلاردىن تېزەك تېرەتتى. ھاۋا ئوچۇق ئىدى. تاغنىڭ دالدىسى بولغاچقىمىكىن خېلى ئىللىق ئىدى. غەرپكە قىشايغان قوياشنىڭ نۇرلىرىنى تاغلار توسۇۋالسىمۇ، دەريانىڭ كەڭ يېيىقلىرىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە يەنىلا ئاپتاپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئاپتاپ چۈشكەن يەرلەردە سۇ ئاستىدىكى قۇملار سان ـ ساناقسىز نۇر توچلىرى بولۇپ پارقىرايتى. مەن قولۇمنى سۇغا تىقىپ، ئاستىدىكى قۇمدىن بىر چاڭگال ئېلىپ، ئالقىنىمغا يېيىپ تۇرۇپ قارىغان ئىدىم، پارقىرىغانلارنىڭ ئالتۇن ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئالتۇننىڭ قۇمدىكى نىسبىتى خېلى يۇقۇرى ئىدى، ئەمما بۇ يەرلەر ئاھالىدىن بەك ئۆزاقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبئىي شارائىتىنىڭ بەك ناچارلىقىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئالتۇن چايقايدىغانلار يوق ئىدى. دەريانىڭ تاجىكچە ئىسمى زەرەپشان (زەر ئەپشان ـــ ئالتۇن چايقىغان سۇ) بۇنىڭغا ئاساسەن قويۇلغان ئىدى.

بىز قونالغۇمىزنى ھازىرلاپ، تاماققا تۇتۇش قىلىپ يۈرگەن دەملەردە چارلاشقا كەتكەن ئابدۇرېھىم قىلىچ ئىككى ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە باشلىقلاردىن ئۇلارنى تۇتۇپ سوراق قىلىپ، ئۇلاردىن چېگرا قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئىگىلىلەپ بېقىشقا ئىجازەت سورىغان ئىدى، ئىسا ئەپەندى بۇنىڭغا جىددىي قارشى چىقتى:

ـــ بىز سوقۇشۇشقا كەلمىدۇق، ئەپەندىم، نېمە كېرىكى بار ئۇ ئۇچۇرلارنىڭ؟ بىز تېچلىق بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتسەكلا بولىدى. ئۇلارغىمۇ مۇشۇ نىيىتىمىزنى ھىس قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئارقىدىن ئەسكەرلەر توپىمىزغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلاردىن ئادەتتىكىچە ئەھۋال سورۇدۇق. ئۇلار مازارغا ئات ئالغىلى كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ يالغان دەۋاتقانلىقى ئانچە ئۆتمەيلا بىلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇلار يولىغا مېڭىشقا ئالدىرىمىدى. ئارىمىزدا ئايلىنىپ يۈردى. كېيىن مازار تەرەپكە ئەمەس كەلگەن تەرىپىگە ـــ كۆكئارتقا قايتتى. بۇ

ئاشكارە جاسۇسلۇق ھادىسىسى بولسىمۇ، بىز ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشقا قىزىقمىدۇق. بۇ ھال مېنىڭ ئىچىمنى پۇشۇردى. مەن ئۈچ مەسىلەك تەرەپدارلىرى بىلەن مەلۇم ئارىلىقنى بار مۇناسىۋەتتە بولغاچقا بۇنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇشۇم ئەپسىز ئىدى. شۇڭا ئابدۇرېھىم قىلىچنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ ئىككى ئەسكەر توغرىسىدىكى قارىشىنى سورۇدۇم:

ـــ ناھايىتى ئېنىق، ئۇلار بىزنى چارلاشقا كەلگەن، ـــ دېدى ئۇ. قانچە ئادەم بار، قانچىلىك قۇرال - ياراقىمىز بار، ئەگەر سوقۇشۇشقا توغرا كەلسە قانچە ئادەمنى سەپەرۋەر قىلالايمىز، مۇشۇلارنى ئىگىلەپ كەتتى.

ـــ بۇنى ئىگىلەپ نېمە قىلىدۇ؟

ـــ ئەگەر ئۇلار بىزگە يامان نىيەتتە بولمايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇنداق چارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما چارلاشنى زۆرۈر قىلىۋاتقان نىيەت، ياخشى نىيەت ئەمەس، بۇ دېمەك بىزگە جەڭ ئېلان قىلغانلىق، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا يارىشا ھازىرلىقتا بولۇش؛ تاقابىل تۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋېلىشقا كېرەك بولۇدۇغان ئۇچۇر ئېھتىياجىدىن چارلىمىسا بولمايتى.

ـــ تامامەن توغرا، ئەمما بۇنى بىلگەن ئىكەنمىز، قاراپ تۇرساق بولماس؟ ھەرھالدا نەچچە ئۇلاغقا يۈك قىلىپ كۆتۈرۈپ يۈرگەن قوراللارنى مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كەلگەندۇق؟

ـــ سىز قانداق ئويلايسىز؟

ـــ مېنىڭچە كۆكئارت داۋاندا ئەڭ كۆپ بولسا 20 ئەسكەر بار. چۈنكى بۇ تاغ شارائىتىدىن ئېيتقاندا بۇ يەردە ئەسكەر قانچە كۆپ بولسا، تەمىنات، ياتاق شارائىتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش چوڭ قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇدۇ. شۇڭا بۇنداق يەرلەردە كۆپ ئەسكەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، بىز ئەسكەرىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە، شۇڭا يا خىتايلارنى قىرىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك ياكى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك.

ـــ گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى. سىز بۇرۇن ئەسكەر بولغانمۇ؟

ـــ بولغان.

ـــ ئۇرۇشقا قاتناشقانمۇ؟

ـــ قاتناشقان.

— ھەربىي ئۇنۋانىڭىز نېمىدى؟
— يۈز بېشى.
— ھە، بىلدىم، شۇڭا مۇشۇنداق ئويلىيالايتىكەنسىز-دە. ئەمىسە بۇنى باشلىقلارغا دېمەيمىزمۇ؟
— ماڭا قارىغاندا سىز يېقىن ھەم كونا، سىز دەڭ، مەن سىز بىلەن بىللە باراي.
يېنىمىزغا ئۇيغۇرنى، ئۆتكۈرنى، نۇر مۇھەممەدنى ۋە يەنە قايناپ تۇرۇدۇغان ياشلارنى ئالدۇق. باشلىقلارنىڭ چېدىرىغا كىرىپ، ئىككى ئەسكەرنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرى، چېگرا قاراۋۇلخانىسىنىڭ ۋەزىيىتى، بىزنى كۆتۈپ تۇرغان ئېھتىماللىقلار ھەققىدە مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئاخىرىدا بۆسۈپ ئۆتۈش ھەققىدىكى تەكلىپىمىزنى بەردۇق.
— قەتئىي بولمايدۇ! — دەپ سەكرەپ كەتتى ئىسا ئەپەندى، — بىز ئۇرۇشقا قارشى ئادەملەرمىز. بىز تېنچلىقنىڭ تەشەببۇسچىلىرىمىز. ئەمدىلىكتە بولسا بىز چېگرىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان يولۇچىمىز. ئۇرۇش قىلىدىغان ئەسكەر ئەمەسمىز! ئۇرۇشنىڭ نېمە كېرىكى؟ تېنچ ئادەملەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ نېمە چاتىقى؟ بىزنىڭ دۈشمەنلىك نىيىتىمىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلسە ئۇلار بىز بىلەن ئېچىشىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئەكسىچە، بىز مۇشۇنداق بولمىغۇر ئىشنى قىلىمىز دەپ، ئۇلارغا سەزدۈرۈپ قويساق، ئۇ چاغدا رەسمىي دۈشمەنلىك تېرىلغان بولىدۇ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز تاپقان بولىمىز!
مەن جاۋاپ ئاختۇرۇپ بۇغرا ئەپەندىگە قارىدىم. ھەرھالدا جەڭ كۆرگەن قوماندان، ئۇنىڭ قارىشى باشقىچە بولۇشى مۇمكىن دەپ تاما قىلغان ئىدىم. ئەمما بۇغرا ئەپەندى ئىپادە بىلدۈرمىدى. بەلكىم ئۇ ئۆزۈن يىللىق سەبدىشى ھەتتا نىجاتكارى بولغان ئىسا ئەپەندىنى خاپا قىلىشنى خالىمىغاندۇر. ئەگەر بۇنداق بولىدۇغان بولسا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولاتتى. چۈنكى بىر لىدېر ھالقىلىق پەيتتە قارار چىقىرىشتا يۈز خاتىرىگە قارىسا تۈگەشكىنى شۇ.
گەپ قىستۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغان بولسىمۇ مەن چىداپ تۇرالماي:
— ئەگەر ئۇ قەدەر تېنچلىقچى ئىكەنمىز، بۇ قەدەر قورال - ياراقنى ئېغىردىن ئارتۇق نېمە ئۈچۈن كۆتۈرۈپ يۈرۈمىز؟ كىمگە قارشى؟ بۇنچە جاپالىق يوللاردا

كۆتۈرۈپ كېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى بۆرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەستۇر؟ ياكى ھىندىستان چېگرىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈمىزمۇ؟

— بەس! كىم سىز؟ كىم بۇ؟ — دېدى ئىسا بىر تۈرلۈك تۇغلۇق بىلەن.

ئۇنىڭ شۇئانكى تۇرقىدا لىدېرغا خاس ھېچقانداق ئالاھىدىلىك تېپىلمايتتى. مۇشۇ ئادەملەر بىلەن سەپەرگە چىققان ئۆزەمگە ۋاي! دەپ ئويلاپ چېدىردىن چىقىپ كەتتىم.

ئابدۇرېھىم قىلىچ ئارقامدىنلا سوغدۇشۇپ چىقتى.

— تېزلا يېنىپ چىقتىڭىزغۇ؟

— ئۆزەمگە ۋاي! ئەپەندىم، ئۆزەمگە ۋاي! سىزنىڭچە تالاشساق ئۆزگۈرۈش بولارمىدى؟

ئارقىدىن چىققان بۇغرا ئەپەندى ئاستالا يېنىمىزغا كېلىپ:

— بۇگۈن بەربىر ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئەتىگىچە تاقەت قىلساڭلار بولارمۇ؟

— دېدى. ئاندىن ماڭا يېقىنلىشىپ، قىسقىچە ئەھۋالىمنى سورىدى. مېنىڭ تەرجىمەھالىم سورالسا مەن بەكلا تومتاق بىر ئادەم بولۇپ چىقاتتىم. چۈنكى مەن ھېچ بولمىسا ئۇيغۇردەك ياكى ئابدۇرېھىمدەك خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، ئىستىخبارات كۇرسىنى تۈگەتكەن دېيەلمەيتتىم. ئۆزەم ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى بۇنداق بىر قىسقىچە ئەھۋال تونۇشتۇرۇشتا تونۇشتۇرۇپ، مەن ئۆزلۈكۈمدىن رۇسچە، خىتايچە، ئەرەپچىلەرنى بىلىۋالغان دېيەلمەيمەنغۇ؟ شۇڭا، مەن بۇ تۈپتىكى ئەڭ ئادەتتىكى بىرسى بولۇپ چىقاتتىم. ھەتتا، ئۇ كىشى «ئارىمىزدا بۇ ئادەمگە نېمە باردۇ؟» دەپ ئويلاپ قالسىمۇ قالاتتى. پەقەت مېنىڭ ئۇرۇمچىدە ئىنىستىتۇتتا ئىشلىگەنلىكىم ئۇنى بىر ئاز ھەيران قالدۇردى. ئۆزەمنىڭ تەھسىلاتىمدا بىرەر ئالىي ھەتتا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ نامى ئاتالمىغان ھالدا، ئىنىستىتۇتتا دەرس ئۆتۈشۈم ھەر ئاڭلىغان ئادەمگە غەلىتە تۇيۇلماي قالمايتتى.

مەن ئۆزەمنىڭ چېدىرىم تەرەپكە كەتتىم. ئۇيغۇر، بۇغرا ئەپەندىم، ئابدۇرېھىملەر گەپلىشىپ قېلىشتى.

ئەتىسىمۇ بولدى. ئەتىسى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر كېلىپ، باشلىقلار بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار چېدىر ئىچىدە ئايرىم سۆزلەشكىلى تۇرغاندا، بىز

ئۇرۇش تەرەپدارلىرى يەنە بىر يەرگە توپلاندۇق. يەنە شۇ مەۋزۇدا تالاشتۇق. ئاۋۇ ئەسكەرلەرنى ئۇ ياقتا بىر يەردە پايلاپ تۇرۇپ تۇتۇشنى كېلىشتۇق. بىز پىستىرمىغا ئادەم يوللاۋاتقاندا بۇغرا ئەپەندى چېدىردىن چىقىپ، شۇبھىلىك ھەددى - ھەركەتلىرىمىزنىڭ سىرىقنى ئېلىشقا باشلىدى. ساداقەتمەن ئابدۇرېھىم قىلىچ مەقسەتنى ئېنىق ئېيتتى.

— بىز ئىشنى چىرايلىق شەكىلدە پۈتكۈزۈشكە تىرىشىۋاتىمىز، ئىشنى بۇزماي شۈك تۇرۇپ تۇرساڭلا قانداق؟ — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ.

شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم يېڭىلىمىز چىقىپ، بوشۇشۇپ كەتتۇق.

ئەمما چىرايلىقچە پۈتۈشۈۋاتقان ئىشنىڭ نەتىجىسىدە ئىككى ئەسكەر بىلەن باي ئەزىزى قاتارلىق بىر ھەيئەتنى ئەۋەتىشتى.

بىزمۇ ئاستا قوزغۇلۇپ، كۆككىئارت داۋان تەرەپكە سىلجىدۇق. يول تاغ باغرىدا دەريا ياقىسىنى بويلاپ كېتەتتى. بۇرۇنقى يوللاردەك تىك ۋە خەتەرلىك بولمىغاچقا ئاستا ماڭغاچ، قاراۋۇلخانىغا يېقىنراق چۈشكۈن قىلماقچىدۇق. بىز ئورۇنلىرىمىزدىن قوزغۇلۇپ، يولغا چىقىپ كۆپ ئۆتمەي، باي ئەزىزى قاتارلىق ۋەكىللەر قايتىپ كەلدى. يول ئۈستىدە ئۇچراشتۇق. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئىسا بىلەن بۇغرا ئەپەندىنى قاراۋۇلخانا باشلىقى سۇن فۇگۇي چايغا تەكلىپ قىپتۇ. شۇنداقلا قولىمىزدىكى قورال-لارنى تاپشۇرۇۋەتسەكلا باشقا رەسمىيەتمۇ يوقلۇقىنى، چېگرىدىن ئۆتۈۋەرسەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ كۆرۈنۈپ تۇرغانلا قىلتاق ئىدى. ئىختىيارسىز يوسۇندا يەنە ھېلىقى بىرنەچچە ئۇرۇش تەرەپدارلىرى بىرىيەرگە توپلىنىپ قالدۇق. ئابدۇرېھىم قىلىچ بۇ ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ:

— پەرىزىڭىز توغرىكەن، ئۇلارنىڭ كۈچى ناھايىتى ئاز. قوراللىرىمىزنى ھىلە بىلەن يىغىۋالمىسا بىزگە تەڭ كېلەلمەيدىكەن. قورال-لار تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن كۆرگۈلۈكۈمىز بار، — دېدى.

ئەمما لىدېرلار چايغا بېرىپ، ئىشنى چاپسان پۈتتۈرۈشكە ئالدىراشتى. شۇنداقلا قورال-لارنى توپلاپ، تاپشۇرۇشقا ھازىرلىنىشنى بۇيرۇدى.

بۇ ياقتا بىز غۇدىرىدۇقكى: بىر چېگرا قاراۋۇلخانىسىدىكى ئون بېشى خىتاي بىر ئۆلكە رەئىسىنىڭ مۇئاۋىنى ۋە باشكاتىبى بولغان ئادەمنى ئالدىغا چاقىرغىنى

قانداق ئەدەپسىزلىك بۇ؟! مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ گەپلەردىن بىر ئاز خىجىللىق ھىس قىلىپ، ئىككىلىنىپ قالدى. ئەمما ئىسانىڭ چايغا بېرىش ئىرادىسى قەتئىي ئىدى.

— توپىنىڭ بېشى بولغان ئىككىڭلار بىردەك توپنى تاشلاپ كەتسەڭلار قانداق بولىدۇ؟ خىتاي دېگەننى بىلمىسەككەن؟! — دېيىشىپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتكىنىمىزدىن كېيىن، بۇغرا ئەپەندى:

— مەن قالاي، — دېدى.

— قورال‌لارنىڭمۇ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ داغدا قالمايلى، بىر ئاز ئېلىپ قالايلى، — دېگەن غۇدراشلار ئاڭلىناتتى.

ئىسا ئەپەندى ھەممە ئادەمگە قېيداپ، ئاچچىقى بىلەن گۈرسۈلدەپ مېڭىپ، ئېتىغا مىندى. بىر ياردەمچىسى بىلەن قاراۋۇلخانىغا كېتىشتى.

قورال‌لارنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قاراۋۇلخانىدىن ئەسكەرلەر كەلدى. ئۇلارغا مەسلىھەت بويىچە قورال‌لارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەپ، يېرىمىنى تاپشۇردۇق.

بۇ قاراۋۇلخانىدىكى خىتايلار كارۋانلاردىن، ھاجىلاردىن، چېگرىدىن ئۆتىدىغان ھەركىمدىن پارا ئېلىپ، ھەتتا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى تەلەپ قىلىپ، بۇلاپ كۆنۈپ كەتكەن ئىدى. قاراۋۇلخانىدىن 500 مېتىرچە ئۇزاقتا چۈشكۈن قىلىپ، توختىغىنىمىزدا كۆردۈمكى، بۇ يەردە گويا تەرەپتىن كېلىپ، كۈنلەردۇر ياتقان باشقا يولۇچىلارمۇ باردى. بەشيۈزگە يېقىن يەرلىك خەلق، يۈزلەرچە چېدىردا، بۇ يەردە ئالتە توك ـ توك خىتاينىڭ توسۇۋېلىشى بىلەن ئۆز ۋەتىنىدە بىر تىيىنلىق قەدرى بولماي، يامان تەبىئىي شارائىت ئاستىدا خىتايدىن ئىنساپ كۈتۈپ يېتىشقا مەجبۇر ئىدى. قارلىق تاغلار بىلەن قورشالغان بۇ قاراۋۇلخانا بىر دۆڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆكيار يولىدىن ۋە گويا — شەيدۇللا يولىدىن كەلگەنلەرنى بىر نۇقتىدا تۇتالايتى.

بۇ ھالىمىزغا قاراپ توپتىن ئۈمىدىم كېسىلدى. بۇ قەدەر ئەقەللىي بىر ئىشتىكى قارارسىزلىق، ئىككىلىنىش ۋە ئاخىرىدا ھاماقەتلەرچە قارار چىقىرىش كۆزۈمگە يىغا كەلتۈردى. تارىختىن بېرى ئوخشاش ئۇسۇلدا ئالدىنىۋاتاتتۇق. سۆھبەتكە چاقىرىش ئۇسۇلى! ئەمما ھېچقاچان ساۋاق ئالمايتۇق... توپتا پارچىلىنىش ئالامەتلىرى بايقالدى. بىز 53 كىشىلىك سىياسىي قاچاقتا يوللاردا

قېتىلغان ھەر خىل سالاھىيەتتىكى 300دىن ئارتۇق باشقا يولۇچىلار، ئەسلىدە بىزگە بىر تۈرلۈك ئىشەنچ قىلىپ، بىزگە بويسۇنۇش كەيپىياتىدا كېلىۋاتاتتى. گويا بىزنىڭ سايىمىزدە ئىشلىرى ئاسان بولۇدۇغاندەك خىيالى باردى. بىرىنچى توسالغۇ ۋە بىزنىڭ قارارسىزلىقىمىزدىن كېيىنلا ئۇلار بىز بىلەن بىرگە بولغانلىنىڭ پايدىسىدىن زېيىنى كۆپ ئىكەنلىكىنى پەملەپ، بىزدىن مۇمكىن قەدەر يىراق تۇرۇش، ئاجرىلىپ كېتىش، خىتايلارغىمۇ، «بىز ئۇلار بىلەن بىللە ئەمەس» دېگەن تۇيغۇنى بېرىشكە تىرىشىدىغان كەيپىيات ئىپادىلەشكە باشلىدى. بىزنىڭ توپىمىزدىمۇ بۆلۈنۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇرۇش قىلىش تەرەپدارلىرى، تېنچلىقچىلار ھەم يەنە ھېچبىرىگە ئىپادە بىلدۈرمەيدىغان مەيدانسىزلار. بۇ ھالدا بىزنىمۇ مەلۇم قوماندانلىق ئاستىدىكى بىر توپ دېگىلى بولمايتى.

بىز چېدىر ئالدىدا يەنە ئىشلىرىمىز ھەققىدە تالاش - تارتىشتا ئىدۇق، بۇغرا ئەپەندى ئۇياقتىراق خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. قىلىچ گەپ تەشتى:

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

مەن ئويلىغانلىرىمنى، توپىمىزنىڭ روھى جەھەتتە ئاللىقاچان بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم.

— توپىمىزدا باشتىنلا بىر قوماندانلىق ئاستىدا بولۇشتەك ئالاھىدىلىك بولۇپ باقمىدى، — دېدىم ئاخىرىدا، — ئىنسانلار تەشكىللەشكە مۇھتاج، ئۇلارغا دايىم بىر ئىگىدارچىلىقنى، بىرگەلىكنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدا «مەنمۇ توپنىڭ بىر ئەزاسىمەن» دېگەن ھېسنى ئۆچۈرمەسلىك لازىم. بولمىسا بىزدەك بىر مىللەت ناھايىتى چاپسانلا ھۆكۈمەتسىزلىشىدۇ، باش - باشتاقلىشىدۇ. كىم بىلىدۇ، بىزگە ئەگىشىۋالغانلار ئۆز ئىچىدىن قانچە تىپقا بۆلۈندى.

سۆزلىرىمىز بۇغرا ئەپەندىگە تەسىر قىلماي قالمىدى. شۇڭا بىزگە يېقىنلىشىپ:

— ئىسا ئەپەندىنىڭ سۆھبەت نەتىجىسىنى كۈتۈپ يېتىۋەرمەيلى، ئىككى قوللۇق تەييارلىقتا بولايلى، — دېدى ئۇ، — ئەگەر سۆھبەت بىلەن ئىش ئاقمايدىغانلىقى بىلىنگەن ھامان، ئۇلارغا كۈچ قوللۇنۇشقا تەييار تۇرايلى.

— بولۇدۇ، بۇنى قوراللارنى تاپشۇرماي تۇرۇپ قىلغان بولساق تېخىمۇ ياخشى

بولاتتى، بوپتۇ يەنە ئۇرۇنۇپ باقايلى، — دېدى قىلىچ.

— ئاراڭلاردا ھەربىي ئۇنۋانى بولغانلارنى ئېنىقلايلى، كىمنىڭ ئۇنۋانى يوقۇرى بولسا شۇ ئەمەلىي قوماندانلىق قىلسۇن، — دېدى بۇغرا ئەپەندى.

— مەن شاڭۋېي[1]، — دېدى قىلىچ، — ئەمما بۇ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىققاندىكى ئۇنۋان، جەڭ مەيدانىدىكى ئەمەس، شۇڭا بۇنى ھېساپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ ئەمەس.

— ئۇيغۇر ئادىل، رېھىم، — سىلەرنىڭچۇ؟

— بىزمۇ شاڭۋېي، — دېدى رېھىم كۆرەڭلىگەندەك قىلىپ.

— قۇرۇق گەپنى قىلمايلى، — دېدى قىلىچ، — بۇلارنىڭمۇ مېنىڭكىدەك، ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىكى دەرىجە، ئەمەلىي جەڭ كۆرگەن ئەمەس. سىزچۇ سابىت ئەپەندى؟

— مەن ئۇنۋان دېگەننى بىلمەيمەن، ئەمما يۈز بېشى بولغانمەن.

— نېمىشقا جەڭ كۆرمىگەن دەيلا؟ — دەپ تالاشتى رېھىم، — ئوقۇشتىن بۇرۇن بىزمۇ ھەممە جەڭلەرگە قاتنىشىپ، تۈڭگانلار بىلەن چىڭخەيگە كەتكەن، ئاندىن ئوقۇغان تۇرساق...

— سىلى جەڭگە قاتناشقان شۇ مەزگىللەردە بىرەر ھەركەتكە مۇستەقىل قوماندانلىق قىلىپ باققانمۇ؟ شۇ چاغدىكى ئەمىلىڭىز نېمىدى؟ — دەپ سورىدى قىلىچ.

— ئەمىلىمنى دېسىغۇ ئونبېشىتىم، ... ئۇيغۇرمۇ جەڭلەردە بولغان مانا...

— مەن جەڭلەردە بولغۇنۇمدا تۈڭگانلارنىڭ تەرجىمانى بولدۇم، ھېچقانداق تەجرىبەم يوق، — دېدى ئۇيغۇر ئۆزىنى ئاشكارىلاپ.

— سابىت ئەپەندىنىڭ ئەمىلى جوڭۋېيغا[2] توغرا كېلىدىكەن، ئەمما جەڭ مەيدانىدا ئالغان ئۇنۋان، — دېدى قىلىچ.

رېھىم سەل نارازىدەك قىلغانىدى، ئابدۇرېھىم قىلىچ تۈيغۇن بولغاچقا بۇنى سېزىپ:

[1] شاڭۋېي — (خىتايچە — 上尉) كاپىتان — ئا.

[2] جوڭۋېي — (خىتايچە — 中尉) لېيتېنانت، — ئا.

— ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار قوماندانلىقنى ئالالامسىلەر؟ — دەپ سورىدى. شۇ ھامان رىھىمنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، رەت قىلدى.

— ئۇنداق بولسا ئارىمىزدىكى ئەڭ چوڭىمىز سابىت ئەپەندىكەن، — دەپ خۇلاسىلىدى قىلىچ، — بىز سابىت ئەپەندىگە بويسۇنايلى، سابىت ئەپەندى پەقەت بۇغرا ئەپەندىگىلا ھېساپ بېرىدىغان بولسۇن، بولامدۇ- يا؟

— سىلىچە قانداق، سابىت ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى بۇغرا ئەپەندى.

— بولۇدۇ، مەن ئۈستۈمگە ئالاي، — دېدىم ھېچ تىل چاينىمايلا.

— ئەمىسە قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بولسا ئاڭلايلى، — دېدى قىلىچ ئالدىراپ.

مەن ئۈچ گورۇپپا قىلدىم. بىرىگە قىلىچ بىلەن رىھىمنى، بىرىگە نۇر مۇھەممەد تۇڭگان بىلەن ئۇيغۇرنى مەسئۇل قىلدىم، يەنە بىرىگە مەن مەسئۇل بولۇدىغان بولدۇم. ئالدى بىلەن قورال تۇتالايدىغان ئەركەكلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ، بۇ گورۇپپىلارغا بۆلۈش كېرەك ئىدى. قىلىچ دەرھال چېدىرلارنى ئارىلاپ جەڭگە قاتنىشىشنى خالايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلاشقا كەتتى. ئۇنىڭغىچە مەن ئەتراپىنىڭ بىر يەرشەكلى خەرىتىسىنى تېز سىزما شەكلىدە سىزدىم. ئۇنىڭدا يەكەن دەرياسى، دەرياغا پاراللېل سوزۇلغان تاغ، دەريانىڭ قارشىسىدىكى تاغ، بىز كەلگەن يول، شەيدۇللادىن كېلىدىغان يول، ئىككى يولنىڭ قوشۇلغان تۈگۈنى ۋە شۇ تۈگۈنگە جايلاشقا قاراۋۇلخانا كۆرسىتىلدى. قاراۋۇلخانا ئارقىسىدا بارغانسېرى تىكلىشىپ كەتكەن تاغ باردى، بۇ تاغ ئاشۇ دەريا ياقىسىدىكى تاغ ئىدى.

ئادەملەرنىڭ سانى ئېنىقلىنىپ، گورۇپپىلارغا تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن گورۇپپا مەسئۇللىرى ئالدىغا خەرىتەمنى يېيىپ ھۇجۇم پىلانىمنى چۈشەندۈردۈم.

بىر گورۇپپا — قىلىچ گورۇپپىسى ئاساسەن قول بومبىسى بىلەن قوراللىنىپ، قاراۋۇلخانىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، تۇنجى ھۇجۇمنى باشلايتى. خىتايلارنىڭ ئوت كۈچى ئوڭ سول ئىككى يولغا توغرىلانغان بولغاچقا، ئارقىدىن قىلىنغان ھۇجۇم بىلەن ئالاقىزادىلىككە چۈشەتتى. بۇ پاراكەندىچىلىك ئەڭ ئاز 15 مىنۇت داۋاملاشسا خىتايلار ھۇجۇمنىڭ ئارقىدىن بولۇدىغانلىقىغا

ئىشىنىپ، ئوت كۈچىنى يوقىتىپتۇ. شۇ چاغدا قالغان ئىككى گورۇپپا ئوڭ سولدىن ھۇجۇم قىلاتتى. بىرىنچى گورۇپپا بۇنىڭ ئۈچۈن چەبدەسلىك بىلەن ئارقىغا ئۆتۈپ، قول بومبىسى يېتىم ئارىلىقتىكى قاراۋۇلخانىغا يېقىنلىشىشى شەرت ئىدى.

— مەن بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن! — دەپ قەتئىي ھالدا سۆز بەردى قىلىچ.

— ئەگەر مېنىڭ مۆلچىرىمدىكىدەك، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 20 دىن ئاز بولسا بىرىنچى بومبىنىڭ پارتلىشى بىلەنلا قارشىلىقتىن ۋاز كېچىپ، قاچىدۇ.

— تەسلىم بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— بۇنداق ئېھتىماللىق ناھايىتى ئاز. چۈنكى، تەسلىم بولغان خىتايلارنى سولاپ قويغىدەك تۈرمىمىز يوق، ئېلىپ كېتىشىمىز ناتايىن، بىر تەرەپ قىلىش بەك قولايسىز، تاشلاپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى تامامەن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولىمىز. بۇنى ئەسكەر بولغان ئادەم پەرەز قىلالايدۇ. شۇڭا تەسلىم بولۇشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلگەچكە ئەڭ ياخشىسى قاچىدۇ.

— قايىلمەن، — دېدى قىلىچ يوغان قوللىرىنى ماڭا سۇنۇپ. مەنمۇ قولۇمنى بېرىۋىدىم، قولۇمنى مەھكەم قىستى، — مەنتىقىلىق تەھلىل.

بىز قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتۇق، قاراۋۇلخانىدىن يەنە ھېلىقى ئۇيغۇر ئەسكەر كەلدى. ئۇنىڭدا ئىسانىڭ قىسقىلا مەكتۇبى بارىكەن. ئۇنى بۇغرا ئەپەندىگە بەردى. مەكتۇپتا شۇلار يېزىلغان ئىدى:

«سىلەر كۆسەيلىرىڭلارغا چىدىماي، مېنى ئۆلسۇن دەمسىلەر!»

شۇنىڭ بىلەن بۇغرا ئەپەندىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— قېرىندىشىمىز قىيىن ئەھۋالدىكەن، قانداق قىلىمىز؟

— پىلانىمىزنى ئىجرا قىلىدىغان ۋەزىيەت مانا شۇغۇ؟ تېنچلىق بىلەن پۈتمەيدىغانلىقى ئېنىق بوپتۇ، — دېدىم مەن.

— ياق، مېنىڭچە ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى بۇغرا ئەپەندى، — بىز ھۇجۇم قىلىمىز دېسەك ئىسا ئەپەندىنى زىيان تارتىمىز.

— بىزنىڭ ھۇجۇمغا تەييارلىنىشىمىزمۇ مانا شۇ ۋەزىيەت ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟

— مەن ئىسا ئەپەندىنى گۆرۈگە تۈتۈۋالار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، تېنچلىق تەكلىپىمىز قوبۇل قىلىنمىسا ئەپەندىم قايتىپ كېلىدۇ، دەپ قاپتىمەن.

— بەللى، سىز ھەقىقەتەنمۇ چايغا تەكلىپ قىلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟! — دېدىم ھەيران بولۇپ. يىغلىۋېتەيلا دەپ قالغان ئىدىم. ھالىمىز مانا شۇنداق ئىدى!

ئۇيغۇر ئەسكەر مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندىگە:

— قورالىلارنىڭ قالغىنىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىڭ، ھەممىنى بىر يەرگە توپلىسۇن، — دېدى.

بۇغرا ئەپەندى:

— ھازىرمۇ مېنى لىدېرىمىز دەپ تونۇساڭلار، بارلىق قوراللارنى دېگەن يەرگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، بولمىسا بىلگىنىڭلارنى قىلىڭلار، — دېدى ئىشەنچسىزلىك بىلەن. ئۇنىڭ بىچارىلىك يېغىپ تۇرغان تۇرقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى. تەرتىپسىز، ئاڭسىز بىر خەلقنىڭ لىدېرى بولماقنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقاندەك ئىدى. بۇيرۇقىغا ئىشەنچ قىلالمايتى.

ئۇرۇشقا قارشى كىشىلەر ئاساسىي ساندا بولغاچقا، ئۇلارغا ياغدەك ياقتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى قورقۇنچاقلىقىنىڭ چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا چىشىنى چىشلەپ تۇرغانلىقى بىلىنىپلا قالدى. قوراللارنى تاپشۇرۇۋەتتۇق. ئەتراپ يەنە سۈكۈتكە چۆمدى.

ئەتىسى بىرسى چىقىپ، يۈكلىرىمىزنىڭ تەكشۈرۈلۈدۇغانلىقىنى ئېيتتى. بۇغرا ئەپەندىنىڭ خاپا بولۇپ قىلغان پەشلىرىنى خىتاي ئەسكىرى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمىدى. تەكشۈرۈش شۇنچىلىك ئەخلاقسىزچە بولدىكى، ئۇلارغا ئېيتىلىپ، چايناپ پۈركۈۋەتكىنىڭ كېلەتتى. ئەمما ئەمدى نېمە قىلالايتۇق؟ قوراللىرىمىزنى تاپشۇرۇپ بولدۇق، گويا بوينۇمىزغا چۆلۈۋۈر باغلاپ، ئۇچىنى خىتايلارغا تۇتقۇزدۇق، ئەمدى چىداشتىن باشقا ئامال يوق، چىدىمىساق ئاتىدۇ، ئۆلۈمگە ھازىر بولۇشىمىز كېرەك!

بەزى قىممەتلىك ئەشيالارنى خىتايلار تەپتارتماستىنلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى.

مەسىلەن: ئىسا ۋە بۇغرا ئەپەندىلەرنىڭ يۈكلىرىدىن ئۆلارنىڭ دۇربۇنلىرىنى، رەسىم ئاپپاراتىنى خىتايلار ئېلىۋالغان ئىدى. ئىسا ئەپەندىنىڭ خانىمى فاتىمە خىتايلار بىلەن زوكۇنلۇشۇپ، ئۇلارغا تەنبىھ بېرىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇندى:

— ھەي، تەربىيەسىز! — دېدى ئۇ خىتاي ئېغىز تىلى بىلەن. ئۇ ئۇزاق يىللار خىتاي شەھەرلىرىدە تۇرغاچقا ئېغىز تىلىغا خېلى بولۇدۇكەن، — بۇ كىمنىڭ دېمەيسىنا! — فاتىمە خانىم گويا ئەسكەرلەر ئەگەر بۇ يۈك كىمنىڭ يۈكى ئىكەنلىكىنى بىلسە دەرھال ئەپۇ سورىغانچە كەينىگە سا يانىدۇ دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، — بۇ دېگەن مىشۇجاڭ ئىسا ئەپەندىنىڭ جۇما! — دەپ ۋارقىرىدى.

— نېمە بولۇدۇ؟ ئىسانىڭ بولسا نېمە كارىم؟ مىشۇجاڭمىش! بۇ تاغنىڭ ئارىسىدا ئاكاڭ قارىغاي مىشۇجاڭ!

مۇھەممەد ئېمىن بۇغرا ئەپەندىنىڭ يۈكلىرى ئىچىدىنمۇ ئوخشاشلا ئۆزىگە يارىغان نەرسىلەرنى — دۇربۇننى رەسىم ئاپاراتىنى ئېلىۋالغىلى تۇرغاندا ئامىنە خانىممۇ قارشىلىق قىلاي دېۋىدى، فاتىمە خانىمنىڭ ھالىنى، خىتايلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن بۇغرا ئەپەندى ئايالىغا «بولدى تالاشما» دېدى ھەم مەيۈسلۈك، ھەمدە ھاقارەتكە ئۇچراپ چارىسىز چىداپ تۇرغۇچىنىڭ بىچارە كەيپىياتى بىلەن.

ھەممىگە سۈكۈت قىلىش كېرەك ئىدى. 400 گە يېقىن ئۇيغۇر پەقەت قۇربان بېرىش روھىنىڭ كەملىكىدىنلا مانا مۇشۇنداق خورلۇقلارغا چىداپ، كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ قاراپ تۇرۇشاتتى! ئاياللارنىڭ قىممەت باھا نەرسىلىرىدىن بەزىلىرى ئېلىۋېلىنغاندا، ئاياللىرى پەرياد كۆتۈرمەكچى بولسا ئەرلىرى ئۇلارنى چىداشقا دەۋەت قىلاتتى!

ئاخشامغا يېقىن بىر خىتاي يەنە كېلىپ:

— مۇھەممەد ئېمىن ئەپەندى قاراۋۇلخانىغا كېلىپ، «يۈك تاقلىرىمىز تەكشۈرۈلدى، قۇراللار تاپشۇرۇپ ئېلىندى، ئەمما شەخسىي بويۇملىرىمىزغا دەخلى قىلىنمىدى» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە تىل خەت يېزىپ ئىمزالاپ بېرىشى كېرەك، — دېگەن تەلەپنى يەتكۈزدى.

— قولۇڭلاردا ئىسا ئەپەندى بارغۇ؟ ئىسا ئەپەندى يېزىپ بەرسە بولمىدىمۇ؟

— دېدۇق غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— سۇن دۈيجاڭ[1] ھەر ئىككىسى ئىمزا قويۇپ بەرمىسە بولمايدۇ، دېدى. ئىسا ئەپەندىمۇ مۇئاۋىن رەئىسمۇ كەلسۇن، بىرلىكتە چاي ئىچىپ چىقىمىز، دېدى.

— نەقەدەر ئۇستۇلۇق، نەقەدەر ئاددىي! قەدەممۇ ـ قەدەم،... — دېدىم يۈرىكىم ئېچىشقان ھالدا.

بۇغرا ئەپەندى مېڭىشقا ھازىرلاندى. بۇ قېتىم ھېچكىم توسمىدى. توسۇشنىڭمۇ پايدىسى يوقىدى. خۇددى «ئاناڭنىڭ ئايغۇچىلىكى قالدىمۇ، بالام» دېگەندەكلا بولغانىدى. بۇغرا ئەپەندى كەتكەندىن كېيىن ئابدۇرېھىم قىلىچ يېنىمدا ئولتۇردى.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

— ئويلايدىغان يېرى قالدىمۇ؟ — دېدىم مەن چىدىغۇسىز بىر كەيپىياتتا. ھازىر ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىخلاسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆتكەندە سورۇماقچى بولۇپ سورۇيالمىغان سوئالىمنى سورۇماقچى بولدۇم، — بۇندىن كۆرە باشقا گەپلەرنى قىلىشمايلىمۇ، كۆڭۈل غەش بولۇدۇغان ئىشنى قايتا تەگمەي، — دېدىم.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇمۇ. بۇ چاغدا قۇربان قوداي، چىڭگىزخان، پولات قادىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئۇيغۇر، رېھىملارمۇ يېنىمىزغا توپلاندى. شۇنداق ئادەمنى قىينايدىغان بىر ۋەزىيەتتە قالغىنىمىز ئۈچۈن ھەممەيلەننىڭ بىرەر كۆڭۈل كۆتۈرۈدىغان مەۋزۇدا سۆھبەتكە ئېھتىياجىمىز باردى.

— سىزنىڭ ھايات ھېكايىلىرىڭىزدىن بەزىلىرىنى ئاڭلىدىم، خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك باتۇرلۇقلار قىپتىكەنسىز، ئاڭلىغانلىرىم راستمۇ؟

— نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭىز؟

— ياپونلارنىڭ تۇتۇۋالغىنى، پويىزدىن سەكرەپ قاچقىنىڭىز راستمۇ؟

— ھەئە، راست. راست بولمىسا بۇ يەردە بولاتتىممۇ. يەنە نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭىز؟

— ئۈرۈمچىدە ئىسا ئەپەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ

---

[1] دۈيجاڭ — (خىتايچە — 队长) ئەترەت باشلىقى — ئا.

مەركىزىگە ھۇجۇم قىپتىكەنسىز، نەچچە ئون ئادەمگە بىر بۇرادىرىڭىز بىلەن، بۇ راستمۇ؟

— ھەئە، بۇمۇ راست، — دېدى ئۇ، — سىز بۇلارنى ئەسلەپ قېلىشتا باشقا بىرنەرسىنى دېمەك ئۈچۈن مەيدان ھازىرلاۋاتامسىز قانداق؟ — دېدى ئۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ جاسۇسلاردەك سەزگۈرلۈككە ئىگە ئىكەن!

— توغرا، تاپتىڭىز، — دېدىم مەنمۇ سەممىيلىك بىلەن، — شۇ چاغدىكى بۇيرۇقمۇ، ئىجراسىمۇ ھەجەپ قەتئىيانە بوپتىكەن دەپ ھەيران قېلىۋاتىمەن، — ئۇنىڭ گەپ قىستۇرۇۋالماسلىقى ئۈچۈن دەرھال داۋام قىلدىم،

— مۇشۇ مەۋزۇدا بىرنەچچە سوئال سورۇسام خاپا بولۇپ قالارسىزمۇ؟

— ئەسلا! نېمە سورۇماقچى بولسىڭىز سوراۋېرىڭ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ماڭا بىر يوچۇق ئاچتىڭىز، شۇڭا ھاقارەت تىپىدا بىر نېمە دېسىڭىزمۇ قولۇم كۆكسۈمدە،

— ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مەردانە ئادەم ئىدى.

— يوقسۇ، ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس، — دېدىم تەسەللىي ئاھاڭىدا، — ئەپەندىم، سىز يىللاردىن بېرى بىر يولدا كۆرەش قىلىپ كېلىۋاتىسىز، بۇنىڭدىكى ئارزۇيىڭىز ياكى غايىڭىز نېمە؟

— شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش.

— بۇ مۇستەقىللىقىڭىزدا توسالغۇ بولۇدۇغان ئاساسىي دۈشمەن كىم؟

— خىتاي! نېمە دېمەكچىسىز!؟

— خاپا بولماسلىق ۋەدىڭىز بار، ئۇنتۇپ قالماڭ، — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خاپا بولمۇدۇم، ئەمما كىچىك باللارمۇ بىلگۈدەك نەرسىلەرنى سوراپ يۈرىسىز، شۇڭا دەيمەن، دە.

— سىز ھۇجۇم قىلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەركىزىدە خىتايلار بارمىدى؟

ئابدۇرېھىم قىلىچ پوكاندەك ئېسىلىپ كەتتى. مەڭدەپ قالدى. ئەمما قۇربان قوداي گەپكە ئارىلىشىپ:

— خىتاي بولمىغان بىلەن، خىتايدىنمۇ خەتەرلىك كوممۇنىستلار بارتى، دېمەمسىز! — دېدى.

ئابدۇرېھىم بۇ جاۋاپنى مېنىڭسىسەم بولارمۇ ياكى ئوسال بولارمەنمۇ

دېگەندەك مەڭدەپ، ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە مەن داۋام قىلدىم:

— ھازىرچە كوممۇنىستلىق ياكى ئۈچ مەسىلەكچىلىكنى قويۇپ تۇرايلى، مىللىي چېگرالار مەۋزۇسىنى تۈگىتەيلى، — دېدىم قۇرباننىڭ جاۋابىنى ھىساپقا ئېلىپ.

— خىتايلار يوقتى، ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى، — دېدى قىلىچ رايىشلىق بىلەن سۆھبەتنىڭ چالا قالغان جاۋابىنى تولۇقلاپ.

— ئۇلارنىڭ مەخسىتى نېمىدى؟

— ئاللاھ بىلىدۇ...

— ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلىدۇ، ئەمما سىزمۇ بىلىسىز، — دېدىم كەسكىن جاۋاپقا قىستاپ.

يەنە قۇرباننىڭ تاقىتى پۈتتى:

— كوممۇنىست دۆلىتى قۇرۇش!

— نېمىلىكى بولمىسۇن مۇستەقىل كوممۇنىست دۆلىتىمۇ؟

— مۇستەقىلدەك كۆرۈنسىمۇ بەرىبىر رۇسلارنىڭ قونچىقى بىر دۆلەت، — ئەمدى قۇربان جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى.

— ئۇلارنىڭ بۇ يولدىكى دۈشمىنى كىم ئىدى؟

— خىتايلار! — دېدى بۇ قېتىم قىلىچ ئۆزى جاۋاپ بېرىپ.

— ئۇلار خىتايلارغا قارشى كۆرەش قىلدىمۇ؟ خىتايلارنى يوقاتتىمۇ؟

— كۆرەش قىلدى، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى خىتايلارنى يوقاتتى.

— سىز دۈشمىنىڭىز بولغان خىتايغا قارشى كۆرەش قىلدىڭىزمۇ؟

— ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا رۇسلار باردى، رۇسلارنىڭ ھىماتىدا قىلدى، رۇس مەنپەئەتى ئۈچۈن! — دېدى قۇربان يەنە.

— سىزمۇ بىرسىنىڭ ھىماتىدا بولسىمۇ دۈشمىنىڭىزگە قارشى كۆرەش قىلدىڭىزمۇ؟ بىرسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ دەيلى، ئەمما دۈشمەن سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز ئىكەن، سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈنمۇ پايدىسى بولامتى قانداق؟

— بولدى، مەن چۈشەندىم، قايىل بولدۇم! —دېدى قىلىچ، — بىز قانداقمۇ خىتايىنى يوقۇتالايمىز؟ خىتاينىڭ ئۆزىنى ھىمات قىلىپ تۇرۇپ!

— دەيدىغىنىم توگىدى! — دېدىم ۋە جىم بولدۇم. باشقىلارنىڭ بۇ

مەۋزۇدىكى تالىشى يېڭىدىن باشلاندى. ھېچبىرىگە ئارىلاشمىدىم. گەپ قېتىشىنىڭ كېرىكى يوقىدى. ئەمدى پولات بىلەن ئۆتكۈرمۇ گەپ قېتىشقا باشلىغان ئىدى. چېدىرغا كىرىپ كەتتىم. كۆپ ئۆتمەي، چىڭگىزخان داموللا بىلەن قىلىچ كىرىپ كەلدى. ئەمما مەنمۇ ئۇلارمۇ ئۇن چىقارمىدۇق.

ئەتىسى بىز يەنە باشلىقلارنىڭ «چاي»دىن قايتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندا قۇربان قېشىمغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ بىر دەيدىغىنى باردەك قىلاتتى. ئاڭغىچە مۇشۇ كۈنلەردە ماڭا ئىخلاسى ئارتىپ قالغان قىلىچمۇ كەلدى. پولاتمۇ مەنىستىمىگەن بىر چىراي ئىپادىسى بىلەن بىر ئاز يۇقىمايراق يېقىنلاشتى.

— مېنىڭ يەنە بىر چېگىشىم بار، راستىنى دېسەم جاۋابىنى بىلمىگەنلىكىمدىن ئەمەس، سىزنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈنلا سورۇۋاتقىنىمەن، ئۇيلۇغۇنۇمۇز بىردەكمىكىن قېنى، — دېدى.

— بولىدۇ، سوراڭ.

— سىز ئىلى تەرەپتىكىلەرگە تەرەپدارلىقمۇ قىلدىڭىز، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل؛ ئۇلارنى خىتايلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، دۈشمەننى يوقاتتىمۇ دەيلى، بۇمۇ پاكىت؛ ئەمدى نېمە بولىدۇ؟ ئۇلار كوممۇنىست بولغاچقا كوممۇنىست خىتايلارنى خۇش قارشىلىشى مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇغۇ؟

— توغرا دەيسىز، بەختسىزلىكىمىزمۇ مانا شۇ يەردە. ئۇلار گومىنداڭنى ئەشەددىي دۈشمەن دەپ قارىسىمۇ، كوممۇنىست خىتايلارنى ھەرھالدا يۇمشاق، ئادىمىيانە، كېلىشكىلى بولىدىغان دەپ ئويلىشى چوقۇم. ئەمما ئويلاپ كۆردۈڭۈزمۇ، سىزلەر گومىنداڭنى خۇددى شۇنداق ئويلايتىڭلار، كوممۇنىست خىتاينى مۇرەسسەسىز دۈشمەن دەيتىڭلار. شۇئاندا بىز گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن توسۇپ قويۇلدۇق. بىز ئۇلارغا تېنچلىق قولىمىزنى ئۇزاتتۇق، ئەمما ئۇلار بىزنى ئارقىمىزغا — كوممۇنىست خىتايلارنىڭ قولىغا قايتۇرۇش كويىدا.

— توپتوغرا! — دېدى ئۇ. — مەن كېچىچە ئويلانغان ئىدىم، كاشكى بەزى خاتالىرىمىزنى تۈزۈتۈشكە پۇرسىتىمىز بولغان بولسا... ئەگەر سالامەت چەتكە چىقالىساق بىرلىكتە ئىشلەيلى، بىر شۇئار ئاستىدا.

— ئاللاھ نېسىپ قىلسا، چىقالىساق.

— سىزنىڭچە چىقالماسمىزمۇ؟

— مېنىڭچە ياق. بۇنداق ئىمكانىمىزنى ئۆزىمىز قولدىن بەردۇق، تارىختىكى بارلىق باسقۇچلاردا بولغىنىدەك، لېۋىمىزنى چىشلەپ قالىمىز.

— قايتساقمۇ، ئۆلمىسەك يەنە بىرلىكتە بولىمىز.

بۇ چاغدا پولات يەنە گەپ تېپىشىپ، مەسلەك غەۋغاسى قىلىش كويىدا بولدى. ئەمما مەن ماجرانى يىغى تەرەپدارىم قۇربانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، خاتىرجەم تۇردۇم. بىرسى بۈگۈنكى غەلىتە يىغىلىقتىن بىرنى ئوتتۇرىغا ئاتتى:

— بۈگۈن ئارىمىزدىن بىرنەچچىسى ئارقىغا قاراپ قېچىپتۇ! — تالاش - تارتىشلارنىڭ ماۋزۇسى دەرھال ئۆزگەردى. بۇ ئىش ئۈستىگە يەنە بىرىيەرگە توپلۇشۇپ قالدۇق.

— بۇلارغا نېمە دەيسىز ئەپەندىم؟ — سورىدى قىلىچ.

— مەن بۇ بولۇدۇغانلار ھەققىدە دەپ بولغانتىم يادىڭىزدا بارمۇ؟ شۇنداق بولاتتى. ئەمدى كۈنسېرى پارچىلىنىپ، ئاخىرى يەككىلىشىپ توختايمىز. چۈنكى بىزنى «خامانغا قوشۇۋاتقان» يوق.

— ئەمدى نېمە بولار؟

— ئەمدىمۇ؟ خىتاي نېمىنى خالىسا شۇ بولۇدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى باشلىقىمىز قولىدا، بىزدە بىر تالمۇ قورال يوق. ئەگەر بىز بىر توپ بىلىمدان بولماي، بىر توپ ئوغرى، قىمارۋاز، لۈكچەك بولغان بولساق ئازراق تەۋەككۈلچىلىك روھىمىز بولغان، ئەھۋالىمىز بۇنىڭدىن ياخشىراق بولغان بولاتتى. ئەمما ھەممىمىز بىلىمدان بولغاچقا جۈرئەتسىز كېلىمىز.

— بۇغرا ئەپەندىگە بەك ئۈمىد باغلىغان ئىدىم، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان، قان تۆككەن، قۇربان بەرگەن ئادەم تۇرۇپ، بۇ ئىشتا ھەجەپ روھسىزغۇ؟ — دېدى قىلىچ.

— تەۋەككۈلچىلىك روھى مەلۇم جەھەتتە ياشقا مۇناسىۋەتلىك، ياشلار قېرىلارغا قارىغاندا ئىتتىكرەك جانغا تەۋەككۈل قىلالايدۇ. بۇغرا ئەپەندىنىڭ قىلغان كۆرەشلىرى نىسبەتەن ياش چاغلىرىدىكى ئىش، بۇ بىر؛ ئىككىنچىسى، ئادەم شارائىتقا قاراپ تېزلا ئۆزگىرىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ: سوغۇقتا تالادا تۇرغان بىرىگە ئۆياقتا بىر ئىشنى قىلىۋەتكىن دەپ بۇيرۇساڭ «سوغۇقتى، توڭلاتتىم» دەپ ئۇلتۇرماي قىلىۋېتىشى مۇمكىن. ئەمما گۈلخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئادەمگە

بۇيرۇساڭ، ئىسسىققا كۆنۈپ قالغان بۇ ئادەم ھېچ مىدىرلىغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ يەنە بىر سەۋەپ بولسا كېرەك.

بىز بۇ ئولتۇرۇشتا خۇددى قۇشخانىدا نۆۋەت كۈتىۋاتقان قويلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدۇق. بۇ ھالىمىز ھەممەيلەننىڭ غورۇرىمىزغا تېگىپ، كېچىسى چېگرىدىن ئوغۇرلۇقچە ئۆتۈپ كېتىۋېرىدىغان بىر مەسىلىھەتكە كەلدۇق. مەسلىھەتتىن كېيىن كېتىدىغانلارنى ئېنىقلىدۇق. قەتئىي قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئومۇمىي تەمىناتتىن كىشى بېشىغا چۈشىدىغان پاينى بۆلۈشتۇق. بۇ ئاساسەن ئالتاي نەشرىياتىغا تەۋە پۇل ئىدى. شۇ كېچىسى سەھەرگە يېقىن ئۇيقۇنىڭ ئەڭ شېرىن پەيتىدە يولغا چىقماقچى ئىدۇق.

يولغا چىقىش ئۈچۈن تۇرۇپ، ئادەملەرنى يوقلىما قىلغىنىمىزدا قۇربان يوق بولۇپ چىقتى، ئۇنى چاقىرىشقا چېدىرىغا بارغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئايالى يول ئۈچۈن توخۇ پۇشۇرۇۋاتقان ئىكەن. ھەببە خانىم:

— ئەتتىگەندىكى مۇشتىن يانما دەپتىكەن، ئىسسىقراق بىرنېمە يەۋېلىپ ماڭمامسىلەر، — دېدى.

توخۇنىڭ كەينىگە كىردۇق. ئۇيغۇرچۇلۇق. ئىنتىزام دېگەن نەرسە يوق، پىرىنسىپ دېگەن يوق. ئاشۇنچىلىك ئاددىيلا بىر سەۋەپ بىلەن ھەممەيلەن ھايال بولدۇق. توخۇ گۆشىنى يەپ، شورپىسىغا نان تۆگۈرۈپ يەپ تالاغا چىققىنىمىزدا تولۇن ئاي چىقىپ ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتكەن ئىكەن. ئەتراپتىكى قارا ۋە ساغۇچ قىزىل توپىلىق تاغلارنىڭ ھەممىسى ئۆز رېڭىدە شۇنچىلىك روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنچە يورۇقتا بىزنىڭ ئېقىن ئېچى بىلەن ئۆمۈلەپ، قاراۋۇلخانا ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كېتىش شېرىن چۈشۇمىز بەرباد بولغان بولاتتى. تالادىكى يورۇقنى كۆرۈپ لەسسىدە بولدۇق، شۇندىمۇ مەن تەسەللىي ئۈچۈن:

— ھەر ئىشتا بىر خەير بار، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھنىڭ تېخىمۇ ئۇيغۇن بىر ئورۇنلاشتۇرۇشى باردۇر، — دېدىم.

بۇ گېپىم بىلەن ئاران تۇرغان ھەببە خانىم ئېسىلىپلاۋالدى:

— توغرا، ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىنى كۈتمەي، مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتسىڭىز مەن قانداقمۇ قىلاريدىم، بۇمۇ ئوبدان بولدى، — دېدى قۇربانغا.

ئەمما بىز كېلىدىغان كېچە پىلانىمىزنى تەكرار ئىجراغا قويماقچى بولدۇق. شۇغۇنىسى شۇ كۈنى كۈندۈزدە خىتاي ئەسكىرى يەنە مەكتۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلاردا يەنە ئەپەندىلەردىن مەكتۇپ باردى:

«بىزنى گۇما تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، ئادەملەرنى توپلاپ، دەرھال ئارقىمىزدىن كېلىڭلار» دېگەن جۈملىلەر باردى.

بۇ چاغدا پولات خوتەندىكى گېنېرال تاڭ جىنرېنىڭ ئادەملىرىكەن دەپ بىر نەچچە خىتاي ئەسكىرىنى باشلاپ كەلدى:

— بۇلار بىزگە ياردەمگە كەپتۇ. تاڭ جىنرېن ئىسا ئەپەندىنىڭ يېقىنى، بۇلار بىزنىمۇ ئېلىپ ئۆزلىرىمۇ بىز بىلەن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتمەكچىكەن، دەرھال قاراۋۇلخانىغا باشلاپ بارايلى، — دېدى.

بىز ئۇنىڭغا مەكتۇپنىڭ ئىشىنى ئېيتتۇق. ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگىنى ئۈچۈن بەكمۇ ئۆكۈنۈشتى. ئەمما بىزگە تەسەللىي بېرىپ، سىلەر ئارقىدىن يېتىشكە ھەركەت قىلىڭلار، يېتىشكەن يەردە بۇ ئەھۋالنى ئېيتىڭلار، تاڭ گېنېرال چوقۇم ئالدىڭلارغا يەنە ئادەم ئەۋەتىشى مۇمكىن. بىز قاراۋۇلخانىدىكىلەر بىلەن سۆزلۈشۈپ قويۇمىز، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن توپ يەنە نۇرغۇن مۇخالىپ تەرەپلەرگە بۆلۈندى. راستىنى دېگەندە بۇنچە مۈشكۈل بىر سەپەردىن كېلىپ، يەنە ئارقىغا قايتىش، كېيىن يەنە كېلىش ھېچكىمگە خۇشياقمايتى. ئەمما مەكتۇپ كەلتۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ پەيلىگە باققاندا بۇ يەردە ئىختىيارلىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. تۆرت ئەسكەر بىزنى مەجبۇرى ئېلىپ گۇمىغا ئاپىرىدىغانلىقى ئېنىق بولدى. ئەگەر ياردەم بېرىدىغانلارنىڭ سۆزى ئۆتۈدىغان بولسا گۇمىدىن ياكى يېقىنراق بىر يەردىن قايتا ئارقىمىزغا يېنىشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى.

بايا دېگىنىمدەك، بىز خۇددى بوينۇمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن باغلاپ، چۆلۋۆرنىڭ ئۇچىنى خىتايلارغا تۇتقۇزۇپ قويغان تۇرۇپ، يەنە نېمە دېيىشكە ھەققىمىز بولاتتى؟ مېنى ھەممىدىنمۇ بەك ئوسال قىلىۋاتقىنى قاراۋۇلخانىدىكى خىتايلارنىڭ نېمە ئۈيلاۋاتقانلىقى — ھەققىمىزدە «قاراڭلار ماۋۇ ئايلانباش ئېشەكلەرنىڭ ھالىنى، بىر سۇرۇسىنى بىر پادىچى باشقۇرۇدۇ-دە بۇلارنىڭ! 400چە ئادەم، شۇنچە كۆپ قورال - يارىقى تۇرۇپ بولغان يېرىنى

قارىمامدىغان! تامامەن ئۇيغۇرچۇلۇق!» دەۋاتامدىكىن!

53 ئادەمدىن 30 دەك ئادەم توپلاندى! بەزىلىرى ئاللىقاچان يۇرتقا قاراپ تىكىۋەتكەن، شەخسىي قايغۇسىغا چۈشكەن ئىدى. بەزىلەر غىمىسىدا باشقا يولۇچىلارنىڭ توپۇغا قىستۇرۇلۇپ، بىزگە مۇناسىۋەتسىز بولۇۋېلىشقان ئىدى.

تەكرار داۋانلارغا يامىشىش مۈشكۈل سەپىرىنى باشلىدۇق. ئاسمانغا چىق، يەر تەكتىگە چۈش، مانا شۇنداق داۋام قىلاتتى بۇ يول. تۆتەك قورقۇنۇچلۇق بىر دۈشمەن ئىدى. ئاتلار ھالىدىن كەتكەن ئىدى.

3. نۆۋىبىردا قىرغىز مالچىلارنىڭ ھېلىزە قورغان دېگەن ئاۋۇلىغا كەلدۇق. قىرغىزلاردىن سۈرۈشتۈرسەك ئەپەندىلەرنى تۆرت ئەسكەر ئالدىنقى كۈنى بۇ يەردىن ئېلىپ ئۆتكەن ئىكەن. بىزمۇ دەرھال يولغا چىقتۇق. بىزنى نازارەت قىلىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر بىرى بۇغرا ئەپەندىنىڭ خانىمى ئامىنە خانىم بىلەن سوڭدۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. بىر كەمدە ئامىنە خانىم بىزنىڭ توپىمىزغا قاراپ:

ــ ماۋۇ ئەسكەرنىڭ گېپىنى بىر ئاڭلاپ باقساڭلار بوپتىكەن، ــ دېدى.

ھەممەيلەن قىزىقىپ قىستىلىشىپ كەلدۇق، ئەمما يول بەك تار بولغاچقا ئابدۇرېھىم قىلىچ ئۇنىڭغا يانداشتى.

ــ خوش، گەپ قىل دوستۇم، نېمە يېڭىلىق؟

ــ ئىسا ئەپەندىم بەك ساددا ئادەمكەن، سىلەر زەرەپشان بويىدا چۈشكۈن قىلغاندا ئات ئالغىلى كېتىۋاتىمىز دەپ بېرىپ، ئەسلىدە سىلەرنىڭ ئادەم سانىڭلارنى، كۈچۈڭلارنى ئىدىتلاپ باققان ئىدۇق. قاراۋۇلخانا كوماندىرى ئەۋەتكەن ئىدى. ئەسلىدە ئۇ بەك قورقۇپ تۇراتتى. شۇڭا بىز ئۇچۇر ئىگىلەپ كەلگەندىن كېيىن كوماندىر تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. چۈنكى قاراۋۇلخانىدا 16 ئەسكەر باردى. بۇنىڭ ئالتىسى ئۇيغۇر، 10ى خىتاي. شۇڭا ئەگەر سىلەرنىڭ باسقىن قىلىدىغانلىقىڭلارنىڭ كىچىككىنە شەپىسى سېزىلگەن ھامان قاچىدىغانغا ھازىرلىقتا تۇراتتۇق. ئۇيغۇر ئەسكەردىن ئۇچىنىڭ خىتايدىن ئانچە پەرقى يوق.

ــ سىز بىزگە ياردەم قىلىشنى خالامسىز؟

ــ نېمە قىل دەيسىز؟

— سىز بىز بىلەن ھىندىستانغا كېتىڭ، ھەممە چىقىمىڭىز بىزدىن بولسۇن. پەقەت، باشلىقلىرىمىزغا يېتىشكەندىن كېيىن ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قېچىشىمىزغا ياردەم قىلىڭ، بىرلىكتە قاچايلى.

— بولۇدۇ، مەن ياردەم قىلىمەن، مېنىڭ تارتىشىدىغان ھېچنېمەم يوق، قاچسام قاچتىم، — ئەسكەر يەنە شۇنداق بىر ئۇچۇرنىمۇ دەپتۇ، — گومىدىن بىر روتا كوممۇنىست ئەسكىرى ئەپەندىلەرنى تۇتۇشقا ئەۋەتىلىپتۇ. بىزنىڭ دۆلىتىڭ يېڭى ھۆكۈمەتكە ياخشىچاق بولۇپ خىزمەت كۆرسىتىمەن دەپ، سىلەرنى ئارقىغا قايتۇرۇۋاتىدۇ.

كېيىن ئابدۇرېھىم قىلىچ ماڭا يېقىنلىشىپ:

— ئېسىت، نادامەت! كۆيۈپ كېتەي، ئۆلۈپ كېتەي! 16 ئەسكەر باركەنمىش ئەمەسمۇ! — نەقەدەر شور پېشانە خەقتىمىز! نەقەدەر خامكاللا مىز! راستىلا «ئايلامباش»ئىكەنمىز! — دېدى ھەسرەت بىلەن.

گەرچە مەن بۇنى مەنتىقىي يول بىلەن بۇرۇنلا پەرەز قىلغان بولسامىمۇ، ئەمدى بۇ ئېنىق سان مەلۇم بولغاندىن كېيىن مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى! شۇنچە قورالنى ئاشۇ خەتەرلىك تاغ - داۋانلاردىن مىڭلارچە كىلومېتىر ئۇزاقتىن كۆتۈرۈپ كېلىشىمىز، ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈندەكلا![1]

چىڭگىزخان داموللا ۋە قۇربان قوداي بۇ ئىشنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئارقا يۈزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنچىلىك پۇچۇلاندىكى، ئارقىمۇ - ئارقا ئەپسۇسلۇق بىلدۈرۈپ:

— قىلغانلىرىمىغا، ماڭغان يوللىرىمىغا بەكمۇ پۇشمان قىلىۋاتىمەن؛

---

[1] بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ۋەقە ۋە ھاماقەتلەرچە قارارسىزلىق ئىسا يۈسۈپنىڭ «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» دېگەن كىتابىنىڭ 566-بېتىدە شۇ ئىپادىلەر بىلەن ۋاستىلىك ئېتىراپ قىلىنىدۇ: «بىر قازاق قېرىندىشىمىز مېنىڭ زىتىمغا يازغان بىر رىسالىدە ‹كۆكئارتتىكى ۋەقەدە 400 قورالىق مۇجاھىتنى 11 كىشىلىك خىتاي ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن›لىكىمنى دەۋا قىلغان. ھالبۇكى توپۇمىزدا 60 كىشى بار ئىدى.» (بۇ پەقەت «ئالتاي نەشرىياتى»غا ئائىت كىشىلەرنىڭ سانى. ئۇيغۇر ئادىلىنىڭ مۇئەللىپكە سۆزلەپ بەرگىنىدە بۇ ساننى 53 دېگەن ئىدى. كىتاپتا مەن مۇشۇ ساننى ئاساس قىلدىم. ئەمما ئىسا ئەپەندى باشقا يولۇچىلارنى ھىساپقا قوشقۇسى كەلمىگەن) — ئا.

تالىنىۋالغان كىشىلىرىم ھەققىدىمۇ شۇ ھېسنى بايان قىلسام توغرا بولۇدۇغاندەك تۇرىدۇ، ــــ دېيىشتى. ئەمدى خېلى كۆپ ئادەمنىڭ رايى قايتقان بولۇپ، بىشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز دەپلا يۇرتقا قايتىدىغاندەك قىلاتتى.

شەيدۇللاھقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە گازارمىغا چۈشتۇق. بۇ يەردە 12 ئەسكەر بارىمىش. بىزنى يالاپ كەلگەنلەرنى قوشقاندا 16 ئەسكەر بولاتتى. بۇلاردىن 6 سى ئۇيغۇر ئەسكەر ئىكەن. بىز كەلگەندە ئەپەندىلەر ئاللىقاچان كېتىپ بولغان بولغاچقا، بۇ يەردىن قېچىش پىلانىمىز سۇغا چىلاشتى. بۇغرا ئەپەندى ئۇيغۇر ئەسكەردىن بىرىگە بىر قىسقا نوت قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن:

«سىلەرنىڭ يېتىشىۋېلىشىڭلارنى بەكمۇ ئۈمىت قىلغانىدۇق، كېلەلمىدىڭلار، بىز چوڭقۇر ئۆتەڭگە كەتتۇق، تېزراق يېتىشىڭلار.
م. بۇغرا»

كېچىسى مۇشۇ يەردە قوندۇق. بىز كۆپ بولغاچقا ھويلىدا قاراۋۇلنىڭ پىلىمۇتىنىڭ دەل كۆزىدە ياتتۇق. شۇنچىلىك ھېرىپ مىجىقىم چىققان بولسىمۇ كۆكئارتتا ئۆتكۈزگەن تارىخي خاتا يۈرىكىمنى يەپ ئۇيقۇمنى قاچۇرۇۋەتتى. پۈتۈن بەختسىز كەچمىشلىرىم كېلىپ باستى. شۇ مەھەلدە ئەسكەر ياتىقىدا بىرسى ئاتۇش پەدىسىدە شۇنچىلىك گۈزەل بىر ناخشا ئوقۇدىكى، يۈرەكلىرىم ئېرىپلا كەتتى[1].

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ
مۇساپىر بولمىغان كىم بار؟!
.....

[1] ئاتۇش ناخشىسىنى ئەمەلىيەتتە ئىسا ئەپەندى ئاڭلىغان ئىدى، ئەمما قايسى ناخشا ئىكەنلىكى ئېيتىلمىغان. يۇقارقى كىتاب 561-بەتكە قاراڭ، ــــ ئا.

شۇئان پەقەت مۇشۇ ناخشىلا مۇشۇ قاقاس تاغلارغا، تاغلار ئارىسىدىكى روھى ئۆلگەن جانلارغا جان ئاتا قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ مېنىڭ خاتىرەمنى چوقچۇلاپ قوزغاپلاۋەتتى. يۇرتتىكى ئۆيۈمدە پىشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ياكى ئۆگزىدە كۆك ئاسمانغا قاراپ ياتقان ياز كېچىلىرى خاتىرەمگە كەچتى. ئاشۇ كېچىلەردە ئېتىزلىق تەرەپتىن سۇچىلارنىڭ ناخشىسى ئەنە شۇنداق ئاڭلىناتتى. بەزىدە كەچ قالغان جاڭگالچىلار — تۇزچىلار، ئوتۇنچىلارمۇ ئەنە شۇنداق مۇڭلۇق ناخشىسى بىلەن كېچە جىمجىتلىقىغا جان ۋە غەمكىنلىك بېغىشلاپ ئۆتۈشەتتى. بۇ ناخشىلاردا دەل شۇنداق ياتقان بىرىنىڭ ھالىتى بىلەن يولدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈۋاتقان بىرىنىڭ ھالەتلىرى تەسۋىرلەنگەنمۇ بولاتتى:

سەھەر بىر ئۆيقۇدا ياتسام،
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.

يىغلىۋېتىدىغاندەكلا ھالدا ئىدىم. ئەمما كۆزۈمدىن ياش چىقمايدىغان غەلىتىلىكىمدىنلا يىغلىمىغان ھېساپلانساممۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن قەلبىم يىغلاۋاتاتتى. ئۆزەمنى قويۇدۇغانغا يەر تاپالمايلا قالدىم، ئىچىمگە بىر ئوت تۇتۇشۇپ كەتكەن ئىدىكى، ئۆزەمنى ھەرياققا ئۇرغۇم كېلەتتى. يېنىمدىكى ئۇيغۇرنى ئۇخلاۋاتامدىكىن دەپ تىڭشاپ باقتىم. شۇندىلا ئۇنىڭ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى، باشقىلارغا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن پاختىلىق تونىنىڭ يېڭىنى چىشلىۋېلىپ، ۋۇجۇدى توختىماي سىلكىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. شۇ چاغدا ئۇنى قۇچاغلاپ ئۇزاق ۋە ئىچ ـ ئىچىمدىن يېيىلىپ بىر يىغلىۋېلىش ئىستىكىم شۇنداق تەخىرسىز باستىكى، بۇ ئىستەككە بەس كېلىش ئۈچۈن پۈتۈن قۇۋۋىتىمنى سەرپ قىلدىم. نىرۋىلىرىمنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىشتىن چارچىغان بولۇشۇمغا قارىماي، ئۇيقۇمنى تاپالماي ياتقان ئاشۇ سائەتلەردە يەنە دائىمىي گۇناھكارلىق تۇيغۇسى مېنى ئازاپلاشقا باشلىدى. بىللە

ئوقۇغان، بىللە چوڭ بولغان ۋە تويى بىللە بولغان شېھىت بولغان سەبداشلىرىم، دوستلۇرۇمنىڭ سىماسى كۆڭۈل ئېكرانىمدا زاھىر بولۇپ، كۆكئارت داۋانىدىكى قارارسىزلىقىمىزنى ئەيپلىدى. بۇ قارارسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى قورقۇنچاقلىقتىن، جاننىڭ تاتلىقلىقىدىن دەپ مېنى مەسخىرە قىلىشتى. ئۇلار مەردانە شېھىت بولغان بولغاچقا، مېنى قورقۇنچاقلىقتا ئەيپلەشكە تامامەن ھەققى بار ئىدى. شۇنچىلىك خىجالەت بولدۇمكى، ئۇلارغا مۆلدۈرلەپ تۇرۇپ: «مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە ئۆلۈشنى خالايتىم، ماڭا شېھىتلىك نېسىپ بولمىدى، ئۆلۈم مېنى ياراتمىدى، قانداق قىلاي؟ قانداق قىلاي؟!» دەپ نالە قىلاتتىم.

ئەتىسى شەيدىللاھتىن يولغا چىقىپ، ئەلىنەزەر قورغاندىن سانجۇ تېغىغا ياماشتۇق. بۇ سەپەر جەريانىدا، بۇ چەكسىز كوھىستان ئىچىدە بىرنەچچىلا خىتاي ئەسكەرنىڭ ئۆزى بىلەن بىر يەردىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە ۋە يەرلىك چارۋىچىلارغا قىلىۋاتقان ئىنسانىيەتسىز مۇئامىلىسى كىشىنىڭ غەزىپىنى تاشقۇزاتتى. ئەمما بۇ خەلقلەردىكى تەۋەككۈلچىلىك روھى، ئەركەكلىك تۈكى نەلەرگە كەتتىكىن، بىر ئاۋۇلنىڭ كىشىسى بىر خىتاينىڭ ئازاپلىرىغا تاقەت قىلىپ چىدايتىكى، بىر ئەركەك جاندىن تويۇپ، بۇ ئالتە توك ـ توك خىتاينى بىر كېچىدە خالىدا پايلاپ تۇرۇپ بوغۇزلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

سانجۇ تېغىنىڭ تىكلىكىدىن ئاتلار كېرەككە كەلمەيتى. بۇ يەردە بىز قوتاز كىرالاشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ تاغقا قوتازدىن باشقىسى بەۋا كەلمەيتى. ئاتلىرىمىز بىر ئايدىن بېرىقى چىدىغۇسىز سەپەر مۈشكۈلاتىدىن خوپلا ئاجىزلاپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئادەم ياكى يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك ھالى قالمىغان ئىدى. ئۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭالىسىمۇ شۈكرى قىلغۇدەك ھالدا ئىدۇق. بۇ يەردىكى تۈتەك دەستىدىن بۇرنىدىن قارا قان كېلىپ بىر سەپەردىشىمىزنىڭ خانىمى ئۆلدى. بىزنىڭ ئۇيغۇرنىڭ ھالىمۇ يامانلاشتى.

— بېشىم بىر قۇچاق بولۇپ يوغۇناپ كەتتى، — دەيتى ئۇيغۇر.

ئۇنىڭ بەدەنلىرىنىڭ ھەركىتى ئۇنىڭ ئىختىيارىدىن چىققان ئىدى. ئۇنى قوتازغا باغلاپ قويدۇق. تاغدىن چۈشكىنىمىزدە پەستە تاجىكلارنىڭ بىرنەچچە تاش ئۆيلىرى باركەن. تاجىكلاردىن ياردەم سورۇدۇق، ئۇيغۇرنى ساقايتىشنى ئۆتۈندۇق. تاجىك شوۋاگۈرۈچ قايناتتى. راسا قايناپ، گۈرۈچلىرى ئېتىلغاندىن

كېيىن قارامۇچ ۋە قىزىلمۇچ تالقىنى سالدى. بۇ شۇنچىلىك ئاچچىق بىر ئاش بولغانىمىشكى، ئۇيغۇر:

— بۇنى ئىچسەم ئۆلۈمەن، — دەپ قاخشىدى.

— بۇنى ئىچمىسەڭ ئۆلۈدۈكەنسەن، — دېدىم مەن قەتئىي قىلىپ.

ئاندىن ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئىچتى. ئەمما كۆپ چۈشكۈرۈپ، كۆپ داتلىدى. بۇ يەردە ئىسسىق تەرلىنىپ يېتىپ، ئەتىسى بولغاندا ئۇيغۇر يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. تاجىك ئۇنى جىلغىدىكى سۇدا باش - كۆزىنى يۇيۇشقا بۇيرىدى. چىدىغۇسىز سوغۇق سۇدا باش - كۆزىنى يۇغاندىن كېيىن ئۇيغۇر تامامەن ھاياتقا قايتقانلىقىدىن ئېمىن بولدى. بىز سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق.

سانجۇ تېغىدىن كېيىن، تاربوغۇز دېگەن يەردىن ئۆتۈپ، چوڭقۇرئۆتەڭگە كەلدۇق. ئەمما ئەپەندىلەر بۇ يەردىنمۇ كېتىپ بولغان ئىكەن.

بىز بۇ يەردە ئۇلاقلارغا دەم بېرىپ، 8- نويابىر ئەتتىگىنى كورلەنگەرگە قاراپ ئاتلاندۇق. سانجۇ ئالدىمىزدا ئىدى. ئۇچۇرلاردا سانجۇدا گومىدىن چىققان بىر روتا كوممۇنىست ئەسكەرى بار دېيىلەتتى. بۇ ئەسكەر بىزنى تۇتۇپ ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇپ كەتمەكچىمىش. ئاقگومبەزدە گوما ناھىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەھەللىلىرىگە يېتىشتۇق. بۇ يەردە قوي سويۇپ، ئادەمچە تاماق يېدۇق. بۇ پۇسادىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى رەسمىي تاماق دېگۇدەك تامىقىمىز ئىدى. بۇ يەردە ئەپەندىلەرنىڭ سانجۇدا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشتۇق.

سانجۇدا مىڭدىن ئارتۇق يەرلىك ئاھالە بىلەن، بۇغرا ئەپەندى بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بۇ ھال شۇنچە مۇشكۇل سەپەردىن كېيىن بولغاچقا بەكمۇ تەسىرلىك ئىدى. كۆڭلى يۇمشاق سەبداشلارنىڭ ھەممىسى كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى. بۇ خۇددى ئانىسىدىن ئۇزاق ئايرىلغان سەبى بالىنىڭ ئانا باغرىغا قايتا ئۇلاشقاندىكى خۇشاللىق ھېسسىغا ئوخشايتتى.

تۇتقۇنلۇقتا كەتكەن ئەپەندىلەرنىڭ ئەمدى بۇنداق ئىززەت ھۆرمەت ئىچىدە ئەركىن بولۇشى بىرئاز چۈشۈنۈكسىز ئىدى. بۇنى قۇربان بىلەن ئۇيغۇرغا ۋەزىپە قىلدۇق. ئۇلار تېزلا سەۋەبىنى چۈشىنىپ كەلدى. ئەسلىدە گوما ناھىيىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ئۇلارغا ئىككى ئەسكەر بىلەن شۇنداق بىر خەت ئەۋەتكەن

ئىكەن، خەتتە شۇنداق مەزمۇنلار باردى:

«ھۆرمەتلىك مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى، باشكاتىپ ئىسا ئەپەندى،

ماڭا قەشقەردىكى گېنېرال جاۋشىگۋەن سىزلەرنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەچكە مەن ئەسكەرلىك بۇرچۇمنى ئورۇندىغان ئىدىم، ئۆزۈر سورايمەن. بۇ بۇيرۇق ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ ئۇرۇمچىدىن بىسىم قىلىشى بىلەن بېرىلگەن ئىكەن. مەن ھازىر گېنېرال تاۋ سىيۇنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. تاۋ گېنېرال سىزلەرنى چېگرا قاراۋۇلىدا بولسا چىقىرىۋېتىش، قايتۇرۇپ كېلىنگەن بولسا قاچتى دەپ مەلۇمات يوللاپ، سىلەرنى تاكى چېگرىغىچە قوغلىغان قىياپەت ئىپادىلەپ قويۇشنى تاپىلىغان ئىكەن. ئەمدى بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماقچىمەن. ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرىم سىلەرنى قوغلىغان بولۇپ، سىلەردىن كېيىن يولغا چىقىدۇ، چېگرا قاراۋۇلغا ئۇچراشتۇرماي سىلەرنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ» دېگەنلەر يېزىلغان ئىكەن.

تەكرار ئاشۇ كوھىستانغا سەپەر قىلىشقا ھېچكىمنىڭ رەغدى قالمىغانەك قىلاتتى. تېخىمۇ موھىم سەۋەپ، كۆكئارت داۋانىدىكى ھاقارەتلىك تارىخىي خاتادىن كېيىن، لىدىرلاردىن سوۋۇش كەيپىياتى بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن سەبداشلار بىلەن دېيىشتۇق. كىملەرنىڭ كەتمەيدىغانلىقى ئېنىقلاندى: سەلچۇق سۇلايمان، قۇربان قوداي، ئابدۇرېھىم قىلىچ، ھەمدۇل قاۋان، خېۋىر تۆمۈر، مۇھەممەد ئىمىن مۇستاپا، يۇسۇپ ناجىدى، مۇھەممەدىن توختى، پەتھەدىن مەخسۇم، ئابدۇللاھ نامان، ئابدۇل ئەزىز چىڭگىزخان، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، باي ئىزىز، ئۇيغۇر ئادىل، ھاجى ياقۇپ، رېھىم قاتارلىقلار ئىدى.

بىزنىڭ تەكرار كېتىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىمىز باشلىقلىرىمىزنىڭ بەكمۇ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. ئۇلار ئەگەر كۆڭلۇمىز يېرىم بولغان، خاپا بولۇپ قالغان تەرەپلىرىمىز بولسا ئەپۇ قىلىش توغرىسىدا كۆپ يالۋۇرۇشتى. ئەمما بىز قارارىمىزدىن يانمىدۇق.

بۇ ئارىدا ھاجى ياقۇپ ئۇيغۇر ئادىل ئىسا ئەپەندىنىڭ خانىمى فاتىمە خانىمنىڭ يېنىدىن ئالتۇن جاۋاھىراتلىرىنى ئوغۇرلۇۋاپتۇ، دېگەن بىر پىتنىنى يايدى. ھەتتا بەزى قېنى قىزىق سەبداشلار دەرھاللا بۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇيغۇرنى

دۇمبالىماقچىمۇ بولۇشتى. مەن ئۇلارغا تەسەللىي ئېيتىپ:

— ئالتۇن ـ جاۋاھىرات دېگەن نەرسىنى، شۇنى تۇتۇپ باققان ئادەم سىغدۇرالايدۇ. ئۇيغۇر ئۇنداق نەرسىنى كۆرۈپ باققان بالا ئەمەس، ئۇ ئۇنداق جىق نەرسىنى كۆرسىمۇ قورقۇپ كېتىدۇ، شۇڭا مەن ئۇنىڭدا بۇنداق جۈرئەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئالدىرىماي ئىش قىلارسىلەر، — دەپ توختۇتۇپ قويدۇم.

كېيىن مەن ئابدۇرېھىم قىلىچ بىلەن بىللە ئۇيغۇرنى تېپىپ كۆرۈپ باقتىم. ئۇنىڭدا غەيرى ئالامەت سەزمىدىم. قىلىچمۇ ئوخشاش قاراشتا بولدى. ئۇيغۇر بۇرۇنقىدەكلا بىچارە ۋە مۆڭلۈق ئىدى. شۇڭا ئىسا ئەپەندىنىڭ چېدىرىغا بېرىپ باقايلى، نېمە گەپ ـ سۆزلەر بولۇۋاتىدىكىن دەپ، قىلىچنى باشلىدىم. ئاياللار ۋە بالىلار ئارقىمىزدىراق (ئاقگۇمبەزدە) قالغاچقا ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئىسا ئەپەندى خوتۇن بالىلىرى بىلەن كۆز يېشى ئىچىدە كۆرۈشۈۋاتقان سورۇننىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپتىمىز. ئىسا ئەپەندىنىڭ مىجىلداپ يىغلىشى كۆڭلۈمنى غەش قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدا لىدېرلارغا خاس چىڭلىق، ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمايدىغان روھى ئۈستۈنلۈكتىن ئەسەرمۇ يوقىدى. ھەتتا نورمال بىر ئەركەكچىلىكمۇ ئۆزىنى تۇتماي، مىجىلدىشىدىن نومۇسۇم كەلدى. مەن قىلىچنىڭ تەسىراتىنى كۆرۈتۈش ئۈچۈن چاندۇرماستىن ئۇنىڭغا قارىغان ئىدىم، ئۇمۇ بىر تۈرلۈك ئوڭايسىزلىق ھىس قىلىپ، يەرگە قارىۋالغان ئىدى.

ئۇلار يەسكارىغا چۈشكەندىن كېيىن، خانىم يول بويى بولغان ئۇجۇر ـ بۇجۇرلارنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. ئەمما ئالتۇن ـ جاۋاھىرلىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇشتەك بۇنداق چوڭ ۋەقەنى ھېچ تىلغا ئالمىدى[1]. بۇنىڭدىن مەن بۇ ھاجى ياقۇپنىڭ شەخسىي بىر خۇسۇمەت ۋەجى ئۇيغۇرغا قىلىنغان تۆھمەتتى ئىكەن دېگەن قاراشقا كەلدىم. قىلىچمۇ مەندەك ئويلاپتۇ:

— ۋاي، خىتاينىڭ بالىسى! — دېدى ئۇ تىللاپ.

12ـ نويابىر كۈنى ئەپەندىلەرنى تەكرار يولغا سالدۇق. يېقىنلىرىمىزدىن

---

[1] بۇ ۋەقەنى ھاجى ياقۇپ ئەسلىمىسىدە تىلغا ئالغان، ئەمما ئىسانىڭ ئەسلىمىسىدە تىلغا ئېلىنمىغان، —ئا.

پولات ۋە ساتتار بۇلبۇل ئەپەندىلەر بىلەن كەتتى. بۇ كۈنى سانجۇنىڭ بازىرى ئىدى. بىزمۇ بازاردا ئۆز ھازىرلىقلىرىمىزنى قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ يولغا مېڭىشقا تەييارلاندۇق.

13 ـ نويابىر، قالغانلاردىن ئۆتكۈر، چىڭگىز، مۇھەممەد ئىمىن مۇستاپا، رىھىم ۋە مەن قاغىلىق يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قەشقەردە ـــ كەشمىردىكى ئىمپېرىيە بانكىسىنىڭ شۆبىسىدە ئامانەت قويغان پۇللىرى باردى. ئەسلىدە ئۇنى كەشمىردە ئېلىش ئۈچۈن ئامانەت قويغان بولسىمۇ، ئەمدى مۇشۇ يەردە ئېلىشقا توغرا كەلگەن ئىدى.

قۇربان قوداي، قىلىچ، ھەمدۇل قاۋان، ئابدۇللاھ نامان، ئۇيغۇر، ھاجى ياقۇپلار خوتەنگە قاراپ ماڭدى. بۇلاردىن بەزىلىرى شىمالغا كېتىدىغانلار بولۇپ، قەشقەرگە ئۇچراشماستىن، خوتەن دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇغا چىقماقچىدى. قەشقەردە تۇتۇلغاندىن كۆرە ئۆز ماكانلىرىدا تۇتۇلۇشنى بىرئاز يېنىك ھېس قىلىشسا كېرەك.

پەتھىددىن مەخسۇم قاغىلىقتا قالماقچىدى.

كوممۇنىست تەشۋىقاتلىرى باشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە يەردە بۇرھاننىڭ ئۇلامبايغا چىقىپ، ئازاتلىق ئارمىيەنى قارشى ئالغانلىقى، ئون مىڭلىغان ئۇرۇمچى ئاھالىسىنىڭ قارشى ئېلىشقا چىققانلىقىنى ئۇقتۇق.

✍✍✍

سابىت ئەپەندى شۇ يەرگە كەلگەندە ھېكايىسىگە بىر ئاز ئارا بېرىدىغانلىقى بىلىندى. ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بارغاندى. مەنمۇ چارچىغانىدىم. شۇنداقتىمۇ بىرنەچچە سوئاللىرىم باردى. سورايمۇ ـ سورىمايمۇ دېگەندەك بىر ئاز ئىككىلىنىپ، ئاخىرى:

ـــ شۇ بۇرھاننىڭ ئۇلامبايغا چىقىپ ئازاتلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش ئىشىغا نېمە دەيسىز؟ ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنى تاتار دەيدىكەنمىش، دەل كوممۇنىستلار كېلىش ھارپىسىدىلا ئۇيغۇر بولۇۋاپتۇ.

ـــ ئۇنىڭ ئۇيغۇر بولۇشىغا ئېھتىياج تۇغۇلغانىدى. ئۇ ئۇيغۇر يۇرتىغا خىتاينى باشلاۋاتقان تۇرسا، تاتار سۈپىتىدە باشلىسا بىر زامانلار كەلگەندە ئۇيغۇرلار خىتايغا

ۋارقىراپ: «سېنى بىز چىللاپ كەلدۇقمۇ؟» دېسە، خىتايلار: «ھە، خوش بولۇپ ئالدىمغا چىقىشمىدىڭمۇ؟ قارشى ئالمىدىڭمۇ؟» دېيىشى كېرەك-تە! بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلى لازىم ئىدى.

— سىزچە بۇرھان بولماي باشقا بىرسى بولغاندا قانداق بولاتتى؟

— ئوخشاش. ئۇ چاغلاردا بىزدە ھېچكىمنىڭ دۆلەتچىلىك ئېڭى يوق ئىدى. شۇڭا بۇرھان بولمىغاندىمۇ، ھەركىم ئۇلانبايغا چىقىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇننى قارشى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇزاق ئۆتمۈشتە زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرىنى چاجاڭ قۇرۇپ كۈتىۋالغان خەلقنىڭ ئەۋلادىغۇ بۇ. (ئاڭلىسام قاسىم قارىھاجىم: «باسقۇنچىلارنى بىزدەك كۈتىۋالغان خەلقتىن باشقىسىنى تاپالمايسەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىزنىڭ تېخى كۆرگۈلۈكۈمىز بار، ئاللاھ بۇ گۇناھىمىز ئۈچۈن بىزنى ئاشۇ زالىملارنىڭ قولى بىلەن جازالايدۇ» دەپتىكەن، بۇ راست. ھەر نېمە كۆرسەك بىزگە ھەق). چۈنكى بىزنىڭكىلەر كۆز قاراش، مەسلەك، دۇنيا قاراشلارنى ئاسانلا يۇقتۇرۇۋېلىپ، مانا شۇ ئىمپورت ئىدىئولوگىيىسى ئۈچۈن ئەڭ موھىم مىللىي قەدىرىيەتلىرىنى قۇربان قىلىۋېرىدۇ، ئەمەسمۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيە ئالغانلار تەبىئىيكى باشتىن چىققان، ئوخشاش ئىدىيەدىكى ئاكىنىڭ ئۇكىسى بولۇشنىڭ بەختلىك ئۇلگىسىنى كۆرۈپ كەلگەچكە «بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ ياخشىلىغۇ» دەپ ئويلىشى ئېنىق ئىدى. ئۇلار يېرىم ئەسىر ئۆتسە نېمە بولۇشىنى نەدىن بىلسۇن؟ چۈنكى بىز بۈگۈننى پەقەت تۈنۈگۈنگىلا سېلىشتۇرۇمىز. ھېچ پەرق يوقتەك قىلىدۇ. ئەمما ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇراي دېمەيمىز. مانا مۇشۇنداق سېلىشتۇرغاندىلا قورقۇنۇچلۇق پەرق كۆرۈلىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى مەسىلەكلەردىن قەتئىينەزەر دۆلەت بولۇش پىكرىنى ئېلىپ كەلگەن. ئەسلىدە بۇ پىكرنىڭ يىلتىزى ئابدۇقادىر داموللىغا تۇتۇشىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى مۇستاپا كامالنىڭ «يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم» شۇئارىنىڭمۇ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ شۇئار قارىماققا «مۇستەقىل بولالمىغاندىن ئۆلگەن ياخشى» دېگەن مەنىنى بېرىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر بىرسىدىن سورىسىڭىز چوقۇم شۇ يېشىمنى بېرىدۇ. ئەمما تېخىمۇ موھىم بىر مەنىسى «مۇستەقىل بولالمىساڭ چوقۇم ئۆلۈسەن ياكى ئۆلدۈم دەۋەرگىن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنى بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز دەلىللەيدۇ (ئەگەر شۇنداق كۆز بولسا، ئۇزاقتا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلسە). بىزدە سىياسىيون، پەيلاسوپ ياكى تەبىئىي

پەن ئالىمى بولۇپ باقمىدى. ئەڭ ئاتلىق (ئۇقۇمۇشلۇق) ھىساپلىنىدىغان تەبىقىمىز شائىر - يازغۇچىلار ئىدى. ھەتتا يازغۇچىلارمۇ كېيىنچە پەيدا بولدى ياكى راۋاج تاپقىلى تۇردى. ئۇ كەملەردە پەقەت ئاتلىق قاتلام دەپ شائىرلارنىلا ساناشقا بولاتتى. شائىرلىرىمىز ھەققىدە كىچىككىنە دەپ ئۆتتۈم، سىز ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىڭىز كېرەك، ئەللىكىنچى يىللارنىڭ تەۋەرۈكلىرىدىن بىرمۇ «ئادەم» چىقمىدى. خىتاينى مەدھىيلەشتە مۇسابىقە قىلغاندەك قىلىشىپ كەتتى. كىم مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئەجەللىك قىسمەتنىڭ پەرقىگە باردى؟ بۇنى بارماق بىلەن سانىغىلى بولاتتى. ئەمما ئۇلارنى خەلق توغرا تونۇمىغان ئىدى. بۇ ھالدا دۆلەتچىلىك ئېڭى يېتىشمىگەن بۇ مىللەتتە كىم رەئىس بولسىمۇ ئوخشاشلا ئۇلامبايغا ئىستىقبالغا چىقىپ ئازاتلىق ئارمىيەنى باشلاپ كىرەتتى. يەنە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش كېرەك، بۇ رەئىسنىڭ ئىختىيارىدا بولۇشىمۇ ناتايىن بىر ئىش!

— مەن يەنە شۇ دۆلەتچىلىك ئېڭىمىز ھەققىدە داۋام قىلساقكەن دەيمەن. مەن سىزنىڭ دۆلەتچىلىك ئېڭى ھەققىدىكى دېگەنلىرىڭىزدىن بۇنى «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەربىيىسىدىن ھاسىل قىپتۇ» دەپ ئويلىدۇم، بۇنداق چۈشىنىشىم توغرىمىدۇ؟

— ياق، ھەرگىز توغرا بولمايدۇ. مەمتىلى ئەپەندى پەقەت بىر «توشۇغۇچى گېن» رولىنى ئوينىغان ئادەم. دەپ ئۆتكىنىمدەك، بۇنىڭ يىلتىزىنى بىر ئاز ئۇزاقتىن ئىزدىمەك لازىم. بۈگۈن زىيالىلار ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە دېموكراتىك ئىسلاھاتچى دېگەن تەنتەنىلىك ئاتاقنى قوللىنىۋاتىدۇ. مەن بۇنى خاتا دېمەيمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئاتاق ئۇچۇن بەخش ئەتكەن مەزمۇنى يېتەرسىز. بۇ مەزمۇن پەقەت مائارىپ ئىسلاھاتى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىدىكى ئىسلاھات دېيىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىۋاتىدۇ. مەن بۇنى يېتەرسىز دەپ قارايمەن. ئەسلى ئىلھام مەنبەسى ئەنە شۇ دۆلەتچىلىك ئېڭى! دۆلەت بىر توپ ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار ۋە دېھقانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بارلىققا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس، بۇنى بىلىسىز. باشقا زىيالىلىرىمىزمۇ بىلىدۇ.

ئۇ قولىدىكى مۇشتەكنى ئوينىغاچ بىرنەچچە سېكونت مېنى كۆزەتمەكچى بولغاندەك توختىدى. دېمىسىمۇ مەن بۇلارنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىنكار قىلمىسامۇ، كونكرېت چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم. شۇڭا قىزىقسىنغان ھالدا ئۇنىڭ

داۋام قىلىشىنى كۈتتۈم.

— ئەڭ ياخشىسى، مەن گەپنى بىر ئاز ئۇزاقتىنراق باشلاي، — دېدى ئۇ مېنىڭ كەيپىياتىمنى دەرھال دەڭسەپ بىلىپ، — قاراخانىلار ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە بىزنى باشقا مىللەتلەر ئىدارە قىلدى. بۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. سەئىدىيە گويا بىزدىنىدەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. بىزدە شۇ چاغلار داۋامىدىلا دۆلەتكە باش بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان تەشكىللىگۈچىلەر چىقماس بولۇپ بولغان دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇنى ئاشۇ ناھايىتى ئاز بولغان پادىشاھ جەمەتى (موڭغۇللار)غا بىزلەردىن مىليونلارنىڭ بويسۇنۇشى ئىسپاتلايدۇ؛ ئۇلار سەلتەنەتلىرى قولدىن كەتكەن چاغلاردا يەنىلا سەلتەنەت كويىدا تېپىرلاشقان، ئەۋلادلىرى ئىچىدىن يەنە بىرلىرى سەلتەنەتنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن جۈرئەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەشكىللەش ئېلىپ بارالىغان؛ يەنى، پادىشا بولۇپ باققان بولغاچقا يەنە پادىشا بولۇشنىڭ كويىدا بولغان. ئەمما ئۇلار بىلەن قانداشلىقى بولمىغان يەرلىكلەردىن سەلتەنەت قۇرۇش ئۇرۇنۇشىدا بولغانلارنىڭ چىققانلىقى نامەلۇم. بىزلەر سىرتتىن كەلگەنلەرگە بويسۇنۇش پسىخىكىسى شەكىللەندۈرگەچكە، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ كويىدا "ئاۋارە" بولماي، سىڭگەن ناننى يەپ، بويسۇنۇشنىلا بىلگەن. چىڭگىز ئەۋلاتلىرى ھۆكۈمران بولۇش قېنىدا بىر خىل «گېن»دەك بولغىنىدىن، ھامان سەلتەنەت كويىدا بولغان بولسىمۇ، بۇ ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، سەلتەنەتكە كۆنۈپ قېلىش ھەۋىسىدىن ئىدى. يەرلىك ئۇيغۇرلاردا بولسا ھۆكۈمران كىم بولسا ئۇنىڭغا بويسۇنۇشلا كېرەكتەك، «بەربىر»لىك، ئۆز تەقدىرىگە پەرۋاسىزلىق ئومۇمىي ھال بولۇپ كەلدى. مىللەت نېمە؟ دۆلەت نېمە؟ بۇلارنى ئاڭلىق تونۇغان نە ئاۋام، نە ئۇقۇمۇشلۇقمىز يوق ئىدى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى، زوزوڭتاڭنىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن خىتايلار بۇ مۇستەملىكىنى باشقۇرۇشتا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان ئۇسۇللارنى ئويلاپ تېپىشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئىلگىرىكى ئىستىلا، خاس چوڭلۇق مەنمەنلىكىدىن بولغان ۋە ئۇنى مەڭگۈلۈك ئۆزىگە قوشۇۋېلىش مەزمۇنىمۇ ئىككى تايىن ئىستىلا بولغان بولسا، بۇنىسى، بۇ زېمىننى مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ماكانى سۈپىتىدە قولىدا تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن بولىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار خاس ئىسيانكار جەمەتنىڭ ئەۋلاتلىرىنى قىرغىن قىلىشقا ياكى

شۆتاڭدا ئوقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ غالچىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولدى. نوپۇزلۇقلارغا جىددىي قارىدى. بىلىملىكلەرنى كۆزدىن قاچۇرمىدى. بۇ ئەلدە بىر يولباشچىنىڭ مەيدانغا كېلىپ، يەنە خىتاي مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە يول باشلىماسلىقى ئۈچۈن، بىر داھىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى شەرتلەرنى يوق قىلىشقا غەيرەت كۆرسىتىشتى. بىلەمسىز، تاكى 30 - يىللاردىكى ئىنقىلاپقا قەدەر، خىتايلار بىزنىڭ ئېڭىمىزغا، ئېڭىمىزنىڭ ئاستى قاتلاملىرىغا «خىتايلار ئۇلۇغ، بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيمىز» دېگەن ئۇقۇمنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى. بۇنىڭ ئەمەلىي ئۈرنەكلىرى شۇنداق بولدى: بىر خىتاي بار سورۇندا ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت يوق ئىدى! شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماڭكى، بۇ دېيىلىۋاتقان خىتاينىڭ ئەمەلدار بولۇشى شەرت ئەمەس، ئادەتتىكى جازانىخور خىتاي، ئەسكەر خىتاي، ھېچقانداق مەنسەپ، ئەملى بولمىغان خىتاي بولسىمۇ؛ ئاۋۇ ئۇيغۇر بەگ، ھاكىم، شاڭيۇ... بولسىمۇ يەنىلا ئاشۇ ماڭقىسىنى تارتىپ تۇرۇدۇغان خىتاينىڭ ئالدىدا قول باغلاپ ئۆرە تۇرۇشى (تەبىئىيكى، بىر ئاز ئالدىغا ئېگىلگەن ھالدا) شەرت ئىدى. كوچىدا بىر خىتاينى كۆرگەندە ئۇلاغقا مىنىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر ئۇلاغدىن چۈشۈپ، خىتاينىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كەتكىچە ئۇلۇغىنى يېتىلەپ پىيادە مېڭىشى كېرەك ئىدى. خىتاينىڭ دۇكانلىرى ئالدىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئۇيغۇر پۇخرا دۇكاننىڭ ئۇدۇلىدا ئېگىلىپ بىر تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى[1]. مانا بۇ قۇللۇققا كۆندۈرۈش پىراكتىكىسى ئىدى. مۇشۇنداق ئاتموسفېرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر بالىدا قانداق مەنىۋى تەسىر قالدۇرۇشى مۇمكىن؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. مانا شۇنداق بىر مەنىۋى ئاتموسفېرا ئىچىدە بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئاشۇ «ئۇلۇغ» خىتاينى

---

[1] ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن. بۇ كىتاپتا: ئىسا 1926-يىلى ئەنجاندا تۇرۇشلۇق خىتاي كونسۇلخانىسىدا مالاي بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىمۇ خىتايلار بار سورۇندا ئەنە شۇنداق ئۆرە تۇرۇدۇغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە دېپلوماتىك مۇناسىۋەت ئېھتىياجى بىلەن رۇس دائىرىلەرگە مېھمانغا بارغان ياكى ئۇلار مېھمانغا كەلگەن ئەھۋالدىمۇ، يەنىلا شۇنداق ئۆرە تۇرغاندا بۇنىڭغا رۇسلار ھەيران قالغانلىقىنى، «بۇ ئادىمىڭىز نېمىشكە ئولتۇرمايدۇ؟» دەپ سورىغانلىقىنى، پەقەت رۇسلار ئالدىدا بۇ خىل ئىنسانىيەتسىزلىكنى يوشۇرۇش ئۈچۈنلا، خىتاي ئۇنىڭ ئولتۇرىشىغا ئايرىم بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىنلا ئولتۇرۇدۇغانلىقىنى يازغان، — ئا.

ھەيدىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان ئادەم چىقىشى قانچىلىك مۇشكۈل ئىدى؟ ئەگەر بۇ يۈز يىل داۋام قىلالىغان بولسا بۇنىڭ قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋىتى مىللەتنى قەيەرگە ئاپىرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ بىرى — ئابدۇقادىر داموللا ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلاھاتى ئەسلى ماھىيىتىدە مەنىۋىي كېلىماتنىڭ ئىسلاھاتى ئىدى؛ سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ بىخى ئىدى. چۈنكى ئۇ قازاندا ئوقۇۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ئىسمائىل گاسپىرالى باشلىغان «تىلدا، پىكىردە، دىندا بىرلىك» چاقىرىقىنىڭ ئاۋاز قوشقۇچىسى، تەشەببۇسچىسى بولغان ئىدى. «جەدىتچىلىك» پەقەتلا دىنىي جەھەتتىكى ئىنقىلاپ ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ ئىدىئولوگىيە سېپىدىكى ھازىرلىقى ئىدى. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ قازاندىكى، بۇخارادىكى سەبداشلىرىغا قاراڭ، ئۇلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى – كەينىدە «بۇخارا جۇمھۇرىيىتى»، «قوقان جۇمھۇرىيىتى»، «خىۋە خانلىقى»، «ئالاش ئوردا خانلىقى» قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، رۇسىيەدىن مۇستەقىل بولغانلىقلىرىنى جاكالىمىدىمۇ؟ مانا بۇ «جەدىتچىلىك» ھەركىتىنىڭ ئەسلى غول مۇددىئاسى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئەمەس، سىياسىي ئىسلاھات ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى.

سابىت ئەپەندى يەنە سۆزدىن توختاپ، گويا مېنىڭ قاراشلىرىمنى چىرايىمدىن ئوقۇپ كۆرمەكچى بولغاندەك تىكىلدى. ماڭا بۇ پىكىرلەر ئىنقىلاپ خاراكتېرلىق يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ سۆزدىن توختىماسلىقىنىلا تىلەيتتىم.

— مانا بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ، قەتئىي ھالدا بۇ قايتا ئاڭ ئويغىنىش دەۋرىدىكى دۆلەتچىلىك ئېڭىمىزنىڭ كۆچەتتىنى ئابدۇقادىر داموللا تىككەن دېيەلەيمەن. ئۇنىڭ ئالاھىدە تەربىيە قىلغان ئوقۇغۇچىلىرى بولغان. يەنى، ئۇ شۇدى بار ئوقۇغۇچىلىرىنى تاللاپ، ئايرىم دەرس بەرگەن. بۇنىڭغا بىرەر تارىخىي پاكىت كۆرسىتەلمىسەممۇ، ئۇنىڭ سابىت داموللىنى چەتئەلگە ئوقۇشقا يولغا سېلىش چېيىغا قاتناشقاندا يۇرت چوڭلىرى ئالدىدا قىلغان سۆزلىرى ۋە سابىت داموللىنى كاتتا - كاتتا ئۆلىمالار ئالدىدا ئاشكارە ماختاپ، «بۇ بالا بىزلەر ئارزۇ قىلغان، ئەمما زامانىنىڭ شەرتلىرى تۈپەيلى ۋە ئۆزىمىزدىكى شەرتلەر تۈپەيلى قىلالمىغان چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ. كۆرۈسلەر، چەتتىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە ئۇ بىر ئۇلۇغ ئىنسان بولۇپ

قالىدۇ»[1] دېگەنلىكىنى دەلىل قىلىشىم مۇمكىن. دېمەك ئۇ سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ قۇرداشلىرىدىن بىر تۈركۈم ياشلارغا مەخسۇس دۆلەتچىلىك ئېڭى سىڭدۈرگەن.

ئۇ يەنە «ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟» دەۋاتقاندەك ماڭا قاراپ بىردەم ئېسىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى.

— كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇستاز سابىت داموللا دېيىشكە بولىدۇ. داموللا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قىسقا مۇددەتتە روياپقا چىقاردىلا ئەمەس، بىر دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى قىلدى: پۇلدىن پوچتا ماركىسىغىچە، پۇخرالىق سالاھىيەت ھۆججەتلىرىدىن پاسپورتقىچە، ھەتتا چەتئەل يېزىقى ئارىلاش ھالدا... پارلامېنتنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى مۆكەممەللىككە قاراڭ. قىسقىغىنا تۆرت ئاي ياشىغان بىر دۆلەتتە بۇنداق مۆكەممەللىكنى بىر مۆجىزە دېمەي تۇرالمايسىز! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇندىن ئىلگىرى ھېچ ئۆلگىسى بولمىغان بىر «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغان ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كېڭشىش، ۋە دېموكراتىيە روھى بىلەن، دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ پارلامېنت، ئەركىن سايلام قاتارلىق ئارتۇقچۇلۇقلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرگەن تۇنجى سىناق ئىدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ شۇ كۈنىنىڭ خەلقارا چوڭ ئاتموسفىراسى ئىچىدە بۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ، ئىلاجىكى بار مۆكەممەل قىلىشقا، بىر دۆلەت ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنماس ھالغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. چۈنكى ئۇ بۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ھەققىدىكى ئەندىشىلىك سوئاللارغا «بىز بۇ پۇرسەتتە بىر دەلىل يارىتىپ قويىمىز، ئەۋلادلار ئۈچۈن بۇ بىر تارىخىي پاكىت بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ» دېيىشى، ئۇنىڭ ئاقىۋەت ھەققىدە بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتى. ھەتتا ئۇ: «خىتايدىن قۇتۇلساق، ئورۇس بېسىۋالىدۇ، بۇنىڭ نېمە پايدىسى، قۇربان بېرىشكە ئەرزىمىدۇ؟» دېگۈچىلەرگىمۇ «پايدىسى بار، قۇربان بېرىشكىمۇ ئەرزىيدۇ؛ چۈنكى مۇستەملىكە تارىخى يېڭىدىن باشلىنىدۇ» دەپ

[1] بۇ سۆزلەرنى ئەرەبىستاندا ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇم ئابدۇقادىر ئەھمەد تۈركىستانى ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ دادىسى يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىدە «ئۇزۇتۇش چېيى»غا قاتناشقان ئىكەن، — ئا.

جاۋاپ بېرەلىگەن ئىدى. ئۇ يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم ھېساپلىنىدۇكى، نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆزىمىزدىن چىققان دۆلەت ئاتىسى ئىدى.

— ئاڭلىشىمچە، سابىت داموللا تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئاقسۇغىچە پىيادە يالاپ مېڭىلغان ئىكەن، ئاقسۇدا بىر مەزگىل قاماقتا تۇتۇلۇپ، كېيىن ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپتىكەن. ئەنە شۇ ئاقسۇغا كەلگىچە ئارىلىقتا ئۇنىڭغا قېچىپ كېتىش پۇرستى تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قېچىشنى رەت قىپتىكەن، بۇ راستىمدۇ؟ راست بولسا بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ — دەپ سورۇدۇم تارتىنىپ تۇرۇپ.

— بۇ راست، مەن بۇنى زەيدىن كارۋاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانمەن، — دېدى سابىت ئەپەندى كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە، قولىدا مۇشتەك ئويناشنى ئىختىيارسىز داۋام قىلىپ، — ئۇ چاغلاردىكى تارىخي شارائىت، بەزى قارا نىيەتلەر ئۈچۈنمۇ ئوبدان پۇرسەت بولغاچقا، قوراللىق بۇلاڭچىلار، باندىتلارمۇ ئاۋۇپ كەتكەن. بىرەر نوچى ئوغرى تۆرت بەش ئادەمنى ئەگەشتۈرۈۋالسىلا قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلالايتى. سابىت داموللىنى يالاپ ئەكىتىۋاتقاندا ئۇلار مارالۋېشىنىڭ تۇمشۇققا يېتىپ كەلگەن مەھەلدە تاغ ئارقىسىدىن بىر توپ قوراللىق ئادەم چىقىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ باندىتلار ئىكەنلىكى ياكى سابىت داموللىنى قۇتقۇزۇشنى خالىغان ئادەملەر ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، داموللىنىڭ توپىغا يېقىنلىشىپ كەپتۇ. مانا شۇ چاغدا چېرىكلەر ئۇ ئادەملەرگە قارىتىپ ئوق چىقىرىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئاتلىق ئىكەن، ئات ئۈستىدە ئېلىشا - ئېلىشا قىزىپ كېتىپ، تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سابىت داموللا قولى ئارقىسىدىن كەلەپچىلەنگەن، پۇتى كىشەنلەنگەن ھالدا بىر قۇم دۆۋىسىدە ئولتۇرۇپتۇ. مانا شۇ چاغدا داڭلىق سودىگەرلەردىن زەيدىن كارۋان ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئاتلىق كېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ داموللىنى تونۇپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ.

— داموللام، مەن ئاتتىن بىرنى بېرەي، مېلىنى مۇشۇيەردە بىر يەرگە كۆمۈۋېتىپ، كېيىن ئېلىۋالساممۇ بولىدۇ، بولمىسا سىلىدىنمۇ ئەزىزمىدى، نېمە بولسا، بولسۇن. سىلى ئات بىلەن دەرھال قاچسىلا، مېنىڭ مەكتەپتە سادىق دوستلۇرۇم بار، شۇلارغا بارسىلا، جاھان بىر ئاز جىمىققىچە يوشۇرۇنۇپ تۇرسىلا كېيىنچە يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا پۇرسەت بولاپ قالاتتى، — دەپتۇ ھال -

ئەھۋال سوراشلاردىن كېيىن.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ داموللا، — قىلغان ئىشلىرىمنىڭ شەرىپى، قىممىتى، قەدرى ئۆچۈن مېنىڭ تۇرمىدە ئۆلگۈنۈم، ھايات يۈرگۈنۈمدىن ياخشىراق.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، داموللام؟ «ئاش بولسا قازان، جان بولسا جاھان» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ جان ئېسەن بولسا، يەنە بىر ئىشلارنى قىلغىلى بولماسمىدى؟

— ياق، بولمايدۇ، باشقا بىر خەلق بىلەن بەلكىم بولارمىدىكىن، ئەمما بىزنىڭ خەلق بىلەن بولمايدۇ، — دەپتۇ داموللا، — بىزنىڭ خەلق بىر قىزىيدۇ، ئىشنى ئاقمىسا پوقتەكلا سوۋۇيدۇ، يەنە كېيىنلەرگە ئۇمىدى بولمايدۇ. جىمى بەختسىزلىكمۇ مانا شۇنىڭدا! چۈنكى ئۈمىتسىزلىك كۇفرىغا بەك يېقىن ئەسلىدە. بىزنىڭ خەلق مەغلۇپ بولسىمۇ ئۆلگەننى رەھمەتلىك دەيدۇ، ھەتتا خاتا قىلغاننىمۇ! ئەمما تىرىك قالغان مەغلۇپنىڭ ئىشى تەس. مەن بىر مەغلۇپ بولغۇچى، مەغلۇپ بولغۇچىنى بىزنىڭ خەلق بەكلا يۈزسىزلىك بىلەن تاشلىۋېتىدۇ. شۇڭا قىلغان ئىشىمنى بۇلغاپ، باشقىلارنىڭ قازىنىغا تەلمۈرۈپ ياشىسام، ئىشىمنى بىر تىيىن قىلغان بولۇمەن.

— زەيدىن كارۋان دامولىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ھېچ چۈشۈنەلمىگەن. ئۇلار تالىشىپ تۇرغاندا چېرىكلەر قايتىپ كەلگەن. مانا ئەمدى سىزدىن سوراي، سىز چۈشەندىڭىزمۇ؟

راستىنى دېسەم چۈشەنگەندىم، ئەمما قاراشلىرىمنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالمىدىم. ئۇنىدىن كۆرە سابىت ئەپەندىنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئاڭلاپ بېقىپ، ئۆزەمنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆز - ئۆزەمنى باھالاپ باقاي دېگەن نىيەتتە شۈك تۇرۇۋالدىم. بۇ خۇيسەنلىكىممۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن قاچمىدى.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ كوزۇرىنى كېيىنگە ئاياپ، چىقارمايدىغاندەك تۇرۇسىز، ئەمما مەن كارتىمنى ئاچاي، بوپتۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — بەزى كىنولاردىن كۆردىڭىزمىكىن، مەغلۇپ بولغان بىر پادىشاھنىڭ نارىسىدە شاھزادىسىنى پادىشا تەرەپدارلىرى ئېلىپ قاچىدۇ، يېڭى پادىشا ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ ئىزدەيدۇ، ھەتتا گۇمانلىق دەپ سانسىز ئادەمنى قىرغىن قىلسىمۇ بىلىدىغانلار بۇ شاھزادىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئاشكارىلاپ قويمايدۇ. ئۇنىڭغا خۇددى ھەقىقىي بىر شاھزادىگە

خىزمەت قىلغاندەك خىزمەت قىلىپ، بېقىپ چوڭ قىلدى، قاتارغا قوشۇدۇ، ئۇنىڭغا كىملىكنى بىلدۈرۈدۇ ۋە ئۇنى باش قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، يەنە ئاۋالقى سەلتەنەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈدۇ ياكى شۇ يولدا ھەممىسى قۇربان بولۇشۇدۇ. چەتئەل كىنولىرىدىمۇ، خىتاي فىلىملىرىدىمۇ بۇنداق مەزمۇنلارنى كۆرۈسىز. تارىختا مۇشۇنداق ئىشلار ئەمەلىيەتتە بولغان. ئەمما بىزنىڭ خەلقتىن مۇشۇنداق بىر ئىشنى كۈتۈشكە بولامدۇ؟ بۇنى ھىسسى تەجرىبە قىلىپ بېقىڭ. بۇ يوشۇرۇن بېقىلىدىغان ئادەمنى بېقىۋاتقانلىقلىرى ئۈچۈن ئاۋال ئۇنىڭ نوپۇزىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇشلىرىدەك ئىلتىپاتسىز پاراڭلىشالايدىغان بولۇدۇ؛ ئاندىن «نېرى تۇر، بېرى تۇر ...»لىرى باشلىنىدۇ. ئاندىن سۆز ئارىلىقلىرىدا ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئەسلىنىپ، ئۇنى كۆلكە قىلىشقىچە بېرىپ يېتىدۇ. ھەتتا بىر كۈنلىرى ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. مۇھتاجلىقتا ئۇ ئادەم نېمە بولۇدۇ؟ ئادەتتىكى بىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەتتا ئۆتمۈشتە قىلىنغان ئاشۇ ئىش ئەسلەنگەندە بۇ ئادەم بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇلاھىزە قىلىنىپ، «شۇنى قىلغان ئادەم مۇشۇ بولغىنىغا قارىغاندا، شۇ ئىشنىڭمۇ تايىنى يوقلا بىر ئىش بولسا كېرەك... » دېگەندەك خۇلاسىلەرنى چىقىرىشلىرى مۇمكىن بولۇدۇ.

بۇ مۇلاھىزىلەر مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بىلەن ئاساسەن جىپسىلاشقاچقا مەن بەكمۇ مەمنۇن بولۇپ كەتتىم. شۇ مەمنۇنلۇقۇمنىڭ تاتلىقىنى تېتىپ، ئۇيقۇم كەلگىچە خىياللارغا سىرداش بولۇشقا ئالدىرىدىم. خوشلۇشۇش ئالدىدا سابىت ئەپەندى يەنە شۇنى قوشۇپ قويدى:

— بۇ مۇلاھىزىمىزگە يىپ ئۇچى بېرىدىغان بىر ئىش شۇ ئىدى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى مەغلۇپ بولۇپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن بەزىلىرى يەكەنگە چېكىنگەندە بەزىلەر چەتئەلگە قېچىشقا جىددىي تەييارلانغان ۋە سابىت دامولّلىنىمۇ بىللە كېتىشكە دەۋەت قىلىشقان. شۇ چاغدا دامولّلا ئۇلارغا شۇنداق دېگەن ئىكەن: «مەن كەتمەيمەن، سىلەرنىمۇ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە تەۋسىيە قىلمايمەن. ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن خار - زەبۇن بولۇسىلەر، قىلچىلىك قىممىتىڭلار بولمايدۇ، مەنۋىيىتىڭلار تامامەن بەربات بولۇدۇ. بۇ شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇكى، ۋەتەندىكى چېغىڭلاردا سىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولۇشقا ئەمەس، ئالدىڭلاردىن توغرا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئادەملەرنىڭ

ئوخشاشلىرى، چەتئەلدە سىلەرنى بىر تىيىنگە ئالمايدۇ، كۆرمەسكە سالىدۇ، ئالدىڭلاردا ھېچ تارتىنماستىن سىلەر بىلەن گەپ تالىشالايدۇ. كىشىلىك غورۇرۇڭلار تامامەن چەيلىنىپ كېتىدۇ. چىققىنىڭلارغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىسىلەر». مانا بۇ داموللىنىڭ يەنە بىر يىراقنى كۆرەرلىكى ئىدى.

— يەنە شۇ دۆلەتچىلىك ئېڭى تېمىسى ھەققىدە سوئاللىرىم بولۇشى مۇمكىن، ئەمما يەنە سۆھبەتنى سوزۇپ ئارامىڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈشكە يۈزۈم چىدىمايۋاتىدۇ، — دېدىم چىن كۆڭۈلدىن.

— مەنمۇ بۇ مەۋزۇدا شۇ زۆرۈر تولۇقلىمىنى بۈگۈن دەۋەتمىسەم، كېيىن بەلكىم يادىمغا يەتمەس ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە سىزدە ناتوغرا ئاڭلىشىلىش كېلىپ چىقار، — دېدى ئۇمۇ سۆھبەتكە قىزىپ كەتكەچكە ۋاقىت بىلەن ھېساپلاشماي، — دۆلەتچىلىك ئېڭى بىر گورۇھ ئادەمدە شەكىللىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىكەن دېگەن ساۋاقنى ئالدۇق. خەلقنىڭمۇ بىر بۆلىكى — ئەڭ ئاز ئۈچتىن بىرى مۇشۇنداق ئاڭغا، روھنىڭ قات - قېتىغا ئۆتۈپ كەتكەن خۇيغا ئايلانغان تونۇشقا ئىگە بولغاندىلا ئىش ئۈنۈملۈك بولۇدۇكەن.

— نېمىشقا يەنە كەسكىن تۈردە «غەلىبە قىلغىلى بولۇدۇكەن» دېيەلمەيسىز؟ — دەپ سورۇدۇم ئورنۇمدىن تۇرغاچ.

— چۈنكى، غەلىبە باشقا گەپ، ئۇ يەنىمۇ نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىق، — دېدى سابىت ئەپەندىمۇ ھارغىنلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. ئاندىن چىرايى بىر خىل ئويچانلىق ئىپادىلىگەن ھالدا، ئارقامدىن مېنى ئۇزاتقىلى چىقىۋېتىپ داۋام قىلدى، — مەن بەزىدە دۆلەتچىلىك ئېڭى، مىللىي ئاڭ ئويغاقلىقى مەۋزۇلىرىدا بىز ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرگە سېلىشتۇرمايلا قويايلى؛ «ئازات جوڭخۇا»نىڭ ئىچىدىكى «بەختىيار خەلق» ھېسسىمىز بىلەن، بىزدە سۈنئىي ئويغۇتۇلغان ئاساسسىز «چوڭلۇق»ىمىز بىلەن بىرگە، بىزگە يەنە دەل شۇلار تەرىپىدىن «بەختسىز، قالاق خەلق» دەپ تونۇتۇلغان مىللەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ قالىمەن. باشقا كىتاپلاردا چەكلىك قۇرلاردا تىلغا ئېلىنىپ قالغان بايانلاردا ئافغانىستاننىڭ 18-، 19- ئەسىرلەردىكى مىللىي تۇيغۇ، دۆلەتچىلىك ئېڭى قاتارلىقلارغا دىققىتىم قوزغۇلۇدۇ. شۇنىڭدەك باشقا نۇرغۇن ئاسىيا - ئافرىقا دۆلەتلىرى ھەققىدىكى قىستۇرما بايانلارغا دىققەت قىلىمەن (كاشكى مەخسۇس

ماتېرىيال بولسا بىر تەتقىق قىلىپ باقسام). ھەتتا ئەڭ بەختسىز كۆرسۈتۈلۈپ كېلىنگەن نېگىرلارغا ھەيران بولۇمەن. نىلسون ماندېلا ھەققىدە ئانچە - مۇنچە بىرنەرسىلەرنى ئوقۇپ قالغانسىز، ھەقچان؟ مانا بۇلارنى ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟ ... بۇلارنى ئويلىسام بەختسىزلىكىمىزگە يىغلىغۇم كېلىدۇ،...

سۆھبىتىمىز شۇ يوسۇن ئىشىك ئالدىغىچە داۋام قىلدى، ئاندىن شۇ يەردە توختاتتۇق. مەن ئويلىغۇنۇمدەك، ئۆيگە كەتكەندىن كېيىن ئۇيقۇم كەلگىچە سۆھبەتنى خىيالىمدا تەكرارلىدىم. بولۇپمۇ دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن كۆرۈنۈپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمگە دادىل يۈزلىنەلىگەن سابىت داموللامدەك ئادەملىرىمىزنىڭ روھىغا ئاپىرىن ئېيتتىم.

باشقا بىر كۈنى سابىت ئەپەندى كەلگەن يېرىدىن داۋام قىلدى.

✍ ✍ ✍

## قەشقەرگە

قاراپ ئاتلانغانلارمۇ ئىلاجى قىلىپ كۆزگە چېلىقماستىن يۇرتلىرىمىزغا يېتىۋالساق، ئاندىن شۇ يەردە تۇتۇلساق مەيلىدى، دېگەن ئۈمىدتە مۇمكىن قەدەر ناھىيە بازارلارغا يولۇقماي مېڭىشقا تىرىشتۇق. ئائىلىسى بارلار تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن ئائىلىسىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشاتتى. مېنىڭ كۆرۈۋالغۇدەك ھېچنېمەم بولمىسىمۇ، يەنىلا بىر خىل ئىچكىي سېزىمىنىڭ تۈرتكىسىدە مۇمكىن قەدەر تۇتۇلماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگەشتىم. تىرىشچانلىقلىرىمىزغا يارىشا يەكەنگىچە سالامەت كەلدۇق. مەن ھەمراھلىرىم بىلەن بۇ يەردە خوشلىشىپ، تۇداخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئۆچرۈشۈپ ماڭماقچى بولدۇم. يەكەندە كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنى تۇنجى قېتىم يېقىندىن كۆردۈق.

مەن تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كوچىدىنلا ئۇنىڭ ئۆرۈلگەن پېشايۋىنىنى ياسىۋالغىنىنى كۆردۈم. كىرىپ ئۇلار بىلەن ئامانلىشىپ، ئەتىسى يولغا چىقماقچى ئىدىم. بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئون يىلدىن ئاشقان ئىدى. گەرچە ئۈچ - چېكىگە كۆز يەتمەس ئاشۇ تاغلار دۇنياسىدا بىر ئايدىن ئارتۇق

سەپەردە يۈرۈپ، جۇلۇقۇم چىقىپ كەتكەن، ئىتىمىز ئاران قالغان بولسىمۇ، سانجۇدىن ئىتىبارەن ئۇنداق جاپالارنى كۆرمىگىنىمىز، ھەر كەچ بولغان يەردە نورمال ئۇخلاپ يول ماڭغىنىمىز ئۈچۈن، خېلى ئىسسىمگە كېلىپ قالغان، ئۈست ـ بېشىمۇ «ئەپەندىچە» ئىدى. لېكىن شۇ ئىگىزلىكتىكى تۈتەكتىن قالغان يالدامىلار چىرايىمىزنى تىبەتلەرگە ئوخشۇتۇپ قويغان بولۇپ، بۇ ئىزنالار يېقىن ئارىدا يوقۇلىدۇغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ۋاي قاياقتىن چۈشتىلە؟ ئاسماندىنمۇ ـ يا؟ — دەۋەتتى ماڭا دەرۋازىنى ئاچقان تۇرداخۇن. كەچكى گۇگۇم ئۆز سەلتەنىتىنى قەدىمىي يەكەن شەھرى ئۈستىگە تېخى ئەمدىلا يېيىۋاتقاچقا، ئادەمنى تونۇغۇدەك ئىمكان باردى.

— گەپ ئۇزۇن، ماغدۇر ئاز، — دېدىم كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ قولۇمدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئاقتاخانا تەرەپكە يېتىلەپ كېتىۋاتقاچمۇ ئاغزى تىنماي سۆزلەپ تۇردى. يېڭىلىقلار ھەققىدە تەسىراتلىرىنى، كوممۇنىست ئەسكەرلەرنىڭ ئۆتكەن زامانلاردىكى يېغىلىقلاردا كۆرگىنىدەك يامان ئادەملەر ئەمەسلىكى، ئۇلارنىڭ قىرى ـ ئاجىزلارغا، يالغۇزلارغا ياردەمدە بولۇپ، ھەر كۆرۈنگەنگە خۇشچىراي بېقىپ تۇرۇدىغانلىقى ھەققىدە ھەۋەس بىلەن سۆزلەيتى. بۇ ئىشچان، ھۈنەرۋەن ئادەم ئۆرۈلگەن پىشايۋانىنىلا ئەمەس، ئۆيىۋاقلىرىنىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق ياسىۋالغان ئىدى.

ئاتنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ، مېنى ئۆيگە باشلىدى. گۈلسۇمخان بىلەنمۇ ئىللىق سالاملاشتۇق. ئاندىن ئۇلارنىڭ يېڭىلىقلار ھەققىدىكى زوق ـ شوقى بىلەن سۆزلەۋاتقان ئۇچۇرلىرىغا قۇلاق سېلىپ، جىممىدە ئولتۇردۇم. ئۇلار بارلىق يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ تۈگەتكەنلىكىدىن ئېمىن بولغاندىن كېيىنلا، مەندىن گەپ ئاڭلاشقا پۇرستى يەتتى:

— خوش، ئەمدى ئۆزلىرىدىن ئاڭلايلى، سىلى بىزدىن جىق بىلىدىلا، شە كۆگەن ئادەم بوغاندىكىن، — دېدى تۇرداخۇن.

— مەندە نېمە يېڭىلىق بولسۇن، ساپلا كونۇلۇق، — دېدىم مەن، — كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىمۇ ئەمدى، مۇشۇ يەكەن شەھرىدە كۆردۈم. نەچچە ۋاختىن قاراقۇرۇم تاغلىرىدا، ھىندىستان يولىدا ئىدىم. ئەمدى كېلىۋاتىمەن.

— ھىندىستانغا باغانمىدىلە، يا بومىسا كېتىۋاتقانمىدىلە؟
— كېتىۋاتقان.
— يول بومىغان ئوخشىمامدا؟
— يول بولماي قالدى.
— ۋاي ئېسىت، مۇشۇ كەمىنۇسلانىڭ ۋەجىدىن بومىسۇن يانا؟
— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ.
— بۇلىغىۇ بىې ئىادەمگە يامىانلىقى يېتىىدىغان خەقىتەك قىلمايىدا، ۋاي بىلمىدىم جۇما.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشتۇق. كەچلىك تاماقنى يەپ يېتىىپ تۇرۇشىمىزغا ئىشىك قېقىلىپ، بىرنەچچە قوراللىق ئەسكەر كىرىپ كەلدى:
— سابىت ئەپەندى قايسىڭ؟
— مەن شۇ.
— تۇرە، بىز بىلەن ماڭ!

تۇرداخۇن ئاكىلار كالۋالىشىپلا قالدى. مەنمۇ ئۇلارغا بىرەر كاسايىتىم تېگىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم.

مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىلىرى مېنىي گازارمىسىغا ئېلىپ كەلدى. قارىسام بىزنىڭ قالغان بۇرادەرلەرمۇ بۇ يەردىكەن. دېمەك ئۇلار تۇتۇلۇپ ئاندىن مېنىڭ ئۇچۇرۇمغا ئېرىشكەندەك قىلاتتى. بۇ چاغلاردا مىللىي ئارمىيە بىلەن خىتاي ئارمىيىسى بىرلىكتە ئىش بىجىرىپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. ئادەم تۇتۇدىغان ئىشلارنى ئاساسەن ئۇيغۇرلار قىلىدىكەن. خىتايلار ياخشىچاقلىق ئېپادىلەپ، مۇمكىن قەدەر نەپرەتنىڭ نىشانىنى ئۆزىدىن بۇرىۋېتىش سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم.

ئەتىسى بىزنى قەشقەرگە يوللىدى. قەشقەردە يۇمۇلاق شەھ قورغىنىغا ئەكىلىپ تاشلىدى. كۆپ ئۆتمەيلا خوتەنگە كەتكەنلەرمۇ يېتىپ كەلدى. يىل بېشىدا ئاقسۇغا كەتكەن ھاجى ياقۇپمۇ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىندى. ھەممەيلەن دېگۈدەك قەشقەردە جەم بولدۇق. بىزنى قاتتىق سوئال ـ سوراق قىلىشمىدى. بەزى مىللىي ئارمىيە كادىرلىرى ئاكتىپلىقى تۇتۇپ، بىرەر ئېغىز تىللاپ قويغاننى دېمىگەندە، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار، خىتاي ئوفىتسېرلىرى

سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشتى. تۆۋەن دەرىجىلىك مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى بىزنى «جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىسى، غالچىسى، ۋەتەن خائىنلىرى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تىللاپ، دۆشكەلەپ قوياتتى. ئەگەر بۇنداق ھاللارنى خىتاي كادىرلىرى كۆرۈپ قالسا دەرھال تەنبىھ بېرىپ، بىزدىن ئۆزۈر سوراپمۇ قوياتتى.

ھازىر قەشقەردە مىللىي ئارمىيىنىڭ 13- تۇمەنى (دىۋىزىيىسى) تۇراتتى. بۇ تۇمەن مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوۋنىڭ تۇمەنى بولۇپ، تېكەس ئاتلىق 1- پولكى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچ پولكى بولۇپ، ئاقسۇدا، قەشقەردە، خوتەندە بىردىن پولك تۇراتتى. تۇمەن قارارگاھى قەشقەردە ئىدى. كوممۇنىست ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن بارابەر جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ يەردە ھازىرچە ساقچى ئورگانلىرى تەرتىپكە سېلىنمىغاچقا، تۇتقۇن قىلىدىغان ئىشلارنى، ئومۇمەن يەرلىكلەر بىلەن بولىدۇغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنى مىللىي ئارمىيە ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۇلار ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتسە خىتاي كادىرلىرى:

— يولداش، سىياسەت بويىچە ئىش قىلىڭ، بىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئوخشىمايمىز، — دېيىشەتتى.

قىلىچ بۇ ئەھۋاللاردىن ئىچى پۇشۇپمۇ ياكى ماڭا تاقابىل كېلىشنىڭ پاكىتىنى تاپتىم دەپ ئويلىدۇمۇ بىلمەيمەن، بىر كۈنى:

— قاراڭ، ئەپەندىم، بۇ مىللىي ئارمىيەمىزنىڭ كادىرلىرىغا، سىزغۇ بۇلارنى بەك چىرايلىق ئاقلىغان ئىدىڭىز، مانا بۇلار كوممۇنىست خىتايلار بىلەن شۇنداق ئوبدان ماسلىشىپ ئىشلەۋېتىپتۇ، — دېدى.

— ئەگەر گومىنداڭ ھاكىمىيەتتە بولغان بولسا قانداق بولاتتى؟ — دەپ سورۇدۇم ئۇنىڭدىن، — سىزمۇ گومىنداڭ خىتايلىرى بىلەن شۇنداق ياخشى ماسلىشىپ ئىشلەمتىڭىز قانداق؟

قىلىچ بېشىنى چايقاپ كۈلۈمسىرىدى. مەن ئاستىلا داۋام قىلىپ:

— شەھەرنىڭ كوچىلىرىدىكى شوئارلارغا دىققەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ «سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ياردەملىشىپ، گومىنداڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاپ بولۇپ، 3ـ5 يىلغىچە چىقىپ كېتىمىز» دېگەندەكلەرگە؟ ھە بۇ مىللىي ئارمىيىمىز مانا شۇنىڭغا مەست. ئالدىرىماڭ، ھازىر بۇلارنىڭ قولىدا مىلتىق بار، ھارۋىدا توشقان

ئالىدىغان خىتايلار ئۇلارنىڭ مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى چىقارماي بىر ياقلىق قىلىۋالسۇن، شۇ چاغدا كۆرۈسىزكى، ئۇلارنىڭ ھالى سىزدىنمۇ يامان بولىدۇ. خۇددى قاراقۇرۇمدا بىزنىڭ قولىمىزدىكى قوراللارنى ئېلىۋالغۇچە ۋە ئېلىۋالغاندىن كېيىن بولغانغا ئوخشاش.

— نېمىشكە ئۇنداق بولار؟ ئۇلارمۇ كوممۇنىست تۇرسا؟

— چۈنكى ئۇلارنىڭ خىتايلارنى ئېتىشقا جۈرئەت قىلغان گۇناھى بار. ئۇچ ۋىلايەتتىن خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، بىر مۇستەقىل دۆلەتنى جاكارلىغان گۇناھى بار. بۇنىڭ ئۆچى ئېلىنمىسا، مەن خىتاينى چۈشەنمىگەن بولاي.

— ئەمما، ھەر...

— قويۇۋېرىڭ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كوممۇنىستلىقىنى! ھەرقانداق بىر سىياسىي مەسىلەك مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى. ئەمما مىللىي مەنپەئەت مەقسەت. ئۇنۇتتۇڭۇزمۇ، تېخى شۇ تۇنۇگۇن قاراقۇرۇمدا بولغانلارنى؟ سىزلەر گومىنداڭچى ئىدىڭىزلار، ئارىمىزدا بىرەرمۇ كوممۇنىست يوقىدى. چېگرا قاراۋۇللىرىمۇ گومىنداڭچى ئىدى، قانداق بولدى كېيىن؟

— نېمىلىكى بولمىسۇن، مىللىي ئارمىيەدە قورال بار، ئۇلار ئالدانغانلىقىنى بىلسىلا يولىنى ئۆزگەرتىپ، خىتايلارغا قارشى كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا خەلقمۇ ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. بۇلارنى خىتايلار بىلمەسمۇ؟ يەنى، سىز دېگەندەك، مىللىي ئارمىيەنى، يەنى مىللىي كوممۇنىستلارنىمۇ داغدا قويۇدىغان ئىشنى قانداق روياپقا چىقىرار؟

— سىز مېنى گەپكە سالماقچىغۇ، دەيمەن؟ بوپتۇ شۇنداق بولسىمۇ بولىدۇ، — دېدىم قىلىچقا، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغىنىم ئۇچۇن ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىشنىمۇ ياخشى كۆرەتتىم، — كوممۇنىستلىق بىلەن «ھارۋىدا توشىقان ئالىدىغان خىتاي»لىق بىرلەشسە، ھىيلە - مىكىرنىڭ ئەڭ يوقىرى رېكوردى بارلىققا كېلەمدۇ - يوق؟ كېلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئىش قانداق تەرتىپتە ئېلىپ بېرىلار؟ خۇددى ئاۋۇ كوچىلارغا چاپلاپ قويۇلغان شۇئارلاردىكىدەك، ئۇلار گويا بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلايدىغان «ماشايىخ»لىق سۈپىتىنى ساقلاپ تۇرۇدۇ؛ يەرلىك قازىخانىلار — مەھكىمە شەرئىيگىمۇ يول قويىدۇ؛ دىنىڭلارغا چېقىلمايمىز دېگەن سىياسەت راست چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بارلىق

ئادەتلىرىمىزمۇ ئۆز ئەينى قالىدۇ. ئەمما ئاستىرتتىن بەزى تەبىئەتسىز، ئەقىلسىز ئادەملەرنى پۇل بىلەن، ئەمەل، مەنسەپ بىلەن سېتىۋېلىپ، كوممۇنىستىك ئاكتىپلارنى بارلىققا كەلتۈرۈدۇ. يەرلىك نامرات ئاكتىپلار بىلەن نوپۇز ئىگىلىرى ئارىسىدا سۈركۈلۈش پەيدا قىلىدۇ. ئاۋال ئۇلارنى چىرايلىق كېلىشتۈرگەن قىياپەت ئىپادىلىشى مۇمكىن، كېيىن بولسا بۇ «سىنىپىي زىددىيەتنى زورلۇق كۈچ بىلەن ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولغان» شەكىل ئېلىشى مۇمكىن. «نامرات خەلقنىڭ، زۇلۇم چەككەن خەلقنىڭ ئەركىنلىك تەلىپى، ئازاتلىق تەلىپى» شەكلىدە ئۇلارنىڭ رايى نامىدىن زومىگەرلەرنى يوقۇتۇشى مۇمكىن. يەرلىك نوپۇزلۇقلار، ئىنقىلاپ باشچىلىرىمۇ بۇ جەرياندا بىكار تۇرمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلار خىتاينىڭ ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ماھىيىتىنى ھەققىدە چۈشەندۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى قارشىلىققا يېتەكلەشكە ئۇرۇنۇدۇ. ئەمما، خەلق بۇ مەزگىلدە خىتايلارنىڭ پەقەتلا «شەپقەتلىرى»نىلا كۆرۈۋاتقان، يەرلىك لېدىرلار تەسۋىرلىگەن ياۋۇزلۇقنى، خەتەرلىك ئەھۋالنى كۆرمەيۋاتقان بولغاچقا ئۆز لېدىرلىرىغا ئەگەشمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى مۇمكىن. خىتايلار تامامەن ئىشەنچكە ئېرىشكەن، يەرلىك يولباشچىلار، نوپۇزلۇق شەخسلەر يالغانچىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن «ئوۋ»نى باشلايدۇ. بىلىسىز، بۇ جەرياندا خىتاي ھەربىي يۆتكۈلۈشلەرنى جىددىيلەشتۈرگەن بولىدۇ. بۇ تۆرت - بەش يىللىق پۇرسەتتە يېتەرلىك كۈچ يۆتكۈلۈپ، ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىلارغا بېكىتىلىپ بولغان بولىدۇ. ئەمما ھەربىي يۆتكۈلۈشلەر ھەققىدە خەلقنىڭ ھېچ خەۋىرى بولمايدۇ ياكى قىسمەنلىكتە كۆزىگە چېلىقسىمۇ، بۇ ئىشلارنى ئۆزلىرىگە مۇناسىۋىتى يوق بىر ئىش ھېسابىدا كۆرۈدۇ.

— تەھلىلىڭىزگە قوشۇلۇمەن، ئەقىلگە ئۇيغۇن.

دېگەندەك، دېكابىرنىڭ 22-كۈنى مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ قۇرۇش ھەققىدىكى بۇيرۇق ئېلان قىلىندى. بۇنى ھويلىدا تۆۋەن دەرىجىلىك، كوممۇنىست ئىدىيىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئوفىتسېرلاردىن ئاڭلىدۇق. بۇنىڭغا بەزىلەر خوش بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىشتى؛ بەزىلەرنىڭ روشەن خاپا ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەنە باشلاندى، — دېدىم قىلىچقا بۇ ۋەقەدىن كېيىن، — بۇ قورالسىزلاندۇرۇشنىڭ باشلىنىشى، پەقەت. خەلققە قارشى يوقۇتۇش ھەركىتى، يولباشچىلارنى تازىلاشلار بۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدۇ.

1950-يىلى 10-يانۋاردا غۇلجىدا 5-كورپۇس قۇرۇلۇش مۇراسىمىنىڭ ئېچىلغانلىق خەۋىرىمۇ يېتىپ كەلدى.

كۈندۈزلىرى بىز ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرەتتۇق. ھەتتا بازارغا چىقىپ كىرىشىمىزگىمۇ رۇخسەت قىلىشاتتى. بەزىدە ساقچى ئىدارىسىغا ئاپىراتتى. ئەمما كۆپىنچە بىزگە مىللىي ئارمىيە مەسئۇل ئىدى. كېيىن ساقچىخانىدا تۇرغۇن ئالماسنى كۆردۈم. مەن ئۇنى ئاخىرقى قېتىم ئۈرۈمچىدە كۆرگەن ئىدىم. ئۇ چاغدا بەك چوڭقۇر تونۇشۇپ كەتمەيتۇق. ئەمما ئۇنىڭ ياش شائىر ئىكەنلىكىنى، ئۆتكۈر بىلەن پۈرچىقى پىشمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ساخچىخانىدا ئۇچراشقاندا ئۇ بىزنى تونۇغاندەك قىلمىدى. بۇ چاغدا ساقچى باشلىقى ئابدۇرېھىم پىتەك دېگەن ئاتۇش مەشھەدلىك كىشى ئىدى.

ھە، راست، ئۇنتۇلۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن ئەمەسمۇ، بۇ يەردە ناسىراخۇن بىلەنمۇ بىللە بولدۇق! بىزدىن بىرەر ئاي كېيىن پەيدا بولدى!

بىزلەرگە بىرەر پارچىدىن تەپسىلىي تەرجىمەھال يېزىش تاپشۇرۇلغان ئىدى. يېزىپ تاپشۇردۇق. سوراقلارمۇ بولدى، ئەمما بىزگە جىنايەتچىگە مۇئامىلە قىلىنغاندەك مۇئامىلە قىلىنمىدى. بىزنى سىلەر ئىلىم ئىگىسى ئىكەنسىلەر، يېڭى ھۆكۈمەتكە بەك كېرەكلىك كىشىلەرسىلەر، دۆلەت بايلىقى سىلەر، دېگەندەك ياغلىما گەپلەر قىلىنىۋاتاتتى. ھەتتا بىزگە ماتېرىيال تەرجىمە قىلدۇرۇدۇغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا بىز خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغان ئىدۇق. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناسىراخۇن قورغان ئىچىدە كېزىپ يۈرۈدۇ. شۇمۇ، ئەمەسمۇ، دېدىم ئىشىنەلمەي. ئۇ مېنى كۆرمىگەندەك، ناراقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، «ناسىر» دەپ توۋلىدىم ئۆزەمنى تۇتالماي.

ئۇ شاقلا بۇرۇلۇپ، بىردەم مەڭدەپ قالغاندەك قىلىپ، يۈگرەپلا ئالدىمغا كەلدى. شۇنداق چىڭ قۇچاغلاشتۇقكى، بەللىرىمىز قىرسىلاپ كەتتى. شۇنچىلىك سېغىنغان ئىدىم. ئۇمۇ بەك سېغىنغاندەك قىلاتتى.

— بارمۇ سەن؟

— بارمۇ سەن؟ — دېيىشىپلا كەتتۇق. گەپلەر بوغۇزىمىزغا كەپلىشىپلا قالغان ئىدى. دېيىشىدىغان شۇنچە كۆپ گەپ، قەيەردىن باشلاپ قەيەردە تۈگۈتۈش كېرەكلىكىنى بىلمەي كالۋالىشىپ كەتكەندەك ھولۇقاتتۇق. ئاشۇ يوسۇندا بىر - بىرىمىزنى قويۇپ بەرمەستىن ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان تامنىڭ تۈۋىگە كېلىپ زوڭزىيىۋېلىپ، رەسمىي باشلىدۇق:

— دېگىنە، سەن نەگە يوقالدىڭ؟ بومباردىماندا تۇيۇقسىزلا غايىپ بولۇپسەن، خىتايلار سېنىڭ سورۇقۇڭنى مەندىن ئېلىپ، بىرمۇنچە تاياق يېدىم. ياخشىكى قەشقەردىكى چاغدا بازارغا رۇخسەت بەرگەندە قاچماپسەن، ئۇ چاغدا قاچساڭ مېنى ئېتىۋېتەتتى چوقۇم.

— مەن شۇندا نامەرتماۋا، سەنمۇ شۇ، ھە نېمە دەۋېرىدىكەنسە، — دېدى ناسىر خاپا بولۇپ، — قارىسام ئىش چاتاق، جاننى ئالە، دېدىم شۇ قاچتىم. ئەرمۇدۇندا[1] بىر كۈن ياتتىم، بىرسىنىڭ سامانلىقىدا، ئاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقسام جاھان تىنجىغاندەك، ئېتىشما ئاۋازلىرى ئۇزاقتا، يېڭىسار تەرەپتە ئاڭلىنىۋېتىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن، يا تەۋەككۇللا دەپلا ئاتۇشقا قاراپ تىكىۋەتتىم.

— بوپتۇ، بوپتۇ، بۇ ھەقتە يەنە كېيىن تەپسىلىي سۆزلىشەرمىز، ماڭا يۇرتىنىڭ ئەھۋالىدىن گەپ قىلىپ بەرگىنە، — دېدىم ئالدىراپ تېنەپ. نېمىدۇر يۈرۈكۈمنى ۋىژژىدە قىزىتىپ تۇراتتى، نېمىدۇر پەۋقۇلئاددە بىر ئۈچۈر كۈتۈۋاتقاندەكلا روھىم، ئالتىنچى سەزگۈم مېنى ئالدىرىتىپ تۇراتتى.

— بالاڭنى كۆرەپ كەلدىم، ياق ئۇنىڭغا خېلى بولدى،...

— بالاڭنى دېدىڭمۇ؟ ئابىتنى دەۋاتامسەن!

— قولۇمنى قويىۋەپەراۋا، سۇندۇرۇۋېتەمسە نېمە بالا؟ سېنىڭ بۇ تۆگە تاپىنىدەك قوللىرىڭدا بۇنچىۋالا قامالىۋاساڭ، بىلەكلىرىم چىدامىدا، — دېدى ناسىر قولۇمنى سىلىكىپ. مەن ئىختىيارىمىدىن تاشقىرى ئۇنى سىقىپ، ھەقىقەتەنمۇ بىلىكىنى چىقىرىۋەتكىلى تاس قاپتىمەن.

— ئەپۇ قىل، ئاداش، ھە، گەپ قىل، باردىم دېدىڭما؟ ھە قانداق كۆردۈڭ؟ ئۇ

---

[1] ئەرمۇدۇن — قەشقەر يېڭىشەرگە قاراشلىق بىر يېزا، يېڭىسار تەرەپكە يېقىن. —ئا.

ئۆزى قانداق؟ كىمگە ئوخشاپتۇ ئۇ؟....

ـــ ئـاللا كـارامەت! نېمانـدا قىلىسـەنوي؟ بۇنـدا قىغىلـى تۇسـاڭ مېنـى ئازغاشتۇرۇۋەتمەمسە، ئېلىشتۇماي تۇ، بىر باشتىن دېگىنى قويمامسە!؟

ـــ ھە، ماقۇل، ماقۇل، گېپىڭنى بۆلمەيمەن، گەپ قىلە، تېز!

ـــ باشتا ھاۋاخان ھامما بىلەن بازارغا كەپتىكەن، مەن نەدىن بىلەي، سېنىڭ بالاڭلىقىنى، ئۇ توغرىدا ئۇنتۇپلا كېتىپتىكەنمەن، دېگىنە، نېمىشقا دېسەڭ مەنمۇ ئارىدا زىنداندا ياتتىم، ئاداش، ما گەپلىنى سورىمايسەن تېخى. شۇڭا ئۇنتۇپلا كەتكەنكەنمەن. ھاۋاخان ھاممىغا سالام قىلدىم. يېنىدا ئون ياش، ئون بىر ياش ئەپچۆرىسىدە بىر ئوغۇل بالا بار، ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەي سورۇدۇم «بۇ كىمىڭىز، نەۋرىڭىزمۇ يا؟» «ۋاي، نېمە دەيدىغانسىز، بالام، تونۇمامسىز تېخى، بۇ ئاشۇ سابىت ئەپەندىنىڭ بالىسى ئەمەسما» دېمەسىما، كۆزلىرىمگە ياش تىقىلىپلا كەتتى. مەن سېنى ئەمدى ھايات قۇتۇلامدۇ، يوقمۇ كۆزۈم يەتمەيدىغۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بالاڭغا ئازراق پاچا پۇل بېرىپ، مانىڭغا سامسا ئېلىپ يەپ كەت، دېدىم....

ـــ تۇرقى قانداق؟ بەكلا ئەبگامۇ؟ سولغۇنمۇ؟ ئورۇقمۇ؟...

ـــ ئاپلا، نېمانداق قىلىسەن، دەيمە، ئۆپكەڭنى بېسىۋالساڭچۇ! ... ئورۇقراق ئادەم بولۇدۇغانـدەك تـۇرۇدۇ، ئەمـما بەقـۇۋۋەت، ساڭا تارتقانـدەك، ئىگىز، ئۇستى ـ بېشىمۇ ئۇنچە نامرات چىراي ئەمەس.

ـــ يۈز ـ كۆزلىرىنىڭ ئەپتىچۇ؟ كىمگە ئوخشاپتۇ؟

ـــ ئۇسقىنى ساڭا تارتقان بىلەن، سەندەك سەت ئەمەس، قاش ـ كۆزلىرى ئانىسدەك چىرايلىق بولغاندەك كۆردۇم.

ـــ راستىما؟ ھە، خېلى يامان ئەمەس دېدىڭمۇ، ئۇستى ـ بېشى؟ بەك ساڭگىل ـ سۆڭگۆل ئەمەسما؟

ـــ ياق دەيمەن، مەن ئاتايىن سورۇدۇم دەيمەن، «ھامما، بالىنى خېلى چىرايلىق چوڭ قىپسىز، ئاللاھ ئەجرىڭىزنى بەرسۇن» دېدىم. ھاۋاخان ھامما «بۇ دېگەن سابىت ئەپەندىنىڭ بالىسى تۇسا، ئۇنى يېتىملىكىنى بىلىندۇرمەي باقمىساق، كېيىن دادىسىغا قانداق يۈز كېلىمىز، بالام» دېدى.

ـــ راستىما؟! بويى قانچىلىككەن دېدىڭ؟

ـــ ۋاي خۇدايىمەي، سەن نېمانداق ئۆزەڭگە ئوخشىماي قالدىڭ، ئاداش؟

توختىمامسەن، — دېدى ناسىر يەنە ماڭا تەنبىھ بېرىپ، — مۇشۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ ئالدىدا (ماۋۇ قىزىلپاچاقلار يۇرتنى باسقاننىڭياقى) بىر كۈنى جاڭگالغا بېرىپ ئايلىنىپ كەلگىم كەپ قالدى، ئاااا بۇرۇن مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرنى باشلاپ بارغاندا بىر قېتىم بارغانتىم ئەمەسما، شۇ يادىمدا، شۇ تەرەپكە بېرىپ، ھېلىقى جاڭگال پادىشاھى (مەن شۇنداق ئاتىۋالدىم، سىلەر ئۇيغۇر بوۋاي دەيتىڭلاغۇ؟) غا زىيارەت قىلغۇم كەپقالدى،...

— ۋاي، سەن ئۇ گەپكە كەتتىڭغۇ؟ ئابىتنىڭ گېپىنى قىلىۋېتىپلا،...

— ۋې، بىردەم شۇك تۇرامسە قاندا؟ مەنمۇ شۇ، شۇ گەپتە. ئالدىرىمايراق تۇمامسە! — ناسىرغا ئارىلاشماي دېسەممۇ بالام ھەققىدىكى ئۇچۇر تۇيەيلى ئۆزەمنى يوقۇتۇپلا قويغانىدىم، — شۇ جاڭگالغا كېتىپ بېرىپ، شورۇقتىن ئۆتكىچە لاپپىدا يادىمغا يېتىپ قالدى، دېگىنە، «ۋوي، شۇ سابىتنىڭ ئوغلىنى كۆرگەچ ئۆتمەيما» دەپ، ھاۋاخان ھاممىنىڭكىگە يولۇقتۇم. نېمە كۆردۇم دېمەمسەن، ئالدىنقى كۆرگۈنۈم ئەمەسلا!

— نېمە بوپتۇ؟ ئاغرىپ قاپتۇمۇ؟

— ئا...، ما ئاداشنى! ياق، مەن بىلەن تەڭلا بىر ژىگىت كۆدۈم! راست، راست دەۋاتىمەن، بويۇمىزنى تەڭلەشتۈرۈپ باقتىم. ئاتايىتىن «تۇرەۋە، ئۇرنۇڭدىن» دەپ تۇرغۇزۇپ، يېنىغا كېلىپ تۇرۇپ باقتىم. تەڭلا! بەك بولسا بىر قولۇمدەك (بارمىقىدەك) پەستۇ. نەچچە ياشتا ئۇ بالاڭ، ئۇنۇتتۇم؟

— ئاللاھ نېسىپ قىلسا بۇ يىل ئون ئۈچتە.

— ۋاي بىچارەي، تۇغۇلغاندا كۆرگەنچە ئون ئۈچ ژىل كۆرۈشمىدۇق، دە! ئاللا مۇرادىڭنى بەرسۇن، يامان بوپتۇ جۇما بۇ...

— بۇ دو كۆرگىلى تاس قالغانتىم، تۇتۇلۇپ بۇ يەردە بولدۇق. ئاشۇ يىلى قۇمالتاغدىن ئېلىپ كەتتى. مانا شۇنداق، ئاللاھ نېسىپ قىلمىسا، ئاغزىڭغا كەلگەن ئاشنىمۇ يۇتۇشقا ئۈلگۈرمەيسەن ئەمەسمۇ. ھە، قالغان تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ مەكتەپلەرنىڭ ھالى نېمە بولۇۋاتىدۇ؟

— ما خەق مەكتەپكە خېلى كۆڭۈل بۆلۈدۈغاندەك تۇرامدۇ، نېمە؟

— بەلكىم. خوش، ئەمدى سەن جاڭگالغا بارغىنىڭنىڭ گېپىنى قىلە. قويماي سۆزلە.

مانا شۇنداق قىلىپ، ناسىردىن بالامنىڭ هايات ئىكەنلىكىنى، تېخى هەتتا ئۇنىڭ چوپ ـ چوڭ يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇم. بۇ مەن ئۈچۈن ئالەمنى ـ مالەم قىلىۋېتىدىغاندەك ئاجايىپ خەۋەر ئىدى. ئەمما شۇ كېچىسى يەنە بۇنىڭ راستلىقىدىن گۇمانىغىمۇ كەلمەي تۇرالمىدىم. چۈنكى ناسىر جاسۇسلۇقى مۇقىملاشقان بىر شەخس ئىدى. كىم بىلىدۇ، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن نەزەربەنت قىلىندى؟ بۇ يەردىكىلەر ساپلا ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىلار ئىدى. پەقەت ناسىرلا بۇ ئۆلچەمدىكى بىرسى ئەمەس ئىدى. ئاتۇشتىن ئۇنىڭدىن باشقا تۇتۇلغانلارمۇ كۆرۈنمەيتى. شۇڭا ئۇنى ماڭا پىسخىك تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بولسا، بىر بالام بارلىقىنى ئېيتىش ئارقىلىق ماڭا هاياتنىڭ تاتلىقلىقىنى ئەسلىتىش كۆزلەنگەنمىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدۇم. چۈنكى هېچنېمىسى يوق بىر ئادەمنىڭ جاندىن كېچىشى ئەلۋەتتە ئاسانراق بولۇشى، ئۆلۈمگە بەل باغلىيالىغان بىرىمۇ بالىسىنى ئويلىغىنىدا ئىرادىسى بىر ئاز بوشاپ كېتىشى مۇمكىنغۇ؟

مەن ناسىرنىڭ تىلىدىن ئاڭلىغان جاڭگال هەققىدىكى بايانلاردىن ئۆز كاللامدا شەكىللەنگىنىنى هېكايە قىلىپ بەرسەم بىرئاز تەرتىپلىكراق بولسا كېرەك. چۈنكى ناسىرنىڭ ئۆز تىلىدىن بۇ ئىشنىڭ ئاڭلىشىلىشىمۇ كۆپ، ۋاقتىنمۇ كۆپ ئالىدۇ. ئۇنىڭ جاڭگال سەپىرى شۇنداق بوپتۇ:

ئۇ شۇرۇقتا مېنىڭ بالامنى كۆرۈپ بولۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇتتۇر جاڭگالغا كەپتۇ. بوۋاينىڭ كەپىسى بۇرۇنقىدەكلا تۇرغانىكەن. ئىشىك ئالدىدىكى قېرى توغراقنىڭ ئىشىك تەرەپكە سوزۇلغان شېخىدا ئولتۇرغان شاتۇتى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ:

— ناسىر كەلدى، ناسىر كەلدى! — دەپتۇمىش.

دائىم ئۆيلىرىدىكى ئەمگەكتىن قېچىپ، بوۋاينىڭ يېنىغا توپلۇنۇۋالىدىغان، بەزىدە بوۋاينىڭ بىشارەتلىك سىرلىق چۆچەكلىرىنى ئاڭلىسا، بەزىدە بىرى ئۇ دۆڭگە، بىرى بۇ دۆڭگە چىقىۋېلىپ قوشاق ئېيتىشىدىغان ياكى بوۋاينىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئويۇن ئوينايدىغان بالىلاردىن ئەسەرمۇ يوقمىش. بوۋاي كەپىسى ناچار بىر هالدا ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ. بوۋاينىڭ كۈمۈش تالالىرىدەك ساقاللىرى دىرىلدىگەن هالدا سالامنى ئىلىك ئاپتۇ:

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوغلۇم، — دەپتۇ ئۇ. ناسىر سالامدىن

كېيىن، بوۋاي ئۈچۈن ئالغاچ كەلگەن بازارلىقنى بېرىپتۇ.

ئۇلار قېرى توغراق تۈۋىدىكى چاپىدا ئاسسۇنچەك[1] ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپتۇ. ناسىر يول هاردۇقىنى ئالغاچ بوۋاي بىلەن گەپلىشىپتۇ. بوۋاي:

— بۇ ئەڭ شۇم بىر يىل بولدى، — دەپتۇ، — بىرمۇنچە بۇلاقلىرىم توختاپ قالغاچقا قۇرغاقچىلىقتىن دەرەخلىرىمنىڭ كۆپى قۇرۇپ كەتتى. بالا-چاقىلىرىمنىڭ ۋاپادارلىرى بۇ يىل ئارقىمۇ-ئارقا ئۆلۈپ، مۇسىبەتلىك بولدۇم. يېڭى هۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى كەلگەنىكەن، ماڭا بىرمۇنچە ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ: «دەرەخ قۇرۇپ قالغانغا قايغۇرماڭ، بەربىر بىز ئۇلارنى قومۇرۇپ، يەر ئاچاتتۇق، سۇ ئازلاپ كەتكەن بولسا بىز سۇ ئەكىلىپ، بۇ يەرلەرنى گۈللەندۈرۈۋېتىمىز، بۇ يەردە ئاۋات بىر مەھەللە بولىدۇكى، سىز پىشقەدىمىمىزنى تۆرىمىزدە ئولتۇرغۇزۇپ باقىمىز» دېدى. ئەمما، ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشى بەكمۇ قۇۋ تۈلكىدەك كۆرۈنگەچكە، قولۇم بىلەن بەرپا قىلغان ئىگىلىكىم مانا شۇلارنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدۇكەن-دە، دەپ ئويلىدۇم. ئاللاھ شۇ قىسمەتلەرنى كۆرسەتمەي، بۇرۇنراق جېنىمنى ئالسىكەن، — دەپ دۇئا قىپتۇ.

كېيىن ئۇلار بوۋاينىڭ ئىگىلىكىنى كېزىپتۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەن، مىڭلىغان كۆچەتلەر نابۇت بولۇپ كەتكەنمىش. ئاندىن قاراقسىز، ئىگىسىز بىلگەن ئادەملەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇرۇغان-قۇرۇمىغان دەرەخلەرنى قايرىپ، ئوتۇن قىلىپ، خۇددى بومباردىماندىن كېيىنكى مەنزىرىگە ئوخشايدىغان ۋەيرانچىلىققا گىرىپتار قىپتۇمىش.

ئاخىرىدا ئۇ ئادىتى بويىچە:

— ئۆلۈمۈمگە دۇئا قىل، مەن سېنىڭ ئۆمرۈڭگە دۇئا قىلاي، — دەپتۇ ۋە ئۇنى يولغىچە ئۇزىتىپ كېلىشىۋېتىپ، — مېنى يادىغا ئالىدىغانلارمۇ تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ، بالىلارمۇ بىردەم-يېرىم دەم غەۋغا قىلىشىپ، ئاندىن بىر ئۈچۈمدىن قۇرۇتقان جىگدىنى بەرسەم خۇشال-خۇرام قىيغىتىشىپ كېتىشەتتى، مانا يېقىندىن بېرى بالىلارنىڭ سۈرەنلىرىنىمۇ ئاڭلىيالماس

[1] ئاسسۇنچەك — بۇرۇنلاردا ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلىنىدىغان سېلىنچا بولۇپ، كۆپرەك تونۇر بېشى، ئوچاق ئالدى ۋە هويلىغا قويۇلغان كارۋاتلارغا — چاپلارغا سېلىناتتى، — ئا.

بولدۇم. سەن بىلەمسەن ئوغلۇم؟ بالىلارغا نېمە بولدى؟ ئۇششاق بالا تۇگەپ كەتمىگەندۇ يۇرتتا؟ ـــ دەپ ئۆزۈتۈپ قاپتۇمىش. مەن بۇلارنىمۇ كۆپ ئويلۇدۇم. ناسىر راست بارمىسا بۇنچىلىك ھىكايىنى توقۇيالمايتى. ئۇنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئىشەندىم. ئەمما مېنىڭ ئوغلۇم ھەققىدە دېگەنلىرى راستمىدۇر؟ بۇنى ھىكايە قىلىش بولسا، بىرلىرى ئۆگۈتۈشى مۇمكىن.

ئاشۇ كۈنى كېچىچە ئۇيغۇر بوۋاينى چۈشەپ چىقتىم. بوۋاينىڭ تىترەپ تۇرغان ئاپپاق ساقاللىرى چۈش ئىچىدە ئەمەس خۇددى رېئاللىقتا كۆرگۈنۈمدەك ناھايىتى ئېنىق ئىدى. تېخى ئۇنىڭ تو چاچقان كۆك بەھرى قوغۇندەك سانسىز قورۇقلار ئۆز ئارا كېسىشىپ كەتكەن بويۇنلىرى خۇددى ھازىرلا كۆرۈپ تۇرغاندەك كۆز ئالدىمدا ئىدى. لېكىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، چۈشۈمدىكى بوۋاينىڭ كەينىدىكى مەنزىرە ھەرقېتىم قارىغىنىمدا بىر قېتىم ئۆزگۈرۈپ باراتتى. يەنە بۇ مەنزىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئاۋازلارمۇ كىرىشتۇرۇلگەن بولۇپ، خۇددى فىلىملاردىكى قىستۇرما ئاۋازلارغا ئوخشاش بىلىنەتتى. ئاۋازلار ئۆلۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى پەريادلىرى بولۇپلا قالماي، ئۆلۈۋاتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ـــ ئۆلۈۋاتقان زېمىننىڭ چاراسلاپ يېرىلغان ئاۋازى، ئۆلۈۋاتقان دەرەخلەرنىڭ قاراسلاشلىرى، ئۆلۈۋاتقان زىرائەتلەرنىڭ جان تالىشىپ شىلدىرلاشلىرى،... مېڭەم ئاغرىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ئاۋاز يەنە نېمىشقىدۇر مېڭەمنى بىر ئالغان ۋىڭىلدىغان ئۇلترا ئاۋاز بىلەنمۇ ئارىلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ناسىر بىلەن قورغان ئىچىدە ئۇچراشسام ئوغلۇم ھەققىدە ئۇنى ـ بۇنى سوراپ، ئۇنى ئازغاشتۇرۇپ، راست گەپنى قىلىشقا قىستاپ يۇردۇم. ئەگەر ئۇ ماڭا ھىكايە توقۇۋاتقان بولسا بۇ چالغىتما سوئاللىرىمدىن مەڭدەپ، ئىلگىرى دېگەنلىرىگە رەپ يېمەيدىغان بىر نېمىلەرنى دېمەي قالمايتى. ئاخىرى جەزم قىلدىمكى، ئۇنىڭ ئۇچۇرى راست ئىدى! مانا شۇنداق قىلىپ مېنىڭمۇ بىر ئىز باسارىم، ئۆيۈمنىڭ چىرىقىنى ياقىدىغان ئادەم بار بوپتۇ. كۆڭلۈمدە شۇنداق بىر توقچۇلۇق ھاسىل بولدىكى، ئەگەر بۇ بوشلۇقنى تولدۇرغىنى ئوغلۇم بولۇدۇغان بولسا، ئۇ ھالدا ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغان بولسام ئۇ يەردە ئالەم ئۆڭكۈرلىرىدەك بىر بوشلۇق، باشقا ھېچنېمە بىلەن

تولـــدۇرغىلى بولمايـــدىغان بىـــر بوشـــلۇق ھاســـىل بولغـــان بـــولاتتى. مەن خوشاللىقىمنى رىيالراق ھىس قىلىش پىراكتىكىلىرى قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزەمنى خوش قىلىپ يۈردۈم: بەزىدە ناسىر بىلەن تەڭلىشىپ مېڭىپ، ئۇنىڭ بويى مېنىــڭ قەيــرىمگە تــوغرا كېلىــۋاتقىنى، ئوغلۇمنىــڭ قەيىرىمگىــرەك تــوغرا كېلىشىنى ئۆلچەيتىم. ۋاي، تــوۋا، مەن ھــېچ كۆرمەســتىنلا ئۇنىــڭ شــۇنچە چــوڭ بولۇپ كەتكىنىنى! بەزىدە تېخى بازارغا چىقىشقا رۇخسەت ئېلىپ، شەھەرنىڭ كوچىلىرىغا چىققان چېغىمدا ئۆزەمچە بوي ـ تۇرقى ئابىتقا تەڭ كېلىدۇ دەپ قارىغان ئوغۇللارنى چاقىراتتىم:

ـــ ھەي، ئۇكام، ماڭا قارا، نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

ـــ ئونيەتتىنگە، ھە، نېمە بولدى؟ ـــ دەيتى يىگىت. بۇ ھالدا يۈرۈكۈم ۋىژژىدە قىلىپ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالاتتى. «ناسىر يالغان سۆزلەپ مېنى ئالدىدىمۇ نېمە؟ بۇنچىلىك بويى بار باللار 13 ياشتا بولمايدىكەن ئەمەسمۇ!؟» دەپ ئويلايتىم. كېيىن كىچىكراقتىن بىرىنى چاقىرىپ يېشىنى سوراپ باقاتتىم. ئەگەر ماڭا ھەقىقەتەنمۇ يېشى ئون ئۈچتە بىرى ئۇچرىغان بولسا، خۇددى ئاشۇ مېنىڭ ئوغلۇمدەك، ۋۇجۇدۇمنى بىر ئىسسىق ئىقىم پەپىلەپ ئۆتەتتى ـ دە، ئۇ بالىنىــڭ بوينىــدىن قۇچــاغلاپ، ئۆزەمگە تارتىــپ، قوســۇقۇمغا مەھــكەم چاپلاپ بىردەم تۇرۇپ قويۇۋېتەتتىم.

ـــ ساراڭمۇ ما ئەدەم، ـــ دەيتى بالا.

ـــ سەنچىلىك بىر بالام بارىدى، سەن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىكەنسەن، ـــ دەپ قوياتتىم.

قانچىلىك شىرىن ھىس بۇ؟ ئەمدى ئاخشاملىرى ئۇيقۇ ئىزدەپ خىيال سۈرۈپ ياتقان چاغلىرىمدا خىياللىرىمغا كونكرىت بىر مەزمۇن قوشۇلغان ئىدى. ئوغلۇمنى خىيال قىلىپ ياتاتتىم. لېكىن بۇ كونكرىت بىر سېغىنىش ئەمەس ئىدى. بەكمۇ مەۋھۇم، تۇتۇق كۆرۈنۈشلۈك خىيال ئىدى. چۈنكى مەن ئوغلۇمنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ مەلۇم بىر باللىق قىلىقىنى، مەلۇم تاتلىق خۇيىنى، مەلۇم چىراي ئىپادىسىنى ئەمەلىي ئەسلىيەلمىگەچكە، بۇ سېغىنىش ئاتا ـ باللىق مېھرىدىن ئەمەس، مەلۇم بىر خىل قىزىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر مەن كۆز ئالدىمغا بىر چىراي كەلتۈرىمەن دېسەم ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىكى ۋە

ئاشۇ قىرىقى چىقىشتىن بۇرۇنقى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، جېنىمنىڭ بېرىچە ئىڭەلەپ تۇرغان، قىزغۇچ تېرىلىك «يىرىڭدەك» تۇرقىمنىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ئەمما بۇ كۆرۈنۈشمۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى غۇۋالىشىپ، ئەمدىلىكتە يامغۇرلۇق كۈندە ئەينەكتىن تالانىڭ كۆرۈنۈشىگە ئوخشاش تارىلىپ كەتكەن چۈۋۈق بىر كۆرۈنۈشلا ئىدى.

ناسىرنىڭ بالامنى بازاردا كۆرگەنلىكى، كېيىن ئەتەيلەپ يوقلاپ بارغانلىقى ھەققىدە ئويلاندىم. ئەمما ئۇنىڭ ئىلگىرى بازاردا كۆرگەنلىكى ۋە كېيىن جاڭگالغا كېتىۋېتىپ كۆرگەنلىكى ناتايىن. ئۇنى بۇ يەرگە مەقسەتلىك ئەۋەتكەنلىكىدە شەك يوق. مانا شۇ ئەۋەتىش ئالدىدا ماڭا بىر خۇشخەۋەر بېرىش ئارقىلىق مېنى خۇش قىلىۋېتىش، ئامراقلىقىمنى كەلتۈرۈش شۇنداقلا مەندە پىسخىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە ئۇنى ئەۋەتىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بېرىشى تامامەن رىئاللىقتا ياتمايتى.

دېمەك ناسىر مەندىن ئۇستۇلۇق بىلەن بىر نەرسىگە ئېرىشمەكچى ئىدى. ئەگەر بۇ نەرسىگە ئېرىشسە، ئېرىشكەندىن كېيىنلا، ناسىرنى باشقا يەرگە «يۆتكەيتى». ياخشىكى، ئوبدان بىر زاماندا ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالغان ئىكەنمەن.

ناسىر ئادىتى بويىچە قورغان ئىچىدە پىرقىراپ يۈرۈپ نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن تونۇشۇۋالدى. بەزى تونۇشلار مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بەك يېقىنلىقىمنى ھېس قىلىپ، شۇ تۈپەيلىدىنلا ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشتى. بەزىلەر ئۇنىڭ كىملىكى ھەققىدە مەندىن كوچىلاپ سورۇغانمۇ بولدى. شۇڭا ئەگەر ئۇنىڭ سىياسىي كىملىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇراي دېسەم، سورىغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى ھەققىدە ئەنسىرەيتتىم. ناسىر بۇ يەرگە ئوبدانلا سىڭىشىپ كەتكەندىن كېيىن بىر كۈنى تام تۈۋىدىكى ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرغىنىمىزدا، ئۇياق ـ بۇياققا ئېھتىيات قىلىۋاتقان سىياقتا قاراپ قويۇپ، بويىنىنى مەن تەرەپكە سوزۇپ تۇرۇپ:

ـــ چېگرىدىن يېنىپ كەلگىنىڭلار نېمىسى؟ ساراڭ بولدۇڭلارمۇ؟ ئېسىت مەندەك ئادەم بولۇپ قالسام ھېچ قايتمايتىم! يوق با دەپ ياندىڭلارما؟ ـــ دېدى.

ـــ ۋەتىنىمىزگە چىدىمىدۇق.

— ئۇنداغمۇ ئەمەستۇ؟ — دېدى ئۇ شۈبھە بىلەن. ئۇ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار دەپ ئىشەنسە كېرەك، — ئادەم خوش بولغىدەك بىرە گەپ يوقما؟

— مەسىلەن؟

— مەسىلەن، بىرەر ياخشى پىلان؟ بىكاردىنلا يېنىپ كەلمىگەنسىلەر؟

— نېمە توغرىسىدىكى پىلان؟

— ۋي! تولا مېنى گەپكە سالما جۇما! — دېدى ئۇ ئاچچىقلىغاندەك، قىيىدىغاندەك قىلىپ، — مۇشۇنداغلا ئۆتەپ كېتىۋەمەسمىز؟ قىزىل پاچاقلاغا ماقۇل دەپ جاننى بېقىپلا، دەيمىنا...

— نېمە قىلماقچىدىڭ، بولمىسا؟

— ھە، شۇ، نېمە قىلىمىزنى مەن سەندىن سوراۋاتىمەن مانا!؟ ئەپەندىلەر بىرنېمە دېگەندۇ، ئەلۋەتتە كېرەكتە؟ بى گەپ تاپىلىغاندۇ، ئاتايىتەن قېلىۋاتقان ئادەمگە گەپ قىلمايلا، قالساڭلار قېلىۋېرىڭلا، بىز كەتتۇق، دەپلا كەتمىگەندۇ؟

— ئەخمەقمۇ بىز؟ ئۇنداق نىيىتىمىز بولسا شۇلار بىلەن كەتمەمتۇق. يېڭى ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھۆكۈمىتىكەن دەپ ئۇقۇلدى، چوڭلىرىمىزدىن بۇرھان ئەپەندى تېلېگراممىا قېپتىكەنمىش، قايتىپ كېلىڭلار، بۇ تازا سىلەر ئارزۇ قىلغان ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى شۇكەن، دەپ، ئۇنداق بولۇدۇغان بولسا چەتتە نېمە قىلىمىز، كېتىپ، ھۆكۈمەتكە ئىشلەيلى دېيىشتۇق.

ناسىر ئىشىنىشنى يا ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي باش چايقاپ قويدى. ئەمما ئۇ بولدى قىلمايتى. ئۇ چوقۇم بۇ گەپنى قايتا سورايتى. راست شۇنداق بولدى. يەنە بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يەنە ئاچتى:

— سابىت، ئىككىمىز ئاغىنىمۇ، ئەمەسمۇ؟

— ئاغىنە.

— مەنغۇ سەندىن باشقا يېقىنراق بىر ئاغىنەم با دەپ ئويلىمايمەن، ئەمما سەن مېنى ئۆزەڭگە تەڭ كۆرمەمسەن، قاندا؟...

— مېنىڭمۇ سەندىن باشقا يېقىنراق دوستۇم يوق.

— راستما؟

— گەپ كېتەمدۇ؟

— كۆڭۈلدىكى گەپنى قويماي دەيدىغان ئاغىنىمۇ بىز، يا بومىسا...

— مەن سەندىن بۆگۈنگىچە بىر نەرسە يوشۇرۇپ باقتىمۇ؟
— ياق، ئامما..
— ئەمىسە نېمە غىلىڭ - غىلىڭ يەنە؟
— سەن راستلا مۇشۇ خەق بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەيمەن، دەپ ئويلامسەن؟
— باشقا نېمىش بار؟
— مەمتىلى ئەپەندىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالماسما، مۇشۇنداغ قىساڭ؟
— ئۇ قايسى زامانىدىكى گەپ، قويغىنا، ناسىر، مۇئەللىمچىلىك دېگەن ھەرزاماندا ئوخشاش.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ناسىر ماڭا:
— مېنى يېڭىشەنىڭ تۈرمىسىگە يۆتكەيدىكەن، — دېدى. پەرىزىم توغرا چىققان ئىدى. ئەمدى بۇنىڭ مېنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ ئازراق پايدىسى بولۇشىغا ئۈمىت قىلىشقا بولاتتى.

ناسىر كەتكەندىن كېيىن بىر قىسما بولۇپ قالدىم. ئۇنى جاسۇس دېگەن بىلەنمۇ يەنىلا ئەڭ كونا تونۇشۇم ئىدى-دە، ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە يەنىلا بىر ناتونۇشقا قارىغاندا ئەسكى بولسىمۇ، يامان بولسىمۇ كونا تونۇش، دوست دېگەن ئوبدان بولامدىكىن، شۇنداق مەيۈسلەندىم. گويا يۇمۇلاقشە قورغىنىدا ھېچكىم قالمىغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئورتاق كەچمىشلىرىمىز، ئورتاق ئەسلىمىلىرىمىز بولغاچقا تىل تېپىشالايتتۇق ئەمەسمۇ.

كېيىن مەن بۇ ھېسسىياتىمنى كۆپ تەھلىل قىلدىم ھەم كېيىنكى باشقا كۈزۈتۈشلۈرۈم ئاساسىدا بۇنىڭمۇ بىر تۈرلۈك «ئۇيغۇرچۇلۇق» ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇمۇمەن بىزدە سىياسىي جەھەتتە پرىنسىپچانلىق بەكمۇ كەمكەن. بىر مۇناپىققىمۇ يۈز خاتىرە قىلىدىكەنمىز. كونا تونۇشلۇقىمىزدىن بىردىنلا قول ئۈزگۈمىز كەلمەيدىكەن.

بىزلەرگە تەرجىمانلىق ئىشى دائىملا چىقىپ تۇردى. ھەممىمىزگە يەتكۈدەك ئىش باردى. شۇنداق بولسىمۇ يىل ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچىگە يۆتكەشتى.

بۇ مەزگىلدە بەزى جايلاردا يەرلىك قورallyىق ... 

كادىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىلى تەرەپنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي كادىرلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدا مىللىي ھېس ئويغاق بولسىمۇ، كۆپلىرى خىتايلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەمەللەردىن مەست بولۇپ، خۇدنى بىلمەي قېلىشقان بولغاچقا، بىزنى «جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، تۈركىيەنىڭ جاسۇسى» دېگەندەك ھاقارەتلەر بىلەن ئاتاپ تۇراتتى. ۋەتەن خائىنى دېگەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى دائىمىي ئاتلىرىمىز ئىدى. بۇ مىللىي كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېتتە ئوقۇغان ياكى، سوۋېت تەسىرىدىكى غۇلجىدا ئوقۇغان بولغاچقا، رۇسچە بىلىدىغانلار كۆپ، خىتايچە بىلىدىغانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

تارىختىكى ئىشلار داۋاملىق ئوخشىمىغان شەكىللەردە تەكرارلىنىپ تۇرىدۇكەن. خوجىلارنىڭ ئاقتاغلىق ۋە قاراتاغلىق بولۇپ بىر- بىرىنى قىرغىن قىلىپ، ياتلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆز مىللىتىدىن بولغان رەقىبىنى يوقاتقان ئىشلار بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىپ ئۆتتى. رەقىبىڭنى يوقۇتۇشۇپ بېرىپ، ئاندىن جەڭدە ھالسىرىغان سېنىمۇ يوقۇتۇدۇغان تارىخنىڭ ئويۇنى يەنە بىر قېتىم بىزنى مەسخىرە قىلىپ ئوينالدى. بۇ ئويۇن يەنە ئۇزاق داۋاملىشىدۇ، بىز يەنە ئويۇندا رول ئېلىپ، رېجىسسورلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندايمىز. تارىخنىڭ ئويۇنلىرىدا خالار- خالىماس رول ئېلىپ قالغان كىشىلەر قەھرىمان بولسىمۇ خائىننىڭ، داھى بولسىمۇ مەتۇنىڭ رولىنى ئويناپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ئاشۇ ئادەملەرنىڭ دۆتلىكىدىن، قورقۇنچاقلىقىدىنمۇ ئەمەس، تارىخنىڭ سىرلىق تەكرارلىنىشىدىكى سىرلىق كۈچتىن بولسا كېرەك.

تارىخنىڭ پۈتۈنلەي ئەقلىنىڭ سىرتىدىكى قانۇنىيىتى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، شۇ قەدەر مالىمان بولۇپ كەتكەن يۇرتىمىزنى بىر ئىزغا چۈشۈرمەكتە ئىدى. ساتقىنلىق بىلەن قەھرىمانلىقنى ئاڭقارغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئۇستىلۇقتا ئارىلاشتۇرۇپ، بىر نەرسىگە ئايلاندۇرماقتا. بەستىلىك، سۆلەتلىك خەلق تويى، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك خۇنۇك ۋە بىچارە كۆرۈنىدۇغان خىتايلار ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش يەنە تەكرار باشلىنىۋاتاتتى. لېكىن بۇ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن ئىدى؛ شۇنداقلا قول قوشتۇرغۇزۇشنىڭمۇ ئۇسۇلى باشقىچە ئىدى. ئىلگىرى خىتاي ئۇلارنى قورالنىڭ

ھەيۋىسىدە ئاشۇنداق تازىم قىلدۇرغان بولسا، ھازىر سېھىرىي ئەپسۇن بىلەن، گويا ئۇلار «يۈرەكتىن خالىغان» تەرزدە، بۇنى ئۆزلىرىگە شەرەپ ھېس قىلدۇرغان ھالدا يۈكۈندۈرۈۋاتاتتى.

بۇ مەزگىلدە قىزىل سېھىرگەرلەر كىشىلەرنى ئەپسۇن بىلەن خامۇش قىلىۋەتكەن ياكى گىپنوزلۇق يولى بىلەن مېڭىسىنى كونترول قىلىۋالغاندەك، ھەممە ئادەم تەلۋىلەرچە بىر خىل قىزغىنلىقتا چۆملگەن ئىدى. مىللىي شائىرلىرىمىزمۇ ئاجايىپ رەسۋالاشقان ئىدى. «تاڭ ئاتقاندا» دېگەندەك شېئىرلاردا، خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزگە ئىستىلاسى «تاڭ» دەپ سۈپەتلىنەتتى:

داھى مازېدۇڭ قىلغاندا جاكا،
سۈرۈلۈپ بۇلۇت، يۈز ئاچتى ئاسمان.
بېيجىڭگە شۇدەم تىكلەنگەندە تۇغ
جوڭخۇا ئېلىگە ياغدى شەرەپ ـ شان.

خۇددى تۇڭگان ـ خىتاي قوشۇنلىرى قەتلىئاملاردىن كېيىن باشلىغان بۇلاڭ تالاڭلىرىنىڭ ئاخىرىسى ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى بۇلاشقا ئايلانغاندەك بىر ھالەت بىزنىڭ مەنىۋىي ياكى ئىدىيىۋىي سېپىمىزدە روي بەرمەكتە ئىدى. يېڭى كەلگەن ھۆكۈمەتنى ماختاش ۋە روھىي جەھەتتە بىر ـ بىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش داۋاملاشماقتا. بۇنى بۇلاڭچىلىق دېمەي نېمە دەيمىز؟ بۇ بۇلاڭچىلىق — تارىختىكى ھەرقانداق بۇلاڭچىلىقتىنمۇ ئېغىر بولغۇسى! مال ـ مۈلۈك بۇلانسا، روھىڭ ساغلام بولسىلا يەنە ئۆزەڭگە كېلەلەيسەن، ئەمما يېڭى ھۆكۈمەت پەقەتلا مال ـ مۈلۈك بۇلايدىغان بولۇپلا قالماي، سەندىن ھەممە نەرسەڭنى تارتىۋالاتتى. سېنىڭ ئاق ـ قارىغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭنى، يامان ئىشلاردىن يىرگىنىش ھوقۇقۇڭنى، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ھوقۇقۇڭنىمۇ بۇلۇۋالاتتى.

مىللەتنىڭ يۈزىگە مەڭگۈلۈك ئاھانەت بولۇدۇغان نەرسىلەر سېھىر ئەپسۇن دەستىدىن خۇدىنى يوقاتقان كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن جىمى مەتبۇئاتنى تولدۇرغان ئىدى. ئادەم تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان، پەقەت يامان چۈشكىلا ئوخشايدىغان، لېكىن ئويغاق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر قارا بېسىش

ئىكەنلىكىنى ھىس قىلمايلا قوبۇل قىلىۋاتقان رەسۋاچىلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلەتتىيۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ھەيران قالمايتى.

بۇ مەزگىلدە قەشقەرنىڭ پاختەكلى يېزىسىغا يەر ئىسلاھاتىغا چۈشكەن سەيپىددىن ئەزىزى، پاختەكلى دېھقانلىرى نامىدىن ماۋزېدوڭغا خەت يېزىشتەك ئاجايىپ پەسكەش بىر ئىشنى ئويلاپ تاپقان. نەتىجىدە ئۇنىڭ بىلەن ئەركە بالىدەك بىرگە بارغان تېيىپجان ئېلىيېۋ دېگەن ياش يىگىتنىڭ قەلىمىدىن «ماجۇشىغا خەت» دېگەن مىللىي ئاھانەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشتى.

سالام ساڭا ماۋجۇشى پاختەكلى دېگەن يەردىن،
زامانەڭدىن كۆچ تاپقان ئازات دېھقان خەلقلەردىن.

دەپ باشلانغان بۇ خەتنىڭ شائىر قەلىمى بىلەن، شېئىر قىلىپ يېزىلىشىنى خەت ـ ئالاقە تارىخىدا بىر مۆجىزە دېيىش بىلەن بىللە، يالاقچىلىق تارىخىنىڭمۇ يۈكسەك سەمەرىسى دېسەك بولىدۇ. بىر تاجاۋۇزچىنى مىللەتنىڭ ئەڭ ئۇيغاق تەبىقىسى بولغان زىيالىلارمۇ تونۇپ يېتەلمەسلىكتەك بۇنداق ئىللەت باشقا ھېچقانداق مىللەتتە بولۇپ باقمىغان بولسا كېرەك. بۇ خەت ۋە كېيىنكى زامانلاردا كېرىيەدىن بېيجىڭغا پىيادە بېرىپ ماۋزېدوڭنى كۆرمەكچى بولغان قۇربان تۇلۇمدەك پەسكەش ئۈلگىلەر مىللىي روھنى سۇندۇرۇشتا، تارىختا سەلبىي دەلىل يارىتىشتا خىتايلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئەنگۈشتەر ئىدى. دەيلىكى، بىر خەلقارا جەمىيەت ـــ ب م ت ـــ بىرگە غەمخورلۇق قىلماقچى بولۇپ، خىتايلارغا بېسىم قىلسۇن دەيلى، خىتايلار بىزنىڭ خىتاي خەلقىنى جاندىن سۆيۈدىغان، خىتايسىز ياشالمايدىغانلىقىمىزنى، ئۇلارنى تاجاۋۇزچى دەپ ئەمەس، ساخاۋەتچى، ئازات قىلغۇچى دەپ تونۇيدىغانلىقىمىزنى مانا مۇشۇنداق مىساللار بىلەن ئىسپات قىلالايتى. بۇنداق قىلىقلارنىڭ شۇ زامان ئۈچۈنلا زىيىنى بولۇپ قالماي، تارىخ ئۈچۈنمۇ پىشانىمىزدىن كەتمەيدىغان، ئادالىغۇسىز بىر مەرەز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەنىدۇق.

بەلكىم ماۋ رەئىسكە خەت يېزىشتەك ساداقىتى خىتايلارنى بەك تەسىرلەندۈرىۋەتكەن بولسا كېرەك، بۇ ياش بالا بىر ئۆمەك تەركىبىدە پىدائىي

قىلمىشلاردىن ھال سوراش ئۈچۈن كورىيەگە ئەۋەتىلىشتەك ئىلتىپاتقا، كېيىن بېيجىڭغا بېرىپ، خىتاي چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتەك بەختىيارلىققىمۇ نائىل بولىدى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ: «جوئېنلەي مېنى ‹بالا شائىر› دەپ ئەركىلەتتى» دەپ ئىپتىخارلىنىپ سۆزلەپ يۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا يەنە بىر زىيارەت ئۆمىكى تەركىبىدە ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىش بەختىگە مۇشەررەپ بولدى. ھېچبىر ئۇيغۇر شائىرى خىتايدىن بۇنداق ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىپ باقمىغان ئىدى.

كېيىن تېخى بۇ شائىرلىرىمىز گويا مۇسابىقە قىلىشتى. خىتاينى مەدھىيىلەش، تاجاۋۇزچىلارنى قۇچاق ئېچىپ قارشى ئېلىشتا بىر قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىسى ياراتتى. «ئۇلۇغ خەنسۇ خەلقىگە»، «خۇش كېلىپسىز»، «پويىز كەلدى»، «مەھەللىمىزنىڭ ئالدىدىن پويىز ئۆتتۇدۇ»، «پولات دۇلدۇل»، ... دېگەندەك ھېساپسىز پەسكەش شېئىرلار مەيدانغا كەلدى. مىللەتچىلەرگە قارشى مەزمۇنلاردىكى شېئىرلارمۇ باردى: «ستانچىغا»، «ئىستانبۇلچى ئەپەندىگە» دېگەندەك. بۇلارنى شېئىر دېمەي، خائىنلىقنىڭ ئىقرارنامىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئەمما بىز، پەقەت بىزنىڭ خەلقىمىزلا مانا مۇشۇنداق رەسۋالىقنىمۇ نورمال بىر ئىشتەك، بولۇشقا تېگىشلىكتەك، ھەتتا ھەۋەس ۋە قىزىقىش بىلەن قوبۇل قىلدى. نەقەدەر ئاھانەت دەڭا بۇ!

بەلكىم ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىدا، دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدا، ھەرقانداق بىر غەلىتە ئىشنى يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن ئىنسان ئەقلى تارىخنىڭ ھەرقانداق بىر دەۋرىدە بۇنداق تۆۋەن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئەمەس. ئاللاھ ئۆز روھىدىن پۈۋلەپ جان ئاتا قىلغان ئىنسان، ئاللاھنىڭ ئەڭ ئىپتىخارلىق ئەسىرى بولغان ئىنسان ئەقلى بۇ قەدەر ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئەمەس! تارىختا نۇرغۇن پادىشالار ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەيدىغان ئوردا شائىرلىرى ئۆتكەن، لېكىن بۇنداق كوللىكتىپ ھالدىكى، پۈتۈن مىللەت خاراكتېرلىق ئوردا شائىرلىقى بولۇپ باققان ئەمەس. بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن، «شۇ زاماننى ھېساپقا ئالغاندا بۇنى نورمال دېيىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ زامان ئۆتۈپ، توغرا ـ خاتا ئايرىلغاندىن كېيىن باھا بېرىش نېمە دېگەن ئاسان!» زاماننى ئېتىۋارغا ئالغاندىمۇ بۇ مۇناپىقلىقنى ئاقلاشنىڭ چارىسى يوق. كىم بۇلارنى

ئاشۇنداق شەرمەندە نەرسىلەرنى ياز دەپ مەجبۇر قىلىدى؟ ھېچكىم. ئۇلارنىڭ پەقەت شەخسىي شەرىپى، نام چىقىرىش ھېرىسمەنلىكىدىن باشقا ھەركەتلەندۈرگۈچىسى يوق ئىدى. پەقەت كىتاپلاردا، مەتبۇئاتلاردا ئىسمىنى كۆرۈش ھەۋىسىلا شەيتان ۋەسۋەسىسى بولغان ئىدى. كونكرېتراق ئېيتقاندا، بۇ كوللېكتىپ ئوردا شائىرلىقى شۇ تەرتىپتە بولغان دېيىشكە بولىدۇ: ئاۋال مەلۇم مەنپەئەتلەرگە باغلانغان مۇناپىق ئۈلگىلەر يارىتىلغان، خۇددى تېپىپچان ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرىدەك؛ ئۇلار مەنپەئەت (مەرتىۋە، دەرىجە ئاتاق، «شەرەپ») ئۈچۈن قىلغان بولسا، ئۇلگە بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، باشقا ئەگەشكۈچىلەر ھاماقەتلىك بىلەن بۇ ئىزدىن كېتىۋەرگەن؛ گەرچە كېيىنكىلىرىگە ھېچقانداق ئەمەلىي مەنپەئەت بېرىلمىگەن بولسىمۇ.

ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى، بىز كېلىپ كۆپ ئۆتمەي، خىتاي ـ سوۋېت دوستلۇقى بەدىلى ۋە كوممۇنىستلىقنىڭ تۇپ ئەقىدىسى ئىجابى بىلەن بەزى «سوۋېت دۈشمەنلىرى»، «كوممۇنىزىم دۈشمەنلىرى»، «خەلق دۈشمەنلىرى» دەپ قالپاق كەيدۈرۈلگەن زىيالىلارغا، مىللەتنىڭ تونۇلغان چولپانلىرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. مېنىڭ سەبداشلىرىمدىن چىڭگىزخان داموللا ۋە قۇربان قوداي 1952ـ يىلى 25ـ فېۋرالدا ئېتىلدى. شۇ كۈنلەردە نەزەربەنتتىكى مەسئۇد ئەپەندىمۇ ئۇز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بۇنىڭ بىر تۈرلۈك سۇئىقەست بولۇش مۇمكىنلىكىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدىغان ئېھتىماللىق ئىدى. چۈنكى كوممۇنىستلار ۋاستىسىنىڭ قەبىھلىكىدە فاشىستلارنىمۇ «ئىللەللاھ» دېگۈزۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئەمەسمۇ.

بۇ جەرياندا بىزنى نازارەت ئاستىدا ئىشلىتىپ يۈرگەن مىللىي كادىرلار ئىچىدە خەمىت تۇردىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بىر كۈنى ئۇ مېنى تۇرمىدىن ئېلىپ، ساقچى مەكتەپىتتىكى دەرسكە تەرجىمانلىق قىلىشقا ئېلىپ بارغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئامىتى كەلگەن زاماندا گەپ قىلسام خۇددى بىر نېمە تاما قىلغاندەك بولمىسۇن دەپ، گەپ قىلمىدىم. ھەتتا تونۇيدىغاندەكمۇ ئىپادە بولمىدۇم. ئەمما ئۇ يولدا ماشىنا بىلەن كېتىۋاتقاندا ئۆزى گەپ ئاچتى:

ــ ھە. سابىت ئەپەندى، ئەھۋاللار قانداق؟ ــ دېدى ئۇ غالىپلىق تەنتەنىسى بىلەن. ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم «سابىتكا» دەپ خىتاپ قىلغانلىقى

ئېنىق ئېسىمدە ئىدى، ئەمدىلىكتە گرادۇسى بىردىنلا تۆۋەنلەپ قاپتۇ، ئۇ ھەتتا سىزلەشكە ياكى سەنلەشكە تەۋە بولمىغان مەجھۇل جۈملە قوللۇنۇۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ بىرىنچى جۈملىدىلا سەنلىيەلمەي قىينىلىپ، ئۇيغۇر تىلىغا يات جۈملە شەكلىدە گەپ قىلغىنىغا ئىچىمدە كۈلگۈم كەلدى. راستىنى دېسەم ئۇنىڭ كۆزىنىڭ مەنىۋىي كورلۇقىغا ئىچىم ئاغرىدى.

— خۇددى ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرغاندەك، — دېدىم تەئەددىگىمۇ، سەمىمىيەتكىمۇ ئوخشىمايدىغان ئاھاڭدا.

— ھېلىمۇ تەلىيىڭ بارىكەن، سابىت، كوممۇنىزىمغا قارشى نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرمەپتىكەنسەن، بولمىسا بۇ قېتىمقى قاتاردا بۇزرۇكلىرىڭنىڭ يېنىغا كەتكەن بولاتتىڭ. بەكمۇ ھارامزادە نېمە-دە سەن. مەن سېنىڭ كوممۇنىزىمنى قانچىلىك يامان كۆرۈدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، سەن مەن بىلەن تالاي قېتىم مۇنازىرىلەشكەن. ئەمما بۇنى يازما ئىپادە قىلمىغانلىقىڭدىن بۇنىڭغا دەلىل - ئىسپات يوق-تە.

— دەلىل - ئىسپات بەكمۇ كېرەك بولۇپ كەتمەيتتىغۇ؟

— ياۋاشلىق بىلەن ئىشلەپ گۇناھىڭنى يۇ، ياخشىمۇ خەنسۇچىنى ئۆگۈنۈپ قويۇپتىكەنسەن، شۇنىڭ خاسىيىتىدە ئادەم بولۇپ قېلىۋاتىسەن. بولمىسا قاراڭغۇدىن چىقماي ياتاتتىڭ.

— ئاللاھقا شۈكرى.

— ئاغزىڭنى يۇم! ئاللا - پاللا دەپ تولا چىشىمغا تەگمە!

ئارىمىزدا مانا شۇنداق دوستانە سۆھبەتلەر بولۇپ ئۆتتى. كۆردۈڭىزمۇ؟ بىر مىللەت قانداق بۇزۇلۇدۇ؟ ئۇزاق تارىخلاردا چەتتىن كەلگەن سوپى - ئىشانچىلىق خەلقىمىزنى پارچە - پارچە بۆلۈپ، ئەلگە ئاپەت بولغان ئىدى، بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشتا شۇنچىلىك ئۇزۇل - كېسىل بولۇشقانكى، مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ قىلىشقان ۋەھشىيلىكلىرىنى تىلغا ئالسا ئادەمنىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك دەرىجىلەرگە بېرىپ يەتكەن. ھەتتا ئۆزىنىڭ قەۋمىنى قىرىش ئۈچۈن كاپىرلارنىمۇ ئەلگە باشلاپ كېلىشتىن يانمىغان ئىدى. مانا شۇلارمۇ كەتتى يوقالدى. خۇددى «سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ» دېگەندەك، سىرتتىن كەلگەن بۇنداق ئۆتكۈنچى مەسىلەكلەر كېتىپ، يەنە مۇشۇ خەلق ئۆزى

قالـمىدىمۇ؟ شۇلاردىن يەنە ساۋاق ئالمايمىزغۇ؟

كېيىن بىز يەنە بىر ئاز ئازات بولۇپمۇ قالدۇق. بىز دېگىنىم ئاشۇ بىللە قېچىپ، كېيىن چېگرىدىن قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىمىز. ھاجى ياقۇپ، ئۆتكۈرلەرمۇ نازارەت ئاستىدا تەرجىمانلىق قىلىپ يۈرۈشكەن ئىدى. ئەمدى ئۇلارمۇ ئازات بولۇپ تولۇق مائاشقا ئىشلەيدىغان بوپتۇ. شۇندىمۇ ئۆز ئۆيىمىزدە نەزەربەنتتە ئىدۇق. باشقىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش، ئاخشاملىرى دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ زىيارىتى دېگەندەك يەرلەرگە كېتەلمەيتۇق. ئىشقا بار، ئىشتىن كەل ياتىقىڭدا يات، شەكلىدىكى ھايات داۋام قىلدى. مەن تولۇق مائاشقا ئىشلىگىلى تۇرغاندىن كېيىنلا پۇل تېجەپ بىر رادىئو سېتىۋالدىم. رادىئو ئارقىلىق دۇنيا يېڭىلىقلىرىنى بىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. بولمىسا بىزدىكى مەتبۇئاتلاردا ئادەمنىڭ قۇسقۇسى كەلگۈدەك يالغاندىن باشقا نەرسە بولمىسا ئادەم كور بولۇپ قالامدۇ؟

بىر كۈنلىرى مېنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ئېلىپ باردى. ماڭا ياشراق مىللىي ئارمىيە ئەسكىرى ئەۋەتىلگەن ئىدى (گەرچە ئۇ خىتاي ئارمىيىسىنىڭ فورمىسىنى كېيىۋالغان بولسىمۇ، مىللىي ئارمىيىدىن ئۆزگەرتىلگەنلىكى ئېنىق ئىدى). بالا ماڭا تونۇشتەك كۆرۈندى. ئىسمىنى سوراپ باققىم كەلدى، ئەمما تارتىندىم. چۈنكى مەن نەزەربەنتتىكى گۇناھكار، ئۇ بولسا مېنى بېقىۋاتقان يايى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ يول بويى ئىچىمنى پۇشۇرغان ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلالماي ئاخىرى:

— ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ، ئۇكام؟ — دەپ سورىدىم.

— مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى مەتقاسىم مەتنىياز، يەنە باشقا گەپ بارمۇ؟— دېدى ئۇ ئەسكەرچە.

— سىز كېرىيەنىڭ قوۋۇرغا دېگەن يېرىدىن ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، ۋۇي، سىز قانداق بىلىسىز؟

— مەن ئاشۇ دادىڭىزنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئەكەلگەن ھېلىقى ئادەم شۇ، ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— ۋاھ ... سىز؟ سىز دەرۋىش ئەمەسمىدىڭىز؟

— ياق، تۇرقۇم دەرۋىشتەك بولۇپ كەتكەن، ئەمما مەنمۇ بىر ئەسكەرتىم.

ـــ سىز بىرىپ كەتكەن ئالتۇن بىزگە خېلى ئەسقاتقانتى، يامان چاغدا يارىمىزغا مەلھەم بولغانتى. ياخشىلىقىڭىزنى ئۇزاق يادلىدۇق. ئىسمىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپتىكەنمەن.

ـــ ئىسمىم سابىت.

ـــ ھە، سابىت ئەپەندى دەپ گېپىڭىز بولۇدۇغان ئادەم سىزكەنسىز ـ دە؟

ـــ مەن شۇ. سىز قانداق بولۇپ بۇ يەرلەردە بولۇپ قالدىڭىز؟ ئۆيدىن قاچان ئايرىلدىڭىز؟ نەلەردە بولدىڭىز؟

ـــ سىز كېتىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، مېنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتتى. شۇ تۇتقانچە ئەكىلىپ، مايتاغ ئەتراپلىرىدا بىرىيەرگە تاشلىدى. بۇ يەرلەرنىڭ ئاتلىرىنىمۇ كېيىن بىلدىم. مەن كىمنىڭ قولىدا ئەسكەر بولدۇم، بىلەمسىز؟ سوپاخۇننىڭ ئەسكىرى بولدۇم! ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، كېيىن سوپاخۇنكام شۇ خىتايلارغا ئىشلەۋېرىمىزمۇ، ئۇ ياقتا ئۆزىمىزنىڭ خەلقى خىتايغا قارشى باش كۆتۈرۈپتۇ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىپتۇ، بىزمۇ قېچىپ بېرىپ شۇلارغا قوشۇلمامدۇق دېيىشىپ، چوڭلار بىلەن مەسلىھەتنى پۈتۈرۈپتۇ. مەن سوپاخۇنكامنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىدىم. قاچتۇق. خىتايلار ئارقىمىزدىن يامان قوغلىدى. ئېتىشىپ قاچتۇق. تازا قىينالدۇق، ئەمما ئاخىرىسىدا مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆلاشتۇق. كېيىن مىللىي ئارمىيە بىزنىمۇ باشقا ـ باشقا پولكلارغا بۆلۈۋەتتى؛ سوپاخۇنكامۇ پولكوۋنىك بولدى. مەنمۇ خىتاينىڭ ئەسكىرىدىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىگە ئۆرۈلدۇم. مانا شۇ.

ـــ ئەمدىچۇ؟ يەنە ئۆرۈلدۇڭىزمۇ؟

ـــ ھە، راست، 5 ـ كورپۇس بولۇپ، ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ ئەسكىرىگە ئۆرۈلدۇق.

ـــ ئەمدى يەنە خىتاي ئەسكىرى بولدۇم دەڭ؟ ـــ دېدىم قەستەن ئۇنى سىناپ. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگۈرۈپ كەتكىنىدىن يەنە قوشۇپ قويدۇم، ـــ يا بۇلار خىتاي ئەمەسمۇ؟

ـــ ئەمما بۇلار دېگەن كەمىنۇس، ئېزىلگەنلەرنىڭ، كەمبىغەللەرنىڭ غەمخورى.

ـــ ئۇغۇ شۇنداقتۇر، ئەمما يەنە خىتاي، دەڭا.

— سابىتكا، بىز سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى كۆرگەن، سىزگە يامانلىق بولۇشىنى كۆڭلۈمىز خالىمايدۇ، ئەمما ماندا گەپلەنى قىسىڭىز ئادەمنى تەڭقىسلىقتا قويىسىز جۇما.

— ھە، بولۇدۇ، مەن دىققەت قىلاي، — دېدىم بۇ ساددا يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ياساپ. ئاندىن مەۋزۇنى بۇراپ، — ئاشۇ پېتى ئۆيگە بېرىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— بارغۇدەك پۇرسەت بولمايلا كېتىپ بارىمىز، ئەسكەرچىلىك، ئەسكەردىن قىسقارسام بېرىپ كەلسەم بولاتتى. ياكى كېتىپ يۇرتتا قالاتتىم.

— ئاللاھ نېسىپ قىلار، — دېدىم چىن كۆڭلۈمدىن ئۇنىڭغا ئامەت تىلەپ، ئاندىن ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدە قىزىقىپ، — تېخى توي قىلمىغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورۇدۇم.

— بۇرۇنلاردا ئۇرۇشنىڭ بىسەرەمجانلىقى ئىچىدە مۇمكىن ئەمەستى؛ يېڭى ھۆكۈمەتتە ئەمدى بىكار بولدۇقمىكى دېسەم يەنە شۇ ئىمكانىم بولماي قېرىپ كېتىۋاتىمىزغۇ...

— ئاللاھنىڭ بىر بۇيرۇغىنى باردۇر، كۆڭلۈڭۈزنى يېرىم قىلماڭ، ئەر كىشى دېگەن كونىراپ قالمايدۇ.

مەتقاسىمنى بۇ دەرگاھلاردا تەكرار كۆرمىدىم. 1953- يىلى 3- ئايدا قىسىملارنى قىسقارتىش ئېلىپ بېرىلدى. قىسىملار ئىككى تۈرگە ئايرىلىپتۇ. ئىش - قۇر قىسىملىرى[①] ۋە دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرى دېگەندەك. 1954 - يىلى 5- كورپۇس قوماندانى زۇنۇن تېيىپ بېيجىڭگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. شۇ يىلى 5- كورپۇسنىڭ كۆپ قىسمى قىسقارتىلىپ، كەسىپ ئالماشتۇرۇلدى. 6 - ئايغا كەلگەندە 5 -كورپۇسنىڭ شتاتى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مىللىي ئارمىيىدىن قالغان ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ پولك بولۇپ، 3- ئاتلىق مۇستەقىل پولك قەشقەردە، 4- پولك ئۈلامبايدا تۇردى بۇ پولكلار بىۋاستە ھەربىي رايونغا قارايتى.

بۇ ئۆزگۈرۈشلەردىن كېيىن مىللەتنىڭ بېشىغا نېمىلەرنىڭ كېلىشى مەلۇم بولۇپ قالغان ئىدى. دېگەندەك، مىللىي ھىسلىرى ئويغاق بەزى

---

① ئىش-قۇر قىسىملىرى — خىتايچە 兵团(بىڭتۇەن) ، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى. بۇ قىسقارتىپ، ئىش-قۇر قىسىملىرى دەپ ئېلىندى، — ئا.

ئوفىتسېرلار قولغا ئېلىندى. بەزىلىرى يەرلىكتە مۇناسىپ بولمىغان ئەمەلىلەردە كونترول قىلىندى. باشقىلىرى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ئىچىگە يەككە ـ يەككە چېچىۋېتىلدى.

سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىغا پات ـ پات بىرىپ مالىياگۇجۇن ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتىم. بۇ ئادەم 90 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقاچقا، يېقىن ئارىدا تەۋرۈك بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالاي دەپ، شاگىرتلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ دايىملا ھال سوراپ تۇراتتىم. بىر قېتىم ما ھەزرەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىۋېتىپ، كارىدوردا رەھىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم.

ــــ ھە، بۇ تەرەپلەرگە كەپ قاپلىغۇ؟ــــ دېدى ئۇ كادىرلىقنى قاملاشتۇرۇدۇغان ئاشۇ ئەپتى بىلەن. «نېمە بۇ ئادەم يەنە ۋەزىپىگە ئولتۇردىمۇ قانداق؟» دەپ ئويلىدۇم ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ. ئۇنىڭ يۈزى ھېلىلا پولو يېگەن دىۋانىنىڭ يۈزىدەك ياغلىشاڭغۇ پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا دەرھال ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ئالدىراپ، ــــ ئىشخانىغا كىرىپ بىردەم ئولتۇراملا يا؟ ــــ دېگەنىدى، شۇندىلا «ھە، بۇ سىياسىي كېڭەشتە ئىشقا چۈشۈپتۇ-دە» دەپ بىلدىم.

ــــ رەخمەت، مەن ماۋۇ مالىياگۇجۇن ھەزرىتىمنى ئىزدەپ كەلگەنتىم، ــــ دېدىم ئۇنىڭغا «ساڭا ئېھتىياجىم يوق» دېگەننى بىلدۈرۈشكە ئالدىراپ.

ــــ ماجۇشنى ئىزدەپ قاپلىغۇ؟ بىرە ئىلتىماس بارمىتى يا؟

ــــ ياق، ياق، نېمە ئىلتىماس بولسۇن، ما ھەزرىتىم مېنىڭ خىتايچە ۋە ئەرەپچە ئۇستازىم بولۇدۇ. تۈرمىدە مېنى ئوقۇتقان، شۇڭا دايىم يوقلاپ تۇرۇمەن.

ــــ قايتىشتا ۋاقتىلىرى بولۇپ قالسا كىرىپ ئۆتەلا، مېنىڭ ئىشخانام ئاۋۇ ياقتىكىسى، «فۇجۇشى» دەپ يېزىقلىق، ــــ دېدى ئۇ كىملىكىنى جاكارلاشنىڭ پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ.

ــــ ئىنشائاللاھ، قارايمەنغۇ، ــــ دېدىم مەنمۇ مېڭىشقا ئالدىراپ.

ئەمما، ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرمەيلا كەتتىم. ئارىمىزدا ئورتاق تىل يوق ئىدى. بۇرۇندىن سۆھبىتىمىز ئەپلەشمەيتتى.

بۇ مەزگىللەردە بىزنىڭ تونۇشلاردىن پەقەت رەھىمنىڭ ئىشى بىر ئاز ئوڭ

بولدى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ بىزدەك نازارەت ئاستىدا ئىشلەشتىن خېلى بۇرۇنلا قۇتۇلۇپ، ئۆي-ماكان تۇتۇپ، خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇيغۇرمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولغان بولاتتى، ئەمما ئۇ ئاغزىنى شۈك تۇتالماي، گەپكە ـ گەپ كەلسىلا كوممۇنىستلاردىن گومىنداڭ مىڭ ياخشى ئىدى، دەپ يۈرۈپ، ئۆزىگە ئىشەنچسىزلىك تامغىسىنىڭ ئۇرۇلۇشىغا سەۋەپ بولدى. ئۇنىڭ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى يەنىمۇ خەۋپلىك بىر ئامىل ئىدى.

مەن ئۇيغۇرغا كۆرگەنلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم. قايتىشتا قاتتىق بويۇنلۇق قىلىپ كىرمەي كەتكىنىم ئۈچۈن يەنىلا غەش بولۇپ تۇرغۇنۇم ئۈچۈن، ئۇنى ئۆيىدە زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، بۇ كەمچىلىكىمنى تۈزەتمەكچى بولۇپ، ئۇيغۇرنى بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇيغۇر بىلەن ئىككىمىز رىھىمنىڭ ئۆيىنى مۇبارەكلەپ قويۇشقىمۇ تېخى بارمىغانىدۇق. شۇڭا شۇنى باھانە قىلىپ بىرەر دەم ئولتۇرۇپ كېلەيلى دەپ باردۇق. رىھىم شۇ ئىلگىرى دېگىنىمدەك ئەمەل تۇتسا تۇرقى شۇ ئەمەلگە تېزلا ماس كېلىدىغان تىپتىن ئىدى. شۇڭا بىزگىمۇ نەسىھەتگۇيلۇق تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى.

— ئىلگىرى ھەقىقەتەنمۇ خاتا يوللاردا بولغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ ئاشۇ كاتتىلىقى بىلەن، — پەقەت كومپارتىيىلا خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى پارتىيە، بىز بارلىق مەنىۋى غايىلىرىمىزگە، ماددىي پاراۋانلىققا مانا شۇ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە يېتىمىز، — ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوقىدى. مەن بولۇپمۇ. ئەمما ئۇيغۇر ساۋاقداشلىقنىڭ يۈزىسىدىن ئانچە يۈز خاتىرە قىلىپ ئولتۇرماي:

— رىھىم، سەن بىزگە مەجلىس ئېچىۋاتامسەن، نېمە؟ — دېدى مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — بىز شۇنىڭدىن تويۇپ كېتىپ، بىردەم - يېرىم دەم ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرامىزمىكى دەپ كەلدۇق، جۇما.

مانا شۇنداق قىلىپ، سۆھبىتىمىزنىڭ كەيپى ئۆچتى. شۇڭا بىر نېمىلەرگە باھانە قىلىپ تېزلا خوشلاشتۇق.

— ۋاللاھى - بىللاھى، گومىنداڭ ماۋۇ كوممۇنىستلاردىن مىڭ ياخشى! — دېدى ئۇيغۇر تالاغا چىقىپلا قاخشاپ، — ھەر ئىككىسىغۇ خىتاي، — دېدى ئۇ مېنىڭ تومۇرۇمغا كۆرە گەپ ياساپ، — ئەمما ئىككى خىتايدىن بىرىنى تاللا

دېسە، ماۋۇسىدىن ئۇنىسى ياخشىراق.

مەن يەنە جاۋاپ بەرمىدىم. ئۇزاقتا قالغان ئۆتمۈشۈمنى ئەسلىدىم. مەمتىلى ئەپەندى ھايات چاغلاردا مۇشۇ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن بىر غايىگە ئىگىدۇق. مانا ئەمدى قانداق بوپ كەتكەنمىز-ھە!؟ رېھىم بەلكىم جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىشىۋېلىپ جاننى باقمايمۇ دەپ ئويلىغاندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئورنى مۇقىملىشىپ، سىياسىي كېڭەشتە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ قالغاندى.

بىزنىڭ مۇھەممەد قارى ئاتكەنمۇ ياخشىكەن. ئاڭلىساق قارامايدا قىدىرىپ تەكشۈرۈش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ھەم باش ئىنژېنېر ئىكەن. ئەمما شۇئاندا مەن ئۇيغۇر، قىلىچ قاتارلىقلارنىڭ ھالى لىڭشىپ تۇراتتى. ھازىرغۇ نازارەت قالدۇرۇلدى. ئەمما شۇنداق بولسىمۇ زامانىسىنىڭ ئاكتىپلىرى بولۇدۇ ئەمەسمۇ، شۇلارنىڭ كۆزىدە بىز ھامان «گېزەندە، جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىسى» ئىدۇق. ئاجايىپ گەپ-دە بۇ! كۆپ ئۆتمەي «ئۆچكە قارشى» «بەشكە قارشى» ھەركەتنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە بىر تۈركۈم «خەلق دۈشمەنلىرى» جازالاندى. بۇ قاتاردا جەڭگىۋار دوستلىرىمىزدىن ئابدۇرېھىم قىلىچتىن ئايرىلدۇق.

بالامنىڭ ھايات ياشاۋاتقانلىقىنى ئۇققۇنۇمدىن باشلاپ ئۇنى بىر كۆرۈپ كەلسەم بولاتتى دەپ ئارمان قىلدىم. ئەمما بىر تۈرلۈك پۇرسەت ياكى ئىمكان بولمىدى. پۇلۇم يوقىدى. تۇرمۇش پۇلغا ئىشلىگەن ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە نازارەتتە بولغاچقا يىراققا كېتىشىمگە بولمايتتى. ئەمدى «ئازاتلىققا» چىققاندىكىن باراي دېسەم تېخى يېتەرلىك پۇل يىغالمىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ قەدەر ئۇزاقتىن كېيىن شورلۇق ئېتىم بىلەن يۇرتقا بارسام، شۇ يەردىمۇ ھەممە يەردە بولغىنىدەك ئاكتىپلار باردۇر. ئۇلار بالامنىڭ ئالدىدا، ئۆز يۇرتۇمدا ياقامغا ئېسىلسا،... دېگەنلەرنى ئويلىسام، پۇل تاپسام بارمايلا، پۇل ئەۋەتىپ بېرەرمەن، دەپمۇ ئويلايتىم. خەت يازماقچى بولدۇم. ئەمما شۇنچە يىل ھىچ كۆرۈنمىگەن بىر دادىنىڭ بىر پارچە قۇرۇق خېتى يېتىپ كەلسە تەسىرى قانداق بولۇدىكىن؟ دېگەندەك ئىككىلىنىپ قالدىم. ئىمكانىم بولغاندا ئالدى بىلەن پۇل ئەۋەتەي، دېگەننى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشى يېقىنلىشىپ قالدى. ئوتتۇرىدا نۇرغۇن ئىشلار

بولـۇپ ئـۆتتى. زەربە بېـرىش ھەركەتلـىرى ئېلىـپ بېرىلىـپ، نۇرغـۇن مـۇنەۋۋەر كىشىـلەر يوقۇتۇلـدى. ئـاپتونوم رايـون قورۇلۇشـى ھارپىسـىدا سـەيپىددىن مېنـى ئۆيىگە چاقىـرتتى. كوچىدا ئۇنىڭ رەئىس بولۇدۇغانلىقى ھەققىدە گەپلەر بارىـدى. بۇنـداق چاغـدا ئۇنـىڭ مېنـى چاقىـرتىشـىنىڭ سـەۋەبىنى قىيـاس قىلىشـقىمۇ بولاتتى. مېنى بىرلىكتە ئىشلەشكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

ــــ تۇرمىنى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلاندۇرۇۋەتكىنىڭنى ئاڭلىدىم، كـېلە ئولتـۇر، ــــ دېدى ئۇ كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەيلا گەپنى ماختاشتىن باشلاپ.

ــــ ھەئە، شـۇنداق بولـدى. بـۇ قىسـمەتنىڭ بىـر تۈرلـۈك جىلۋىسـى بولسـا كېرەك.

ــــ ھەتتـا دامـوللا بـولغىنىڭنى ئاڭلـىدىم، ــــ دېـدى سـەيپىددىن، ئۇنـىڭ تەلەپپۇزىدىن مەن خۇددى كېرىكى يـوقلا بىـر نەرسـىگە ۋاقىـت ۋە زېھنـىي كـۈچ سەرپ قىلغاندەك، بىلىنەر ـ بىلىنمەس مەسخىرە ئېلىمېنتى باردى.

ــــ ئەسلىدىغۇ ھەممىمىز ناماز ئوقۇيدىغان، بىر غـايىنى كۆزلەيـدىغان، بىـر شۇئارنى سۆزلەيدىغان، بىر مارشنى توۋلايدىغان بالىلار ئىدۇق،...

ــــ ئۇ تېخى گۆدەك چاغلىرىمىز ئىدى ـ دە، ھاياتنىـڭ يـول ئايرىشـىغا تېخـى كەلمىگەن ئىدۇق. توغرا ـ خاتانى تېخى بىلمەيتۇق،...

ــــ ھازىر بىلگەندۇقمۇ؟

ــــ ھازىر بىلدۇق، توغرا يولنى تاپتۇق. خاتا يولدا كېتىۋاتقانلىرىمىزمۇ يـوق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بىزنىـڭ ھە دېمەيـلا تـالاش ـ تارتىشـقا باشـلاپ قـالغىنىمىزنى سـەزگەن ئايىمخان ئاشخانا تەرەپتىن ئۈن قاتتى:

ــــ ئەپەندىم، مېھماننى داسقانغا تەكلىپ قىلغاچ ۋارقىرىشارسىز.

ــــ سەن خاتىرجەم بول، قوغۇنلۇقتىن ئوغۇرلىغان سويمىنى بىللە يېرىـپ يېگەن سەبداشلار، ۋارقىرىشىپمۇ ئۇرۇشـماي ئايرىلىشـالايمىز، ــــ دېـدى ئاشـخانا تەرەپكە قاراپ، ئاندىن ماڭا بۇرۇلـۇپ، ــــ شـۇنداقمۇ دېـدۇق، سـەن دېـگەن يەنـىلا مېنىڭ مېھمىنىمغۇ، داسقانغا باققاچ گەپلىشەيلى، سەن بېقىۋەر، مەن ئايىمغـا بىر گەپ دەپلا قـايتىمەن، ــــ دېـدى ئـۇ ۋە دەرھـال ئاشـخانىغا چىقىـپ كېتىـپ، ئايىمخان بىلەن پىچىرلاشقىلى تۇردى.

مۇشۇ پۇرسەتتە چاي شىرەسى ئۈستىدە ئوچۇق سەھىپىسى دىۋم قىلىپ قويۇلغان بىر كىتاپقا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت بولۇشى مېنى قىزىقتۇرۇپ، دەرھال قولۇمغا ئالدىم. سەيپىددىنىنىڭ ئېچىپ قويغان يېرىنى يۈتتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇ يەرگە بىر بارمىقىمنى قويۇپ، كىتاپنىڭ باش ـ ئايىغىغا سەپ سالدىم. كىتاپ ئىككى توملۇقتەك قىلاتتى. نەشىر قىلىنغان ۋاقتىمۇ مۇشۇ كۈنلەر ئىكەن. كىتاپ ئىچكى ماتىرىيال ئىكەن. ئومۇمىي كۆزۈتۈشتىن كېيىن سەيپىددىن ئېچىپ قويغان يېرىگە قايتىپ، ئوقۇپ باقتىم. كارامەت قۇرلارغا كۆزۈم چۈشتى: ئەسلىدە بىز بۇ يۇرتقا كۆچمەن، خىتايلار يەرلىك ئىكەن! بۇ ئېسىگىزدە بولسۇن، بۇ ھەقتە كېيىن تەپسىلىي سۆزلۈشىمىز. ھازىرچە مەن سەيپىددىن بىلەن بولغان گەپ ـ سۆزلىرىمىزگە قايتىمەن.

ئۇ قايتىپ كېلىپ، قارشىمدا ھەمداسقان بولۇپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بايىقى گېپىنى كەلگەن يېرىدىن داۋام قىلىش ئۈچۈن:

ــــ توغرا يولنى تاپقىنىڭدىن شۇنچىلىك ئەمىن ھالدا گەپ قىلغىنىڭغا ھەۋىسىم كېلىۋاتىدۇ، ــــ دېدىم سۆھبەتنى ئۈزۈلگەن يېرىگە ئۇلاپ.

ــــ سەن بەك ئىشەنمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟

ــــ ئىشىنىشنى ئۇ قەدەر خالايتتىم. شۇ تاللىغان يولۇڭنىڭ توغرا بولۇشىنى ھەتتا سەندىنمۇ بەك ئۈمىت قىلاتتىم. ئەگەر خاتا چىقىپ قالسا زىيانىنىڭ قانچىلىك بولۇدۇغانلىقىنى مۆلچەرلەپ باقتىڭمۇ؟ ھېچ ئورنىغا كەلمەيدىغان تۈرىدىن!...

ــــ مەن سېنىڭ كوممۇنىزىم دۈشمەنلىكى بىلەن تولغان مەپكۇرەڭ ھەققىدە ئاڭلىغان ئىدىم،... ئاشۇ كونا ئەقىدىدە شۇ پېتى تۇرۇپسەن، نە قەدەر جاھىللىق. بەلكىم بۇ سېنىڭ جاھان كۆرمىگەنلىكىڭدىن بولسا كېرەك.

بۇ گەپ ماڭا تازىمۇ ھار كەلدى. ئۇ ئۆزىچە جاھان كۆرگەن بولۇپ كېتىپ، مېنى چەتئەلدە ئوقۇمىغان دېمەكچىدۇر بەلكىم. شۇڭا بايىقى مېنى سالاملاش بىلەنلا تىلغا ئالغان گېپىنى ئەسلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم:

ــــ سەن مېنىڭ «گوركىيچە ئۇنىۋېرسىتېت» پۈتتۈرگۈنۈمنى تىلغا ئالغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ياكى قەستەن ئۆزەڭنى ئوخشىتىۋاتامسەن؟ مەن

ئۇنىۋېرسىتېتتا پەقەت تىل ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلەنمىدىم، ماركسىزىمنىمۇ ئوقۇدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم تاشكەنتكە بېرىشىم كېرەكمىدى يا؟

ئۇ مېنىڭ تە بولغىنىمنى سېزىپ، دەرھال گەپنى باشقا تېمىغا يۆتكەپ، ۋەزىيەتنى يۇمشۇتۇشقا تىرىشتى.

ئەمدى بىز ئايىمخاننىڭ ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ بەرگەن تامىقىنى يېگەچ ئۇزاق ئۆتمۈش تېمىلىرىدىن گەپ باشلىدۇق. مېنىڭچە سەيپىددىن مېنى ئۇزاق زاماندىن بېرى كۆرمىگەن ئىدى. شۇڭا قانداق تېپقا ئۆزگىرىپ كەتكىنىمگە جەزم قىلالمىغاچقا ئۇزاقتىن گەپ باشلىغان ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنى ئەسلەشتۇق. شۇ چاغلاردىكى جۇشقۇن يىللىرىمىزنى سېغىندۇق. بۇ پۇرسەتتە مەن ئۇنىڭغا بىر تەگدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر مەۋزۇنى ئاچتىم:

— سىلەر چەتئەلگە ئوقۇشقا مېڭىش ھارپىسىدا مەمتىلى ئەپەندىدىن بەكلا رەنجىپ قالغاندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەنتىڭ، نېمە بولغانتى شۇ چاغدا؟ — دەپ سورىدۇم.

— نېمىگە رەنجىپتىمكىن؟ شۇ چاغدا سەۋەبىنى دەپ بەرمىگەنمىدىم؟

— دېگەندەكمۇ قىلغانتىڭ، ئەمما ھازىر ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، — دېدىم قەستەن ئۇنى ئۆز ئاغزىدىن دېگۈزۈش ئۈچۈن. ئەمما ئۇ مېنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىشنى راستىنلا ئۇنتۇپ قالدىغانلىقىمغا ئىشىنەمدىكىن؟

— ئېسىڭدە قالغان بىرەر يىپ ئۇچى يوقمۇ؟ مەن ھېچ ئەسلىيەلمىدىم.

— مەمتىلى ئەپەندى مېنىڭ كىشىلىكىمگە، ساداقىتىمگە... ئەيتاۋۇر ماڭا ئىشەنمىگەندەك گەپلەرنى قىلدى، دەپ ئاغرىنغان ئىدىڭ.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، بىز سەپەر تەييارلىقى ئۈچۈن قەشقەرگە كىردۇق. ئۇ يۇمۇلاقشەھەرگە كەتتى، مەن بازارغا. ئىككىمىز كەچتە ھېلال ئەھمەردە ئۇچرىشىدىغان بولدۇق. ئىشىمنى تۈگىتىپ ھېلال ئەھمەرگە كەلسەم، موللىكام[1] مەجىددىن دوختۇر بىلەن ھويلىدا سۇپىدا ئولتۇرۇشقان ئىكەن. مېنى كۆرۈپلا موللىكام مەجىددىن دوختۇرغا:

[1] سەيپىددىن مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىر نەۋرە بولغاچقا، ئاتۇشتا تۇققانلار ئىچىدىكى ئۇقۇمۇشلۇقلارنى ئاتايدىغان ئادەتكە كۆرە «موللىكا» دەيتى، — ئا.

— دوختۇر، شۇئاندا بىز سەيپىددىننىڭ نەزىرىدە كىم؟ بىر مەبۇتقا تەڭ دېيىشىمىز بولۇدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى. مەن كۆڭلۈمدە بۇنى تەستىقلىدىم. دېمىسىمۇ راست ئىدى، شۇ چاغدىكى كۆڭلۈمدە موللىكاملار، باشقا ئەپەندىلەر شۇنداق ئۇلۇغ كىشىلەر ئىدى، خاتا قىلمايتى، مەڭگۈلۈك ئۆلگەم ئىدى. موللىكام سۆزىنى داۋام قىلىپ شۇنداق دېدى، — سوۋېتكە چىقىپ ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزگۈرۈپ شۇنداق هالغا كېلىدۇكى، شۇ يەردىنلا ئاتسا ئوقى يېتىدىغان مىلتىق بولسا ئىككىمىزنىڭ پىشانىسىگىلا ئاتىدۇ! — موللىكام يېقىملىق كۈلۈپ تۇراتتى. چاخچاق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتىيۇ، بۇ ماڭا بەك هار كەلگەن ئىدى. هەرقانچە بولۇپ كەتسەممۇ ئالتە ئايدا موللىكاملارغا دۈشمەن بولۇپ قالغۇدەكمۇ ئۆزگۈرۈپ كەتمەستىم، ماڭا شۇنداقمۇ ئىشەنمەسلىك بولامدۇ، دەپ رەنجىپ نەچچە كۈن گەپلەشكىم كەلمەي قالغان ئىدى.

— كېيىن قانداق ئويلۇدۇڭ؟ يەنى دېگەندەك ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ياكى بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن؟

— ئەپەندىم ئەجەپمۇ توغرا دەپتىكەن، دەپ ئويلۇدۇم.[1] نېمىشكە بۇ گەپنى قوزغاپ قالدىڭ؟ — دېدى ئۇ جىددىي هالدا دىققىتىنى يىغىپ، گۇمانخورلۇق بىلەن.

— باياتىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق ئەمەسمۇ، شۇڭا تۇيۇقسىز يادىمغا يېتىپ قالدى، — دېدىم باشقا گەپ قىلىشقا رەغدىم بولماي.

— بىلدىم، سابىت، سەن خۇپسەنلىكنى ئەپلەشتۈرەلمەيسەن، كۆڭلۈڭدىكىنى ئاسانلا ئاشكارىلاپ قويۇسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سېنى بىلىمەن، سەن دېگەن ئاشۇنداق بوش يەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرۈدىغان ئادەممۇ؟ — دېدى ئۇ بىر ئاز خاپىغان، — سەن مېنى 180 گرادۇسلۇق بىر ئۆزگۈرۈشنى باشتىن كەچۈردۈڭ، شۇنىڭ پەرقىدىمۇ سەن، دېمەكچىغۇ؟

---

[1] بۇ مەزمۇنلارنى 1988-يىلى 9-ئايدا سەيپىددىن ئەپەندى بىلەن قەشقەر يېڭى مېھمانخانىدا كۆرۈشۈپ، مەمتىلى ئەپەندى ۋە شۇ تارىخىي دەۋر هەققىدە سۆهبەت قىلغىنىمىزدا، ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، — ئا.

جاۋاپ بەرمىدىم.

— بىز سوۋېتتىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى ئۆز كۆزۈمىز بىلەن كۆردۇق، خەلقنىڭ مەدەنىيەتتە قانچىلىك يۈكسەلگەنلىكىنى، غەمخورلۇقلارنى، بەختلىك تۇرمۇشنى. بۇ پاكىتلارنى ياراتقان بىر پارتىيەنىڭ مەسلىكىنى خاتا دېيىشكە ئاساسىم بارمۇ؟ ئەمەلىيەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، جاھىللىق قىلىشىم كېرەكمىدى؟

— بۇنىسى بىر مەھەل قىرغىنلار، قەتلىئاملاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ماددىي پاراۋانلىق دەيلى، ئاشۇ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قىرغىنچىلىقلارنى ئۇنتۇپ، بۇ پاراۋانلىققا شۈكرى قىلدۇقمۇ دەيلى ۋە بەلكى بۇ قىرغىنچىلىقلارنى مۇشۇ كېيىنكى پاراۋان دەۋرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈرى ئىدىمۇ دەيلى، ئەمما بۇلار ماددىي تەرەپ. مەنىۋى قەدرىيەتلىرى قانداق؟ خەلق رۇسلاشماقتا، دىنىي ئېتىقادى چەكلەندى، مىللىي روھلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى نابۇت بولماقتا... بۇ تەرەپلىرىنى نېمە دېسەك بولىدۇ؟ مەن بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن سوراۋاتىمەن، باشقا غەرىزىم يوق.

— كوممۇنىزىم شۇنداق غايىكى، ئۇنى چۈشەنگەن چېغىڭدا دۆلەتنىمۇ، مىللەتنىمۇ قويۇۋېسەن، كۆزۈڭ شۇنداق ئېچىلىدۇكى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئويلايدىغان بولۇسەن. بارلىق ئېزىلگۈچىلەرنى.

— كوممۇنىستلار دۆلەت دېمەيدىغان، مىللەت دېمەيدىغان، پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتلىرىنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغانلىقىنى مەنمۇ ئوقۇدۇم، ئەمما، سوۋېتلەرنىڭ يەنە شۇ سېنى تەسىرلەندۈرگەن ئەمەلىيەتلىرىگە ئوخشاش، مېنى ئىككىلەندۈرۈپ قويۇۋاتقان ئەمەلىيەتلىرىمۇ بار، بۇنى قانداق چۈشەنسەم بولىدۇغاندۇ، دەپ قالىمەن.

— مەسىلەن؟

— مەسىلەن، ئاشۇ ئېزىلگۈچىلەرنىڭ دوستى، بىزنىڭ 30- يىللاردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىمىزغا قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟ ئېزىلگۈچىلەرگە ياردەم بەردىمۇ؟ ئەزگۈچىلەرگىمۇ؟ ئاشۇ موللىكىلاڭ قاتارلىقلارنى تۈرمىدە كۆيدۈرۈۋەتكەنلەر كېيىن بىزنى ئازات قىلىدىغان مىللىي ئارمىيەدە بوي كۆرسەتكەن ئىسهاقبەگ، مەۋلانوپلار ئەمەسمىدى. يەنە ئۇلار 1937- يىلىدىكى

ھۆجۇملىرىدا 50 مىڭدىن ئارتۇق ئېزىلگۈچىنى تەكلىماننىڭ ئىچلىرىگە، قاراڭغۇ تاغلارغا سۈرۈپ جېنىغا زامىن بولغانلىقىغا شاھىد بولدۇم. مەنمۇ ئاشۇ تۆرتىنچىلەرنىڭ ھاۋا ھۇجۇملىرىدا ئۆچكىلەردەك قاچقانلارنىڭ بىرى ئىدىم.

— ماۋا قارا، كوممۇنىزىم ھەركىتى بەك چوڭ گەپ بۇ؛ دۇنياۋى ھەركەت. ئەمما سەن دەۋاتقان ئۇ ئىشلار كىچىككىنە ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىكى، كىچىككىنە ئىشلار. چوڭ ۋەزىيەتتىن ئالغاندا بەزىدە كىچىك قۇربانلارنى بېرىشكە بولىدۇ، بۇ دېگەن سىياسىي.

— ھە، بىلدىم، دېمەك، ئۇيغۇرنىڭ دۆلىتى بولمىسىمۇ بولىدۇ، بۇ چوڭ ۋەزىيەت ئۈچۈن. بىز ھەرقاچان خىتاينىڭ قولىدا بولۇشىمىز كېرەك، بۇمۇ چوڭ ۋەزىيەت ئۈچۈن.

— مانا ئەمدى ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتىغۇ؟ جەڭگى - جېدەلمۇ بېسىقتى، خەلقمۇ ئازات بولدى. ئەمدى ئۇرۇش - يېغىلىقلارنىڭ جاراھەتلىرى ساقىيىپ، خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئالدىمىزغا قارىشىمىز كېرەك.

— ئازات بولدۇق، دېدىڭمۇ؟ كىمدىن، نېمىدىن ئازات بولدۇق؟ نېمىگە ئېرىشتۇق؟

— زۇلۇمدىن، كونا جەمىيەتتىن، ئەزگۈچىلەر سىنىپىدىن ئازات بولدۇق. ئەركىنلىككە ئېرىشتۇق.

— ئەزگۈچىلەر سىنىپى كىمتى؟

— ھەر مىللەتتىن بولغان باي - پومىشچىكلار سىنىپى، فېئوداللار، كاپىتالىستلار...

— سەن ئۆزەڭمۇ ئاشۇ ئەزگۈچى سىنىپقا تەۋە ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. سەن ئەسلەپ باقە، سېنىڭ ئائىلەڭ ئېزىلگۈچىلەردىن كىملەرگە زۇلۇم سالغان ئىدى؟

— بىزنىڭ ئائىلە زۇلۇم سالمىغىنى بىلەن، باشقىلار زۇلۇم سالغان.

— مەسىلەن، ئاتۇشتىن بىر مىسال بەرگىن، قايسى باي، قايسى كەمبىغەلنى ئېزىپ، ھەققىنى بەرمەي ئىشلەتكەن؟

— بىر پۈتۈن نەزىرىيىنى بۇنداق ئۇششاقلىۋەتسەك جاۋاپ بەرگىلى بولمايدۇ،

سابىت. بۇنداق چىڭگىزلىق قىلما. بۇنى چۈشەنمىگۈدەك گېرى ئادەممۇ ئەمەس سەن.

— بولۇدۇ، يا مەن چۈشەنمەيۋاتقان بىر يېرى باردۇ، يا سەن چۈشەنمەيۋاتقان بىر يېرى بار. بۇنى زامان ئايرىسۇن. ئۆلمىسەك يەنە كۆرۈشەرمىز. ئەمما، ئۆتكۈنچى نەرسىلەر ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان قىممەتلەرنى تېگىشىشكە ئالدىرىمىساق ياخشى بولاتتى، دەيمەن. خەلقنىڭ نادانلىقىدىن ياكى بىزدەكلەرگە بولغان ئىشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا ۋاقىتلىق نەرسىلەرنى ئەڭ موھىم قىلىپ ئورنۇتۇشقا تىرىشمىساق ياخشى بولاتتى، — تېخىمۇ ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن شۇلارنى قوشۇمچە قىلدىم، — سەن دەل ئورتا ئاسىيالىق قېرىنداشلىرىمىز «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى-كەينىدە ماڭغان يولدىن كېتىۋاتىسەن...

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— مەن سېنىڭ كوممۇنىست بولۇپلا مىللىتىڭنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭگە ئىشىنەلمەيمەن، سەنمۇ شۇ غەربىي تۈركىستاندىكى مىللەتچى زىيالىلارنىڭ «كوممۇنىست ئىدىئولوگىيىسىنى قوبۇل قىلساق بولشېۋىكلار بىزگە مۇستەقىللىق بېرىدۇ» دېگەن بالىلارچە ساددا خىيالى بىلەن ئۇخشاش، بەزىلەرنىڭ ھەتتا قان - قېنى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ كوممۇنىست بولۇپ كەتكەنلىرىگە تەقلىت بىر يولنى تاللىغاندەك قىلىسەن. ئەمما ئەنە شۇ ھالدىمۇ ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ بولشېۋىكلار بەلكىم ئۇلارنى سىلەرگە «چوڭقۇر يوشۇرۇنغان، نىقاپلانغان بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى» دەپ ئىشەندۇرگەندۇر. ئەمما ماركسىزم نەزەرىيىسىگە تۆھپە قوشقان، «ئۈچىنچى دۇنيا» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇ «ئۈچىنچى دۇنيا» ئەللىرىدە لېنىن بىلەن ستالىندىنمۇ بەكرەك تونۇلۇشقا باشلىغان مىرسۇلتان غالىيېۋ[1]نىڭ ئاخىرى نېمە بولدى؟ بۇلارنى چوڭقۇرراق ئويلا

---

[1] مىرسۇلتان غالىيېۋ — تاتار كوممۇنىستى، ماركسىزم نەزەرىيىچىسى. ئۇ «ئۈچىنچى دۇنيا» ئۇقۇمىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغۇچى. كېيىن بولشېۋىكلار ئۇنىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقان ئىناۋىتىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى بۇرژۇئا مىللەتچىسى، ساختا كوممۇنىست دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن ئاۋال كوممۇنىست

دېمەكچىمەن. ماركسىزم، كوممۇنىزم دەپ كۆتۈرۈۋالغان نەرسە پەقەت پەردە، مىللىي مەنپەئەت ھەممىدىن ئەلا...

— نېمە دېمەكچى سەن؟

— مەسىلەن: سىنىپ ئۇقۇملىرى بىزنىڭ مىللىي كۆلتۈرىمىز ئىچىدە ئورنى بولمىغان بىر ئۇقۇم. چۈنكى، دىنىي ئېتىقاتىمىزغا كۆرە «ئىشچىنىڭ ماڭلاي تېرى قۇرۇماستىن ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىش كېرەك»[①] دېگەن ئەقىدە بىلەن مىڭلارچە يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ھالدا بىرەرسىنى ھەققىنى بەرمەي ئىشلىتىش — كوممۇنىستلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش — مىللىتىمىز ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ يەنە مەسىلەن، گومىنداڭ تەرەپتە ئۈچ مەسىلەك تەربىيىسى ئالغانلار خەلققە بۇنى سىڭدۈرۈشكە، ئېزىپ ئىچۈرۈشكە تىرىشتى. گويا مۇشۇ مەسىلەكلا ئەڭ توغرا، ئۇلارنى بەختكە ئېرىشتۈرەتتى. ئەمما كېيىن ئۇنىڭ بەختكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقى ئۇقۇلدى؛ خەلق ئالداندى؛ ۋاقتى زايا بولدى؛ تارىخىي پۇرسەتلىرى قولدىن كەتتى. ئەمدى كېلىپ، كوممۇنىزمنىڭ ھەققىي خەلقنىڭلا بەختى ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن مەپكۇرە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىر زامانلار كېلىپ، بۇمۇ ۋاقتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىسە، ئۇ چاغدا بۇ خەلق يەنە ئالدانغان؛ پۇرسەتلەرنى قولدىن بەرگەن بولىدۇ، دېمەكچىمەن.

— سەن قانداق كاج ئادەمسەن، سابىت؟ ۋاقتىنىڭ سىنىقى دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟ ئەجەبا بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا سىناقتىن ئۆتمىدىمۇ؟ خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدىمۇ؟ يەنە نېمە كېرەك ساڭا؟

— بۇ خۇددى سەن دېگەندەك بىر ئىش: كوممۇنىزمدەك دۇنياۋىي ھەركەت ئالدىدا بىزدەك كىچىككىنە خەلقتىن يۈزمىڭلاپ ئۆلسە ئۇششاق ئىش بولغاندەك، ئادەم ھاياتى ئۈچۈن ئۇزۇن بىر قەرنە ھىساپلانغان 30-40 ياكى 50

---

پارتىيىدىن قوغلاپ چىقارغان، كېيىن جازالىغان. ۋەتىنىمىزدە خىتايلار «ئۈچىنچى دۇنيا» ئۇقۇمىنى ماۋزېدوڭنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى داۋراڭ قىلىپ يۈرگەن ئىدى، — ئا.

① ھەدىس شېرىپ، — ئا.

يىل دۇنيا هاياتى ئۈچۈن چوڭ گەپ ئەمەس؛ ھەتتا 100 يىلمۇ ھېچگەپ ئەمەس؛ بۇنىڭلىق بىلەن ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بولۇپمۇ كەتمەيدۇ.
— خوش؟!
— شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق نەرسىلەرگە ئۆزىمىز ئىشەنسەكمۇ، ئىشىنىپ تۇرايلى- دە، ئەمما خەلقنى بەزى تارىخىي خاتالارغا باشلاشتىن بۇرۇن پايدا ـ زىيىنى، مەنەۋىي تەسىرىنى چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرسەك دېمەكچىمەن.
— چۈشەنمىدىم.
— مەسىلەن، سېنىڭ پاختەكلى دېھقانلىرى نامىدىن ماۋجۇشىغا خەت يېزىشتەك بۇنداق بىر ئىشنى ئويلاپ تاپقىنىڭ بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولغانمۇ قانداق؟ بۇنىڭغا بىر ئېھتىياج بارمىدى؟ زۆرۈرىيەت بارمىدى؟ ئەگەر مەسىلىگە يەنە بىر يۆندىن، دەيلىكى، مىللىي ھىسلار نۇقتىسىدىن قارالسا بۇ ئىش بەكمۇ شەرمەندە بىر ئىش بولامدۇ قانداق، دېگەننى ئويلاپ ئىش قىلساق، دېمەكچىمەن.
سەيپىددىننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. غەزىپىنى ئارانلا باستى.
— مەن بىر كوممۇنىستمەن، بىلەمسەن؟ ئۆزەم خالاپ، ئىختىيارىم بىلەن كوممۇنىست بولغانمەن. ئۆزەم توغرا دەپ ئىشەنگەن مەسىلەككە باشقىلارنىمۇ قىزغىنلىق بىلەن جەلپ قىلىمەن. ماۋجۇشىغا ساداقەت بىلدۈردۇق، نېمىسى يامان بوپتۇ؟! — ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تونى ئۆزگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى مەنلا ئەمەس، ئايىمخانمۇ بايقىغان ئىدى. ئۇ ئاشخانىدىن ئۇن قاتتى:
— ئەپەندىم، مېھمان بىلەن بوغۇشۇپ قالماڭ يەنە، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ.
— سەن ساداقەت ئىپادىلىسەڭ بۇنىڭغا بىر پىكرىم يوق، — دېدىم گېپىمدىن يانماي، — سەن ئۆزەڭ خالاپ تاللىغان يولۇڭغا جان پىدا قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ھەتتا بۇ سېنىڭ بۇرچۇڭ. ئەمما ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان ساددا خەلقنىڭ نامىدىن قىلىنغان بۇ ئىشنى توغرا بولدى دېيەلمەيمەن. بىر كۈنلىرى كېلىپ، بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا چوماق بولۇدۇغان بىر توقى لەنەتقۇ بۇ. مانا مۇشۇنداق ئۈلگىلەر بىلەن شائىرلارغا بىر يۈنۈلۈش كۆرسۈتۈلگەندەك بولىدۇ ـ دە، ھەممە شائىر بەس ـ بەستە مەدھىيىگە باشلىسا، ھەممە نەرسە گۈزەللەشتۈرۈپ كۆرسۈتۈلسە، بۇنداق سۈنئىي بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ساختا مەنەۋىي ئاتموسفىرا

ئىچىدە خەلقىنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ؟ يەنى، مەنىۋىيىتى؟ بۇ ئۆلگىنى سېنى ياراتتى، دەپ تۇرۇۋالمايمەن، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەن بىر ئۆلگە. مەن سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن بىر ئاز تونۇشۇپ باقتىم. بۇنداق ساختا رىياللىق كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتى ئۆلىدۇ، قىممەت ئۆلچەملىرى بۇزۇلىدۇ؛ توغرا ـ خاتاغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمۇ تۈگەيدۇ!

سەيپىددىننىڭ تاتىرىشلىرىدىن ئەمدى ئۇ ماڭا جاۋاپ بېرىدىغان بولسىلا چوقۇم تىللاپ تاشلايدىغاندەك بىر ھالىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ سىياسىيون بولغاچقا، ئۆزىمۇ بۇ روھى ھالىتىنى مۆلچەرلەپ، بۇ تېمىنى تامامەن يېپىش ئارقىلىق بۇ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىغا جەزم قىلسا كېرەك:

— بولدى، بۇ مەۋزۇلاردا سەن بىلەن كېلىشكىلى بولمايدىكەن، بۇنى تاللاشايلى. سەن بىرەر خىزمەت ئىشلەشكە قارشىمۇ ـ قانداق؟ مانى دېگىنە، — دېدى.

— خىزمەتنى ھېلىمۇ قىلىۋاتىمەنغۇ، خىزمەت قىلمىسام نانىنى نەدىن تېپىپ يەيمەن، ياشىشىم كېرەك ـ تە، — دېدىم دىۋەڭلەرچە پوزىتسىيە بىلەن، سەيپىددىننى جىلە قىلىش ئۈچۈن.

— سېنى بىرەر ۋىلايەتكە ۋالى قىلىپ ئەۋەتىش ئويىمىز بار، قانداق قىلىسەن؟

— بولمايدۇ، — دېدىم كەسكىن رەت قىلىپ، — مەن مەمۇرىي ئەمەل تۇتماي، ئىلمىي خىزمەت بولسا قىلاي. مۇئەللىملىك بولسا تېخىمۇ ياخشى.

— ۋاي، كاج. ئاساسىي قاتلامدا پىششىپ چىقساڭ ياخشىدى. سەن ئۆز ۋاقتىدا كۇچاردا شۇنداق ياخشى ئىشلىمىگەنمىدىڭ؟ نېمىشكە مەمۇرىي خىزمەت دېسە بۆرىدىن قاچقاندەك قاچماقچى بولىسەن؟ يەكەنگە ۋالىي قىلىشنى ئويلىغانتىم، ئۇنىمىساڭ بوپتۇ. ئەمىسە يا ئىنىستىتۇتقا مۇدىر بول ياكى پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە رەئىس بول. ھە، يەنە مائارىپ نازارىتى ياكى مەدەنىيەت نازارىتىمۇ بار. بۇلار بولسا بولار؟

— تاللاش ھوقۇقۇم بولسا مەكتەپنى تاللايمەن.

— بولىدۇ، ئەمىسە، مېنىڭ بېكىتىش ھوقۇقۇم يوق، ئۆزەملا بېكىتىۋەتسەم بولمايدۇ. مۇزاكىرىگە قويۇپ، ئاندىن قارار قىلىمىز. شۇ چاغدا قەيەرگە ئىمكان

بولۇدۇ، قارايمىز. ئەمما شۇنى دەپ قوياي، گەپ ـ سۆزۈڭگە دىققەت قىلغىن، مېنىڭ ئۆيۈمدە، ماڭا دېگەن گەپلەرنى باشقا يەردە، باشقا ئادەملەرگىمۇ دەۋېرىدىغان بولساڭ، ساڭا مەن ئىگە بولالمايمەن.

گەپ قىلمىدىم. ئۇ مەندىن رەخمەت كۈتكەنمىدى، بىلمەيمەن. ئەمما رەخمەت دېمىدىم.

— ئۇنداق بولسا تاماققا باق، گەپ بىلەنلا بولۇپ كېتىپتۇق، — دېدى ساھىپخانىلىقنى يادىغا ئېلىپ.

مۇئامىلىمىزنىڭ يۇمشاپ قالغان ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، مېنى بىئارام قىلىۋاتقان بىر ئىشنى سوراپ ئېنىقلىۋېلىشقا ئالدىرىدىم. بەلكىم ئورنى ئەمەستۇر، ئەمما سورۇماستىن چىقىپ كەتسەم بۇنداق پۇرسەت يەنە بولامدۇ-بولمامدۇ؟ ئاللاھ بىلىدۇ.

— بىر نەرسە سورۇماقچى ئىدىم، سورۇسام، كوممۇنىستچە، سىياسىيغا ئۇيغۇن بىر جاۋاپ بېرىشىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرۇمەن. مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقسام دەيمەن.

— قېنى سوراۋەرگىن، ئۆيدە بولغاندىكىن، سىياسەت بويىچە جاۋاپ بەرمەي، دوستلارچە جاۋاپ بېرەرمەن.

—1949 ـ يىلىدىن1950 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە بولغان «باندىتلار»ھەركىتى ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ يەنى، ئاخىرى كۇچار ئەتراپىدىكى تاغلاردا تاكى 1950 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغان قارشىلىق ھەركىتى بولغانلىقى ئۇقۇلغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا بىزنى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىگەن، بىزگە كۇچار ئەتراپىدا باندىتلارنىڭ توپلىشى بار، قېچىپ كەتمەڭلار، دەپ تاپىلاپ، ۋەدە ئېلىشقا تىرىشقان ئىدى. كېيىن ئاڭلىسام، سوۋېت رادىئوسىنىڭ خەۋىرىدە بۇ ھەركەتنىڭ ئارقىسىدا ئامېرىكىنىڭ قولى بار دېيىلىپتۇ. ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ جاسۇسى دوگلاسنىڭ مۇئاۋىن كونسۇللۇق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، جاسۇسلۇق ھەركىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، ئوسماننى قوللىغانلىقىنى دېيىشتى. بۇلار راستمۇ ياكى كوممۇنىستلارنىڭ جاھانگىرلارنى يامانلايدىغان دائىمىي تەشۋىقاتىدىن بىر ئۆرنەكمۇ؟

— بۇ راست، بەزى پاكىتلار بار. پاكىتلارنىڭ بولۇشى ۋە جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىشىدىن قورقۇپ، كونسۇل جون پاكستون ئاۋال قېچىپ كەتتى. بولمىسا نېمىشكە دىپلوماتىك خادىم سۈپىتىدە بېيجىڭ ئارقىلىق كەتمەي، ھىمالايانىڭ خەتەرلىك يوللىرىدىن ئۇلاغ بىلەن كېتىدۇ؟[1] سەن بۇنىڭغا نېمىشكە قىزىقىپ قالدىڭ ئەمدى؟

— بىلىسەنغۇ، مېنىڭ قىزىقمايدىغىنىم يوق.

— ياق، دەل بىلگەنلىكىم ئۈچۈن سوراۋاتىمەن، كۆڭلۈڭدە بىر ئىش بار، مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر دەيدىغىنىڭ بار. سەن خۇپىسەنلىكنى بەربىر ئەپلەشتۈرەلمەيسەن، راستىنى دەۋەرگىن، ھەرقانچە ئېغىر ئىش بولسىمۇ، بۈگۈنچە سەن مېنىڭ مېھمىنىم. باشقا خاپىلىق بولمايدۇ.

— راستىما؟ ھە، مېنىڭ ئويلۇغۇنۇم، ئاشۇ ئىش،... بۇ... مېنىڭچە بىر ياخشى پۇرسەت چىقىپتىكەن، شۇ چاغدا سەن بىر باش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ باققان بولساڭ،...

— نېمە دەۋاتىسەن!؟ — ئۇ ۋارقىراپ كەتتى.

— بۈگۈن مەن سېنىڭ مېھمىنىڭ، ئۇنۇتما. شۇنىسى ئېنىقكى، تارىخ ساڭا بىر مەسئۇلىيەت تەڭلىگەن، ئەمما سەن بۇ مەسئۇلىيەتنىڭنى تونۇمىغانسەن ياكى ئۆزەڭ توغرا دەپ بىلگەن ئاۋۇ يولدا بولغىنىڭ ئۈچۈن، بۇ تارىخي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى خاتا دەپ قاراپ، كۆرمەسكە سالغانسەن.

— بۇ قانداق مەسئۇلىيەت؟ نېمە ئۈچۈن تارىخ بۇ مەسئۇلىيەتنى ماڭا يۈكلەپتۇ؟ باشقىسىغا ئەمەس؟

— چۈنكى سەن، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىدىن ھايات قالغانلار ئىچىدىكى يوقۇرى دەرىجىلىك بىر رەھبەر ئىدىڭ، بۇ تۈپەيلى، رەئىسلەر يوق ئىكەن، بۇ ۋەزىپە ساڭا چۈشمەي كىمگە چۈشىدۇ؟

— قايسى ۋەزىپە بۇ؟

— مىللىي ئارمىيە ۋە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، يەنە بىر قېتىم تەۋەككۈل

[1] جون ھالل پاكستون — (John Hall Paxton) — 1949-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ، ھىمالايا يولى بىلەن 14-نۇيابىردا ھىندىستانغا يېتىپ كەلگەن. — ئا.

قىلىپ بېقىش، يەنى، سوۋېتتىن باشقا بىر چەت مەملىكەت بىزگە يېقىنچىلىق ئىپادىلەۋاتقان پۇرسەتتە، دېمەكچىمەن،...

— بۇرچ مەسىلىسىدىكى قاراشلىرىمىزدا كېلىشەلمىگۈدەكمىز، بۇ مەۋزۇنى ئىككىنچى تىلغا ئالما، بولمىسا مەن ھەقىقەتەنمۇ رەنجىيمەن. بۇ مەسىلىدە تاللىشىمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىمەن. سەنمۇ جاھىللىقىڭدا قېلىۋەر، ئەمما ئۇقۇمۇشلۇق بىر ئادەمدەك بول: يەنى پاكىتلارغا قايىل بولۇشقا كەلگەندە قاتتىق بويۇن بولما.

— تاللاشلىرىمىز ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە توغرىكەن، بۇنى ۋاقىت ئايرىيدۇ ۋە بىر كۈنلىرى ئەلەم ئىچىدە بۇنى تونۇپ يېتىدىغانلىقىڭغا ئىسىمىمنىڭ سابىت بولغىنىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن. ئەمما پاكىتلارغا بويۇن ئىگىشتە مېنى خۇددى بىر پىلىدەك يۇمشاق دەپ بىل.

— بولۇدۇ، ئەمىسە ئىككىنچى بۇنداق گەپلەرنى تىلغا ئالما!

راستىنى ئېيتقاندا سابىت ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىدىن قورقۇپ تۇراتتىم. چۈنكى ئۇ ئوچۇقلا ئۆلۈمگە لايىق گەپلەرنى قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قېلىپ دېدى:

— سۆزلىرىمدىن قورقۇۋاتىسىز، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. نېمىدىن قورقۇۋاتىسىز؟ ئۇيلاپ كۆردۈڭۈزمۇ؟— دېدى ئۇ كۆزۈمگە قاراپ. راستىنلا، ئويلاپ كۆرسەم قورقۇشقا سەۋەپ يوقكەن، — قورقۇشقا توغرا كەلسە مەن قورقسام بولاتتى. چۈنكى مەن سىزنى تونۇمايمەن، كىم سىز؟ بەلكىم بىر ئايغاقچى بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇنداقمۇ، يا؟ بىلەمسىز، بۇنداق قورقۇش ھەممە ئۇيغۇردا بار. «نېمە ئۇچۇن؟» دەپ سوراپ باقسا قورقۇشقا ئەمەلىي سەۋەپ تېپىلمايدىغان غەلىتە بىر خىل قورقۇش. بۇنداق قورقۇش پىسخىكىسى ھەرگىزمۇ نورمال ئەمەس، بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن مەقسەتلىك تۈردە شەكىللەندۈرۈلگەن. يەنى، بىز يىللاردىن بېرى پىسخىك قايتا شەكىللەندۈرۈشتىن كەچۈرۈلدۇق ۋە بۇ روھى بۇزغۇنچۇلۇق داۋام قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ھېچبىر خىتاي ياكى خىتاي ئايغاقچىسى بېشىمىزدا قاراپ تۇرمىغان بولسىمۇ

قورقۇۋېرىمىز. يەنى، ئۆزىمىزگىمۇ ئىشەنمەيمىز. بىزدە ئۆز - ئۆزىگە ساقچىلىق قىلىدىغان بىر خىل پسىخىكا شەكىللەندۈرۈلدى.

— بۇ گەپلىرىڭىزدىن شۈبھىلەنمەيمەن، ئەمما بەك مەۋھۇم دېيىلگەچكە، مەندە تازا روشەن بىر تەسەۋۋۇر ياكى ئېنىق چۈشەنچە بولماي، مېڭەمنى قوغۇشۇندەكلا بېسىۋالدى. بۇنى بىر ئاز كونكرېتراق شەرھلەپ بەرسىڭىزكەن.

مەن بۇلارنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا چۈشەندىم. ئەمما بۇ چۈشۈنۈش گويا چۈشتەكلا ئىدى، يېقىنلا كۆرۈنەتتى، قول ئۇزاتسىملا تۇتۇق بەرمەي يىراقلىشاتتى. بۇنداق تۇتۇق ۋە تۇمانلىق ھالەتتىكى چۈشەنچىنى باشقا بىرىگە چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئاشۇ كۆڭۈلنىڭ قېتىدىكى شەكلى، پىچىمى بويىچە سۆزلەپ بېرىش تەس ئىدى. سابىت ئەپەندى ماڭا بىردەم قىزىقسىنغاندەك قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى:

— كىشىلەردىكى ئويلانمايلا قوبۇل قىلىش، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم سېھرىي ئۈنۈملىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىر شوئارنىڭ كۈندە سانسىز قېتىملاپ تەكرارلىنىشى، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا تەكرارلىنىشى، كىشىلەرگە ئۇنى مۇتلەق ھەقىقەت ھېس قىلىدىغان قىلىۋېتىپ، ئۇلاردىكى ئاشۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىش ئىقتىدارىنى يوقلا قىلىۋېتەتتى. مەن قايسى كۈنى گېزىتتە بىر ئىلمىي ساۋادنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدا تەجرىبە ئۈچۈن ئالدىغا بىر ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتنىڭ باھاسىنى يېرىم چۈشۈرۈپ سېتىش ھەققىدىكى ئېلان چاپلانغان بىر دۇكاننىڭ ئىچىگە يىگىرمىگە يېقىن ئادەمنى مال سېتىۋاتقان تەرەپكە كەينىنى ئىشىك تەرەپكە ئالدىنى قىلدۇرۇپ تىزىلدۇرغان. تەجرىبە نەتىجىسىدە، مال سېتىۋالغىنى يېڭىدىن كىرگەن كىشى كىرىپ دەقىقە ئىچىدە مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دەرھال باشقىلار بىلەن ئوخشاشلا مال سېتىۋاتقان تەرەپكە ئارقىنى قىلىپ تۇرغان. ئەمەلىيەتتە مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن كىرگەن ئادەمنىڭ مال سېتىلىۋاتقان تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ تۇرىشى كىچىك بالىمۇ بىلىدىغان ئىش. لېكىن بۇ يەردىكى ئومۇمىي كەيپىيات كىشىلەرنى ئەقلىنى ئىشلىتىشتىن تامامەن مەھرۇم قىلغان. كوممۇنىستلار دەل مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى، ئىنساندىكى ئەڭ تۈپكى ئىقتىدار بولغان ئەقىل ئىشلىتىشتىن مەھرۇم قىلغان. يەنى مەلۇم بىر شوئارنى ھەممە ئادەمگە ئېيتقۇزۇش، ھەممە يەرگە چاپلاپ قويۇش، كۈندە سانسىز قېتىم تەكرارلاش ئارقىلىق كىشىلەردىكى ئاشۇ شوئار ھەققىدە پىكىر

قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ھەممە ئادەمنى ئاڭسىز قوبۇل قىلدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق گىپنوزلۇققا ئوخشاش ئۈنۈمگىمۇ ئېرىشكىلى بولىدۇ. كىشىلەر ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلغان نەرسە ئۇلارنىڭ ئەقلىنىڭ تاللىشىدىن ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن بىۋاستە كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا سىڭىپ كىرىپ بىر خىل شەرتلىك رېفلېكسقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەممە ئادەم ئاڭسىز ھالدا ئۇنى قوبۇل قىلىپلا قالماي يەنە ئۇنىڭغا تايىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاشۇ شۇئارلارنىڭ تەكرارلىنىشىغا كۆنۈپ قالغان كىشىلەر ئۇ شۇئار تەكرارلانماس بولۇپ قالغاندا ئۆزلىرى ئۇزاقتىن بېرى ئىشىنىپ كەلگەن ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك، روھىي جەھەتتە تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلۈپ، كىرزىس تۇيغۇسىغا پېتىپ قېلىپ نالە قىلىشىدۇ. تەكرارلانغان شۇئارنى ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىسىگە قاراپ بېسىپ كېلىۋاتقان سەلدەك قارشىلىقسىز ھالدا كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى كونترول قىلىشىن، مېڭە يۇيۇش دېيىلىدۇ. سوقرات: «تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ» دېگەنىدى. كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىدىن ئۆلگىدەك قورقىدىغان بۇ ھۆكۈمەت كىشىلەرنى تەپەككۇردىن مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ياشاشقا ئەرزىمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ ... ئۇلار مانا مۇشۇنداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۇلارغا تۇيدۇرماي ئىگىلەپ بولدى. ھېلىمۇ بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئۇلارنىڭ خالىغانچە يىراقتىن قوماندانلىق قىلىشىغا ئۆزىمۇ بىلمەي بوي سۇنماقتا. ئۇلار داۋاملىق بىزنىڭ پىسخىكىمىزنى ئۆزى خالىغانچە شەكىللەندۈرۈپ، خالىسا ئۇنىڭدا ئۆز سايىمىزدىن ئۆزىمىز قورقىدىغان مىخانىزمنى پەيدا قىلىدۇ. خالىسا بىزنىڭ ھەممىمىزنى بىر بىرىمىزگە ئىشەنمەس قىلىۋېتىدۇ، خالىسا بىزنى بىر بىرىمىزگە دۈشمەن قىلىۋېتەلەيدۇ. تارىختىن بېرى سانسىز قېتىم ئۇرۇش قىلىپمۇ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولىشىمىز، دەل بىزنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئەركىنلىككە ئېرىشكەن چاغدىمۇ روھىي جەھەتتە ئۆزىمىز ئۇقمىغان ھالدا ئىگىلىنىپ كەتكەچكە روھىي جەھەتتىكى قۇللۇقتىن قۇتۇلالمىغانلىقىمىزدىندۇر. ھېلىقى چېگرا قاراۋۇلخانىسىدا نەچچە يۈز ئادەمنىڭ 16 ئەسكەردىن قورقۇپ ئۆتەلمىگەنلىكى بۇنىڭ ئىسپاتى. بىلەمسىز، ئاشۇ چاغدا ھىندىستان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنى ئۇلارنىڭ روھى ئەمەس پەقەتلا بەدىنى. ئۇلارنىڭ تېنى ئەركىنلىك تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنى بىلەن روھى مەھكۇملۇقنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىغا قاراپ شۇڭغىماقتىدى. ئادەمنىڭ تېنى

مەھكۇم بولسا قۇتۇلغىلى بولىدۇ. كىيىزا كىشەنلەرنى چېقىۋېتىش مۇمكىن، تۈرمىنى تېشىش مۇمكىن، لېكىن ئادەم روھى جەھەتتە مەھكۇم بولسا ھېچنەرسە قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى سىز سولانغان روھىي تۈرمىنىڭ تېشەي دېسىڭىز تېمى يوق، چاقاي دېسىڭىز كىيىزا كىشەن يوق. روھىي جەھەتتىكى مەھكۇملۇق ئىنساننى ئەنە شۇنداق قورقۇنچاق قىلىۋېتىدۇ.

راست، ئەگەر بىز مۇشۇنداقلا قورقۇۋېرىدىغان بولساق، ھېچ زامان تەشكىللىنەلمەيتۇق. تەشكىللىنەلمەسلىك، خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ساغلام داۋامى دېگەن سۆز ئىدى. مەن بۇ پىسخىكىنىڭ سۈنئىي شەكىللەندۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئويلاپ كۆرمىگەن ئىكەنمەن. بۇنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتىم ھەمدە بۇ مېنىڭ ئەقلىمگە ياتتى. تامامەن مۇمكىن ئىدى. مەن يەنە بىر پۇرسەتتىنى تېپىپ سابىت ئەپەندىدىن بۇ ئىشنىڭ قانداق كونكرېت تەرتىپتە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەققىدىكى مۇھاكىمىسىنى ئاڭلاپ بېقىشىم كېرەك.

✍ ✍ ✍

**مائارىپ** ۋازارىتىگە خىزمەتكە تەيىنلەندىم.

ھە، راست، تاكى 1957 ـ يىلىغىچە قەدەر ۋازارەت دېيىلەتتى، بىلەمسىز؟ ۋازارەت كېيىن نازارەت بولۇپ ئۆزگۈرۈپ كەتتى. ناھايىتى ئاسان، شۇنداق سىلىققىنە! نېمە زۆرۈرىيەت باردى؟ ۋازارەت «ۋەزىر» سۆزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «ۋەزىرلىك» مەنىسىگە ئىگە. ۋەزىرلىك دېگەن دۆلەتتە بولۇدىغان بىر ئورگان. نازارەت دېگەن كىچىك باشقا كەيدۈرسىمۇ، يوغۇنراققا كەيدۈرسىمۇ بولۇدىغان بىر قالپاق. قارالڭ، ئۈستىلۇقا، پەقەت بىر ھەرپىنىلا ئۆزگەرتكەن، ئانچە چوڭ زىيان بولمىغاندەك. بۇ يەنە نېمىگە ئوخشايدۇ، دېسىڭىز، بىزنىڭ دىنىي بايراملىرىمىزنىڭ ناماز كۈنىنى ياكى بىرىنچى كۈنىنى بەلگىلىگەندەك بىر ئىش. ھەرزامان بىر كۈن كېيىن بولىدۇ. پەقەت بىر كۈنلا! شۇنداق ئاددىي، زىيان بولىدىغان بىر مەنپەئەت ئوتتۇرىدا كۆرۈنمەيدۇ، شۇنداققۇ؟ شۇڭا ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. راست ئەمەسمۇ؟ بىر كۈنگە نېمە بوپتۇ؟ ئەمما بىر بايرام، بىر خاتىرە كۈنىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ دەللىكىدە! بولۇپمۇ دىنىي بايرام،

پۈتۈن دۇنيادا ئوخشاش بىر كۈندە نامىز ئوقۇلۇدۇ. ئەمما پەقەت بىزلا بىر كۈن كېيىن ئوقۇيمىز، ئويلىمايمىزكى، بۇنىڭ بىلەن گويا بىز باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشىمايدىغان بىر تىپتىن! بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى سۇسلاشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، يەنە دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزغا بىر ئوخشىماسلىقنى پەيدا قىلىش. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھال تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن بىر پاكىت بولۇپ خىزمەت قىلىشى، ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. مانا شۇنداق، ئاددىي، ئاستا، كىچىك ـ كىچىك ئۆزگۈرۈشلەر، يەنە شۇنىمۇ دەي، «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دېيىشتىن قېچىش ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دېگەن ئاتالغۇدەك.... سىز ئون مىڭلىغان يىللاردىن بېرى تامچىلىغان سۇنىڭ قاتتىق قىيا تاشنى قانداق چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ خىتايلارنىڭ مېتودى مانا شۇنداق.

ئەمدى ئەسلى ماۋزۇغا قايتىپ كېلەي:

بىرەر مەكتەپكە بولماي، مۇشۇنداق بىر ئىش بولغىنى كۆڭلۈمنى بەكمۇ بىرىم قىلدى. ھەر كۈنى خىتايلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەش كېرەك. يا ئۇنىسىز بويسۇنۇپ، «ياغاچ پىچاق» باشلىق بولۇشۇڭ كېرەك، كەسكىن بولۇمەن دېسەڭ، خىتايلار بىلەن قەدەمدە بىر قارشىلىشىدىغان گەپ. مائاشىممۇ خېلى يوقۇرى ئىدى. ئەڭ دەسلەپ تېجەلگەن يۈز سوم پۇلنى ئوغلۇمغا ئەۋەتتىم. ھازىر ئۇنىڭ ئۆيلۈنۈش يېشى ئىدى. مەنغۇ كىچىكراق ئۆيلەنگەن، ئۇ بولسا نورمال ئۆيلۈنۈش يېشىغىمۇ كېلىپ قالدى. بېقىپ چوڭ قىلغان بىچارىلارغا ئىغىرلىق سېلىۋەرمەي، ئەمدى پۇل ئەۋەتىپ تۇراي، دېگەنلەرنى ئويلىدۇم. يۈز سوم پۇل ئۇ چاغلاردا بەك جىق پۇل ئىدى. كادىرلار 30 سومدىن باشلاپ ئىشلەيتى. ئەگەر ئوغلۇمنىڭ تويغا جابدۇپ تۇرغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولسا جەزمەنكى ئۇنىڭ تويى ئۈچۈن يېتەتتى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشى بىلەنلا نۇرغۇن يوشۇرۇن زىددىيەتلەر ئاشكارىلاندى. نەچچە ۋاقىتتىن كوممۇنىستلار ھېچ بولمىسا سوۋېت فورمىسىدىكى فېدراتسىيە بېرىدۇ دەپ ئىشەنگەن كۆپ ساندىكى زىيالىلار، مىللىي ئارمىيە سېپىدىن كەلگەن كوممۇنىستلار بىردىنلا ئۈمىتسىزلىنىپ، قارشى مەيدانلىرىنى ئاشكارىلىدى. مائارىپ نازىرى ئىبراھىم تۇردى (مېنىڭ

خىزمەتدىشىم، مەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئىدىم) ھەر يەردە ئاپتونومىيە دېگەننى مەسخىرە قىلىپلا يۈردى. ھەتتا رەسمىي يىغىنلاردىمۇ ئوخشاش تەلەپپۇز بىلەن گەپ قىلاتتى. كومپارتىيىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆز بويامچىلىق بىلەن چىقارغان «مىللىيلاشتۇرۇش» دېگەن ساختا سىياسىتىگە ئېسىلىۋېلىپ:

— پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك، — دەپ، نازارەتكە نۇرغۇن مىللىي كادىر ئالدى. ئەسلىدە بار بولغان خىتايلاردىن بىرمۇنچىسىنى قىسقارتىۋەتتى. «مىللىي نىسبەت پارتىيىنىڭ ‹مىللىيلەشتۈرۈش› سىياسىتىگە ئۇيغۇن بولىشى كېرەك» دەپ ئەپچىللىك بىلەن باھانە قىلدى. قالتىس ئادەم-دە ئۇ.

شۇنداق قىلىپ، نازارەتتىن ھەيدەلگەن خىتايلار ئەرز قىلىپ، رايونلۇق ھۆكۈمەتكە راسا باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى. ئىبراھىمكامنىڭ دېيىشىچە سەيپىددىن ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ، «مىللىيلەشتۈرۈش» مەسىلىسىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ نەسىھەت قىپتۇ. ئەمما ئىبراھىمكام جاھىللىق قىلىپ:

— مەن پارتىيىنىڭ دېگىنىنى قىلدىم، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ، — بولمىسا «بۇ سىياسەت كۆز بوياش ئۈچۈن مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئىدى» دەڭلا، مەن باش ئەگەي، — دەپتۇ.

ئۇندىن باشقا ئىبراھىمكام باشقا نازارەتتىكىلەرگىمۇ ئۆزىنىڭ «قىممەتلىك تەجرىبىلىرى»نى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىمۇ ئۆگۈنۈشكە دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. ھەتتا ئۈرۈمچىدە شۇ يىللاردا يېڭىدىن سېلىنماقچى بولغان بىر قىسىم بىنالار ئۈچۈنمۇ ئۇ قەشقەرگە بېرىپ، كونا مىللىي نۇسقىدىكى بىنالارنىڭ شەكلىنى سىزدۇرۇپ كېلىپ، «بىنانىمۇ مىللىيچە سېلىش كېرەك» دەپ تۇرۇۋالغان ئىدى.

دەل ئوخشاش ۋاقىتتا زىيا سەمىدى — مەدەنىيەت نازىرى — مۇ ئىبراھىم تۇردى بىلەن ماس قەدەمدە ھەركەت قىلدى. ئاشكارە سورۇنلاردا ئاپتونومىيەنى مەسخىرە قىلدى. ئابلىز مەخسۇممۇ خىتايلار بىزنى ئالدىدى، دەپ قاخشاپ يۈردى. زىيا سەمەدى كەشىپ قىلغان بىر تەڭسىزلىك فورمۇلىسىمۇ باردى:

1:3:6 بۇ فورمۇلىنىڭ كۆرسىتىشىچە بىر خىتاي، ئۈچ قازاق، ئالتە ئۇيغۇرنىڭ كىرىمى ئۆز ئارا تەڭ ئىدى.

ھەتتا ئىبراھىمكام بىرمۇنچە ساتىرىك مەسىلىلەرنى يېزىپ، خىتايلارنى قامچىلىدى. مەسىلەن: «قوشچى بىلەن چاشقان» دېگەندەكلەرنى يېزىپ خىتايلارنى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا توشۇشقىلا تۇرغان ئوغرى چاشقانغا ئوخشاتقان ئىدى. ئۇ يەنە تېخىمۇ قاپىيۇرەكلىك بىلەن:

ئاپتونوم دېگەن بىلەن،
ئۇيغۇرىستان بولمىدى؛
سېكرېتارى خەنسۇدىن
ئۇيغۇرغا ھوقۇق قالمىدى.

دەپ شېئىر يېزىپ، بۇ شېئىر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، قولدىن قولغا ئۆتۈپ جەمىيەتكە تارقىلىپ كەتتى. خىتايلارنىڭ سەۋرىسى چەككە يېتىپ، ئۇنى ۋە زىيا سەمەدىنى خىزمەتتىن توختۇتۇپ، تەنقىدلەش دولقۇنى قوزغىدى. خىزمەتتىن توختۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئاغزى بېسىقمىدى. ئىبراھىمكام ھېچ زامان «خىتاي»مۇ دېگىلى ئۇنىماي، ھەر يەردە «ماڭقىلار» دەپ ئاتايتى. 1957 ـ يىلىدا كومپارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن بىر خىتاي نەزىرىيىچى تەرىپىدىن «مىللىي بۆلۈنۈپ چىقىش ھەققىدە تەنقىدىي مۇلاھىزىلەر[1]» ناملىق بىر كىتاپ يېزىلىپ نەشىر قىلىنىپ، كىتاپتا خاس ئىبراھىم تۇردى بىلەن زىيا سەمەدىنىڭ «ئەكسىيەتچى تار مىللەتچىلىك» ئىدىيىسى خىزمەت ئۈستىدىكى ئەمەلىي مىساللار بىلەن تىلغا ئېلىپ تەنقىدلەنگەن ئىدى.

بۇ تەنقىدلەش دولقۇنىدىن كېيىن ئىبراھىم تۇردى كۆپ قېتىم سورۇنلاردا ئاممىۋى تەنقىد، كۆرەشلەر بىلەن «سېيستىلغان»دىن كېيىن، رەسمىي قولغا

---

[1] ئىبراھىم تۇردى ۋە زىيا سەمەدىنىڭ يوقۇردا زىكرى قىلىنغان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە دائىر مىساللارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر كىتاپتا تىلغا ئېلىنغان ئىدى، ــ ھەتتا ئىبراھىم تۇردىنىڭ خىتايلارنى دايىملا «ماڭقىلار» دەپ ئاتايدىغانلىقىمۇ شۇ كىتاپتا تىلغا ئېلىنغان، ــ ئا.

ئېلىندى. ئىبراھىم تۇردى ۋە زىيا سەمەدى تەنقىدلىنىۋاتقان چاغلاردا ۋە ئۇنىدىن بۇرۇن — ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشىدىن كېيىن نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەخپىي تەشكىلاتلىرى پاش بولۇپ، ياش قىز - ئوغلانلار تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ تۇرۇدىغان بولدى. بۇلارنىڭ مەكتەپلەردە بولۇشى خىتايلارنى بەكمۇ چۆچۈتەتتى. چۈنكى خىتايلار ئالدىنقى بىر ئەۋلادنى قاتمال كاللا، خىتايغا قارشى كەيپىياتى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ قارىسىمۇ، ياشلارنى تامامەن ئالداپ، ئۆز مەپكۇرىسىگە ئىشەندۈرگىلى، قوللۇقتا كۆندۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. قېرىشقاندەك، ياشلارنىڭ تېخىمۇ ئۆزلۈكسىز قارشىلىقى خىتايلارنى بەكمۇ خاپا قىلغاچقا مەكتەپ رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. مائارىپ ۋازىرتىمۇ تەنقىتكە ئۇچرايتتى. ئىبراھىمكام خىزمەتتىن توختىتۇلغاندىن كېيىن مەن مۇۋەققەت نازىر بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدىم. ئەمما كۆڭلۈم بەكمۇ غەش بولدى. بۇ خۇددى تەمسىللىرىمىزدە ئېيتىلغان: «دادامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى، تەلپىكىنى ئىتلار تالاشتى» دېگەندەك بولۇۋاتامدۇ، نېمە دەپ خۇدۇكسىرەيتتىم.

خىتايلار مېنىڭ ئۈستۈمدىنمۇ كۆپ ئەرز قىلىشتى: «خىتاي» دەيدۇ، خەنسۇ دېمەيدۇ، غۇرۇرىمىزنى بەك چەيلىۋەتتى، دېگەندەك مەزمۇنلاردا. سەيپىددىن ماڭىمۇ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن چاقىردى. ئەمما مەن «خىتاي» دېگەن ئۇيغۇرچىدا ئاشۇ مىللەتنىڭ ئىسمى، دېگەن قارىشىمدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ «نەسىھەتى»نى يۇقتۇرماي قايتىپ چىقتىم. ئارقىدىن باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە زەربە بېرىش» دولقۇنىدا مەنمۇ قولغا ئېلىندىم. بىر جەھەتتىن بىزدەكلەرگە تۈرمىمۇ ياخشىراق. ۋىجدان ئازابى تارتىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كەلمەيدۇ. يەنە ئۈستىلەپ قىينايدىغان مەنىۋىي قىينچىلىقلارمۇ يوق. دەل ئاتۇشقا بېرىپ كېلىشكە جابدۇپ يۈرگەن كۈنلىرىم ئىدى. نېسىپ بولمىسا مانا شۇنداق بولۇدىكەن. «بوسۇغا داۋان» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، شۇ داۋاندىن چىقالماي، ئارىسالدى بولۇپ يۈرۈپ، ئۇنىمۇ تۈگەتتۇق. شۇنداق قىلىپ يەنە تۈرمە ھاياتىم باشلىنىپ، بىر ھېساپتا خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

كېيىن ئۇچقى قالپىقى بىلەن ئۇيغۇرمۇ پەيدا بولدى.

ئۇيغۇرنىڭ دېيىشىچە رېھىم ساۋاقدىشى ئۆزىگە كەلگەن ئامەتتىن مەست

بولغاچقا، پارتىيەگە ساداقەتنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرنىڭ نورمالدا تالا ـ تۈزدە سۆزلەپ يۈرىدىغان سۆزلىرىنى، ئۆزگىلا دېگەن بەزى گەپلىرىنى «تەشكىل»گە مەلۇم قىلىپ، ئۇيغۇر بىلەن چەك ـ چېگرىسىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇيغۇر بولارنىڭ ھەممىسىدىن تېنىۋالغاچقا، رېھىمنى يۈزلەشتۈرۈشكە توغرا كەپتۇ. رېھىم ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە ھالدا ئۇنىڭ پارتىيەگە قارشى مەيدانىنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا «دوستانە» نەسىھەت قىپتۇ.

ـــ مانا شۇنىسى ماڭا ئېغىر كەلدى، ـــ دېدى ئۇيغۇر، ـــ قارىماسىەن، بۇ ساۋاقدىشىمنى، بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆيلۈنۈۋاپسەن دەپ پەتىگە بارغاندا دېيىشكەن گەپلەرنىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرۈدۇ، ئۇ ئېشەك!

ـــ سەن ئادەملەردىن شەپقەت كۈتكەنلىكىڭ ئۈچۈن بۇ ئاللاھنىڭ جازاسىدۇر، بەلكىم، ـــ دېدىم ھەم چاخچاقتەك، ھەم جىددىي، ـــ بەندىدىن شەپقەت تىلىمەك گۇناھ. شەپقەتنى ئاللاھتىنلا تىلەيمىز، ئۇيغۇر.

بىرەر يىل ئۆتكەندە رېھىممۇ «ئوڭچى ئۇنسۇر»بولۇپ قولغا ئېلىنىپتىكەن، ھەممىمىز باشقا ـ باشقا تۈرمىلەرگە قامالغاچقا خەۋەرسىز بولۇپتۇق. كېيىن ئەمگەك لاگېرىدا كۆرۈشتۇق. 1957 ـ يىلىدا مېنىڭ ئۇستازىم ۋە رېھىمنىڭ خىزمەتدىشى مالىياڭجۇن ھەزرەت ئالەمدىن ئۆتۈپ، قىسقا مۇددەت رېھىم ئۇنىڭ ئورنىغا مۇۋەققەت رەئىس بولۇپ تۇرغان ئىدى. ۋاي، ئۇ چاغدىكى ھالىنى كۆرسىڭىز ئۇنىڭ! بەلكىم مانا شۇ چاغدىكى مەمنۇنىيەتتىن ئىچىگە پاتماي، كومپارتىيەگە ساداقەت ئىپادىلەپ، دوستلىرىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرماي سېتىۋەرگەن بولسا كېرەك.

كۆپ ئۆتمەي بىزنى مەلۇم خىتاي ئىش ـ قۇر قىسىملىرى جايلاشقان يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان بوز يەرگە، بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتتى. قاپ ـ قاراڭغۇ زەي كامېردا ياتقاندىن كۆرە پارلاق قوياش نۇرى ئاستىدا، غۇبارسىز كۆك ئاسمانىنى، چەكسىز كەتكەن ئانا تۇپراق دالالىرىنى تاماشا قىلغاچ ئىشلىگەن مىڭ ياخشى ئىدى. ئاللاھقا شۈكرى، جىسمانىي قۇۋۋىتىمدىن ئېيتقاندا ئەمگەك مەن ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس، بەلكى بىر تۈرلۈك گىمناستىكا ئىدى. بۇ يەردە ئاساسلىق قىيىنچىلىق كىتاپ يوق ئىدى. بار ئىدى، ئەمما شۇ كوممۇنىستلارنىڭ مەپكۈرىسىنى ئىچۈرۈشكە چىقىرىلغان كىتاپلار، ماۋزېدوڭنىڭ كىتاپلىرى، يەنە

شۇنداق قۇرۇق گەپلەرگە تولغان گېزىتلەر. ھېلىقى ئىبراھىمكام بىلەن زىيا سەمەدى تەنقىد قىلىنغان كىتاپنىمۇ شۇ يەردە بىزگە ئۆگۈنۈش قىلدۇرغان ئىدى.

بۇ يەردە ساپلا بەقۇۋۋەت ياش يىگىتلەر بارىدى. كۆپىنچىسى «باندىت تازىلاش» ھەركىتىنىڭ ئەسىرلىرى ئىدى. 1950 - يىلى ئاراتۈركتە خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، خېلى ئۇزاق قارشىلىق كۆرسەتكەن ئاراتۈرك جېڭىنىڭ قەھرىمانلىرى بۇ يەردە ئىدى. ئۇلارنىڭ يول باشلامچىلىرى، رەھبەرلىرى ئاللىقاچان ئېتىلغان، ئەمما بۇ ئوقۇمىغان دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ باللىرى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بىلەن بۇ يەردە كۆچمەن خىتايلارنى يەرلەشتۈرىدىغان نۇقتىلاردا بوز يەر ئاچماقتا ئىدى. كوممىست مەپكۇرىسىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆگۈنۈشلەردە گورۇپپىلاردا بىرەردىن ئوقۇغانلارنى گېزىت ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇتى. مەنمۇ ئاشۇ قەھرىمان يىگىتلەرگە مەسئۇل ئىدىم، ئەمما بېشىمىزدا يايلار قاراپ تۇرمىغاندىلا، ئۇلارنى گەپكە سېلىپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ قىزىقاتتىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دىنىي تەشۋىقات قىلىشنى گېزىت ئوقۇشنىڭ ئورنىغا قوياتتىم. ئۇلارنى ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشقا دەۋەت قىلاتتىم. بۇ يەردە بىزدىن بولمىغانلار، مۇناپىق دەپ قارالغانلار، چېقىمچىلار بۇ يىگىتلەردىن ئەدىپىنى يەيتى.

رېھىمنىڭ بەكمۇ روھى چۈشۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ «ئەمدى توغرا يولنى تاپتىم، كوممۇنىست پارتىيەلا ھەقىقىي قۇتقازغۇچى» دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى خىجالەتتىن ئۆزىنى قويۇدۇغان يەر تاپالماي قالغان ئىدى. ئەمما مەندە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى، ياغاچ ئاكتىپلىق قىلىپ، تېرىسىگە پاتماي كەتكەنلىرىنى يۈزىگە سېلىش نىيىتى يوق ئىدى. شۇغۇنىسى ئۇيغۇر ئاغزىنى شۇك تۇتمىدى:

— ھە، غوجام، ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كەپلا، ھە نېمە بوسا، — دېدى قەشقەر تەلەپپۇزىنى تەقلىت قىلىپ.

— كەلدۇق، ئاداش، قىسمەت شۇنداقكەن، — دېدى ئۇ يەرگە قارىۋېلىپ، — ئالدىڭلادا خىجىلمەن، ئازماس ئاللاھ دېگەن گەپ بار...

— ھە، مۇشۇنداق ئىشلار، سورىقى بار جاھان، ئامەت كەلگەندە دەندەپ كەتمىگەن ئوغۇل بالا — ئوغۇل بالا بولۇدۇ جۇما، ئاداش.

— ئۇيغۇر، بولدى قىل ئۇنداق گەپلەرنى، — دەپ جىملىدىم مەن، — نېمە كېرىكى؟ ئادەم دېگەن شۇنداق، «خام سۈت ئەمگەن نېمە» دەيدىغان گېپىمىز يوقمۇ؟ ھە، ئاستا - ئاستا تەجرىبىلەر جۇغلۇنۇپ، چۈشۈنۈدۇغان گەپ.

رېھىم مېنىڭ بۇنداق ھۇجۇمىدىن قوغداش مەيدانىمىدىن تەسىرلەندىمىكىن، كېيىن ماڭا كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ:

— سىلىنىڭ تۇتقان يوللىرى توغرىدەك تۇرۇدۇ، ئەمدى شۇنى ھىس قىلىۋاتىمەن. ئاشۇ بىردەملىك گول قىلىشلاردا خۇدۇمنى بىلمەي قالغانلىرىمنى ئويلىسام بەكمۇ خىجالەت بولۇمەن. بەزى ئادەملەرنى رەنجىتىپتىكەنمەن؛ بەزىلىرىگە ئۇۋالمۇ قىپتىكەنمەن. ئەمدى «ئەجەبا كىم ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن؟ قىلدىم» دېگەنلەرنى ئويلىسام راستىنلا ساراڭكەنمەن،.... — دېدى. ئۇنىڭ بۇنداق ھەقنى تونۇشى مېنى تەسىرلەندۈرگەچكە، ئۇنى نامازغا دەۋەت قىلدىم. باشقا كۈن چۈشكەندە ئاللاھقا ئىبىسلىش توغرىسىدا بىرمۇنچە ۋەز ئېيتتىم.

ئۇ بەكلا يىتىمسىراپ، خوتۇن - بالىلىرىنى سېغىنىپ ئاران تۇرغاچقا، ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلى يۇمشاپ كەتكەن ئىدى. تېزلا ناماز ئوقۇشنى باشلىدى.

بىزنىڭ بۇ ئەمگەك لاگىرىمىز بىر كۆمۈر كېنىغا يېقىن ئىدى. بىزلەردىن بەزىلەر ئەتراپتىكى ئىش - قۇر قىسىملىرىغا قوشنا يەرلەردە دىھقانچىلىقتا، بەزىلەر كۆمۈركانغا تەۋە كوكۇس كۆيدۈرۈش مەيدانىدا ئىشلەيتۇق. كوكۇس كويدۇرۇش مەيدانى ساپلا كۆيۈك تۇپراقتا تولغان بولغاچقا، ئازراقلا سالقىن چىقسا بۇ كۆيۈپ يېنىكلەپ كەتكەن تۇپراقنى ئۇچۇرۇپ كۆزگە تىقاتتى. بۇ يەردە مۇھاپىزەت كۆزەينەكسىز ئىشلىگىلى بولمايتى؛ قائىدىمۇ شۇ ئىدى. ئەمما جىنايەتچىلەرگە كۆزئەينەك بەرمىگەچكە، ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يەردە ئىشلەشنى تالىشاتتى. بىرلا سەۋەبى، ئۇيچى ئاشخانىنىڭ ئەخلىتىدىن قاتكۆك[1] كۆتىكى تېرىپ كېلىپ بۇ يەردە پۇشۇرۇپ يېيىشكە پۇرسەت بولاتتى. قاتكۆك كۆتىكنى كوكوس ئوچاقلىرىنىڭ ئۈستىنى ياپقان قىزىق تۇپراقتا كۆمۈپ

---

[1] قاتكۆك — ئوتياش تۈرلىرىدىن كەرەم (لاڭقا) نىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى، —ئا.

قويۇپ، يەنە بىر پۇرسەت تېپىپ ئېچىپ ئېلىپ، سىرت تەرىپىدىكى يىپلىق قەۋەتنى سويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرىسى شۇنداق لەززەتلىك تاماق بولاتتى. يۇمشاق پىشاتتى. ئەمما بۇ توغرۇلۇق جىدەل - ماجىرالارمۇ ئاز بولمايتى: ئەخلەتلىكتە ئوتياش قالدۇقلىرى، شوپۇكلىرىنى تالىشىپ ماجىرالار، مۇشتلىششلار، باش يېرىشلار بولۇپلا قالماي، يەنە كوكۇس ئوچاقلىرى تۈۋىدە — ئىش ئۇستىدىمۇ جىدەل بولۇپ تۇراتتى. بىرىنىڭ كۆمۈپ قويغان نەرسىسىنى پىششى هامان يەنە بىرى ئېچىپ ئېلىپ يەۋالاتتى. بۇنىڭ بىلەن ماجىرا كېلىپ چىقاتتى.

بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ جەمىيەتتىكى سالاهىيەتلىرى بىلەن بۇ يەردىكى بۇ قىلمىشنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ كۆرۈدۇغان بولسىڭىز، بۇ بىر دەهشەت ئىدى! ئەخلەتتىن تېرىۋېلىنغان ئوتياش شوپۇكلىرى ۋە كۆتەكلىرى ئۈچۈن كۆرەش!

تەقدىرنىڭ چاخچاقلىرىدىن يەنە بىرى! نېمە، دېمەمسىز؟ بۇ لاگىردا هېلىقى كۆچاردىكى سابىق خوتۇنۇم بىلەن ئۇچراشتىم!

دېيىشىچە 50- يىللارنىڭ بېشىدىنلا تۈرمىدىمىش. پەقەت بۇ يەرگە يېڭىدىن يۆتكەپتۇمىش. بۇ يەرگە كەلگىلىمۇ خېلى ئۇزاق بوپتۇ. ئەمما مېنىڭ ئالدىمغا كېلىشكە يۈزى چىدىماپتۇمىش.

— ئەمدى قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ!؟ — دېدىم ئۇنىڭغا قارىماسلىقتا تىرىشىپ. ئەمما قارىماسلىقتا تىرىشساممۇ يەنىلا ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۆز تاشلاشتىن ئۆزەمنى تۇتالمىدىم. كاساپەت، شۇنچە يىل ئۆتۈپمۇ يەنە شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپتۇ. بويۇنلىرىنىڭ سۈزۈكلىكى، لەۋلىرىدىكى رەڭ، چىشلىرىدىكى سېهىر، كۆزلىرىنى دېمەيلا قوياي. ئۇنىڭغا ئۆزەمنى ئېتىشتىن، ئاشۇ مۇناقى ئۈزۈمدەك سۈزۈك هەم رەڭدار لەۋلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈشتىن ئۆزەمنى كۈچ بىلەن باستىم. شۇنچىلىك كۈچىدىمكى، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى دېسەممۇ بولىدۇ. هېچ زامان ياش چىقمايدىغان كۆزۈمنىڭ چاناقلىرى ئاچچىق بىر سۈيۈقلۇقتا تولغانلىقىدىنلا، بۇ ئالۋاستىنىڭ قانچىلىك جەلپكارلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەندەك بىر بەقۇۋۋەت ئەركەك، ئون يىللاپ ئايال زاتىغا يېقىنلاشمىغان ئەهۋالدا بۇنىڭ قانچىلىك قۇترۇتۇش كۈچى بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارى

بىر ئاز سولاشقاندەكمۇ قىلاتتى. گويا ئاللىقانداق قىيىن ـ قىستاقلارنىڭ ئىزناسىدەك قىزغۇچ جىجىقلامۇ باردى.

ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشى، سولغۇنلۇقى بىلەن بىرلەشكەن گۈزەللىكى، بولۇپمۇ ھېلىلا دومۇلاپ چۈشۈدىغاندەك ماراپ تۇرغان ياشلىرى مېنى بىر ئاز يۇمشاتتى. مەن ئەسلىدىنلا ئاياللارغا رەھىمسىز مۇئامىلە قىلىشقا ئاجىز بىرسىمەن. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كۆز يېشىغا چىدىيالمايمەن. شۇڭا بىر ئاز تەلەپپۇزۇمنى ئۆزگەرتىپ سورۇدۇم:

ـــ خوش، يەنە بىر قېتىم ئالداي دەمسەن؟

ـــ ياق، ئەمدى يەنە قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنداق يالغاننى دېيەلەيتىم. مەن پەقەت سىزنىڭ ھىمايىڭىزگە مۇھتاج...

ـــ بۇ نېمە گەپ؟

ـــ بىلىسىز بۇ يەردىكى ياش جىنايەتچىلەر بەك كەپسىز، بەدقىلىق. مەندەك بىر ئاجىزەنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈنى نېمە بولۇشىنى بىلمەمسىز؟ مەن بەك بوزەك بولۇپ كەتتىم. ھەركىم مېنى ئانىي تېپىۋاتىدۇ. سىز بىر ئېغىز «مېنىڭ خوتۇنۇم» دەپلا قويسىڭىز، ھېچقايسىسى ماڭا چېقىلىشقا پېتىنمايتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، سىز مېنى ئېنىق تالاق قىلغان ئىشىمۇ يوق، ھېلىمۇ شەرئەن ياكى قانۇنەن ئەر ـ خوتۇن ھىساپلىنىمىز، شۇنداق بولسىمۇ، سىزدىن رازىلىق ئالماي تۇرۇپ، «مەن سابىت ئەپەندىنىڭ خوتۇنى» دېيىشتىن قورقتۇم. ئەگەر بىرەرسى سوراپ قالسا ھەئە لا دەپ قويغان بولسىڭىز، نېمىڭىز كېتىدۇ؟ بەربىر مەن سىزگە چاپلىشىپمۇ ئالمايمەن، سىزنىڭمۇ مېنى كۆڭلۈڭىز كۆتۈرمەيدۇغانلىقىنىمۇ بىلىمەن.

ـــ سېنى قانداقمۇ خوتۇنۇم دېيىشكە تىلىم باردۇ؟ نومۇسقۇ بۇ!؟

ـــ مەن سىزدىن سىرتتا ئەمەس، پەقەت مۇشۇ لاگىردا بولغىنىمىز مۇددەتچە ماڭا ھامىي بولۇپ قويۇشىڭىزنى سوراۋاتىمەن. باشقا تەلەپ ئەمەس، پەقەت بىر ئېغىز لەۋز. بۇ مېنىڭ جېنىمغا مۇناسىۋەتلىك. ھەرقانچە بولغاندىمۇ بىر جاننىڭ ناھەق ئۆلۈشىنى خالىمايدىغانسىز؟ بىر مەزگىللىك ئەر ـ خوتۇنچۇلۇقۇمىزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ... بىر كۈنلۈك ئەر ـ خوتۇندا قىرىق يىللىق مېھىر بولۇدۇ، دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟... ـــ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ماراپ تۇرغان

ياش دۇردانىلىرى كەھرىۋادەك، ئەمما شۇئاندا كىرلىشىپ كەتكەن مەڭزىنى بويلاپ دومۇلاشقا باشلىدى. ياش ئېقىپ چۈشكەن يەر يۇيۇلۇپ روشەن بىر يول ئېچىلدىكى، ئۇ يەرنىڭ تېرىسى بۇرۇنقىدەكلا سۈزۈك ئىدى.

ئېچىم ئاغرىشقا باشلىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەيمەن، بىلمەستىنلا ئالدىم، بىلمەستىنلا دامىغا چۈشتۈم، ئەمدى يەنە ئۇنىڭغا يۇمشاپ قېلىۋاتىمەن، بۇ ئالۋاستى زادى كىمدۇ؟ ئۇ ئادەم بالىسىمىدۇ؟ ياكى ھەقىقەتەنمۇ ئالۋاستىمىدۇ؟

— سەن زادى كىم؟ ئىلگىرى مەن ساددىلىقىمدىن سېنىڭ ئەسلى - ۋەسلىڭنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئالدىراپ ئەمرىمگە ئاپتىمەن، ئەمدى يەنە نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسەن؟ «ئۇۋنىڭ ئۇۋچىنى تونۇپ قويغىنىنىڭ زىيىنى يوق» دېگەندەك، ھېچ بولمىسا مەن سېنى تونۇپ قوياي، راستىنى دېگىن. راست گەپ قىلمايۋاتقىنىڭنى سەزگەن ھامان يېنىڭدىن كېتىمەن. چۈنكى مەنمۇ سەن توغرۇلۇق بەزى نەرسىلەرنى ئاڭلىمىدىم ئەمەس، — دەپ قوشۇپ قويدۇم يەنە.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.

— يوشۇرغىدەك نېمەم بولسۇن، ئاللىقاچان ئالدىڭىزدا شەرمەندەم ئېچىلىپ بولغان تۇرسا، ئايىغۇدەك نېمىسى قالدى، — دېدى ئۇ. ۋە چىرايلىق لەۋلىرىنى بىچارىلىك بىلەن تىترىتىپ، — مەن ئون ئۈچ ياشلىرىمدا ئىدىم، يۇرتىمىزغا خىتاي چېرىكلىرى بىلەن بىر ئەمەلدار كەلدى. بىز كۇچارنىڭ ئۇزاق بىر يېزىسىدا ئانام بىلەنلا ياشايتۇق. دادام مەن ئەقلىمگە كەلمەستە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. خىتاي ئەمەلدارنىڭ ماڭا كۆزى چۈشۈپلا مېنى قويۇپ كەتكىسى كەلمەيلا قالدى. ئانامدىن مېنى سورىدى. ئەمما ئانامنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي مېنى ئېلىپ ماڭدى. پاچىقىغا ئېسىلغان ئانامنى قاتتىق تېپىپ يۇمۇلۇتۇۋەتتى. مەن ئانامنىڭ ھالىغا قان يىغلىدىم. ئەمما ئاجىز ئىدىم، قۇتۇلۇشقا چارىسىز ئىدىم.

مېنى ئاقسۇ شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ، ئىككى يىلچە خوتۇن قىلدى. كېيىن مېنى بىر شۆتاڭغا تۇتۇپ بېرىپ غايىپ بولدى. ئۇ خىتاينىڭ قۇچىقىدىن بۇ خىتاينىڭ قۇچىقىغا ئۆتۈپ، يەنە ئىككى يىلچە خىتايچە ئوقۇپ، ساۋادىم چىقتى. يەنە بىر خىتاي ئەمەلدار مېنى چوڭ ئوقۇشتا ئوقۇتۇمەن، دەپ

ئۈرۈمچىگە ئەكەلدى. بۇ يەردە مەن جاسۇسلۇق كۇرسىدا ئوقۇدۇم. نەتىجەم ياخشى بولدى. ماڭا ئەركەكلەرنى قانداق جەلپ قىلىشنىڭ نەزىرىيىسى ئۆگىتىلدى. بۇندىن باشقا كۈندىلىك ئىشلارغا لازىم بولىدىغان جاسۇسلۇق تېخنىكىلىرىدىن شىفىر تېخنىكىسى، كۆرۈنمەيدىغان سىيا ياساش،... دېگەندەكلەرنىمۇ ئۆگەتتى. كېيىن يەنە ئاقسۇغا ئەۋەتتى. ئاقسۇدا ئىلغار ياشلاردا مەلۇم بىر خىل قارشىلىق تەشكىلاتى سېزىلگەن بولسىمۇ، بۇنى پاش قىلالماي تۇرۇۋاتقان ئىكەن.

مېنىڭ ۋەزىپەم بۇ تەشكىلاتتا بولۇش ئېھتىمالى بولغان شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپكە يېقىنلىشىش ئىدى. لۇتپۇللانىڭ شوخ، قىزلارغا ئامراقلىقى ئۇنىڭ نىشان قىلىپ تاللىنىشىدىكى سەۋەپ ئىدى. مېنىڭ ئاشكارە سالاھىيىتىم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى. ئىلغار ياشلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتىم. بۇ چاغدا ئابدۇللاھ روزىنىڭ دىراممىلىرى سەھنىلەشتۈرۈلۈۋاتاتتى. مەنمۇ بەك ئاكتىپلاردىن ئىدىم. كۆپ ئۆتمەيلا لۇتپۇللانىڭ دىققىتىنى ئۆزەمگە تارتتىم. ئۇنىڭ بىلەن پەۋقۇلئاددە يېقىنلىق هاسىل قىلدۇق. ئۇ مېنىڭ جەڭگىۋار، ئىلغار بىر قىز ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، مېنىمۇ بۇ تەشكىلاتقا دەۋەت قىلدى. تەشكىلاتنىڭ مەخسىدىنى تونۇشتۇردى....

— ۋاي شەقىقە مىكىجىن! — دەۋەتتىم چىديالماي، — سەن هايۋاننىڭ قىلغان ئىشىگىمىدى شۇمۇ؟

— هەئە، مەنتىم. مەن پاش قىلغان ئىدىم... راستىنى دە، دېدىڭىز، دېدىم. سىزگە داۋاملىق سەمىمىيەتسىزلىك قىلالمايمەن...

— نېمىشكە ئەمدى؟

— بىلەمسىز، سىز بىلەن توي قىلىپ هاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئادەمدەك هايات كەچۈرگەنىدىم. هەقىقىي بىر ئائىلەم، خەلق سۆيگەن، هۆرمەتلىك ئېرىم بولغانىدى. سىزنى سېتىشقا مەجبۇر بولىۋاتقان ئاخىرقى كۈنلەردە شۇنچىلىك ئازاپلاندىمكى، بۇنى بىر ئۆزەم بىلىمەن. بۇنى دېسەم كىم ماڭا ئىشىنىدۇ؟ هەتتا سىز قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ كۇچار خەلقى مېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. بۇ مەسۇم خەلق مېنىڭ ئۆز قولۇم بىلەن سىزنى زىندانغا ئۇزاتقىنىمنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇلار مېنى «سابىت ئەپەندىنىڭ خانىمى» دەپ شۇنچىلىك هۆرمەت قىلاتتى، ئۇۋال بولدى دەپ، هەركىم مېنىڭ هالىمدىن خەۋەر ئېلىشقا،

هەر كىم بىرەر ئىشىمغا ياردەم قىلىشقا تەييارلا ئىدى. بۇلارنىڭ هەممىسى سىزنىڭ ئايالىڭىز بولغانلىقىمدىن ئىدى. هاياتىم بويىچە خورلۇق ئىچىدە ئۆستۈم، خىتايلارنىڭ مەسخىرىسىنىڭ بىۋاسىتە نىشانى بولدۇم. هېچكىم مېنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئەنە شۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مېنىڭ هاياتىمدىكى ئادەم هاياتى بولغان ئىدى.

بەلكىم سورارسىز، هەركىممۇ سورىشى مۇمكىن، «ئەجەبا شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا ساتقۇنلۇق قىلدىڭ؟» مەن مەجبۇر ئىدىم. ئەگەر بىردىنلا ۋەزىپىدىن ۋاز كېچىپ، ياخشى بىر ئائىلە ئايالى بولۇپ ياشاي دېسەم ماڭا رۇخسەت يوق ئىدى. مەن كوچىدىكى دىۋانىدىنمۇ بەك تەلەيسىز ئىدىم. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز خاهىشى بىلەن ياشاش هوقۇقى بار، ئەمما مەن خالىسام توي قىلىپ، خالىسام ئۆي تۇتۇدۇغان هەققىم يوقىدى. ئەسلىدە سىز بىلەن توي قىلىشىممۇ مۆلچەرلەنگەن ئىش ئەمەس ئىدى. سىزنى باشتىن چىقىرىپ، ئاشىنىڭىز بولۇۋالسام بولاتتى. بىراق، سىز تەقۋادار ئادەم ئىكەنسىز، سىزنى باشتىن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، پىلان ئۆزگەردى. سىزگە خوتۇن بولۇشۇمغا، رەسمىي توي قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىندى. قاراڭ، مەن ياخشى كۆرۈپمۇ توي قىلالمايتىم. نەپرەتلەنسەممۇ نېرى تۇرالمايتىم. مەن ئۇلارنىڭ قولىدىكى بىر قورال ئىدىم.

مېنى هەممىدىنمۇ ئازاپلىغىنى، سىزدىن كېيىن پۈتۈن كۇچار خەلقىنىڭ ماڭا شۇنچىلىك ئىچىنىپ، ئىچ ئاغرىتىپ كېتىشلىرى، هۆرمەت قىلىشلىرى بولدى. ئىچىمدىكىنى ئۇلار بىلسە، سىرىمنى ئۇلار بىلسە چالما ـ كېسەك قىلىدىغان يەردە، بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئەڭ ئالىي هۆرمەتلىرىنى ماڭا بېغىشلاۋاتاتتى. ئىچكى سىر ۋە تاشقى مۇئامىلە ئارىسىدىكى بۇ قارىمۇ ـ قارشىلىق مېنى ساراڭ قىلىپ قويۇدۇغاندەكلا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن قاتتىق تەلەپ قىلىپ، كۇچاردىن كېتىشكە رۇخسەت سورۇدۇم.

— ئەمما مەن ئۈرۈمچىدە تۇرمىدە ئىكەن، بىرەر قېتىم يوقلاشقىمۇ بولمىدىمۇ؟ مېنىڭ ئامانەتلىرىم توغرىسىدا ئالدىڭغا ئادەم ئەۋەتكەن چېغىمدا «بۇ بىر ئويۇن ئىدى، ئەمدى ئاخىرلاشتى» دېگەنىكەنسەن، هېچ بولمىسا ئادەمدەك جاۋاپ بەرمەپسەن.

— بىلەمسىز، مەن سىز بىلەن توي قىلىپ، ۋاقىت ئۇزۇراپ كەتكىنىگە، مەندىن گۇمان قىلىشقا باشلاشتى. سەن راستىنلا كۆڭۈل بېرىۋېتىپ بارىسەن، بۇ ئىشتىن باش تارتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىسەن، دەپ قىستاشتى. كېيىن مېنىڭ خەلقىنىڭ ھۆرمەت بېسىمىغا چىدالماي قېچىۋاتقىنىمنىمۇ چۈشىنىپ تۇرۇشتى. شۇ ئىشتىن كېيىن ماڭا ئانچە ئىشەنمەي، سىز بىلەن بىرەر ئالاقىدە بولۇش ئېھتىمالىمنىمۇ مۆلچەرلەكلىك ئىدى. شۇڭا مەن كۆزىتىلىۋاتقانلىقىمنى سېزەتتىم. ئۇنداقكەن، مەن كىمگە ئىشىنىمەن؟

— ئۆيدە قالغان كىتابلىرىم نېمە بولدى؟

— سىزنى ئېلىپ ماڭغانلاردىن كېيىن قالغان بىرنەچچىسى ھەممە كىتاب، قەغەزلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى.

ئۇنىڭ ياش قۇيۇلۇپلا تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا چىدىغۇدەك ھالىم قالمىدى. ئۇنىڭغا راستىنلا ئىچىم ئاغرىدى. باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بىر بىچارە ئىدى. ئەمما ئاجىزلىق ئىپادىلەپ قويماي دەپلا قاتتىق تەلەپپۇزدا سورۇدۇم:

— يېڭى بىر ۋەزىپە يوقلۇقىنى قانداق بىلىمەن؟

— ۋايىيەي، سابىت، سىز ئۇنچىمۇ گول ئادەم ئەمەسقۇ؟ گومىنداڭغا ئىشلىگەن مەندەك بىر رەسۋاغا، كومپارتىيە ئىشىنەمدۇ؟ شۇڭلاشقىمۇ يەتتە يىلدىن بېرى زىنداندىن - زىندانغا، لاگىردىن لاگىرغا سۆرۈلۈپ يۈرۈمەن، — دېدى ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— بوپتۇ، تالا- تۈزگە چىققاندا مەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى دەپ يۈرمە، ئەمما بۇ يەردە ساڭا ھامىي بولۇپ قوياي، ماڭا قىلغان شۇملۇقۇڭنى باشقا ئىنسانلارغا قىلىپ يۈرمە. كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلساڭ بىركۈنى ئۆزەڭگە يانىدۇ، — دېدىم بىر ئاز يۇمشاق تەلەپپۇزدا. «گۈزەللەرنىڭ جىڭگىلەك چاچلىرى ئەقلىنىڭ ئايغىغا زەنجىردۇر ۋە ھۇشيارلىق قۇشى ئۈچۈن تۇزاقتۇر[1]» دېگەندەك بولدىمۇ قانداق؟ دېگەن گۇمان ھامان يۈرىكۈمنى يەپ تۇراتتى.

— ئاللاھ مۇرادىڭىزغا يەتكۈزسۇن، سابىت، سىزنىڭ ماڭا ئەگە

[1] شەيخ سەئدى: «گۈلىستان» دىن، — ئا.

بولۇشۇڭىزدىن ئۈمىدىم باردى. سىز دېگەن يۈمشاق كۆڭۈل ئادەم-دە، — دېدى ئۇ يىغا ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ. كۈلۈمسىرىگەندە ئۇنىڭ چىشلىرى پارلاپ كەتتى. بۇ چىشلار يەنىلا شۇنداق پارلاق ئىدى.

«ۋاي رەسۋا، قىلمىشلىرىڭنى دېمىگەندە پەرىشتىگە ئوخشايسەن-دە!» دېدىم ئىچىمدە.

كېيىن خەلىچەم يەنە يولۇقۇپ:

— ئۇھ، ئارام تاپتىم، رەخمەت، سابىت، — دېدى.

ياش يىگىتلەردىن بەزىلىرى سورىغاندەكمۇ قىلدى. مەن بىر تۈرلۈك ئېنىقسىز تەرزدە: «ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىشما، جۇمۇ!» دەپلا جاۋاپ بەردىم. ئەمما ئۇلار بۇنى ئەر - خوتۇنكەن دەپ چۈشىنىشكەن ئىدى. كېيىن تۈرمە باشلىقلىرى، مەيدان باشلىقلىرىمۇ ئۇقۇپ، ھەپتىدە بىرەر قېتىم جامائەت بار يەردە كۆرۈشۈشلار، ئوغۇرلۇقچە كۆرۈشۈشكە بولمايدۇ، دەپ رۇخسەت قىلدى. ئەمما بىزنىڭ كۆرۈشۈشكە ئېھتىياجىمىز بولمىسىمۇ، بۇ يالغان مۇناسىۋەتنى راست قىلىش ئۈچۈن ئۇچرىشىپ، ئۇن - تۇنسىز بىر ھازا ئولتۇرۇپ ئايرىلىپ كېتەتتۇق. ئۇنىڭ ئاشۇ شەرمەندىلىككە تولغان ھاياتىنى ئويلىساملا ئۇنى قىيما - چىيما قىلىۋەتكۈم كېلەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھەمىشە مەسۇم كۆرۈنىدىغان چىرايىغا قارىغىنىمدا ئىچ ئاغرىتماي تۇرالمايتتىم.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن خەلىچەم ماڭا:

— مېنى يەنە باشقا بىر يەرگە ئەكىتىۋاتىدۇ، خۇداغا ئامانەت، — دېدى. ئۇنىڭ مەيۈسلۈك بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا شۇنچىلىك ئېچىم ئاغرىدىكى، ئاشۇ بارغان يېرىدە ئۇنى كىملەر بوزەك قىلاركىن دېگەنلەرنى ئويلاپ تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ئۆزۈڭگە پەخەس بول، ھەر كىمگە ئىشىنىپ يۈرمىگىن، — دېدىم مەنمۇ كۆيۈنۈپ.

ئەمما ئۇ ئۇزاپ كېتىشىگىلا قەلبىمنى مۇدھىش بىر گۇمان ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ باشقا لاگىرغا «يۆتكىلىشى» ئەينى چاغدا قەشقەردە ناسىراخۇننىڭ «يىگىتنىڭ تۈرمىسىگە يۆتكەيدىكەن» دېگەنلىرىنى ئەسلەتتى. ئەمما قانچە ئويلاپمۇ خەلىچەمنىڭ مەندىن ئېرىشمەكچى بولغىنى

ياكى ئېرىشكىنى نېمە ئىدى؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ تاپالمىدىم. جاۋاپ تاپالمىغان تۇرۇقلۇقمۇ، يەنىلا كۆڭلۈم يېشىلمىدى. بۇنىڭدا بىزدەكلەرگە ئانچىكى تۇيۇلۇدۇغان، ئەمما ئىستىخبارات كەسپىدىكىلەرلا قىممىتىنى بىلىدىغان ئالىلىنېمە باردى. بۇ زادى نېمە سىردۇ؟

✍✍✍

سابىت ئەپەندىنىڭ قانداقلىكىم بولمىسۇن ئاشۇ گۈزەل ئايالغا قانچىلىك كۆڭلى بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەققىدە گەپ بولسىلا، ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنى تەسۋىرلەشكە توغرا كەلسىلا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇۋاتقاندەك قىلىپ كېتەتتى. ھاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا بويتاق ھەمدە تۇرمىدە ئۆتكەن، ئىككى قېتىمدا بىرەر يىلدىن جەمئىي ئىككى يىلچە ئەر- خوتۇنلۇق ھاياتى ياشىغان بۇ بىچارە ئادەمگە ھەر جەھەتتىن كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى.

ئەمدى ئاشۇ يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن يېزىق ئۆزگەرتىش ۋە سابىتنىڭ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھىكايىلىرىنى سوروۋالغۇم كېلىپ، تېمىنى شۇ ياققا بۇرۇدۇم:

— سابىتكا، يېزىق ئۆزگەرتىش لايىھىسى، يەنى يېڭى يېزىقنىڭ لايىھىسى سىزگە تۇرمىدىكى چاغدا كۆرسۇتۇلۇپتىكەن دەپ ئاڭلىغانتۇق، بۇ شۇ قېتىم كۆرسۇتۇلگەنمۇ؟

— ھەئە، شۇ قېتىم كۆرسۇتۇلگەن.

— ئىبراھىم تۇردىغىمۇ كۆرسۇتۇلۇپتىكەن دەپ ئاڭلىغانمىز، قايسىڭلارغا بۇرۇن كۆرسۇتۇلگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— ياق، بىلمەيمەن. بىز بىر يەرگە قامالغان ئەمەس.

— ئاڭلىساق دەسلەپكى لايىھەدە «ژ» ھەرپى يوقكەنمىش، ئىبراھىم تۇردى بۇنى كۆرۈپ، لايىھەنى كۆرسەتكىلى ئاپارغانلار ئىچىدىكى خىتايغا قاراپ: « ‹ژ› ھەرپى ژىننىمالىكىما؟» دەپتىكەن، ئۇنىڭ لايىھەگە قارىتا بارلىق پىكرى شۇنىڭدىن ئىبارەت بوپتۇ، دەپ ئاڭلىغانتۇق. بۇ گەپنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىمۇ بارىكەن، ئۇنىڭدا ئىبراھىم تۇردى «لايىھەڭلاردا نېمىشقا ‹ژ› ھەرپى يوق؟» دەپ سورىغانمىش. «ژ»نى چىقىرىۋېتىشكە تەرەپدار بولغان خىتاي ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سوراپتۇ: «‹ژ› ھەرپىنىڭ نېمىگە كېرىكى؟» بۇنىڭغا ئىبراھىم تۇردى شۇنداق جاۋاپ

بېرىپتۇمىش: « ‹ژ› ھەرپى سەنلەرنى ‹ژىنىنمالىكى!› دېيىشكە كېرەك» بۇ دېيىلگەنلەر راستمىدۇ؟

— راستتەك تۇرۇدۇ، ئاۋۇ گەپ ئىبراھىمكامنىڭ گەپ قىلىش ئۇسلۇبىغا تازىمۇ توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ راست بولسا دېمەك، ماڭا ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرسەتكەن بولۇشى چوقۇم. ماڭا كۆرسەتكەن لايىھەدە «ژ» ھەرپى بار ئىدى.

— خېلى كۆپ ئاشۇنداق ئىشلار تۇرمىدە بولسىڭىزمۇ سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئالىدىغىنى قىزىق، بۇ سىزنىڭ ئىلىم نوپۇزلۇقى بولغىنىڭىزدىن بولسا كېرەك؟ ئەمما ئاشۇ قېتىم يېزىق لايىھىسى سىزگە كۆرسۇتۇلگەن چاغدا نۇرغۇن مىللەتچىلەر سىزنىڭ رەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلغان ئىكەن، قېرىشقاندەك، سىز بۇ لايىھەنى رەت قىلماپسىز. بۇ ھال سىزنى سۆيگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈپتىكەن.

— قارشى تۇرمىغىنىم راست. خەلقنىڭ ئۈمىتسىزلەنگىنىمۇ راستتۇر. چۈنكى خەلق مېنى ھامان ئىنقىلاپچىمىز دەپ بىلىدى. مەن ئىنقىلاپچى ئەمەس دېيەلمىسەممۇ، ئىنقىلاپچىمەن دەپ تۇرۇۋالالمايمەن. مەن ئالدى بىلەن بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ مىللەتنىڭ ئەڭ ئاڭلىق تەبقىسىگە مەنسۇپ. شۇڭا، مەن مەسىلىلەرگە ھىسسىيات، خاھىش ئارىلاشتۇرۇپ مۇئامىلە قىلسام بولمايدۇ. يېزىق مەسىلىسىدە مەن قارشى تۇرغان بولسام نېمە بولاتتى؟ ھېچنېمە! ھېچنېمە ئۆزگەرمەيتى. ئاللىقاچان قارار قىلىنىپ بولۇنغان ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، يېزىق تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلەيدىغان شەرتلىك بەلگىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەسلىدە ئۇنىڭدا ھېچقانداق مىللىيلىك يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە ئىلمىي نۇقتىدىن خاتا بولغان بىر نەچچە ھەرپكە قارشى تۇرغان ئىدىم. تىلىمىزدا يوق، پەقەت خىتاي تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈنلا قوشۇلغان ھەرپلەرگە قارشى تۇردۇم. بۇ ئىلىمگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. بىر مىللەت باشقا بىر مىللەتنىڭ تاۋۇشلىرىنى دەپ ئېلىپبە تۈزۈدىغان ئىش يوق. ئەمما شۇ پىكرىمنىمۇ ھىساپقا ئېلىنمىغان يەردە، يېزىق ئۆزگەرتىشكە تامامەن قارشى تۇرسام نېمىگە ئېرىشەتتۇق؟ يېزىقتا مىللىيلىك يوق دېدۇق، ئەمما بۇگۈن ئېتىۋارى بىلەن بىز بۇنىڭدىن مۇستەسنا ۋە كونسېرى شۇنداق بولماقتا. بۇ يېزىق بىزنىڭ خىتايلار بىلەن نە تىل، نە مەدەنىيەت، نە تارىخ جەھەتلەردە ھېچ ئورتاقلىقىمىزنىڭ يوقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئاجايىپ ياخشى دەلىل. شۇڭا بۇ يېزىقتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

— يەنە بىر سوئالىم بار،...

— خوش؟

— ئاشۇ بارمىقىڭىزنىڭ ئۇچىمۇ شۇ قېتىم كېسىلگەنمىدى؟

— ياق تېخى، مەن يەنە بىر چىقىپ، يەنە كىرىمەنغۇ، كېيىنكى قېتىمدا. كېيىنكىدىمۇ ئەمەسكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىدە.يەنى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا.

— ھە، بىلدىم. بايا يادىمغا كەلگەن بىر سوئال بارىدى ئۇنتۇتقىلى تاس قاپتىمەن.

— خوش؟

— پويىز كەلگەن چاغدا ئىبراھىم تۇردى ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم ئولتۇرسا، سەيپىددىن كىرىپ: «ئىبراھىمكا، پويىز كەلدى!» دەپ خۇشخەۋەر قىلغانمىش، ئىبراھىم تۇردىنىڭ تېخىمۇ مىجەزى قوداڭشىپ: «كەلگەن بولسا ياخشى قىپتۇ، پويىزدا كەلگەنلەرگە قىزىڭنى بېرەرسەن» دەپتۇ دېگەندەك ھېكايىلەرنى ئاڭلايتۇق، راستىمدۇ؟

— ئىبراھىم تۇردى دېدى، دېيىلگەن گەپنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا راستتەك قىلىدىكەن، ئەمما ئەقىل بىلەن قارىغاندا ئۇنداق ئەمەس بولسا كېرەك. چۈنكى سەيپىددىن سىياسيون، ئۇ پويىزنىڭ كېلىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئىبراھىم تۇردىچىلىك چۈشىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئانچە ئىشەنچلىك گەپ ئەمەستەك قىلىدۇ.

ئەمدى مەن سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوزغۇلۇۋاتاتتىم، سابىت ئەپەندى:

— سىز نېمە يېزىشنى پىلانلاۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى تۇيۇقسىزلا.

مەن مەڭدەپ كەتتىم. ئەسلىدە مەن ئۆزەمچە سابىت ئەپەندى بىلەن ئادەتتىكىچە سۆھبەتلىشىۋاتقاندەك تەسىرات بەرسەم، ئۇ مېنىڭ بىر نېمە يېزىش كويىدا ئىكەنلىكىمنى بىلمىسە، تېخىمۇ يېيىلىپ پاراڭ قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ، يېزىشلىرىمنىمۇ ئۆيگە چىققاندىن كېيىن ئاندىن خاتىرىلەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتىم. شۇڭا تەمتىرىگەن ھالدا:

— مېنى چوقۇم بىرنەرسە يازماقچى دەپ ئويلامسىز؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورۇدۇم.

ئۇ ئۆزىگە خاس كۈلۈمسىرىشى بىلەن:

— بىر يازغۇچى مەندەك بىر كونا داشقال بىلەن سۆزلىشىدۇ - يۇ، بىرنەرسە يېزىشنى خىيال قىلمامدۇ؟ — دېدى.

— مەن تېخى ئويلاپ كۆرمىدىم، — دېدىم قىزىرىپ، — يەنى، قانداق تۈردىكى بىرنەرسە يېزىشنى بېكىتەلمىدىم.

— مەنچە ئەدەبىي ئاخبارات يېزىڭ. روماندەك بەدئىيلىككىمۇ ئورۇن بار، ئەمما روماندەك توقۇلما ئەمەس، چىن ۋاقەلەر بايانى.

— مەن تېخى تارىخىي رومان قىلساممىكىن دەپ ئويلىغان....

— ئۇنىمىغۇ يامان دېيەلمەيمەن، ئەمما ئۇ يەنىلا رومان بولغاچقا توقۇلما بار دەپ قارىلىدۇ. ئەمما مەن سىزگە چۆچەك ياكى ئەپسانە سۆزلەپ بەرمەيۋاتىمەن، بەلكى ئۆزەمنىڭ، سەبداشلىرىمنىڭ، زامانداشلىرىمنىڭ ھايات ھېكايىسىنى، مىللىي پاجىئەمىزنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئۆرنىكىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن.

— بولۇدۇ، — دېدىم چىن كۆڭۈلدىن، — مەن بۇنىڭ جىددىيىتىنى ئويلاپ كۆرمەپتىمەن. رومان قىلسام تەسىرلىك بولغىنى بىلەن كىشىلەر بۇنى ھەقىقىي تارىخ ئەمەس، توقۇلما ئارىلاشتۇرۇلۇپ قايتا ئىشلەنگەن سەنئەت ئەسىرى دەپ قارايدىغانلىقى راست، مەن چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن.

✍✍✍

1960-يىلى تۈرمىدىن چىقتۇق، ئۇيغۇرنى خوتەنگە خىزمەتكە ئەۋەتىۋەتتى. بۇ بىر تۈرلۈك سۈرگۈن ئىدى. رېھىم يەنە سىياسىي كېڭەشكە ئىشقا چۈشتى، ئەمما بۇرۇنقى ئەمەلى بېرىلمەي، نامسىز بىر شەكىلدە شىرە ساقلاشقا باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ «كادىرلىق سالاپىتى» دەرھال ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولاتتى. بىز ئۇيغۇر ئائىلىسىنى ئۇزۇتۇپ قويۇش، يۈك - تاقلىرىنى بېسىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن بارغىنىمدا ئۇنى ئەنە شۇ «دەرىجە»سى بىلەن كۆردۈم.

بۇ چاغدا تۈرمىدىن چىققان بەزى سەبداشلارنى كۆردۈم. رەۋەيدۇللاھ ھەمدۇللاھ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشقا چۈشكەن ئىدى. ئۆتكۈر پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە

ئىدى. ھاجى ياقۇپنى كۆرمۇدۇم. ئانچە كېلىشمەيتتىم، شۇڭا سوراپمۇ بارمىدىم.

مېنىڭ يەنە تەلىيىم كەلمىدى. مۇئەللىم بولالمىدىم. ھەتتا مائارىپ تارماقلىرىدىنمۇ ئۇزاقلاشتۇرۇپتۇ: ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئىشقا چۈشتۈم. خىتاي رەئىستىن كېيىن تۇرۇدۇغان مۇئاۋىن رەئىس ئىدىم. بۇ دەۋر كوممۇنالاشتۇرۇش خەلققە تۇگۈمەس بالايى ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن يىللار ئىدى.

ئاكادېمىيىدە ئۆتكۈرمۇ بارىدى. ئىككىمىزنىڭ بىرىيەردە بولۇشىمىزنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ، يامان تەرەپلىرىمۇ بارىدى. ياخشى تەرىپى، دايىم ئۇچرۇشۇپ، بىر ـ ئىككى ئېغىز بولسىمۇ پىكىرلىشىپ تۇرالايتۇق. يامان تەرىپى دەل شۇ كۆرۈشۈشلىرىمىز كېيىنكى قېتىملىق تۇتقۇنلۇقۇمىزدا سوئاللارنى كۆپەيتەتتى. كوممۇنىستلارنى بىلىسىز، بىر ئادەم بىلەن كىنوخانىدا يانمۇ ـ يان ئولتۇرۇپ قالسىڭىز، ئەمما ئۇ ئادەمنى ھېچ تونۇمايدىغان بولسىڭىز، بىر كۈنلىرى ئۇ ياكى سىز خاتالاشقاندا ئاشۇ بىللە ئولتۇرغاننى ئىزاھلاشقا مەجبۇر قىلىشاتتى. مەن ھېچ بىلمەيمەن، تونۇمايمەن، دەپ رەج ئۇقتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھالدا ئۆز ئارا تونۇش ئادەملەرنىڭ ئۇچرۇشۇش، گەپلىشىشلىرىدىن گۇمان قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

ئەللىكىنچى يىللاردىن باشلاپلا بىز دەل بۇ سەۋەپتىن پەۋقۇلئاددە يېقىنلىق ئىپادىلىمەسلىككە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتۇق. بۇ يەردىمۇ خىزمەت مۇناسىۋىتىدىن باشقا ئالاھىدە ئۇچرۇشۇشلىرىمىز بولمايتى. ئاكادېمىيىدە ئەڭ يېقىنىم دېيىشكە توغرا كەلسە پەقەت دەرۋازىۋەن قۇناخۇن بىلەنلا يېقىن ئىدىم. ئاڭلىماققا قىزىق ئەمما بۇنىسى راست. بۇنداق ئاددىي ئادەملەر بىلەن دوستلۇق ئورنۇتۇش ماڭا بەك ياقىدۇ. كېيىن بىر پالاكەت بولۇپ قالسىمۇ چېتىلىپ قېلىش بولمايدۇ. ئاندىن بۇنداق ئادەملەر بەك ۋاپادار كېلىدۇ. مەن يالغۇز بولغۇنۇم ئۈچۈن ئاخشاملىرى ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى تۇرمۇش، كۈندىلىك ھايات ھەققىدىكى پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇراتتۇق. كۈنى بويى يوغان گەپلەر بىلەن بولۇمىز ئەمەسمۇ، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بولسىمۇ مۇشۇنداق كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ ئاددىي قاتلاملىرىدا بولۇدۇغان پاراڭلار بىلەن بولۇش ماڭا تاڭسۇق تۇيۇلاتتى.

1961-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئاچارچىلىق باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. مول ھوسۇل ئېلىنغانىدى. پەقەت خىتايدا چاڭجىياڭ دەرياسى قۇرۇپ كېتىپ، خىتايلاردا ئاچارچىلىق بولۇۋاتقاچقا، خەلقىمىزنىڭ ئاشلىقى تامامەن يىغىۋېلىنىپ، ئامبارلارغا بېسىۋېلىنغان، خىتايغا توشۇلۇۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر بار ئىدى. بۇ ئاچارچىلىق تۈپەيلى ئىنسانلار نېمىلەرنى يېمىدى دەيسىز. خىتايلارنىڭ بالا ئۇغۇرلايدىغانلىقى ھەققىدە مىش - مىشلار تارقالغان، جەمئىيەتتە بىر ئۆلۈم ۋەھىمىسى قانات يايغان ئىدى. ئەگەر يول بويلىرىدا ئويناۋاتقان بىر بالا خىتايلارنى كۆرۈپ قالسىلا جان جەھلى بىلەن ئۆيىگە قاراپ قاچاتتى. مەن بۇ ئاجايىپ كەيپىياتتىن ھەرخىل ئويلارغا كېتەتتىم: گاھ ئوغلۇم يادىمغا يېتەتتى، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى بىرەر خىتاينىڭ ئوغۇرلاپ كېتىپ يەپ قويۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم- دە تېنىم شۈركۈنۈپ كېتەتتى. ئەمما كېيىن ئۇنىڭ ھازىر چوپ- چوڭ يىگىت، بەلكى باللىق ئادەم بولغىنىنى يادىمغا ئېلىپ كۈلۈپ سالاتتىم. گاھىدا خىتاينىڭ مىللىي سۈپەتلىرى، ئادىمىلىك سۈپىتى ھەققىدىكى بۇ ھېكايىلاردىن خىتايلار ھەققىدە ئويلاپ كېتەتتىم. ئۇلارنىڭ خەلق ئارىسىدا يىرتقۇچ ھايۋان سىياقىدا تونۇلۇشى ئەسلىدە بۇ مىللەتنىڭ بەختسىزلىكى ئىدى. ھەتتا مەنۋىي قىممەتلەر نۇقتىسىدىن قارىغاندا بىزدىنمۇ بەختسىز ئىكەنلىكىنى كۆرەتتىم. ئەمما بۇ مىللەت ئۆزلىرى بۇنى ئويلاپ كۆرمىسە كېرەك، خىجىللىق، ياكى روھى ئازاپ ھىس قىلمىسا كېرەك. يەنە بىر تەرىپىنىمۇ ئويلۇدۇم، بۇنىڭ خىتايلارنىڭ ئىستىلا پىلانلىرى ئۈچۈن پايدىسىمۇ بارىدى: خەلقىمىز باللىرىنى «خىتاي كەلدى، خىتاي ئەكىتىدۇ، خىتاي يەۋېتىدۇ» دەپ يۈرۈپ كىچىك باللارنىڭ قەلبىدە بەس كەلگىلى بولمايدىغان بىر خىل قورقۇنۇچ تۇيغۇسى، خىتايدىن قورقۇش پىسخىكىسى شەكىللەندۈرۈپ، ئاڭسىز يوسۇندا خىتايغا ياردەمدە بولاتتى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، خەلقىنىڭ نارازىلىقلىرىنى قارشىلىق ھەركىتىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى پائالىيەتلىرى باش كۆتەردى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىزىل تېرورلۇق ھاۋاسى ئېسىشكە باشلىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى، ئىشتىن

بوشۇتۇلغان ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلار چوچەكتە توپلۇنۇپ، سوۋېت چېگرىسىغا ئارقىسىنى تىرىگەن بىر قوراللىق قوزغۇلاڭغا نىيەت قىلىشقان ئىدى. قوزغۇلاڭنىڭ بېشىدا گېنېرال زۇنۇن تېيىپ باردى. بۇ چاغدا سوۋېت يۇخرالىقنى قالقان قىلىپ خىتايلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن زىيا سەمەدىمۇ چوچەككە يوشۇرۇن كىرىپتۇمىش. بۇ ياقتىن زۇنۇن قادىرنى چاقىرىپتۇمىش دېگەن مىش ـ مىشلار باردى. بەختكە قارشى قوزغىۇلاڭ پىلان بويىچە يۈرگۈزۈلمىدى. مۇددەتتىن بۇرۇن پارتلىدى (تارىخىمىزنىڭ قايسى دەۋردە پىلان بويىچە بولدى؟ ھەر زامان پاش بولۇپ قېلىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغۇلۇش بىلەن پاجىئەلىك ئاخىرلىشىپلا كېلىۋاتىدىغۇ؟) چۈنكى خىتاي رازۋېتكىسى بىلىپ قالغان ئىدى. يەنى، ئىچكى قىسمىدىن خائىن چىققان. شۇنىڭ بىلەن تارىختا ئىلى ـ چوچەك ۋەقەسى دېيىلگەن ۋەقە 1962 ـ يىلى مايدا يۈز بەردى. خىتايلار خۇددى يۇتۇن كۈچى بىلەن قوزىچاققا تاشلانغان يىرتقۇچتەك قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇردى. نۇرغۇن قۇربانلاردىن باشقا، بەزىلەر سوۋېتكە قېچىپ قۇتۇلدى؛ بەزىلەر تۇتۇلدى.

بىلەمسىز تېيىپجاننىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق مەشھۇر شېئىرى مانا شۇ تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇ شېئىرنى ئاشۇ ۋەقە ھەققىدىكى بىر بايانات دېيىشكىمۇ بولاتتى. بىر ئىپادە بىلدۈرۈش، مەيدان، چەك ـ چېگرا نامايان قىلىش دېيىشكىمۇ بولاتتى:

ئانجان تۇققان ئېلىم جوڭگو، ئۇنىڭ پەرزەندىمەن،
رىشتىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.
قىبلىگاھىم پارتىيەم يولچىم مېنىڭ، رولچىم مېنىڭ،
توي بىلىپ ئات سالىمەن ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگىمەن.
شۇ قىزىل دەۋرىم، زامانىم شەۋكىتىم، شانىم مېنىڭ،
ئېيتىخارىم: شۇ زامانغا كۈيچىمەن، سازەندىمەن.

يەنە شۇنداق مىسرالارمۇ باردى:

نەگە بارسام ئۆز ئانام قويندا مەن ئۆگەي ئەمەس،
مەيلى خوتەن، مەيلى تاڭشەن، مەيلى تەيخاڭشەندىمەن.

بۇ شېئىر كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن، بەلكىم سىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدا ئوقۇغان بولغىيدىڭىز. ھەقىقەتەنمۇ بەك چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى جەھەتتە تەڭداشسىز بىر شېئىر. ئەمما بۇنى مىللىي مەيداندىن كۆزەتسىڭىز غەيرىي ئەقلىيلىقىمۇ ھەيران قالارلىق دىرىجىگە يەتكەنلىكىنى بايقايسىز؛ مەزلۇم بىر ئەل شائىرىنىڭ ئىستىلاچىلارنى مەدھىيىلىشىدە بىر رېكورد دېيىشكىمۇ بولىدۇ. تېپىپچان ئارتۇقچە ئەتىۋارلىنىشلاردىن كېيىن 1959- يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە قىسقا مۇددەت بىر تۇتقۇن ھاياتى كەچۈرۈپ، لاگىردا ئەمگەككە سېلىنغاندىن كېيىن، ئەمدىلا ئورنى ئىسسىغان بولغاچقا بەلكىم بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشتىن، يەنە ئاشۇ ئېغىر ئەمگەك لاگىرلىرىغا بېرىپ قېلىشتىن قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك.
مانا شۇنداق قىلىپ تۇتقۇن قىلىشلار يەنە باشلاندى. بۇ چاغدا سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلغان خىتايلار سوۋېتپەرەست زىيالىلارنى، ئومۇمەن سوۋېتتە ئوقۇغانلارنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھازىرغىچە ساداقىتى ئىسپاتلانمىغان ئوفىتسېرلىرىنى قولغا ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. ھەر قانداق بىر ھەركەتتە، تازىلاشلاردا نەسىۋىسىز قالمايدىغان بولغىنىم ئۈچۈن مەن يەنە قولغا ئېلىندىم. مېنى ئىش ئۈستىدىلا تۇتۇپ قولۇمغا كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا، خىزمەتداشلارنىڭ مۇزدەك چىرايلىرىغا قارىغۇمىمۇ كەلمىدى. پەقەت دەرۋازىدىن چىقىۋاتقاندا دەرۋازىۋەن قۇناخۇننىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ قاراپ قالغىنىنى ئېنىق كۆردۈم. بۇ ئاشۇ قېتىم تۇتقۇنلۇقۇمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا كۆرگەن ۋە ئۇزاققىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەن بىردىن - بىر ئادەم چىرايى ئىدى.
ئومۇمەن بۇ يىللاردا ئەڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن باشلانغان ئىدى. ئاللىقاچان ھېساپ بېرىپ قۇتۇلغان كونا داشقاللارنىڭ ھەممىسى قايتا يىغىۋېلىنغان ئىدى. مەن نە سوۋېتتە ئوقۇغانلار كاتېگورىيىسىگە، نە مىللىي ئارمىيە قالدۇقلىرىغا، نە گومىنداڭچىلارغا تەۋە ئەمەس ئىدىم. بۇلار ئېنىقلانسىلا

يەنە قويۇپ بېرىدۇ، قىسقا مۇددەتتە قۇتۇلۇمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما كىمسەن دەپ ئىنقلاشقىمۇ يىللار كەتتى. ئۇنىڭغىچە قارا ـ قويۇق لاگىرغا ھەيدىدى.

✍✍✍

سابىت ئەپەندى شۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئۇتلام سۇ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن توختىۋىدى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گەپ قىستۇردۇم:

ـــ سابىتكا، شائىرلىرىمىز توغرىسىدا دېگەنلىرىڭىزگە قوشۇلۇمەن، سىزمۇ شائىر ئىدىڭىز، نېمىشقىكە ئىزچىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىمىدىڭىز؟

ـــ ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن! ئاشۇ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر بىلەن ھەر كۈنى بىللە بولۇش، سالام ـ سائەت قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشتىن قېچىپ. ھەتتا مەن كېيىنكى زامانلاردا ئەدەبىي ئىجادىيەت دېگەنلەرنىمۇ تاشلىۋەتتىم. نەزىرىمدە ئەدەبىيات ئىنتايىن پاك نەرسە ئىدى. ئەدەبىياتنى ئىنتايىن پاك دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئىلگىرى بىزنىڭ شائىرلىرىمىز ئەسەر يېزىشتىن ئاۋال تاھارەت ئالاتتى. لېكىن مەن ئەدەبىياتنىڭ دەپسەندە قىلىنسا نەقەدەر ئىپلاس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تاڭ قالدىم، ـــ ئۇ غەمكىنلىك بىلەن بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە دەۋاتقاندەك قوشۇپ قويدى، ـــ كۆڭۈلدىكىنى يازغىلى بولمىسا، نېمە قىلىمەن؟

ـــ يېزىۋەرسىڭىز، ئېلان قىلمىسىڭىزلا بولاتتىغۇ؟

ـــ بىر تەرەپتىن قارىغاندا توغرا، شۇنداق قىلمايمۇ قالمىدىم، دايىملا تۇتقۇنلۇق ئىشىكىمنى مارايلا تۇرۇدۇغان بىر خىل ئەنسىز ھايات ئىچىدە تۇرسام، يېزىپ ساقلىغان نەرسىلىرىم ماڭا ئامەت ئېلىپ كەلمەستى، ھەقچان؟ ئەمما ئوتتۇرىدا كۆرۈنمەك ئۈچۈن كىمگە ئايلىنىشىم كېرەكىدى، بىلىسىز.

ـــ ئادەملەردىكى شەرەپ، مەرتىۋە، ئۇستۇنلۇك تۇيغۇلىرى توغرىسىدا نېمە دەيسىز؟ ئىنسانلار بەزىدە نومۇس تۇيغۇلىرىنىمۇ قايرىپ قويۇپ، بەزى ئىشلارنى قىپ كېتىشىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلاردىكى ئاشۇ ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى نەگە كەتكەن

بولىدۇ؟

— ھېچيەرگە كەتمەيدۇ، بۇ قىلىقى ئۇنىڭ ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسىغا پۇتلاشمايلا قالماي، خۇددى «تالاقتا يول تاپقاندەك» بىر- بىرىگە پۇتلاشمايدىغان يول تېپىشقا ئۈلگۈرىدۇ، — دېدى سابىت ئەپەندى. ئاندىن بۇ ھەقتە بىر ئاز تەپسىلىرەك توختالغۇسى كېلىپ داۋام قىلدى، — ئىنسان بالىسىغا ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ھەركىم ئۆزىنى ئۇستۇن بىر سىنىپتىن — ئېسىلزادىلەردىن كېلىپ چىققان قىلىپ كۆرسىتىشكە خۇشتار بولىدۇ. ھاياتىدا ئېرىشكەن ئەڭ ئۇستۇن مەرتىۋىسىنى ھەۋەس بىلەن ئەسكە ئالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئېتىخارىنىڭ ئەمەلىي مىسالى بولۇپ قالىدۇ، شۇ تۇپەيلىدىنمۇ جەمىيەتتە نېمە ئەڭ بازارلىق بولسا دەرھال شۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇرىدۇ. ئېتىخارلىنىش خاھىشى ئۇنى شۇنىڭغا قىستايدۇ. مەسىلەن: كوممۇنىستلار كەمبىغەللىكنى، ھەتتا قىپ - قىزىل ياللانما دېھقان دېگەننى سۆيۈملۇك كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنى كەمبىغەل سىنىپتىن كېلىپ چىققان دېيىش مودا بولدى. ئويلاپ، كۆرۈڭ، كەمبىغەللىكمۇ شەرەپ بولامدۇ؟ ئىنسان مانا شۇنداق بىمەنە ئىشلارغىمۇ ئىشىنىۋېرىدىغان مەخلۇق. خۇددى خوجا - ئىشانلار دەۋرىدە بازارغا سېلىنغان دۇنيانى دوست تۇتماسلىق، تەركى دۇنيا ھالدا ياشاش، ئۆي - ماكان دېگەندەك بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن تامامەن قول ئۈزۈش،... دېگەنلەرگىمۇ دەرھال ئىشىنىپ، شۇ مودىغا كۆنگەندەك، ھېچكىم خوجىلاردىن ئەمىسە نېمىشقە ئۆزەڭ ھەركىمنىڭ دۇئا قىلدۇرغىلى ئەكەلگەن قىزلىرىنى ئېلىۋېرىسەن، نېمىشقە سەن مال - دۇنيا يىغىسەن؟ دەپ سوراشقىمۇ ئەقلى ئىشلىمەي قالغاندەك بىر ئىش. پارتىيە ئەزاسى بولۇشمۇ يەنە شۇ مودىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ قانداق پارتىيەلىكى موھىم ئەمەس، ئوتتۇرىدا گېپى ئۆتىۋاتقان پارتىيەنىڭ ئەزاسى بولۇۋالسا، گەرچە ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە كۇچى يەتمىسىمۇ، ئېتىخارلىنىش ئۇچۇن دەسمايە بولىدۇ.... شائىرلارمۇ شۇ. ئۆزىگە ئىستەلگەن ئۇستۇنلۇكنى بەخش ئەتكۇچىگە ساداقەت بىلەن باغلىنىپ، باشقا تەرىپىنى ئويلاپمۇ ئولتۇرماي كېتىۋېرىدىغان گەپ. ئوتتۇرىدا ئىسمى كۆرۈنۈپ تۇرغانغىلا خوش. 40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 50-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئاڭلىق سىنىپىمىز ئۆزىنى «جەمىيەتنىڭ چولپانلىرىمىز» دېگەننى بىلىندۇرۇپ تۇرۇش ئۇچۇن رۇسچە سۆزلۇشۇپ كېتىدىغان، ھەتتا رۇسچە ئوقۇمىغان،

ئانچە - مۇنچە بىلىدىغانلىرىمۇ ھەددىنى بىلەلمەي يۇمزاپ يۈرەتتى؛ بۈگۈن كۆرۈۋاتىسىزكى، ئۆزلىرىنى ئاڭلىق تەبىقە ھېساپلايدىغانلار ھېچ زۆرۈرىيەتسىزلا خىتايچە سۆزلىشىپ كېتىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر خىل ئورتاقلىقنى بايقاۋاتامسىز؟ بازاردا نېمە ئۆتۈۋاتقان بولسا شۇنىڭغا لايىق ئۇسما قويۇپ چىقىش ئۆرۈنۈشى.

— خەلقچۇ؟ خەلق نېمە ئويلايدۇ؟

— خەلق جامائەت سۈپىتىدە ئۇلۇغ بولسىمۇ، يەنىلا «پادا» دېيىلىدۇ، ئەمەسمۇ. ئۇلارمۇ مودىغا ئەگىشىدۇ. ئۆز مەنپەئەتلىرىنى سېتىۋاتقىنىنى كۆرمەيدۇ ياكى ھېس قىلمايدۇ، ئوتتۇرىدا ئېقىۋاتقان مودا بويىچە ھۆرمەت قىلىشىۋېرىدۇ. نەپرەتلىنىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئاجايىپ ئامەتلىكلەرمۇ بولىدۇ. ئۇ ياقتا تاجاۋۇزچى خىتايلارنىڭ بارلىق ئەتىۋارلاشلىرىغا نائىل، بۇ ياقتا خەلقنىڭمۇ ھۆرمىتىنى قولدىن بەرمىگەنلىكىنى كۆرىسىز. ئەمما بۇلار شۇ دەۋر ئۈچۈن شۇنداق. تارىخ ئۈچۈن ئەمەس، تارىخ ھامان تارىخىي شەخسلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ باھا بېرىدۇ.

سۆھبىتىمىز توختىغان يېرىمىزدىن داۋام قىلدى:

بۇ يەر بۇرۇنقى گۈزەل يايلاقلارنى بۇزۇپ، كۆچمەن خىتايلارنى ماكانلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈۋاتقان بوزيەرلەر ئىدى. مەيداننى بىز تەييار قىلاتتۇق، ئاندىن خىتايلار كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشاتتى. يەنە بۇ يەرلەر ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بىر سۇ ئامبىرى قۇرۇشمۇ بىزلەرگە يۈكلەندى. بەزى ئەمەلىي ئىشلارغا قارىغاندا بولۇۋاتقان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇنلارنىڭمۇ ئىككى تەرىپى باردى. بىرى، خىتاي كوممۇنىستلىرى يارىلىشىدىن سادىست بولغىنى ئۈچۈن، قانسىز مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالمايتى، كۆرەش دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئىنسان قېنى دېمەك ئىدى. كۆرەشسىز ئاكتىپلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتقىلى، دۈشمەنسىز ئاكتىپلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايتى. بۇ پىسخىك كەيپىيات يارىتىش ئۈچۈنمۇ كېرەكلىك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن

«ھارۋىدا توشقان ئېلىش» پەرزىلىتىنى جارى قىلىپ، «جىنايەتچى» نامىدا بىكارلىق ئەمگەك كۈچى يارىتىش شۇملۇقى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەددىن ئاشقان شەكىلدە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇنلار بولۇپلا تۇراتتى.

يېقىن ئەتراپىمىزدا ھەربىي گازارمىلار، ئىش - قۇر قىسىملىرىنىڭ قوراللىق دېھقان خىتايلىرى باردى. مەيداندىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېقىن ئەتراپتىكى ياتاقلىرىمىزدىن پىيادە، ماشىنىلىق بولۇپ كېلىپ ئىشلەيتۇق، ئاخشىمى يەنە شۇنداق قايتاتتۇق. بەزىلەر بەك يىراقتا بولسا ماشىنا بىلەن توشۇلاتتى؛ بەزىلەرنىڭ تۇرالغۇسى يېقىن بولسا پىيادە قاتار قىلىپ يالاپ كېلىشەتتى. بۇ ئىنتايىن چوڭ لاگېر بولغاچقا تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ھەممىسىگە بۇ يەردە ئۇچراشتۇق. ئۇ چەت بۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان بۇ يايلاقنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان مەھبۇسلار سولاقخانىلىرى ئوخشىمىغان چوڭلۇقتا ئىدى. بەزىلىرىدە ئىككى يۈز، بەزىلىرىدە بەش يۈزگىچە مەھبۇس قامالغان ئىدى. بۇ سولاقخانىلاردىن ئەمگەك لاگېرىغا كېلىپ مۇشۇ چەكسىز كەتكەن يايلاقنى كۆچمەن خىتايلار ئۈچۈن ئېتىزلىقلارغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى؛ سۇ ئامبىرى قۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. ئون مىڭ قەدەر ئادەم توپلانغان بۇ لاگېردىكى مەھبۇسلار ئۈچۈن سولاقخانىلاردا تۇرالغۇلارنى سېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئەللىكتىن ئادەم بىرلا ياتىدىغان ئۇزۇن - ئۇزۇن گەمىلەر قېزىلىپ (زىمىليانكا دەپ رۇسچە ئاتىلاتتى)، ئالدىراپ - تېنەپ ئۈستى چۆمكەلگەن ئىدى. ياز كۈنلىرى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن گەمىلەردە نەپەس ئالماقمۇ تەس ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك ھاشاراتلار، قۇرۇت - قوڭغۇزلارمۇ ئىچىمىزگە كىرىۋېلىپ، تېنىمىزنى شۈركەندۈرەتتى. يامغۇرلۇق كۈنلەردە پۈتلىرىمىزدا ئېلىپ كىرگەن پاتقاقلار ياتاقلىرىمىزغىچە كېلەتتى. ياتاقنى تازا تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەزىدە ئۈستىمىزگە يامغۇر تامچىلايتى. بەزىدە گەمە ئىشىكىدىن يامغۇر سۈيى ئېقىپ كىرىپ، ياتىدىغان ئورنىمىز لەيلەپ قالاتتى. قىش كۈنلىرى گەمە ئىشىكى تېيىلغاق بولۇپ كېتىپ، بىر تېيىلىش بىلەن ئوڭدا چۈشۈپ، سىرىلغانچە ئۇتتۇردىكى بىرىنىڭ ياتىقى ئۈستىدە توختايتۇق.

ئاچارچىلىق بۇ يەردە تېخىمۇ قاتتىق ئۆزىنى كۆرسەتكەن ئىدى. يۈز گىراملىق بىر دانە قوناق مومىسى بىلەن ئاشۇ ئېغىر ئىش مەيدانىدا ئون سائەت ئىشلەشكە

مەجبۇر ئىدۇق. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا تۇرالغۇغا قايتىپ يەنە كېلىشكە ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ دەپ قارالغاچقا ئىش مەيدانىدا سوغۇق سۇ بىلەن ھېلىقى بىر تال مومىنىلا يەيتۇق. شۇ ئارىدا بىر ئاز دەم ئېلىش پۇرسىتىمىز بولاتتى. تونۇش - بىلىشلەر، باشقا - باشقا قاماقخانىدا ياتىدىغانلار مانا مۇشۇ چۈشلۈك تاماقتىن ئېشىپ قالغان ۋاقىتتا ئۆز ئارا پاراڭلىشىۋالاتتى. ئادەم بەك كۆپ بولغاچقا ئاشۇ بىر مەيداندا ئىشلەيدىغان تۇرۇپمۇ بەزىلەرنى يىللار ئۆتكەندە مەلۇم سەۋەپ بىلەن ئۇچرۇتۇپ قالاتتۇق. ئۇچرۇشۇپ بىر كۆرۈشكەندىن كېيىن ئورنۇمىز مەلۇم بولاتتى، ئاندىن داۋاملىق ئىزدىشىپ گەپلىشىپ تۇرالايتۇق. چۈشلۈك تاماق يەيدىغان يېرىمىز بىر ئىش - قۇر قىسىملىرىنىڭ ياتاقلىرى، ئاشخانىلىرى جايلاشقان يەر ئىدى. بۇ يەر ئۇلارنىڭ مەلۇم روتىسىنىڭ تۇرالغۇسى ۋە مەركىزى ئىدى.

بىز بوز يەر ئېچىۋاتقان يايلاقنىڭ بىر تەرىپىدە بۇرۇنراق ئېچىلغان ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئېتىزلىقلار باردى. بۇ يەرنى خىتايلار تېرىيتى. بەزى ھوسۇل مەۋسۇملىرىدە خىتايلار يېتىشەلمىسە جىنايەتچىلەردىن ئەمگەك كۈچى ئارىيەتكە ئالاتتى. بۇ يەرلەر شۇنچىلىك مۇنبەت ئىدىكى، كونىلارنىڭ تەبىرىدە «ئادەم تېرىسىمۇ ئۈنگۈدەك» دېيىلىدىغان يەرلەردىن ئىدى. باھار ياز ئايلىرىدا دالىنىڭ گۈزەللىكى كۆكۈلگە قانداق گۈزەل ھىسلارنى كەلتۈرۈدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. ساپ - سېرىق ئېچىلغان مامكاپ گۈللىرى بىلەن ھاۋارەڭ ئېچىلىپ كېتىدىغان پىچان گۈللەر بۇ يەرنى ھەقىقەتەنمۇ بىر گۈلزارلىققا ئوخشۇتۇپ قوياتتى. بىز ئەنە شۇ رەڭگا - رەڭ گۈللەرنى قومۇرۇپ، تەبىئەتنىڭ يېشىللىقىنى بۇزۇپ، خىتاي كۆچمەنلەر ئۈچۈن يەر ئاچاتتۇق. ھاۋا ئىللىق بولغان باھار ۋە يازدا بۇ كەڭ دالىدا قىيغىتىپ ئوينىغۇڭ كېلەتتى. ئەمما بىز ھەر قەدەمنى رۇخسەت بىلەن بېسىشقا مەجبۇر مەھبۇسلار ئىدۇق.

ئاچارچىلىق بەك ئېغىر بولغاچقا، بىز ھەتتا شۇنداق ئاززۇ قىلاتتۇق، بىر قېتىم تويغۇدەك تاماق بېرىپ، ئاندىن ھارغۇچە ئۇرسىمۇ مەيلىدى! بەزى ئىرادىسىز كىشىلەر ئاسانلا كېرەكتىن چىقاتتى. بەزىلەر چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرغىلى ئۇنىمايتى. ماغدۇرسىزلىقتىن خوشياقمايتى، كېيىن جېنى قاشىيىپ، جاھىللىقى تۇتاتتى-دە، قىينىلىۋەرگەندىن كۆرە

ئۆلۈپلا قۇتۇلاي دېگەن يەرگە كېلىپ، يېتىپلاۋاتتى. شۇنداق قىلىپ، گۈندىپايلار ھارغىچە دۇمبالاپ، ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كېتەتتى. شۇ كەتكەنچە ئۇنى قايتا كۆرمەيتۇق. بۇنداق تاياقتا ئۇ چوقۇم ئۆلەتتى، ياكى كېيىنراق ئۆلەتتى. بەك جېنى چىڭ بولسا مېيىپ بولۇپ ساق قالاتتى. بۇنداق مېيىپلار ئائىلىسى بولسا ئائىلىسىگە بېرىلەتتى. بولمىسا كوچىغا تاشلىۋېتىلەتتى. ئاندىن ئۇ ئۆمۈر بويى كوچىلاردا ئۆمىلەپ تىلەمچىلىك قىلاتتى.

جېنى قاشايغانلارنىڭ قارشىلىقى دايىملا بولۇپ تۇراتتى. قارشىلىقلار بەزىدە پۈتۈن مەيدانغا كېڭىيىش ئېھتىمالى بولۇپ قالسا، دەرھال قوشنا گازارمىدىكى ئەسكەرلەرگە خەۋەر بېرىلەتتى. ئەسكەرلەر خۇددى ھۇجۇمغا ئاتلانغاندەك تېزلىكتە يېتىپ كېلىپ، قارشىلىقلارنى قانلىق شەكىلدە باستۇراتتى. قارشىلىق قىلغۇچىلار رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇلۇپ، قول - پۇتلىرى كىشەنلىنىپ، قاراڭغۇ ئۆي جازاسى ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلەتتى. بۇنداقلارمۇ ئاساسەن قايتا كەلمەيتى. بۇنداقلارنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىرى بولاتتى. ئەمما بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە بۇلارنى باشقا مەيدانلارغا يۆتكەيدىكەن. بۇنداق تەبىئىي كېمىيىشلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، يېڭى جىنايەتچىلەر كېلىپ تۇراتتى. چۈنكى ئەمگەك كۈچى ئېھتىياجى خۇددى «بۆرى بىلەن قوزىچاق» مەسىلىدىكى بۆرىنىڭ قوزىغا توقۇغان گۇناھىدەك كۆلكۆلۈك گۇناھلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئېلىپ باراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە قىزىق مەھبۇسلار توپقا قېتىلاتتى: ئۇلارنىڭ گۇناھىڭ نېمىدى؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار ئۆزىمۇ بىلمەيتى.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن بەكلا ئېچىناتتىم. ئۇلار تېخى ئوقۇۋاتقان ياش نوتىلار بولغاچقا، ياشلىرى مېنىڭ ئوغلۇم قەدەر بولغاچقا، ھە دېگەندىلا كۆرمىگەن ئوغلۇمغا ئوخشۇتۇپ، بىر خىل مېھىر قەلبىمدە ئۆركەشلەيتى. ئۇلارنى قۇچاغلىغۇم، مەھرۇم بولغان ئاتا مېھرىنى يەتكۈزگۈم كېلەتتى. ئۇلار بىلەن يەنە ئۇلارنىڭ قىز ساۋاقداشلىرىمۇ بولاتتى. ئاھ نابۇت بولۇۋاتقان مىللەتنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاچچىققا تولاتتى.

چۆچەكتىكى ئىسيانىنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىنمۇ بەزىلىرى بۇ يەردە ئىدى. مىللىي ئارمىيە قالدۇقلىرى، سوۋېتپەرەستلەر،... ھەممە تەبىقە تېپىلاتتى. مانا شۇلارنىڭ ئىچىدە مەن يەنە خەمىت تۇردى بىلەن مەتقاسىمنى ئۇچراتتىم.

مەتقاسىمنى كۆرگۈنۈمدە كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمەيلا قالدىم. بۇ ئوقۇمىغان ساددا يىگىتنىڭ نېمە گۇناھى بولاتتىكىنە؟

گەرچە ئۇ مەندىن بىرنەچچىلا ياش كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى خۇددى ئوغلۇمدەك بىر خىل مېھىر بىلەن ئۇزاق قۇچاقلىدىم. ئاندىن تىلىم گەپكە كېلىپ:

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدۇم.

— قىسقارتىشتا ئەسكەردىن قىسقارتىپ، تراكتور زاۋۇدىغا ئىشچى قىلىپ بەرگەندى. كۆڭلۈم بىر تۇرلۇك تارتماي يۈرسەم، چۆچەكتىكى سەبداشلاردىن بىر خەۋەر كەپ قالدى. بىزنىڭكىلەرنىڭ ھەممىمىز چۆچەكتە توپلىنىۋاتىمىز، ئۈستۈمىزدە زۇنۇنكام بار، سەنمۇ كېلەمسەن؟ دېيىشتى. يا تەۋەككۇللاللاھ دەپلا كەتتىم. ئىشىمىز ئەپلەشمىدى. «تازغا تالڭ ئاتقان نەدە بار؟» دەپ، قاچان ئىشىمىز ئوڭ كەلگەن دەيسىز. مانا شۇنداق قىلىپ، بەزىلەر قاچتى، بەزىلەر شېھىت بولدى. بىزنىڭ رىسقىمىز باركەن، مانا سۆرۈلۈپ يۈرۈمىز، —دېدى ئۇ كۈلۈپ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك جۇشقۇن كەيپىياتتا.

— ئۆيگە بېرىپ كېلەلىگەنمىدىڭىز ياكى تېخى نېسىپ بولمىغانمىدى؟

— دېدىم يا، ئەزەلدىن تەلىيىممۇ كاج، بېرىپ كېلىشكە ھېچ ئوڭ كەلمىگەنتى.

— ۋاي ئېسىت، ئانىڭىز، ئۇكىلىرىڭىز نېمە بوپكەتكەندۇ؟

— شۇنى دەڭا، سىز قايسى قاماقتا؟ ھە، شۇنداقمۇ؟ مەن سىزنى ھېچ كۆرمەپتىمەن ئەمىسە؟ مەنمۇ شۇ يەردە. ئادەم كۆپ، ھەركىم ئۆز غېمىدە شۇ،... ئەمدى كۆرۈشۈپ تۇرايلى.

ئۇنىڭ بىلەن ھەتتا بىر سولاقخانىدا ئىكەنمىز. بۇ ئەڭ چوڭ، ئادەم ئەڭ كۆپ بىرسى بولغاچقا، ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ كۆرمەپتىكەنمەن. كېيىن ئۇنىڭ ياتىقىنىمۇ بىلىۋالدىم. ئاخشاملىرىمۇ گەپلەشكۈدەك ھەمراھىم بولدى. چۈش ۋاقىتلىرىمۇ بىر يەردە ئولتۇرۇپ ھېلىقى بىر تاللا سېرىققوناق مومىسىنى بىللە يەيدىغان بولدۇق. كېيىن ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن يەنە بىر ياش دوستىمىز كۆپەيدى.

ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن دېيىشىم، ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن مېھرىگۈل ئىسىملىك بىر قىزغا قانات سۆرەپ قاپتىكەن. قارالڭ، مۇھەببەت،

كۆڭۈل دېگەننىڭ تۈرمە بىلەن نېمە ئىشىكەن؟ ئۇ قىزغا سۆركۈلۈپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغۇل ساۋاقدىشى ئالماس بىلەن تونۇشۇشقا توغرا كېلىپتۇ. ئەسلىدە مەتقاسىمنىڭ مېھرىگۈلگە سۆركۈلۈپ يۈرىشى ساۋاقدىشى ئالماسقا ھار كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئەدەپلەپ قويماقچى بولۇپ، ئوتتۇرىغا چىققاندا بۇ جېدەلگە مەن ئارىلىشىپ قالدىم. مېھرىگۈل بىلەن ئالماس ئىككىسىلا غۇلجۇلۇق بولغاچقا، ئالماس مېھرىگۈلگە ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ ئويلايتى.

ئىككىسىنى بىرگە ئولتۇرغۇزۇپ بىر- بىرلەپ گەپ سورىدۇم، كىملىكلىرىنى بىر - بىرى ئاڭلىسۇن دەپ، مەتقاسىمنىڭكىنىمۇ يېڭىدىن سورىدۇم. ھەر ئىككىسى قىسقىچە تەرجىمەھالىنى ئېيتىشتى.

— ئالماس، ئىنىم، سىز مىللىتىڭىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بەل باغلاپ چىققان بىر ئەزىمەت ئىكەنسىز؛ بۇ ئاكىڭىز مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك جەڭچىسى ئىكەن، يەنە تېخى چۆچەكتە ئىككىنچى قېتىم ئىنقىلاپقا قېتىلغان يەردىن تۇتۇلۇپتۇ. غايەڭلار بىر ئىكەن، مەخسىدىڭلار بىر ئىكەن، ئەمدىلىكتە قىسمىتىڭلار بىر بولۇپ، دۈشمەننىڭ تۇتقۇنلۇقىدا بولۇپ قالدىڭلار، مانا مۇشۇ ئوخشاش تەقدىر، ئوخشاش قىسمەت ئىچىدە تۇرۇپ، بىر - بىرىڭلار بىلەن ئۇرۇشساڭلار دوستقا تاپا، دۈشمەنگە كۈلكە بولماسمۇ؟ — دېدىم.

ئالماس بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ دېگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى-دە. بۇنچىلىك رىجىنى چۈشەنگۈچىلىكى باردى. پەيلى شەيتان. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن قوشۇپ قويدۇم:

— سىزنىڭ قىلغىنىڭىز مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا توغرا. ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئۇدۇم شۇ: مەھەللەڭنىڭ قىزىغا باشقا مەھەللىنىڭ بىر يىگىتى قانات سۆرىسە، غورۇرۇڭغا تېگىدۇ، ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويغۇڭ كېلىدۇ. قىلغىنىڭىز مانا شۇ جۈملىدىن. ئەمما ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ، قىزلار بەربىر بىرسىگە ياتلىق بولۇشى كېرەك. يىگىتلەرمۇ ئۆيلۈنۈشى كېرەك. ئەگەر مېھرىگۈلدە ئۆزىڭىزنىڭلا كۆزى بولمىسا، ئۇنىڭغا مەتقاسىمدىنمۇ ئۇيغۇن كىم بار؟ بۇ بىر جەڭچى، ئۆز ئارمىيىمىزنىڭ جەڭچىسى!

— مېھرىگۈلدە مېنىڭ كۆزۈم يوق، ئەمما ئۇ قىزنىڭ ھالى چوڭراق،

بىلمىدىم مەتقاسىمنى ياراتامدىكىن. مەن گەپلىرىڭىزگە قايىل بولدۇم. ئەمدى مەن مەتقاسىم بىلەن جان ـ جىگەر ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقا قول بېرىمەن، ــ دېدى ئالماس سەمىمىيلىك بىلەن.

ــ ھەتتا، بولسا ئۇ قىز ساۋاقدىشىڭىز بولغاندىكىن سىزنىڭ گەپلىشىش ئىمكانىڭىز بار، بۇ قولايلىقىڭىزدىن پايدىلىنىپ، مەتقاسىمغا ياردەم قىلىڭ. ئۇنىڭ بىر شەرەپلىك مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى ئىكەنلىكىنى، بىر ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، تونۇشتۇرۇڭ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىنى توغرا ھەل قىلىپ قويساق بىر ياخشى ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغان بولۇمىز.

ــ بەلكىم ئۇنىڭ يېشىنى بەك چوڭكەن دەرمىكىن، دەيمەن.

ــ ئەمما بۇ ئۇنىڭ خاتاسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھايات ھېكايىسىنى ئۆزىڭىز ئاڭلىدىڭىز، تەقدىر ئۇنىڭغا بالدۇرراق ئۆيلۈنۈش پۇرسىتى بەرمىگەن تۇرسا، ئۇنى ياراتماسلىق كېرەكمۇ، ئېچىنىش كېرەكمۇ؟ ــ دېدىم يەنە. دېمىسىمۇ مەتقاسىم قىرىق ياشقا كېلىپ قالغانىدى.

ــ توغرا، بۇ تەرىپىنى ئويلاپ كۆرمەپتىمەن.

مانا شۇنداق قىلىپ، ئۈچىمىز بىرىيەردە ئولتۇرۇمىز، ھال ـ ئەھۋال سورۇشۇپ تۇرۇمىز. بۇنداق بىر مۇھىتتا بۇنداق يېقىنلىرى بولۇش بىر ئامەت دېسىمۇ بولىدۇ. بىلەمسىز، تۈرمىدە يولسىزلىقلار كۆپ، بوزەكنى بوزەك قىلىش ئومۇمىي. ھەتتا بارى يوق ئاشۇ بىر موماڭنى بوزەك قىلىپ تارتىۋالىدىغانلارمۇ چىقىدۇ. شۇڭا بىر ـ بىرىگە ھە ـ ھۇ دەيدىغان بىر توپ بولۇۋېلىش ھەر كىمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. مانا شۇنىڭ خاسىيىتىدە بىز ھېچكىمگە بوزەك بولمايتۇق. بۇنى كۆرگەن بارلىق ئاجىزلار بىزنىڭ توپىمىزغا سىغىنىشقا باشلىدى. بۇ ھال يەنە ماڭا تۇتقۇنلار ئارىسىدا نوپۇز قازاندۇردى.

ئاخشاملىرى پۇرسەت تېپىپ، ئۇخلاشقا پۇشتەك چېلىنغۇچە مەتقاسىم بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇراتتىم. مىللىي ئىنقىلاپقا دائىر ھېكايىلارنى ئاڭلاشقا بەكمۇ ھەۋىسىم باردى. ئىلگىرى بۇنى مۇھەممەد قارى (ئاتكەن)دىن ئاڭلارمەن دەپ تىرىشقان بولسامۇ، بۇ تەنتەك دوستۇم تۈزۈكراق ئەمەلىي بىرەر ھېكايە سۆزلەپ بەرمەستىن، ھە دەپلا مەسلەك، كۆزقاراش چۈشەندۈرۈپ، مېنى

كوممۇنىستلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىشەندۇرۇش ئۇچۇن كۆچەپ چىشىمغا تەككەن ئىدى. ئەمەلىيەتتىغۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىمىزمۇ بىر ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بىرەر سائەتچە بولغاچقا پۇرسەت بولمىدى دېسەممۇ بولىدۇ. خەمىت تۇردىدىنمۇ توغرا بىر گەپ ئاڭلاش تەس ئىدى. ئىلگىرى ئۇمۇ كوممۇنىست تەشۋىقاتى تەرەپكە ئېغىپ كېتىپ دېگەن يېرىمدىن چىقالمايتى؛ ئەمدى بولسا بوشاڭلىقىدىن ھېچنەرسىگە ھەپىسلىسى يوق ئىدى. قالدىكى، مانا ئەمدى بۇ ئارزۇيۇمنى مەتقاسىمدىن قاندۇرۇشقا تىرىشاتتىم. ئوقۇمۇغان سادداا يىگىت، مەسلەك- پەسلەكلەردىن خەۋىرى يوق. خىتاي زالىممۇ؟ زالىم! ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ؟ قارشى تۇرۇش كېرەك! ئۇنىڭ بىلىدىغان رىجىسى مانا بۇ. ئاددىي ۋە ئىشەنچلىك.

مەتقاسىم تاماق ۋاقتىدا دائىم مېنىڭ كوچىلاپ سوراشلىرىم بىلەن ئارمىيىدىكى كۆنلىرىدىن ھىكايە قىلىپ بېرەتتى. تاكى مايتاغدىن قاچقاندىن تارتىپ، ئاقسۇ ئۇرۇشى ۋە ۋاقىتسىز چېكىنىش، ئىلىغا قايتىپ كەلگىچە. مەن بۇ ھىكايىلاردىن مىللىي روھقا ئائىت نۇقتىلارغا دىققىتىم قوزغالدى. ئۇنىڭ ھىكايىلىرىدىن ئۇققانلىرىم شۇلار ئىدى:

جەنۇپقا يۈرۈش قىسىمىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى شۇنداق ئىدى: سوپاخۇن قىسىمىنىڭ قوماندانى؛ ئابدۇكېرىم ئابباس سىياسىي كومىسسارى؛ رازىيۇف داموللا (كېيىن تۇردى قارى) دىنىي ئىشلار مەسئۇلى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن ئىسكەندەر (ئەسلى ئىسمى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ) ۋە زاكىرجان تۆرە (ئەسلى ئىسمى شوخپۇر) ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى؛ قۇربانجان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل؛ قاسىمجان قەمبىرى ھۆكۈمەت خىزمەت ئۆمىكىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئومۇمىي قائىدىگە كۆرە ھەربىي ھەركەتلەر ھەققىدىكى قارار قوماندان تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان بولسىمۇ، مەمۇرىي ئەمەلدارلار سوپاخۇننى توسۇپ قويۇدۇغان ئەھۋاللار بولغان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قاسىمجاننىڭ ئاخىرقى قارارلارنى تەستىقلىشى كېرەك بولسىمۇ، سوۋېتتىن كەلگەن مەسلىھەتچىلەرنىڭ سۆزى بېسىپ كېتەتتى. ئاندىن گومىنداڭ ئۆز

ئەسكەرلىرىگە ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى كېلىشىم (بىتىم)دىن غەرەزلىك خەۋەر بېرىپ، يېقىن ئارىدا بىتىم روھىغا ئاساسەن مىللىي ئارمىيىمىنىڭ چېكىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئورنىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى كېرەكلىكىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولسا، بىزنىڭكىلەر بىتىمگە سادىق بولۇش ئاۋارىچىلىقىدا نۇرغۇن قۇربان بەرگەن. بۇنىڭدىمۇ سوۋېت تەرەپنىڭ يۈزسىزلىكى موھىم سەۋەپ بولغان؛ چۈنكى ئۇلار مەقسەتلىرىگە يەتكەچكە، ئەمدى بۇ خەلقنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولمايتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز سەتچىلىكىنى يېپىشنىڭلا كويىدا بولغان: «سوۋېتنىڭ قولى بار» دېگەن گۇمانغا ئىسپات بولۇدۇغان ئەسلىھەلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا ئالدىرىغان، ھەتتا بۇ تۈپەيلى مىللىي قىسىم قورالسىزلىنىش خەۋپىگە قالغان.

مىللىي ئارمىيە بارغانلا يەردە خەلقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەنلىكى، ياردەملەر، پىدائىي بولۇپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشلار كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلەندۇرۇدۇغان مىللىي روھ نامايەندىلىرى ئىدى. شۇنداقلا ھەرقاچان بولغىنىدەك، بۇ قېتىممۇ چوڭ كەلكۈن ئۆتۈپ كەتكەندە نامەرتلىك بىلەن خەلقتىن ئۈچ ئېلىش — كەڭ كۆلەملىك قەتلىئاملارمۇ دۈشمەننىڭ تەبىئىتى ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، قانداقتۇر «بىتىم» دېگەندەك قۇرۇق گەپلەردىن قەتئىينەزەر، دۈشمەننىڭ يەنىلا دۈشمەنلىكىلا قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتى.

ئەمگەكلىرىمىز بەك ئېغىر ئىدى. يەۋاتقان تامىقىمىزغا باققاندا بۇنى تېخىمۇ ئېغىر دېيىشكە بولاتتى. بىر توق قورساق ئادەمگىمۇ ئېغىر كەلگۈدەك ئىشلەيتۇق. كەچ كۈزدىن باشلاپ يەر قېتىپ كەتكەچكە كەتمەننى يەرگە چاپساق ئاسمانغا قاڭقىپ، بەكمۇ قىينىلاتتۇق. تاكى توڭ قاتلامنى يېرىپ، ئاستىغا ئۆتكەندە ئاندىن بىر ئاز ئاسانلىشاتتى. ھارۋىلارغا توپا ئۇسۇپ ئامبارنىڭ دامبىسىغا توشۇيتۇق. بىر ئادەم شوتا ئات بولاتتى. ئىككى ياندىن ۋە ئارقىسىدىن ئىككى ئادەم ئىتتىرەتتى. دامبا ئېگىزلىگەنچە لىق توپا ئۇسۇلغان ھارۋىنى دامبا ئۈستىگە چىقارماق ئاسان بولمايتى. بۇ چاغدا ئالدىدىكىلەر ئەسكى ئاياغلىرىنىڭ تاپىنى بىلەن يەرنى جىجاپ كىچىككىنە قىناق ھاسىل قىلىپ تىرەجەيتى. ئارقىدىكىلەر چاقتىن مۈرىدەپ تىركىشەتتى. ھەر قېتىم ئۈستىگە چىقماق ئەنە

شۇنداق بىر جەڭ، بىر ئوپېراتسىيەگە تەڭ ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن توپا ئۇستىدىكى قانچە تېز كىلەلىسەڭ، شۇ ئېنىرتسىيە بىلەن بەك قىينالماستىن ئۇستىگە چىقالايتتىڭ. بىر ئازلا سۇ تەۋرىنىشمۇ بولىدى. داۋاننىڭ قاق بېلىدە تۇرۇپ قېلىپ، ئالدىغا ئىتتەرگەنچە ئارقىسىغا داجىشقا باشلايتى. بۇنداق چاغلاردا پەم بىلەن ئارقىغا ياندۇرۇپ، باشقىدىن تېز يۈگرەپ كەلسە يەنە بولاتتى. ئەمما بۇنى گۇندىپايلار كۆرسە قەستەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ دەپ قاراپ جازا بېرەتتى. شۇڭا دايىملا كەينىگە يېنىپ باشقىدىن كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. يەرلەر تولۇق بولغاندىن باشقا، دايىملا ئادەملەر دەسسەپ تۇرغان يەرلەردىكى قارلار ئاياقلىرىمىزدا ۋە چېچىلغان توپا بىلەن ئېزىپ، غىلتاڭلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىر گورۇپپا ھارۋىكەش ھارۋىنى سۆرەپ دامبىغا قاراپ يۈگرىدى، ئۇلار ھە ـ ھۇ بىلەن چۇقان سېلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ يۈگرەيتى. بىرسىنىڭ بىر ئاز تېيىلىپ كېتىشى بىلەن قەدىمى ئاستىلاپ قېلىپ، ھارۋا دامبىنىڭ قاپبېلىدە تۇرۇپ قالدى ۋە ئاستا ـ ئاستا كەينىگە يېنىشقا باشلىدى. كەينىگە يېنىپ قايتا كېلىشكە بولمايتى، ئەڭ پەيلى يامان گۇندىپاي ئۇستىدە قاراپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار تىرەجەپ چىقىرىشقا تىرىشاتتى. قېرىشقاندەك ئالدىغا سىلجىمايتى. كەچكە يېقىنلاشقان بولغاچقا ئادەملەرنىڭ ماغدۇرىمۇ تۈگەپ قالغان، كۈچىگەننىڭمۇ پايدىسى يوقىدى. ئەتراپتىكىلەردىن بىر نەچچەيلەن ياردەمگە تەمشەلگەن بولسىمۇ، گۇندىپاينىڭ سېسىق گېپى بىلەن ئۇلار ئۆز ئىشىغا كىرىشتى. مانا شۇ چاغدا ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرىۋاتقان ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن بىرى چاقنى مۇرىدەپ، ھارۋىنى توختۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان ئىدى، كۈچەۋېرىپ، بەللىرى بوشاپ كەتكەن باشقا ھەمراللىرى چارىسىز ئۆزىنى قويۇۋەتتى. ئەڭ ئاز 500 كىلو توپا بېسىلغان ھارۋا بىچارە يىگىتنى مۇرىسىدىن باسقانچە كەينىگە يېنىپ، ئۆزاققا — توپا ئۇسۇپ ئورەك بولۇپ قالغان بىر يەرگىچە كەتتى ۋە ئورەككە مولالاق ئېتىپ توختىدى.

ھارۋا چاقىنىڭ ئاستىدا قالغان يىگىت ئاچچىق بىر ئىڭراپ ئۆگدىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە جىم بولۇپ قالدى. مەن كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەستىن دامبىغا

قاراپ ماڭدىم.

ـــ ئارقاڭغا يان! ئۆز ئىشىڭغا قارا! ـــ دەپ پوپوزا بىلەن ۋارقىرىدى گۇندىپاي.

ئەمما ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ئۆزەمنى خەتەرگە ئىتتىۋاتقىنىمنىمۇ ھېس قىلمايتتىم. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىدىكى سايمانلىرىنى تۇتقىنىچە مەن بىلەن گۇندىپاي ئارىسىدا بولۇۋاتقان جېدەلنى كۆتۈپ، ئۇن چىقىرىشماي تۇراتتى.

ـــ ھەممەڭ ئىشىڭنى قىلىش، بولمىسا تاياق يەيسەن! ـــ گۇندىپاي ۋارقىرىدى. بۇ قېتىم - چىۋالار بىلەن يىقىن ئەتراپتىكى گۇندىپايلارمۇ يۈگرۈشۈپ كېلىشتى ۋە ۋەقەنى كۆرۈپ بىلگەندىن كېيىن:

ـــ دۆلەت مۈلكى بىر نېمە بولغان بولسا بۇنىڭغا مەسئۇل ئادەملەرنىڭ ژىلى كۆپەيتىلىدۇ، بېرىڭلار، بىرىڭلار ھارۋىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭلار، ـــ دېدى.

بۇ چاغدا مەن دامبىغا يېتىپ بېرىپ، يەردە دالىيىپ ياتقان يىگىتكە ئېڭىشكەن ئىدىم، ئارقامدىن بېشىمغا شىددەت بىلەن بىر تاسما زەربىسى تەگدى. ئەمما شۇئان ئۇ ياقتىن:

ـــ قولۇڭنى تارت! ھايۋان! ـــ دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئىككىنچى زەربىگە كۆتۈرۈلگەن قوللار بوشۇشۇپ تۆۋەن چۈشتى. بۇ قارشىلىق ئاۋازى مەتقاسىمنىڭ ئىدى. ئارقىدىن بىرنەچچە ئاۋازمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى:

ـــ ئادەم ئۆلۈۋاتىدۇ، مەيدە، ئادەم! ئىنساپسىز گۇيلار!

مەن يىگىتنىڭ بېشىنى يۆلىدىم. ئۇنىڭدا ئاجىز بىر تىنىق باردەك قىلدى. ھېچنېمىنىڭ راھىتىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بىغۇبار ئەمما ھارغىن كۆزلىرى بوغۇزلانغان قوزىنىڭ كۆزىدەك قېتىپ قالغان ئىدى. ئاڭغىچە ئادەملەر تۇشمۇ - تۇشتىن ئۇلاشتى. گۇندىپايلار بۇ قەدەر كۆپ ئادەمگە قارشى قوپال ئۇسۇلنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ جىم بولدى.

گۇندىپايلار باشلىقى خىتاي كەچ كىرىپ قىلىۋاتقان بۇ پەيتتە چاتاق چىقسا بىرمۇنچە پاراكەندىچىلىك بولۇشىنى مۆلچەرلەپ، ھارامزادىلىك قىلىشقا باشلىدى:

ـــ جىنايەتچى بولسىمۇ يەنىلا ئادەم ئەمەسمۇ، مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان بارمۇ؟ بىزنىڭ گومىنداڭدىن نېمە پەرقىمىز قالدى؟! ـــ دەپ ئۆز قول

ئاستىدىكى گۈندىپايلارغا كايىدى ۋە، — كۆپچۈلۈك، كەچمۇ كىرىپ قاپتۇ، ئىشنى يىغىپ قايتساڭلار بولۇدۇ، ھەر كىم ئۆز سېپىگە بېرىپ، كۈندىكىدەك قايتسۇن، ياردارنى بىز بىرنەچچەيلەن دوختۇرغا ئېلىپ بارىمىز.

مەن خىتاينىڭ نېمە دەپ، نېمە ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقىنى بىلەنمۇ كارىم بولماي، بالىنى بىلەكلىرىم ئۈستىگە ئېلىپ، كۆتۈرگەنچە پەسكە ئېلىپ چۈشتۈم. بىرلىرى توپا توشۇيدىغان ھارۋىلاردىن بىرىنى تەييار قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپتىكەن، ھارۋىغا قويدۇم. ئاندىن ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ ماڭدىم. بېشىمدا بىر تۇمان كېزەتتى. ئەتراپتا بولۇۋاتقانلارنى ئاڭقىرىپ كەتمەيتىم. بىر كەمدە بىز چۈشلۈك تاماق يەيدىغان يەرگە كەلگەندە قارىدىمكى، بالىنىڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان كەلدى. بالىنىڭ يىڭاق تومۇرىغا قولۇمنى تەگدۈرۈپ باقتىم. نەپسى توختاپتۇ. شۇ چاغدىلا ئىختىيارسىز ئارقامغا قارىدىم.

ھەممە ئادەم خۇددى مىيىت ئۇزۇتۇپ جىنازا ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ھازىدارلاردەك كېلىۋېتىپتۇ.

— بالا جان ئۈزدى، كۆپچۈلۈك، ئەمدى مۇشۇ توپىمىز بىلەن مىيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاندىن كەتسەك، — دېدىم خىرىلداپ. ئاۋازىم ئەڭ يېقىندىكىلەرگە ئاران ئاڭلانغۇدەك ئىدى. ئۇلار ئارقىدىكىلەرگە شىۋىرلىدى. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا مىڭلىغان تۇتقۇنغا ئۇلاشتى.

— قەيەرگە كۆمىمىز؟ يەر كۆرسىتىڭلار، بىرلىرى يەرلىك كولىسۇن! — دېدىم گۈندىپايلار باشلىقىغا.

خىتاي جاۋاپ كۈتۈپ پۈتۈن سەپ بويىچە تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، چارىسىزلىك بىلەن جەنۇپ تەرىپىمىزدىكى كىچىك بىر تۆپىلىكنىڭ باغرىدىن شېغىللىق يانتۇلۇقنى كۆرسەتتى. ياش يىگىتلەردىن بىر نەچچىسى بەس ـ بەستە ئىشلەپ ناھايىتى تېزلا يەرلىكنى پۈتتۈردى. كۆپچۈلۈك ئۆملۈكنىڭ كۈچىنى ھەيۋىتىنى كۆرۈۋاتاتتى. مىيىتنى ھارۋىدىن چۈشۈردۇق.

— ئەپەندىم، مىيىت دېگەننى يۇيۇپ كېپەنلەيدىغان بولغىيتۇق؟ — دېدى ئالدى سەپتىكىلەردىن بىرى.

— شېھىتلەر يۇيۇپ تارالمايدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر قىلىدۇ؛ ئۆزىنىڭ كىيىمى

بىلەن كۆمۈمىز، ـــ دېدىم.

مېنىڭ ئىماملىقىمدا جىنازا نامىزى ئوقۇدۇق. يىگىت ئون گۈلنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمايلا تۇپراققا قايتقان ئىدى. بۇ مۇشۇ مەيداندىكى تۇنجى قەۋرە بولۇپ قالدى.

كېيىن چارىسىزلىكتىن يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان خىتايلار بۇ ئىشنىڭ ھىسابىنى ئېلىشقا باشلىدى. سەپنىڭ ئالدىدا ئاكتىپ ھەركەت قىلغان ياكى بىرەر ئېغىز قارشى گەپ قىلغانلارنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ سوراق قىلدى. مەتقاسىم قارشى گەپ قىلىپ بەك كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغاچقا ئۇنى چاقىرىپ، «سۆزلەشتى»، مەتقاسىم «سۆزلىشىش»تىن قايتىپ چىققاندا ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى كۆكۈرۈپ، بېشىنىڭ يېرىلغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى سورىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى بارمىدى؟ ئۇلار سۆزلۈشۈمىز دەپ ئەكىرىپ ئۇرغان خالاس. كېيىن مېنىمۇ چاقىردى. مەندىن بۇ يەردە جىنايەتچىلەرنى تەشكىللەۋاتامدىكىن دېگەن گۇمانىنى قىلدىغاندەك تۇرۇدۇ. ئۇلارنىڭ سورۇغان سوئاللىرى شۇ مەزمۇندا ئىدى.

ـــ نېمىشكە چاقىرغانلىقىمىزنى بىلەمسەن؟

ـــ سۆزلۈشۈمىز دەپ چاقىردىڭلار.

ـــ نېمە توغرىسىدا سۆزلۈشىدىغانلىقىمىزنى بىلەمسەن؟

ـــ بۇنى تېخى دېمىدىڭلار.

ـــ سېنىڭچە نېمىشكە چاقىرغاندۇق؟

ـــ پەرەز قىلىپ ئولتۇرمىسامىمۇ ھېلى دەيسىلەرغۇ، چاقىرغاندىكىن.

كادىر بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇ «نەقەدەر خۇپسەن نېمە سەن ـ ھە!» دېگىنى ئىدى. بۇ چاغدا يەنە بىر غالچا ئاستا يېنىمغا سۈرۈلۈپ بېشىمغا سەت نوقۇپ:

ـــ تولا خۇپسەنلىك قىلما! ھەممىنى بىلىمىز، ـــ دېدى.

گەپ قىلمىدىم. كادىر رەسمىي گەپكە ئۆتتى:

ـــ سەن جىنايەتچىلەرنى قارشىلىق كۆرسۈتۈشكە تەشكىللەۋاتىسەن!

ـــ پاكىت؟

ـــ ئادەتتە بىر توپ ئادەم سېنىڭ ئەتراپىڭدىلا، بۇ ئۆزلۈكىدىنمۇ؟ ئاۋۇ كۈنى

ھادىسە يۈز بەرگەندە ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پىسەنت قىلماي خىيالىڭغا كەلگىنىچە ھەركەت قىلدىڭ، سېنىڭ ئارقاڭدىن جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئەگەشتى.

— ئەتراپىمىدىكىلەرنىڭ نېمىشقا ماڭا يېقىنلىقىنى ئۈزلىرىدىن سورۇساڭلار ياخشىراق. مەندىن سورۇساڭلار، مەن ئادەتتە زەھەرخەندە ئەمەسمەن، ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلسامكەن دەيمەن، شۇڭا ئۇلار ماڭا يېقىنلاشقاندۇر. ئاۋۇ كۈنكى ئىشتا مەن ئۇلارغا ئارقامدىن ئەگىشىشكە چاقىرىق قىلمىغانلىقىمغا ئۆزۈڭلار گۇۋاھ، مەن پەقەت ھادىسىگە ئۇچرىغان ئادەمگە ئىچىم ئاغرىپ، ئۇنى تېزرەك دوختۇرغا ئاپىرىش ئۈچۈن، ئىختىيارسىز ھەركەت قىلدىم.

— سەن زەھەرخەندە بولمىساڭ، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش كويىدىلا بولۇدۇغان ئادەم بولساڭ، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ قانداقسىگە خەلق دۈشمىنى بولۇپ قالدىڭ؟

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەلق دۈشمىنى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن؛ مەن نېمىشقا بۇ يەردە؟ بۇنىڭغا سىلەر جاۋاپ بەرسەڭلار تېخىمۇ توغرا.

— ئاشۇ كۈنكى قۇتراتقۇ ھەركىتىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك. بۇ مەسىلەڭنى ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇر.

— بۇنى ئىسپات قىلالىساڭلار بوينۇم قىلدا باغلاقلىق.

— ئۇ كۈنكى ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

— بۇنى چۈشەندۈرۈپ بولدۇم. ئەمما سىلەردىن بەزىلەر شۇ چاغدا ئادەم ئۆلۈۋاتسا «ھارۋا ساقمۇ؟» دېگەندەك رەھىمسىز گەپلەرنى قىلدى. بۇنى سىلەر قانداق چۈشەندۈرىسىلەر؟ كومپارتىيەنىڭ سىياستى شۇنداق، دېيەلەمسىلەر؟

— پارتىيىمىزنىڭ سىياستى ئۇنداق ئەمەس.

— كومپارتىيىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن نېمە پەرقى؟ — دەپ سورۇدۇم. مېنىڭ نەزىرىمدىغۇ ھېچ پەرقى يوق، ھەتتا تېخىمۇ ياۋۇز، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى بەك شەپقەتلىك دەپ سۆيەتلەيدىغان بولغاچقا، شۇ داۋرىڭنى يۈزىگە سېلىپ پايدىلىنىشىم كېرەك ئىدى، — جىنايەتچىلەرگە ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش پىرىنسىپى بارمۇ ياكى ئۇلارغا قۇللاردەك مۇئامىلە قىلىپ، نېمە بولساڭ بول دەيدىغان سىياسەت بارمۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى مەن سوتلاشقا باشلىغان ئىدىم، ھېلىقى غالچا چىداپ تۇرالماي ۋارقىرىدى:

— بۇ يەردە سەن جىنايەتچى! سوئالنى بىز سورايمىز! سەن بىزگە كومپارتىيەنىڭ سىياسىتىدىن دەرس ئۆتمەكچىمۇ؟

— گەپ قىلماي تۇر، ئۇ دېگەن يوقۇرى دەرىجىلىك زىيالىي ھەم يوقۇرى دەرىجىلىك رەھبىرى كادىر بولغان ئادەم ئەمەسمۇ، مائارىپ نازىرى بولغان ئۇ. ئۇنىڭغا ئادەتتىكى جىنايەتچىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلساڭ تۇمشۇقۇڭدىن ئىلىنىپ قالىسەن، — دەپ تەنبىھ بەردى كادىر گۇندىپايغا.

گۇندىپاي شۇندىلا ماڭا بىر ئاز قىزىقىش بىلەن قارىغاندەك قىلىسمۇ، يەنىلا پىتىدىن چۈشكىسى كەلمەي، مېنى سىلكىشلىدى.

كادىر بىلەن ئىككىمىز كومپارتىيەنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرىمىزنى خېلى داۋام قىلدۇق. مەن ئادەتتە كوممۇنىستلارنىڭ ئالدامچىلىق ئۈچۈن تارقاتقان چىرايلىق سىياسەت-پرىنسىپلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە مۇداپىئە ئۈچۈن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندىم. بۇ پرىنسىپلارنى كومپارتىيە ئۆزى ئېلان قىلغان نەرسىلەر بولغاچقا كادىرلار ئۇنى ئىنكار قىلالماي، ئاغزى بېسىقتى.

مەن بىلەن بولۇنغان سۆھبەت ھەرھالدا خېلى تېنچ ئۆتتى. غالچىنىڭ بىرەر قېتىم قولى تەككىنى، سىلكىشلىگىنى ھېسابقا ئالغۇچىلىكى يوق ئادەتتىكى ئىش ئىدى.

ھەر ھالدا بۇ ئىش ھەققىدە چاقىرىلىپ تاياق يېگەنلەر يىگىرمىدىن كەم چىقمايتى. ئىشقىلىپ، ئاشۇ مەيداننىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى تۆپىلىك باغرىدا پەيدا بولغان تۇنجى قەۋرىنىڭ ئۈستىدىكى تۇپراق تېخى نەملىكىنى يوقاتمايلا، يېڭىلىرى قوشۇلۇپ تۇردى. ھەر زامان ئىش ۋاقتىدا بولغان ئۆلۈملەر ئۈچۈن جامائەت بولۇپ ناماز چۈشۈرۈپ دەپن قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردۇق.

يەنە بىر قېتىمدا ئامبار توسمىسى ئۈچۈن توپا قېزىۋاتقاندا ئۈستى- ئۈستىگە تاشلاپ كۆمۈۋېتىلگەن 30دەك جەسەت ئېچىلىپ كەتتى. بۇنى بىر قەۋرىستانلىق دېيىشكە بولمايتى. چۈنكى جەسەتلەر ئۈستى- ئۈستىگە، ئوڭ- تەتۈر تاشلانغان ئىدى. ئارىلىرىدا كىچىك بالىلارمۇ، ئاياللارمۇ باردى. گەرچە

ئاللىقاچان چىرىپ، ئەر-ئايالنى ئايرىغىلى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ تېخى چىرىپ بولالمىغان كىيىملىرىدىن ئارىلاش ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى. كىچىك باللارنى پەرق ئېتىش ئاسان ئىدى. كىچىك باللارنىڭمۇ ئىككى ياشتىن ئون ياشقىچە ھەر ياشتىكىسى باردەك ئىدى. بۇ ھال يەنە بىرمۇنچە غۇلغۇلىغا سەۋەب بولۇپ، تۇتقۇنلار ئىشلىرىنى قويۇپ، ھەممىسى ئورەك بېشىغا ئولىشىۋالدى. بۇ دەھشەت ئالدىدا ئادەملەردە يەنە بىر تۈرلۈك جاندىن كېچىش، قاشىيىش كەيپىياتى پەيدا بولغىنى ئۈچۈن، گۈندىپايلارمۇ تىركەشمىدى. شۇ چاغدا گۈندىپايلارنىڭ چاقىرىشى بىلەن يېتىپ كەلگەن لاگېر باشلىقى كۆپچۈلۈكنى تارقىلىشقا، ئازراق ئادەمنى جەسەتلەرنى تەكرار كۆمۈشكە ئورۇنلاشتۇردى.

— بۇ ئىش تەكشۈرۈلۈدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار، ئىشىنىمەنكى، بۇ زۇلمەتلىك كونا جەمىيەتتە، ئەزگۈچىلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن سانسىز جىنايەتلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن! — دېدى ئۇ كوممۇنىستلارغا خاس ئالدامچىلىق بىلەن، — جەسەتلەرنى رەتلەپ كۆمۈشكە تۆرت ئادەم قالسۇن، باشقىلار ئۆز ئىشىڭلارغا قايتىڭلار، بىز بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ، ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىمىز، سىلەرگە خەۋىرىنى بېرىمىز.

نورمالدا ئۆلۈكتىن قورقۇدۇغانلار كۆپ بولغاچقا، ھەممە ئادەم ئارقىغا داجىپ، ماڭا نىيىتىمگە يارىشا بىر پۇرسەت چىقتى: جەسەتلەرنى رەتلەپ كۆمۈش ئىشىغا مەن قالدىم.

ئورەككە بىرىنچى بولۇپ سەكرەپ چۈشۈپ، بىرەر يىپ ئۇچى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئۈستى-ئۈستىدىكى جەسەتلەرنى (توغرىسى، سىكىلىتلارنى) ئېلىشقا باشلىدىم. بەزىلىرىنىڭ بېشىدىكى دوپپىلىرىدىن بىرەر پارچىسى كۆرۈنۈپ قالاتتى، ئەمما قولغا ئالغىچىلا ئۇۋۇلۇپ كېتەتتى. كېيىن مەن بىر جەسەتنىڭ يېنىدىن تاماكا ئوراش ئۈچۈن قاتلانغان گېزىت قاتلىقىنى تېپىۋالدىم! بۇ بەك موھىم ئىدى. دەرھال ئۇنى يانچۇقۇمغا تىقتىم. باشقا ھەمرالىرىمنىڭ دىققەت قىلمىغان پۇرسىتىدە گېزىتنى ئوبدانراق جايلاشتۇرۇۋالدىم. ھازىر كۆرەلمەيتىم. كەچتە ياتاقتا بۇنداق پۇرسەت بولارمىكىن؟ يەنە باشقا يىپ ئۇچى تېپىش ئۇرۇنۇشلۇرۇم بىكار بولدى. كىيىملەرنىڭ پارچىلىرى ساقتەك كۆرۈنسىمۇ، قولغا

ئالغىچىلا ئۇۋۇلۇپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى كىيىملىرىدىن كۆرگىلى بولاتتى.

ئەتىسى ھەر سولاقخانىلار بويىچە بىر سائەتچە مەجلىس بولدى. بۇ پاجىئەلىك جىنايى پاكىت ھەققىدە گەپ تارقىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدىن پەرەز قىلىنغىنىدەك، بۇ جىنايەتنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قىلغانىكەن، دېگەن يالغان مەلۇماتنى خۇددى تەكشۈرۈش دوكلادىنى يەتكۈزگەندەك كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا قۇيدى. ئەمما جەسەتلەر شۇ ھامانلا كۆمۈۋېتىلگەن تۇرسا، كىملەر، قايسى چاغدا تەكشۈرۈدۇ؟ قىپ - قىزىل ئالدامچىلىق - تە بۇ!

ئاخشىمى گەمىنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇچىلىقتا ھېچنېمە كۆرۈنمىگەنلىكتىن، تالاغا چىقىپ، ئۇياقتىكى قاراۋۇلنىڭ چىرىغىنىڭ گەمە ئىشىكى تەرەپكە چۈشكەن نۇرىدا ھېلىقى گېزىتنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئالدىم. گېزىت سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، قاتلىغان يەرلىرىنى ھەرقانچە ئاۋايلىسامۇ قاتلاقلىرىدىن ئۇشتۇلۇپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەر پارچىنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا سىنچىلاپ قاراپ، بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەكشۈردۈم. ئارىدا بىر پارچىنىڭ ئۈست تەرىپىدە «4 - ئاينىڭ 23... » دېگەنلەرنى كۆردۈم. ئاپلا! يىلى بولسىچۇ! ئەمما نورمالدا گېزىتلەردە ۋاقتى ھەر بەتنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىنى تېپىشقا تىرىشتىم. نىھايەت ئارقىسىمۇ بارىكەن: « 1950 - يىى... » دېگەنلەر كۆرۈلدى. دېمەك بۇ 1950 - يىلى 4 - ئايدىكى گېزىت ئىكەن. بۇلار 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 5 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئارىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، كوممۇنىست خىتاينىڭ قەتلىئاملىرىدىن — جاللات ۋاڭ جېن قوشۇنلىرىنىڭ جىنايەتلىرىدىن بىرى ئىدى! مەن گېزىتنى ساقلاش ئۈچۈن ياتىقىمدىكى بوخچامنىڭ ئارىسىغا بىر كوممۇنىست كىتاپلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغان بولسامۇ، پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلمىغان ھايات مۇساپەمدە ئۇنى بۈگۈنگىچە ساقلاشقا ئىمكان بولمىدى.

سېپىمىزگە خەمىت تۇردىمۇ قېتىلدى. بۇنى دېدىمۇ؟ ھە تېخى

دېمەپتىمەن. ئۇنىڭ بىلەنمۇ چۈشلۈك دەم ئېلىش پەيتىدە ئۇچرۇشۇپ قالدۇق. ئۇ مەندىن ئىلگىرى سورۇغان سوئالنىڭ ئەينىسىنى ئۇنىڭدىن سورۇدۇم:

— هە، خەمىت تۇردى، ئەھۋال قانداق؟ — ئۇمۇ سوئالىمغا بۇرۇن مەن بەرگەن جاۋاپنى تەكرارلىدى:

— خۇددى ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرغاندەك.

خەمىتكە تاپا- تەنە قىلىش نىيىتىم يوقىدى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ئاران تۇرغان روھىغا زەربە بېرىش ئەركەكچىلىك ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە ئۇ ھىسداشلىققا، دوستلۇققا مۇھتاج ئىدى. مەن، ئالماس، مەتقاسىم، مىھرىگۈل ھەممىمىز ئۇنىڭ بىر ئاز چىدىماس مىجەزىگە كۆرە مۇئامىلە قىلدۇق. ئۇنىڭ ئاسانلا تە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى دوستلۇرۇمغا دېگەن ئىدىم. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ، ئۇنى رەنجىتمەسلىككە تىرىشتى.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئالماس ماڭا ئادالانغان بىر سىقىم قوناقنى بەردى.

— مەڭ، كاپ ئېتىۋېتىڭ، ئازراق بولسىمۇ دالدىسى بولۇدۇ، —دېدى ئۇ.

— ئۆزەڭ يەۋەرمەي نېمىشقا ماڭا بېرىۋاتىسەن؟

— مەن جېنىمدا تويماي ئاچ يۈرۈۋاتسام، سىز مۇشۇ بەستىڭىز بىلەن خىتاينىڭ ئاشۇ كىچىككىنە مومىسىغا قانداقمۇ كۆنۈكىسىزكىن-تاڭ؟ ئانچە - مۇنچە قوشۇمچە بىرنەرسىلەرنى تېپىپ يېمىسەك ئۆلۈپ قالمايلى، — دېدى ئۇ خۇپسەنلىك بىلەن. ئۇ بەك ئايىغى چاققان، شوخ بالا ئىدى.

— قەيەردىن تاپتىڭ؟

— سوراپ نېمە قىلىسىز، يەۋەرمەمسىز، — دېدى ئۇ يەنە شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىپ، خام قوناقنى چاينىغاچ.

— ئەمما بىر يەردىن ئوغۇرلاۋاتقان بولساڭ، دىققەت قىل، تۇتۇلۇپ قالساڭ خىتايلار ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاڭلىمىدىڭمۇ، بىر باش پىياز ئۈچۈن — ئىشتىن كېلىۋاتقىچە خىتايلارنىڭ ئېتىزىدىن بىر باش پىياز ئالغىنى ئۈچۈن بىر يىگىتنى ناكا قىلىپ قويۇشتى.

— مەن دېگەن ئۇنداق پالاكەت ئىشنى قىلمايمەن، دەيمەن، —دېدى ئۇ ماختانچاقلىق بىلەن.

مەن قولۇمدىكى بىر سىقىم قوناقنى خەمىت تۇردىغا بەردىم. ئۇنىڭ ئاچلىقتىن سارغىيىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ كەتكەن ئىدى. بۇ هالدا قانداقمۇ قوناقنى ئۆزەم يەلەيمەن؟

ئۇ ماڭا ئايانچلىق نەزەردە بىر كۆز تاشلاپ، هېچبىر تەكەللۇپسىزلا قوناقنى ئېلىپ، ئاغزىغا كاپ ئەتتى ۋە چاينىغاچ:

ــ سابىتكا، مېنىڭ قىلغانلىرىم ئۈچۈن تاپا- تەنە قىلىپ، «هە، قانداق بولدى؟ ماڭا كەلگەن ساڭىمۇ كېلەمدىكەن؟ جاهان دېگەن مانا شۇنداق!... » دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ سانجىۋالغان بولسىڭىز ماڭا سەل يېنىك توختايتى. مەن قىلغان نامەرتلىككە بۇنداق جاۋاپ بېرىپ، مېنى تېخىمۇ بەك ئازاپلىدىڭىز، ــ دېدى.

ــ سىز بىلەن بىز بىرىنچى قېتىم تۇرمىدە ئەمەس. سىز مېنى چۈشەنمەمسىز؟ مەن سىزنى قىينىماقچى ئەمەس، كىشىلەرگە نورمالدا قانداق مۇئامىلىدە بولۇدۇغانلىقىمنى بىلسىزغۇ؟

ــ ئۇنىغۇ بىلىمەن. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن مەخلۇقكەن ئەمەسمۇ، بەزىدە ئادەم شۇ هاياجانلىنىپ، ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىدۇكەن... ئەمدى ئويلىسام سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز هەقىقەت ئىكەن. نېمە «ئىزىم، پىزىم» دېگەنلەر؟ هەممىسى ئالدامچىلىقكەن! مانا كۆردۇق، كوممۇنىست دېگەننى. گومىنداڭدىن ئاشۇرۇۋەتتىكى، كەم ئەمەس.

ــ ئەمما يەنىلا ئالدىرىماڭ، كىم بىلىدۇ، سىزنى خاتا جازالاپ قالغاندۇر، كېيىن يەنە ئاقلىنىپ چىقىپ خىزمەت قىلىشىڭىز مۇمكىن. مەن شۇنداق بولمۇدۇمىۇ، نەچچە قېتىم قامالدىم نەچچە چىقتىم، دېگەندەك...

ــ شۇنداق بولۇپ قالسا، زامان ئېقىملىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئالدامچىلىقلىرىغا ئەگەشمەيمەن، كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ئۆز خەلقىمنى خوش قىلىشقا تىرىشىمەن. قولۇمغا كەلدى دەپ، كۆرەڭلەپ كەتمەيمەن،...

ــ ئىنشائاللاھ.

ــ خۇدا بۇيرىسا.

هەر كۈنى چۈشتە بەزىدە ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر ئالماس قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن خام قوناقنى خاملا چايناپ، تامىقىمىزغا قوشۇمچە قىلاتتۇق. ئۇ

ھەممەيلەنگە ئازراقتىن يەتكۈزۈشكە تىرىشاتتى. قوناق قارىمۇقى كۆپ، كېسەل تەككەن، قورۇق، ئاۋاق بىر خىل قوناق بولۇپ، بەلكىم يەم ـ خەشەك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قوناق بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەمى بەكلا غەلىتە ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ئېسىل نازۇ ـ نېمەت قاتارىدا يەيتۇق. بۇ چاغلاردىكى ئاچلىق ئازاۋىنى شۇنىڭدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولاتتىكى، بەزىلەر ئىشلەۋاتقان يەرلەردە ھەر خىل ئوتلارنى، يىلتىزلارنى يەيتى. پەقەت ئاچچىق بولمىسىلا ھەممە ئوتنى يەيتى. مامكاپ (چاروت) بەك سۈتلۈك بولغاچقا ھەممىدىن ياخشى ئىدى. ئۇنى ھەممە ئادەم دېگۈدەك يەيتى. مانا شۇنداق قىلىپ، بەزى ئوتلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى رول ئويناپ، بەزىلەرنىڭ ئىچى قېتىپ قالاتتى. ئىچى قېتىپ قالغان ياكى يېمەكتىن زەھەرلىنىپ قورسىقى ئاغرىپ كەتكەنلەرنىڭ نالىسىغا قۇلاق سېلىنمايتى. «ھارامزادە كېسەل، ئىدىيە كېسىلى» دېيىشىپ كارى بولمايتى. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە ئادەم ئەنە شۇنداق تەكشۈرۈلمىگەن، نامەلۇم كېسەللەردىن ئۆلۈپ كەتتى.

ئاسان ھاياجانلىنىدىغان خەمىت بۇلارنى كۆرۈپ چىدىيالماي كېتەتتى.

— ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ! ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ! — دەيتى ئۇ بېشىنى چايقاپ. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى كوممۇنىستلار بەكمۇ خەلقچىل بولۇدۇغان بولغاچقا، جاھانگىرلارنىڭ سۈپىتى قىلىپ تەسۋىرلىنىدىغان بارلىق ۋەھشىيلىكلەرنى كوممۇنىستلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرگىنىدە ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالاتتى.

— خەمىت تۇردى، ئۇنداق بالىلاردەك گەپنى قىلىۋەرمەڭ، نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندىم، سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى «كوممۇنىست» دېگەننىڭ ئوبرازى بەك سۈيۈملۈك، بەك ئۇلۇغ ئىدى، شۇڭا بۇلار ئەقلىڭىزگە سىغماي قېلىۋاتىدۇ. ئەمما، بىلەمسىز، سىزگە ئاشۇنداق تەسىرنى سىڭدۈرۈپ قويغان رۇس كوممۇنىستلىرى غەلىبە قىلار ـ قىلمايلا دېڭىزچىلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرغاندا 200 مىڭدىن ئارتۇق يوقسۇل دېڭىزچىنى قىرىۋەتكەن ئىدى! بۇ سىز ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە، ئەقلىڭىزگە سىغدۇرالمىغۇدەك، ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش ئەمەس؛ كوممۇنىستلارنىڭ ماھىيىتىدە ئەزەلدىن بار بولغان ۋەھشىيلىك! بۈگۈن سوۋېتنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەجبۇرىي ئەمگەك

لاگىرلىرىدا قانچە مىليون ئادەمنىڭ ئازاپ چېكىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ سىز بەلكىم ئۇلار كۇلاكلار، «خەلق دۈشمەنلىرى» دەپ ئويلايدىغان بولغىيدىڭىز؟ ئۇلارمۇ مانا شۇ سىز بىلەن بىزدەك ئادەملەر.

پۈرسەتتى كەلگەندە بىر ئېغىز دېگەن بولسىمۇ گەپ قىستۇرۇپ، ئەتراپىمدىكىلەردە كوممۇنىستلارنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى خام ـ خىيال ۋە خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزۈتۈشكە تىرىشاتتىم. خەممەت تۇردىمۇ دېگەنلىرىمگە قايىل بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆپ چاغلاردا ھارغىنلىق ۋە ئاچلىقتىن بولۇۋاتقان ماغدۇرسىزلىق تۈپەيلى، گەپ قىلىشقىمۇ رەغدىمىز بولماي، جىم ئولتۇراتتۇق.

مەن يېقىنلىرىمدىن ئاخشىمى سولاقخانىلىرىمىزغا قايتقاندا ئاشخانا ئەخلىتىدىن ئوتياش شوپۇكلىرىنى، بولۇپمۇ قاتكۆك كۆتىكى تېرىپ يەيدىغانلار بار ـ يوقلۇقىنى سورۇدۇم. ئۇتياش شوپۇكلىرىنى تېرىپ يەيدىغانلار كۆپكەن، ئەمما قاتكۆك كۆتىكىنىڭ تېخىمۇ ئېسىل تاماق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار يوقكەن. مەن كەچمىشىمىزدە بولغان ئاشۇ ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرىۋىدىم، شۇندىن كېيىن ئۇلار ئاخشاملىرى ئاشخانا ئەخلەتلىرىدىن قاتكۆك كۆتىكى تېرىدىغان بولدى. ئەمما بۇ يەردە پۈشۈرىدىغان ئىمكان بولمىغاچقا خام يېيىشتى. ئالماس، بۇ جەھەتتىمۇ رېكورت يارىتىپ، ئەڭ كۆپ كۆتەك تۇپلاپ، ئۇنىڭ سىرتىنى سويۇپ، چىرايلىق ئادالاپ، ئاخشامدا يەپ بولالمىغانلىرىنى ئەتىسى ئىشقا ئالغاچ كېلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ سولاقخانىسىمۇ چوڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاشخانىسىدا بىرلا قېتىمدا يۈزلەپ قاتكۆك ئىشلىتىلەتتىكەن. بۇ بايقاشتىن كېيىن سولاقخانىلاردا قاتكۆك كۆتىكى تالىشىپ ماجرالىشىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

بىزنىڭ ياتىدىغان يېرىمىز ئىشلەيدىغان مەيدانغا يېقىنراق بولغاچقا ھەر كۈنى قاتار بولۇپ، سەككىز ئون گۈندىپاينىڭ نازارىتى ئاستىدا مېڭىپ كېلەتتۇق. بۇ ئارىدىن يېگى ياسالغان تۈز ۋە سۈپەتلىك تاشيول ئۆتەتتى. تاشيولنىڭ قەيەردىن قەيەرگە بېرىشىنىمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، ماشىنىلار قەيەردىندۇر ئاشلىق ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توشۇيتى. بىز يولنىڭ بىر چېتىدە ئىككىدىن قاتار بولۇپ ماڭاتتۇق، يول بەك كەڭ ئەمەس، ئىككى ماشىنا تەستە پاتقۇدەك ئىدى. ماشىنىلار يېنىمىزدىن ئۆتكەندە بەزىدە

چاق ئاستىدىن شېغىل تاشلار ئېتىلىپ چىقىپ سوزماقتىن چىققاندەك قاتتىق تېگەتتى.

ماشىنىلار شېغىللىق يوللاردا سىلكىنىپ ماڭغاچقىمۇ، ماشىنىلار توشۇپ ماڭغان نەرسىلەر يولغا ئانچە - مۇنچە چېچىلىپمۇ قالاتتى. بىز قاتاردا كېتىۋېتىپ بىر نەچچە تال قوناق، بەزىدە بىرەر باش قىزىلچا، سەۋزە، مەكەچامغۇر[1] تېپىۋالاتتۇق. نورمالدا بۇنى ناھايىتى تېز ھەركەت قىلىدىغان ياش باللار قىلالايتى. چۈنكى يالاپ ماڭغان گۇندىپايلار كۆرگىچىلا قاتارغا كىرىۋالمىسا تاياق يەيدىغان گەپ ئىدى. بەزى چېچىلغان نەرسىلەر دومۇلاپ يول سىرتىغا — دەل بىز كېتىۋاتقان لېنىيەدە توختاپ قالغان بولاتتى. بۇنى ئېلىش بەك ئاسان ئىدى؛ ئەمما بەزىلىرى يولنىڭ ئىچىدىرەك بولاتتى. بۇ دايىملا ئۈچرايدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، بەزى كۈنلىرى بولاتتى. بولغاندىمۇ پەقەت يۈز ئادەم ئىچىدىن ئىككى تەلەيلىكنىڭ قولىغا چىقىدىغان نەرسە ئىدى.

بىر كۈنى ئەتتىگەندە كېلىۋاتقىچە بىرى يولنىڭ ئىچىدىرەك تۇرغان تۇخۇمدەك بىر مەكەچامغۇرنى ئالىمەن دەپ ماشىنىنىڭ ئاستىدا قالدى! قاتاردىكىلەرمۇ بۇ ئىشنىڭ قانداقلارچە يۈز بەرگىنىنى دەپ بېرەلمەيتى. كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە بولۇپ ئۆتتى. ئۇ چاغلاردا يوللارغا تېخى ئاسپالت ياتقۇزۇلمىغان بولغاچقا ھەر ماشىنا ئۆتكەندە ئەتراپ كۆرۈنمەي قالىدىغان چاڭ - توزان كۆتۈرۈلەتتى. ئارقا - ئارقىدىن ئۆتكەن ئىككى ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكىسى چاڭ كۆتۈرۈلگەندە يول ئوتتۇرىسىدا تەمتىلەپ يۈرگەن بۇ ئادەمنى كۆرمەي قالغانمىدۇر؟ ياكى بۇ بىر غەپلەت بېسىشمىدۇر؟ قاتاردىكىلەردىن ئۆلگۈچىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇدۇغانلار ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغاچقا قىيا - چىيا كۆتۈرۈشتى. گۇندىپايلار:

— نىمە بولدى؟ نىمە بولدى؟ — دەپ ۋارقىراشتى. ئۇلار بەك گۇمانخور بولغاچقا ھەر ئىش بولسىلا بىرى قاچتىمىكىن ياكى قېچىشقا شارائىت يارىتىش ئۈچۈن قەستەن ۋەقە تۇغدۇرۇۋاتامدىكىن دەپ ئويلۇشاتتى. چاڭ - توزاڭنىڭ ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يولنىڭ ئۇ بىر چېتىگە پىرقىرىتىپ

[1] مەكەچامغۇر — ياڭيۇ ياكى كارتۇشكانىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى، — ئا.

تاشلىۋېتىلگەن جەسەت كۆرۈندى. ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەچكە قۇرۇق تاغاردەك ساڭگىلاپ قېلىپ، كۆتۈرۈشكىمۇ ئەپسىز ئىدى. ئۇنىڭ چىلىك يۇمۇلغان سىقىمىدا كىچىككىنە مەكەچامغۇر تۇراتتى. بېشى مىچىلداپلا كەتكەن ئىدى. جەسەتنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا ئېلىپ كەلدۇق ۋە يېڭى قەبرىستانلىقىمىزدا يەنە بىر قەبرە كۆپەيدى!

بۇنى باشقا قاماقخانىلاردا ياتىدىغان دوستلىرىمىزغا سۆزلەپ بەردۇق. خەمىت تۇردى بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇنىڭ ياشلىرىنى ئېقىتىپ ئېسەدەشلىرى ۋە توختىماي:

— قانداق جاھان بولۇپ كەتتى بۇ؟ — دەپ تەكرارلاشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆلگۈچىگە ئېچىنىشتىن كۆرە، ئۆز تەقدىرىگە ئېچىنىپ يىغلاۋاتقىنىنى چۈشەندىم. ئۇ «بىر كۈنلىرى بىزمۇ ئاشۇنداق ئۆلۈپ كېتىمىز» دەپ ئويلاۋاتاتتى. ھەر دايىم مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا ئۇ ئائىلىسىنى، كىچىككىنە ئوغلىنى ئەسلەپ، ئۆزىنى تۇتالمايتى. ئايالىنىڭ ئۆزىدىن سوۋۇپ كېتىشىدىن، ئۆزىنى كۈتمەيلا باشقا بىرسىگە كۆڭۈل بېرىشىدىن بەك ئەنسىرەيتى.

شۇ كۈنلەردە مەتقاسىمنىڭ كەيپى ياخشى ئەمەس كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بىر ئىچ دەردى بارلىقىنى پەملەپ چۈشتە ھېلىقى گىچىلداپ تۇرۇدۇغان زاغرىمىزنى يېگەچ ئولتۇرۇپ سورۇدۇم:

— مەتقاسىم، سىزنىڭ بىر دەردىڭىز باردەكلىغۇ؟ بىز ياردەم بەرگۈدەك ئىش بولسا دەڭ، ياردەم قىلايلى، بولمىسا تەسەللىي بولسىمۇ بەرسەك كۆڭلۈڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالۇدۇ.

— ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ، — دېدى ئۇ باش چايقاپ.

— شۇنداق بولسىمۇ دەپ بېقىڭ، تەسەللىيمۇ بەزىدە ئادەمنىڭ روھىغا مەدەت بولۇدۇ.

— مېھرىگۈل بىلەن بولغان ئىش ئاخىرى قاملاشمىدى، — دېدى ئۇ ئۇزاق ئارىسالدىلىقتىن كېيىن، — ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. پەقەت بىر ياخشى ئاكا دەپ بىلىدىكەن.

— بوپتۇ ئۇكام، كۆڭلۈڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئۇ قىزنىڭمۇ نېمە ئامالى؟ كۆڭۈل دېگەننى زورلىغىلى بولمايدۇغۇ. زورلىغان ئىشمۇ ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ.

— شۇ... ھازىرمىغۇ تۇرغان يېرىمىز بۇ تۇرسا، ماقۇل دېسىمۇ پايدىسى يوققۇ. بۇ يەردىن ساق چىقامدۇق، ئۆلۈگۈمىز چىقامدۇ...

تەسەللىيگىمۇ سۆز تاپالمىدىم. ئەمما كېيىن ئالماستىن سۈرۈشتۈردۈم. ئۇنى ياردەم قىلمىدىڭمۇ دەپ سورۇغانتىم، ئۇ مېھرىگۈلنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى:

— يېشى مەندىن بەكلا چوڭ، دادامدەك بولمىسىمۇ چوڭ ئاكامدەك ئادەم تۇرسا، خىجىل بولۇمەن، — دەپتۇ. ئەمما مەتقاسىمنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بەكلا ئېچىنغان، شۇندىن كېيىن ئالاھىدە ھۆرمەت قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ياخشى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

قىسقىسى بىچارە مەتقاسىمنىڭ كۆڭۈل ئىشىغا ھېچقايسىمىز ياردەم قىلالماي بەكلا مەيۈسلەندۇق. بىزنى كۆپرەك ئالماس مەشغۇل قىلاتتى. ئۇ ھەر زامان بىرەر گەپ تېپىپ جىملىقنى بۇزۇپ، ئەتراپتىكىلەرنى ئاغزىغا قارىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىۋارلىق بالا ئىكەنمىش، مانا ئەمدى بۇ ئەركە بالا بۇ يەردە ئېغىر ئەمگەكلەردە قىينىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا شۇ شوخ مىجەزىنى يوقاتمىغان ئىدى. ئۇ قوشۇمچە يىمەكلىكلەرنى تېپىپ تۇراتتى. بىكار تۇرماي پىقىراپ، ئادەملەرنى ئارىلاپ تۇرغاچقا ئۇ بىزنىڭ ئۇچۇر ۋاستىمىزمۇ بولۇپ قالغان ئىدى.

مېھرىگۈل غەمكىن بولۇپ قالدى. كەم سۆز ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭدا بىر ئاز شائىرلارغا خاس تۇيغۇ بارلىقىنى دەلىللەيتتى. بەلكىم ئۇ بىر نامسىز شائىر بولۇشىمۇ مۇمكىن، كىم بىلىدۇ. غەمكىن كۆلۈمسىرەپ قويغان چاغلىرىدا شۇنداق ئوماق بولۇپ كېتەتتى. ھەركۈنى بىللە بولۇش ئارىمىزدا شۇنداق مېھىر شەكىللەندۈردىكى، مەن ئۇنى ئۆز قىزىم دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئەگەر ئۇنى بىرەرسى بوزەك قىلىشقا جابدۇسا مېنىڭ جان پىدا قىلىشىمدا، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشۈمدە گەپ يوق ئىدى.

باشقا زىيالىي تونۇشلۇرۇمنىمۇ ناگان ـ ناگاندا كۆرۈپ قالاتتىم، راستىنى دېسەم شۇلاردىن بارغانچە كۆڭلۈم قېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ شائىر دېگەنلەرنى دېسەم ھۆ بولغۇملا كېلەتتى. ئۇلار ھەر زامان زاماننىڭ شامالىرىغا ئۇسۇل ئويناپ، مەدھىيىۋازلىق قىلىشاتتى. نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چەكتۈرگەن خىتاي ھاكىمىيىتىنى يەنە تىلى بىرىپ مەدھىيىلەيتى. ئارقىدىن يەنە مەھكۇم بولۇپ،

ئېغىر ئەمگەككە سىڭىنىغاندا ئىرادىسى بوشاپ كۆچۈكلۈنۈپ كەتكەنلىرىنى كۆرەتتىم. ئىشىنەتتىمكى، ئۇلار قايتا جەمئىيەتكە چىقىدىغان بولسا يەنە مەدھىيە يېزىشتىن خىجىل بولۇشمايتتى. ئۆتكەن بىر دەۋردە سۆكۈلگەن بىر ئېقىمنى ئەمدى مەدھىيىلەيتتى. ئاجايىپ مەيدانسىز. كۆرۈلۈۋاتىدۇكى، ئۇلار پەقەت ئاتالمىش ئىجادىيەتلىرىنى ئېلان قىلىنىۋالسىلا بولاتتى. نامى چىقسىلا بولاتتى. ئېلان قىلىش ئۈچۈن جاھانغا ماسلاشمىسا بولمىغان، شۇڭا ھەر سەنئەتكە دەسسەيتتى. تارىخ، كەلگۈسى ئەۋلادلار قانداق باھا بېرەر دېگەننىمۇ ئويلاپ ئولتۇرمايتتى. ناھايىتى ئاز بىر قىسىمنىڭ ئار - نومۇس تۇيغۇلىرىنى ساقلىغىنىدىن باشقا كۆپچۈلۈكى ئەنە شۇنداق رەسۋا ئىدى.

ئەلەم ئىچىدە شۇنىمۇ كۆردۈمكى، لاگىرلاردىكى جىنايەتچىلەر ئۈچۈن نەشىر قىلىنىدىغان «ئۆزگەرتىش گېزىتى»گە شېئىر يازىدىغان تۇتقۇن شائىرلارمۇ باردى! ئۇلار پەقەت ئۆز ئىسمىنى بەتبۇئاتتا كۆرۈشكىلا مەست ئىدى. بۇنداق غەيرى ئەقلىي قىلمىشلاردىن كېيىن يەنە نېمە ئويلاش مۇمكىن!؟

شائىر ئەمەسلەر تۇزۇكراقمىدى؟ ئۇلار شائىر بولمىغاچقا ئۆزگۈرۈشچان مەيدانلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرمايتتى، خالاس. ئەمما ئۇلارمۇ بەكلا چىدىماس ئىدى. كىشىلەر ئىچىدە ئەڭ چىدىماس ئەڭ ئاجىزلىرىنىڭ زىيالىلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتۇق. چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەكلا يۇقىرى مۆلچەرلىۋالغاچقا، بۇ ئورۇننىڭ رېئاللىقتا ئايلانماسلىقى ئۇلارنى بەكلا ئازابلايتتى. ئادەتتىكى دېھقانلاردا رېئاللىقتا قويۇلغان بۇنداق تەلەپ بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ ئازابى زىيالىلاردىن ئازراق بولاتتى. زىيالىلاردىكى ئۆز نەزىرىدە ئۆزى ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئىمتىياز قايغۇسى ئۇلاردا خام خىياللارنى پەيدا قىلىپ، نىمىلەردىندۇر ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇراتتى، لېكىن بۇ خىل يالغان ئۈمىدلەرنىڭ دەرھال كۆپۈككە ئايلىنىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى. مانا مۇشۇ خىل كۆپۈكنى ئامال قىلىپ راست قىلىش ئارقىلىق رېئاللىقنى قايتا قۇراشتۇرۇشقا ئۇرۇناتتىكى، كۆز ئالدىدىكى خارابىلىكنى ۋە ھالاكەتنى ئىدراك قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ساددا دېھقانلار بولسا كۆز ئالدىدىكى خارابىلىك ۋە ھالاكەتلىك تەقدىرنى ئەڭ بولمىغاندا ئىدراك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەلەيتتى. شۇڭا ئۇلار خام خىيال ئەسەبىيلىكىدە خۇدىنى يوقاتقان

زىيالىيلاردەك ئۆز خام خىيالىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرقانداق ھاقارەتكە بەرداشلىق بېرىپ، پۈكۈلۈپ تۇرۇپ خام خىيالىنى قوغدايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

تۇرمىلەردە شۇنى بىلدىمكى، دوستلۇققا يارايدىغانلار، ئەركەكچىلىكى بارلار، ئۆلۈمنى پىسەنت قىلمايدىغانلار يەنىلا ساددا خەلق ئىدى. ئەگەر بىر ئاز كۆزىنى ئاچىدىغان بولساڭ ئوغرى ـ قىمارۋازلارمۇ ئاجايىپ جەسۇر ئادەملەرگە ئايلىناتتى.

بۇ مەيداندىكى چېغىمدا يۈز بەرگەن ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر ۋەقەنى بايان قىلاي. بۇ مېنىڭ ئاشۇ دوستلۇق ھالقامدىكىلەرگە ئالاقىدار بولغاچقا، يەنى ئاشۇ مۇھەببەتتىكى مېنىڭ ئائىلە ئەزالىرىمغا ئالاقىدار بولغاچقا بۇ ۋەقەنى ئېچىنىشلىق دەۋاتىمەن. بولمىسا بۇنچىلىك ئىشلارنى ئېچىنىشلىق دەپ كەتمەيدىغان دەرىجىگە كەلگەنىدۇق. شۇنداقلا ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان ۋەقەلەرمۇ ئاز بولمىغان، قىسقىغىنە ئۈچ يىل ئىچىدە ھېلىقى تۆپىلىك باغرىدىكى يېڭى قەۋرىستانلىق بىر مونچە كەڭلىككە يېيىلغان ئىدى.

بۇ ۋەقە مۇنداق بولدى:

ئۇ كۈنى مەن خەمىت تۇردى بىلەن زاغىرىمىزنى يەپ بولۇپ، گەپلەشكەچ، ئىش تەرەپكە مېڭىپ كېتىپتىمىز، گەپلىشىش بىلەن ۋاقىتمۇ توشۇپ قالغان ئىدى. بىلىسىز بۇ خەمىت دېگەن نازۇك ئادەمنىڭ دەردى جىق، دايىملا قاخشاپ تۇرۇدۇ. ھېسسىداشلىققا مۇھتاج. ئۇنىڭ ئايالى ھەر ھالدا ئۇنىڭدىن چەك ـ چېگرا ئايرىپ، ئاجرىشىدىغانلىقىنى جاكالىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ بوشۇشۇپلا كەتكەنىدى. شۇڭا پۈتۈن دىققىتىم شۇنىڭدا قاپتۇكەن. مەتقاسىم، ئالماس، مېھرىگۈللەرنى ئۈچراتمىغىنىمىمۇ دىققىتىمنى تارتماپتۇ. بىر كەمدە ئارقا تەرىپىمىزدىن قىيا ـ چىيا چىقىپ كەتتى. تېخى كۆپچۈلۈك مەيداندا ئىدى، ئازراق ئادەم ئىش ئورنى تەرەپكە قاراپ خوشياقماسلىق بىلەن سىلجىۋاتاتتى.

قىيا ـ چىيانى ئاڭلاپلا ئىشقا كېتىۋاتقانلارمۇ «نېمە بولغاندۇ؟» دەپ قىزىقىپ كەينىگە يېنىشتى. بىزمۇ كەينىمىزگە ياندۇق. بۇنداق ئىشلار قىزىقىشتىنمۇ كۆپراق، باھانىدە بىر ئاز بولسىمۇ ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن بولاتتى. قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈشكە تىرىشتۇق. ئادەملەر سانجاق سانجاق تۇرۇشاتتى. «نېمە بوپتۇ؟» دەپ سورىدۇق.

ـــ بىر ياش يىگىت ماۋۇ بىڭتەننىڭ خىتايلىرىنىڭ چوچقا خانىسىنىڭ

يېنىدىكى يەم ـ خەشەك قويغان چۆپخانىدىن چوچقىغا بېرىدىغان قوناق ئوغۇرلاپ تۇتۇلۇپ قاپتىكەن، شۇ بالىنى بەك ئۇرۇۋەتتى، ـــ دېيىشتى.

بۇنى ئاڭلاپ خەمىت بىلەن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق. بۇ قوناقنى يېگەنلەر ئارىسىدا بۇ ئىككىمىزمۇ بارىدۇق ـ تە. شۇنىڭ بىلەن قىستىلىپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۆتتۇق. ئالدى تەرەپتە ئىش ـ قۇر روتىسىدىكى دېھقان ئەسكەر خىتايلار مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ، بىر تام ھاسىل قىلىپ، كۆپچۈلۈكنى توسۇپ ئۆلگۈرگەن ئىكەن. بىكىتۆەنچىلەرنىڭ توسۇقى ئىچىدە قالغان ئالماسنىڭ باش ـ كۆزى قان ھالدا ئىككى گۇندىپاينىڭ قولىدا يۆلۇنۇپ تۇراتتى. تۆرت خىتاي بىكىتۆەنچى بىلەن ئىككى ئۇيغۇر گۇندىپاينىڭ ئارىسىدا يەنە بىرى دۈمبالىنىۋاتاتتى. ئۇ يەردە يۇمۇلۇنۇپ، تېپىەك يېتىن ـ پۇتقا پاس بېرىلىۋاتقاچقا ئۇنى تونۇغىلى بولمىدى. شۇ چاغدا قاياقتىندۇر پەيدا بولغان مېھرىگۈل ئېسەدىگەن ھالدا ماڭا:

ـــ خىتايلار ئەسلىدە ئالماسنى تۇتىۋۇاپتىكەن، ئۇنى ئۇرۇۋاتقاندا مەتقاسىم كۆرۈپ قېلىپ ئېتىلىپ باردى. «ئادەمنىڭ چوچقىچىلىكمۇ قىممىتى يوقمۇ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ قەدەرمۇ بولامدۇ!؟» دەپ ۋارقىراپ، بىر گۇندىپاينى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى، يەنە بىر خىتاينىڭمۇ بۇرنىنى قاناتتى. شۇنداق قىلىپ، خىتايلار سۈرەن سېلىشىدى، ھەممە خىتاي مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كۆپچۈلۈكنى توسۇۋالدى. ئاندىن ئالماسنى قويۇپ، مەتقاسىمنى ئۇرغىلى تۇردى، ـــ دېدى ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ.

بۆسۈپ ئۆتەلمەيتۇق. چارىسىزلىكتىن تىت ـ تىت بولۇپ، ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم:

ـــ يېتەر، جاللاتلىق!

ئۆيلىمىغان يەردىن كۆپچۈلۈكمۇ ئارقىدىن قوشۇلۇپ سۈرەن سالدى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپچۈلۈكىنى ھېسىداشلىق قىلىۋاتىدۇ، دېگىلى بولمايتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەققە يان بېسىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلار ئاز ئىدى. ئەمما ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلار ئارقىلىق بىردەم بولسىمۇ ھايال بولۇپ، ئىشقا بېرىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ، جاننى ئارام ئالدۇرۇشنى ئويلايتى. قانداق نىيەتتە بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ چوقان ئۈنۈم بەردى. چۈنكى بىز بەك كۆپ ئادەم

ئىدۇق. ئۇلار ئىسيان چىقىدۇ دەپ ئەنسىرەپلا تۇرۇدۇغان بولغاچقا، دەرھال ئۇرۇشتىن توختىغان بولسىمۇ، مەتقاسىمنى بىزگە بەرمىدى.

لاگىر باشلىقى پەيدا بولۇپ، كۆپچۈلۈككە ئالدامچىلىق بىلەن تەسەللىي بەرگىلى تۇردى:

— كۆپچۈلۈك، بىزگە ئىشىنىڭلار، سىلەر ۋاقتىدا ئىشىڭلارغا مېڭىڭلار. مەتقاسىمنى بىز دوختۇرغا ئاپىرىپ تەكشۈرتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆز ئورنىغا ئەكىلىپ قويىمىز. ئۇنىڭ گۇناھىنىمۇ سۈرۈشتە قىلمىساق بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ساقچىلىرىمىزنىڭ ۋەزىپە ئۆتەشىگە توسقۇنلۇق قىلغان. بۇ بىر جىنايەت. ئەگەر سىلەر دەرھال ئىشقا ماڭماي، ۋەقە تۇغدۇرۇدۇغان بولساڭلار، ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قويارسىلەر!

شۇ ئارىدا قوشنا گازارمىدىن قۇراللىق ئەسكەرلەر يېتىپلا كەلتى. ئۇلارغىمۇ خەۋەر بېرىلگەن ئىكەن. ئەسكەرلەرنىڭ سۈر ھەيۋىسى، بېسىمى ئاستىدا كۆپچۈلۈك ئىشقا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئەسكەرلەرنىڭ كېلىشى بىلەن قايتىدىن كۈچلەنگەن تومۇچى خىتايلار، مەتقاسىم بىلەن ئالماسنى يەنە ئۇرۇپ، سۆرىگەنچە مەيدان ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەتتى.

بىزنىڭ ئىچىمىزگە بىر ۋەھىمە كىرىۋالدى. ئىشتىن چۈشكىچە كاللىمىز گادىرماچ خىياللار بىلەن تولۇپ، ئەتراپتا نېمە بولۇۋاتىدۇ، بىلمىگۈدەك دەرىجىدە گاڭسا بولۇپلا قالدۇق. ئىشتىن چۈشۈپ، ھەممىمىز ئۆزلىرىمىزنىڭ تۇرالغۇسى بولغان سولاقخانالارغا تارقىدۇق. بىزنىڭكىدە بەش يۈزدەك مەھبۇس باردى. ئۇزۇنىسىغا قېزىپ ئۇستى يېپىلغان گەمىلەردە ياتاتتۇق. ھەر گەمىدە ئەللىكچە ئادەم ياتقاچقا قىستاڭچىلىقتىن ئۆرۈلۈشكىمۇ ئىمكان يوق، يېپتەك سوزۇلغانچە تاياقتەك ياتاتتۇق. مەن ئاخشىمى مەتقاسىمنىڭ گەمىسىگە كىردىم. گەمىدىكىلەردىن سورۇدۇم. خىتايلار ئۇنى تېخى ئەكەلمىگەن ئىكەن. يۈرۈكۈم دۈكۈلدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ھەقىقەتەنمۇ خەتەرلىك ئىش ئىدى. گۇندىپاي ساقچىلارغا يانغان، قول ياندۇرغانلار بەك قاتتىق جازالىناتتى. مۇشۇ ئارقىلىق يۈرەكلەرنى مۇجۇپ، ئۇلاردىن قورقۇدۇغان پىسخىكا شەكىلدۈرۈش مەقسەت قىلىناتتى.

ئەتىسى يەنە ئىشقا بېرىشقا سەپ بولۇش پۈشتىكى چېلىندى. مەن

مەتقاسىمنىڭ يېنىدا ياتىدىغانلاردىن يەنە سورىدۇم. كېچىچىمۇ ئۇنى ئەكەلمەپتۇ. بۇ بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىدى. كۈندۈزلىرىمۇ قولىقىمىزنى دىڭ قىلىپ، ھەر ئۇچۇرغا ھېزى بولۇپ تۇردۇق. بىرەر خەۋەر بولمىدى. چۈشتە زاغرىمىزنى يېگەچ مەيداندا ئولتۇرغاندا خەمىت، مىھرىگۈل ئۈچىمىز خۇددى ھازىدارلاردەك ئېغىر تىنىپلا ئولتۇردۇق. بىر - بىرىمىزگىمۇ گەپ قىلغۇدەك رەغدىمىز يوق ئىدى.

مانا شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا ئالماسىنىڭ قايتۇرۇلغانلىقى ئۇقۇلدى. ئۇنى ئەتتىگەندە ئىشقا مېڭىش ئۈچۈن سەپ بولغان ۋاقتىمىزدا ھەرقايسى سولاقخانىلاردا ئوخشاش ۋاقىتتا ئۇقتۇرغان ئىدى:

— جىنايەتچى ئالماس، دۆلەت مۈلكىنى ئوغۇرلىغانلىقى ئۈچۈن، جازا مۇددىتى يەنە ئۈچ يىل ئۇزارتىلدى! يەنە كىمدە - كىم ئىبرەت ئالماي ئوخشاش جىنايەتنى سادىر قىلىدىكەن ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ! پورولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ پولات مۇشتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! — بۇ ئۇقتۇرۇشتىن مەقسەت بىزنى خەۋەردار قىلىشنى ئەمەس، ئەكسىچە، بۇ ئىبرەت ئارقىلىق باشقىلارنى قورقۇتۇشنى كۆزلەيتى.

ئەمما مەتقاسىمدىن دېرەك يوقىدى. كۆڭلۈم ئەڭ قورقۇنۇچلۇق بىر شۇم خەۋەرنى تۇيماقتا، ئەقلىم بولسا ئۇنى بار كۈچى بىلەن ئىنكار قىلماقتا ئىدى. مەتقاسىمنىڭ كۈندە ماڭىدىغان يەرلىرىگە خۇددى ئۇنىڭ ئىزىنى تاپماقچى بولغاندەك، ئاشۇ لاي لاتقىلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئىزىنى تېپىۋالسامىلا ئۇ خۇددى ئاشۇ ئىز ئۈستىدە پەيدا بولىدىغاندەكلا ھېس قىلىپ كېتەتتىم. تۇرۇپ تۇرۇپ تىنىقىم توختاپ قالىدىغاندەكلا تىنىقىم ۋۇجۇدۇمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىغا تارتىلىپ كېتەتتى. ئولتۇرغۇممۇ كەلمەيتتى، تۇرغۇممۇ كەلمەيتتى. شۇ كۈنى چۈشتە مەيدان باشلىقى مەيداندىكىلەرگە شۇنى ئۇقتۇردى:

— مەتقاسىم مەتنىياز بۈگۈن ئەتىگەن تاماق ۋاقتىدا ئۆلۈك بايقالغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆلۈۋالغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى، تۇققانلىرى ياكى دوستلىرىدىن تۆرت كىشى قېلىپ، ئۇنى يەرلىككە قويسۇن، قالغانلار ئىشقا ۋاقتىدا مېڭىڭلار! — دېدى.

مەن ئالدىغا چىقتىم.

— سەن كىم؟ يۈرتلۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى مەيدان باشلىقى.

— مەن ئاكىسى، — دېدىم تولۇق ئىشەنچكە تولغان ئاۋازدا.

— راستما؟ — دېدى ئۇ گۇمان بىلەن كۆزۈمگە قاراپ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھەركىمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى بەش قولدەك بىلەتتى. كىمنىڭ بۇ مەيداندا تۇققىنى بار، كىمنىڭ ھېچنېمىسى يوق،... بۇلارنى بىلمەي قالاتتىمۇ؟ ئەمما مەنمۇ ئۇنىڭ سوئالىغا يارىشا ئۇتتۇرىغا چىققاچقا گېپىمدىن يانمىدىم.

— ئىشەنمىسەڭ جامائەتتىن سورا.

— بوپتۇ، سەن قال، باشقا ئۈچ ئادەم ئېلىپ قال، — دېدى.

خەمىت تۇردى، مېھرىگۈل ئىككىسى تويتىن ئايرىلىپ چىقىۋىدى، مەن مېھرىگۈلنى كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولدۇم. ئەمما ئۇ ئۇنىمىدى. مەتقاسىم بىلەن گەمىدە يانمۇ ـ يان ياتىدىغان بىر يىگىتنى ئالدىم. تۆرتەيلەن تۆپىلىكنىڭ باغرىغا يەرلىك كولىدۇق. ئاندىن بىر يىرتىق جىرغىغا مەتقاسىمنىڭ شېھىت تېنىنى ياتقۇزۇپ، قەۋرە بېشىغا ئېلىپ كەلدۇق. بېشىمىزدا گۇندىپايلاردىن بىرى ھەرقاچان بار ئىدى. بىزنى ئالدىرىتىپ تۇراتتى.

ئۈچىمىزلا مەرھۇمغا جىنازا نامىزى ئوقۇدۇق. بۇنىمۇ گۇندىپاينىڭ نارازىلىقلىرىغا پىسەنت قىلماستىن قىلدۇق. بىز ھېچقانداق قارشى سۆز، جاۋاپلاشما قىلىپ ئولتۇرماي ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولدۇق. ئەمما مېھرىگۈل ئۇنىڭ بىلەن توختىماي دېيىشىپ تۇردى. گۇندىپاي بىزنىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇشىمىزنى توسماقچى بولغاندا:

— ھەي، سەن ئۆلمەمسەن؟ سەن مۇسۇلماننىڭ پۇشتى ئەمەسما؟ سەنمۇ دىنسىز كاپىر بولۇپ كەتكەنسەن، ئەمما سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ سەندەك بىر بالىسىدىن نومۇسى كېلىدىغاندۇر؟ — دەپ ئەدەپلىدى.

مانا شۇنداق قىلىپ، تۆپىلىك باغرىدا يەنە بىر قەبرە كۆپەيدى. بۇ يەردە جاننىڭ قەدرى ئاشۇنچىلىكلا ئىدى. بىز بىر پارچە چوڭراق تاش تېپىپ كېلىپ، تاشنىڭ تەكشىرەك يۈزىگە يەنە بىر ئۇچلۇق تاش بىلەن سىجاپ: «بۇ يەردە مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى مەتقاسىم مەتنىياز ياتىدۇ» دەپ يېزىپ قويدۇق. بۇنىڭغىمۇ گۇندىپاينىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى. «مىللىي ئارمىيە» دېگەن سۆزنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشىمىز ئۇنىڭغا ياقمىغان ئىدى. ھازىر

مىللىي ئارمىيە دېگەن جىنايەت بىلەن مەنداش بولۇپ قالغان زامان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل زەھەرخەندىلىكىگە قارشى مىھرىگۈل ئۆز جاۋابىنى بەردى:

— ئاز - تولا ئادەم تەبىئىتىنىڭ بولسىدى، سەنمۇ بۇ «مىللىي» دېگەندىن ئىپتىخارلانغان بولاتتىڭ. ئەمما سەن تامامەن خىتاي مالىيى بولۇپ كەتكەن سەن! شۇڭا بۇنى چۈشەنمەيسەن. خىتايغا بەرگۈدەك قىزىڭ بولدىمۇ؟ — دېدى.

گۈندىپاي كالتەك كۆتۈرۈپ دېۋەيلەپ كەلگەن ئىدى، يەنە بىر يىگىت:

— بۇ يەردە بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق، كۆتۈڭنى قىس! — دەپ تەھدىت سېلىۋىدى. جىمىپ قالدى.

ئاچارچىلىق يىللىرىدا گۈندىپايلارنى ئۇرۇش، ھەتتا مېيىپ قىلىپ قويۇش ۋەقەلىرى كۆپ يۈز بەرگەن ئىدى. چۈنكى ئىنساننىڭ جېنى قاشايسا ھېچنېمىدىن قورقماس ھالغا كېلىدىكەن. شۇڭا ئادەتتە گۈندىپايلارغا يالغۇز يۈرمەسلىك، مەھبۇسلارنىڭ تۇرالغۇ گەمىسىگە يالغۇز كىرمەسلىك پىرىنسىپ قىلىنغان ئىدى. يالغۇز قالغان گۈندىپايلاردىن ئۆچ ئېلىش ئومۇمىي ھال ئالغان دېيىشكە بولاتتى. مىھرىگۈلمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قورقماستىن تىللىيالاۋاتاتتى.

تۆرتىمىز چۈشتىن كېيىنلىك ئىش ۋاقتىنى دەپىن ئىشى بىلەن توشقۇزۇۋەتتۇق. ئاندىن ياتاقتا قاراپ ھەيدىلىۋاتقان ئۆز تۇپلىرىمىزغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ئالدىراپ قەۋرە بېشىدىن ئايرىلدۇق. كەچتە مەن مەتقاسىمنىڭ گەمىسىگە كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ياتىدىغان بالىنىڭ كۆرستىشى بىلەن مەتقاسىمنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى ئالدىم. ئۇنىڭ بېشىغا قويۇۋالغان كىچىككىنە تۈگۈنچىكى ئۇنىڭ پۈتۈن مۈلكى ئىدى. ئۆز گەمەمگە قايتىپ كېلىپ، مەتقاسىمنىڭ تۈگۈنچىكىنى ئاچتىم.

تۈگۈنچەكتە بىر قۇر مىللىي ئارمىيە كىيىمى ئاخىرقى قېتىم يۇيۇپ قاتلانغان پېتى تۇرۇپتۇ. كۆكرىكىدە «باھادىرلىق» نىشانى قاداغلىق ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇ كىيىمنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاندىن كىيىمنىڭ قاتلاقلىرى ئارىسىدا بىرەر نەرسە بارمىكىن دەپ ئاقتۇردۇم. كىيىم قېتىدىن مىللىي ئارمىيە فورمىسى كىيگەن، بېشىدا يارىشىملىق ئىسپانكا بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ياش بىر جەڭچىنىڭ رەسىمى چىقتى. بۇ مەتقاسىمنىڭ تۇنجى قېتىم گومىنداڭ فورمىسىنى سېلىپ تاشلاپ، مىللىي

ئارمىيە فورمىسىنى كىيگەن يىگىتلىك دەۋرىنىڭ يالدامىسى ئىدى. ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز يوسۇندا ئاتىلىق مېھرىم مەۋج ئۇرۇپ، كۆڭلۈمدە گويا ئۇ راستىنلا مېنىڭ ئوغلۇمدەك بىر سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىشغال قىلدى. رەسىمنى لەۋلىرىمگە باستىم. رەسىم كىملەر تەرىپىدىندۇر تارتىۋېلىنىپ سۇندۇرۇپ تاشلانغاندەك، ئىككى ئاق سىزىق رەسىم يۈزىنى كېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان يىگىتنىڭ بىر باتۇر جەڭچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشقا يېتىدىغان گۈزەللىكى ساقلىنىپ قالغان ئىدى. مەن ئۇنى ئۆزەمنىڭ بوغجۇمام ئىچىگە قېتىپ مەھكەم چېگىۋەتتىم. نىيىتىمدە قاچانىكى تۈرمىدىن چىقىپ قالسام بۇ بىر قۇر كىيىم بىلەن رەسىمنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىش قارارى بېكىتىلگەن ئىدى.

ئەتىسى چۈشتە زاغرامنى قولۇمغا ئېلىپلا تۆپۈلۈك باغرىغا قاراپ كەتتىم. «تامىقىم»نى يىگەچ قەبرىگە بېرىپ، زىيارەت قىلىشنى ۋە شېھىتلەرگە دۇئا قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم. قەۋرە ئۈستىگە دۆۋۈلەنگەن زومچەك تۇپراقلار دالا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئاندا ـ ساندا ياۋا ئوتلارنىڭ گۈللىرى ئېچىلىپ تۇراتتى. پەقەت مەتقاسىمنىڭ قەۋرىسىلا يېڭى بولغاچقا ئۇنىڭ كۆك توپىسى ئاقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئىدى. ئەنە شۇ يېڭى قەۋرە ئالدىدا بىرى يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. يېقىنراق كەلگىنىمدە ئۇنىڭ مېھرىگۈل ئىكەنلىكىنى بىلدىم بۇ ھال بىر تېپىشماقتەك تۇيۇلدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئاكا ـ سىڭىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن چەكلىنىدىغان قارار بىلەن ئاخىرلاشقان ئەمەسمىدى؟

مېھرىگۈل مېنىڭ كەلگىنىمنى سەزدى، ئەمما ماڭا بۇرۇلۇپ قارىمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ قەبرىگە كىمنىڭ زىيارەت قىلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلالايتى. شۇڭا، ئۇ بىمالال گەپ ئاچتى:

— ئۇنىڭ تەۋەرۈك نەرسىلىرىنى ئېلىۋالغانسىز؟

— ھەئە، ئاخشام ئېلىۋالدىم.

— نېمىلىرى بارىكەن؟

— بىر قۇر مىللىي ئارمىيە فورمىسى «باھادىرلىق» نىشانى ۋە شۇ فورما بىلەن چۈشكەن بىر پارچە رەسىمى بارىكەن.

— شۇلىما؟ بىرەر خاتىرىسى، خەت - چەك دېگەندەك نەرسىلىرى يوقمىدى؟

— ياق، ئۇ ئوقۇمىغان بالا تۇرسا، خاتىرىسى بولامدۇ. ئۇنىڭ جىمى مۈلكى شۇلىكەن.

— سىز ئۇنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بېرەلەمسىز؟

— ئاللاھ نېسىپ قىلسا، ئۆلمەي چىقالىسام، ئۆزەم بېرىشقا تىرىشىمەن.

— ھە، ياخشى بولدى. مەن بىر پارچە رەسىم بەرسەم، شۇ تەۋەرۈككە قېتىپ قويالامسىز؟ — ئۇ يەنىلا ماڭا قارىماي تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتاتتى. بەكمۇ غەمكىن ئىدى.

— قېتىپ قوياي، ئەمما بۇ...؟

— ئەتە ئالغاچ كېلىمەن. ئەمىسە خەتمە - قۇرئان قىلامسىز؟ ئاندىن كېتەيلى.

— قۇرئان ئوقۇش بىدئەت. دۇئا قىلىمىز،— دېدىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئالىرىدىن ئوقۇدۇم، بىرلىكتە دۇئاغا قول كۆتۈردۇق. ئاندىن بىللە كەتتۇق.

بىز مەيدانغا يېقىنلاشقاندا ئالدىمىزغا ئالماس چىقىپ كەلدى:

— قەيەرگە باردىڭلارمۇ؟ مەنمۇ شۇنى ئويلاپ، بىللە بارايلى دەپ سىلەرنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن، ئاپلا! ئۇتتۇرلا بارسامچۇ. مەتقاسىم مېنى قۇتقۇزۇمەن دەپ شېھىت بولدى! — دېدى ئالماس كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ئۇنداق دەپ قارىۋالساڭ ئۆزەڭگە مەنەۋىي يۈك قىلىۋالىسەن، ئۇنداق دېمە، ئۇكام، — دېدىم تەسەللىي ئېيتىپ، — بۇ بىر قازايى قەدەر، پېشانىسىدا شۇ بار. بۇ پەقەت بىر باھانايى - سەۋەپ. شېھىتكە ياش تۆكسەڭ تەتۈرلۈك بولۇدۇ.

ئەتىسى چۈشتە مېھرىگۈل مېنى يەنە قەۋرىگە بېرىپ كېلەيلى دەپ باشلىدى. يېنىمىزدا ئالماسمۇ باردى. خەمىتمۇ قوشۇلدى. مېھرىگۈل ئىككىمىز ئالدىدىراق ئىدۇق. ئۇ ماڭا تۇنۇگۈن دېگەن رەسىمنى ئۇزاتتى. رەسىمنى ئالدىم. قارىدىم. بۇ مېھرىگۈلنىڭ ئالىي مەكتەپكە كەلگەن يىلى چۈشكەن رەسىمى ئىدى. رەسىمدىكى قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا قارىغان ئادەم دەماللىققا بۇنى مېھرىگۈل دېيىشكە پېتىنالمايتى. چۈنكى ئۇ ھازىر ئېغىر ئەمگەك ۋە خورلۇقلار نەتىجىسىدە تامامەن سولۇپ، باشقىچىلا بولۇپ كەتكەن ئىدى.

مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقىنى، مېھرىگۇلنىڭ ئۆزىنىڭ رەسىمىنى بېرىپ، بۇنى مەتقاسىمنىڭ تەۋەرۈك نەرسىلىرىگە قېتىپ، ئائىلىسىگە بېرىپ قويۇش تەلىپى ئىدى. تونۇگۇن بۇ گەپنى قىلغان چېغىدا ئۇنىڭ قانداق رەسىم بېرىدىغانلىقىنى ئەقلىمگە كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. مانا ئەمدى بۇ تېپىشماققا ئەقلىم يەتمەي رەسىمنى تۇتقانچە ھاڭقىيىپ قالدىم. ئۇ ماڭا لەپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— مەتقاسىمنىڭ تەۋەرۈك نەرسىلىرىنى ئائىلىسىگە بەرگەن چېغىڭىزدا «بۇ رەسىمدىكىسى مەتقاسىمنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەن لايىقى ئىدى، ئەمما بەختكە قارشى ۋىسالىغا يەتكۈچە خىتايلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ قويارسىز، — دېدى ئۇ.

— ئەمما، ... مېنىڭ ئاڭلىشىمدا...

— شۇنداق، — دېدى ئۇ مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنىپ، — مەن بەك رەھىمسىزلىك قىپتىكەنمەن. كاشكى مەتقاسىمدىن ئۇستىنراق تۇرۇدىغان بىرەسىنى تاپقىلى بولسا! ئاشۇنداق بىر جەسۇر ئەركەكنى رەت قىلىپ كىمنى ساقلىماقچىدىمكىن تاڭ! تازىمۇ دۆتلۈك قىپتىكەنمەن!

— بولدى قىلىسىڭىزچۇ؟ بۇنىڭ بىر پايدىسى بارمىدىكى؟

— مېنىڭچە بىر ئاز پايدىسى بولاتتى. ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى ئۈچۈن پايدىسى بولاتتى. مېنى بىرسى كۈتۈپ تۇرۇدۇ، دېگەن ئۈيدىكى ئادەم كۆپرەك دىققەتلىك بولۇدۇ، ئاسان جېنىغا تەۋەككۈل قىلمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن مەن ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم.

بۇ چاغدا بىز قەۋرە بېشىدا ئىدۇق. ئالماس قەبرىگە باغرىنى يېقىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېسەدەشلىرىدىنمۇ مېھرىگۇلنىڭ غەمكىن چىرايى ئادەمنى يىغىغا غەرق قىلىشتا تېخىمۇ دەھشەتلىك بىسىم كۈچىگە ئىگىدەك قىلاتتى.

بۇ مۇسىبەت سەۋەبى بىلەن بىز بۇ بىرنەچچەيلەن خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىنلىققا ئىگە بولدۇقكى، ھەركۈنى ئۇچراشمىساق ئەنسىرىشىپ، بىر ـ بىرىمىزنى سوراشتە قىلىپ كېتىدىغان بولۇپ كەتتۇق. ئاشۇ يېقىنلىقتىنمىدۇر ياكى ۋاقتى قەرەلى كېلىپ شۇنداقمۇ، مېھرىگۇل ماڭا

يېقىن سۈرۈلۈپ:
— خېلىدىن بېرى بىر سوئالىم بار، سورايمەن دەيمەن، سورۇيالمايمەن،... — دېدى.
— سوراڭ، قىزىم، نېمىشكە ئىككىلىنىپ قېلىۋاتىسىز؟
— ماقۇل، سورۇمايمۇ قالمايتىم، ئاخىرى سورايدىغان بولغاندىكىن پۇرسەت بار چاغدا سوروۋالاي، — دېدى ئۇ ئېچىلىپ. ئۇنىڭ غەمكىنلىكىنىڭ ئورنىنى ئالغان يېقىملىق كۈلۈمسىرەش خۇددى زىمىستان قىشتىن ئىللىق باھارغا چىققاندىكىدەك يېقىملىق تەسىرات بېرەتتى، — سىزنىڭ ئايالىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟
— بۇ قانداق سوئال ئەمدى؟ — دېدىم ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ، — قىزىم، ئالدى بىلەن «سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورايسىز، سورۇغىنىڭىز ئىككىنچى سوئال.
— نېمە!؟ — ئۇ شۇنچىلىك چۆچۈپ كەتتىكى، بىرەر جىددىي ئىش بولغان ئوخشايدۇ، دېگەن قاراشقا كەلمەي تۇرالمىدىم.
— بىرەر جىددىي ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟
— ھېچ ئۆيلەنمىگەنمۇ سىز؟ — مېھرىگۈل شۇ تاتارغانچە جىددىي سورىدى.
— ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەنمەن.
— كېيىن قانداق بولغان؟
— ئاۋالقىسى يۇرتۇمدا، ئەمدىلىلا ياشلىق دەۋرىمگە قەدەم قويغان يېشىمدا ئۆيلەنگەن ئايالىم ئىدى. بىر بالىنى قويۇپ، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن.
— يەنە بىرسىچۇ؟ — مېھرىگۈل ئاجايىپلا جىددىي ئىدى. ئۇنى بەك ئالدىراش دېيىشكىمۇ بولاتتى.
— يەنە بىرى ئاردىن ئون يىل ئۆتكەندە — بىتىم دەۋرىدە كۇچارغا مۇئاۋىن ھاكىم بولغان چېغىمدا كۇچاردا ئۆيلەنگەن ئايالىم ئىدى. ئەسلىدە ئۇنى گومىنداڭ مېنى تەقىپ قىلىش ئۈچۈن «ماڭا ئېلىپ بەرگەن» خوتۇن ئىكەن. بىتىم بۇزۇلۇپ مەن يەنە قولغا ئېلىندىم، شۇنىڭ بىلەن ئايرىلدۇق.
— ۋاي ئىېسىت شور پېشانەم! ۋاي مېنىڭ پېتىر پېشانەم! — دېدى ئۇ

غەلىتە ئەپسۇسلۇق، قاتتىق ئېچىنىش، پۇشايمان بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلۇتۇپ، كۆزلىرىدىن پۇرقۇراپ ياشلار تۆكۈلگەچ.

— نېمە بولدى، سىزگە؟ مېنىڭ خوتۇنلۇرۇم بىلەن ئالاقىدار بىر ئىش بولغانمۇ؟

— كېيىنكى ئايالىڭىزنىڭ ئىسمى بۇۋى خەلىچەم ئەمەسمىدى؟

— دەل شۇنداق. نېمە بولدى؟ نېمانداق سىرلىقچىلىق بۇ؟ جېنىمنى قىينىۋەتتىڭىز، قىزىم، تېزراق مەسىلىنى بايان قىلسىڭىزكەن! — دەپ ۋارقىرىدىم مەنمۇ بولالماي.

— ئاھ بەختسىزلىك! نېمە بولاتتى، بىزنى ئاشۇ ئايال ساتقان ئىكەن!

— بۇ قانداق بولغان؟

— بىز ساۋاقداشلار بىلەن تەشكىلات قۇرغاندىن كېيىن جىددىي يەر ئاستى پائالىيەتلىرى قىلىۋاتقاندا، بىر ساۋاقدىشىمىز شۇنداق بىر خەۋەرنى ئەكەلدى: «قوشنىمىزنىڭ بىر يۇرتلۇقى باردى، بىللە پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇشۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ بۇرۇن گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق كۇرسىدا ئوقۇغانىكەن. ئەمما تېخى خىزمەت قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا كوممۇنىست خىتايلار كېلىپ قالغاچقا شۇ پېتى قاپتۇمىش. كېيىن كوممۇنىستلار گومىنداڭ جاسۇسى دەپ قولغا ئېلىپ، بىر نەچچە يىل تۈرمىدە يېتىپتۇمىش. ئۇ ‹سابىت ئەپەندى دېگەن كىشىنىڭ ئايالى بولۇمەن، — دەپتۇ. — ھازىر ئەپەندىم تۈرمىدە، مەن خالىغان ۋاقىتتا بېرىپ يوقلاپ تۇرالايمەن، چۈنكى ئەپەندىم سەيپىددىن ئەپەندىنىڭ ساۋاقدىشى، ئۆزى چوڭ ئۆتكەن ئادەم بولغاچقا باشقا جىنايەتچىلەردەك يامان مۇئامىلە ئاستىدا ئەمەس، ھەر ھالدا خېلى ئېتىۋار بېرىلىدۇ. شۇڭا مېنىڭ يوقلۇشۇمغا چەك قويۇلمايدۇ› » دەپتۇمىش. بۇ گەپ بىزنى قىزىقتۇرۇپ قالدى. بىزنىڭ يەر ئاستى پائالىيەتلەر ئۈچۈن تەجرىبىسىز بولغىنىمىز ئۈچۈن، جاسۇسلۇقتا ئوقۇغان بۇ ئايالغا قىزىقماي قالمايتۇق. چۈنكى بىزنىڭ بەزى كەسىپىي ئىشلارغا، ئەقىلگە ئېھتىياجىمىز باردى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ گومىنداڭ كۇرسىدا ئوقۇغانلىقى ئۇنىڭ كوممۇنىستلارنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىدىن ئۈمىت كۈتۈشۈمىزگە سەۋەپ بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ سابىت ئەپەندىنىڭ ئايالى بولۇشى بۇ ئۈمىدىمىزنى كۈچەيتتى. شۇڭا ھېلىقى ساۋاقدىشىمىزغا ئۇنىڭ بىلەن يەنە

سۆزلۈشۈپ بېقىشقا، ئۇنىڭ جاسۇسلۇق كۇرسىدا قانداق تېخنىكىلارنى ئۆگەنگەنلىكىنى ئۇقۇپ بېقىشقا بۇيرۇدۇق. ساۋاقدىشىمىز كېيىنكى قېتىم ئۇنىڭ شىفىرلەش، شىفىر يېشىش تېخنىكىسى، كۆرۈنمەس سىياھ ياساش قاتارلىقلارنى بىلىدىغانلىقىنى بىلىپ كەلدى. شۇئاندا بىزگە شىفىر بىر مۇئەمما ئىدى. شۇنداق بىر نېمە بارلىقىدىن خەۋىرىمىز بار، ئەمما ئۇ زادى قانداق بولۇدۇ، تەسەۋۋۇر قىلالمايتۇق. ھەم بۇ تېخنىكىغا بەك ئېھتىياجىمىز باردى. ئەمدى ئۇنى تەكلىپ قىلىپ، بىزگە شىفىر بىلەن كۆرۈنمەس سىياھ ھەققىدە تەلىم ئېلىشقا قارار قىلدۇق. ئەمما بۇنىڭ بىر ئالدىنقى شەرتى بار ئىدى: بۇ ئايال ھەقىقەتەنمۇ سابىت ئەپەندىنىڭ ئايالىمۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەننى ئېنىقلاپ بېقىپ، بۇ راست بولسىلا ئۇنى تەكلىپ قىلىدىغان بولدۇق. سابىت ئەپەندى قاماقتا — ئەمگەك لاگىرىدا ئىدى. شۇڭا ئۇ يەردىن مۇناسىۋەت تېپىپ، بۇنى شۇ يەردىن سوراپ بىلىشكە بىر ساۋاقدىشىمىزنى ۋەزىپىلەندۈردۇق. ساۋاقدىشىمىز سابىت ئەپەندى بىلەن بىر لاگىردا تۇرۇۋاتقان تۇققىنى بار بىرسىنى تېپىپ، ئۇ ئارقىلىق سابىت ئەپەندىدىن بۇۋى خەلىچەم دېگەن ئايال خوتۇنۇڭۇز بولامدۇ؟ دېگەننى سورۇغۇزماقچى بوپتۇ. بۇ ئىش خېلى ئەپلىشىپتۇ. كېيىنكى تۇققانلار كۆرۈشۈشىدە بۇ ئىشنى لاگىردىكى ئادەمگە تاپىلاشنى مۇۋەپپىقىيەتلىك بېجىردۇق. ئىككىنچى قېتىمدا جاۋاپنى ئالدۇق: بۇۋى خەلىچەم سابىت ئەپەندىنىڭ خوتۇنى ئىكەن! مانا شۇنداق قىلىپ بۇ خوتۇننى گورۇپپىمىزغا تەكلىپ قىلىپ، دەرس ئالىدىغان بولدۇق. بىر كۈنى كېلىپ بىزگە شىفىر ھەققىدە بىرنېمىلەرنى سۆزلىدى. بەك مۇرەككەپ ئىدى، ياكى شۇنداق قىلىۋەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنى بەك تەس ئىش ۋاقىت كېتىدۇ، دېدى. بىز بىر-بىرىمىزدىن ئۆگىنىۋالارمىز دەپ ئازراقلا ئادەم بىلەن باشلىغان ئىدۇق. ئۇنداق تەس بولسا بىرلا قېتىمدا كۆپرەك ئادەم ئۆگەنسۇن، شۇنىڭدا ئاندىن ۋاقىت تېجىيەلەيدىكەنمىز دېيىشىپ، ئىككىنچى قېتىم بىر ئۆيگە ئوندەك ساۋاقداش توپلانغان ئىدۇق. خىتاي ساقچىلىرى ئۈستۈمىزدىنلا باستى! مانا شۇ!

— ئۇ قانداق بولدى؟

— ئۇمۇ بىزگە تۇتۇلغاندەك قىلغان ئىدى.

— ئۇنىڭدىن دەرھال گۇمان قىلدىڭلارمۇ، قانداق؟

— ياق، گۇمان قىلمىدۇق. كېيىن مەن بۇ لاگىرغا كەلدىم. سىز بىلەن تونۇشتۇم. ئىسمىڭىز تونۇش بىر ئىسىم. ئەمما بۇ ئەپەندى ئاشۇ كاتتا ئادەم شۇمۇ، باشقا بىرىمۇ؟ جەزىم قىلالمىدىم. يا سورۇيالمىدىم. كېيىن جەزىم قىلدىم. بۇ سىز ئىدىڭىز. ئەمما سىزنىڭ بىز ئاڭلىغاندەك ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلگەن تەرىپىڭىزنى كۆرمىدىم. شۇڭا بىر سوراپ ئېنىقلىۋېتەي دېگەنتىم.

بۇ گەپلەر بىلەن يۈرىكىمنى بىر نەرسە قاماللىۋالدى. بىر خىل جىنايەت تۇيغۇسى يۈزۈمنى قىزارتاتتى. مەن بىر جاسۇسقا ياردەم قىلغان ئىدىم. قانداق ئاخماق، قانداق يۇمشاقباش خەلقمىز ـ ھە! نەقەدەر ئاددىي ئويلايمىز، نەقەدەر ئاسان ئالدىنىمىز! بۇ شۇنچىلىك ھار كەلدىكى، يىغلىۋەتكۈدەك بولدۇم. بۇ جىنايەتكە شېرىك ئىكەنلىكىمنى بۇ بىچارە ناتاۋان قىزغا دەيمۇ، دېمەيمۇ دەپ ئىككىلىنەتتىم. شۇنداق ئىككىلىنىشلەر ئىلكىدە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر كۈنى مىھرىگۈلگە:

— سىزنىڭ بۇ يەرلەردە ئازاپ تارتىپ يۈرۈشىڭىزدە مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار، بۇ جىنايەتكە مەنمۇ شېرىك، — دېدىم.

ئۇ چۈشەنمەستىن ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن بولۇشىغا قارىماي گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان چىرايىدا ساددا ھەيرانلىق ئىپادىسى باردى. مەن بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. ئەخمىقانە كۆڭۈلچەكلىكىمدىن بىر جىنايەتكە شېرىك بولغۇنۇمنى ئىقرار قىلدىم.

— ئۇ پاش قىلمىغان بولسا مەڭگۈ تۇتۇلماسمىدۇق؟ بۇمۇ ناتايىن ئىدى. چۈنكى بىزنىڭ تەجرىبىسىزلىكىمىز، ساددىلىقىمىزدىن ئالغاندا بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى، — دېدى ئۇ ماڭا تەسەللىي بېرىپ، — راست دەۋاتىمەن، كېيىن سوراقلار، تاياقلاردىن ئالغان تەجرىبىلىرىمىز نەتىجىسىدە، ئۆتمۈشتىكى قىلغانلىرىمىزنى قايتا تەسەۋۋۇرىمىزدا باشتىن كەچۈرگىنىمىزدە نەقەدەر بالىلارچە ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز مەلۇم بولدى. دېمەك بىز بەكمۇ خام ئىدۇق.

گەرچە ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەت بولسىمۇ يەنىلا ۋىجدان ئازابى چەكمەي قالمىدىم. بەلكىم ئۇلار بىلەن بىللە تۇتۇلغانلاردىن قانچىسى ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ مېيىپ قىلىۋېتىلگەندۇ، ئۆلتۈرۈلگەندۇ، ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەندە ئەڭ ئاخىرقى

ئارمانلىرىنى ئېيتىيالماي، دوستلىرىدىن، ئۇرۇغ تۇغقانلىرىدىن رازىلىق ئالالماي، ھەتتا بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ كىملەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىنىنىمۇ بىلەلمەي كېتىپ قالغاندۇ. ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئىنكار قىلمايدۇ، چۈنكى ئادەم ھاياتلا بولغان ئىكەن، ھامان بىر كۈنى ئاشۇ دەقىقىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى ئۇلارنىڭ تېنىدىن ئەڭ ئاخىرقى ھارارەتنىڭ يوقۇلۇپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئەڭ ئاخىرقى نۇرنىڭ ئۆچۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغان يات كىشىلەر بولۇپ چىقىشى ئەمەس، بەلكى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ رازىلىق بېرىشى ۋە دۇئا بىلەن ئۇزۇتۇپ قويۇشى. ئۇلار مانا مۇشۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلمەستىن، نەلەردىدۇر، دۇنيانىڭ بىر بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىدا، قاراڭغۇ جايلاردا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنى ئويلىسام يۈرىكىمنىڭ ئېچىشىشى يوقۇرى پەللىگە چىقاتتى. مەن بىر ئادەم ئۈچۈن، مېنىڭ ھازىر ھېچنىمىگە ئەرزىمەس بولۇپ كەتكەن نامىم ئۈچۈن، قۇپ قۇرۇق بىر ئىسمىم ئۈچۈن، مەن بىلەن ئوخشاشلا ھاياتقا ئىگە، ھاياتى ئۆزى ئۈچۈن خۇددى مېنىڭ ھاياتىم ئۆزۈمگە قانچىلىك قىممەتلىك بولسا شۇنچىلىك قىممەتلىك بولغان، لېكىن مەندىن ئۇزاقراق ياشىشى كېرەك بولغان ئاشۇ نارىسىدە باللار ئۈچۈن بىر ئاھ چېكىۋالاي دېسەم ئاھىم سىرتقا چىقماي، تېنىم ئىچىدە ۋۇجۇدۇمنى گۇمران قىلغۇدەك بىر خىل پارتىلىغۇچى كۈچ بىلەن غەليان قىلماقتا ئىدى.

بىز توپىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بىر ئەزاسىنى يوقاتقانلىقىمىزنى تېزلا ھېس قىلدۇق. قانچە كۈنلەرگىچىمۇ گەپلىرىمىز تۈزۈك قولاشمىدى. بۇ يوقلۇقتا كۆنەلمەي بەكمۇ قىينالدۇق. مەتقاسىمنىڭ قەلبىمىزدىكى بوشاپ قالغان ئورنى گويا ھېچنەرسە بىلەن تولدۇرۇپ بولمايدىغان ئاسمان ھاڭلىرىغا ئوخشايتى. بۇ بوشلۇق شۇنچىلىك ۋەھىملىك ئۇشقۇيتۇپ تۇرغاندەك ئىدى. ئويلىسام ـ ئويلىسام ئۇنىڭغا چىدالمايتىم. ئۇ ئوقۇمۇغان ساددا يىگىت ئىدى. سىياسىي مەسىلىلەرنى چۈشىنىپ كەتمەيتى. ۋەتەن، مىللەت، دېگەندەك دەبدەبىلىك ئۇقۇملارنىمۇ چۈشىنىپ كەتمەيتى. لېكىن ئۇ مەزلۇملارغا زۇلۇم قىلغان زالىمغا قارشى تۇرۇش بىر ئەركەكنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت

ئەقەللىي رىجنى بەك ئوبدان چۈشەنگەچكە، ھەر ناھەقچىلىققا قارشى ئۆزىنى تۇتالمايتى. گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ زۇلمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە ئۇنىڭغا قارشى ئىسيانغا جان دەپ قېتىلغان ئىدى. ئۇ توغرا قىلىۋاتقىنىدىن ئېمىن ئىدى. كېيىن ئەلىخان تۆرىنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرىدىن يۇرتنى تاجاۋۇزچىلاردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھاياجانلاندى. ئۇنىڭ دىنىي بىلىمىمۇ يوق دىيەرلىك ئىدى، ئەمما مىڭ يىللاردىن كېلىۋاتقان، قاندىن - قانغا ئۆتۈۋاتقان مۇقەددەس ئېتىقادنىڭ سىھرىي كۈچىگە تامامەن تەسلىم بولغان بىر پاك روھى بار ئىدى. شۇڭا جىھاد چاقىرىقلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق مۇقەددەس بولدىكى، ھېچ ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئولتۇرمىدى. كېيىن كوممۇنىست خىتايلارنى خەلقنىڭ غەمگۇزارلىرىكەن دەپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ساددا دىلى بۇنىمۇ شۇ بويىچە قوبۇل قىلدى. ئۇ كوممۇنىستلارنى ئۇلارنىڭ «ئىزم»لىرى بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەتتىكى قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن باھالىدى. كۆردىكى، ئۇنىڭ ساددا سەمىمىي ئۆلچەملىرىدە كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ئىلگىرىكىلىرىدىن پەرقى يوق بولۇپلا قالماي، بۇنىڭ تېخىمۇ يالغانچى، تېخىمۇ كاززاپ، تېخىمۇ ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى كۆردى. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەك دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدى. چۆچەكتىكى سەبداشلىرى خىتايغا قارشى قوزغۇلاڭ قىلىشقا چاقىرغاندا ھېچ ئىككىلەنمەي، خوشاللىق بىلەن شۇ تامان ئاتلىنىشنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى.

كۈزلۈك ھوسۇل مەۋسۇملىرى ئىدى. بىر كۈنى ئەمگەكتىن يېنىپ كېلىۋاتاتتۇق، يولنىڭ بىر تەرىپى يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان بوز، بىر تەرىپى ئاللىقاچان خىتايلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، تېرىلىشقا باشلىغان يەرلەر ئىدى. بىز بېسىپ ئۆتۈدىغان ئۇزۇن سېرىملاردا تۇرۇپ، سەۋزە تېرىلغان ئىدى. بۇ ئۇتياشلار باش ئالغاندىن تارتىپلا توپىمىزدىكىلەر بىرەر باش قومۇرۇۋېلىپ، يىگەچ مېڭىشقا تىرىشىدىغان، تۇتۇلۇپ قېلىپ تاياق يەيدىغان، ماجرانىڭ مەنبەسى بولۇپ كېلىۋاتاتتى. مانا ئەمدىلىكتە سەۋزە، تۇرۇپلار قېزىلغان بولۇپ، ئاللىقاچان يىغىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، كۆرمەي قالغان بىرەر باش ئۇششاقلىرى ئۇچرىماي قالمايتى.

قاتاردىن چىقىپ، تېزلىكتە بىر تال سەۋزىنى ئېلىپلا قاتارغا قوشۇلۇۋالغان بىر يىگىتنى گۇندىپايلار كۆرۈپ قالدى ۋە قاتاردىن سۆرەپ چىقىپ دۇمبالاشقا باشلىدى. ئاندىن ئىككىسى شىللىسىدىن سۆرىگەنچە خىتاي روتىسىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەتتى. كېيىن ئۇنىڭ پۇتىنى چېقىۋەتكەنلىكىنى ئۇقتۇق. ئەمما بۇ يەردە ئومۇملاشقان بىر سۆز «يالغان كېسەل، ئىدىيە كېسەلى» دېگەندىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ سۇنۇقلۇقىغا ھېچكىم پىسەنت قىلمىغان ئىدى. يىگىت يەتتە ـ سەككىز كۈن ئىشتا كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر گەمىدە ياتىدىغانلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن. دەسلەپتە گۇندىپايلار ئىشەنمەي، ئۇنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئۈستىلەپ ئۇرۇپتۇمىش. كېيىن ئاندىن ساقىيىپ قالسەن دەپ، كارى بولماي تاشلىۋېتىشتى. ئۇ شۇ يوسۇن يېتىپ، چېقىلغان پاقالچاق سۆڭەكلىرى ھاسىل قىلغان ئىچكى يارا يىرىڭلاپ، سېسىشقا باشلىغاندا ئاندىن ئۇنى دوختۇرغا ئەكېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئاللىقاچان قارىداپ كەتكەن پۇتنى ساقلاپ قالغىلى بولماي، تىزىنىڭ ئۈستىدىن كېسىۋېتىپتۇ.

بۇنداق قورقۇنۇچلۇق ۋەقەلەر بەكمۇ تاڭسۇق ئەمەس ئىدى. ھەر كۈنىلا بىرەر ھادىسە، جېدەل، ئۆلۈم، دېگەندەك شۇم خەۋەردىن بىرەرسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ كۆز ئالدىمىزدا يۈز بەرگەچكە، بۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېچىندۇقكى، بىر باش سەۋزە ئۈچۈن بىر ئىنساننى پۇتىدىن ئايرىغان بۇ قانداق ھۆكۈمەت بولىدۇ؟ دېيىشىپ، نەچچە كۈن غۇلغۇلا توختىمىدى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇ قولتۇق تاياق بىلەن ئىشقا ئېلىپ كېلىندى. شۇ ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا ئازاتلىق بەرمەي، ئولتۇرۇپ قىلىدىغان قول ئىشلىرىنى قىلالايدۇ، دەپ قاراپ ئەمگەككە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. بۇ ھال بىزنىڭ يۈرەك يارىمىزغا تېخىمۇ قاتتىق تەككەن بىر ئامىل بولۇپ قالدى.

1964 ـ يىلى كەچكۈز يېقىنلاشقان بىر كۈنلەردە بىر تۈركۈم مەھبۇسنىڭ يۆتكۈلۈدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. مەھبۇسلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. يۆتكۈلۈدىغانلار قاتارىدا مېنىڭ ئىسمىم چىقتى. ئەمما يېقىنلىرىمدىن ھېچبىرى يوقىدى. بۇ ھال ماڭا يېتىملىك ھېسسى بەخش ئەتتى. ئىككى يۈك ماشىنىسىغا قاچىلانغان مەھبۇس بىر ئەتتىگىنى يولغا چىقتۇق. تېخىمۇ

ئازاپلىق بولغىنى ئاخىرقى مىنۇتلاردا يېقىنلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش، خوشلۇشۇۋېلىش ئىمكانىمىز بولمايلا، جىمىمىدە كېتىپ قالدۇق.

✍ ✍ ✍

بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىزنى جەنۇپ تەرەپكە ئەكىتىۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتتىم. چۈنكى مەن بۇ يوللاردىن نەچچە قېتىم ماڭغان ئىدىم. يول بويلىرىدىكى مەنزىرە تونۇش ئىدى. تونۇش مەنزىرىلەر ئىلگىرىكى خاتىرىلىرىمنى قوزغاپ، گاھى كۈلۈمسىرەيتتىم، گاھى يىغا تۇتاتتى.تۇمشۇقتىن ئۆتكەندە يول يەنىلا تاغ باغرىنى بويلاپ غەرپكە كەتتى. نورمالدا ئىلگىرى قەشقەر تەرەپكە مارالۋېشىدىنلا كېتىلەتتى. مانا ئەمدى يېڭى يول ياسىلىپ، بۇ يول ئاتۇشنىمۇ بېسىپ ئۆتىدىغان بولغانلىقىنى كۆپ ئۆتمەيلا بىلدىم. باچاڭدىن ئۆتكەندىن باشلاپ قانلىرىم ئۆركەشلىدى. ئۇزاقتا دەل-دەرەخلىرى كۆرۈنۈۋاتقان يۇرت ئاتۇش ئىدى. تەقدىرنىڭ قىزىق يېرى شۇكى مەن بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن بېرى ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا نەچچە كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە پۇتۇمنى ئېلىش نېسىپ بولماي كەتكەن ئىدىم. مانا شۇ تاپتا ئويۇننىڭ تېخىمۇ قىزىقى بولۇۋاتاتتى. ئەمدى ئاتۇشتىن كېسىپ ئۆتەتتۇق؛ ئەمما مەن يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقىغا دەسسىيەلمەي ئۆتۈپ كېتەتتىم! بۇنىڭ قانچىلىك ئازاپلىق بولۇدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئاشۇ ئەڭ دەسلەپ كۆرۈنگەن دەرەخلەر دەل مېنىڭ يۇرتۇم شورۇقنىڭ دەرەخلىرى ئىدى. بۇ ئۇزاقتىن كۆرۈنگەن دەرەخلەر بارغانسېرى يېقىنلاپ، شورۇق «ئاق» مەھەللىسى يېنىدىكى سايدىن ئېلىنغان يول بىلەن ئاتۇشنىڭ يېڭى بازىرىغا كىرىپ كەلگەندە يۈرۈگۈمنى نىمىدۇر ئېچىشتۇرۇپ تۇراتتى. كەچ كىرىپ قالغاچقا بىز ئاتۇشتا تۈنەيدىغان بولدۇق. شۇڭا ماشىنا تۆرمىنىڭ هويلىسىغا كېلىپ توختىدى. شۇئاندا يۇرتۇمغا بىر كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان مۇساپىدە قونۇپ قالاتتىم. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمايتى! ھەتتا كېچە جىملىقىدا ماڭا رۇخسەت بېرىلسە ئۆگزىگە چىقىپ ۋارقىرىسامىمۇ يۇرتۇمدىكىلەر ئاڭلىغۇدەكلا ئىدى. ئەمما مېنىڭ ئۆيۈمگە باش تىقىپ مېڭىش هوقۇقۇم يوقىدى!

يولدا كەلگەچە شۇقەدەر ھېرىپ جۈلۈقۇم چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. مانا مۇشۇ يەردە مېنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ياشىغانلىقىمنىڭ بىردىن بىر ئىزناسى بولغان ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى، ۋۇجۇدىدا ئايلىنىۋاتقان قان، ۋۇجۇدىدىكى ھەر بىر ھۈجەيرىدە مېنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىم ئەكس ئېتەتتى. شۇڭا خۇددى تېنىمنىڭ يېرىمى ئاشۇ يەردىكىدەك ئۇنى ئىزدەپ ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياناتتى. لېكىن شۇ تاپ مەن ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىن تۇرۇپ، قولۇمدا كويزا، پۇتۇمدا كىشەن، مەن ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق مەن ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىدىن مېڭىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىدا زاھىر بولالمايتىم. مۇشۇلارنى ئويلاپ ۋۇجۇدۇم تېپىچەكلەۋاتسا، قانلىرىم خۇددى سەلدەك يوپۇرلۇپ كېلىپ مېڭەمگە شىددەت بىلەن تىقىلىپ ئەسەبىيلەرچە خام خىياللارنى پەيدا قىلىپ ۋۇجۇدۇمنى سىلكىنتىۋاتسا مەن قانداقمۇ ئۇخلاي. گاھ تۈرمىنىڭ تاملىرىنىڭ تۇيۇقسىز غايىپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلسام، گاھ ھەممە نەرسىنىڭ غايىپ بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى شېھىت بولغان، ھازىر ھېچقانداق ماددىي نەرسىلەرنىڭ تۇسالغۇسىغا ئۇچرىمايدىغان بىر ئەرۋاھ بولۇپ چىقىشىمنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇ خىل تەسەۋۋۇر بەزىدە شۇقەدەر كۈچىيىپ كېتەتتىكى، ئىختىيارسىز قولۇمنى مىدىرلىتىپ قاراڭغۇدىكى مۇزدەك سوغاق تامنى بارمۇ يوقمۇ دەپ تۇتۇپ باقاتتىم. ئۇنى يوق دەپ شۇنچە تەسەۋۋۇر قىلساممۇ ئۇ يەنىلا بار بولۇپ چىقاتتى. بولۇشى ئارزۇ قىلىنمايدىغان ئاچچىق ۋە قورقۇنۇچلۇق رېئاللىق!

ئاشۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقىم ناھايىتى ئېنىق، لېكىن ئۆزۈمنى شورۇقنىڭ ئايىقىدىكى چەكسىز كەتكەن جاڭگالدا تۇرغاندەك ھېس قىلدىم. بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ يەنە شۇ جاڭگال ئىدى. مەن بۇ قېتىم قولۇمنى ئۇزۇتۇپ بېقىپ، تۈرمىنىڭ تېمىنى تۇتۇپ بېقىشقا پېتىنالمىدىم، چۈنكى كۆز ئالدىمدىكى نەرسىلەرنىڭ خام خىيال بولۇپ چىقىپ، تامغا قولۇم تېگىشى بىلەن تەڭلا ھەممە نەرسىنىڭ تورۇپ غايىپ بولۇپ، ئۆزۈمنى تۈرمىدە ھېس قىلىشتىن قورقۇۋاتاتتىم.

بوۋاينىڭ تەنها كەپىسى بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى. ئىشىك ئالدىدىكى قېرى توغراقنىڭ ئىشىك تەرەپكە سوزۇلغان شېخىدا ئولتۇرغان شاتۇتى مېنىڭ ئىسمىمنى ئېيتتى:

— سابىت كەلدى، سابىت كەلدى! — دېدى.

بىر تەرەپتە باللار ئىككى ياقتا بۆلۈنۈپ قاتار بولۇپ ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى يالاڭ بولۇپ، تاپانلىرى قاردەك قېلىنلىشىپ، قىشتا ئاياق كىيمىسىمۇ توڭمىغۇدەك بولۇپ كەتكەن. ئاللاھنىڭ كارامەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئادەم بەدىنى ئادەملەر قىشلىق ئۆتۈككە ئېرىشەلمىگۈدەك نامرات بولۇپ كەتكەندە پۇتنىڭ ئاستىنقى تېرىلىرى ئاشۇنداق قېلىنلىشىپ، قىشتا يالاڭ ئاياق يۈرسىمۇ ئۈششۈپ قالمىغۇدەك ھالەتكە كېلەتتى. بۇ باللارنىڭ قېلىن تاپانلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ نەچچە يىللاپ ئاياق كىيمىگەنلىكىنى ھەتتا بەزىلىرىنىڭ پۇتىنىڭ تۇغۇلغاندىن باشلاپلا ئاياق سېپىپ باقمىغانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئىلگىرى ئۆيي ئىچىدىمۇ ئاياق كىيمەسلىكنى ئەخلاقسىزلىق ھېسابلايدىغان بۇ يۇرتتىتا بەلكىم مۇشۇ كۈنلەردە ئاياق كىيىدىغانلار يوق دىگۈدەكتۇر. باللارنىڭ يىرتىق ئىشتانلىرىنىڭ تىلىم تىلىم سۆكۈلۈپ كەتكەن ياماقلىرى تىزلىرى ئەتراپىدا ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشىپ ئۇياق بۇياق پۇلاڭلايتى. باللارنىڭ يۈزلىرى سارغايغان، ھەممىسى ئىنتايىن ئورۇق، بويۇنلىرى خۇددى بىر نەرسە بىلەن قاتتىق سوزۇۋەتكەندەك ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە بولسىمۇ لېكىن يەنىلا بۇ يەردە ئۆزلىرىگە شادلىق تېپىشقانىدى. ئۇلار بۇ يەردە «ئاقتېرەك» ئويۇنى ئوينۇشۇۋاتاتتى.

ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغا تەلۋىلەرچە ئۆچمەن بولغان خىتايلار تەنتەربىيە تۈسى بار بۇ ئويۇنلارنى ئويناشقا يول قويۇۋاتامدىغاندۇ؟ مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇلارغا بىر ھازا قاراپ تۇردۇم. ھېلىلا بىر توپ كالتەكچى ياكى قورallىق كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىدىغاندەك جىددىيلىشىپ ئەتراپقا قارايتىم. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداق بىر مەقسەتتە بىر يەرگە توپلۇنۇشىنى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن مەقسەتلىك يىغىلىش دەپ ئويلايدىغان مۇشۇ يىللاردا، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدە تەنتەربىيىنىڭ ئالاھىدىكى بارلىقى ئۇلارنى يۇشۇرۇن ھەربىي مەشىق قىلىپ قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىۋاتىسەن دېيىشتىنمۇ يانمايتى. ئەتراپقا قارىسام ئەتراپتا ئادەم يوق. جاڭگال يەنىلا شۇنداق چەكسىزلىكى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن كىشىگە ئاللاھ بەرگەن ئەركىنلىكتىن

بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

مەن بوۋاينىڭ بىر چەتتە بالىلارغا قاراپ تۇرغىنىنى كۆردۈم. بوۋاي ماڭا قاراپ ئۈنلۈك لېكىن بوغۇق ئاۋازدا ئېيتتى:

ــــ ئوغلۇم كەلدىڭمۇ؟

ــــ ھەئە، مەن كەلدىم.

ــــ بەكلا كېچىكىپ كەلدىڭ. بۇ زېمىندا مېنىڭ يىلتىزىم بەك چوڭقۇر ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇلار بىزنى قومۇرۇپ تاشلىۋەتتى. زېمىن ئىڭراۋاتىدۇ. سەن بۇ زېمىنغا قەدەم ئېلىشتىن ئاۋال ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالمىدىڭمۇ؟

ــــ بوۋا بۇ يەرلەر يەنىلا بۇرۇنقىدەك تۇرغاندەك قىلىدىغۇ؟

ــــ ياق، بۇ سېنىڭ خىيالىڭ. سەن ئۇنىڭ ئۆز قوينىدا ئۆمىلەپ چوڭ بولغان، ئۆز قوينىدىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆسكەن، بىردەممۇ ئايرىلمىغان بالىلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، مەينەت ئاياقلار ئاستىدا تىلغانغىنىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايسەن. شۇڭا سېنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىڭ ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىشتىن ئىلگىرىكى ھالىتى. قارا ئاۋۇ قېرى توغراق مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ ئاللىقاچان كۆلگە ئايلىنىپ بولدى. قارا ئاۋۇ شاتۇتى مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى ئۇ بۇ يەرگە ئۆزى بىلمەيدىغان تىلدىكى بىركىملەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ يەردىن ئايرىلدى...

مەن بوۋايغا قولۇمنى تەڭلىۋىدىن قولۇم تۇرمىنىڭ مۇزدەك تېمىغا تەگدى...

بىزنى يەكەن تەۋەسىدىكى بىر لاگىرغا ئەكىلىشتى. بۇ يەرنى خىتايچە پەيلو دېيىشەتتى. نېمە دېگىنىكىن، خېتىنى كۆرمىگچە بىلىپ بولمايتى. بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمىزنى ئۇققان مىنۇتتىن باشلاپ سەل كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىسەممۇ، ئالتىنچى تۇيغۇم ماڭا بۇ يەرنىڭ ياخشىراق بولۇشىدىن بىشارەت بەرگەندەك قىلاتتى. بەلكىم بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىنىڭ ئىسسىقلىقى، ئەتراپتا ئۆز خەلقىمىزنىڭ بولۇشى، يەنە يۇرتۇمغا يېقىنراق كەلگەنلىك ھېسسى مېنى خوش قىلىۋاتامدىكىن؟

پەيلودا قاماقخانا ھويلىسىغا كىرىپ، ماشىنا توختىشى ھامان كىمنى كۆردۈم دېمەمسىز؟ ناسىراخۇننى! شىمال تەرەپتىن مەھبۇس كەپتۇ دېگەننى

ئاڭلاپلا، ھەممە ئىشنىڭ سىرتىقنى ئېلىپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن مىجەزى ئۇنى ئۇلتۇرغۇزماي، ئەڭ ئەۋۋەل ماشىنا يېنىغا يۈگرەپ كەلگەن ئىدى. مەن تېخى ماشىنىدىن چۈشمەيلا كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى! كۆڭلۈمدىن مىڭ تۈرلۈك شۈبھىلەر كېچىشكە ئۈلگۈردى. بۇنى يەنە مەندىن بۇرۇنراق بۇ يەردە ھازىر قىلىپ، بىر نېمىگە ئېرىشمەكچىمىدۇ؟ ياكى باشقا ۋەزىپە بىلەنمىدۇ؟ ئاخىرقى خۇلاسىدە يەنىلا بەك خوش بولدۇم. كونا تونۇشۇم، سابىق دوستۇم، ئارىمىزدا نۇرغۇن كەچۈرمىش ئورتاقلىقى بار، سۆھبەت تېمىلىرىمىز كۆپ، ئەڭ ئىچكى قاتلاملىرىمىزغىچە بىلىشىمىز، تارتىنىشمايمىز،... مانا بۇلارنى باشقا ھېچكىمدە تاپقىلى بولمايدىغان يېقىنلىق شەرتلىرى بولغاچقا، مۇشۇنداق بىر يەردە، يېڭى كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆزلەشكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى يېتىرقاشلىرى، يالغۇزلۇق، تەنھالىق تۇيغۇلىرى ئۈچۈن دەل كېلىدىغان بىر دورا ئىدى-دە.

— ھەي ناسىر، ھەي، ناسىر! نەگە بارسام شۇ يەردە ئالدىمغا چىقىسەن، قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ؟ بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرۈسەن ئەمدى؟

— سېنى قارشى ئېلىشقا تەييار بولۇپ تۇرغىنىم، بولماپتىما؟

— بولۇشىغۇ بوپتۇ، بەك ياخشى بوپتۇ. ئەمما ھەيرانمەن، نەگىلا بارسام سەن.

— ئۇنبەش ژىلىنىڭزى كۆرەشمىگەن ئادەم مۇشۇندا گەپنى قىلامداۋا؟ ئەكەگىنا قولاڭنى، «بىسمىللا» دەپ، — دېدى ئۇ قېيداپ.

— خوش بولۇپ كېتىپ چېقىشىۋاتىمەناۋا، ساراڭ! — دېدىم مەنمۇ قول ئۇزۇتۇپ ۋە ئۇنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىنى باغرىمغا بېسىپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلگەن ئىدى. مېنىڭ چاناقلىرىممۇ سەل ئېچىشقىنى سېزىلدى. كۆڭلۈمنىڭ ئۇزاق بىر يېرىدە بىر زىل چېلىنىپ، «ئۇ جاسۇس! ئۇ جاسۇس!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۆگۈنۈپ قالغان يېقىنلىقتىن ۋاز كەچمەك ئاسان ئەمەس ئىدى. قىلىشىدىغان نۇرغۇن گېپىمىز باردى. ئوغلۇم ھەققىدىكى خەۋەرنى يەنە مۇشۇنىڭدىن ئاڭلايدىغان بولدۇم. يەنە نېمىلەرنى ئاڭلايمەن تېخى!

قايسى ياتاقتا جايلىشىش ئىختىيارىمىز ئەمەس ئىدى. ئىسىملىرىمىز ئوقۇلۇپ، ياتاقلارغا تەقسىم قىلىنىپ، ياتاقتا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن،

ناسىرنى تېپىپ، ئوغلۇم ھەققىدە خەۋەر ئاڭلاشقا ئالدىرىدىم. ئەمما ئۇنى تاپقىچە كەچلىك تاماق ۋاقتى بولدى. قاتار بىلەن ئاشخانا تۆشۈككە بېرىپ تاماق ئالدىم. ئەمما بوينۇمنى سوزۇپ ھەر تەرەپكە قاراپ ناسىرنى ئىزدەيتتىم. ئۇنىڭ قايسى تۆشۈككە كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى. مۇشۇ تىت - تىتلىقتىن ئۇيقۇمنى تاپالماي تازىمۇ جىلى بولدۇم. ئەتىسى بولسىمۇ مەيلىغۇ دېسەمۇ، بىر خىل تەشنالىق، روھى ئالدىراش خەۋەرلەرگە تەشنا قىلىۋەتكەن ئىدى.

ئەتىسىلا ئىشقا بېرىش ئۈچۈن قاتارغا تىزىلدۇق. بۇ پەيلو دېگىنىمۇ چەكسىز كەتكەن بىر دالاغا ئاپىرىدە قىلىنىۋاتقان يېڭى مەيدان ئىكەن ۋە داۋاملىق كېڭەيتىۋاتقانلىقى سۆزلۈنەتتى. گورۇپپا - گورۇپپا بويىچە ھەر كىم ھەر تەرەپكە، ھەر خىل ئىشقا ئېلىپ مېڭىلدى. تەلىيىمىزنى قاراڭلار! بىزنىڭكىلەر قوغۇنلۇققا باردۇق. قوغۇن يىغىش ۋەزىپىمىز ئىكەن. ئۇ چەت - بۇ چېتىگە كۆز يەتكۈسىز بوشلۇقتا باشقا ھېچنەرسە يوق پەقەت قوغۇنلا باردەك قىلاتتى. ھارۋىلارغا قوغۇن بېسىپ بەرگىچە قولدىن قولغا سۇنۇلۇۋاتقان قوغۇنلارنى چۈشۈپ كەتتى قىلىپ يېرىۋەتسەكلا بۆلۈشۈپ يەيدىكەنمىز. مۇشۇ كۈزلۈك يىغىم بىلەن ئاچارچىلىقمۇ تۈگەپ قالغان ئىدى.

قورسىقىمىز كۈز نېمەتلىرى بىلەن تويغاچقا ھارغىنىمىزنىمۇ بىلەلمىدۇق. ئىشتىن يەنە قاتار بولۇپ سولاقخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ناسىراخۇننى ئىزدەپ ھەرتەرەپكە قاراپ كۆزۈم تۆرت بولدى.

— مانا مەن، خەۋە ئاڭلايمەن دەپ كۆزەڭ تۆتقىمۇ ھەقىچان؟ — دېدى ئۇ ئارقامدىلا پەيدا بولۇپ.

— جىنىمۇ سەن؟ ھېلى ھېچيەردە كۆرۈنمەيۋاتاتتىڭ؟

— كادىرلا ئىشخانىغا تۇۋلاپتىكەن، شۇ يەردىن چىقىشىم، —دېدى ئۇ.

يۈرىكىم «شۇۋ» قىلىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ كىملىكىم ھەققىدە مەلۇمات بەرگىلى كىرگەنمىدۇ؟ ئەمما مېنىڭ ماتېرىياللىرىم ئالدىقاچان بۇلارغا كەلمەي قالمايدۇ، ناسىرنىڭ مەلۇماتىغا ھاجەت بارمىتى؟ ھەي، كۆنۈپ قالسا تەس، كونىلار دەيدۇ ئەمەسمۇ، «ئوغرى ئوغۇرلايدىغانغا نەرسە تاپالمىسا ئۆزىنىڭ كەشىنى ئوغۇرلايدۇ» دەپ. چېقىمغا كۆنۈپ قالغان ئادەملەرمۇ چاقىدىغانغا يېڭى

گەپ تاپالمىسا ئۆزى توقۇپ، بىر نەرسىلەرنى دېگەچ تۇرسا كېرەك.

— بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلمەيمەن، بىر - بىرىمىز بىلەن گەپلەشكۇدەك پۇرسىتىمىز بولامدۇ، بۇ يەردە؟

— كەچلىك تاماقتىن، ياتىدىغانغا پۈشتەك چېلىنغۇچە ۋاقتىمىز بولۇدۇ.

— ئەمما ئاخشام سېنى ھېچ تاپالمىدىم، قايسى تۆشۈككە كىرىپ تۇگۇلۇۋالغانتىڭكىن؟

ناسىر ياتىدىغان يېرىنى كۆرسەتتى. ئاندىن كەچلىك تاماقتىن كېيىن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ، تاماق قاچىلىرىمىزنى ئالغىلى ياتاقلىرىمىزغا قايتتۇق.

كەچكۈز بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، ھاۋا خېلى ئىللىق ئىدى. شىمالدىكى لاگىردا ئاللىقاچان بىرەر قېتىم قار ئۆچقۇنداپ، ئەتتىگەن - كەچلىرى يەر توڭلاپ ئۆلگۈرگەن ئىدى. بۇ يەردە ئاخشاملىرى ھويلىدا ھاۋا يەپ ئولتۇرۇشىمۇ شۇنداق راھەت ئىكەن. ناسىر بىلەن ھويلىدا بىر توغراق كۆتىكىدە ئولتۇرۇپ، سۆھبەتكە ھازىرلانغىنىمىزدا، مەن بۇنىڭ چۈشۈم ئەمەسلىكىگە ئۆزەمنى ئىشەندۇرۇشكە تىرىشىپ ھەلەك ئىدىم. ناسىر چوقۇم ياخشى خەۋەرلەرنى بېرىدىغاندەكلا ئىدى.

— گالاچ - گۆلۈچچىدا گېپىڭنى باشلا، قېنى. يۇرتتا نېمە ييڭىلىق؟ بىزنىڭكىلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ قاچان؟

— ھەي ي، سۈت بىلەن چىگەن خۇي! ئالدى بىلەن سېنىڭ ھالىڭ قانداق؟ نېمە بولۇپ بۇ يەرگە كەپ قالدىڭ؟ مانى سورايسەن ماندا،... — دېدى ئۇ باش چايقاپ.

— ھە، بولۇدۇ، نەدىن باشلىساڭ باشلاپ، دەۋەرمەمسەن، قېنى.

— مەن شۇ «ئېچىلىپ - سايراش»تىن بېرى مەشەدە. تاياقنىمۇ ئوبدان يېدۇق، باللىرىمىزدىنمۇ ئايرىلدۇق مانا!

— سەن خېلى جاھاننىڭ رەپتارىنى ئالالايدىغان ئادەمتىڭ، ئاسانلىقچە خاتالىشىپمۇ قالمايدىغان، نېمە بولدۇڭ بۇ دو؟

— خاتالاشمايدىغانغا ھۆججىتىم بومىسا، تازا گېپىڭ بارىكەن، ئاداش. ئىشقىلىپ خاتالاشتىم. نېمە بولغىنىمنى سورۇساڭ ئۆزەممۇ تازا بىلمەيمەن. شۇ ئاغزىمدىن تەككەن بالاغۇ بۇ. ئېچىلىپ سايراڭلار دېگەندىكىن، بىر

نەرسىلەرنى دەپتۇق، بىزمۇ بى ئادەم بوغاندىكىن. قايسى گېپىم تېلىغا تېگىپ كەتكىنىنى بىلەممىدىم. ئىشقىلىپ، تۇتتى، ئۇردى، سوقتى، گومىنداڭنىڭ داشقىلى دېدى، ئىشقىلىپ، ئاياغ خۇلاسىسى كەستى، ئەكىلىپ مۇشۇ يەگە تاشلىدى.

— قانچە يىلغا؟

— يەتتە ژىل.

— ھە، ئاز قاپتۇ، قۇتۇلۇدىكەنسەن. ئەمدى باشقا گەپكە ئۆتە.

— سەن شۇ بالاڭنى سورايسە ھەقچان. شۇنداما؟ سەن تېخى ئۇنى كۆمىدىڭ؟ ھە، كۆمىدىڭ. ۋاي ئېسىت. مەن بالاڭنى كۆگىلىمۇ بولۇپ قالدى يەتتە ژىل. شۇ چاغدا ئۇنىڭ تويى بولدى دېگەنىدەك قىلدىغۇ، شۇ تويغا بارالمىغاندىكىن، بىر يوقلاپ قوياي، توي پەتىسى دەپ بارغانتىم. ئۇ ھاماڭنىڭ ئۆيدە تويىنى قىلىپ، ئاندىن يېڭى كېلىن بىلەن ئاشۇ سېنىڭ ئۆيەڭگە كۆچۈپ بېرىپ ئۆي تۇتۇپتىكەن. يىگىرمە ژىلچە ئادەم ئولتامىغاچقا ئۇ ئۆي تۆكۈلۈپلا كېتىپتىكەن، ئوغلۇڭ ئوڭشاپتۇ. شۇ ئۆينى جابدۇپ، چىرىغىڭنى يېقىپ ئولتۇراپتىكەن. بۇ چاغقىچە ئەڭ ئاز تۆت بالىسىمۇ بولغاندۇ.

— راستىما؟ — دېدىم ھاياجاندىن تىپچەكلەپ، — سېنىڭكىلەر بۇ يەرگە يوقلاپ كېلىدىغاندۇ؟

— كېلىدۇ، ئاما شۇ قاتناش يوق، كەلمىكى ئاسان ئەمەس، يېرىم ژىلدا بىرە قېتىم ماشىنا تاپالىسا مۇشۇ تەرەپكە ماڭىدىغان، ئاندىن كېلەلەيدۇ شۇ.

— شۇلاردىن بىر يېڭى ئۇچۇرلارنى ئالدىغانسەن؟ سورۇمامسەن ئۇنى، بۇنى؟

— ئا ا ا، گەپ دەپ دەۋېرىدىكەنسە، سېنىڭ بالىلىرىڭنى سورامدىم؟ بىزنىڭكىلەر نىم بىلەر؟ تونۇشمىسا. ئاتايىتەن بېرىپ، بىلىپ كەل دەپ تاپىلىسام بولۇدۇ شۇ. كېلىشىڭنى بىلسەمغۇ شۇنداق قىلاكەنمە، بۇ دو كەلسە شۇندا تاپىلامىز جۇما.

— شۇنداق قىلايلى. خوش، باشقا يەنە نېمە يېڭىلىقلار؟

— ھە، راست، ھېلىقى جاڭگالدىكى بوۋايمۇ مۇشۇ يەردە.

— بىزنىڭ ئاشۇ ئۇيغۇر بوۋاينى دەۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ نېمە گۇناھى باركەنمىش؟

— نېمە گۇناھى باركەن، دەيسەنغاۋا؟ سېنىڭ نېمە گۇنايىڭ بارتى؟ بۇ خەققە گۇنا كېتەمدىكەن؟ ئۇنىڭ جاڭگالدىكى شۇنچە كەڭ يەرلىرى بېشىغا بالا بومماي قالامتى، يەر ئىگىسى، پومۇچۇك دەپ تۇتامدۇ.

— ۋاي، ئىنساپسىز يىرتقۇچلارەي، ئۇ بىچارە ئىگىسىز ياتقان جاڭگالنى ئەيۋاشقا كەلتۈرگەن گۇناھىغا شۇنداقمۇ؟ قېنى ئۇ قەيەردە؟ بىز ئۇنى قاچان كۆرۈمىز؟ ئۇ بۇ يەردە خەقتەك ئىشلىيەلەمدۇ؟ قېرىغان ئادەمگە تەس بوپتۇ-دە.

— ئۇ ئولتۇرۇپ قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ: قوناق ئۇگۇلايدۇ، ئوما ۋاخلىرىدا خاماندا بۇغداي تاسقايدۇ، مانا شۇنىڭدەك ئىشلار.

مەن بوۋاي بىلەن ناسىراخۇنىسىز كۆرۈشۈشنى ئويلىغاچقا، ئۇنىڭ ياتىدىغان يېرىنى سوراۋېلىپ، كۆرۈشۈشنى ئەتىگە قويدۇم. ئەتىسى بوۋاينى ئىزدەپ تېپىپ، ناسىراخۇنغا چېلىقىپ قالمايدىغان بىر چەتكە تارتىپ، ھال - ئەھۋال سوراشتىم.

— جاڭگالدىكى مەن كىمنىڭمۇ يادىغا يېتەرمەن دەپ يۈرۈپتىكەنمەن، ئاشۇ ئۆزەمنىڭ پۇشتىدىن بولغانلار مېھمانلارنى باشلاپ كەلدى، — دېدى ئۇ، — چەۋرىلىرىم. ئاكتىپ بولۇشۇپ، خۇدىنى بىلەلمەي مېنى سۆرەپ ئەپچىقىشتى. يەرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئالدى. ياغاچلارنىڭ ھەممىنى كېسىپ ئەكېتىشتى. مۇسادىرە قىلىپ، ھۆكۈمەت مۈلكى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخولۇقى ياغدى قىلىپ، كەمبىغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشتى. ئورمانلارنى قومۇرۇپ يەر ئېچىشتى. ئاھالە كۆچۈرۈپ كەلدى. مېنى قامىتىپ خىزمەت كۆرسۈتۈپ، بىر چەۋرەم كادىر بولۇپ خېلى ئۆسۈپتىكەن. كېيىن تۈرمىدىن چىقتىم. ئۆز يېرىمدە نازارەت ئاستىدا ئىشلىدىم. بىر چاغدا ئاشۇ ۋاپاسىز چەۋرەم تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ. ما جاھاننى قاراڭ! قانداق قىلاي، يۇرتىمىزدا «ئىشتاچى[1] قىلغاننى ئىت قىلماپتۇ» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ، يەنە ئۆز پۇشتۇم، چىدىمىدىم. ئونبەش كۈندە بىر يوقلاپ تۇردۇم.

— ھە يوقلاپ بارغان چېغىڭىزدا نېمە دېدى؟ يۈزى قىزاردىمۇ كىچىككىنە؟

— ۋاي، ئۇنى بىر دېمەڭ. بىچارە يىغلاپ، ياخشىلىقىمنى

[1] ئاتۇشنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر يۇرت، — ئا.

ئۇنۇتمايدىغانلىقىدىن گەپ ئاچتى. ئەگەر چىقىپ قالسام، دەيدۇ، ئۆزەم ئۆيۈمگە ئەكىتىپ، تۆرۈمدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ باقىمەن، پالان، پۇستان،... دېگەندەك گەپلەر. مەن دەيمەن، ۋاي بالام، مېنى باقمايلا قوي، ئۆزەڭ سالامەت چىقسائڭلا بولاتتى، مېنى ياراتقان ئاللاھ تاشلىۋەتمەس، ـــ دېدىم.

ـــ كېيىن ئۇ چەۋرىڭىز چىقتىمۇ؟

ـــ ھە، چىقتى، يەنە كادىر بولدى. ھازىر كۆنى ئوبدان.

ـــ سىزنى ئۆيىگە ئەكىتىپ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇپ باقاتتىغۇ؟ ئەكەتتىمۇ؟

ـــ خۇدايا بەش توۋا دەڭا، ئەكەتمەيلا مېنى ئارامىمدا قويسا مەيلىدى، ئەمما بۇ قېتىم كادىرلارنى باشلاپ كەپتۇ، سەندە ئالتۇن بار، ئالتۇننى تاپشۇر، دەيدۇ. «ۋاي بالام، مەندە نەدىكى ئالتۇن، سەن بىلمەمسە؟» دېسەم، «شۇنچە كەڭ جاڭگالدىكى ياغاچنى ساتقان پۇللار نەگە كەتتى؟ شۇلارنى ئالتۇن قىلىپ پوكۇنۇڭغا بېسىپ ياتقانسەن؟» دەيدۇ. «نەگە كېتەتتى، سەنلەرنى باقىمەن دەپ تۈگەتتىم». مانا شۇنداق قىلىپ، ماڭا ئىشەنمەي، ئېغىلنىڭ تاملىرىنى ئۆرۈپ، تامنىڭ ھۇللىرىنى قېزىپ، ئۆي ئىچىنىمۇ قوش ھەيدىگەندەك ئاغدۇرۇپ چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا ئوسال بولغىنىغا تەن بېرەمدۇ؟ «سەن ئالتۇن ساقلاپ، جاھاننىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتىۋاتامسەن؟ قانداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ كېلىشىنى ئارزۇلاۋاتىسەن؟» دەپ، مېنى يەنە تۈرتتى. مېنىڭ ھېچكىمىم يوقكەن، ئۆز پۇشتۇمدىن تۆرەلگەنلەر ماڭا بۇنى قىلىۋاتسا، ئەمدى بۇ جاھاندا ماڭا كۈن كۆرگۈدەك يەر قالماپتۇ. بۇ قانداق جاھان؟ ئاتىنى بالىغا، بالىنى ئاتىغا دۈشمەن قىلغان؟!

ـــ ھازىر ئۇ يەرلىرىڭىز، ئورمانلىرىڭىز نېمە بولۇپ كەتتى؟

ـــ شۇ، ئورمانلارنى قومۇرۇپ، يەر ئېچىپ، ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. دەيدۇكى، سىز يالغۇز خويمۇ زېرىككەن بولغىيدىڭىز، مانا ئەمدى سىزگە ئاۋات بىر مەھەللە قىلىمىزكى، قىيا ـ چىيا، شەھەرنىڭ ئۆزى بولىدۇ. ئەترەت باشلىقى بولۇپ كەلگەن بىرى، «سىز قېرىغاندىكىن ئەمدى يەنە ئىگىلىك قىلىپ نېمە جاپا تارتىپ يۈرەتتىڭىز؟ خەلق ھۆكۈمىتى سىزدەك يالغۇزلارنىڭ يار ـ يۆلىكى، يەرلەرنى سىزنىڭ ئۈچۈن بىز تېرىساق ياخشى ئەمەسما». «ۋاي ياخشى، غوجام، ياخشى بومىمامدىغان». مانا شۇنداق قىلىپ مېنىڭ شۇ ئەسكى كەپەم ئۆزەمگە

قېلىپ باشقا جىمىنى ئېلىشقان ئىدى. كېيىن تۈرمىدىن چىققىنىمدا بىرى سەل ئىنساپ قىلدىمۇ، ياكى نېمە بولغان، «بۇ بەك ناھەق بولۇپتۇ، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلىپتۇ. ئۆزىڭىزنىڭمۇ ئازراق قالدۇرۇق يېرىڭىز بولۇشى كېرەك» دەپ، ئۆيۈمنىڭ يېنىدىن بىر كاندەكنى ماڭا ئايرىدى. ئىشىك ئالدىدىكى قېرى توغراقنىمۇ ئۇمۇمنىڭ مۈلكى قىلىپ ئېلىۋالغان چاغلاردا ئۇنى يىرىپ ئوتۇن قىلغىلى تۇرغان، بىر تەرىپىنى يىرىپ، تاكى ئۆي تەرەپ يۈزىدىن بىر تاختايچىلىك قاپتىكەن، ئاڭغىچە يېڭى سىياسەت بىلەن توختاپ قېلىشتى. توغراقنىمۇ ماڭا بۇيرۇپ بەرگەن ئىدى. ھېچنېمىسى قالمىغان ئۇ توغراقنى نېمە قىلاي ئەمدى. بىر تال تاختىدەك ياپىلاق بىر قۇرۇق بىر نېمە ئىدى. شاتۇتىممۇ كۆنگەن شېخىدا ئولتۇرالماي سەرگەردان بولۇپ كەتكەن ئىدى. مانا ئەمدى ھېلىقى تاختىدەك قالغان يەردىن ئۆي تەرەپكە سوزۇلغان شاخ ساق قېلىپ، شاتۇتىم جايىغا قايتىپ كېلىپ ئارام تاپقانتى. توغراق يەنە تۈۋىدىن يېڭى نوتا چىقارغىلى تۇرغانتى. بىلمىدىم ئەمدى نېمە بولۇپ كەتتىكىن؟

بوۋاينىڭ خۇنۇكلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى سانسىز قورۇقلارنىڭ ئارىسىدا ئاجىز پىلىلدايتى. ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى. ھاياتى بويىچە تىنىم تاپماي ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلىگەن بۇ بوۋاي ئەمدى پومىشچىك بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ، مۇشۇ دەملىك بولغاندا بۇ يەردە ئەمگەك بىلەن ئۆزگۆرۈشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنى، بۇنىڭغا مەجبۇر قىلغانلارنىڭ قاياقتىن كەلگىنى ۋە بۇنىڭغا نېمە ھوقۇقى بارلىقىنى ئويلىساڭ پۇچۇلانماي تۇرالمايتىڭ.

ئەمدى بۇ يەردە ئىككى تونۇشۇمنىڭ چىقىپ قېلىشى بەك ياخشى بولدى. بىر توپ تونۇشۇمدىن ئايرىلىپ، ناتونۇش بىر يەرگە كەپ قالىدىغان بولدۇم دەپ مەيۈسلەنگەن ئىدىم. ئەمدى ھەر كۈنى ئاخشىمى بىردەم يېرىم دەم يا ناسىراخۇن بىلەن ياكى بوۋاي بىلەن سوقى سۆھبەتتە بولۇپ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى بوۋاي ناسىراخۇن بىلەن پاراڭلاشقىنىمىزنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ناسىراخۇننىڭ كىملىكىنى ئوبدان بىلەمدىكىن، كېيىنكى قېتىم ماڭا:

— ئاۋۇ ناسىراخۇن دېگەن بىلەن ئاراڭلار بەك يېقىنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇرۇنلاردا يېقىن ئىدۇق، شۇ يېقىنلىقنىڭ تورى بىلەن ھازىرمۇ

يېقىندەك قىپ قويۇمىز، — دېدىم داڭقان پۈتى شەكىلدە جاۋاپ بېرىپ.

— بۇ كىسپۇرۇچ ھەققىدە تازا كۆڭلۈم ئېمىن ئەمەس، بىر زامانلاردا جاڭگالغىمۇ بارغان ئىكەن بۇ. كېيىنكى ھەركەتلەردە كۆپ ئادەم بۇنىڭ كۆيدۈرگۈلۈك قىلغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلىشتى. ئەمدى بۇ يەردە ئانچە ـ مۇنچە كۆز سېلىپ قالىمەن، ئىشخانىغا كۆپ بارىدۇ، كادىرلار بىلەن نېمە يېقىنلىقى باردۇ، دەيمەن. ئالالاھقا ئامانەت، غەلىتە بىر زامان. ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ، بالام.

— ئاگاھلاندۇرغىنىڭىز ئۈچۈن ئالالاھ رازى بولسۇن. شۇ يۇرتتىكى چاغلاردا ناسىراخۇن ھەققىدە ئۇققانلىرىڭىز بولسا دەپ باقسىڭىز، «ئۇۋىنىڭ ئۇۋۇچىنى تونۇپ قويغىنىنىڭ زىيىنى يوق» دېگەندەك، ئوبدانراق تونۇپ قويۇشقا دەيمىنا.

— ھە، ئەسلىدە سىز ئۇنى تازا بىلمەيلا ئارىلىشىۋېتىپسىز ـ دە؟

— مېنىڭمۇ بىلىدىغانلىرىم بار، ئەمما كۆپ ئەمەس. بۇ يەردە بىر دەم ھەمسۆھبەت بولۇدۇغان ئادەمگە ئېھتىياجىمىز بولۇدۇكەن ئەمەسمۇ، شۇ سەۋەپتىنلا...

— ھە، مانداق دەڭ. يۇرتتىكىلەرنىڭ دېيىشىچە بۇ دۇرۇس ئادەم ئەمەسمىش. ھەممە ئادەم بۇنى ئايغاقچى دەيدىكەن. بۇ مېنى يوقلاپ كەلدىم دەپ كەلگەندىلا كۆڭلۈم تۇيغان بۇ خاۋارىجنى.

ئەمدى ناسىراخۇننىڭ بۇ يەردىمۇ ۋەزىپە ئارىلاش تۇرۇۋاتقانلىقىنى تولۇق بىلدىم.

ئىككىنچى يىلى ماڭا ئاشخانىغا ياردەملىشىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشتى. بۇنىڭ بىلەن زور دەرىجىدە يېنىكلىدىم. قوساقمۇ ئوبدان تويۇدۇغان بولدى. بۇ ئىلتىپات نېمىشكىدۇر دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، بىر كۈنى ئاشخانىغا لازىملىق نەرسىلەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئات ھارۋىسىدا يېقىندىكى بازارغا مەن، ئاشخانىنىڭ زاپخوزى ۋە بىرنى نازارەت قىلىپ بىر ساقچى بىللە كەتتۇق. بۇ پۇرسەتتە ساقچىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ باقتىم، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، مېنىڭ جىنايەت ماتىرىيالىمدا ماڭا بېكىتىلگەن جىنايەت يوقكەن، ئېنىق جازا يىلىمۇ بېكىتىلمىگەن ئىكەن، شۇڭا بىرەر ناھەقچىلىك ياكى ئۇققۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ قاراپ، ماڭا بۇ ئىلتىپاتنى قىپتۇمىش. بەلكىم مېنىڭ بەقۇۋۋەت

جىسمانىي قۇرۇلمامۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ياراپ قالغاندۇر. مەسىلەن بازاردىن نەرسە ئېلىپ كېلىشتە يوغان تاغارلارنى هارۋىغا باسىدىغان گەپ. مەن بولمىساملا هەر قېتىم ئىككى ئادەم ئېلىپ كەلمىسە بۇ ئىشنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايتى.

كېيىنچە بىز هەتتا يەكەن شەهەر بازىرىغىمۇ بارىدىغان بولدۇق. ساقچى بىرەر ئىشنى باهانىداپ دەرهال يوقۇلاتتى. كەچتە يولغا چىقىش هارپىسىدا پەيدا بولاتتى. هەممە ئىشنى زاپخوز ئىككىمىز قىلاتتۇق. مانا شۇنداق چاغلارنىڭ بىرىدە مەنمۇ ساقچىغا نېزىقاپ باقماقچى بولدۇم:

— ماڭىمۇ بىرەر سائەت رۇخسەت بېرىدىغان بولساڭلار، مەنمۇ بىر تونۇشۇم بارىدى، كۆرۈشۈپ كېلىۋالسام، — دېدىم.

بۇ ئۇزۇن يوللاردا ئۈچىمىز پاراڭلىشىپ يۈرۈپ خېلى يېقىنلىق هاسىل بولۇپتىكەن. ساقچىمۇ بەك ياغاچ ئاكتىپ ئىت مىجەزلەردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا رۇخسەت بېرىپ قالدى. ئەمما شۇنداق بولسىمۇ بىر كۆڭلى خاتىرجەم بولالماي:

— قىزىليۈزلۈك ئادەم، يۈزۈڭىزگە كېلەلمەي، پىرىنسىپنى بۇزۇۋاتىمەن، مېنى ئاياڭ جۇمۇ، قېچىپ كەتمەڭ، — دەپ تاپىلىدى ئۇ.

— ئاااا، قىزىقكەنسىز، ئۇكام، قېچىپ نەگىمۇ بارمەن؟ يەنە تۇتۇلسام، بىكاردىن گۇناهىم ئېغىرلايدۇ شۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنى ئوسال قىلمايمەن، — دېدىم مەنمۇ ۋەدە قىلىپ.

بۇ پۇرسەتتە مەن تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە يولۇقۇپ كېلىدىغان بولدۇم.

يەكەن شەهرىدە بەك كۆپ ئۆزگىرىش بولۇپ كېتىپتىكەن، كوچىلار ئوڭتەي - توڭتەي، نۇرغۇن ئۆيلەر چېقىلىپ، يېڭى يوللار ئېلىنىپ، كىشىلەر ۋەيرانچىلىقتا سېلىنغان بولغاچقا، تۇرداخۇننىڭ ئۆيىنى تەستە تاپتىم. تاپتىم دېدىم ئەمما ئىشەنچ قىلالماي تۇرۇپ قالدىم. هەر دايىم كوچىدىنلا كۆرۈپ ئادەتلەنگەن پېشايۋان ئورنىدا يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پېشايۋاننىڭ بىر تەرىپىنى قاپلاپ تۇرۇدۇغان — خانىڭ بىر ئۇچى دەسسىتىلگەن تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۈستى ئوچۇق، تاملىرىمۇ پۇچۇلۇپ خارابىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. دەرۋازىمۇ هېلىقى ئېغىر قاناتلىق، ئۈستىدە تۆمۈرچى ئۇستىنىڭ هۈنەرلىرىنى نامايان قىلىدىغان گۈللۈك چەمبەرلەر، گۈللۈك تەگلىك ئۈستىگە قېقىلغان ئالاهىدە مىخلىرى بار

يوغان دەرۋازا ئەمەس، قوتانغا ئورنۇتۇلۇدۇغان، بىر قاناتلىق قىشىق بىر ئىشىك كۆڭۈلشىمەيلا بېكىتىپ قويۇلغان ئىدى.

ئىشەشسىزلىك بىلەن تۇرۇپ قېلىپ، ئاخىرى قوشنا هويلىدىن چىققان بىرىنى چاقىرىپ سوراپ، جەزملەشتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

— هەئە، شۇ. تۇداخۇن، گۈلسۇمخانلارنىڭ ئۆيى، — دېدى ئۇ كىشى ماڭا سىرلىق نەزەردە قاراپ.

شۇندىلا ئىشەنچ بىلەن هەگىنە دەرۋازىنى قاقتىم. ئېغىل تەرەپتە بىر ئىش قىلىۋاتقان بىر ئەر كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ تۇرداخۇن ئەمەسلىكىدىنلا، ئوغلى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇم. بۇ يىگىت ماڭا سوئال نەزىرىدە قارىدى. ئارىدىن ئون بەش يىل ئۆتكەچكە ئۇنىڭ تونۇيالمىشى نورمال ئىدى.

— مەن سابىت بولىمەن، دادىڭىز قېنى؟ ئاخىرقى قېتىم مەن كەلگەندە سىز تېخى كىچىككىنىڭىز، شۇڭا تونۇيالمىسىڭىز كېرەك، — دېدىم ئىزاهات بېرىپ.

— دادام.... — دېدى ئۇ لەۋلىرى ئۆمچەيگەندەك قىلىپ، — هە، ئەمدى يادىمغا ئالدىم،...

ئۇ مېنى پەقەت ئىككى ئېغىزىلا ساق قالغان ئۆيى ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۆيدىن گۈلسۇمخان ئاچا چىقىپ كەلدى. باشتا ئۇ سەل ئارىسالدى بولغاندەك قىلىپ، ئارقىدىنلا مېنى تونۇدى. تونۇدى-دە دەرهال سالام ئورنىغا يىغا باشلىدى:

— قەيەردە سىلى، دادىسى؟ ئىنىلىرى سابىت كەلدى، بىزنى هەسرەتتە قويۇپ كەتكەنتىلە، مانا ئەمدى سابىت ئەپەندىگە نېمە دەيمەن؟ — بىر تەرەپتىن يىغلىغاچ كېلىپ ماڭا ئېسىلىۋىدى، هېچنېمىنى چۈشىنەلمەي مەڭدەپ قالدىم.

يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن ياش بىر چوكان چىقىپ كېلىپ، بىلىنەر بىلىنمەس ئىگىلىپ، ئاغزىنىمۇ سالامغا پىچىرلاتتى. مەن ئۇنى كېلىن بولسا كېرەك دەپ بىلدىم.

— بولدى قىلە، ئانا، سابىتكامنى هويلىدا تۇرغۇزۇۋېلىپ هازا باشلاپ كەتتىڭ، ئۆيگە چىرلى، — دېدى ئوغۇل.

گۈلسۇمخان يىغىدىن توختايدىغاندەك ئەمەسىدى. ئەمما يىغلىغاچ مېنى ئۆيگە يېتىلىدى. ئارقىدىن ئوغۇل بىلەن كېلىنمۇ كىرىشتى. گۈلسۇمخان كېلىنگە داستىخان سېلىشنى ئىما قىلىپ، قولۇمنى قويۇپ بەرمىگەن پېتى، ئېسەدەپ تۇرۇپ ھېكايە قىلىپ بەردى:

— سىلى كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە كېمەيتىش» دەيدىغان بىر ئىشلار بولۇپ كەتتى. قارىساق بىزنى ھاللىق باي دىھقان دەپ تەركىپ ئارىپ قويدى. باشتا بىز نېمە بولاۋاتىدا بىلمەستىن، ھەر ھالدا يالاڭ تۆش دېگەندىن باي دېسە ياخشىغۇ دەپتۇق، كېيىن قارىساق، بۇ يامان ئىشكەن ئەمەسما؟ كەمبىغەللىنى يۆلەيدىغان ھۆكۈمەتكەن دەۋاتقانتى، ئەسلىدە يۆلەپ كۆلىدىن ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى بىرىپ يۆلىمەيدىكەن، مەندىن ئېلىۋېلىپ سىلىگە بېرىپ يۆلەيدىكەن ئەمەسما! — گۈلسۇمخان مىچىلداپ كەتكەن بۇرنىنى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن چىمداپ سۇرتىۋېتىپ، داۋام قىلدى، — بىر كۈنلىرى مەھەللىنىڭ مۇدىرى بىر توپ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، ئۆي، پېشايۋانلىرىمىزنى ئاچقىلى تۇردى، دادىسى رەھمەتلىك ئۇرۇشۇپ باقتى، تالىشىپ باقتى، پايدىسى بولمىدى. «ھېلى بىكا، ساقچى قىچقىتىپ، سولۇتۇپ قويۇمەن!» دەپ پەش قىلىۋاتامدا! مەن دادىسىغا ھاي بەردىم، «دادىسى، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، قويسىلا، بۇلار بىلەن تەڭ بولۇمەن دەپ باشلىرىغا بالا تاپمىسىلا، سىلىگە بىر نېمە بولاپ قاسا بىز قاندا قىلىمىز» دەپ تۇتۇۋالدىم. شۇنداق قىلىپ ئەڭ قاملاشقان ئۆيلىرىمىزدىن ئۈچىنى، پېشايۋاننى ئېچىپ، ۋاسا، بورىسىنىمۇ قويماي ئەكەتتى. مۇسادىرە قىلدۇق دەپ ئەكىتىپ، ھۆكۈمەت مۈلكى قىلىپ تۇپلىۋالغانىنىڭياقى ئاندىن كەمبىغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ماندا ھۆكۈمەتكەن ئەمەسما!

— ئانا، ھېزى بولماي گەپنى قىلىۋەرمىگىنە! — دېدى ئوغۇل ئانىسىنىڭ گەپلىرىدىن قورقۇپ.

— سابىتكالىڭ دېگەن ئۆز ئادەم، خاتىرجەم بول، — دېدى گۈلسۇمخان، — دەردىمنى تۆكۈۋالاي، باشقا كىمگە تۆكۈمەن؟ گەپ قىلغىلى قوي، — ئاندىن ئۇزۇن ھېكايىسىگە داۋام قىلدى، — بۇنىڭ بىلەن قۇتۇلغان بولساق مەيلى ئەمەسما! مانا ئەمدى دادىسى رەھمىتىنى سۆرەپ يۈرۈپ، رىجىمدا ئىشلەيسەن

دەپ، ئۇرۇپ، دۇمبالاپ كۆرسەتمىگىنى قالمىدى. كېيىنراق بىر زامان تىنجىپمۇ قېلىشتى. دادىسى يەنە قولى گۆل ئادەم، شۇك تۇرالماي، ژىڭچىكىراق جەگىلەر بىلەن ئىككى ئۆينى چەللە قىلىپ ياپتى. تاملىرىنىمۇ بەزەپ قىلىۋېتىپتىكەن، تامنى ياماپ، تۆشەپ، «يازدا بولسىمۇ باللا يېتىپ قوپا» دەپ قىلغانتى. كېيىن «ئېچىلىپ ـ سايراش» بولدى. كادىرلار دېيىشتىكى، «كۆڭلۈڭلاردا نېمە گەپ بولسا دەۋېرىڭلار، خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقماڭلار، پارتىيەدىن ئۆتكەن خاتالار بولسا تۈزۈتۈدۇ، شۇڭا كۆرگەن، ئاڭلىغان خاتالىرىمىزنى كۆرسىتىپ قويساڭلار ياردەم قىلغان بولۇسىلەر» دەپ چىرايلىق گەپنى قىلسا يەنە ئىشىنىپ قاپتۇق ئەمەسما. دادىسى رەھمىتى پۇرسىتى كەلدى، دەدىمىزنى دەيدىغانمۇ زامان بولۇدىكەن دەپ «بۇ ھۆكۈمەتنى كەمبىغەلنىڭ قاياشى دەپ ئاڭلاتقانتى، ۋاي كەمبىغەللەرنى يۆلەيدۇ، ھەممىنى بارابەر قىلىدۇ دېسە ھە دەپتۇق، كېيىن قارىساق ئېچكىرىدىن ئەكىلىپ، كەمبىغەلنى باي قىلمايدىكەن، بىر مەھەللىدە بىللە چوڭ بولغان ئادەملەرنى بى ـ بىسىگە دۈشمەن قىلىپ، ئانىڭكىنى مانىڭغا ئەپبېرىپ تەڭشەيدىكەن ئەمەسما؟ قېنى ئازاتلىق؟ ئازات بولغۇنۇمىز مۇشۇما؟ گومىنداڭمۇ بۇنچىۋالا قىپكەتمىگەن!» دېگەندەك گەپلەرنى قىپكەتتى. «ۋاي ياخشى دېدىڭىز، يۈرىكىڭىزدىكى گەپنى قىلدىڭىز» دەپ كەتسە يەنە راست دەپتۇق.

— ئانا، بولدى قىلساڭچا، — دېدى ئوغۇل تەكرار ئاگاھ بېرىپ. ئۇنىڭ قورقۇپ تۇرۇۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سابىتكاڭ ھۆكۈمەتمىتى، ئۆز ئادەم، شۇك تۇرغىنا، گېپىمنى بۆلمەي، — دېدى گۈلسۈمخان يەنە سۆزىگە داۋام قىلىپ، — كېيىن «ئېچىلىپ ـ سايرىغانىنىڭ ھېسسىپىنى بېرىدىغان ئىشكەن ئەمەسما! بىر باشتىن تۇتقىلى تۇردى. كەلگۈلۈك بىزنىڭ بىچارە تۇداخۇنغىمۇ كەلدى. ئۇنىمۇ پارتىيەگە قارشى ئۇنسۇر، نەخ ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ قالپاق كەيدۈرۈپ، ئوتتۇرىدا كۆرەش قىلىپ سۆرەپ ژۈدى. كېيىن رەسمى قولغا ئالدۇق دەپ ئوچۇق سوت قىلىپ 10 ژىللىق كەستى. ئەكەتتى. ژىغلىدۇق، قاخشىدۇق، ئورنىغا كەلمىدى. دادىسى يوق تازا قىژنالدۇق. ياخشىمۇ ئىككى ئۆينى چەللە قىلىپ يېپىپ قويۇپتىكەن، ئۇنى ئۆزىمىز ئېچىپ سېتىپ يېدۇق. بولمىسا قالغانلىرىمىزمۇ ساق

قالماسـمىتۇقكى. ئاچـاچىلىق ژىلىلـىرى مۇشـۇ بىـر بـالام قېلىـپ، ھەممىسـى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتـى. بـۇ بـالامىنىمۇ يامـان چـاغلاردا ئـۆلەپ قويـاپتىكەنمىز، باللىق بولغان. شۇ يامانچىلىقلاردا نەۋرىلىرىممـۇ ئۆلـۈپ كەتتـى. غولغـۇن بىـر ئايلىتۇق (ئائىلە ئىدۇق)، مانا ئاران مۇشۇ بىر بالام قالـدى! ـــ گۈلسـۈمخان يەنە ئـۆزىنى تۇتالمـاي يىغـلاپ كەتتـى. ئۇنىـڭ ئېسەدەشـلىرى شـۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىدىكى، يۈرەكلىرىمنى تىلغىۋەتكەندەك بولۇپ كەتتىم.

ـــ دادامنــى شـۇ ئەكەتكەنـچە تۇرمـىدا قىـژنـاپ، ئـۇرۇپ، ئېغىـر ئىشـتا ئىشلىتىپ، كېرەكتىن چىقادى، ـــ داۋام قىلدى ئوغۇل، ئانىسىنىڭ يىغىدىن ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، گەپنى غاچ ـ غاچ قىلالمىغىنىدىن ئىچى پۇشـۇپ، ـــ تـۆت ئاينىـڭ ئالىـدا دادامنـى كېسـەل سـەۋەپلىك كېپىلگە بەدۇق، دەپ ئەكىلىـپ تاشلىدى. قارىساق دادامنىڭ ئۆرە بولالىغۇدەك يېرى يـوق. ئـورۇن تۇتـۇپ يـاتتى، ياتتى. بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئاللا ئامانىتىنى ئېلىپ، بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

ئالدىمغا سېلىنغان داستىخانغا قارىدىم. ئۈچ دانە زاغرا ئەكىلىپ قويغانىدى. دەرھال چاي قايناتقۇدەك ئوتۇننىڭ قىسلىقىدىن كـېلىن ئىككىلىنىـپ تـۇرۇپ قالغـان ئىـدى. ئوتـۇننى ئىشلەتسـە ئەرزىگـۇدەك مىھمـانمۇ يـوق، دېگەنـدەك، قېيىنئانىسىـدىن تەكـرار بـۇيرۇق كۈتـۈپ، چـاي قويالمىغانــدى. مېنىڭمـۇ داستخانغا باققىدەك ھەپسىلەممۇ قالمىغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا سەيپىددىن يەكەنـگە ۋالى بولۇشنى تەكلىپ قىلغانـدا مـاقۇل دېـگەن بولسـام بۇنـداق بولماسـمىدى؟ دېگەنلەرنىمۇ ئويلـۇدۇم. ئەممـا بـۇ ئومـۇمـي ئـېقىم تۇرسـا، مەن بىـر ئـادەم ئـۇنى توسـۇۋالالايمەنمۇ؟ بىـر تۇرداخـۇننى سـاقلاپ قالالىسـاممۇ باشـقا مىڭلىغـان تۇرداخۇنلار ئوخشاشلا خانىۋەيران بولۇۋېرىدىغان گەپ ـ تە! «قاسىمجان قەمبىـرى ۋالى بولغانىدى، بىر پايدىسى بولدىمۇ شۇلارغا؟ سۇ بېشىدىن لاي تۇرسا، بىر ئادەم نېمە قىلالايدۇ؟ ـــ دېگەنلەرنى ئـويلاپ، ئـۆز كـۆڭلـۈمگە تەسـەللىي بەردىـم، ـــ تېخـى شـۇمۇ بـار، ـــ دەپ داۋام قىلـدىم خىيـالىمنى، ئـۆزەمنى بەزلەش ئۈچـۈن، تۇرداخـۇن سـەۋەپلىك، يەنە بىـر تـارىخي شـەخس تۇرداخـۇن يادىمغـا كېچىـپ، ـــ قاسىمجان ئۆزى سازەندە ئـادەم بولغاچقـا، يېڭىسـاردىن تۇرداخـۇننى بايقىغـان؛ بـۇ بايقاش شۇنداق بايقاش بولدىكى، 12 مۇقامنى تولۇق بىلىدىغان ئەڭ ئـاخىرقى بىر ئادەم بولغان تۇرداخۇن بايقالمىغان بولسا، 12 مۇقام تارىخ بېتىدىن ئـۆچەتتى!

قاراڭ، ئەنە! مەن بۇنى قىلالامتىم؟ سازەندە بولمىسام، نەدىن بىلىمەن؟ بارلىق چالغۇچىلارغا ئوخشاشلا بىر چالغۇچىكەن دەپ ئالدىمغا پۇتلاشسىمۇ ئۆتۈپ كېتەردىم. مانا قاسىمجان قەمبىرىنىڭ شۇ خىزمىتى بولسىمۇ ئارتۇق بوپتۇ. ھەر ئىشتا بىر خەير (ياخشىلىق) بار دەيمىز ئەمەسمۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ!» بۇ تەسەللىم خېلى قاملاشتى. بىر ئاز يېنىكلەپ قالدىم.

ئۇلارغا ياردەم بېرەلىگۈدەك ھالىم بولغان بولسا كاشكى. بۇ يەردىن مانا شۇنداقلا ئايرىلىش نە قەدەر ئازاپلىق-ھە!؟ قولۇمنى ئىختىيارسىز ھالدا يانچۇقۇمغا سالدىم. قولۇمغا بىر قەغەز ئۇرۇلدى. يۈرۈگۈم «شۇۋ» قىلىپ قالدى. بۇ پۇل ئىدى! بىزگە مەيداندا ئايدا تاماكا ئۈچۈن بىر سومدىن پۇل بېرىشەتتى. مەن تاماكا چەكمىگەچكە پەقەت ئاندا - ساندا كىر يۇيۇش ئۈچۈن سوپۇن ئالغاندىن باشقا بۇ پۇل خەجلەنمەيتى. ئاللاھقا يۈزمىڭ شۈكرىكى، بۇ پۇلدىن بىرنەچچە سوم يېنىمدا بارىكەن. مەن ئەسلىدە پۇلنى ياتىدىغان يېرىمدە قوياتتىم. بەلكىم بۇنى يەكەننىڭ بازىرىدا لازىم بولار دەپ ئېلىۋالغانمىدىمكىن؟ قولۇمغا ئۇرۇنغان پۇلنى قولۇمغا ئالدىم. قارىمىساممۇ بىلەتتىم بۇ ئىككى سومدىن ئارتۇق پۇل ئەمەستى. شۇنداق بولسىمۇ مەندىكى بارلىق ئىمكان شۇ ئىدى. ئۇنى ئاستىلا داستىخاننىڭ بۇرجىكىگە قويۇپ، ئۈستىنى يېپىپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ خېلى جىق بىر ياردەمدىن ئۈمىتتە بولۇپ ئومۇنۇپ قېلىشىدىن شۇنچىلىك خىجىل بولدۇم.

— بۇمۇ ئاللاھنىڭ سىناقلىرىدۇر، — دېدىم ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ، — مۇسۇلمانىنىڭ بۇ دۇنيادا چەككەن ئازاپ - ئوقۇبىتى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەجىر ھېساپلىنىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرگەن بەندىسىگە بالا بېرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ساۋاپلىرىنى كۆپەيتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەبىر قىلىش لازىم. سەبىر قىلمايمۇ باشقا چارە يوق. ھەر ھالدا ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئېغىزنى شۈك تۇتۇڭلار، — شۇلارنى ئاران دېيەلىدىم. بۇ قەدەر كۆپ ئۆلۈم بولغان بىر ئائىلىگە قۇرۇق گەپتىن باشقا ياردەم بېرەلمىگىنىمدىن بەكمۇ ئۆكۈندۈم. باشقا چارەم يوقىدى. ئورنۇمدىن تۇردۇم، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى كېلىشىم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئەمدى تۇرداخۇن يوق، كىمنى دەپ كېلەرمەن؟ — مېنىڭ رۇخسىتىم بەك ئاز ئىدى، مەن ماڭاي، ھەمرالىرىم ساقلاپ قالمىسۇن،

— دېدىم يىگىتنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ.

گۈلسۇمخان يەنە كۆز يېشى قىلغىلى تۇردى. يۈرەكنى سىقىدىغان بۇ چىدىغۇسىز مۇھەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدىرىدىم.

مەن قايتىپ كەلگەندە نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋېلىپ، مېنىڭ ھارۋىغا يۈكلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىكەن. ھارۋىغا يۈكلەپ، يولۇمىزغا يۈرۈپ كەتتۇق. شەھەردىن چىقىپ، جاڭگال يولىغا چىققىنىمىزدا، ساقچى مېنىڭ بۇ تونۇشۇمغا قىزىقىپ گەپ كوچىلىدى. ئۇنىڭ قىزىقىشى سىياسىي گۇماندىن ئەمەسلىكىگە كۆزۈم يەتكەچكە بۇ ئائىلە بىلەن تونۇشۇپ قېلىش جەريانىمنى قىسقىلا دەپ بەردىم. ئاندىن بۇ ساقچىنىڭ يۈرىكىدە ئادەملىك ھېسلىرى بولسا ئەقىل ئىشلەتسۇن دەپ، بۇگۈنكى كەلگەن مەنزىلى — بۇگۈن ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىمنى تەپسىلىي ۋە بەك جانلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردىم.

ساقچى بۇلارنى ئاڭلاپ كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ:

— قانداق قىلىمىز، جاھان دېگەن شۇكەن، — دېدى ھەسرەتلەنگەندەك قىلىپ. ئۇنىڭ باشقا بىرنېمىلەرنى دېگىسى باردەك، ئەمما يېنىمىزدىكى زاپخوزدىن تارتىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

يەكەننىڭ يەرلىرىنىڭ مۇنبەتلىكى بۇ يەردە يېتىشىدىغان سۇۋادان تېرەكلەردىنلا مەلۇم ئىدى. بىزنىڭ ئاتۇشتا 30 يىلدىمۇ ياغاچ بولالمايدىغان تېرەك، بۇ يەردە يەتتە - سەككىز يىلدىلا كېسىمگە يارايتى. ئۈچ - چېكى كۆرۈنمەيدىغان زىرائەت ئېتىزلىرى، ياپ - يېشىل ئورمانلارغا قاراپ خىيالغا كەتتىم. مانا مۇشۇ ئەلۋەك زېمىن ئەمدىلىكتە خىتايلارنىڭ مۈلكى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ ئوتاقچىلىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتۇق. توغرىسى يانچىلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتۇق. بۇنىڭ قانداق باشلانغىنى، ئەڭ بىرىنچى خاتا كەتكەن يەر قايسى؟ دېگەندەك ماۋزۇلار ئويلۇنۇشقا تېگىش ئىدى. مانا بىزنىڭلا قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى دېسىڭىز، بىكارلىق ئەمگەك كۈچى، بىكارلىق سۇ، بىكارلىق يەر، خىتايلار مۇشۇ مەيداندىنلا يىغىۋالىدىغان مەھسۇلاتنىڭ ھۇدۇدى يوق. ئويلىساڭ يۈرەك ئېچىشاتتى.

كۆز ئايلىرى كىرىشى بىلەنلا يەنە مېنىڭ قىسمىتىمدە ئۆزگۈرۈشلەر بولدى. ناسىراخۇن يېقىنىدا يىلى توشۇپ قايتقان، بوۋايمۇ كەتكەن ئىدى. ئۇلاردىن

ئايرىلىپ غېرىپسىنىپ يۈرگەن كۆڭلىرىمنىڭ بىرىدە مېنى ئىشخانىغا چاقىرىشتى.

— ساڭا خۇشخەۋەر، سابىت ئەپەندى، — دېدى مەيداننىڭ باشلىقى.

— قانداق خوشخەۋەردۇر ئۇ؟

— سېنى قويۇپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، ئۈرۈمچىگە قايتىسەن، رەسمىيەتلىرىڭ ئۇ يەردە بېجىرىلگەندىن كېيىن ئەركىنلىككە چىقىسەن.

— كاشكى مۇشۇ يەردىلا قويۇپ بەرسىچۇ، يۇرتۇم بۇ يەردە تۇرسا، يەنە ئۈرۈمچىگە كېتىمەنما؟

— شۇنداق بولسىغۇ. ئەمما بىزدە نېمە چارە. سېنى ئۇ يەردىكىلەر تۇتقان، ئۇلار ئىشلىگەن، شۇڭا يەنە شۇ يەردە خۇلاسىلەيدۇ-دە.

مانا شۇنداق قىلىپ، يەكەندىن يەنە كېتىدىغان بولدۇم. ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۇچىنچى قېتىم كىرەلمەي كېتىۋاتاتتىم! يەكەن ياخشى ئىدى. ئەتراپتىكى قوشنىلارنىڭ ئۆز خەلقىمىز بولۇشىنىڭ بەك كۆپ پايدىسى بولۇۋدۇكەن. بۇنى ئىككى لاگىردىكى كەچمىشلىرىمدىن ئېنىق بىلگەن ئىدىم. ئەگەر مېنى قويۇپ بەرمەيدىغان بولسا مۇشۇ يەردىلا ياتسام مەيلىدى.

ئەتىسى يەنە يۈك ماشىنىسى ئۈستىدە ئۈرۈمچىگە قاراپ ئاتلاندىم. قۇمالتاغدىن ئۆتۈپلا ئۇزاق شەرق ئۇپۇقىدا ئاتۇشنى كۆرۈپ يۈرىكىم يېرىلغۇدەك بولدى. بۇ تۇيغۇمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تىزگىنلىيەلمەيتىم. شۇڭا گويا ئاتۇشنىڭ تاغۇ - تاش ۋە ھەر تۈپ گىياسىنى يادلىۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك ئەتراپلاردىن كۆزۈمنى ئالماي، تويماستىن قارايتتىم. بوغۇزدىن ئۆتكەندىن كېيىن يول بوزتاغ ئېتىكىنى بويلاپ كېتەتتى. بوزتاغ بىلەن شورۇقنىڭ ئارىسىدا ئۇچيۈز مېتىرچە كەڭلىكتە شېغىل تاشلىق يانباغىر سايلا بارىدى. ئەنە شۇ ئۇچيۈز مېتىرنىڭ ئۇ تەرىپىدە — جەنۇپتا مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزام شورۇق بىر خىل تىلسىملىق يۇرتتەك ھوھۇلداپ ياتاتتى. سايغا تۇتاش، شۇئاندا ماڭا ئەڭ يېقىن يەرلەر يۇقۇرۇس، ئاق، توڭگۇزار (توڭگۇز ئارا) دېگەندەك مەھەللىلەر ئىدى. بىزنىڭ چىغىرىقار ئاشۇ ئاقنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. ۋارقىرىساڭ ئۈنۈڭ يەتكۈدەك ئارىلىقتىن ئۆتۈۋسەن ئەمما يۇرتقا كىرىش ھوقۇقۇڭ بولماستىن ئېلىپ كېتىلىسەن! يىگىرمە يىلدىن ئاشقان بىر جۇدالىق مانا بۇ يەردە ئەڭ يوقۇرى

پەللىگە چىقاتتى. بوينۇمنى سوزۇشلۇرۇمدا بىر تاما ياتاتتى: ھەي، ئوغلۇم ئابىت! ئۆگزىگە چىقسالىڭچۇ! ئۆگزىگە چىقسالىڭ مەن ئۇزاقتىن قارالىڭنى بولسىمۇ كۆرۈۋالاتتىم! بىلمەيمەن، ئابىت ئۆگزىگە چىقسا ھەقىقەتەنمۇ كۆرەلەيتىممىكىن؟ بەلكىم بۇ مېنىڭ شېرىن خىيالىم ئىدى. چۈنكى سۆۋادان تېرەكلەر، ئۆيلەر، باشقا ئۆگزىلەر ئارىمىزنى توسۇۋېلىشى چوقۇم.

مەن بىلەن يەنە قاچانلاردۇر شىمالدىكى لاگىرلاردىن بۇ يەرگە يۆتكەلگەن سەككىز ئادەم بارىدى. بۇ ئۇزاق يولنى مەھبۇس سۈپىتىدە ئۈچىنچى قېتىم بېسىۋاتاتتىم. بۇ قېتىم خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ئېھتىياجى ۋە بايلىقلىرىمىزنى سۈمۈرۈش ئېھتىياجى ئۈچۈن يوللارنى بىر ئاز ياخشىلىغاچقا، ئالدىنقى ئىككى قېتىمغا قارىغاندا تېزراق ماڭدۇق. ئالتە كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق.

ساقچى ئىدارىسىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار ھەر قايسىمىزنى ئوخشىمىغان تارماق ساخچىخانىلارغا يوللىدى. مېنىمۇ ئۆزەم تۇتقۇن قىلىنغان ساخچىغا ئەۋەتتى. ئۇ يەردە رەسمىيەتلەر ئەتىسىگە قالغاچقا ئىشخانىدا قونۇپ قالدىم. تۈرمىگە ئاپارماي بىر قۇرۇق ئىشخانىغا قاماپ قويغىنىدىن قارىغاندا راستىنلا قويۇپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى. ئەتىسى رەسمىيىتىم پۈتتى. بىر ناتونۇش كادىر ئۆزىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ:

— مەن سىزنى ئالغىلى كەلدىم، پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن، — دېدى.

ئۇنىڭ بىلەن چىقتىم. ئىشىك ئالدىدىكى مەيداندا ماشىنا باركەن. ماشىنا بىلەن كەتتۇق. پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتقىچە دەرۋازىۋەن قۇناخۇننى كۆرۈپ قالدىم.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدىم شوپۇرغا. شوپۇرمۇ، كادىرمۇ نېمە بولغاندۇ دەپ بولغىچە ماشىنىدىن چۈشۈپ، قۇناخۇنغا قاراپ ماڭدىم. قۇناخۇن دەرۋازىۋەن بولسىمۇ ئۇنى يېقىن كۆرۈپ مۇئامىلە قىلاتتىم. شۇڭلاشقىمىكىن بۇ ساددا ئادەم ماڭا بەكلا ھۆرمەت قىلاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قۇناخۇن، — دېدىم قولۇمنى ئۇزاتقانچە كېلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بايا ماشىنىدا ئولتۇرغىنىڭىزدا بىر ئوخشۇتۇمەن، بىر يالتىيمەن، كۆزلىرىم تولۇشۇپ، راستىنلا سىز ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ

خۇشاللىق بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

مېنى ئېلىپ كەلگەن كادىر قۇناخۇنغا:

— ئەپەندىم جايلىشىۋالسۇن، ئاندىن قانغۇچە كۆرۈشۈۋالارسىلەر. بولمىسا سىزمۇ كېلىڭ، ئەپەندىمنىڭ ياتىقىدا نېمە بار، نېمە يوق، بىرلىكتە قاراپ، سەرەمجانلاشتۇرايلى، — دېدى.

— بولىدۇ، مەن تەييار، — دېدى قۇناخۇن هاياجانلانغان هالدا. ئۇمۇ بىز بىلەن كەلدى. ماڭا ئايرىلغان ياتاق بۇرۇن ياتقان يېرىم شۇ ئىدى. كارۋاتمۇ شۇ بۇرۇنقى كارۋات ئىكەن. ئەمما شىرە ۋە كىتاب ئىشكاپلىرىم، رادىئو ۋە باشقا مۈلۈكلىرىم كۆرۈنمەيتى. لاقا - لۇققامنى بۇ يەرگە تاشلىغاندىن كېيىن، كادىرنىڭ مېنى ئوڭايسىزلاندۇرۇشىدىن پاتراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىشكە ئالدىرىدىم:

— ئىشىڭىز بولسا سىز كېتىۋېرىڭ، قۇناخۇن ياردەملىشىدۇ، جايلىشىۋالىمەن.

— باشقا نەرسە كېرەك بولسا دېسىڭىز مەن تېپىشقا هەركەت قىلىمەن، — دېدى ئۇمۇ قۇتۇلغىنىغا خوش بولۇپ.

— بۇگۈنچە يېتىدۇ، ئەتىگىچە بىر شىرە، كىتاب قويغىدەك شكاپ تېپىلسا قاراپ باقارمىز، — دېدىم.

— بولىدۇ، مەن ئەكەلدۈرۈپ بېرىمەن.

كادىردىن قۇتۇلۇپ، ئازاتلىققا چىققاندەك بولۇپ قالغان قۇناخۇن گويا ئۆز تۇققىنى بىلەن بىللە قالغاندەك يايراپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ كارۋىتىمنى سەرەمجانلىغاچ، بۇ بىر نەچچە يىلدا بولغان يېڭىلىقلار هەققىدە توختىماي سۆزلەيتى.

— يوتقان - كۆرپىڭىز يوق ئوخشايدۇ، مەن بىرنى ئەپچىقىپ بېرىمەن، هەرگىز بېشىڭىز قاتمىسۇن، — دېدى ئۇ. — يەنە يۇز يۇغۇدەك بىر نەرسە كېرەكككەن، ئۇنىمۇ مەن ئەكىلىمەن.

— قۇناخۇن، ئۆتكۈر نەدە؟ بۇ يەردىمۇ؟

— ئۇنىڭغىمۇ ئىككى كۈن بولدىمىكىن، پەيدا بولدى. سىزنىڭ ئارقىڭىزدىنلا ئەكتىشكەنتى.

— ھە، بوپتۇ، مەيلى سىز چىقىۋېرىڭ، ئىشىكىڭىزدىن قالماڭ. كەچتە كەلسىڭىز گەپلىشەرمىز.

— بولۇدۇ، مەن چىقىپ بىر يوتقان ـ كۆرپە ئەكىرىپ بېرەي، ئۆيدە ئارتۇقچە تۇرۇدۇغۇ، خوتۇنلار ھە دېسىلا يوتقان ـ كۆرپە قىلىۋالىدىكەنغۇ، ھەرگىز خىجىل بولۇپ كەتمەڭ، ئۇنچىلىك ئىش دېگەن،... — قۇناخۇن چىقىپ كەتتى. نېپىز بىر ئەديال سېلىنغان داق كارۋاتتا ئولتۇردۇم ۋە شۇندىلا قۇناخۇننىڭ ماڭا قارىغاندا ئەقلى ئىشلىگەنلىكىنى بىلدىم. شۇئان مەن ئارام ئالاي دېسەممۇ، بۇ داق كارۋاتتا ياتالمايدىكەنمەن ئەمەسمۇ.

قۇناخۇن تېزلا قايتىپ كەلدى. بىر يۇرۇش ياتاق جابدۇقىنى بىر يوغان بوغجۇما قىلىپ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇنى كارۋىتىمغا سېلىپ، ئەپچىللىك بىلەن جايلاشتۇرۇپ بەردى، ئاندىن:

— مانا ئەمدى بىر دەم سوزۇلۇپ ئارام ئېلىۋالسىڭىز، مەن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كېلىمەن، يەنە كەم نەرسە بولسا شۇ چاغدا ئالغاچ كېلىمەن، — دېدى.

قۇناخۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كارۋاتقا سوزۇلدۇم. ئالتە كۈنلۈك سەپەر ھاردۇقى، ئاخشامقى داق شىرە ئۈستىدىكى چالا ئۇيقۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھېسابىنى بىر ئالدىم. شۇنچىلىك شېرىن ئۇخلىدۇمكى، قۇناخۇن ئىشىكنى چەكمىگەن بولسا قاچانغىچە ئۇخلايتىمكىن. قۇناخۇننىڭ قولىدا بىر چەينەك، يەنە ئۈستىنى تەخسە بىلەن ياپقان بىر تاۋاق باردى.

— بۇگۈنچە تېخى ئاشخانىغا چىقالمايسىز، ھەقىچان دەپ تاماق ئەكەلدىم. ئەتىدىن باشلاپ چىقارسىز. بۇ بىر چەينەك، يۈز ـ كۆز يۇيۇشقا، تاھارەت ئېلىشقا ئىشلەتكەچ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ.

شۇئان بىر پىكىر كۆڭلۈمگە كەلدى: «مېنىڭ بۇنداق تېنچ كۆلىرىم ھەقىچان ئۇزۇنغا بارمايدۇ، يەنە شۇنداق سەرەپ يۇرۇش بولۇپ قالسا مەتقاسىمنىڭ نەرسىلىرى يوقۇلۇپ كەتمىسۇن، مۇشۇ ئادەمدىن ئىشەنچلىك كىم بار، مۇشۇنىڭغا ئامانەت قىلمايمەنمۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدۇم. شۇڭا:

— قاراڭ، قۇناخۇن، مەندە بىرسىنىڭ بىر ئامانىتى باردى، كېيىنكى قېتىم مېنى يەنە ھېلىقىدەك تارتقۇشلاپ، ئېلىپ ماڭسا، ئۆيۈمدە نېمەم بار، نېمەم يوق

ھەممىنى ئېلىپ كېتىپ يوق قىلىۋېتىدۇ، شۇڭا شۇ ئامانەت يۈتۈپ كەتمىسە دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇنى سىزگە ئامانەت قىلسام ساقلاپ بېرەلەمسىز؟ — قۇناخۇننىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىشلىرىنى توغرا چۈشۈنۈشكە بولاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، — قورقۇپ كەتمەڭ، بۇ بومبا ئەمەس، ياكى قورال. مانا كۆرۈپ باقسىڭىزلا خاتىرجەم بولۇسىز. سىزگە بالاسى تېگىدىغان نەرسىنى تەڭلەيمەنمۇ، — دېدىم ۋە بوغجۇمامنى يېشىپ، مەتقاسىمنىڭ ھەربىي فورمىسى بىلەن ئىككى تال رەسىمنى ئالدىم، — مانا كۆرۈپ بېقىڭ.

ئۇ بايامقى كۆز چەكچەيتكەنلىكىدىن بىر ئاز خىجىل بولۇپ:

— ۋاھ كۆرسەم، كۆرمىسەم سىزگە ئىشەنمەمتىم، بولدى، — دېدى. شۇنداقتىمۇ قىزىقسىنىپ، رەسىملەرنى قولىغا ئالدى، — بۇ رەسىم ھەجەپ ئۆچۈپ كېتىپتا؟ تېخى سۇنۇقكەن، كىم بۇ؟

مەن مەتقاسىمنىڭ پاجىئەسىنى ئېيتىپ بەردىم.

— بۇ قىزچۇ؟ ئايالىما؟

— ياق، لايىقى ئىدى. تېخى توي قىلمىغان.

— ۋاي ئېسىت! ھەجەپ قىزكەندۇق....

— بۇلارنى ساندۇقنىڭ تېگىگە سېلىۋېتىپ ساقلاپ قويۇڭ. ئەمما مېنىڭ بەرگىنىمنى ئۆيدىكىلەر ئۇقمىسا تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ. مەن بىر كۈنلىرى مەرھۇمنىڭ ئۆيى تەرەپكە بارالىغۇدەك بولۇپ قالسام سوراپ ئالىمەن. بولمىسا باشقا بىرىگە ھاۋالە قىلىمەن.

— بولدى چاتاق يوق، — دېدى ئۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ باش ئاغرىقىمدىن قۇتۇلدۇم. ئەمدى تامامەن خاتىرجەم بولۇشقا بولاتتى.

مېنى قانداق بىر ۋەزىپىگە تەيىن قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمىدىم. ئەتىسى ھېلىقى كادىر يەنە كەلدى. يۈرۈڭ، ئىشخانىڭىزنى كۆرۈپ بېقىڭ، بۇ ئايلىق مائاشىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، — دېدى مېنى ئىشخانىغا باشلاپ.

گەرچە بۇ يەرلەر بۇرۇنقى پېتى بولسىمۇ، شۇنچە يىل كۆرمىگىنىم، تونۇتقۇنلۇق ھاياتىدىن قايتىپ كەلگىنىم ئۈچۈنمىكىن، كارىدورلار، ئىشخانىلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرى ماڭا شۇنچىلىك يات تۇيۇلدى. بەزى ئۇچۇق

ئىشىكلەردىن كۆرۈنگەن ئادەملەر ئەسلىدە تونۇش كىشىلەر بولسىمۇ، نىمشىكىدۇر ئۆمسە قارىشاتتى. خىتايلارنىڭ مىللىي ئۇدۇملىرى ھەرىيەرنى قاپلىغان بولغاچقا، مەندەك بىر تۈرمىدىن كەلگەن، تېخى ۋەزىيەتنى بەلگىلەنمىگەن ئادەمگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى ھېچكىم بىلەلمەيتتى. ئەگەر ماڭا بۇرۇنقى مەنسىپىم ياكى باشقا بىرەر مەنسەپ بېرىلىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ ئۆمسە چىرايلىرىدا ئايانچلىق كۆلۈمسىرەشلىرى دەرھال نامايان بولغان بولاتتى. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىقى يوْتۇپ، بارا ـ بارا ماشىنا ئادەملەرگە ئوخشاپ قېلىۋاتقاچقا، تەبىئىي ئادەملىك ئىپادىلەردىن مەھرۇم ئىدى؛ ماشىنىلاردەك تېمپېراتۇرىغا، ھاۋارايىغا، ئاتموسفېرا بېسىمىغا... كۆرە ئۆزلىرىنىڭ تۇتۇمىنى بەلگىلەيدىغان بولۇپ قېلىشقان ئىدى.

مالىيە ئىشخانىسىغا كىرگىنىمىزدە بوغالتىر خىتاي قاشلىرىنى سۈزۈپ قارىدى؛ كاسسىر خىتاي خۇددى ئۆزىنىڭكىنى بېرىۋاتقاندەك قىيىقلىق بىلەن ئىمزا قويۇلۇدۇغان دەپتەرنى ئالدىمغا تاشلىدى. مائاشنى ئېلىپ، ئىشخانىدا ئولتۇرغۇممۇ كەلمەي، تاشقىرىغا چىقىپ كەتتىم. قولۇمدىكى پۇلغا ئۆيدە زۆرۈر كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقتىم. ئالدى بىلەن بىر رادىئو سېتىۋالدىم. جاھان يالغان بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، گېزىتلەردىن، خىتاي رادىئوسىدىن جاھان يېڭىلىقلىرىغا توغرا ۋە ئىشەنچلىك ھالدا ئېرىشمەك مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا رادىئو ئارقىلىق چەتئەلنىڭ ئاڭلىتىشلىرى ئارقىلىق دۇنيادىن خەۋەردار بولۇپ تۇرمىسام بولمايتتى.

ياۋروپادىن، ئامېرىكىدىن خىتايچە ياكى رۇسچە ئاڭلىتىش بېرىدىغان خەۋەر ئاگېنتلىقلىرىنى تېپىۋالسام، ئۇ ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئاخبارات قامالىدىن مۇستەسنا، دۇنيانى بىلىپ تۇرالايتىم. بەزىدە ئەرەپچە ئاڭلىتىشلارنىمۇ ئاڭلايتىم. رادىئودىن باشقا كۈندۈلۈك لازىمەتلىكلىرىمۇ يوقىدى. تۈزۈكرەك كىيىمىممۇ قالمىغان، تۈرمىدە كىيگەن كىيىملىرىم بىلەنلا ئىدىم.

ئىككىنچى كۈنىگىچىمۇ باشلىقنىڭ بوي كۆرسەتمىگىنىدىن قارىغاندا بۇ قېتىم مېنىڭ تېخى قانداق بىر ۋەزىپىگە تەيىن بولۇشۇم بېكىتىلمىگەن، ھەتتا بىرەر بىشارەتمۇ يوق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. بەلكىم مەن تەتقىقاتچى بولۇشۇم مۇمكىن. بۇنىسى ماڭا ئەمەل تۇتقاندىن ياخشىراق ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنىدە خوشياقماسلىق بىلەن ئىشخانىغا چىققانىدىم كارىدوردا ئۆتكۈرگە ئۇچراشتىم. ئۇنىڭ ماڭا قانداق قارىشىنى ئاللاھ بىلىدۇ، سالامنى ئىلىك ئالغۇدەك ھالى بارمۇ ياكى قورقۇپ كەتكەن بولسا ھۇركۈپ كېتەرمۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا سەپ سېلىۋىدىم، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىگە كۆزۈم چۈشتى. شۇڭا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانداق بۇرادەر؟ — دېدىم قول سۇنۇپ.

— مانا مۇشۇنچىلىك، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ رەڭگى - روھىدىن قارىغاندا بەك ئۆزىنى ئالدۇرۇۋەتكەندەك قىلمايتى، — دېمەك سىزمۇ يېتىپ كەلدىڭىز؟

— ئاللاھ نېسىپ قىلسا، — دېدىم ئىشەشسىزلىكىمنى بىلدۈرۈپ، — ماقۇل، مەن تېخى ئۇلتۇرۇدۇغان يېرىمنىمۇ كۆرمىدىم. كۆرۈشەرمىز.

— كۆرۈشەرمىز.

ئەللىكىنچى يىللاردا ئارقا - ئارقىدىن سەبداشلىرىمىز ئۆلۈمگە بۇيرۇلغاندا، كوممۇنىستلارنىڭ بىردەم بىللە تۇرغاننىمۇ بىر ئىشقا پاكىت قىلىۋېلىپ، «نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ نېمە ئىشىڭ بار؟» دەپ سورۇغىلى تۇرۇدۇغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بەك ئىزدەشمەسلىك، ئادەتتىكىچە ئارىلىشىشقا كېلىشكەندۇق. شۇڭا، ئىلگىرىمۇ بەك باردى - كەلدى قىلىشمايتۇق. يەنە شۇ ئادەت بويىچە قىسقىلا ھاللىشىپ ئايرىلىشتۇق.

تۆرتىنچى كۈنىدە باشلىق مېنى ئىشخانىغا چاقىرتتى. ئۇنىڭ ئۆزى كەلمەي مېنى ئالدىغا چاقىرتقىدىن قارىغاندىمۇ بۇ قېتىم ماڭا مەنسەپ بېرىلمەيتى. باشلىق خىتاي قايتىپ كەلگەنلىكىمنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن پارتىيىنىڭ بۇ شەپقىتى، غەمخورلۇقىغا ئوبدان جاۋاپ قايتۇرۇشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئاخىرىدا:

— 好好干، — دېدى ماڭا داھىيانە مەدەت بېرىپ. مېيىغىمدا كۈلۈپ قويغاندىن باشقا ئىندىمىدىم. چىقىپ كەتتىم.

كوممۇنىستلارنىڭ ماھىيىتىدىن ئالغاندا يەنە بىرەر ئاممىۋي ھەركەت قوزغىماسلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايتى. شۇڭا سۆز - ھەرىكەتتە ھەر زامان دىققەتلىك بولۇش كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ مەخپىي ساقچىلىققا تايىنىپ ئۆرە تۇرۇدۇغان بۇ تۈزۈمدە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىش ھەممىدىن موھىم

ئىدى. كەچلىرى رادىئودىن چەتئەلنىڭ خىتايچە ياكى رۇسچە ئاڭلىتىشلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ئالمۇتا ۋە تاشكەنتتىن ئۇيغۇرچىمۇ ئاڭلىتاتتى. ئەمما ئۇمۇ يەنىلا كوممۇنىست مەپكۇرىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولغاچقا، يالغانلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولاتتى. بۇ مەزگىلدە رادىئو ئاڭلاشنىڭ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھلىقىنى دېسىغۇ، يېقىن يولىغۇلۇق ئەمەستى. ئەمما مەنەۋىي دۇنياسىمنىڭ نامراتلىشىپ قېلىشى ئۆلۈمدىن ياخشىراق ئەمەسىدى. بۇرۇندىنلا كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئادىتىم بار ئىدى. يەنى، رادىئو پروگراممىلىرىنىڭ ۋاقتىغا كۆرە تۈزۈلگەن كۈندىلىك بويىچە ۋاقتىمنى ئورۇنلاشتۇراتتىم. دۇنيا سىياسىتىغا دائىر خەۋەرلەر، بەزىدە پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر، ئاندىن ئەرەپچىدىن دىنىي تەبلىغلەر (بۇنىڭدا قۇرئاننىڭ ئەڭ يېڭى شەرھلىرى بېرىلەتتى). مانا شۇ يوسۇن يەنە كۈندىلىك تۈزۈپ، كۈندۈلۈك ھاياتىمنى رەتكە چۈشۈرۈۋالدىم.

شۇ يىلى كۈزدە (1965) خىتايچە «نۇر گېزىتى»نىڭ 10 - نويابىر سانىدا ياۋ ۋېنيۈەننىڭ «يېڭى يېزىلغان تارىخىي دراما ‹خەيرۇينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى›غا باھا» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ماقالىنىڭ تەلەپپۇزىدىن كوممۇنىستلارنىڭ يەنە قانسىرىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە چەتئەل ئاخباراتلىرىدىكى تەھلىللەرمۇ شۇ مەزمۇندا ئىدى. يەنى خىتاينىڭ مەركىزىدە ناھايىتى چوڭ بىر داۋالغۇشنىڭ سىگناللىرى چېلىنماقتا ئىكەن. يۇقارقى ماقالە 30-نويابىردا «خەلق گېزىتى»گە كۆچۈرۈپ بېسىلدى. «خەلق گېزىتى» كوممۇنىست پارتىيىنىڭ زۇۋانى بولغاچقا، كوممۇنىستلارنىڭ مەيدانى قايسى تەرەپكە قېيشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايتى. 1966-يىلىنىڭ كىرىشى بىلەنلا، ئاشۇ ماقالىنى چۆرىدىگەن تەنقىد دولقۇنى قاناتىيايدۇرۇلدى. ھاۋانى بىر ئەنسىزلىك قاپلاشقا باشلىغانلىقى كۆنسېرى ئېنىق بولماقتا ئىدى.

بۇ مەزگىلدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ئاتالغۇلار ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەنلا قالماي، يەنە خىتاي مەركىزىدە « ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى›غا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسى»مۇ رەسمىي قۇرۇلغان ئىدى. كوممۇنىستلارنىڭ بۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگىنى قانداق شۇملۇق؟ بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ.

شۇ يىلى ئاپرىلدا خىتاي چوڭلىرىدىن لورۇيچىڭ تەنقىتلەندى. ئارقىدىن بېيجىڭ شەھەر باشلىقى پېڭ جېن، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى لۇدىڭيىلار تەنقىتلەندى. ئاندىن «ئۈچ قارا يىپ» دىڭ تۇ (بېيجىڭ شەھىرىنىڭ سېكرىتارى)، بىرلىكسەپ بۆلۈم باشلىقى لىياۋ مۇشا، بېيجىڭنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋۇخەن (يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان درامىنىڭ ئاپتورى) قاتارلىق ئۈچ شەخس تەنقىتلىنىشكە باشلىدى. ۋۇخەن خىتايلار ئىچىدە بىلىنگەن تارىخ ئالىمى ئىدى. بۇ ھال ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە ھۇجۇم باشلىنىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسىمىدۇ؟

ئەزەلدىن خىزمەتتە ئۆزىگە مۇداپىئە توسىقى ھاسىل قىلىپ تۇرۇپ ئىشلەشكە ئادەتلەنگەن خىتايلار بىر ۋەھىمىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك شۈكلەپ كېتىشكەن ئىدى. پەقەت بىزنىڭ بىغەم ئۇيغۇرلارلا بۇرۇنقىدەك خوشال، بەختىيارلىق چىرايىدىن پارلاپ، غەلىتە خاتىرجەملىك بىلەن ياشاۋاتاتتى.

1966-يىلى 25- مايدا ھىلىگەر خىتايلار بىر - بىرىگە ھۆل خىش قويۇشۇپ، ئىشنى مەركەزدىن باشلاش ئەپسىز بولغاچقا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن باشلىغاندەك قىلاتتى. شۇ كۈنى ئۇ يەردە تۇنجى چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلىنىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. 5- ئاۋغۇستقا كەلگەندە ماۋزېدوڭ «قوماندانلىق شتاپىنى توپقا تۇتايلى» ناملىق چوڭ خەتلىك گېزىتىنى ئېلان قىلىپ، بۇ ھەركەت ئۈچۈن يۆنىلىش بەلگىلىدى. مانا شۇنداق قىلىپ بۇ ھەركەت خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغىچە كېڭىيىپ، دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر تەلۋە ھەركەت بولۇپ قالدى.

خىتايلاردا ئىلىم پەنگە بولغان دۈشمەنلىك قان قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت ئىدى. ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت تەختكە چىقسا ئالدى بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىنى بىرەر قۇر قىرغىن قىلاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىشىلەردىكى بىلىمنىڭ تەھدىتى ھەرقانداق قورالدىن يامان ئىدى. سەن سەللا ئاق قارىنى بىلىدىڭمۇ، بولدى، ئەمەل تۇتقان ئەمەلداردىن تارتىپ ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە ھەممىسى سېنى پەقەت بىر قەرەللىك بومبىدەكلا كۆرىدۇ. سەن ئۇلارغا ھەرقانچە ساداقىتىڭنى ئىسپاتلىساڭمۇ بىكار. ئۇلار ھەتتا دۇنيادىكى باشقا

مۇستەبىتلەر مەسىلەن، ھىتلېر ياكى ستالىنلاردەك سېنىڭ ئەقلىڭ ۋە بىلىمىڭدىن بىر مەزگىل پايدىلىنىش خىيالىدىمۇ بولمايدۇ. پەقەت زىيالىلارنى يوقلا قىلىۋېتىپ ئاندىن خاتىرجەم بولۇدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى خىتايلار بىلەن ناھايىتى كۆپ تەرەپتىن پەرقلەنگەچكە، ئۇيغۇر زىيالىلارغا بولغان بالا قازا ئۇلارنى چۈشەنمەسلىكتىن بولدى. خىتاينىڭ بۇ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلار ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوغداپ قالماقچى بولۇپ تامامەن خاتالاشقاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەممە نەرسىدىن ئايرىلدى. خەلق ئارىسىدىكى ئابرويىدىنلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۆزى ئالدىدىكى ئىناۋىتىنىمۇ دەپسەندە قىلىپ، ئىنساندىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى غۇرۇر ۋە ۋىجداندىنمۇ ئايرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە جېنىدىنمۇ ئايرىلدى. ئەگەر خىتاينىڭ زىيالىلارنى ئەزەلدىن دۈشمەن ھىسابلايدىغانلىقىنى، دۆتلۈك ۋە ساراڭلىقتىن باشقا ھېچنەرسىنىڭ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ھېچ بولمىغاندا ئايرىلغان نەرسىسىنىڭ بىرىنى بولسىمۇ ساقلاپ قالالايتى. ناھايىتى ئېنىقكى بۇ يەردە ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان نەرسە ھەرگىزمۇ جان ئەمەس، چۈنكى خىتايلار جان بىلەن بىلىمنى بىر گەۋدە دەپ قارايتى. ئادەمدە جانلا بولۇدۇكەن ئۇنىڭدىكى بىلىمنىڭ ھامان بالا تاپىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلارنى پەقەت جاندىن مەھرۇم قىلغاندىلا ئاندىن كۆڭلى ئەمىن تاپاتتى. بۇ يەردە ساقلاپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بارى پەقەتلا غۇرۇر. جانىنىڭ كېتىدىغانلىقى بەربىر ئېنىق بولغان شارائىتتا ئۇنى غۇرۇرنى قۇربان قىلىپ تۇرۇپ ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىش بەكمۇ ئاخماقلىق ئىدى.

خىتايلارغا زادى قانداق ئادەم كېرەكلىكىنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلمىسە كېرەك. خىتاينىڭ كونا دەستۇرلىرىدا ھامان «دۆت بولسا ـ بولسۇن، سادىق بولسۇن» دېگەن ئۆلچەم بار ئىدى، خىتايلار بولسا تارىختىن مانا شۇ ئۆلچەمنى قوللۇنۇپ كېلىۋاتاتتى. ماۋ قاتارلىق كوممۇنىست خىتايلار ناھايىتى ئۇزاق يىللار باش قاتۇرۇپ، چىن شىخۇاڭدىن تارتىپ گومىنداڭغىچە بولغان بارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەپ، ئاخىرى بويۇنىنىڭ ئۈستىدىكى ئاشۇ بىر كاللەك نەرسىنى چاناپ ئېلىۋەتمەي تۇرۇپمۇ كىشىلەرنى بوينىنىڭ ئۈستىدە

ھېچنەرسە يوقتەك ھالەتكە كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى تاپقاندى. ئۇ بولسىمۇ ھەممە ئادەمنى پىكىر قىلىش ئىقتىداردىن مەھرۇم قىلىش!

بۇ ھەركەتنىڭ زەربە بېرىش دائىرىسى كېڭەيگەنچە ھوقۇقدارلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، يەنە ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىغان ئادەتتىكى كىشىلەرگىمۇ چېقىلىشقا باشلىدى. ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە «بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقى» دېگەن ئاتاق بېرىلدى. زىيالىلارنى يەنە «سېسىق توققۇزىنچى» دەپ ئاتاشتى. «سېسىق توققۇزىنچى» دېگىنى خىتاينىڭ فېئوداللىق دەۋرىدىن كېلىۋاتقان پۇخرالىق دەرىجىسى بولۇپ، بۇرۇنقى پادىشاھلار دۆلەتتىكى پۇخرالارنى دەرىجىلەرگە ئايرىغان ئىكەن. خان جەمەتىدىكىلەر بىرىنچى دەرىجىلىك پۇخرا... سەككىزىنچى دەرىجىلىك پۇخرا پاھىشىلەر، جاللاپلار؛ توققۇزىنچى دەرىجىلىك پۇخرا زىيالىلار ئىكەن. بۇ خىتاي مىللىي كىلىماتىدا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ نەقەدەر پەس كۆرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، خىتاي جەمىيىتىنىڭ قالاق قېلىشىدىكى مەنەۋي سەۋەپنىمۇ كۆرسىتەتتى.

گومىنداڭ دەۋرىدە خىزمەت قىلغانلا بولسا گومىنداڭچى ئۇنسۇر، «تۇردىن چۈشۈپ قالغان ئۇنسۇر» دېيىلدى. بىرسىگە زەربە بەرگىسى كەلسىلا باھانىسى تېپىلىپلا تۇردى. دىندارلار ئومۇمەن «كونا داشقال» دېيىلەتتى.

ئەمدى ئۆزەم تۇرۇشلۇق ئورۇنغا كەلسەم، بۇ يەردىمۇ ھوقۇق تارتىۋېلىندى. ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى زىيالىلار بولغاچقا ناھايىتى تەبىئىيكى، ھەممىمىز «بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقى» ئاتىلىپ، كۆرەش قىلىنىشقا باشلىدۇق. ئاخشاملىرى تەنقىت يىغىنلىرىدا بىر شىرە ئۈستىگە چىقىرىلىپ، خۇددى نامازدىكى رۇكۇدا تۇرغاندەك ئېڭىشتۈرۈپ قويۇلاتتى. مانا شۇنداق قىلىپ، سائەتلەرچە داۋام قىلغان كۆرەش يىغىنى جەريانىدا ئىگىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدۇق. بەلنى كېچىككىنە رۇسلىۋالاي دېدىگىمۇ بولدى، «پورولېتارىياتنىڭ پولات مۇشتى» گەجگەڭگە تېگىۋېرەتتى. «ئاممىغا قارشى باش كۆتەرگەن، ئىنقىلابىي ئاممىنى كۆزگە ئىلمىگەن» بولاتتىڭ. ئاخشاملىرى ئېغىللارغا ياكى ئېغىل يوق يەرلەردە ئېغىلغا ئوخشاپ كېتىدىغان پاسكىنا ئامبارلارغا، خارابە، ئەسكى ئۆيلەرگە قاماپ قويۇشاتتى.

تۇرمىدىغۇ بەلگىلىك ئادەملەر ئۇرۇپ - قىيىنايتى. مانا ئەمدى بىز قارىغا

ئېتىش تاختىسىدىنمۇ بەتتەر ھالغا چۈشكەنتۇقكى، بىزنى «ئىنقىلابىي ئامما»دىن خالىغان بىرى ئۇرالايتى. دۆشكەلىيەلەيتى، تىللىيالايتى! بەزىدە غەزىپىنى باسالماي قالغان «ئىنقىلابىي ئامما»نىڭ تۈپتىن دۇمبالىشى ئاستىدا قالىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى. بۇنىڭدا ئەگەر ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ھېچكىم قاتىل دەپ ئەيىپلەنمەيتى. بۇنى «ئاممىنىڭ غەزىپى، كەڭ ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنىڭ بىر ئاز چەكتىن ئېشىپ كېتىشى»لا دەپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. چۈنكى ماۋ زېدوڭنىڭ مەشھۇر بىر سۆزىنى كۆپچۈلۈك بىلەتتى: «ئەگرىنى تۈز قىلىمەن دېسەڭ چەكتىن ئاشۇرۇۋەت». بۇنداق ئىشلار ئەنە شۇ «ئەگرىنى تۈزلەش جەريانىدىكى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش» ھېسابلىناتتى. مەنمۇ نەچچە قېتىم بۇنداق «ئاممىنىڭ غەزىپى» ئاستىدا قالدىم. بۇ قەدەر غەزىپى تېشىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالغان «ئامما»نىڭ بىرىنىمۇ تونۇمايتىم، ئۇلارمۇ مېنى تونۇمايتى. جېنىم پىششىق بولغاچقا ئۆلمەي ساق قالدىم.

مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ھەركەتكە كەلتۈرۈلگەنىدى. كالللىسى كوممۇنىزىم سۈيىدە پاك - پاكىزە يۇيۇلۇپ، ئاندىن ماركسىزىمنىڭ نىجاستى بىلەن تولدۇرۇلغان بۇ ساددا ياشلار ئىنقىلابنىڭ ئاۋانگارتلىرى دېيىلىپ، پۈتۈن ھەركەتتە قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىلدى. ئۇلار بىزلەرنى ھەقىقەتەنمۇ دۈشمەن دەپ ئويلايتى. ھەقىقەتەنمۇ سوتسىيالىزمنىڭ «جەننىتى»نى ئاغدۇرۇپ، قايتىدىن «ئۈچ چوڭ تاغ»نىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا تاشلاپ بەرمەكچى بولغانلىقىمىزدىن گۇمانلانمايتى.

ئۇلاردا نېمە گۇنا بولسۇن؟ ئۇلار ساددا بالىلار. ئۇلار كوممۇنىستلارنىڭ مائارىپىدا تەربىيىلەنىدى. ئەمما بىزنىڭ كونا زىيالىيلاردىنمۇ بىرمۇنچىسى ئىنقىلابنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇشقان ئىدى. ھەتتا كونا ئىنقىلابچىلىرىمىزدىنمۇ بۇنداقلار باردى. ئەمما، كېيىنچە ئۇلارنىڭمۇ بېشىغا بۇ كۈلپەتلەر كەلمەي قالمىدى. ئۇلارنى «چوڭقۇر نىقاپلانغان»، «ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ كۆزىنى بويىغان»، «ئىنقىلاپ سېپىگە كۆز بوياپ كىرىۋالغان» دەپ راسا تېپىتتى.

مەسىلەن مەن كىمنى كۆردۈم دەڭ، بىزنىڭ ئاشۇ خەمىت تۇردىنى ئىنقىلابنىڭ بېشىدا كۆرگەن ئىدىم. ئۇ بىر ئاممىۋىي تەشكىلات قۇرۇپ،

تەرەپبازلىق ئەلەم كۆرەشلىرىنى قوزغاپ، ئادەملەرنىڭ ئالدىدا «جەڭگىۋار» نۇتۇقلارنى سۆزلەپ يۈرۈپتىكەن. بۇ ئىنقىلاپنىڭ دەسلىپى ئىدى. ئۇ چاغدا مەن تېخى رەسمىي سەھنىدە كۆرەش قىلىنمىغان، ئەمما مەسلىسى بار دەپ «تارتىپ چىقىرىپ» قويۇلغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئاشۇنداق پائالىيەتچان چېپىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە يولۇقۇپ قېلىپ ئۇنىڭ ئۆزى قۇرغان تەشكىلاتتىكى مەنسىپىنى تەبرىكلىدىم:

— مۇبارەك بولسۇن خەمىت تۇردى، — دېدىم تەئەددى قىلىپ. ھازىر ئۇ خەمىت تۇردى دېيىلىشتىن خوش بولۇدۇغان بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى ئىسمىنىڭ ئاخىرىدا رۇس قوشۇمچىلىرى بولغانلار ئاسانلا ئىنقىلاپقا نىشان بولۇپ قالاتتى، — بېشىڭىزغا كەلگەن شۇنچە ئىشلاردىن كېيىن مانا بۇنداق بىر سەھنىگە چىقماق ھەقىقەتەنمۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭىز ئىدى.

ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق شەخسىي ھاياتىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئۇ لاگېردىكى چاغدىلا بىشارەت قىلىپمۇ دېگەن ئىدى. ئايالى ئۇ لاگېردىكى چاغدا ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ، بىر ئەمەلدارغا تېگىۋالغان ئىكەن. ئىككى بالىسى بىلەن بۇ خوتۇنغا ھەۋەس قىلغان بۇ ئەمەلدارنى قىياس قىلىش تەس ئەمەستىكى، چوقۇم يېشى ئۇ ئايالنىڭ دادىسىغا توغرا كېلەتتى. بۇ ھال خەمىتكە بەك ئېغىر كەلگەن شۇڭا بۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ، پۇشايمان قىلدۇرماقچى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى.

كېيىنچە دەل ئۇنىڭ كۆزلىگىنىدەك، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئېلىۋالغان ھوقۇقدارغىمۇ زەربە بېرىلدى. خەمىت ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆز «ئامما»سىنى باشلاپ بېرىپ، ھېلىقى ھوقۇقداردىن راسا ئۆچىنىمۇ ئېلىۋالغان ئىكەن. ئەمما بۇ چاغدا مەنمۇ رەسمىي كۆرەش قىلىنىشقا باشلىغان بولغاچقا، «ئىستىقبالى پارلاق» خەمىتتەك تونۇشلار گەپلەشمەيدىغان ۋەزىيەتتە ئىدىم. ئۇ ئاممىنى باشلاپ كېلىپ ئىشتىراك قىلغان بىر كۆرەش يىغىنىدا كۆرەش قىلىنىۋاتقىنى مەن ئىدىم. ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدا قول شىلتىپ توۋلىغان شوئارلىرى، ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھالىتى ھازىرقىدەك كۆز ئالدىمدا. تېخى ئۇ مېنىڭ خەقنىڭ يادىغا يەتمەي قالغان تەرەپلىرىمنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سېلىپ:

— مەزكۇر پەقەت «بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقى»لا ئەمەس، ئەسلىنى يوشۇرغان كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار، سىلەر ئۇنىڭ مائارىپ نازارىتىدە، پەنلەر ئاكادىمىيىسىدە هوقۇق تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! ئۇ يەنە گومىنداڭ دەۋرىدىمۇ هوقۇقدار بولۇپ، خەلقنى قاڭغىر قاخشاتقان زالىم ئەمەلدار! — دېگەنلەرنى تولۇقلىدى.

ئاندىن شۇ چاغلاردا مودا بولغان ئۇسۇل بويىچە:

— نەخ ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر، تارىخىي پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر، پانتۈركىست، پانئىسلامىست ئۇنسۇر سابىت بىجاننىڭ ئىت كاللىسىنى يەنجىپ تاشلايلى! — دەپ جەڭگىۋار شۇئار تووۋلىدى. ئۇ تولا شۇئار تووۋلاپ، ئاممىنى ئالدىدىمۇ دايىملا نۇتۇق سۆزلەپ تۇرغاچقا ئاۋازى پۈتۈپ خىرقىراپ قالغىنىغا قارىماي، غەيرەت قىلىپ، بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، پوكاندەك ئىسىلىپ تۇرۇپ ماڭا قارشى «ئىنقىلاپ ئوتىنى تۇتاشتۇردى».

مانا شۇنىڭ بىلەن ماڭا بىرنەچچە تۈرلۈك توقام توقۇلدى. ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن بولدۇم. يۈزۈمگە قارا سۈۋۈلۈپ، بېشىمغا ئۇزۇن قەغەز قالپاق كەيدۈرۈپ كوچىلاردا سازايى قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق قەغەز كۇلا كەيدۈرۈپ سازايى قىلىش خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئادىتى ئىدى. مانا ئەمدى بىزلەرمۇ خىتايلارنىڭ ئادەتلىرىدىكى نەرسىلەرنى كىيىشكە مەجبۇر بولدۇق. «كۆرەش بىلەن زەربە بېرىش، كۆرەش بىلەن سېستىش، كۆرەش بىلەن مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىش» دېگەن شۇئار بار ئىدى. شۇڭا بىز كۈن بويى كوچىلاردا سازايى قىلىنىپ، يەنە ئاخشامدا كلۇپلاردا، كىنوخانا زاللىرىدا شىرە ئۈستىدە ئېڭىشكەنچە سائەتلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدۇق. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇنىڭدىن كۆرە تۈرمە، ئەمگەك لاگىرلىرى مىڭ ياخشى ئىدى. هەتتا شۇنداقمۇ تەتۈرلۈك باردىكى، يۈزۈمىزگە سۈرتۈلگەن مەتبە مېيىنى ئاخشامدا يۇيۇۋەتسەك، ئەتىسى «ئامما بىلەن قارشىلاشقان» دەپ تېخىمۇ قاتتىق جازالىناتتۇق. تېخىمۇ قېنىق بويۇلاتتۇق. بۇ ياغلىق سىيا بولغاچقا، سۇ بىلەن يۇغانغا چىقىپمۇ كەتمەيتى، پەقەت بىر ئاز تۇتۇقلىشاتتى. شۇنىڭغىمۇ «ئىنقىلابىي ئامما»نىڭ غەزىپى قايناپ تاشاتتى. ۋاي، ئۇ چاغدىكى بۇ «ئىنقىلابىي ئامما»!

ئىنقىلاپ راسا قىزىغان كېيىنكى باسقۇچتا، خەمىت تۇردىمۇ «توردىن

چۈشۈپ قالغان ئەكسىلئىنقىلابچى»، «سوۋېت رېۋىزىئونىستلىرىنىڭ گۈماشتىسى» دېيىلىپ، سېپىمىزگە قېتىلدى. ئەخلەتلەردىن تېپىپ كېلىنگەن ئەسكى داس، تۆشۈك چېلەك، ئومۇمەن ئەسكىرىگەن مىتال قاچا-قۇچىلارنى تۆشۈكىدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ بىر قولۇمىزدا تۇتۇپ، يەنە بىر قولىمىزدىكى كىچىك تاياق بىلەن ئەسكى داسنى چېلىپ، يول بويى:

— مەن ئەكسىلئىنقىلابچى، مەن كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار، مەن ئەسكى، مەن خەلق دۈشمىنى، مەن بۇزۇق،... — دەپ توختىماي «ئۆز سۆپەتلىرىمىز»نى توۋلاپ كوچا ئايلىنىشىمىز كېرەكتى. هەتتا بىزنى هېچكىم يالاپ ماڭماي، ئۆزىمىزگە قويۇۋەتكەن چاغلارمۇ بولاتتى. شۇ هالدىمۇ «ئاڭلىقلىق بىلەن» ئۆزىمىز (جىن - شەيتانلار) سېپىمىزنى بۇزماستىن بەلگىلەنگەن كوچىلارنى ئايلىنىپ، تاپشۇرۇلغان سۆپەتلىرىمىزنى ئاغزىمىز بىلەن جاكالاپ، قولىمىزدىكى ئەسكى داسنى توختىماي چېلىپ مېڭىپ، كۈندۈلۈك ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلايتۇق. شۇنداق ئەهۋالدىمۇ بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلىشقا ئىمكان يوق ياكى جۈرئەت يوق ئىدى. چۈنكى، كوچىلاردا ئۇ ياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان يولۇچى — «ئىنقىلابىي ئاممىا»مۇ بىزگە ئاڭلىق يوسۇندا نازارەتچىلىك قىلاتتى. سىنىپىي دۈشمەنلەردىن هۇشيار بولۇش تۈيغۇسى شۇنچىلىك پەلەككە يەتكەنكى، ئادەملەر هەر نەرسىدىن گۇمان قىلىشقا ئۆگۈتۈلگەچكە، هەركىم، هەتتا ئۆز ئائىلە ئەزالىرىڭمۇ دۈشمەن بولۇشى ئېهتىمال ئىدى.

نۇرغۇن بالىلار دادىلىرىنىڭ ئۆيدە ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن خاتا گەپلىرىنى پاش قىلىپ، دادىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىشلارمۇ ئەيپلەنمەيدىغان، ئەكسىچە «ئۇزۇلكېسىل پۈرۈلېتارىياتلىق مەيدان» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان بىر زامان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىرەر ئاممىۋىي خالاغا توغرا كەلگەندە هاجەت قىلىۋېلىشقا مۇمكىن ئىدى. ئەنە شۇنداق پۇرسەتلەردە خەمىت تۇردىغا گەپ قىلىش پۇرستى چىقتى. ئىككىمىز يانمۇ - يان ئىككى تۆشۈكتە هاجەت قىلىۋاتقاندا مەن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم:

— ئەهۋالىڭىز قانداقراق، خەمىت تۇردىبايىۋ؟ — دېدىم.

— خۇددى ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرغاندەك! مەزگىلسىز «يېۋ، پېۋ»لىرىڭىزنى

قويۇقە، دەيدىغان چاغدا دېگىلى ئۇنىماي، تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدىڭىز، ئەمدى بولغاندا... سىزمۇ شۇ ئادەمنى قىيناشقا شۇنداق ئۇستىكەنسىز! ـــ دېدى ئۇ چېچىلىپ.

ـــ بىر ئاز چېقىشىپ، كۆڭلۈڭىزنى كۆتۈرۈپ قوياي دېگەنتىم، ئۇنچىۋالا چۇشكۇنلۇشۇپمۇ كەتمەڭ، ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىر ئىش گويا مەڭگۈلۈك ھۆكۈمران بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلسىمۇ، يەنىلا ئۆمرى باقىي ئەمەس، ھەممىنىڭ بەلگىلەنگەن بىر چېكى بولىدۇ. يارىتىلغانلارنىڭ باقىيسى يوق. ياراتقۇچىلا باقىي، ـــ دېدىم

ـــ بولدى گەپ قىلماڭ. سىز مەندىن ئۆچۈڭىزنى ئالماقچىغۇ شۇ!

ـــ نېمە ئۆچ؟ سىز مېنىڭ دۈشمىنىم بولمىسىڭىز. سىز پەقەت بىر ئازغۇنسىز، شۇڭا سىزنى بۇنىڭ گۇناھ مەنبەسى دەپ تونۇمايمەن. ھەممىنىڭ ئارقىسىدا ھەر زامان، ھەر قاچان ئۆزگەرمەس بىرلا دۈشمەن بار. بۇرۇنمۇ شۇ ئىدى، بۈگۈنمۇ شۇ، كېيىنمۇ شۇ. بۇ قارىشىم بۇرۇنلا سابىتلاشقان بولغاچ، مېنىڭ دايىم دەۋرگە قاراپ دۈشمەن يەڭگۈشلەيدىغان ئادىتىم يوق.

كېيىن تەكرار ئۇنى كۆرمىدىم. تارىختىكى ئەڭ دەھشەتلىك ئاپەت بولغان بۇ يىللاردا ساق قالغان ئادەم ئاز. مۇئەللىملەر، چوڭ ـ كىچىك مەنسەپ تۇتقانلار، بىلىم ئىگىسى بولغانلار، دىنىي ئەرباپلار، ئەدىپلەر،... ھەممىسىگىلا كەلگەن ئىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاللىقاچان پالەچ بولغان، ئەدىپلەرنىڭ ھەممىسى تۈرمە، لاگىرلارغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئەدەبىي ژۇرناللار توختىغان، نەشرىياتچىلىقمۇ ئومۇمەن توختىغان بولۇپ، پەقەت ماۋزېدوڭنىڭ كىتاپلىرىلا تەكرار بېسىلاتتى. «تۆرت كونا» دېگەن بەك كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، نۇرغۇن نەرسىلەر چەكلەنگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا بەزى كىيىم نۇسخىلىرىمۇ بارىدى: ئارقىسىدا بەلبېغى بولغان پالشوپكا چاپانلار، جىيەكىدە زىغ ـ زىقى بولغان شەپكىلەرمۇ گۇناھكار بولغان، پۈتۈن خەلق خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ مودىسىدىكى جوڭسەنپۇ، ۋە ئەسكەرچە شەپكە كىيىش مودا بولغان ئىدى. خەلق ناخشىلىرى، نورمال ئەدەبىيات ـ سەنئەت توختىغان. ناخشا دېگەندە پەقەت ماۋزېدوڭنىڭ سۆز ـ ئۇزۇندىلىرىگە ئاھاڭ ئىشلىنىپ ئېيتىلىدىغان غەلىتە ناخشىلار، ماۋنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىلار ياڭراپ

تۇراتتى.

بۇنىڭ بىلەنلا قالماي نورمالدىكى مەكتەپلەرنىڭ گىمناستىكا سائىتىدە پۈتۈن تىرىك جانلار ـــ ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، كادىرلار ھەممىسى «ساداقەت ئۇسسۇلى» ئوينايتتى. دېھقانلار ئېتىز بېشىغا قادالغان ماۋنىڭ رەسىمىگە قاراپ يولىيورۇق سوراپ ئىش باشلايتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى. ھەر ئىدارە-شىركەتلەرمۇ ئۆز بوشلۇقلىرىدا قاتار بولۇپ تىزىلىپ، مەيداننىڭ بىر تەرىپىگە تىكلەنگەن ماۋنىڭ رەسىمىگە يۈزلىنىپ، «ساداقەت ئۇسسۇلى» ئوينىشى كۈندىلىك موھىم مەشغۇلاتلاردىن ئىدى. بۇ ئۇسسۇل ئوينۇلىدىغان چاغدا رادىئو كارنىيىدىن بۇ ناخشا (خىتايچە) ئوقۇلاتتى. شۇنداقلا مەيداندىكى كىشىلەرمۇ بىللە ئوقۇپ تۇرۇپ ئويناپتى.

قەدىردان ماۋجۇشى،

دېگەن مىسرا ئوقۇلۇشى بىلەنلا مەيداندىكى يۈزلىگەن ھەتتا مىڭلىغان كىشى (قېرى بوۋاي ۋە مومايلارمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە) قاتناش ساقچىسى يول كۆرسەتكەن شەكىلدە ئىككى قوللاپ ماۋنىڭ رەسىمى تەرەپنى كۆرسەتكەن ھالدا تورغايدەك غۇيۇلداپ يورغۇلاپ رەسىمگە يېقىنلىشىپ، تەلپۈنگەننى ئىپادە قىلاتتى.

قەلبىمىزدىكى قىزىل قوياش.

دېيىلگەندە بولسا يەنە غۇيۇلدىغان ھەركەت بىلەن ئەسلى جايلىرىغا يانغاچ، ئىككى قولىدا يۈرىكىنى كۆرسىتىشەتتى. ئوقۇغۇچىلار، ياش ـ ئىشچى خىزمەتچىلەرغۇ بۇنداق قىلىپ يۈرسە نورمالدەكمۇ قىلاتتى-يۇ، ئەمما ساقاللىق قېرىلار، ئاپپاق چاچلىق مومايلار، پۈتىنى بوغقان خىتاي مومايلىرى مەيداندا مۇشۇنداق غەلىتە، خىتايچە ئۇسسۇلنى ئويناپ يورغۇلۇشۇپ يۈرسە بىر چەتئەللىك كۆزىدە قارالغىنىدا چوقۇم بۇلار ئېلىشىپ قالغان ئادەملەرمىدۇ؟ دېگۈدەكلا شەكىلدە ئىدى. ئۈرۈمچى خەلق مەيدانى ئەتىگەننىڭ بەلگىلىك سائىتىدە ئەنە شۇ مىڭلىغان ئۇسسۇلچى بىلەن تولاتتى. بۇ خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق

بۆلۈك ـ پۇچقاقلاردا ئوخشاش ئىدى.

ماۋتى قوياشقا ئوخشۇتۇش، ئوخشاتقاندىمۇ قىزىل قۇياشقا، ئالتۇن قۇياشقا ئوخشۇتۇش ئومۇمىي ئىدى. «شەرق قىزاردى»، «بېيجىڭنىڭ ئالتۇن تېغىدا قۇياش نۇر چاچار... » ، «بېيجىڭدە بار بىر ئالتۇن قۇياش، نەگە نۇرى چۈشسە شۇ يەرنى يورۇتۇدۇ... »، «دېڭىزدا پاراخود رولچىغا تايىنىپ ماڭار،...» دېگەندەك ناخشىلار مودا بولۇپ كەتكەن ئىدى. كېيىن يەنە تارىخىي ئىنقىلابىي ناخشىلار دېگەن نام بىلەن خىتاينىڭ ئىچكىي ئۇرۇش ۋە دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدىكى مارشلىرى ئېيتىلىدىغان بولدى.

ئۇرايلى، قىلىچنى ئالۋاستىلار بېشىغا!
ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلار،
ئالدىمىزدا ئىشچى ـ دېھقان قوشۇنى،
ئارقىمىزدا ئېلىمىزنىڭ خەلقى،
...

بۇ ناخشىلارنىڭ بۇ دەۋر بىلەن ئالاقىسى نېمىدى، ئەجەبا؟

ئومۇمىي كەيپىيات شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى قۇرئان ئوقۇغان مۇناپىقتىن بىرى «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» ھىسابىدا قۇرئاندىكى بىر ئايەتنى بۇرمىلاپ، ماۋتى مەدھىيلەيدىغان قوشاققا ئايلاندۇرغان ئىدى. بۇنى كېيىن خەلق ناخشىسى دەپ ئېيتىشىدىغان بولدى.

قۇرئاندىكى ئايەت شۇ مەزمۇندا ئىدى: «دۇنيادىكى دېڭىز ئوكيانىنىڭ ھەممىسى سىيا بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ[1]» دېگەن ئايەت شۇنداق قوشاققا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى:

سىيا بولسا دېڭىز ـ ئوكيان،
قەلەم بولسا دەرەخ ئورمان،
قەغەز بولسا زېمىن ـ ئاسمان،

[1] قۇرئانى كەرىم، كەھف سۈرىسى 109-ئايەتنىڭ مەزمۇنى، ـــ ئا.

بولۇپ شائىر جىمى ئىنسان،
ئادا بولماس سىنىڭ شەنىڭ،
يېزىلسا بىھېساپ داستان.

مەدھىيىنىڭ بۇ دەرىجىسى بىزگە زۇلۇمنىڭ ئەڭ نادىر ئۆلگىسىنى كۆرسەتكەن ماۋزېدوڭغا بېغىشلانماقتا ئىدى. بەلكى بۇ بىزنىڭ شائىرلىرىمىزدىن بىرىنىڭ «ئۇلۇغ ئەسىرى» بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىلىكى بولمىسۇن بۇنى قىلغان مۇناپىق قۇرئان ئوقۇغان مۇناپىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. دەل «هەنزەلگە[1] ئوخشايدىغان مۇناپىق[2]» ئىدى.

قىزىق بولغان يېرى، ۋاڭ ئېنماۋنى يوقۇتۇپ، ۋۇگاڭنى قوغدايدىغان، ۋۇگاڭنى يوقۇتۇپ، ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدايدىغانلاردىن ئىبارەت ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ، ئەلەم كۈرىشى قىلىشقىچە بېرىپ يەتكەن بۇ كۆز قاراش تالىشىدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئىدى. بۇ ئۆلۈدۈغانلارنىڭ ئۇيغۇرلاردىن بولۇشى تېخىمۇ قىزىق ئىدى. بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋاڭ ئېنماۋسى كىم؟ ۋۇگاڭ دېگىنى كىم؟ ئوخشاشلا خىتاي! ئەمما ئاشۇ تالاشقا قۇربان كەتكەن بىچارىلارغا ۋاي!

تېخى ئۇيغۇرلار «ناخشىچى خەلق» بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ تەرەپ كۆرەشلىرىگە بېغىشلانغان ناخشىلارنىمۇ ئىجاد قىلىشقان ئىدى:

هەي تاغلار، ئىگىز تاغلار،
قوينۇڭدا چىمەن باغلار،
قەھرىمىز ئارقان بولۇپ
ۋاڭنى ئاخىرى باغلار.

بۇ قىزىل 2ـ قوماندانلىق شتاپ دېيىلىدىغان ۋاڭ ئېنماۋغا قارشى كۆز

---

[1] هەنزەل ــ ئىت ئۈزۈمگە ئوخشاش ئاچچىق بىر خىل ئۆسۈملۈك، ــ ئا.

[2] «بۇخارى»دا: «قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇدۇغان مۇناپىق هەنزەلگە ئوخشايدۇ» دېيىلگەن، ــئا.

قاراشتىكىلەرنىڭ ناخشىسى ئىدى.

ئىشلەپچىقىرىش مىخانىزملىرى بۇزغۇنچىلۇقا ئۇچرىغان، ھەممە ئىش ئىزدىن چىققاچقا، كۈندىلىك بۇيۇملارنى نورمۇلۇق تەمىنلەشكە باشلىدى. ھەممە نەرسىنىڭ بېلىتى باردى. نامراتچىلىق يۇرتنى قاپلاشقا، يەنە بىر قېتىملىق ئاچارچىلىق كېلىشكە زېمىن ھازىرلانماقتا ئىدى.

— بۇ يىللاردا ئۇنچىلىكمۇ كىچىك ئەمەس بولغىيدىڭىز ھەر ھالدا؟ بۇلارنى خاتىرىلىيەلەيسىزغۇ دەيمەن؟

يەتمىشىنچى يىللارنىڭ بېشىدا «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەركىتى باشلىنىپ، بۇرۇنقىدەك كوچىلاردا سازايى قىلىدىغان، يىغىن زاللىرىدا شىرە ئۈستىدە دوڭغايتىپ قويۇدۇغان ئىشلار پەسكارىغا چۈشتى. شۇنداقلا ئادەم تاللىماي ھەممىگە قارا - قويۇق زەربە بېرىشمۇ پەسىيىپ، ئەمدى بىزدەكلەرلا ئىلغىنىپ قالدۇق. مۇئەللىملەر، باشقا كادىرلار نورمال ئىشلىرىغا باشلىدى. ئىلغىنىپ قالغان «دۈشمەن»لەردىن بولسا ئىلگىرىكىدىنمۇ قاتتىق ھىساپ ئېلىنىشقا باشلاندى. 1970- يىلى ئۇرۇمچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇللىرىدىن 29 غا بىر قېتىمدىلا ئۆلۈم جازادسى بېرىلىپ، دەرھال ئىجرا قىلىندى. بەزى كىشىلەر قەۋرىنى ساناپتۇ. ئەمما قەۋرىلەر 29 ئەمەس، 30 چىقىپتۇ. ئەسلىدە دەل شۇ كۈنلەردە مۇھەممەد ئېمىن ئىمىنوۋ ھەربىي دوختۇرخانىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن.

ئىمىنوۋنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ئۇيغۇر — ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرى نۇر مۇھەممەت ئىمىش. ئۇنى كىنوخانىدا ئويۇن كۆرۈۋاتقان يېرىدىن چاقىرىپ، ماشىنا بىلەن ھەربىي دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئاۋال ئۇنىڭغا «بىر كېسەل بار، كۆرۈپ باقسەن، باشقا ئىش يوق» دېيىلىپتۇ. ئەسلىدە ئىمىنوۋ پۈتۈنلەي خىتايلارنىڭ قولىدىلا ئىكەن. ھېچقانداق سۆزگە جاۋاپ بەرمەيدىكەن؛ دوختۇرلار گەپ سورىسىمۇ ئۈندىمەيدىكەن. شۇڭا بىرەر ئۇيغۇرغا گەپ قىلامدۇ - قانداق دېگەن خىيال بىلەن نۇر دوختۇرنى چاقىرغان ئىكەن. نۇر دوختۇرنى كېسەلنىڭ يېنىغا ئەكىرىشىپتۇ. بۇ كېسەل ئىمىنوۋ ئىكەن.

— مەن كېسىلىڭىزنى كۆرگىلى كەلدىم، —دەپتۇ ئۇ. دوختۇر ئۇنىڭ

بەدەنلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ. بەدەننىڭ يۈزى كۆرگۈسىز دەرىجىدە ئىكەن. قىيىن قىستاقنىڭ دەھشىتى بىرلا قاراشتا بىلىنىپ تۇرۇدىكەن. نۇر دوختۇر بۇ دەھشەت ئالدىدا ئۆزىنى يوقۇتۇپلا قويۇپتۇ. كۆزىگە ياش تىقىلىپ، ھېچنەرسە كۆرەلمەي قاپتۇ.

— مېنى داۋالاشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، — دەپتۇ ئىمىنوۋ دوختۇرغا، — داۋالايمەن دەپمۇ ئاۋارە بولماڭ، ئەمدى مېنى ساقايتىپ بولالمايسىز، ياخشى كەسپىڭىز بارىكەن، ئۆز خەلقىڭىزنى ئوبدانراق كۆڭۈل بۆلۈپ داۋالىسىڭىزلا بولۇدۇ، مېنى داۋالىغانكەك بولۇسىز.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر!؟ — دەپتۇ خىتايلاردىن بىرى گۇمان بىلەن.

— مېنى نېمىگە ئەكەلگەنتىڭلار؟ — دەپتۇ نۇر دوختۇر، — كېسەل كۆرگىلى ئەكەلدىڭلار، مەن كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشۇم كېرەك، ئۇ ماڭا ئەھۋالىنى ئېيتىشى كېرەك. گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار نېمىشكە ئەكىلىسىلەر؟

— ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىزگىمۇ دېگەچ ئىشىڭنى قىلىۋەر.

نەتىجىدە ئىمىنوۋنىڭ ئۆزى دېگەندەك، ئۇنى داۋالاشنىڭ پايدىسى يوق بىر ۋەزىيەتكە كەلگەن ئىكەن.

ئىمىنوۋنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ھەربىي دوختۇرخانىدا تۇتۇلۇشىدا بەلكىم باشقا سەۋەپلەرمۇ بولۇشى كېرەك. ئىمىنوۋ خەلق پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئىدى. سابىق مىللىي ئارمىيە ۋە سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى كادىرلىرى ئىچىدىكى خېلى كۆپ ئادەم بۇ پارتىيىنىڭ ئەزاسى ئىدى. بۇ مەزگىلدە خەلق پارتىيىسىنىڭ جەنۇبىي بىيرۇسىدىن ئاخۇنوۋ قەشقەردە بىر چوڭ قوراللىق قوزغۇلاڭ تەييارلاۋاتقان ئىدى. بۇ قوراللىق قوزغۇلاڭغا قەشقەردە تۇرۇشلۇق خاڭدى ئاتلىق پولكى (مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قالغان ئۈچ پولكىدىن بىرسى، 3 ـ پولك) قورال تەمىن ئەتكەن ئىدى. ئەگەر قوزغۇلاڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىنالىسا بۇ مىللىي پولكمۇ قوزغۇلاڭدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغانلىقى مۆلچەرلىنەتتى. بۇ چاغدا ھۆكۈمەت ئاپاراتلىرى پالەچ، ھەتتا ساقچى، تەپتىش، سوت قاتارلىق ئەدلىيە تارماقلىرىمۇ «توپقا تۇتۇلۇپ» پالەچ قىلىپ قويۇلغان بولغاچقا، قالايمىقانچىلىق «توغاچ ئوغۇرلاش»قا بەكمۇ باپ كېلەتتى. ئەمما

نىملىكى بولمىسۇن ئەسكەرلەرنىڭ مىخانىزىمى ئۈنچىۋالا پالەچ بولمىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم بۇ ھەركەتلەر ھەربىي ئىستىخباراتنىڭ كۆزىدىن قاچمىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۆچۈن ئىمىنوۋ ھەربىي رايون ئىچىدە قامالدا تۇتۇلغان بولۇشى چوقۇم. بۇ كوممۇنىستلار ئىستىلا قىلغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ قوراللىق قارشىلىق تەشكىللەش بولۇپ ھىساپلانسىمۇ، ھېچقانداق ئەمەلىي ھەركەت باشلىمايلا پاش بولۇپ، قېچىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇلار قېچىپ ئاتۇش ناھىيىسىگە تەۋە قاراجۇل يېزىسىنىڭ كەڭرال دېگەن يېرىدىكى يۇلغۇنلۇقتا خىتاي ئارمىيىسى تەرىپىدىن يوقۇتۇلدى.

ئەنە شۇ «گوڭ، جىيەن، فا[1] نى پاچاقلاپ تاشلايلى» دېگەن شۇئار ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كادىرلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىلەرگە قامالغان ئىدى. قامالغانلاردىن بىرمۇنچىلىرى «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتى»! مانا شۇ «جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» دېيىلىدىغانلار ئىچىدە بىزنىڭ خەلىچەمنىڭمۇ ئىسمىنى كۆرۈپ قالغان ئىدىم! بۇ «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش»لارنىڭ سىرى كېيىنمۇ ھېچ يورۇقلۇققا چىقمىدى.

ھەممە يەرنى «ھەربىي ئىدارە قىلىش» دەپ ھەربىي ئوفىتسېرلار كېلىپ باشقۇرۇدۇغان بولۇشتى. كېيىن مەكتەپلەرگە دېھقان ـ ئىشچىلارنىڭ ۋەكىللىرى رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ئىمتاھان بېرىشنى رەت قىلغانلار، ئاق قەغەز تاپشۇرغانلار قەھرىمان دەپ مەدھىيىلەندى. بۇ قەدەر مۇدھىش بىر ئىشنى دۇنيا دۇنيا بولغاندىن بېرى كۆرمىگەن بولۇشى كېرەك.

لىن بياۋنىڭ چەتكە قېچىشى، لىن گورۇھىدىكىلەرنىڭ يوقۇتۇلۇشى بىلەن، ۋەتىنىمىزدىكى خىتاينىڭ چوڭى بولغان لوڭ شۇجىنمۇ لىن بياۋغا چېتىشلىق بولۇپ يوقالدى. سەيپىددىن ئاتاقتا ئۈچ چوڭ ھوقۇق (پارتىيە، ئارمىيە، ھۆكۈمەت) قا ئىگە بولدى. لوڭ شۇجىن دەۋرىدە خىتاي مىللەتچىلىكى شۇنچىلىك ئەۋج ئالدۇرۇلغانكى، بىرەر خىتاي باشلىققا ھال ئېيتىپ كىرگەن ئۇيغۇرغا «بار، سەيپىددىنگە ئېيت» دېيىلەتتى. بىر يولۇچى يولدا ماشىنا توسۇپ

[1] گوڭ (公) ساقچى ئىدارىسى، جىيەن (检) تەپتىش مەھكىمىسى، فا (法) سوت مەھكىمىسى، ــ ئا.

تۇرغان بولسا خىتاي شوپۇر ئۇنىڭغا «ئارقامدا بىر ئوتياش باسقان ماشىنا (سەي باسقان ماشىنا ــــ بۇنىڭدىكى ‹سەي› سەيپىددىنگە ئىشارە ئىدى) كېلىۋاتىدۇ، شۇ ئېلىۋالىدۇ» دەيتى. بۇ تاكى تۆۋەندىكى بىر دېھقانغا ئادەتتىكى بىر خىتايىنىڭمۇ دەيدىغىنى بولۇپ قالغان ئىدى.

1973 ـ يىلىدىن باشلاپ، جايلاردا شاپىگراپ باسمىلىق ئەدەبىي ژۇرناللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. «تارىم» ژۇرنىلىمۇ ئىسمىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا نەشىر قىلىنغىلى باشلىدى. بۇ مەزگىلدە كوممۇنىستلارغا بەكرەك ياراپ كەلگەن، ھەر قاچان ئەتىۋارلانغان، پەقەت بۇ قېتىمقى ھەركەت بەك چەكتىن ئېشىپ كەتكەچكىلا پالاندى بولغان ساداقەتمەن ئەدىپلەر ئەسلى خىزمەت ئورۇنلىرىغا كېلىشكەن ئىدى. ئەگەر موھىم ۋەزىپىلەردىكى چوڭلىرى تېخىچە لاگىردا، مەسىلىسى ھەل بولماي قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىگە بۇرۇن ئانچە كۆزگە كۆرۈنەلمىگەن كىچىك غالچىلار پۇرسەت ئاتا قىلغان ئامەت بىلەن دەسسەپمۇ قالغان ئىدى. 1973 ـ يىلى سەيپىددىن ئۆزىنىڭ كوممۇنىست كادىرى بولۇپ ئىش باشلىغان يېرى ــــ پاختەكلى يېزىسىغا قايتا باردى. خۇددى بۇرۇنقىدەكلا يەنە تېيىپجاننى بىللە ئالغاچ بارغان ئىدى.

سەيپىددىن «سالام پاختەكلى» دېگەن مۇرەببە شەكلىدىكى شېئىرى بىلەن پاختەكلىگە قەدەم قويۇپ، پاختەكلىنى سالاملىغان بولسا، تېيىپجان «پاختەكلى ھەققىدە مۇخەممەس» دېگەن شېئىرى بىلەن ئۇلارنىڭ زۇلمەتلىك كونا جەمىيەتتىكى ئېچىنىشلىق ھاياتىنى، ئاندىن كومپارتىيە كېلىپ شەپقەت قىلىپ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇنداقلا بۇ مۇخەممەستە ئىلگىرى ئۆزى يازغان «ماۋجۇشىغا خەت» دېگەن تارىخىي شەرمەندىلىككە ماۋنىڭ يازغان جاۋاپ خېتىنى ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئالدى:

شۇ مۇبارەك خەت يېتىپ كەلگەن مىنۇتنىڭ ئۆزىدە،
بەختىيار پاختەكلى باغرى چۈمدى ئالتۇن شولىگە.

بۇنىڭدىكى «مۇبارەك خەت» دېگىنى ئەنە شۇ ماۋنىڭ جاۋاپ خېتى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەنلا لاگىردىن قايتىپ كېلىشكە باشلىغان شائىرلىرىمىز

پارتىيىنىڭ بۇ شەپقەتسىزلىكىگە ھەشقاللا ئېيتىش يۈزىسىدىن سايراپلا كېتىشتى. ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى بۇ خەلقنىڭ بېشىغا زۇلۇم، بالا - قازا كەلتۈرۈۋاتقان جاللاتلارنىڭ ھېچ بولمىغاندا ئۆزلىرىگە قىلغان - ئەتكەنلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ ئاداۋەت تۇتاي دېمەي، قارنى كۆككۆسلىرىدىن چىقىرىپ مەدھىيىلەر بىلەن قايتا سەپكە كېلىشكەنلەر مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىدى. ناھايىتى ئاز بىر قىسىمى بۇ قېتىمقى پالاكەتلەردىن كېيىن دۈشمەن كۆز قارىشى مۇقىملىشىپ، كېيىنكى ئەمگەكلىرىدە ئاۋۇنىڭدەك ھەلەق، رەسۋالىقلارنى تەكرار قىلىشمىدى، بۇلاردىن ئالللاھ رازى بولسۇن.

يەنە بىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش: 1974- يىلى ھەرقايسى جايلاردىن مىللىي ئۇچقۇچۇلۇققا ئوقۇغۇچى ئېلىشتەك تارىختا بولۇپ باقمىغان ۋە كوممۇنىستلاردىن ھېچ كۈتكىلى بولمايدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. بۇنىڭ ئاجايىپ تەرىپى بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرەشچى ئايروپلان ئۇچقۇچىلىرى بولاتتى! نەتىجىدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان دائىرىسىدىن 73 نەپەر ئوقۇغۇچى ئېلىندى.

سابىت ئەپەندى بىلەن بىر ئاز سوئال - جاۋاپ سۆھبىتى قىلغۇم كېلىپ گەپنى شۇ يەردە توختۇتۇپ، ئارىغا كىردىم:

— نېمىشكە ئاز بىرقىسمى دەيسىز؟ نورمالدا ئەجابىي تەرەپنى كۆپ سانلىق قىلىپ دەيدىغان ئادەت بولغاچقا ماڭا شۇنداق تەتۈر تۇيۇلۇۋاتامدۇ - يا؟

— شۇ، شۇ. ۋەزىيەتنى قەستەن كۆڭۈللۈك كۆرسۈتۈش، پەدازلاپ كۆرسۈتۈش ئەسلىدە پوزىتىۋىزىمچى (ئۇمىتۋار)لارنىڭ ئاتالمىش مىزانى، بولۇپ، بىزدە بولسا بۇ كوممۇنىستلارنىڭ يالغانچىلىقى، رەڭۋازلىقىدىن مەنبەلەنگەن. ئاشۇ دەۋرلەردە، يادىڭىزدا بولسا كېرەك، ماۋزېدوڭ ھەرقانداق يەردە سۆز قىلسا شۇ جۈملىلەر بىلەن باشلايتى: «ۋەزىيەت كىچىك ياخشى ئەمەس، چوڭ ياخشى، كۈندىن كۈنگە ياخشى بولماقتا!». ئاتالمىش ئۇمىتۋارلارنىڭ قارىشىنىڭ مەنبەسى مانا بۇ. ئادەت بولغان، قېلىپقا ئايلانغان بىر سۆز مودىسى! ئەمما دەل شۇ «چوڭ ياخشى» ۋەزىيەتتە سېرىق قوناقنىڭ زاغرىسىمۇ تويغىدەك ئەمەس ئىدى. خۇددى شۇ پەيتتە مېنىمۇ زور

كۆپچۈلۈك ياخشى دېمىدىڭ، دېمەكچى سىز، شۇنداقمۇ؟ ئەمما ئەمەلىيەت شۇ ئىدى: ئىلگىرى ئەللىكىنچى يىللاردىن قالغان بۇ ئەپەندىلەرنىڭ 95 پىرسەنتى ئەنە شۇنداق ئىدى. ھېچ ئۆزىنى بۇلغىمىغانلاردىن پەقەت 5 پىرسەنت زورىغا چىقاتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ساۋىقىدىن كۆزىنى ئاچقانلاردىن يەنە 30 پىرسەنت قېتىلدى ياكى يوق. مەدھىيىچىلەر يەنىلا ئاساسىي سالماقتا قالدى.

— بۇ ھوشىنى تاپقانلار كېيىن نېمىلەرنى قىلدى؟ يەنى ھېچ يازماي تۇرۇۋالدىمۇ؟ ئۆتمۈشتىكى خاتالىرىنى ئازراق بولسىمۇ رېمونت قىلىشقا تىرىشتىمۇ؟

— كۆرۈۋاتقانسىز؟ جىملا يېتىۋالغانلار بار. ئەمما ئۇلارغا بۇ جىملىقمۇ پايدا بەرمەيدۇ، ئۆتمۈشتىكى خاتانىڭ ھېسابى بار ئەلۋەتتە. ئاز بىر قىسمى ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەر بىلەن تۈزۈتۈش تىرىشچانلىقى كۆرسۈتۈۋاتقاندەكمۇ قىلىدۇ.

ماۋزېدوڭ ئۆلۈدۇغانغا ئاز قالغاندا«شۇيدىياۋگېتاۋ» ئۇسلۇبىدا «جىڭگاڭشەنگە قايتا چىقىش» ماۋزۇلۇق بىر شېئىر ۋە «نىيەننۇجياۋ» ئۇسلۇبىدا «قۇشلارنىڭ سوئال - جاۋابى » ماۋزۇلۇق بىر پارچە شېئىرنى ئېلان قىلىۋىدى، بىزنىڭكىلەردىنمۇ ئىككى مەشھۇر دەرھال «شۇيدىياۋگېتاۋ» ۋە «نىيەننۇجياۋ» يازدى. نەقەدەر چاققان ئادەملەر! شۇڭا سىزگە تەۋسىيە قىلىۋاتىمەنكى، بۇنداق ئۆتكۈنچى شامااللارغا ئۇسۇل ئويناپ قالماڭ! ئويناپ قالسىڭىز، شەرمەندە بولۇسىز. بۇ زاماندا ئەتىۋار بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىراق ئەۋلاتلار ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا شەرمەندە بولۇسىز.

يادىمغا ئىمىنوۋ ھەققىدىكى ئاڭلىغانلىرىم كېچىپ، مەنمۇ سابىت ئەپەندىنىڭ ھېكايىلىرىگە ئۆزەمنىڭ كۆرگەنلىرىمدىن بىر ھېكايە قاتتىم:

— ئىمىنوۋ دەسلەپكى كۆرەش يىغىنلىرىدا «ئىنقىلابىي ئاممىا»نىڭ غەزەپلەنگەن ۋەكىللىرى ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا مۇنداق، مۇنداق قىلدىڭ!؟ ھېساپ بەر!» دەپ كۆزىگە كىرىۋالغانلىرىدا «ھەرقايسىڭنى دەپ شۇنداق قىلغانتىم» دەپتۇ. ۋە خەلقتىكى نادانلىققا، دۆتلۈككە گەپ ئاڭلاتقىلى بولمايدىغان تەتۈرلۈككە چىداپ بولالماي، بىر بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتىكەن دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. كېيىن ئۇنى مەسلە تاپشۇرۇشقا ئۇنىۋېرسىتېتتا توختۇتۇپ قويدى. بۇ دەل مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ھەر كۈنى بىر ساۋاقداش ئىمىنوۋنىڭ يېنىغا بېرىپ نازارەت قىلىشى كېرەك ئىدى. يەنى ئۇ بىر سىنىپتا يالغۇز ئولتۇرۇپ، «مەسىلىسى»نى يېزىۋاتاتتى، نازارەت قىلغۇچى ئۇنى داۋاملىق يېزىشقا زورلاش

بىلەن، يېزىلىپ بولغان ۋاراقلارنى ئېلىپ كېتىشكە كېرەك ئىدى. بىر كۈنى ماڭا نۆۋەت كېلىپ، ئىمىنوۋنىڭ يېنىغا مەن كەلدىم. ئۇ سىنىپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر پارتىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئەسلىدە مەن ئۇنى دۆشكەلەپ، «مەسىلەڭنى تاپشۇر! تېز - تېز ياز!» دەيدىغانغا كەلگەن بولساممۇ، ئۇنى كۆرۈپلا زۇۋانىم تۇتۇلدى. ئۇنىڭ بىر تۇرلۇك سۈرى بار ئادەم ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيەدىكى چېغىدا ئەڭ جەڭگىۋار پولكقا كوماندىر بولغانلىقى، بەكمۇ ئەركەك مىجەزلىكى، ... ھەققىدىكى ھىكايىلارنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ كۆرەش يىغىنىدا بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكەنلىكىمۇ، ئۇنىڭ جاسارىتىگە بىر مىسال ئىدى. ئىختىيارسىز ھالدا شۇ ئىش يادىمغا يېتىپ بىلىنىدۈرمەي قارىۋىدىم، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ سول قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنىڭ ئۇچىدىكى بىر بوغۇمى يوق ئىكەن. بۇ ھالدا مەن قانداقمۇ ئۇنىڭغا يايىلىق قىلالايمەن؟

— ھە، بۇگۈن سىز كەلدىڭىزمۇ؟ كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ خۇددى مېنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىۋاتقاندەك دوستانە ھالدا. مەن جۈرئەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنراق ئولتۇرۇپ:

— سىزنى ماتېرىيالنى پۈتتۈرگەن بولسا تېزرەك ئېلىپ كەل، دېگەنتى، يازسىڭىز بولاتتى، — دېدىم بوش ئاۋازدا، پېتىنماسلىق بىلەن.

— يازىمىز، يازىمىز، پۈتۈدۇ بىر كۈنى، — دېدى ئۇ خاتىرجەملىك بىلەن، — ئولتۇرۇڭ، سىز قايسى كەسپتە ئوقۇيسىز؟ قانچە يىل بولدى؟ — ئۇ مەندىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن شۇ كۈنى ئۇزەمگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ھېچ ئادا قىلالماستىن كەتكەنىتىم. مەن شۇ يەردىكى چاغدا ئۇنىڭ قىزى تاماق ئېلىپ كەپتىكەن، بەك چىرايلىق قىزكەن. كېيىن ئۇ قىز سوۋېتكە قېچىپ كەتكەنكەن[①].

سابىتنىڭ ھىكايىسى ماڭا تونۇشلۇق بىر دەۋرگە كەلگەچكە، بىردەم يېرىمدەم سوقا - سۆھبەتتىن كېيىن مەن خوشلاشتىم.

[①] ئىمىنوۋ ھەققىدىكى بۇ قىسقا دېتالنى مەرھۇم ئەدىپ ماھمۇتجان ئىسلام سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، — ئا.

**ۋەزىيەتتە** بىر ئاز يۇمشاش باشلانغاندەك قىلاتتى. مۇقام مۇزىكىلىرى ئۆلگىلىك تىياتىرلار ۋاستىسى بىلەن سەھنىگە چىقىرىلدى. كېيىن خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ قورقۇنۇچلۇق پۇخراچە ھەربىيلىرى بولغان ئىش - قۇر قىسىملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەرلىككە قوشۇۋېتىلدى. ئەسلىدە بۇ ئاتالمىش ئاپتونوم رايون بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئورۇن ھېساپلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى مىليون خىتاي ئەسكىرى قورالسىزلاندۇرۇلغاندەك بولدى. بۇ ئاجايىپ كاتتا ئىش ئىدى. كېيىن خەلق ئەسكەرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىقابى ئاستىدا ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى چوڭ ئەترەتلەر(دادۈي)گىچە قورال تارقىتىپ بېرىلدى. بىر چوڭ ئەترەتتە ئەڭ ئاز 50 تال يېنىك تىپتىكى قورال، ئىككى دانە پىلىموت، بىر دانە مىناميوت بولاتتى. يېزا مەركىزىدە زىنىت توپىمۇ بولاتتى. ئوقمۇ ھېساپسىز ئىدى. دائىملا ئەمەلىي ئېتىش مەشقى ئېلىپ بېرىلاتتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قىزىغان زامانلاردا تىلىمىزغا كىرىپ ئورۇن ئالغان نۇرغۇن خىتايچە ئاتالغۇلار باردى. بۇ ئاتالغۇلار تەكرار چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەكتە ئىدى. يادىڭىزدا بولسا كېرەك، ئىلگىرى «جوڭياڭ خەلق رادىئو ئىستانسىيىسى» دەيتى؛ كېيىن ھازىرقىدەك «مەركىزىي خەلق...» دەيدىغانغا ئۆزگەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز - ئۆزىدىن بولدى دەپ ئويلامسىز؟ بىر دۆلەتتە ھاكىمىيەتنىڭ ياكى ئورنى مۇقىم بىر كۈچنىڭ ئاستىرتتىن يۆنىلەندۈرىشى بولماي، قوللىشى بولماي ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئۆز ۋاقتىدا 6- دىۋىزىيە يەنى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشى بولمىغان بولسا مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق زىيالىلارنىڭ تارىخىمىزنىڭ ئاشۇ شانلىق سەھىپىسىنى يېزىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھاكىمىيەت خۇددى «يەرنىڭ ئاستىدا يىلان كۆشۈگەننى بىلىدۇ» دېگەندەكلا بولۇدۇ. دۆلەت دېگەندە ئوتتۇرىدىكى كەيپىيات ئۆزگۈرۈشلىرى، ھەتتا نەزرە - نۇزرەت، توي - تۆكۈنلەردىكى ھەشەمەت، ئىسراپچىلىقتىكى بەسلىشىشلەر، ھاراقكەشلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى،... دېگەنلەرمۇ ئۆزلىكىدىن بولۇدۇغان نەرسە ئەمەس؛ بىر يېشىل چىراق،

بىر يوشۇرۇن يىپتەكلەش بولۇدۇ. مەسىلەن، نۆۋەتتىكى مەسجىدلەرنىڭ قايتا ئېچىلىشلىرى، دىنىي مەكتەپلەرگە كۆز يۇمۇلۇشى (بۇ ھەرگىزمۇ كۆرمەي قېلىشتىن ئەمەس) ھاكىمىيەتنىڭ خەۋىرىسىز، ئۆزلۈگىدىن بولۇۋاتقان ئىشلار ئەمەس؛ ئەگەر بۇ ئاستىرتتىن يۆنىلەندۈرۈلمىسە بىر قېتىملىق چەكلەشتە ئۇجۇقۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ قايتا جۈرئەت قىلىشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى نۆۋەتتىكى خەلقارا مۇناسىۋەتنىڭ تەقەززاسى — خىتايلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئىسسىق كۆرۈنۈش، ئافغانىستان سېپىگە سوۋېتكە قارشى قېتىلىش ئېھتىياجى تۇغدۇرغان بىر ئىش.

مېنىڭ رادىئو ئاڭلايدىغان ئادىتىم بار ئەمەسمۇ، جاھان سەل يۇمشاپ، نەزەربەنتتىن بوشىغان ھامان قايتىدىن ئاڭلاشنى داۋام قىلدىم. چەتئەللىكلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن ئۇقۇشۇمدا سوۋېت ئىتتىپاقى قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك ۋە ئۇيغۇرلاردىن بولغان 50 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى چېگرىمىزغا توپلىغانمىش. بۇ قوشۇننىڭ بېشىغا سابىق مىللىي ئارمىيە گېنېرالى زۇنۇن تېيىپ قوماندان قىلىنغانمىش. ئەجەبا بۇ ئىشلار بىلەن ئىچى تەرەپتىكى يېزىلارنىڭ قوراللىنىشى، 73 نەپەر كۆرەشچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى (بۇلار ھازىر رەسمىي تەييار بولۇپ، ئۇچۇشقا باشلىغان ئىدى)، ئىش - قۇر قىسىملىرىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى ئارىسىدا بىر باغلىنىش بارمۇ - يوق؟ ھەقىقەتەنمۇ قىزىقارلىق تېما ئىدى!

كېيىن ئارتىستلىرىمىز، ئايىمخاننىڭ باشچىلىقىدا پاكىستانغا ئويۇن قويۇشقا چىقىرىلدى. بۇ كوممۇنىست ئىستىلاسىدىن كېيىنكى، تۇنجى قېتىملىق تاشقىي دۇنياغا ئېچىلىشىمىز بولۇپ ھېساپلىناتتى. دۆلەتنىڭ قازاندا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى تاشقىي دۇنيادىكىلەر تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى!

ئاندىن يەنە سەيپىددىن يوگسلاۋىيىگە زىيارەتكە باردى. تىتو بىلەن ئىككى سائەت مەخپىي سۆزلۈشۈپتۇ، تەرجىمانمۇ ئىشلەتمەپتۇ. بۇ ھال خىتايلارنى بەكمۇ ئەندىشىگە سالپتۇ، دېيىلدى.

يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى «كۆرەش يولى» ناملىق بىر دراما سەھنىگە چىقتى. كۆرگەنمىدىڭىز؟ بۇ دراما نېمىنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ؟ نېمىگە ئىما قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ مېنىڭ دىققىتىم سىرتىدا قالمىغان ئىدى. دراما

ناھايىتى كۆپ قېتىم تۇزۇتۇلدى. دەسلەپتە كوممۇنىست ئارمىيىسى ئۇرۇمچىگە كېلىشى بىلەنلا قىزىلتۇغلار لەپىلدىگەن شەكىلدە بولغان بولسا، كېيىنكى تۈزۈتۈلۈشىدە قىزىل تۇغ بىلەن ئاي يۇلتۇزلۇق تۇغ بىرلىكتە لەپىلدىدى. مانا شۇنداق قىلىپ، «كۆرەش يولى» ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەتلىك سالاھىيىتىنى ئۇستۇلۇق بىلەن تەكىتلەشكە تىرىشقان بولدى. دراما سەيپىددىننىڭ بۇيرۇتمىسىغا كۆرە تېيىپجان تەرىپىدىن يېزىلغان ئىدى. داۋاملىق مىللىي خاھىشنىڭ يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈشى يۈنۈلۈشىدە ئۆزگەرتىشمۇ سەيپىددىننىڭ كۆرسەتمىسى ئىدى. چۈنكى كېيىن سەيپىددىننى تەنقىتلەش ماتىريالىدا تېيىپجاننىڭ سەيپىددىن ئۇستىدىن دەرت تۆكۈپ ئېيتقان شۇ سۆزلىرى بار ئىدى: « ‹كۆرەش يولى› ناملىق درامىنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغان ئىدى. ھەر قېتىمدىلا رازى بولمايتى، يەنە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇيتى». ئۇ ھاياتىدا قىلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر ئىشنى «سەيپىددىننىڭ زورى بىلەن قىلغانتىم» دەپ، بەربات قىلىپ تاشلىغان ئىدى!

بۇ ۋەزىيەتكە دىققەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە تۇيۇقسىزلا مەنمۇ ئۆزەم تۈنەپ يۈرگەن تاشلاندۇق ئامبارلاردىن ئىزدەپ تېپىلدىم. مېنى مائارىپ نازارىتى قارمىقىدىكى كادىر ھىسابىدا بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇشتى. ئاندىن بىرنەچچە يىللىق مائاشىممۇ تولۇقلاپ بېرىلدى. نېمە بولۇۋاتقىنىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە سەيپىددىن مېنى مىھمانغا چاقىرىپ ماشىنا ئەۋەتىپتۇ.

بۇ دەل مېنىڭ كۈتكىنىم ئىدى. چۈنكى ماڭا ئارام بەرمەيۋاتقان بىرمۇنچە ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلگۈم باردى. ئەگەر ئۇ چاقىرتمىغان بولسا، ئۆزەم كۆرۈشۈشنىڭ يولىنى ئىزدىمەكچى ئىدىم. بۇغۇ تەسرەك بولاتتى، چۈنكى مەندەك رەسمىي سالاھىيىتى بولمىغان بىرىنىڭ رەئىس بىلەن كۆرۈشەلىشى ئاسان بولاتتىمۇ؟

سەيپىددىن بەكلا قىزغىن بىر خىل كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى. بۇغۇ ئەسلىدىنلا ئۇنىڭ مىجەزى. ئۆزى پاراڭچى، مۇڭداشقاق ئادەم. بەلكىم بۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يېقىن مۇڭداشلىرى بولماي تازا زېرىككەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇ باشقىلاردەك خالىغان ۋاقىتتا مەلۇم بىر تونۇشىغا زىيارەتكە كېتەلمەيدۇ، ھەممە ھەددى ـ ھەركىتى باشقىلار تەرىپىدىن پروگراممىلانغان بولىدۇ. بۇ ھال نەقەدەر

جانىنى سىقىدۇ-ھە! ئۇ مېنى شەخسىي كۇتۇپخانىسىغا باشلىدى. بۇ كۇتۇپخانىغا باشلىشىدا مەلۇم ئويلىغىنى بارمىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ كۇتۇپخانىسىنىڭ بەكلا داڭقىسى بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت دۇنيادا ساقلىنىۋاتقان ئىككى كىتاپ بولسا، بىرى مۇشۇ يەردە، ئەگەر بىرىلا بولسا ئەنە شۇ بىرى مۇشۇ يەردە دېگەن رىۋايەتلەر بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ بىردەم كۇتۇپخانىنى ئارىلاپ كۆرۈشۈمگە قويۇۋېتىپ، رەسمىي گەپلەرنى قىلماي، ئادەتتىكى پاراڭلارنى قىلغاچ تۇردى. بۇ پۇرسەتتە كۇتۇپخانىنى «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرۈش» شەكلىدە كۆرۈپ باقتىم. كۆزۈمگە چېلىققانلاردىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئاڭلىغانلىرىم ھەقىقەتەنمۇ راست ئىدى. بۇ يەردە ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، فارسچە، رۇسچە، خىتايچە تىللاردا ئاجايىپ كىتاپلار باردى. بۇنداق بىر غەزىنىنى قانداق توپلىغانلىقىغا ھەيران بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا پارىژ، لوندون، موسكۋا، بېرلىنلاردا ساقلىنىۋاتقان بەزى قىممەتلىك كىتاپلار، قولىيازمىلارنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسقىلىرىمۇ باردى.

— مۇھەممەد قارىدىن خەۋەر ئالالىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئاڭلىسام بۇ قېتىمقى «مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاپ»تا ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ، سۆرەپ يۈرۈپتىكەن، تاياقنىمۇ ئوبدان يېگەن چېغى، كۆزىگە يامان بىر نەرسە تېگىپ كەتكەنمىكىن، كۆزىنى ئەما قىلىپ قويۇپتۇ، — دېدىم ئۇنىڭ تەسىراتىنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سەپ سېلىپ قاراپ.[1]

ئەمما ئۇ سىياسىيون بولغاچقا، بۇنداق ئوڭايسىز ماۋزۇلاردا تۇرۇۋەرمەيتى، قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى بىلەتتى.

— كۇتۇپخانام قانداقكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ چىرايىنى بالىلارچە ساددا بىر نۇر بىلەن تولدۇرۇپ.

— قالتىسكەن. بۇنى بۇ قەدەر كىم رەتلىدى؟ ئۆزەڭنىڭ بۇنى قىلالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، ھەر ھالدا؟

---

① مۇھەممەد ئېلىيۇپنىڭ ھاياتى ھەققىدە مۇئەللىپ بۇرۇن «ئۇ، ھېلىمۇ جەڭگاھتا» ناملىق بىر پوۋېست يازغان ئىدى، «تارىم» ژۇرنىلىدا 1984-يىلى ئېلان قىلىنغان ۋە كېيىن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، — ئا.

— مېنىڭ ۋاقتىم بولامدۇ، قارىسام ئۇنىۋېرسىتېتتىكى مۇئەللىملەر تارتىپ چىقىرىلىپ، كۆرەش قىلىنغىلى تۇردى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن دېگەن يىگىتنىڭ بەك شۇدى بار كۆرۈنگەنتى. مۇشۇ ئىنقىلاپتا نابۇت بولۇپ كەتمىسۇن، بىر ھىساپتا ئۇنى قوغداپ قېلىش بولسۇن، بىر ھىساپتا مېنىڭ بېشىم قاتقان ئىشىمنى پۈتتۈرۈۋالاي دەپ، ئۇنى مەن رىجىمگە ئىشلىتەي دەپ ئارىيەت ئېلىپ، يامان يىللاردا كۈتۈپخانامغا سولۇۋەتكەن ئىدىم. ئۆزىمۇ يامان بالىكەن، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇۋالدىغۇ دەيمەن. مەنمۇ ئۇنى ئالدىراتمىدىم. بۇ ئىشنى تۈگۈتۈپ مەكتەپكە قايتسا، يەنە كۆرەش. ئۇندىن كۆرە جىنىنى قوغداش ئارىلاش رەتلىسۇن، رەتلىگەچ كۆرۈدۈغاننى كۆرۈۋالسۇن، دەپ يول قويدۇم. ئۇ شۇنداق پۇختىكەنكى، ئوقۇش بىلەنلا قالماي، ھەر ئوقۇغىنىدىن تېزىس يېزىپ، مىڭلارچە بەتلىك خام ماتىرىيال قىلىۋالدى.

— ھەجەپ تەلەيلىك بالىكەنا! كاشكى مېنى چاقىرغان بولساڭچۇ؟ بۇنداق بىر غەزىنىگە ئىگە بولسام، بىكارغا ئىشلەيتىم. شۇنداقلا مەنمۇ ئۇ قەدەر كۆپ تاياق - توقماقنى يېمەستىم.

— ئويلۇمۇدۇم ئەمەس، ئەمما بىز دېگەن تەڭ - تۇش تۇرساق، ئاندىن يەنە ساۋاقداش تۇرساق، سېنىڭ روھىڭغا ئېغىر كەلمىسۇن دېدىم. ھازىر مۇنداق دەۋاتىسەنۇ، ئەمما ئۆز ۋاقتىدا راستىنلا سېنى چاقىرىپ مۇشۇ ئىشنى قىل دېسەم چوقۇم ساڭا ھار كەلمەي قالمايتى. «قاراڭلار بۇ ئەمدى رەئىس بولۇپ، مېنى ئۆزىنىڭ مەدىكارچىلىقىغا سالماقچىكەن» دېمەي قالمايتىڭ.

— بەلكىم توغرىدۇ، بىر ئادەمنى بولسىمۇ قوغداپقۇ ياخشى قىپسەن، شۇ مۇھەممەد ئېمىن ئىمىنوۋنى، ئىبراھىم تۇردىنى قوغدىيالماتىڭ؟

— مېنىڭ ئويناۋاتقىنىم مەھەللىۋىي بىر شاخمات ئەمەس، بۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەك، — دېدى ئۇ، — بۇ شاخماتنىڭ چوڭلۇقىدا قۇربان بولغانلارنى پېچكا دېۋەتمىسەكمۇ ئاتتىن چوڭ ئەمەس. مەن كىچىك مەنپەئەتلەرنى دەپ گامبىت[1] قىلىۋاتقىنىمنى بىلدۈرۈپ قويۇشۇم كېرەكمۇ؟ مانا

---

[1] گامبىت ئۇسۇلى — خەلقارا شاخماتتىكى بىر ئاتالغۇ، بۇ ئۇسۇل بىلەن قارشى تەرەپنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي نىيىتى ھەققىدە خاتا قىياسقا باشلايدۇ. — ئا.

شۇلارنى دەيمەن دەپ سىنى چاقىرتتىم.

ــــ توختا، ئۇنداق بولسا، ــــ دىدىم ئەھتىيات يۈزىسىدىن، ــــ كۈتۈپخانائىدا چاشقان يوقمۇ؟ بىلىسەن مەن چاشقاندىن بەك قورقۇمەن، بەلكىم ئۆيۈڭدىمۇ باردۇر.

ــــ ئىشەنچ قىلالمايمەن، بەلكىم باردۇر، ــــ دىدى ئۇ گىپىمنى چۈشۈنۈپ.

ــــ ئۇنداق بولسا تالادا، گۈللۈكۈڭدە مىڭىپ يۈرۈپ پاراڭلاشساق ساڭا ئىغىر كەپ قالماس؟ ھەقچان نازۇكلىشۇپ كەتتىڭ.

ــــ ئۇنچۇۋالامۇ ئەمەس، مەيلى، شۇنداق قىلايلى.

بىز بىرلىكتە تاشقىرى چىقتۇق. ھويلىدىكى گۈللۈكتە بىر دەسسەپ، بىر توختاپ، گۈل تاماشاسى قىلغاچ سۆھبىتىمىزنى باشلىدۇق.

ــــ ئالدى بىلەن شۇنى سوراۋالاي، سەن ھىلىمۇ قىزغىن كوممۇنىستىمۇ؟

ــــ دەپ سورۇدۇم مەن.

ــــ بۇ سىنىڭ دائىمى تۇتۇمۇڭغا خىلاپ بىر سوئالغۇ؟ سىنىڭ «ئىزىم» بىلەن كارىڭ يوق، ئەمەلىي ئىشقا قارايتتىڭ ئەمەسمۇ؟ ــــ دىدى ئۇ مەلۇم بىر خىل خىجالەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

ــــ بولۇدۇ، ئەمىسە، بۇ سوئال شۇنداق قالسۇن، ــــ دىدىم دەرھال قوشۇلۇپ، ــــ جەمىيەتتە مىنىڭ كۈزۈتۈشلۈرۈم خاتا بولمىسا، بەزى خوشاللىنارلىق ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمەن، سەن نىمىگە ھازىرلىنىۋاتىسەن؟

ــــ نىمىلەرنى كۆردۈڭ؟ ــــ دىدى ئۇ جىددىي تاتىرىپ.

ــــ كۆرەشچى ئايروپىلانلار ئۇچۇن مىللىي ئۇچقۇچىلار، ئىش ـ قۇر قىسىملىرىنىڭ تارقىتىۋىتىلىشى، بىزنىڭ يىزىلىرىمىزغا تارقىتىپ بىرىلگەن قورالالار ــــ خەلق ئەسكىرى تەربىيىسى قاتارلىقلار. يەنە تىخى ئۇرۇمچى ئايروپورتىنى كېڭەيتىپ ياساشمۇ شۇلارغا مۇناسىۋەتلىكمۇ يوق؟

ــــ كۈزۈتۈشلۈرۈڭدىن ھەم خوش بولدۇم، ھەم سەراسىمىگە چۈشۈۋاتىمەن، ــــ دىدى ئۇ دانە ـ دانە قىلىپ، ــــ بۇلارنى بىلىپ ياخشى قىپسەن، دىمەك مىنىڭ ساڭا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇم قىسقاردى. سىنى چاقىرىشىممۇ شۇ ئىش ئۈچۈن بولغاچقا، ئەمدى ئۆزەڭ چۈشەنگەن ئىشقا ھەمكارلىشىشنى بۇرچ دەپ بىلىسەن؛ سەراسىمىگە چۈشۈشۈمنىڭ سەۋەبى، سەن بۇنى كۆرۈپ يىتەلىگەن،

ئويلاپ يېتەلىگەن ئىكەنسەن، دېمەك، باشقىلارمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتىدۇ، دېگەنلىك. ئۇ ھالدا بۇ ئىش پىشىپ يېتىلمەي تۇرۇپلا تۇنجۇقتۇرۇلارمۇ دېگەن ئەندىشىگە چۈشتۈم.

— خەلقارا خەۋەرلەردىن شۇنىمۇ ئۇقتۇم: سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىمىزغا ئەسكەر توپلاپتۇ، ساپلا مىللىي ئەسكەرلەركەن، تېخى بۇ ئارمىيەنىڭ بېشىغا زۇنۇن تېيىپنى قويۇپتۇ. ئەجەبا، بۇنىڭ بىلەنمۇ بىر ئالاقىسى بارمىدۇ؟

— ئاپلا! بولدى، بۇلارنى سۆزلەشمەيلى. بۇلار ساڭا مۇناسىۋەتسىز تېمىلار. ساڭا ئېھتىياجىم بار، — دېدى ئۇ سۆھبەت تېمىسىنى دەرھال بۇراپ، — سېنى ياخشى كۆرۈدىغان ئىشىڭغا قويسام بولامدۇ؟

— مۇئەللىملىكمۇ؟

— ياق، ئەمما مائارىپ نازارىتى. مۇناسىۋەتلىك. مۇئەللىم بولساڭ زايا كېتىسەن، ئويلۇمۇدۇڭمۇ، بەغەرەز؟ بىر سىنىپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالىسەن. مائارىپ نازارىتى دېگەندە ھەممە ئوقۇغۇچىنى سېنىڭ قولۇڭغا بەرگەن بولىمەن. بىلگەنسەن؟

— ئۇنچىۋالا ياخشى ئەمەس، ئەمما بۇنداق ۋەزىيەتتە چەتتە تۇرالمايمەن.

— نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە قويماقچى ئىكەنلىكىمنى ئىزاھلىمىساممۇ بولىدۇ. بۇنى بىلىسەن. ياشلارنى سېنىڭ قولۇڭغا بەردىم دەپ خاتىرجەم بولسام بولىدۇ. ئەمما قىزىپ كەتمە. بۇ بىر ـ ئىككى كۈندە نەتىجە ئېلىنىدىغان ئىش ئەمەس، شۇنداق بىر پىلان تۈزگىنىكى، تاشپاقا قەدىمى بىلەن ئىلگىرلە. بىزدە بار ئەقىل باشقىلاردىمۇ بار، ھۈركۈتۈپ قويساق نېمە بولۇشىنى بىلىسەن. ئاستا ـ ئاستا. ھەرگىز ھولۇقماستىن، بىر پۈختا ھۇل سال. كېيىنىمۇ يىقىلمايدىغان بولسۇن.

— بولىدۇ، قوبۇل قىلىمەن.

— ھە، ئەمدى يېقىندا ئۇقتۇرۇشۇڭ چۈشىدۇ. سېنىڭ ماقۇللۇقۇڭنى ئالمايلا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈشكە ھېچكىم پېتىنالمىدى. چۈنكى سېنىڭ مىجەزىڭنى ھەممەيلەن بىلىمىز.

— ئەسلىدە مەن يوگسلاۋىيەدە تىتو بىلەن نېمە دېيىشتىڭ دەپ سوراشقا بەكمۇ ھەۋەسلىك ئىدىم، ئەمدى ئويلىسام، بۇمۇ ماڭا مۇناسىۋەتسىز ئىكەن، — دېدىم قەستەن گەپ تېشىش ئۈچۈن. تامايىم ئۇنىڭ دەپ بەرگىسى بولسا شۇنىڭ

بىلەنلا دەپ بېرىدۇ، بولمىسا مەنمۇ رەسمىي سورۇمىغاندىكىن، جاۋاپسىز قالسام ئوسال بولمايمەن، دەپ ئويلىغان ئىدىم.

— باشقا گەپ بولمىسا، ئەمدى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، تاماق يېگەچ ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىشايلى.

— بۇنى سېنىڭ پۇشايمىنىڭدىن، ئىلگىرى يولنى خاتا تاللىغانلىقىڭنى تونۇپ يەتكەنلىكىڭدىن دېسەك توغرا بولامدۇ؟ — دەپ سورۇدۇم كېتىۋېتىپ.

— بۇنى قانداق چۈشۈنۈشنى خالىساڭ شۇنداق چۈشەن، ئەمما مەندىن سورۇما، — دېدى ئۇ قىزىرىپ. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر تېپىشماق بولۇپ قالدى.

— بۇ ئىشتا قوشنىلارغا ئىشەنچ قىلغىلى بولارمۇ؟ يەنى ئۇلار مەلۇم پۈتمەيۋاتقان ئىشى ئۈچۈن ھە دەۋاتقان بولسا، ئىشى پۈتسىلا يەنە سېتىۋەتمەسمۇ؟

— قارا، بۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك. تەلەيسىزلىكىمىزدىن شۇلارغا قوشنا بولۇپ قاپتۇق، باشقا قوشنىمىز بولمىسا، قانداق قىلىسەن؟ ئولتۇرۇۋېرەمسەن! ئاخىرى نېمە بولۇدۇ؟

— ئۇغۇ توغرا، ئەگەر ئىش مەيدانغا چىققاندىن كېيىن، مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە — خۇددى ئۆتمۈشتە بولغىنىدەك — ئاندىن سېتىۋەتسە، ھېچ بولمىغاندىمۇ دۇنيانىڭ بىر كەررە دىققىتى قوزغۇلۇپ، تارىخلارغا يېزىلىپ، بۇ زېمىن ھەققىدە «بۇنىسى خىتاينىڭ ئەمەس، بۇنداق، بۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن،... » دېيىلىپ قالارىدى ـ دە، ئەمما بۇ دەپتەردىكى پىلان ھالىتىدە ئۇجۇقتۇرۇلسا ئەلەم بولۇدۇ شۇ!

— قېنى تەۋەككۈل قىلىپ باقايلى. جۆر ئۆيگە، ئايىم ساقلاپ كەتمىسۇن.

— توختا، بىزمۇ شۇ ئۈيغۇر مېھماندارچىلىقىغا ئالدىراپ كەتمەيلى، مېنىڭ يەنە دېيىشىدىغان گەپلىرىم بار. تالادا دېمىسەم بولمايدۇ، چاشقانلىرىڭ ئۇركۈپ كەتمىسۇن.

بىز ئىشىك ئالدىدىن يەنە گۈللۈك تەرەپكە بۇرۇلدۇق. گۈللۈكتە بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بولغىچە گېپىمنى باشلىمىدىم.

— يەنە نېمە مەۋزۇلار بار سەندە؟ پۈتكەن ئىش ھەققىدە يەنە تالاش ـ تارتىش قىلماقچى بولساڭ، بۇ ئىشقا زىيانلىق، بۇنى ھەرگىز قىلما، — دېدى

سەيپىددىن ئەندىشە بىلەن، — گۇمانلىق سوئاللىرىڭنىمۇ ئاڭلىغۇم يوق. خوش، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەس بولسا قارايمىز.

— ھامىنى «نەتىجە چىقامدۇ ـ يوق دەپ ئولتۇرۇۋېرەمدۇق، تەۋەككۇل قىلىپ باقمايمىزمۇ» دەيدىغان گەپكەن، مانا، شۇنداق بولغاندىكىن 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شۇ تەۋەككۇلنى قىلغۇلۇق ئىكەن،... خەير، بۇنى ھازىر دېگەننىڭ تاپا ـ تەنە مەنىسىدىن باشقا مەنىسىمۇ يوق،... مەن سېنىڭ ھېلىمۇ كوممۇنىست ياكى ئەمەسلىكىڭنى قايتا سورىمايمەن، بايا سوراپ بولدۇم، جاۋاپقا تاۋاڭ يوقلۇقىنى بىلدىم. ئەمما 50 ـ يىللاردىكى كۆرۈشۈشىمىزدە دېگەنلىرىمنىڭ راستلىقىنى بۈگۈنكى ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، «ھە، قانداقكەن؟» دەپ سېنى ئوسال قىلىش نىيىتىممۇ يوق. ئەمدىكى نىيىتىڭ ھەرھالدا ياخشى، ئاللاھ نىيىتىڭگە يەتكۈزسۇن. ئەمما قارار ئېلىشلىرىڭدا مەلۇم رولى بولار دېگەن ئۈمىتتە ساڭا بۇ بىر قەرنە[①] ئىچىدە تۈرمىلەردە كۆرگەنلىرىمدىن بىرنەچچە ئۆرنەك سۆزلەپ بەرسەم دەيمەن، يەنى شۇ كوممۇنىست دېگەن «خەلقنىڭ غەمگۈزارلىرى»دىن كۆرگەنلىرىمنى.

سەيپىددىن بىر تۈرلۈك جىنايەتكە شېرىكلىك تۇيغۇسىدىن ئېزىلگەندەك دولىسىغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇندېمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ داۋام قىلاي دەپ تۇراتتىم، ئۇ خۇددى خىجالەتلىك بىر ئىشنىڭ روي بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالدىرىغاندەك ھولۇقۇش بىلەن، بىردىنلا:

— بولدى، سۆزلىمىسەڭمۇ بولىدۇ، ۋاقتىمىز يوق، مەن بۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن، — دېدى گەپنى ئۈزۈپ.

— تەسەۋۋۇر قىلالايسەن ـ ھە!؟ ئاشۇ مىللىي ئارمىيىدىكى سەبداشلىرىڭنىڭ، ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ قانداق قىيناققا ئېلىنغانلىقىنى، ئۇششاق چوقۇلغان ئەينەك پارچىلىرى ئۈستىدە يالىڭاچ يۇمۇلۇتۇلغانلىقىنى؛ نەچچە كۈندە بىر قېتىم يۈز گىرام تاماق بېرىش يولى بىلەن، ئۇلارنى ئۆرە تۇرالمايدىغان، ئۆمۈلەيدىغان قىلىپ قويغانلىقىنى، بۇنىڭ

---

① بىر قەرنە — ئۇيغۇرلاردا بىر خىل ۋاقىت ئۆلچىمى بولۇپ، 30 يىل، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا 50 يىلنى بىلدۈرىدۇ، — ئا.

بىلەن ئاشۇ جەسۇر جەڭچىلەرنىڭ قەددىنى ئېگىپ، ئېچىنارلىق دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايسەن، شۇنداقمۇ؟! بۇ نېمە ئۈچۈن ئىدى، بىلەمسەن؟ ئاشۇ يىللاردا — «ئازاتلىق ئارمىيە» بىلەن مىللىي ئارمىيە دەسلەپ ئۇچراشقاندا — مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى قاۋۇل، بەقۇۋۋەت، فورمىسى تېخىمۇ ھەيۋەتىنى ئاشۇرغان؛ ئەمما خىتاي ئەسكەرلىرى خام- سەگەزنى بوياپ تىككەن بىچارە چىراي فورما، شەپكىلىرىمۇ شۇنچىلىك مىجىق، گوجەي ئورىغان پۇتلىرى قوناق شېخىدەك يىڭنىچكە، ئۇزۇن يولدىن كەلگەچكە شۇنچىلىك ھالسىز، «پۇۋ» دېسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك ھالدا بولغاچقا مىللىي ئارمىيە سىپىدىكىلەر «مۇشۇلار بىزنى ئازات قىلامدىكەن؟ ماڭغىدەك ھالى بولماي، قانداقمۇ بىزنى ئازات قىلسۇن! » دېيىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ مەسخىرە قىلىشقان ئەمەسمىدى؟ ئەنە شۇنىڭ قىساسىنى ئېلىۋاتاتتى! بۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلالايسەن- ھە! بىر كۈنى مەن كامىرنىڭ تۆمۈر پەنجىرىسىدىن بىر ئاز ساپ ھاۋا ئېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقىنىمدا، ئاشۇ «ئازاتلىق ئارمىيە»نىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرنەچچىسى بىر بويىدا بار ياش چوكاننى دەممۇ- دەم قونداق بىلەن ئۇرۇپ، تېپىپ، ئېلىپ مېڭىپتىكەن. ئۇ مېنىڭ كۆرۈش دائىرەمدىن چىقىپ كەتكۈچىلا قانچە قېتىم دۈم چۈشتى! يۈز- كۆزى ئەسلىدىنلا قان ئىدى. ئەمما ئۇ بىردىنلا چىقىراپ تولغۇشۇپ كەتتى. خىتايلار ئۇنى سۆرەپ تۇرغۇزۇپ، يەنە مېڭىشقا زورلىدى. شۇ چاغدا بايقىدىمكى ئۇنىڭ پاچىقىدىن سىرغىپ قان ئېقىۋاتاتتى، يىلىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچىقىدا تۇرۇپ قالغان بىر نەرسە زورۇقۇپ ئېلىنغان قەدەم ھەركىتى بىلەن لوپۇلداپ، ئىككى پاچىقى ئارىسىدا پۇتلىشۇپ تۇراتتى. دېمەك ئۇنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەن ئىدى! مېنىڭ كۆز ئالدىمدا! شۇنچىلىك قىسقا ئارىلىقتىلا! بۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلالايسەن، شۇنداقمۇ؟ ئاچلىق دەستىدىن چوچقا يېمى ئوغۇرلاپ تۇتۇلۇپ قالغان يىگىتلەرنىڭ — تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەرنىڭ — ئاشۇ چوچقا يېمى ئۈچۈن تاياق يەپ مېيىپ بولۇپ قالغانلىرىغا نېمە دەيسەن؟ دىققەت قىلىۋاتامسەن؟ چوچقىنىڭ يەيدىغىنى بار، يېتەرلىك بېسىلىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما ئىنسان ئۇنىڭغا زار ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈۋاتىدۇ! تاياق ئاستىدا ئۆلگەن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى — ئاشۇ بىر سىقىم چوچقا يېمى، سېسىق قوناق ئۈچۈن! سەن قوماندان ئۇ سېنىڭ ئەسكىرىڭ ئەمەسمىدى؟ سەن يۇرت ئاتىسى،

ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ ئەمەسمىدى؟!

— بولدى قىل! جېنىڭنىڭ ھەققىدە! ـ دېدى ئۇ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئاۋاز بىلەن. مەن ئۇنىڭ رەڭگى روھىنى كۆرەلمەيتىم. ئەجەبا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىگەنمىدۇ؟

— توختا، خۇلاسەمنى دەۋالاي، ئاشۇ ئايالنى ئۇرۇپ ماڭغان ئەسكەرلەر كەمبىغەل، پۇرولېتارىيات سىنىپىدىن كېلىپ چىققان ئەمەسمىدى؟ ئۇلار بىر كاپىتالىستنى، بىر پومىشچىكنى ئەمەس، ئۆزىدەك بىر ئېزىلگۈچىنى ئۇرۇۋاتقىنى نېمىنى چۈشەندۈرۈدۇ؟ سىنىپ ئۇقۇمىنىڭ نەقەدەر كۈلكىلىكلىكىنى ئەمەسمۇ؟ مەقسەت سىنىپ ئەمەس، مەقسەت مىللەت دېگەننى چۈشەندۈرۈۋاتامدۇ؟

— ئۆتۈنۈپ قالاي!...

يېتەرلىك بولغاندەك قىلاتتى. ئاشۇ شېھىتلەرنىڭ، زۇلۇمدىن تەنلىرى پارە-پارە بولغان ھېساپسىز كىشىلەرنىڭ بۇنچىلىكمۇ ھېساپ - كىتابىنى قىلىپ قويمىسام، ئۇلارنىڭ روھىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟ بۇنى باشقا كىم دېيەلەيدۇ؟ ئەمدى بولدى. بىر ئاز ئىچىم بوشىغان ئىدى. ھەتتا بۇ پاكىنەك ئادەمگە بىر ئاز ئىچىم ئاغرىپمۇ قالدى. شۇڭا كەيپىياتنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ:

— مەن ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسىمىز بولغان ئەدەبىيات ھەققىدە بىردەم تالىشايلى دەيمەن، — دېدىم.

— ۋاھ، بۇنىمۇ مۇشۇ يەردە دېيىشىمىز كېرەكمىكەن، ئۆيدە دېيىشسەكمۇ بولاتتىغۇ؟ — دېدى ئۇ خۇپسەنلىك بىلەن. چۈنكى مەن بۇنى تالادا دېيىشمەكچى بولغان ئىكەنمەن، دېمەك، بۇنىڭدا چوقۇم چەكتىن ئاشقان مەزمۇنلارنىڭ بولۇدۇغانلىقىنى ئۇ قىياس قىلالمىغۇدەك ساددا ئەمەس ئىدى.

— ئالدىراپ كەتمە، مەن بۇ تېمىنى ئېچىشتىن بۇرۇن سەندىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، يەنى ساڭا چېتىلىپ قالىدىغان مىساللار بېرىلسە چېچاڭشىپ كەتمە. تېما پۈتۈن مىللىي تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، سەن ۋە مەن بەك كىچىك، ئەرزىمىگەن شەيئى بولۇپ قالىمىز. 50- يىللاردا دېگەنلىرىڭ يادىڭدا بارمۇ؟ خەلقارا كوممۇنىزىم ھەركىتىنىڭ چوڭلۇقى ئالدىدا بىرنەچچە يۈزمىڭ ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى ناھايىتى كىچىك قۇربانلىق دېگەننىڭ. خۇددى شۇ فورمىدا

چۈشەنگىنىڭدە، مەن دەيدىغان بۇ ئەدەبىيات تىمىسىمۇ شۇنداق چوڭ بىر مەسىلىكى، سىنىڭ، مىنىڭ ئىززىتىمىز ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.

— بولىدۇ، مەن سۆز بەردىم، سىنىڭ شۇ خاتىرەڭ ھەققەتەنمۇ مۇدھىش جۇمۇ! ئاشۇ ھىساپلارنى بۇ يەردە ئىپىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىلىۋالماستىن ئۆتەلمىگەن بولساڭ بوپتۇ، شەرىمنى بەردىم، گىپىڭنى باشلا.

— بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە نىمە باھايىڭ بار؟ نىمە دەپ ئويلايسەن؟

— مىنىڭكىنى ھېچ سوراپ ئولتۇرما، ئۆزەڭنىڭ ئويلىغانلىرىڭنى دەۋەر. يەنە بىر ھۆججۆمۈڭ بارمىدى-يا؟

— يوق دىيەلمەيمەن، بۇ ئايرىم گەپ. توغرا بۇ تىمىنى ئاشۇ 50-يىللاردا ئاچماقچى بولغىنىمدا ئاغزىمغا ئۇرغىلى تاس قالغانتىڭ، ئەمدى سىنىڭ يۈمشاپ قالغان پۈرسىتىڭدە بۇنى دىيىشمىسەم بولمايدۇ. بۈگۈنكى ئەدەبىياتنى بەزىلەر رىيالىزم دەۋاتىدۇ؛ بەزىلەر سوتسىيالىستىك رىيالىزم دەۋاتىدۇ. سىنىڭچە بۇلار راستىمدۇ؟ توغرا، سەندىن جاۋاپ كۈتمەيمەن، بۇ بىر رىتورىك سوئال، بىشىڭنى قاتۇرما. مەنچە ئەدەبىياتىمىز تىلغا ئىلىۋاتقان ئاشۇ «پارتىيەنىڭ شەپقەتلىرى»، «بەخت ياراتقان»لىقى، بۈگۈنكى بىز ياشاۋاتقان بۇ جەمىيەتنىڭ «جەننەتكە ئوخشايدىغان»لىقى رىياللىقمىدۇ؟ يەنى بۇنى سەن ئاشۇ پاختەكلىگە بىرىنچى بارغىنىڭدا ياراتقان ئاجايىپ يول ئىدى. ئىككىنچى قېتىممۇ بۇنى يېڭىلىدىڭ، قىزارما، قىزارماسلىققا سۆز بەرگەن ئىدىڭ.

سەيپىددىن ئۈلۈق كىچىك تىنىدى. ئۇنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. چۈنكى ئىككىمىز يانمۇ - يان ئولتۇراتتۇق. ئۇ پاكار بولغاچقا ئۇنىڭ سىياسىيونلارغا خاس مىكىرلىك كۆزلىرىنى، كىچىككىنە يۈزىنى كۆرەلمەيتتىم. چىراي ئىپادىلىرىنى كۆرەلمىگىنىم ئۈچۈن بۇنىڭغا بىرنىمە دىيىش ھەققەتەنمۇ تەس ئىدى. يان تەرەپتىن كۆزۈتۈش ئۈچۈنمۇ مەن گەۋدەمنى نېرىغا قاچۇرۇپ تۇرۇپ قارىمىسام يۈزىنى ياندىنمۇ كۆرەلمەيتتىم. ئۇ بەربىر جاۋاپ بەرمەيتى. شۇڭا داۋام قىلدىم.

— توغرا، ئىككىنچى قېتىملىق پاختەكلى سەپىرىڭدىكى «ساداقەت» ئىپادىلەشلىرىڭمۇ ھىلىقى مەشھۇر «گامبىت»ىڭنىڭ جۈملىسىدىن بولۇشى

مۇمكىن. ئەمما، بۇنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز پىسخىك بۇزغۇنچىلىق رولى ھەققىدە ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ كىشىلەر ھايات رىياللىقى بىلەن سەنئەت رىياللىقى ئارىسىدا بىر تاللاشقا دۇچ كېلىپ، گاڭگىرىماقتا. كىشىلەر ھايات رىياللىقىدا نۇرغۇن نەپرەتلىك نەرسىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ؛ ئەمما نەپرەتنى ھەرىكەتتە ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ قايمۇققان، ئىككى خىل رىياللىق ئارىسىدىكى تاللاشتا بىر خۇلاسىگە كېلەلمىگەن بولۇپ، كۆرگىنىگە ئىشىنىش ياكى ئاڭلىغىنىغا ئىشىنىش ئارىسىدا تېڭىرقىغان ھالەتتە. چۈنكى، ئۇنىڭ ھايات رىياللىقى ئۈستقۇرۇلما مېدىياسى تەرىپىدىن توختاۋسىز گۈزەللەشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلىدۇ؛ باغچىلاردىكى غەلىتە ئەينەكتە ئەمەلىيەتتىكى ئوبراز كۈلكىلىك ھالەتتە كۆرسىتىلىدىغۇ؟ بىزدىكىسى دەل بۇنىڭ ئەكسى. ئەمەلىيەتتىكى رەزىللىكلەر گۈزەللەشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلىدۇ. مانا شۇنداق تەتۈرلۈك، يالغان رىياللىق تەسۋىرلىرى كاللىلارغا توختىماي قاچىلاپ تۇرۇلغاچقا، كىشىلەرنىڭ توغرا ـ خاتا ھەققىدىكى ھۆكۈم قىلىش مىزانلىرى سەزگۈرلۈكىنى يوقاتقان. ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىگە ئۆزلىرىمۇ قارار بېرەلمەيدىغان ھالغا كەلگەن. بۇ ھالدا بۇ خەلقنى بىر ناھەقچىلىككە قانداق قارشى تۇرۇدۇ، دەپ ئويلايسەن؟ ئالدى بىلەن ئۇ ئىشىنىڭ ناھەقلىكىگە قانداق ئىشەنچ قىلالايدۇ؟ ئىشەنچ بولمىسا، قانداق قارشى تۇرۇدۇ؟ ئىنسان ئۆزى خاتا دەپ شەكسىز ئىشەنچ قىلالىغان نەرسىگىلا ئۈزۈلكېسىل قارشى تۇرۇدۇ. توغرا نەرسىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىسى دىن، ئەخلاق مىزانلىرى تەرىپىدىن ئورتاق لەنەتلىنىدىغان بولغاچقا، پۈتۈن نەپرەتكە نىشان بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، توغرا نەرسىگە قارشى تۇرۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ. خۇددى شۇنداق، خاتا ئىكەنلىكىگە ئۆزى كەسكىن ئىشەنچ قىلالمىغان نەرسىگە قارشى تۇرۇشقىمۇ جۈرئىتى بولمايدۇ ياكى ئىشەنچسىزلىك روھى ھالىتى بىلەن قارشى تۇرسىمۇ، ناھايىتى ئاسانلا يېلى چىقىپ كېتىدۇ.

سەيپىددىن سۆكۈتكە چۆمگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق سۆكۈتىنى سىياسىيونغا خاس قىيىن ئەھۋالدا جىم بولۇۋېلىش دېيىشكىمۇ، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش، ھەسرەتلىنىش دېيىشكىمۇ بولاتتى.

— ئاشۇ 50- يىللارنىڭ بېشىدا سەن يازىتىپ بەرگەن ئەدەبىيات يولى،

ساختا رىياللىق يارىتىشتىن ئىبارەت ئەدەبىي قىلىپ هازىرغىچە خەلقىمىزنىڭ مەنەۋىيىتىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى ماشىنا ئادەمدەك سەزگۈسىز، ئىدراكسىز بىر باياۋانغا باشلاۋاتىدۇ. بۇ خەلقنىڭ قايتا ئادەم بولۇشىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئارقىغا كېتىۋاتىدۇ. ئەڭ ئاز ئۆتكەن ئوتتۇز يىللىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ جىنايىتى، خىتايلارنىڭ بىۋاسىتە زىيىنىدىن ھېچ ئاز ئەمەس دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز! سىېنىڭ ئاشۇ «كۆرەش يولى»نى ئۆزگەرتكۈزگەن ئاخىرقى نۇسقىدەك، رىياللىقنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلىگەن نەچچە ئەسەر بار دېيەلەيسەن؟

سەيپىددىن گۈللەر ئۈستىدە گىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن گۈلدەكلا چىرايلىق بىر ھەرىنىڭ گۈل بەرگىگە قونۇپ، ئاندىن تۆكلۈك پۇتلىرى بىلەن گۈلنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئاتىلىق تاللىرىغا كېلىپ، يالاۋاتقان ھەركىتىگە قىزىقىپ قاراۋاتقاندەك مۈكچۈيۈۋېلىپ، جىممىدىلا ئولتۇراتتى. بۇ ھالدا راستىنى دېسەم ئۇنىڭغا قىلغان سۇندۇرۇش تىپىدىكى ھۇجۇملۇرۇم ئۇچۇن بىر ئاز خىجالەت بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپمۇ قالغاندەك ئىدىم. نېمە قىلسۇن، شۇ كىچىككىنە ۋۇجۇت، يالغۇز بېشىغا ئۇ قەدەر چوڭ بىر ئىشنى قىلالامتى ئەمەسە، دېگەندەك ئاقلاشقا ئۇرۇندى بىر كۆڭلۈم.

— توغرا، بۇنى مۇشۇ ئوتتۇز يىلدىلا شەكىللەندى، دېيەلمەيمەن. بۇنىڭ يىلتىزىنى تارىخىمىزدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە قەشقەردە — نوۋېشى مەكتەپتە بولۇپ تۇرۇدۇغان مۇئەللىملەر سۆھبەتلىرىدە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئەسلىيەلەمسەن؟

— ئۇ قەدەر ئۇجۇر ـ بۇجۇرلارنى ئەستە تۇتالايدىغان ھەممە ئادەم سابىت ئەپەندىمۇ؟ — دېدى ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ ئورانىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيەتتىن بىر ئاز بولسىمۇ ئازات بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ.

— مەمتىلى ئەپەندى شۇ چاغدا، بەزىلەرنىڭ كىلاسسىكلارنىڭ داستانلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتە يېتەرسىز بولسىمۇ، يەنىلا رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ، شۇنى سەھنىلەشتۈرۈشنىڭ ئەۋلاتلارغا پايدىسى بولۇدۇغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. مانا شۇ چاغدا ئۇ كىلاسسىكلارنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر قاراڭغۇ كۈتۈپخانىلىرىغا بېكىنىۋېلىپ، جاھاندىن بىنەزەر، رىيالىقتا ھېچ ئالاقىسىز ھالدا

يېزىپ يۈرگەن شېئىرلىرى، داستانلىرى ھەققىدە تەنقىدىي قاراش بايان قىلغان. ھەتتا بۇ داستانلارنىڭ شۇ چاغدىكى سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا قايتا بېسىلغان نۇسقىلىرىدا تەھلىل قىلىنىپ، كوممۇنىستىك ئىدىيە، سىنىپ ئۇقۇملىرى يۇكلەپ قويۇلغانلىقى، سۈنئىي ھالدا تېشىدىن تېڭىلغان بۇ ئىدىيىلەر، بۇنداق سىنىپ ئۇقۇملىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئەسەر ئاپتورى تەرىپىدىن ئويلاپ كۆرۈلگەن ئېھتىماللىقى ھېچ يوق ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن ئىدى. 50-يىللاردىن باشلاپ، بىزدىكى مەتبۇئاتلارمۇ سوۋېت فورمىسى بويىچە ناۋايىدا، نازارىدا كوممۇنىستلىق ئىدىيەنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. سىنىپىي زىددىيەت نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ بۇنى تەكرارلاشتى. كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى بۇلبۇل پۈرولېتارىيات سىنىپىنىڭ، زاغ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاشلار بولسا ئەزگۈچىلەرنىڭ سىمۋولىمىش كەبى تەھلىللەر بېرىلەتتى. سەنچە بۇ راستىمدۇ؟ مانا شۇنداق رىياللىقنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈدۇغان ئەسەرلەرنىڭ تارىخىمىز بويىچە بولمىغانلىقى، مۇشۇ تارىخىي ئەدەبىيات زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭمۇ خۇددى شۇنداق ساختىلىققا تولۇشىنى بەك نورمال كۆرسۈتۈدىغان ئاتموسفىرا ياراتقان. كىلاسسىكلاردىن موللا بىلال نازىمنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن»، «نوزۇگۇم»، «كۆچ قوشىقى» قاتارلىقلار ۋە موللا شاكىرنىڭ بىر داستانى ئۆز دەۋرىدىكى مەلۇم بىر قارشىلىق ھەركىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەننى مۇستەسنا قىلغاندا، بەدىئىي گۈزەللىكى، پاساھىتىدىن قەتئىينەزەر، پۈتكۈل ئەدەبىياتىمىز ئەنە شۇنداق رىياللىقتىن قېچىش، رىياللىققا ئالاقىسىزلىق خاھىشىغا تولغان. سانسىز دىۋانلارنى تولدۇرغان شېئىرلارنى ئوقۇساق تىل گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلانغىنىمىز بولمىسا، ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقى، ئىدىيىۋىي ھالىتى، تۇرمۇش ئادىتى، سىياسىي ھاياتى،... ھەققىدە ئىشەنگۈسىز مۇناسىۋەتسىزلىك ئىپادە قىلغان. بۇ زېمىندا يېتىشكەن بۈگۈنكى ئەدەبىيات بولسا، رىياللىقتىن قېچىشتىن ئۆتۈپ، ساختا رىياللىق يارىتىشتەك جىنايى يولغا ماڭدى. بۇنى كوممۇنىستلارنىڭ زاتىدىن يالغانچى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن دېيىشكىمۇ بولۇدۇ.

— سېنىڭ بىر تەتىلدە دىۋان قىلىپ تۈزگەن شېئىرلار توپلامىڭ قايسى تۈرگە كىرەتتى؟ — دەپ سورىدى سەيپىددىنمۇ سانچىۋېلىشنىڭ پۇرسىتىنى

چىقىپ تۇتتۇم. ئەمما مەن سەمىمىيلىكتىن باشقا يول بىلەن ئۆزەمنى ئاقلىيالمايتتىم شۇنداقلا ئەمەلىيەتمۇ شۇ ئىدى:

— ئۇمۇ ئاشۇ كىلاسسىكلارنىڭ يولىدا ئىدى. ئېسىڭىزدىمۇ، تەتىلدىن كېيىن توپلىغان خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى مەتبەلىي ئەپەندىگە كۆرسەتكەن پۇرسەتتە بۇ توپلامنىمۇ كۆرسەتكەنىدىم؟ ھەتتا، تەتىلدە دوستلار ئارا مۇھاكىمە قىلىشقان چېغىمىزدا ئابدۇراھمان شائىرمۇ قارشى تۇرغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ھەممىمىزدىن چېچەن بولغاچقا، مەتبەلىي ئەپەندىنىڭ قاراشلىرىنى ئاللىقاچان مۇلاھىزە قىلىپ، توغرا تېپىپ، قوبۇل قىلىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇنىڭغا مەسخىرىلىك باققان ئىدى. ئەكسىچە، مېنىڭ ھازىرقى زامانغا ئۇيغۇن، رىياللىقتا يېقىن قوپال شېئىرلىرىمنى ماختىغان ئىدى. كېيىن مەتبەلىي ئەپەندىمۇ خۇددى شۇنداق قىلدى. كىلاسسىكلارنىڭ شېئىرى تېخنىكىنى ئۈلگە ئالغاندىن باشقا، رىياللىقتا بولغان ئالاقىسىزلىكى، مەپكۇرىسىزلىكى، ئۆز ھەۋەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئىجادىيەت قىلىشتەك شەخسىيەتچىلىكىنى ھېچ دورۇماسلىقتا دەۋەت قىلغان ئىدى.

سەمىمىيلىك بىلەن ناتوغرا قىلغان ئاشۇ قىلمىشىمنى ئېتىراپ قىلىشىم، سەيپىددىننىڭ تاۋۇزىنى قولتۇقىدىن چۈشۈرۈۋەتتى.ئۇ يەنە جىم بولۇپ قالغان ئىدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ مۇرىسىگە يېتىپ ئولتۇرۇۋەرمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ تېمىنى باشقا تەرەپكە تارتىپ، داۋام قىلدىم:

— مەن بۇ تېمىنى ئاخىرقى كۈنلەردە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن سۆزلەشتىم.

— ھە، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى سەيپىددىن قىزىقىپ.

— قاراشلىرىمىز ئاساسەن بىر يەردىن چىقىدىكەن. شۇغۇنىسى ئۇ بىر ئەمەلىي قىينچىلىقنى نەزەردە تۇتۇشقا دالالەت قىلدى: مۇشۇ دەۋردە تۇرۇپ، بۇ دەۋردىكى رەزىللىكلەرنى، سەلبىي ھالالارنى يېزىشىمىزنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. چۈنكى جان ھەممە ئادەمگە تاتلىق-دە! كوممۇنىست دېگەن ئۆزىنى ماختىغۇزۇدۇغان، تىللاتقۇزمايدىغان نەرسە تۇرسا.

— ئۇ ئەمەلىيەتنى دەپتۇغۇ؟ سەن يەنە نېمە دەيسەن؟

— ئەمما بۇ جەمىيەتنى «جەننەت»كە، كوممۇنىست پارتىيەنى «قىبلىگاھ»قا ئوخشۇتۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىشكە ھېچكىم مەجبۇر

قىلغىنى يوق. تەنقىدنى يازالمايدىغانلىقى راست، ئەمما ئۇ دەرىجىدە غالچىلارچە تەبىئەت نامايان قىلىپ ماختىمىسۇن-دە!

— ھە، ئۆتكۈر يەنە نېمىلەرنى دېدى؟ قانداق تەدبىرلىرى باركەن؟ نېمە ئويلاۋېتىپتۇ؟

— ئۆتكۈر: «بۈگۈنكى رىياللىقنى پەدازسىز ئەكس ئەتتۈرۈش تەس. سىمۇوللۇق يېپىق قىلىشنىڭ ئانچە بەك پايدىسى بولمايدۇ، خەلقنىڭ بۇنى چۈشەنگۈچىلىكى بولمىسا. پەقەت تارىخىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇ يول بىلەن خەلققە تەربىيە بېرىشكە مۇمكىنچىلىك بار. چۈنكى ئۆتمۈش كوممۇنىستلار تەسۋىرلىگەندەك ‹قاراڭغۇ زۇلمەتلىك› بولغاچقا، ئۇنى ئېنىق يېزىش كوممۇنىستلارغا پۈتلاشمايدۇ. ئەمما بۈگۈنكى رىياللىقتا زۇلۇم بار دېيىش بىر ياندا تۇرسۇن، ھەتتا بىرەر بەختسىز ھادىسە — مەسىلەن قاتناش ھادىسىسى دېگەندەكلەرمۇ بولمايدىغان، پۈتۈن ئىش بەختنىڭ ئىچىدە، خوشاللىققا چۆمگەن تىپتە بولۇشى كېرەك تۇرسا! قانداقمۇ بۈگۈنكى رىياللىققا چېقىلغىلى بولسۇن» دەيدۇ.

— بۇمۇ بولىدۇغان گەپكەن، توغرا دەيدۇ...

— شۇنداق، ئەمما ھەر پۈرسەتنى مارايلا تۇرساق، بىر دىققەتسىزلىكتىن پايدىلىنىپ، ئاغزى ئوچۇق قالغان قەپەزدىن ئۇچۇپ چىكەتكىلىمۇ بولىدۇ. قارا، بۈگۈنكى ياشلارنىڭ مۇتلەق كۆپچۈلۈكىدە خوشامەتچىلىك تەبىئىتى يوقتەك تۇرىدۇغۇ.

— بۇلاردىن مەقسىدىڭنى چۈشەندىم. بىر ئاز يېشىل چىراق تەلەپ قىلىسەن. بۇ ئاستا - ئاستا بولىدۇ.

ئەمدى بۇ تېمىنى ئارتۇقچە ئۇزارتقىم كەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ شۇنى دېيىشتىن ساقلىنالمىدىم:

— ئاڭلىسام فىرانسىيىلىك بىر مۇتەپەككۇر «بېسىۋېلىنغان مىللەتنىڭ سەرخىل ئادەملىرى ئۇدا ئۈچيۈزيىل قىرغىن قىلىنسا بۇ مىللەتنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈش ئېھتىماللىقى پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ» دەپتىكەن، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەيپىددىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. شۇڭا مەن گەپنى ياپسالاپ، — توغرا، سەن ئۇيغۇرلارنى «بېسىۋېلىنغان مىللەت» ئەمەس، بەلكى «ئازات

قىلىنغان مىللەت» دەپ قارايسەن، مەنمۇ خاسلا ئۇيغۇرلارنى نەزەردە تۇتۇپ دېمەيۋاتىمەن، ئومۇمەن ئالغاندا، ھەرقاندق بىر مۇستەملىكە مىللەتنىڭ ئۇقۇمۇشلۇقلىرى، نوپۇزلۇقلىرى، ئېسىلزادىلىرى غەرەزلىك تۈردە قىرغىن قىلىنسا، ئاردىن ئۇچيۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ھاياتىدا ئۇلارنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈشىدىن ئۈمىت قىلغىلى بولارمۇ، سەنچە؟ — سەيپىددىننىڭ تاتىرىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئىككى تاش ئارىسىدا قىينىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. ئۇ يولنى خاتا تاللاپتىكەنمەن دېيىشكە بويۇنتاۋلىق قىلاتتى (ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيتى)، تۇغرا قىلغانمەن، دەي دېسە ئالدىدىكى رەھمسىز رىياللىق كۆرمەسلىككە سالسىمۇ ئۇنىماي كۆزىگە پېتىپ تۇراتتى.

بۇنى ئاشۇ يۇقارقى مۇنازىرىمىزنىڭ بىر يەكۈنى سۈپىتىدە دەۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىرىتىشىدىن بۇرۇن جىددىي ھالدا شۇنى سورۇدۇم:

— 50-يىلى كۈچار ئەتراپىدىكى تاغلاردا پارتىزانلىق ھەركەتلىرى بولغانلىقىغا دائىر سوئاللىمغا شۇ چاغدا قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتكىنىڭ ئېسىڭدە بارمۇ؟ ئەسلىدە ئاشۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىدىن قالغان ئەڭ يوقۇرى دەرىجىلىك رەھبەر سەن ئىدىڭ، مىللىي ئارمىيەمۇ، خەلقمۇ ساڭا ئەگىشەتتى، بۇ سوۋېتتىن باشقا ئۇچىنچى بىر دۆلەتنىڭ قوللۇشى دېمەكتى. ئاجايىپ ياخشى پۇرسەت ئىدى. شۇغۇنىسى ئۇ چاغدا سەن دۇنيانى باشقىچە چۈشۈنەتتىڭ!

— بىلەمسەن، بۇ بىر بەختسىزلىك! سەن دېگەندەك بولغان ھالدىمۇ بىر پايدىسى بولۇشى ناتايىن ئىدى- يۇ...

— بۇنداق ياراشمىغان ئۆزەڭنى ئاقلاشنى قىلىپ ئاۋارە بولما. سەن بىر سىياسىيون، سىياسىي پۇرسەت نېمە دېمەك، بۇنى ئوبدان چۈشۈنۈسەن. غەلىبە قىلىش، قىلماسلىق باشقا بىر گەپ، ھەر پۇرسەتتە ئۇرۇنۇپ بېقىش بۇ باشقا گەپ. بىرى ئالاھ خالىسا مۇيەسسەر قىلىدىغان ئىش؛ كېيىنكىسى بولسا، بەندە بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن سەۋەپ قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز. بۇگۈن قىلماقچى بولۇۋاتقىنىڭمۇ بىر ئۇرۇنۇش ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ غەلىبىسىگە بىر كاپالەت بارمۇ؟ بۇنىسى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا تۇگەر. ئەمما 50-يىللاردىكىسى بۇگۈنكىگە

قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچلىكراق ئىدى.

بۇ گەپلىرىمدىن ئۇنىڭدا جىددىي بىر ئەندىشە، قورقۇنۇچلۇق بىر غەم پەيدا بولغاندەك تاتىرىپ ۋە بوزۇرۇپ كېتىۋاتقىنىنى سەزدىم. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى دەيدىغاندەك بىرنەچچە قېتىم ئېغىز ئۈمەللەپ، يەنە توختاپ قالدى. خېلى ئۇزۇن بىر سۈكۈتتىن كېيىن ئاخىرى بىر ئەپلىك يولىنى تاپقاندەك چىرايى سەل تۈزۈلۈپ، تۇيۇقسىزلا شۇنداق سورىدى:

ــــ مېنىڭ ھەققىمدە خەلق نېمە ئويلايدۇ؟ مېنى نېمە دەپ چۈشىنىدۇ؟ يەنى ماڭا بېرىدىغان باھاسى قانداق؟ ــــ بۇ سوئاللاردىن ئۇنىڭدا شەكلەنگەن ئەندىشىنى چۈشەندىم. ئەمدى ھەقىقىي دوستانە ئاگاھنى بېرىشىم مەجبۇرىيەت ئىدى.

ــــ شۇنى بىلگىنكى، پەقەت ھەركەت ئارقىلىقلا ئۆزەڭنى ئاقلىيالايسەن.

ــــ ھازىر مەن ھەقىقىي ھېسسىياتىمنى يېزىشقا تىرىشىۋاتىمەن، بۇلارنى كۆرسەڭ مېنى چۈشىنىسەن...

ــــ ياق، چۈشەنمەيمەن. ھەرىكەتتە خاتا قىلىپ، قۇرۇق ئۆزۈر سورىغاندەك بىر ئىش بولىدۇ. بىر ئەخلاقسىز ئادەم ئۆمۈر بويى ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر پەندى - نەسىھەت كىتابى يازسا بۇ ئۇنىڭ ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالامدۇ؟ كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنەمدۇ؟ بەلكىم ئۇنى تونۇمايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى بىر ئەخلاقشۇناسكەن دەپ ئىشىنىپمۇ قالار، بەختكە قارشى سېنى ھەممە ئۇيغۇر بىلىدۇ، ــــ بۇ سۆزۈمدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە تاتىرىپ كەتتى. ئۆزرىدىن كېيىن ئارقىسىدا قالىدىغان يامان ئاتىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىدى. ئۇ لەۋلىرى كۆكىرىپ، تىترەك ئاھاڭدا:

ــــ مېنىڭ خاتاسىم نەدە؟... ــــ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭ ھەركەت ئارقىلىق تۈزۈتۈش ئۇرۇنۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقەتنى يوشۇرماستىن دېيىشلا ئەمەس، ھەتتا ئېچىتىشقىمۇ مەجبۇر ئىدىم.

ــــ بۇنى ئەللىكىنچى يىللاردىكى ئۇچرىشىشىمىزدا دېگەن ئىدىم، خاتاسىڭ تارىخىي رولۇڭنى ئۇستۇڭگە ئېلىشتىن باش تارتقانلىقىڭدا.

ئۇ بىر ئاز شۈكلەپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە تىرىشىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا

ئۇرۇنۇپ:

— مەغلۇبىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق! سابىت داموللىمۇ مەغلۇپ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. مەغلۇبىيەتنىڭدىن قەتئىينەزەر تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخس بولۇپ قالاتتى.

ئايىمخان قىشىمىزغا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن تىت - تىتلىق چىقىپ تۇراتتى. بەك كۆپ ۋاقتىمىز ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— بولدى تۇرايلى، «پاختەكلىرىم» سايراپ كەتمىسۇن، — دېدى سەيپىددىن ئايىمخان تەرەپكە ئىشارە قىلىپ.

— ئەمما مېنىڭ دەيدىغانلىرىم تېخى تۈگىمىگەن ئىدى، — دېدىم قىيالماسلىق ئىلكىدە.

— يەنە نېمە موھىم گەپتى؟ ئۆيدە دېيىشەرمىز.

— بۇ قەشقەردىكى ئاخۇنۇپ، مىجىت قوزغۇلىڭى ھەققىدە ئىدى...

— ئاااا ! بولدى قىلە شۇنى، — دېدى ئۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر ھەسرەتنىڭ ئىزناسىنى تۇيدۇم. شۇغۇنىسى ئۇنىڭ بىلەن بۇ تېمىلاردا سۆزلۈشۈش قايتا نېسىپ بولمىدى.

✍✍✍

— سابىتكا، بىردەم توختاڭ، بىردەم سوئال - جاۋاپ قىلىشقۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدىم گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، — كىشىلەرنىڭ كۆپچۈلۈكى سەيپىددىننى مىللىي مۇناپىق دەيدىكەن، ۋەتەننى ساتقان دەيدىكەن، سىز قانداق قارايسىز؟

— بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر سوئال، قىيىن سوئال. مۇناپىقلىق بىلەن ۋەتەننى ساتتى دېگەن ئىككى گەپ ئايرىم - ئايرىم ئىككى مەسىلە. مۇناپىق دېگىنى سۆيەت؛ ۋەتەننى ساتماق ئەمەلىيەتتىكى ھەركەت. مانا ئەمدى بۇ ئىككى گەپنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن ئايرىم - ئايرىم جاۋاپ ئىزدىسەك بولىدۇ. مۇناپىق دېگەن بۇ سۆيەت ئەسلى ئەرەپچە سۆز، ئەرەپچىدىكى مەنىسى بىلەن ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى بىر ئاز پەرقلىق. مەسىلەن، ھەدىستە مۇناپىقنىڭ ئالامىتى شۇنداق

سىرالانغان: «سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ». بۇ بويىچە بولغاندا ھەممەيلەندە ئازدۇر - كۆپتۇر مۇناپىقلىق ئالامىتى تېپىلماي قالمايدۇ. ئانچىكى بىر ئىش ھىساۋىدا «ئۇششاق يالغان»لارنى سۆزلەپ قويمايدىغىنىمىز ئاز؛ بىرەرسىنىڭ قىممىتى تۆۋەن بىر نەرسىسىنى ئىشلىتىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرۇۋېرىدىغىنىمىزمۇ بار؛ بەزى «ئۇششاق ۋەدىلەر»نىمۇ كۆزىمىزگە ئىلىپ كەتمەيمىز. دەل شۇنداق بولغاچقا، ساھابىلەرنىڭ ئارخىپىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىنغان ھۇزەيفىدىن ھەتتا ئۆمەردەك ھايات تۇرۇپلا جەننەتتىن خۇشبىشارەت بېرىلگەن ساھابىمۇ «مۇناپىقلار تىزىمىدا مېنىڭ ئىسمىم بارمۇ - يوق؟» دەپ ئەنسىرەپ سورىغان ئىدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى پەرقلىق دېگىنىمىزدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇناپىق، سىياسىي مەيدان، نۇقتىئىينەزەرلەر نۇقتىسىدا خەلققە قارشى بولغانلار، دۈشمەن تەرەپ بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنى «خائىن» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش. سەيپىدىن قايسىسىغا تەۋە؟ مېنىڭچە ھەر ئىككىسىگە تەۋە. ھېچ بولمىغاندا ئۆتكەن بىر مەزگىلدە شۇنداق بولدى، مېنىڭچە، ئۇ، زامان تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغان بىر بىچارە. ئۇنىڭ جىمى خاتاسىنىڭ تۈپ ھالقىسى كوممۇنىستلىقنى مېنىڭسىگەنلىكىدە. بۇنىدىن كېيىنكى سەيپىدىنلەر نېمە بولىدۇ؟ ئۇنى كۆرۈۋاتىسىز! — سابىت ئەپەندى مۇشتەكنى سىقىمدىۋالغان ھالدا بىردەم خىيال قىلىپ، نېمىنىدۇر ئەسلىۋالماقچى بولغاندەك شۈكلەپ تۇرۇپ، ئاندىن يەنە داۋام قىلدى، — ئەمدى ئۇنىڭ ۋەتەننى ساتقانلىقىغا كەلسەك، بۇ دەل پاكىتىمىز بولمىغان ھالدا ئاسانلىقچە ئىسپات قىلىنمايدىغان قىيىن مەسىلە. شۇنداق بولسىمۇ بىز مەنتىقىي يول بىلەن بۇنى تەتقىق قىلىپ باقساق بولىدۇ. مەسىلەن: «سەيپىدىن ۋەتەننى ساتتى» دېگەنگە ئىشەنسەك، ئۇ ھالدا «ئەگەر ئۇ ساتمىغان بولسا، ۋەتەن ئۆزىمىزدە قالاتتى» دېگەنگىمۇ ئىشىنىشىمىز كېرەك بولىدۇ. شۇنداقمۇ قانداق؟ — سابىت ئەپەندى مەندىن جاۋاپ كۈتۈپ كۆزۈمگە قارىدى.

مەن باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدىم.

— ھېچ بولمىغاندىمۇ سىز بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟ يەنى سەيپىدىننىڭ ۋەتەننى ساتقانلىقىغا؟ مەنچە ئىشىنىدىغاندەك تۇرىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مەن خىجىل بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. راستىنى دېسەم مەن بۇنىڭغا ئىشىنىشكە مايىل ئىدىم. ئەمما مەنتىقە بويىچە كېيىنكى مەسىلىگە — يەنى «سەيپىدىن

ساتمىغان بولسا، ۋەتىنىمىز ئۆز قولىمىزدا بولاتتى» دېگەنگە ئىشىنىشكە كەلگەندە ئىككىلىنىپ قالدىم. بۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟ بۇ شۇنچىلىك ئاسان مەسىلىمىدى؟ شۇ بىر ئادەمنىڭ ئىرادىسى بويىچىلا بولۇدۇغان بولسا نەقەدەر ياخشىدى. سابىت ئەپەندى مېنىڭ خىجالەتچىلىكىمنىڭ نەدىلىكىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ داۋام قىلدى:

— خوش، «سەيپىددىن ساتمىغان بولسا، بۈگۈن ۋەتىنىمىز ئۆزىمىزدە بولاتتى» دېگەنگە ئىشەنگەن ھالدا ئاشۇ چاغدىكى خەلقارا ۋەزىيەت ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتىگە قايتىپ بېرىپ، ئەمەلىيەت ئۇستىگە قويايلى. ۋەتىنىمىز جاھان زومىگەرلىرى تەرىپىدىن سېتىلىپ بولۇنغان ئىدى؛ گەرچە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ئايرىم بىر ماددا ھاسىل قىلىنمىسىمۇ، خىتاينىڭ شۇ چاغدىكى مەۋجۇت چېگرالىرىنىڭ ئېتىراپى — زېمىنىپ ۋتۇنلۇكى شەكلىدە خىتايغا تەۋە قىلىۋېتىلگەن. بۇ ھالدا سوۋېتمۇ مېنىڭ قىلىۋالالمايدۇ؛ ۋاڭ جىننىڭ قوشۇنلىرى كەلدى، گومىنداڭنىڭ 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن بۇ زېمىننى ئۆز قەۋمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قارار قىلدى. بۇ ھالدا سەيپىددىن «ساتمايمەن» دەپ تۇرۇۋالسا، ۋاڭ جېن: «بۇ سالا يەمەيدىغان ئاداشكەن، چىڭ نېمىكەن، بۇنىڭدىن قانداقمۇ بىرنەرسە ئالغىلى بولسۇن، يۇرۇڭلار، ئاۋارە بولماي كېتەيلى» دەپ قايتىپ كېتەتتى، دېگەنگىمۇ ئىشەنگەن بولۇمىز. سىز بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

— ئىشەنمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا سەيپىددىننىڭ ۋەتەننى ساتقانلىقىغا قايسى مەنتىقىغە تايىنىپ ئىشىنىسىز؟ بۇ پەقەت سىياسەت ھەققىدە ھېچ ساۋادى بولمىغان، ساددا ئادەملەرنىڭ كوچىدا ئۇلتۇرۇۋېلىپ باھالاشلىرى، خالاس.

ئۈن چىقارمىدىم. سابىت ئەپەندى داۋام قىلدى:

— شەرقىي تۈركىستان خەلقارا چوڭ ئاتموسفىرا مۇستەسنا قىلىنغان ھالدا ئۆزىمىزنىڭكىلەردىن بىرلىرى ساتقان دېيىلسە، ئۇ ھالدا 11 بىتىم بىلەنلا سېتىلىپ بولۇنمىغانمىدى؟ ئەگەر ياق دېسىڭىز ئۇنى قانداق ئىزاھلايمىز؟ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» دېگەننى؟ بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىمىدى؟ ياكى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر

ئۆلكىسى ئورنىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمىدى؟ ئەگەر ۋەكىللىرىمىز «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت» دېگەننى ئېتىراپ قىلىپ، شۇ ئاساستا بىتىم قىلغان بولسا، دېمەك، ۋەتەننىڭ تەقدىرى شۇ چاغدىلا پىچىلىپ بولغان دېمەكتۇر. يەنى سەيپىددىنگىمۇ ئاشماستىن. سەيپىددىن پەقەت بۇ «مۇناپىقلىق»قا ۋارىسلىق قىلغان بولۇدۇ. مەنتىقسىز گەپ قىلىۋاتامدىم يا؟[1]

— ياق، تامامەن توغرا.

— ئۇنداق بولسا بۇ ۋەتەننى كىم ساتقان بولىدۇ؟ روزۋېلت، ستالىن، چۇرچىلل ساتقان بولۇدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا، شۇ چاغدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خىتاي بىلەن بىتىم قىلغانلار ساتقان بولۇدۇ. ئەمما بىز ئۇلارنى ئىزچىل «قەھرىمان» سۈپىتىدە يادلاۋاتىمىز، بۇ يادلىشىمىزنى خاتا دېمەيمەن. سەيپىددىننىڭ ئەڭ ئەجەللىك خاتاسى، ئۇنىڭ كوممۇنىست مەپكۇرىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىدا دېدۇق، ئەمما توغرىسى، ئۇنىڭ ئۆلمەي قالغانلىقىدا. ئەگەر ئۆلگەن بولسىلا رەھمەتلىك بولاتتى. گۇناھنى داۋاملاشتۇرالمايتى. ئۇ كوممۇنىست مەپكۇرىسىنى، پۇرسەتپەرەستلىك، جان بېقىش تىپىدە ئەمەس، چىن كۆڭۈلدىن قوبۇل قىلغان. يەنە بىر رىياللىقنىمۇ نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن: ئۇ سوۋېتتىن باشقا تايىنىدىغان چېگرىمىز بولمىسا، سوۋېت خىتاي تەرەپ تۇرسا، بۇ ئىشتىن نېمە چىقىدۇ؟ دەپ خاتا ئويلىغان. 50-يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ رىغبىتى بىلەن كۇچار تاغلىرىدا قارشىلىق ھەركىتى يۈز بەرگەن. بۇ بىر تاڭ ئۇيۇقنىڭ يىراقتىن كۆرۈنۈشىگە

[1] «血域黄沙» دېگەن كىتاپتا شۇنداق قۇرلار بار: 根据这个”和平条款”，国民政府承认在新疆不搞一党专政, 而组织民族民主联合省政府；伊梨三区的暴动力量承诺取消已经建立的国家政权“东土耳其斯坦共和国”，仍然承认新疆是中国的神圣领土.
(تەرجىمىسى: بۇ «بىتىم»گە ئاساسەن پىرقە ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزمەيدىغان، بەلكى مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەيدۇغان؛ ئىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ قارشىلىق كۈچلىرى قۇرۇلۇپ بولغان دۆلەت ھاكىمىيىتى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇدۇغان، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ جوڭگونىڭ مۇقەددەس تۇپرىقى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولدى.)

ئەلىخان تۆرىنىڭ: «تۈركىستان قايغۇسى»دا يېزىلىشىچە: ئەخمەتجان قاسىمى 1946-يىلى 28-ئىيۇندا شەقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تارقالغانلىقىنى ئېلان قىلغان، — ئا.

ئوخشايتى. ئەگەر سەيپىددىنلا بەل باغلىسا، شۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىدىن تەۋرۈك قالغان ئەڭ يوقۇرى رەھبەر بولۇش سۈپىتىدە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىمۇ، خەلقنىمۇ ھەركەتلەندۈرەلەيتى.

— دېمەك، ئۇ خالىغان بولسىلا، غەلىبە قىلالمىسىمۇ، سابىت دامولللىنىڭ دېگىنىدەك، تارىخي پۈرسەتتە بىر دەلىل يارىتىش بولۇپ قالىدىغان ئىش ۋۇجۇتقا چىقىدىكەن. ئەمما ئۇ خالىماپتۇ، ئۇنداقتا ئۇنى مۇناپىق دېيىشكە بولۇدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقارساق توغرا بولامدۇ؟

— نەتىجە ئېتىبارى بىلەن شۇنداق. خەلقنىڭ «مۇناپىق» دېيىشىدىكى سەۋەپ بىلەن مېنىڭ «مۇناپىق» دېيىشىمدىكى سەۋەپنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ. ئۇ موھىم بىر تارىخي دەۋىردە خەلققە يېتەكچىلىك قىلىپ، قارشىلىق ھەركىتى ئېلىپ بېرىشنى ئويلىمىدى! ئەكسىچە، قوبۇل قىلغان كوممۇنىست مەپكۇرىسىنىڭ خەلقنى بەختلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئەمما يەنە، نەتىجىگە قاراپلا باھا بېرىش بولسا مۇناپىق كۆپۈيۈپ كېتىدۇ. مىزان، ئۇ خەلققە راستىنلا قارشىمىدى؟ دېگەننى ئانالىز قىلماق بولۇشى كېرەكمىكىن دەيمەن. مەسىلەن: سەيپىددىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن، كوممۇنىستىك سىستېملا خەلققە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەنگە ئىشىنىپ قالغان. خەلق ئۈچۈن مۇشۇنىسى پايدىلىق دەپ خاتا تاللىغان. بارلىق بەختسىزلىك مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. بۇنى ئۇنىڭ كېيىنكى تىرىشچانلىقلىرى ئىسپاتلىدى.

— يەنە بەزىلەر ، سەيپىددىننىڭ قولىغا كەلگەندەك ئۇنداق ئۈچ ھوقۇق ھېچكىمگە بېرىلمىگەن، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ بولمايدۇ، مانا شۇنداق ئۈچ ھوقۇق قولىدىكى چاغدىمۇ بىرەر ئىش قىلمىدى دەيدىكەن، سىزچە بۇنداق بىر ئاغرىنىش توغرىمىدۇ؟

— سىز ئۆزىڭىزنى ئاشۇ ئۈچ ھوقۇق ئورنىغا قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، نېمە قىلالايتىڭىز؟ قىل سىغماس قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر سىستېم، ئەتراپىڭىزنى قورشاپ تۇرغاننىڭ ھەممىسى دۈشمەن بولۇشى مۇمكىن. خىتايلارغۇ نەق دۈشمەن؛ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قايسىغا ئىشىنىش كېرەك، نامەلۇم. ئاشۇنداق بىر جاڭگالنىڭ ئىچىدە تەنھا سىز، نېمە قىلالايدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بۇ شۇ قەدەر ئاددىي ئىش بولسا بۇ كۈنگىچىمۇ ئېشىپ كەلمەيتتىغۇ. ئەتراپىڭىزدا

سىزگە ماس ھەرىكەت قىلالايدىغان، رەھبەرلىك قىلالايدىغان بىر گورۇپپا ئادەم بولۇشى كېرەكمۇ، يوق؟ سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلگەن خەلق كېرەكمۇ، يوق؟ ھەتتا مىڭبىلىك (خەلق ئەسكىرى) دەپ قولىغا قورال بېرىلگەن ئاشۇ خەلق بۇ قورالنى كىمگە قارشى ئىشلىتىش ھەققىدە بىرەر ئۇقۇمغا ئىگىمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئېڭى ئۇ دەرىجىدە بۇزۇلغانكى، ئەگەر خىتايغا قارشى تۇرۇدۇغانلىقىنى ئېيتىدىغان بولسىڭىز سىزنى تۇتۇپ بېرىشكە يارايتى. بۇ ئەقىلگە ئۇيغۇندۇ؟ تېخىمۇ موھىم تەرىپى، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ھەربىي رايونى ئەزەلدىن مۇستەقىل ھەربىي رايون ئەمەس، لەنجۇ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق. يەنى بۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لەنجۇدا. قاراڭ بۇ پۇختىلىقنى! بۇنىڭسىزمۇ سەيپىددىنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى خىتاي گېنېرال ئىجرا قىلارمىدى؟ ئەسكەرلەر ئىجرا قىلارمىدى؟ بۇ پەقەت بىر خىل كۆرۈنۈش ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمەتتە قونچاق ئىكەنلىكىنى دەۋاتىمىزۇ، ئەسكەر ئىچىدە تېخىمۇ قونچاق بولۇشىنى نېمىشكە ئەقلىمىزگە كەلتۈرمەيمىز؟ ئاشۇ ئورۇنغا تەسەۋۋۇرىمىزدا ئولتۇرۇپ بېقىپ، ئاندىن گەپ قىلساق تېخىمۇ ئەمەلىي بولارمۇ - قانداق؟

— راست، مەن قوشۇلۇمەن، ئەمما نۇرغۇن ئادەملەرنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. تېخى شۇ چاغدا رادىئو ئىستانسىيىسىدىلا مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلىۋەتكەن بولسا، بەلكىم ئۇنىڭغىچە چەتئەللەردىن ياردەم كېلىشى مۇمكىنىدى، دېگەنىدەك ئاغرىنىشلارمۇ بار.

— مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ئىككى قېتىم مۇستەقىللىق جاكارلاندى. ئۇ چاغدىكى شەرتلەر ھازىرقىدىن پايدىلىقراق ئىدى. خىتاي كۆپ ئاجىز ئىدى. شۇ چاغدا نېمە بولغانىدى؟ چەتئەللەردىن ياردەم يېغىپ كەتكەنمىدى؟ ئۇ چاغدا خىتايلاردىن ھۆركۈپ كەتكۈدەكمۇ ئەمەس ئىدى. خىتاينىڭ خەلقارادىكى ئورنىمۇ كۆزگە ئىلگۈدەك ئەمەس ئىدى. شۇ ھالدا «جاكالاش بىلەنلا بولۇدۇغان» ئىشلار بولمىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدۇقمۇ؟

— دېمەك، ئاخىرقى خۇلاسە نېمە بولۇدۇ؟

— سەيپىددىن ھەققىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە مۇناپىق دېيىلىدۇ. چۈنكى بۇ تەلەيسىز، كېيىنكى ئۇرۇنۇشلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ ئۆزىنى ئىسپات قىلالمىدى. بىرنەچچە پارچە ئاجىزلارنىڭ نىداسىغا ئوخشاش قاخشىغان شېئىر بىلەن كۆڭلىنى

ئىسپاتلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇ بىر شائىردىن ئۆتە، بىر لىدېر بولغىنى ئۈچۈن شېئىرلار ئۇنى ئاقلاشقا يەتمەيدۇ. مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلەنسىمۇ بىرەر قارشىلىق ھەركىتى باشلىيالىغان بولسا ئاندىن ئۇنىڭ روھى پاكلىناتتى. بۇ بولمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ نىداسىغا قاراپ ئۇنى كەچۈرەلمەيمىز.

ئەمدى مەن ئەدەبىيات تېمىسىدىكى مۇھاكىمىگە گەپنى بۇرۇدۇم.

— ماڭا مۇناسىۋەتلىك بولغاچمىكىن، ئەدەبىيات ھەققىدىكى سەيپىددىن بىلەن قىلىشقان گەپلىرىڭىزگە بەكلا قىزىقتىم. ئەمدى مۇشۇ تېمىدا بىر ئاز سۆزلەشسەك بوپتىكەن.

— بولىدۇ، ئەمىسە باشلاڭ، — دېدى ئۇ بىر تۈرلۈك يېقىنلىق ئىپادىلەپ، مېنى ھەقىقەتەنمۇ ئۆز كۆرگەنلىكىنىڭ جاكاسىدەك بىر خىل ئەركىلىتىش ئاھاڭىدا.

— سىز ئىزچىل «50- يىللاردىن قالغان تەۋەرۈكلەر»دىن نارازى ئىكەنلىكىڭىزنى سەزدۇرۇپلا تۇرۇۋاتىسىز، ئەمما ياشلارغا ئۈمىت بىلەن قارايدىغانلىقىڭىزنىمۇ بىلدۇردىڭىز، بۇ بىر فورمۇلۇلاشقان ئۈمىتۋارلىقمۇ؟ ياكى بىرەر بىشارەت سېزىۋاتامسىز؟

— بەك دىپلوماتلارچە تەلەپپۇز ئىشلىتىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، سەزدۇرۇۋاتقانلىقىم ھەققىدە. چۈنكى مەن سەزدۇردۇم ئەمەس، ئاشكارە جاكارلاۋاتىمەن: 50- يىللاردىن قالغانلاردا ئۈمىت يوق. ئۇلار نام - ئاتاق ئۈچۈن، تارىختا «شائىر، يازغۇچى» دەپ نامى قېلىشى ئۈچۈنلا يازىدۇ. بۇنىڭ قانداق نام بولۇشى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيۋاتىدۇ. بۇ ھال خاتىرەمگە چېخوۋنىڭ بىر ھېكايىسىنى كەلتۈرىدۇ: ھېكايىدا تەسۋىرلىنىشىچە، مەلۇم بىر شەھەردە دايىملا مەست يۈرۈدىغان بىر زابوي، بىر كۈنى بىر پاچە گېزىتنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھەر كۆرگەن ئادەمگە ماختىنىپ ماختىنارمىش، دوست - بۇرادەرلىرى، ئائىلىسىدىكىلەر،... كىمنىلا كۆرسە «مەن بەختلىكمەن، مەن مەشھۇر ئادەم بولدۇم، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن رۇسىيە مېنى بىلىدۇ» دەرمىش. «نېمىشقا ئۇنداق بولۇپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىغۇچىلارغا «بۇ گېزىت پۈتۈن رۇسىيەگە تارقىلامدۇ؟ ھە، دېمەك، مېنى پۈتۈن رۇسىيە بىلىدۇ! مەن بەختلىكمەن، مەن مەشھۇر بولدۇم... » دەۋېرىپتۇ. بىرى تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ قولىدىكى گېزىتنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارقا بەتلىرىنىڭ بىر بۇرجىكىدە قەلەم بىلەن دائىرىگە ئېلىپ قويۇلغان قىسقىغىنا بىر ھاۋارايى

ھەققىدىكى خەۋەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. خەۋەردە: «پالانى شەھەردە، پالانى چىسلادا شۇنچىلىك قاتتىق بوران چىقتىكى، كوچىدا مەست يۈرگەن پالان پالانوۋىچ پۈستانوۋنى يىقىتىۋەتتى» دېيىلگەن ئىكەن. خۇددى شۇنىڭدەكلا نامىم چىقتى دەپ ئويلايدىغانلار ئاساس سالماقتا بولۇپ كېلىشتى. ياشلاردىن ئۈمىتۋارلىقىممۇ ھەرگىز ئىجابىيلىكنى دايىملا ئاساسىي ئورۇندا دەپ گەپ ساتىدىغان گەپ فورمىسىدا دەپ قويۇلغان گەپ ئەمەس، سىز تارىمنىڭ 1983- يىلىدىكى بىر سانىدا — بەلكىم 4- سانى بولسا كېرەك — ئېلان قىلىنغان بىر ھېكايىنى ئوقۇمىدۇڭىزمۇ؟ «ئۇنىڭ ماكانى» دېگەن ھېكايە، ئاپتورى ئابلىمىت سابىرنى قەشقەردە مەلۇم بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى دېيىشىدۇ. «ئۇنىڭ ماكانى» قەيەركەن دېمەمسىز؟ تۈرمىكەن! ئۇ پۈتۈن كوممۇنىست جەمىيىتىنى تۈرمىگە ئوخشىتىپتۇ! ھەتتا كوممۇنىست جەمىيىتىدىن تۈرمە ياخشىراق دېگەننى ئىلگىرى سۈرۈپتۇ. مەن دېگەنتىمغۇ، ئەگەر ئادەمنىڭ نىيىتىدىلا بولسا، پۇرسەتنى مارايلا تۇرۇدۇغان گەپ. پۇرسەت كەلسىلا قەپەزدىن تاشىدىغانغا ھازىر تۇرۇدۇغان گەپ! مانا شۇنداق، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ چەكتىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش مودا بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەنە شۇنداق بىر ھېكايىنى ئېلان قىپتۇ. گەرچە ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ جىنايىتى، دېگەندەك باھانە بىلەن يېزىلغان، ئۇنىڭ ئىلگىرىسىدە ۋە كېيىن ئۇنداق ئەمەس، دېمەكچىدەك قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، كوممۇنىست جەمىيىتىنىڭ مۇشۇ پانىي دۇنيانىڭ دوزىقى بولۇشتەك ئاساسىي ماھىيىتىنى دادىل، يۈرەكلىك ئېچىپتۇ. مانا بۇ بىر ئىنقىلاپ. بىر دەۋر بۆلگۈچ بۆرۈلۈش نۇقتىسىنىڭ سىگنالى. ھەقىقىي رېئاللىققا يۈزلىنەلىگەن ئەسەر بوپتۇ. مانا بۇنىڭغا قاراپ مەندە بىر ئۈمىتۋارلىق يىلتىز تارتماقتا. دېمىسىمۇ، ئۈمىتسىزلىك كۇفرىغا تۇققان بىر روھىي ھالەت بولۇپ، دىندا بۇنىڭغا ئورۇن يوق.

ئۇ يەنە شۇنىمۇ قوشۇپ قويدى:

— بىلەمسىز، ئۇزۇن ۋە ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن تەكرار ساۋاقلاردىن كېيىن بەزى ئەدىبلىرىمىز خاتالىرىنى، بۇرچىنى تونۇدى، دېدۇق، ئەمما «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دەك مانا شۇنداق بىر تەلۋە ھەركەتتە تارتقانلىرىمۇ بەزىلەرگە تېخى يېتىشمىگەن، يەنە مەدھىيە بىلەن ئورنىدىن تۇرغان ئىدى. پەقەت 80- يىللاردىن كېيىن ئىنسابى تۇگەپ كەتمىگەنلەردىن بەزىلىرى ئاجىز نىدالىرىدا خاتالىقلىرىغا

ئىشارە قىلىپ، ئەپسۇسلۇقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. يادىڭىزدىمۇ؟ «ئىككى ھەيكەلنىڭ سۆھبىتى» دېگەن شېئىر؟ ئاشۇ شىمالىي قۇتۇپتىكى گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ ئۇرۇمچىگە كىرگەنلىكى»نىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بىر خىتاي ئەسكەرنىڭ ھەيكىلى تىكلەنمىدىمۇ؟

بىر ھەيكەل تۇرۇپتۇ باغدا تىك، تەنھا،
ئۇستىدە يېپىنچا قولىدا ياراق.
تونۇدۇم مەن ئۇنى، تونۇمىدى ئۇ،
چۈنكى ئۇ ئىگىزدە، مەن پەستە بىراق.

ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ؟ ھە، شۇ. ئۇنىڭدا يەنە شۇنداق مىسرالار بار:

«ئايرىلماس قوشماقبىز» دېگىنى قېنى؟
ئەجەبا بوپقاپتۇق ئەمدى ئۇنۇتقاق؟!

گەرچە بۇ ئىككى پۈت گۆرگە ساڭگىلىغاندا، «ئۆلۈم بىلەن ئارىلىقى بىر غېرىچ قالغاندا تووۋا قىلغان»غا ئوخشىسىمۇ، يەنىلا ئاپىرىن ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئاخىرىقى تىننىقلىرىغىچە:

دوستۇم لاۋچىلىڭ، چىلىڭ شۇجى،...[1]

دەپ ئۆلگەنلەرگە باققاندا بۇلارغا ئاپىرىن دېمەي بولامدۇ؟

ئۇ سەھنە ئەسەرلىرى ھەققىدە شۇنداق باھا بەردى:

— بولۇپمۇ سەھنە ئەسەرلىرى بەكمۇ بەربات! كۆتۈرۈپ چىقىلىشقان مەزمۇن يازما ئەدەبىياتتىكى بىلەن ئوخشاش، ئەمما ئاشۇ ناچار مەزمۇن رول ئالغۇچىلار تەرىپىدىن تېخىمۇ سۇنئىيلەشتۈرۈلۈپ، «ھۆ» قىلغۇدەكلا دەرىجىگە بېرىپ قالىدۇ.

---

[1] تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئاخىرقى شېئىرلىرىدىن، — ئا.

ئارتىسلار ئومۇمەن سەھنىدە رېئال ھاياتتا گەپ قىلغاندەك ئاھاڭ، تەلەپپۇز، كەيپىيات، شىۋە،... بىلەن گەپ قىلمايدۇ. نېمىشكىدۇر چىرايلىقلاشتۇرماقچى بولۇپ، رەڭ بېرىشكە تىرىشىدۇ، مانا شۇنىڭ بىلەن ئەكسىچە نەتىجە بېرىپ، سەتلىشىدۇ، رېئال ھاياتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان، غەلىتە چىقىراق، ئەركىلىگەن ياكى نازلىق تەلەپپۇز... ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدۇ. بۇنداق رول ئېلىش سەنئىتى جەھەتتە سوۋېتتىكىلەر ياخشىراقتەك قىلىدۇ. مەن بەزىدە رادىئو دىرامىلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن. قارىسام بوۋاي رولى ئالغانلار بوۋايلاردەك، دېھقانلار دېھقانلاردەك سۆزلەيدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ رۇسلار ئارقىلىق ياۋروپا سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى بولسا؛ بىزگە ئۇلگە بولۇشى كېرەك بولغان «ئاكا»لارنىڭ ئەھۋالى سەنئەت جەھەتتە تېخىمۇ يامان ئەھۋالدا بولغانلىقى بىر سەۋەپ بولغان. ئارتىستلارنىڭ بۇ مۇۋەپپىقىيەتسىزلىكىنىڭ سەۋەبى — سەھنىگە چىققاندىمۇ ئۆزىنىڭ ئارتىست ئىكەنلىكىنى دائىمىي ئەستە تۇتۇشى، رولدىكى ئاشۇ دېھقان ياكى ئاشۇ مەست زابوي ... بىلەن ئورگانىك بىرلىشىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەنلىكىدىن بولغاندۇر.

ئەدەبىيات ھەققىدىكى مۇھاكىملەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزەمنىڭ ھەددى - ھەركەتلىرىمگە توغرا بىر سىزىق سىزىۋېلىش ئۇرۇنۇشۇم ماڭا ئارام بەرمەيتى. شۇڭا ئەمدى گەپنى نۆۋەتتە ئانچە - مۇنچە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئەنئەنىۋي ئۇسلۇپلارغا ئوخشىمايدىغان ئەسەرلەر ھەققىدە، دۇنيا ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلۇشى ۋە بۇنىڭ پايدا زىيانلىرى ھەققىدە ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاشقا ئۇرۇندۇم.

— مەن سىزگە، جەمىيەتتىكى ئەڭ ئۇششاق كەيپىيات ئۆزگۈرۈشلىرىمۇ بىر يوشۇرۇن يۆنىلەندۈرۈشتىن خالىي ئەمەس، ئۆز - ئۆزىدىن بولمايدۇ، دېمەكچىمەن؟ ئەدەبىياتتا جاھاننىڭ تەبىئىي ئېقىمى بىلەن كەلگەن لاتقىلارغا قارشى كۈچۈنۈشنى كۆرۈۋاتامسىز؟ ئېقىپ كەلگەن پايدىلىق نەرسىلەرنى سۈزۈۋېلىشقا ئىنتىلىۋاتقانلارنىڭ كىملىكلىرىگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ بىز ئەسلىدە ئەنئەنىدە چىڭ تۇرىدىغان، بۇرۇنقى قىممەتلىرىگە ئېسىلىۋالىدىغان كونسېرۋاتىپ مىللەت ئەمەس، يېڭى نەرسىلەرنى دەرھال قوبۇل قىلىدىغان مىللەت ئىدۇق، ھەتتا بۇ يېڭىلىقلار زىيانلىق بولغان تەقدىردىمۇ. ئەمدى كۆرۈۋاتىسىزكى، ئەدەبىيات -

سەنئەتتە ۋە باشقا ئىدىئولوگىيە ساھەلىرىدە يېڭى قىممەت قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشقا كەلگەندە بەك كونسىرۋاتىپلىق ئىپادىلەۋاتىمىز. دېمەك، بۇ ئۆز - ئۆزىدىن ئەمەس، كىمگىدۇر بىزنىڭ كونسىرۋاتىپ بولۇشىمىز پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ. ئەمما يەنە باشقا ساھەلەردە، باشقا ھاللاردا بىزنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىشچانلىقىمىز كۆپتۈرۈلۈپ، ئەنئەنە ۋە ئەنئەنىۋىي قىممەتلىرىمىزنى دەرھال تاشلاشقا رىغبەت بېرىلمەكتە.

مۇشۇ مەۋزۇلاردا ناھايىتى ئۇزاق گەپلەشتۇق.

---

**يىغلىپ** قالغان مائاشىمنى ئېلىپلا يۇرتقا يوللىۋەتتىم، بالام بەلكىم ئېھتىياجلىقتۇر، بالا - چاقىلىق بولغان بولسا، ئۆيلىرىنى قايتىدىن ئوڭشاپ سېلىۋالسۇن دېدىم. مەن نېمە قىلىمەن؟ بىر جېنىمغا نەدە بولسىمۇ كۈنۈم ئۆتۈدۇ. قىلغىنىم شۇ بولدى: كۆچلۈك رادىئودىن بىرنى ئېلىۋالدىم. ئىشقا چۈشتۈم. مەندىن كۈتۈلگىنى — مائارىپ پروگراممىنى بىر ئاز- بىر ئازدىن مىللىيلەشتۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارغا ئاز - ئازدىن مىللىي روھ سىڭدۈرۈش ئىدىغۇ. بۇنى بەكمۇ ئۇستىلىق بىلەن قىلمىسا، گۇمانخور خىتايلارنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش تەس. دەرسلىك تۈزۈش گورۇپپىلىرىنىڭ بېشىغا ھەقىقىي مىللەتسۆيەر بىرىنى قويۇش كىپايە ئىدى، ئەمما ئۇ قىزىپ كېتىپ، قەدەمنى چوڭ ئېلىۋەتسىلا ئىشنىڭ ئۆمرى كوتا بولاتتى.

بۇ قېتىم مەلۇم تامالىرىم بولغاچقا ھەقىقەتەنمۇ قىزغىن ئىشلىدىم.

تەلەيسىز مىللەت! نېمە بولغىنى سىزگىمۇ ئايان. سەيپىددىننى يوقاتتى. تەنقىتلەش دولقۇنى قوزغىدى. ئۇنىڭ جىنايى ھەركەتلىرى ئارىسىدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ ياسىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بەلكىم نۇرغۇن ئادەملەر «بۇمۇ جىنايەت بولامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىغان بولغىيدى. چۈنكى قارىماققا ئائىروپورت دېگەن سەيپىددىننىڭ شەخسىي مۈلكى بولمىسا، ياسىسا يەنىلا دۆلەت مۈلكىنى ياسىغان بولمامدۇ؟ بۇنى خىتايلار ئۆزلىرى بىلەتتى- دە. يەنە بۇ

تەنقىتلەش ماتېرىيالىدا تېپىپچاننىڭ دەرت تۆكۈشىمۇ باردى: «كۆرەش يولى» ناملىق درامىنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتكۈزگەن! بۇ يوقۇتۇش شۇنىڭ بىلەنلا قالمىدى. ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىنى تازىلاشمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. مەنمۇ ئىشتىن توختۇتۇلدۇم. ئەمما بۇ ھەركەتنىڭ ئاخىرى ئۈستۈلۈق بىلەن يۇرتۋازلىقتا يېتەكلەندى. دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، 80ـ يىللاردىن باشلاپ، پۈتۈن ۋەتىنىمىزدە ئاتۇشلۇقلارنى نەزەردىن چۈشۈرۈش دولقۇنى قوزغۇتۇلدى. «سەيپىددىن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن ئاتۇشلۇقلار» تازىلاندى. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ سەيپىددىن تەرىپىدىنلا بولغىنى ھەقىقەتەنمۇ كۈلكىلىك بولسىمۇ، پىسخىك قايتا شەكىللەندۈرۈشنى باشتىن كەچۈرگەن خەلقىمىز دائىملا بىر ئىشنىڭ يارىسى چىقىشىنى ياخشى كۆرۈدۇغان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەچكە، ئىجابىي ئويلىماي، دايىملا يامان تەرەپكە جورۇيدۇغان، يامانلىق كۈتۈپ، يامانلىق ئىزدەيدىغان، يامان پەرەز قىلىدىغان بولۇپ قالغاچقا، بۇ خىل ئىچكىي مايىللىق خىتايلارنىڭ غەرەزلىك بازارغا سالغان بۇ شۇملۇقىنى دەرھال مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، شۇنچىلىك كېڭەيتتىكى، شۇنچىلىك ئومۇملاشتۇردىكى، ئەڭ چەت ياقىلاردىكى مەكتەپلەردە مۇئەللىملىك قىلىۋاتقانلارمۇ يەكلىنىپ، يۇرتىغا قوغلاندى. ئۆز ۋاقتىدا ــــ يېڭىدىن «ئازاتلىق»قا ئېرىشكەن زامانلىرىدا يېڭى ھۆكۈمەتكە كېرەكلىك ساۋاتلىق ئادەملەر دورا بولغان زامانلاردا ــــ ساۋاتلىق ئادەملەر ھەريەردە ئېھتىياجنى قامدىيالىغىدەك ساندا تېپىلمايتى. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن بىر ئادەممۇ بۈگۈن بىر ئۇنىۋېرستېت پۈتتۈرگەن ئادەم ئېرىشەلمەيدىغان مەۋقەدە خىزمەت قىلاتتى. مانا شۇنداق ئېھتىياج تەقەززا قىلغان زامانلاردا ساۋاتلىق ئادەملەر ئاتۇشلۇق ئىچىدە كۆپرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنى نەگە خىزمەتكە بۇيرۇسا، «مىللىتىمنىڭ ئاقارتىش ئىشىكەن، بوپتۇ قەيەر بولسىمۇ باراي» دېگەن روھ بىلەن چەت ـ ياقىلارغا بېرىپ خىزمەت قىلغان ئىدى. مانا شۇ بىچارىلەر، ئەمدى ئۇ يەرلەردە يات بىر قەۋمدىن كېلىپ قالغاندەك كۆرۈلۈشكە باشلىغان، گويا ئۇلارنىڭ يۇرتىغا كېلىۋېلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زالىمدەك كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. چۈنكى ئەمدى ئۇلارنىڭمۇ ئۆز زىيالىلىرى يېتىشتى، ئاتۇشلۇققا ئېھتىياجلىرى يوق ئىدى-دە.

بۇ كەيپىيات ھېلىمۇ داۋام قىلماقتا. بۇ تېخى كۆنسېرى كېڭىيىپ شۇ ھالغا كېلىدۇكى، بىر يۇرت يەنە بىر يۇرتلۇققا ئىشەنمەس بولۇدۇ. ئاساسىي دۈشمەن ئۇقۇمى غۇۋالىشىپ، يۈرىگىمىزنى مانا شۇ شۇملۇق قاپلىۋالىدۇ. مىللەت ئويلىمايدۇكى، نېمە ئۈچۈن ئاتۇشلۇق شۇنچە يامان بولۇپ قالدى؟ ھەركىم مانا شۇ سوئالنى ئۆزىگە قويۇپ باقمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلاردىكى ھەسەت، قىزغانچۇقلۇق تۇيغۇلىرى قوزغۇۋېتىلگەن بولغاچقا، ھېچ سېنىڭ «ئارپاڭنى خام ئورۇۋەتكەن» بىر يامانلىقنى ئېيتىپ بېرەلمىسەڭمۇ، يەنىلا شۇنداق ئۆچمەنلىك قىلىۋېرىسەن! بۇنىڭغا شۇنداق يېشىل چىراق يېقىپ بېرىلىدۇكى، تېخى كوچىلاردا ئېقىپ يۈرگەن، يۇرتلار ئارا بىر - بىرىنى مازاق قىلىدىغان ھىكايىلار، تەمسىللەر بارا - بارا ئەدەبىياتىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ، سەھنىلەرگىمۇ چىقىدۇ. چۈنكى تاجاۋۇزچى بولىشىغا قارىماي، ئۆزىنى مەدھىيىلىگۈزەلىگەن خىتايلار، بىزگە بىر - بىرىمىزنى غاجايدىغان، ھېچ بولمىغاندىمۇ شاڭخوغا، چاخچاقتا يۆلەپ بولسىمۇ «يۇرت» ئۇقۇمىنى تىلغا ئېلىپ، چوقۇۋالىدىغان، بۇنىڭ خاسىيىتىدە جەمىيەتنى گويا يۇرت بىلەن يۇرت ئارىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان بىر دۈشمەنلىك قاپلاپ كەتكەندەك، ئۆز ئارا ئىشەنمەيدىغان، ئۆز ئارا كىن ساقلايدىغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرەلمەسمۇ؟ گەرچە بۇنى قىلغانلار ئاددىيلا بىر قىزىقچىلىق دەپ قىلسىمۇ، بۇنىڭ ئارىمىزدىكى ھاڭنى كېڭەيتىشتىكى پىسخىك ئۈنۈمىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. خىتايلار باشلاپلا قويىدىمۇ، بولدى، قالغىنىنى ئۆزىمىز ئەۋجىگە چىقىرىۋېلىشقا يېتىشىمىز.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى (ياكى مۇھىم سەكرەشلەر) نېمىنى بەلگە قىلىدۇ؟ بىرنەچچە مىسال بېرەي: زامانىۋي مائارىپ؛ سانائەتلىشىش؛ ھازىرقى زامان دۆلەت مودېلى؛... بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاتۇشلۇقلار بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىي ۋە سىياسىي ھاياتىدا يېتەكچىلىك رولى ئويناپ، تۇنجى سانائەتنى، تۇنجى زامانىۋي مائارىپنى، تۇنجى ھازىرقى زامان دۆلەت مودېلىنى تەقدىم قىلغان ئىدى. ئەمدى ئۇ سەۋەبى نائېنىق ھالدا نەپرەتكە نىشان بولماقتا. بۇ بىر تۈرلۈك ۋاپاسىزلىقمىدۇر؟ ياكى ساپاسىزلىقمىدۇر؟ ياكى بىرىنىڭ مەقسەتلىك ئويۇنىنىڭ نەتىجىسىمىدۇر؟ بىر قېتىم ئىسيان چىققان

يۈرتتىن كېيىن يەنە ئىسيان چىقىدۇ؛ بىر ئىسيانكار چىققان جەمەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىدىن يەنە ئىسيانكار چىقىدۇ؛... بۇنى جەمىيەتشۇناسلار، سىياسەت تەتقىقاتچىلىرى ئوبدان بىلىدۇ. ئېرسىي ئامىللارنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ بۇ شۇنداق بولۇدۇ. خىتايلار بۇنى ئوبدان بىلگەچكە، ئاتۇشلۇقلارنى بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىي ۋە سىياسىي ھاياتىنىڭ مەركىزىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەخسىدىگە يەتمەكچى ئىدى، بىزنىڭكىلەر نېمىگە يەتمەكچى؟ نەپرەتلىرىنىڭ بىرەر ئەمەلىي، مەنتەقىي سەۋەبى بارمۇ؟ بۇنىڭ ئارقىسىدا ياتقان مەنىۋىي ئاپەت بۇ مىللەتكە بىرەر ئەسىردە ئاندىن ئېنىق بىلىنىدۇ؛ ئەگەر شۇ چاغدا بۇنى بىلگۈدەك ئادەملەر قالسا.

ئەگەر سىز بۇلارنى ئاددىي ھالدا «ئۆزى ئاتۇشلۇق بولغاچقا دەۋاتىدۇ، بۇ دېگەن تەبىئىي ئىشقۇ» دەپلا چۈشەنسىڭىزمۇ بولۇدۇ، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. ئەمما ھالاللىق بىلەن ئويلاپ باقارسىز. ھېچ بولمىغاندىمۇ «ماڭا بۇۋاستە نېمە زىيان سالدى؟» دەپ ئويلۇنۇپ باقارسىز.

...

ئاشۇ قېتىم خىزمەتتىن توختىغان پېتى كۆڭلۈمدە ئەمدى ھېچ قايتماسلىق قارارىغا كەلگەن ئىدىم. شۇڭا دەرھال كوچا ئارىلاپ، يېڭىدىن ئېچىۋېتىلگەن بازارلادىن ئىش تېپىشقا كىرىشتىم. ئاخىرى بۇ يەرنى تاپتىم. بۇ ئادەم كۆڭلۈمگە ياقتى. چىقىشىپ قالدۇق. مانا شۇنداق قىلىپ ئىشلەپ كەتتۇق.

✍ ✍ ✍

سابىت ئەپەندىنىڭ ھېكايىسى ئەمدى زامانىمىز بىلەن تەڭلەشكەندى. ئەمدىكى ھېكايىمىزنى سۆھبەتلىرىمىز بىلەن داۋام قىلدىغاندەك قىلاتتۇق. شۇڭا مەن سوئالىمنى باشلىدىم:

— سەيپىددىننى تەنقىتلەش باشلانغاندىن كېيىن سىزدىن ھېساپ سورالدىمۇ - قانداق؟ مەسىلەن، سەيپىددىننىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىڭىزنى ئۇلار چوقۇم بىر تىل بىرىكتۈرۈش دەپ قارىماي قالمايدۇ. «نېمە دېيىشتىڭلار» دەپ سورىمىدىمۇ؟

— بۇلار دېگەن خىتايلار تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوممۇنىستلار، سورۇمىي قالىدۇ دەمسىز. خېلى ئاۋارە قىلدى. بۇ تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى خۇددى تۈرمىلەردە بولىدۇغان تۈگىمەس سوئال- سوراقلار بىلەن ئوخشاش تېپتا. بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. شۇڭا ۋاقتىڭىزنى ئالماي دېدىم.

— بەربىر خىزمەتنى قوبۇل قىلمىغاندىكىن، نېمىشكە يۇرتقا قايتىپ، بالا - چاقىلىرىڭىزنىڭ يېنىدا بولاي دېمەيسىز؟

— بۇ بىر خىل ياتلىششىنىڭ يۈكىدىن بولسا كېرەك، — دېدى ئۇ تارتىنچاق بالىلار تىرناق تاتىلاپ تۇرغاندەك قولىدىكى مۇشتەكنى ئويناپ تۇرۇپ، — بەك ئۇزۇن كۆرۈشمىگەن يېقىنلارمۇ ھېيىقتۇرۇش كۈچى ھاسىل قىلسا كېرەك. بىر تۈرلۈك جۈرئەت قىلالمايمەن، ئۆزەممۇ چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيمەن. يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، شۇنچە يىل ئۇرۇمچىدە ياشاپتىمەن، كۆنۈپ قالدىم. قايتىپ كەتسەم يېزا مۇھىتىدا ياشاشقا كۆنەلەيمەنمۇ؟ ئىشەنچ قىلالمايمەن. ئاندىن مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم بىر تۈرلۈك ئىسيان، بايقۇت قىلىش بولۇپ، ھەر قېتىم كاتتىلاردىن بىرى مېنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىپ كەلسە ۋە مەن بۇ تەكلىپنى تەئەددىي گەپلىرىم بىلەن رەت قىلغان چېغىمدا بىر خىل روھى قانائەت ھېس قىلىمەن؛ بىر خىل غالىپلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلىمەن. مانا بۇ بىر سەۋەپ بولسا كېرەك.

نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ غەيرەتلىك ئادەمنىڭ ئالىقاندىلاق تەرەپلىرى بەكمۇ بىچارە ئىدى. ئۇنىڭ كەچمىش ھاياتىنى بىلگىنىمدىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق تۇيۇلۇپ، يۈرۈكۈمنى بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئائىلىۋىي ھاياتىنىڭ لەززىتىنى تۇزۇكرەك تېتىمىغان، ھاياتىنىڭ بۈيۈك بىر بۆلىكى تۈرمىدە ئۆتكەن، يەنە بۇگۈنگە كېلىپمۇ ناۋايخانىدا ئوتۇن يېرىپ يۈرگەن بۇ ئادەم ئاللاقەيېرى بىلەن شۇنچىلىك سۆيۈملۈك ئىدىكى، تۇيغۇلۇرۇمدىن ئۆزۈم لەرزىگە كېلىپ، يىغلىغۇم كېپكەتتى.

— ھە ماقۇل دەپ قويۇپ، خىزمەتنى قوبۇل قىلغان بولۇۋېلىپلا، ئارقىدىن پېنسىيىگە ئىلتىماس قىلىپ، چىقىۋالسىڭىز، ئاخىرقى ئۆمرىڭىز كاپالەتكە ئىگە بولمايتىمۇ؟

— ياق، — دېدى ئۇ كەسكىنلا. بۇ قىلمىشىنىڭ ماڭا قىلىدىغان تەسىرى ھەققىدە ئىشەنچسىز بولغاچقا، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن تەر چىقىپ كەتتى، — مەن

دېدىمغۇ، بۇ بىر خىل ئىسيان، بىر خىل بايقۇت قىلىش. بۇ ئارقىلىق ھېچ بولمىسا مەن ئۆز مەيدانىمنى بولسىمۇ ئىپادىلەپ قويالايمەن. «زالىمنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز ھەق گەپ قىلىشمۇ جىھاد» دېگەن ھەدىس بار. ھېچ بولمىسا قارشىلىقىمنى مۇشۇنداق ئىپادىلەي دەيمەن. ئاخىرغىچە بۇنىڭ يۈندىسىنى ئىچكەن بولۇپ قالماي. بۇرۇنلاردا ھەر خىل ئۇمىتلەردە بولمىدۇق ئەمەس، بەزىدە خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىپ خەلقىمىزگە خىزمەت قىلغىلى بولار دەپمۇ ئويلىدۇق. چۈشەندىمكى، بىر ئاز خىزمەت قىلغاندەكمۇ قىلدىكەنمىز، ئەمما خىتاينى كۆپرەك قازاندۇرۇدىكەنمىز. بۇنىڭغا داۋاملىق ماقۇل دېگىلى بولامدۇ؟

سابىت ئۆزى بەك خالاپ كەتمەيدىغان تېمىلاردىن قېچىشنىڭ يولىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ھەر ئۇچرىغان ئادەم ئۇنىڭدىن خۇددى شۇنى سورايتى: «مۇنداقلا، ھە دەپ قويۇپ مائاشنى ئېلىۋېرسىڭىز بولمايتىمۇ، قېرىغان ئادەمنى ھەركۈنى ئىشخانىغا كەلدىڭ، كەتتىڭ دەپ يوقلىما قىلىپمۇ كەتمەستى» بۇ تىپتىكى سوئاللار ئۇنى بىزار قىلىۋەتكەندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇستۇلۇق بىلەن تېمىنى ئۆزگەرتتى:

— سىز مېنىڭ بۇ ئۇزۇن ھېكايەمنىڭ بەزى قەھرىمانلىرىنىڭ ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە سوراي دېمەيسىزغۇ؟ بەزىلىرىنى بىز 60 - يىللاردىكى لاگېرلاردا تاشلاپ كەتكەن ئىدۇق، بەزىلىرىنى تېخىمۇ ئۇزاقتا.

— توغرا، بۇ مېنىڭ ئەقلىمگە كەلمەپتۇ، ئەمما بۇنى ھېكايىنى رەتلەۋاتقان چېغىمدا بەربىر سېزەتتىم، بەربىر سورايتىم، — دېدىم ئۆزەمنى ئاقلاپ.

— باشقا مەشھۇرلارنىڭ نېمە بولغىنىنى سىزمۇ بىلىسىز، ئەمما مەن سىزگە ئاشۇ رېھىمنىڭ، خەمىت تۇردىنىڭ، مىھرىگۈلنىڭ بۇگۈنىنى سۆزلەپ بېرەلەيمەن. ئەگەر خالىسىڭىز ئۆزىڭىز ئۇلارنى كۆرۈپ كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ۋاھ، شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە كېلەر قېتىم دەل شۇ يەردىن باشلايلى، — دېدىم مەمنۇنىيەت بىلەن. بۈگۈن ئۇچۇن يېتەرلىك بولغانلىقىنى سائەتكە قارىمىساممۇ ھىس قىلىپ تۇراتتىم.

**ۋەدىمىز** بويىچە ئەمدى مەن سىزگە ئاشۇ بەختسىزلىككە تولغان ھاياتىمنىڭ مەلۇم سەھىپىلىرىدە ئىسمى كەچكەن تەقدىرداشلىرىم ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي. بۇنى ئۆتكەندە ۋەدىلەشكەن ئىدۇق.

خىزمەت قىلىش نىيىتىمدىن تامامەن يېنىپ، ئۆزەمگە بىرەر نىمكارلىق ئىشى ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە كوچىدا كىمنى كۆردۈم دەڭ؟ رېھىمنى! بىزنىڭ ئاشۇ خۇاڭپۇنى پۈتتۈرگەن دوستىمىز رېھىمنى كوچىدا كۆرۈپ قالدىم. رېھىم بىر قول ھارۋىسىدا تاماكا سېتىپ يۈرۈپتىكەن. مېنى كۆرۈپ شۇنداق خىجالەت بولۇپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭغا قالسا مېنى كۆرمەسكە سالىدىغانلىقىنى سەزدىم؛ چاتاق يېرى مەنمۇ ئۇنى كۆرگەن ئىدىم، شۇڭا سالاملاشماي ئۆتمەيتىم.

ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن تىرىكچىلىك ھەركىتىدىن نومۇسى كېلىۋاتقىنى مېنىڭ بەكمۇ ئوغامنى قايناتتى. ئەگەر بۇ ئىش نومۇس قىلارلىق بىر ئىش بولۇدۇغان بولسا، ھايات ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان مىڭلىغان خەلقىمىزمۇ نومۇسلۇق بىر ئىش قىلىۋاتقان بولمامدۇ؟ ئەسلى خاپىلىق، بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئىدى: ئۇ خىتايلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئاشۇ مەرتىۋىلەرنى بەك چوڭ بىلىدىغان بولغاچقىلا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى شۇنچىلىك ئەيىپ ھېساپلىۋالغان!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدىم ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەن بىسەرەمجان ھالىتىگە ئېتىۋار قىلماستىن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەس ... ئەسسالااا...م، — دېدى ئۇ بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك قاقىلىپ تۇرۇپ.

— بۇ ئۇزۇن يىللاردا نەلەردە يۈرۈپ، نېمىلەرنى كۆردۈڭىز؟

— شۇ، سىلى بىلىدىغان ئىشلار،... لاگىردىن قايتىپ كەلدىم، خىزمىتىمنى بەرمەي، ئاۋارە قىلىپ،... شۇ. يول مېڭىۋاتىمەن، تونۇش تاپىمسا ئىش ئاقمايدىكەن، ئىش ئاقتۇرۇش ئۈچۈنمۇ پۇل كېتىدىكەن، شۇ ...

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىغان ھالدا، — باللارنىڭ ئەھۋالى قانداقكەن؟ ھازىرچۇ؟

— باللارمۇ ياخشى تۇرۇپتۇكەن، ھازىرمۇ يامان ئەمەس، مانا شۇ باللارنى

دەپ شۇ، تىرىكچىلىك،... — رېھىم تەبىئىتىگە كۆرە يەنىلا ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي، داغۋازلىق قىلىپ، ياسالما گەپ قىلىۋاتاتتى. دېمەك ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۇنىڭدىن بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بولمىغۇر نەرسىلەردىن خىجىل بولۇپ، خىجىل بولۇشقا تېگىش نەرسىلەردىن پەخىرلىنىپ يۈرۈيدىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ يوقسۇزلۇقىدىن، ئائىلە ئەھۋالىدىكى سەلبىي ۋەزىيەتتىن نومۇس قىلاتتى ۋە ئىلاجى بار ئۇنى پەدازلاپ كۆرسىتەتتى،

— ھە، سىلىچۇ؟ سىلىنى نەدىن سورايمىز؟

— مەنمۇ مانا، — دېدىم مەن تۇرقۇمنى ئىشارە قىلىپ. تۇرقۇم ئۇنچە ھەۋەس قىلغۇدەك ئەمەس ئىدى، — ئىش ئىزدەپ يۈرۈمەن، سىزنىڭغۇ ھەر ھالدا مۇشۇنچىلىك تىرىكچىلىك يولىڭىز باركەن، مېنىڭ ئۇمۇ يوق.

— ھە، شۇنداما؟ — دېدى ئۇ چىرايىغا بىر ئاز كۈلكە يۈگرۈپ. چۈنكى ئۇ ئەمدى مېنىڭ ئەھۋالىمنىڭ ئۆزىدىنمۇ تۆۋەنلىكىدىن بىر ئاز روھلانغاندەك قىلاتتى، — خىزمەتنىڭ ئىشى ھەل بولمايۋاتامدا؟

— خىزمەتمۇ؟ خىزمەت قىلىشنى خالىمىدىم، ئۇندىن كۆرە نىمكار ئىشلەي دەپ ئىش ئىزدەۋاتىمەن.

— نېمە دېلە؟! — دېدى ئۇ چۆچۈپ. ئۇنىڭ چۆچۈشىدە بىرنەچچە خىل مۇرەككەپ ئوي ـ خىيال ئارىلاش ئىدى: بىرى ئۇ ھەممە ئادەمنى ئۆزىدەك ھېس قىلغاچقا، مېنىمۇ داغۋازلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئىشەنگىسى كەلمەيۋاتاتتى؛ ئەمما ئۇ مېنىڭ تۈزلۈكۈمنىمۇ بىلمەيتى ئەمەس، شۇڭا، ئىشىنەي دېسە، بۇ ھال ئۇنىڭ غورۇرىغا تەككەندەك بولۇۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ خىزمەت كويىدا يول مېڭىپ يۈرگەن، ئەمما ھەل بولمايۋاتقان؛ مەن بولسام خىزمەت تەكلىپىنى رەت قىلىۋاتقان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى، — چاخچاق قىلىۋاتامدىكىن دېسەم، سىلىنىڭغۇ بىلىمەن، چاخچاقنى تولا قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، راستىمىكىن دەي دېسەم تازا... —دېدى ئۇ كەيپىياتىنى ئانچە يوشۇرماي.

— ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئويلاپ كەتكۈدەك نېمىسى بار؟ بۇ كۈنگىچە ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن، ھەر خىل تامالار بىلەن ئىشلەپمۇ قالدۇق، ئاياغ خۇلاسىدە بۇلارنى توغرا تاپمىدىم، ئىشلەشكە ھېچ رەغدىم يوق، بىر جان، بىر گال، ئۇنچىۋالا قىپ كەتكۈدەك ئىشىمۇ بۇ ھايات؟ ھەر كۈن ئەمەس، ھەر نەپەسنىڭ ئىككى

سورىقى بار، قىلغان ئىشتىن ھېساپ بېرىدىغان گەپ، شۇڭا، قىسقىسى خالىمىدىم. سىزنىڭ بۇ ئوقتىڭىز قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، بىر مائاشچىنىڭ مائاشىنى ئۆلگەن جېنىمىزدىمۇ تاپىدىكەنمىز، شۇ... ئۆمۈر بويى كادىر بولۇپتىمىز، چوڭ ئۆتۈپتىمىز، ئەمدى كېلىپ-زە، ما كۈنگە قالساق پىچكە ھا كەپ قالىدىكەن شۇ...

— ھەي، ئەپەندىم، ھەي ئەپەندىم، بۇ سىزنىڭ ئۆز تونۇشۇڭىزغا باغلىق بىر ئىش. ئەگەر مېنىڭمۇ سىزنىڭكىچىلىك بىر تىرىكچىلىك يولۇم بولۇپ قالسا، ھەرگىزمۇ شۇ سىز دېگەن «چوڭ ئۆتۈش»لەرنىڭ كەينىگە كىرمەيتىم. تىجارەت دېگەن بەرىكەت دېگەن گەپ بار، بولمىغاندەك تۇرۇپمۇ بىر مائاشنىڭ ئىشىنى قىلالىشىغا ئىشىنىمەن.

— سىلى ئۇندا دەپ قويغان بىلەن بۇندا ئىشنى يارىتاملا، ھېلى، — دېدى ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىرىدىن چىقالماي.

— مېنىڭغۇ بەك قىلغۇم بار، ئەمما مەن راستىنى دېسەم تىجارەتكە يارىمايمەن، مىجەزىمنى بىلىسىز، خىيالنى كۆپ قىلىدىغان، گەپنى ئاز قىلىدىغان ئادەم تىجارەت قىلالمايدۇغۇ، خېرىدار دېگەنگە سۆزلەپ تۇرمىسا بولمايدىغان گەپ. شۇڭا نىمكار ئىشلەي دەيمەن.

— ۋاي تاڭەي، ۋاي تاڭەي، — دېدى ئۇ باش چايقاپ. ئۇنىڭ ماڭا ئىشەنمەي دەۋاتقانلىقى ياكى ئۆز قىسمىتىگە بولغان ھەيرانلىقىنى، تەتۈر پەلەك ئۆزىگە كەلتۈرگەن بۇ ياراشماسلىقتا ئىسيان نىداسى ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدىم. شۇ چاغدا بىردىنلا، — بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، بىزدەك يايمىچىلار ئالدىراپ قېلىۋاتىدۇ، مەنمۇ ئاستا بىريانغا ئۆزەمنى ئالاي، مالنى زىيان تارتىپ قالماي يەنە، — دېدى ۋە ھارۋىسىنى ئىتتىرىشكە باشلاپ،

— خاپا بولمايلا، — دەپلا كېتىپ قالدى.

مەن تۇرغان يېرىمدە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كۈزەتتىم. دېمەك ئۇ بىرەر يىلدىن بېرى بۇ ئىشنى قىلىش جەريانىدا خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ بازار باشقۇرۇش خادىملىرى بازار چارلاشقا چىققان بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇن بۇ ئوۋغا چىققاندەك ئىش ئىدى. ئۇلار كوچا بويلىرىدىكى «قانۇنسىز» يايمىچىلارنى تۇتاتتى، جەرىمانە ئالاتتى ياكى يانچۇقلىرىغا سۇڭگۇتۇلغان پۇل

بىلەن، يالغان پوپوزا قىلىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ھېچنېمە بەرمىگەن گەدەنكەشلەرنى ماللىرىنى تارتىۋېلىش، ئېغىر جەرىمانە قويۇش بىلەن ئەدەپلەيتى.

رېھىم ئوتتۇرا ياشقا يېقىنلاشقاندا ئۆيلەنگەن، شۇئانلاردا ئەمدىلەتىن ئۆيلەنگەن بالىلىرى باردى. ئەمما ئۇ لاگىرلاردا يۈرگەن يىللار ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ راسا ئوقۇش يىللىرى بولغاچقا، بۇ «گىزەندە ئائىلىسى» جەمئىيەتتە خورلۇنۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ يوقسۇزلۇق تارتىپ، بالىلىرىنىڭ ھېچبىرى ئوقۇيالمىغان ئىدى. ئەمدىلىكتە بالىلىرىمۇ ئىشسىز، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈدىغان سايىقلارغا ئايلىنىپ قالغاچقا، قېرىغان چېنىدا رېھىم يەنىلا ئۆزى تىرىشىپ، ئائىلىنى قامداشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان ئىدى. مەن بۇ رېھىمدىن ئېرىشكىلى بولمايدىغان توغرا ئۇچۇرنى ئۇنىڭ باشقا بىر يېقىنىدىن ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. گەرچە مەن ئۇنىڭچىلىكمۇ ئوقىتىم يوق ھالدا بولسامۇ بىر جان ئىدىم، كەچتە، تازا قاراڭغۇدا، ئەل ئايىقى جىمىققاندا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دەرۋازىۋەن ئۆيىدە ياتاتتىم. دەرۋازىۋەن قۇناخۇن ئاستالا ئىشىكنى ئېچىپ كىرگۈزەتتى. تاڭ سەھەردە بامداتقا چىقىپ كەتكەنچە، كوچىلاردا يۈرەتتىم. شۇنداق بولۇشۇمغا قارىماي، رېھىمنىڭ ھالى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي، بەكمۇ ئازاپلاندىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوقۇشسىز قالغىنى، يارىماس، كوچا لۈكچەكلىرىدىن بولۇپ قالغىنى بەكمۇ ئەلەملىك ئىدى. بۇنداق بالىلار ھامان جىنايەتكە يېقىن بولاتتى، ھەر قاچان ئۇلارنىڭ بىرەر جىنايەت بىلەن تۇتقۇن قىلىنىشىنى كۈتۈشكە بولاتتى.

شۇڭا بىر كۈنى قەستەن رېھىمنىڭ يايما ھارۋىسىنى توختۇتۇدۇغان كوچىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭغا يەنە «ئۇچرۇشۇپ قېلىپ»، بىردەم ئەھۋاللاشقۇم كەلدى. قېرىشقاندەك بۇ قېتىم دەل ئۇنىڭ بەختسىزلىككە يولۇققان سورۇننىڭ ئۈستىگە بېرىپ قاپتىمەن: ئۇ بازار باشقۇرۇشقا تۇتۇلۇپ قالغان، ئۇلار قىيا - چىيا قىلىشىپ، تارتىشىپ تۇرۇشاتتى. رېھىمنىڭ نومۇسى كەپكەتمىسۇن، كۆرۈنمەي كېتەيلا، دېدىم بىر تۇرۇپ. ئەمما يەنىلا يېقىنراق بېرىپ تۇردۇم، ئەگەر مەن قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ياردەم قىلارمەن دەپ ئەھۋالنى كۈزەتتىم. جىدەلگە ئارىلىشىپ ھېچنېمە قازانغىلى

بولمايتى. گەرچە بازار باشقۇرۇش خادىملىرى بولمىش ئاشۇ ئىككى خىتاي، بىر ئۇيغۇرغا كۆچۈم يەتسىمۇ، ئۇلارنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قېچىپ كەتكىلى بولمايتى. چارىسىز ھالدا قاراپ تۇردۇم. خىتاينىڭ ئەڭ مەشھۇر ھەربىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا، جىياڭ جىيېشى مۇدىرلىك قىلغان بىر مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان بىر شەخس شۇئاندا بىرنەچچە «سويما» تەرىپىدىن كوچىدا تارتقۇشلىنىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ تېز ھەل بولماسلىقىمۇ، ئۇنىڭغا مۇشۇ جەمئىيەتتە تېگىشلىك بىر كەسپىي ئورۇننىڭ تەقەززا بولماسلىقىدىن دېيىشكىمۇ بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئوقۇغان كەسپى بويىچە بىر ئىش ھېچ بېرىلمەيتى. باشقا كەسپلەر ئۈچۈن ئۇ يات ئىدى. ئەمما رېھىم مەڭگۈ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى چۈشەنمەي كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھامان بۇنى ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى دەپ قارايتى. ئەمما بۇ ــــ مىللەتنىڭ بەختسىزلىكى ئىدى.

ئۇنىڭ ھارۋىسىدىكى تاماكىلىرى يىغىشتۇرۇلۇپ، بىر قاپقا سېلىندى. ھارۋىسىنى يول بويىدىكى بىر ستولبىغا زەنجىرلەپ قۇلۇپ سېلىپ، قاپتىكى تاماكىنى ماشىنىغا سېلىپ، ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ كېتىشتى. رېھىم يول بويىدا دەرت ـ ئەلەمدىن قايان مېڭىشىنى بىلەلمەي قالغان يېتىمدەك ئولتۇرۇپ قالدى. ئەتراپتىكى ئولاشقان ئادەملەر ئۇنىڭغا ھەر خىل يوللارنى كۆرسىتىشەتتى. بەزىلەر كىمنى تېپىپ قانچىلىك پۇل بەرسە ھەل بولىدىغانلىقىنى دېسە، بەزىلەر، بازار باشقۇرۇشقا بېرىپ، دېگەن جازاسىنى تۆلەپ قۇتۇلۇشنى مەسلىھەت بېرىشەتتى. ئەمما مەندە بۇنچىلىكمۇ ئىمكان يوقىدى. يەنى، مەن ھېچقانداق مەسلىھەتمۇ بېرەلمەيتىم. چۈنكى مەن بۇ جەھەتتە ھېچقانداق تەجرىبىگە ئىگە ئەمەس ئىدىم. بۇ ھالدا بېرىپ رېھىمگە كۆرۈنسەم ئېچىشقان يەرگە تۇز باسقاندەك بولۇشىدا گەپ يوق. باشقا بىرى بولسىمىغۇ بېرىپ تەسەللىي بېرىشكە بولاتتى، ئەمما رېھىم ھامان بۇنداق ئىشلارنى بەكمۇ نومۇس بىلىپ، روھىي جەھەتتىن تۈگۈشۈپلا كېتەتتى. ئەسلى نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلار ئۇنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان جەمئىيەت ئىكەنلىكى ھەققىدە قارىشى باشتىن ـ ئاخىر مۇجمەل بولۇپ كەلگەچكە، ئۇ ھەق ـ ناھەق؛ توغرا ـ خاتا؛ شەرەپ ـ نومۇس ئۆلچەملىرىدە قايمۇقۇشتىن چىقالمىغان بىر ئىنسان ئىدى.

كېيىن مەن ئىش تاپقان، ئەمما تېخى بۇ ئۆيۈمنى ياساپ، ئۆي تۇتۇشقا ئۈلگۈرمىگەن چاغلىرىمدا بىر كۈنى ئۇنىڭغا يەنە بىر يولۇقتۇم. ئۇ يەنە ئاۋالقىدەك مۈكچەيگەن هالدا هارۋىنىڭ يېنىغا قويۇۋالغان يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا سېتىۋاتاتتى. ئۆزىمۇ ئاچچىق كۆك تاماكىدىن ئوراپ چېكىپ تۇراتتى ۋە توختىماي يۆتۈلەتتى.

— خىزمىتىم بىر هەل بولۇپ قالسا، مۇشۇ ئىشتىن بىر قۇتۇلۇۋالسام بولاتتى، — دېگەن ئارمىنىنى بىلدۈردى ئۇ سالام ـ سائەتتىن كېيىن.

— تىجارەتكە دىتىڭىز باردەكمۇ قىلىدۇ، هامىنى بۇ ئىشنى قىلغاندىكىن، كوچىدا قاچاق تىجارەت قىلىپ، يۈرەكئالدى بولۇپ يۈرمەي، رەسمىي بىر دۇكان ئېچىۋالسىڭىز خاتىرجەم بولاركەنسىز. ئاندىن يەنە شۇ تاماكا سېتىشىمۇ بەك ياخشى ئىش ئەمەس، باشقا بىر مال تۇتسىڭىز،... — دەپ مەسلىهەت بەرگەنىدىم، ئۇ بىر ئاز تە بولغاندەك قىلدى.

— نېمە؟ مەن ئەمدى ـ زە، مۇشۇ ئىشنى قىلىپ ئولتۇرۇمەنما؟ رەسمىي دۇكانچى بولۇپ؟ خىزمىتىم هەل بولسىلام، پىنسىيىگە چىقىۋالىمەن، بولدى.

— هەل بولغۇدەك تۇرامدۇ؟ يېقىنلىشىۋاتامدۇ؟

— هەل بولىدۇ، نېمىشقا هەل بولمايتى؟ نەدىكى بىر نېمىلىنىڭ هەل بولاۋاتسا، بىز دېگەن نازارەت دەرىجىلىك كادىر تۇساق،... —دېدى ئۇ قايناپ.

— ئاللاھ بۇيرىسا هەل بولىدۇ، دەڭ، —دېدىم ئۇنىڭ ئۈمىتلىرىنى تۈزۈتۈپ.

ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ئەهۋالى ئاڭلىغىنىمدىنمۇ بەرباتراق بولسا كېرەك، ئەگەر ئۇ يامان ئەمەسراق هاياتتا بولسىلا چوقۇم مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلاتتى، ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئالدىرىغان بولاتتى. ئۇنىڭ هەر قېتىم ئۇچراشقاندا تەكلىپ قىلىشقا ئاغزى بارمىغىنىدىن بۇنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى.

— ئۆزلىرىچۇ؟ خىزمەت ئىشى نېمە بولدى؟ هە راست، سىلى خىزمەتتىن كەچتىم دېگەنتىلە.

— مەنمۇ ئىش تېپىۋالدىم، ئاللاھ نېسىپ قىلسا هاياتتىن خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

— قانداق ئىش ئۇ؟

— بىر ناۋايخانىدا نىمكار، — دېدىم خۇددى بىر يەرگە رەئىس

بولغـانلىقىمنى دەۋاتقانـدەكلا تولـۇق ئىپتىخـار بىـلەن. مەخسـىدىم رېھىمغـا دۈشمەن بىـر جەمىيەتتە بىـزدەك ئادەملـەرنىـڭ بۇ ھالدا بولۇشى بەك نورمـال، ھەتتـا كىشىلەرنىڭ بۇ جەمىيەتنى چۈشىنىشىدە ئەينەك بولىدىغان بىـر ئىـش، بۇنىڭغـا بەك ئۇيرۇنۇپ كەتمىسـەڭمۇ بولـىدۇ، دېگەنـنـى سـەزدۈرۈپ قويمـاق ئىـدى. ئەمـا رېھىمىنىڭ بۇنى قانداق چۈشىنىشى ئۆزىگە باغلىق ئىش، ئەلۋەتتە.

ـــ قىزىـق ئىـش. تە بـۇ، ـــ دېـدى ئـۇ. ئەمـا ئۇنىـڭ نېمىگە قارىتىـپ دېگەنلىكىنى بىلەلمىدىم.

ـــ ئۇيغۇر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرامسىز يا؟ نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟

ـــ يـاق، ئـۇ ئـاداش مەنـدىن قېيـداغلىق ئەمەسـما، ئالاقىلىشـالمىدۇق... سىلىچۇ؟

ـــ مەنمۇ شۇ، ئۆز ھەلەكچىلىكىم بىلەن بولـۇپ كۆڭلـۈم جايـدا بولمىـدى. يېقىندا ئۇقسام ئۇمـۇ ئەسلىگە كەپتـۇمىش، ئەمـا ئـادەتتىكى بىـر خىـزمەتكە. ئەمەل بەرمەپتۇ.

ـــ قانداق ئىشكەن؟ ـــ رېھىمىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا كەتتى.

ـــ ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە مۇئەللىم بوپتۇ.

ـــ ۋاھ ـــ دەپ قويـدى ئـۇ بـاش چايقـاپ. بـۇ ئۇنىـڭ ھەۋىسـى كەلگىنىمـۇ، يـاراتمىغىنىمۇ؟ كـۆزلىرىگە قاراشـقا ئىمكـان بەرمىگىنـى ئۈچـۈن بىلگىلـى بولمىدى.

ئاشۇ قىسقا سۆھبەتتىن كېيىن خوشلاشتىم.

ئۇزۇن بولدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالمىدىم. ئەمـا ئۇنىـڭ خىزمىتـى ھەل بولمىغانلىقىنى بىلىـپ تـۇرۇۋاتىمەن. ئـۇ مانـا، ئەنە دەپ ئاشـۇ قـول ھارۋىسـىنى سۆرەپ يۈرسە كېرەك. ئەگەر ئۇ خىزمەت تاماسى بىلەن ئىككىلەنمەي، دەرھال بىـر دۇكـان ئېچىۋېلىشـنىڭ كويىغـا كىـرگەن بولسـىدى، بـۇ كەمگىـچە بـاي بولـۇپ قالاتتى. چۈنكى ئـۇ تىجـارەتكە كىرىشـكەن دەسـلەپكى چـاغلاردا تىجـارەتكە كـۆپ دەسمىي كەتمەيتى، دۇكان ئىجارىلىرىمۇ ئانچە قىممەت ئەمەس ئىدى.

يەنە شۇ كۈنلەردە خەمىت تۇردىنى ئۇچراتتىم. خەمىت تۇردى ھازىر ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق سەرگەردانغا ئايلانغان ئىدى. ئـۇ «مەدەنىـيەت ئىنقىلابـى»نىـڭ دەسـلىپىدە تەشـكىلات قـۇرۇپ، خوتـۇنىنى بـۇزۇپ ئېلىـۋالغـان ھېلىقـى چـوڭ

كادىرنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ ئۆچىنى ئالغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزىمۇ كىمدۇر بىرى تەرىپىدىن بايقىلىپ، سوۋېتتە ئوقۇغان، مىللىي ئىنقىلاپقا قاتناشقان كەچمىشى ئەسكە ئېلىنىپ، «شىيۇجېڭجۇيىنىڭ قۇيرۇقى» سۈپىتىدە تارتىپ چىقىرىلىپ، كۆرمىگەننى كۆرگەن، تەكرار لاگىرغا ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئاۋالقى ئايالى بولسا يەنە ئۇنىڭدىن ئۇستۇن سەۋىيەدە ياشاشقا باشلىغان ئىدى. چۈنكى چوڭ ئەمەلدار ئېرى تەكرار ئىناۋەت قازىنىپ، ئۇلارنىڭ جەمىيەتنىڭ «چولپانلىرى» بولۇشتەك ئۇستۇن ئورنى قايتا قولغا كېلىشى بىلەن، بۇ ئايالدا خەمىتكە بولغان مۇھەببەت قايتا ئويغانمايلا قالماي، ئەكسىچە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ئېرىگە كۆرسەتكەنلىرى تۈپەيلى نەپرىتى ئېشىپ، باللىرىغىمۇ مۇشۇنداق نەپرەت سىڭدۇرۈلگەچكە، باللىرى ئۇنى دادىمىز دەپ قارىمايتى. ئۆگەي دادىسىنىڭ پەمىلىسىگە ئۆتكەن، ئۇنى ئۆز دادىسىدەك كۆرەتتى. بۇ هال لاگىردىن قايتىپ كەلگەن خەمىتكە كۆتەرگۈسىز مەنىۋى زەربە بولۇپ، ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇنىڭمۇ خىزمىتى سۈرۈلۈپ، ناهايىتى تەستە هەل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنچىل مەست يۈرۈشى، ئىشقا ۋاقتىدا كەلمەسلىكى، ئىدارىسىدىكىلەرنى زېرىكتۈرۈپ، ئۇنى مەجبۇرىي پېنسىيىگە چىقىرىۋەتكەن ئىدى. ئەمدى ئۇ پېنسىيە پۇلىغا ئىچىپ، ئەڭ كۆپ ئىككى هەپتىدە پاك ـ پاكىز تۈگۈتۈۋەتكەندىن كېيىن، باشقا ئۇلپەتلەرنىڭ قولىغا قاراپ، قاۋاقلاردا سۆرۈلۈپ يۈرەتتى.

تەلىيىمگە مەن ئۇنىڭ بەك غەرق مەست چېغىدا ئۇچراپ قالماپتىمەن. بىر ئاز شىركەيپ ئىدى. مېنى كۆرۈپلا تونۇدى.

ــ سابىت ئەپەندى! سابىت ئاكا، ــ دېدى ئۇ شىركەيپ مەسلىكتە بولۇدۇغان خۇشخۇيلۇق بىلەن، ــ قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى؟ نەلەردىن سورايمىز؟ يۈرۈڭ، يۈرۈڭ، ئۆيگە بارايلى، رېستورانغا باشلاي دېسەم تەرتىم بوش، راستىنى دەيمەن، سىز دېگەن ئۆز ئاكام بولغاندىكىن، ئۆيگىلا كېتەيلى، توختاڭا، مەن ئازراق بىر نەرسە ئېلىۋالاي،...

ئۇ شۇنداق دېگەنچە مېنىڭ گەپ قىلىشىمغا، ئۇزۇر بايان قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتىشىمگە ئىمكان بەرمەي، هاراقكەشلەرچە يىپىشقاقلىق بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

— ئۆيۈمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتمىگەيسىز جۇما، بويتاقچىلىق دېگەن شۇ... قالايمىقانراق،... — دېدى ئۇ ئىشكنى ئېچىۋېتىپ.

ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا ئىچى تەرەپتىن قاڭسىق ھاراق ھىدى — ھاراق ھىدى بولغاندىمۇ دىمىقىپ، تېخىمۇ كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇدۇغان دەرىجىگە كەلگەن، تىنجىققان بىر خىل پۇراق ئېتىلىپ چىقتى. بۇ پۇراقتا يەنە قانداقتۇر چېرىگەن نەرسىلەرنىڭ پۇراقلىرى ئىلاۋە بولغان ھالدا شۇنداق چىدىغۇسىز ھالغا كەلگەنكى، بۇنىسى مەندەك ھاراقتىن سەسكىنىدىغان بىر ئادەم ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ باشنى يېرىۋەتكۈدەك ھالدا ئىدى. بۇ پۇراقلار ئىچىدە يەنە كۆك تاماكىنىڭ، سىگارتنىڭ پۇراقلىرىمۇ باردى. دېمەك، خەمىت قولىدا پۇلى بولغان كۈنلەردە سىگارت چېكەتتى، بايۋەچچى بولۇپ كېتەتتى، پۇلى تۈگىگەندە كۆك تاماكا چېكەتتى. مەن قۇسۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزەمنى زورغا تۇتتۇم. بۇنداق بىر ئىپادەم خەمىتكە ئېغىر كېلىشىنى بىلەتتىم. بۇ بەكمۇ تەۋى نازۇك، ئاسان قېيداپ كېتىدىغان ئادەم ئىدى، ئەمەسمۇ.

— قېنى، مەيەرگە، مەيەرگە ئولتۇرۇڭ، ئەيىپكە بۇيرۇمايسىز، ئۆز ئاكىمىزغۇ سىز دېگەن... — دېدى ئۇ كىرلىشىپ كەتكەن ئەسكى ساپانىڭ ئۈستىدىكى قالايمىقان نەرسىلەرنى ئېرىغداپ، ماڭا جاي راسلاپ. ئاندىن ئۆزى ئاشخانا تەرەپكە تەمشىلىپ، — مەن گاچچىدا بىر چاي قويىۋېتەي، ئاندىن تاسىدا بىر تەخسە قورۇما ياسايمەن، ئۆزەم چاقىقان ھەم ئۇستا بولۇپ كەتتىم، دەڭا، ھە راست، سىز ھاراق ئىچمەيسىز-ھە؟ — دېدى ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا، — راسا بىر قەلىپ چۈشەندۈرۈشۈۋالاتتۇق-تە!

— كېلىڭ، ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولۇدۇ، گەپلىشىپ ئولتۇرساقلا بولدى، — دېدىم ئۇنى توسۇشقا تىرىشىپ.

ئەمما ئۇ ئوتتۇردا قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان كىيىم - كېچەكلەر، كىتاپلا، گېزىتلەر، سومكىلار، ئۆرۈلگەن ئورۇندۇقلار،... دېگەندەك نەرسىلەرگە پۇتلۇشۇپ، دەلدۇگۇنۇپ دېگۈدەك ئاشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇ يەردە ئالدىراپ، تاراق - تۇرۇقلارنى قىلغاچ، شۇ يەردە تۇرۇپ مەن بىلەن سۆھبىتىنى داۋام قىلىشقا باشلىدى. ئەمما مەن ۋارقىراپ گەپ قىلىشنى يامان كۆرىدىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ سۆھبەت تەس ئىدى. ئۇنىڭغا ئاۋازىمنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ۋارقىرىمىسام

بولمايتى.

— ھە، گەپ قىلغاچ تۇرۇڭە ئاكا، سىزنىڭ ھالىڭىز نىچۇك؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاشخانىدىن.

— مېنىڭ ئاۋازىم پۈتۈك، شۇڭا سىز ئىشىكىڭىزنى تۈگۈتۈپ كېلىڭ، ئاندىن گەپلىشەيلى، — دېدىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ. ئاندىن قايتىپ كېلىپ جايىمدا ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ يوق پۇرسىتىدە بۇرنۇمنى يېڭىم بىلەن ئېتىۋالدىم.

ئۇنىڭ قورۇمىسى شىرەگە كەلدى. ئەمما رەڭگىدىن قارىغاندا يەسسىۋىلەك پىشقاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ چاققانلىق قىلىمەن دەپ، ئىسسىق ئۆتكۈزمەيلا ئېلىپ كەلگەندەك قىلاتتى. ھەتتا چاي قاينىماي تۇرۇپلا قورۇمىنى تەييار قىلىپ بولغان ئىدى.

— چاي ھازىرلا قاينايدۇ، — دېدى ئۇ ۋە يەنە ئاشخانىغا ماڭدى. مەن ئەمدى ئۇنى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن بۇرنۇمنى ئېتىۋالالمىغاچقا، بىرەر باشقا تۈرلۈك چارە بىلەن، ئارىلاپ بۇرنۇمنى ئېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

— دېرىزىڭىزنى ئازراق ئېچىپ قويسىڭىز بولامدۇ-يا؟ — دەپ سورۇدۇم تەكەللۇپ بىلەن ئاخىرى چىداپ بولالماي.

— بولۇدۇ، بولۇدۇ، ھاھا... سىز-زە، ھاراقنىڭ پۇرىقىدىن چىدالماي قالدىڭىز-دە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

ئەمما بۇ يەردىكىسى يالغۇز ھاراقنىڭ پۇرىقىلا ئەمەس ئىدى. يۇيۇلمىغان كىر كىيىملەرنىڭ پۇرىقىمۇ بۇ ئومۇمىيخوردا ئۆز ئورنىنى تاپقان ئىدى. يەنە ئۇزاقتىن بېرى تۆكۈلمەي تۇرۇۋاتقان ئەخلەت ئېچىدە ئوتىياش ھەم مېۋە شۆپۈكلىرىمۇ سېسىپ بۇ ئومۇمىيخورغا قېتىلغاندەك قىلاتتى. خەمىد سۆھبەت ئۈچۈن سوئالىنى تەكرارلىدى.

مەن ئۇنىڭغا ئىشسىزلىقىمنى، ماكانسىزلىقىمنى، ئىش ئىزدەۋاتقانلىقىمنى تۈپ ـ تۈزلا ئېيتىپ بېرىۋىدىم، ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.

— تۇرۇدۇغان ئۆي بولمىسا مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇۋېرىڭ، مەن يالغۇز بولغاندىكىن، — دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدە سەمىمىيلىك بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشۇم مۇمكىنمىدى؟

— رەخمەت، ھازىرچە تۇرۇدۇغان يېرىم بار، ئەگەر ئېھتىياجىم بولۇپ قالسا

سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن، ـــ دېدىم.

گەپ ئارىلىقىدا ئۇ ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك كەچمىشلىرىدىن ھېكايە قىلىپ، خوتۇنىدىن زارلاندى. راستىنى دېگەندە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنى بەزىلىرىمىزنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ يېنىك دېيىشكە بولسىمۇ، بۇ ئادەم ئۆزى چىدىماس مىجەزلىكىدىن، دۇنيادا ئۇنىڭدەك دەرت تارتقان بىرى يوقتەك ھېساپلايتتى. ئەلەمگە چىدىماي، ئۆزىنى تاشلاپلىۋېتەتتى.

ـــ ھەرقانچە بولغاندىمۇ، بۇنچىۋالا ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى، خەمىت، ـــ دېدىم نەسىھەت ئاھاڭىدا، بىر ئوبدان ئۆيىڭىز بارىكەن، پېنسىيە مائاشىڭىز بارىكەن، بىر جېنىڭىزنى گۈلدەك قامداپ ئېشىنغۇدەك ھالدا تۇرۇپ، مۇشۇ ھالدا ياشىسىڭىز سىزگە يارىشارمۇ؟ سىز دېگەن چەتئەلدە ئوقۇغان زىيالىي، مىللىي ئىنقىلاپقا قاتناشقان ئىنقىلاپچى تۇرۇپ، بۇ دەرىجىدە ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتسىڭىز، ئىلگىرى كۆڭلىڭىزگە پۈككەن مەنەۋىي قىممەتلىرىڭىز ئالدىدا ئۆزىڭىزنى گۇناھكار ھېس قىلمامسىز؟ خىجىل بولمامسىز؟

باياتىندىن بېرى شوخلۇق بىلەن چېقىشىپ، مېنى ئانچە ـ مۇنچە داستىخانغا زورلاپ قويۇپ، كۆپرەك ئۆزى يەپ، پىشمىغان قورۇمىنى يەپ بولغان خەمىت ئەمدى بىردىنلا مۇرىسىگە پېتىپ، جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ شىر كەيپلىكى بىر ئاز تارقىغاندەك قىلاتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بەختىسىز تەقدىرىدىن شىكايەت قىلىپ، ۋاپاسىز خوتۇنىنىڭ قىلمىشلىرىدىن داتلاپ، بالىلىرىنىڭ ئۆزىگە قارىمايدىغانلىقىدىن ئازاپلىق ئىڭراشقا باشلىدى.

ـــ بۇ ھالدا مەن نېمە قىلاي، ئاكا؟ ـــ دېدى ئۇ گويا ھەممە يوللىرى تاقىلىپ، مېڭىشقا يولى قالمىغاندەك بىچارىلىك بىلەن.

ـــ ئەگەر مەن سىزنىڭ بالىڭىز بولۇپ قالغان بولسام، مەنمۇ قارىمايتىم، ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەئەددى قىلىپ، ـــ مۇشۇ ھالىتىڭىزنى كۆرسە قانداقمۇ سىزنى دادام دەپ ئېتىراپ قىلغۇسى كېلەر؟ سىز بىر چەتتە ئوقۇغان زىيالىي، ئىنقىلاپنىڭ غازىسى بولۇش سۈپىتىڭىزنى ساقلاپ، شۇ شەرەپلىك كىملىكىڭىزگە لايىق ياشىغان بولسىڭىز، ئۇلار سىزدەك دادىسى بولغىنىدىن پەخىرلىنىدىغان بولسىدى، سىزدەك دادىسىدىن ماختانغان بولاتتى، ئانىسىنى

ئەپىلگەن بولاتتى.

— ئەمما راستىنى دېسەم بۇ دېگەنلىرىڭىزنىڭ توغرۇلۇقىنى بىلمىگۈدەك ئەمەسمەن، بۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن مەنمۇ بىلىمەن، ئەمما بۇ ئەلەملەرنى يېڭىپ، قەددىمنى تىكلەشكە ئۆزەمدە جاسارەت تاپالمىدىم. دەرتلىرىم مېنى يەڭدى، مۈكچەيتتى. قانداق قىلسام بولۇدۇ؟ سىزنىڭ نە خىزمىتىڭىز، پىنسىيە مائاشىڭىز يوقكەن، تۇرۇدۇغان يېرىڭىزمۇ يوق بولسا كېرەك، گەرچە بار دېدىڭىز، ئەمما مېنىڭدەك بىر هاراقكەش بىلەن بىللە تۇرالمايدىغانلىقىڭىزدىن دەپ قويۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە قاپاق ئەمەس، مەنمۇ. دېمەك، سىزنىڭ ئۆي - ماكانىڭىزمۇ يوقكەن، شۇنداق تۇرۇپ سىزنىڭ مۇشۇنداق رەتلىك، پاكىز، خۇددى بىر يەرنىڭ كادىرىدەك، پىشقەدەم مۇئەللىمدەك ئالىپتەلىكنى ساقلاپ ياشاۋاتقىنىڭىز دەرهال دىققىتىمنى تارتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىزدىن هاياتىڭىز سىرلىرىنى كوچىلاشقا، سىزنىڭ هايات رىتىسپىڭىزنى بىلىۋېلىشقا قىزىقىپ، سىزنى زورلاپ ئۆيۈمگە ئەكەلدىم. بىلدىڭىزمۇ؟ سىز مېنى مەست دەپ ئويلاپ قالدىڭىز، ئەمما مەن سىزنى مەقسەتلىك چاقىرىپ كەلدىم.

— سىز مېنىڭ ئىشسىز، ئۆي - ماكانسىزلىقىمنى كوچىدىكى چاغدا قانداق بىلەلىدىڭىز؟ — دەپ سورۇدۇم قىزىقىپ.

— شۇنىمۇ بىلمىگۈدەك دەرىجىدە دۆت ئەمەستۇق، ئاكا؟ — دېدى ئۇ قېيداپ، — سىز دېگەن نامى بار بىر ئادەم، سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئەسلىگە كەلسە، دەرهال جەمىيەتتە ئۇقۇلماي قالمايدۇ. بۇنداق بىر خەۋەر ئۇقۇلمىدى. دېمەك سىز ئىشسىز دېگەن گەپ. يەنە بىرى سىز خىزمەتتە بولسىڭىز، مەن يۈرۈدىغان ئاشۇ قاۋاق كوچىلىرىدا يۈرگىدەك ۋاقتىڭىزمۇ بولمايتتى، دېگەنىمۇ ئويلۇدۇم. خىزمىتىڭىز بولمىدى، دېگەنلىك ئۆيىڭىز يوق دېگەن سۆز. چۈنكى ئۈرۈمچىدە سىزنىڭ ئەزەلدىن شەخسىي تۇرالغۇ - جايلىرىڭىز بولمىغان، ئىشلىگەن يېرىڭىزدىن تەمىنلىگەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ كەلدىڭىز، ئىشسىز بولمىغان ئىكەن سىزگە قايسى ئىدارە ئۆي بېرەتتى؟

— توغرا پەرەز قىلالاپسىز، دېمەك سىز نېمىلا دېگەن بىلەن ئەقىللىق ئادەم سىز. ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ بۇ هالى هەققىدە نېمىشكە ئاشۇ ئەقىلنى جارى

قىلمىدىڭىز؟

— ماڭا شۇنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرىڭ، سىزنىڭ ياشاش رىتىسپىڭىز نېمە؟ سىرىڭىز نېمە؟ مېنى قۇتقۇزۇۋالالامسىز؟

— سىز مېنىڭ ياشاش رىتىسپىمنى بىلمەيسىز ئەمەس، ئەمما بۇنى سىز بۇرۇنمۇ قوبۇل قىلىشقا بەك قىزىقىپ كەتمىگەن ئىدىڭىز، ھەتتا ئۇمىتلىك زامانلارمۇ بولغان، خېلى يېقىنلاشقاندەكمۇ قىلدىڭىز، ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا كۆڭۈل قويالمىدىڭىز. ئەمدى بولغاندا مېنىڭ ياشاش رىتىسپىمنى سوراۋاتىسىز، بۇنى قوبۇل قىلالامسىز؟

— خوتۇندىن كۆڭلۈم ئېلىشىغلىق، ئەمما بالىلىرىمنى ئۆز قوينۇمغا ئالغۇم بار، قانداق قىلسام بولىدۇ؟ مېنى يېتەكلەڭ، ماڭا يول باشلاڭ! — ئۇ يىغلامسىرىغان ھالدا قوللۇرۇمنى تۇتۇۋالغان ئىدى.

— بايا دېگىنىمدەك، سىز ئۇلگۇلۇك بىر دادا بولالىسىڭىز، ئۇلار سىزدىن ئېپتىخار ھىس قىلىدىغان بولسا ئۇلار چوقۇم سىزنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

— مەن بۇنى بىلىمەن، دېدىمغۇ؟ ئەمما بۇنىڭغا كۈچنى نەدىن تاپىمەن؟

— كىملىكىڭىزنى ئويلاڭ، نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقىنىڭىزنى ئويلاڭ، سىزنى ئۆزىگە باغلاپ تۇرغان بىر مەنىۋى قەدرىيەت بولۇشى كېرەك، ئۇ سىزنى قۇتقۇزىدۇ. ئاۋال ئۆيلۈنۈڭ، ھاياتىڭىز بىر ئاز تەرتىپكە چۈشسۇن، ئۆيىڭىز ئادەم ياشايدىغان ماكانغا ئوخشىسۇن، ئاندىن سىز ئۆزىڭىزدىن ھەركۈنى كىملىكىڭىزنى سوراڭ، نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىدىغانلىقىڭىزنى سوراڭ. بىر مەنىۋى تۈۋرۈك بولمىسا قەددىڭىزنى تىكلىيەلمەيسىز. ئۇ شۇنداق بىر تۈۋرۈك بولسۇنكى، ئۆتكەن ھاياتىڭىزدىكىدەك، ئۆتكۈنچى نەرسىلەرنى تۈۋرۈك دەپ ئېسىلماڭ. ئىككىنچى قەدەمدە بېشىڭىزنى ئوڭشاپ، يېڭى بىر ئائىلە قۇرۇڭ، — دېدىم.

— تەكرار ئۆيلۈنۈشقۇ بولۇدۇغان گەپتەك قىلىدۇ، ئەمما مۇشۇ ھالىمدا كىم ماڭا تېگەر؟ ئىلگىرىكى خېلى يامان ئەمەس چاغلىرىمدىمۇ خوتۇنلار مېنى ياراتماي تاشلاپ كەتكەن، ئۈستى - ئۈستىگە ئەلەم تاپقان ئىدىم. خوش، ئەمدى سىز دېگەن مەنىۋى تۈۋرۈككە كەلسەم، سىز ماڭا تەكرار ئاللاھقا ئېسىل دەيسىز، ئەمما مەن شۇ يېشىمغىچە ئاللاھقا قارشى قىلمىغىنىم ئاز، دېمىگىنىم ئاز

قالغان بىر پاسىق گۇناھكار تۇرسام، ئاللاھ مېنى قوبۇل قىلارمۇ؟

ــــ ئاللاھ رەھمانىررەھىمدۇر. بۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن بىلىسىز. ئاللاھ غەفۇرۇررەھىمدۇر، بۇنىمۇ بىلىسىز. ئەمما، بۇنى سىزگە ھېچكىم يېشىپ، ئۇششاقلاپ چۈشەندۈرمىگەن بولسا كېرەك. «غەفۇر» ئاللاھنىڭ «غاففار» دېگەن ئىسمى ـ سۈپىتىدىن كەلگەن. غاففار ــــ ئەپۇچان، كەچۈرگۈچى دېگەن بولۇدۇ. بۇ تومتاق تەرجىمىسى. ئەمما ئەرەپچىدە ئۇ «ئەپۇ قىلىشنى ئۆزىنىڭ كەسپى قىلىۋالغان، كەچۈرۈشكە تەييارلا تۇرۇدۇغان» دېگەن ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالۇدۇ. سىز ئۆتكۈزگەن چەكسىز گۇناھلارمۇ ئاللاھقا بىرەر زىيان بېرەلمەيدىغان تۇرسا، ئاللاھ نېمىشكە كەچۈرمەس؟ ئۇ كەچۈرۈشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان زات تۇرسا، بەندىلىرىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈدۇغان تۇرسا، ھەر پۇرسەتنى كۈتۈپ، بەندىنىڭ دوزاقتىن ئامان قېلىش ئۈزۈنۈشىدا بولۇشىنى كۈتۈپلا تۇرۇدۇغان تۇرسا نېمىشكە كەچۈرمىسۇن؟ پەقەت سىزنىڭ سەمىمىيىتىڭىزلا بولسا، ئاللاھنىڭ ئەپۇسىدىن ئۈمىدۋار بولسىڭىز بولۇدۇ؛ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولسىڭىز، ئاللاھنى زالىم پادىشاغا ئوخشۇتۇپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇپ قالىسىز. ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ شۇنداق دەيدۇ: «بەندەم ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن بەندەمگە بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن؛ بەندەم مەن تەرەپكە مېڭىپ كەلسە، مەن بەندەمنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ بارىمەن». بىر بەندىنىڭ ئۆلۈم سائەتلىرىگىچە ھىدايەتكە مېڭىشنى تاللاش ھوقۇقى بولۇدۇ.

خەمىت خۇددى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان «دىللىرى پېچەتلىنىپ كەتكەن» ئادەملەردەك بىر ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئىككىلىنىشلىرى، گۇمانلىرىنىڭ ھەممىسىگە جاۋاپ بەرگەن بولۇشۇمغا قارىماي، ئىلگىرىمۇ قەلبىگە ھىدايەتنىڭ نۇرى كىرەلمىگەن ئىدى. شۇئاندىمۇ ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىقىمۇ؟ ياكى دىنغا ئىشەنمەسلىكىمۇ؟ ئۇ تېخىچە مايمۇندىن ئۆزگەرگەنلىكىگە ئىشىنەمدۇ؟

خەمىت گاڭگىرىغان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ تۈردىكى ئادەملەر ھەرقاچان قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا بىر ئېسىلىدىغان تۈۋرۈك لازىملىقىنى ھېس قىلىدىغان، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلغان ھامان ھەممىنى ئۇنتۇپ، بۇ قۇتۇلۇشنى تەلەيدىن ياكى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىدىن كۆرۈدۇغان ئادەملەر ئىدى. بۇ ھال قۇرئاندا

شۇنداق ئەينەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، «**ئىنسانغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، بىزگە دۇئا قىلىپ** (ئىلتىجا قىلىدۇ)، **ئاندىن ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ بىرەر نېمىتىمىزنى ئاتا قىلساق، ئۇ: ‹بۇ نېمەت ماڭا ئۆز ئىلمىمدىن** (يەنى پەزلىمدىن، ئەمگىكىمدىن، تىرىشچانلىقىمدىن، رىزىق تېپىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىكىمدىن) **كەلدى› دەيدۇ.»** دېيىلگەن.

ئۇنى ئاشۇ گاڭگىراش ئىلكىدە ئويلۇنۇشقا قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتىم. بۇ ئۆيدە ئۇزۇن ئولتۇرۇشتىن زەھەرلىنىپ قالغۇدەكلا ئىدى. خەمىت مەندىن پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە ئېلىش ئۈچۈن كۆچ سەرپ قىلدى. ئەمما مەن ۋەدىنى مۇنداقلا قىلىپ قويۇپ يۈرۈۋېرىدىغان ئادىتىم بولمىغاچقا، ۋەدە مېنىڭ ئۈچۈن چىڭ گەپ ئىدى. شۇڭا، ۋەدە قىلمايمەن، ئەمما كەلگىم كەلسىلا كېلىمەن دېدىم.

ئەسلىدە كەلگىم كەلمەيدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. مەنمۇ شۇڭا كەلمەيتىم. ئەمما مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش بولۇپ قېلىپ يەنە بېرىشقا توغرا كەلدى. 60ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدىن لاگىردا بىللە بولغان ھەمراھلىرىمدىن بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. يادىڭىزدىمۇ؟ مېھرىگۈل دېگەن غۇلجۇلۇق قىز. بەلكىم سىز مېنىڭ خاتىرەمنىڭ كۆچلۈكلىكىدىن چوقۇم ئۇنى ئاۋال تونۇپ قالدى دەپ ئويلايسىز، ئەمما ئۇ مېنى تونۇپ قالدى! نېمىشكە مەن تونۇيالمىغانلىقىمنى سىزگە دەپ بېرىشىممۇ بىر ئازاپ. ئۇنىڭ يۈزى تونۇغۇسىز ھالغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى مەن ئەمەس ئانىسىمۇ تونۇيالماسلىقى كەسكىن ئىدى.

ئىش ئىزدەپ ئاشخانىلارغا، ناۋايلارغا دوقۇرۇپ يۈرگىنىمدە خېلى چوڭ بىر ئاشخانىدا ئۇنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ قورقۇنۇچلۇق چىرايىدىن قانداقمۇ تونۇي؟ خوجايىننى ئىزدەپ زالدىن تاماق ئېتىلىدىغان يەرگە كىرگەن ئىدىم. مەن خوجايىندىن ئىش يوق دېگەن جاۋاپقا ئېرىشىپ، كېتەي دەپ تۇرسام، ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغان، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن يۇغۇچ ئايال ئىسمىمنى چاقىرىپ قالدى:

— سابىتكا! — كۆزى تىرتىيىپ قالغان، ئاغزىنىڭ بىر تەرىپىدىكى تارتۇقمۇ ئاغزىنى بىر تەرەپكە سۆرەپ كەتكەندەك بىلىنىدىغان بۇ قېرى ئايال

كىمدۇر؟ دەپ بىر دەقىقە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدىم. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىنى دەرھال تونۇدۇم. ئۇ يىللارنىڭ تاۋلىشى بىلەن ئاجايىپ قەيسەرلىشىپ كەتكەن بولۇشىغا قارىماي، يىغىلىۋېتەيلا دەپ مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. ئۇ ئاجىزلىقتىن ئەمەس، شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئىچ سىرىنى تۆكۈشكە پېتىنالىغۇدەك تونۇشىنى، يېقىنىنى ئۇچراتقانلىقىنىڭ سۆيۈنچىدىن يىغلايدىغاندەك ئىدى.

— ئىش ئۆستىدىكەنسىز، ماڭا ئادرېسىڭىزنى بېرىڭ، دەم ئېلىش كۈنىڭىزدە تۇرالغۇڭىزغا باراي، — دېدىم ئۇنى گەپ قىلىشتىن توسۇپ. چۈنكى شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن جىمى پاجىئەنى قىياس قىلىپ بولدۇم. بۇ ئىشقىمۇ ئاسان ئېرىشمىگەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ھالدا ئۇ ئېغىز ئاچقان ھامانلا ئۆزىنى تۇتالمايتى، خوجايىن بۇنى بەك ياخشى قارشىلىمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. ھەم ئىككىمىزنىڭ كەچمىشلىرىدىن ئېيتقاندا بۇ يەردە قىسقا بىرنەچچە مىنۇت ئۆرە تۇرۇپلا سۆزلىشىپ بولالمايتۇق.

ئۇ مېنى چۈشەندى. ئەمما كۆزلىرىدىكى ياش دۇردانىلىرى ئاشۇ تىرتىپسىپ كەتكەن چاناقلىرىدىن تۆكۈلەيلا دەپ قالغان ھالدا خىجالەت ۋە ئازاپ بىلەن:

— مېنىڭ دەم ئېلىش كۈنۈم يوق، رۇخسەت سورۇسام بىرەر كۈنگە ماقۇل دەمدىكىن، بىلمەيمەن،... — دېدى ئۇ. بۇنىسى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.

— ئەمىسە كەچتە بولسىمۇ بولۇدۇ، ئادرېسىڭىزنى بېرىڭ، — دېدىم.

— ئەمما،... مەن كېچە 12گىچە ئىشلەيمەن، ئاشخانا 11لەرگىچە ئېچىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تازىلىقلارنى تۈگۈتۈش كېرەك.

— ئەتىسىدىكى ئىشىڭىزغا دەخلىسى بولمايدىغان بولسا ماڭا 12 سىنىڭ بىر توسالغۇسى يوق، — دېدىم مەن ئىچىمنىڭ ئاچچىق ئېچىشىشىدىن چىرايىم تاتارغان، نەپسىم تېزلەشكەن ھالدا.

— ئەڭ ياخشىسى دوختۇرغا كۆرۈنۈمەن دەپ بىر كۈن رۇخسەت ئالاي، ئەتتىگەندە سائەت تۆرتتە كەلمىسەم بولمايدۇ، شۇڭا كەچتە ئۇخلاش كېرەك، مانا بۇ ئادرېسىم، — دېدى ئۇ ماڭا تېز ـ تېز يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئۇزۇتۇپ.

خوشلاشتۇق. خوشلاشمايمۇ بولمايتى. چۈنكى خوجايىنىنىڭ قاپاقلىرىدىن قار ياققىلى تۇرغان ئىدى. ئەمما مېنىڭ دەردىم بىر ياقتا قالدى. ئەمدى بۇ قىز ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدىم. قىز دەۋاتىمەن، ئەمما ئۇنىڭ تۇرقى مەندىنمۇ

قىرىلىراق ئىدى. ئىش ئىزدەشتىنىمۇ ۋاز كېچىپ، باغچىغا قاراپ كەتتىم. بىرەر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالمىسام بولمايتى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ قانچىلىك مۇرەككەپ ياكى ئاددىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن بەكمۇ دەھشەت ئىدى. ئۇ تېخى بىر غۇنچە بولۇپ، ئېچىلمايلا تورۇپ تۈگىگەن ئىدى. بۇ نابۇت بولۇشتا مېنىڭ ھەسسەم باردەك بىر ھېس مېنى قىيناشقا باشلىدى. مەن ئاشۇ شەرمەندە خوتۇنغا ھامىيلىق سۆزى بەرمىگەن بولسام بەلكىم مېھرىگۈل ئامان قالاتتىمىكىن؟ ئۇنىڭ پاجىئەلىرىدە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان نەۋ قىران يىگىت ـ قىزلارنىڭ پاجىئەسىدە مېنىڭ قولۇم باردەك بىر تۇيغۇ مېنى ئازاپلاپ ساراڭ قىلىپ قويايلا دېدى. ئەسلىدە مەن 1937 ـ يىلىلا ئۆلۈشكە تېگىشلىك بىردىم. نېمىشكە بۇ كۈنگىچە ياشاۋاتىمەنكىن؟ ئۇستىلەپ ئازاپ تارتىش، ئازاپتىنىمۇ ئۆتەراق ئاھانەت چېكىش ئۈچۈن ھايات قالدىممىكىن؟ بېشىمغا كەلگەن قورقۇنۇچلۇق قىسمەتلەرنىڭ ھەر دوقمۇشىدا سانسىزلىغان ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. مەن نېمىشكە ئۆلمەيۋاتىمەنكىنە؟ يەنىمۇ كۆپرەك ئازاپ تارتىش ئۈچۈنمىدۇر؟

20 ياشقىمۇ بارمايلا ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇيۇشقان بۇ ياشلارنىڭ ئېچىدە قىسمەتلىرى بۇنىڭدىن ياخشىراق بولغانلىرى بارمىكىنە؟ ئەگەر ئۇمۇ جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ، «خوجىنىنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال» دېگەننى ھاياتىنىڭ پەلسەپىسى قىلغان بولسا بەلكىم بۇ كەمگىچە ئېسىل ئۆيلىرى، ياخشى خىزمىتى، قۇۋناق ۋە بەختىيار ئائىلىسى بولغان بولاتتى.

ئەتىسى ئۇ بەرگەن ئادرېسقا باردىم. خەمىدنىڭ ئۆيىدىن كېيىن يەنە بىر بويتاقنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىم ئۈچۈنمىكىن، بۇ ماڭا ئاسمان ـ زېمىندەك بىر سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان ئىدى. نېمىلا دېگەن بىلەن خوتۇن كىشىنىڭ ئۆيى دېگەن باشقا گەپ ـ تە. ئىككى ئېغىز يەر ئۆي، ئارقا كوچىلارنىڭ تار ۋە پاتقاقلىق ئەگىمىلىرىنىڭ بىر بۇرجىگىدە بولسىمۇ، ئۆيگە كىرگەن ھامان خۇددى چەكسىز بوشلۇقتا، ياپ ـ يېشىل يايلاقتا، خۇش ھاۋاغا چىقىپ قالغاندەك ئازادە، كۆڭۈللۈك تەسىرات بېرەتتى. ھاۋاسى بولسا ئېسىل ئاياللارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چاغدا پۇرايدىغان پۇرىقىدەك خۇشپۇرايتى. ئۇنىدىن باشقا مەززىلىك تاماقنىڭ پۇرىقىمۇ كېلەتتى. دېمەك ئۇ مېنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن

تاماق قىلىپ ئولتۇرغاندەك قىلاتتى.

دېگىنىمدەك، ئۇ مېنى مېھمانخانىسىغا باشلاپلا ئالدىمغا نازۇ ـ نېمەتلەرنى تىزىۋەتتى. ئارقىدىن ئوخشىغان لەغمەنمۇ يېتىپ كەلدى. بىز تاماق يەۋاتقىچمۇ تارتىنچاق بالىلاردەك جىملا ئولتۇردۇق، بىر ـ بىرىمىزگە يوچۇن ـ يوچۇن قاراپ قويۇشتۇق. مەن ئۆزەمدە ئۇنىڭ ھايات ھېكايىسىنى سوراشقا جاسارەت تاپالمايدىغاندەك قىلاتتىم. ئەمما ئۇ ئىنتايىن چېچەن قىز ئىدى، چوقۇمكى بۈگۈنمۇ ئۇنىڭدىكى شۇ چېچەنلىك يوقۇلۇپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ ھالدا ئۇ سۆھبەتنى ئۆزى باشلىشى، مېنى قىيىن بولغان سوئالنى سوراشقا مەجبۇر قىلماسلىقى كۈتۈشكە بولۇدۇغان ئېھتىماللىق ئىدى.

تاماقتىن كېيىن يىغىشتۇرۇۋېتىلگەن رەتلىك شىرە ئۈستىگە چاي كەلتۈردى. ئاندىن كۈتكىنىمدەك سۆزىنى باشلىدى:

ــ بىلىمەن، سىز ئۈچۈن «نېمە بولدۇڭ؟ نېمە بۇ ھالغا قالدىڭ؟» دېگەن سوئاللارنى سوراش بەكمۇ ئېغىر، يېقىن كىشىلىرىمدىن ھېچقايسىسى بۇنداق سوراشقا پېتىنىمىدى. ئەمما دۈشمەنلىرىم، مېنى چېقىۋېلىشقا تىرىشىدىغانلار مەسخىرە بىلەن بۇنى سورىدى، ــ دېدى ئۇ ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغان ھالدا، ــ سىز لاگىردىن يۆتكۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مېنىمۇ باشقا بىر يەرگە يۆتكىدى. بىر ئۇيغۇر باشلىق بىرىنچى كۈنىدىلا كۆڭلىگە بىر شۇملۇق پۈككەن بولسا كېرەك، ماڭا «سىزنى ئاسانراق بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇمەن» دېدى. دېگەندەك، مەن مەيداننىڭ تراكتور دېگەندەك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىدىغان جىگوڭدۈيگە[1] تەقسىم قىلىندىم. ھەرھالدا ئىشىمىز سېخنىڭ ئىچىدە بولغاچقا ئېتىزلىقتىكىدەك جاپالىق ئەمەس ئىدى؛ ھېچ بولمىغاندا يازنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئاپتىپىدىن، قىشنىڭ جاندىن ئۆتۈدۇغان سوغۇقىدىن قۇتۇلغاندەك قىلاتتىم. ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا بېشىمدا ئەگىپ يۈرگەن قۇشنى كۆردۈم. ھېلىقى ئۇيغۇر باشلىق ماڭا غەيرى مۇناسىۋەت تەكلىپى قىلدى. مېنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرىمنىڭ ھەل بولۇدۇغانلىقى، خۇددى تالادا رەسمىي بىر ئىشتا ئىشلەۋاتقاندەكلا مۇئامىلىدە بولۇنۇدۇغانلىقى،... قاتارلىق

[1] جىگوڭدۈي ــ خىتايچە 机工队 سېلىسارخانا ــ ئا.

نۇرغۇن ۋەدىلەر باردى. رەت قىلىشىم پايدا بەرمىدى. پۇرسەت تاپسىلا كۆزۈمگە كىرىۋالدى. ئۆزى يېشى بىريەرگە بارغان، پور كۆتەكتەك بىر نېمە ئىدى. كېيىن ھەتتا سېختا يالغۇز بولۇپ قالسام رەسمىي ئېسىلىدىغان، زورلۇق قىلىش ئۇرۇنۇشلىرىدىمۇ بولدى. ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن مانا شۇنداق ئېلىشىپ، ئۆزەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولۇمغا چىققان تۆمۈر بىلەن چوققىسىغا سالدىم. شۇندىلا ئۇ مېنىڭ ناز قىلمايۋاتقانلىقىمنى، ماڭا ئېرىشىشى ئۇخلاپ چۈشى ئىكەنلىكىنى تەن ئالدى. ئۇنىڭ بېشى يېرىلغان، قاناپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كېيىن سېخقا كىرىپ كەلگەنلەرگە بۇنى باشقىچە چۈشەندۈردى: يەنى، بىلىسىز، مودا بولغان ئۇسۇلدا «بىر سىنىپىي دۈشمەننىڭ ئىنقىلابىي كادىرغا ھۇجۇم قىلىشى» شەكلىدە چۈشەندۈردى ۋە بۇنىڭ ھېسابى ئېلىنىدىغانلىقىدىن ئاگاھ بەردى.

مېھرىگۈل خۇددى ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى ئەمەس، باشقا بىرىنىڭ ھېكايىسىنى، ياكى كىتاپتىن بىر ھېكايىنى سۆزلەۋاتقاندەك سوغۇققان بولۇپ قالغان ئىدى.

— ئىچىمگە بىر قورقۇنۇچ چۈشتى، — داۋام قىلدى ئۇ، — بىلىسىز، بۇ ئەبلەخلەر خالىغىنىنى قىلالايتى، بىز ھوقۇقسىز بىر پۇقرالا ئەمەس، شۇئاندا بىر جىنايەتچى ئىكەنمىز، ئۇ ھالدا بۇلارنىڭ نېمە قىلسا قىلالايدىغانغا ئىشەنچىسى تېخىمۇ تولۇق بولاتتى-دە! مەن ئۇ ماڭا بەدنام ئارتىپ قاماق يىلىمنى يەنە كۆپەيتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم، بۇنىڭغا ئەلھەكمۇلىللاھ دەپ، ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىقتا ئىدىم. سىياسىي جەھەتتىن، قاماقتىن چىققاندىمۇ بىللە چىقىدىغان بىرەر قالپاق كەيدۈرىشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلۇدۇم. ئەمما ئۇنىڭ تېخىمۇ زەھەرخەندە سۇئىقەست پىلانلىغانلىقىنى ئۇخلىسام چۈشۈمدىمۇ ئەقلىمگە كەلتۈرمىگەنتىم. بىر كۈنى بىز تراكتورلارنىڭ ئاككۇمۇلياتورلىرىنى سۆكۈپ، بەزىلىرىگە يېڭىدىن كىسلاتا تولدۇرۇپ، بەزىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتۇق. كىسلاتانىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى خېلى خوپ چۈشۈرۈپ، ئاندىن قۇياتتۇق. ئىشكاپلاردا ساپ كىسلاتالار بولاتتى. ئۇنى رېزىنكە شۇمۇرگۈچ بىلەن شۈمۈرۈپ ئېلىپ، پارسۇيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، پىرسەنتىنى چۈشۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك ئىدى. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى شۇمۇرگۈچنى تۇيۇقسىزلا

تارتىپ ئېلىپ، «سەن يەرگە تېمىتىۋېتىپ بارسەن، دۆلەت مۈلكىنى ئىسراپ قىلدىڭ، مەن ساڭا ئۆگۈتۈپ قوياي» دەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى-دە، مەن تېخى بىرەر ئىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەنتىم، يۈزۈمگە، پېشانەمگە قارىتىپ، بىرنەچچە مىجىۋەتكەندى، ئاچچىق كۆيۈك ئاغرىقىدىن چىرقىرىشىم، سېختىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— مەن ئۇنىڭغا قانداق ئارىلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىۋاتاتتىم، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر نەچچە تېمىم تېمىپ كەتتى، — دېدى ئۇ ھېچ خىيالىغا كەلتۈرمەي.

— كىسلاتا دېگەن ئويغۇچى بولغاچقا گۆشنى كۆيدۈرۈپ بولدى قىلمايدۇ، سۆڭەككىمۇ كېتىدۇ، قانداق دېگەن گەپ بۇ! — دەپ ۋارقىرىدى جىنايەتچى ھىسابىدىكى ئۇستىلاردىن بىرى ۋە مېنى سۆرىگەنچە ئاپىرىپ، تۆمۈرچىلەر دايىم قىزىتىلغان تۆمۈرنى سۇغۇرۇدۇغان يوغان داستىكى سۇغا يۈزۈمنى پاتۇردى، يۈزۈمگە چاڭگىلىدا سۇ ئېلىپ سەپتى ۋە ماڭا، — توختىماي يۇيۇڭ، — دېدى.

ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئىش پۈتمىدى. كىسلاتا 90%لىك ساپلىقتا بولغاچقا يۈزلىرىمنىڭ گۆشىنى ئويۇپ ئېچكىرىلەپ كەتكەن ئىدى. مەن چىقىرايتىم، ئۆزەمنى ھەريان ئۇراتتىم. ئاخىرى خىتاي باشلىق دوختۇرغا ئاپىرىشقا رۇخسەت بەردى. مەيداننىڭ دوختۇرلىرى ھېچنېمە قىلالمىدى. چوڭ دوختۇرغا ئاپىرىش كېرەك، بولمىسا ئۆلۈدۇ، دېيىشتى. ئەسلىدە ئەجەپ ياخشى بولاركەندۇق، ئۆلگەن بولسام، ھازىرغىچىمۇ، «شۇ چاغدا كېچىكىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ»، دەپ ئويلايمەن. ئەڭ يېقىنىدىكى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دەرھال ئاپىراتسىيە قىلىپ، كىسلاتانىڭ زەھىرى يەتكەن، بۇزۇلغان توقۇلمىلارنى كېسىپ، ئويۇپ ئېلىۋېتىشتى. دوختۇرخانىدا بىر ئايچە ياتتىم. ئويۇلغان يەرنى خۇددى ئەسكى چاپاننىڭ يىرتىقىنى تۆمەپ تىكىپ قويغاندەك تىكىپ قويۇشتى.

ئاتا - ئانامۇ ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپتى. ئۇلار ئارىلىق يىراق بولغاچقا ئۇزاق - ئۇزاقتا يوقلاپ كېلەتتى. مېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئانام خۇدىنى يوقۇتۇپ قويدى. مەن نېمىشكە يەنە ياشاۋاتىمەن؟ دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. يالغۇز قىز ئىدىم، مېنىڭ ھەسرىتىمنى كۆتۈرەلمەي، ئانام ئاۋال تۇگەپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇزاق

ئۆتمەي دادامۇ ئۇنىڭغا يېتىشىپتۇ. مانا شۇنداق قىلىپ دۇنيادا يەككە - يېگانە قالدىم. قالغاندىمۇ بۇ ھالدا قالدىم. دوست - دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىدا نېمە دەپ يۈرۈمەن؟ دەپ ئويلاپ غۇلجىغا قايتىپ بارغۇم كەلمىدى. ئۇ يەردە تەڭتۇشلىرىم، دوستلىرىم، دۈشمەنلىرىم،... ھەممىسىگە كۆرۈنگۈم كەلمىدى. شەھەردە ئوبدان قورو - جايىمىز باردى. ئانامنىڭ ئىنىسىگە ـــ كىچىك تاغامغا خەت يېزىپ، ئۆينى ساتقۇزۇپ، پۇلىنى ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈردۈم. بۇ يەردە ھېچكىم، ئەگەر بىر تۇققان قېرىندىشىم بولغان تەقدىردىمۇ مېنى تونۇمايدۇ؛ مەنلا تونۇمىسام، مېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ. ھېچكىم تونۇمايدىغان يەردە ئۆزەمنىڭ قەلىپ تېرەنلىكىگە ئۆزەمنى قاماپ، زاھىتلاردەك تەنھا ياشاشنى توغرا تاپتىم. مانا بۇ ئەسكى ئۆينى ئالدىم. ئازراق پۇل ئاشقاندى، قارىسام يېتىپ يېگەنگە تاغ توشۇماس دېگەندەك قولۇمدىن ئۇچۇپ كەتكىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پالاقشىپ يۈرۈپ ئىش ئىزدىدىم. تۇرقۇمدىن قورقۇپ ھېچكىم ئىش بەرمىدى. ئاشۇ ئىشىمنى بەك تەستە تاپتىم. ئۆلمىگەندىكىن ياشاشقا مەجبۇر بولۇدۇغان گەپكەن. ياشاش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمىغاندىكىن، شۇ... نېمىشكە ئۆلۈپ كەتمەي تىرىك يۈرۈۋاتىمەنكىن!؟ يەنە نېمە كۆرگۈلۈكلىرىم بارىكىن؟... سورۇشتۇرسەم بىزنىڭ تۈپىمىزدىكى سەبداشلاردىن ھايات قالغانلىرى يوق دېيەرلىككەن. ھاياتلىرىنىمۇ ئۇزاق بۇلۇڭ پۇچقاقلارغا چېچىپ يوقۇتۇپتۇ. سىز بىلىدىغان ئالماس دېگەن يىگىت بارىدىغۇ؟ ئۇنىمۇ ئازاپلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئەمما مەن ياشاۋاتىمەن! نېمىشكە ماڭا ئۇلارغا نېسىپ بولغان شېھىتلىك نېسىپ بولمىدى؟ نېمىشكە يەنە ياشاۋاتىمەن؟ شۇنچە ئازاپلاردىن قانداقسىگە ئېشىپ قالغىنىمغا ھېچ چۈشۈنەلمەيمەن، ھېچ ئىشىنەلمەيمەن!

مەنمۇ ئۇنىڭغا ھاياتىمنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن ئۇنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى ئەيىپلەۋېرىشىگە قارىتا تەسەللىي ئېيتتىم. گەرچە بۇنداق گۇناھكارلىق تۇيغۇسى مېنىمۇ دايىم قىيناپ تۇرۇدۇغان بولسىمۇ. ئۇ ئەسلىدىلا دىيانەتلىك ئائىلىنىڭ قىزى بولغاچقا، لاگېردا مېنىڭ دىنىي تەلىملىرىمنى خېلى ئاڭلىغان ئىدى. ئەمدى بولسا بېشىغا كەلگەن بۇ مۇسىبەتلەردىن كېيىن ئۇنى ئاياقتا تۇتۇپ تۇرغىنى ئاللاھ قورقۇنچى ۋە ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە مەرھەمىتى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ تەقۋادار مۆمىنە

بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆيدىكى جايناماز، قۇرئان قاتارلىقلاردىن دەرھاللا ھېس قىلىشقا بولاتتى.

— ئەگەر مۇسۇلمان بولمىغان بولسام بۇ ئەلەملەرنى كۆتۈرەلمەي، ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولاتتىم، — دېدى ئۇ، — پەقەت ئاللاھ قورقۇنچۇسى مېنى ھاياتتا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر ھېكمەت بار، ئاللاھنىڭ ھەر تەقدىر قىلغان ئىشىدا بىر ھېكمەت بار، بىر پايدا بار، ئەمما بىز ئۇنى كۆرەلمەيمىز. كۆرەلمىسەكمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. ھايات قېلىشىڭىزنى ئۇنداق ئەھمىيەتسىز دەپ قارىسىڭىز ھايات سىز ئۈچۈن ھاشار بولۇپ قالامدۇ؟ ئۇنىڭغا بىر ئەھمىيەت بەخش ئېتىشكە، مەنا بېرىشكە تىرىشىڭ.

ئۇزاق سۆزلىدۇم. گەپتىن باشقا نېمە بار؟ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟ ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلالايمەن؟ بىردىنلا خەمىت يادىمغا كەلدى ۋە:

— لاگىردا دايىم ئارىمىزدا بولۇدۇغان خەمىت تۇردىنى ئەسلىيەلەمسىز؟ — دەپ سورۇدۇم مېھرىگۈلدىن، — ئاشۇ خەمىتنى كۆردۇم. ئۇ پېنسىيىگە چىقىپتۇ. بويتاق ئىكەن، ھاياتى بەك چېچىلاڭغۇ، بىر ئايالغا بەكمۇ ئېھتىياجلىقتەك... ئەگەر سىزگە ئۇنى سايە قىلسام نېمە دەيسىز؟

— مېنى ئازاپلىمىسىڭىزكەن دېگەن بولاتتىم. مېنى كىم يارىتىدۇ؟ بىر قېتىم ئېغىزلىنىپ، بىر قېتىم رەتكە ئۇچراش نېمىدىن دېرەك بېرىشىنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ بۇ خۇددى ئىگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ يەرگە تاشلىغاندەك بىر ئىش. ئۇنىدىن كۆرە تېنىچ ھاياتىمغا بۇنداق كۆڭۈلسىز داۋالغۇشنىڭ كەلمەسلىكىنى، ئاران ـ ئاران قەقەچ تۇتقان قەلىپ يارامنىڭ تەكرار قانىماسلىقىنى تىلەيمەن.

ئۇنىڭ دېگىنى راست ئىدى. ئەمما خەمىتمۇ «مېنى كىم يارىتىدۇ» دېمىگەنمىدى؟ ئەمدى مۇشۇ ئىككەيلەن بىر ـ بىرىنى ياراتسىلا ھەر ئىككىسىنىڭ ئېھتىياجى پۈتكەن بولاتتى. شۇڭا كۆڭلۈمگە پۈككۈنۈمنى سىناپ باقماي قويمايدىغان نىيەتكە كەلدىم.

مېھرىگۈلدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۇزاققىچە ئۇنىڭ خاتىرىسىنى كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. يەنىلا ئۇنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىستىكىم بىلەن

خەمىتنى ئىزدەپ باردىم. خەمىت ئاخشامدا بەك كەچ ياتقانىدەك قىلاتتى. شۇڭا چۈشكە يېقىن بولغاندا ئىشىكنى چەكسەم تېخىچە ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى ئېلىشىپ كەتكەن هالدا ئىشىكنى ئاچتى. مېنى كۆرۈپ كۆرۈنەرلىك شەكىلدە خوشال بولغانلىقىنى بىلىندۇردى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزرە تىلەش بىلەن، دەرهال ئۆينىڭ هال - ئەهۋالى بىر ئاز رەتلىنىپ قالغانلىقىنى پەرق ئەتتىم. ئەمما پۇراق يەنىلا بار ئىدى. شۇڭا كۆپ تۇرغۇم كەلمەي ئاساسىي مەقسەتكە ئۆتتۈم:

— خەمىت، سىز هېلىقى لاگىردا بىز بىلەن بىللە بولغان مېهرىگۈل دېگەن قىزنى ئەسلىيەلەمسىز؟ — دەپ سورۇدۇم ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا،

— شۇ قىزنى كۆردۇم، ئۇمۇ جاپا - مۇشەققەتتىن كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، قېرىپتۇ. ئەمما سىز بىلىسىز، ئۇ سىزگە باققاندا يەنىلا كۆپ كىچىك. ئۇ تېخىچە بويتاق ئىكەن.

— مېهرىگۈل؟ ئۇنى تېخىچە بويتاقكەن دەمسىز؟

— هەئە، بويتاقكەن. سەۋەبى، ئۇ لاگىردا كوممۇنىست كادىرلىرىنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن چىرايى نابۇت بولغاچقا، ياتلىق بولالماپتۇ. ئەمما سىز ئۇنىڭ ئالتۇندەك قەلبىنى بىلىسىز، ۋاپادار خوتۇن بولالايدىغانلىقىغىمۇ كۆزىڭىز يېتىدۇ. سىزمۇ مېنى كىم يارىتىدۇ، دەۋاتاتتىڭىز، ئەمدى يەنە بىر «مېنى كىم يارىتىدۇ» دەيدىغان لايىق تېپىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— كۆرۈشۈپ باقايلى، قېنى قانداق بولۇدىكىن؟

— مېهرىگۈل رازى بولمىدى. ئۇ هېچكىمگە يارىمايدىغانلىقىغا جەزم قىلىپ ئۆگەنگەچكە بىرەرسى بىلەن كۆرۈشۈپ، كېيىن رەتكە ئۇچراپ، ئازابىنى ئېغىرلىتىشنى خالىمايدىكەن. ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماستىن ئۇزاقتىن كۆرۈپ بېقىشىڭىزنى مەسلىهەت بېرىمەن. ئۇ سىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن. بولمىسا مېنى ئەيىپلەيدۇ. كۆرۈپ بېقىڭ، چىراي دېگەننىڭ ئادەمنىڭ قەلبىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ، دەيمىز. ئەمما يەنىلا چىراي بىرىنچى تەسىراتنى شەكىللەندۈرگۈچى بولغاچقا، ئۇنىڭ رولىنى ئىنكار قىلالمايمەن. ئۈمىدىم، سىز ئۇنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى كۆرەلىسىڭىز ئىكەن، دەيمەن. ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرسىڭىز، رەتلىك، سەرەمجانلىقى، هەقىقەتەنمۇ قولى گۈل،...

— مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى خەمىت، — كۆرمەيلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈشكىمۇ تەييارمەن-دە، ئەمما يەنىلا كۆرۈپ باقاي. مەن ئۇ قىزنى بىلمەنغۇ، ئۇنىڭ ئېسىللىكىدە گەپ يوق. سىز كۆرۈپ بېقىڭ دېگەچكە بوپتۇ كۆرۈپ باقاي دەيمەن.

ئۇنىڭغا ئادرېسنى ئېيتىپ بەردىم، قانداق قىلىپ، قاچان يۈيۈدىغان يەرگە كىرىشنىڭ ئۇسۇللىرىنىمۇ ئۆگەتتىم. ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ قالماسلىقنى بەك تاپىلىدىم. خەمىتنىڭ «كۆرمەيلا بولۇدۇ دېسەممۇ بولاتتى» دېگەنلىرىدىن خېلى ئۈمىتۋار بولۇپ قالغان ئىدىم.

ئەمما كېيىنكى قېتىم نەتىجە ھەققىدە سوراشقا كەلگىنىمدە خەمىت چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

— مەن تېخى نورمال سەتلەردىن بولغان بولسا، دەپ ئويلاپ تاس قاپتىمەن ۋەدە قىلىۋەتكىلى! ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېلىشماستىن قارىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى. بۇ گەپ ماڭا شۇنچىلىك ھار كەلدىكى، خەمىتنىڭ خامىرىنى ئېزىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزەمنى زورغا تۇتتۇم.

مېھرىگۈلنىڭ ئويلىغىنى توغرىكەن. خەمىتتىن شۇنچىلىك كۆڭلۈم قالدىكى، ئاشۇ پېتى ئىككىنچىلەپ ئىزدىمىدىم. مېھرىگۈل دوستلارغا مۇھتاج، ئەمما ھەقىقىي، سادىق دوستلارغا. ئۇنى ھېلىمۇ يوقلاپ تۇرۇمەن. يوقلىماستىن ئىچىمدە بىر ئەيىپكارلىق ھېسسى مېنى ئازاپلاپ ئولتۇرغۇزمايدۇ. ئۇ ھازىر خوجايىنىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن بولغاچقا ھەپتىدە بىر كۈن — ھەر دۈشەنبە كۈنى دەم ئېلىش بېرىلدى. دۈشەنبە كۈنلىرى بىزمۇ بەك بېسىق بولمايمىز، شۇڭا چۈشتىن كېيىنرەكتە ئۇنىڭغا مېھمانغا بارىمەن. ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكىلەر مېنى «مېھرىگۈلنىڭ دادىسى» دەپ ئاتىشىدۇ.

بۇ پاجىئە مېنىمۇ بەك ئازاپلىدى. كۆڭلۈمدە بىر پۈرسەت تاپسام مەلۇم بىر دۈشەنبە كۈنى مەنمۇ بۇ قىزنى (قىزنى دەپتىمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ مەندىن چوڭ ئايال بولۇشى كېرەكقۇ) يوقلاپ بېرىپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئادرېسىنى

ئېلىشۋالدىم. ئاندىن يەنە ئۆزەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋاتقان سوئاللىرىمدىن بىرىنى سوراشقا باشلىدىم.

— مەن سىز بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە قېتىم كاتتا ئادەملەرنىڭ ئالىي پىكاپلار بىلەن قېشىڭىزغا كېلىپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار سىزگە خىزمەت بېرەيلى دەپ كېلەتتىمۇ؟ ياكى يالغان غەمخورلۇق قىلىپ، «نېمە قىيىنچىلىقىڭىز بار؟» دېگەندەك ياغلىما گەپلەر بىلەنمۇ؟

— ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن كېلەتتى، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي، خۇددى ئۇزۇن ھېكايە باشلاشتىن بۇرۇن تىنىۋالغاندەك تىنىپ ۋە قولىدىكى مۇشتەكنى بارمىقى بىلەن يوقۇرى - تۆۋەن سىلىغاچ، — سىلەر ئادەتلەنگەن ئاشۇ «پارلاق 3- ئومۇمي يىغىن» ئېچىلىپ، گويا ھەممە ئىشلار خۇددى بىزنىڭ كۈتكىنىمىزدەكلا بولۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنگەن دەسلەپكى چاغلاردا بەزى كىلاسسىكلارنى نەشرگە تەييارلاش گورۇپپىسىغا قېتىلىشىمنى تەكلىپ قىلىشىپ، باشلىقلارمۇ، بۇرۇنقى سەبداشلاردىن ئۆتكۈر، ئىبراھىم مۇتىئىلارمۇ كېلىپ يۈرۈشكەن ئىدى.

— مۇشۇنداق موھىم ئىشقا قېتىلمىدىڭىزما؟ ۋاي ئىست، — دېدىم ئۆكۈنۈشۈمنى يوشۇرالماي.

— خىزمەت ھېسابىدا قىلىشنى رەت قىلدىم. چۈنكى، سىلەر ئەدىپلەر «پارلاق 3 - ئومۇمي يىغىن» دەپ تەرىپلەپ، يېڭى دەۋرنىڭ «باھارى» دەپ سۈپەتلەپ، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار[1]» دېگەن چىرايلىق مىسرالاردا كۈيلىگەن بىلەن، مەن يەنىلا «شۇ خىتاي شۇ!» دەپ بىلگەچ، بۇنداق بىردەملىك دەبدەبىلەرگە ئىشەنگىم كەلمىدى. مائاشنى بەردىم دەپ سىزنى ۋىجدانىڭىزغا مۇخالىپ بىرەر نەرسىگە ئىمزا قىلىشقا بۇيرۇسا، شۇ كۈنىلا پەشنى قېقىپ ماڭالمايسىز، ئۇنداق قىلسىڭىز ئېنىق بىر جىنايى ئېتىراپ بولۇپ، ئۇلارغا دەلىل - ئىسپات تېپىپ بەرگەن بولۇسىز. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مائاشتىن نېرى تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ بەزى تەبئىتىمىز كۆتۈرمەيدىغان ۋەزىپىلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالالايمىز

— ئەمما موھىم كىلاسسىك ئەسەرلەرگە ئىمزاڭىزنىڭ چۈشۈشى موھىم

[1] تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ شېئىرى، — ئا.

تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى ـ دە.

ــــ ئەمما مەن ئىشتىن سىرت قىلىشقا ماقۇل بولغانىدىم.

ــــ دېمەك، سىز بۇ گورۇپپىلاردا بارمۇ؟ ئاشۇ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىقلارنى نەشرگە تەييارلىغانلار ئىچىدە؟

ــــ ھەئە، ئەمما نامىسىز قەھرىمان سۈپىتىدە. سىز دېگەندەك بۇنداق بىر ئىشتىن چەتتە قېلىشقا بولمايتى. خاتىرجەم بولغىلى بولمايتى. ئەمما بۇلارنى مەن مۇشۇ كەيپەمدە كۆزدىن كەچۈردۈم.

ــــ مۇنداق دەڭ! ؟ مۇشۇنداقلا ئىش قىلىدىغان بولغانىدىكىن، خىزمەت ھېسابىدا قىلىسىڭىز شۇنچە يامان بولارمىدى؟

ــــ «يىگەنىنىڭ يۈزى ئۆيۈتار» دېگەندەك، ماشىنى ئالغانىدىكىن، بىر كۈنلىرى: «شەرقىي تۈركىستان دېگەن بىر نەرسە بولغان ئەمەس، ‹ئۇ تارىخىي ئاتالغۇمۇ ئەمەس، جۇغراپىيىۋىي ئاتالغۇمۇ ئەمەس؛ سىياسىي ئاتالغۇمۇ ئەمەس› دېگەن مەزمۇندا بىر ماقالە يېزىپ، شەرقىي تۈركىستانچىلارغا رەددىيە بېرىش كېرەك ئىدى، شۇنداق بىر ماقالە تەييارلا»، دەيدىغان بولسا، نېمە دەيسىز؟ ئۇ شېئىر ئەمەس، «ئىلھامىم كەلمىدى، زورلاپ يازالمىدىم» دەپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. مەن بۇگۈنلا پېنسىيىگە چىقمەن! دەمسىز؟ ياكى ئاغرىپ قالدىم دەپ دوختۇرخانىدا يېتىۋېلىپ قۇتۇلامسىز؟ ھەرقانداق قىلسىڭىزمۇ، يازمايدىغانلا بولسىڭىز، «مەنمۇ شۇ، شەرقىي تۈركىستانچىلاردىن بىرى مەن» دېگەنلىك بولامدۇ-يوق؟ شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ماشىنى ئالماسلىق.

بۇلارنىڭ توغرۇلۇق پىرسەنتى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆردۈم. ئىنكار قىلغىلى بولمايتى. ئەمما ماشىلىق ئورۇندىن ۋاز كېچىپ كوچىدا قېلىشمۇ ئاسان جۈرئەت قىلىنىدىغان ئىش ئەمەسلىكى ئېنىق. سابىت يەنە ماڭا تاپلاپ:

ــــ ھازىر بىر پۇرسەت، بەزى نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىۋېلىش كېرەك. كوممۇنىست دېگەنىنىڭ چېكى توختاپ باقمىغان، يەنە بىر كۈنلىرى چىن شىخۇاڭدەك كىتاپلارنى كۆيدۈرمەيدۇ، دېيەلەمسىز؟ پۇرسەت غەنىمەت، ئىلگىرى قىلغىلى بولمايدىغان بەزى نەرسىلەرنى قىلىۋېلىشقا ئالدىراش زۆرۈر. مەن سىزگە سەيپىددىنىڭ كۈتۈپخانىسىدىن گەپ ئاچقانمىدىم؟ ئۇنى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئېمىنگە رەتلەتكەنلىكىنىمۇ دېدىمغۇ دەيمەن.

كۆرۈۋاتامسىز؟ مانا شۇ كۇتۇپخانىدا ئىشلىگەننىڭ مېۋىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغىنىنى؟ ئۇنىڭ «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ھەققىدىكى كىتابى ۋە «تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا- ئۇسۇلى» دېگەندەك كىتاپلىرى ئىنقىلاپ خاراكتېرلىق ئەسەرلەردۇر. مەن يەنە ئۇنىڭ بىر ماقالىسىنى «ئۇنىۋېرسىتېت ئىلمىي ژۇرنىلى»دىن ئوقۇدۇم: «مۇزتاغلارنىڭ كىلىماتىمىزغا بولغان تەسىرى» دېگەندەك بىر ماۋزۇدا. بىلەمسىز بەزى خىتاي مۇتىخەسسىسلىرى تەلۋىلىك بىلەن، ۋەتىنىمىزدە كۆپلەپ بوز يەر ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ كۆچمەن يۆتكەش مەخسىدىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇز تاغلارنى سۇنئىي ئۇسۇلدا ئېرىتىپ سۇغا ئايلاندۇرۇشتەك دۆشمەنلىكتىنمۇ ئۆتكەن قارا نىيەت چارىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېتىكەن، شۇنىڭغا قارشى يېزىلغان بۇ ماقالىنى ئوقۇدۇم. بۇ قانداق ئادەم دەڭا؟ ھەر ساھەدە ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ يازىدۇ. كەم ئۇچرايدىغان تالانت! شېئىرلىرىدىكى جەزبىچۇ ئۇنىڭ! ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدەك ئەسەرلەرلا مىللەتنىڭ بايلىقى ھىساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە يىل بەرگەندە «تاڭ دەۋرى» دېيىشنىڭ ھاجىتىغۇ يوق ئىدى، ئەمما مەنچە بۇ بىر پەردە بولۇشى كېرەك. موھىمى كىتاپنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇن.

— يەنە بىر سوئال، — دېدىم خىجىل كۈلۈمسىرەپ، — سىزنىڭ خىزمەت قىلىشتىن باش تارتىشىڭىز خىتايلار ئۈچۈن «قېيدىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان» دېگەندەك بولماسمۇ؟ يەنى، ئۇلارغا خۇشياقىدىغان بىر ئىش بولماسمۇ؟ چوقۇمكى ئۇلار سىزدەك ئادەملەرنىڭ خارۇ- زارلىقتا يوقۇلۇپ كېتىشىنى تېخىمۇ خالايدۇ.

— مەندەكلەرنىڭ خارۇ- زارلىقتا يوقۇلۇشۇمىزنى خالايدىغانلىقى راست، ئەمما، ئۇنىڭ خالىغىنىنىڭ ئەكسىچە يەنىلا ياشاپ قېلىشىمىز ئۇلارنى ئەندىشىگە سالماي قالمايدۇ. بىر ھاكىمىيەت ئۈچۈن بىر ئادەمگە بېرىلىدىغان مائاش چوڭ ئىش ئەمەس، شۇڭا مائاشىنى ئالمىغىنى ئوبدان بولدى، دەپ خوش بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەكسىچە، مەندەكلەرنىڭ ئۆكتىچىلىك ھەركىتىدە بولۇشىمىزدىن بەك ئەنسىرەيدىغان بولغاچقا، قولىدا، كۆز ئالدىدا تۇتۇشىنى تېخىمۇ خالايدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتكە زورلىشى ماڭا كۆيۈنۈپ كېتىشتىن ئەمەس، بەلكى بىرەر قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا شۇغۇللۇنۇشۇم ئېھتىمال بولغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆز ئالدىدا تۇتۇش، قولىدا تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان.

— ھە؟... مۇنداق دەڭ! مەن بۇ تەرەپلىرىنى ھېچ ئەقلىمگە كەلتۈرمىگەن

ئىكەنمەن.

— سىز خىتايلارنىڭ بىر تەرەپتە دىنىي مەكتەپلەرنى چەكلەپ، يەنە ئۆزلىرى دىنىي مەكتەپ ھەتتا دىنىي ئىنستىتۇتلارنى ئېچىۋاتقانلىقىنى نېمە دەپ چۈشەندىڭىز؟ مېنىڭ ئىشىممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بىرى، شەخسلەر «قاراڭغۇ بۇلۇڭ پۇچقاقلار»دا ئاچقان مەكتەپ، كۆزۈتۈش دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالغان، «كور بۇلۇڭ»دىكى نىشان. بۇلار ھەققىدە ئېنىق بىلىپ تۇرالماسلىقىدىن ئەندىشە تۇغدۇرغۇچى ئامىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ؛ يەنە بىرى ئۆز ئالقىنىدىكى نەرسە، ھەممىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇدۇ، پروگراملىرىنى ئۆزى تۈزۈپ بەرگەن، نەزىرى دائىرىسىدىكى بەلگىلىك نىشان.

...

ئەمدى مەن قولغا كەلتۈرگەنلىرىمنى جىددىي رەتلەش بىلەن بىرگە، سابىت ئەپەندىنىڭ شەخسىي ھاياتى ھەققىدە دايىملا باش قاتۇرۇدۇغان بولۇپ قالدىم. قېرىغان ئادەم بۇنداق يالغۇز ياشاۋەرسە بولمايتى. ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلىش ھەققىدە ئەقلىمگە ھېچنېمە كەلمەي، بېشىم قېتىپ يۈرگەن كۈنلەردە، بىر كۈنى ئىشتىن يېنىپ ئۇنىڭكىگە كەلدىم. ئاشۇ تار «ئۆي»نىڭ ئالدىغا كېلىشىمگىلا ئىچىدىن ۋارقىراشقان ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدىم.

— سىزنى بۇ ھالدا كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. بۇ قانداق گەپ؟ — دەيتتى ناتونۇش بىر ئاۋاز، — بۇنداق جان قىيناپ يۈرگىچە يۇرتقا كەتسىڭىز بولمامدۇ؟ خەق سىزنىڭ قەدرىڭىزنى بىلمىگەن بىلەن بالىلىرىڭىز بىلىدۇ، بىز بىلىمىز، يۇرت بىلىدۇ. سىزنى بېشىمىزدا كۆتۈرۈمىز!

— مەنمۇ ئاخىرى بىركۈنى كېتەتتىم، ئەمما يەنە تېخى قۇۋۋىتىم بولغاندىكىن، ئۆزەمنى ئۆزەم ئىدارە قىلالىغاندىكىن باللارغا يۈك بولماي، دەپ شۇ... — بۇ سابىت ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇش ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقىنى ئۇنىڭ يېقىنلىرىدەك قىلاتتى. بۇ پۇرسەتتە مەنمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلاي دەپ، دەرھال ئىشىكنى ئاچتىم. ۋارقىرىشىۋاتقان ئىككەيلەن دەرھال گېپىنى توختىتىپ مەن تەرەپكە قارىدى.

— كېلىڭ، ئىلياس، بۇ مېنىڭ شورۇقتىكى قوشنام، ئاشۇ مەن سىزگە گېپىنى قىلغان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاتاق ئوغلى ئابلەق، — دېدى ئۆزىگە ياراشمىغان بىر

خىل كەيپىياتتا. شۇئان چۈشەندىمكى، ئۇ ئوڭايسىز ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشقا ۋەسىلە بولۇشۇمدىن ئۈمىت قىلغاچقا مانا شۇنداق بىنورمال خوش بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

مەن مېھمان بىلەن قول ئېلىشتىم. قىسقىچە ھال ئەھۋال سورۇدۇم. ئاندىن ئۇ سەھرالىقلارچە تومتاقلىق بىلەن تارتىنمايلا گېپىنى داۋام قىلدى:

— قارىمامسىز، بۇ ئادەمنىڭ جاھىللىقىنى! بۇ ھالدا بۇ يەردە نېمە بار؟ يۇرتقا كېتىڭ دەۋاتىمەن. نەۋرىلىرى چوڭ بولۇپ كەتتى، بۇلتۇ بىسى ئوقۇشقا كەگەن، بۇ ژىل بىسى كەلدى. مۇشۇ تاپتا شىككى نەۋرىسى ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ. بۇ ئادەمنى بۇ ھالدا كۆسە ئۇلا نېمە ئويلاپ قالا؟

— ئىككى نەۋرىسى ھازىر ئۈرۈمچىدە دەمسىز؟ — دەۋەتتىم مەن ھاياجانلانغان ھالدا.

— ھەئە. — دېدى ئابلەق، ئاندىن ئۆزىنىڭ سابىتنى ئىزدەپ تېپىش جەريانى ھەققىدە توختالدى، — مەن ئاز - تولا تىجارەت قىلاي دەپ كەگەنتىم، نېمە تىجارەت بوسۇن، ئالتاي تەرەپلەردىن قوي ئەكىلىپ ئۈرۈمچىدە ساتسا پۇل بولۇدۇكەن دەپ ئاڭلاپ، بىزمۇ بىر تەلەي سىناپ باققىلى كەلمەمدۇق. بىزنىڭ بىر سابىت ئاكىمىز ئۈرۈمچىدە دەپ بىلتۇق. شۇنى بىر ئىزدەي، دەپ چوڭ - چوڭ يەلەدىن سوراپ كېتىپتىمەن. ئاخىرى بىرسى سابىت ئەپەندى ئۇزاق بولدى، خىزمەتنى تاشلاپ، نىمكا ئىشلەۋاتقىلى، دېمەسمۇ! ۋاي، نەدە؟ بىلمەيمەن، يا بىرە ئاشخانىدا، يا بىرە ناۋايخانىدا ئىشلەۋاتسا كېرەك، دېمەسمۇ، بېشىم پىررىدە قايدى، ئىزدە، ئىزدە ئاخىرى تاپتىم. مانىكەن! — دېدى ئۇ بىر ئاز ئاچچىق مەسخىرە بىلەن.

— ئۇنىڭ خىزمەتتە بولۇشى ئەزىزلىقى، بۇ يەردە ئىشلىشى خارلىقمۇ ئەمەس، — دېدىم مەن گەپ قېتىپ، — نەدە بولسىمۇ يەنىلا سابىت ئەپەندى. شۇنداق بولسىمۇ ياشىنىپ قالغانلىق يۈزىسىدىن يۇرتقا قايتىشى كېرەكتى، بۇ گېپىڭىز ئورۇنلۇق.

مېنىڭ بىر ئاز سابىتنىڭمۇ تەرىپىنى ئالغىنىم ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك تەرەپلىرىنى غىدىقلاپ، بالىلارچە ساددىلىق بىلەن:

— ئەنە قاراڭ، ئابلەق بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇ مېنىڭ چوڭ بىر يەردە ئىشلىمگىنىمنىلا بىر بەختسىزلىك دەپ كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا

چۈشەندۈرۈشمۇ تەس، — دېدى.

— ھە، مەن چۈشەنمەيمەن! سىز چۈشەنگەندىكىن، ئوبدانراق ئويلانغاچ تۇرۇڭ، مەن كەچ قالدىم، قونالغۇمغا كېتەي. كېيىن يەنە كېلىمەن، — ئابلەق شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى. ئۇ مېنىڭ پېشىمدىن تارتىپ قويۇپ، — بۇ ئادەمگە نەسىھەت قىلىڭ، — دەپ پىچىرلىدى.

ئابلەقنى ئۇزۇتۇۋەتكەندىن كېيىن ئىشىكتىن قايتىپ كىرىپ سابىت ئەپەندى بىلەن روبىرو بولۇپ سورۇدۇم:

— نەۋرىلىرىڭىز ھەققىدە بىلمەمتىڭىز؟

— ئېنىقسىزراق ئۇققاندەكمۇ بولغان، ئەمدى ئېنىق بولدى. تېخى بۇ يىل ئىككى بوپتۇ.

— ئىزدەي دېمىگەنمىدىڭىز؟

— ئىزدەي دېگەنتىم، بەك ئىزدىگىم، بىر كۆرگۈم باردى. ئەمما جۈرئەت قىلالمىدىم.

— نېمىشكە؟

— ھەر ئادەمنىڭ ھاياتقا قارىشى ئوخشاش ئەمەس، قىممەت قاراشلىرى ھەر خىل بولىدۇ. كۆردۈڭىز، ئابلەقنىڭ قارىشى بويىچە مەن چوڭ بىر يەردە كاتتا بولۇپ ئىشلىگەن بولسام قەدىرلىك بولاتتىم؛ بۇ يەردە نىمكار ئىشلىشىم مېنىڭ قىممىتىمنى چۈشۈرۈۋەتكەن بىر ئىش بولغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، كىم بىلىدۇ مېنىڭ ئۇ نەۋرىلىرىمنىڭ تونۇشى نېمە بولىدۇ؟ مەندىن نومۇسى كېلەمدۇ؟

— ئۇنچىۋالامۇ ئەمەستۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ نەۋرىلىرى بولغاندىكىن، سىزدىن نومۇسى كېلىپمۇ كەتمەستى.

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. «جۇۋازچىنىڭ ھېكايىسى»نى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

— ياق، ئۇ قانداق گەپ ئىدى؟

— ئۇزاق سەھرالىرىمىزدا ياشايدىغان بىر دېھقاننىڭ بەك ئەتىۋارلايدىغان بىر ئوغلى بارىكەن. بىر كۈنلەردە بۇ ئوغۇل ئالىي مەكتەپنى قازىنىپ، ئۈرۈمچىگە كەپتۇ. دېھقان خۇشاللىقىدىن نېمىلا تاپسا بۇ ئوغۇلغا ئەۋەتىپ، ئۆزى بەك نامراتلىشىپ كېتىپتۇ. ئوغۇل بولسا، دادىسى ئەۋەتىۋاتقان پۇللار بىلەن بارغانسېرى بايۋەچچىلىشىپ، ھەتتا بىر يىللىرىغا كەلگەندە سەھرادىكى يۇرتىغا قايتىشقىمۇ

كۆڭلى بارماس بولۇپتۇ. بالىنى ئۇ قەدەر ئەتىۋارلايدىغان ئاتا - ئانا بالىسىغا قانداق چىدىسۇن؟ بالىسىنى يازلىق تەتىل بويى كۈتۈپ، ئۇ كەلمىگەندىن كېيىن قويىدىن ئىككىنى سېتىپ، پۇلىغا كىرا قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئاتلىنىپتۇ. ئىزدەپ سوراپ ئۇنىۋېرسىتېتنى تېپىپتۇ. بالىسىنى سورىغان ئىكەن، بۇ مەشھۇر بايۋەچچىنى ھەركىم بىلىدىكەن، ئاسانلا تېپىپتۇ. دادا ئوغۇلنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئوغلى بىر توپ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئىكەن. ئوغلىنىڭ تەققى تۇرقى شۇنچىلىك مودامىشكى، بالىلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇدۇكەن. بالا دادىسىنى كۆرۈپلا تاتىرىپ كېتىپتۇ. دادىسى بالىنى ئەتىۋارلايمەن دەپ ئۆزىگە قارىيالمىغاچقا ئۇستۇۋىشى بەك بەربات ئىكەن. بالا دەرھال ساۋاقداشلىرىغا بىر نېمىلەرنى دەپلا تويتىن ئايرىلىپ چىقىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئۇنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپتۇ. «سىزنى بىر ياتاققا جايلاشتۇرۇپ قوياي، مەكتەپتە ياتىدىغان يەر يوق» دەپ ئەكىتىپتۇ. ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، دەرھال قايتىپتۇ. دوستلىرى بالىدىن سوراپتۇ: «كىم بولىدۇ ئۇ؟» «بىزنىڭ ئائىلىنىڭ جوۋازچىسى» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئوغۇل. ئەتىسى دادا يەنە مەكتەپكە كەپتۇ. ئوغلى كۆرۈنمەپتۇ، پەقەت ئوغلىنىڭ تۈنۈگۈنكى ساۋاقداشلىرى ئۇنى كۈتۈۋېلىپ، شۇ ئارىدا بىرى: « پالانىجان سىزنى ئائىلىمىزنىڭ جوۋازچىسى دەيدۇغۇ؟ بۇ راستمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ دېھقانغۇ جوۋازچى ئەمەسكەن، ئەمما بالا دەردىدە نامراتلىشىپ، كىيىملىرى ياغلىشىپ كەتكەن ئىكەن. لېكىن ئۇمۇ خېلى چېچەن ئادەمكەن، بالىلارنىڭ سوئالىدىن ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن نومۇس كېلىپ، ساۋاقداشلىرىغا دادام دەپ تونۇشتۇرمىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ- دە: «ھەئە، مەن ئاشۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ جوۋىزىنى ھەيدەيمەن» دەپتىكەن. مانا شۇنداق بىر ھېكايە مەيدانغا كېلىدىغان ئىش بولمىسۇن دەپ جۈرئەت قىلماي يۈردۈم.

بۇ ھېكايە ھەر ئىككىمىزنى  راسا كۈلدۈردى. مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئەزەلدىن قاقاقلاپ كۈلمەيدىغان سابىت ئەپەندىمۇ خېلى ئېچىلىپ كۈلدى. ئۇ نېمىدىندۇر خوشال ئىدى. چۈشەندىمكى، ئۇ ئۆز ئەۋلادىنىڭ چوڭ ئادەم بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەنلىكىدىن يۈرىكى پەۋەس توق روھى ھالەتتىلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەن بۇ «جوۋازچى ھېكايىسى» مەسىلىسىنى سابىتقا ئۇقتۇرماستىن بىر تەرەپ قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

بىر جۈمە كۈنى ئۆيدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئىشىمدىن سوراپ سەل بالدۇر قايتتىم. ئۈنىۋېرسىتېتقا باردىم. سابىت ئەپەندىنىڭ نەۋرىلىرىنى ئىزدىدىم. ئاۋال بەكمۇ چىرايلىق، چىرايلىقلىقىغا ياراشقان شوخلۇقمۇ زوقلىنارلىق بىر قىز بىلەن ئۇچراشتىم:

— ئىسمىڭىزنى سورىسام ئەدەپسىزلىك بولماس؟ — دېدىم تەۋەزۇ بىلەن.

— ياق، نېمىشكە ئەمدى؟ ئۇنچىۋالا تەكەللۇپ قىلمايلا مەقسەتكە كېلىۋېرىڭ، مەن دېگەن ئاتۇشلۇق، ئۇنچىۋالا تۈزۈتچى ئەمەسمىز، تۈزلا، — دېدى ئۇ چاڭىلداپ سۆزلەپ، ئاندىن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — مېنىڭ ئىسمىم گۈلزادە، — دېدى.

— ۋاھ، مومىڭىزنىڭ ئىسمىغۇ بۇ؟ ئۆزىڭىزمۇ مومىڭىزدەك چىرايلىقكەنسىز، — دېدىم ئۇنىڭ ئەركىلىكىگە يارىشا ئەركىلىتىش بىلەن.

— نېمە؟ سىز چوڭئانامنى كۆرگەنما؟ ياق، سىزنىڭ يېشىڭىزدىن قارىغاندا چوڭئانامنى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. ئەمما نەدىن بىلىسىزكىن بۇلارنى؟

— بوۋىڭىز دەپ بەرگەن، — دېدىم ۋە سىناش نەزىرىدە ئۇنى كۈزەتتىم. ئۇنىڭ يېقىملىق خۇمار كۆزلىرى پىيالىدەك ئېچىلىپ، چاقناپ كەتتى.

— راستما؟ سىز چوڭدادامنى، سابىت دادامنى بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسىز؟

— ھە، نېمە، سىزنىڭ بەك بىلگىڭىز بارمۇ قانداق؟

— ھەئە، ئەلۋەتتە بىلگۈم بار، كۆرگۈم بار.

— ئەمىسە نېمىشكە ئىزدىمىدىڭىز؟ ئەمدىلىكتە ساختىپەزلىك بىلەن خۇددى بەك كۆرگۈسى باردەك قىپ كېتىسىز؟

— مەن تېخى يېڭى كەلدىم، ئۈرۈمچى دېگەن شەنى بىلىپمۇ كەتمىدىم، قەيەردىن ئىزدەيمەن؟ ئۇنى ئىزدەيمەن دەپ ئۆزەمنى يۈتتۈرۈپ قويماي يەنە. ئەمما بىر ئاز ۋاقىت ئۆتسە ئىزدەيدىغانلىقىمدا گەپ يوقتى، راست دەيمەن.

— بۇلتۇر ئوقۇشقا كەلگەن بىر ئاكىڭىز بارىكەنغۇ؟ ئۇ نېمىشكە ئىزدىمەپتۇ ئەمىسە؟

— ھە، ئۇما؟ ئالدىغا ئۇچراپ قالمىسىلا ئىزدەپ يۈرمەيدىغانلاردىن. راست،

كۆرسىڭىز راستكەن دەپ قالىسىز، ئاجايىپ ئېغىر، بىر ئاز دۆتىراق دېسىمۇ بولىدۇ. شۇغىنىسى ئۇنى قۇيۇپ قويغاندەك چوڭدامغا ئوخشايدۇ دەيدۇ. ئۇ تۇغۇلغان ۋاقتتا چوڭدامنى ئۆلۈپ كېتىپتۇمىش دېگەن مىش - مىش تارقىلىپتىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا چوڭدامنىڭ ئىسمىنى قويۇپتىكەن. كېيىن ئۇ ئۆزىمۇ چوڭدامدەكلا ئېغىر مىجەز ئادەم بولدى. جۇرۇڭ، مەن ئاكامغا ئاپىراي، كۆرسىڭىز ئاجايىپ ئۇ.

— بوۋىڭىز جىمخور بولغىنى بىلەن مۇنازىرىگە كىرىشىپلاۋالسا توختاتقىلى بولغايدىغان، ئۆزى ياخشى كۆرگەن مەۋزۇلاردا گەپ بولۇپ قالسا تۇتقىلى بولمايدىغان قىزغىن تەرىپىمۇ بارغۇ؟ كىچىك سابىتمۇ شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئۇ تەرىپى چوڭدامنى تارتماپتىكەن، بۇ بىر ئاز مۆڭراق، — دېدى قىز، — شۇنداق بولسىمۇ جىمخولۇقى، تەققى - تۇرقى ئوخشىغاچقا ھەممىمىز ئۇنى ياخشى كۆرۈمىز؛ پۈتۈن مەھەللە - كوي، چوڭدامنى كۆرگەن بوۋاي - مومايلارنىڭ ھەممىسى بۇنى چوڭدامنى كۆرگەندەك كۆرۈشىدۇ. بولمىسا بۇنىڭ تەپسە تەۋرىمەسلىكى ئادەمنى يېرىلغۇدەك قىلىدۇ. بەزىدە تېپىپ، تېپىۋەتكۈسىنى كەلتۈرىدۇ.

— ئەمما بوۋىڭىز تەپسە تەۋرىمەس ئەمەسقۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! جىددىي ئىشقا جىددىي. پەقەت پىسەنت قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا تەنتەكلىك قىپ كەتمەيدىغان يېرى بار.

— ۋاھ، چوڭدامنى ئەجەپ بىلىدىكەنسىزا؟ — دېدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن، — توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى- دە، كىيىكلەردەك دىرىڭلىغانچە ئوغۇللار ياتىقىغا كىرىپ كېتىپ، بىردەمدىلا ئاكىسىنى تېپىپ چىقتى.

— مانا بۇ ئاكام، سابىت، — دېدى قىز ئاكىسىنى تونۇشتۇرۇپ، — مانا ئۆزىدىن سوراڭ، بىر ژىلدىن بېرى چوڭدامنى نېمىشقا ئىزدىمەپتۇ،— ئاندىن مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرماقچى بولۇپ تۇرۇپ قالدى، — ۋايىيەي، تېخى سىزنى بىلمەيدىكەنمەنغۇ؟ ئىسمىڭىزنىمۇ دېمەپسىز ماڭا، قانداق ئادەمسىز؟

— ئىسمىم ئىلياس، نەشرىياتتا ئىشلەيمەن، — دېدىم كىچىك سابىتقا قول تەڭلەپ.

ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىق: بوي - بەستىنىڭ قاۋۇللۇقى، بەقۇۋۋەتلىكى، مىجەزىنىڭ ئېغىرلىقىغىچە قۇيۇپ قويغانلام بوۋىسى ئىدى. ئۇ

سالامىمنى ئىلىك ئېلىپ، ئاغزىنى مىدىرلىتىپلا قويدى.

— مەن بوۋاقلارنى سىلەردىن سوراپمىكىن دەپ كەلگەنتىم، يەنى سىلەرنى بىلەمدۇ - يوق، دەپ.

— ۋىيىي، ما ئادەمنى! ھېلى چوڭدامنى بىلمەن دەيدۇ، ئەمدى بىزدىن سورىماقچىكەن!

— مەنغۇ بىلمەن، سىلەر بىلەمسىلەر؟

— بىزما؟ بىز تۇگۇل دادامىۇ كۆرۈپ باقمىغان تۇرسا! ئەمما كۆرمىگەن بىلەن بىلمىز. ئۇ دېگەن سابىت ئەپەندى! — دېدى قىز ئېپتىخار بىلەن.

— ئەگەر مەن سىلەرنى باشلاپ بېرىپ بوۋاقلارنى كۆرسىتىپ قويسام، بۇ ياخشىلىقىم ئۈچۈن نېمە بېرىسىلەر؟

— ھە،... ھە، بولدى بىز كېيىنكى تەتىلدىن كېلىشىمىزدە سىزگە ئەنجۈر مۇراببىاسى ئالغاچ كېلەيلى، — دېدى يەنە قىز جاۋاپ بېرىپ. كىچىك سابىت بىر خىلدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. (تۇۋا خۇدايىم! ئۇنىڭ مەيىن كۈلۈمسىرەشلىرىگىچە بوۋىسىنى كىيىپ چۈشكىنىنى!)

— بولۇدۇ ئەمىسە كېلىشتۇق، - دېدىم قول سىقىشىپ تۇرۇپ، — ئەمىسە ئەتە كەچتە سائەت ئالتىدە، توختاڭ مەن يېزىپ بېرەي، — دېدىم بىر پارچە قەغەز ئېلىپ، تېز - تېز ئادرېسىمنى يېزىپ، — مانا مۇشۇ ئادرېسقا بېرىپ، كۈتۈپ تۇرۇسىلەر، بوۋاقلار شۇ يەردە بولۇدۇ.

— قەيەر بۇ؟ سىزنىڭ ئۆيىڭىزما؟

— باشقا ھېچنەرسە سوراشقا بولمايدۇ، ئىشىكنى چېكىسىلەر، بىر ئايال سىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ.

— «سىلەر كىم؟ كىمنى ئىزدەيسىلەر؟» دەپ سورىسا نېمە دەيمىز؟

— ئۇنداق دېمەيدۇ، گەپ سورىماستىن ئۆيگە باشلايدۇ، سىلەر شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرساڭلار بوۋاقلار كېلىدۇ.

— ھىكايىدەكلا - ھە؟ مەيلى بولۇدۇ، چوپ - چوڭ ئادەم تۇرۇپ ئالدىمايسىزغۇ، ھە؟

ئاشۇنداق كېلىشتۇق. ئەتىسى مەن بازارلىق قىلىپ، مېھمان كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلدىم. قولۇمدا ئايالىم يېزىپ بەرگەن تىزىملىك باردى. بولمىسا مەن

دىگەننى ئۇنتۇپ قېلىپ، دېمىگەندىن بىرمۇنچە ئېلىشۋالدىغان بۇجۇمبۇش ئادەمغۇ.

ئايالىم، ھەتتا باللىرىممۇ بۇ ھىكايىلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ھەممىمىز ھاياجان ئىلكىدە ئىدۇق. ھاۋامۇ بەك پەيزى ئىدى. تۇيۇقسىز بۇزۇلۇپ، قار يېغىشقا باشلىمىسىلا، تېخى يازنىڭ خوشلاشقىسى كەلمەيمەۋاتقاندەك، كۈندۈزلىرى قۇياش ئاسفالتلارنى قىزىتىپ تۇراتتى. ئايالىمنىڭ زاكاز قىلغانلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ كوچىغا چىقتىم. ئەمدى نېملەر قىلىش ھەققىدە ھاياجان بىلەن ئويلايتىم. بۇ بىرىنچى ئەۋلاتتىن ئۆتۈپ ئىككىنچى ئەۋلاتنىڭ يۈز كۆرۈشۈشى ئىدى. نېملەر يۈز بېرەركىن؟ ئەمما «جۇۋازچىنىڭ ھىكايىسى»غا ئوخشاش ئىش يۈز بەرمەيدىغانلىقىغا جەزم قىلىپ بولغان ئىدىم. باللار ئەقىللىق، ئەخلاقلىق ئۆسكەن ئىدى. يۈرتتا «سابىت ئەپەندى» دەپ پۈتۈن بوشلۇقنى تولدۇرغان بۇ ئىسىمدىن پەخىرلىنىپ ئۆسكەچكە، بۇۋىسىدىن نومۇس قىلىدىغان تېپتا ئەمەستى.

بەلگىلەنگەن سائەتكە يېقىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سابىت ئەپەندىنىڭ كۆلبىسىگە كەلدىم. ناۋاي ئۇستامغا قولۇم كۆكسۈمدە سالام ئىشارىسى قىلىپلا ئىشىكنى چەكتىم.

— كىرىۋېرىڭ، — دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئىشىكنى ئاچتىم.

ئۇ قارشى تەرەپتىكى ئەپچىللىك بىلەن ياسىۋالغان ئاجايىپ شىرەسى ئۈستىدە بىر ئىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. رادىئو ئاڭلاۋاتامتىكىن، يا بىر نېمە ئوقۇۋاتامتىكىن بىلمىدىم. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مەن تەرەپكە كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدىم كۆڭلۈمدىكى ھاياجاننى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەرەھمۇتۇللاھى ۋەبەركاتاھۇ، — دېدى ئۇ سالامنى تولۇق قىلىشنىڭ ساۋابىنى قولدىن بەرمەي، — نېمە ھاياجان بۇ؟ — دەپ سورىدى ئارقىدىنلا.

— نېمە ھاياجانمىش؟ كىم دېدى سىزگە؟

— كۆزلىرىڭىز، قوللىرىڭىزنىڭ تىترەشلىرى دەۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — قېنى ئولتۇرۇڭ.

ئولتۇردۇم. ئولتۇرۇپ بولۇپلا:

— سىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم.

— بەك زۆرۇر ئىش باردەكىلىغۇ؟ ياكى مېھمانغىمۇ؟ ئاشۇ ھاياجانغا مۇناسىۋەتلىك باردەك تۇرامدۇ- نېمە؟

— مېھمانغا، زۆرۈر دېسەممۇ بولىدۇ. سىزنى بىللە ئېلىپ كېتىمەن.

— بۇ دەرىجىدە كەسكىن دەڭ؟ باشقا بىرلىرىمۇ باردەكقۇ؟

— ئەمما يات ئادەملەر ئەمەس.

— مەيلى، بولىدۇ. ئۇنىمىسامىمۇ سۆرەپ ئاپىرىدىغاندەكلا ئەلپازىڭىز تۇرىدۇ. قاچان؟

— ئالتىدە چىقىمىز.

— ۋاقتىمۇ شۇنداق كەسكىن. ئەجەبا بالدۇرراق بېرىپ گەپلەشكەچ ئولتۇرساقمۇ بولمامدۇ؟

— ياق.

— مانا شۇنىڭدىنلا نۇرغۇن ئۇچۇر چىقىرىۋالغىلى بولىدۇ-دە. دەل ۋاقىت. بىردەممۇ بالدۇر ياكى كېيىن ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

— كېيىن بولسا مەيلى، بالدۇر ئەمەس.

— ئەمىسە كېيىن قالايلى.

— ياق، ياق، كېچىكسەكمۇ بولمايدىكەن، ...

ئارىمىزدا قىزىق سۆزلەشمە بولۇپ ئۆتتى. سائەت ئالتىدە ئورنۇمىزدىن قوزغالدۇق. ئۆيۈم يېقىندا بولغاچقا ئۇن مىنۇتتا ئىشىكىمگە يېتىپ بارالايتۇق. ئىشىكنى چەكتىم. ئايالىم ئىشىكنى ئاچتى. مەن كۆلۈمسىرەپ ئىشارە قىلىۋىدىم، ئۇ باش لىڭشىتتى.

— قېنى كىرىڭ، مېھمانخانا تەرەپكە ئۆتۈڭ، —دېدىم ئۇنى ئالدىمغا سېلىپ. ئۇ تار كارىدوردىن مېھمانخانامدىكى ساپادا ئولتۇرغانلارنىڭ بىر يېنىنى كۆرۈپ قېلىپ، سەل تارتىنغاندەك، ماڭا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، مەن ئۇنى زورلاپ: — كىرىۋېرىڭ، يات ئادەم يوق، ئۆز باللا، — دەپلا ئۇنى كارىدوردىن ئۆتكۈزۈۋەتتىم - دە ئۆزەمنى ئاشخانىغا ئالدىم. باللىرىممۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. ھەممىمىز ئاۋازىمىزنى چىقارماستىن ئۇ ياقتىكى تىۋىشلارغا قۇلاق سېلىپ تۇراتتۇق.

— چوڭ دادا! — دېگەن زىل ۋارقىراش ۋە ئارقىدىن ئۆرە - تۆپە ئاۋازلار كەلدى. ئارقىدىن قىزنىڭ مىچىلداپ يىغلىشى، بوۋاينىڭ ئۆكسۈشى، كىچىك سابىتنىڭ

ئېسەدەشلىرى ئاڭلاندى.

بىز بۇ ياقتا ھەتتا ئاشخانىدىكى ئىشىمىزنىمۇ قىلماستىن جىملا تۇراتتۇق. ئۇلارنى تىڭشاش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇلارنىڭ كەيپى بۇزۇلمىسۇن دەپ، پۈتۈن قولايلىقىمىزنى بەخش ئەتكەن ئىدۇق.

قىزنىڭ ئاۋازلىق يىغىسى، قاراقۇچقاچتەك ۋىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېيىشى پەسكارىغا چۈشۈپ، ئېسەدەشلەر توختىغاندىن كېيىنلا، بىز ئاندىن ئۇھ دەپ ئۆز ئىشىمىزغا كىرىشتۇق. مەن سۇنچاي ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شۇئانكى كەيپىياتى يار بېرەمدۇ يوق كۆزۈتۈش ئۈچۈن تار كارىدوردىن تىۋىشسىز مېڭىپ كېلىپ، ئوغرىلاردەك مارىدىم. كىچىك سابىت قېتىپ قالغان ھەيكەلگە ئوخشاش ئۇدۇل قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ رەڭگى - روھىدىنمۇ بوۋىسىنىڭكىدەك ئازاپلىق ياكى خۇشاللىق ئىپادىلەرنى ئوقۇغىلى بولمايدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئىچىدە يىغلىغاندەك قىلاتتى. سابىت ئەپەندى ئىككى نەۋرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ قىزنىڭ مۈرىسىدىن ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. گۈلزادە بولسا خۇددى يېقىملىق ئاسلانغا ئوخشاش بوۋىسىغا سۈركۈشۈپ، قولتۇقىغا كىرىپلا كەتكەنىدى.

ئۇلارنىڭ دېيىشىدىغان نېمە گېپى قالدىكىن؟

— ماڭا ئىجازەتمۇ؟ — دېدىم كۆرۈنمەي تۇرۇپ. ئەسلىدە مېنىڭ قىز بىلەن چېقىشقىم كەلگەنىدى.

— ئىجازەت، ئىجازەت، — دېدى قىز مېنىڭ ئۆزى بىلەن چېقىشقىنىمنى بىلىپ.

— كىم بۇ؟ كىم ئەمەس؟ دېمەستىن «چوڭ دادا!» دەپ ۋارقىرىشىنى قاراڭلار بۇ جىنىنىڭ، — دېدىم گۈلزادە بىلەن چېقىشىپ، — بىرسى سىزگە مانا بۇ چوڭ دادىڭىز بولۇدۇ دەپ تونۇشتۇرغاندەكلا!

— ئۆزەم تونۇۋالدىم، باغرىم تونۇدى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىكى لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى يوشۇرايمۇ دېمەستىن. بۇ دۇررى- مارجانلارنىڭ پارقىرىشى ئۇنىڭ ئەسلىدىمۇ ئالاھىدە گۈزەل بولغان كۆزلىرىنى تېخىمۇ جەلپكار قىلىۋەتكەن ئىدى.

— باغرى تونۇپتىمىش، تاپقان گېپىنى! — دېدىم داۋاملىق ئۇنى سۆزلۈتۈش ئۈچۈن.

— باغرىم تونۇغىنىغا ئىشەنمىگەن بولسىڭىز، چوڭدامنىڭ بوي-بەستىدىن، ياش-قۇرامىدىن، ھە،.. ئاندىن مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ ئىشىكتىن چىرىپ كېلىشى ئالدىن دەپ قويۇلغان بولغاچ، ئۇندىن بۆلەك كىم بولاتتى، دەپ قەتئىي ھۆكۈم قىلدىم شۇ.

— ئەنجۈر مۇرابباسى نەخلەشتى دەۋەرسەم بولۇدۇغۇ، ئەمدى؟

— تامامەن بولىدۇ، — دېدى ئۇ بەختىيارلىقتىن ئۆزىنى قويۇدۇغان يەر تاپالمايۋاتقاندەك.

مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قېرى سابىت ئارىمىزدىكى بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، بىر نەۋرىسىگە، بىر ماڭا قاراپ قويىدى. ئەمما ئادىتى بويىچە كوچىلاپ سورۇمىدى. بىراق قىز ئۆزىنى تۇتالمىغاچقا ئارىمىزدا بولغان بۇ كۆڭۈللۈك كېلىشىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئۇ جاۋابەن بۇرۇنقى كۈلۈمسىرىشىنى بىر ئاز ئۇلغايتىپلا بولدى قىلدى. ئۇ ماڭا: «ۋاي، ئىلياس، خۇپسەنلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان بۇ سورۇنىڭىزغا قاراڭ، سىزنىڭ! تازىمۇ قىزىقكەنسىز» دېگەندەك بىرنەرسىلەرنى دەپ كېتىدىغان يەردە، خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەكلا كۈلۈمسىرەپ، قىز نەۋرىسىنى ئۆزىگە چىڭ تارتىپ ئولتۇراتتى. كىچىك سابىت بولسا بوۋىسىنىڭ كوپىيەسى بولغاچقا بۇ ھاياجانلىق كەيپىيات ھەققىدە ئېغىز ئېچىشنى كۆتكىلى بولمايتى.

— ئەمدى بىر ئاز چاي ئىچكەچ گەپ قىلىشىڭلار، — دېدىم داستىخاننى تولدۇرغاچ.

سۇنچاي ئىچكىچىمۇ بىز ئۇلارغا ھالاقىت بەرمىدۇق. پەقەت تاماقتا ھەممىمىز جەم بولدۇق. مېنىڭ بالىلىرىم گويا بۇ بەختىيار مىنۇتلارنىڭ ھەغداسىدەك مەمنۇن ئىدى. ھەممەيلەن خوشال بولدۇق. تاماقتىن كېيىن بىردەم تاغدىن - باغدىن پاراڭلاشتۇق. شۇ چاغدا مەن سابىتنىڭ نەۋرىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي ئىككىلەنگەنلىكىنى، بۇنىڭدىكى سەۋەبنى — ئاشۇ «جۇۋازچىنىڭ ھېكايىسى»نى ئېيتىپ بەردىم، تەبىئىيكى، بىر ئاز تەھرىرلەپ. ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ھەتتا كىچىك سابىتمۇ تۇنجى قېتىم ئاۋازىنى چىقىرىپ كۈلدى. ئەمما كۈلكىدىن كېيىن گۈلزادە بۇ ھېكايىدە ئۆزلىرىگە قارىتا مەلۇم ھاقارەت مەزمۇنى بار دەپ قاراپ بەكمۇ خاپا بولدى:

— ئەمما مېنىڭ بەكمۇ كۆڭلۈمگە كەلدى! — دېدى قىز باتناپ، — نېمە دېگەن گەپ بۇ؟ ھاقارەتقۇ؟

— نېمىگە، قىزىم؟

— بىزنى ئاشۇ ۋاپاسىز ئوغۇلغا ئوخشاش پەرەز قىلغىنىڭىزچۇ؟!

— كەچۈرۈم تەلەپ قىلىڭ، — دەپ كۇشكۇرتتۇم مەن، قىزغا يان بېسىپ.

— كەچۈرۈڭ، قىزىم،...

سابىتنىڭ نەۋرىلىرى ھەققىدىكى سۆزى زەن ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىشى يەنە بىر قېتىملىق كۈلكىگە سەۋەپ بولۇپ ھەممەيلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلۈشتۇق. كېيىن باللار مەكتەپكە قايتىشقا ئالدىراشتى. مەن ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ ناۋايخانا ئالدىغىچە بارماقچى، ئۇلارنىڭ بىر- بىرلىرىدىن قانداق ئايرىلىشىنى كۆرمەكچى ئىدىم. ئەمما،سابىت ۋەزمىن ئاۋازى بىلەن:

— سىز قېلىڭ، — دېدى.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزى شۇنچىلىك يوشۇرۇن كۈچكە تولغانكى، شۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا تەكرار تالىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئۇنىڭ بەزىدە ئاشۇنداق بىر ئېغىزلا گەپ قىلىشى بىلەن ئادەمنى غىڭ قىلدۇرماي توختۇتۇپ قويۇدىغان ھۆكۈمرانلىق كۈچى بار ئىدى، كۆرۈنمەس زورلىغۇچى كۈچكە ئىگە بۇنداق تەلەپپۇز، رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلغىلى بولمايدىغان بۇنداق بېسىم كۈچىدىن ئۇنىڭدا لىدېرلىق سالاپەت بارلىقى بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئاددىيلا بىر ئېغىز گېپى بىلەن جايىمدا تۇرۇپ قالدىم.

قېرى سابىت بىلەن نەۋرە قىزى مەھكەم قولتۇقلۇشۇۋالغان ھالدا پەللەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالدىم. كىچىك سابىت بولسا ئۇلارنىڭ بىر قەدەم ئالدىدا، خۇددى يول باشلىغۇچىدەك چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. قىزنىڭ بى تىنىم ئاغزى بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى. بۇلارنىڭ بۇ خىل يېقىنلىقى مېنى شۇنچىلىك سۆيۈندۇردىكى، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ كۆزلۈرۈمگە ياش ئالدىم. قىلغان ئىشىمدىن بەكمۇ كۆڭلۈم يايرىدى.

ئەمدى سابىت ئەپەندى راستىنلا مېنىڭ تاغام ياكى ئاكامدەك بىر تۇيغۇ قەلبىمدە ھۆكۈمران ئىدىكى، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا يولۇقمىسام كۆڭلۈمدە نېمىدۇر بىر نەرسە كەم بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇ بولۇدۇغان بولۇپ قالدىم.

ئەتىسى ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يولۇقۇشۇم تۇرغانلا گەپ ئىدى. مەن كىرگەندە ئۇ تار، ئۇزۇن ئۆيىنىڭ ئىشىك تەرىپىدىكى بوشلۇقتا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارماي، تىت - تىت بولۇۋاتقاندەك، ياكى خوشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماسلىقتىن پىرقىراپ يۈرگەندەك قىلاتتى. مېنى كۆرۈپ بەكمۇ خوشال بولدى. ئۇنىڭ بىرەر مۇڭداشقا ئېھتىياجى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدەك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ بەك مەمنۇنىيەت بىلەن قولۇمدىن تۇتۇپ، كارۋاتقا ئېلىپ كەلدى. بىز ئولتۇرۇپ تېخى سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى تېپىپ بولغۇچىلا ئابلەق كىرىپ كەلدى.

— كەل، ئابلەق، كەل، — دېدى سابىت كۆڭلىنى پەۋەس تولدۇرغان بىر خىل خوشاللىق تېشىغا تەپكەن هالدا.

ئابلەق بۇ يەردە پەۋقۇلئاددە بىر ئىشنىڭ روي بەرگەنلىكىنى دەرهال سەزدى. ئۇ ئالتاي تەرەپتىن قوي ئېلىپ، يېڭىلا كەلگەن ئىدى. قولى بىكار بولۇپلا ئۇتتۇر بۇ يەرگە يۈگرىگەندەك قىلاتتى. ئۇ سابىتتىن بىر گەپ ئۇقۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە سوئال نەزىرىنى ماڭا تىكتى:

— بىر خوشلۇقۇڭلا بادەكقۇ؟

— توغرا، سابىتكام نەۋرىلىرى بىلەن تېپىشتى، — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— شۇنداما؟ هەجەپ ياخشى بولاپتا!

ئابلەقنىڭ سابىتقا قېيداشلىرى تامامەن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە، بۈگۈن بەكمۇ ئېچىلىپ يېيىلىپ، يۈرتنىڭ پارىڭىنى قىلىپ بەرگىلى تۇرغانىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ قويدۇم:

— ئۆتكەندە تۇتۇلۇپلا تۇراتتىڭىز، بۈگۈن ئېچىلىپلا كېتىپسىز، قارىغاندا قويلىرىڭىز ئوبدان پايدا قىپتۇ-دە؟

— ئۇمۇ با، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن، — ئامما، هەممىدىنمۇ خوش بولغىنىم ما ئاكىمىزنىڭ ئىشى بولدى-دە.

— خوش، هاۋاخان هامممىزغا ئاللاھ ئەجرىنى بەرسۇن، بالىنىڭ جاپاسىنى ئۇ تارتتى، هېچ ياخشىلىقىنى قايتۇرالمىدىم، شۇنىڭغا ئىچىم يانىدۇ. گەپ قىل، ئابلەق، يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى،...

— هاۋاخان هاممىنىڭ ياخشىلىقىنى سىز قايتۇرالمىغان بىلەن، ئابىت ئۆزى

قايتۇردى. ئۇ چاغلاردا يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولى ئۇزۇك، ئۇن تېيىن پۇل كۆرمەيدىغان چاغلاردى، سىز ئەۋەتكەن پۇل كەپ تۇرغاچ ئابىتنىڭ ھالى خېلى ياخشىدى. شۇڭا ئۇ ھاۋاخان ھامىمىسىنى تۆرىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئوبدان بېقىۋالدى. دۇئاسىنى ئالدى. ئۆز قولى بىلەن ئاخىرەتلىكىنى قىلىپ، ئۆلۈمىنى ئوبدان ئۇزاتتى.

— ھېچ بولمىغاندا قۇرۇق رەخمەت ئېيتىشقىمۇ پۇرسەت بولمىدى-دە،... — دېدى سابىت ئېغىر خۇرسىنىپ، — ھېلىقى مېنىڭ بىر دوستۇم بولىدىغان، ناسىراخۇن دەپ، بازارلىق، بىلەمتىڭ؟

— نىمىشقا بىلمەيمەن، بىلىمەن. ئۇ كېيىن تۇيۇقسىزلا ساقچى ئىدارىسىدا كادىر بولۇپ كەتتى، ھەممە ئادەم ھەيران قالدى. بىرە - ئىككى يىلدىن كېيىن دەم ئېلىشقا چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم.

— ھە....؟ ئوبدان بوپتۇ، بۇنىسى ئوبدان بوپتۇ، — دېدى سابىت نېمىشكىدۇر، — قەدەمجاي مەكتەپ نېمە بوپ كەتتى؟

— بۇرۇنقى مەكتەپنىڭ بىر ئاز يوقۇرىسىغا — مەچىتنىڭ قىبلى تەرىپىگە يېڭى بىنا سېلىندى. ئون - ئونبەش سىنىپلىق. مەكتەپنىڭ باغلىرى كارامەت بولۇپ كەتتى. شورۇقتىكى ھەممىدىن چوڭ، ئېسىل باغ مەكتەپنىڭ بېغى، — دېدى ئابلەق، — ئەگەر يۇرتقا بېرىپ قالسىڭىز مەكتەپ سىزنى قارشى ئېلىپ بىر ئىشلارنى قىلىپ كېتەرمىكىن! سىز دېگەن شۇ مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىسى، ئەڭ دەسلەپكى مۇئەللىمى بولغاندىكىن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى سابىت كۆزلىرى پارلىغان ھالدا، ھەمدە ئۇنىڭ بىر ئاز خىجىللىقىمۇ باردى. بۇ ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرلىشىدىن بىلىنەتتى. قولىدا بولسا مۇشتەكنى ئويناپ تۇراتتى. شۇئان بۇ پىشقەدەم مۇئەللىمنىڭ ئاشۇ ئانا مەكتىپىدە ئاخىرقى قېتىم مۇنبەرگە چىقىشقا يەنىلا مۇشتاق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. بۇ بىر خىل خۇماردەك قىلاتتى.

— جاڭگالغىمۇ بېرىپ تۇردۇم، — دېدى ئابلەق بىردىنلا يادىغا ئېلىپ.

— ھە، مۇنداق دە! بوۋاينىڭ ھالى قانداق؟ يەرلىرىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدىمۇ؟

— ئۇ يەردە بىر ئەترەت ئاپىرىدە بولغان ئەمەسمۇ؟ ئىلگىرى يەرلىرىنى تامامەن ئېلىۋالغان، كېيىن بىر كاندەك قالدۇرۇق يەر دەپ قايتۇرۇپ بېرىپتىكەن، ئەمدى يەنە سىز بۇنى بەربىر تېرىيالمايدىكەنسىز، ئەترەتنىڭ ھىسابىدا بولسۇن،

بىز سىزنى ئېتىۋار بېرىلىدىغان ئائىلە ھېسابىدا باقىمىز دەپ ۋەدە بېرىپ، يەنە ئېلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ئۆزىنىڭ يېرىگە ئۆزى ئىگە بولالمىغىنى، ھەتتا ئاخىرقى بىر پارچە يېرىنىمۇ قولدىن بەرگىنىگە چىدىيالمىدىمۇ، ئاغرىپ قاپتىكەن. ئاخىرقى بېرىشىمدا ئىشىك ئالدىدىكى توغراقنىڭمۇ پۈتۈنلەي قۇرۇپ تۈگىگەنلىكىنى كۆردۈم.

— شاتۇتى نەدە ئولتۇرۇپتۇ؟ ياكى ئۇمۇ قېرىپ ئۆلۈپتىمۇ؟ — سورىدى سابىت بوۋاي ھەققىدىكى ھېكايىگە بەكمۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقاچ، شۇنداق جىددىيلىك بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ.

— ھە، شاتۇتى، شاتۇتى دېسىڭىز يادىمغا كەلدى. ئەڭ ئالدى بىلەن كەلگەنلەرنى شاتۇتى سېزەتتى ئەمەسما، بوۋاينىڭ كەپسىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىشىمگە «ئابلەق كەلدى! ئابلەق كەلدى!» دەپ سايرىغانتى، قارىسام توغراق تۈۋىدىنلام يوق، بۇ قۇش نەدىدۇ دەپ ئۇ يان، بۇ يانغا قارايمەن، ئۇ تەرەپتىكى ئاقتىخانىنىڭ ئۆرۈلەي دەپ قالغان ئەسكى تېمى ئۈستىدە ئىكەن. باشلىرىنىڭ تۈكلىرى توزۇپ، تاز بولۇپ كېتىپتۇ. ئاۋازىمۇ شۇنداق بوغۇق، بۇرۇنقىدەك ئوچۇق ئەمەس، ئۇققىلى بولمىغۇدەكلا.

سابىتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك غەمكىنلىشىپ قالدى. ئارقىدىن سۆھبەتنىڭ تېمىسى يەنە سابىتنىڭ يۇرتقا قايتىشى مەسىلىسىگە بۇرالدى. سابىت بۇ ھەقتە بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى بۇ ھەقتە ئويلۇشۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئابلەقنى بىر ئاز خاتىرجەم قىلدى.

ئەمدى مەندە دوستلىرۇم، تەڭتۇشلىرۇم، خىزمەتداشلىرىم ئۈچۈن سۆزلەپ بەرگۈدەك ھېكايىلەر تازا ئاۋۇغان ئىدى. ئۇلار ھېلىمۇ زېرىكمەستىن سابىت ئەپەندىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى سوراپ تۇراتتى. سابىت ئەپەندىنىڭ بۇ قەدەر قىزىقىش تېمىسى بولۇپ قېلىشىغا ئۇنىڭ ئاجايىپ كەچمىشلا سەۋەپ بولۇپ قالمىغان، تېخىمۇ موھىمى، ئۇنىڭ كەچمىش ھېكايىسى ھېچبىر يەردە رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىغان، ئۇ نە ئۆزى، نە باشقىلار ئۇنىڭ تەرجىمەھالىنى يېزىپ ئېلان قىلىپ باقمىغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن باش - ئۇچى يوق بەزى ھېكايىلارنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرىشى، ئۆزىنىڭ بولسا ھېچكىمگە ئىچىنى تۆكۈپ كەتمەيدىغان بېكىنمە مىجەزى تۈپەيلى سىرلىقلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە

بولسا ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرى، يېتەرسىزلىكلىرى، بولمىغۇر تەرەپلىرى بولغان كەمتۈك بىر ئىنسان ئىدى. بەكمۇ ئاددىي ئىدى. شۇغۇنىسى دەل مۇشۇ ئاددىيلىق ئۇنى تېخىمۇ ئۇلۇغۋارلاشتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى.

بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن: ھاۋارايى ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا ئاكتىپ تەسىر قىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمگە سەۋەب بولۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن كەچمىشىم بار. مەسىلەن، بۈگۈننىڭ ئۆزىنى ئېيتسام، ئۇرۇمچىنىڭ ھاۋاسى غەلىتىلا قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. تېخى كۈپ - كۈندۈز بولۇشىغا قارىماي، خۇددى شامدىن كېيىنكى ۋاقىتنىڭ قاراڭغۇلۇقى قاپلىۋالدى. ئاسماندا قارىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك قارا بۇلۇتلار بارغانسېرى قويۇقلۇشۇپ، خۇددى رىۋايەتلەردىكى كوزىدىن چىققان دىۋىنىڭ تۈتۈن بولۇپ ئاسمان سەتھىگە يېيىلغىنىدەك، ئاسماننى قارا بولۇش بىلەنلا قالماي شەكلى قورقۇنۇچلۇق مەخلۇقلارغا ئوخشىغاچقا تېخىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كەتكەنىدى. دەل مانا شۇ سۈر جاھاننى تېخىمۇ قاراڭغۇ كۆرسۈتۈۋاتسا كېرەك.

ھاۋانىڭ ئەلپازىدىكى بۇزۇقلۇق مېنىڭ كەيپىياتىمنى بۇزدى دېسەم تامامەن بولىدۇ. چۈنكى، كەيپىياتىم بۇزۇلغىدەك باشقا ھېچقانداق سەۋەبنى دەپ بېرەلمەيمەن. مانا شۇنداق بولغاچقا نېمە قىلارىمنى قەيەرلەردە قاڭقىپ، كىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، كەيپىياتىمنى بىر ئاز بولسىمۇ كۆتۈرۈشنى ئويلاپ قالدىم. دىلىممۇ ھاۋادەكلا قاراڭغۇلىشىۋالغاندەك بىر تۇيغۇ مېنى بەكمۇ بىئارام قىلىپ، ئىچىم تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. بۇ بىر ھەپتە ئاخىرى ئىدى. بىكارچىلىقمۇ بۇنىڭ بىر سەۋەبچىسىمىكىنە؟ ھە، توغرا، سابىت ئەپەندىگە يولۇقۇپ بىردەم پاراڭلاشسام چوقۇم كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالامدۇ؟ ئەمما، ھەپتە ئاخىرلىرىدا ئۇنىڭ كىچىككىنە كۈلبىسىنى ستۇدېنتلار بېسىۋالىدىغان بولغاندىن بېرى، مەن ئۇلارغا پۈتلاشماسلىق ئۈچۈن، ھېچ ئۇياققا بارماس بولغانىدىم. باشقا كىم بار؟ ھەرقانداق بىر تونۇشۇمغا ئۇچراشسام چوقۇم «ئىككى رومكا قېقىشىلىش»قا زورلايدۇ. مەن ھاراقنى تاشلىغىلى خېلى بولدى. بۇنداق زورلاشلاردىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپلا يۈرۈمەن، تېخىمۇ قىزىقى،

ئىلگىرى ئۆزۈممۇ جۇملىسىدىن بولغان بۇ قاۋاق ئەھلىنىڭ دېيىشىپ يۈرىدىغان گەپلىرى، «قەلب چۇشەندۈرۈشلىرى» تازىمۇ كۆلكۆلۈك، ھەتتا بىرئاز يۈز قىزارتىدىغان تېتىقسىزلىق بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەمدىزە مۇشۇنداق بىر كەچقۇرۇندا ئۇنداق بىرسىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئاللاھ ساقلىسۇن!

سائەتكە قارىدىم. ۋاي، تېخى ئەمدىلا تۆرتتىن ئازراقلا ئۆتۈپتۇغۇ!؟ بۇنداق چاغدا ياشلار تېخى كەلمەيدۇ، سابىت ئەپەندىگە يولۇقۇپ، سىتۇدېنتلارنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىغان ھامانلا قاچمايمەنمۇ. ھە، ئەمدى بەلەن بولدى، بارىدىغان يەر تېپىلغان ئىدى. سابىت ئەپەندىنىڭ ئىشىكى بەك ھەم يېپىلمىغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئىچىدىن تىۋىش ئاڭلانمىدى. «ئادەم يوقمۇ، نېمە؟ — دەپ ئويلۇدۇم — بۇ ئادەم نەگىمۇ كەتكەندۇ؟» شۇڭا، ئىشىكنى چەكمەيلا ئىتتىرىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىدىم. كىردىمىيۇ، دەرھال بىلىندۈرمەي يېنىشنىڭ ئېپىنى ئويلاپ قالدىم. سەۋەبى، سابىت ئەپەندى ئىككى نەۋرىسى بىلەن ئوچچە ئولتۇرۇشقان بولۇپ، ئۇزاق قارشى تەرەپتىكى شىرە ئالدىدا ئىدى. ئۇچى خالىدا نېمە دېيىشىۋاتاتتىكىن؟ ئۇلارنىڭ ئارامچە سۆھبىتىنى بۇزغۇم كەلمەي، غىممىسىدا چىقىپ كەتمەكچى بولغىنىمنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تامامەن يات كىشىدەك ھېس قىلىنىشىمدىن خۇدۇكسىرەش ئىدى. كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان چىرايلىق ئاسلاندەك، گۈلزادە بوۋىسىغا سۈۋۈشۈپ ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىك تەرەپكە قاراشقا چولىسى يوقتەك قىلاتتى. كىچىك سابىت بولسا ئىشىك تەرەپكە قىسمەن ئارقىسىنى قىلىپ، ئۇلار بىلەن قارىشىپ ئولتۇراتتى. بىراق، ئىشىككە قارشى ئولتۇرغان سابىت مېنى كۆرۈپ قالدى. مېنىڭ ئىشىكنى چەكمەيلا، سەھراچىسىغا ئۇسۇپ كىرگەن گۇناھىمغا پىسەنت قىلمىغاندەك:

— كېلىڭ، كېلىڭ، — دېدى بۆلەكچە يېقىنچىلىق بىلەن ۋە ئۆزىگە ھالاقىت بېرىۋاتقان «ئاسلان»نى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرماقچى بولغاندەك، گۈلزادىنى بۇرنىدىن چىمدىپ تۇرۇپ ئارقىسىغا ئىتتىرىپ.

— ياق، بولدىلا، مەن مۇنداقلا بىر يولۇقۇپ ماڭاي دەپ،... قارىسام بەك چىرايلىق ئولتۇرۇپسىلەر، قېرىنداشلار ئارا سۆھبەتكە قىستۇرۇلۇۋالماي، — دېدىم ئارقامغا قولۇمنى ئۇزۇتۇپ، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى سىپاشتۇرۇپ ئىزدىگەچ.

— ھە، دېمەك، سىز ئۆزىڭىزنى يات دەپ ئويلايدىكەنسىز-دە؟ — دېدى

سابىت سەمىمىي بىر رەنجىش بىلەن. بۇ گەپ ماڭا يېتەرلىك بولدى. يەنە تالىشىشقا سۆز تاپالمىدىم.

— بولدۇ، مەن سىلەرنىڭ سۆھبەتىڭلارغا قېتىلاي، ئەمما بىر شەرتىم بار، — دېدىم بىر ئاز كەيپىيات كۆتۈرۈش، توغرىسى گۈلزادە بىلەن چېقىشقىم كەلگەنلىكى ئۈچۈن. بۇ قىز بىلەن چېقىشقىملا كېلىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنچىلىك يۇقۇشلۇق ئىدىكى، ھەتتا ئايالىمۇ دايىم: «ھېلىقى گۈلزادە دېگەن جىنىنى تاماققا چاقىرىپ قويساق بولاتتى، مەكتەپنىڭ تاماقلىرىدىن جاق تويۇپ كەتكەندۇر، بىچارىلار، ھەممىمىز كۆرگەنمىزغۇ مەكتەپ ھاياتىنى» دەپ تۇرۇدۇغان بولۇپ قالغان ئىدى.

— شەرتىڭىزنى قوبۇل قىلدۇق، ئېيتىڭە قېنى نېمە شەرت، — دېدى گۈلزادە ھەممىگە ۋاكالىتەن.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، قىزىم؟ ئۆيلۈنۈپ باقمايلا ھەممىمىزگە ۋاكالىتەن جاۋاپ بېرىۋەتتىڭغۇ؟ كىم بىلىدۇ، بۇ ئادەم بىزگە ھۆل خىش قويۇۋاتامدۇ، تېخى، — دېدى سابىت ئاجايىپ كەم ئۇچرايدىغان چاخچىقىنى ماڭا قارىتىپ، بۇنىڭ قىممىتىنى پەقەت مەنلا بىلەتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ چاخچاق قىلغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرىلەرنى يوق دېيىشىمۇ بولاتتى. مانا شۇ قىممەتلىك نەرسىنى سابىت ئەپەندى مەندىن ئايىمىغانىدى.

— ئۆتكەندە بۇ ئادەم خۇپسەنلىك بىلەن بىر ئويۇن ئوينىغانتى، نېمە بولسا بولسۇن دەپ تەۋەككۈل قىلىپ ئىشەنگەنتىم، نەتىجىسى شۇنداق بەلەن چىقمىدىمۇ، شۇڭا كۆڭلۈم توق تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى گۈلزادە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ.

— قىزىمنىڭ سىزگە ئۇ قەدەر ئىشەنچىسى بارىكەن، بوپتۇ، دەڭا شەرتىڭىزنى، — دېدى سابىت ئەپەندى كۆڭلى پەۋەس مەمنۇنىيەت بىلەن.

— سۆھبەتنىڭ ئورنىنى يۆتكەيمىز،...

— بىرەر رېستۇرانغا چىقىدىغان ئوخشىمامدۇق؟ چوڭدامنىڭ ئۆيىدە قۇرۇق ئولتۇرۇپ قالدىكەنمىز دەپسىز-دە، ھە؟ — دېدى قىز دەرھاللا.

— رېستۇرانغا مەيلىڭىز بولسا سىزدىن ئايلانسۇن دەيمەن-دە، ئەمما رىستۇراندا سۆھبەت كۆڭۈلدىكىدەك بولماسمىكىن؟ — ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆيلىگىنىمۇ توغرىدى. بۇ ئۆينىڭ يورۇقلۇقى يېتىشمەيۋاتقاندەك، كۆڭلۈمدىكى

گۆڭگالىق ھېچ يېشىلىدىغاندەك قىلمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قىزنىڭ دېگىنىدەك، بۇ بويتاقنىڭ ئۆيىدە قۇرۇق ئولتۇرىدىغىنىمىزمۇ راست ئىدى.

— خوش؟

— بىزنىڭ ئۆيگە چىقمىز. يېقىنغۇ، ئەنە، ئىككى سەكرەپلا.

سابىت نەۋرە قىزنى جاۋاپ بەرسۇن دېگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ يالغان نازنى قىلماي، تاغلىقلاردەك ئاتۇش مىجەزى بىلەن:

— بولىدۇ، مەن قوشۇلدۇم، — دېدى.

سابىت ئەپەندى كۈلۈمسىرەپلا قويدى. كىچىك سابىت بولسا ھېچ ئۇنچىقمايتى.

— ئەمىسە ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي دەرھال قوزغىلايلى، — دېدىم ئالدىرىتىپ.

ئون بەش مىنۇت ئىچىدە بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ جايلىرىمىزنى ئالدۇق. پاتمە دۇئادىن كېيىنلا گۈلزادە ئايالىمغا قارىشىپ بېرىشكە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا تەرەپكە كەتتى. مېنىڭ قوشۇلغۇم يوقىدى، ئايالىممۇ ئۇنى ھەيدىۋەتتى. ئۇ شۇ ئان:

— قىزىق خوتۇنكەنا، قارىشىپ بېرەي دېسەم ھەددىدىن ئېشىۋاتقىنىنى! — دېدى ئۇ قايتىپ كېلىپ جايىدا ئولتۇرۇۋېتىپ.

بۈگۈنكى كەيپىياتىمنىڭ كۆتۈرۈلىشى ئۈچۈن گۈلزادە يېنىمىزدا بولمىسا ئەسلا بولمايتى. ئۇ جىمجىتلىقتا ھېچ چىدالمايتى. شۇڭا چوقۇم ئاقيەردىن بىرەر نەرسىنى ئويلاپ تېپىپ بۇۋىسىنىڭ ئاغزىنى تاتلايتى. مەن بۈگۈن بەكلا خاراموش بولغاچقا سابىت ئەپەندىنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇدەك بىرەر تېما تېپىشىمغا ئىشەنچىم يوقىدى. دېگەندەك، ھە دېمەيلا گەپنى ئۆششاق پاراڭغا باشلاپ سالدى:

— مۇشۇ نەۋرە قىزىڭىز راستىنلا مومىسىغا ئوخشامدۇ؟ تازىمۇ سەتقۇ بۇ؟ — دېدىم چېقىشىپ.

— تەققى تۇرقى كىيىپ چۈشكەندەكلا ئۆزى شۇ، ئەمما مىجەزى ئوخشىمايدۇ، — دېدى سابىتمۇ ماڭا ھەمدەم بولغۇسى كېلىپ نەۋرىسى بىلەن چېقىشقاندەك، — بۇنىڭ مومىسى كەم - كوتىسىز، پۈتۈن روھى ۋە جىسمى بىلەن بىر ئايال ئىدى. بۇچۇ؟ بىر ئاز ئەركەك - زەدەكمۇ قانداق؟ بۇ مومىسىغا ئەمەس، مېنىڭ مومامنىڭ مىجەزىگە تارتىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

— سىزنىڭ مومىڭىز قانداقكەنمىش؟

— ئەركەكلەرەك خۇي- پەيلى بار، جاسارەتلىك، كېرەك تېپىلسا كۆزىنى مىت قىلماستىن ئادەم ئۆلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالايدىغان ئايال ئىكەنمىش. ئەگەر بوۋامدەك ئاشۇنداق بىر جەسۇر ئەركەك تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلمىغان بولسا، بىرەر كىشىگە بويسۇنۇپ خوتۇن بولغىدەك تىپىمۇ يوق، ھەتتا خېلى- يىگىتلەرمۇ ئۇنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بىر قىز ئىكەنمىش.

مانا شۇندىلا ئايان بولدىكى، مېنىڭ ئۇششاق پاراڭ باشلاپ سالدىم دەپ ئۆكۈنۈشۈمگە كېرەك قالماي، ماڭا ئەڭ كېرەك بولۇدۇغان تېمىغا ئۇلۇشۇپ كەتتۇق. بۈگۈنكى سۆھبەتكە قېتىلغىنىم ئۈچۈن مىڭ شۈكرى دەۋەتتىم. سابىتنىڭ مومىسى ھەققىدىكى تەرىپ ۋە بوۋىسى ھەققىدىكى يىپ ئۈچىدىن غىدىقلانغاندەك، گۈلزادە شۇنداق بىر سوئال سورىدىكى، ئۇنىڭ سورىغىنى ئەسلىدە مېنىڭ بىلىشىم كېرەك ئۈچۈر بولسىمۇ نېمىشكىدۇر سوراش ئەقلىمگە كەلمىگەن ياكى ھېكايىنىڭ نورمال ئېقىشىنى ئاقساتماي دەپ سورىماستىن كەلگەن ئىكەنمەن. گۈلزادە سورىۋىدى، غەشلىكلىرىم كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلۈم پاللىدە ئېچىلىپلا كەتتى. ئۇ شۇنداق سورىدى:

— بىزنى ئاتۇشتىكىلەر دايىملا «بىجان جاللاتنىڭ ئەۋلادى» دەيدۇ. نېمە گەپ بۇ؟ «جاللات» دېگەننى ئاڭلىسامىلا تېنىم شۈركۈنۈپ، ئىزا تارتىپ كېتىمەن، بىر تەرەپتىن.

— توغرا، بۇ سوئالنى مەن سورۇشۇم كېرەك ئىدى، — دېدىم مەن خوشلۇقۇمنى يوشۇرالماي، — ھېكايىڭىز داۋامىدا بىر نەچچە قېتىم «بىجان جاللات» دەپ تىلغا ئېلىنىپ ئۆتتى، ئەمما ئاساسىي گەپتىن چەتنەپ كەتمەيلى دەپ سورىيالمايلا بۈگۈنگە كەلگەنتىم، مانا ئەمدى بەك ئوبدان بولدى.

— بىجاننىڭ كىملىكىنى بىلمەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى سابىت ئەپەندى ئىككى نەۋرىسىدىن.

كىچىك سابىت بېشىنى ئېغىتىپ قويدى. گۈلزادە:

— سىزنىڭ چوڭ دادىڭىز، شۇ. باشقا ھېچنېمە بىلمەيمىز. ئۇ كۆپ ئادەم ئۆلتۈرگەنمۇ؟

— ئەمما نومۇس قىپ كېتىشكە ئورۇن يوق، بالام. ئۇ ئادەمنى كۆپ ئۆلتۈرگەن، ئەمما ساپلا خىتايلارنى ئۆلتۈرگەن، — دېدى سابىت ئەپەندى كۆڭلى توق ھالدا.

— تەپسىلى بىر سۆزلەپ بەرسىڭىزكەن، مېنىڭ دايىم سىزنىڭ ھەققىڭىزدە ئويلايدىغىنىم «بۇ ئادەمنىڭ يىلتىزى قەيەردىن؟ قانداق بىر قاندىن كەلگەن» دېگەندەك جەمەتىڭىزنىڭ شەجەرىسى ئىدى. مانا ئەمدى ياخشى بولدى، — دېدىم مەنمۇ دەي- دەيگە سېلىپ.

— بوۋام بىجان قىنىدا تۇرمايدىغان تاشقىن بىر خاراكتېردىكى ئادەمكەن، ئۇسقىنى مېنىڭكىگە ئوخشاشكەنمىش. ئۇ تېخى ئون يەتتە ياشلىرىدىكى چاغدىلا يۇرتقا ئالۋاڭ سوۇيلەپ چىققان خىتاي چېرىكىدىن ئىككىنى پىچاقلىۋېتىپ، ئاندىن بۇ قىلىپ سالغان تەلۋىلىكىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ، ئەنجان تەرەپكە قېچىپ كېتىپتىكەن. ئېيتىشلىرىچە بوۋام قوقاندا يەرلىشىپ قاپتۇ. ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا يۇرتتا ئۆزگىرىش بولۇپ، ياقۇپبەگ تەكلىپ بويىچە بۇ ياققا ئاتلىنىپتۇ. تارىخلاردىمۇ دېيىلگەندەك، ياقۇپبەگ چوڭ قوشۇن باشلاپ كەلگەن ئەمەس، خىتايلار تۆھمەت قىلغاندەك تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن ئەمەس، تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ يېقىن سىپاھلىرىدىن ئازغىنە ئادەمنى باشلاپلا كەلگەن. ئۇندىن باشقا ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن يۇرتنى تەرك ئەتكەن مۇھاجىرلىرىمىزدىن ياشىراق، ئائىلە يۈكى بولمىغانلارنىڭمۇ بەزىلىرى ئەگەشكەن. بوۋام مانا شۇ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىردىن بىرى ئىكەن.

— ئۇنىڭ قوقاندا ئۆيلەنگەنلىكى، بىرمۇ، ئىككىمۇ بالىسى بولغانلىقىغا ئائىت گەپ - چۆچەكلەر بار. ئەمما بوۋام ھايات ۋاقتىدا ئۆز ئاغزى بىلەن ھېچقاچان بۇنى تەستىقلايدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىغان ئىكەن. مېنىڭچە سەۋەبى چوڭ ئانىمىزنىڭ دىلىنى چەگمەسلىك ئۈچۈن بولسا كېرەك. چۈنكى چوڭ ئانام، ئاتۇشتىكى ئاتاغلىق چوڭ باي موللاخۇن ھاجىمنىڭ ئۈچ يۇرتتا داڭلىق گۈزەل ھەم ئەتىۋارلىق مەستۇرە قىزى ئىدى- دە. ئۇلارنىڭ بۇ تويىمۇ چۆچەكلەردىكىگە ئوخشاش. ئەمما، تېمىغا قايتىمەن: چوڭ دادام يۇرتقا قايتىپ كېلىشتە قوقاندا بار دەپ پەرەز قىلىنغان ئائىلە بالا- چاقىسىغا قىيالىشىنىڭ سەۋەبى، خىتايلار ئۇ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ دادىسىنى زىندانغا ئېلىپ كېتىپ، شۇ كەتكەنچە دېرىكى يوقتىكەن، ئانىسى تولا يىغلاپ، خاپىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىش، بولمىغاندىمۇ خىتايدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە ۋەتەنگە قايتقان.

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە كىچىك ئەمەللەردىمۇ بولغان. كېيىن خىتايلار تەكرار تاجاۋۇز قىلغاندا ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگنىڭ قوشۇنىدا يۈز بېشى بولۇپ، خىتايلار بىلەن جەڭ قىلغان. ئۇ ئەنە شۇ چاغدا ئۇچرىغانلا خىتاينىڭ كاللىسىنى كەسكەن! ھەتتا جازانىخور خىتايلار، تىلەمچى خىتايلارنىمۇ ئاياپ قويمىغان. دادام بوۋام ھەققىدە شۇنداق دەيتى: «دادام رەھمەتلىك دايىم: ‹مەن كەسكەن كاللىلارنى تىزسا مېنىڭ بويۇمدەك نەچچە چىقىدۇ› دەپ ماختىنىپ قوياركەنمىش.»

ئىچكىي تەپرىقە تۈپەيلى، ياقۇپبەگنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئوغۇللىرىنىڭ قولىدا پارچىلىنىپ، جەڭگىۋارلىق سۇنۇپ، قاچ - قاچ باشلانغاندا بوۋامنى دوستلىرى يەنە قوقانغا كەت دەپ ئۈندەشكەن، ئەمما ئۇ مومامغا چىدىماي، تاكى 1890 - يىللىرىغىچە قاراتاغنىڭ غارلىرىدا يوشۇرۇن ياشىغان. تۇتۇشقا چىققان چېرىكلەر بىلەن ئېپىنى تاپسا ئېلىشىپ، بولمىسا قېچىپ، كېچىلەردە يۇرتقىمۇ كېلىپ يۈرگەن. چۈنكى كەلمەي چىدالمايتى، ئۆيدە ئۈنى كۆزلىرىدىن دەريا ياشلار تۆكۈپ، ئۈچ يۇرتنىڭ مەلىكىسى ئايپەرىزات كۈتۈپ ئولتۇراتتى - دە.

بوۋام قاراتاغنىڭ ئېشەك ئۆلدى، بوقۇساقاپلاشقان، سۆزگەن، يۇمۇلاق،...[1] دېگەن جىلغىلىرىدىن تاكى قاراتاغنى قاق ئىككىگە بۆلۈدىغان قارايار جىلغىسىغىچە ئارىلىقنى ماكان قىلغان. ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى قىرغىز دوستلىرى بىلەن كۆپ باردى - كەلدى قىلىدىكەن. دېگىنىمدەك، «شورۇقلۇقنى قىرغىزچېلىش خەق» دېيىشىدۇ، ئەمەسمۇ، چارۋا بىلەن، قىرغىزلار بىلەن ھەپىلەشمەيدىغىنى يوق. مانا شۇ چاغلاردا ئاشۇ قاراتاغنىڭ بىر جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، شىمالدىكى قىرغىز ئاۋۇللىرىغا بېرىشىدىكەن. جىلغىنىڭ بەك تار، يۇك بىلەن ئېشەك پاتمىغۇدەك بىر يېرى باركەن. تار يەرگە قاچانلاردۇر شىددەتلىك كەلكۈن دومىلۇتۇپ كەلگەنمۇ ياكى يەر تەۋرەشلەر يوقۇرىدىن چۈشۈرگەنمۇ بىر قىياتاش پارچىسى كەپلىشىپ قېلىپ، پىيادىلامۇ ئاتلاپ ئۆتۈدىغان بوپتۇكەن. ئەنە شۇ تاشنى بوۋام ياشلىقتىكى تەلۋىلىكى بىلەن بىرنەچچە دوستلىرى ئالدىدا مەيدە قېقىشىپ قېلىپ، كۆتۈرۈپ ئېلىپ يان

---

[1] بۇ جىلغىلار قاراتاغنىڭ جىلغىلىرى، قاراتاغ — ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بوزتاغنىڭ ئارقىسىدا، ئىككى تاغ ئارىسىدا كەڭ بىر تۈزلەڭ ساي بار، — ئا.

قاشقا قويۇپ قويۇپتىكەن. شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ تاش «بىجاننىڭ تېشى» دەپ ئاتىلىپتۇ. بوۋام ئۇ ياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا تاشنى ئۇلاڭ قاشقا، قايتىپ كېلىۋاتقاندا سول قاشقا ئېلىپ قويۇدۇكەن. كىشىلەر تاشنىڭ قايسى تەرەپتە تۇرغىنىغا قاراپلا «ھە، بىجان تاغ تەرەپكە ئۆتۈپتۇ- دە» ياكى «بىجان يۇرت تەرەپكە ئۆتۈپتۇ» دېيىشىدىغان بوپتىكەن.

قېچىپ يۈرگەن كۈنلىرىدىمۇ ئۆگەنگەن خۇيىغا ھاي بېرەلمىگەنمۇ تاشنى يۆتكەپ قويۇپتۇ. مانا شۇنىڭ بىلەنلا يولۇچىلار «بىجان جاللات قاراتاغنىڭ ئىچىدە بىر يەردە بۆكەپ (يوشۇرۇنۇپ) يۈرگەندەك تۇرۇدۇ» دەپ مەلۇمات بېرىپتۇ. بىزنىڭ خەلق بۇنچىلىك ئىشنىڭ پايدا- زىيىنى ھەققىدە ئويلاپ باقاي دېمەيلا، دۈشمەنگە ياردەملىشىۋېتىدۇ ئەمەسمۇ، بۇگۇنمۇ شۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ختاي چېرىكلىرى قاراتاغ ئەتراپىدا پىستىرما قۇرۇپ، كۆپ ھەپىلىشىپ، ئاخىرى ئۇ ئايۋانتاغ تەرەپكە كېتىپتۇ. ئايۋانتاغ قاراتاغ بىلەن بوز تاغ ئارىسىدىكى سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا — ئوتتۇرا باچاڭنىڭ دەل شىمالى ياكى بىر ئاز شەرقىي شىمالى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان يەردىن باشلىنىپ، شەرق تەرەپكە — ئىككى تاغ ئارىسىدا پاراللېل سوزۇلۇپ كەتكەن بىر تاغ. ئاشۇ باشلانغان ئۇچىنى مەن باچاڭ ئېغىزىدىن كىرىپ، ئارقىدىكى سايغا ئۆتكەن چېغىمدا ئۇزاقتىن كۆرگەن ئىدىم. ئۇ خۇددى ھەشەمەتلىك ئوردا قەسىرلەرنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، بەلكىم شۇنىڭ ئۇچۇن «ئايۋانتاغ» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. بوۋام ئايۋان تاغقا يۆتكۈلۈپ كۆپ ئۆتمەي، مالچىلاردىن بىرى ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ- دە، ئۇنىڭ ئۇچۇرىنى يۇرتقا يېيىۋېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ دۈشمەنلىك قىلىش نىيىتى يوق، ھەتتا بوۋامغا ھەۋەس قىلىدىغان بولسىمۇ، ئادەتكە قارشى كېلەلمىگەن گەپ، كىچىككىنە گەپ ئىچىگە پاتماي، تېشىپ كەتكەن نېمە.

مانا شۇنداق بوۋام ئەنە شۇ ئايۋانتاغدا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ مەزگىل ئىچىدە ئايالى ئايپەرىزات ئېلىشىپ قالايلا دەپ قالغان. چېرىكلەر دايىم ئۆينى پايلاپ يۈرگەن. ئاشۇنداق چېرىك پايلاۋاتقاندىمۇ بوۋام ئۆيىگە كېلىپ كەتكەن. ھەتتا يەنە بالىلىق بولغان. ئەمما ئايالى ساقسىز بولۇپ، كېيىنكى بالىلىرىغا قارىيالمىغاچقا، بالىلىرى ئەي بولمىغان ئىكەن. دادام ئەنە شۇ بوۋام قېچىپ يۈرگەن يىللارنىڭ يالدامىسى ئىكەن. چېرىكلەر پايلاۋاتقان ئۆيگە قانداق كېلىپ كەتكەندۇ؟ دېگەن ھەيرانلىق

ھەر ئەقىلگە كېلىدۇ، چوقۇم. بوۋامنىڭ داڭقىدىن قورققان چېرىكلەر كۆرمەسكە سالغان ئىشلارمۇ بولغان. ئەمما ئۇ كۆپ چاغلاردا تۈيدۈرماي كىرگەن.

قانداق دەمسىز؟ ئۇ چوڭ ئانىمىز ئايپەرىزاتنى شەددە قۇلۇپ سېلىپ ساقلايدىغان ھۆجرىدىن قانداق ئوغۇرلاپ، سەككىز قاتلىق پەخشى تامدىن ئارتىلىپ ئەپقېچىپ كەلگەن بولسا، خۇددى شۇنداق قىلغان.

— توغرا، بايا بوۋىڭىز بىلەن مومىڭىزنىڭ تويى ھەققىدە راسا چۆچەكلەردىكىدەك، دەپ ئوخشاتقان ئىدىڭىز، بۇنىسى قانداق بوپتىكەن؟ — دەپ كوچۇلۇدۇم مەن.

سابىت ئەپەندى قىز نەۋرىسىدىن بىر نېمىنى ھېيىققاندەك، قاراپ قويۇپ، ئۇنچىقمىدى. قارىمىغاندەك تۇرۇپمۇ بۇنى سەزگەن قىز، گېپىمىنىڭ بېلىگە تېپىپ:

— توختاپ تۇرۇڭە، تازا بى ئادەمكەن بۇ. ئا گەپنىڭ ئاخىرى تۈگۈمىسۇنما، — دېدى.

— بوۋامنى قوغلاپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىمۇ پاركەندە قىلىۋېرىپ، موللاخۇناجىمنىڭ بايلىقىنىمۇ سورۇپ بولغان. خىتاي دېگەن بىرنېمە چىقىدىغان يەرنى پەملەپ قالسا كانىدەك چاپلىشىدۇ ئەمەسمۇ، پات-پات قورقۇتۇپ، ئايپەرىزاتنى تۇتۇپ كېتىدىغان بولۇشۇپ، دادىسىدىن پارا ئېلىپ تۇرغان. بۇ ئەنسىز كۈنلەرنىڭ بېسىمىغا چىدىماي ئاغرىپ قالغان مومىمىز ئايپەرىزات بوۋامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋرىنى ئاڭلاپلا ئۆرە بولالمىغان. پۈتۈن يۇرت ھۆمۈرۈلەپ ئايۋانتاغقا بېرىپ، بوۋامنىڭ جەسىدىنى تېپىپ كېلىپ قەدەمجايغا دەپنە قىلىشقان. بوۋامنىڭ قىرىقىنى توشقۇزماستىن موماممۇ ھايات بىلەن ۋىدالاشقان. دادام تىكەندەك يالغۇز قېلىپ، تاغىلىرىنىڭ ھامىلىقىدا بالاغەتكە يېتىپ، شۇلارنىڭ غەمخورلىقى بىلەن ئۆيلۈنۈپ، ئۆي-ئوچاقلىق بولغان.

بىر ھازا شۈكلەپ كەتكەن گۈلزادە كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىدىن خىجىل بولۇشىمۇ يادىغا يەتمەي بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىپ، بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى:

— ۋىيەي، ئاجايىپلا بولۇپ كەتتىما، — دېدى ۋە ئاندىن، — مەن ئاچامغا قارىشاي، ئەمدى يەنە ھەيدىۋەتمەس، — دېدى-دە ئاشخانا تەرەپكە كەتتى. ئۇ يەردە ئايالىم بىلەن ئىككىسىنىڭ تالاش-تارتىشى پىچىر-پىچىرى ئاڭلىنىپ،

ئارقىدىن گۈلزادىنىڭ تېخىمۇ پەس ئاۋازدىكى شىۋىرلىشى بىلەن جىم بولۇپ قېلىشتى. ئاندىن قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. مەن داستىخانغا يېڭى چاي ئەكىلىپ، ئاندىن بوۋاينى ھىكايىغا ئۈندەي دەپ چەينەكنى كۆتۈرۈپ ئاشخانا تەرەپكە ئىككى قەدەم ئېلىشۋىدىم، ئايالىمنىڭ گۈلزادىغا چىدىماي، ئەركىلىتىپ دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم:

— سىزنىڭ مۇشۇ تاتلىقلىقىڭىز ھەۋەسكىمۇ، ھەسەتكىمۇ لايىق جۇمۇ، ھەممىدىن بەك سىزنىڭ مۇشۇنداق يۇقۇملۇق مىجەزىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن.

ئۇلارنىڭ تاتلىق گەپلىشىۋاتقاندىكى كەيپىنى بۇزماي تۇرايمۇ؟ بېرىۋېرەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالغان ئارىلىقتا گۈلزادىنىڭ:

— نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟ — دەپ ساددىلىق بىلەن سورىغىنىنى ئاڭلىدىم.

— سىزدەك يېقىملىق قىزغا تېزلا «ئەركەك چىۋىن» يېپىشىۋالىدۇ، شۇڭا بەك دىققەت قىلمىسىڭىز ياخشى ئوقۇيالماي قالىسىز، جۇمۇ.

— شۇ گېپىڭىز ئۈچۈن ئاغزىڭىزنى ژىرتىۋېتەيمۇ!

— راست دەۋاتىمەن، ساراڭ قىز!

— مەنمۇ راست دەۋاتىمەن! يەنە شۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان بولسىڭىز راستىنلا ئاغزىڭىزنى ژىرتىۋېتىمەن!

— بوپتۇ، بوپتۇ، دېمىدىم. كۆيۈنگەننى بىلمەيدىغان سەت جىن!

شۇندىلا بېرىپ چاينى لىقلىدىم ۋە گۈلزادىگە پىچىرلىدىم:

— مېنى بوۋىڭىزنىڭ تويى ھەققىدىكى ھىكايىنى ئاڭلىۋالغىلى قويۇڭ، بارماي تۇرۇڭ جۇمۇ.

— ئوووش، يوقۇلۇڭە!

سابىت ئەپەندىنىڭ پىيالىسىگە يېڭى دەملەنگەن قىزىق چاينى قۇيۇپ قويغاندىن كېيىن، بىجان «جاللات»نىڭ قىز ئەپقېچىش ھىكايىسىنى كوچۇلۇدۇم:

— ئەمدى سۆزلەۋېرىڭ، سابىت دېگەن چوپ- چوڭ يىگىت بولۇپ قالدى، ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ياشلىقىغا ئائىت ھىكايىنى ئاڭلاپ قويسا ھېچنېمە بولماس.

— سۆزلىگەندەك نېمىسى قالدى، دەيسىز؟ شۇ، موللاخۇنھاجىم يۇرتىنىڭ يىگىتلىرىنى قىزىنى ئېلىپ قاچىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، قىزنىڭ ھوجرىسىغا ئىككى ئاچقۇچ سالىدىغان يوغان شەددە قۇلۇپ سېلىپ ساقلايدىكەن. بۇ قىزدىنغۇ ئادەتتىكى

يىگىتلەر ئەيمىنىپمۇ ئالاي دەپ جۈرئەت قىلمايدىكەن، ئەمما يۇرتلاردا داڭق چىقارغان نوچى يىگىتلەر بولۇدۇ ئەمەسمۇ، شۇلاردىن بىرەرسى ئۆزئارا پوچۇلۇق قىلىپ سۆز ئېتىشىپ قالغان بولسا، سەن ئەمەس مەندۇر مەن! دېيىشىپ، بەل باغلاپ قالسا مەسىلىگە سەل قارىغىلى بولمىسا كېرەك.

بۇ چاغلاردا بوۋام ياقۇپبەگنىڭ خىزمىتىدە كىچىك ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىكەن. بىر كۈنلىرى ئۇ موللاخۇنھاجىمنىڭ قىزى ۋە ئۇنى كېچىلىرى قۇلۇپ سېلىنغان ھوجرىدا ساقلايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى ئاڭلاپ قاپتۇ. قىزنىڭ بىر ئاز ئەركەك مىجەزلىكى، ئانداق- مۇنداق يىگىتلەرگە بويۇن بەرگىدەك ئەمەسلىكى ئۇنى تېخىمۇ قىزىتقان ئامىل بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىمۇ قەستەن ئاشۇنداق خەق جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆزىنى سىناشنى ياخشى كۆرۈدىغان مىجەزى بارىكەن. قىزنىڭ گۈزەللىكى، غەيۇر مىجەزى، موللاخۇنھاجىمنىڭ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمەيدىغان چوڭچىلىقى، ئاتۇشنىڭ نوچى يىگىتلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۇلتۇرسا، قوپسا ئايپەرىزاتنىڭ گېپىنى قىلىشىپ، ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ تۇرۇشلىرى،... ھەممىسى قوشۇلۇپ بوۋامنىڭ تەۋەككۇل قىلىشىغا ئىلھام بوپتۇ.

بوۋاممۇ داڭلىق يىگىت ئىكەن. قىزلارنىڭ ئارىسىدا بوۋامنىڭ ئىسمى زىكرى قىلىنىپ، ئۇلارمۇ ئېغىز تامشىپ تۇرۇدىكەن. بوۋام بىر كېچىسى «يا ئالللاھ كەرىم!» دەپلا بەلنى باغلاپ، نىيەت قىلغان تەۋەككۇلچىلىكىگە ئاتلىنىپتۇ. موللاخۇنھاجىمنىڭ قوشپىشايۋانلىق ئۆيلىرىنىڭ قايسى بىرىدە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەرىدى؟ ئىشىكنىڭ قاغا تۇمشۇقىدا شەددە قۇلۇپ بولغىنى شۇ!

بوۋام شەددە قۇلۇپ سېلىنغان ھوجرىنى تېپىپتۇ. زەنجىرمۇ راسا تومۇ ئىكەن. قۇلۇپنى دەڭسەپ، زەنجىرنى تارتىپ بېقىپتۇ. ئىنساننىڭ كۈچى يېتىدىغاندەك ئەمەس. بوۋام قۇۋۋەتلىك بولۇپلا قالماي، زىرەكلىكتىمۇ يۇرتتا نامى بار بولغاچ، ئاجىز ھالقىنى تېپىشتا كېچىكمەپتۇ. بۇرۇنقى ئىشىكلەر ھېلىمۇ ئۇزاق يېزىلاردا بار، بەلكىم بىلىسىز، گىرەچە بىلەن كېشەككە بېكىتىلگەن بولماي، ئىككى قانات تاختاي ئىشىكنىڭ كېشەك تەرەپتىكى بىرىنچىسىنىڭ تۆۋى تەرەپتە بەش سانتىچە ئۆسۈكچە بولاتتى. بۇ ئۆسۈكچە بوسۇغا ۋە ئىشىك بېشى ياغىچىدىكى ئويۇقچىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۆسۈكچە يۇمۇلاق شەكىلدە سىلىقلانغان بولغاچقا، ئويۇقچە

ئىچىدە يىنىك ئايلىنىپ، ئىشىك ئېچىلىشىغا ئىمكان بېرەتتى. ئەگەر بەك غىچىرلاپ بىئارام قىلسا دۈغ ياغلار بىلەن ياغلاپ قويۇلاتتى.

ئەنە شۇ يەرنى ئاجىز ھالقا دەپ بېكىتىپتۇ. نورمالدا بۇ ئۆسۈكچە ئۇپراپ يىڭنىچكىلەپ كېتەتتى. بوۋام كېشەكنىڭ يان ياغىچىغا مىخلانغان پەۋازنى قومۇرۇپ ئېلىۋېتىپتۇ. شۇندا ئىشىكنىڭ بىرىنچى شىپلى بىلەن كېشەك ئارىسىدا بارماق پاتمىغۇدەك يوچۇق كۆرۈنۈپتۇ. بوۋام تاشتەك قېتىپ كەتكەن بارماقلىرىنى يوچۇققا زورلاپ تىقىپتۇ. سەككىز بارماقنى زورلاپ پاتۇرغىنىدا بارماقلىرىنىڭ تېرىسىنىڭ شۇلۇنۇپ كەتكىنىگىمۇ پەرۋا قىلماستىن، ئاخىرى بارماقلىرىنى كىرگۈزۈپتۇ. ئاندىن بوۋام بىرلا كۈچەپ تارتقان ئىكەن، بوسۇغا ۋە ئىشك بېشىدىكى ئويۇقچىغا كىرىپ تۇرغان ئۆسۈكچە (ئۆلگۈچەك) ئوشتۇلۇپ، ئىشىكنىڭ بىر قانتى بوۋامنىڭ قولىغىلا چىقىپتۇ. «ۋاي ئەخمەق باي، قىرغىزنىڭ خۇرجۇنىغا قۇلۇپ سالغىنىدەك، شەددە قۇلۇپنىڭ چوڭىنى سالغان بىلەن، ئىشىكنىڭ تۇۋۇى قانداق دەپ ئويلىماپسەن، ئەمەسمۇ» دەپ كۈلۈپ، ئىشىكنى زەنجىرغا ئېسىلغان ھالەتتە بىر تەرەپكە قىسايتىپ قويۇپ، ھوجرىغا كىرىپتۇ.

ئايپەرىزات بىر قارام نوچىنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيماي قالامدۇ. ھەممىنى تۇيۇپ تۇرغان ھالدا يوتقىنىغا پۈركۈنۈۋالغان ئىكەن. بوۋام كېلىپ:

— ھەي قىز، مەن بىجان بولۇمەن، — دەپتۇ، — سەن مېنى ئاڭلىماي قالمىدىڭ، دوستلۇرۇڭ دېمەي قالمىغاندۇ، مەن بىجان «جاللات» بولۇمەن. ئەگەر مەندىن ئوشۇق يىگىتتىن تامايىڭ بولمىسا ئاۋازىڭنى چىقارما، مەن ھارامدىن يىراقمەن، شۇڭا ساڭا چېقىلمايمەن، ئىمامغا ئاپىرىپ ھالال نىكاھ قىلدۇرىمەن، ئەنسىرىمە.

شۇنداق قىلىپ، ئايپەرىزاتنى ياتقان يوتقىنىغا ئوراپلا بىلىكى ئۈستىگە ئېلىپ، كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. باغقا كىرىپ، بېلىگە ئورالغان ئاغامچىنى يېشىپ، ئايپەرىزات چوڭىنىمىزنى ئىككى يەردىن باغلاپتۇ، ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى سەككىز قاتلىق ئەنجان تامنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. ئاندىن تامغا يېقىن قوتۇرئامۇتنىڭ ئاچىسىغا بىر سەكرەپ، ئۇ يەردىن يامىشىپ تام ئۈستىگە چىقىپ، ئاغامچىنى تارتىپتۇ. چوڭىنىمىزنى تام ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئارقا تەرەپكە ساڭگىلىتىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئارقىدىن دىككىدا سەكرەپ، يەرگە چۈشۈپ، يەنە بايىقىدەك بىلىكىگە ئېلىپ

كۆتۈرگەنچە مەھەللىسىنىڭ ئىمامىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ.

— يەنە نېمە بالا تېرىدىڭ، كەپسىز، نېمە بۇ، كېچىدە... — دەپتۇ، ئىشىك ئاچقان ئىمام.

— قىز ئەكەلدىم، نىكاھ قىلىپ قويسىز، — بوۋام شۇنداق دېگەنچە غېمىدە يوق، قىزنى كۆتۈرگەنچە چىراق يېنىپ تۇرغان ئۆيگە ئەكىرىپ سۇپىغا قويۇپتۇ.

— كىم بۇ؟

— موللاخۇنھاجىمنىڭ قىزى.

— ۋاي خۇدايىم! نېمە دەيدىغاندۇ ما بالا! — قورقۇپ كېتىپتۇ ئىمام.

— قورقماڭ، بىكارغا ئىشلىمەيسىز، بېلىمدە بىر تىللا بار، — دەپتۇ بوۋام.

— ھەي، بالا، مەن نېمە ئويدا، سەن نېمە كويدا،... نىكاھ دېگەنگە گۇۋاھچى بولمىسا بولمايدۇ، قىزنىڭ ۋەلىسىنىڭ رازىلىقى بولمىسا بولمايدۇ،... — ئىمام باھانە تاپقىلى تۇرۇپتۇ.

— قوشناچىمنى ئويغۇتۇڭ.

— نېمە ئىشى بار؟ خوتۇن كىشى گۇۋالىققا يارىمايدۇ.

— قىزغا ھەمرا بولۇپ ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، مەن گۇۋاھچى تېپىپ كېلەي.

مانا شۇنداق قىلىپ، قوشناچىمنى قىزغا ھەمرا قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تالاغا مېڭىپتۇ.

قىزنىڭ بىر تاغىسى شۇ مەھەللىدىكەن. ئۇنى ئويغۇتۇپتۇ. ئېسەنكىرىگەن ئادەم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— خوش خىزمەت؟ نېمە گەپ بۇ كېچىدە!؟

— ئىمامنىڭ ئۆيىدە ئىش بار، دەرھال ماڭمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز بېرىۋېرىڭ، مەن يەنە مامۇتھاجىمنى ئەكىلىمەن.

ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپ، مەھەللىنىڭ يەنە بىر چوڭ بېيىنى ئويغۇتۇپ، ئۇنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

موللاخۇنھاجىمنىڭ ئىنىسى تېخىچە ئىمامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مەڭدەپ تۇرغان ئىكەن. بۇ يەردە بىرەر چوڭ مېھماندارچىلىق بولغانمىكىن دېسە، ئىچكىرى جىم - جىت. ئىشەنمەي دېسە، بىجان جاللاتتىن ئەيمىنىپ تۇرغانىكەن.

— نېمىشقا كىرمەي تۇردىڭىز؟ كىرىۋېرىڭ، مانا مەن باشلاي ئەمىسە.

ئۇلار كىرىپ كەپتۇ. تاغا جىيەن قىزنى بۇ يەردە كۆرۈپ ئاللا - تۇۋا سېلىپ ۋارقىراشقا، بوۋامنى قاغاپ تىللاشقا باشلاپتۇ. ئەمما بوۋامنىڭ ئاچچىق قىلىپ ۋارقىرىشى بىلەن ئۈنى ئۆچۈپتۇ.

— بەرىبىر قىز ھوجرىدىن چىقىپ بولدى. كېچىنىڭ يېرىمىدا بۇ يەرگە كەلدى. ئەمدى باشقا چارىڭىز بارمۇ؟ — ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بولغان، تىغ غىلاپتىن چىققان ئىدى.

تاغا ئاتا بولۇپ، ۋاكالىتەن رازىلىق بىلدۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. لېكىن بۇ ئادەم يەنە غەۋغا كۆتۈرۈپتۇ. موللاخۇنھاجىغا جاۋاپ قىلالمايمەن دەپ تىرەجەپتۇ. ئەمما، ئىمامىمۇ، مامۇتھاجىممۇ ئەمدى بۇ ئىشتىن بىجان جاللاتنىڭ رايىغا باقماي قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلارمۇ سالا قىپتۇ:

— بىجان جاللات ئادەتتىكى بىرسىمۇ ئەمەس، ھاجىم، يۇرتتا ئېتى بار، تۆرتنىڭ بىرى، قىز تاپقان ئادەم بۇنىڭدىن ئوشۇق ئوغۇلبالىغا نەگە بارىدۇ؟ موللاخۇنھاجىممۇ چۈشۈنىدۇ، ماقۇل دەڭا، — دېيىشىپتۇ.

ئاخىرقى نەتىجىدە نىكاھ ئوقۇلۇپتۇ. قىزنىڭ دادىللىق بىلەن بىر قېتىمدىلا ماقۇللۇق بىلدۈرىشى بوۋامدىن باشقا ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ، تاڭلىيىنى چېكىپ:

— يا ئاللاھ! — دېيىشىپتۇ. ئاندىن پىچىرلىشىپ، — ھېلىمۇ ياخشى نىكاھقا رازى بولۇپتىمىز، بولمىسا ئۆزى قاچامتىكىنە بۇ بەڭۋاش! — دېيىشىپتۇ.

بوۋام ئىمامنىڭ ئالدىغا بىر تىللانى قويۇپتۇ.

— بۇ سىزنىڭ ھەققىڭىز، گۇۋاھچىلارغىمۇ بار، — دېگىلى تۇرۇپتىكەن، گۇۋاھچىلار بىر ئېغىزدىن:

— بولدى بىز رازى، ئىمامغا بەرگىنىڭ يېتىدۇ، — دېيىشىپتىكەن، ئىمامىمۇ تىللانى ئالغىلى ئۇنىماي:

— بولدى، ئۇكام، مەن رازى، ئۆي تۇتساڭ ئۆزەڭگە لازىم، — دەپتۇ.

ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، بوۋام يېڭى كېلىنىگە چاخچاق قىلىپ:

— يەنە كۆتۈرۈپ ماڭىمەنمۇ يا ئۆزەڭ ماڭامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋايلاپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. قىز سۈپىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ - دە بىرىنچى بولۇپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. بوۋاممۇ ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ،

ئارقىسىدىن چىقىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىككىسى بوۋامنىڭ يالغۇزسىراپ قالغان غېرىبانە ئۆيىگە كەپتۇ.

ئەتىسى پۈتۈن ئاتۇشتا شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ. موللاخۇنھاجىم «نى نومۇس، نى ئات بۇ! ئۆلۈۋالىمەن!» دەپ جار سېپتۇ. ئەمما ئۇرۇق تۇققانلار نەسىھەت قىلىشىپ پەسلىتىپتۇ. قىزمۇ دوستلىرىدىن ئانىسىغا گەپ ئېيتىپ بېرىپ: «بىجانىدىن باشقا ھېچكىمگە تەگمەيتىم، شۇڭا بىكاردىن ھوگا چېلىپ[1]، گەپنى ئاۋۇتمىسۇن» دەپتۇ. «ۋاي ئۆلەي، ما شەرمەندىنى! ... » دەپ، موللاخۇنھاجىمغا بۇ گەپنى پىچىرلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن موللاخۇنھاجىمنىڭ يېلى چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى گويا باشتىلا ئۆزى رازىلىق بېرىپ قىلغان قىياپەتتە، ناھايىتى چوڭ توي-تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ: ياشلار ئۇچۇن ئوغلاق تارتىش ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇكاپاتىغا بىر جۈپ قوي بېغىشلاپتۇ. ئوغلاقتىنمۇ بوۋام ئۇتۇپ چىقىپتۇ.

سابىت ئەپەندى شۇ يەرگە كەلگەندە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— تاكى بوۋامدىن تارتىپ بىر دادا، بىر بالا بولۇپ كېلىۋاتاتتۇق، مانا ئەمدى بىزنىڭ ئابىددىنغا كەلگەندە بىجاننىڭ ئەۋلادى بىر مۇنچە بولۇپ كەتتى مانا، — دېدى پەخىرلىنىپ.

ئەمدى ئۇ ھاياتى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، تونۇشلۇقۇمىز داۋام قىلدى. دەپ ئۆتكىنىمدەك، شۇنچىلىك ئىچەكىشىپ قاپتۇمىزكى، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر سالام بېرىپ مېڭىش مېنىڭ كۈندۈلۈك مەشغۇلاتىمغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بەزى - بەزىدە ئۇ:

— بۇگۈن ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ بىردەم ئولتۇرايلىمۇ؟ — دەپ سورايدىغان بولدى. ياكى بەزى دۈشەنبە كۈنلىرى، — مېھرىگۈل قىزىمغا زىيارەتكە بارماقچىمەن،

[1] ھوگا چالماق — ئاتۇش شىۋىسى. «غەۋغا تېرىماق، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق، چوقان سالماق» مەنىلىرىدە، — ئا.

ھەمرا بولالامسىز؟ — دەپ سورايتى. سابىت ئەپەندىدىن بۇنداق بىر گەپنىڭ چىقىشى مۆجىزە دېيەرلىك تەس ئىش ئىدى. زورلاپ سوئال سورىسىمۇ قىسقا كېسىپ تۈگۈتۈدىغان بۇ ئادەمنىڭ ماڭا بۇنچىلىك ئىلتىپاتلىق بولۇپ كېتىشى مېنى چەكسىز خۇشال قىلاتتى. مېھرىگۈل بىلەن خېلىدىن تونۇشۇپ قالغان ئىدۇق. شۇڭا بەزى دۈشەنبە كۈنلىرى سابىت بىلەن بىللە باراتتىم. مەن بۇ ئايالدا ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقنى كۆرۈكلەپ تۇرغان ئىچكى كۈچنى غۇۋا ھېس قىلدىم. بۇنداق كۈچ ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىدارلىقىدىن ئەمىن بولغان ئادەملەردىلا بولاتتى. ئەجەبا، بۇ قانداق بىر مەمنۇنلۇق ئىدى؟ بۇ مەمنۇنلۇققا سەۋەب بولغان مەنىدارلىق نېمە بولغىيتى؟ ئەمما ئۇ بىزگە شۇنچە ئىشىنىدىغان بولسىمۇ، بۇلارنى بىز بىلەن ئورتاقلاشمىغاچقا بۇلار سىر بولۇپ قېلىۋەردى. قايتىپ كېلىۋاتقىچە سابىت ئەپەندىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش پەرەز قىلغانلىقى مەلۇم بولدى:

— بۇ قىزدا بىر ئىش بار، ھايات بولساق بىر كۈنى بىلىمىز، ئۇ ھاياتنى ئىزغا سېلىۋېلىپلا قالماي، يەنە ئۆزىنى قانائەتلەندۈرىدىغان بىر ئىش بىلەنمۇ مەشغۇل بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ ئىپتىخار بىلەن مېھرىگۈلنى ماختاپ.

بىز ئەدەبىياتتىن سىياسەتكىچە، دۇنيادىن يۇرتىمىزغىچە ھەممە تېمىدا سۆزلۈشەتتۇق. ئۇنىڭ قىزىپ كەتسە تارتىنىشنى ئۇنتۇپ مەمەدانلىشىپ كېتىشى ياكى ئۆزى بەك قىزىققان تېمىلاردا مۇنازىرىگە كىرىشىشتىن تارتىنمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغىنىم ئۈچۈن، بەلكىم ھېچكىم مەندەك ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچالمايدۇ، دەپ تەمەننا قىلاتتىم. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ باشقا ھەرقانداق بىرى بىلەن بۇنچە قىزغىن پاراڭلىشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. ئۇ ھەممىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى. نەشرىياتىمىزدا نەشر قىلىنىۋاتقان يېڭى كىتابلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ھەتتا ئۇ نەشرگە تەييارلىنىۋاتقانلار ھەققىدىمۇ سوراپ، شۇنىڭدىن سىياسىي ۋەزىيەتتىكى يۈزلىنىشلەرنى ئۆلچەپ، ماڭا مۇلاھىزە قىلىش مېتودلىرى ھەققىدە ئۆگۈتەتتى.

چەتئەل ئەدەبىياتى، چەتئەل كىنولىرى ھەققىدە چۈشەنچىسى ئاجايىپ ئىدى. ئۇ ھەممە نەرسىنى نۇرغۇن خىل مىزانلارغا سېلىپ، ئېنىدىن گېزىدىن ئۆلچەيتى. مەسىلەن، ئۇ بىر كۈنى ئامېرىكا كىنولىرى ھەققىدە نېمە چۈشەنگەنلىكىمنى كوچىلاپ سورىدى. بىزنىڭكىلەردەك (خىتايلارنىڭكىدەك دېيىشىم كېرەكتى) زەي

سالماي ئاتىدىغان، ھەربىيلەر ئۆلمەي، ساپلا دۈشمەن ئۆلۈدىغان تىپتىكى ساختا، سۈنئىي كىنولاردىن زېرىككەن چېغىمىزدا چەتئەل كىنولىرىدىكى چىنلىقنى ياخشى كۆرگەنىدىم. ياخشى ئادەملەرلا ئەقىللىق ۋە كۈچلۈك بولۇۋەرمەي، بەزىدە ياخشى ئادەملەرمۇ تاياق يەيدىغان، يېڭىلىدىغان بولۇشى بەكمۇ ئەركەكلىك بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى. ئەمما سابىت ئەپەندى ئادىتتىكە كۆرە بىر كىنودىنمۇ خۇددى باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش شۇ دەۋر سىياسىسىنىڭ ئەكسىنى، شۇ دەۋر ئىلىم - پەن سەۋىيەسىنى، شۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش سەۋىيىسى، قىممەت قارىشى،... شۇ دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەھۋالى،... قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىنى چىقىرىۋالىدىغان شەكىلدە چۈشەنگەن ئىدى. بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە ئالاقىدار كىنودىن ئۇ شۇلارنى دىققىتىمگە ھاۋالە قىلدى:

— ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا كۆرۈلۈۋاتقان ھىندىيانلارغا قىلىنغان ئىنسانىيەتسىزلىكلەرنى سۈرەتلەش خاھىشى دىققىتىمنى تارتتى، — دېدى ئۇ، — يېقىنقىنىڭ بەزى ئامېرىكا فىلىملىرىنى كۆرگەنسىز، بۇ خاھىش بار. ئۆزلىرى قىلغان ئەسكىلىكنى ئۆزلىرى سەھنىگە ئېلىپ چىققانلىقى خاتاسىنى تونۇغانلىقىدۇر. بىر خىل ئەپۇ سوراش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىر كۈنلىرى كېلەر، ئۇلار رەسمىي ئەپۇ سورىشىمۇ تەسەۋۋۇرغا سىغىدۇ. ئەمما مۇشۇنداق ئەھۋال خىتايلاردىمۇ بولارمۇ، سىزچە؟ مەن بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، ئۆزىمىز تەرىپىگە تەدبىقلاپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.

— بەلكىم، — دېدىم ئىشەنچسىزلىك بىلەن. چۈنكى مەن بۇ ھەقتە ھېچ ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن.

— ئويلاپ كۆرمەپسىز، دېمەك، — دېدى ئۇ جاۋابىمدىن مەڭدەپ قالغىنىمنى چۈشىنىپ، — مېنىڭچە بۇنداق ھالنى خىتايدىن كۈتكىلى بولمايدۇ. خىتايلار ئومۇمىي مىللەت سۈپىتىدە ئادالەتسىز، ۋىجدانسىز بىر خەلق. ئۇلار باشقىلارنىڭ ھەققى توغرىسىدا ئەسلا ئويلاپ باقمايدۇ. بۇنى شۇنىڭدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ: مەيلى رۇسلار ياكى ياۋروپالىقلار بولسۇن، مۇستەملىكىلىرى ھەققىدە يالغان تارىخ ياساپ، ھەتتا بۇ يالغانلىرىغا «ئەپەندىمەدەك» ئۆزلىرىمۇ ئىشىنىپ كېتىدىغان شەرمەندىلىكلەرنى قىلىشمىدى، گەرچە ۋەھشىيلىكتە ھەممە مۇستەملىكىچى ئوخشاش، مەزلۇم خەلققە «سىلى ئۆزلىرى» دەپ تەكەللۇپ قىلمايدىغان بولسىمۇ،

مۇستەملىكىنىڭ مۇستەملىكە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، بېسىۋالغانلىقىدىن تانماي، بېسىۋالدىم دەپ تۇرۇپ بېسىۋېلىشىنىڭ ئۆزى، بىر تۈرلۈك سەممىيەت. بۇنىڭ تېگىدە ياتقان نەرسە، بىر كۈنلىرى داۋاسىڭنى ئاقتۇرالىغۇدەك ئەقىل ۋە كۈچكە ئىگە بولساڭ تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن، دېگەندەك بىر مەنادۇر. خىتايلارنىڭ يالغان تارىخ ياسىشى، ھەتتا بۇ تارىخقا دۇنيانى، بىزنىڭ ئەۋلادىمىزنىلا ئىشەندۇرۇشكە تىرىشىپ قالماي، ئۆز خەلقىنىمۇ ئىشەندۇرۇۋېتىدىغان دەرىجىدە تەۋرەنمەي تەكرارلىشى، ئۇنىڭ نەقەدەر بەزلىكىنىڭ، تەپسە تەۋرىمەيدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى. مۇشۇنداق بىر مىللەت قانداقمۇ بىزگە قىلغان زۇلۇملىرىغا پۇشايمان قىلىشى، خاتا قىپتۇق دەپ ئەپۇ سورىشى مۇمكىن؟ تېخىمۇ رەزىل يېرى ئۇ ئۆزىنى قۇتقازغۇچى دەپ قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي - تالماي ئۇرۇنۇۋاتقان تۇرسا. تېخى بىزنىمۇ ھېچ خىجىل بولمايلا «جوڭخۇا مىللىتى (خىتاي)» دېيىشكە، شۇنىڭغا كۆندۈرۈشكە، قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتسا، بۇنداق بىر مىللەتنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى بولۇشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلار بىر ئاز مۇبالىغە بولسا كېرەك.

— تارىخنى قويۇپ تۇرۇڭ، ھازىر ھەققىدە گەپ قىلىڭ. بىز كۆرۈپ تۇرغان، كۆز ئالدىمىزدىكى نەرسىنى يالغان سۆزلەيدىغان بۇ خەق تارىخنى نىمە دېسە دەيدۇ دە! بىزنىڭ يوغان يوغان كۆزلىرىمىز، ئېگىز قاڭشارلىرىمىز ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مەۋجۇت نەرسىغۇ! خىتتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار جىدەللىشىپ قالغاندا خىتايلار بىر ئادەمنىڭ ئۇيغۇر ياكى خىتاي ئىكەنلىكىنى ئىككى كىلومېتىر يىراقتىنلا پەرق ئېتەلەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىزنى چىرايى ئۆزى بىلەن ئوخشاش دەپ تۇرۇۋېلىۋاتسا، تارىخ ھەققىدە نىملەرنى دېمەيدۇ؟ ھازىر ئامال قىلىپ بىزنىڭ زېمىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئاھالىسىنى ئۇيغۇر ئەمەس ئىدى دېيىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ، بۇ نېمىدىن بىشارەت بېرىدۇ؟ بۇ يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن خىتايلارنىڭ نومۇس قىلماستىن بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئاھالىسى خىتاي ئىدى دېيىشىنىڭ تەييارلىقى (بۇ ھەقتە يەنە ئايرىم سۆزلۈشۈمىز). خىتايلار ئامال بار بۇ رايوننىڭ ئەسلى ئاھالىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ رايوندا ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلق ياشىغان دەۋاتىدۇ، ناھايىتى ئېنىقكى، ياۋروپالىقلار بۇ زېمىن بىزنىڭ ئىدى دەپ خىتايدىن زېمىن داۋاسى قىلمايدۇ، شۇڭا بۇنى خاتىرجەم ئېيتىدۇ. ئاشۇ قەدىمكى قەۋرىلەردىن چىققان جەسەتلەرنىڭ كېيىنىش تۈرىشىدىن تارتىپ، چىراي تۇرقىغىچە ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوپ

ئوخشاش تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۈچۈن ئاۋال بىزنى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە قىلىۋالىدۇ. يەنە بىر مەزگىللەردىن كېيىن بۇ خىتايلار قاراپ تۇرۇڭ، شەرقىي تۈركىستاننى، ئەسلى دېگىنىز ئىدى، بىز ئىچكىرىدىن توپا توشۇپ كېلىپ تىندۇرۇپ يەر قىلغان ئىدۇق دېيىشتىن يانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئامال يوق دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ بىز ئاشۇ دېگىنىزدىكى بېلىقلاردىن ئۆزگەرگەن دېيىشكە مەجبۇر بولىمىز. ئەسلىدە خىتايدىن پۈتۈن دۇنيا چۆچۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چاتىقى يوق. دۇنيادا ئىنساننىڭ ئۇ قەدەر يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭمۇ بىر ئاساسى بولسا كېرەك دەپ، دەسلەپدە ئۇلارنىڭ توقۇلما تارىخىدىكى بەزى نەرسىلەرنى نەقىل ئېلىشقا باشلايدۇ، ئاخىرىدا خىتاينىڭ قاراشلىرى ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. ھازىرمۇ خېلىلا ئومۇملىشىپ قالدى. ياۋروپالىق تەتقىقاتچىلار ئۇلارنىڭ ياساپ چىققان پاكىتلىرىغا ئاز تولا ئىشىنىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك، سورىدى سابىت ئەپەندى ماڭا چوڭقۇر بىر خىل سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— سابىتكا، بۇ ئاپەتكە ئامال يوق.

— بىز ئۇيغۇرلار پەقەت بىرلا نەرسىنى كۈتۈشىمىز كېرەك. خىتايلار تارىخ كىتابلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن زېمىننى چاررۇسىيە خىتايدىن تارتىۋالغان دەپ دەۋا قىلىدۇ، ناھايىتى ئېنىقكى ئۇلار چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنىڭ ئايىقى تەككەنلا جاينى خىتاينىڭ زېمىنى دەپ قايتۇرىۋېلىشنى چۈشەۋاتىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار ئىنتايىن كۆپ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇلار بۇ زېمىنلارنى ھازىر ئالالمىسا، ئەۋلادلىرىنىڭ ئېگىغا سىڭدۇرۇۋاتقان ئاشۇ جايلارنى بېسىۋېلىش ھەققىدىكى ۋەسىيەتنامىدۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ناھايىتى دەرتمەن قىساسكارلاردەك تەربىيىلىنىدۇ- دە، بۇ جايلارنى بېسىۋېلىشنى داۋاملىق سىياسىي پروگراممىا قىلىۋالىدۇ. دېمەك ئاخىرىدا بۇ رايونلارنى بېسىۋالماي بولدى قىلمايدۇ. كېيىنچە يەنە بىر تۈركۈم تارىخچىلار چىقىپ ياۋروپا ۋە ئافرىقىلارنىڭمۇ خىتاينىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماي قالمايدۇ. يېقىندىن بېرى دىققەت قىلىۋاتامسىزكىن، ئامېرىكىنى ئەڭ دەسلەپ خىتايلار تاپقان دېگەندەك ماقالىلار ئەۋج ئېلىپ قالدى. مەن خىتاينىڭ پۈتۈن دۇنيانى بېسىۋالغان كۈنىنىڭ تېزراق كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بىزنىڭ دەردىمىزنى چۈشەنمىگەندىكىن، خىتاينىڭ بۇ قەدەر دەھشەتلىك ئاپەت ئىكەنلىكىنى سەزمەي ئۇلارنى قوللىغاندىكىن، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدا قالسۇن، شۇ

چاغدىلا بۇ ئۇيغۇر دېگەن مىللەت خىتاينىڭ دەردىنى ئۆزىلا تارتماي ھېچ بولمىغاندا باشقىلارمۇ تارتىشىپ بەرگەندىكىن ئازابى ئازراق يەڭگىللەر ياكى ھېچ بولمىغاندا دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن خىتاينىڭ دەردىنى تەڭ تارتىشتا بولسىمۇ ئۆزىنى بارابەر ھېس قىلىپ ئاز تولا خاتىرجەم بولار.

....

بەزىدە سابىت يەنە 15-20 يىللاردىن كېيىن بېشىمىزغا نېمىلەر كېلىشى ھەققىدە بەكمۇ قورقۇنۇچلۇق تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇنىڭ 90 - 2000 يىللار ئەتراپىغا بارغاندا بېشىمىزغا نېمىلەر كېلىشى ھەققىدىكى قىياسلىرىدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، 2000-يىللارغا بارغاندا خىتايلار ئۇيغۇر تىلىنى ئىستىمالدىن قالدۇرۇش پىلانىنى باشلايدىكەن! بۇنى بىردىنلا ۋۇجۇتقا چىقارمىسىمۇ، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا قىلىشى مۇمكىنكەن! چۈنكى، بىر تاجاۋۇزچى مىللەتنىڭ ئاخىرقى نىشانى چوقۇم يەرلىكلەرنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش بولۇدۇكەن! ئۇ مىللەتچى بولۇپمۇ، بىرئاز ئاشۇرۇۋېتەمدۇ - نېمە دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ پەرەزلىرىگە ئىشىنىپ بولمايتى. ئۇ مېنىڭ شۇبھەدە ئىكەنلىكىمنى دەرھال بايقاپ:

— ھەممە بەختسىزلىكمۇ دەل مۇشۇنىڭدا. سىز خىتاي ھۆكۈمىتىنى نېمە دەپ ئويلايسىز؟ خىتاينىڭمۇ، بىزنىڭمۇ ئورتاق ھۆكۈمىتىمىز دەپ ئويلايسىز، شۇنداقمۇ؟... سىز بىر ئۇقۇمۇشلۇق سۈپىتىدە شۇنداق ئويلايسىز، بۇنىسى تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق! مەلۇم خىتاينىڭ سەۋەبىدىن بىرەر بەختسىزلىككە قالسىڭىز كۆڭلىڭىزگە كېچىدىغان بىرىنچى ئوي نېمە؟ «تاجاۋۇزچى بولغاچقا، مەندەك بىر مۇستەملىكە مىللەتكە مۇشۇنى قىلماي قالمايتى، بەختسىزلىك دەل بىزنىڭ ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ بولمىغىنى» دېگەن ئويمۇ؟ ياكى «مەن بۇنى ‹تەشكىل›گە دەيمەن، ھۆكۈمەت بۇنى بىر تەرەپ قىپ قويۇدۇ» دېگەن ئويمۇ؟ — دېدى سابىت ئەپەندى ۋە بىردەم جاۋابىمنى كۈتۈۋاتقاندەك ساقلاپ، ئاندىن، — چوقۇم كېيىنكىسى سىزنىڭ ئويلايدىغىنىڭىز چوقۇم كېيىنكىسى، خاتا دېمىگەندىمەن؟

يۈزلۈرۈم قىزىرىپ كەتتى، ئەمما يالغاندىن بىلەرمەن بولۇۋالغاندىن كۆرە سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشنى لايىق كۆرۈپ باش لىڭشىتتىم.

— بىر ئەدىپتە مۇشۇنداق تۈپ پىرىنسىپال مەسىلىگە قارىتا تونۇش خاتا بولدى، دېمەك، ئۇنىڭ بارلىق ئىجادىي ئەسەرلىرىدە بۇ خالار - خالىماس ئەكس

ئېتىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىپادە بولسا مۇناپىقلىقلىقنىڭ ھۆججىتى. يازغانلىرىڭىزدىن تېنىۋالالامسىز؟ ياق. دېگەنلىرىڭىزدىن تېنىۋالغىلى بولسىمۇ، يازغانلىرىڭىز پولاتتەك پاكىتقا ئايلىنىدۇ، دېگەن گەپ. بۇ بىر ئەدىپ ئۈچۈن دېيىلىدىغانلار. ئەمدى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۈچۈن بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ خىتايىنى ئاغزاكى تىللاپ قويساقمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا دۈشمەن ھېساپلىمايدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنى بىر تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت، بىر باسقۇنچى ھۆكۈمەت، دۈشمەن ھۆكۈمەت دەپ تونۇيدۇغان ئاڭ ئومۇملاشمىدى، دېمەك، بىزنىڭ روھى جەھەتتىن ئۆز ئەركىنلىكىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇمۇغانلىقىمىز دېمەكتۇر، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىككە ئېھتىياجى بولغان قۇل ئىكەنلىكىمىزنى تونۇپ يەتمىگەنلىكىمىزدۇر. ئىنسان ئۆزى دۈشمەن دەپ تونۇممىغان نەرسىگە، دۈشمەن دەپ تونۇمىغان كىشىگە قارشى تۇرامدۇ؟ نىسپىي قارشىلىق بولۇشى مۇمكىن دېسىڭىزمۇ، ئۈزۈلكېسىل قارشى تۇرۇشى، جان تىكىپ قارشى تۇرۇشى، يا مەن، يا سەن! شەكلىدە قارشى تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس!

بۇلارنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنغان بىر ھەقىقەتنىڭ ئۇيۇقى كۆز ئالدىمدا سۇزۇلۇپ كېڭىيىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى مۇشتەكنى ئىختىيارسىز يوسۇندا سىلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن كۈچۈنۈۋاتقان چېكىلىرىگە قاراپ قالاتتىم. ھەقىقەتەنمۇ بىزدە بۇنداق روشەن بىر دۈشمەن قارىشى شەكىللەنمىگەن ئىدى. ھەر ناھەقچىلىككە يولۇققان چېغىمىزدا بىر ئىككى ئېغىز غۇدراپ خىتايىنى تىللاپ قويۇدۇغان بولساقمۇ، «بۇلاردىن مەڭگۈ مەڭگۈ، ئەسلا شەپقەت كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەخسىدى مىللىتىمىزنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش» دېگەن تونۇش يوق دېيىشكە بولاتتى. بۇنداق مۇجىمەل دۈشمەن قارىشى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ ئەمەس، قارشى تۇرغانلارنىمۇ گويا خاتا ئىش قىلغاندەك تونۇيدىغان ئازغۇن بىر تۇمان ئىچىدە تۇرۇدۇغان گەپ ئىدى. ھەتتا قارشى تۇرغانلار ئۆزلىرىمۇ ئۆز قىلغانلىرىنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشەنچىسى تولۇق بولمىغاچقا ئاسانلا ئىرادىسى بوشاپ، «ھەقىقەتكە قايتىش» يۈز بېرەتتى.

— خىتايلارنىڭ بىزنى يوقۇتۇۋېتىش پىلانى يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى خىيالىغا

كېلىپ قالغان ئىش ئەمەس؛ كوممۇنىستلار بۇ تۇپراققا ئاياق باسماستىنلا سوۋېت تەرەپ تەمىنلىگەن بەزى تەجرىبە ماتېرىياللىرى — مىللىي مەسىلىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش، مىللىي سىياسەتتىكى موھىم نۇقتىلار ھەققىدە تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەنگەن. شۇڭا ئۇلاردا بىر پىلاننىڭ ھۆلى ئالللىقاچاندىن بېرى باردى. 50- يىللاردا بولسا مەزمۇنلىرى كونكرېتلاشتى. قەدەم باسقۇچلىرى بەلگىلەندى. ئاۋال بىز ئانچە دىققەت قىلمايدىغان، كۆندىلىك ھاياتتا دەرھال بىلىنمەيدىغان، ئەكس ئەتمەيدىغان ياكى ئادەتتىكى پۇخرالار سېزەلمەيدىغان ساھەلەردىن ئىشقا تېگىلگەن بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: تىل. تىلىمىزنىڭ تۈركىي ئائىلىدە بولۇش ئالاھىدىلىكى تەدرىجىي يوقۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر پىلان ئاستىرتتىن يولغا قويۇلغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ياكى ئاھاڭداشلىقى جەھەتلەردە ھېچ زۆرۈرىيەتسىز ياكى قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئاجىزلىشىش ھادىسىلىرى پەيدا بولغان. بۇنى شۇئانغا قەدەر سەزگەنلەر يوق ھېساپتا. مەسىلەن: «سۇزۇلۇش»نى «سۇزىلىش» شەكلىدە يېزىش ئادەتكە ئايلاندى. باشقا تۈركىي تىللاردا بۇ ئاۋالقى شەكلىدە، يەنى بارلىق سوزۇق تاۋۇشلار ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ئۇيغۇن شەكىلدە يېزىلىدۇ. بۇ بەردىكى ئاجىزلىشىش ھادىسىسى بىر زۆرۈرىيەتمۇ؟ يەنە: ئۇلىنىش (ئۇلۇنۇش)، چۈشىنىش (چۈشۈنۈش)،... بۇلاردا كېيىنكى بوغۇملاردا ئاھاڭداشلىقنى بۇزۇپ «ى»گە ئاجىزلىشىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟

— سىز شۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ يوق؟ — دېدى ئۇ ماڭا سوئال بېرىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە دىققىتىمنى تارتىش ئۈچۈن چاقىرىق قىلىۋاتقان ئاھاڭدا، — بىزنىڭ دۈشمەن ئۇقۇمىمىز بۇزۇلۇپ كەتتى. تېخىمۇ ئېنىقى كوممۇنىست ئىستىلاسىدىن كېيىن چوڭ بولغانلارنىڭ شۇنداق بولدى. بىز، تېخىمۇ توغرىسى سىز، نەپرەتلىنىشكە تېگىشلىك نەرسىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىنىدىغان بىر مۇھىتتا يېتىشتىڭىز ياكى ئۆزلىرىمىز ئاشۇنداق بىر ئاتموسفېرا ياراتتۇق، ئاندىن ئاشۇ ئاتموسفېرا تەرىپىدىن كونترول قىلىندۇق. ئۆزىمىز ياراتقان (پەيدا قىلغان) كېلىماتنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قېلىپ، ئەنە شۇ كونتروللۇق ئىچىدە ئۆزىمىزنى چەكلەيدىغان، ئۆزىمىزنى زورلايدىغان، بارا - بارا تامامەن تەتۈر نەرسىلەرگە كۆنۈككەن بىر شەكىلگە كەلدۇق. مەسىلەن: مەلۇم بىر ئەدىپنى مىسالغا ئالايلى، ئۇ باشتىن ئاخىر مىللىي مەنپەئەتكە خىلاپ، تاجاۋۇزچىلارغا

ياخشچاق مەيداندا مەدھىيىلەر يازغان بولسۇن، ئۇنىڭ يازغانلىرى ھەتتا مىللىي ئاھانەت دەرىجىسىگە يەتكەن بولسۇن، بۇنىڭ خاسىيىتىدە ئۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ، يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە نائىل بولغان بولسۇن؛ راستىنى ئېيتسىڭىز بۇ ئادەمدىن نەپرەتلىنەلەمسىز؟ ئۇنىڭ ئوتتۇرىدا مەلۇم بولغان بارلىق مەھسۇلاتى مۇناپىقلىقنىڭ كەم - كوتىسىز دەلىلى بولسىمۇ، نەپرەتلىنىشكە تېگىشلىك دۈشمەن دېيىشكە تامامەن يېتىشىدىغان سەۋەپلىرىمىز تۇرسىمۇ ئۇنى دۈشمەن دېيەلمەيمىز. ئاشكارىغۇ دېيەلمەيمىز، يوشۇرۇنىمۇ بۇنداق بىر كۆڭۈل مايىللىقىمىزنىڭ بولمايۋاتقىنىنى ئەلەم ئىچىدە ھىس قىلىمىز. ئەگەر بۇنى بىرەرسى ئاغزىدىن چىقىرىپ قالسا، ھەممەيلەن قارشى چىقىمىز. بۇ «دۈشمەن»نى قوبۇل قىلماسلىقتا نۇرغۇن ئامىللار سەۋەپچى بولۇدۇ. موھىمى ئۇ شەخسنىڭ خۇشپېئىللىكى، ھىچكىمنى رەنجىتىپ قويمىغانلىقى، مېھماندوستلۇقى ۋە بىزنىڭمۇ بۇ مېھماندوستلۇقتىن نەسىۋىدار بولغانلىقىمىز يۈزىمىزنى قىزارتىپ تۇرۇدۇ؛ «يۇرتداشلىق» ئامىلى، بۇ مۇناسىۋەت جەھەتتىن «شەرەپكە ھەغدالىق» تۇيغۇسى بۇنىڭغا رازى بولۇشنى گويا بەك چوڭ زىيانغا كېتىۋاتقاندەك ھىس قىلدۇرۇپ، ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغان مەيداندا بولۇشىمىزغا سەۋەپ بولۇدۇ. بۇ ئاساسلىق سەۋەپ بولسىمۇ، بۇنى تىلغا ئېلىش ئەپسىز بولغاچقا بۇنى دېمەستىن، ئۇ ئەدىپنىڭ «ياشىغان دەۋرىنى نەزەردە تۇتقاندا» دەپ گەپ يومزاپ، ئۇنى «تارىخىي چەكلىمىلىك»نى سەۋەپ قىلىپ، كەچۈرۈشكە بولۇدۇغان تىپقا ئايرىشقا ئۇرۇنۇدۇ. ئاندىن شېئىرىي ئىستىداتى، بەدىئىي مۇۋەپپىقىيەتلىرىدىنمۇ سۆز ئېتىپ، ئۇنى قوغداشقا تىرىشىمىز. ھىچ بولمىغاندىمۇ شۇنداق دەپ تۇرۇۋالىمىز: «بۇ يوسۇن ھەممىنى يوققا چىقىرىۋەتسەك كىم قالىدۇ؟» بۇ قانداق مەنتىقە؟ بۇنى چۈشۈنەلمەيمەن. ئادەم قالمايدۇ دەپ قىپ - قىزىل بىر دۈشمەننى سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز تىزىملىكىگە كىرگۈزۈۋالساق، بۇ بىر قاراشتا قوساق كەڭلىكى، «مەرتلىك»تەك، ھىچ ئىش بولمايدىغاندەك قىلسىمۇ، بۇنىڭ بىزنىڭ مىللىي ۋىجدانىمىزغا بېرىدىغان پىسخىك ئاپىتىنى ئويلاپ كۆردۈقمۇ يوق؟ سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، ھىسسىي تەجرىبە قىلىپ بېقىڭ. ئاندىن ماڭا جاۋاپ بېرەرسىز.

مېنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىم شۇلار بولدى: «دۈشمەن»نى ئايرىش مىزانىمىز ئاللىقاچان بۇزۇق (دەز) بولغاچقا، ئومۇمىي مىللىي پىسخىكىمىزدا «دۈشمەن»

قارشىمىز ئىنىقسىز قىلىشقا سەۋەپ بولىدۇ؛ بۇ ئىنىقسىزلىق تۈپەيلى كىمگە قارشى تۇرۇشنى بىلمەيمىز، چۈنكى شۇنچىۋالا مەينەتتى بولغان بىرىمۇ دۈشمەن بولمىغان ئىكەن، ئىختىيارسىز گاڭگىراپ قالىمىز. ھەتتا خىتاينىڭ «دۈشمەن» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئېنىق ئۇقۇمىمۇ پەقەت «ئاق» قاتلىمىمىزدا قېتىپ قېلىپ، «يوشۇرۇن ئاق»دا ئىنىقسىزلىق ھاكىم بولىدۇ. «ھەممىنى يوققا چىقارساق ئادەم قالمايدىكەن» دېگەندەك بۇنداق پىرىنسىپسىز مىللىي مەيدان بەكمۇ كۆلكىلىك، بىچارىلىك، ھەتتا سارائىلىق. مەلۇم بىر ساھەدە «ئادەم بولماي قېلىش»تىن ئەنسىرەپلا لاياقەتسىز بىر ئادەمنى «شۇ ساھەنىڭ ۋەكىلى دەپ تۇرساق» بۇنىڭ بۇنداق زىيانلىرى بولۇشى مۇمكىن: شۇ ساھەگە يېڭى قەدەم قويغانلارغا يۈمران ۋاقتىدىلا ناچار ئۈلگە سۇنۇلغان بولىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن ئۆلچەم تۆۋەنلىگەچكە،كېيىنكىلەرنىڭ ساغلاملىقى، تاكامۇللىقى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىرى، مىللىي تەقدىرگە كۆڭۈل بۆلگۈچى، ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ قوزغۇلۇش ئېھتىماللىقى بولغان «بىر بوش قالغان ساھەنى تولدۇرۇش» تىرىشچانلىقى ئورنىغا، ئۇنىڭدا قانائەت، ئاQ چە خاتىرجەملىك تۇغدۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ساھەنىڭ بەلگىسىز بىر ۋاقىتقىچە بوش قېلىشىنى تەمىن ئەتكەن بولىمىز. ئەمدى مىللىي ۋىجداننىڭ نېمە بولۇشىغا كەلسەك، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلماقمۇ تەس! تامامەن ۋىجدانسىزلىققا يېشىل چىراق يېقىپ بەرگەن، كېيىنكىلەرگە «بۇنچىلىك ئىشلار ۋىجدانسىزلىق، شەرمەندىلىك ھېساپلانمايدۇ، جۇمۇ» دېگەن بىشارەتنى بەرگەن بولىمىز ۋە بۇنىڭ بىلەن مىللىي تەقدىرىمىز خۇسۇسىدا ۋىجدانسىزلىق ئومۇملىشىدۇ!

سابىت ئەپەندىنىڭ گەپلىرىنى بىكار گەپ دېيەلمەيتىم. مېنىڭمۇ ھۆرمەتتىن ئۆتۈپ چوقۇنۇشقا بېرىپ يېتىدىغان ئۇلۇغ ئۈلگىلىرىم باردى. ئۇلارنىڭ ئورنى قەلبىمنىڭ تۆرىدە، بېشىمنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدىمۇ «پارتىيىنىڭ شەپقىتى»، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ بىزنى «ئازات قىلغانلىقى»، سوتسىيالىزىمنىڭ گۈزەللىكى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەندەك مەزمۇنلارنىڭ بىرەرسى دائىمىي ئىدى. تاكى بۈگۈنگىچە بۇ ماڭىمۇ بەك نورمال، ئادەتتىكىدەك تۇيۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇئاندا بولسا بۇ قەدەر شەرمەندىلىكنىڭ قانداقلارچە نورمال تۇيۇلۇپ كەلگىنىنى ئويلاپ چۈشۈنەلمەيلا قالدىم. بۇلا ئەمەس يۈزۈممۇ قىزاردى! بۇ

قەدەر مۇناپىقــانە تېمىلارمــۇ بىزنــىڭ بىرســنى «مۇنــاپىق» دەپ باھالىشــىمىزغا يەتمىســە، مۇنــاپىقلىق بىــز ئۇچــۇن ھــەقىقەتەنمــۇ ئــادەتتىكى ئىشــقا، كۈنــدىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇچ ۋاق تاماقتەك بىر ھالغا كەلگەن بولۇشى راست ئىدى. بــۇ ئەلــۋەتتە مىللىي ۋىجداننىڭ ئۆلگەنلىكى بولماي نېمە؟

سابىت ئەپەندى بۇ يەرگە شۇلارنى قوشۇمچە قىلغىنى يادىمدا:

ـــ خىتايلارغــا يــالاقچىلىقنى ئوبــدان قىلىــش نەتىجىســىدە تەقــدىرلەنگەن نەمۇنىچىلار، كۆكسىگە گۈل تاقىلىپ، شەرەپلىك ئۆلگە قىلىــپ تىكلەنگەنلەرنىــڭ مىللىي تويىمىز ئىچىدە ھېچقانداق خىجالەت چەكمەسلىكى، مەسخىرىگە، پەس كۆرۈشــكە ئۇچرىماســلىقى، بەلكــى خــۇش قارشــى ئېلىنىشــى، ھەۋەســكە نائىــل كىمسەلەردەك كۆرۈنۈشــى مىللىــي ۋىجــدانىمىزنىڭ بۇلغانلىقىلا ئەمەس، «مىللىــي ۋىجدان» دېگۈدەك بىر نەرسىمىزنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈدۇ.

ئەممــا مەن ئاشــۇلاردىن چەك ـ چېگــرا ئاجرىتىــپ، مىللىــي كىملىكنىــڭ زۆرۈرىيىتى بەلگىلىگەن پىرىنسىپلار بويىچە مۇئامىلە قىلالامىدىم؟ بۇنىــڭ جاۋابى ھەقىقەتەنمۇ قىيىن! نــېمە ئۇچــۇن؟ ۋىجدانســىزلىقنىڭ خىلىــى كــۆپ تــۈرلىرى بىــز ئۇچۇن ئادەتتىكى نورمال بىر ئىشقا، ھەتتا مەلۇم پەزىلەتكە ئايلىنىشــتەك ئومــۇمىي مەنىۋىي كېلىمات بارلىققا كېلىپ بولغان! ئەمــدى بــۇ «ئاساســي ئېقىم»غــا قارشــى چىقىش ھەقىقەتەنمۇ ئوينۇشۇدۇغان ئىش ئەمەس ئىدى! يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئاشۇلارمۇ قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ «ئىجادىيەت»لىرنــى بۇنچىلىــك جىــددىيگە ئالمــايلا مۇئامىلە قىلغــان، مۇنــاپىقلىق دەرىجىســىدە چۈشــۈنۈش ئەمەس، نورمــال خاتــا دەپ چۈشۈنۈشمۇ خىيالىغا كەلمەستىن قىلىشقان. بۇ تەرىپىگە ئىشــىنىمەن. ئەممــا، بىــر ئادەم ئاقكۆڭۈللۈكى تۈپەيلى دۈشمەنگە بىر مەخپىيەتنى بېرىۋەتكەن بولسا، بۇنىــڭ ئاقىۋىتىدە مىللەتــكە بېھىســاپ زىيــان كەلــگەن بولســا، بىــز ئــۇ ئــادەمنى «نىيىتــىدە سېتىش يوقــدى، ئاقكۆڭۈللۈكــدىن قىلــدى» دەپ ئەپــۇ قىلامــدۇق؟ يــاكى يەنــلا مۇناپىق دەپ دارغا ئاسامدۇق؟

ئۇ يەنە مىللىي مەسىلە ھەققىدە شۇنداق قورقۇنۇچلۇق گەپلەرنىمۇ قىلدى:

ـــ يەنە ئوتتۇز يىللار ئۆتسە خىتايلار بىزگە خىتايچە ئىسىم قويۇشنى تاڭىدۇ!

ـــ قويۇڭە، ئەمدى! ـــ دېدىم بىر ئــاز ئــۆزەمنى باسالماســتىن خــاپىلىق بىــلەن ۋارقىراپ، ـــ سەل ئېشىپ كەتتى بۇ!

— ئېشىپمۇ كەتمىدى، پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى! بىر ئاز بالدۇر ياكى بىر ئاز كېيىن. بۇنىڭغا تارىختىن ئۆرنەك دېسىڭىز، ئىلگىرى «شۆتاڭ»دا ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا بىرىنچى كۈندىنلا بىر خىتايچە ئىسىم قويۇلاتتى. سىنىپتا بۇ ئىسىم ئىشلىتىلەتتى. بۇندىن باشقا، ئەسكەرگە تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارغىمۇ خىتايچە ئىسىم قويۇلاتتى. خىتايلار بۇنداق سىناقلارنى ئاللىقاچان قىلىپ باققان. ئەمدى بۈگۈن سىز ئىچكىي موڭغۇلنى كۈزۈتۈڭ، ئۇلارنىڭ بۈگۈنى بىزنىڭ ئەتىمىز دېمەكتۇر. ئۇلاردا 1947-يىلى ئاپتونوم رايون دېگەن بۇ ئاتالمىش مۇختارىيات قۇرۇلغاندىن باشلاپ، ئۇ يەر مىللىي سىياسەتنىڭ سىناق مەيدانى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. خىتايچە ئىسىم مەسىلىسى ئىچكىي موڭغۇلدا قەپەزدىن چىقتى.

ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىدى. ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. مانا شۇنداق، سابىت ئەپەندى بەزى مۇلاھىزىلەرنى ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق ئېچىتىشۋېتىدىغاندەك قىلاتتى - يۇ، ئەمما كۆرسەتكەن دەلىللىرى ئالدىدا قارشى بىر نېمە دېيىشكىمۇ ئامالسىز قالاتتىڭىز.

سابىت ئەپەندى نىمىنىدۇر ئېسىگە كەلتۈرگەندەك دەرھال سۆز تونىنى ئۆزگەرتىپ، ئالدىراپ سورىدى:

— سېيپىدىننىڭ ئۆيىدە (ئەللىكىنچى يىللاردىكى تۈنجى مىھماندارچىلىقىمىزدا) ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت يېڭى بېسىلغان ۋە نازارەت، بۆلۈم دەرىجىلىكلەر كۆرۈشكە بولىدۇغان ئىچكىي ماتېرىيال سۈپىتىدە مەخپىي تارقىتىلغان بىر كىتاپنى كۆرۈپ قالدىم دېگەنلىكىم يادىڭىزدىدۇر؟

— توغرا، شۇنداق دېگەن ۋە بۇ ھەقتە ئايرىم سۆزلۈشۈمىز دېگەنتىڭىز.

— ئەللىكىنچى يىللارنىڭ بېشىدىلا خىتايلارنىڭ سىياسىتىنىڭ ئاساسىي يۆنۈلۈشى بەلگىلىنىپ، موھىم نۇقتىلار بېكىتىلىپ بولۇنغان. بۇلار تەخمىنىمچە تارىخ ۋە تىل ھەققىدە شۇنداق بېكىتىلگەن: شەرقىي تۈركىستاندا ئەزەلدىن خىتايلارنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ چەتتىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر ئىكەنلىكىنى بېكىتىش. بۇنى ئالدى بىلەن ئىچكىي قىسىمدا قورچاق ئەمەلدارلارغا قوبۇل قىلدۇرۇشتىن باشلاپ، تەدرىجىي ئاجىز ھالقىلارغا قورقۇنچ سېلىش يولى بىلەن قوبۇل قىلدۇرۇش،... ئاخىرىدا پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمىيىتىنى كۆندۈرۈش. بۇ پەقەت ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن تېخى قەپەزدىن چىقىشقا مۇۋاپىق

كېلىمات يارىتىلمىغان بىر پىلان. مەن بۇنى ئوينۇشۇپ دېمەيۋاتىمەن. ئاشۇ مەن گېپىنى قىلغان كىتاپتا كۆرگەنلىرىمگە ئاساسلىنىپ دەۋاتىمەن. كۆزۈم چۈشكەن قۇرلاردا بىزنىڭ كۆچمەن، خىتايلارنىڭ يەرلىك ئاھالە ئىكلەنلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بارىدى. ئەمدى بىزنى «جوڭخۇا ئائىلىسى»دىكى بىر مىللەت (تۈرك ئائىلىسىدىكى ئەمەس) قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر پىرىنسىپ: بىزنى تەدرىجىي ھالدا «تۈركىي مىللەتلەر» قاتارىدىن چىقىرىش. چۈنكى بىزنىڭ بۇ تەۋەلىكىمىز ئۆچۈرۈلمەي تۇرۇپ، «جوڭخۇا» كىملىكىنى راستقا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ يولى تىلىمىزنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، بۇ ئارقىلىق تىلىمىزدىكى ئومۇمىي تۈركىي مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان قائىدە - قانۇنلاردىن چەتلىتىش![1] ھە، شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قوياي، كېيىن مەنمۇ ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن بۇ كىتاپنى تەڭ دەرىجىلىكلەرنىڭ ئىچكىي يىغىنلىرىدا ئۆگۈنۈش قىلدۇردى. پۈتۈن مەزمۇنلىرىنى يادلىۋالغۇدەك دەرىجىدە؛ «ھۆ» قىلدۇرۇۋەتتى دېسەممۇ بولىدۇ.

راستىنى دېسەم، بۇنىسى مېنى مەسىلەردەك بىر روھىي ھالەتكە غەرق قىلىۋەتتى. روھىم شۇنداق بىر زەربىگە ئۇچرىدىكى، خېلى ئۇزاق كۈنلەرگىچىمۇ ھوشۇمنى يىغالماي قالدىم.

— مانا شۇ كىتاپتا ئەنە شۇنداق ساختا تارىخ سىناق تەرىقىسىدە ئىچىمىزدىكى خىتايلار بىلەن ھەمكارلاشقۇچىلارغا تارىخ بىلىمى، ماركسىزملىق توغرا تارىخ قارىشى سۈپىتىدە سۇنۇلغان ئىدى.

— ساختا تارىخمۇ دېدۇق، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، ئەمما شۇ تىلغا ئېلىنغان كىتاپتا بۇ يۇرتنى خىتايلارنىڭ، ئۇيغۇرلار كۆچمەن بولۇپ كېلىپ، خىتايلار يۇرتىدا پاناھ تاپقانلىقىنى دېيىشى نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالغاندۇ؟

— خىتايلار بۇنىڭدىن ئىككى خىل پىسخىك ئۇنۇمگە ئېرىشىدۇ: بىرى، مىللىي ھىسلىرى بولمىغان، ھايۋاندەك، ۋىجدانسىز خىتايلارنى بۇنىڭغا ئىشەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا خۇددى يەرنىڭ ئىگىسىدەك،

[1] خىتاي مەركىزىنىڭ 1996-يىلى 7-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ 8- ماددىسىدا ئۇيغۇرلارنى تۈرك دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىش ئېنىق تىلغا ئېلىنغان، — ئا.

خوجايىنلىق ھېسسى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىشنى؛ يەنى، مىللىي غورۇر ھاسىل قىلىش نىشانىغا يېتىدۇ. بىزنىڭكىلەرنى ئىشەندۇرۇش ئارقىلىق، بىزنىڭكىلەرنىڭ روھىدا بىر خىل قەرزدارلىق ھېسسى يارىتىش؛ مەڭگۈ باش كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلدۇرمايدىغان بۇنداق قەرزدارلىق تۇيغۇسى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. ئەللىكىنچى يىللار ئۈچۈن بۇنىڭ ئىچكىي ماتېرىيال سۈپىتىدە پەقەت چوڭ غالچىلارغىلا بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنى ئالدىن مۇشۇ روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، ساداقەتمەن غالچىلارغا ئايلاندۇرۇش؛ ئىچىدىن، خىتايلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ بىر خىل تۇزكورلۇق بولۇدۇغانلىقى تۇيغۇسىغا تويۇندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. گەرچە بۈگۈنگىچە بىزنىڭ خەلق خوجايىنلارنى «نەدىن كەلدىڭ؟ سەن كىم» دېمەستىن بويسۇندى. تاكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بېرى تاشقىرىدىن كەلگەنلەرگە بويسۇنۇش پىسخىكىمىز شەكىللەندى. ئەمما ئەمدى ئۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. بۇنى خىتايلارمۇ ئوبدان بىلىدۇ. خىتايلارنىڭ بۇ تەييارلىقى ئالدىن ئالا بىر تارىخنى ھازىرلاپ، كۆندۈرۈش قەدەم باسقۇچىنى باشلاش، بىزنىڭ يېڭى ئەۋلادىمىزنىڭ سورىشى ئېھتىمال بولغان «سەن نەدىن كەلگەن خوجايىن سەن؟» گە، «مەن كەلمىدىم، سەن كەلدىڭ»نى تەييار قىلىپ قويۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان.

بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ ئۆز- ئۆزىگە دەۋاتقاندەك بىر خىل كەيپىياتتا قوشۇپ قويدى:

— بەزى خەلقارالىق ئاممۇىي تەشكىلاتلارنىڭ ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا 1949 - يىلىدىكى خىتاي نوپۇسى 2% دەپ ئېتىراپ قىلىندى. بىزنىڭ بىلىشىمىزدە بۇ ئىككى پىرسەنت خىتاي نوپۇسى يەرلەشكەن پۇخرا خىتايلار بولماستىن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، مەمۇرىي خادىملار، تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەمدى ھەر كۆڭۈلگە شۇ سوئال كەلمەي قالمايدۇ، — دېدى ئۇ بىر خىل مەسخىرىلىك تاۋۇشتا كۈلكىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان "ھېھھى!" دېيىش بىلەن، — ئەگەر بۇ زېمىن 2000 يىلدىن بېرى سېنىڭ بولسا، ئەجەبا تاكى شۇ كۈنلەرگىچە نېمىشقا سېنىڭ يەرلىك ئاھالەڭ بولمىدى؟ ياكى بىزگە ئىجارىگە بېرىۋېتىپ، ئۆزەڭ كېتىپ تۇرغانمۇ؟

....

سۆھبىتىمىزنىڭ ئەمدى ئىلمىي مۇلاھىزىلەر باسقۇچىغا كىرىشى مېنى تازىمۇ

خوش قىلدى. شۇغۇنىسى، ئەمدى جۈمە ۋە شەنبە ئاخشاملىرىدا ئۇنىڭ ئۆيى خالى بولماس بولۇپ قالدى. نەۋرىلىرى يېقىن دوستلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ كىچىككىنە تارچۇق ئۆيىنى ئۆز چوقانلىرىغا تولدۇرۇۋېتىدىغان، مەن بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىش پۇرسەتلىرىنى نابۇت قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا بەك خوش ئىدىم. ئۇنىڭ كىچىك كولبىسىنىڭ ياشلار بىلەن تولۇپ تۇرۇشى بەلكىم ئۇنىڭ روھى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر دەپ ئويلايتىم. ياشلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالىدىغان بولسىڭىز ئۇلارنىڭ سورۇمايدىغىنى يوق ئىدى. ئۇلارمۇ سابىت ئەپەندى ھەققىدە ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قېلىشقا جان ئاتمايدىغىنى يوق ئىدى. مېنىڭ بىرلا ئەندىشەم، سابىت ئەپەندى قىلىۋاتقان موھىم ئىشلىرى بولسا، بۇ بىر توپ غەۋغاچىلار بىلەن بولۇپ، ۋاقتى زايا بولۇۋاتامدىغاندۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەمدى بۇ ۋەزىيەتكە تەن بېرىپ، ھەپتە ئاخىرلىرىنى تامامەن ياشلارغا ئۆتۈنۈۋەتتىم.

باشقا كۈنلىرىدىكى ئوڭچە قالغان چاغلاردا ئۇنىڭ ياشلاردىن ھېچ ئاغرىنمىغانلىقى، ئەكسىچە، ئۇلار ھەققىدە خۇددى سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى ھەققىدە گەپ قىلغاندەك، سۆيۈنۈپ گەپ قىلىشىغا قاراپ، ئۇنىڭ ۋاقتى زايا بولۇشتىن ئاغرىنغان تەرىپى يوقلۇقىدىن ئەمىن بولدۇم. ئەمما شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇنىڭ مۇئەللىملىك مېتودىدىكى ئۆزگۈچىلۈكتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئوخشاش تېمىنى مەن بىلەن باشقا تۈرلۈك، ياشلار بىلەن باشقا تۈرلۈك سۆزلىشەتتى. مەزمۇن، نۇقتىئىنەزەر قارىمۇ - قارشى بولمىغان ھالدا بۇنداق پەرقلىق شەكىلدە سۆزلىشىشى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئەگەر مەن بىلەن سۆزلەشكەندەك سۆزلەشسە ياشلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ھەتتا چۈشۈنۈشى بەكمۇ ناتايىن بولغان نەرسىنى ئۇلارغا يارىشا بىر ئۇسلۇپتا سۆزلۈشۈپ شۇنچە ئاسان ئۆزلەشتۈرۈشى مېنى ھەيران قالدۇرماي قالمايتى. ئۇنىڭ مەمتىلى ئەپەندىدىن ئۇدۇم ئالغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇ بولسا، يەنە بىرى ھەرقانداق بىر مەسىلىنى ناھايىتى ئاددىي ۋە قولاي چۈشەندۈرۈدىغان ھېكايە مىسال قىلىش ئۇسۇلى ئىدى. قىسقا ۋە قىزىقارلىق بىر ھېكايىنى ئوخشۇتۇش بېرىپ، كۆنلەر بويى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئابىستراكىت بىر تېمىنى شۇنداق جانلىق، شۇنداق كونكرېت ئاددىي مەسىلىگە ئايلاندۇرالايتى.

ئەمدى، ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى چوڭقۇرلاپ چۈشەنگەنسېرى، ئۇنىڭدىن

ئايرىلىپ قېلىشىنى ئويلىساملا، كۆڭلۈم يېرىم بولۇدۇغان بولۇپ كەتتى. قورققان ئىشىممۇ ئاخىرى يۈز بەردى:

بىر كۈنى ئۇنى يوقلاپ كەلسەم دايىملا قولۇپلانماي تۇرۇدۇغان ئىشىكىدە قولۇپ كۆرۈپ، يۈرۈكۈم قارتتىدە قىلىپ كەتتى. دەرھال ناۋايغا يولۇقتۇم. نان سۇنۇپ بېرىدىغان كىچىك رۇجەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ سابىت ئەپەندىنى سوراي دەپ، ئېغىز ئۆمەللەپ بولغىچىلا، ناۋاي ئۆمچەرىگەندەك ئاۋازدا:

— كەتتى، بۇ يەردە ئوقۇيدىغان نەۋرىسى تەتىلدە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ خاپىلىقىنى چۈشەندىم. ئۇنداق ئىشلەمچىنى نەدىن تاپىدۇ؟ باشقا ھەرقاندىقى بولسا يا ھورۇنلۇق قىلاتتى، يا ئوغرىلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇستىغا:

— ئۇنداق ئىشلەمچىنى نەدىن تاپاتتىڭىز، شۇڭا خاپا سىز-دە، — دېدىم بىر ئاز تەئەددى بىلەن. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر ئادەمنى دۇتپەز قىلىپ ئىشلەتكىنىگە نارازىلىق بارىدى. ئۇ مېنىڭ گېپىمدىكى مەسخىرىنى چۈشىنىپ:

— ئۆزى ئىش سوراپ كەلدى، ئىشلەتتىم، يامان قىپتىمەنمۇ؟ — دېدى خاپا بولۇپ.

— ئەمما ئۇ چاغدىغۇ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتىڭىز، بىلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ھىچنەرسە ئۆزگەرمىدىغۇ؟ — دېدىم يەنە ئۇنى جىملەشكە تىرىشىپ.

— توغرا، سەن چوڭ ئادەمكەنسەن، سېنى ئىشلەتسەم سەت تۇرغىدەك، شۇڭا سەن تۆرۈمدە ئولتۇرۇپ بەر، مەن ساڭا مائاش بېرىۋېرەي دەمتىم؟ ماقۇل، شۇنداق دېگەنمۇ بولاي، ئاشۇ ئادەم ئۇنارمىدى؟

قارىسام ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا ئىدى. ئەگەر ناۋاي شۇنداق قىلغان تەقدىردە سابىت ئەپەندى بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىپ، باشقا يەردىن ئىش تاپىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— مەنمۇ ئادەم، ئۇنىڭ ماڭا تەسىرى يۇقمىدى دەمسىز؟ قېرىغىنىمنى بىلمەيدىغان بىر شاللاق ئىدىم، ئۇ مېنى ئادەم قىلدى. ئىمانغا قايتۇرۇپ كەلدى. شۇڭا كېتىۋاتقاندا قولىغا بىر ئاز پۇل بېرەي دېسەم ئالىدىغان ئادەم ئەمەس، بىلىسىز، شۇڭا نەۋرىسىگە بەردىم؛ «بوۋاڭنىڭ ئازراق پۇلى قالغان، چوڭ ئادەمگە ئاز پۇلنى تەڭلىيەلمىدىم، شۇڭا تا يۇرتقا بارغىچە ئۇنىڭغا دېمىگىن» دەپ بىر كونۋېرت

تۇتقۇزدۇم.

ۋاھ، بۇ ناۋايمۇ ئانداق - مۇنداق ئادەم ئەمەسكەن جۇمۇ! دەپ ئويلۇدۇم ئىختىيارسىز ھالدا. مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا بۇ كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەردىن بۇنچىلىك، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغانلارنى تېپىش ئاسانمۇ؟ شۇڭا مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەككەن بولسام دەپ ئۆزۈر سورۇدۇم. ئارقىدىن ئۇ ماڭا بىر كىچىك باغاقچە ئۇزاتتى:

— ئەپەندىمدىن، بۇ سىزگە، — دېدى ئۇ.

ناۋاي بىلەن خوشلىشىپ كېتىۋېتىپلا باغاقچىنى ئاچتىم، قىسقىلا بىرنەچچە قۇر بارىدى:

«خوش دىيەلمىدىم، كەچۈرۈڭ. نەۋرىلىرىمنىڭ پۈختىلىقى. مېنى يەنە بىر باھانە بىلەن تۇرۇۋالمىسۇن دەپ بىلەتنى ئېلىپ قويۇپتىكەن، ھازىرلا ماڭ دېسە، ماڭ دەپلا ئېلىپ كەتتى. ئەمما مەن يەنە كېلىمەن. ئاۋال بېرىپ، ئۇسقۇنۇم چۈشەمدۇ، دەڭسەپ باقاي، بولغىدەك بولسا، ئاندىن رەسمىي كۆچۈپ كېتىمەن. ھازىر تېخى نەرسە -كېرەكلىرىممۇ ئاشۇ ئۆيۈمدە قالدى، يەنە كېلىشىم ئېنىق. مەن بۇ تەتىلدە ئۇستازىم مەمتىلى ئەپەندى تاپشۇرغان بىر تاپشۇرۇقنى ئورۇنداماقچىمەن: ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، تەۋپىق ئەپەندى ئىزچىلارنى ئېلىپ پىيادە يېزا- ناھىيىلەرنى ئارىلاپ يېڭى مائارىپ تەشۋىقاتى قىلغاندا ماڭا يەنە 30 يىل ئۆتكەندە بولۇدۇغان تەرەققىياتلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى دەپ، ‹شۇ چاغدا ھايات بولساڭ مۇشۇ يەرلەرنى چوقۇم يەنە بىر قېتىم ئايلان› دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى مەنزىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۇيغۇن كەلمىگەچكە، ئۇ تەرەققىياتلاردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇرساممۇ، يەنىلا بىر ئايلىنىپ كېلەي، ھېلىقى سۆزى بولۇنغان ‹ئازاتلىق› ھازىر سۆزى بولۇۋاتقان ‹چىرايلىق كەلگەن باھار› («پارلاق 3-ئومۇمىي يىغىن») ئاشۇ ئېپتىدائىي سەھرالىرىمىزغا قانچىلىك يېڭىلىق ئەكەلدىكىن، بىر كۆرەي.

ئاللاھ نېسىپ قىلسا،كەلگەندە سۆزلەپ بېرىمەن. مېنى كۈتۈڭ»

كېتىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولساممۇ، يەنىلا ماڭا ئېغىر كەلدى. خۇددى

دادامدىن ئايرىلىپ قالغان سەبى بالا ئىدىم. ئىچىمدىن ىىمىدۇر سۇغۇرۇۋېلىنغاندەك، بىر كەمتۈكلۈك ھېسسى يۈرىكىمنى تىلغاپ، ئۆيگە كىرگىم كەلمەي، بىرەر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە زىيارەت قىلغاچ كەچ قىلىپ كېلەي دەپ، جىندەك تۇرۇپ ئويلاندىم. ئىچىمدە دوستلارنى بىر - بىر رويخەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئارىسىدىن ئەڭ مۇۋاپىق نامزاتنى تاللاشقا تىرىشتىم. ئاندىن مىھرىگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى قارار قىلىپ، دەرھال يۈرۈپ كەتتىم.

بەختسىزلىكمۇ ئامەتتەك قوشلاپ بولۇدۇغان نېمىكەن! مىھرىگۈلنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقىنىمدا ئۇنىڭ تالا ئىشىكىگە چەپراز چاپلانغان پېچەتلەرنى كۆرۈپ قالدىم! ئۇنىڭ ئۆيى نېمە سەۋەپتىن پېچەتلىنەر؟ ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇر؟ ئىچىمگە بىر ۋەھىمە كىرىۋالدى. يېقىن بېرىپ پېچەتكە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى ئوقۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. قوشنىلاردىن سوراشنىڭمۇ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. كوممۇنىست جەمىيىتىدە ئاسانلا جىنايەتكە شېرىك بولۇپ، چېتىلىپ قالىدىغان ئىشلارنى كۆرۈپلا تۇرۇۋاتساق، قانداقمۇ قاپ يۈرەكلىك قىلالايمەن؟ ئەمما بۇلارنىڭ سەۋەپلىرىنى بىلىپ باقمىسامىمۇ ئارام تاپالمايتىم. ئەقلىمگە تۈزۈكرەك چارىمۇ كەلمىدى. قەدەملىرىم ئىختىيارىمدىن تاشقىرى ئالغا تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلىشىۋاتاتتى.

—— نېمىگە قاراپ كەتتىڭىز؟ —— دېدى بىرى يېنىمدىلا. چۆچۈپ كەتتىم. چىرايىمدىن ھەيرانلىق بىلىنىپ تۇرغان ھالدا بۇرۇلدۇم. ئالدىمدا مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇدۇغان بىر ئايال تۇراتتى. بويىدا باردەك قوسىقى دومبىيىپ تۇرۇدۇغان، ئېڭەكلىرى توخۇنىڭ پوخۇقىدەك ئېسىلىپ قالغان بۇ خوتۇن مېنىڭ مەڭدىگەن ھالىتىمگە گۇمان بىلەن قاراپ تۇراتتى.

—— بۇ ئۆينى ئالىدىغانغا كېلىشكەن، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ تازىمۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش- تە بۇ، —— دېدىم ئۆزەمچە ئۇستۇلۇق قىلىپ.

—— ھە، ئۆينى سېتىپلا بىر ياققا قاچماقچىكەن- دە، ئەسلىدە، بۇ پاسكىنا! ئۆزى سەتنىڭ قىلىقى سەت دېگەن شۇ - دە! —— دېدى ئايال چىرايىدىن خۇددى ئۆزىگە

بىۋاسىتە زىيان سالغان بىر دۈشمەن ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقاندەك نەپرەتنى ياغدۇرۇپ،

— زاكالەت بېرىپ قويمىغان بولغىيدىڭىز؟

— ياق، قانداق دەيسىز؟

— خۇداغا شۈكرى دەڭ، ئەمىسە. ئۇ تۇتۇلدى، مانا! — دېدى ئۇ خوپ بولدى دېگەن مەنىدە، — ئۆيى پېچەتلەندى، ئۆزى قولغا ئېلىندى، بېشىنى يەيدىغان شەققىنىڭ!

— نېمە گەپ بۇ؟ مەن چۈشەنمەي قالدىم. ئۇ بىر ئاشخانىنىڭ قاچا يۇغۇچىسى ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ يەنە باشقا بىلىنمىگەن تەرەپلىرىمۇ بارمىكەن تېخى؟!

— ۋاي شۇ، «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە»دەيدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ پاسكىنىنىمۇ ھەجەپ بى بېچارىكەن دەپ يۈرۈپتىكەنمىز، ئىچىدە مۈڭگۈزى بارىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئۇ خۇپىسەنلىك بىلەن گەپنى سوزۇپ، پوسكاللىسىنى ئېيتمايتى.

— ئاشخانىدا ئوغۇرلۇق قىلمىغاندۇ؟ — دەپ سورۇدۇم گەپ تېشىش ئۈچۈن قەستەن ئۇنى چۈشەنمەيدىغان بولۇۋېلىپ.

— ياقەي، ئوغۇرلۇق قىلغان بولسىمىغۇ بىر نۆرىدى، سىياسىيمىش، سىياسىي!

— دېدى ئۇ سىرلىق قىلىپ. يۈرىكىم قارتتىدە قىلدى. مەن ئۇنى دەسلەپكى كۆزۈتۈشتىلا ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈمىتۋارلىقىدا ياتقان بىر مەنىۋىي كۈچنى كۆرگەندەك بولغىنىمنى ئېسىمگە ئالدىم.

— سىياسىي؟ نېمە سىياسىي؟ — دېدىم خۇپىسەنلىك قىلىپ.

— بۇ پاسكىنا بارغۇ، ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىلاتنىڭ ئادىمىكەن! ئالتەشە تەرەپتىن قاچقان، ھۆكۈمەت تۇتۇمىز دەپ ئىزدەپ يۈرگەن بۇزۇق ئادەملەرنى، نېمە دەيتى؟ ھېلىقى بۆلگۈنچىلەرنى ئۆيىگە يوشۇرۇپتىكەنمىش. راست، چوقۇم راست، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاخشامدا گۇمانلىق ئادەملەرنىڭ كىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەن! ئۇ چاغدا تېخى مەن باشقىچە چۈشىنىپتىكەنمەن، «ۋىيەي، مۇشۇ ئە خەق دېگەننىڭمۇ- زە تازا كۆڭلى پەس بولىدۇ، جۇمۇ، مۇشۇ سەتنى قانداقمۇ كۆڭلى كۆتۈرىدىكىنا؟» دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەسلىدە بۇ باشقا گەپكەن ئەمەسما!

— ھە،... بوپتۇ، مېنىڭ بۇ سودامنىمۇ پىششىپ بوپتۇ، ئەمىسە، — دېدىم - دە، ئۇ ئايالغا خوشلۇشۇش مەنىسىدە باش ئىشارىسى قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدىم. ئەمما يۈرىكىمنىڭ سېلىشىنى زادىلا باسالمىدىم. ئەڭ يېقىنىم سابىت ئەپەندىدىن

ئايرىلىپ، يېرىم بولغان كۆڭلۈمگە تەسەللىي ئىزدەپ كەلسەم بۇ كۆڭۈلسىزلىك ئۈستىدىن چۈشكۈنلۈم كەيپىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى. مېنى ھەممىدىنمۇ ئويلاندۇرغىنى مېھرىگۈلنىڭ ئاۋۇ پور قوشنىسى بولدى. بۇ ھەقتە ئويلۇنۇپ ماڭدىم.

«ئۇ خۇددى ئۆزىگە بىۋاستە زىيىنى تەككەن بىر ئادەم ھەققىدە داتلىغاندەكلا داتلاپ كەتتىغۇ؟ بۇ قانداق بىر خىل پسىخىك ھالەتتۇ؟ بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەكتۇ؟ ئەگەر سابىت ئەپەندى بولسىدى، دەرھال بېرىپ كۆرگەنلىرىمنى ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرسەم، ئاۋۇ ئايالنىڭ خۇددى ‹ئارپىسىنى خام ئورۇۋەتكەن› بىرسى ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقاندەك قايناپ، ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلىنىپ سۆزلەشلىرىنىڭ مىللىي روھىمىزدىكى قايسى خىل پسىخىك شەكىللەندۈرۈشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئۇبدان ئانالىز قىلىپ بېرەتتى. ئەمما ھازىر ئۇ يوق، مەن بۇنى چۈشەنگەندەك قىلىمەن، ئەمما ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتىمەنغۇ؟»

ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق، بۇنى چوڭقۇر قەلبىمدە چۈشىنىپ تۇراتتىم، ئەمما چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم. ئەمما بىردىنلا سابىت ئەپەندىنىڭ تۇنجى تۇتقۇنلۇق ھاياتى باشلانغان چاغدا قەشقەردە سوراق قىلغان ئۇيغۇر ساقچى ھەققىدە دېگەنلىرى كۆڭلۈمگە كەچتى. ئۇ شۇنداق دېگەندەك ئېسىمدە: ئۇيغۇر ساقچى ئۇنى شۇنچىلىك قەھرى- زەھرى بىلەن سوراق قىپتۇكى، بۇ ھال سابىت ئەپەندىنى ھەيران قالدۇرغان ئىكەن. چۈنكى ئۇ بۇرۇنلاردا بۇنداق يەرلەردە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلارنى پەقەت جان بېقىش ئۈچۈنلا ئىش قىلىدىغمۇ قىلىۋاتىمەن، تەرىقىسىدە «خوجا كۆرسۇن»غىلا ئىشلىگەندەك بولۇپ قويۇپ، مائاشنى ئېلىپ، جېنىنى باقىدىغانلار دەپ ئويلاپتىكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ خۇددى ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەندەك، ئىچىدىن قايناپ، بىجانىدىللىق كۆرسۈتۈشى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتىكەن. مانا بۈگۈن مېنىڭ كۆرگەنلىرىم دەل شۇنىڭغا ئوخشايتتى! ئەمما ئوخشمايدىغان بىر يېرىمۇ باردى: ئاۋۇسى مائاش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق قىلاتتى؛ ماۋۇسى ھېچقانداق ھەق بېرىلمىسىمۇ ئوخشاش ئىشنى قىلاتتى! بۇ خىتايلار ئېلىپ بېرىۋاتقان پسىخىك بۇزغۇنچىلۇقنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتىمىدۇ؟ يېڭى تەرەققىياتىمىدۇ؟

يەنە شۇمۇ بار، سابىت ئەپەندىنىڭ تۇنجى تۇتقۇنلۇق ھاياتىغا سەۋەب بولغان

ئاخبارات بىر ئاددىي يولۇچى تەرىپىدىن بېرىلگەن. گەرچە ئۇ ئاددىي يولۇچى، ھېچقانداق ۋەزىپىسى يوق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سادداىلىقىدىن بىر ئايغاقچى قىلىدىغان ئىشنى ئاڭسىز يوسۇندا قىلىپ قويغان! ئوخشاش ئىش ئۇزاق ئۆتمۈشتە، ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ شېھىت بولۇشىدىمۇ بولغان. بۇ قانداق بىر مىللىي پىسخىكا؟ بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈنمۇ شۇنداق، «خالىس چېقىمچىلىق»لار بولمايۋاتامدۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ قىزىق ئىشلار! مىللىي روھتا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىدى.

يەنە بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدىم. بۇنىسى بىر قاراشتا يۇقىرقى ئىشلارغا ئوخشىمايدىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭدىكى روھىي ئامىللاردا ئوخشاشلىق باردى. بۇ ئىش نەشرىياتتا، مېنىڭ ئىشخانامدا يۈز بەرگەن بىر ئىش بولۇپ، ھېچقانداق ئالاھىدە بىر ئىشمۇ ئەمەس، بۈگۈن ھەر يەردە، ھەرقانداق بىر ئىشخانىلاردا، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدا كۆرۈلۈپلا تۇرۇدىغان ئىشلاردىن بىرى ئىدى. ئەگەر بۈگۈن مېھرىگۈلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ھېلىقى ئايالنىڭ دېگەن گەپلىرى مېنى ئويغاتمىغان بولسىدى، مەن بۇ ئىشنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر شەرمەندىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچ ھېس قىلماس ئىكەنمەن. بۇ ئىش شۇنداق بولدى:

نەشرىياتتا كۆپ چاغلاردا چۈشتىن كېيىنكى سائەتلەردە ئىشقا خوشياقماستىن بىرەر ئىشخانىغا دۈلۈشۈۋېلىپ، قۇرۇق پاراڭ سېلىشىدىغان، بۇنداق ئىشلار ھەممە ئىدارىدا شۇنداققۇ؟ بۇنداق يىغىلىشتىكى پاراڭلارنىڭ تېمىسى بەك ئۇزاقلاردىن يېقىنغىچە، بەك كاتتا ئىشلاردىن ئۇششاق ئىشلارغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ھەرھالدا زىيالىي بولۇش سۈپىتىدە بىلەرمەنلىك قىلىشىپ، ئىلمىي ساھەلەر ھەققىدە، يېڭىلىقلار ھەققىدە، بولۇپمۇ مىللىي قىسمەتلىرىمىز ھەققىدە پاراڭلار بولاتتى. بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى مىللەتنىڭ ئاڭلىق تەبىقىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئۆزلىرىنى مىللەتنىڭ تەقدىرىگە ئەڭ كۆڭۈل بۆلگۈچى تەبىقە ھېسابلىغاچقىمىكىن، كۆپ چاغلاردا بولۇۋاتقان ئىشلارغا نارازى كوتۇلداشلار، قايناپ كېتىشلەر بولۇپ تۇراتتى. قارىماققا مىللىي ھېسسىياتى كۈچلۈك، ھەرزامان مىللەتنىڭ تەقدىرى مەۋزۇسىدا جاننى تىكىدىغاندەك بىر ھالى بىلىنىپ تۇراتتى.
شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يەنە قولغا بېرىلگەن بىرەر ئاپتورنىڭ كىتابىغا

تەھرىرلىك قىلىۋاتقان چاغدا بولسا، بۇ مىللىي ھېسلىرى نەلەرگە غايىپ بولىدىكىن، غەلىتە بىر خىل ئاكتىپلىق بىلەن، سىياسەتتە بەلگىلەنگەن چەكتىنمۇ كىچىكراق، تارراق بىر دائىرىدە، ئاشۇرۇپ ھەركەت قىلىدىغانلىقى، ئانچىكى بىر جۈملىلەرنىمۇ مىللىي سەزگۈرلۈككە ئىگە مەسىلىلەرگە چېتىلىدىكەن دەپ كېسىپ تاشلايتى. مانا شۇ قەدىرلىك تەھرىرلەر بىركۈنى بىزنىڭ ئىشخانىغا يىغىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. مەن ئۆز ئورنۇمدا ئىدىم. قولۇمدا ياش ئاپتورلاردىن بىرىنىڭ كىتابى بارىدى، تەھرىرلىگەچ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىۋاتاتتىم.

ئۇلارنىڭ تېمىسى يەنە مىللىي ۋە سىياسىي تېمىلاردا ناھايىتى يېپىق شەكىلدە بولسىمۇ ئەمما چۈشىنىشلىك شەكىلدە قاناتيايدى. نارازى بولغۇدەك ئىشلار ئاز دەمسىز؟ شۇ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ بېسىپ كېتىۋاتقىنى، بىزنىڭ نېنىمىزنى قوللىرىمىزدىن تارتىپ ئېلىۋېلىپ بارغىنى، بۈگۈن- ئەتە يەنە نېمىلەر بولۇپ كېتەر دېگەن ئەندىشە... مىللىي ئىستىقبال ھەققىدىكى قايغۇلار،... بۇ گەپلەردىن قارىسىڭىز ئۇلارنىڭ خىتايغا بولغان ئۆچمەنلىكى يۈرەكلىرىنىڭ قېتىدىن مەۋج ئۇرۇپ ئېتىلىپ چىقاتتى. گەرچە بۇنى ئوچۇق ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويمىسىمۇ سۆز مەزمۇنلىرىدىن چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

دەل شۇ چاغدا بىر خىتاي، خىتاي ئادىتى بويىچە ئىشىكنى چەكمەستىن، چوچقىدەكلا ئۇسۇپ كىردى. بۇ خىتاي قارا نوپۇس، ئاققۇن خىتاي ئىدى. بىزنىڭ دەرۋازا تۈۋىدىكى خەت- چەك بۆلىمىدە ئىشلەيدىغان ئىشچى خىتاينىڭ تۇققىنى ئىدى. بۇ قارا نوپۇس خىتاي كوچا- كويلاردىن قەغەز تېرىپ، توپلاپ، شۇنى قەغەز زاۋۇتىغا سېتىپ كۈن كەچۈرەتتى. ئۇ خىتايغا خاس ئەدەپسىزلىك بىلەن، ئىشخانىدىكىلەرنىڭ سۆھبىتىنى بۇزۇپ قويغانلىقىغا ئۆزۈر سوراشمۇ يوق، قوپال، سەھراچىسىغا بىر خىل تەربىيىسىز قىياپەتتە:

— كېرەكسىز قەغەز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مانا شۇنىڭ بىلەنلا، بايا شىرە ئۈستىلىرىدە ئۆرە- تۆپە ئولتۇرغان يەرلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن تەھرىرلەر، تۇشمۇ- تۇشتىن شىرە تارتمىلىرى، ئىشكاپلارنى ئاختۇرۇشۇپ، بۇ خىتاي ئۈچۈن قەغەز توپلاشقا كىرىشىپ كەتتى. مېنى «جەڭ تۈگىگەندە باتۇر بولۇۋالدىمىكىن» دەپ قالماڭلار، يەنە. ئەگەر سابىت ئەپەندى بىلەن تونۇشمىغان چاغلىرىم بولسا بەلكىم مەنمۇ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى

ئۆزەممۇ سەزمەستىن بۇ خالىسانە ياردەمچىلەرگە قوشۇلۇپ، قارا نوپۇس بىر خىتايغا يالاقچىلىق قىلىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. خەيرىيەت، بۇ مېنىڭ سابىت ئەپەندى بىلەن تونۇشقىنىمدىن كېيىن، راستىنى دېگەندە تېخى شۇ يېقىنلاردا بولغان ئىش ئىدى. شۈكىلاشقا، بۇنداق بىر پەسكەش قۇلچۇلۇقتىن ئاللاھ ساقلىدى. ساقلىدىلا ئەمەس، بۇ قىلمىشنىڭ سىرتتىن كۆزەتكۈچىسى بولۇش سۈپىتىدە، بۇنىڭ نەقەدەر پەسكەشلىكىنىمۇ كۆرۈشكە نېسىپ بولۇپ، بۇنداق ئومۇملۇشۇشتىن ئۆتۈپ، ئۆزىمىزمۇ سەزمەي قالىدىغان ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ قالغان قىلىقلىرىمىزنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، روھىي قۇرۇلمىسى، بۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە ئاپىتى ھەققىدىمۇ روشەن كۆرۈپ تۇرالايدىغان بىر كۆزگە ئىگە بولغىنىمدىن ئاللاھقا شۈكرى ئېيتتىم.

خىزمەتداشلار — مىللەتچى، ئۇقۇمۇشلۇق، تەھرىرلەر — خىتاي ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىۋاتقان شەرەپنى تالىشىۋاتقاندەك كۆيۈپ - پىشىپ قەغەز ئاختۇرۇشۇۋاتقاندا، مەن ھېلىقى قارا نوپۇس خىتايغا قارىدىم. ئۇ خۇددى ئۈششاق بالىلارنى شىلاپ ئىشقا سېلىپ قويغان چوڭلاردەك، غېمىدە يوق، مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ كۈتۈپ تۇراتتى. ئاخىرىدا خىزمەتداشلىرىمنىڭ بىر يەڭدىن باش چىقىرىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق بىلەن تۈپلاپ بەرگەن قەغەزلىرىنى ئېلىپ، رەخمەتمۇ دېمەستىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خىزمەتداشلىرىمغا سەپ سالدىم. ئۇلار بىرەر ئۇياتلىق ئىش قىلىپ سالغان بەڭۋاش بالىچىلىكمۇ خىجىللىق ھېس قىلماستىن يوغان پاراڭلىرىنى داۋام قىلىشقان ئىدى. شۇ چاغدا كۆڭلۈم يورۇق، گويا تېپىشماقنىڭ يېشىمىنى بىلىدىغان بىرسىدەك غالىپلىق بىلەن ئۇلارنى كۈزۈتۈپ تۇرۇپ، «مىللەتنىڭ ئاڭلىق تەبىقىسى بولغان بۇ ئادەملەرنى قاراڭلار! مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان مىللىي ئەدەبىيات مۇشۇلارنىڭ قولىدىن چىقىدۇ ئەمەسمۇ، ۋاي ئاللاھ!» دەپ ئويلىغان ئىدىم.

بۇ ھەقتە سابىت ئەپەندى: «بەزىلەرنىڭ خىتاي ئۈستىدىن داتلاپ قويۇشلىرى ھەرگىزمۇ مىللىتىگە بەك كۆيۈنۈپ كېتىدىغانلىقىدىن، مىللىي تەقدىر ھەققىدە باش قاتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، ئەسلى مەقسەت نەزەرگە ئىلىنىش، گەرچە ئۇلار ئاڭلىق، بىلىپ تۇرۇپ ياكى ئالدىن پىلانلىۋېلىپ دەۋاتقان بولمىسىمۇ. مانا شۇ

نەزەرگە ئىلىنىش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدىن مانا شۇنداق تېمىلاردا قايناپ قويۇدۇ. شۇڭا، بۇنداق قايناپ قويۇدۇغانلار ئەگەر بىرەر ئىنقىلاپچىنىڭ قولغا ئېلىنىغانلىقى ياكى خىتايلار تەرىپىدىن ئېتىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئۇققان چاغلىرىدا ئىچىدىن قايناپ چىققان بىر ھېسسىداشلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، دەل ئەكسىچە، خۇددى ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر خەتەرلىك جىنايەتچىدەك، نەپرەتلىك بىر سېزىمدا بولۇدۇ.»

سابىت ئەپەندى قىشنىڭ باشلىرىدا قايتىپ چىقتى. ئاتۇشتا ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇرغان بولسا كېرەك. ئەمما ماڭا بۇ بەكمۇ ئۇزاق بىلىندى. بىز بۇرۇنقىدەك ئەمەس، يېقىن تۇققانلاردەك قۇچاغلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭدىمۇ شۇنداق يېقىنلىق سېزىمدىن تۇغۇلغان سېغىنچنى ھېس قىلدىم. بىز ئۇنىڭ كولبىسىگە بېكىنىپ، دەرھال پارىڭىمىزنى باشلىدۇق. ئۇمۇ گويا كۆڭلىگە يىغىلىپ قالغان سۆزلىرىنى ماڭا تۆكۈۋېتىشكە ئالدىراپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— ئاتۇشقا بېرىشىم بىلەنلا نېمىلەر بولغىنىنى بىر يولى سۆزلەپ بېرىشىممۇ تەس، — دېدى ئۇ باللاردەك ھاياجانلىنىپ، — ئابىت مېنىڭ سالامەت كەلگىنىمگە ئاتاپ بىر نەزرە بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، مەن دەيمەن، بۇنداق قىلىقلار بىدئەت، گۇناھكار بولمىغىن، بۇنى «يۇرت بىلەن يۈز كۆرۈشۈش چېيى» دەپ ئاتايلى دېدىم. ئاندىن ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بىر قوي قۇربانلىق قىلىپ، قازان ئاستى. پۈتۈن يۇرت — بىزنىڭ شورۇقنى «ئۈچ يۇرت» (شورۇق، ياقىۋاغ، ئۈنتىساق) دەيمىز — ھەممىسى كەلدى. بۇندىن باشقا باشقا يۇرتلاردىنمۇ ئۇققانلار كەلدى. يېقىنلار بىلەن يىغلاشتۇق. ئارقىدىنلا قەدەمجايدىكى ئاشۇ مېنىڭ ئانا مەكتىپىم (ھازىر مەكتەپ كېڭىيىپ، يېزا مەكتەپلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ مەكتەپ بولۇپ كەتكەن) دىكىلەر مەن ئۈچۈن بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، تەكلىپ قىلدى. بەشيۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، يېقىن مەھەللىلەرنىڭ دېھقانلىرى، مۇئەللىملەر قاتناشقان چوڭ يىغىن. بۇ يەردە مېنى كۆپچۈلۈككە مەكتىپىمىزنىڭ قۇرغۇچىسى، تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى،

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شاگىرتى دەپ تونۇشتۇردى. ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانلاندىم. ئۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە ئاتۇشتىكى زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىردىن - ئىككىدىن زىيارەتكە كېلىپلا تۇردى. كۆپىنچىسى مېھمانغا چاقىرىشتى. بۇ ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، راستىنى دېسەم، بىر كۈنمۇ بىكار قويمىدى.

— ھېلىقى ساقچى بولۇپ، دەم ئېلىشقا چىققان دوستىڭىز ناسىراخۇن كەلدىمۇ؟ ئۇمۇ مېھمانغا چاقىرىپ قوي سويغاندۇ؟

— كەلدى، مېھمانغىمۇ چاقىردى. ئەمما ئېنىق قىلىپ «بارالمايمەن» دېدىم. ئۇمۇ بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئىندىمەستىن كېتىپ قالدى. ئىككىنچى كۆرمىدىم.

— ئەمما ناسىراخۇن ئۆزى بولمىغان بىلەن ئورنىغا باشقا بىرلىرىنى كەينىڭىزگە سەپ قويغانمىدۇ؟

— مۇمكىن. بۇنىڭغا شەك قىلغىلى بولامدۇ؟ خىتاي دېگەننى بىلمەمدۇق.

— سەپەر قىلىدىغانلىقىڭىزنى يېزىپتىكەنسىز، ئۇنىڭغىمۇ چولىڭىز تەگمىدىمۇ، قانداق؟

— كىشلەرنىڭ رايىغا قويۇپ بەرسەم راستىنلا ۋاقتىم چىقمىغۇدەك تۇرۇدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى ئەتىگەندە بەلنى باغلاپلا سەپەرگە جابدۇپ قويتۇم. ئابىت سەل ئەنسىرىدى. قېرىغاندا بۇنچە ئۇزۇن سەپەرنى پىيادە ماڭىمەن دېگىنىمگە قارشى تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئاتقا بەرگۈسىز بىر خېچىرى بارىكەن، خېچىرنى مىنىپ ماڭ دېدى. «ئېتىم بولمىسىمۇ، خېچىرىم بار، ئاتتىن قېلىشمايدۇ، پىيادە ماڭساڭمۇ ماڭ، ئەمما ئېھتىياجىڭ بولغاندا مىنىشكە يېنىڭدا بىر ئۇلاغنىڭ بولغىنى ياخشى» دەپ تۇرۇۋالدى. ماقۇل دېمەي چارەم بولمىدى. مېنىڭ قانداق بىر سەپەرگە جابدۇۋاتقىنىمنى ئاڭلىغان قوشنام ئابلەق دەرھال پاچىقىمغا ياماشتى. «مەن بىللە بارىمەن، يالغۇز ئەۋەتىپ قويۇپ، خاتىرجەم ئولتۇرالمايمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن سىز سەپەرگە كەتكەندە مەن ‹سەل چوڭ بولغان بولسامچۇ، مەنمۇ باراتتىم› دەپ ئارمان قىلغان ئىدىم. مانا ئەمدى بولسىمۇ سىزگە ھەمرا بولمىسام بولمايدۇ» دېدى. بۇ بالا ھەققىدە ئېيتقانمىدىم؟ ئۇ كىچىككىدە يېتىم قالغان، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا خارلانغان بالا ئىدى. دايىملا مېنىڭ يېنىمدا ئارام تاپاتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ تاز بېشىنى

ساقايتتى. ئۇنىڭ قاتتىق قول ئۆگەي ئانىسىغىمۇ تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ، بۇ بالىنىڭ ئادەملىك ئورنىنى تونۇتقان ئىدى. شۇڭا ئابلەق كىچىكىدىنلا، مەمتىلى ئەپەندىنى «ئەپەندى دادام» دەپ چوڭ بولغان، مېنى ئۆز ئاكىسى ئورنىدا كۆرەتتى. ئەمما ئۇنىڭ راسا ئوقۇشى كېرەك يىللاردا بىزلەر ۋەيرانچىلىق كوچىسىدا بولۇپ، مەكتەپلەر تاقىلىپ، تۈزۈك ئوقۇيالماپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەپەندىلەرگە ئىخلاسى ھېچ سۇسلىماپتۇ.

— شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىخلاسمەن كىشى سىز بىلەن بىللە ماڭدىمۇ؟

— شۇنداق قىلدى. بىز سەككىزىنچى ئايدا يولغا چىقتۇق، قايسى كۈنلىكى دېتىرىمىدە يېزىقلىق، ئاڭلىغانسىز، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە يەر تەۋرەپ پۈتۈن ناھىيە بازىرى تۈزلىنىپ كەتكەنلىكىنى؟ ھە شۇ يەر تەۋرەشتىن بىر نەچچە كۈن كېيىن يولغا چىقتىم. شۇ كۈنلەردىمۇ تېخى يەر تەۋرەپ تۇرۇۋاتاتتى. بىز يېڭىسار بازىرىدا مېھمانخانىدا ياتقىنىمىزدا يەنە بىر قېتىم قاتتىق تەۋرەش بولدىكى، مېھمانخانىدىكى مۇساپىرلارنىڭ ھەممىسى يېرىم يالىڭاچ بولۇپ ھويلىغا يۈگرەپ چىقىشقانلىقىنى يادىمدا. يەر تەۋرەشنىڭ ئىككىنچى مەركىزى ئوپال بازىرى ئىدى. ئۇلۇغچاتنىغۇ كۆرمىدۇق، ئەمما ئوپال بىزنىڭ سەپەر لىنىيەمىزدە بولغاچقا، ئوپالنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، مانا شۇ يەردە كوممۇنىستلارنىڭ رەزىللىكلىرىگە شاھىت بولدۇق.

— ئاشۇ سىلەر ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن، قالاق، ئىپتىدائىي يېزىلاردا قانداق ئۆزگۈرۈشلەر بولۇپتۇ؟ ياكى ھېچقانداق ئۆزگەرمەپتىمۇ؟

— ئۆزگۈرۈپتۇ، پەقەت ئېتىز - ئېرىقلار، يوللار گېئومېترىك شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. بۇنىدىن باشقا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى، ئاشۇ شۇدىگەرلىكنىڭ چالمىسىنى قومۇرۇپ ياسالغان ئۆيلەر ئوخشاش تۇرۇپتۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى تېتۈرىگە كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۆتمۈشتىكىلەر نامرات بولسىمۇ ئىمانى بولغاچقا، مۇساپىر يولۇچىلارغا باغرىنى ئاچىدىغان، ياردەم سۆيەر، مىللىي روھىمۇ پاكىز بولۇدۇغان. مانا ئەمدى ئۇلار مەنەۋىي بۇلغۇنۇشقا، كوممۇنىست زەھەرلىرى بىلەن زەھەرلىنىشكە ئۇچراپتۇ. ئۆتمۈشتىكىلەر ئېتىزلىرىنى تېرىپ، ئورۇشتىن باشقا، سېلىقلارنى تاپشۇرسىلا بۆلەك باش ئاغرىقى بولمايتى. ئېتىز ئىشى تۈگىسە باشقا مەجبۇرىي ئەمگەكلەرمۇ بۇگۈنكىدەك ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇگۈنكىلەر ئېتىزلىقلاردا كۈندۈزى ئىشلەپ قۇتۇلماي، يەنە ئەتىگەن كەچتە

«دولقۇن»غا زورلۇنۇپ، تۈگمەس ھاشارلارغا زورلۇنۇپ ماجالىدىن كەتكەندەك قىلدۇ. يەنە تېخى ئاخشاملىرى تۈن يېرىمغىچە مەجلىسلەر، ئۆگىنىش كۇرسلىرى، ئىدىيە ئۆزگەرتىش، سىنىپىي كۈرەش دەرسلىرى، زومىگەرلەر ئۈستىدىن دەرت تۆكۈش شەكلىدىكى ئۆز ئارا كىش - كىشلاپ دۈشمەنلەشتۈرۈش قاتارلىق رەزىل ھەركەتلەرگە مەجبۇرلانغىنى ئۈچۈن روھى خاراپلىق ئىچىدە ئىكەن.

— ئوپالدىكى يەر تەۋرەش خارابىلىرىدا نېمىلەرنى كۆرۈپ، نېمىلەرنى ھىس قىلدىڭىز؟

— ئوپالدا بازاردىكى ئاشخانىلار چېدىرلاردا تىجارىتىنى قىلىۋاتقان ئىكەن. ئەتراپتىكى يېزىلاردا نۇرغۇن ئادەم ئۆيلىرىنى قايتا سېلىشقا كېتىدىغان كېسەكلەرنى قۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئەسكى، رەپ - رەپ تراكتورلاردا ئۇ ياقتىن، بۇ ياقتىن توشۇپ كېلىنىۋاتقان دىھقانلارنى كۆردۇق. سورۇسام، بۇلار ئوپاللىقلارغا ياردەمگە ئېلىپ كېلىنگەن قوشنا ناھىيە، يېزىلارنىڭ دىھقانلىرى ئىكەن. بۇ دىھقانلار بىكارغا ئىشلەپ بۇ يەردە كېسەك قۇيۇپ بېرىدىكەن، ئاندىن تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت ئۇنى ئۆيى ئۆرۈلگەن دىھقانلارغا ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىپ، «پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ شەپقىتى»نى يەتكۈزۈدىكەن! بۇ ياردەمگە كەلگەنلەر نېنى ئۆزىدىن، يېتىپ - قوپۇشى تالا، كېسەك قۇيۇپ بەرسە، ئۇنىڭ ئىگىسى خىتاي بولۇپ، ھەشقاللىنى ئۇ ئالىدىكەن! ئاشلىقىنى سەن ئال، پاختىسىنى توشۇپ كەت، باج سېلىق دەپ ئال، مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۇتۇمى بۇكەن! يەنى ئامىتىگە شېرىك، ئاپىتىگە ئەگە ئەمەس! مانا شۇلارنى كۆردۇق[①].

— قانچە كۈندە قايتىپ كەلدىڭىز؟

— ئون كۈندە ئايلىنىپ كەلدۇق. قايتىپ كېلىپ، جاڭگالغا «ئۇيغۇر بوۋاي»غا زىيارەتكە باردىم.

— ھە ھە، بوۋاي تېخى ياشاۋېتىپتۇمۇ؟

— ياشاۋېتىپتۇ. ئەمما يېقىنلاپ قالغاندەك تۇرۇدۇ. ھالسىز ئىكەن، قولىدىكى

---

① ئوپالدىكى يەر تەۋرەشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۇئەللىپ شۇ چاغدا «ھال سوراش» ماۋزۇسىدا بىر ساترىك ھىكايە يازغان بولۇپ، كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان، — ئا.

ھەممە نەرسىسنى ئېلىۋالسا ئۇنىڭ ھاياتتىن يەنە نېمە ئۈمىدى بولسۇن؟ ئىشىكى ئالدىدىكى قېرى توغراقنى كولىۋەتكەن بولسا كېرەك، توغراقنىڭ ئورنىدا يوغان بىر ئورەك تۇرۇدۇ. يېڭى ئېچىلغان ئېتىزلارنىڭ ئاخىرىسىدا قېپقالغان قاغا جىگدىلىككىچە كەتتىم. بۇ يەر ھازىر ئەترەتنىڭ بولغاچقا ئىگىسى يوقتەك تالان - تاراج قىلىنىپ تۇرۇدىكەن. ئوتۇن تېرىدىغانلار، مال باقىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئورمانلىقتا قاينىغاچقا بۇ ئورمان خۇددى ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان يۇرتقا ئوخشاپ قاپتۇ.

— سىزگە قانداق رۇخسەت بەردى؟ يەنە كېلىمەن، دەپ ۋەدە قىلدىڭىزمۇ؟

— ۋەدە قىلدىم، ھەم بۇ راست. كېتىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ تەرلىگەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بىلىسىز بۇ يەردە بىر ئاز قەغەزلىرىم قالغان، ئۇنى ئېلىشقا كەلدىم. موھىمى ھېلىقى مەن سىزگە دەپ بەرگەن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى مەتقاسىمنىڭ ئامانىتى. ئۇ تېخىچە ئاشۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادىمىيىسىنىڭ سابىق دەرۋازىۋەنى قۇناخۇننىڭ قولىدا. شۇنى ئېلىۋالسام قايتىمەن. باشقا كۆپ ئىش يوق.

بۇ ئارىلىقتىمۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى سابىتنىڭ يېنىغا كېلىپلا تۇردى. ئۇلارنىڭ قانداق گېپى مەسىلىھەتى بولسا ھەممىسى ئۇچۇن كېلىۋېرەتتى. بۇ پىشقەدەم مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە بولۇشتىن شۇنچىلىك بەختىيارلىق ھىس قىلاتتى. ھەپتە ئاخىرلىرىنىڭ ئاخشاملىرىنى مەن يەنىلا ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ھالاقىت بەرمىدىم. مەنمۇ پاراڭغا داخىل بولۇشنى ئىستەيتتىم، ئەمما ئوقۇغۇچىلار مەندىن تارتىناتتى. تارتىناتتى دېگىنىم، ئۇلارنىڭ مەخپىي گەپلىرى بولسا ماڭا ئىشەنمەسلىكتىن مېنىڭ يېنىمدا دېگۈسى كەلمەيتى. بۇنى سەزگەنلىكىم ئۈچۈن مەنمۇ ئۆزەمنى سوراپ، كوچىلاپ سوراشنى ئارتۇق بىلدىم. ئۇلار بىلەن قانداق تېمىلاردا سۆزلەشكەنلىكىنى سابىت ماڭا زادىلا دېمەيتى. پەقەت مېنىڭمۇ بىلىشىمنى زۆرۈر دەپ قارىغاندىلا ماڭا بەزى گەپلەرنى دەپ، مېنىڭ مۇھاكىمەمنى ئاڭلاپ باققۇسى كېلەتتى.

بىر ھەپتە ئاخىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇ بەكمۇ ھاياجانلىق كۆرۈنگەندى، ئويلىغىنىمدەك، ئۇ ماڭا شۇلارنى دېدى:

— بىلەمسىز «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى»دىكى بىر خەۋەردىن قارىغاندا خىتايلار

تەكلىماكان چۆلۈمىزنى پاكىستاننىڭ ئاتوم سىناقلىرى ئۈچۈن بەش يىللىق سېتىپتۇمىش! بۇنىڭغا دىققەت قىلغان باشقا ئۇيغۇر يوقمىكىنە، دەيتىم، قاراڭ بۈگۈنكى ياشلارنىڭ ئويغاقلىقىنى! ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇغۇچىلار بۇ ھەقتە ئۆز ئىچىدە غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. بۇنى بىر باشلىنىش قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنىمۇ قوشۇپ كۆتۈرۈپ چىقىدىغان بىر نامايىش ھەققىدە ئويلۇشۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىلىمى بىلەن ئەڭ سۆيۈلگەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىنگە مەسلىھەت سالغان ئىكەن، ئۇ شۇنچىلىك تەسىرلىنىپتۇمىشكى، ھەتتا كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ! ئويلاپ كۆرگەنمىدىڭىز؟ ئۇنىڭ ھېلىقى مەن گېپىنى قىلغان مۇزتاغلىرىمىزنىڭ كېلىماتىمىزغا بولغان تەسىرى ھەققىدىكى ماقالىسى بىلەن، تەكلىماكان ھەققىدىكى بۇ كۆڭۈل بۆلۈشى بىردەكلىككە ئىگە ئەمەسمۇ؟

سابىت قوللىرىنى ئىشقىلاپ، كارۋات بىلەن شىرەسى ئالدىدىكى كىچىككىنە بوشلۇقتا پىرقىرايتى. ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە كېتىشكە جابدۇنغان ئىدى. نامايىش ھەققىدىكى ئۇچۇرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ماڭىدىغان كۈننى كەينىگە سۈردى. دېگەندەك 12- دېكابىردا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نامايىشى بولدى. سابىت بۇنى ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىنىڭ ئويغۇنۇشى، ئاڭلىق تەبىقىسىنىڭ ئويغۇنۇشى دەپ بەك يۈكسەك باھالىدى. نامايىش تاكى 19- دېكابىرگىچە داۋاملىق كېڭەيدى. ئەڭ كۆپ بولغاندا 10مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ شوئارلىرى ئىچىدىكى مەزمۇنلاردىن بىرى دەل شۇ ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى ئىدى. بۇندىن باشقا پىلانلىق تۇغۇتقا قارشى شوئارمۇ بارىدى. بۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ سىياسىي ھەركەت، تېنچ يول بىلەن قىلىنغان ئىنقىلاپ ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشى كۈتۈلگەن بولسىمۇ، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئالدىن خەۋەر تېپىشى تۈپەيلى، بەزى مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازىسى قامال قىلىۋېلىنغاچقا، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار چىقالماي قالغان ئىدى.

نامايىش ھەقىقەتەنمۇ بەك ئەھمىيەتلىك بولدى. ئەمما ھېچقانداق نەتىجە بەرمەستىن باستۇرۇلدى. شۇنداقلا بۇ نامايىشنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرىدىن ھېساپ ئېلىندى. نامايىش ئۆتۈپ خېلى كۈنلەردىن كېيىن بىر كۈنى سابىت ئەپەندىنىڭ يېنىغا كىرىۋىدىم، ئۇ يەنە شۇنداق ئۆرە تۇرۇۋېلىپ جايىدا پىرقىراپ قاپتىكەن، بىرەر

جىددىي ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىپ، ئالدىراپ سورىدۇم:

— بىرەر جىددىي ئىش بولمىغاندۇ؟

— تارىخنىڭ تەكرارلىنىشىمۇ ياكى مىللىي پسىخىكىدىكى كوللىكتىپ ئۆزگىچىلىكنىڭ جىلۋىسىمۇ؟ — دېدى گېپىنى مۇلاھىزە بىلەن باشلاپ، — قاراڭ، بۇ مىللەتنىڭ شۇ قىلىقىغا دىققىتىم قوزغالدى، بىرەر ئىشقا جابدۇيدۇكەن، ئۇ ئىش تېخى بىرەر نەتىجە بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، ئۇنىڭدىن سوۋۇپ، باشقا بىر يول ئىزدەيدىكەن! تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتسام، بىرەر ئىنقىلاپقا بەل باغلاپ چىقىدىكەن، ئىنقىلاپ باشلىنار - باشلانماي، ئۇنىڭدىن ئۈمىتسىزلىنەمدىكىن ياكى قورقۇشقا باشلامدىكىن، ئەيتاۋۇر بەزىلىرى سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۆزى باشلىغان ئىشقا ئۆزى ئاسىي بولۇپ، پەقەت بۇ ئىشنىڭ بېشىدىكى بىرلا ئادەمنىڭ ئىشىدەك، ئۇنىڭغا تاشلاپ، ھەتتا بىللە يولغا چىققانلارمۇ شەخسىي ئىستىقبال ئىزدەشكە باشلايدىكەن. ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ مەن 1937- يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىم كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىنىمدە مويدىن تەنجاڭ دېگەننى تىلغا ئالمىدىم؟ قاراڭ، بۇ مويدىن تەنجاڭ، ئابدۇنىياز بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتى، مەسلىھەتنى بىللە قىلدى، «قارشى چىقىمىزمۇ؟ چىقىمىز» دېيىشتى. ئەمما ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ھەققىدە ئېنىق بىشارەت بولا - بولمايلا ئۆزىنىڭ شەخسىي قايغۇسىغا چۈشتى. ئۆزىگە شەخسىي ئىستىقبال ئىزدەپ، سوۋېت ئەسىرلىرىنى قويۇپ بېرىش بىلەنلا قالماي، ئەسىرلەر ئارقىلىق شىڭ شىسەيگە ساداقەت ئىپادىلەپ مەكتۇپ يازمىغانمىدى؟! كېيىن كىچىكاخۇن تەنجاڭمۇ يوشۇرۇن مەكتۇپ يوللاپ ساداقەت ئىپادىلىگەن ئىكەن، بۇنداقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەل شۇ دۈشمەننىڭ زىندانلىرىدا قىيىن - قىستاقتا ئۆلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالامدىغاندۇق؟ جەڭ مەيدانىدا ئەركەكچە ئۆلۈشتىن قورقۇپ، دۈشمەننىڭ ئايىغىغا يىقىلغانلارنىڭ دۈشمەننىڭ قولىدا، قىيىن - قىستاقتا ئۆلمەي گۈللەپ كەتكىنىدىن بىرمۇ مىسال يوق. شۇنداق تۇرۇپ پەقەتلا ساۋاق ئالمايدىكەنمىز! يەنە ھېلىقى بىزنىڭ چەتئەلگە قېچىش توپىمىز ھەققىدە دېگەنلىرىم ئېسىڭىزدىدۇ؟ شۇ چاغدىمۇ ئاخىرىغىچە كۆپچۈلۈك نېمە بولسا بىللە كۆرەي دېمەستىن بەزىلەر غىمىسسىدە تىكىۋەتكەن، بەزىلەر بىزنىڭ توپىتىن چىقىپ، ئادەتتىكى ھاجىلارنىڭ توپىغا قېتىلىۋالغان ئىدى! بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدىمۇ ئەنە شۇنداق

ماھىيەتتىكى بىر ئىش بولۇپتۇ: باتۇر روزى بىلەن ئىلغارجان سادىق دېگەن ئىككى ھەۋەسكار شائىر نامايىش ھەققىدىكى ئۇچۇرنى نامايىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ئابلىز نازىرىغا يەتكۈزۈپتۇ! ئابلىز نازىرى بولسا، بۇنى «بىر خىل سىناق، مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇپ بېقىش بولسا كېرەك»، دەپ قورقۇپ كېتىپ «تەشكىل»گە مەلۇم قىپتۇ!

مەنمۇ بۇ مۇلاھىزىلەرگە قېتىلدىم. ئىككىمىز مىللىي پسىخىكىمىز ھەققىدە ئۇزاق مۇلاھىزىلەر قىلىپ ئولتۇردۇق. مانا شۇ ئارىدا مەن بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار ھەركىتىنىڭ نەتىجىسىز ئاخىرلاشقانلىقى ھەققىدىكى ئەپسۇسلۇقۇمنى بايان قىلىش بىلەن، بۇنىڭ بىر پايدىلىق ھەركەت ياكى پايدىسىز ھەركەت ھېساپلىنىشى ھەققىدە سابىت ئەپەندىنىڭ قارىشىنى سورىدۇم.

— پايدىسى دېگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى بىرمۇ - بىر، ھېچ بولمىغاندىمۇ بىرەرىنى خىتايلار قوبۇل قىلمىدى، دېمەكچىمۇ سىز؟ ئەگەر ئىش بۇ دەرىجىدە ئاسان بولۇپ كەتسە، ئوقۇغۇچىلار كوچىدىن كىرمەي يېتىۋېلىپ، يەنە باشقا تەلەپلەرنى ئارقا - ئارقىدىن قويماسمىدى؟ بۇ تەرىپىنى خىتاي ئويلىمايدۇ، دەمسىز؟ «يامان كۆنىدۇرۇپ قويماسلىق»نى خىتاي بىلمىسە، بۇ قەدەر چوڭ ئىمپىرىيىنى قانداقمۇ تۇتۇپ تۇرالايتى؟ — دېدى سابىت ئەپەندى ماڭا سوئال قويۇپ. بۇ گەپلەردىن دېمەك، نامايىش قىلىش پايدىسىزكەن -دە، شۇنداق قاراش توغرا بولىدۇكەن -دە، دەپ ئويلاشقا باشلىۋىدىم، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن شۇنداق دېدى، — خىتايلار گەرچە ھەرقانداق شەكىل، ھەرقانداق كۆلەمدىكى قارشىلىقلىرىمىزنى باستۇرۇۋېتەلىسىمۇ، يەنىلا قارشىلىق قىلىشىمىزدىن قاتتىق قورقىدۇ. قورقۇشىنىڭ سەۋەبى، تاسادىپىي غالىپ كېلىش ئېھتىماللىقىمىز ئەمەس، قارشىلىق روھىمىزنىڭ يېگىلىنىپ تۇرۇشى؛ ئەۋلاتلارغا قارشىلىقنىڭ مىراس قېلىشى. ئەگەر بىزدىن قارشىلىق چىقماي بىر - ئىككى ئەۋلات ئالماشسا، شۇ ھالەتكە كۆنۈپ قالىمىز. بېسىۋېلىنغان خەلق ئىكەنلىكىمىز، خىتايلارنىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكى، بىزنىڭ قارشىلىق قىلىش، خىتايلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ھەققىمىز ھەتتا مەجبۇرىيىتىمىزنىڭ بارلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، گويا بۇ مۇشۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك كۆنۈپ كېتىمىز. بۇ — مەڭگۈ يوقۇلۇش دېمەكتۇر! بۇ نەقەدەر قورقۇنۇچلۇق! شۇنىڭ ئۈچۈن، مەزلۇم ئەلنىڭ قارشىلىقى دۈشمەندىن مەلۇم پايدا ئۈندۈرۈش ياكى دۈشمەنگە مەلۇم شىكەست يەتكۈزۈشتىنمۇ

كۆپ، شۇ مەزلۇم مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي روھىنى يېڭىلاشتىن ئىبارەت بىر نەتىجىنى بېرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھەركەتلەرنى كۈتكەن نەتىجىنى بەرمەيدىكەن دەپ تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك.

سابىت ئەپەندى نېمىدىندۇر چارچىغاندەك قىلاتتى. ھاياتىنىڭ مۇشكۇلاتلىرىغا بوي بەرمەيدىغاندەك كۆرۈنگەن بۇ قەيسەر ئادەمنىڭ نېمىشكىدۇر بىردىنلا سۇنۇشقا باشلىغىنىنى كۆرۈش ماڭا بەكمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان جىسمانىي قۇرۇلمىسىدىن قەتئىينەزەر، قېرىلىققا يېڭىلىشقا باشلىغاندەك ھارغىنلىقنى، كۆپ قېتىم تىركىشىپ مەغلۇپ بولۇشتىن كېيىنكى زېرىكىش، بىزار بولۇشنى سەزگەندەك بولدۇم. بۇ ھال ماڭا ئىچ - ئىچىمدىن يىغا كەلتۈردى. ماڭا ئۆز ئاكامدەك قەدىردان بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىنىڭ يوغان گەۋدىسىنى ئۇزاق قۇچاغلاپ يىغلىغۇم كەلدى. بىر كۈنلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلىسام ۋۇجۇدۇم شۈركۈنۈپ كەتتى. مۇشۇنداق بىر ئەزىمەتنىڭ سۇنئىي سەۋەپلەردىن سۇنۇپ تۈگەۋاتقىنى چىدىغۇسىز ئىدى.

قارشىلىق ھەركەتلىرى تېمىسىدا گەپ بولغان پۇرسەتتە ئۇزاقتىن ئىچىمنى پۇشۇرۇۋاتقان سوئاللىرىمدىن يەنە بىرىنى سورىغۇم كەلدى:

— ھاياتىڭىزدا بىرەر ھەركەتكە رەھبەرلىك قىلىشنى ئويلىغانمىدىڭىز؟

— ياق، — دېدى كەسكىنلا. بۇ ھال مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگەچكە دەرھال ئىزاھات بېرىپ، — مەن خىيالنى كۆپ قىلىدىغان، گەپنىمۇ ئاز قىلىدىغان ئادەم. ئادەم تەشكىللەش، لىدېرلىق خۇسۇسىيەت، لىدېرلىق تالانتىنى شەرت قىلىدۇ. بۇ مۇتلەق ياكى ھېچ بولمىغاندىمۇ ئاساسەن تۇغما خۇسۇسىيەتتىن بولۇدۇ. ئۇ بىلىمنىڭ سەمەرىسى ئەمەس، بەلكى كىشىلىك خاراكتېرنىڭ سەمەرىسى. لىدېرلىق خۇسۇسىيىتى بولغان ئادەملەر سىزدىن بىرنەرسە تەلەپ قىلسا، سىز رەت قىلىشقا پېتىنالمايسىز، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە غايەت زور پىسخىك بېسىم كۈچى بولۇدۇ. لىدېر بولغۇچىلاردا كىچىككىدىنلا ئەمەل خىرىسى بولۇدۇ. ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئەتراپىدىكى بىر توپ ئادەمگە «باش» بولۇۋالمىسا ئارام تاپالمايدىغان بىر خىل «خىرس». ئەمما مەن بىر «نامسىز قەھرىمان» دېگەندەك، پەردە ئارقىسىدىن ھېچ ئالدىغا ئۆتمەيدىغان مەسلىھەتچى بولسام ياراپ قېلىشىم مۇمكىن، لىدېرلىققا يارىمايمەن.

— ئەمما سىز جەڭلەردە كوماندىرلىق قىلغانسىز، بۇ بىر تۈرلۈك لىدېرلىق ئەمەسمۇ؟

— ياق، ھەتتا مەن پۈتۈن بىر دۆلەت ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ لىدېرلىق ھېساپلانمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەمەلگە مېنى ئاللىقاچان شەكىللەنگەن بىر كۈچ، دۆلەت ياكى ئاشۇ بىز دەۋاتقان لىدېر تەيىنلىگەن بولىدۇ. مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلەر ئەمەلىيەتتە ماڭا ئەمەس، ئاشۇ مېنى تەيىنلىگۈچىگە ئىتائەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. لىدېرلىق — ھېچقانداق بىر مەۋجۇت كۈچ تەرىپىدىن تەيىنلەنمىگەن ھالدا، تەييار كۈچ تەرىپىدىن تۇپلاپ بېرىلگەن ئەمەس، نۆلدىن باشلاپ بىر توپ ھاسىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا گېپىنى ئۆتكۈزۈش تالانتى دېمەكتۇر.

كۈتكەن كۈنلەرمۇ كەلدى. سابىتنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتى بولغانىدى. مېنىڭ ئۆتۈنۈشۈم بىلەن ئاخىرقى ئاخشام ماڭا قوناق بولۇدىغان، سەھەردە ئۆزەم يولغا سېلىپ قويىدىغان بولدۇم. ئۇنى ئايروپىلاندا كېتىشكە شۇنچە زورلىغان بولسامۇ ئۇنىمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قارىسا بەكمۇ خىيالپەرەست، رومانتىك ھېسلارغا باي ئادەم ئىدى. ئۇ يول بويى ئىلگىرى ماڭغان ئاشۇ يوللارنى قايتا مېڭىش ئارقىلىق، ئەسلىمىلىرىنى چوخچۇلاپ، يۈرىكىدە قايتا داۋالغۇش قوزغۇتۇشنى، قايتا ھاياجانغا كېلىشنى بەكمۇ خالايتى. بىر قېتىم مەھبۇس سۈپىتىدە پۈتۈن مۇساپىنى كۆشۈك ھارۋىدا باسقان، كېيىن يەنە يېرىم مۇساپىنى (كۇچاردىن) يەنە مەھبۇس سۈپىتىدە ماشىنا بىلەن باسقان؛ ئۈچىنچى قېتىمدا بولسا قاچاق سۈپىتىدە ئۇياققا، تۆرتىنچى قېتىمدا يەنە تۇتقۇن بولۇپ بۇياققا ماڭغان ئىدى. بۇ يولدا ئۇنىڭ تالاي ئەستىلىكلىرى بولغاچقا، شۇ چاغدىكى ھېسلىرىنى قايتا باشتىن كەچۈرۈش ئۇنىڭغا تىراگىك لەززەت بەخش ئەتسە كېرەك دەپ ئويلىدۇم.

ئاخشىمى بەك كەچ ياتتۇق. چۈنكى ئاخىرقى ئاخشام بولغاچقا دېيىشىۋالىدىغان نۇرغۇن سۆزۈمىز باردەك قىلاتتى. ئەمما ئەپسۇسكى، ھېچبىر مۇكەممەل تېما يوقتەكمۇ قىلاتتى. راستىنى ئېيتقاندا بۇ قىممەتلىك ۋاقىتنى گېپىمىز قولاشماستىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق دېسەممۇ بولىدۇ. نېمىدۇر تىلىمىزنى قىساتتى؛ نېمىدۇر بىزنى ئازاپلايتى؛ سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن سۆز بار دېگەنگە ھەر ئىككىمىز قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا تۇزۇك بىر تېمىدا گەپلىشەلمىدۇق. بۇ ئادەم

يېقىندا تەۋرۈك بولۇپ قالاتتى. مانا شۇ چاغدا پۇشايمانغا قېلىشىم ئېنىق ئىدى: ۋاي ئېسىت ماۋۇنى سورۇۋالسامچۇ، ۋاي ئېسىت، ئۇ قانداق بولغىيدى؟ دېگەندەك كۆرمىڭ سوئالىم بولۇشۇنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيتىم، ئەمما تىلىمغا ھېچنېمە كەلمەيتى.

«ئىنسانلارنىڭ رەڭگىگە قاراپ مېڭىسىنى ئوقۇيدۇ» دەپ داڭقىسى بولۇدۇغان بۇ ئادەم، مېنىڭ تىت - تىتلىقىمنىڭ سەۋەبىنى پەم ئېتىپ:

— ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ، بەربىر ئەقلىڭىزگە بىرنېمە كەلمەيدۇ. كېيىن ھەر ئېسىڭىزگە كەچكەن مەسىلىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يېزىپ قويۇڭ، ئاندىن بىر كۈنلىرى نېسىپ بولسا زىيارەتكە بارارسىز، بولمىسا پوچتىدىن ياكى باللاردىن ئەۋەتەرسىز، — دېدى.

شۇندىلا بىر ئاز يېنىكلەپ قالدىم. گەپ قولاشمىدى دېسەكمۇ تاغدىن - باغدىن پاراڭ قىلىپ، تۈن نىسبىدىن ئۆتكەندە ئاندىن ئۇخلاشقا ياتتۇق. شۇنىڭغا قارىماي بەك سەھەردە تۇرۇپ كەتتۇق. سابىت ناماز بامداتقا بەك سەھەر تۇراتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئۇنىڭ ئىماملىقىدا ئىككىمىز بىرلىكتە بامدات ئوقۇدۇق. شۇنچىلىك ھاياجانلاندىمكى، بەلكىم بۇ نامىزىم ھاياتىمدا ئەڭ ئىخلاس بىلەن ئوقۇغان نامىزىم بولسا كېرەك. قەلبىمگە بىر مەنەۋىي ئىشەنچ پەۋەس تولغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. تەڭداشسىز بىر تايانچىم باردەك، ئۆزەمنى باي بىر مەنەۋىيەت ئىچىدە، خۇددى تاتلىق سۇدىكى بېلىجانلاردەك ئۈزۈۋاتقان تەرىقىدە ھېس قىلدىم. تۈنجى قېتىم مۇسۇلمانلىقىمدىن تولۇق ئىپتىخار، تولۇق بەختىيارلىق ھېس قىلدىم. ئەھ بۇ چاغدىكى تۇيغۇلۇرۇمنى قانچىلىك كۆچىسەممۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن.

بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەپەندىمنى ئاپتوۋۇزغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزەمنى يېتىم ھېس قىلىشقا، چەكسىز باياۋاندا يالغۇز قالغان قوزىدەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. سابىت ئەپەندى ھېس - تۇيغۇلۇرۇمنى بىلەتتى. يولدا مەن سەھەركى تۇيغۇلۇرۇمنى تەسۋىرلەپ بەرگەن ئىدىم. ئۇ بۇنىڭدىن بەك خۇش بولغان ئىدى. ئەمدى ئۆمسە چىرايىمغا قاراپلا، ئۇ مېنىڭ ئۆزەمنى يېتىم ھېس قىلىشقا باشلىغىنىمنى تۇيدى. شۇڭا ئۇ ئاپتوبۇس دەرىزىسىدىن:

— ئەتتىگەندە ھېس قىلغان چەكسىز قۇدرەتلىك يۆلەنچۈكۈڭىزنى ئويلاڭ، ئۇ

يۈلەنچۈك ھەرقاچان سىزنىڭ يېنىڭىزدا، ئۆتكۈنچى نەرسىلەرگە ئارتۇقچە كۆڭۈل بەرسىڭىز، ئاۋۇ قۇدرەتكە شەك چۈشۈرگەن بولۇسىز. قايتىدىن ئۆزىڭىزگە كېلىشىنىڭ ياخشى يولى، ئۆيگە قايتىپ بىرىپ ئىككى رەكئەت نەفل ناماز ئوقۇڭ. يەنە شۇ قۇدرەت تەرىپىدىن دەستەكلىنىۋاتقاندەك، روھىڭىز كۈچىيىپ قالىدۇ، — دېدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئاپتوۋۇز مېڭىپ كېتىشى ھامان، كۆز يېشىمنى تۇتالمىدىم. مىليون نوپۇسلۇق ئۈرۈمچىدە يالغۇز قالغاندەك ئىدىم. ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا مەخلۇق تولدۇرالامتى؟ خۇددى ئۇنىڭ دېگىنىدەك پەقەت خالىقلا[1] ماڭا كۈپايە ئىدىكى، باشقىسى ئۆتكۈنچى ئىدى. يۈرۈكۈمنى ئىسكەنچىگە ئېلىۋالغان كۈچلۈك سېغىنچ ۋە يالغۇزلۇق ھىسسىنى يېڭىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا سېغىندىم. ئالدىرىماي، ئۇزاق ئوقۇدۇم. زىكرى - تەسبىھتىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرغۇنۇمدا شۇنچىلىك يېنىكلەپ قالدىمكى، تۇمانلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ، ھېچنەرسىنى تەپەككۇر قىلالمايۋاتقان كاللامغا دەرھال سوئاللار يېغىشقا باشلىدى.

دەرھال قەغەز - قەلەم ئېلىپ، سابىت ئەپەندىدىن سورۇشۇم كېرەك بولغان بۇ سوئاللارنى يېزىۋالدىم. ئەمدى ئەسلىمىنى رەتلەش ئۈچۈن بارلىق بىكار ۋاقتىمنى سەرپ قىلدىم. رەتلەش جەريانىدا بوشلۇق ھىس قىلغان مەسىلىلەرنى سابىتتىن سوراش ئۈچۈن يېزىپ تۇردۇم. كېيىنكى تەتىلدە بۇ سوئاللارنى كىچىك سابىتتىن ئۇنىڭغا يوللىدۇم. جاۋاپ ئالدىم. ئەمما سوئاللىرىم تېخى تۈگىمەيتى. ئىككىنچى تەتىلدە يەنە ئونلاپ سوئالىمنى يېزىپ كىچىك سابىتقا بەرمەكچى بولغىنىمدا، كۆڭۈلسىز بىر خەۋەرنى ئېيتتى. سابىت ئەپەندى جاڭگالغا كېتىپ، قايتىپ كەلمەپتۇمىش! نۇرغۇن گەپلىرىم كۆڭلۈمدە قالدى. نۇرغۇن سورايدىغانلىرىممۇ جاۋاپسىز قالغان ئىدى.

ئەسلىدە سابىتنىڭ نەۋرىلىرى بىلەن بىللىلا ئاتۇشقا بارماقچى بولغان ئىدىم، ئەمما خىزمەت ئىشى مېنىڭ دەرھال مېڭىشىمغا ئىمكان بەرمىگەچكە، تەتىلدىن كېيىنگە توغرا كەلدى. بۇ چاغدا خىزمەت ئارىلاش بارىدىغان بىر يول چىقتى: مېنى

---

[1] خالىق — ياراتقۇچى، ئاللاھ — ئا.

خوتەنگە ئەۋەتمەكچى بولۇشقانىدى. بۇ پۇرسەتتە يول ئۈستىدە ئاتۇشقا كىرىپ ئۆتۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. سابىتنىڭ نەۋرىلىرى بىلەن ئۈچرىشالمىدىم. مېڭىۋاتقىنىمدا ئۇلار تېخى قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئاتۇشقا بارغىنىمدا ئۇلار كەتكەن ئىكەن. سابىتنىڭ يۇتۇپ كېتىشىدەك بۇ ئاجايىپ ئىش پۈتۈن يۇرتنى قايغۇغا چۆمدۈرگەن ئىدى. ئابىددىن ھەتتا دادىسىنى يوقۇتۇپ قويغۇنۇغا چىدىماي ئاغرىپ قالغان ئىكەن.

مەن ئابلەقنىڭ باشلىشى بىلەن جاڭگالغا باردىم. بوۋاينىڭ كەپىسىنىڭ بىر تەرىپى ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنى يۇرتمۇ، ئۆزىنىڭ چەۋرىلىرىمۇ تاشلىۋەتكەندەك قىلاتتى. كەپىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىشىمىز بىلەنلا كۆرمىسەممۇ تولا ئاڭلاپ ئادەتتە تولا كەلگەندەك بولۇپ قالغان بۇ ماكاندا شاتۇتنىڭ قارشى ئېلىشىنى ئاڭلايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئەمما قاغىنىڭ قاقىلدىشىغىمۇ ئوخشىمايدىغان، شاتۇتنىڭ سايرىشىغا ھېچ ئوخشىمايدىغان بىر ئاۋاز ئىككى قېتىم تەكرارلىنىۋىدى، ئاۋازنى ئىزدەپ كۆزۈمنى تېز - تېز ئەتراپقا يۈگۈرتۈپ، بىر تەرىپى تامامەن ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئاختاخانىنىڭ ئۆي تەرەپتىكى تېمىغا ئىلىشىپ قىيسىيىپ تۇرغان ھەگىنە ئىشىكىنىڭ چىرىپ كەتكەن ئىشىك بېشىدا ئولتۇرغان شاتۇتنى كۆردۈم. ئۇنىڭ باشلىرىنىڭ پەيلىرى تامامەن تۇزۇپ كەتكەنىدى.

ئابلەق ئۇنىڭ ئاۋازىغا تەرجىمانلىق قىلىپ:

— «ئىلياس كەلدى، ئىلياس كەلدى!» دەۋاتىدۇ، بىچارە، — دېدى ئۆكسۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازدا.

تەسەۋۋۇر ئىكرانىمدا ئورنى ئېنىق بولغان قېرى توغراق بولۇشقا تېگىش يەردە يوغان بىر ئورەك بار بولۇپ، بۇنى توغراقنىڭ يىلتىزىنى كولاش ئۈچۈن ئەتىرەت ئەزالىرىنىڭ پەيدا قىلغانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئورەكنىڭ چۆرىسىدە يىلتىزدىن چىققان يېڭى نوتىلار باراقسان ئۆسۈپ تۇراتتى. بۇ ھال كۆڭلۈمگە پاللىدە بىر يورۇقلۇق بەخش ئەتكەندەك قىلدى - يۇ، ئارقىدىن بۇ يەرنىڭ ئىگىسىزلىكى، قارانچۇقى يوق نوتىلارنى مال - ۋاراننىڭ يەپ كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، يەنە غەش بولۇپ قالدىم.

بوۋاينى — خۇددى بىر غارنىڭ ئىچىدە پەرھاتقا مۇلاقات بولغان سوقراتتەك

غەلىتە تۇيۇلغان بوۋاينى — ئاخىرى كۆرۈشكە نېسىپ بولۇۋاتاتتى. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ تېمەن چاغلىرىدا ئەمەس، تامامەن ھالسىزلىنىپ يىقىلغان چېغىدا. بوۋاينىڭ مەۋجۇتلۇقى بىر رىۋايەت ئەمەس، رېئاللىق ئىدى. ئەمما تىرىكمۇ، ئۆلۈكمۇ؟ بىلگىلى بولماس ھالەتتە ئورنۇندا ياتاتتى. ئۇ ياتقان سۇپىنىڭ بىر چېتىدە پۇچۇق تاۋاقتا سۇ تۇراتتى. سۇغا چىۋىن ۋە قومۇزغىغا ئوخشاش ئۇششاق ھاشارەتلەر ئولۇشۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھالەت خۇددى كوممۇنىست فىلىملىرىدا «قاراڭغۇ زۇلمەتلىك ئۆتمۈش كونا جەمىيەت» دەپ تەسۋىرلىنىدىغان كۆرۈنۈشلەرگىلا ئوخشايتى.

بوۋاي بىلەن ھاللاشقىنىمىزدىن كېيىن ئۇ زەئىپ ئاۋازى بىلەن كۈچۈنۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بېشى تەرەپنى كۆرسەتتى. ماڭا قارىغاندا ئۇنى ئوبدانراق چۈشۈنۈدىغان ئابلەق، ئۇنىڭ ياستۇقىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ، بىر بوغچىمىنى ئالدى.

— بۇ سابىتنىڭ سىزگە ئامانىتى، — دېدى ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ.

مەن ئاستا ئاۋايلاپ تۈگۈنچەكنى يەشتىم. ئىچىدىن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ بىر قۇر كىيىمى چىقتى. بۇنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ يادا بولۇپ كەتكەن نەرسە بولغاچقا دەرھال بىلدىم. ھەم ئۇنىڭ ئارىسىدا ئىككى پارچە رەسىم بارلىقىنىمۇ بىلەتتىم. كىيىمنىڭ قېتىغا قولۇمنى تىقتىم. رەسىملەرنى ئالدىم. بوۋاينىڭ كەپسىدىكى غۇۋا يورۇقتا جەڭچىنىڭ يۈزى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۆچۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بۇ رەسىم ئىلگىرىكى سۇنغا يېرىدىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. يەنە بىرىدە ياش بىر قىزنىڭ تىپىك ئۇيغۇر گۈزەللىكىگە خاس كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. فورمىنىڭ كۆكسىدىكى «باھادىرلىق» ئوردېنىنى كۆرگۈنۈمدە قەلبىمنى بىر ئىپتىخار ھىسسى لەرزىگە سالدى. بۇ دېمەك ئۆز ئارمىيىمىزنىڭ بىر يالدامىسى ئىدى!

تۈگۈنچەك ئىچىدىن يەنە بىر چاپلانغان كونۋېرت چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدە سابىتنىڭ خېتى بارلىقىنى دەرھال پەرەز قىلدىم. خەت شۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«ئىنىم ئىلياس،

مەتقاسىمنىڭ ئامانىتىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئائىلىسىگە بېرەلمەي قالدىم. سىزگە ھاۋالە قىلىمەن. يەنە تۆرت پارچە كىتاپنىڭ ئارگىنالىنى نەۋرىلىرىمدىن بېرىۋەتتىم.

شۇلاردىن ئېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ. ئەگەر نەشىر قىلىشتا قىيىنچىلىق بولمىسا سىز ئېلىپ نەشىرگە بېرىڭ. ھازىرچە جاھاننىڭ ئەھۋالى يار بەرمىگۈدەك بولسا، نەۋرىلىرىمدە تۇرۇپ تۇرسۇن. چۈنكى ئۇلاردا تۇرۇشى قانداشلىق تۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان ئىش بولغاچقا، بىرەر كېلىشمەسلىك بولغان تەقدىردە قوغدىنىشقا قولاي؛ سىزدە تۇرسا بىلىسىز، ئاۋۋالىنىڭ «نېمە مۇناسىۋىتىڭ؟ نېمىشقا ساڭا بۇنداق بىرنەرسىنى ئامانەت قىلدى؟ سەن بىلەن قانداق تىل بىرىكتۈرگەن؟» دەيدىغان سانسىز سوئاللارنى سوراپ، بالاغا تىقىشنى بىلىسىز. يەنە كېيىنكى بىر چاغلاردا شارائىت يار بەرسە ئۇرۇنۇپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. نەۋرىلىرىمگە تۈپكى ئۇيغۇرلۇق مىزانلىرى، ھەتتا مۇسۇلمانلىق مىزانلىرى ھەققىدىمۇ دەرسىم تاماملانمىغان ئىدى. ئۇلارنى مېنىڭ ئىزىمغا كەلتۈرۈشىنىمۇ سىزگە تاپشۇردۇم. بۇ خېتمىنىڭ كېيىنكى بىر زامانلاردا سىزگە پىشكەل كەلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئوقۇپ بولۇپلا يوق قىلىۋېتىڭ.

ئاللاھ سىزنى نىيەت قىلغان جىمىكى خەيرلىك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن، ئامىن»

يېشىمنى تۇتالمىدىم. ئابلەقمۇ سابىتقا بەك ئامراق بولغاچقا، ئۇمۇ مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ، ئۆكسۈۋەتتى. ئىككىمىز بوۋاينىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلەپ بەردۇق. ئۇنىڭ باشقا ئېھتىياجلىرىنى سورۇدۇق. ئۇ ھىنەرسە تەلەپ قىلمايتى. ئۇنى شۇ ھالدا تاشلاپ كېتىش نەقەدەر نامەرتلىك، نەقەدەر مۇمكىنسىزدەك بولسىمۇ، كەتمەي تۇرۇۋېرىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئابلەققە قايتىشتا يەنە كېلىدىغانلىقىمنى، شۇئاندا خوتەنگە بارىدىغان ئىشىم بارلىقىنى ئېيتتىم. ئابىددىننى ئاخىرقى قېتىم زىيارەت قىلدىم. ئۇنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىردەك قىلاتتى. مەن يەنە كېلىمەن دەپ ئۇ يەردىن چىقتىم.

خوتەنگە كەلگىنىمدە بۇ يەردىكى يىغىنىم باشلىنىشقا يەنە بىر كۈن ۋاقىت بار ئىدى. مېھمانخانىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، يىغىندىن بۇرۇن كېرىيەگە بېرىپ كېلىشكە نىيەت قىلدىم. بىر تاكسىچىنى دۆندۈر سۆزلىشۈپ، باردى - كەلدى ئۈچۈن ياللىدىم - دە كېرىيەنىڭ قوۋۇرغا دېگەن كىچىككىنە مەھەللىسىگە يۈرۈپ كەتتىم. قوۋۇرغىغا چۈشتىن كېيىنرەك يېتىپ كەلگەن ئىدۇق. پېشىمغا مەھەللە مەسجىدىگە

كىردىم. نامازدىن كېيىن جامائەتتىن مەتقاسىمنىڭ ئۆيىنى سورۇدۇم.

— ئۇنىڭ ئۆيى كېرەكما؟ ئۆيدىكىلەر كېرەكما؟ — دەپ سورىدى ئۇلار. ئۇلارغا ھەتتا بۇ مەتقاسىمنىڭ كىملىكىنى چۈشەندۈرۈشمۇ ئاسانغا چۈشمىدى. چۈنكى بالا 40- يىللاردا ئۆيدىن كەتكەن بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ كۆپى ئۇنى بىلمەيتى. بەك كۆپ چۈشەندۈرۈشلەردىن كېيىن ئاڭلىغان يۇرتداشلار مەندىن ئەنە شۇنداق غەلىتە سوئالنى سورىغانىدى، بەكمۇ ھەيران بولدۇم ھەم ئاچچىقىم كەلدى.

— بۇ يەردە بىرىنىڭ ئۆيى ماڭا نېمىگە كېرەك بولار؟ ئۆيدىكىلەردىن بىرەرىنى ئىزدەيمەن، — دېدىم ئاچچىقلاپ.

ئۇلار يېزىلىقلارغا خاس ھەممىگە چېپىلىش ئادىتى بىلەن نېمە قىلىدىغانلىقىمنى، مېنىڭ كىم بولۇدۇغانلىقىمنى... سوراپ كېتىشتى. مەن يېنىمدىكى تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ ئۇلارغا كۆرسەتتىم.

— مەتقاسىم مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بولغان، كېيىن تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ تەۋەرۇك ئامانىتى ئىدى، — دېدىم ھەربىي فورمىنى ئېلىپ ئۇلارغا كۆرسەتكەچ. چاپاننىڭ كۆكسىگە قادالغان «باھادىرلىق» ئوردىنى چاقناپ تۇراتتى. ئاندىن رەسىمنى كۆرسە بەلكىم چوڭلار تونۇيمۇ قالار دەپ ئېلىۋېدىم، رەسىمدە بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە زەئىپ پىلىلداپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەس بولغان ئىدى. رەسىم شۇنچىلىك ئۆچۈك تۇرسا كىم ئۇنى تونۇيالايدۇ؟ يەنە بىر رەسىم ئۇلارنى قىزىقتۇردى.

— بۇ كىم بولۇدۇ؟ خوتۇنىما؟ — دەپ سوراشتى.

— ياق، لايىقى ئىدى، ئەمما توي قىلىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى.

— ۋاي ئېستەي! — دېدى ئۇلار بىردەك ھەسرەت چېكىپ.

ئاندىن بوۋايلاردىن بىرى ياشلاردىن بىرىگە تاپىلاپ:

— ھېرىپ كەلگەن يولۇچىنى گەپكە تۇتۇۋەرمەيلى، مېڭىڭە، سىز ئاۋۇ مەتنىيازنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ كۆكۈستۈپ كېلىڭ، — دېدى.

باردۇق. ئۆيدە ئۇزۇن بىر زاماندىن بېرى ئادەم ئولتۇرغاندەك قىلمايتى. مېنىڭ تەئەججۈپ بىلەن بېقىشىمغا جاۋابەن يول باشلىغان يىگىت:

— بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ چوڭلىرىنى بىز بىلمەيمىز، بۇرۇنلا تۈگەپ كېتىپتىكەن، باللىرىدىن بىسى ئاينا، سىلى دېگەن مەتقاسىم شۇكەن، ئۇنىڭ

ئىككى سىڭلىسى ئاچارچىلىق ژىللىرىدا ئۆلەپ كېتىپتىكەن. بىر ئىنىسى بېيدى، ئۇزاقى ژىللىرى جاھان بىر ئاز يۇمشىغاندا پۇل تېپىپ كېلىمەن دەپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنچە ھېچيەردە دېرىكى يوق. ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىر رىۋايەتتە چەتكە چىكەتكەنمىش، سەئۇدىدا دەمدۇ، تۈركىيەدە دەمدۇ، ئىشقىلىپ، گەپ جىق، — دېدى.

نى ئارمانلار بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ تەۋەررۇكىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇدەك ئادەم يوقىدى! بۇ ھال ماڭا شۇنچىلىك ھار كەلدىكى، چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىدىكى بۇ كىچىككىنە بوستانلىق كۆز ئالدىمدىن غايىپ بولۇپلا كەتتى. كۆزلۈرۈم قاراڭغۇلۇشۇپ، جەنۇپ تەرەپتىكى ئاشۇ قاقاس قاراڭغۇ تاغ گويا گۈگۈم قوينىغا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

تۈگۈنچەكنى قايتىدىن تۈگۈپ، تاكسىچىغا خوتەن شەھرىگە قايتىشنى بۇيرۇدۇم. يول بويى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قاغجىراق يول بويلىرىغا، كەلكۈن لاتقىلىرى تىنغان ئويمانلارنىڭ قاغجىرىغان يېرىقلىرىدا غۇيۇلداپ يۈرۈدىغان سالما، پاتمۇچۇقلارغا، ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان پاخماق توغراقلىقلارغا قاراشقا ھەپىسلەم بولماي، مۇسىبەتتىكى ھازىداردەك كەيپىياتتا ماڭدىم. تاكسىچى بىلەن كەلگىچە ئوبدان پاراڭلاشقان ئىدۇق. ھەتتا خېلى چىقىشىپ قالغاندەك قىلغان. مانا ئەمدى مېنىڭ بىردىنلا بۇتلۇشۇپ قالغىنىم ئۇنىڭغا چۈشۈنۈكسىز كەلمەكتىدى.

خوتەن شەھرىدىكى يىغىننى تۈگۈتۈپ، بىردىنلا ئۇيغۇر ئادىلىنىڭ خوتەندە ئىكەنلىكى يادىمغا يەتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، سابىتنىڭ خەۋىرىنى دېگەچ بىر ئاز پاراڭلىشىپ كېتەي دەپ، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىگە — بۇ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپتە ئۈچ مەسلەك ئوقۇپ، ئەمدى ماركسىزمدىن دەرس بېرىۋاتقان ئادەمنى ئىزدەپ باردىم. مېنى ئايالى قارشى ئالدى:

— ئەپسۇسكى ئەمەس چاغدا كەپسىز، — دېدى ئۇ. ئۆكۈنۈشكىمۇ ئوخشىمايدىغان ئاۋازدا، — ئاتۇشقا كەتكەنتى. سابىت ئەپەندى دېگەن بىر شىرەم تۇققىنى ھەم كونا دوستى ئۈرۈمچىدىن يۇرتقا يېنىپ كەپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەچ، يۇرتقا بېرىپ كېلەي دېگەنتى. ئۆزىمۇ يۇرتقا بارمىغىلى ئەللىك يىل بولۇپتىكەن.

بۇ خەۋەر مېنى ئاۋال بەك مەيۈسلەندۈرگەن ئىدى. كېيىن ئويلىسام بۇمۇ ياخشى بوپتۇ. ئۇنى ئاتۇشتىن تاپسام تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپ بىر ئاز جان كىردى. خانىمى مېنىڭ كىملىكىمنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن مېنىڭ ئۇيغۇر ئادىل بىلەن سۆھبەتلىشىدىغانلىقىمنى جەزم قىلدى بولغاي:

—— ھەر نەرسىنى سورىسىڭىزمۇ مەيلى، ئەمما «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىكى ھاياتى ھەققىدە ھېچ ئېغىز ئاچماڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، —— دېدى ھەقىقەتەنمۇ جىددىي بىر ئەندىشە بىلەن، —— بۇنى تىلغا ئالسىڭىز ئۇنىڭ كېسىلى تۇتۇپ قالسا چاتاق بولىدۇ.

مۇشۇ گەپلەر بىلەنلا، بۇ پىشقەدەمنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا قانچىلىك ئېغىر قىيىن - قىستاقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى، ھەتتا نىرۋا سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىپ، شۇ ھەقتە گەپ بولسىمۇ كۆتۈرەلمەس دەرىجىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۇيغۇر ئادىل بىلەن ئابىدىنىنىڭ ئۆيىدە ئۇچراشتۇق. ئۇنىڭ بۇ يەردە بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى —— ئۆلۈم مەرىكىسى ئىدى. ئېغىر كېسەل ياتقان ئابىدىن ئۆرە بولالماي، ئاخىرى ئامانەتنى تاپشۇرغان ئىكەن. ئۇيغۇر ئادىل ئىمكەشىراق چىمەن دوپپا كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇستىبېشىنىڭ رەتلىكلىكى ئۇنىڭ ھەربىي خاراكتېرىنى ئوچۇق كۆرسۈتۈپ تۇراتتى. ئوتتۇرا بويدىن سەل كىچىك ھىساپلىنىدىغان بويى يەنىمۇ بىر ئاز مۈكچۈيۈپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ چاققانغىنە ۋۇجۇدى بىلەن، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلغاندا ھەقىقەتەنمۇ ماسلاشماسلىق كېلىپ چىقىدىغاندەك ئىدى. ئۇ قەدەر مۇشەققەت، ئۇ قەدەر ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بۇ ئادەم ئاشۇ قىسقا قەدەملىرى بىلەن قانداقمۇ بېسىپ بولدىكىن؟ ئۇنىڭ ۋىجىك دېگۈدەكلا ۋۇجۇدى ئاشۇ تۈگۈمەس خورلۇق، جاپا-مۇشەققەت ۋە قىيىن - قىستاقلارنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىدىكىن؟ دېگۈسى كېلەتتى كىشىنىڭ. سابىتنىڭ ئوقۇشتىكى نەۋرىلىرى سابىت، گۈلزادىلەرمۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن ئىدى. ھەممىدىنمۇ ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى مېنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى.

مەنمۇ كېلىپ ھازىدارلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدۇم. شورۇقتا ئۆلۈمنىڭ تەنتەنىلىك ئۇزۇتۇلۇشى بىر ئەنئەنە بولۇپ، ئۈچ يۈرتتىن كىچىك - چوڭ، ئەر - ئايال كەلمىگەن

قالمايتى. يەنە شۇنچىلىك ئادەم قەۋرىگىچە ئۆلۈم ئۇزۇتۇپ باراتتى. جىنازا تاكى قەبرىستانلىققا يەتكۈچە تالىشىپ كۆتۈرۈلەتتى. بۇنداق ئۆلۈم مۇراسىمى باشقا يەرلەردە پەقەت بەك كاتتا ئادەملەر، بەك مەشھۇر شەخسلەر ئۈچۈنلا ماقۇل بولسا، شورۇقتا ھەربىر ئاددىي دېھقان مانا شۇنداق دەبدەبىلىك ئۇزۇتۇلاتتى. ھازىر قەدەمجاي يۇرتىنىڭ ئىچى، تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىگەن قەۋرىستانلىق بولغاچقا، داۋاملىق كېڭىيىش ئىمكانى يوق ئىدى. شۇڭا بوزتاغ باغرىدىكى سايغا، كىچىك تۆپىلىكلەرنىڭ ئۈستىگە يېڭى قەبرىستانلىق بەرپا قىلىنىۋاتاتتى. ئابىتنى مانا شۇ تاغ باغرىدىكى بىر كىچىك تۆپىلىك ئۈستىگە ئېلىپ باردۇق.

ئەمما، شورۇقنىڭ ئۆلۈم مۇراسىملىرىدا سابىت بولغان بولسا جەزمەن قارشى تۇرۇدىغان بىر بىدئەت قىلىق بولىدىكەن: قەۋرە بېشىدا بىرمۇنچە قارىلار تۇپراق ئۈستىدىلا تىز چۆكۈپ، قۇرئان ئوقۇيدىكەن. بۇ بىرنەچچە ئايەت ياكى سۈرە ئوقۇپ قويۇش ئەمەس، قۇرئاننى پۈتۈن ئوقۇپ تۈگەتىشتەك جىددىي بىدئەتلەردىن بىرى ئىدى. مەن ھېچكىم تونۇمايدىغان يات كىشى سۈپىتىدە بولغىنىمدىن بىدئەتكە قارشى ئېغىز ئاچالمىدىم. پەقەت كەچتە ئۆيغۇر ئادىل بىلەن بىللە ئابلەقنىڭ ئۆيىدە قونغىلى كىرگىنىمىزدە ئابلەققە بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچتىم. ئۆيغۇر ئەپەندى بىلەن تاكى ئابلەقنىڭ ئۆيىگە قونۇشقا كىرگەندىلا رەسمىي سۆزلىشىش پۇرسىتىمىز بولدى.

— مەن سابىت ئەپەندىنىڭ شاگىرتى، ئىلياس بولىمەن، — دەپ قايتىدىن قولۇمنى سۇندۇم. ئاندىن ئۆزەمنىڭ كىملىكىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، — خوتەنگە ئىش بىلەن بارغانىدىم، شۇ پۇرسەتتە سىز بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەي دەپ ئىزدىدىم، بەختكە قارشى سىز بۇ ياققا كېتىپ قاپتىكەنسىز.

— نېمە ئىش بىلەن ئىزدىگەن ئىدىڭىز؟ ھەر ھالدا بىز تونۇشمايتۇققۇ؟

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولۇدۇ، ئەمما مەن سىزنى تونۇيمەن دېسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا سابىت ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قالغانتۇق. شۇندىن بېرى دايىم ھەمسۆھبەتتە بولۇپ كەلدۇق. پاراڭ ئارىسىدا سىزنىڭ ھەققىڭىزدە سۆز بولاتتى، شۇڭا سىز ھايات تۇرغاندا ئۆزىڭىزنى بىر كۆرمەك ئارزۇيۇم بولۇپ قالغان ئىدى.

— ھە، مۇنداق گەپ دەڭ.... — ئۇزاق جىمىپ كەتتى، ئاندىن ئېغىر خورسىنىپ، — سابىتنى كۆرمىگىنىمگە 20 يىلدىن ئېشىپتىكەن، ئاتۇشقا كەلدى

دەپ ئـاڭلاپ، كۆرۈشـەي دەپ كەلسـەم ئارقـا - ئارقـدىن بـۇ كېلىشمەسـلىكلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، مانا. سابىت سىزگە پۈتكـۈل ھايـات ھېكايىسـىنى سـۆزلەپ بېرىپتۇ- دە؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولـۇدۇ. سـىزنىڭ ھايـاتىڭىزنىڭمۇ ئاساسـىي بۆلـۈكىنى سۆزلەپ بەردى. تاكى سىز خوتەنگە سۈرگۈن قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتىچە.

— ھە، چۈشـەندىم. سـىز ئۇنـدىن كېـيىن يەنە نـېمىلەر بولغـانلىقىنى سورۇماقچىكەنسىز- دە؟

— ياق، ياق، كېيىن بۇلارنى سوراشتىنمۇ ۋاز كەچتىم، سـىزنى ئـاۋارە قىلىشـتىن ئۆزەمنى تارتىپ قالدىم.

— خـانىمىم سـىزگە بىـر نـېمە دەپتـۇ- دە؟ شـۇ، شـۇ. ئەمـدى قىزىقمـاي قېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى شۇمۇ؟

— ئۇمۇ بار، يەنە بىر تەرىپىنى دېگەندە بۇنىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولۇدىغان بىر ئىشلار. ئۇندىن كېيىنكـى ئىشـلارنى سـۆزلەپ بەرسـىڭىزمۇ بولـۇدۇ. مەسـىلەن شۇندىن كېيىن ھاياتىڭىز مۇقىم بىر ئېقىمغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالدىڭىزمۇ قانداق؟

— سىزچە شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ مۇمكىنمۇ بۇ؟ كوممۇنىست بـار يەردە، خىتـاي بار يەردە بۇ مۇمكىنمۇ يەنى؟

— يەنە پاراكەندە بولدۇڭۇزمۇ؟ بۇنى ھېچ تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدىم؟

— سابىت توغرا قىلغان، ئەسلى قۇتۇلۇش يولى ئۇ. ئەمما بىـزلەر كىچىككىـنە مەنپەئەتنـى دەپ، داۋاملـىق خىتايغـا تەقـدىرىمىزنى بـاغلاپ قويغاچقـا شـۇنىڭدىن باشـقىچە بولۇشـىمۇ مـۇمكىن ئەمەسـىدى. شـەيخ سـەئىدى دەيـدۇغۇ « پادىشـاغا خىــزمەت قىلىشــنىڭ ئىككــى تەرىپــى بــار. ھەم نــان ئۈمىــدى، ھەم جــان مانا شۇنداق. ماڭا يەنە بىر كېلىشمەسلىك 1983-يىلىدا كەلدى.

— ۋاي، نېمە ئۈچۈن؟ بۇ يىللاردا قالايمىقانچىلىقلار ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا؟ 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى چاغلاردا ھە؟!

— ۋاي ئۇكام، ۋاي ئۇكام، بىزگە ئومۇمىي يىغىننىڭ 30-سـى ئېچىلسـىمۇ بىـر

---

① شەيخ سەئىدى: «گۇلىستان» دىن، — ئا.

پەرقى يوق. نېمە بولسۇن، «پىلە ۋەقەسى» دەيدىغان بىر چوڭ دىلو يۈز بەرگەنمىش! مېنى شۇ دىلوغا چېتىشلىقى بار دەپ تۇتۇپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ باردى.[1]

— چېتىشلىق ھەممە ئادەمنىمۇ ياكى پەقەت سىزنىلا ئۈرۈمچىگە ئاپاردىمۇ؟

— بىلىشىمچە مېنىلا. باشقىلارنى كۆرمىدىم. بەلكىم ئاپارغاندۇر ياكى يوق.

— نېمە قىلدى كېيىن؟

— بىرنەچچە ئاي قىيناشتى. ئەمما سورالغان سوئاللار «پىلە» بىلەن ئالاقىسىز ئىدى!

— ھە،... دېمەك، بۇ بىر باھانە، ئەسلى غەرەز باشقا ئىكەن-دە!؟

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بىرقانچە ئايدىن كېيىن يەنە ئايروپىلان بىلەن خوتەنگە ئاپىرىپ تاشلىدى. خىزمىتىمنى داۋام قىلىۋەردىم. كۆردۈڭىزمۇ؟ كوممۇنىست دېگەن شۇ!

— ئۇمۇمەن خىتاي دېگەن شۇ دېسىڭىزچۇ؟ — دېدىم تۈزەتمەكچى بولۇپ. شۇنداقلا كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ يەنىلا گومىنداڭنى يامان دېگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقىمىدۇر؟ دېگەنلەر كەچتى. سابىت ئەپەندىنىڭ: «كىشى ھامان ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىسىنى، ئەڭ بەختلىك بولغان كۈنلىرىنى ئەسلەپ، شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ھەمدە بۇ كۈنلىرى ئۈچۈن سەۋەپ بولغانلارنىمۇ ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى ئۆچمەيدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئىختىيارسىز ئېسىمگە ئالدىم. بۇ خىياللىرىمدىن كېيىن سۆھبەتكە قايتىپ، — تازا قىزىق ئىش بوپتۇ. ئۈرۈمچىدىكى چاغدا سابىتكام بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىمكانىڭىز بولماپتۇ-دە؟ يەنى دېمەكچىمەنكى، گۇناھسىز بولۇپ، قايتىش ئالدىدا.

— ياق. قايتىش ئالدىدىمۇ «سەن گۇناھسىزكەنسەن» دېگەن ئىش بولمىدى. ئېلىپ ماڭدى، ئايروپىلانغا چىقاردى. كېيىن ئۆيگە ئەكىلىپ تاشلىدى.

— ئەجەپ يۈزى قېلىن خەق-تە!

مانا شۇنداق قىلىپ، ئابلەقنىڭ ئۆيىدە تاڭ ئاتارغا يېقىن قالغىچە پاراڭلىشىپ چىقتۇق. ئەتتىگەندە مەن ئابلەق بىلەن بامدات ئۈچۈن مەسجىتكە چىقتۇق. ئۇيغۇر ئەپەندى ئورنىدا ئۇخلاپ قېلىۋەردى. شۇ كۈنى ئۇيغۇر ئەپەندى قايتماقچى بولدى.

[1] 1987-يىلى مۇئەللىپكە سۆزلەپ بەرگەن كەچمىشىدىكى يەنە بىر مەزمۇن: «پىلە ۋەقەسى» دىلوسىغا چېتىلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئىدى، — ئا.

مەنمۇ ئۇنى قويۇپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىماي تۇراتتى، ئۇنى ئۇزاتسام ئاندىن مەنمۇ كېتىشكە نىيەت قىلغان ئىدىم.  مەن بالىلارنى ئۆزەم بىللە ئېلىپ كېتىشكە تېخىچە كۆندۈرەلمىگەن بولساممۇ، كېتىدىغان چاغقىچە ئۇلارنى قايىل قىلىشقا ۋاقتىم چىقاتتى. بىز ھەممىمىز بىرلىكتە جاڭگالغا — ئۇيغۇر بوۋاينى ئاخىرقى قېتىم زىيارەت قىلىشقا بىللە بارماقچى بولۇپ كېلىشكەن ئىدۇق. بۇ ئەسلىدە گۈلزادىنىڭ تەكلىپى ئىدى. ئۇ «كۆڭلۈم ماڭا شۇنداق پىچىرلاۋاتىدۇ. چوڭ دادام بىرياقلاردىن قايتىپ كېلىپ، بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندەكلا بىر تۇيغۇ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ»، دەپ بىزنى بۇ ئىشقا قايىل قىلغان ئىدى. مەنمۇ شۇ باھانىدە، يولدا بېرىپ كەلگىچە بالىلارنى ئوقۇشنى داۋام قىلىشقا قايىل قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم. ئۇلار ئائىلىنىڭ چوڭى بولۇش سۈپىتىدە ئوقۇيمەن دەپ ئۆينى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماي، ئوقۇشتىن قېلىشقا نىيەت قىلىۋاتاتتى. ئازلا قالغان ئوقۇشنى تاشلىۋېتىش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىدى.

گەرچە ھازىر ئۆلۈم بولغان ئۆينىڭ كەيپىياتى دوستلۇققا تولغان، پۈتۈن يۇرت بۇ ئۆيدە قايناپ، بۇ ئۆيگە تاماق توشۇپ، يېقىنلىق ئىپادىلەۋاتقان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق قىزغىنلىق بولۇشىنى، يەنە ئاخىرىدا جاھاننىڭ مۇسىبەتتىكى ئائىلىنىڭ ئۆز بېشىغا قالىدىغانلىقىنى، ھەر كىم ئۆز پۇتىدا ئۆرە تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى مەنلا ئەمەس، كىچىك سابىتمۇ بىلەتتى. ئۇ ئانچە رومانتىك ئەمەس، رىيال ئويلايدىغان ئادەم بولغان ئىدى.

ئۇنىڭ قارشىلىقلىرىغا قارىماي، بوۋىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەسلىتىپ، قىيىنچىلىق بولسىمۇ چىداپ، ئوقۇشنى داۋام قىلىش ئۈچۈن ماقۇل كەلتۈرمىسەك بولمايتى. گەرچە يەرلىك خەلقلەر ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق، ئوتتۇرا مەكتەپتىكىنى تەكرارلاش ۋە ۋاقتىنى مەشغۇل قىلىپ، ئوقۇدۇڭمۇ؟ ئوقۇدۇم شەكلىدە تۇتۇپ تۇرۇش بولسىمۇ، يەنىلا ئۆگىنىشنى سۆيىدىغانلار ئۈچۈن مەكتەپ ياخشى ئىدى. ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلارغا پۇرسەت تېپىلاتتى.

گۈلزادىنىڭ تىنىمسىز ئاغزىنىڭ يۇمۇلۇپ شۈكلەپ قېلىشى ھەممىدىنمۇ بەك بىلىنىپ قېلىۋاتاتتى. بۇ ئىككىسى ۋە ئۇيغۇر ئەپەندى، ئابلەقلەر بىلەن يولغا چىققىنىمدا مەن ھە دەپ، گۈلزادىنىڭ شوخ چاغلىرىنى سېغىنىپ، ئۇنى خوشال قىلىش، قايتىدىن بۇرۇنقى مىجەزىنى تىرىلدۈرۈش كويىدىلا ئاۋارە بولاتتىم.

كەچكۈزنىڭ بېشى بولغاچقا دالىلارنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ھالەتتە ئىدى. زىرائەتلىرى ئورۇۋېلىنغان ئېتىزلار خۇددى تاشلىۋېتىلگەندەك ھوھۇلدايتى. ئۆسۈملۈكلەر ئاخىرقى يېشىل رەڭلىرىدىن ۋىدالىشىپ، ھاياتنىڭ دەۋرىيلىك قانۇنىيىتىنى نامايان قىلىپ، ئىنسانلارغا خۇددى ئەجەلدىن بىشارەت بەرگەندەك يالىڭاچلانغان تەنلىرىنى ئىزغىرىن كۈز شامىلىدا لەرزان ئىغاڭلىتاتتى.

روھىمدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يېڭىلىغان تەبىئەتنىڭ كۆڭۈلسىز تۈرقى ماڭا سابىتنىڭ ھېكايىسىدىكى جىمىكى مىللىي پاجىئەلەرنى، بەختسىزلىكلەرنى ئەسلىتىپ، بۇ تۈگەللەنگەن ئومۇمىي ھەسرەت كۆتۈرگۈسىز بىر يۈك بولۇپ، يۈرۈگۈمنى شۇنچىلىك مۇجۇدىكى، يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئەتراپتىن جىددىي تەسەللىي ئىزدىدىم. چەكسىز كەتكەن ئوچۇقچۇلۇقتىن ماڭا ئىلھام، مەۋھۇم شادلىق ۋەدە قىلىدىغان ئاللىنېمە ئىزدەۋاتقان كۆزلىرىم گۈلزادىنىڭ غايىغۇدىن مۆڭلانغان، بۇ مۆڭلۈنۈش بولسا ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، خۇددى شاھ ئائىلىسىدە ئۆسكەن تەربىيىلىك، چوڭ سۈپەت مەلىكىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قەيسەرلىك بىلەن تۇرۇلگەن قوشۇملىرىدىن ماڭىمۇ يەتكۈدەك سېھرىي جاسارەت تاپقاندەك بولۇپ، ماتەمگە پېتىپ، ئۆمچۈيۈپ تۇرغان كۆڭلۈم ئۈچۈن ئاجايىپلا تەسەللىگە ئېرىشتىم.

كۆڭلۈم بىرئاز ئېچىلغاندەك بولدى. شەرققە سوزۇلغان تۈپ - تۈز بوشلۇقنىڭ سول تەرىپىدە مەنزىلگاھىمىز بولغان بوۋاينىڭ جاڭگىلى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سابىتنىڭ ھېكايىلىرىدىن خۇددى ئاشۇ جاڭگال ئەتراپىدا، ئۇنىڭ سىرلىق ئىچكىرى قاراڭغۇلۇقلىرىدا چېپىشىپ ئويناپ چوڭ بولغاندەك بىر خىل ئىچكىي تۇيغۇ شەكىللەنگەچكە، گويا راستىنلا بۇ جاڭگالنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن شاھىتلاردەك، كۆڭلۈمگە بىمالال شۇنداق بىر ئوي كەچتى: ئىلگىرىلىرى بۇ ئورمان بەك ئۇزاقلاردىنمۇ قارىيىپ كۆرۈنەتتى ۋە ئالدىمىزدىكى يېرىم دائىرە بوشلۇق تاكى ئۇپۇقلارغىچە مانا شۇ چىگىشلىشىپ كەتكەن ئورمانلىق ئىدى؛ مانا ئەمدى قاراڭكى كىچىككىنە، خۇددى ئەترەتلەرنىڭ پەرۋىش تاپمىغان قاغا جىگدىلىكلىرىدەك پاخپىيىپ قالغان بىر پارچىسىلا قاپتۇ.

بىزنى ئادەت بويىچە باشلىرىنىڭ تۈكى چۈشۈپ «تاز» بولۇپ قالغان شاتۇتى ساداقەتمەن خىزمەتكاردەك ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق ھالدا « مېھمان كەلدى!» دېگەن

ئاۋازى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ يەنە شۇ ئاختاخاننىڭ پۈچۈق تېمى ئۈستىدە بىچارىلىك بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئىلغا قىلىپ بولماس شەكىلگە كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئادەتكە كۆرە چۈشىنىۋاتقانلىقىمىزنى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېچبىرىمىز ئويلاپ كۆرمىگەن ئىدۇق. بۇرۇنلاردا شاتۇتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا قەيەردە بولسىمۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى توغراق تۈۋىگە ئۈنۈدىغان بوۋاي، شۇئاندا ئورۇن تۇتۇپ يېتىغلىق بولغاچقا ئىستىقبالىمىزغا چىقالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتۇق. شۇڭا ئۇنىڭ زەي ۋە يەنە ئۇزاق پەرۋىشسىز قالغان ئۆيلەردە بولۇدۇغان ئاللىقانداق پۇراقلاردىن دىمىقىپ كەتكەن ئۆيىگە ئۆزىمىز كىرىشىمىزگە توغرا كېلەتتى. بۇنى مەن تېخى يېقىندىلا بىر قېتىم ئەمەلىيىتىمدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشۇمغا قارىماي، بۇگۈنكى ئازاپلىق كەيپىياتقا قوشۇلۇپ، بەكمۇ يامان تەسىر قىلدى.

خۇددى بايىقى خىيالىمدەك، مەن بۇ يەرنىڭ ئاۋات دەۋرلىرىنى كۆرگەندەكلا ئىدىم. ئاشۇ ئۇزاق - ئۇزاقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇغان قېرى توغراقنىڭ ھەيۋىتى، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرۇدۇغان سۈزۈك بۇلاقلار،... مىڭلارچە ئىنسانىنى غايىپ قىلىۋېتەلەيدىغان قاراڭغۇ ئورمان،... بۇلارغا كۆنۈككەن كۆڭۈل ئەمدىكى بۇ چۆلدەرەشكە چىداپ تۇرالماي قالاتتى! ئەزىم توغراقنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ يىلتىزىنى قېزىپ چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن كولانغان ئورەك، ئورەك ئەتراپىدا يىلتىزدىن ئۈنۈپ چىققان ياش نوتىلار كەچ كۈزدە يوپۇرماقسىز بىچارە كۆرۈنەتتى. ئىگىسىزلىكنىڭ تامغىسىدەك مال - ۋاران تەرىپىدىن نابۇت قىلىنغانلىقى يېرىم - ياتا تاللاردىن، قايرىلىپ ساڭگىلاپ قالغان تاللاردىن مەلۇم ئىدى. ھېلىقى قاراڭغۇ ئورمان ئورنىدا بولسا كىچىككىنە پاخماق جىگدىلىك، ئانچە - مۇنچە توغراق تاللىرى ئارىلاش بىر ۋەيرانە ئورمانچاق قاخشال پەسلىنىڭ يىتىملىكىنى تېخىمۇ بەك گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى.

بوۋايدىن ھال - ئەھۋال سورۇدۇق. ئاندىن سابىت ئەپەندىدىن بىرەر دېرەك، يېڭى ئۇچۇر بولۇپ قالدىمۇ - يوق دېگەن سوئالىمىزنى سورۇدۇق. بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاپ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان بولۇشىغا قارىماي، كۆڭلۈمىزدىكى زەررىچە شۈبھىلەرگە ئورۇن بەرمەسلىك ياكى ئۈمىتلەرگە ئارام بېرىش ئۈچۈن بەربىر سورۇماي تۇرالمايتۇق.

— ئۇ بار، ئۇ ئۆلمىدى، — دېدى بوۋاي ياتقان ئورنىدىن خىرىلداپ، زورىغا بىر خاتىرىجەم ئاۋازدا. مەن تىخى يېقىندىلا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كەتكەنىدىم. ئەمما بۇ سۆزنى ھېچ جىددىي بىر سۆز دەپ قارىماستىن، بوۋاينىڭ قېرىلىقتىن ئالجىغان خىياللىرى دەپلا ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئىدىم. ئەمما بۈگۈن ماڭا ئۇنىڭدا جىددىي بىر نەرسە باردەك، يۈرىكىم «شۇۋ»لا قىلىپ كەتتى ۋە ھېلىقى يوق ھىساپتىكى بىمەنە ئۈمىتلىرىم خېلى خوپ مۇستەھكەملەنگەندەك بولدى.

«ئاللاھ ‹شېھىتلەر ئۆلمەيدۇ، ئەمما سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر› دېگەن ئەمەسمۇ، بەلكىم بوۋاينىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇ مەنىدىكى گەپمىكىن» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمگە كەلتۈردۈم. بىراق بۇ خىيالىمنى دەرھال رەت قىلدىم. چۈنكى بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىمۇ، كۆزلىرىدىمۇ بىر سىر باردەك قىلاتتى. ئۆز كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن جاۋاپقا ئېنىقلىق تەلەپ قىلىش مەخسىتىدە سورۇدۇم:

— قەيەردە؟ ئورمانلىرىڭىزنىڭغۇ ھالالىقى[1] قالماپتۇ، بىر ئوغلاقنىمۇ يوشۇرغۇچىلىكى يوق،... — دېدىم تولۇق ئاتۇش شىۋىسىدە. مۇشۇ شىۋىگىلا خاس بولغان «ھالالىقى قالماسلىق» سۆزىنى ئىختىيارسىز ئاغزىمدىن چىقارغىنىمنى تۇيۇپ، خۇددى گۈلزادە قاقاخلاپ كۈلۈۋېتىدىغان ۋە مېنىڭ قانداقلارچە ئاتۇش شىۋىسىدىكى گەپلەرگە ئاغزىم شۇنچە تەبىئىي كېلىۋاتقىنى ھەققىدە زوق - شوقى بىلەن يېرىم سائەتلەپ سۆزلەپ كېتىدىغاندەك بىر خىل تاما بىلەن قىزغا قارىغان ئىدىم، ئۇنىڭدا يومۇرلۇق تۇيغۇ مەڭگۈگە يوقالغاندەك، مۇسىبەت كەيپىياتى تولۇق ھۆكۈمران بولغاندەك، جىددىيلىكىنى بۇزماستىن، ماڭا ئەمەس بوۋايغا سوئالنىڭ جاۋابىنى سۈيلەۋاتقان تەرزدە تىكىلگەنىدى. بۇ ھال ماڭا تەرىپلىگۈسىز ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ پىشقان ئاياللاردەك جىددىيىتى بوۋاينى جاۋاپقا قىستايتى.

— كىم سىلەرگە سابىت ئەپەندى ئورمانغا يوشۇرۇنۇۋالدى، دەپتۇ؟ — دېدى بوۋاي بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك.

— ئەمىسە قەيەردە؟ — بۇ ئارتۇقچە جىددىيلىشىپ كەتكەن گۈلزادىنىڭ تىترەك ئاۋازى ئىدى.

[1] ھالالىقى قالماسلىق — ئاتۇش شىۋىسى. بۇ يەردىكى مەنىسى تىتما-تالاڭ بولۇپ كەتمەك. ئەمما بۇ سۆز يەنە باشقا نۇرغۇن ئوخشىمىغان ھالەت، سۈپەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ: «ھالالىقىمنى قويمىدى» (جۇلۇقۇم چىقەتتى)، «ھالالىقى يوق» (ئىشلەتكۈچىلىكى يوق، ساق يېرى يوق)،... —ئا.

— مۇشۇ زېمىندا بار. بۇ تۇپراق ئۆزىنى سۆيگەنلەرنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ئۇلارنى باغرىدا ساقلايدۇ...

بوۋاينىڭ كاۋزىلىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ تەكرارلىشىدىن سېھىرلەنگەندەك، ھەممەيلەن بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق ۋە خۇددى سابىت ئەپەندى شۇئانىڭ ئۆزىدە ئورماندىن چىقىپ كېلىدىغاندەك ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۇزاقلارغا تىكىلىپ قالدۇق. ئورمان ئۆز ھالىدا — قاخشال، پەرۋىشسىز، ئىگىسىز، گويا ئىت تالىۋەتكەن قوي تېرىسىنىڭ يۇڭلىرى تىتىلىپ كەتكەندەك، خارابە ھالەتتە تۇراتتى؛ ئاشۇ رىۋايەتكە ئايلانغان ئورمانلارنى بۇزۇپ، كېيىنكى ئوتتۇز يىلدا ئۆزلەشتۇرۇلگەن ئېتىزلارمۇ ئەنە شۇنداق سۇكۇتكە پاتقان ھالدا ئۇپۇققا قەدەر تۇتىشىپ تۇراتتى. گۈزەل ئورماننىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ نابۇت بولۇشى بەدىلىگە ئاپىرىدە قىلىنغانلىقىدىن گۇناھكارلىق ھېسسىغا پاتقاندەك بىر خىل سۇكۇنات خۇددى ئەيپكارنىڭ تىرناق تاتىلاپ تۇرۇشىغا ئوخشايتتى.

بىز بولساق ئېتىزلارنىڭ ئۇپۇق بىلەن سۆيۈشكەن گىرۋىكىگە، ئۇ يەردىن تەدرىجىي يوقۇرىلاپ تاكى باش ئۈستىمىزدىكى ئاسمانغا قەدەر سىنچىلايتۇق. گويا سابىت ئەپەندى ئاشۇ ئۇپۇق سىزىقىدىن گىگانت گەۋدىلىك بەھەيۋەت ئادەمدەك چىقىپ كېلىدىغان ۋە تەدرىجىي ئاسمان سەتھىگە يېيىلىدىغاندەك سىرلىق بىر تۇيغۇ ئىسكەنجىسىدە ئىدۇق. ئەمما، كۆز ئالدىمىزدىكى چەكسىز كەتكەن ئېتىزلاردا ئوغاق تەگمەي قالغان بىرەر تال زىرائەت غوللىرى ئىزغىرىن كۈز شامىلىدا دىرىلدەپ تۇرغاندىن باشقا خۇددى تىرىك جان قالمىغاندەك، جىم - جىتلىق تولۇقى بىلەن ئۆز سەلتەنەتىنى يايغان ئىدى.

2010-يىلى 20-دېكابىر، 2011-يىلى، 2-فېۋرال
بىرىنچى ئارگىنال پۈتتى، كانادا ئېدمونتون.
2011-يىلى 1-مارتتىن 4-مارتقىچە بىرىنچى قېتىم تۈزۈتۈلدى.
2011 -يىلى 10-دېكابىردىن 2011-يىلى 20-دېكابىرغىچە ئاخىرقى قېتىم تۈزۈتۈلدى.

Title: DUSK
Author: Ghulam Osman Zulpiqar
Catigory: A novel
Subject: History of East Turkistan (1937 to 1987)
Language: Uyghur
Publisher: East Turkistan Freedom Press
Date: 2011 December